
چەتئەلدە جەدىتچىلىكتىن مۇستەققىللىقچە



پروفېسسور دوكتور ئەھەت ئەنجان

## چەتئەلدە

جەدىتچىلىكتىن مۇستەقىللىققىچە

# تۈركىستان ئۇچۇن كۈرەشلەر

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئا. بوران

# مۇندەرىجە

ئاپتوردىن

## بىرىنچى باب

ھەرىكەتنىڭ كېلىش مەنبەلىرى
ھەرىكەتنىڭ نەزەرىيىۋىي مەنبەسى
جەدىتچىلىك
چار رۇسىيىدىكى سىياسىي ھەرىكەتلەر ۋە
تۈركىستانغا كۆرسەتكەن تەسىرلىر
بولشېۋىكلار مىللىي سىياستى
ئىنقىلاپ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە تۈركىستان ۋەزىيىتى
مىللىي ئاپتونومىيىلىك ھۆكۈمەتلەر
قوقان مۇختارىيىتى
تۈركىستان ئاپتونومىيىسى
ئالاش-ئوردا ئاپتونومىيىسى
باشقىردىستان ئاپتونومىيىسى
ئىدىل-ئۇرال ئاپتونومىيىسى
تۈركىستان خانلىقلىرىنىڭ ئاقىۋىتى ۋە
خەلق جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ قۇرۇلىشى
خىۋە خانلىغى
بۇخارا خانلىغى
خارەزم خەلق جۇمھۇرىيىتى
بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى
تۈركىيىگە ياردەم
ئانادولۇ ھۆكۈمىتىنىڭ تۈركىستان سىياستى
بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاقىۋېتى
ئوسمانىلار ئىمپېرىيىسىنى مەنبە قىلغان تەسىرلەر
ئۇرۇش ئەسىرلىرى ۋە پىدائىلار
ئىتتىھات ۋە تەرەققىي تەشكىلاتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر
جامال پاشا ئافغانىستاندا
ئەنۋەر پاشانىڭ پائالىيەتلىرى
ئەنۋەر پاشا تۈركىستاندا
ھاجى سەمى ۋە باشقا ئىتتىھاتچىلار
ئورتا ئاسىيا مىللىي ئاۋام ئىنقىلاۋىي جەمىيەتلەر ئىتتىپاقى

باسمىچىلىق ھەرىكەتلىرى
تۈركىستان تەۋەسىدىن چەت دۆلەتلەرگە كۆچ-كۆچلەر
بىرىنچى قېتىملىق كۆچ-كۆچ: 1916-يىلقى قوزغىلاڭ دەۋرى
ئىككىنچى قېتىملىق كۆچ-كۆچ
باسمىچىلىق دەۋرى
ئۈچىنچى قېتىملىق كۆچ-كۆچ: كوللېكتىپلاشتۇرۇش دەۋرى

## ئىككىنچى باب

بولشېۋىكلار ئىنقىلاۋىدىن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغىچە
مۇساپىرلىق ئىچىدە ئۆتكەن يىللار
ئامۇ دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدا
ئەمىر ئامانۇللانىڭ خامخىياللىرى
بۇخارا ئەمىرىنىڭ سۈرگۈن ھاياتى
ئورتا ئاسىيا مىللىي ئاۋام ئىنقىلابىي جەمىيەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ چەتئەلدە قانات يايدۇرغان
دەسلەپكى پائالىيەتلىرى
باسمىچى رەھبەرلىرىنىڭ ئافغانىستاندىكى پائالىيەتلىرى
بەچچەئىي ساقا ۋەقەسى ۋە تۈركىستانلىقلار
باسمىچىلارنىڭ سوۋېت چېگراسىغا كىرىپ قىلغان جەڭلىرى
باسمىچى يېتەكچىلىرىنىڭ ئاقىۋىتى
تۈركىستانلىقلار ياۋرۇپادا
سىياسىي تەشكىلات قۇرغۇچى يېتەكچىلەر
1924-يىلقى بېرلىن قۇرۇلتىيى
ئورتا ئاسىيا مۇسۇلمانلار مىللىي ئاۋام ئىنقىلاۋىي جەمىيىتىدىن تۈركىستان ئازاتلىق
جەمىيىتىگىچە
مۇستەملىكە مىللەتلەر بىرلىكسېپى
پرومېتې
پرومېتې ھەرىكىتىنىڭ مەنبەلىرى
ياۋرۇپادىكى مۇساپىرلار گۇرۇپپىلىرى
پرومېتې تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى
پرومېتېنىڭ تەشكىلى تۈزۈلىشى
پرومېتې ژورنىلى
پولشا ۋە پرومېتې
ئىلمىي ۋە سىياسىي ياردەملەر
تۈركىستان — بېرلىن سىپى ۋە ئۇنىڭ نېرىسى
تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلار گېرمانىيىدە
ئوقۇغۇچى چىقىرىش پىلانىنىڭ ئاقىۋىتى
تۈركىستانغا قايتۇرۇلغان ئوقۇغۇچىلار

يۇرتىغا قايتمىغانلار
سىياسىي مەركەز: تۈركىيە
مۇساپىر تۈركىي يىتەكچىلەر تۈركىيىدە
«مۇساپىر تۈركىلەر ئاۋازى: «يېڭى كاپكازىيە
تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاق تەشكىلاتى يولىدا
تۈركىستان ئازاتلىق جەمىيىتىنىڭ 1927 ـ يىلقى ئىستانبۇل قۇرۇلتىيى
يېڭى تۈركىستان» ژورنىلى ۋە پرومېتې ئىتتىپاقىغا قېتىلىش»
تۈركىستان تۈركىي ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلىشى
ت ت گ ب بىلەن ئەزەربەيجان ياشلار ئىتتىپاقى ئورتاقلىقى
چوقاي ئوغلى ـ ۋەلىدى ـ غوجا ئوغلى ئۈچ بۇلۇڭلۇق ئىختىلاپلار ۋە زەكى ۋەلىدىنىڭ قايتا رەئىسلىككە سايلىنىشى
چوقاي ئوغلىنىڭ جەمىيەتتىن چىقىرىلىشى
زەكى ۋەلىدى توغانىنىڭ ياۋرۇپا ساياھىتى
زەكى ۋەلىدى توغانىنىڭ ت م ب دىن ئايرىلىشى
يىللىق ئىستانبۇل قۇرۇلتىيى ـ 1929
ياش تۈركىستان» ژورنىلى»
ئەزەربەيجان مىللىي ھەرىكىتى بىلەن ئىدىل ـ ئۇرال ھەرىكىتى ئىچىدىكى ھادىسىلەر ۋە ت م ب گە كۆرسەتكەن تەسىرلىرى
يېڭى تۈركىستان» ژورنال مەسئۇللىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە ئوسمان غوجا ئوغلىنىڭ » تەشكىلدىن ئايرىلىشى
ۋارشاۋا ـ ئىستانبۇل ـ تېھران يولىدىكى پائالىيەتلەر
شەرق ۋاكالەتچىسى پەيدا قىلغان كرىزىس
ئاگابېكوۋ ۋەقەسى
سوۋېت جاسۇسلىرى ئىستانبۇلدا
ت م ب پائالىيەتلىرىنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا كۆرسەتكەن تەسىرى
تۈركىيە ئىچكى سىياسىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە «يېڭى تۈركىستان» ژورنىلىنىڭ پېچەتلىنىشى
ياش تۈركىستان» — «ئاتسىز مەجمۇئە» زىددىيىتى»
بىرىنچى نۆۋەتلىك تۈرك تارىخ قۇرۇلتىيى ۋە زەكى ۋەلىدى توغانىنىڭ تۈركىيىدىن ئايرىلىشى
ت ب م نىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياستى ۋە ياپونىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى
ئەنگلىيە بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش ئۈستىدە ئىزدىنىشلەر
مەجدىدىن دەلىل شەرقىي تۈركىستاندا
تۈركىيىدە تاشقى تۈرك ژۇرناللىرىنىڭ چەكلىنىشى
تۈركىستان تۈرك ياشلار ئىتتىپاقىدىن تۈرك مەدەنىيەتلەر ئىتتىپاقىغا
شەرق ئەللىرىدىكى پائالىيەتلەر
بولشېۋىكلار ئىنقىلاۋىدىن كېيىن ئىران ۋەزىيىتى
ت م ب نىڭ ئىراندىكى پائالىيەتلىرى
30 ـ يىللاردىكى ئافغانىستان ۋەزىيىتى
سەدرىدىنخان مۇپتىنىڭ يوقۇتۇلىشى

هۆكۈمەتئىي ئىلاھىيە» ئۇرۇنۇشلىرى»
ت م ب نىڭ ياپونىيە دائىرىلىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش تىرىشچانلىقلىرى
ئوسمانغوجا ئوغلى ئافغانىستاندا
ھىندىستاندىكى تۈركىستانلىقلار ۋە پائالىيەتلىرى
ئۇرۇش يېقىنلاشماقتا
ئەرمەن مەسىلىسى ۋە ئۇنىڭ پرومېتې تەشكىلاتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى
تۈركىستان ـ كاپكازىيە ـ ئۇكرائىنا دوستلۇق جەمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەتلەر جەمئىيىتىگە ئەزا بولىشى
مارېشال پىلسۇدسكىنىڭ ۋاپاتى
كومىنتېرىن قارارلىرى ۋە ياۋرۇپا سوتسىيالىزمىدىكى ئۆزگىرىشلەر
روسىيىگە قۇل قىلىنغان تۈركىي ئەللەر بىرلىكسېپىنىڭ قۇرۇلىشى
پرومېتې» ژورنىلىنىڭ قايتىدىن تەرتىپكە سېلىنىشى»
ت م ب دىكى ئۆزگىرىشلەر
مۇھاجىر يېتەكچىلىرىنىڭ تۈركىيىدىن قوغلىنىشى
1939 ـ يىلقى بېرلىن قۇرۇلتىيى ۋە چوقايئوغلى رەئىسلىك دەۋر
گېرمانىيە ـ ياپونىيە ساھەسىدە سوۋېت مۇساپىرلىرى ۋە پرومېتې
پولشانىڭ ئىشغال قىلىنىشى ۋە پرومېتې ھەرىكىتىنىڭ ئاقىۋېتى
پولشا ئىشغالىدىن كېيىن تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاقى

## ئۈچىنچى باپ

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى يىللىرىدا
كۈچلۈك دۆلەتلەر ئۇرۇشىدىكى پېچكىلار
بارباروسسا ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى
نېمىس ئىرقچىلىق قارىشى ۋە شەرق ئىشلىرى مىنىسترلىگىنىڭ قۇرۇلۇشى
رۇسىيە ئالدىنقى سېپىدىن گېرمانىيە ئەسىرلەر لاگېرىغىچە
ئۇرۇش ئەسىر ئىشلىرى كومىسسىيىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى
مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ ۋاپاتى
مىللىي لېگيونلارنىڭ قۇرۇلۇشى
تاشقى تۈركى يېتەكچىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش
ئادلون يىغىنى
ۋەلى قېيۇمخاننىڭ ئوتتۇرغا چىقىشى
تۈركىستان مىللى ھەيئىتىنىڭ قۇرۇلۇشى
تۈركىستان لېگيونى
مىللى تۈركىستان ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تۈركىستان لېگيونىنىڭ تەرەققىياتى
تۈركىستان لېگيونى ئالدىنقى سەپلەردە
1943 ـ يىلدىكى ۋەزىيەت
مىللى تۈركىستان ئىتتىپاق كومىتېتى ئىچىدە ئۆكتىچىلىك

ئېس ـ ئېسچىلارنىڭ تۇرانچىلىق مەيدانى ۋە شەرقى تۈرك قەۋملەر قوشونى
گېنېرال ۋلاسوۋ ۋە رۇسىيە ئازاتلىق ئارمىيە پىلانى
تۈركىستان مىللى ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى
مۇقەررەر ئاقىۋەت
ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىششى ۋە نيۇرنبرگ سوتى
ئۇرۇش دەۋرىدە تۈركىيە
ئۇرۇش دەۋرلىرىدە تۈركچۈلۈك ئېقىملىرى ۋە تۈركىيە ـ گېرمانىيە مۇناسىۋەتلىرى
ساراچئوغلى ۋە دۆلەت تۈركچۈلۈك
ۋەلى قېيۇمخاننىڭ تۈركىيە زىيارىتى
تۈرك مەدەنىيەتلەر ئىتتىپاقىدىن ئېمىنئۆنۈ خەلق ھۇجرىسىغىچە
تۈرك مەدەنىيەتلەر ئىتتىپاقىدىن ئېمىنئۆنۈ خەلق ھۇجرىسىغىچە
تۈركىيە ئىچكى سىياسىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە تۈركچىلىك جورناللىرىنىڭ پىچەتلىنىشى
3 ـ ماي ۋەقەسى ۋە زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ قولغا ئېلىنىشى

تۈركچىلىك ـ تۇرانچىلىق دېلولىرى
سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن سىياسى مۇساپىرلار
يەنە ئافغانىستاندا
ئافغانىستاندىكى سوۋېتكە قارشى پائالىيەتلەر
سوۋېت ئىشپىيونى ئايقارلى يەنە سەھنىدە
مەخپى ھەرىكەت پارولى ـ خانسا

## تۆتىنچى باب

ئىدىيولوگىيلىك سوغۇق ئۇرۇش يىللىرىدا
سوغۇق ئۇرۇش يىللىرى
ئامېرىكىنىڭ سەھنىگە چىقىشى
رۇسىيە خەلقلىرىنى ئازات قىلىش كومىتېتىنىڭ قۇرۇلۇشى
"تۈركلەر ئېلى كومىتېتى" نىڭ قۇرۇلۇشى
م ت ب ك بىلەن تۈرك ئېلىنىڭ ئايرىمى
بولشېۋىكلارغا قارشى ھەمكارلىق مەركىزى
ئامېرىكان كومىتېتىنىڭ ئاقىۋىتى ۋە يېڭى ئىزدىنىشلەر
م ت ب ك نىڭ شەرق ئەللىرىگە ئېچىلىشى
سوغۇق ئۇرۇش دەۋرىدە تۈركىستانلىقلارغا قارىتىلغان سوۋېت تەشۋىقاتلىرى
تۈركىستان ئىسمىنى ياشاتقان كىشى ـــ دوكتور بايمىرزا ھېيتى
سوغۇق ئۇرۇش دەۋرىلىرىدە تۈركىيە
تۈركىستان جەمىيەتلىرى ۋە قايتا تەشكىللىنىش جەريانى
ئىستانبۇلدىن باشقا يەرلەردىكى پائالىيەتلەر
ت م ب نىڭ ئاقىۋىتى

شەرق ئەللىرىدىكى پائالىيەتلەر
سوۋېت ئىشپىيونىنىڭ ئاقىۋىتى
ئوتتۇر شەرق ئەللىرىدىكى پائالىيەتلەر

## بەشىنچى باب

مۇستەقىللىق يولىدا
مۇستەقىللىق يولىدا
تۈركىيە، ئىران ۋە ئافغانىستان سېپىدىكى سىياسى ئۆزگىرىشلەر ۋە ئىنقىلاپلار
تۈركىستانلىقلار قايتا سەھنىدە
تۈركىستان» جورنىلىنىڭ نەشرى قىلىنىشى ۋە «تۈركىستان تەتقىقات ۋەقپىسى» نىڭ »
قۇرۇلىشى
ئافغانىستان ئۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەر
خەلقئارالىق تۈركىستان قۇرۇلتايلىرى
جەمىيەتنىڭ جامائەتكە خىزمەت قىلىدىغان جەمىيەتكە ئۆزگەرتىلىشى ۋە ئاۋراسىيا
فېدېراتسىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى
ئامېرىكىدىكى پائالىيەتلەر
گېرمانىيىدىكى پائالىيەتلەر
ئافغان تۈركىستانىدىكى ئۇرۇشلار
شىمالى ئافغانىستان ۋىلايەتلىرى ئىسلام ئىتتىهادى ۋە ئازاتبەگ ھەرىكىتى
نەجىبۇللا ھۆكۈمىتىنىڭ ئاقىۋىتى ۋە گېنېرال دوستۇمنىڭ سەھنىگە چىقىشى
مۇجاھىتلار ھۆكۈمىتى ۋە كابولدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى
ئافغانىستان مىللىي ئىسلامى ھەرىكىتىنىڭ قۇرۇلۇشى
تالىبانلار ھەرىكىتىنىڭ پەيدا بولىشى
ئازاتبەگنىڭ ۋاپاتى
ئىتتىپاقنىڭ تارقىلىشى ۋە شىمالى ئافغانىستاندىكى قارشىلىق كۆرسىتىشلەرنىڭ ئاقىۋىتى
11 _سىنتەبىر ۋەقەسى ۋە ئا ق ش نىڭ ئافغانىستان مۇداخىلىسى

خاتىمە

قوشۇمچىلار مۇندەرىجىسىلا تەرجىمە قىلىندى

# تەرجىمە قىلغۇچىدىن:

پروفېسسور دوكتور ئەھەت ئەنجان ئەپەندىنىڭ بۇ كىتابى، بۈگۈنگە كەلگۈچە بولغان مىللىي مۇستەقىللىق ياكى مىللىي ئەركىنلىك ھەرىكەتلىرىمىزگە ئورتاق ئىدىيىۋى مەنبە ياكى ھەرىكەت ئۈلگىسى بولۇپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن چۈشەنچە ياكى ھادىسىلەر ئۈستىدە ئىنتايىن تەپسىلىي مەلۇماتلارنى بەرمەكتە. گەرچە ئاپتور بۇ كىتابىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار ئۈستىدە توختىلىشنى شەرقىي تۈركىستانلىق ئاپتورلارنىڭ يازغان كىتابلىرىغا ھاۋالە قىلىپ چەتنەپ ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلسىمۇ، بۇ ئەسەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇپ چىققىنىمىزدا، يەنىلا نۇرغۇن كۆز قاراش ۋە ھەرىكەت ئۇسۇللىرىمىزنىڭ ئەسلىدە ئورتا ئاسىيادىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يېقىنقى زامان مىللىي مۇستەقىللىق كۈرەش تارىخى، بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە چەتئەللەردە قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىمىزگە ئالاقىدار ئىدىيە ياكى ھەرىكەت ئۇسۇللىرى بىلەن بىۋاستە تومۇرداش، نۇرغۇن تەرەپلەر ھەتتا ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىنگەن ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرۈپ ئالالايمىز. شۇنداق بولغاچقا، ۋەتىنىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشى ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ كېلىۋاتقان ھەر بىر ۋەتەنپەرۋەرىمىزگە نىسبەتەن ئالغاندا، بۇ كىتاب، بۈگۈنگىچە قانات يايدۇرۇلغان ھەرىكەتلىرىمىزنى باھالاشتا ۋە كەلگۈسىدىكى پائالىيەتلىرىمىزنىڭ يولىنى تاللاشتا سەلبىي ياكى ئىجابىي جەھەتلەردە مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىدىن بىرى بولالايدۇ دەپ قارايمەن.

يېقىنقى بىر دەۋردە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم دۆلەت مىنىستىرلىرىدىن بىرسى بولغان ۋە ھازىرغىچە تۈركىيىنىڭ داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىن بىرىدە پروفېسسورلۇق قىلىپ كېلىۋاتقان دوكتور ئا. ئەھەت ئەنجان (ئابدۇللا ئاخات ئاندىجان) ئەپەندىنىڭ تۈركىيە تۈركچىسىدە يېزىلغان بۇ ئەڭ يېڭى يىرىك ئەسىرىنى، ئاپتورنىڭ ئۆزىدىن بىۋاستە رۇخسەت ئېلىپ ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ كىتابخانلىرىمىزغا سۇنماقتىمەن.

بۇ كىتابنىڭ ئەسلى نۇسخىسىدا نۇرغۇنلىغان تارىخىي رەسىم، خەرىتە، پايدىلىنىش ماتېرىيال مەنبەلىرى ۋە ئەسلى ئورىگىنال ھۆججەت نۇسخىلىرى بېرىلگەن بولۇپ، تېخنىكىلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قىسقارتىۋېتىشكە ياكى مۇھىم مەزمونلىرىنى يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلەشكە مەجبۇر بولدۇم. شۇنىڭدەك يەنە، بۇ كىتابتا ئاپتور ھاشىيىدە ياكى قوشۇمچە بەتلەردە بەرگەن نۇرغۇنلىغان ئىزاھات،

پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى ۋە ئىندېكسلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنىمۇ قىسقارتىپ قۇر ئارىسىدا تىرناق ئىچىدە ئۇششاق ھەرپلەر بىلەن بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم. ئەگەر بۇ ئەسەرنى "مەرتلىك بىلەن باستۇرۇش چىقىمىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان بىرەر ساخاۋەتچى" ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغىدەك بولسا، "... ... — ئا.ھ. ئىزاھاتى" (ئاپتورنىڭ ھاشىيىدىكى ئىزاھاتى) قىسمىنى ۋە "... — ئۇ.ت" (ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئىزاھاتى) نىڭ زۆرۈر بولغانلىرىنى پۈتۈنلەي ھاشىيىگە — بەت ئاستىغا يۆتكىۋېتىشنى تەلەپ قىلىمەن.

ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان (2010) ۋە تەرجىمان قايتا سىلىقلاشتۇرۇپ چىققان (2011) بۇ تەرجىمە نۇسخىسىدا كۆرۈلگەن كەمچىلىك ياكى خاتالىقلار بولسا تۈزىتىپ ئوقۇغايسىزلەر.

— ئا. بوران

# ئارماغان

تۈركىستان غايىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان بارلىق كىشىلەرنى ھۆرمەت بىلەن،

دادام ھاجى يولداش ۋە ئاپام بىبى ھاجىرەنى سېغىنىش بىلەن ئەسلەيمەن.

# ئاپتوردىن

ئۆتكەن يىگىرمىنچى ئەسىر — ئۇرۇش ۋە ئىنقىلاب داۋالغۇشلىرى بىلەن تولغان بىر ئەسىر ئىدى. ئۇ ئەسىردە پارتلىغان ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ كەينىگە ئۇلىشىپ كەلگەن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى سوغۇق ئۇرۇش مەزگىللىرىدە مىليونلىغان ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلغان بولسا، يەنە مىليونلىغان كىشىلەر ئانا ۋەتەن تۇپراقلىرىدىن ئايرىلىپ مۇساپىر بولۇشقا مەجبۇرلاندى. بولۇپمۇ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى كوممۇنىزم ئىدىيىسىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان ھەر قايسى مىللەت خەلقى، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ پاجىئەلىك تراگېدىيىلەرنى باشتىن كۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇ. ”كەلگۈسى“ ئۈچۈن دېگەننى باھانە قىلىپ ”بۈگۈن“ نىڭ ئىنسانلىرىنى قۇللارغا ئايلاندۇرۇش مەقسەت قىلىنغان بۇ كوممۇنىزم دېگەن ئۇتوپىيە مۇھىتىدا ئۇننى چىقارماي جىم تۇرۇپ باش ئېگىپ بەرگەنلەر جېنىنى ساقلاپ قالالىغان بولسا، ئۇنىڭغا بوي سۇنماي قارشى چىققانلار رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇلۇپ يوق قىلىندى.

ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان بۇ ئىدىيىگە قارشى كۈرەش قىلىش، ۋەتىنىنى مۇستەقىل قىلىشنى ئۈمىد قىلىپ ئانا ۋەتەنلىرىدىن ئايرىلىپ چەت دۆلەتلەرگە چىقىپ كەتكەن سىياسىي مۇھاجىرلار، ”دۇنيا كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى بەلگىلەيدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ كۈچلەرنىڭ توقۇنۇش مەيدانلىرىدا پېچكا بولۇپ بېرىش“ پاجىئەسىگە دۇچ كېلىدۇ.

ئۇلار، بېشىغا كېلىدىغان شۇنچە ئېغىر خەۋپ-خەتەرلەرگە قارىماي ئۆز زېمىنىغا ئالغان مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش غايىسى ئۈچۈن تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ كۈرەشنى ئاخىرغىچە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش دەيدىغان بىرلا يولنى ئۆزلىرىگە غايە قىلىپ تاللىۋالىشقان ئىدى. دەرۋەقە، ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ بۇ غايىسىدا چىڭ تۇرۇپ كۈرەش قىلدى. بۇ مۇھاجىرلار، قېچىپ بارغان دۆلەتلەردىكى مۇھىتنىڭ شۇنچە مۇشەققەتلىكلىكىگە ۋە قارشى تۇرىۋاتقان دۈشمىنىنىڭ شۇنچە كۈچلۈكلىكىگە پەرۋا قىلماي، قولىدىن كېلىدىغان پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ بۇ كۈرەشنى ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىچە داۋاملاشتۇرۇش يولىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ كۈرەش قىلىشتى.
قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب، ”مۇستەقىل تۈركىستان“ غايىسى ئۈچۈن ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ چەت دۆلەتلەرگە مۇساپىر بولۇپ چىقىپ، دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان

دۆلەتلەرگە چېچىلىپ كەتكەن ھەمدە 70 يىلدەك ۋاقىت داۋاملاشقان بۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان جاپا-مۇشەققەتلىك دەۋردە ئۆز غايىسى ئۈچۈن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى كۈرەشنى داۋام قىلىپ كەلگەن تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى، ياكى مۇنداق ئېيتقاندا "چەتئەللەردە تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن قانات يايدۇرۇلغان كۈرەشلەر" نى كىتاپخانلارغا تونۇشتۇرۇش مەقسەت قىلىنىدۇ.

ئافغانىستاندىن تارتىپ تا ياۋروپاغىچە بولغان بىپايان زېمىنگە يېيىلغان، 70 يىلدىن ئارتۇق دېگىدەك ۋاقىت سەرىپ قىلىنغان بۇ سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ بەلگىلىك بىر دەۋردە ئاكتىپ رول ئويناش بىلەنلا قالماي، بۇ ھەرىكەتتە بەلگىلىك بىر دەۋرنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىغان بىرسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، شۇنچە كەڭ دائىرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مىللىي مۇستەقىللىق كۈرەش ئىش ئىزلىرىنىڭ تارىخىنىڭ قاراڭغۇ بولۇڭ-پۇچقاقلىرىدا تۇپا-چاڭ بېسىپ ئۇن-تۈنسىز يوقۇلۇپ كېتىشىدىن بەكلا ئەنسىرەيتتىم. بۇ كۈرەشنىڭ ئىجابىي ياكى سەلبىي تەرەپلىرى بىلەن توغرا ياكى خاتا تەرەپلىرىنى خۇلاسىلاپ چىقىپ، "چەتئەللەردە تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن قانات يايدۇرۇلغان كۈرەشلەر" نى بىتەرەپ ۋە پاكىتقا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا قەلەمگە ئېلىش، شۇ ئاساستا تارىخنىڭ باھالىشىغا سۇنۇش لازىم ئىدى. بۇ مەقسەتتە، تۈركىستان ژورنىلىنى نەشىر قىلىش ئىشى بىلەن شوغۇللىنىۋاتقان 1990-يىللىرىدىن تارتىپلا بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارنى يىغىشقا كىرىشكەن ئىدىم.

تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان بۇ ھەرىكەتنىڭ كۆپۈنچە ۋاقىتلاردا مەخپىي تەشكىلات شەكلىدە پائالىيەت قىلىپ كەلگەنلىكى سەۋەبىدىن ئەسلى ھۆججەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئىمكانىيەتلىرى ئاساسەن يوق دېيەرلىك بولۇشى، بۇ كىتاپنى يېزىشتا دۇچ كېلىدىغان ئاساسلىق قىيىنچىلىقىم ئىدى. بۇ جەھەتتىكى يەنە بىر قىيىنچىلىقىم، بىر ئەسىرگە يېقىن داۋام قىلدۇرۇلغان بۇ ھەرىكەت بىر-بىرسىدىن يىراق نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەردە ۋە بىر-بىرسىگە ئوخشىمايدىغان سىياسىي مۇھىتلار ئىچىدە قانات يايدۇرۇلغانلىقى ئىدى. شۇ سەۋەپتىن غەرپ ياكى شەرقتىكى نۇرغۇن ئەللەردىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال مەنبەلىرىنى تەتقىق قىلىشقا مەجبۇر ئىدىم. ئەسلى نۇسخا ھۆججەتلەرگە ئېرىشىش، بۇ ھەرىكەتنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەرنى بىر باشتىن كۆزدىن كۆچۈرۈپ چىقىش، ھەمدە ئۇ دەۋرلەرگە شەخسەن قاتناشقان كىشىلەرنىڭ گۇۋاچىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش قاتارىدىكى ئىشلار ئۈچۈن تەخمىنەن ئون يىلغا يېقىن ۋاقىت سەرىپ قىلىشىمغا توغرا كەلدى. شۇنداق قىلىپ، شۇنچە ئەجرە قىلىشىمغا چۇشلۇق بىر

نەتىجىگە ئېرىشتىم دەپ قارايمەن. ئاخىرىدا، ئاساسەن ئالغاندا ئەسلى نۇسخا مۇججەتلەر بىلەن ئەمەلىي مەنبەلەرگە تايانغان بىر ئەسەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم.

جەدىتچىلىكتىن مۇستەقىللىقچە بولغان دەۋر ئىچىدە چەتئەلدە تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان بۇ كۈرەش ـــ يىگىرمىنچى ئەسىر بويىچە بىر قانچە ئەۋلات داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بىر كۈرەش ئىدى.

تۈركىستان تەۋەسىدە سوۋېت ھاكىمىيىتى تىكلەنگەن يىللاردا، مۇھاجىرەتتىكى كۈرەشلەرنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى مەركىزى ئافغانىستان بولغان ئىدى. بۇ كۈرەشتە يېتەكچىلىك رول ئوينىغان كىشىلەر تۈركىستانلىق زىيالىيلار، باسمىچىلىق ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچىلىرى، ئىتتىھات (ئىتتىپاقلىق، بىرلىك ـــ ئۈ.ت) ۋە تەرەققىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسىم يېتەكچىلىرى، شۇنىڭدەك يەنە كونا بۇخارا ئەمرى قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى.

بۇ سىياسىي ھەرىكەتنىڭ مۇھىم مەركىزى 1920 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ گېرمانىيە، فرانسىيە ۋە پولشا قاتارلىق ئەللەرنى ئاساس قىلغان ھالدا قالغان بىر قىسىم ياۋروپا ئەللىرىگە، بولۇپمۇ تۈركىيىنى ئاساس قىلغان غەرپ ئەللىرىگە يۆتكىلىدۇ. ئۇلار يەنە سوۋېتلەرگە قۇل قىلىنغان ھەرخىل مىللەت مۇھاجىرلىرى بىلەن بىرلىشىپ پرومېتي فرونتىنىمۇ شەكىللەندۈرىدۇ. تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاق تەشكىلاتى تەۋەسىدە قانات يايدۇرۇلغان بۇ خىل پائالىيەتلەر 1940 ـ يىللارغىچە داۋام قىلىدۇ.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ باشلىرىدا، سوۋېت ئارمىيىسى سېپىدە جەڭ قىلغان يۈز مىڭلىغان تۈركىستانلىق ئەسكەرلەرنىڭ ناتسىتلار گېرمانىيىسىگە ئەسىرگە چۈشىشى ھەمدە بۇلاردىن "تۈركىستان لېژيونلىرى" (تۈركىستانلىق مۇھاجىر ياللانما قىسىملار ـــ ئۈ.ت) تەشكىل قىلىنىشى بىلەن، چەتئەلدىكى تۈركىستان ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈرەشلەر يېپ ـ يېڭى بىر تۈسكە كىرىدۇ. بۇ جاھان ئۇرۇشى جەريانىدا، يۈز مىڭلىغان تۈركىستانلىق ئۆزلىرى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان بىر ئۇرۇشتا پېچكا بولۇپ بەرگەن ئىدى. ئاقىۋەتتە، بۇ ياللانما ئەسكەرلەر ئۇرۇش سېپىنىڭ ھەر ئىككىلا تەرىپىدە رەھىمسىزلەرچە قىرغىن قىلىنىپ يوق قىلىنىدى.

ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەۋرلەردە، (سوتسىيالىزم ۋە كاپىتالىزم دەپ ـــ ئۈ.ت) ئىككىگە بۆلۈنگەن ئىدىيىۋىي لاگىر ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق ئۇرۇشلار ھەل قىلغۇچ ئاملىغا

ئايلىنىدۇ. ئا ق ش بىلەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى يېتەكچىلىكىدە دەۋر سۈرگەن بۇ سوغۇق ئۇرۇش مۇھىتىدا، تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ خادىملىرى ياۋروپا، تۈركىيە، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئافغانىستان سەپلىرى بويىچە قايتىدىن تەشكىللىنىشكە باشلاپ، تۈركىستان مۇستەقىللىق غايىسى ئۈچۈن پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرىدۇ.

ئافغانىستاننىڭ ئىشغال قىلىنىشىدىن كېيىن شەكىللەنگەن يېڭى دەۋردە، باسمىچىلارنىڭ نەۋرىلىرى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن يەنە بىر قېتىم تىغمۇ-تىغ تاقابىل تۇرۇش جېڭىگە ئاتلىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ قېتىم ئۇرۇشتا توقۇنۇش ساھەسى شىمالىي ئافغانىستان ئەتراپىغا يېيىلغان ئىدى.

گورباچېيېۋ تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئېچىۋېتىش ۋە ئىسلاھات (گلاستنوست ۋە پېرېستروئىكا) سىياسىتى سوۋېت ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىش دەۋرىگە كىرگەنلىكىنىڭ دەسلەپكى شەپىسىنى بەرمەكتە ئىدى. بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە، 1990-يىللارغا كەلگىنىدە تۈركىستان زېمىنىدا بەش مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت بارلىققا كەلگەن ۋەزىيەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇنداق قىلىپ، 70 يىل داۋام قىلىپ كەلگەن "چەت دۆلەتلەردە تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش" ۋەزىپىسى تاماملانغان ھېساپلاندى.

بۈگۈنكى كۈندە، ئوتتا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە ھەل بولمىغان يەنە مۇنداق بىر مەسىلە قالدى: رۇسىيە فېدراتسىيىسى بىلەن خىتاي ئارىسىدا قىستىلىپ قالغان بۇ يېڭى تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ كېلەچىكى قانداق بولىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئالدىدا "ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىپ، كۈچلۈك خوشنا دۆلەتلەرنىڭ خالىغانچە كىرىپ چىقالايدىغان ئارقا بېغى ياكى ئالدى قوراسىغا ئايلىنىپ قېلىش، ياكى بولمىسا ئورتاق تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلەر گەۋدىسىگە ئۇيۇشۇپ، ئاۋراسىيادىكى كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى شەكىللەندۈرەلىگىدەك قۇدرەتلىك بىر پوتېنسىيال كۈچكە ئايلىنىش" تىن ئىبارەت ئىككى خىل يول تۇرماقتا.

مانا بۇ، يىگىرمە بىرىنچى ئەسىرگە كىرىش بوسۇغىسىدا تۈركىستان تۇپراقلىرىدا ياشاۋاتقانلار بىلەن چەتئەللەردە تۈركىستان ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلارنىڭ باش قاتۇرىشىغا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرسى. تەبىئىكى، تارىخنىڭ بۇ مەسىلىگە بېرىدىغان جاۋابى — بۇنىڭدىن كېيىن تۈركىستان ئۈچۈن تاللاپ ئېلىنىدىغان كۈرەش يولىغا باغلىق بولىدۇ.

بۇ يەردە، مۇنداق بىر مەسىلىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشمىگە توغرا كېلىدۇ: ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇلۇغ تۈركىستان تېرىتورىيىسى بۈرۈن سوۋېت ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى تۈركىستان (غەربىي) ۋە خىتاي ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى تۈركىستان (شەرقىي) دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىۋېتىلگەن ئىدى. بۇ كىتابتا، غەربىي تۈركىستان رايونلىرىدىن چەت دۆلەتلەرگە چىقىپ كەتكەن ئىنقىلاپچىلارنىڭ ئېلىپ بارغان سىياسىي كۈرەشلىرىنى بايان قىلىش بىلەنلا چەكلەندىم. شەرقىي تۈركىستانلىق ئىنقىلاپچىلارنىڭ چەت دۆلەتلەرگە چىقىپ قانات يايدۇرغان سىياسىي كۈرەشلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلار بولسا، ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن بىلەن مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا قاتارىدىكى يېتەكچىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان ھەرخىل كىتاپلاردا تەپسىلى تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستانلىقلار تا بۈگۈنگىچە مۇستەملىكە زۇلۇمى ئاستىدا ئېڭىرىماقتا، شۇنىڭدەك بۇ رايوننىڭ مۇستەقىللىقىغا مۇناسىۋەتلىك سىياسىي كۈرەشلەر ھېلى ھەم ئىزچىل تۈردە داۋاملاشتۇرۇلماقتا.

ھەر قانداق بىر ئەسەر ئوتتۇرىغا چىقىش جەريانىدا كۆرۈلگىنىگە ئوخشاش، بۇ كىتابنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىمۇ نۇرغۇنلىغان كىشلەر مېھنەت سىڭدۈردى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە بىر-بىرلەپ رەخمەت بىلدۈرۈش، مەن ئۈچۈن باش تارتىپ بولمايدىغان بىر قەرزدۇر. شۇنىڭدەك يەنە، تۈركىستان مىللىي بىرلىك ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، ھەمدە بۈگۈنگىچە ھەر قانداق بىر يەردە ئېلان قىلىنمىغان ئارخىپلارنىڭ بىر قىسمىغا ئېرىشەلىشىم ئۈچۈن كۈچ چىقارغان مەرھۇم سائىدە ئوكتاي خانىم ئەپەندىگە ئالاھىدە رەخمىتىمنى بىلدۈرمەي تۇرالمايمەن.

بۇ كىتاۋىم ئۈستىدە ئىشلەش جەريانىدا، ئالدى بىلەن ئۇلۇغ ئۇستازىمىز دوكتور بايمىرزا ھېيىتى ۋە مەرھۇم ۋەلى قېيۇمخان قاتارىدىكى نۇرغۇنلىغان كىشلەر قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى ئاجرىتىپ، بىلىدىغانلىرىنى ۋە ئەسلىملىرىنى مېنىڭ بىلەن ئورتاقلاشقان ئىدى. مەيلى يېزىق شەكلىدە ياكى ئېغىزچە بولسۇن، ماڭا بەرگەن ياردەملىرى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە رازىمەنلىك بىلەن رەخمىتىمنى بىلدۈرمەكچىمەن. شۇنىڭدەك يەنە نېمىسچە مەنبەلەردىن ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش جەھەتلەردە ياردىمىنى ئايىمىغان ھامبولدت ئۇنىۋېرسىتېتى مەسئۇللىرىدىن ئانكې بېنتزىنگە، ئەرەپ ئەلىپبەسى بىلەن يېزىلغان مەكتۇپلارنىڭ ھەمدە ئەسلى قول يازما ماتېرىياللارنىڭ ئوقۇلۇشى جەھەتتە بەرگەن ياردەملىرى ئۈچۈن سابىر سەيھانغا، قىممەتلىك تەتقىقاتچى يازغۇچى ئۆمەر خاقان ئۆزئالپلارغىمۇ رەخمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

بۇ يەردە يەنە مۇنداق ئىككى كىشىنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتمەكچىمەن. ئۇلاردىن بىرسى سۆيۈملۈك دوستۇم ۋە سىياسىي سەبدىشىم ئەلى دوغان، يەنە

بىرسى بولسا ئىسمىنى ئاشكارىلىماسلىقىمنى ئالاھىدە تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالغان ئىنتايىن قىممەتلىك ھەمنەپەس بىر دوستۇمنىڭ بۇ كىتابنىڭ بېسىلىشى جەريانىدا قوشقان تۆھپىلىرى ئۇچۇن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە چىن قەلبىمدىن رەخمەت ئېيتىمەن.

ئەسلى نۇسخا ماتېرىياللار بىلەن كونا رەسىملەرنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرىلىشى، شۇ ئارقىلىق سۈپەتلىك شەكىلدە بېسىلىشى بەكلا مۇھىم بىر ئىش ئىدى. بۇ جەھەتتىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدىكى ياردەملىرى ۋە RAM ئىشلىتىشتىكى خىزمەتلىرى ئۈچۈن قىممەتلىك دوستۇم ئۆمەر دولگەرگە رەخمىتىمنى بىلدۈرۈپ ئۆتمەكچىمەن. شۇنىڭدەك يەنە، خۇددى بۈرۈن بېسىلغان «ئۆزگىرىش دەۋرىدىكى تۈرك دۇنياسى» دىگەن كىتاۋىمغا ئوخشاش، بۇ كىتاۋىمنىڭمۇ سۈپەتلىك بېسىلىشى ۋە كىتاپخانلىرىمغا يەتكۈزۈلىشىگە كاپالەتلىك قىلغان ئەمرە نەشرىياتىنىڭ غوجايىنى سامى چەلىككە چىن قەلبىمدىن رەخمەت ئېيتىمەن.

ئەڭ ئاخىرىدا، مەيلى بۇ كىتاۋىمنىڭ تەييارلىق باسقۇچىدا ياكى يېزىلىۋاتقان ۋاقىتلاردا بولسۇن، ئالاھىدە قىزغىن ۋە چوڭقۇر مۇھەببەتكە تولغان يېزىقچىلىق مۇھىتى يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق مېنى قوللاپ رىغبەتلەندۈرگەن سۆيۈملۈك يولدىشىم دوكتور گۈلنۇر ئەنجانغا، يېزىق ئۈستىلىگە ھەر كېلىپ ئولتۇرۇشۇمدا، كىتاۋىڭنى قاچان يېزىپ بولالايسەن دەپ سوراپ تۇرىۋېلىپ، بۇ كىتابنى تېزىرەك پۈتتۈرىشىمگە تۈرتكە بولۇپ بەرگەن ئوغۇللىرىم ئايبەك بىلەن ئىلبەككىمۇ چىن قەلبىمدىن رەخمەت ئېيتىمەن.

**ــ ئا. ئەھەت ئەنجان**

2003-يىلى فىۋرال، ئاتاكۆي ــ ئىستانبۇل

# بىرىنچى باب

## ھەرىكەتنىڭ كېلىش مەنبەلىرى

ۋەتىنىمىز تۈركىستان تۇپراقلىرىغا يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى بېسىپ كىرىۋالغان تاجاۋۇزچى دۈشمەن كۈچلىرىدىن قۇتۇلۇپ ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىققا ئېرىشىش — ھەربىر تۈركىستانلىقنىڭ قەلبىدە ساقلانغان ئەڭ كۈچلۈك غايە ئىكەنلىكىدىن قىلچە گۇمان قىلمايمەن. مانا ئەندى، بۇ ئارزۇيىمىزغا يېتىش ۋاقتى كەلدى. قولىدا قۇرالى بولغان ۋە قۇرال تۇتۇش ئىمكانى بار ھەر بىر تۈركىستانلىقنى بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا چاقىرىمەن. ياشىسۇن ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىق!
...

— بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى جۇمھۇر رەئىسى ئوسمان غوجا ئوغلىنىڭ باياناتىدىن ...
1921 ـ يىلى 10 ـ دىكابىر

## ھەرىكەتنىڭ نەزەرىيىۋى مەنبەسى

چەتئەلدىكى تۈركىستان ئۇچۇن پائالىيەت قىلغۇچىلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسلىرى، تەخمىنەن ئالغاندا 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەكىللىنىشكە باشلىغان ئىدى. بۇ چارەك ئەسىر جەريانىدا جەدىتچىلىك ھەرىكىتى ئوتتۇرىغا چىقىپ، تۈركىستاندىكى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تەشكىلاتلارنىڭ شەكىللىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ ئۇلارنىڭ تەشكىللىنىشىگە باشلامچى بولغان ئىدى. چارروسىيىدە 1905 ـ يىلىدىكى خانلىق ـ پارلامېنت (مەشرۇتىيەت) ھۆكۈمىتى دەۋرىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان سىياسىي ئېقىملار، قۇرۇلغان پارتىيىلەر ۋە دۇما (روسىيە پارلامېنتى، ئالىي قۇرۇلتىيى — ئا. ھ. ئىزاھاتى) ھۆكۈمەتلىرى روسىيە تەۋەسىدىكى بارلىق مۇسۇلمان ـ تۈركىي خەلقلىرىگىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. بۇنداق ۋەزىيەت، ئۇلاردىكى يىگىدىن بىخلىنىۋاتقان سىياسىي تەشكىلاتلارنىڭ تەشكىل

قىلىنىشىغىمۇ ئۆز تەسىرىنى يوقىتۇرماقتا ئىدى. 1917-يىلىدىكى ئۆكتەبىر بولشېۋىكلار سىياسىي ئۆزگىرىشى بولسا، پۈتكۈل رۇسىيە بويىچە تۈپ يىلتىزىدىن ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىدى. تۈركىستان تېرىتورىيىسىنىڭ بىر قىسمىدا نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ھۆكۈم سۈرۈپ كېلىۋاتقان بۇخارا ۋە خىۋە خانلىقلىرى ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا روسىيە سوۋېتلەر تېزگىنى ئاستىدىكى خەلق جۇمھۇرىيەتلىرى قۇرۇلماقتا ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن رۇسىيىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشلەردىن كېلىپ چىققان قالايماقان ۋەزىيەت، بارلىق مۇسۇلمان-تۈركىي خەلقلىرىنى ئومۇمىي يۈزلۈك دېگىدەك مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش جەھەتتە ئىزدىنىش يولىغا يۈزلەندۈرمەكتە ئىدى. رەھبەرلىك سېپى ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر بولشېۋىكلەر بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلغانلىرىدا بۇ غايىسىگە تېخىمۇ ئاسان يېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەن بولسا، يەنە بەزى كىشىلەر بولشېۋىزمنى مۇستەقىللىق يولىدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يېڭى ئېقىمغا قارشى سىياسىي ۋە قوراللىق كۈرەشلەرنى باشلىۋەتكەن ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىنكى دەۋرلەردە تۈركىي خەلقلەر ياشاۋاتقان تۇپراقلاردا نۇرغۇنلىغان مىللىي ھۆكۈمەتلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەمما بۇ ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك بىر مەزگىل پائالىيەت كۆرسەتكەندىن كېيىن بولشېۋىكلار تەرىپىدىن بىرمۇ-بىر باستۇرۇۋېتىلىدۇ. 1920-يىللاردىن باشلاپ بۇ تۇپراقلاردا سوۋېت ھاكىمىيىتى تىكلىنىپ، بۈيۈك تۈركىستان تېرىتورىيىسى بىر مۇنچە ئۇششاق پارچىلارغا بۆلۈۋېتىلىپ، ئۇ يەرلەردە ئايرىم-ئايرىم يېڭى سىياسىي ئورگانلار قۇراشتۇرۇپ چىقىرىلىدۇ.

(خەرىتە ئورنى)

خەرىتە-1. يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى تۈركىستان ھەرىكەتىنىڭ كېلىش مەنبەسى

پۈتۈن بۇ دەۋردە، رۇسىيە تەۋەسىدىكى تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە بىر-بىرسىگە ئوخشىمايدىغان دۇنيا قاراش ۋە ھەرخىل ئۇمىدلەردە بولغان نۇرغۇنلىغان سىياسىي ئەرباپلار ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلاپ، بۇ تۇپراقلاردىكى تارىخىي بىر دەۋرنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۆز ھەسسىلىرىنى قوشقان ئىدى. بۇ سىياسىي خادىملارنىڭ بىر قىسمى كومۇنىزم ئىدىيىسىنى تاللاپ ئېلىپ يېڭى قۇرۇلغان ھۆكۈمەت تەركىبىدە بەزى ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەنگەن بولسا، بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرىدىغان خادىملارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇۋېتىلىدۇ. بۇ باستۇرۇلۇشلاردىن قۇتۇلۇپ قالالىغانلىرى چەت دۆلەتلەرگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر

بولىدۇ. چەت دۆلەتلەرگە مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كەتكەن بۇ سىياسىي خادىملار، بۇرۇنقى كۆز قاراش ۋە ھەرىكەت ئۇسۇلى جەھەتلەردىكى پەرقلىق كۆز قاراش ۋە ئىچكى زىدىيەتلىرىنى ياكى بۇنداق مەزھەپلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى چەتئەللەرگىچە بىرگە ئېلىپ چىقىشىدۇ. ئەنە شۇداق سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، 70 يىلغا يېقىن ۋاقىت جەريانىدا ھەرخىل دۆلەتلەردە قانات يايدۇرۇلغان تۈركىستان مۇستەقىللىق پائالىيەتلىرىگە توغرا باھا بېرىش جەھەتتە، بۇ پائالىيەتلەرنى چەتئەللەردە قانات يايدۇرۇشقا مەجبۇر بولغان خادىملارنىڭ قايسى خىل تارىخىي ھادىسىلەر ۋە قايسى خىل سىياسىي تەسىرلەردىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققانلىقلىرىنى، شۇنىڭدەك يەنە، قايسى خىل شارائىتلار ئاستىدا ۋەتىنىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقلىرى بىلەن تەپسىلى تونۇشۇپ چىقىشىمىز ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ كىتابتا، ئەنە شۇ دەۋرلەرنى شەكىللەندۈرۈشكە تەسىر كۆرسەتكەن نۇرغۇن ۋەقەلەرنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانى، چەتئەللەردىكى ھەرىكەتلەرگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللار ئۈستىدە نوختىلىق توختىلىپ ئۆتىمىز. بۇ ئامىللاردىن جەدىتچىلىك، چارروسىيەدە يۈز بەرگەن سىياسىي ھەرىكەتلەر، 1917-يىلىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشلەر (كېرېنسكى سىياسىي ئۆزگىرىشى بىلەن بولشېۋىكلار قوزغىلىڭى)، تۈركىستاندىكى خانلىقلارنىڭ ئاغدۇرۇلىشى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ۋەتىنىدە قۇرۇلغان مىللىي ھۆكۈمەتلەر، ئوسمانلار ئىمپېرىيىسىنى مەنبە قىلغان ئامىللار، ئوتتۇرا ئاسىيا مىللىي ئاۋام ئىختىلال جەمىيەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلىشى، باسمىچىلىق ھەرىكىتى ۋە تۈركىستاندىن چەتئەلگە قاراپ كۆچۈش دولقۇنلىرى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىشىمىز مۇمكىن.

## جەدىتچىلىك

داڭلىق تۈركشۇناس ئالىم ئىسمائىل گاسپرالىنىڭ قىرىمدا باشلاتقان ئۇسۇلۇ جەدىت (يېڭى ئۇسۇل) مەكتەپلىرىنىڭ نامى كېيىنكى ۋاقىتلاردا تۈرك دۇنياسىدىكى بارلىق يېڭىلىقچىلارنىڭ ئورتاق نامى ھالىغا كېلىپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى "جەدىتچىلار" دەپ ئاتاشقا باشلايدۇ. ئوقۇتۇشتا ئەرەپچىنىڭ ئورنىغا تۈركىي تىلنى دەسسىتىش، دىنىي دەرسلەر بىلەن بىرگە ماتېماتىكا، تارىخ، جوغراپىيە قاتارىدىكى زامانىۋىي بىلىم دەرسلىرىنىمۇ دەرس سىستېمىسىغا كىرگۈزۈشنى مەقسەت قىلغان بۇ كۆزقاراش، يالغۇز ئوقۇتۇش ساھەلىرى بويىچىلا چەكلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دەرۋەقە ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، جەدىتچىلىك دېگەن بۇ يېڭىلىق ھەرىكىتى چارروسىيە ھۆكمۈرانلىغى تەۋەسىدە ياشايدىغان بارلىق مۇسۇلمان تۈركىي قەۋملار ئىچىدە، ئاممىۋىي ئىسلاھات ۋە ئۆزگىرىش تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر ئاتالغۇ

ئورنىدا ئىستمال قىلىنىشقا باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، گاسپىرالىنىڭ "تىلدا بىرلىك، پىكىردە بىرلىك ۋە ئىشتا بىرلىك" شۇئارى بىلەن بىرگە جەدىتچىلىك دېگەن بۇ كۆز قاراش، پان ئىسلاۋىيانىزمغا قارشى تۇرىدىغان، ھەممە تۈرك دۇنياسىنى ئەقەللىي جەھەتلەردە بولسىمۇ بىرلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىغان سىياسىي بىر ئېقىم ھالىغا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە دىنىي ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلغان ئەنئەنىۋي ئوقۇتۇش سىستېمىسى (ئۇسۇلۇ قەدىم) نى ساقلاپ قېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان سەپلەرمۇ مۇرەككەپ ئەگرى-توقاي ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرمەكتە ئىدى (كونا سىستېمىدا 5~7 يىل داۋام قىلىدىغان مەكتەپ ئوقۇتۇشى بىلەن ئۇنىڭدىن كېيىن داۋاملاشتۇرۇلىدىغان 7 يىل ئەتراپىدىكى مەدرىسە ئوقۇتۇشى بويىچە ئىككى باسقۇچتىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى. بۇ تۈردىكى مەدرىسلەر ئادەتتە بىرەر مەسچىت، بىرەر كۇللىيە ياكى باي بىرەرسىنىڭ قوراسىدا ئېچىلاتتى. دەرسلەرنى ئىماملار، ئۇلار يوق ۋاقىتلاردا قارى-مولللار بېرەتتى. قىزلار مەدرىسلىرىنىڭ دەرسلىرىنى بولسا ئىمامنىڭ ئايالى ياكى ئوقۇغان بىرەر ئايال بېرەتتى. دەرس سېتكىلىرى 4 كىتاپتىن تەشكىل تاپقان چارنامە — نامئىي ھەق، كۇللىيات، مۇھىممات ئەل مۇسلىمىن ۋە پەند نامەئىي ئەتتار — ھەپتى يەك، ئەخلاقنامە قاتارىدىكى كىتاپلار بىلەن بەزى شائىرلارنىڭ دىۋان شېئىرلىرىدىن تەشكىل تاپاتتى. مەدرىسە ئوقۇتۇشى جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارغا ئىسلام قائىدىلىرى ئۆگۈتىلەتتى، ئىبادەت قىلىش ۋە قۇرئان ئوقۇش دەرسلىرىمۇ بېرىلەتتى. تارىخ، جوغراپىيە ۋە ماتېماتىكا قاتارلىق دەرسلەر يوق ئىدى. ... — ئا. ھ. ئىزاھاتى).
ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن قەدىمچىلىق دېگەن سۆز، شەرئەت ئاساسلىرىغا تايىنىدىغان ئىجتىمائىي ئورگانلارنىڭ ئىزچىللىغىنى ھىمايە قىلىش باھانىسى بىلەن ھەرخىل ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرگە توسقۇنلۇق قىلىش دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان سۆزلۈككە ئايلىنىپ قالىدۇ. نەتىجىدە، 1910-يىللارغا كەلگەندە، جەدىتچىلەر قەدىمچىلەرنى "مۇتەئەسسىپلەر" ۋە "قالاقلار" دەپ قارىغان بولسا، قەدىمچىلەرمۇ جەدىتچىلارنى "دىنسىزلار" ۋە "كاپىرلار" دەپ قارىشىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن ئىدى. ئەنە شۇنداق شەكىللەنگەن قۇتۇپلىشىش، ئوسمانلار ئىمپېرىيىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، بارلىق مۇسۇلمان تۈرك دۇنياسىغا تەسىر كۆرسىتىپ، بىر مۇنچە ئاممىۋي توقۇنۇشلارغا سەۋەپ بولىدىغان ئامىللارنىڭ بىرىگىمۇ ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

(رەسىم ئورنى)
تۈركىستان جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىلىرىدىن مۇنەۋۋەر قارى، ئايالى ۋە پەرزەنتلىرى بىلەن بىرگە. تاشكەنت، 1917-يىلى

1900 ـ يىللاردىن باشلاپ بۇ تۈردىكى ھادىسىلار تۈركىستانغىمۇ تارقىلىشقا باشلايدۇ. مۇنەۋۋەر قارى 1901 ـ يىلىدا تۇنجى قېتىم ئۇسۇلۇ جەدىت مەكتىۋىنى ئاچقىنىدىن كېيىن، بۇنىڭغا ئوخشاش مەكتەپلەرنىڭ سانى تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەشرى قىلىنىشقا باشلىغان نۇرغۇنلىغان گېزىت ـ ژورناللار، تۈركىستان تەۋەسىدە بىخلىنىشقا باشلىغان بۇ ئىلغار ۋە لىبىرال ئېقىملارنىڭ زورىيىشىغا تۈرتكە بولۇپ بېرىدۇ (تۈركىستاندا جەدىتچىلار تەرىپىدىن بەكلا كۆپ گېزىت ـ ژورنال نەشرى قىلىنغان ئىدى. بۇ ھەرىكەت باشلانغان كۈنىدىن تارتىپ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا كەلگىچە نەشرى قىلىنغان تىپىك گېزىت ـ ژورناللار تۆۋەندىكىچە: «تەرەققىي»، 1905 ـ يىلىدىن باشلاپ تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان بولۇپ، 20 سان چىقىرىلغان، مۇنەۋۋەر قارى ۋە يېقىنلىرى تەرىپىدىن چىقىرىلغان؛ «خۇرشىد»، 1906 ـ يىلى تاشكەنتتە چىقىرىلغان بولۇپ، 20 سان چىقىرىلغان، مۇنەۋۋەر قارى تەرىپىدىن چىقىرىلغان؛ «شۆھرەت»، 1907، تاشكەنتتە چىقىرىلغان، 10 سان چىقىرىلغان، ئابدۇللا ئەۋلانى تەرىپىدىن چىقىرىلغان؛ «ئاسىيا»، 1908، تاشكەنتتە چىقىرىلغان، 6 سان چىققان، مۇنەۋۋەر قارى ۋە يېقىنلىرى تەرىپىدىن چىقىرىلغان؛ «بۇخارائىي شەرىف»، 1912، بۇخارادا چىقىرىلغان، پارسچە، 153 سان چىقىرىلغان، مىرزا جالال تەرىپىدىن چىقىرىلغان؛ «تۇران»، 1912، بۇخارادا، 49 سان چىققان، غىياس مەخدۇم ھۇسنىي چىقارغان؛ «سەمەرقەنت»، 1913، سەمەرقەنتتە، 45 سان چىققان، مەخمۇت غوجا بەھبۇدىي چىقارغان؛ «سادائىي تۈركىستان»، 1914، تاشكەنتتە، 67 سان چىققان، ئۇبەيدۇللا غوجا چىقارغان؛ «سادائىي فەرغانە»، 1914، قوقاندا، 123 سان چىققان، ئابىتجان مەھمۇت چىقارغان؛ «قازاقلار»، 1913، ئورېنبۇرگدا چىققان، مۇستاپا ئورازباي ئوغلى ــ ئەخمەت بايتۇرسۇن چىقارغان؛ «تىرىك سۆز»، 1915، قوقاندا چىققان، ئابىتجان مەھمۇت چىقارغان. ... ــ ئا. ھ. ئىزاھاتى). 1906 ـ يىلىغا كەلگەندە چاغاتاي تىلىدا نەشرى قىلىنىشقا باشلىغان «خۇرشىد» گېزىتىدە، بۇ گېزىتنىڭ قۇرغۇچىسى مۇنەۋۋەر قارى بىلەن ئىلغار بىر دىنىي زات بولغان مەھمۇت غوجا بەھبۇدىي بىر تەرەپتىن چار رۇسىيىگە، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ھەرىكەتكە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان كىشىلەرگە قارشى ماقالىلار يېزىشقا باشلايدۇ. بەھبۇدىي، تۈركىستانلىق جەدىتچىلەر ئۈچۈن بىر پروگراما سۇنۇپ، بۇ ئاساستا بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بىر نوقتىغا جەم بولۇشى لازىملىغىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئۇلار، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىرەر گېزىتنى تاقىۋېتىش بويىرىغىنى چىقارسا، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىر گېزىتنى نەشر قىلىشاتتى. بۇخارا ئەمىرلىگى تەۋەسى، جەدىتچىلىك ھەرىكىتى ئەڭ ئاكتىپ پائالىيەت قىلىۋاتقان جايلاردىن بىرى ئىدى. ئابدۇراۋوپ پىترات باشلامچىلىغىدىكى جەدىتچىلار، بۇخارا ئەمىرىنىڭ بارلىق

توسالغۇ ۋە بېسمىلىرىغا قارىماي ئوقۇتۇش ساھەسىگە ئوخشاش سىياسىي ساھەلەردىمۇ ئىسلاھات ۋە ئۆيغۇنۇش ۋەزىيىتىنى يارىتىشقا تىرىشماقتا ئىدى.

(رەسىم ئورنى)
بۇخارادا نەشرى قىلىنغان «تۇران» گېزىتى، 1912-يىلى دېكابىر (گېزىتتا، "بۇخارادا بىر نۇسخىسى 2 تىيىن، باشقا شەھەرلەردە بىر نۇسخىسى 5 تىيىن" دېگەندەك خەتلەر يېزىلغان. بۇ گېزىتنىڭ پادۋال ئۈستى ماقالىسى: «تۇراننىڭ 1913-يىللىقى ئۇچۇن ئابۇنە دەپتىرى ئېچىلدى» — ئۇ.ت)

تۈركىستاندىكى جەدىتچى گۇرۇپپىلار، مەملىكەت ئىچىدە يالغۇز زامانىۋىي ئوقۇتۇش مۇھىتىنى بەرپا قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئۇيۇشتۇرۇلغان تەشكىلاتلار ۋاستىسىغا تايىنىپ تۈركىيىنى نوقتا قىلغان ھالدا نۇرغۇنلىغان ئەللەرگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىشكە كىرىشىدۇ. 1908-يىلىغا كەلگەندە، بۇخارادا «تەربىيەئىي ئەتفال» (باللار ئوقۇتىشى) نامىدا بىر مەخپى جەمىيەت قۇرۇلىدۇ (ئوسمان غوجا، ئەخمەتجان مەخدۇم، سەدرىدىن ئەينى، ئابدۇۋاھىت رافىي ۋە ئابدۇلقادىر مەخدۇملار بۇ جەمىيەتنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن ئىدى. — ئا. ھ. ئىزاھاتى). جەمىيەت ئەزالىرىدىن ئابدۇراۋۇپ پىترات، ئوسمان غوجا، ئابدۇلئەزىز غۇلجىلىق ۋە سادىق ئاشۇر ئوغلى 1909-يىلىغا كەلگەندە يوشۇرۇن شەكىلدە ئىستانبۇلغا بېرىپ، ئۇ يەردە «بۇخارا تامىمئى مائارىپ جەمىيەتئى خەيرىيەسى» دېگەن ئىسىم بىلەن بىر شۆبە ئاچىدۇ. بۇ جەمىيەت، ئىككى يىل ئىچىدە تۈركىيىگە 25 نەپەر ئوقۇغۇچى ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش قۇرۇلغان يەنە بىر جەمىيەت بولسا، «تۇران نەشرىي مائارىپ جەمىيەتى» ئىدى (بۇ جەمىيەتنىڭ قۇرغۇچىلىرى تۆۋەندىكى كىشىلەردىن تەشكىل تاپماقتا: مۇقىممىدىن بەگجان، ئابدۇراۋۇپ پىترات، غۇلجىلىق ئابدۇلئەزىز، ئەخمەتجان مەخدۇم ۋە ئالىمجان ئىدرىسىي قاتارلىقلار. ... — ئا. ھ. ئىزاھاتى).
بۇ جەمىيەتلەرنىڭ ئەزالىرى، ئىستانبۇلدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋاقىتلاردا، ئوسمانلار ئىلغار كۈچلىرى ئىچىدىن چىققان ژۆن تۈرك ھەرىكىتى (ياش تۈركلەر ھەرىكىتى. تۈرك ياشلىرى ھەرىكىتى — ئۇ.ت) ۋە ئىتتىھات تەرەققىي (ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات — ئۇ.ت) ئېقىمى بىلەنمۇ تونۇشقان ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، كېيىنكى يىللارغا كەلگىنىدە بۇخارا ۋە خىۋە خانلىقلىرىغا قارشى ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋاقىتلىرىدا، ئۇلار ئۆزلىرىنى (تۈركىيىدىكى بۇ ئېقىمغا تەۋە كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ژۆن تۈركلەر ياكى ياش تۈركلەر دەپ ئاتاشقىنىغا ئوخشاش — ئۇ.ت) "ياش خىۋەلىكلەر" ۋە "ياش بۇخارالىقلار" دەپ ئاتىشىدۇ.
بۇ جەمىيەتلەر تەرىپىدىن تۈركىيىگە ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەكلا ئاز بىر قىسمى تۈركىستانغا قايتىپ كېلەلىگەن بولۇپ، مۇتلەق كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلار

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ كەينىدىنلا باشلانغان بولشېۋىك ئىنقىلاۋىنىڭ پەيدا قىلغان قالايماقانچىلىقلىرى تۈپەيلىدىن تۈركىيىدىن ئايرىلماي شۇ يەردە تۇرۇپ قالدۇ. تۈركىيىدە تۇرۇپ قالغانلارنىڭ بىر قىسمى ھەرخىل ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىنىپ ئانادولۇ (تۈركىيىنىڭ كىچىك ئاسىيا قىسمىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇيغۇرچە بەزى مەنبەلەردە ئاناتولىيە، كىچىك ئاسىيا دەپمۇ ئېلىنغان. ــ ئۇ.ت) غا تارقىلىپ، ئۇ يەرلەردە ياش تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەرخىل ئورگانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. ئىستانبۇلدا قالغانلار بولسا، 1920 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك سىياسىي ۋە مەدەنىي پائالىيەتلەرنى تەشكىللەشكە كىرىشىپ، بۇ ھەرىكەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

## چار رۇسىيىدىكى سىياسىي ھەرىكەتلەر ۋە تۈركىستانغا كۆرسەتكەن تەسىرلىرى

چاررۇسىيىدە سىياسىي پارتىيىلەر 1880 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئوتتۇرغا چىقىشقا باشلىغان ئىدى. چاررۇسىيە دائىرىلىرىنىڭ بېسىملىرى سەۋەبىدىن پائالىيەتلىرىنى يەر ئاستىدا قانات يايدۇرۇشقا مەجبۇر بولغان ۋاقىتلاردا بىرىنچى بولۇپ قۇرۇلغان پارتىيە، پلېخانوۋ يېتەكچىلىكىدە قۇرۇلغان سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ئىدى. «ئىسكرا» نامىدىكى ژورنال ئەتراپىغا ئۇيۇشقان بۇ گۇرۇھقا مەنسۇپ كىشىلەر، ئاساسەن ئىشچىلار سىنىپى ئارىسىدا پائالىيەت قىلىشماقتا ئىدى. 1903 ـ يىلىسى بۇ پارتىيە ياۋرۇپادا چاقىرىلغان بىر قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا، لېنىن يېتەكچىلىكىدىكى بولشېۋىكلەر ۋە مارتوۋ يېتەكچىلىكىدىكى مېنشىۋېكلەر دىگەن ئىككى گۇرۇھقا بولۇنۇپ كېتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتە دېھقانلار ئاممىسىغا تايىنىشنى تاللىۋالغان سوتسىيال رېۋولوتسىيونېرچىلار (قىسقارتىلىپ س-ر چىلار ياكى ئېس-ئارچىلار دەپلا ئاتىلىدۇ ــ ئۇ.ت)، يېزا خەلق ئاممىسىنى ھوقۇققا ئىگە قىلىش دەيدىغان شۇئار ئاساسىدا چار پادىشا ھاكىمىيىتىگە قارشى كەڭ كۆلەملىك تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى قانات يايدۇرماقتا ئىدى.

بۇرجۇئازىيىنىڭ، يەنى ئوتتۇرا ھال سىنىپىنىڭ تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كونىستىتۇتسيونال (ئاساسىي قانۇنچى) دېموكراتلار بولسا، پارلامېنتلىق ۋە ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىنى ئاساس قىلىدىغان بىر پادىشالىق ھۆكۈمەت قۇرۇش يولى ئۈستىدە

ئىزدىنىشكە كىرىشكەن بولۇپ، ئۇلار قىسقارتىلىپ كادىتچىلار دەپ ئاتىلىپ پائالىيەت قىلىشماقتا ئىدى.

(رەسىم ئورنى)
تاشكەنتتە نەشىر قىلىنغان «سەدائىي تۈركىستان» گېزىتى، 1914 ـ يىلى ماي 7 ـ سان. (بىرىنچى بەتتە «تۈركىستان كۇتۇپخانىسى»، «دەللال ــ كامىسيونېر»، «مۇسۇلمان مەمورى روھانىلىرى ھەققىدە كېڭەش مەجلىسى»، «قىرائەتخانىغا ھەۋەسلەر»، «يول خاتىرىلىرى» دېگەندەك ماقالىلار ئورۇن ئالغان. ــ ئۇ.ت)

1905 ـ يىلقى رۇس ـ ياپون ئۇرۇشىدا رۇسىيىنىڭ مەغلۇب بولىشى، ئۇنىڭ كەينىدىنلا پارتىلاپ پۈتكۈل دۆلەتكە يېيىلغان قوزغىلاڭلار چاررۇسىيە ھاكىمىيىتىنى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. نەتىجىدە، چار ئىككىنچى نىكولاي بىر خىتاپنامە ئېلان قىلىپ، پارلامېنت ــ پادىشالىق تۈزۈمىنى ئاساس قىلىدىغان بىر ئاساسىي قانۇن ۋە سايلامنى ئاساس قىلىدىغان بىر پارلامېنت (دۇما) نى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھەر قايسى سىياسىي پارتىيىلەر قانۇنىي ئورۇنغا ئېرىشىدۇ. كەينىدىنلا پۈتۈن رۇسىيە بويىچە ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزىلىدۇ. رۇسىيىدە كۆپ پارتىيىلىك مەشرۇتىيەت (پارلامېنت ـ خانلىق تۈزۈمى، ئاساسى قانۇن ـ پادىشاھلىق تۈزۈمى ــ ئۇ.ت) نىڭ تەشكىل قىلىنىشى، رۇسىيە ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدە ياشايدىغان مۇسۇلمان ـ تۈركىي خەلق ئاممىسىنىمۇ ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ. مۇسۇلمان ـ تۈركىي ئىلغار كۈچلىرى بىر تەرەپتىن ئۆز يۇرتلىرىدا سىياسىي تەشكىلات قۇرۇش پائالىيەتلىرىنى باشلىۋەتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن رۇسىيە تەۋەسىدە قۇرۇلتاي ئېچىش ئىشلىرىغا كىرىشىپ كېتىدۇ. قۇرۇلغان تەشكىلاتلارنىڭ پروگراممىلىرى ئاساسەن ئالغاندا رۇسىيە سىياسىي پارتىيىلىرىنىڭ پروگراممىلىرىغا ئوخشىشىپ كەتكەن بولۇپ، كۆپىنچىسى سوتسىيالىست ياكى لىبىرال قاراشلارغا ئىگە ئىدى. ئۆز گۇرۇپپىلىرىغا ۋاكالەتەن ياكى بىتەرەپ ھالدا دۇماغا سايلانغان مۇسۇلمان تۈركىي خەلقلەردىن چىققان ۋەكىللەر، ئادەتتە ئۆزلىرىنىڭكىگە ئوخشاش كۆز قاراشقا ئىگە پارتىيە پروگراممىسى بولغان رۇسىيە پارتىيىلىرىنى قوللاپ ئاۋاز بېرىشەتتى. بىر قىسىم خەلق ۋەكىللىرى ھەتتا ئۇدۇل رۇسىيە سىياسىي پارتىيىلىرىگە ئەزا بولۇپ كىرىپ شۇ پارتىيە ئىچىدە تۇرۇپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنى تاللىۋېلىشقان ئىدى. شۈبھىسىزكى، بۇ تۈردىكى ئىچىگە كىرىۋېلىپ ياكى بىرلىشىپ تۇرۇپ پائالىيەت قىلىشلىرى رۇسىيە پارتىيىلىرىنىڭ ”مىللىي مەسىلىلەر“ گە قارىتا قايسى خىل پوزىتسىيىدە بولىشىغا قاراپ بەلگىلىنەتتى.

”مىللىي“ مەسىلىگە تۇتقان پوزىتسىيىلىرىگە ئاساسەن سوتسىيال ئىنقىلاۋىي پارتىيىسى (ئېس ـ ئارچىلار)، باشقا مىللەتلەر ئۈچۈن ئالغاندا ئۆزلىرىگە ئەڭ يېقىن

پارتىيە بولۇپ، ئۇلارنىڭ پارتىيە پروگراممىلرىدا ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىگە ئەڭ كەڭ دائىرىلىك "فىدراتسىيىلىك ئورگان" قۇرۇش ھوقۇقى بېرىلىشىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا ئىدى. 1905-يىلقى قۇرۇلتىيىدا شەرتسىز سېلىق دېتېرمىناتسىيە (ئۆز تەغدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقى) قارشىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئېس-ئارچىلار پارتىيىسى، كېيىنكى قۇرۇلتايلىرىدا بۇ قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، ھەر بىر رايون ئۇچۇن ئۆزىگە خاس ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىپ چىقىش دەيدىغان بىر تەكلىپنى ماقۇللىشىدۇ. ئەمما بۇ قاراشنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەققىدە ئېنىق بىر چۈشەندۈرۈش بەرمىگەن ئىدى. رۇسىيە لىبېرالىزمچىلىرىنىڭ قۇرغان ئاساسىي قانۇنچى دېموكراتلار پارتىيىسى (كادېت)، رۇسىيىنىڭ ھەر قايسى مىللەتلەرگە ئاساسەن رايونلارغا بولۇنىدىغان بۇنداق فېدېراتىپلىق بىر دۆلەت شەكلىگە قەتئىي قوشۇلماتتى. ئۇلار بىرلا مەركەزىي ھۆكۈمەتكە بوي سۇنىدىغان "رۇسىيە پۈتۈنلىكى" نى ھىمايە قىلىدىغان بىر تۈزۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇپ، پولەكلەردىن باشقا ھەرقانداق بىر مىللەتكە سىياسىي ئاپتونومىيە (بىر مىللەتنىڭ پەقەت سىياسىي جەھەتتىلا ئۆز ئۆزىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى — ئۇ.ت) بېرىلىشىنى قەتئىي قوبۇل قىلماسلىق دەيدىغان بىر لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ. شۇنداقتىمۇ رۇسىيىنى شەكىللەندۈرگەن مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي جەھەتتە ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش ھوقۇقى بىلەن ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇتۇش ھوقۇقىنى بېرىشكە قارشى ئەمەسلىكىنى تەكىتلىشەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا بولشېۋىك بىلەن مېنشېۋىك پارتىيىلىرى بولسا، سىياسىي ئاپتونومىيىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولغان فېدېراتسىيىگىمۇ، بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي تۈزۈم ئىچىدە مەدەنىي ساھەلىرى بويىچە ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىلىشىگىمۇ قارشى ئىدى. بۇ ئىككى پارتىيە، فېدېراتسىيە دېگەن شەكىل، دۆلەتنى بىر مۇنچە ئۇششاق مەركەزلەرگە بۆلۈۋېتىدىغانلىقى ئۈچۈن بەكلا خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولىشى مۇمكىن دەپ قارىماقتا ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، مەدەنىي جەھەتتىكى ئاپتونومىيىمۇ ھەر قايسى مىللەت ئىشچىلار سىنىپى (پرولېتارىيات) ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، بۇ خەلقلەرنىڭ مەدەنىي ساھەسىدىكى تەرەققىياتى جەريانىدا بۇرجۇئازىيە تەسىرىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ دەپ ھېساپلىشاتتى. شۇ سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن بۇنداق بىر تۈزۈمنى قەتئىي رەت قىلىش لازىم دەپ قارىماقتا ئىدى. بولشېۋىكلارنىڭ قارىشى بويىچە ئالغاندا، كاپىتالىزمنىڭ مەھسۇلى بولغان مىللەتچىلىك بارلىق جەھەتلەردە ئوتتۇراھال بىر سىنىپنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدىغان بولغاچقا، سوتسىيالىزم مەنپەئەتلىرى بىلەن زىت كېلىدىكەن.

يوقۇرقىدەك قىسقىچە ئىزاھات بېرىپ ئۆتكىنىمىزدىن كېيىن، تۈرك ۋە مۇسۇلمان سىياسىي خادىملىرىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردا نىمە ئۈچۈن كادېت پارتىيىسىدىكىلەر ياكى ئېس-ئار پارتىيىسىدىكىلەر بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىش يولىنى

تاللىۋالغانلىقىنى، شۇنىڭدەك قۇرۇلغان مىللىي پارتىيە پروگراممىلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنىڭ نىمە سەۋەپتىن بۇ پارتىيىنىڭ پروگراممىلىرىغا ئوخشاپ قېلىشۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنەلەيمىز. بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ مىللىي مەسىلىلەرگە تۇتقان قاتتىق قوللۇق پوزىتسىيىسى تۈپەيلىدىن، مۇسۇلمان ـ تۈركىي يېتەكچىلىرى بىلەن زىيالىلىرى 1917 ـ يىلقى ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىغىچە، يەنى رۇسىيىدە بولشېۋىكلار ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئالغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆلارغا يېقىن يولىماسلىق يولىنى تاللىۋېلىشقان ئىدى.

1917 ـ يىلدىكى ئىنقىلاپ مەزگىلىدە 900 ۋەكىل قاتناشقان تۇنجى قېتىملىق پۈتۈن رۇسىيە مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيى، يوقۇرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك ئۆز ئىچىدە ئوخشىمىغان قاراشلار شەكىللىنىۋاتقان بىر مۇھىتتا چاقىرىلغان ئىدى. بۇ قۇرۇلتايدا، ئىدىل ـ ئۇرال تۈركلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان بىر گۇرۇپ "رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاساسىي شەكلىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تېررىتورىيىسىز مەدەنىي ئاپتونومىيىسى" نى ھىمايە قىلىشقان بولسا، تۈركىستان، ئەزەربەيجان ۋە باشقىردىستان ئۆمەكلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان يەنە بىر گۇرۇھتىكىلەر بولسا "تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە" نى، يەنى فېدېراتسىيىلىك بىر رۇسىيە تۈزۈمى ئىچىدە ئاپتونومىيىلىك رايونلارنى شەكىللەندۈرۈش دەيدىغان بىر لايىھىنى ھىمايە قىلىشماقتا ئىدى. پۈئات توقتاروپتىن باشقا بارلىق تاتار ئۆمەكلىرى "پۈتۈن رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى، بىر مەركەزدىن باشقۇرىلىدىغان سىياسىي تۈزۈم ئىچىدە مەدەنىي جەھەتتىكى بىر ئاپتونومىيە" نى تەلەپ قىلىشماقتا ئىدى. ئەگەر بىر مەركەزدىن باشقۇرىلىدىغان بۇ تۈر سىياسىي تۈزۈلمە ۋۇجۇتقا چىققىنىدا، بۈرۈن كۆرۈلگەنلەرگە ئوخشاش كەلگۈسىدە ئۇرۇسلاردىن باشقا مىللەتلەر يەنىلا ئۆز رولىنى جىدىي قىلدۇرالماي بوغۇلۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقان يەنە بىر گۇرۇھتىكىلەر بولسا، بۇنداق بىر مەركەزلىك تېررىتورىيىسىز مەدەنىي ئاپتونومىيە شەكلىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇرماقتا ئىدى. شۇنداق قىلىپ بىر ـ بىرسى بىلەن زىتلىشىپ قالغان ئۇنىتونىستلار (بىر مەركەزدىن باشقۇرىلىدىغان بىر پۈتۈن رۇسىيە شەكلىنى تەلەپ قىلىدىغانلار ــ ئا. ھ. ئىزاھاتى) بىلەن فېدېراتىپچىلار ھېچ بىر ئورتاق كېلىشىمگە كېلەلمەيدۇ. ئەمما بۇ قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا چىققان بۇ خىل تالاش ـ تارتىشلاردىن كېلىپ چىققان زىدىيەتلەر، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن قېچىپ چىققان سىياسىي مۇساپىرلار بىلەن بىرگە تا چاتئەللەرگىچە بىرگە سۆرۈلۈپ كېلىپ، تاشقى دۇنيادىكى ئىدىيىۋىي توقۇنۇشلاردا بىر ـ بىرسىنى تەنقىتلىشىدىغان ۋە بىر ـ بىرسىگە قارشى سەپلەرگە بۆلۈنۈشلەردە كۈچلۈك باھانە بولۇپ بېرىدۇ.

رۇسىيىدە بولشېۋىكلار ھاكىمىيەتنى تېزگىنىگە ئېلىپ بولغىنىدىن كېيىن، مېنشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ باش سېكرېتارى ۋە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ باش مىنىستىرى كېرېنىسكى، كادېت پارتىيىسىنىڭ باش سېكرېتارى مىليۇكوۋ، ئېس ـ ئار

پارتىيىسىنىڭ باش سېكرېتارى ۋىكتور چېرنوۋ قاتارىدىكى بولشېۋىكلەرگە قارشى يېتەكچىلەرمۇ، فرانسىيىنى ئاساس قىلغان ھالدا ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقاپ كېتىشىدۇ. ئادەتتە ئاقلار ــ ئاق ئۇرۇسلار (ئاق پادىشا، يەنى چار رۇسىيە تەرەپتارلىرى، تەرجىمىدە ئاساسەن "ئاقلار" دەپ ئېلىنىدى. ــ ئۇ.ت) دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بۇ سىياسىي خادىملار، ھەرخىل تەشۋىقات ئەپكارلىرى ئەتراپىغا جەم بولۇشۇپ بولشېۋىكلارغا قارشى سىياسىي كۆرەشلىرىنى قانات يايدۇرىدۇ. بۇ ئاقلار بىلەن بۇرۇندىن مۇناسىۋىتى بولغان ياكى كېيىنكى يىللار ئىچىدە ئورنىتىلغان مۇناسىۋەتلەر، چەتئەللەردىكى مۇساپىر تۈركىي يېتەكچىلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر بولۇش-بولماسلىقىنى باھالايدىغان يەنە بىر سىياسىي ئۆلچەم ھالىغا كەلتۈرۈلۈپ، ئۆز ئىچىدە كۆرۈلگەن ھەرخىل تالاش-تارتىشلاردا بىر-بىرسىگە ھۇجۇم قىلىش باھانىسى قىلىنىۋېلىنىدۇ.

## بولشېۋىكلار مىللىي سىياسىتى

تۈركىستان بىلەن ۋولگا ئەتراپىدا قۇرۇلغان ئاپتونومىيىلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگىدەك 1917-يىلقى بولشېۋىكلار ئىنقىلاۋىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان ئاپتونومىيىلەر دېيىش مۇمكىن. ئەسلىدە بۇ ئاپتونومىيىلەرنىڭ قۇرۇلۇش جەريانىنى ئاساسەن ئالغاندا سوتسىيالىزم، ئىسلامىزم ۋە مىللەتچىلىكتىن ئىبارەت ئۈچ بۇلۇڭلۇق ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان دېيىش مۇمكىن. تۈركىستانلىق يەرلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بىلەن بولشېۋىزم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر، چاررۇسىيىدىكى باشقا ئۇرۇس بولمىغان مىللەتلەر ئارىسىدا كۆرۈلگىنىگە ئوخشاش، ئىنتايىن دولقۇنسىمان ۋە بەزىدە زىدىيەتلەر بىلەن تولغان بىر ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرمەكتە ئىدى. ئەسلىنى سۈرۈشتە قىلغاندا، تۈركىستانلىق زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك ماركسىزم بىلەن لېنىنىزم ھەققىدە ئېنىق بىر ساۋاتقا ئىگە كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، بولشېۋىكلارنىڭ قانداق بىر ھاكىمىيەت سىستېمىسىنى يولغا قويىدىغانلىقىنى پەقەتلا مۆلچەرلىيەلمىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇلار بولشېۋىكلارنىڭ قايسى خىل تۈزۈم بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئەسلى ماھىيىتىنى ئەمەلىي تەجرىبىلەر ئارقىلىق بىۋاسىتە باشتىن ئۆتكۈزۈش، ئېغىر خاتالىشىش جەريانىدىلا تونۇپ يېتىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئۇلار بۇنداق بىر تەجرىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. ئەلۋەتتە بۇ خىل خاتالىشىش جەريانى يالغۇز تۈركىستانلىق يېتەكچىلەرگىلا خاس بىر ئالاھىدىلىك بولۇپ قالماي، ئىدىل-

ئۇرال ۋە باشقىرت تۈركلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق تۈركىي قەۋملىرى ئۈچۈنمۇ ئورتاق بىر جەريان دېيىش مۇمكىن ئىدى.

ئەسلىدە، لېنىن تا 1913 ـ يىللىرىدىلا مىللىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى ماقالىلىرىدا، بولۇپمۇ كېيىنكى يىللاردا ئىزچىل مۇنازىرىلەرگە سەۋەپ بولىدىغان ئاپتونومىيە، سېلق دېتېرمىناتسىيە (ئۆز تەغدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقى) پىرىنسىپلىرى ۋە مەدەنىي ساھە بويىچە چەكلىنىدىغان ئاپتونومىيە قاتارىدىكى چۈشەنچىلەر ھەققىدە قايسى خىل كۆز قاراشتا ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئوچۇق شەرھىلەپ بولغان ئىدى. لېنىن، مەدەنىي جەھەتتىلا چەكلىنىدىغان مىللىي ئاپتونومىيە ھەققىدە توختالغىنىدا مۇنداق دېگەن ئىدى:

ئادەتتە دېموكراتىيە نوقتىسىدىن، خۇسۇسەن پرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي كۈرەش تەلىۋى نوقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇنداق بىر پارچىلىنىشقا، بۇنداق بىر ئاپتونومىيىگە يول قويۇشقا بولامدۇ ـ بولمامدۇ؟ مانا بۇ، ئەڭ ئالدى بىلەن ئايدىڭلاشتۇرىۋېلىشىمىزغا تېگىشلىك مەسىلىدۇر. ... ھەر خىل مىللەتلەر بىرلا دۆلەت ئىچىدە ياشىماقچى بولىدىكەن، ئۇلار مىليونلارچە، ھەتتا مىلياردلارچە ئىقتىسادىي، قانۇنىي ۋە ئىجتىمائىي باغلار بىلەن بىر ـ بىرسىگە زىچ باغلىنىپ ياشاشقا مەجبور. مائارىپ ئىشلىرىنى ئەنە شۇ باغلاردىن قانداقمۇ ئايرىم تۇتالىشىمىز مۇمكىن؟ ... ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى دۆلەتنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى سىرتىدا قالدۇرالىشىمىز مۇمكىنمۇ؟ ئەگەر بىرلا دۆلەت تەۋەسىدە ياشايدىغان ھەرخىل مىللەتلەر ئىقتىسادىي باغلار بىلەن ئۆزئارا چەمبەر ـ چەس باغلانغانلا بولىدىكەن، ئۇ مىللەتلەرنى مەدەنىي جەھەتتە، بولۇپمۇ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ئىزچىل تۈردە ئايرىم تۇتىمەن دېيىش ئاخماقانىلىق بىر ھەرىكەت بولۇپلا قالماي، يەنە قالاقلىقنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر. بۇنىڭ دەل ئەكسىنچە، مەكتەپلەر ئەمەلىي تۇرمۇشقا زۆرۈر بولغان ئىشلارغا ئالدىن تەييارلىق قىلىش مەقسىتىدە، مىللىي توپلۇملارنى ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا بىرلەشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز لازىم. (لېنىن، «مىللىي مەسىلىلەر ۋە مىللىي مۇستەقىللىق كۈرەشلىرى» 113 ـ بەت. ـــ ئا. ھ. ئىزاھاتى)

لېنىن يەنە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى مەسىلىسى ھەققىدە، يەنى سېلق دېتېرمىناتسىيە ھەققىدە توختالغىنىدىمۇ كەلگۈسىدە ئىجرا قىلىنىدىغان سىياسىي تۈزۈمگە يول كۆرسەتمە بولالىغىدەك مۇنداق بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى:

پروگراممىزدىكى سېلق دېتېرمىناتسىيە دېگەن مەزمۇننى يالغۇز سىياسىي جەھەتتىلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر ئابستراكىت ئۇقۇم دەپ چۈشىنىشىمىز

كېرەك. يەنى ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش دېگەنلىك، مەركەزىي دۆلەتتىن بۆلۈنۈپ چىقىپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ... ئەگەر، بىرەر مىللەت بىر پۈتۈن دۆلەت ئىچىدە ئايرىم بىر مىللەت بولۇپ ياشايمەن دەپ ئويلىغىنىدا، ئۇنىڭ رۇسىيەدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت پەقەت ۋە پەقەت بىرلا هوقۇقى بولىدۇ. ... بۇنداق بىر تەلەپنى ئوتتۇرغا قويالمىغان بىر مىللەت، فېدېراتسىيىلىك مۇناسىۋەت قۇرۇش ياكى زېمىن تەلىۋى بولمىغان مەدەنىي ئەركىنلىك دېگەندەك تەلەپلەردە بولۇش هوقۇقى بولمايدۇ. ...

شۇنداق قىلىپ رۇسىيەدىن ئايرىلمىغان، ئېنىغىراق ئېيتقاندا بۆلۈنۈپ چىقىپ كىتەلمىگەن مىللەتلەرنىڭ كەلگۈسى تەغدىرى ئالدىن-ئالا ئېنىق بەلگۈلىۋېتىلگەن ئىدى. دىمەك، بۇنداق ئەهۋالدا قالغان مىللەتلەر ئۆز خاهىشلىرى بويىچە بۈيۈك ئۇرۇس مىللىتى (!) ئىچىدە ئېرىپ يوقۇلۇشقا مەهكۇمدۇر. ئۇنداقتا بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىدىغانلار قانداق قىلىشى كىرەك؟ لېنىننىڭ بۇ هەقتە دىگەنلىرىنىمۇ كادېت پارتىيىسىنىڭ باياناتچىسىغا بەرگەن جاۋابىدىن ئېنىق كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ:

ئۆز تەغدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش هوقۇقى دېگەن باشقا بىر ئىش، ئۆز تەغدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش هوقۇقىدىن پايدىلىنىش دېگەنلىك، يەنى، بىر مىللەتنىڭ بەلگىلىك شارائىتلار ئاستىدا بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىش تەلىۋىدە بولۇشنىڭ توغرا بولۇش-بولماسلىقى تۈپتىن ئوخشىمايدىغان يەنە باشقا بىر ئىشتۇر.

پارتىيىمىز بۇ مەسىلىنى هەرخىل ئەهۋاللارنى بىر پۈتۈنلۈك بويىچە تەهلىل قىلغان هالدا، ئىجتىمائىي ۋەزىيەتنىڭ هەمدە پرولىتارىياتنىڭ سوتسىيالىزم شارائىتى ئاستىدىكى سىنىپىي كۈرەش ئېهتىياجىنىڭ تەلىۋىگە ماسلاشتۇرغان ئاساستا بەلگىلىشى لازىم.

بىز سېلىق دېتېرمىناتسىيىنى، ... ئىقتىسادىي جەهەتتىن پارچىلىنىش ۋە ئۇششاق دۆلەتلەرگە بۆلۈنۈشنى غايە قىلغانلىقى سەۋەبىدىن قوبۇل قىلالمايمىز. بۇنىڭ دەل ئەكسىچە، بىز چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىنىلا ئارزۇ قىلىمىز. ئەمما بۇ ئارزۇمۇ دېموكراتىيە ۋە ئىنتېرناتسيونالىزم پىرىنسىپلىرىغا تولۇق ئۇيغۇن كەلگەن بولىشى لازىم. بۆلەرنىمۇ بۆلۈنۈپ چىقىش هوقۇقى بولماي تۇرۇپ قىياس قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ... پارچىلىنىش، بىزنىڭ

پىلانىمىزدا يوق ئىش. بىز ھەر قانداق بىر تۈردىكى بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىش تەرەپتارى ئەمەسمىز.

بۇلاردىن مەلۇم بولغىنىدەك، لېنىننىڭ "ئۆز تەغدىرىنى ئۆزىلىرى بەلگىلەش ھوقۇقى" دېگىنى ھەرگىزمۇ رۇسىيەدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىش دېگەن مەنىنى بەرمەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. رۇسىيەدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولالىشى ئۈچۈن لازىملىق ئالدىنقى شەرت شۇكى، پرولېتارىياتنىڭ خەلقئارالىق سىنىپى كۈرەش سېپى پارچىلانماسلىغى كېرەك. ئەمما روسىيەدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇش دەيدىغان بۇ ئىشنى ئەمەلىيەتتە قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولىدىغانلىغى ھەققىدە ھېچكىم بىر نىمە بىلمەيتتى. ئاخىرىدا، لېنىن رۇسلاردىن باشقا مىللەتلەرگە مۇنداق ئىككى خىل تاللاش ھەققىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: بۇنىڭ بىرسى، ئەمەلىيەتتە ھەرگىز ئىجرا قىلىشقا بولمايدىغان ۋە لېنىننىڭ ئۆزىمۇ ئىجرا قىلىنىشىنى خالىمايدىغان "رۇسىيەدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بىر دۆلەت قۇرۇش" يولى؛ يەنە بىرسى بولسا، "رۇس مىللىتى ئىچىگە سىڭىپ يوقىلىش" يولى. بۇ ئىككى يولدىن باشقا تاللاشقا بولىدىغان ئۈچىنچى بىر يول يوق ئىدى. بۇ ئىككى يولنىڭ بىرىنچىسى پۈتۈنلەي نەزەرىيىۋى بىر گەپ بولۇپ، قەغەز يۈزىدىلا مەڭگە ئىگە بولۇشتىن باشقا قىلچىمۇ ئەمەلىي قىممىتى يوق قۇرۇق گەپ ئىدى. لېنىن ۋە ئۇنىڭ سەبداشلىرى رۇسلاردىن باشقا مىللەتلەرگە سۇنغان تاللاش يولى پەقەت ئىككىنچى خىلدىكىلا يول ئىدى. يەنى، رۇس مىللىتى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ يوقاپ كېتىشى شەرت ئىدى. ئەمما يوقۇرىدا تەكىتلەنگىنىدەك، لېنىننىڭ بۇ نەزەرىيىسىنى تەپسىلى چۈشىنىدىغان مۇسۇلمان تۈركىي زىيالىيلىرىنىڭ سانى بارماق بىلەن سانىغۇالغىچىلىك دەرىجىدە ئاز ئىدى.

ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى جەريانىدا بولشېۋىكلار سىلىق دېپىرمىناتسىيە پىرىنسىپىنى ئۆز رەقىپلىرىگە ھۇجۇم قىلىشتا كۈچلۈك بىر توخماق قىلىپ پايدىلانغان بولسا، روسلاردىن باشقا مىللەتلەرگە بولسا ئالاھىدە جەلىپ قىلارلىق بىر پىسخولوگىيىلىك يەمچۈك ئورنىدا پايدىلانماقتا ئىدى. لېنىن بىلەن ستالىن بىرلىكتە قول قويۇپ 1917-يىلى 15-نويابىردا ئېلان قىلغان «رۇسىيەدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ھوقۇقى» دىگەن باياناتى، كومۇنىزم بىلەن كومۇنىستلارنى ئېنىق تونۇپ يىتەلمىگەن مىللەتلەرنىڭ زىيالىلار قوشۇنىدىكىلەرنى بەكلا كۈچلۈك جەلىپ قىلىۋالغان ئىدى. بۇ خىتاپنامىدا بولشېۋىكلار ئىنقىلاۋى ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي سىياسەتلىرى ئاساس قىلىدىغان تۆت مۇھىم نوقتىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا ئىدى. بۇ نوقتىلارغا ئاساسەن، رۇسىيەدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دۆلەتنىڭ غوجايىنلىرى دەپ كۆرسىتىلگەن ئىدى. بۇ ئۇقتۇرۇشتا، بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىش ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلىرىنى قۇرۇش ھوقۇقىنىمۇ ئۆز

ئىچىگە ئالغان ھالدا ئۆز تەغدىرىنى ئۆزلىرى ئىختىيارى شەكىلدە بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ كۆرسىتىلگەن؛ مىللىي ۋە دىنىي جەھەتلەردىكى بۇرۇنقى ھەر تۈرلۈك كەمسىتىش مۇئامىلىلەر بىلەن چەكلىمىلەر بىردەك ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇنىڭدەك يەنە ئېتىنىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەركىن تەرەققىياتى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن ئىدى.

بۇ باياناتى ئېلان قىلىنىپ ئارىدىن بەش كۈن ئۆتكەندە، بولشېۋىكلار ھۆكۈمىتى بىۋاستە مۇسۇلمانلار ئاھالىسىگە قارىتىپ ئۇلارنىڭ دىنىي ۋە مىللىي ھېسسىياتلىرىنى ئۆزلىرىگە جەلىپ قىلىشنى مەقسەت قىلغان يەنە بىر باياناتنى ئېلان قىلىدۇ. ئاتېزىم ياكى ئىنتېرناتسىيونالىزمدىن قىلچىمۇ ئىغىز ئاچمىغان بۇ ئىككىنچى باياناتتا "چاررۇسىيە يولغا قويغان بارلىق بېسىم ۋە چەكلىمىلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ، بارلىق مۇسۇلمان خەلقلىرى دىنىي ۋە مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن خالىغانچە شوغۇللىنالايدۇ" دەپ تەكىتلەپ كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، مۇسۇلمان خەلقلىرىدىن بولشېۋىكلار ئىنقىلاۋىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەشلىرى تەلەپ قىلىنغان ئىدى. ئۆزىمۇ بىر گرۇزىن بولغان ستالىن، ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى بىلەن بىرگە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىچكى ئۇرۇشتا رەقىپلىرىنى يېڭىپ چىقىش ۋە رۇسىيىدە كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتنى تىكلىۋېلىش ئۈچۈن رۇس بولمىغان مىللەتلەر ئىچىدىن چىققان يەرلىك ئىلغار كۈچلەرگە بەكلا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. ستالىننىڭ قارىشى بويىچە، بۇ تۈردىكى كىشىلەر بۇرجۇئازلار ئىچىدىن ياكى كۈچلۈك مىللەتچىلىك ئىدىيىسىگە ئىگە بولغان كىشىلەر ئارىسىدىن چىققان بولۇشىنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق ئىدى. نىملا بولسا بولسۇن، بۇ تۈردىكى يەرلىك ئىلغار كىشىلەردىن پايدىلىنىشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يېتەكچى ئورۇندىكى ئادەملىرىگە كوممۇنىزم ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغۇزۇش لازىم ئىدى. ئەنە شۇنداق مەقسەت بىلەن، بۇ باياناتلار ئېلان قىلىنىپ بىرەر ئايمۇ ۋاقىت ئۆتمەي، يەنى نويابىر ئېيىدا، ستالىن مىللىي ئىشلار كوممۇسسارىياتى (ناركومناتس، نارودنىي كومىسسارىيات پو دېلام ناتسىونال نوستېرى. كومىسسارلىق، كوممۇنىستلار ھاكىمىيىتىدە مىنىستىرلىك ئورنىدىكى بىر ئورگان. — ئا. ھ. ئىزاھاتى) نى قۇردۇرۇپ، بۇ كومىسسارلىقنى بىۋاستە ئۆزىگە قارايدىغان بىر ئورگانغا ئايلاندۇرىدۇ. بۇ كومىسسارلىق، كېيىنكى ۋاقىتلاردا سوۋېت دائىرىلىرى بىلەن ئۇرۇس بولمىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە مەسئۇل بولىدىغان باشقا مىللەت خەلقلىرى بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدىغان بىر ئورگان ھالىتىگە كەلتۈرىلىدۇ. ئالى كومىسسارلىق تەۋەسىدە يەھۇدىيلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئۇرۇس بولمىغان بارلىق مىللەتلەر ئۈچۈن ئايرىم-ئايرىم تارماق كومىسسارلىقلار تەسىس قىلىنىدۇ. ناركومناتسقا قارايدىغان ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ كۈچلۈك تارماق — مەركەزى مۇسۇلمان ئىشلىرى كومىسسارلىقى، يەنى مۇسكوم بۆلۈمى بولۇپ، بۇ بۆلۈم رۇسىيىدىكى بارلىق مۇسۇلمان خەلقلىرىگە دائىر ئىشلارغا

مەسئۇل ئىدى. مۇسكوم رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا بولشېۋىكلار ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغان تۈركىي نەسىللىك ئۈچ كىشى مەسئول قىلىپ تەيىنلەنگەن ئىدى. بۇ ئۈچ كىشىدىن بىرسى باشقىرتلاردىن بولغان شېرىپ ماناتوۋ بولۇپ، قالغان ئىككىسى تاتار تۈركىلىرىدىن كەلگەن موللانۇر ۋاھىتوۋ بىلەن گالىمجان ئىبراھىموۋ ئىدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ناركومناتس، ئۇرۇس بولمىغان مىللەتلەرنىڭ مەمورى، مالىيە ۋە ھەربىي ئىشلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بارلىق ئىشلارنى ئۆز ئىزگىنىدە تۇتۇپ باشقۇرىدىغان كۈچلۈك بىر ئورگان ھالىغا كەلتۈرىلىدۇ. مۇنداقىسىغا ئالغاندا بۇ ئورگان دۆلەت ئىچىدىكى بىر دۆلەتنەك ھوقۇققا ئىگە بىر ئورگان ھالىغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى. بۇ ئورگان، لېنىن ئۆلگەندىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى داھىلىق تالىشىش ئىشلىرىدا ستالىن ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ياردەمچى كۈچكە ئايلاندۇرۇلغان ئىدى.

مۇسۇلمان تۈركىي رەھبەرلىرىنىڭ بولشېۋىكلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىشىگە سەۋەپ بولغان ئامىللار ئىچىدە قىزىللار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئاق ئۇرۇس گېنىراللىرىنىڭ باشقا مىللەتلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىلىرىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتماقتا ئىدى. بۇ گېنىراللار ئەگەر قىزىللار ئۈستىدىن غەلىبە قازىنالىغىنىدا، رۇسىيە پادىشالىغىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشىدىغانلىقىنى، ياكى ھېچ بولمىغاندا ئۇرۇس شوۋېنىزمى ئاساسىدا قۇرۇلىدىغان بىر تۈزۈمنى تىكلەيدىغانلىقىنى مەقسەت قىلىشقان بولۇپ، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق ياكى ئاپتونومىيە دەيدىغان تەلەپلىرىگە قەتئىي يول قويۇشمايدىغانلىقلىرىنى ھەر ۋاقىت تەكىتلەپ كەلمەكتە ئىدى. ئەگەر ئاقلار غەلىبە قىلىپ قالغىدەك بولغىنىدا ھەممە نەرسە ئۆزگەرمەي بۇرۇنقى ھالىتىدە قالىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەشكەن يەرلىك يېتەكچىلەرنىڭ بىر قىسمى، يوقۇرىدا تەكىتلەنگەن سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن قىزىللار تەرىپىگە ئۆتۈپ ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىش يولىنى تاللىۋېلىشقان ئىدى.

ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى پارتلىشى بىلەن تەڭ، چاررۇسىيە تەۋەسىدىكى بارلىق مۇسۇلمان تۈركىي خەلقلەر رايونىدا مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى پارتلاشقا باشلايدۇ. باشقىرتلار 15-نويابىردا ئاپتونومىيە قۇرغانلىقىنى ئېلان قىلىشىدۇ. بۇنىڭ كەينىدىنلا، يەنى 27-نويابىر كۈنىسى (كونا ئۇرۇس كالىندارى بويىچە 13-دىكابىر. — ئا. ھ. ئىزاھاتى) قوقان ئاپتونومىيىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىنىدۇ. دىكابىر ئېيىدا تۈركىستاننىڭ قازاقىستان تەۋەسىدە ئالاش-ئوردا ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئۇلۇشۇپلا ئىدىل-ئۇرال تەۋەسىدە، ئەزەربەيجاندا ۋە قىرىمدا بۇ تۈردىكى ئىشلار كۈن تەرتىپكە قويۇلىدۇ. بەكلا قىسقا ئۆمۈرلۈك قوقان ھۆكۈمىتىدىن باشقىلىرى خېلى ۋاقىتلارغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما سوۋېت دائىرىلىرى، بولۇپمۇ ستالىن، بۇ جايلاردا بارلىققا كەلگەن بارلىق "مىللىي ھەيئەت" لەرنى مەركەزدىن ئايرىلىشقا ئۇرۇنغان "بۇرجۇئا

ئاپتونومىيىچى گۇرۇھلار" دەپ قاراپ، بۇ تۈردىكى ھەرىكەتلەرگە قەتئىي يول قويمايدىغانلىقىنى بىلدۈردۇ. شۇنداق بولسىمۇ بارلىق ھوقۇقنى ئىشچىلار سىنىپى بىلەن دېھقانلارغا تاپشۇرغان ئاپتونومىيىلەرگە يەنىلا رۇخسەت بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردۇ. بۇنداق بىر ئاپتونومىيە ــ پۈتۈنلەي كومۇنىستىك پارتىيىنىڭ تىزگىنلىشى ئاستىدا تۇرىدىغان سوۋېت خاراكتېرىنى ئالىدىغان بىر ئاپتونومىيە دېگەنلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇخىل كۆزقارىشى 1918-يىلى ماي ئايلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىغا قارىماي، بۇ ئىشلار خېلى كېيىنكى ۋاقىتلاردىلا ئاندىن ئىجرا قىلىندۇ. ھالبۇكى، ئۇ ۋاقىتلاردا رۇسىيىدە پۈتۈن سەپلەر بويىچە ئىچكى ئۇرۇش داۋام قىلىنىۋاتقان بولغاچقا، ئۇ كۈنلەردە، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئۆزلىرىنى ھىمايە قىلىش ئېھتىمالى بولىدىغان ھەرقانداق بىر كۈچنى ئىتتىپاقدىشى دەپ ھىساپلاپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىۋاتقان ۋاقىتلار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كومۇنىستىك پارتىيە يېتەكچىلىرى ستالىننىڭ "بۇرجۇئازىيە ئاپتونومىيىلىرى" دەپ كۆرسەتكەن بۇ ھۆكۈمەتلەرنى دەرھال باستۇرىۋەتمەي، پۇرسەت يار بەرگىنىدە ئۇلارنى كومۇنىستلاشتۇرۇشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىپ، بولشېۋىكلارنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايدىغانلارغا قارىتا ئۇ كۈنلەردە يۇمشاق مۇئامىلە قىلىپ تۇرۇشقا تىرىشقان ئىدى.

# ئىنقىلاپ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە تۈركىستان ۋەزىيىتى

يىگىرمىنچى ئەسىرگە قەدەم تاشلىنىۋاتقان كۈنلەردە، تۈركىستان تەۋەسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چاررۇسىيە تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان بىر ۋەزىيەتتە ئىدى (خەرىتە-1 گە قارالسۇن. ــ ئا. ھ. ئىزاھاتى). بۈيۈك تۈركىستاننىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان بۇخارا ۋە خىۋە خانلىقلىرى ئىچكى ئىشلاردا ئەركىن، ئەمما تاشقى ئىشلاردا رۇسىيىگە باغلىنىپ تۇرىۋاتقان بېقىندى بىر دۆلەتكە ئايلاندۇرۇلغان ئىدى. ئۇرۇسلار ئىگەللىۋالغان يەرلەرنى تۈركىستان باش گوبېرنىيىسى بىلەن دالا (ستېپ) باش گوبېرنىيىسى دېگەن ئىككى مەمۇرى رايونغا بۆلۈپ باشقۇرماقتا ئىدى. تۈركىستان گوبېرنىيىسى بولسا سىر دەريا ۋادىسى، پەرغانە، سەمەرقەند، سەمىرەچى (يەتتىسۇ) ۋە كاسپى سىرتىدا قالغان جايلار (ترانسكاسپيا) قاتارىدىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، دالا گوبېرنىيىسى بولسا ئاقمولىنسك (ئاقموللا، بۈگۈنكى قازاقىستان پايتەختى ئاستانا ــ ئۇ.ت) بىلەن سەمىپالاتىنسك رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. تاشكەنت شەھىرى بولسا بۇ ئىككى گوبېرنىيىنىڭ مەركىزى قىلىپ بېكىتىلگەن ئىدى. بۈيۈك تۈركىستانغا تەۋە

بولغان تورغاي بىلەن ئۇرال رايونلىرى بولسا دالا گوبېرناتورلىغىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇپ، ئۇ يەرنى رۇسىيە ئىچكى ئىشلار مەھكىمىسىگە بىۋاستە قارايدىغان يەر قىلىشقان ئىدى. بۇ تۈردىكى مەمۇرى ئورگان تۈزۈلىشى 1917-يىلقى بولشېۋىكلار ئىنقىلاۋىغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن ئىدى. سوۋېت تەرەپ بۇ رايونلارنى پۈتۈنلەي بېسىۋېلىپ بۇخارا بىلەن خىۋە دۆلەتلىرىنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قوشىۋالغىنىدىن كېيىن، تۈركىستان تېرىتورىيىسىنى قايتىدىن پارچىلاپ، تا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان سىياسىي رايونلارنى شەكىللەندۈردى.

كېرېنسكى يېتەكچىلىكىدە كادېت، ئېس-ئار ۋە سوتسىيال دىموكراتچىلار بىرلىشىپ قوزغىغان 1917-يىلقى فېۋرال ئىنقىلاۋىدا چارروسىيە تەۋەسىدە ياشايدىغان بارلىق مىللەتلەر رۇسىيە تەۋەسىدە تۆپ يىلتىزىدىن بىر ئۆزگىرىش بارلىققا كېلىدىغان بولدى دەپ قارىشىپ ئۇلاردىن بەكلا زور ئۈمىدلەرنى كۈتكەن ئىدى. بۇ چاغدا ئىمپېرىيىنىڭ بارلىق بولۇڭ پۇچقاقلىرىدا نەچچە ئەسىردىن بېرى ھۆكۈم سۈرۈپ كېلىۋاتقان ئېزىش ۋە زۇلۇم سىلىش سىياسىتىگە ئەندى خاتىمە بېرىلىدىغان بولدى دېگەن بىر ئۈمىد ھەممە يەرگە يېيىلغان ئىدى. بۇ قوزغىلاڭ خەۋىرى تاشكەنتكە يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ، تۈركىستان گوبېرناتورى گېنىرال كۇروپاتكىن بارلىق قۇراللىق كۈچى بىلەن بىرگە كېرېنسكى ھۆكۈمىتىگە بوي سۇنىدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك يەنە، بۇ جايلاردا يېڭى ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلىدىغان ھەرقانداق بىر ئىسيانىنى قىلچە رەھىم قىلماي قەتئىي تۈردە باستۇرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ھۆكۈمەت، مارت ئېيىدا ئېلان قىلغان بىر بەلگىلىمىگە ئاساسەن چارروسىيە دەۋرىدىكى گوبېرنىيىنىڭ بارلىق مەمۇرى ئورگانلىرىنى پۈتۈنلەي تاقىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت كومىتېتلىرىنى مەسئول قىلىپ تىكلەش قارارىنى ئالدى. بۇ قارارغا ئاساسەن تۈركىستان تەۋەسىدىكى ھۆكۈمەت مەھكىمىسى شچېپكىن باشچىلىغىدىكى 9 كىشىلىك بىر كومىتېتقا بارلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. دالا (ستېپ) گوبىرنىيە تەۋەسى بولسا پۈتۈنلەي مەركەزى ھۆكۈمەتكە قارايدىغان قىلىنىدۇ (شچېپكىن رەئىسلىگىدىكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرى پرېوبراجېنسكى، زىيا پوۋسكى، شكاپسكى، ئېلپاتوۋسكى، گېنىرال دەۋلەتشىن، سادىر مەقسۇدىي، مۇھەمماتجان تىنىشباي ۋە ئەلىخان بۆكەيخان ئوغلى قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان — ئا. ھ. ئىزاھاتى). ئاپرىل ئېيىدا چاقىرىلغان تۇنجى نۆۋەتلىك ئىشچى-دېھقانلار قۇرۇلتىيى شچېپكىننى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا نالىۋكىننى ھۆكۈمەت رەئىسلىكىگە تەيىنلەيدۇ.

فېۋرال ئىنقىلاۋىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ئاز-تولا ئەركىن نەپەس ئالغىلى بولىدىغان سىياسىي مۇھىت، تۈركىستانلىقلار ئىچىدىكى سىياسىي ئېقىملارنىڭ ھەرىكىتىنمۇ تېزلىتىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. تۈركىستانلىق ئىلغارلار،

تۈركىستاندىكى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ۋەقەلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش مەقسىتىدە مارت ئېيىدا يىغىلىپ، كۆپ سانلىق ئەزالىرى جەدىتچىلەردىن تەشكىل تاپقان ئىسلام پارتىيىسى (شۇراسى) نى قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ شۇرانىڭ باش سېكرېتارلىغىنى تۈركىستان جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بىرى بولغان مۇنەۋۋەر قارى ئۈستىگە ئالىدۇ. يېڭى قۇرۇلغان بۇ ئىسلام شۇراسى، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ تۈركىستان تەۋەسىدە بىر ئۇمۇمى قۇرۇلتاي چاقىرىش قارارىنى ئېلىشىدۇ. قۇرۇلتاي چاقىرىش تەييارلىقلىرى پۈتكەندە، يەنى 1917 ـ يىلى 17 ـ ئافرېل كۈنىسى تاشكەنت شەھرىدە 440 نەپەر ۋەكىل قاتناشقان تۇنجى قېتىملىق تۈركىستان مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيى چاقىرىلىدۇ. بۇ قۇرۇلتايدا «رۇسىيىدىكى كەلگۈسى ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە تۈركىستاننىڭ بۇ تۈزۈم ئىچىدىكى ئورنى»، «ئۇرۇس كۆچمەنلىرىگە بۆلۈپ بېرىلگەن يەرلەرنىڭ ئەھۋالى» دىگەندەك بىرقانچە تېمىنى مەزمۇن قىلغان ھالدا مۇزاكىرىلەر ئۇيۇشتۇرىلىدۇ. قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ ھەممىسى جەدىتچىلىكنى ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان بولماستىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە دىنىي رەھبەرلەرنى ھىمايە قىلىدىغان كونسېرۋاتىپ كىشىلەرمۇ خېلى كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى. شۇ سەۋەپتىن قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىللەردىن ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار ئاساسىدا بىر قانچە خىل گۇرۇھلار بارلىققا كېلىدۇ. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينى تۈركىستاندىكى بارلىق ئىدىيىۋىي ئېقىملارنى بىر يەرگە كەلتۈرەلىگەن تۈركىستان تارىخىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋەقە دەپ قارىغان قانۇنشۇناس ئۇبەيدۇللا غوجا، ئىسلام شۇراسىدىكى جەدىتچىلەر بىلەن تېخى رەسمىي بىر تەشكىل بولۇپ ئۇيۇشۇشقا ئۈلگىرەلمىگەن مۇتەئەسسىپلەرنى ئورتاق بىر پىكىرگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تۈركىستاندا بىر "مىللىي مەركەز" تەشكىل قىلىش زۆرۈر دىگەن تەكلىپنى ئورتىغا قويىدۇ. بۇ تەكلىپ قۇرۇلتايدا ماقۇللىنىپ، مۇستاپا چوقاي ئوغلى رەئىسلىكىدە «تۈركىستان مۇسۇلمانلار مەركەزى شۇراسى» تەشكىل قىلىنىدۇ. بۇ شۇراغا مەھمۇد غوجا بەھبۇدى، ئۇبەيدۇللا غوجا، ئابىدجان مەھمۇت، شاھ ئەخمەت شاھ ئىسلام، مىر ئادىل ۋە مۇپتى سەدرىدىن خان قاتارىدىكى تۈركىستانلىق داڭلىق زاتلارمۇ قاتناشقان ئىدى. كېيىنكى يىللاردا قۇرۇلىدىغان باشقىردىستان ئاپتونومىيىسىنىڭ يېتەكچىلىرىدىن ئەخمەت زەكى ۋەلىدىمۇ بۇ مەركەزدە كاتىپلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن ئىدى. تۈركىستان مۇسۇلمانلار مەركەزى شۇراسى، قۇرۇلغان كۈنىدىن باشلاپ خەلق ئارىسىدا "مىللىي مەركەز" دىگەن نام بىلەن تونۇلىدۇ (بۇ شۇرانىڭ ئەزالىرى ئۇبەيدۇللا غوجا، ئەسەدۇللا غوجا، ئابىتجان مەخمۇت، مىر ئادىل، شاھ ئەخمەت شاھ ئىسلام، مەخمۇت غوجا بەھبۇدى ۋە مۇپتى سەدرىدىن خان قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان ئىدى. مىللىي مەركەزنىڭ ھەرقايىسى جايلاردىكى تەشكىلىنىش ئىشلىرىغا ۋاستىچى قىلىپ پەرغانىغا ناسىرخان تۆرە، سەمەرقەنتكە مەخمۇت غوجا بەھبۇدى، ئەزەر دېڭىزى سىرتىدىكى جايلارغا

ئوراز سەردار، سىر دەرياسى رايونىغا شاھ ئىسلام ۋە يەتتىسۇ رايونىغا تىنىشبايېۋ مەسئول قىلىنغان. — ئا. ھ. ئىزاھاتى).

بۇ كۈنلەردە، كېرېنسكى ھۆكۈمىتى خەلقنىڭ ئۇلاردىن كۈتكەن ئۈمىدىنى يەردە قويۇپ، رۇسىيە تەۋەسىدە مۇقىملىقنى ساقلىيالىغىدەك تۈزۈكرەك بىر ھۆكۈمەت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى تەشكىللىيەلمەيدۇ. شۇڭا، پۈتكۈل رۇسىيە تەۋەسىدە مەركەز بىلەن يەرلىك ھۆكۈمەت ئارىسىدا ئېغىر دەرىجىدە بوشلۇقلار ساقلانماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇستىن باشقا مىللەتلەر ئۆز تەۋەسىدە ھۆكۈمەت تەركىۋىدە تېگىشلىك ئورۇنغا ئېرىشىش ئۈمىدلىرىمۇ يوققا چىققان ئىدى. چاررۇسىيە دەۋرىدىن قالغان رۇس شوۋىنىزىمى پۈتۈن ساھەلەر بويىچە تېخىمۇ كۈچەيتىلىپ داۋاملاشماقتا ئىدى. تۈركىستاننى باشقۇرۇش ئۈچۈن تەيىنلەنگەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت كومىتېتى تەركىۋىدىمۇ ئېغىر ئىچكى توقۇنۇشلار كۆرۈلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تاشكەنتتە قۇرۇلغان ئىشچى-ئەسكەر ۋە دېھقانلار سوۋېتىمۇ ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ ھۆكۈمەت تەرەپ بىلەن دۈشمەنلىشىش ھالىتىدە تۇرماقتا ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن مىللىي مەركەز تەركىۋىدە يېتەرلىك ئورۇنغا ئىگە بولالمىغانلىقنى باھانە قىلىشقان تۈركىستانلىق مۇتەئەسسىپ كۈچلەر 6-ئايدا بىر يەرگە يىغىلىپ شىر ئەلى لاپىن يېتەكچىلىكىدىكى «ئۇلىمالار جەمىيىتى» نامىدا بىر تەشكىلات قۇرۇپ چىقىدۇ. نەتىجىدە، 1917-يىلىنىڭ ياز ئايلىرىغا كەلگىچە بولغان ئارىلىقتا تۈركىستان تەۋەسىدە مەركەزى ھۆكۈمەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت كومىتېتى، ئۇرۇس ئىشچىلىرى بىلەن ئۇرۇس ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئىشچى-ئەسكەر ۋە دېھقانلار سوۋېتى، تۈركىستانلىق جەدىتچىلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئىسلام شۇراسى ۋە شەرىئەت تەرەپتارلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئۇلىمالار جەمىيىتى قاتارلىق تۆت مۇستەقىل ئورگان بىرلىكتە مەۋجۇت بولىۋاتقان بىر ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە جەدىتچىلەر بىلەن مۇتەئەسسىپچىلارنىڭ ئورتاق ۋەكىلى دەپ قارالغان "مىللىي مەركەز" مۇ بار ئىدى. 1917-يىلى ئاۋغۇست ئايلىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن تاشكەنت شەھەرلىك ھۆكۈمەت سايلىمى تۈركىستانلىق گۇرۇھلار ئوتتۇرسىدىكى بۆلۈنۈشنى تېخىمۇ ئوچۇق ئوتتۇرىغا چىقىرىپ بەرگەن ئىدى. ئولىمالار جەمىيىتى ئۇرۇسلارنىڭ ئوك قانىتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ پۈتۈن ئاۋازنىڭ يۈزدە 60 قىسمىغا ئېرىشىۋېلىش نەتىجىسىدە لىكوشىن شەھەر باشلىقى بولۇپ سايلىنىدۇ. بۇلارغا نىسبەتەن قالغان ئاۋازنىڭ يۈزدە 25 قىسمىنى ئېس-ئارچىلار ئالغان بولسا، جەدىتچىلەر ئاران يۈزدە 10 ئاۋازغا ئېرىشىدۇ. بۇ قېتىمقى سايلام نەتىجىسى، تۈركىستانلىق لىبىرالىستلارغا بەكلا ئېغىر زەربە بولىدۇ.

(رەسىم ئورنى)

ئۇبەيدۇللا غوجا، 1920-يىللىرى

شۇ يىلى سىنتەبىردە تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق قۇرۇلتىيى چاقىرىلىدۇ. رۇسىيىدە ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىگە قارىماي، تۈركىستاندىكى ئۇرۇسلار ھاكىمىيەتنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن جان-جەھلى بىلەن تىركىششى، بۇمۇ ئازلىق قىلىپ كېرېنسكى ھۆكۈمىتىنىڭمۇ ئۇلارنى قوللاپ قۇۋۋەتلەپ بېرىشى، تۈركىستانلىقلارنى رۇسىيە دېموكراتىيىسىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەندۈرىۋېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ تۈركىستانلىقلار ئارىسىدا "رۇسىيىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ ئۆز تەغدىرىمىزنى ئۆزىمىز ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك" دەيدىغان كۆز قاراشتىكىلەرنىڭ سانى كۆپىيىشكە باشلايدۇ. تۈركىستانلىق يەرلىك يىتەكچىلەر ئاپتونومىيىلىك بىر تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تەشكىللەش ئارقىلىق بۇ ۋەتەندە رۇسىيە قانۇنلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققىدە مۇنازىرە قوزغايدۇ. مۇنازىرىدە كونسىرىۋاتىپلار ئۇستۈنلۈكتە بولغاچقا، يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان ئاپتونومىيىدە ھۆكۈمەت شەكلى شەرىئەت پىرىنسىپلىرى ئاساسىدا قۇرۇلۇشى، شەرىئەت سوت مەھكىمىلىرىنى كۈچەيتىش تەلىۋى ئوتتۇرغا قويۇلىدۇ. دۆلەت ئىقتىسادىنى رۇسىيىگە بېقىنمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈش، كىشىگە تېرىش بىلەن دۆلەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن بۇغداي تېرىشقىمۇ كاپالەتلىك قىلىش دېگەن مەزمۇنلار تالاش-تارتىش قىلىنىدۇ (بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا پاختىغا بولغان تەلەپ ئارتىپ كەتكەچكە، تۈركىستاندىكى ئېتىزلىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا كىشىگە تېرىش مەجبورىيىتى يولغا قويۇلغان ئىدى. — ئا. ھ. ئىزاھاتى). بۇ قۇرۇلتايدا، رۇسىيە پارلامېنتىدا تۈركىستانلىقلارغا 35 كىشىلىك ۋەكىل ئورنى ئايرىلغانلىقى ھەققىدىكى مەركەزى ھۆكۈمەت قارارى ماقۇللىنىپ، تۈركىستان بويىچە ئومۇمي سايلام ئۆتكۈزۈش قارارى ئېلىنىدۇ. قۇرۇلتاي يەنە تۈركىستانلىقلارنىڭ تەلىۋىنى ھۆكۈمەت باش مىنىستىرى كېرېنسكىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن مۇستاپا چوقاي ئوغلى، ناربۇتابېك، پولاتجان ۋە شاھ ئىسلاملاردىن تەشكىل تاپقان بىر ھەيئەت قۇرۇلىدۇ. بۇ ھەيئەت كېچىكتۈرمەي دەرھال رۇسىيىگە قاراپ يولغا چىقىپ، پېتربۇرگدا كېرېنسكى بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئەمما كېرېنسكى بۇ ۋەكىللەرگە كەسكىن قىلىپ مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ:

تۈركىستاندا رۇسىيىگە قارشى بىرەر توپىلاڭ چىقىدىغاندەك قىلىدۇ دەيدىغان گەپ-سۆزلەرگە ئۈنچە بەك ئىشىنىپ كەتمىدىم. ئەگەر راستىنلا شۇنداق بىرەر ۋەقە يۈز بەرگىدەك قىلسا قىلچە رەھىم قىلىنماي ئەڭ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ باستۇرىلىدۇ.

بۇ ئارىدا، تۈركىستان تەۋەسىدىكى ئۇرۇسلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇشلارمۇ بارغانسېرى كۈچىيىپ بارماقتا ئىدى. سىنتەبىر ئېيىغا كەلگەندە تاشكەنتتىكى ئۇرۇس بولشېۋىكلىرى نالىۋكىن رەئىسلىكىدىكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە قارشى بىر قېتىملىق قوراللىق سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىغان بولسىمۇ غەلىبە قازىنالمىغان ئىدى. ئەمما ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسى ھەمدە پېتىربورگدا ھاكىمىيەتنىڭ بولشېۋىكلەر قولىغا ئۆتىشى، تاشكەنتتىكى بولشىۋىكلارنىمۇ زور دەرىجىدە جاسارەتلەندۈرۈپ كۈچەيتىۋەتتىدۇ. تاشكەنت گازارمىسىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى يېڭى ھۆكۈمەت تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. تۆت كۈن داۋام قىلغان ئۇرۇش نەتىجىسىدە، 11 ـ نويابىر كۈنىسى بولشېۋىكلار تۈركىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئۆمىكى جايلاشقان بىنانى ئىشغال قىلىۋالىدۇ. كولېسوۋ، توبولىن ۋە ئۇسپېنسكى رەھبەرلىكىدە تەشكىللەنگەن «ئىنقىلاۋىي كومىتېت» تاشكەنتنىڭ ھوقۇقىنى تارتىپ ئالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزەلىگىدەك ئىقتىدارغا ئىگە خادىملار يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇڭا، ئۇلار سوتسىيال دېموكراتچىلار بىلەن، يەنى مېنشېۋىك ۋە ئېس ـ ئارچىلار بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. نويابىر ئېيىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا چاقىرىلغان سوۋېت قۇرۇلتىيى، تۈركىستاندا سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىشىدۇ. بۇ قۇرۇلتاي ئالغان قارارغا ئاساسەن 21 كىشىلىك تۈركىستان خەلق كومىسسارىياتى (تۈركسوۋناركوم ــ ئا. ھ. ئىزاھاتى) تەشكىل قىلىنىدۇ. كومىسسارلارنىڭ 5 نەپىرى كوممۇنىستلاردىن، 2 نەپىرى سوتسىيال دېموكراتچىلاردىن ۋە 8 نەپىرى سوتسىيال رېۋولوتسىيىچىلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ قۇرۇلتاي يەنە، تۈركىستاندا قۇرۇلىدىغان ھۆكۈمەت تەركىۋىدە بىرمۇ يەرلىك خەلق (تۈركىستانلىقلارنى كۆزدە تۇتماقتا ــ ئا. ھ. ئىزاھاتى) ۋەكىلى بولماسلىقى كېرەك دېگەن بىر قارار ماقۇللايدۇ.

يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەلەر تۈركىستانلىقلار ئارىسىدا قاتتىق نارازىلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ. شىر ئەلى لاپىن يېتەكچىلىكىدىكى ئۇلىمالار جەمىيىتى تاشكەنتتە 515 نەپەر ۋەكىل قاتناشقان بىر قېتىملىق مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيى چاقىرىپ، ھاكىمىيەت تۈركىستانلىقلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلسۇن دېگەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىشىدۇ. لاپىن، تاشكەنت سوۋېت مەسئۇللىرىغا ئۇرۇسلار بىلەن مۇسۇلمانلار تەڭ مىقتاردا ۋەكىل قاتناشتۇرىدىغان بىر بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىش تەكلىۋىنى سۇنىدۇ. كولېسوۋ ئۇلارغا "يەرلىك خەلقلەر ئىچىدە پرولېتارىيات سىنىپى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، يەرلىكلەرنىڭ ھۆكۈمەت تەركىۋىگە كىرىشىنى قوبۇل قىلالمايمىز" دېگەن جاۋاپنى بېرىدۇ. بۇ تەلەپكە تاشكەنت سوۋېتىنىڭ رەت قىلىش جاۋابى كەلگەندىن كېيىن، تۈركىستانلىق جەدىتچىلار بىلەن كونسېرۋاتىپچىلار ئوتتۇرىسىدا مەجبورى بولسىمۇ بىر ھەمكارلىشىش پۇرسىتى تۇغۇلىدۇ. مىللىي مەركەز بىلەن ئۇلىمالار جەمىيىتى بىر

يەرگە كېلىپ، ئاخىرى قوقان مۇختارىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىش بىلەن نەتىجىلىنىدىغان ئۇرتاق پائالىيەتلىرىنى باشلىۋېتىدۇ.

# مىللىي ئاپتونومىيىلىك ھۆكۈمەتلەر:

## قوقان مۇختارىيىتى

تاشكەنتتىكى ھۆكۈمەتكە قاتنىششىنى تەلەپ قىلىپ سۇنغان تەكلىۋى رەت قىلىنغان ئۇلىمالار تەشكىلاتى، مەجبۇرى ھالدا مۇستاپا چوقاي ئوغلى يېتەكچىلىكىدىكى مىللىي مەركەزدىكىلەر بىلەن ھەمكارلىششىش يولىغا كىرىدۇ. بۇ ئىككى تەشكىلات بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىپ قوقان شەھىرىدە تۆتىنچى قېتىملىق مۇسۇلمانلار ئورتا ئاسىيا قۇرۇلتىيى چاقىرىش قارارى ئېلىشىدۇ. 1917ـ يىلى 25ـ نويابىردا 208 نەپەر ۋەكىل قاتنىششى بىلەن چاقىرىلغان قۇرۇلتاي، 36 نەپەر مۇسۇلمان ۋە 18 نەپەر ئۇرۇس ۋەكىلدىن تەشكىل تاپقان بىر ئىجرائىيە قۇرۇلتىيى سايلاپ چىقىدۇ. ئاندىن دەرھال 12 كىشىلىك بىر ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەشكىللەپ، 27ـ يانىۋار كۈنىسى تۈركىستان مۇختارىيىتى (ئاپتونومىيىسى) نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ.

27ـ نويابىر كۈنىسى ئېلان قىلىنغان مۇختارىيەت ئۇختۇرۇشىدا، رۇسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ فېدىراتىپ بىر جۇمھۇرىيەت بولىشىغا قارشى ئەمەسلىكىنى، ئەمما تۈركىستان ئۈچۈن تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىدىغانلىقى ئۇختۇرۇلىدۇ. بۇ مۇختارىيەتنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزىشىنى ماقۇللايدىغان بىردىن بىر ھوقۇقلۇق ئورگان تۈركىستان ئىجرائىيە قۇرۇلتىيىدۇر دەپ بېكىتىلگەن ئىدى. بۇ خىتاپنامىدا يەنە تۈركىستاندا ياشاۋاتقان ئاز سانلىق مىللەتلەر ھوقۇقىنى قوغدايدىغانلىقى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىلگەن ئىدى. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تۈركىستانلىق قازاقلاردىن تىنىشباي تەيىنلىنىدۇ (ئاپتونومىيە خىتاپنامىسىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ئۈچۈن «ھۆججەتلەر» قىسمىغا قارالسۇن. قوقان ھۆكۈمىتى تۆۋەندىكى ئەزالاردىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى: جۇمھۇر رەئىسى ۋە ئىچكى ئىشلار نازىرى: مۇھەممەت تىنىشباي؛ مۇئاۋىن رەئىسى: شاھ ئەخمەت شاھ ئىسلام؛ دۆلەت مۇداپىيەسى ۋە بىخەتەرلىك نازىرى: ئۇبەيدۇللا غوجا ئەسەدۇللا غوجا ئوغلى ـــ كېيىن مۇئاۋىن رەئىس بولىدۇ؛ يېزائىگىلىك نازىرى: ھىدايەت يۈرگۈلئاغا؛ سەھىيە نازىرى: مىر ئادىل؛ مائارىپ نازىرى: ناسىرخان تۆرە؛ يېمەكلىكلەر نازىرى: ئابىتجان مەخمۇت؛ مالىيە نازىرى: سالومون ھەرزفېلد ـــ كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا شاھ ئىسلام تەيىنلىنىدۇ؛ تاشقى ئىشلار نازىرى: مۇستاپا چوقاي ئوغلى. ـــ ئا. ھ. ئىزاھاتى).

بۇ ۋەزىيەتتىن قىزىللار پەقەتلا رازى ئەمەس ئىدى. دەرۋەقە، ئەگەر قوقان مۇختارىيىتى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزەلىگىنىدە، تۈركىستان تەۋەسىدە سوۋېت ھاكىمىيىتىگە ئېھتىياج بارمۇ-يوق دېگەن سوئال ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇقەررەر ئىدى. شۇ سەۋەپتىن بۇ ئاپتونومىيىنى دەرھال ئاغدۇرۇپ تاشلاش شەرت ئىدى. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن تاشكەنت سوۋېتىنىڭ يېتەرلىك مىقتاردا قۇراللىق كۈچى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە موسكۋا بىلەن تاشكەنت ئوتتۇرىسىدىكى يوللار ئورۇس كازاكلىرىنىڭ ئاتامانى گېنېرال دۇتوۋ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئۈزۈۋېتىلگەن ئىدى. بۇ ئارىدا تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن قوقان ھۆكۈمىتىنى قەتئىي ھىمايە قىلىش ھەققىدىكى خەۋەرلەر كەينى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى.

(رەسىم ئورنى)
قوقان شەھىرىدە قۇرۇلغان تۈركىستان مىللىي ھۆكۈمىتىنى ھىمايە قىلىش كاتتا يىغىنى، تاشكەنت 1917-يىلى 13-دېكابىر

(رەسىم ئورنى)
تۈركىستان مىللىي ھۆكۈمىتىنى ھىمايە قىلىش نامايىشى، تاشكەنت. 1917-يىلى 13-دېكابىر

قوقان ھۆكۈمىتى موسكۋاغا خەۋەر يوللاپ، ئۆزلىرىنى "تۈركىستان تەۋەسىدىكى بىردىن-بىر قانۇنلۇق ھۆكۈمەت ئورگىنى" دەپ ئېتىراپ قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ستالىن بۇ تەلەپكە قەتئىي قارشى چىقىپ، "خەلق تەرىپىدىن سايلانغان سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ بىردىن-بىر قانۇنى ھۆكۈمەت بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق بىر ئورگان بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقى" نى بىلدۈرىدىغان جاۋاپ يوللايدۇ. موسكۇۋادىن بۇنداق بىر جاۋاپ ئالغان قوقان ھۆكۈمىتى، 1918-يىلى يانۋار ئېيىدا ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى، سايلامدا بارلىققا كېلىدىغان قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ ئۈچتە بىرسى مۇسۇلمان بولمىغان ۋەكىللەرگە بېرىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. قوقان ھۆكۈمىتى، يەنە بىر تەرەپتىن پۇل ۋە قورال جەھەتتە ياردەم بېرەلىگىدەك دوست ئىزدەشكە كىرىشىدۇ. بۇ مەقسەتتە ھۆكۈمەتنىڭ تاشقى ئىشلارغا مەسئۇل نازىرى مۇستاپا چوقاي ئوغلى ئاقلار گېنېرالى دۇتوۋ بىلەن ئالاقىلىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ، دۇتوۋ "ئورۇس كازاكلىرى يېتەكچىلىك قىلىدىغان ھۆكۈمەتكىلا ياردەم بېرەلەيمىز" دەپ جاۋاب بەرگەچكە، بۇ كۆرۈشۈشتىنمۇ بىرەر نەتىجە چىقمايدۇ. بۇخارا ئەمىرى سەئىد ئالىمخان بولسا، ئەڭ چوڭ دۈشمەن دەپ ھېساپلىغان جەدىتچىلار قاتناشقان بۇنداق بىر ھۆكۈمەت بىلەن ئۇچرىشىشنى ھەرگىز خالىمايتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ بارلىق كۆرۈشۈش

تەكلىپلىرىنى رەت قىلىدۇ. تۈركىستاننىڭ قازاقلار ئولتۇراقلاشقان رايونىدا قۇرۇلغان ئالاش ـ ئوردا ھۆكۈمىتى ئۆز دەردىدىن ئېشىنالىغىدەك ھالدا ئەمەس ئىدى. قوقان ھۆكۈمىتى كېرەكلىك قۇرال ـ ياراغ ۋە ئىقتىسادىي ياردەمگە ئېرىشەلمىگەنلىكى، ھۆكۈمەت رەھبەرلىكى ئىچىدە ئۇمىدسىزلىكلەرنىڭ باش كۆتۈرىشىگە سەۋەپ بولىدۇ. ھۆكۈمەت رەئىسى تىنىشبايېۋمۇ 1918 ـ يىلى 17 ـ يانۋار كۈنى ھۆكۈمەت رەئىسلىكىدىن ئىستىپا بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا مۇستاپا چوقاي ئوغلى رەئىسلىككە تەيىنلىنىدۇ (تىنىشبايېۋ ئىستىپا بەرگەندىن كېيىن خەلق شۇراسى جۇمھۇر رەئىسلىكىنى ئادۋوكات ئۇبەيدۇللا غوجىغا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، بۇ ۋەزىپىدىن باش تارتقان ئۇبەيدۇللا غوجا بۇ ئورۇنغا مۇستاپا چوقاي ئوغلىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۆزى مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ــ ئا. ھ. ئىزاھاتى.).

شۇ يىلىنىڭ يانۋار ئايلىرىدا، قىزىل ئارمىيە ئورېنبۇرگ رايونىنى ئىگەللەپ ياتقان گېنىرال دۇتوۋ كۈچلىرىنى يېڭىپ، موسكۋا بىلەن تاشكەنت ئوتتۇرىسىدىكى ترانسپورت يوللىرىنى ئېچىۋالىدۇ. بۇ ۋەقەلەرنىڭ كەينىدىنلا تاشكەنت سوۋېتىمۇ 31 ـ يانۋار كۈنىسى بىر يىغىن ئېچىپ قوقان ھۆكۈمىتىنى "بۇرجۇئا ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەت" دەپ ئېلان قىلىشىپ، بۇ ھۆكۈمەتنى دەرھال تارقىتىۋېتىش قارارىنى ئالىدۇ. قىزىل قوغدىغۇچىلار (قىزىل گۋاردىيە ــ ئۇ.ت) ئاۋسترو ـ ۋېنگىر ئۇرۇش ئەسىرلىرى ۋە بۇ يەردە تۇرۇۋاتقان ئەرمەن مىللىسلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ 1918 ـ يىلى 14 ـ فېۋرال كۈنىسى قوقان شەھىرىگە ھۇجۇم باشلايدۇ. 18 ـ فېۋرال كۈنىسىگىچە داۋام قىلغان تۆت كۈنلۈك قانلىق جەڭ نەتىجىسىدە تۈركىستان مۇختارىيەت ھۆكۈمىتى مۇنقەرز بولىدۇ. قىزىل گۋاردىيىلەر بىلەن ئۇلارغا ياردەملەشكەن ئەرمەن مىلىسلىرى قوقان شەھرىدە قانلىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزىدۇ. قوقان ھۆكۈمىتى، شۇنچە قىسقا ئۆمۈر كۆرگىنىگە قارىماي تۈركىستان تەۋەسىدىكى "تۈنجى سىياسىي ئاپتونومىيە تەلىۋىنىڭ سىمۋۇلى" بولۇش جەھەتتىن ئالغاندا، ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ھۆكۈمەت ئىدى.

ھۆكۈمەت باشلىقى مۇستاپا چوقاي ئوغلى ھۆكۈمەت باستۇرۇلغاندا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ، ئاۋۋال قازاقىستانغا، ئۇ يەردىن باشقىردىستانغا قېچىپ بېرىۋالغان ئىدى. چوقاي ئوغلى باشقىردىستانغا بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى باشقىردىستان مىللىي ئاپتونومىيىسىنى قۇرۇش ھەرىكىتىگە قاتنىشىدۇ. سوۋېتلەر ئىنتىپاقى ئۇ يەرلەرنىمۇ ئىگەللىۋالغىنىدىن كېيىن گروزىيىگە قېچىپ بېرىپ، ئۇ يەردە نەشرىياتچىلىق پائالىيەتلىرىنى باشلىۋېتىدۇ.

تىبلىس بولشېۋىكلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان ۋاقىتلاردا، چوقاي ئوغلى ئۇ يەرنىمۇ تاشلاپ تۈركىيە ئارقىلىق پارىژغا بېرىۋېلىپ، ياۋرۇپادا تۈركىستان ئازاتلىق پائالىيەتلىرىنى باشلىۋېتىدۇ. مۇختارىيەتنىڭ تۈنجى رەئىسى بولغان تېنىشبايېۋمۇ

قازاقىستانغا بېرىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە قۇرۇلغان ئالاش ـ ئوردا ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ئىشلار نازىرى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەيدۇ.

قوقان مۇختارىيىتى باستۇرۇلۇپ، شەھەر ئۇرۇسلار تەرىپىدىن چېقىپ تۈپ ـ تۈز قىلىۋېتىلگەنلىكى سەۋەبىدىن، ئەينى ۋاقىتتا قوقان شەھەر مۇداپىيىسى بىلەن قوقان ھۆكۈمىتىنى قوغداش ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن ئەرگەش قۇربېشى، قول ئاستىدىكى قوراللىق كۈچلىرى بىلەن بىرگە تاغلىق رايونلارغا چېكىنىپ بېرىۋېلىپ بولشېۋىكلارغا قارشى خاراكتېردىكى قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى باشلىۋېتىدۇ. كېيىنكى يىللاردا «باسمىچىلىق» دەپ نام ئالغان بۇ قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى، پۈتۈن تۈركىستان تەۋەسى بويىچە تېز سۈرئەتتە كېڭىيىپ، ئىككى يىل ئىچىدە تۈركىستاننىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم جايلىرىغا ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتكەن ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، قوقان مۇختارىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلغان كۈنى تۈركىستاندىكى باسمىچىلىق ھەرىكىتىنىڭمۇ باشلانغان كۈنى دەپ قوبۇل قىلىنماقتا.

## تۈركىستان ئاپتونومىيىسى

قوقان شەھىرىدە قۇرۇلغان مۇختارىيات جۇمھۇرىيىتىنىڭ بولشېۋىكلار تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە باستۇرىۋېتىلىشى، بولشېۋىكلار بىلەن تۈركىستان خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى زىدىيەت بىلەن دۈشمەنلىكنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىۋەتكەن ئىدى. بۇ ۋەقەلەر، تۈركىستاننىڭ ئىلغارلىرىغا مۇنتىزىم قوراللىق كۈچكە ئىگە بولماي تۇرۇپ ۋەتىنىنى باشقۇرۇش ھەققىگە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن ئىدى. ئۇ كۈنلەردە، يەنە بىر قىسىم تۈركىستانلىق پائالىيەتچىلەر بولشېۋىكلار بىلەن ھەمكارلىشىش يولى ئارقىلىق يېڭى ھۆكۈمەت تەركىۋىدە ئەمەلىي تەسىر كۆرسىتەلىگىدەك بىرەر ئورۇنغا ئېرىشىش خىيالىدا چارە ئاختۇرۇشقا كىرىشكەن ئىدى. كومۇنىستلار، ئىيولدا تاشكەنتتە بىر قېتىملىق كومۇنىستىك پارتىيە قۇرۇلتىيى چاقىرىشىدۇ. بۇ قۇرۇلتايغا تۈركىستاندىكى 1500 كومۇنىستقا ۋاكالەتەن 43 نەپەر ۋەكىل قاتنىشىدۇ. بۇ قۇرۇلتايدا، رۇسىيە كومپارتىيىسىگە قاراشلىق تۈركىستان كومۇنىستىك پارتىيىسىنى قۇرۇپ چىقىش قارارى ئېلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتلاردا تاشكەنت شەھىرى شەرق ئەللىرى كومۇنىستىك پارتىيىلىرىنىڭ پائالىيە مەركىزىگە ئايلانغان ئىدى. مەسىلەن، ئىرانلىقلارنىڭ ئادالەت پارتىيىسى، مۇستاپا سۇپھىنىڭ تۈركىيە كومۇنىستىك پارتىيىسى، ياش بۇخارالىقلار ۋە ياش خىۋەلىكلەر ئىچىدىكى بولشېۋىزمغا ھەۋەس قىلىدىغان گۇرۇھلار، ھىندىستان ئىنقىلاپچىلىرى ۋە خىتاي

كومۇنىستلىرى بۇ شەھەرگە يىغىلغان ئىدى (ئۇ يىللاردا تاشكەنت شەھىرى ئىران ۋە ھىندىستان باشچىلىقىدىكى بىر مۇنچە شەرق ئەللەر كومپارتىيىلىرىنىڭ پائالىيەت مەركىزىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئىران كومپارتىيىسىنىڭ «بايراقئي ئادالەت»، ھىندىستان كومپارتىيىسىنىڭ بولسا «زېمىندار» دىگەن گېزىتلىرى تاشكەنتتە نەشرى قىلىنىماقتا ئىدى. تۈركىيە كومپارتىيىسىنىڭ باش سېكرېتارى مۇستاپا سۇپھىمۇ تۈركىيىگە بارىدىغان ئۇكرائىنا بىلەن كاپكازىيە يوللىرى دېنىكىن بىلەن ۋرانگېل قۇراللىق قوشۇنلىرى تەرىپىدىن كېسىۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن ئانادولۇغا قايتىپ كىتەلمەي، تۈركىستان ئارقىلىق ھەزەر دېڭىزىدىن ئۆتۈپ تۈركىيىگە بېرىۋېلىشنى پىلانلاپ يۈرەتتى. بۇنىڭغىمۇ ئىمكانىيەت يار بەرمىگەنىدىن كېيىن بۇ يولدىنمۇ ۋاز كەچكەن مۇستاپا سۇپھى گرۇزىيىلىك كومۇنىست ئېلىئاۋانىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن بىر مەزگىل تاشكەنتتە تۇرۇپ پائالىيەت قىلىشقا ماقۇل بولغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، مۇستاپا سۇپھىئوغلى تاشكەنتتە قېلىپ ئۇ يىللاردا تۈركىيە كومۇنىستلىرىنىڭ ئورگان گېزىتى بولغان «يېڭى دۇنيا» نى نەشرى قىلدۇرۇپ، ئورتا ئاسىيا تەۋەسىگە تارقىلىپ كەتكەن ئوسمانلىلار ئۇرۇش ئەسىرلىرى ئارىسىدا كومۇنىزم ئىدىيىسىنى تارقىتىشنى مەقسەت قىلغان پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللىنىدۇ، ھەممە شەرق ئەللەر كومپارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئورتاق پائالىيەت سورۇنى بولغان «بەينەلمىلەل شەرق تەبلىغات شۇراسى» نى قۇرۇپ چىقىش ئىشلىرىغا قاتناشماقتا ئىدى. — ئا. ھ. ئىزاھاتى).

ئۇ ۋاقىتلاردا پەرغانە رايونىدا باشلانغان باسمىچىلىق ھەرىكىتى تۈركىستان تەۋەسىدە تېز سۈرئەت بىلەن كېڭىيىپ بارماقتا ئىدى. يەنە بىر تەرەپتە ئاقلار 1918-يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە قازاننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا موسكۋا بىلەن تاشكەنت ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم مەركىزى شەھەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى تارتىۋالغان بولۇپ، موسكۋا بىلەن ئورتا ئاسىيانى بىر-بىرسىگە باغلاپ تۇرىدىغان يوللار پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ تاشلانغان ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، موسكۋا بىلەن تۈركىستان ئوتتۇرىسىدىكى بىپايان زېمىندا نۆۋەت بىلەن ئىدىل-ئۇرال، باشقىردىستان ۋە ئالاش-ئوردا ئاپتونومىيىلىرى ئېلان قىلىنغان ئىدى. ئادمىرال كولچاكقا تەۋە بولغان ئاق ئۇرۇس قۇراللىق كۈچلىرى، ئاتامان دۇتوۋغا تەۋە ئۇرۇس كازاكلىرى، بولشېۋىك دۈشمىنى بولغان تۈنجى قۇرۇلتايغا تەۋە سوتسىيالىسلار بىلەن يوقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاپتونومىيىلەرگە تەۋە قۇراللىق ئەسكەرى كۈچلەر، تارقاق ئۇرۇش سېپى تەشكىل قىلىپ قىزىل ئارمىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلماقتا ئىدى. ئەنە شۇنداق بىر ئەھۋال ئاستىدا، ئەگەر موسكۋا دائىرىلىرى يەرلىك كىشىلەردىن پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلماسلىق پىكرىدە چىڭ تۇرىۋالسا كومۇنىستىك ھاكىمىيەت بىلەن يەرلىك خەلق ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت قۇرالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، موسكۋا دائىرىلىرى ئاساسەن كونا جەدىتچىلەردىن تەشكىل تاپقان تۈركىستانلىق

زىيالىيلارنى تۈركىستان كومۇنىست پارتىيىسگە جەلىپ قىلىش ئۇچۇن تاشكەنتتىكى ئۇرۇس كومۇنىستلىرىنى مەجبۇرلاشقا باشلايدۇ. دەرۋەقە كومۇنىستلار بۇنداق بىر سىياسىي ئۆزگەرتىش ئىشنى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرىدۇ. كومۇنىستلار 1918 ـ يىلى دىكابىر ئېيىدا چاقىرغان ئىككىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا 900 گە يېقىن تۈركىستانلىقنى كومپارتىيىگە ئەزا قىلىپ قوبۇل قىلىشىدۇ. بۇ قۇرۇلتايدا يەنە پارتىيە پائالىيەتلىرىنى تۈركىستاننىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئىجتىمائىي ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇش، تۈركىستان خەلقنى پارتىيىگە يېقىنلاشتۇرۇش مەقسىتىدە «مۇسۇلمانلار بىيرۇسى» (مۇسبىرو) قۇرۇش قاتارلىق قارارلارمۇ قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ بىرو، كومپارتىيە مەركەزى كومىتىتىگە بىۋاستە قارايدىغان بولۇپ پائالىيەت قىلىشى لازىم ئىدى. مۇسۇلمانلار بىروسىنىڭ تۇنجى قېتىملىق يىغىنى 1919 ـ يىلى مايدا ئېچىلىپ، بۇ يىغىندا رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى سايلاپ چىقىرىلىدۇ (تۈركىستان كومۇنىستىك پارتىيىسى مۇسۇلمانلار بىروسىنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك ئىجرائىيە ئورگىنى تۆۋەندىكى كىشىلەردىن تەشكىل تاپىدۇ: تۇرار رىزىقۇلوۋ، ئابباس ئەلىيېۋ، ئەپەندىيېۋ، ن. خوجايېۋ، تۇرسۇن خوجايېۋ، پەخرىدىنوۋ، مۇھىدىدىنوۋ ۋە ئەيسايېۋ. ـــ ئا. ھ. ئىزاھاتى). مۇسۇلمانلار بىروسى، تۇنجى قېتىملىق يىغىندىلا رۇسىيە كومۇنىستلىرىنىڭ يەرلىك كىشىلەرگە قارىتا يۈرگۈزۈپ كەلگەن زوراۋانلىق سىياسەتلىرى بىلەن يەرلىكلەرنى قول قاتارىدا كۆرۈپ كەمسىتىش ھەرىكەتلىرىنى قاتتىق تەنقىتلىشىدۇ.

بۇ ئىشلاردىن خاتىرجەم بولمىغان موسكۋا رەھبەرلىرى، تۈركىستان رايونىدا سوۋېت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئىشلىرىنى ئىجرا قىلىدىغان بىر ھەيئەت (تۈرك كومىسسىيە) قۇرۇلغانلىقنى ئېلان قىلىدۇ. گېنىرال فرۇنزې رەئىسلىكىدە قۇرۇلغان بۇ تۈرك كومىسسىيە ئەزالىرى تەركىۋىدە كيۇبىشېۋ، رۇدزۇتاك قاتارىدىكى داڭلىق كومۇنىستلار بىلەن بىرگە يەنە تۇرار رىزقۇلوۋدەك مۇسۇلمان رەھبەرلەرمۇ بار ئىدى. تۈرك كومىسسىيىسى، رۇسىيە كومپارتىيىسىنىڭ ئورتا ئاسىيادىكى تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى ھىساپلىناتتى. بۇ كومىسسىيىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى بىلەن ۋەزىپىلىرى تۈركىستان رايونى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايتتى. ئۇلارغا يەنە ئىنقىلاپنى خوشنا ئەللەرگىچە كېڭەيتىش ۋە ئۇ جايلاردىكى سىياسىي ھەرىكەتلەرنى تېزگىنلەش قاتارلىق ۋەزىپىلەرمۇ يۈكلەنگەن ئىدى. تۈرك كومىسسىيىسىنىڭ موسكۋادا چاقىرىلغان 1919 ـ يىلىنىڭ سىنتەبىردىكى يىغىنىدا ئېلىنغان قارارلار، سوۋېت دائىرىلىرىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى كۆزقاراشلىرىنى ئىپادىلەش جەھەتتە بەكلا قىزىقارلىق بىر ئىش ئىدى.

1. تۈركىستان ۋە ئۇنىڭغا خوشنا ئەللەرگە قارىتىلىدىغان سىياسەتلەرنىڭ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك مۇھىم مەقسىدى بولىشى لازىم: بىرىنچى ۋەزىپىسى، تۈركىستانغا

خوشنا بولغان ئاسىيا ئەللىرىدىكى ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتلەرگە ياردەم قىلىش؛ ئىككىنچى ۋەزىپىسى بولسا تۈركىستاندىن ئېقتىسادى جەھەتلەردە پايدىلىنىش.

2. ھىندىستان بىلەن ئىراندا يۈز بېرىدىغان ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتلەر سوۋېت رۇسىيىسى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى ئۇ ئەللەردە پەيدا قىلىنىدىغان قالايماقانچىلىقلار سەۋەبىدىن، ئىنتىپاقداش كۈچلەر سوۋېت چېگرالىرىدىكى قۇراللىق كۈچلىرىنى چېكىندۈرۈشكە مەجبور بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ھەرىكەتلەر دۇنيا ئىنقىلاۋىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئاساس تىكلەش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتىيەلەيدۇ. بۇ نوقتىدىن ئالغاندا، تۈركىستان — شەرق ئەللىرىدە قوزغۇتىلىدىغان ئىنقىلاپ ۋە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن ئالدىنقى سەپ رولىغا ئىگە.

بۇنداق غايىلارنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلىشىغا چىن قەلبىدىن ئىشىنىدىغان فرۇنزې، تا بۇخارا ئەمىرلىگىنى ئىشغال قىلىش پىلانىنى تۈزىۋاتقان يىللىرىدىلا بۇ ئۇرۇشنى بۇخارانىڭ نېرىلىرىغا، يەنى ئافغانىستاننىڭ ئىچكى قىسىملىرىغىچە كېڭەيتىش ھەققىدە تەكلىپ سۇنۇپ كەلگەن ئىدى. ھەتتا تۈرك كومىسسىيە رەئىسىنىڭ ئورۇنباسارى كيۇبىشېۋ، ئافغانىستان كومپارتىيىسىنى قۇرۇش لايىھەلىرىنىمۇ ئاللا بۇرۇن تەييارلاپ قويغان بولۇپ، قۇرۇلغۇسى بۇ پارتىيىنىڭ "ئافغانىستاندىكى قالاق ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر سوۋېت خەلق جۇمھۇرىيىتى تىكلەش" ۋەزىپىسىنىمۇ تەييارلاپ بولغان ئىكەن. ئەمما ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى سوۋېت رەھبەرلىرىنىڭ كۈتكىنىدەك بولماي، قىزىل ئارمىيىنىڭ ئىشغالىيەت ھەرىكىتى بۇخارا بىلەن خىۋە خانلىقلىرى تەۋەسىدىلا چەكلىنىپ قالىدۇ.

(رەسىم ئورنى)
تۇرار رىزقۇلوۋ

بۇ جەريانىدا، تۈركىستانلىق ئىنقىلاۋى خادىملار مۇسۇلمانلار بىيروسىنى ۋاستە قىلغان ھالدا تۈركىستان كومپارتىيىسى ئىچىدە تەشكىللىنىش ۋە كېڭىيىش ئىشلىرى بىلەن شوغۇللانماقتا ئىدى. بۇ بىيرو، كومپارتىيە مەركەزى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ تۈركىستانلىق كومۇنىستلارغا تاپشۇرغان گېزىت چىقىرىش، تەشۋىقاتچى يېتىشتۈرۈش ۋە كومپارتىيە ھۆججەت-كىتاپلىرىنى تەرجىمە قىلىش قاتارىدىكى ۋەزىپىلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، تۈركىستاننىڭ كېلەچىكىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزىش، پىلان-لايىھە تۈزۈش قاتارىدىكى ئىشلار بىلەن شوغۇللىنىدىغان بىر تەتقىقات مەركىزىگە ئايلاندۇرۇلغان ئىدى. بۇ بىيرو يەنە باشقا تۈرۈك قەۋملىرى ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىغا ماسلاشقان ھالدا، مىللەتچى سوتسىيالىزم شەكلىدە بىر تۈركىستان قۇرۇپ چىقىش مەقسەت قىلىنغان

ۋەزىپىلەرنى تۈزۈش ئىشلىرى بىلەنمۇ شوغۇللانماقتا ئىدى. موسكۋا دائىرىلىرى، تۈركىستانلىق كومۇنىستلارنىڭ بۇ بىيرونى بۇ شەكىلدە پايدىلىنىپ كېتىشىدىن زادىلا خاتىرجەم بولالماي قالىدۇ. ئەمما داۋام قىلىۋاتقان ئىچكى ئۇرۇش، دۇچ كېلىۋاتقان ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلار، ئۇلارنى بۇ جەھەتتە كەسكىن تەدبىر قوللىنىشنى چەكلەپ تۇرماقتا ئىدى.

1920 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، مۇسۇلمانلار بىروسى كەلگۈسى غايىلىرى ۋە تۈركىستاندا ئىجرا قىلماقچى بولىۋاتقان سىياسەتلەرنى ئۇچۇق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. 12 ـ يانىۋاردىن 18 ـ يانىۋارغىچە بىرلا ۋاقىتتا چاقىرىلغان مۇسۇلمانلار بىيروسى 3 ـ نۆۋەتلىك ۋە تۈركىستان كومپارتىيىسى 5 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا، تۇرار رىزقۇلوۋ «مىللىي مەسىلىلەر ۋە مىللىي كومپارتىيە ياچېكىلىرى» دېگەن تېمىدا بىر ئۇختۇرۇش چىقىرىدۇ. كېيىن يەنە، رىزقۇلوۋ بىلەن ئۇنىڭ يېقىنلىرى تۈركىستان ئاپتونوم سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى دېگەن ئىسمنى تۈرك جۇمھۇرىيىتى دېگەنگە، تۈركىستان كومۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نامىنىمۇ تۈرك كومۇنىستىك پارتىيىسى دېگەنگە ئۆزگەرتىش تەكلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ تەكلىپ لايىھەسىدە، قۇرۇلماقچى بولغان تۈرك جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئايرىم ئاساسىي قانۇنى بولىشى، ئىقتىسادىي، مالىيە، ھەربى ئىشلار ساھەسى ۋە تاشقى ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك سىياسەت مەسىلىلەردە مۇستەقىل قارار قوبۇل قىلىش ھوقۇقى بولۇش لازىم دەپ كۆرسىتىلگەن ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە مۇسۇلمان تۈركلەردىن تەشكىل قىلىنغان بىر ئارمىيە قۇرۇپ چىقىش لازىم دەيدىغان بىر تەكلىپمۇ بار ئىدى. مۇسۇلمان بولمىغان ھەربىي قىسىملار تۈركىستان تەۋەسىدىن چىقىپ كېتىشى تەلەپ قىلىنغان ئىدى. بۇ تەكلىپلەر ھەر ئىككىلا قۇرۇلتاي تەرىپىدىن مۇتلەق ئۈستۈن ئاۋاز بىلەن ماقۇللىنىدۇ. بۇ قۇرۇلتايدا قوبۇل قىلىنغان يەنە بىر قارادا رۇسىيە تەۋەسىدىكى بارلىق تۈركلەرنىڭ ئورتا ئاسىيادا قۇرۇلىدىغان بۇ تۈرك جۇمھۇرىيىتى ئەتراپىغا ئۇيۇشۇشلىرى چاقىرىق قىلىنغان ئىدى. تۈركىستانلىق كومۇنىستلار تەرىپىدىن ئاۋازغا قويۇلۇپ قارارلاشتۇرۇلغان بۈيۈك تۈرك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش غايىسى بىلەن بۇ ھەقتە قانات يايدۇرۇلىۋاتقان پائالىيەتلەر موسكۋانى قاتتىق چۆچۈتىۋېتىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار بۇ ھەقتە كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىش قارارىغا كېلىدۇ. سوۋېت دائىرىلىرى، تۈركىستان ئالدىنقى سەپ باش قۇماندانى گېنىرال فرۇنزېنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن تۈركىستان كومپارتىيە قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان قارارلارنى پۈتۈنلەي رەت قىلىدۇ. موسكۋا، تۈركىستان كومپارتىيىسى رۇسىيە كومپارتىيىسىگە قارايدىغان بىر رايون دەرىجىلىك تەشكىلات بولغاچقا، مەركەزنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ ھەرقانداق بىر قارار ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس دەپ ئېلان قىلىدۇ.

1920 ـ يىلىنىڭ ئىيون ئايلىرىغا كەلگەندە، سوۋېت دائىرىلىرى بېشىنى ئاغرىتىپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمىدىن قۇتۇلغان ئىدى. ئۇكرائىنادىكى

گېنرال دېنكىن بىلەن سىبىرىيەدىكى گېنرال كولچاك كۈچلىرى تارمار قىلىنىپ، موسكۋا ـ ئورتا ئاسىيا ئوتتۇرسىدىكى بارلىق توسالغۇلار سۈپۈرۈپ تاشلانغان ئىدى. قىزىل ئارمىيە سىبىرىيەدە قولغا كەلتۈرگەن بۇ غالىبىيەتتىن كېيىن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ قۇراللىق كۈچلىرىگە مەسئۇل كومىسسارى تروتسكى نىشانىنى تۈركىستان بىلەن ئۇنىڭ جەنوبىدىكى خوشنا ئەللەرگە بۇراپ، ئۇ يەرلەرگە كۆز تىككىشكە باشلايدۇ. تروتسكىنىڭ قارىشىچە، خەلقارا ۋەزىيەت تەرەققىياتى پارىژ بىلەن لوندۇنغا بارىدىغان يولنى ئافغانىستان، ھىندىستان ۋە بېنگاللارنىڭ شارائىتى بەلگەيلەيدىغان قىلىپ قويغانىمىش. بۇنىڭ ئۈچۈن، تۈركىستان تەۋەسىدىكى باسمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنى تولۇق بېسىقتۇرۇپ ئۇ يەرلەردە سوۋېت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش باسقۇچىغا ئۆتۈش، بۇخارا بىلەن خىۋە ئەمىرلىكلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش زۆرۈر ئىكەن. شۇ چاغدىلا ئافغانىستان بىلەن ھىندىستان يوللىرىنى ئېچىلغان ھېساپلاش مۇمكىن بولاتتىكەن. تروتسكى بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن گېنرال فرۇنزېنى تولۇق ھوقۇقلۇق تۈرك فرونتى (تۈرك ئالدىنقى سېپى ــ ئا. ھ. ئىزاھاتى) قۇماندانى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. فرونزې، دۇنيا ئىنقىلاۋى ھەققىدىكى ئۇنداق رومانتىك خىياللىرى يوق، ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىدىن باشقىغا ئىشەنمەيدىغان (پراگماتىستىك) بىر كومۇنىست بولغاچقا، ئۇرۇس بولمىغان مىللەتلەردىن تەشكىللەنگەن قۇراللىق كۈچكە تايىنىپ بىرەر غەلىبە قازىنىش مۇمكىنچىلىكىگە قەتئىي ئىشەنمەيدىغان بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ جايلاردىكى ئىنقىلاپلار ئۇرۇس قۇراللىق كۈچلىرىگە تايىنىش ئارقىلىقلا ئاساسقا ئېرىشەلەيدىكەن ۋە شۇ ئارقىلىقلا راۋاجلىنالايدىكەنمىش. شۇنداق بولغاچقا، يەرلىك سىياسىي ئەرباپلار بىلەن يەرلىك قۇراللىق كۈچلەرگە زادىلا ئېھتىياج يوق دەپ قارالماقتا ئىدى.

'مۇسكوم' دا كۆرۈلگەن بۇ ئىشلار بىلەن بۈيۈك تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش جەھەتتىكى بۇ تۆر ئۇرۇنۇشلار، فرۇنزېنى يەرلىكلەرگە ئىشەنمەسلىك كېرەك دېگەن قارىشىدا تېخىمۇ چىڭ تۇرۇشىغا باھانە بولۇپ بەرگەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، فرۇنزې ئەندى بۈيۈك تۈرك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش خامخىيالىنى قىلغۇاتقان تۈركىستانلىق كومۇنىستلارغا زەربە بېرىشنىڭ پۇرستى پىشىپ يېتىلدى دەپ قارايدۇ. دېگەندەك، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا رۇسىيە كومۇنىستىك پارتىيە مەركەزى كومىتېتى تۈرك كومىسسىيىسى تەركىۋىگە، يەنى تۈرككومىسسىيادا بىرمۇ مۇسۇلمان قويۇل قىلىنمايدۇ دېگەن بىر قارار ماقۇللىنىپ، كومىسسىيە ئەزالىرىنى قايتىدىن تاللاپ ئىشقا سېلىشقا كىرىشىدۇ. كاگانوۋىچ، گېورگى سافاروۋ ۋە ياكوب پېتېرس قاتارىدىكى داڭلىق كومۇنىستلاردىن تەشكىل تاپقان يېڭى ئەزالار تۈركىستان كومپارتىيىسى تەركىۋىدە كەڭ كۆلەملىك تازىلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشنى

ئۆزلىرىگە ۋەزىپەقىلىشىدۇ. ئاقىۋەت، تۇرار رىزقۇلوۋ بىلەن نىزام خوجايېۋ قاتارىدىكى داڭلىق رەھبەرلەر تۈركىستان كومپارتىيىسىدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ.

ئۇندىن باشقا ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىجرائىيە كومىتېتىدىكى (تۈرتسىك) ۋەزىپىلىرىمۇ ئېلىپ تاشلىنىدۇ. ئۇلاردىن بوشىغان ئورۇنلارغا تەجرىبىسىز، ئېلىپىنىڭ سۇنىقىنىمۇ بىلمەيدىغان ساۋاتسىز تۈركىستانلىق كومۇنىستلارنى سەپلىشىدۇ. يېڭى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە ئەنە شۇنداق ساۋاتسىز تۈركىستانلىق كومۇنىست بولغان رەھىمبايېۋ تەيىنلىنىدۇ. رۇسىيە كومپارتىيىسى، يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەشكەن بۇ تۈركىستانلىقلارنى "ئۆزبەك ۋە قازاق پرولېتارىياتىنىڭ ھەقىقىي ۋەكىللىرى" دەپ داڭلاپ ئېلان قىلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مىللەتچى كومۇنىستلارنىڭ تۈركىستان تەۋەسىدە مىللىي خاراكتېرغا ئىگە بىر تۈرك دۆلىتى قۇرۇپ چىقىش دېگەن خامخىياللىرىمۇ سۇغا چىلىشىدۇ.

## ئالاش-ئوردا ئاپتونومىيىسى

ئالاش ھەرىكىتى، 1905-يىللىرىدا تۈركىستاننىڭ قازاقستان تەۋەسىدە باشلانغان تۇنجى سىياسىي ھەرىكەت بولىشىغا قارىماي ئەينى ۋاقىتىدىكى ۋەزىيەتكە ئاساسەن پائالىيەتلىرىنى يەر ئاستىدا يوشۇرۇن قانات يايدۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، 1917-يىلىغا كەلگىنىدىلا ئاندىن ئاشكارە سىياسىي پائالىيەت قىلىش پۇرسىتىنى قولىغا كەلتۈرەلىگەن ئىدى. 1917-يىلى ئىيون ئېيىدا چاقىرىلغان قۇرۇلتىيىدا قازاقستانغا ئاپتونومىيە بېرىلىشى، بۇ رايونلارغا قارىتا ئورۇس مۇھاجىر كۆچۈرۈش ھەرىكىتى توختىتىلىشى، قازاق ياشلىرىنى ئالدىنقى سەپلەردە قارا ئىشچى ئورنىدا ئىشلىتىشكە خاتىمە بېرىلىشى قاتارىدىكى مەسىلىلەر كۈنتەرتىپكە قويۇلۇپ مۇزاكىرە قىلىنغان ئىدى. بۇ جەرياندا ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى پارتىلاپ، بۇ رايوندا ئېغىر قالايماقانچىلىق ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلايدۇ. شىمالدىكى ئومسك ۋىلايىتى قىزىللار بىلەن ئورۇش قىلىۋاتقان ئاق ئورۇس گېنىرالى كولچاكنىڭ قۇراللىق كۈچلىرى تەرىپىدىن بېسىپ ئېلىنغان، جەنۇبتا بولسا تاشكەنت سوۋېتى بىلەن قوقان ئاپتونومىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى ھاكىمىيەت تالىشىش ئورۇشى باشلىنىپ كەتكەن ئىدى.

ئەنە شۇنداق قالايماقانچىلىقلار يۈز بېرىۋاتقان 1917-يىلىنىڭ دىكابىر ئايلىرىدا، ئۈچىنچى نۆۋەتلىك قازاق قۇرۇلتىيى چاقىرىلىدۇ. بۇ قۇرۇلتايدا قازاق ئاپتونومىيىسىنى جاكارلاش قارارى قوبۇل قىلىنىپ، 15 ئەزالىق بىر ئالاش-ئوردا ھۆكۈمىتى قۇرۇلىدۇ. ئەلىخان بۆكەيخان ئوغلى ھۆكۈمەت رەئىسلىكىگە سايلىنىدۇ. ئورۇسلار تەرىپىدىن ئاغدۇرىۋېتىلگەن قوقان مۇختارىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ تۇنجى

رەئىسى بولغان مۇھەممەت تىنىشباي ئوغلىمۇ بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى ئىشلار نازىرى ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن ئىدى. قازاقىستان پايانسىز كەتكەن جوغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، غەرپ ۋە شەرق دېگەن ئىككى مىللىي مەركەز قۇرۇپ چىقىلدۇ. ئۇرال رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربىي ئالاش-ئوردىدا جاھانشاھ بىلەن خەلىل دوستمۇھەممەت ئوغلى ئاكا-ئۇكىلار مەركەزىي ھۆكۈمەتكە ۋاكالەتلىك قىلماقتا ئىدى. ئالاش-ئوردا ھۆكۈمىتى تېز سۈرئەت بىلەن قۇراللىق قوشۇن تەشكىللەشكە كىرىشىدۇ. ئورېنبۇرگ، تورغاي، كوستاناي ۋە سەمىپالاتىنسكلاردىمۇ مىللىي قوشۇنلار تەشكىل قىلىنىدۇ. بۇ ئارىدا باشقىردىستان ھۆكۈمىتىمۇ ھۆكۈمەت مەركىزىنى ئورېنبۇرگقا يۆتكەپ كېلىشۋالغان ئىدى. شۇڭا بۇ ئىككى ھۆكۈمەت ئۆزئارا زىچ ھەمكارلىشىپ ئىشقا كىرىشكەن ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئالاش-ئوردا ھۆكۈمىتى سىبىرىيىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرىۋاتقان ئادمىرال كولچاك، ئۇرۇس كازاكلىرىنىڭ ئاتامانى دۇتوۋ قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ قۇرال-ياراغ ۋە تېنىنكىلىق ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما ئادمىرال كولچاك، قازاقلار قۇرغان ھۆكۈمەتكە قۇرال بېرىشنى خالىمايدۇ. ھەتتا قۇرال بەرمەيلا قالماي ئەكسىچە ئارمىيىسىنىڭ ئېھتىياجى دىگەن باھانىدا ئۇلاردىن پۇل تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالىدۇ. 1918-يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە، ئادمىرال كولچاك تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ ئالاش-ئوردا قۇراللىق كۈچلىرى بىلەن باشقىردىستان قۇراللىق كۈچلىرىنى تارقىتىۋېتىش ۋە بۇ ھۆكۈمەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرىۋېتىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئاتلىنىدۇ. ئەمما كولچاك بۇ خىل زومىلىقنى ئۇزۇن داۋاملاشتۇرالمايدۇ. 1919-يىلىنىڭ باشلىرىدا فرۇنزې قۇماندانلىقىدىكى قىزىل ئارمىيە ئاقلارنىڭ قۇراللىق كۈچلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئاۋال ئۇرالسك شەھىرىنى، كەينىدىنلا ئورېنبۇرگ شەھىرىنى بېسىۋالىدۇ. بۇ ۋەقەلەر يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئالاش-ئوردا رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى باشقىردىستان ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىكتە سوۋېت دائىرىلىرى بىلەن كېلىشىش يولىنى ئاختۇرۇشقا مەجبور بولىدۇ. 1919-يىلىنىڭ 16-فېۋرال كۈنىسى باشقىرد ھۆكۈمىتىگە ۋاكالەتەن زەكى ۋەلىدىي، ئالاش ئوردا ھۆكۈمىتىگە ۋاكالەتەن ئەخمەت بايتۇرسۇن موسكۋاغا بېرىپ بىر كېلىشىم ئىمزالىشىدۇ. ئۇلار ئۆزئارا كېلىشىم تۈزۈشكەنلىكىگە قارىماي، ئىككى تەرەپ يەنىلا بىر-بىرىسىگە ئىشەنمەي ئاستىرتتىن زىتلىشىپ تۇرىدۇ. ئاخىرى 1919-يىلىنىڭ نويابىر ئېيىدا، سوۋېت ھەربىي ئىشلار ئىنقىلاۋىي كومىتېتى ئالاش-ئوردا رەھبەرلىرىگە قارىتا ئومۇمىي يۈزلۈك كەچۈرۈم ئېلان قىلىدۇ. شۇ يىلىسى دىكابىردا ئورېنبۇرگدا فرۇنزې بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئىككى ھەپتىلىك سۆھبەت نەتىجىسىدە، ئالاش-ئوردا قۇراللىق كۈچلىرى ئاقلار بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزۈپ قىزىل ئارمىيە سېپىگە قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ.

(رەسىم ئورنى)

ئالاش ئوردا ئاپتونومىيىسىنىڭ رەئىسى ئەخمەت بايتۇرسۇن

ئەسلىدە، موسكۋا دائىرىلىرى ئالاش-ئوردا ھۆكۈمىتى بىلەن ئۇزۇن مۇددەت بىرلىكتە پائالىيەت قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېنىق ياخشى بىلەتتى. شۇ سەۋەپتىن ئالاش-ئوردىنىڭ قازاقىستاندىكى تەسىر دائىرىسىنى بەلگىلىك بىر سەۋىيىدە ساقلاپ تۇرۇش، شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە بۇ مىللىي تەشكىلاتنى تارقىتىۋېتىشنى پىلانلىشىپ ئۆزلىرى بىلەن بىر سەپتە تۇرىۋاتقان بەزى قازاق كوممۇنىستلىرىنى مۇھىم ئورۇنلارغا جايلاشتۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. خىرىستىيانلىقنى قوبۇل قىلغان بىر قازاق تۈركى بولغان ئەلىباي جانكەلدىنى قازاق ئۆلكىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىشلار كومىسسارلىقىغا، يەنە بىر قازاق تۈركى بولغان مۇھەممەت تۇڭگاچىنى مىللىي مەسىلىلەرگە مەسئۇل خەلق كومىسسارلىقىغا تەيىنلەشكەن ئىدى. لېنىن، 1919-يىلى ئوتتۇرلىرىدا قازاق دالالىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بىر ئىنقىلاۋىي كومىتېت (كىررېۋكوم) قۇرۇش قارارىغا كېلىدۇ. پېستروۋسكى ئىسىملىك بىر ئۇرۇس يېتەكچىلىكىدە قۇرۇلغان بۇ كومىتېتتا ئەلىباي جانكەلدىنىڭ بىلەن مىنداش ئوغلىغا ئوخشاش قازاقلارغىمۇ ۋەزىپە بېرىلگەن ئىدى. بۇ كومىتېت كەلگۈسىدە قۇرۇلىدىغا قازاق ھۆكۈمىتىنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلىشى پىلانلانغان ئىدى. بۇ جەرياندا دىكابىر ئېيىدا ئىمزالانغان شەرتنامىغا قارىماي ئالاش-ئوردا قۇراللىق كۈچلىرى بەزى يەرلەردە قىزىل ئارمىيىگە قوشۇلۇشنى رەت قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ مەسىلىگە قارىتا كىررېۋكوم 1920-يىلى 11-يانۋار كۈنىسى يىغىن چاقىرىپ ئالاش-ئوردا بىلەن قىرغىز (قازاق) (ئۇ ۋاقىتلاردا بۈگۈنكى قازاقىستان تەۋەسى "قىرغىز" رايونى دەپ، بۈگۈنكى قىرغىز تەۋەسى بولسا "قارا قىرغىز" رايونى دەپ ئاتالماقتا ئىدى. — ئا. ھ. ئىزاھاتى) ئىنقىلاۋىي كومىتېتىنىڭ بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنى جاكارلايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئالاش-ئوردا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان بارلىق قانۇنلار ئىناۋەتسىز قىلىنىپ، بۇ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تېزگىنلەپ كېلىنگەن جايلار كىررېۋكوم رەھبەرلىكى ئاستىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. كىررېۋكوم يەنە قىزىل ئارمىيەگە قوشۇلۇشنى رەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئالاش-ئوردا ھەربىي قىسىملىرىغا چاقىرىقنامە چىقىرىپ، ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قۇرال تاپشۇرۇشنى ئۇقتۇرىدۇ. بولشېۋىكلار، قازاقىستانغا بىر ئاپتونومىيە بېرىدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئورنىدا ئالاش-ئوردا رەھبەرلىرىدىن ئەخمەت بايتۇرسۇننى كىررېۋكوم ھەيئەت ئەزاسى قىلىپ بەلگىلەپ، ئەلىخان بۆكەيخانوۋنى تورغاي ئوبلاستىنىڭ كومىسسارلىقىغا ھەمدە مۇھەممەد تىنىشبايېۋنى سەمىرەچى رايونىنىڭ كومىسسارلىقىغا تەيىنلىشىدۇ.

1921-يىلى كوممۇنىستلار ھاكىمىيىتىنىڭ تەلىيى كېلىپ ئېنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللانغان بىر يىل بولىدۇ. بۇ يىلنىڭ دەسلەپكى ئايلىرىدا قىزىل ئارمىيە كۈچلىرى بىپايان قازاق دالالىرىدىكى بارلىق قارشىلىق كۆرسىتىش

ھەرىكەتلىرى ئۇستىدىن غالىپ كېلىدۇ. ئۇرۇشتا يېڭىلگەن گېنىرال دۇتوۋ بولسا، شەرقىي تۈركىستانغا قېچىپ كېتىدۇ. قازاقىستان رايونىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئەۋەتىلگەن قىزىل ئارمىيە گېنىرالى فرونزې، نىشانىنى تۈركىستان باسمىچىلىرىغا قارشى ھەرىكەتكە ئاتلىنىش ئۈچۈن جەنۇپ تەرەپكە بۇرايدۇ. پۈتۈن يىل قازاقىستاننىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە قۇرۇلتاي ئېچىش ئىشلىرى بىلەن شوغۇللانغان بولشېۋىكلار رەھبەرلىكى، ئافرىل ئېيىدا رۇسىيە بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ قىرغىز (قازاق) بىروسى قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. قازاقىستان كومپارتىيىسىنىڭ يادروسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان بۇ بىرو، كېرىرېۋكومنىڭ بارلىق ھوقۇقلىرىنى ئۆتكۈزىۋالغان ئىدى. يەنە شۇ يىلى 4-ئۆكتەبىردە قىرغىز (قازاق) ئاپتونوم سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ قازاقىستاندا سوۋېت ھاكىمىيىتى رەسمىي تەشكىل قىلىنغان بولىدۇ.

بولشېۋىكلار پەيدا قىلغان بارلىق توسالغۇلارغا قارىماي، ئالاش-ئوردا ھەرىكىتى مىللىي باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش جەھەتتە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرغان بولۇپ، قازاقىستان ئۈچۈن كۆپلىگەن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ بېرىدۇ. ئارىدىن بەش يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، تۇرار رىزقۇلوۋ ئىچكى ئۇرۇش يىللىرىغا بەرگەن بىر باھاسىدا، "ئالاش-ئوردا قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى يىللاردا ئىلغار ۋە ئىنقىلاۋىي خاراكتېرلەرگە ئىگە ئىدى" دەپ باھا بېرىدۇ. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدە بېسىلغان قازاقىستان سوۋېت ئانسىكلوپېدىيىسىدە بولسا، "ئالاش پارتىيىسىنىڭ پروگراممىسى پان ئىسلامىزم ۋە پان تۈركىزم ئىدىيىسىنى ھىمايە قىلاتتى، قازاقىستاندا بۇرجۇئا ئاپتونومىيىسى قۇرۇش تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. سوۋېتلەر قازاقلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمىسۇن دەپ، مەركەزى ھۆكۈمەتنى ئىتىراپ قىلمىغان ئىدى. ھەر قايسى ۋىلايەتلەرگە ئۆزلىرىنىڭ شۆبىلىرىنى قۇرۇپ، ئۆز گېزىتلىرىنى چىقىرىشقا كىرىشكەن ئىدى" دەپ تەنقىتلەش ئارقىلىق، بىر مەنىدە بۇ ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز ۋەتىنى ئۈچۈن ئىشلىگەن ئۇتۇقلىرىنى ۋاستىلىق بىر شەكىلدە ئىتىراپ قىلىشقان ھېساپلانىدۇ.

## باشقىردىستان ئاپتونومىيىسى

1917-يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى پارتىلىغان ئايلاردا ئومۇمىي ۋەزىيەتنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە زۆرۈر ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى مەقسەت قىلىپ يىغىن چاقىرغان باشقىرت مەركىزىي شۇراسى 29-نويابىر كۇنىسى مۇختارىيەت جاكارلاش قارارىنى ئالىدۇ (كونا ئۇرۇس يىلنامە بويىچە 17-نويابىر. — ئا. ھ. ئىزاھاتى). بۇ يىغىندا ئاپتونومىيە قۇرۇش قارارى بىلەن بىرگە يەنە قانۇنشۇناس

يۈنۈس بەكوۋ رەئىسلىكىدە بىر مىللىي باشقىرت ھۆكۈمىتىنىمۇ قۇرۇپ چىقىدۇ. ئىچكى ئىشلار نازارىلىقى بىلەن ھەربىي ئىشلار نازىرلىقىنى تارىخچى ئەخمەت زەكى ۋەلىدىگە تاپشۇرغان ئىدى. ھۆكۈمەت دەرھال باشقىرت ھەربىي ئىشلار ئورگىنى تەسىس قىلىپ، مىللىي ئارمىيە قۇرۇپ چىقىشقا كىرىشىدۇ. بۇ مەقسەتتە يەنە باج يىغىشقا كىرىشىدۇ. بۇ جەرياندا ئوكرائىنا ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنى ئېلان قىلىپ، ئۇكرائىناغا ئۆزلىرىنىڭ رەسمىي ۋاكالەتچىلىرىنى ئەۋەرتكەن ئىدى. مۇختارىيەت ئېلان قىلىنغان جايلار باشقىرت ئاھالىسى زىچ ئولتۇراقلاشقان كىچىك باشقىردىستان دەپ ئاتالغان رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئورېنبۇرگ شەھىرى پايتەخت قىلىپ تاللانغان ئىدى. قازاقىستان تەۋەسىدە ئېلان قىلىنغان ئالاش-ئوردا مۇختارىيەت ھۆكۈمىتىمۇ بۇ شەھەردە ئىدى. 1918-يىلىنىڭ يانۋار ئېيىدا سوۋېت قۇراللىق كۈچلىرى ئورېنبۇرگ شەھىرىنى ئىشغال قىلىۋالغىنىدىن كېيىن ھۆكۈمەت تارقىلىپ كېتىدۇ. ئاندىن ئەخمەت زەكى ۋەلىدىي قاتارىدىكى بارلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرى قولغا ئېلىنىدۇ. ئافرىل ئېيىدا ئۇرۇس كازاكلىرى بىلەن باشقىرت ئەسكەرلىرى بىرلىشىپ بولشېۋىكلەرگە قارشى بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى تۈرمىدىن قۇتقۇزىۋالىدۇ. يەنە شۇ ۋاقىتلاردا چىليابىنسكىدە چېخ ياللانما ئەسكەرلىرى باشلاتقان سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، باشقىرت ھۆكۈمىتىگە ئىيول ئايلىرىدا قايتىدىن پائالىيەت قىلىشى ئۈچۈن پۇرسەت تۇغۇلىدۇ. بۇ ھۆكۈمەت مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي يۈزلۈك سەپەرۋەرلىك ئېلان قىلىپ، قوزغىلاڭچى چېخ ياللانما ئەسكەرلىرىدىن ئالغان قۇرال-ياراغ ۋە ئوق-دورىلاردىن پايدىلىنىپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئىككى پىيادىلار دىۋىزىيىسى (تۈمەنى) قۇرۇپ چىقىشىدۇ. قۇرۇلغان بۇ قىسىملار ئاق ئۇرۇس ۋە چېخ ياللانما ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە سوۋېتلەرگە قارشى جەڭگە ئاتلىنىدۇ. ئىيول ئېيىدا قىزىللار ئۇفا بىلەن ئورېنبۇرگنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ۋەقەدىن كېيىن باشقىرت مىللىي ھۆكۈمىتى بىلەن ھەربىي ئىشلار قوماندانلىق مەركىزى قايتىدىن چېلىيابىنسكتىن ئورېنبۇرگقا كۆچۈپ كېلىۋالىدۇ. باشقىرت مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى جەريانىدا تۈركىستان مىللىي ھۆكۈمىتى ئەزالىرىدىن بولغان ئۇبەيدۇللا غوجا، داڭلىق شائىر ئابدۇلخەمىت سۇلايمان چولپان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت مۇداپىيە نازىرلىقىغا تەيىنلىنىدىغان ئابدۇلخەمىت ئارىپوۋ بىلەن تاشكەنتلىك زىيالىيلاردىن مىر مۇخلىس قاتارلىق بىرمۇنچە داڭلىق كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ ھۆكۈمەت پائالىيەتلىرىگەقاتنىشىدۇ.

ئۇ يىللىرى، بۇ جاينىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچ ۋەزىيىتى باشقىرت ۋە ئالاش-ئوردا مۇختارىيەتلىرى ئۈچۈن بەكلا پايدىلىق ئەھۋالدا ئىدى. سامارادا دېموكراتىيە تەرەپدارى بولغان سوتسيال ئىنقىلاۋىي پارتىيە — ئېس-ئارچىلار كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان تۇنجى پارلامېنت ھۆكۈمىتى تەشكىل قىلىنغان ئىدى.

سىبىرىيىدە ئاق ئۇرۇس ئادمىرالى كولچاك، ئورېنبۇرگتا بولسا كازاكلارنىڭ ئاتامانى دۇتوۋ قاتارلىقلار قىزىللارغا قارشى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. بۇ جەرياندا، باشقىرت ھۆكۈمىتى بۇخارا ئەمىرلىكى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا بارىدىغان تۆمۈريوللارنى ئۈزۈۋېتىش ھەرىكەتلىرىدە ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ پائالىيەت قىلىش تەلىۋىنى قويغان بولسىمۇ، بۇخارا ئەمىرى "موسكۋادا ھۆكۈمەت كىمنىڭ قولىغا ئۆتكەن بولسا مەن شۇلارنى رۇسىيىنىڭ قانۇنلۇق ھۆكۈمىتى دەپ ئېتىراپ قىلىمەن، رۇسىيە بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىملەرگە سادىق قېلىشىم كېرەك، شۇ سەۋەپتىن ھەرقانداق بىر قوزغىلاڭ تەرىپىگە ئۆتۈش خىيالىدا ئەمەسمەن" دەپ جاۋاپ قايتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئالاش-ئوردا ھۆكۈمىتى بىلەنمۇ مۇزاكىرە قىلىشىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئورتاق قوراللىق كۈچ تەشكىل قىلىش قارارىنى ئېلىشىدۇ. بۇ قوراللىق كۈچكە كونا چارروسىيە ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېرلىرىدىن ئىشبۇلاتوۋنى مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىشىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە 30-ئاۋغۇستتىن 7-سىنتەبىرگىچە ئورېنبۇرگتا باشقىردىستان، قازاغىستان ۋە سابىق قوقان مۇختارىيەت رەھبەرلىرى يىغىلىپ «شەرقىي جەنۇپ مۇسۇلمان ئەللەر فېدېراتسىيىسى» نى قۇرۇپ چىقىش ھەققىدە قارار قوبۇل قىلىدۇ (3-خەرىتىگە قارالسۇن. — ئا. ھ. ئىزاھاتى). ئەگەر سىبىرىيە، سامارا ھۆكۈمەتلىرى بىلەن ئۇرۇس كازاكلىرىمۇ بۇ فېدېراتسىيىگە قوشۇلۇشنى خالىسا، بۇ ئىتتىپاقنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ «شەرقىي روسىيە ئىتتىپاقى» غا ئۆزگەرتىشى مۇمكىنلىكىنى بىلدۈرىدۇ (بۇ يىغىنغا ئالاش-ئوردىدىن ئەلىخان بۆكەيخانوۋ، ئەخمەت بايتۇرسۇنوۋ، مىر ياقۇپ دۇلەت، قوقان ھۆكۈمىتىدىن مۇستاپا چوقاي ئوغلى، مۇھەممەتجان تىنىشبايېۋ، ئۇبەيدۇللا غوجا، باشقىردىستاندىن ئەخمەت زەكى ۋەلىدىي ۋە باشقا بىر قىسىم ھۆكۈمەت ئەزالىرى قاتناشقان ئىدى. — ئا. ھ. ئىزاھاتى). بۇ ۋاقىتتا ئابدۇلخەمىت سۇلايمان چولپان، بۇخارالىق ئابدۇلخەمىت ئارىپوۋ، نىزام غوجا، باشقىرتلاردىن ئىلياس ئالكىن، ئەخمەت زەكى ۋەلىدىي، قازاقلاردىن بولسا ئەلىخان بۆكەيخانوۋ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قاتنىششى بىلەن «تۈرك سوتسيالىستلار پارتىيىسى» نى قۇرۇپ چىقىش ئىشى باشلىنىدۇ. «مىللەتچى سوتسيالىزم» ئاساسلىرى بويىچە قۇرۇش پىلانلانغان بۇ پارتىيىنى بارلىق شەرق تۈركلىرىنىڭ ئورتاق پارتىيىسى ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكچى بولغان ئىدى. پارتىيە قۇرغۇچىلىرى دەسلەپكى ئىجرائىيتىنى باشقىردىستاندا يولغا قويۇپ، ئۆز كۆز قاراشلىرى ئاساسىدا بىر تېرىتورىيە قانۇنى چىقىرىشىدۇ. ھۆكۈمەت، سامارادىكى سوتسيالىست ئېس-ئار چىلار ھۆكۈمىتى بىلەن زىچ ھەمكارلىق ئورنىتىپ، قىزىللارغا قارشى ئۇرۇشقا زور ياردەمدە بولۇپ كېلىۋاتقان ئىدى.

رۇسىيەدە داۋاملىشىۋاتقان ئىچكى ئۇرۇش يالغۇز چاررۇسىيە چېگرا تەۋەسىدىكى مىللەتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان بولماستىن، كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتكە قارشى جەڭ قىلىۋاتقان ئاق ئۇرۇس گېنىراللىرى، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر (ئەنگىلىيە بىلەن فرانسىيە) بىلەن سىبىرىيىنىڭ بىر قىسمىغا بېسىپ كىرىۋالغان ياپونىيىنىڭمۇ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن ئىدى. ئاق ئۇرۇس ئادمىرالى كولچاك قۇماندانلىقى ئاستىدىكى ئۇرال ئالدىنقى سېپى 3 كورپۇستىن تەشكىل تاپقان ئىدى. تەخمىنەن 30 مىڭ كىشىلىك سىبىرىيە كورپۇسى ئاساسەن چېخ ئەسكەرلىرىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، يىكاتېرىنابۇرگ شەھىرىدە چۈشكۈن تۇرگەن بۇ كورپۇسقا چېخ گېنىرالى گايدا قۇماندانلىق قىلماقتا ئىدى. 50 مىڭ كىشىلىك غەربىي كورپۇس ئارمىيىسىگە ئۇرۇس گېنىرالى قانجىن قۇماندانلىق قىلماقتا ئىدى. جەنۇب يۆنۈلۈش ئارمىيىسى ئۇرۇس كازاكلىرىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئاتامان دۇتوۋنىڭ قۇماندانلىقىدا ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا سوتسىيالىست گۇرۇپپىلارمۇ سامارانى بېسىۋېلىپ، بۇ يەردە بىر تۇنجى پارلامېنت ھۆكۈمىتى (كومۇچ) نى تەشكىللىگەن ئىدى. بۇ ھۆكۈمەت دىرېكتۇرلار دەپ ئاتالغان بىر گۇرۇپ تەرىپىدىن باشقۇرۇلماقتا ئىدى.

1918-يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ غەلبىلىك جەڭ قىلىپ كېلىۋاتقان ئاقلار قوشۇنى قىزىللارغا قارشى ئۇرۇشلاردا كۆرۈنەرلىك ئۇستۇنلۈككە ئىگە ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئاق ئۇرۇسلار بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ رۇسىيىگە قايتىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بولدى دەيدىغان ئىشەنچ ئومۇمىي يۈزلۈك كېڭىيىپ كېتىۋاتماقتا ئىدى. ئەمما شۇ يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا فرانسىيە، ئەنگىلىيە، ئامېرىكا ۋە ياپونىيە ھەربىي ھەيئەتلىرى ئومسكى شەھىرىگە يىغىلىدۇ. بۇ يەردە ئۆتكۈزۈلگەن يىغىندا، غەرپ ئەللىرىنىڭ ۋەكىللىرى موتىدىل سوتسىيالىست كۈچلەرنى ئاساس قىلىپ تەشكىل قىلىنىدىغان ھۆكۈمەتنى قوللاش ئورنىغا ئاق ئۇرۇس گېنىراللىرىنى قوللاشتا چىڭ تۇرۇپ، موتىدىل دېموكراتىك گۇرۇھلارنى تارقىتىۋېتىش ئۈچۈن ياردەم قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئادمىرال كولچاك خۇددى بىلەلمەي قەتئىي ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىغان قارارلار ئېلىشقا كىرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، 18-نويابىر كۈنىسىگە كەلگەندە كولچاك ئۆزىنى پۈتۈن رۇسىيىنىڭ ئىلاھىي غوجايىنى (ۋېرخوۋنىي پراۋىتال ـــ ئا. ھ. ئىزاھاتى) دەپ جاكارلايدۇ. كەينىدىنلا بۇ جايلاردا ئۇنىڭ قۇماندانلىقى ئاستىدا بولماي ئۆز ئالدىغا قىزىللارغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان بارلىق قۇراللىق كۈچلەرنى تارقىتىۋېتىش ھەرىكىتىنى باشلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ تۇنجى ھەرىكىتى ئېس-ئارچىلارنى ئاساس قىلغان تۇنجى پارلامېنت ھۆكۈمىتى ـــ كومۇچقا زەربە بېرىشتىن باشلىنىدۇ. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ سوتسىيالىست ئەزالىرىنى قولغا ئالىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئالاش-ئوردا بىلەن باشقىردىستان ھۆكۈمەتلىرىنى تارقىتىۋەتكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك باشقىرت-قازاق قۇراللىق كۈچلىرىنىمۇ بىرگە تارقىتىۋەتكەنلىكىنى جاكارلايدۇ. ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن بىرگە جەڭ قىلىۋاتقان 3-

باشقىرت پولكىنى قۇرالسىزلاندۇرۇپ دەرھال تارقىتىۋېتىدۇ. بۇ ۋەقەلەر باشقىرت ۋە قازاق مىللىي ھۆكۈمەتلىرىنى بەكلا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بۇ ۋاقىتتا باشقىرت ھۆكۈمىتى ئورېنبۇرگتا كۈچلۈك ھەربىي قۇۋۋەتكە ئىگە ئۇرۇس كازاكلىرىنىڭ ئاتامانى دۇتوۋنى ئۇجۇقتۇرىۋېتىش ھەرىكىتىنى پىلانلىغان بولسىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. قۇرال ۋە ماددىي تەمىنات جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلار رەسمىي ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. بۇ جەرياندا قىزىللار سامارا بىلەن ئۇفا شەھەرلىرىنى قايتىدىن ئىگەللىۋالىدۇ. بۇ ھادىسىلار يۈز بەرگەندىن كېيىن، باشقىردىستان ھۆكۈمەت مەركىزى ئورېنبۇرگدىن چېكىنىپ چىقىپ شەرقىي باشقىردىستان رايونىنىڭ تىمىس بازىرىغا كۆچۈپ بېرىۋالىدۇ.

1919 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، پۈتۈن رۇسىيىدىكى كۈچ تەڭپۇڭلۇقىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بېرىدۇ: ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر 23 ـ يانۋار كۈنىسى بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلغانلىقىنى جاكارلىشىدۇ. ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن 15 ـ فېۋرال كۈنىسى رەسمى سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ھەققىدە كېلىشىمگە كېلىشىدۇ. بۇنداق بىر ۋەزىيەت، سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچىيىشى ئۈچۈن تېپىلماس بىر پۇرسەت ئىدى. ئەمما موسكۋاغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان مىللەتلەر ئۈچۈن بۇ ئىش ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنىڭ بىشارىتى ھېساپلىناتتى. مۇختارىيەت ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتقان باشقىرت ۋە ئالاش ـ ئوردا ھۆكۈمەتلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ موسكۋا دائىرىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىشتىن باشقا چىقىش يولى قالمىغان ئىدى.

باشقىرت ھۆكۈمىتى، سوۋېت تەرەپ بىلەن ھەمكارلىشىشنىڭ شەرتى قىلىپ مۇنۇ تەلەپلەرنى ئوتتۇرغا قويىدۇ: "ئىچكى ئىشلار بىلەن ئىقتىسادىي ئىشلاردا تولۇق مۇختارىيەت بېرىلسۇن؛ مىللىي ئارمىيە ئادەتتە سوۋېت قوماندانلىقى ئاستىدا بولسىمۇ، ئىچكى جەھەتتە ئۆز ئالدىغا ئەركىن پائالىيەت قىلالايدىغان بولسۇن؛ كومۇنىزم ئىدىيىلىرى مەجبورى تېڭىلمىسۇن." بۇ يەردە، ھەربىي ئىشلار نازىرى ۋە ئارمىيە قوماندانى زەكى ۋەلىدىي باشقىرت قۇراللىق كۈچلىرىنى تۈركىستان ئالدىنقى سېپىغا ئۆتۈۋرتىش تەلىۋىنىمۇ قوشۇمچە قىلىپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بولشېۋىكلار ھۆكۈمىتى بۇ شەرتلەرنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگىنىدىن كېيىن، 18 ـ فېۋرال كۈنىسى باشقىرت پولكلىرى سوۋېت بىرىنچى كورپۇس ئارمىيە شتابىغا قوشۇۋېتىلىدۇ. ئاندىن، قازاق رەھبەر ئەخمەت بايتۇرسۇن بىلەن باشقىرت رەھبىرى ئەخمەت زەكى ۋەلىدىي مەسئۇللىغىدىكى ئىككى ھەيئەت بىرلىكتە موسكۋاغا بېرىپ كومۇنىست رەھبەرلىگى بىلەن سۆھبەتكە ئولتۇرىدۇ. 23 ـ مارت كۈنىسى باشقىرت ئارمىيىسى بىلەن باشقىردىستاننىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك 20 ماددىلىق كېلىشىم تۈزۈلۈپ، لېنىن بىلەن ستالىن ئىككىسىنىڭ تەستىقلاپ ئىمزالىشىدىن كېيىن رۇسىيە گېزىتلىرىدا ئېلان قىلىنىدۇ.

شۇ كۈنلەردە، يەنى 21ـ فېۋرال كۈنىسى باشقىردىستان مىللىي ھۆكۈمىتى جايلاشقان تېمىستە باشقىردىستان ئومۇمىي قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، مىللەتچىلەر ئۇيۇشتۇرغان كىچىك بىر «ئىنقىلاۋىي كومىتېت» (رېۋكوم ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) سايلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بولشېۋىكلار بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشتا تەلەپ قىلىنغان سىياسى تەلەپلەر بىرـبىرلەپ ئەمەلدە كۆرسىتىلىشكە تىرىشىلىدۇ. ھۆكۈمەت رەئىسلىكىدىن ئىستېپا بەرگەن كۇلايېۋنىڭ ئورنىغا خارىس يۇماگۇلوۋ تەيىنلەنگەن ئىدى. زەكى ۋەلىدىي بولسا ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىق ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئۈستىگە ئالغان ئىدى. ۋەلىدىنىڭ شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكىنىگە قارىماي، باشقىرت قۇراللىق كۈچلىرى تۈركىستان ئالدىنقى سېپىگە ئۆتۈشتىن بۇرۇن، دېنىكىن ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇكرائىنا ئالدىنقى سېپىگە يولغا سېلىنىۋاتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن زەكى ۋەلىدىي سەبداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ بولشېۋىك رەھبەرلىرىنى مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئىشقا ماقۇل قىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ باقىدۇ: بىرىنچى ئىش، قازاق ۋە باشقىرت رايونلىرىنى بىرلا مەمۇرىي ئورگان ئاستىغا توپلاپ، بۇ جايلاردا مۇختارىيەت ئېلان قىلدۇرۇش پىلانى ئىدى. بۇ تەكلىپكە قىزىقمىغان سوۋېت دائىرىلىرى، ئورېنبۇرگتا بىر ئۇرۇس رايونى شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق قازاقىستان بىلەن باشقىردىستاننى جوغراپىيىلىك ۋە مەمۇرى جەھەتلەردە بىرـبىرىدىن ئايرىۋېتىش قارارىنى ئېلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ۋەلىدى بىلەن ھەمراھلىرىنىڭ ئورېنبۇرگنى مەركەز قىلغان ئاساستا بىر قازاقـباشقىرت ئاپتونومىيىسى تەشكىل قىلىش ھەققىدىكى ئۇرۇنىشلىرىمۇ يوققا چىقىدۇ. ئىككىنچى ئىش بولسا، شەرقتىكى مۇسۇلمان تۈرك ئەللىرىنىڭ سوتسىيالىست پارتىيىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر پۈتۈن سىياسىي تەشكىلات ھالىتىگە كەلتۈرۈش پىلانى ئىدى. بۇ پىلان بويىچە تۈركىستان تەۋەسىدىكى «تۈدە»، قازاقىستاندىكى «ئۈچ جۈز» ۋە ۋەلىدىي سەبداشلىرى بىلەن بىرلىكتە قۇرۇپ چىققان «ئەرك» پارتىيىسىنى بىر مەركەز ئاستىغا يىغماقچى بولغان ئىدى. بۇ تۈردىكى بىرلىششتىن بارلىققا كېلىدىغان ئورگان «ئەرك سوتسىيالىست پارتىيىسى» دىگەن نام بىلەن، رۇسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىنمۇ مۇستەقىل ھالدا «كومىنتېرن» (خەلقارا كوممۇنىستىك پارتىيىلەر مەركەزى ئورگىنى ــ كومىنىستىچېسكى ئىنتېرناتسيۇنال، يەنى خەلقارا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسيۇنال. ــ ئا. ھ. ئىزاھاتى) غا ئەزا بولۇشنى مەقسەت قىلىشقان ئىدى. مۇسۇلمان تۈرك رەھبەرلىرىنى رۇسىيە كومپارتىيىسىگە بېقىنمايدىغان ئايرىم بىر ئورگان ھالىغا كەلتۈرۈش مۇددا قىلىنغان بۇ لايىھە سوۋېت دائىرىلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشىنى پەرەز قىلىش ھەرگىز مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش ئىدى. دىگەندەك، بۇ تەكلىپ لايىھىسى ئۇرۇسلار تەرىپىدىن دەرھال رەت قىلىۋېتىلىدۇ. زەكى ۋەلىدىي بىلەن سەبداشلىرى، بارلىق تەكلىپ لايىھىلىرىنىڭ ھەممىسىلا رەت

قىلىۋېتىلگەندىن كېيىن، رۇسىيە كومپارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ پائالىيەت قىلىشتىن باشقا چىقىش يولى قالمايدۇ.

موسكۋا دائىرىلىرى بۇ كۈنلەردە ئۆز دەرتلىرىدىن ئېشىنىپ بولالماي ۋاقتىنى كەينىگە سوزۇپ پەيت كۈتۈشنى ئۆزلىرىگە بىردىن-بىر مەقسەت قىلىپ كېلىۋاتقاچقا، باشقىرت مىللىي ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ رۇسىيىدىكى مۇقىملىقنى قولغا كەلتۈرىۋالغىچە ۋاقتىنى كەينىگە سوزۇشنىڭ غېمىدا قالغان ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە سوۋېت تەرەپنىڭ باشقىردىستان تەۋەسىدە ساداقەت بىلەن ئىشلەپ بېرىدىغان يەرلىك كومۇنىستلاردىن پايدىلىنىپ مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ ئورنىغا يەنە بىر قورچاق سىياسىي ئورگان تەشكىللەش مەقسەت قىلىنغان پائالىيەتلىرىمۇ داۋام قىلىپ تۇرماقتا ئىدى. بولشېۋىكلارنىڭ باشقۇردىستان ھۆكۈمىتى بىلەن ئىمزالاشقان شەرتنامىلارغا ئەمەل قىلىش نىيىتى يوقلىقى، بۇ شەرتنامىلار ئادەم ئالدايدىغان قىلچە قىممىتى يوق قەغەز يۈزىدىكى ۋاقىتلىق نەرسىلەر ئىكەنلىكى باشقىرت ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە ئالللىمۇ قاچان ئېنىق مەلۇم ئىشلار ئىدى. زەكى ۋەلىدىي توغان كۈندىلىك خاتىرىلىرىدە لېنىننىڭ ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئىككى كۈنمۇ ئۆتمەي، چاقىرىلغان پارتىيە قۇرۇلتىيىدا بۇخارىنغا جاۋابەن سۆزلىگەن نۇتقىدا "تاكتىكىلىق سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن بۇرجۇئا مىللەتچىلىرى بىلەن شەرتنامە تۈزۈشكە مەجبورلىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلۈشى مۇمكىن. فىنلاندىيىدە ئىشچىلار سىنىپىنى قىرغىن قىلغان بۇرجۇئا مىللەتچىسى سۋىنھاۋدقا يالغاندىن ھىجىيىپ يول قويۇشقا مەجبور بولمىغانمىدۇق؟ تېخى تۈنىگۈنلا باشقىرت ھۆكۈمىتى بىلەنمۇ ئەنە شۇنداق يالغان شەرتنامە تۈزۈشكە مەجبور بولمىدۇقمۇ؟" دېگەن جۈملىلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

بۇ نوقتىغا كەلگەندە، لېنىن ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى بىلەن سۆلھى قىلىپ ئۇلارنى مەجبورلىيالىغىنىمىز قولغا كەلتۈرگەن بىر ئۇتۇقمىزدەك كۆرۈنىسىمۇ، ئەسلىدە ئۇلارنىڭ بىزگە يالغاندىن دوسلۇق ئىپادىلىگەن كۆرۈنۈشكە كىرىۋالغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىزنىمۇ خۇددى ئۆزبەك ئىمام-موللىرى، فىنلاندىيە كاپىتالىست بۇرجۇئالىرىنى ئۇجۇقتۇرىۋەتكىنىدەك قۇتۇلۇشقا تىگىشلىك ئۇنسۇرلار دەپ ئويلاپ يۈرگەنلىكى، يەنى كومپارتىيىسىنى يېتىشتۈرىۋالغىنىدىن كېيىن ھاكىمىيەتنى قولىمىزدىن تارتىپ ئېلىپ ئۇلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى شۇ كۈنلەردىلا سىزىپ بولغان ئىدۇق. ئەمما لېنىننىڭ بۇ نۇتقىدىن بۇ تۈر مەزمۇنلارنى بىلىپ قالغانلىقىمىزنى ھېچكىمگە تىنمىغان ئىدۇق.

ھەقىقەتەنمۇ سوۋېت دائىرىلىرى دەل شۇنداق بىر يالغان تاكتىكا ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى ئىشقا سالغان ئىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى ۋەزىيەتنى ئاساسەن ئىزگىنىلەپ بولغاندىن كېيىن، يەرلىك كومۇنىستلارغا تايىنىپ مەجبۇرى تېڭىلغان ئاپتونومىيىلەرنى تىكلەش، ئاخىرىدا بولشېۋىزم ۋاستىسى ئارقىلىق مىللىي دۆلەتلەرنى قۇرۇۋېلىش خىيالىدا بولىۋاتقان يەرلىك كادىرلارنى رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇش ئىشىغا كىرىشمەكچى بولغان ئىدى. ستالىن، 1920 ـ يىلى ئاپرىل ئېيىدا باشقىرت ئارمىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىش باھانىسىدا زەكى ۋەلىدىنى موسكۋاغا چاقىرتىدۇ. موسكۋادىكى كۆرۈشۈش جەريانىدا، لېنىن زەكى ۋەلىدىگە مۇنداق دەپ مەسلىھەت قىلىدۇ: ”يەرلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە چېك تۇرىۋالماي، رۇسىيىنىڭ ئومۇمى ئىشلىرى بىلەن شوغۇللىنىشقا تىرىشىڭ!“ لېنىنىڭ بۇنداق بىر مەسلىھەت بېرىشىدىكى ئەسلى مەقسەت، ۋەلىدىنى باشقىردىستاندىن ئايرىۋېتىش ئىدى. دىگەندەك، ئۇزۇنغا قالماي زەكى ۋەلىدىنى گېنىرال دېنىكىنگە قارشى ئۇرۇش بولىۋاتقان ئۇكرائىنا ئالدىنقى سېپىدىكى تاتار ـ باشقىرت قىسىملىرىنى رەتكە سېلىش ۋەزىپىسىگە تەيىنلىشىدۇ. بۇ كۈنلەردە، زەكى ۋەلىدىمۇ سۇلتان غالىيېۋگە مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەرنى يېقىندىن كۈزىتىپ كېلىۋاتقان ئىدى. زەكى ۋەلىدىي، موسكۋانىڭ غالىيېۋگە تۇتقان رەزىل پوزىتسىيىسىگە قاراپ كومۇنىستلارنىڭ يات ئارىدا مۇسۇلمان تۈرك قەۋىملىرىدىن كەلگەن بارلىق رەھبىرى خادىملارغا قارىتا ئومۇمىي يۈزلۈك تازىلاش ھەرىكىتى باشلاش ئېھتىمالى بارلىغىنى مولچەرلەيدۇ. شۇڭا، 29 ـ ئىيون كۈنىسى سەھەردە موسكۋادىن ئايرىلغان زەكى ۋەلىدىي، كۆپ ئۆتمەي ئوتتۇرا كۈرۈنمەي تۈيۈقسىز يوقاپ كېتىدۇ. دەل شۇ كۈنىسى تۈركىستاندا تۇرار رىزقۇلوۋ بىلەن ئۇنىڭ سەبداشلىرى كومۇنىستلار پارتىيىسىدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، بارلىق ۋەزىپىلىرىدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئۇجۇقتۇرىۋېتىلىدۇ. بۇلاردىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدىكى، زەكى ۋەلىدىي ۋەزىيەتنى ھەقىقەتەنمۇ توغرا مۆلچەرلىيەلەيدىغان بىرسى ئىدى. ۋەلىدىي، ئۇزۇنغا قالماي باكۇغا بېرىۋالىدۇ. ئۇ يەردىن تۈركىستان تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇ يەردە قانات يايدۇرىلىۋاتقان مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەتلىرىگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

# ئىدىل ـ ئۇرال ئاپتونومىيىسى

چاررۇسىيە پايتەختى پېتربۇرگتا فېۋرال ئىنقىلاۋىدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئىنقىلاپ پارتىلاپ ھاكىمىيەت بولشېۋىكلار قولىغا ئۆتكەنلىگى ھەققىدىكى خەۋەرلەر ئىدىل ـ ئۇرال تەۋەسىگە يېتىپ كەلگەن كۈنلەردە، بۇ ھەرىكەت بۇ يەرلەردە كېرېنسكى يېتەكچىلىگىدە قوزغىتىلغان فېۋرال ئىنقىلاۋى بولغان كۈنلەردىكىدەك

ئۈنچىلىك ھاياجان پەيدا قىلىپ كىتەلمىگەن ئىدى. ھەتتا ئۇنىڭ تەتۈرسىچە ھەممە يەردە يەنە قانداق ئىشلار يۈز بېرىدىغانلىقىنى ھېچ كىم بىلەلمەي قاتتىق ئۈمىدسىزلىك، ۋەھىمە ئىچىدە قالغان ئىدى. ئەنە شۇنداق بىر پەيتتە تاتار زىيالىيلىرى دەرھال بىر مىللىي قۇرۇلتاي چاقىرىش قارارىنى ئالدۇ. قۇرۇلتاي يېرى ئۈچۈن ئۇفا شەھىرى تاللىنىپ، چاقىرىلماقچى بولغان بۇ قۇرۇلتايغا «ئىچكىرى رۇسىيە ۋە سىبىرىيە مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيى» دەپ نام بېرىلىدۇ. قۇرۇلتاي، 30ـ نويابىر كۈنىسى 120 نەپەر ۋەكىلنىڭ قاتنىششى بىلەن ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. ۋەكىللەر ئۈمىگىنىڭ كۆپ قىسمى ھېچقانداق بىر سىياسىي پارتىيىگە مەنسۈپ كىشىلەردىن بولمىغاچقا، ئېنىق بىر سىياسىي پروگراما تۈزۈپ ئوتتۇرىغا قويالىشمۇ تەس ئىدى.

يىغىن باشلىنىپ ئۇزۇنغا قالماي، شۇ يىلى مارت ئېيىدا چاقىرىلغان پۈتۈن رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى قۇرۇلتىيىدا ئاساسلىق مۇزاكىرە تېمىسى قىلىنغان تېرىتورىيىلىك مۇختارىيەت تەلەپ قىلىش كىرەكمۇ ياكى تېرىتورىيىسىز مۇختارىيەت تەلەپ قىلىش كېرەك دېگەن مەسىلە بۇ يىغىندىمۇ ئاساسلىق مۇزاكىرە تېمىسىگە ئايلىنىدۇ. قۇرۇلتاي ئەزالىرىنىڭ يېرىمى رۇسىيە فېدىراتسىيىسى ئىچىدە قېلىپ تېرىتورىيىسى بىلەن چېگرالىرى ئېنىق بەلگىلەنگەن بىر ئىدىل ـ ئۇرال ئاپتونومىيىسى قۇرۇشتا چىڭ تۇرىدۇ. بۇلار "تېرىتورىيىچىلار" دەپ ئاتالغان ئىدى. چېگرالىرى ئېنىق بەلگىلەنگەن مۇختارىيەت دۆلىتىنى قۇرۇش تەلەپ قىلىنسا رۇسىيە تەرەپتە قالغان تۈرك قەۋملىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىمىزگە تەسىر يېتىدۇ، بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە تۈرك قەۋملىرىنىڭ پارچىلىنىپ تۇزۇپ كېتىشىگە سەۋەپ بولۇپ قالىدۇ دەپ قارايدىغان يەنە بىر گۇرۇھتىكىلەر بولسا، ئۇرۇسلارنى مەركەز قىلغان بىر مەركەزىي ھاكىمىيەت تەۋەسىدە مۇسۇلمان تۈركلىرىگە كۈلتۈر ۋە دىنىي جەھەتتىكى مۇختارىيەت بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويىشىدۇ. بۇ گۇرۇھتىكىلەر "تۈركچىلەر" دەپ ئاتالدى. قازان ئۇنىۋېرسىتىت ئوقۇغۇچىسى ئالىمجان شەرەپ، تاتار ۋە باشقىرتلار كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا قۇرۇلغىسى ئىدىل ـ ئۇرال دۆلىتىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ قۇرۇلتايغا سۇنىدۇ. بۇ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنى بىرەر ئايدەك داۋاملىشىدۇ. بولشېۋىكلار بۇ يەردە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن تاتار مىللەتچىلىرى بىلەن ئۇچۇرۇشۇش يوللىرىنى ئاختۇرۇشقا كىرىشكەن ئىدى. قۇرۇلتاينىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى، ستالىن تەرىپىدىن سۇنۇلغان مۇسۇلمانلار مەسىلىسىگە مەسئول بىر مەركەزى كومىسسارلىق ئورگىنى تەشكىل قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى تەرىپىدىن بىردەك رەت قىلىنىدۇ. ئاخىرىدا، قۇرۇلتايدا ئىدىل ـ ئۇرال ئاپتونومىيىسىنى قۇرۇپ چىقىش قارارى قوبۇل قىلىنىپ، مائارىپ، مالىيە ۋە دىنىي

ئىشلاردىن ئىبارەت ئۈچ نازارەتتىن تەشكىل تاپىدىغان بىر مىللىي ئورگان قۇرۇش قارار قىلىنىدۇ. بۇ مىللىي ئىدارىنىڭ رەئىسلىكىگە سادىر مەقسۇدىي (ئارسال) تەيىنلىنىدۇ.

يەنە شۇ كۈنلەردە، ئىدىل-ئۇرال قۇرۇلتىيىدا رەت قىلىنغان ستالىننىڭ كومپارتىيىگە تەۋە بىر مۇسكوم تەشكىل قىلىش دېگەن تەكلىپى قازان سوتسيالىستچىلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى موللانۇر ۋاھىتوۋ تەرىپىدىن ماقۇل كۆرۈلىدۇ. نەتىجىدە ستالىن، ۋاھىتوۋنى تاتار زىيالىيلىرىدىن گالىمجان ئىبراھىموۋ ۋە باشقىرتلاردىن شېرىپ ماناتوۋلار بىلەن بىرگە مۇسكومغا، يەنى مۇسۇلمانلار كومىسسىيىسىگە مەسئۇل قىلىپ بېكىتىدۇ. مۇسكوم، خەلق كومىسسارلار كومىتېتىنىڭ 1918-يىلى 17-يانۋار كۈندىكى قارارىغا ئاساسەن قۇرۇلغان مىللىي ئىشلار كومىسسارلىقى (ناركومناتس) غا قارايدىغان بىر بۆلۈم بولۇپ ئىش بېجىرىدىغان بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئورگان ستالىنغا بىۋاستە قارايدىغان بىر ئورگانغا ئايلىنىدۇ. بۇ ئىشلار تاتار مىللىي ھەرىكىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئېغىر بۆلۈنۈشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، مىللىي قۇرۇلتاي پۈتۈن رۇسىيە مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيى ئوچۇق ۋاقتىدا قۇرۇلغان «ھەربىي شۇرا» بىلەن بىرگە قۇراللىق كۈچ تەشكىللەش ئۈچۈن قايتا بىر يىغىن ئېچىش ھەققىدىمۇ بىر قارار ماقۇللاشقان ئىدى. بۇ قارارغا ئاساسەن، موتلەق كۆپچىلىكى تاتارلار بىلەن باشقىرتلاردىن تەشكىل تاپقان 150 كىشىگە يېقىن قۇرۇلتاي ۋەكىلى 21-يانۋار كۈنى قازان شەھىرىدە يىغىن چاقىرىدۇ. بۇ يىغىندا يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئىدىل-ئۇرال مۇختارىيەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ھەققىدىكى ئارزۇسىدا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرغا قويىشىدۇ. يىغىنغا قاتناشقان بولشېۋىك ھەيئەتلەر يىغىننى تاشلاپ چىقىش ئارقىلىق بۇ قارارغا نارازىلىق بىلدۈرۈشىدۇ. بۇ ئارىدا، ئىدىل- ئۇرال مۇختارىيىتىگە توسقۇنلۇق قىلماقچى بولغان قازان سوۋېتى، 26-فېۋرال كۈنىسى ئالىي دەرىجىلىك قوراللىق ئىنقىلاۋىي قوماندانلىق شتاب تەشكىللىگەن ئىدى. شېيكمان رەئىسلىكىدە قۇرۇلغان قوماندانلىق شتاب ھەيئەتلىرى ئارىسىدا تاتارلاردىن ياقۇبوۋ بىلەن سۇلتان غالىيېۋلەرمۇ بار ئىدى. ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، قازان سوۋېتى بۇ رايوندا ھەربى ھالەت ئېلان قىلىپ ھەربىي شۇرانىڭ بارلىق ئەزالىرىنى قولغا ئالىدۇ. شۇرا ئەزالىرىغا سوۋېتلەرگە ساداقەت قەسىمى بېرىش ۋە ئىدىل-ئۇرال ئاپتونومىيىسىنى رەت قىلىش شەرتى بىلەن تۈرمىدىن قويۇپېتىدىغانلىقى ئۇختۇرۇلىدۇ. سەئىد گىراي بىلەن ئىلياس ئالكىن ئاكا-ئۇكىلار، توكومبېتوۋ بىلەن مۇزەپپەررووۋلاردىن تەشكىللەنگەن ھەربى شۇرا ھەيئەتلىرى بىر ئامالىنى قىلىپ بولشېۋىكلارنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلۇپ، قازان شەھىرىدىن بۇلاق دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتىۋېلىپ ئىدىل-ئۇرال دۆلىتىنى قۇرۇشتا قەتئىي چىڭ تۇرىدىغانلىقلىغىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىشىدۇ (سوۋېتلەر بۇ ۋەقەنى كىچىك كۆرسىتىش ئۈچۈن بۇ دۆلەتنى

ترانسبۇلاق جۇمھۇرىيىتى دەپ ئاتىۋېلىشقان ــ ئا. ھ. ئىزاھاتى). ئەمما بولشېۋىكلار بۇ ئىشقا تاكتىكا ئىشلىتىپ ئۇزۇنغا سوزمەي دەرھال جاۋاب بېرىشتى. دېگەندەك، 23ـ مارت كۈنىسى پراۋدا گېزىتىدە، ستالىن بىلەن بىرلىكتە موللانۇر ۋاھىتوۋ ۋە قالغان مۇسكوم ئەزالىرىنىڭ ئىمزاسى بىلەن جەنۇبىي ئۇرال ۋە ئوتتۇرا ۋولگا ۋادىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەرلەردە رۇسىيە فېدېراتسىيىسىگە قارايدىغان «تاتارـ باشقىرت سوۋېت جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىشىدۇ. بۇ ئىش بولۇپ بەش كۈن ئۆتكەندە قىزىل ئارمىيە قازان شەھىرىگە كىرىپ، مىللىي قۇرۇلتاينىڭ بۇلاق دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىغا جايلاشقان مەركىزىنى ئىگەللىۋالىدۇ؛ كەينىدىنلا بىر ئۇختۇرۇش چىقىرىپ مىللىي قۇرۇلتاي بىلەن ھەربىي ئىشلار شۇراسىنىڭ تارقىتىۋېتىلگەنلىكىنى ئېلان قىلىشىدۇ. قولغا ئېلىنىشتىن قېچىپ قۇتلالىغان مىللىي قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى باشقىردىستان رايونىغا ۋە سىبىرىيىدىكى ئادمىرال كولچاك ھۆكۈمىتىنىڭ مەركىزى جايلاشقان ئومسك رايونىغا بېرىۋالىدۇ. شۇندىن باشلاپ ئىدىلـ ئۇرال مىللىي مەركىزى ئۆز پائالىيەتلىرىنى ئەنە شۇ يەردە تۇرۇپ قانات يايدۇرىدۇ.

ئۇ كۈنلەردە، بارغانسىرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقان ئىچكى ئۇرۇش بولشېۋىكلارنى بەكلا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماقتا ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار پايدىلىنىشقا بولىدىغان بارلىق ئىمكانلاردىن تولۇق پايدىلىنىشقا مەجبۇر بولماقتا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بولشېۋىك ھاكىمىيىتى مۇسۇلمان ئىشچىلىرى بىلەن دېھقانلىرىدىن قۇراللىق پولكلار تەشكىللەش مەقسىتىدە مۇسكوم رەھبىرى موللانۇر ۋاھىتوۋ رەئىسلىكىدە «مەركەزى مۇسۇلمان قۇراللىق كۈچلەر ئىدارىسى» قۇرۇپ چىقىشنى قارار قىلىشىدۇ. بۇ ئىدارە، بىر تەرەپتىن ھەربىي ئەترەتلەرنى قۇرۇشقا كىرىشكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئەترەتتىكى ھەربىلەرگە ئىدىيىۋى تەلىمـ تەربىيە بېرىش ئىشىغا تۇتۇش قىلىدۇ. بۇ جەرياندا، ئاق ئۇرۇس قۇراللىق كۈچلىرى قازاننى بېسىۋالىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا موللانۇر ۋاھىتوۋغا ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ. بۇ ئەھۋاللار يۈز بەرگەچكە، سوۋېت تەرەپ بۇ پىلاننى ئىجرا قىلىش ئىشىنى ۋاقتىنچە توختىتىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. قىزىل ئارمىيە قازان شەھىرىنى قايتا تارتىپ ئالغان سىنتەبىردىن كېيىن، بۇ لايىھىنى قايتا ئىجرا قىلىش ئىشىنى مىرسائىد سۇلتان غالىيېۋگە تاپشۇرىدۇ. غالىيېۋغا يەنە مۇسكوم رەئىسلىكىگىمۇ تەيىنلەنگەن ئىدى.

سۇلتان غالىيېۋ بىلەن ئۇنىڭ سەبداشلىرى، تاتارـ باشقىرت جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش لايىھىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پىلانىنىمۇ توختاتمىغان ئىدى. بۇ ئىشنى 1919ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا چاقىرىلغان شەرق خەلقلىرى پۈتۈن رۇسىيە كوممۇنىستىك تەشكىلاتلىرى قۇرۇلتىيىدا قايتا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ تەكلىپ قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى تەرىپىدىن دەرھال ماقۇللىنىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ موسكۋانىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا، رۇسىيىنىڭ مەركەزى قىسمىدا چوڭ بىر تۈرك دۆلىتى قۇرۇش پىلانىنى بولشېۋىكلار

ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلالمايتتى. شۇنداق بولغاچقا، 13-دېكابىر كۈنىسى، لېنىن يېتەكچىلىكىدە ئېچىلغان رۇسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى سىياسىي بىيرو يىغىنىدا بۇ تەكلىپ رەت قىلىنىپ، بۇ ھەقتىكى بارلىق پائالىيەتلەرنى دەرھال توختىتىش ھەققىدە قارار قوبۇل قىلىنىشىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي پائالىيىتىنى داۋام قىلىۋاتقان شەرق خەلقلىرى كوممۇنىستىك تەشكىلاتلار قۇرۇلتىيى مەركەزى بىيرۇسى، بۇ مەسىلىنىڭ قايتىدىن قۇرۇلتاي كۈن تەرتىۋىگە ئېلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، سۇلتان غالىيېۋنىڭ يېقىن خىزمەتدىشى، قازان بولۇمى كوممۇنىستلار پارتىيىسى رەئىسى بۇرۇندۇكوۋ، سىياسىي بىيرونىڭ بۇ ھەقتىكى قارارىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، كۆرسىتىلگەن پۈتۈن بۇ تىرىشچانلىقلار ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. 1919-يىلى 23-مارت كۈنىسى ئاپتونوم باشقىرت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى رەسمى ئېلان قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ۋولگا بويلىرىدا تارىختىن بۇيان بىر-بىرسى بىلەن ئارىلىشىپ ياشاپ كەلگەن تاتارلار بىلەن باشقىرتلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئۇلۇغ تۈرك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش غايىسىگە خاتىمە بېرىلىدۇ. ئورېنبۇرگدا بىر ئۇرۇس رايونى شەكىللەندۈرۈپ قازاغىستان بىلەن باشقىردىستان ئوتتۇرىسىغا بىر سۇنئىي سېپىل سوقىۋالغان بولشېۋىكلار دائىرىسى، بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىشتىن بىرسىنى ۋولگا بويلىرىدىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، تۈرك قەۋملىرىنى يەنە بىر قېتىم سۇنئىي چېگرالار بىلەن ئايرىپ بۆلىۋېتىدۇ. جاھانگىرلارنىڭ تارىختىن بۇيان يولغا قويۇپ كەلگەن بۆلۈپ پارچىلاپ باشقۇرۇش سىياسىتى ھەقىقەتەنمۇ قىلچە ئۆزگەرمەي داۋاملىشىپ كەلمەكتە ئىدى. تەخمىنەن بىرەر يىل ئۆتكەندە، يەنى 1920-يىلىنىڭ 27-ماي كۈنىسى سىياسىي بىيرو، ئىدىل-ئۇرال جۇمھۇرىيىتى لايىھەسىدە كۆرسىتىلگەن تېرىتورىيەلەرنىڭ ئۈچتە بىرىگە تەڭ دېگىدەك بىر ساھە ئىچىدە ئاپتونوم تاتار سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى قوبۇل قىلىنىشىدۇ. قۇرۇلغان بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ چېگرالىرى ئىچىدە، نوپۇسىنىڭ ئاران يېرىمىنى تاتار تۈركلىرى تەشكىل قىلماقتا ئىدى. تاتارلارنىڭ كۆپ سانلىقىنى تەشكىل قىلىدىغان رايونلار بولسا، بۇ جۇمھۇرىيەت چېگراسىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلغان ئىدى.

غالىيېۋنىڭ تاتارىستاندىكى ئىجرائەتلىرى ئالاھىدە نەتىجىلىك كېتىۋاتاتتى. يەرلىك كادىرلارنى تەربىيىلەش بىلەن سىياسىيلاشتۇرۇشتا قۇراللىق قىسىملارنىڭ رولى بەكلا مۇھىم بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدىغان غالىيېۋ، بۇ ئىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ (بۇنىڭغا ئوخشىغان بىر قاراشنى كېيىنكى بىر يىللىرى ماۋ زەيدۇڭ خىتايدا يولغا قويۇپ كۆرنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن ئىدى — ئا. ھ. ئىزاھاتى). مۇسۇلمان ئەسكەرلەردىن تەشكىل قىلىنغان قىزىل ئارمىيە، غالىيېۋنىڭ "شەرق كوممۇنىزمى" ستىراتېگىيىسىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە ئىدى. سۇلتان غالىيېۋ مۇسۇلمان ھەربىي ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ تەيىنلەنگەن 1918-

يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدا، قىزىل ئارمىيە ئىچىدىكى تاتار ـ باشقىرت قۇراللىق كۈچلىرىنىڭ سانى 50 مىڭ نەپەر ئەتراپىغا يەتكەن ئىدى. ئارىدىن بىرەر يىل ئۆتۈپ 1919 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، شەرق فرونتىنى تەشكىل قىلغان قىزىل ئارمىيە 6 ـ يۆلۈنۈش ئارمىيىسىدىكى مۇسۇلمان ئەسكەر سانى 250 مىڭ كىشىگە يېتىپ، قۇماندانلىق ھوقۇقى پۈتۈنلەي مۇسۇلمان ئوفىسېرلىرىنىڭ قولىدا ئىدى.

(رەسىم ئورنى)
مىرسائىد سۇلتان غالىيېۋ

سۇلتان غالىيېۋ، مۇسكوم بىلەن مۇسۇلمان ھەربى ئىشلار ئىدارىسىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى بىرگە ئۆتەش بىلەن بىرگە «ژىرنىناتسىيونالنوتسېي» گېزىتىنىڭ تەھرىرلىگىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە شەرق ئەمگەكچىلەر كوممۇنىستىك ئۇنىۋېرستىتى (ك ئۇ ت ۋ) دىمۇ دەرس بېرىپ تۇراتتى. 1920 ـ يىلى قۇرۇلغان بۇ ئۇنىۋېرستىت، ئاسىيا ۋە ئافرىقا ئەللىرىدىن كەلگەن كوممۇنىست كادىرلارنى تەربىيىلەيدىغان بىر ئالىي مەكتەپ ئىدى. ھىندىستانلىق موبېندرا ـ نات روي، ئىرانلىق سۇلتانزادە، ھىندىنوزىيىلىك كوممۇنىست تاڭ مالاكا قاتارلىق داڭلىق كىشىلەرمۇ بۇ ئۇنىۋېرستىتتا دەرس بېرەتتى. بۇنداق پايدىلىق شارائىت، غالىيېۋگە كېيىنكى دەۋرلەردە "ئۈچىنچى دۇنيا سوتسىيالىزمى" دەيدىغان قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىدە نەزەرىيە ئاساسلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن پۇرسەت بولۇپ بەرگەن ئىدى. «مۇستەملىكە ئەللەر ئىنتېرناتسىيونالى» بىلەن «شەرق كوممۇنىزمى» دېگەن قارىشىنى ئوتتۇرغا قويغان مىرسائىد سۇلتان غالىيېۋ، ئوتتۇرىغا قويغان بۇ تۈردىكى قاراشلىرى نەتىجىسىدە شەرق مۇسۇلمان ـ تۈرك كادىرلىرى ئىچىدە تەسىرى كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان بىر نەزىرىيىچىگە ئايلانماقتا ئىدى.

شەرق مۇسۇلمان تۈركلىرى ئىچىدىن چىققان بىر كىشىنىڭ بولشېۋىك نەزىرىيىۋى ئاساسلىرى بىلەن سوتسىيالىزم چۈشەنچىلىرى ئۈستىدە بۇنچە تەسىر قوزغىغان داڭلىق بىرسىگە ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىقى، ستالىن قاتارىدىكى بارلىق ئىنقىلاپ داھىلىرىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغاپ، ئۇنىڭغا كۆز تىكىشكە باشلىغان ئىدى. غالىيېۋ ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيە، ماركسىزمنى يېڭىدىن ئىزاھلاشقا زورلايدىغان بىر نەزەرىيە ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە "ئىنقىلاپقا ئەڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىل ــ رۇسىيە ئىشچىلار سىنىپىدۇر" دېگەن قاراشنىمۇ قايتا ئويلىنىشقا مەجبور قىلاتتى. 1920 ـ يىلىنىڭ ئاۋغۇست ئېيىدا، "موسكۋا ساڭا ئېھتىياجلىق" دېگەن باھانە بىلەن ئۇنى مەركەزگە چاقىرىشىدۇ. مۇسۇلمان ئەسكەرلەر ئۈچۈن قازاندا قۇرۇلغان بارلىق كورۇس مەركەزلىرىنى مۇسۇلمان ھەربى ئىشلار ئىدارىسى بىلەن بىرگە قوشۇپ موسكۋاغا يۆتكەپ كېتىدۇ. سۇلتان غالىيېۋنىڭ ئورۇنباسارى بولغان

شامىل ئۇسمانوۋنىمۇ "ھەربىلەر ئارىسىدا مىللەتچىلىك تەشۋىقاتى بىلەن شوغۇللانغان" دېگەن جىنايەتنى ئارتىپ تۈركىستانغا سۈرگۈن قىلىشقان.

كوممۇنىستلار ئىچكى ئۇرۇشتا غالىپ كېلىپ رۇسىيەدىكى ھاكىمىيەتنى مۇقىملاشتۇرىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى غايىسى بىلەن يولغا قويماقچى بولغان ئەسلى پىلانلىرىنى ئوتتۇرغا قويۇشقا كىرىشتى. دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى سىلىق مۇئامىلىلىرى ئورنىغا قاتتىق قول سىياسەت يۈرگۈزۈش ئۇسۇللىرى دەسستىلىدۇ. ئۇلار ئۆز كۆزقاراشلىرىغا ئۇيغۇن بولمىغان ھەرقانداق قاراشنى "ئىنقىلاب يولدىن ئېزىش، ئەكسىل ئىنقىلاۋى ھەرىكەت" دەپ ھۆكۈم قىلىشتى. سۇلتان غالىيېۋنى قولغا ئالغان 1923-يىلىسى مىللەتچى كوممۇنىست كادىرلارنى تازىلاش ھەرىكىتىگە ئاتلىنىدۇ. ئاپرىل ئېيىدا چاقىرىلغان 12-نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىدا غالىيېۋنى "مىللىي ئاغمىچى" دەپ تەنقىتلىشىپ، بارلىق ۋەزىپىلىرىدىن ئېلىپ تاشلىشىدۇ. بىرەر ئايدىن كېيىن قولغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە قويىۋېتىلىدۇ. ئۇ يىللىرى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى فېدېراتسىيە شەكلىدە رەسمى ئوتتۇرغا چىققان ئىدى. بۇ فېدېراتسىيىلىك دۆلەت، مىللىي مەسىلىلەرنى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلدۇق دەپ جاركارلىشىپ، مىللىي ئىشلار كومىسسارلىقىنى تارقىتىۋەتكەن ئىدى. كېيىنكى يىللاردا، رۇسىيە كوممۇنىستىك پارتىيە مەركەزى كومىتېتىنىڭ 4-سانلىق يىغىنىدا، ستالىن سۇلتان غالىيېۋ بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان غالىيېۋىزمىگە رەددىيە بېرىدىغان ئۇزۇن بىر نوتۇق سۆزلەيدۇ. يىغىندىن كېيىن، غالىيېۋنى قايتىدىن تەنقىتلەش ھەرىكىتى باشلىنىلىدۇ. ئاخىرى ئۇنى كوممۇنىستىك پارتىيىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. كېيىن ئۇنى يەنە قايتىدىن قولغا ئېلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇنى بىر مەزگىل تەنقىت قىلىنىپ پارتىيىدىن قوغلانغان مىللەتچى كوممۇنىست سەبداشلىرى بىلەن قوشۇپ ستالىن تېرورىغا قۇربانلىق قىلىشىدۇ.

تاتار زىيالىيلىرىدىن بولشېۋىكلەرگە يېقىن كەلمەيدىغانلار يا ئۇجۇقتۇرىلىدۇ ياكى بولمىسا چەتئەلگە قېچىپ كېتىشكە مەجبور بولىدۇ. قازان شەھىرىنى بولشېۋىكلار ئىشغال قىلىۋالغاندا ئاق ئۇرۇس ئادمىرالى كولچاكنىڭ يېنىغا پانالىق تىلەپ بېرىۋالغان مىللىي قۇرۇلتاي بولسا، ئاقلار مەغلۇپ بولغان ۋاقىتقىچە ئۆز پائالىيەتلىرىنى شۇ يەردە داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىن تارقىلىپ كېتىدۇ. بۇ قۇرۇلتاي، 1919-يىلى ئەتىيازدا بىر قېتىملىق كىچىك بىر يىغىن ئېچىش پۈرستىگە ئېرىشىدۇ. بۇ يىغىندا پارىژدا چاقىرىلىدىغان خەلقارالىق تىنچلىق قۇرۇلتىيىغا ئىدىل-ئۇرال ۋە سىبىرىيە تۈركلىرىنىڭ مەسىلىلىرىنى تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە بىر ھەيئەت ئەۋەرتىش قارارى ئېلىنغان ئىدى. مىللىي ھۆكۈمەت باشلىقى سادىر مەقسۇدىي، تەھىرىر ئاياز ئىسھاقى ۋە تۇنجى قۇرۇلتاينىڭ ئەزالىرىدىن فۇئات توقتاروۋ قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن ۋەكىللەر ئۇمىگى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئەگرى-توقايلىق

يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ مىڭ بىر مۇشەققەت بىلەن پارىژغا يېتىپ باردۇ. ئەمما سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر، بۇ ئۇمەكنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كېتىش يولىنى توساپ قويدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ۋەكىللەر ئۇمگىنىڭ ئەزالىرىدىن ئاياز ئىسھاقىي ياۋرۇپا ئارقىلىق يىراق شەرققە بارماقچى بولغان تاتار كادىرلىرى بىلەن بىرلىكتە چەتئەلدىكى ئىدىل-ئۇرال مىللىي كۈرىشىنى شەكىللەندۇرىدىغان يېتەكچىلەردىن بىرى بولۇپ قالدۇ.

## تۈركىستان خانلىقلىرىنىڭ ئاقىۋىتى ۋە خەلق جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ قۇرۇلىشى

14-ئەسىرلەردە ئۇلۇغ تۆمۈر تەرىپىدىن قۇرۇلغان چاغاتاي ئىمپىرىيىسى 150 يىلدەك ۋاقىت ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن، ئورنىنى شەيبانى ئۆزبەكخان قۇرغان دۆلەتكە بوشىتىپ بەرگەن ئىدى. ئۆزبەكخان، سافاۋىلەر دۆلىتى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ دۆلىتى مۇنقەرز بولىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ جايلاردا نۇرغۇنلىغان ئۇششاق خانلىقلار ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ. 17-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئۆزبەكلەرنىڭ مانگىت قەبىلىسى بۇخارادا، كونگرات قەبىلىسى بولسا خارەزم تەۋەسىدە خانلىق قۇرغان ئىدى. 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا بۇخارا خانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتەرگەن ئۆزبەك مىڭلار قەبىلىسى فەرغانە رايونىدا قوقان خانلىغىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. 19-ئەسىرگە كەلگەندە بۇ رايوندا يېڭى بىر كۈچ — چارروسىيە پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. ئۇرۇسلار 1868-يىلى سەمەرقەند شەھىرىنى بېسىۋالىدۇ. شۇ يىلى بۇخارا خانلىغى رۇسىيىنىڭ ھىمايىسىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبور بولىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشىغان ۋەقە خىۋە خانلىغىدىمۇ يۈز بېرىپ، 1873-يىلىسى خىۋە خانلىغىمۇ رۇسىيىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. 1876-يىلى روسىيىلىكلەر قوقان خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، بۇ زېمىند تۈركىستان ئومۇمىي ۋالىلىغى (گوبېرنىيىسى) نى قۇرىۋالىدۇ. 20-ئەسىرگە قەدەم باسقان يىللاردا تۈركىستان تەۋەسىدە ئىچكى ئىشلاردا قىسمەن مۇستەقىل، ئەمما تاشقى مۇناسىۋەتلەردە پۈتۈنلەي رۇسىيىنىڭ تېزگىنىدە ئىككىلا خانلىق ساقلىنىپ قالغان ئىدى. بۇلاردىن بۇخارا خانلىغى 200000 كىلومېتر چاسا زېمىنغا ۋە 2 مىليوندەك نوپۇسقا ئىگە بىر خانلىق ئىدى. خىۋە خانلىغى ئۇنىڭدىن خېلى كۆپ كىچىك بولۇپ، 55000 كىلومېتر چاسا زېمىنگىلا ئىگە ئىدى. بۇ خانلىقلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا سىياسىي ۋە قۇراللىق كۈچ جەھەتتە تۈركىستان ئومۇمىي ۋالىلىغى تەرىپىدىن تېزگىنلەنمەكتە ئىدى (1-خەرىتىگە قارالسۇن. — ئا. ھ. ئىزاھاتى).

# خىۋە خانلىغى

خىۋە خانلىغى، 1912 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىچكى بۆلۈنۈش دەۋرىگە كىرىپ قالغان ئىدى. خانلىق تەلەپ قىلغان يەر بېجىنىڭ ئېغىرلىغى سەۋەبىدىن ئوتتۇرغا چىققان نارازىلىق ھەرىكەتلەر، يومۇد تۈركمەنلىرىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرىشىگە سەۋەپ بولىدۇ. قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىغى مۇھەممەد قۇربان سەردار، يومۇد قەبىلىلىرى تەرىپىدىن خان دەپ ئېلان قىلىنىپ جۇنەيدخان دىگەن نامنى ئالىدۇ. جۇنەيدخان 1916 ـ يىلىنىڭ بېشىدا خىۋەنى بېسىۋېلىپ، ۋەزىرنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ خىۋە خانى ئىسفەندىيارنى ئۆزىگە بېقىندى قىلىۋالىدۇ. خىۋە ھاكىمىيىتى جۇنەيدخاندەك بۇنداق كۈچلۈك بىر رەھبەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قېلىشىدىن رۇسىيىلىكلەر ھەرگىز خاتىرجەم بولالمايتتى. شۇڭا، رۇسىيە جۇنەيتخاننى ھاكىمىيەت بېشىدىن ئايرىلىشقا مەجبورلاش ئۈچۈن ھەرجەھەتتە سىياسىي بېسىم ئىشلىتىشكە كىرىشىدۇ. بۇ بېسىمغا بەرداشلىق بىرەلمىگەن جۇنەيدخان، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن خىۋەدىن ئايرىلىپ ئىرانغا چىقىپ كېتىشكە مەجبور بولىدۇ. بۇ قالايماقانچىلىقلار، جەدىتچىلىكنىڭ بىر مەھسۇلى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن پالۋان نىياز يۈسۈپ يىتەكچىلىگىدىكى ياش خىۋەلىكلەر ھەرىكىتىنىڭ كۈچىيىشىگە پۇرسەت بولۇپ بېرىدۇ. 1917 ـ يىلىقى روسسىيە فېۋرال ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، ياش خىۋەلىكلەر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش تەلەپلىرىنى قايتىدىن ئوتتۇرىغا قويۇپ خانغا بېسىم ئىشلىتىشكە باشلايدۇ. ئىسفەندىيار خان، 1917 ـ يىلى 5 ـ ئافرىلدا بىر بايانات ئېلان قىلىپ خانلىق ـ پارلامېنت ھاكىمىيەت تۈزۈمى ــ مەشرۇتىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر قۇرۇلتاي تەشكىل قىلىشقا ماقۇل بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ياش خىۋەلىكلەر بىلەن پومېشچىك ـ بايلاردىن تەشكىل تاپقان 32 كىشىلىك بىر قۇرۇلتاي تەشكىل قىلىنىدۇ. بۇ قۇرۇلتاينىڭ رەئىسلىكىگە جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بولغان بابا ئاخۇن سايلىنىپ، باش مىنىستىر (باش نازىر) لىككە بولسا مەتمۇرات تەيىنلىنىدۇ. ئەمما جەدىتچىلارنىڭ باشقۇرىشىدا قۇرۇلغان بىر ھۆكۈمەت، قەبىلە رەئىسلىرى بىلەن پومېشچىك ـ بايلار قوبۇل قىلالمايدىغان بىر ھۆكۈمەت ھېساپلىناتتى. بۇ ئارىدا جۇنەيدخانمۇ ئىراندىن قايتىپ كەلگەن بولۇپ، ياش خىۋەلىكلەر ھۆكۈمىتىنى تارقىتىۋېتىش ھەققىدە ئىسفەندىيارخانغا بېسىم ئىشلىتىشكە كىرىشىدۇ. ئىيول ئېيىدا خىۋە خانى ھۆكۈمەتنى تارقىتىۋېتىپ، ياش خىۋەلىكلەردىن تەشكىل تاپقان قۇرۇلتاي ئەزالىرىنى قاماققا ئالىدۇ. قولغا ئېلىنىشتىن قېچىپ قۇتۇلغان جەدىتچىلار باشلىقلىرى ئۆز پائالىيەتلىرىنى يەر ئاستىغا كۆچۈرۈپ قانات يايدۇرىشىدۇ.

1917-يىلى پارتىلىغان روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى خانلىق ئىچىدە قالايماقانچىلىقلارنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشىگە سەۋەپ بولىدۇ. خىۋە ھەربى گازارمىسىدىكى ئۇرۇس ئەسكەرلىرى بولشېۋىك ھاكىمىيىتى تەرىپىگە ئۆتىۋالغان ئىدى. ياش خىۋەلىكلەر بولسا، خانلىق ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇس ھەربى قوماندانلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىش يوللىرىنى ئاختۇرۇشقا كىرىشىدۇ. يەنە بىر تەرەپتە جۇنەيدخان بولسا، ھەم خىۋە خانلىقىغا ھەم ئۇرۇسلارغا قارشى ئىككى سەپ بويىچە جەڭگە ئاتلانغان ئىدى. 1918-يىلىنىڭ سىنتەبىر ئېيىدا خىۋە خانى ئىسفەندىيار، جۇنەيدخاننىڭ ئوغلى ئىشىم تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىپ، ئىسفەندىيارخاننىڭ ئىنىسى سەئىد ئابدۇللا ئاكىسىنىڭ ئورنىغا خان دەپ ئېلان قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ خانلىقنىڭ ھوقۇقى ئەمەلىيەتتە جۇنەيدخاننىڭ قولىغا ئۆتكەن ھېساپلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۈرگەنچ شەھىرىنى ئۆزلىرىگە بازا قىلىپ تاللىۋالغان ياش خىۋەلىكلەر، قىزىل ئارمىيە بىلەن بولغان ھەمكارلىقلىرىنى داۋام قىلدۇرماقتا ئىدى. ئۇلار 1918-يىلىنىڭ ئىيول ئېيىدا چاقىرغان بىر يىغىندا خىۋە ئىنقىلاۋىي كومىتېتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىشىدۇ.

(رەسىم ئورنى)
خىۋە خانلىقىنىڭ خادىملىرى، مەرۋ، 1897 (ئەھەت ئەنجان ئارخىۋىدىن)

1919-يىلىنىڭ دىكابىر ئايلىرىدا، تۈركىستان ئالدىنقى سېپى ئىنقىلاۋى كومىتېتى بىلەن ھەربىي شۇراسى، سوۋېت ھۆكۈمىتى تۈركىستان كومىسسىيىسى بىلەن بىرلىشىپ خىۋە خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش قارارىنى ئالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن "جۇنەيدخان ۋە ئۇنىڭ ھىمايىچىلىرىنىڭ قانلىق دىكتاتۇرلىقىدىن خىۋە ئەمگەكچىلىرىنى قۇتقۇزۇش" دېگەن شۇئارنى كۆتۈرۈپ چىقىشقان ئىدى. تۆتكۆل دىگەن يەردىن يولغا چىققان ئۇرۇس قوشۇنلىرى خىۋە خانلىقى تەۋەسىگە كىرىپ كېلىدۇ. ئۇرۇش بىرەر ئايدەك داۋاملىشىپ، 1920-يىلى 25-يانۋار كۈنىگە كەلگەندە خىۋە شەھىرى سوۋېت قوشۇنلىرى تەرىپىدىن بېسىپ ئېلىنىدۇ. ئۇرۇسلار بىلەن بىرگە شەھەرگە كىرگەن خىۋە ئىنقىلاۋىي كومىتېتى، 1920-يىلىنىڭ 1-فېۋرال كۈنىسى بىر خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىللەپ چىقىدۇ. بۇ قۇرۇلتايدا قوبۇل قىلىنغان بىر قارارغا ئاساسەن خانلىق تۈزۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خارەزم خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقى جاكارلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ياش خىۋەلىكلەر ھەرىكىتى يەنە بىر قېتىم ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىدۇ. جۇنەيدخان بولسا، يېڭى ھۆكۈمەت بىلەن بولشېۋىكلارغا قارشى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش مەقسىتىدە خىۋە سەھرالىرىغا چېكىنىدۇ. بۇ جەرياندا ئەڭ ئاخىرقى خىۋە خانى

بولغان سەئىد ئابدۇللا، تەختتىن چۈشكەنلىگىنى ئېلان قىلىدۇ. ئۇرۇسلار تەرىپىدىن موسكۋاغا ئېلىپ كېتىلگەن سەئىد ئابدۇللا، موسكۋادا يوقسۇللۇق ئىچىدە ئۆلىدۇ.

# بۇخارا خانلىغى

بۇخارا خانلىغى، تۈركىستان خانلىقلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ كونا ۋە ئەڭ كۈچلۈك خانلىق ھېساپلىناتتى. بۇخارا خانلىقى، رۇسىيىلىكلەر تۈركىستاننى ئىشغال قىلىشقا باشلىغان يىللاردىلا بىرمۇنچە شەھەرنى ئۇرۇسلارغا تارتقۇزۇپ قويۇپ، ئاخىرى 1873 ـ يىلىدا ئەمىر سەئىد مۇزەپپەر بىلەن تۈركىستان ئومۇمىي ۋالىسى فون كاۋفمان ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان كېلىشىم نەتىجىسىدە رۇسىيىگە بېقىندى بىر دۆلەت ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان ئىدى. بۇخارا ئەمىرلىگى، بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن سەمەرقەند شەھىرىنى ئۇرۇسلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان؛ تاشقى سىياسەتتە رۇسىيىنىڭ تېزگىنى ئاستىدا تۇرىدىغان؛ خانلىق چېگرالىرى ئىچىدە رۇسىيە گراژدانلىرىنىڭ سودا ئىشلىرىدىكى ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان ۋە رۇسىيىنىڭ سىياسىي كومىسسىيە تۇرغۇزىشىنى قوبۇل قىلىدىغان بولغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ رۇسىيىنىڭ بىر مۇستەملىكىسىگە ئايلانغان بۇخارا، 1885 ـ يىلىغا كەلگىچە سىياسىي ۋە قۇراللىق كۈچ جەھەتتە تاشكەنتتىكى تۈركىستان ئومۇمىي ۋالىلىغىنىڭ تېزگىنلىشى ئاستىدا تۇرىدۇ. 1885 ـ يىلى، گوبېرناتورلۇق تۈيۈقسىز ئالغان بىر قارارغا ئاساسەن بۇخارا شەھىرىنىڭ يېنىدا بىر ئۇرۇس سىياسىي ۋاكالەتچىلىك ئورگىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ ۋاقىتقا كەلگىچە، ئەمىر مۇزەپپەر، كېيىن تەختكە چىققان ئەمىر ئابدۇلئەھەت، رۇسىيە بىلەن بىر خىل تەڭپۇڭلۇق سىياسىتىنى يولغا قويۇپ ئۆز ھۆكمۇرانلىقىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئىدى. 1911 ـ يىلىغا كەلگىنىدە، ئەڭ ئاخىرقى بۇخارا ئەمىرى بولىدىغان مىر سەئىد ئالىمخان تەختكە ئولتۇرىدۇ. سەئىد ئالىم، 13 ياش ۋاقىتلىرىدىلا ئاتىسى تەرىپىدىن پېتىربۇرگقا ئەۋەتىلىپ ئۇ يەردە 3 يىلدەك ھەربىي ۋە سىياسىي تەلىم ئېلىپ كەلگەن بىرسى ئىدى. بۇخراغا قايتىپ كەلگىنىدىن كېيىن نەسەف ۋە كەرمىنە شەھەرلىرىدە ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ تۇرغان ئىدى. سەئىد ئالىمخان ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشتىن سەل ئاۋال، يەنى 1910 ـ يىلىنىڭ يانىۋار ئېيىدا، بۇخارادا كەڭ كۆلەملىك سۈننىي ـ شىئەلەر توقۇنۇشى پارتىلاپ، ئىچكى كۈچ تەڭپۇڭلىقى ئاساسەن بۇزۇلۇپ كەتكەن ئىدى. بۇنى پۇرسەت بىلگەن ئالىمخان، تەختكە ئولتۇرىشى ھامان ئاتىسى يولغا قويۇپ كەلگەن قاتتىق قوللۇق سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ ۋاقىتلاردا بۇخارا خانلىغىدا 3 مىڭغا يېقىن ئادەتتىكى مەمورى خادىم ۋە 10 مىڭغا يېقىن قۇراللىق كۈچ مەۋجۇت ئىدى. تاشقى مۇداپىيە جەھەتتە، ئالىمخان ئۆزىگە «ئاتلىق ئەسكەرلەر گېنېرالى» ھەمدە «چارنىڭ باش

ياۋەرى» دېگەن ئۇنۋانلارنى بەرگەن چارپادىشاغا ئىشەنچ قىلاتتى، ھەتتا "ھېچقانداق بىر ئارمىيىگە ئېھتىياجىمىز يوق، بۇخارانىڭ زېمىن پۈتۈنلىكىدىن پۈتۈنلەي رۇسىيە جاۋاپكار، ئەسكەر يېتىشتۈرۈش ئىشى بەكلا قىممەتكە توختايدىغان چىقىمى كۆپ بىر ئىش" دېيەلىگىدەك دەرىجىدە ئۇرۇسلارغا ئىشىنىدىغان، ئۆزىنى بەكلا خاتىرجەم ھېس قىلىدىغان بىر كىشى ئىدى. ئەمما دەل شۇ پەيتلەردە، يەنى ئالىمخان بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقان پەيتلەردە، چار رۇسىيە پايتەختى پېتىربۇرگتىكى رۇسىيە ھۆكۈمەت كابىنىتىدا بۇخارا خانلىقىنى رۇسىيىگە رەسمىي قوشۇۋېلىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنماقتا ئىدى. بۇ ئارىدا پارتىلىغان بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى، كەينىدىنلا ئۇلۇشۇپ كەلگەن رۇسىيە ئىنقىلاۋى، بۇخارا خانلىقىنىڭ يەنە بىر مەزگىل داۋام قىلىشى ئۈچۈن پۇرسەت بولۇپ بەرگەن ئىدى.

بۇخارا، ئەسىرلەر بويى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەلىم-تەربىيە ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، باھاۋۇددىن نەقشىبەندى تەرىپىدىن قۇرۇلغان نەقشىبەندىچىلىك ئېقىمىنىڭمۇ مەركىزى بولۇش سەۋەبىدىن، بۇخارا شەھىرى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا بۇخارائى شەرىف دەپ ھۆرمەتلىنىدىغان بىر شەھەر ئىدى. بۇ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي جەريان، بۇخارادا مەدرىسە مۇدەررىسلىرى بىلەن دىنىي ئۆلىمالار يېتەكچىلىكىدىكى كۈچلۈك بىر ئادەت (قېدىمچىلىق) ئەقىدىسىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. بۇ شەھەر، يەنە بىر تەرەپتىن جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭمۇ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرسى ھېساپلىناتتى. تۈركىستان جەدىتچىلىكىنىڭ نەزىرىيە يېتەكچىلىرىدىن ئابدۇرائۇف فىترات مەدرىسە ئوقۇشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، تېخىمۇ يوقۇرى بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئىستانبۇلغا بارىدۇ. ئۇ يەردە ژون تۈركلەر (ياش تۈركلەر — ئۇ.ت) بىلەن تونۇشىدۇ. فىترات چىقارغان تۇنجى مەتبۇئات ئەسىرىگە «مۇنازەرە» (1911-يىلىسى بىلىم ئېلىش مەقسىتىدە ئىستانبۇلغا كەلگەن فىترات، شۇ چاغلاردىلا «مۇنازەرە» نى يېزىشقا كىرىشكەن ئىدى. فارىس تىلىدا يېزىلغان بۇ ئەسەر، بۇخارادىن ھەرەمگە قاراپ كېتىۋاتقان بىر مۇدەررىس بىلەن، ھىندىستاندا تونۇشۇپ قالغان ياۋرۇپالىق بىر ئالىم ئوتتۇرىسىدا ئۆتكەن سۆھبەتلەر تۈسىدە رەتلەنگەن ئىدى. ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بولسا، ئۇ ۋاقىتلاردا كەڭ كۆلەمدە تالاش-تارتىش قىلىنىۋاتقان ئۇسۇلىي جەدىت مەكتەپلىرى ھەققىدە بولۇپ، بۇخارادا بىر قېتىملىق مائارىپ ئىسلاھاتىغا ئېھتىياج بولۇش-بولماسلىقىغا دائىر مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. يىغىپ ئېيتقاندا، ياۋرۇپالىق ئالىم ئىسلام بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە ئەرەپچىگە بولغان ئۈستىلىكىدىن پايدىلىنىپ، بۇخارالىق مۇدەررىسنى مائارىپ ساھەسىدە ئىسلاھات قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىگە قايىل قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. — ئا. ھ. ئىزاھاتى) دېگەن نام بېرىلگەن بولۇپ، بۇخارالىق جەدىتچىلار "ياش بۇخارالىقلار" دېگەن نام بىلەن بۇ مەتبۇئات ئەسىرىنى دەستۇر قىلغان ئاساستا بىر يەرگە كەلگەن ئىدى. ياش

بۇخارالىقلارنىڭ يىتەكچىلىرىدىن ئوسمان غوجىمۇ، 1908-يىلىسى يېقىن دوستى خەمىت غوجا بىلەن بىرگە ئىستانبۇلغا بارغىنىدا ژون تۈرك ئېقىمىدىكىلەر بىلەنلا تونۇشۇپ قالغان بولماي، يەنە ئىتتىھاد ۋە تەرەققىينىڭ يىتەكچىلىرى بىلەنمۇ تونۇشقان ئىدى. شۇ ۋاقىتلاردا تىكلەنگەن بۇ مۇناسىۋەت، ئوسمان غوجىنىڭ كىلەچەكتىكى سىياسىي كۈرەش يولىنى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندۈرۈپ بەرگەن دېيىشكە بولاتتى.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى، جەدىتچىلار ئوتتۇرىغا قويغان ئىسلاھات يۈرگۈزۈش ھەققىدىكى تەلەپلىرىنى رەت قىلىش ئۈچۈن ئەمىرگە تېپىلماس بىر باھانە بولۇپ بەرگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئۇزۇندىن بۇيان ئۇسۇلئىي جەدىت مەكتەپلىرىنىڭ چەكلىنىشىنى تەلەپ قىلىپ كېلىۋاتقان دىنىي زاتلارنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇسۇلئىي جەدىت مەكتەپلىرىنى تاقاش بويرىقىنى چىقىرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ھەر خىل لىبىرال پائالىيەتلەرنىمۇ بىرگە قوشۇپ چەكلەيدۇ. ئارىدىن بىر قانچە يىل ئۆتۈپ، 1917-يىلقى فېۋرال ئىنقىلاۋىدا رۇسىيىدە قۇرۇلغان كېرېنسكى ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىم قىلىشى نەتىجىسىدە، ئىلاجىسىز بىر پارچە ئەركىنلىك باياناتى ئېلان قىلىشقا مەجبور بولىدۇ. ئەمما ئۇ، بۇ باياناتتا ۋەدە قىلغان ئىشلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق بىر ئۇرۇنۇشقا قەتئىي يول قويمايدۇ. خانلىققا قارشى تەشكىللەنگەن، ئابدۇرراۋوف فىتراتنى ئىدىيىۋى داھى قىلىپ ئۇنىڭ يىتەكچىلىگىدە كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان جەدىتچىلار، ھۆررىيەت باياناتىدا ئېلان قىلىنغان قارارلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنسۇن، دىگەن تەلەپ بىلەن ئاپرىل ئېيىدا كەڭ كۆلەملىك بىر نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزىدۇ. ئەمما بۇ نامايىش ئەمىرگە قاراشلىق قۇراللىق كۈچلەر تەرىپىدىن تارقىتىۋېتىلىپ، 40 قا يېقىن جەدىتچىلار يىتەكچىسى قولغا ئېلىنغان بولسا، قالغانلىرى ئۇرۇسلار تىزگىنلەپ تۇرغان قاغان شەھىرىگە قېچىپ بېرىۋالىدۇ.

بۇخارا ئەمىرى، 1917-يىلقى بولشېۋىكلار ئىنقىلاۋى دەۋرىدە بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ بۇ ۋەقەدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش سىياستىنى يولغا قويۇشقا تىرىشىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە، تۈركىستان تەۋەسىدە يۈز بېرىۋاتقان مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي يېقىن يولىماسلىققا تىرىشىدۇ. 1918-يىلىنىڭ كىرىشلىرىدە قوقان مۇختارىيىتىنى باستۇرىۋەتكەن تاشكەنت سوۋېتى، قولغا كەلتۈرگەن بۇ ئوڭاي غالىبىيىتىدىن ھاياجانلىنىپ نۆۋەتتىكى نىشانىنى بۇخاراغا قاراتقان ئىدى. تاشكەنت سوۋېتىنىڭ يىتەكچىسى كولېسوۋ، قول ئاستىدىكى ئۇرۇس قۇراللىق كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىپ بۇخاراغا قارىتا بىر قېتىملىق چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇ چاغدا، قاغاندىكى ياش بۇخارالىقلار مەركەزى كومىتىتىمۇ ئۇرۇس قۇراللىق كۈچلىرى بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەتكە ئاتلىنىپ، بۇخارادا ۋەزىيەتنى قولغا ئالغىدەك كۈچكە ئىگە بىر ئىنقىلاۋىي كومىتىت قۇرۇپ چىقىشىدۇ.

ئەمما بۇ ھۇجۇم مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىپ، سوۋېت قوشۇنلىرى ئۇرۇشتا يېڭىلدى. بۇ غالىبىيەتتىن بۇخارا ئەمىرى ئالاھىدە جاسارەتلىنىپ قالغان بولسا، ياش بۇخارالىقلار ھەرىكىتى ئىچىدە ئۈمىتسىزلىك ھۆكۈم سۈرۈپ تارقىلىپ كېتىشكە باشلايدۇ. مەركەزى كومىتېت باشلىقى پەيزۇللا غوجىمۇ ۋەزىيەتنى تاشلاپ موسكىۋاغا كېتىۋالىدۇ. ئەزالارنىڭ بىر قىسمى تاشكەنتكە، يەنە بەزىلىرى بولسا سەمەرقەنتكە كېتىدۇ. 1919-يىلىسى بۇ ھەرىكەت ئىچىدە ئىدىيىۋى بۆلۈنۈشلەر بارلىققا كېلىپ، قىسمەن ئەزالار تۈركىستان رايونىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن موسكۋا تەيىنلەپ بەرگەن تۈرككومىسسىيە ئەتراپىغا يىغىلىشقا باشلايدۇ.

بۇ ئەزالارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك كوممۇنىزم ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىپ، شۇ يىلى ئىيوندا بۇخارا كوممۇنىستلار پارتىيىسىنى قۇرۇپ چىقىشىدۇ. ئوسمان غوجائوغلى، پولات غوجا، پەيزۇللا غوجايېۋ قاتارىدىكى كوممۇنىست پارتىيىگە يېقىن كەلمەيدىغان بەزى ئەزالار بولسا، ياش بۇخارالىقلار ھەرىكىتىنى تەشكىللەپ پارتىيە شەكلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشماقتا ئىدى.

بولشېۋىكلار، رۇسىيىدىكى ۋەزىيەتنى ئاساسەن تېزگىنلەپ بولغان 1920-يىللىرى خىۋە بىلەن بۇخارا خانلىقلىرىغا قارىتا قايتا ھەرىكەت باشلايدۇ. ئىچكى توقۇنۇشلار سەۋەبىدىن بەكلا ئاجىزلىشىپ كەتكەن خىۋە تەۋەسىدە، فرونزى قۇماندانلىقىدىكى قۇراللىق ھەرىكەت بەكلا ئۇڭاي غەلىبە قىلىپ خىۋە ئۇرۇسلارنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. 1920-يىلى ماي ئېيىدا، فرونزى بۇخارا خانلىقىنىڭ چېگرا بويلىرىغا ئەسكەر يىغىشقا كىرىشىدۇ. بۇ ئىشلار يۈز بېرىۋاتقان ئاۋغۇست ئېيىدا، ياش بۇخارالىقلار بۇخارانىڭ يۈز كىلومېتىردەك جەنۇبىدىكى چارجوي شەھىرىگە يىغىلىپ بىر يىغىن ئاچىدۇ. يىغىندا ئۇلار ئىچكى جەھەتتە ئىككى گۇرۇھ بولۇپ بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. فەيزۇللا غوجا بىلەن ئۇنىڭ سەبداشلىرى مىللەتچىلىك ۋە ئىنقىلاۋىي گۇرۇھنى شەكىللەندۈرمەكتە ئىدى. بولشېۋىكلارغا يېقىن تۇرىدىغانلار بولسا، ئىشتىراكىيۇن نامى بىلەن بىر يەرگە يىغىلىدۇ. مىرزا ئابدۇلقادىر مۇھىددىن ئوغلى بىلەن قازانلىق نەجىپ ھۇسەيىن، بۇ گۇرۇھنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى رەھبەرلىرىدىن ئىدى.

بۇ خىل پىكىر ئايرىمچىلىقى، بۇخارا ئەمىرىگە قارىتا قايسى خىل تەدبىر قوللىنىش كېرەكلىكىنى بەلگىلەش جەھەتتىمۇ ئىپادىلەنمەكتە ئىدى. مىللەتچى ۋە ئىنقىلاپچى گۇرۇپ ئەزالىرىنىڭ كۆپۈنچىسى ئەمىرنىڭ بىرلا زەربە بىلەن تەختىدىن چۈشۈرۈلىشىنى ھەمدە قىزىل ئارمىيىنىڭ بۇ ۋەقەگە بىۋاستەئارلاشماسلىقىنى تەلەپ قىلىشماقتا ئىدى. بۇنىڭغا قوشۇلمايدىغان ئىشتىراكىيۇم گۇرۇپپىسىدىكىلەر، قىزىل ئارمىيە بىلەن بىرلىشىپ بىر قۇراللىق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىشاتتى. تېخى بىر قانچە ئاي ئىلگىرىلا قىزىل ئارمىيىنىڭ خىۋە خانلىقىغا قارىتا ھەرىكەت قوللانغانلىقىنىڭ ئۈنۈملىرى، شۇنىڭدەك بۇ ھەرىكەتتىن كېيىن ياش خىۋەلىكلەر تەرىپىدىن خارەزم خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ چىققانلىق ھەققىدىكى

پاكىستلارمۇ كېيىنكى قاراشتىكى كىشلەرنى قىزىقتۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. نەتىجىدە، جەدىتچىلەر ئىچىدە كۈندىن كۈنگە كۈچىيىپ كېتىۋاتقان بولشېۋىكلارغا قىزىقىدىغان سولچى ئېقىمدىكىلەر ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىپ، ئىككىنچى خىل قاراش، يەنى قىزىل ئارمىيە بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش پىكرى قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ يىغىندىن كېيىن قىزىل ئارمىيىنى بۇخاراغا رەسمى تەكلىپ قىلىشىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە گېنېرال فرونزى قوماندانلىقىدىكى رۇسىيە قۇراللىق قوشۇنى بۇخارا زېمىنىگە كىرىپ كېلىدۇ. ئەمىرنىڭ قۇراللىق كۈچلىرى سان جەھەتتىلا يېتەرسىز بولۇپ قالماي، ھەربىي تەلىم-تەربىيە سەۋىيىسىمۇ بەكلا تۆۋەن ئىدى (1918~1919-يىللاردا تۈركىستاندا تۇرىۋاتقان ئەنگلىيە ئوفىتسېرى فرېدېرك بايلېينىڭ دېيىشىچە، بۇخارا ئارمىيىسىنىڭ يېرىمى لازىم بولغاندا توپلىنىدىغان، قالغان يېرىمى بولسا دائىملىق ئەسكەرلەردىن بولۇپ جەمئىي 50 مىڭ كىشىدىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى. — ئا. ھ. ئىزاھاتى). شۇنداق بولغاچقا، ئۇلاردا زامانىۋىي قۇراللار بىلەن قوراللانغان قىزىل ئارمىيىگە تەڭ كېلەلىگىدەك ئارمىيىسى يوق ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي بۇخارادىكى ئۇرۇش بەكلا شىددەتلىك بولىدۇ. بۇ ئۇرۇش جەمئىي بەش كۈن داۋام قىلىدۇ. بۇخارا ئەمىرى، ئۇرۇشتا بۇنىڭدىن ئارتۇق تىركىشەلمەيدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ، 1920-يىلى 1-سېنتەبىر كۈنىسى شەھەرنى تاشلاپ چېكىنىپ چىقىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپ شەرقىي بۇخارا تەرەپكە قاراپ چېكىنىدۇ. بۇخارا شەھىرى قولدىن كەتكەندىن كېيىن يىغىلغان ياش بۇخارالىقلار ئىنقىلاۋىي كومىتېتى، دەرھال بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا بۇخارا ئەمىرى ئافغانىستان ئەلچىسى ئابدۇشۈكۈرخان ۋە پەۋقۇلئاددە ۋەكىل مۇھەممەد ئەسلامخانلار بىلەن بىرگە، بۇخارا ئارمىيىسىدىن ساق قالغان ئەسكەرلىرىنى ھەمدە بىر قىسىم خىزمەتچىلىرىنى يېنىغا ئېلىپ، شەرقىي بۇخارانىڭ مەركىزى بولغان ھىسار شەھىرىگە بېرىۋالىدۇ. ئەمىر ھىسارغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىگە قاراشلىق باسمىچىلار يېتەكچىلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچى شەكىللەندۈرۈشكە كىرىشىدۇ. باسمىچىلار ئىچىدە مۇھەممەد سەئىدبەگ پەرۋانىچى، ئابدۇلھاپىز پەرۋانىچى ۋە لاقاي ئىبراھىمبەگ قاتارلىقلار ئەڭ داڭلىق باسمىچى قوماندانلار ئىدى. ئەمىر سەئىد ئالىمخان يەنە چەت دۆلەتلەر ئارىسىدا ئۆزىلىرىگە ياردەم بېرەلىگىدەك ئەللەرنى سۈرۈشتە قىلىشقا كىرىشىدۇ. ھىسار شەھىرىدە تۇرىۋاتقان 1920-يىلىنىڭ 12-ئۆكتەبىر كۈنىسى، ئەنگلىيە پادىشاسى بەشىنچى گېئورگقا قارىتىپ بىر پارچە خەت يېزىپ ياردەم بېرىشلىرىنى تەلەپ قىلىپ 15 كىشىلىك بىر ئۆمەك بىلەن **قەشقەردە** تۇرغۇزۇلغان ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىغا ئەۋەتىدۇ. بۇ ئۆمەك، **قەشقەر** كونسۇلىدىن رۇخسەت ئېلىپ ھىندىستانغا ئۆتمەكچى، ئۇ يەردە ئەمىرنىڭ خېتىنى ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندىكى ئومۇمىي ۋالىسىغا تاپشۇرماقچى ئىدى. سەئىد ئالىمخان، بۇ خەتتە ۋىلسون

پرىنسىپلىرىدىن ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى قاتارلىقلار ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ تۆۋەندىكىلەرنى تەلەپ قىلماقتا ئىدى:

ياردىمىڭىزگە مۇھتاج بولىۋاتقان بۇ كۈنلەردە، ئالىيلىرىنىڭ، دۆلەت قەرزى ھىساۋىدا يۈز مىڭ پوند ستېرلىڭ، ئوق-دورىلىرى بىلەن بىلەن قوشۇلۇپ 20 مىڭ تال مىلتىق، 30 پىلىموت ۋە ئۆچۈشقا تەييار 10 ئايرۇپىلان بېرىش ئارقىلىق ئالىلىرىنىڭ ياردەمسۆيەرلىگىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىغا قەتئى ئىشەنچىم كامىلدۇر. يوقۇرىدا كۆرسىتىلگەن نەرسىلەر ۋەكىللىرىمگە تاپشۇرۇلسا، بەكلا خۇشال بولاتتىم. ئۇرۇسلارغا قارشى جەڭ قىلىشنى سىز مەندىنمۇ ياخشى بىلىدىغانلىقىڭىز ئۈچۈن، تولۇق قۇراللانغان 2 مىڭ نەپەر ئەسكەر بىلەن قاراتېگىن يولى ئارقىلىق ھۇزۇرۇڭىزغا ئەۋەرتىپ بېرەلىسىڭىز بەكلا سۆيۈنگەن بولاتتىم. بۇ ياردىمىڭىز، دوستلۇقىمىزنى مۇستەھكەملەپ، ئۆزئارا ھەمكارلىقىمىزنى كۈچەيتىشكە ئالاھىدە تۆرتكە بولاتتى.

بۇ مەكتۇپ ئەسلىدە ئەنگلىيىنى بۇخاراغا تەكلىپ قىلىش خېتى ئىدى. ئەگەر ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ماقۇل بولغىنىدا، بۇ مەكتۇپكە ئاساسەن بۇخارا ئەمىرلىگى تەۋەسىگە ئەسكەر كىرگۈزەلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما **قەشقەردىكى** ئەنگلىيە كونسۇلى، ئەمىر تەرىپىدىن ئەۋەرتىلگەن بۇ ئۆمەكنى ھىندىستانغا ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلماي، ئەمىرنىڭ مەكتۇبىنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ دېھلىغا ئەۋەرتىپ بېرىدۇ. شۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، ئەمىر سەئىد ئالىمخان، ئەۋەرتكەن مەكتۇبىنى پادىشانىڭ ئالدىغا قويۇشتىن ئاۋال دېھلى ۋە ۋتېبخالدىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ئوقۇپ چىقىپ، بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىدۇ دەپ مۆلچەرلىگەن بولىشى مۇمكىن. ئەمما بۇ رايوندىكى مەسىلىلەرگە مەسئۇل د. ت. مونتىد، ئۆزىپىكىرىنى بۇ خەتكە قوشۇمچە قىلىپ ھەرقايسى جايلاردىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە ئەۋەرتىپ بەرگەنلىگىنى، ئۇ كىشىلەر مونتىدنىڭ قوشۇمچە قىلغان باھاسىنى ئەمىرنىڭ مەكتۇبىدىنمۇ قىممەتلىك دەپ قارايدىغانلىقىنى ئەمىر ھەرگىز ئويلىمىغان بولىشى كېرەك. مونتىد بۇ تەكلىپكە مۇنداق باھا بەرگەن ئىدى:

ھەمكارلىق ئورنىتىشنى ھەرگىز قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. رۇسىيىگە تەۋە دۆلەتلەردىن بىرسىگە بېرىلىدىغان بۇنداق بىر ياردەم، جاسۇس بەللى (ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىق) دەپ قارىلىشى مۇمكىن.

ئۇ ۋاقىتلاردىكى شارائىتتا ئەنگلىيە ستراتېگىيىچىلىرىنىڭ نەزىرىدە، بۇخارا ئەمىرلىگى رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ تەبئىي بىر پارچىسى ھىساپلىناتتى. شۇڭا، ئەمىر

سەئىد ئالىمخاننى سوۋېتلەرگە قارشى بىر قوزغىلاڭچى دەپلا ھېساپلىشاتتى. ئېنگىلىزلار، سوۋېت تەۋەسىدىكى ۋەقەلەرگە ئارلىشىش ياكى بۇ رايونلاردا يېڭىدىن بىرەر دۆلەت قۇرۇشنى مەقسەت قىلىدىغان ھەرىكەتلەرگە يار-يۆلەك بولۇش نىيىتىمۇ يوق ئىدى.

(رەسىم ئورنى)
بۇخارا ئەمرى سەئىد ئالىمخان

شۇنداق بولغاچقا، ئېنگىلىزلار سەئىد ئالىمنىڭ بۇ تەكلىپ خېتىگە جاۋاپ يېزىپ ئاۋارە بولۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويۇشمايدۇ.

بۇ ئارىدا، تۈركىستاندىكى رۇسىيە قۇراللىق كۈچلىرىنىڭ يېتەكچىلىرى موسكۋادىن ئالغان ياردەمگە تايىنىپ ئەمىر ئۆستىدىكى بېسىمنى بارغانسىرى كۈچەيتمەكتە ئىدى. 1921-يىلى فېۋرالنىڭ ئاخىرلىرىدا قىزىل ئارمىيە كۈچلىرى ھىسارغا بارغانسىرى يېقىنلىشىپ كېلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئەمىر كۆلاپقا قاراپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ يەردە يۈز بەرگەن ئون كۈنلۈك جەڭدە بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن ئەمىر، ئافغانىستان تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىش قارارىغا كېلىدۇ (بايلىيېنىڭ دېيىشىچە، ئەمىر ئاۋال قەلئەئي ۋامار بىلەن گىلگىت ئارقىلىق ھىندىستانغا ئۆتۈشنى پىلانلىغان ئىكەن. ئەمما خاروگ رايونىغا ئىئەرتىلگەن بولشېۋىك كۈچلىرى تەرىپىدىن پامىر ئېغىزى ئۈزۈۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن يولىنى ئافغانىستانغا بۇراشقا مەجبۇر بولغان. — ئا. ھ. ئىزاھاتى). سەئىد ئالىمخان كۈندىلىك خاتىرىسىدە ئۇ كۈنلەردىكى ھادىسىلارنى تۆۋەندىكىدەك يېزىپ قالدۇرغان ئىدى:

جەڭ باشلانغان ۋاقىتلاردا ئۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل ياردەمچىم بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان، شۇنىڭدەك يەنە مېنىڭ تاغام بولغان مۇھەممەد سەئىدبەگ پەرۋانىچى، ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان قوماندان ئابدۇلھاپىز پەرۋانىچى بىلەن ئىبراھىمبەگ قاتارىدىكى كىشىلەر قوشۇنۇمنىڭ ھەربى قوماندانلىرى ئىدى. شۇنداق قىلىپ 6 ئاي داۋام قىلغان ئۇرۇش جەريانىدا بولشېۋىكلار بىزگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، موسكۋادىن يېتەرلىك دەرىجىدە ئەسكەر ۋە ئارقا سەپ تەمىنات ماتېرىياللىرىنى كەلتۈرۈپ يىغىشقا كىرىشتى. بولشېۋىكلار ئالغان يېڭى ياردەملىرى سايىسىدە ئىسلام ئارمىيىسىگە قارشى ھۇجۇم باشلىدى. ئىسلام جەڭچىلىرىدە قۇرال-ياراغ ۋە ئوق-دورا يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئون كۈن بۇيىچە ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا تىرىشتۇق. بۇ جەرياندا پېقىر ئاجىز بەندىمۇ، ھەربى ياردەمگە ئېرىشىش مەقسىدى بىلەن چەت دۆلەتلەر بىلەن ئالاقىلىشىشقا كىرىشتىم. ئاندىن

ھىساردىن كۆلاپ شەھىرىگە ئۆتتۈم. بۇ يەردە مۇھەممەد ئىبراھىم دىۋانبېگى بىلەن دەۆلەتمەند دىۋانبېگى ـــ ئۇلار ئەسلىدە بۇخارانىڭ شەرقىدىكى ئۆزبەكلەردىن ئىدى ـــ قاتارلىقلار بۇخارا دۆلىتىگە ساداقەت كۆرسىتىپ كۆپ قېتىم لاياقەتلىك خىزمەتلەرنى قىلغان ئىدى. ئۇلارنى كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىگە ئاساسەن ئارمىيە قۇماندانلىقىغا تەيىن قىلىپ، ئاندىن ئۇلارنى ھۇزۇرۇمغا چاقىرتىپ مۇنداق دېدىم: "پەقىر ئاجىزە بەندە سەلتەنەت دەرۋازىمىز بولغان كابىلغا بېرىپ ياردەم تەلەپ قىلىپ باقماقچىمەن. ئەگەر بۇ يەردىن ئايرىلغىنىمغا چۈشلۈق بىرەر ياردەم كەلتۈرەلىسەم ئۆزىمىزنى خېلىلا ئوڭشىۋالالايمىز. ئاڭغىچە سىزلەرمۇ ئەسكىرىڭىز بىلەن بىرگە دۈشمەنگە قارشى تىركىشىپ تۇرغايسىزلەر. بۇ كۈنلەردە دۈشمەننىڭ ھۇجۇملىرى بەكلا كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ ھۇجۇملارنى توسىيالمىساق، پېقىر يۇخرا قۇرقۇش ئىچىگە پېتىپ قالىدۇ. مەن قايتىپ كەلگەنگە قەدەر خەلقنى ئەنسىرەتمەي تۇتۇپ تۇرالىساڭلار بەك ياخشى بولۇر."

ئەمىر ـ فەرمان چىقىرىپ ئۇنى بەلگىلىك يەرلەرگە ئىبەرتتىم. مۇھەممەد ئىبراھىمبەگ بىلەن دەۆلەتمەندبەگلەرگە مېنىڭ رۇخستىم بويىچە ئىش قىلىشلىرىنى ۋە دۈشمەننىڭ يولىنى ئۆزىۋېتىشلىرىنى ئۇقتۇردۇم. پېقىر ئۆزەم كۆلاپ ۋىلايىتىدىكى ئامۇ دەرياسىنىڭ كېچىك يېرىدىن، 1921 ـ جەمادۇسسىنىسىنىڭ يىگىرمە بىرىنچى چارشەنبە كۈنى ئۆتۈپ ئافغانىستان زېمىنىگە داخىل بولۇندۇم.

شۇنداق قىلىپ، سەئىد ئالىمخان 1921 ـ يىلى مارت كۈنىسى 300 دەك ئەسكىرى بىلەن بىرگە ئافغانىستان تەرىپىگە ئۆتىدۇ. ئافغانىستان ۋە باشقا ئەللەرنىڭ ياردىمىنى ئېلىپ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى؛ ئىبراھىمبەگ لاقاي (لاقاي ئىبراھىمبەگ 1889 ـ يىلى تۇغۇلغان. ئۆزبەكلەرنىڭ لاقاي قەبىلىسى تۇرىدىغان رايونلاردا ئاۋال ھىسار بېگى، كېيىن يەنە ساقچى باشلىغى بولىدۇ. بۇخارا ئەمىرى تەرىپىدىن مىرئاخۇن بېگى، توپچىبېشى بولۇپ، ئاخىرى لەشكەربېشى ـــ ئارمىيە قۇماندانى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. بۇخارا ئەمىرى سەئىد ئالىمخان ۋەتىنىدىن ئايرىلغىنىدىن كېيىنكى 1926 ـ يىلىغا كەلگىچە ئەمىر نامىدا بۇخارادىكى جەڭنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ـــ ئا. ھ. ئىزاھاتى) بىلەن دەۆلەتمەندبەگ قاتارىدىكى باسمىچى يېتەكچىلەردىن شۇ چاغقىچە ئۆز نامىدا ئۇرۇشنى داۋام قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما ئەمىر، بۇ ئارزۇسىنى ھەرگىز ئەمەلگەئاشۇرالمايدۇ ـ دە، ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە ۋەتىنىگە قايتالمايدۇ.

# خارەزم خەلق جۇمھۇرىيىتى

قىزىل ئارمىيىنى ئارقا تىرەك قىلغان خىۋە ئىنقىلاۋى كومىتىتى خارەزم خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى ئاپرىل ئېيىدا بىرىنچى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى چاقىردۇ. بۇ قۇرۇلتاي، دۆلەت رەئىسلىكىگە ياش خىۋەلىكلەر ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى پالۋان نىياز ھاجى يۈسۈپنى، باش نازىرلىققا بولسا يەنە بىر ياش خىۋەلىكلەر باشلامچىسى بولغان بابا ئاخۇن سەلىمبايىنى سايلىغان ئىدى. خىۋە ئىنقىلاۋى كومىسسىيىسىنىڭ رەئىسلىگىنى ئۈستىگە ئالغان جۇما نىياز سۇلتانمۇرات بولسا ئىچكى ئىشلار نازىرلىقىغا تەيىنلەنگەن ئىدى. سوۋېت دائىرىلىرى رۇسىيىدە داۋاملىشىۋاتقان ئىچكى ئۇرۇش، تۈركىستاندا كۈنسايىن كېڭىيىپ كېتىۋاتقان باسمىچىلىق ھەرىكەتلىرى، خىۋە تەۋەسىدە يېتەرلىك دەرىجىدە رول ئوينىيالايدىغان بىر كوممۇنىستلار ئاساسى تىكلەنمەسلىكى ۋە پات يېقىندا ھۇجۇم قىلماقچى بولىۋاتقان بۇخارا خانلىقى تەۋەسىدە ئۆنۈملۈك رول ئوينىيالايدىغان ئورۇنغا ئېرىشىش ـ ئېرىشەلمەسلىكى قاتارىدىكى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، خىۋەدە جەدىتچىلاردىن تەشكىل قىلىنىدىغان بىر ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلىشىغا ۋە قۇرۇلىدىغان بۇ جۇمھۇرىيەتنى يەنە بىر مەزگىل ياشىشىغا يول قويۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، 1920 ـ يىلىنىڭ 13 ـ سىنتەبىر كۈنىسى سوۋېت رۇسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن خارەزم خەلق جۇمھۇرىيىتى ئوتتۇرىسىدا 24 ماددىلىق بىر ھەمكارلىق شەرتنامىسى ئىمزالىنىدۇ.

خارەزم ھۆكۈمىتى، خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مۇستەقىل بىر ھالغا كەلتۈرىۋېلىش ۋە مۇستەقىل مىللىي ھاكىمىيەت تىكلىۋېلىشقا تىرىشماقتا ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىنچە سوۋېت دائىرىلىرى بولسا، بۇ دۆلەتكە مۇناسىۋەتلىك ئالدىن تەييارلاپ قويغان ستراتېگىيىسىنى قەدەممۇ قەدەم ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشكەن ئىدى. جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن دەرھال خارەزم كوممۇنىستلار پارتىيىسى دېگەن بىر پارتىيىنى قۇرغۇزىدۇ. قوچقارئوغلى رەئىسلىگىدە قۇرۇلغان بۇ پارتىيە، موسكۋانىڭ يۆلىشى بىلەن ئۇزۇنغا قالمايلا كۈچىيىشكە باشلايدۇ. 1921 ـ يىلىنىڭ باھار ئايلىرىدا ھۆكۈمەتكە قارشى بىر قېتىملىق سياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، دۆلەت رەئىسى پالۋان نىيازنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى قولغا ئالىدۇ. 1921 ـ يىلى ماي ئېيىدا چاقىرىلغان ئىككىنچى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ئاتا مەخدۇم رەئىسلىگىدىكى يېڭى بىر ھۆكۈمەت تەشكىللىنىپ ۋەزىپە تاپشۇرىۋالىدۇ. ئەمما بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئۆمۈرىمۇ ئۇزۇنغا بارالمايدۇ. بۇ قېتىم سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ خارەزم خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى بىلەن، بۇ ھۆكۈمەتنى

ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى قولغا ئالىدۇ. خىۋە جەدىتچىلىرى، بۇ تۈردىكى ھادىسىلەرنىڭ يۈز بىرىپ كېلىۋاتقانلىقىغا قارىماي سوۋېتلەرنىڭ ھەممىنى قولغا ئېلىش سىياسىتىگە قارشى چىقىش ھەرىكىتىنى داۋام قىلىۋېرىدۇ.

خارەزم خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلىشىدىن كېيىن قاراقۇم سەھرالىرىغا چېكىنىپ بېرىۋالغان جۇنەيدخان، ھۆكۈمەتكە قارشى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. ھاجى نىياز بىلەن ئاتا ھاجى قاتارىدىكى تۈرمىدىن قاچقان ياكى باستۇرۇلۇشتىن قۇتۇلۇپ قالالىغان باشقا بارلىق كونا ھۆكۈمەت ئەزالىرى جۇنەيدخان كۈچلىرىگە بىرىپ قوشۇلماقتا ئىدى. 1924ـ يىلى يانىۋاردا خىۋەدىكى بولشىۋىكلەرگە قارشى كۈچلەر زور كۆلەملىك بىر قوزغىلاڭ كۆتۈرىشىدۇ. بۇ ئارىدا جۇنەيدخانمۇ شەھەرگە ھۇجۇم باشلايدۇ. ئەمما فىۋرال ئېيىنىڭ باشلىرىدا بۇ يەرلەرگە تېز سۈرئەتتە يۆتكەپ كېلىنگەن قىزىل ئارمىيە كۈچلىرى ۋەزىيەتنى قايتىدىن تىزگىنلىۋالىدۇ. 1924ـ يىلىنىڭ 29ـ سىنتەبىر كۈنىسى، قىزىل ئارمىيە تەرىپىدىن قورشاۋغا ئېلىنغان قۇرۇلتاي بىناسىدا يىغىن ئېچىۋاتقان 5ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، خارەزم خەلق جۇمھۇرىيىتىنى تارقىتىۋېتىش قارارىنى ماقۇللايدۇ. شۇنداق قىلىپ لىنىن يەنە بىر قېتىم راستقا چىقىۋالغان ھىساپلىنىدۇ. يەنى، ئۇرۇسلاردىن باشقا مىللەتلەردىن يەنە بىرسى ئۆز خاھىشى بويىچە (!) ئۆزىنىڭ مىللىي ھاكىمىيىتىنى تارقىتىۋېتىپ "ئۆز ئىختىيارى بىلەن" سوۋېت رۇسىيىسىگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن، ياش خىۋەلىكلەر ھەرىكىتىنى شەكىللەندۈرگەن زىيالىيلارنىڭ بىر قىسمى سوۋېت دائىرىلىرى بىلەن كېلىشىپ ئۇلار بىلەن ھەمكارلىششقا كىرىشىدۇ. ئۇلار بىلەن كېلىششنى خالىمىغانلار بولسا، يا باسمىچىلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ ياكى بولمىسا ئىراننىڭ خۇراساندىكى تۈركمەن رايونلىرىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. 1924ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تۈركىستاننى پارچىلاش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشقا كىرىشىپ، خارەزم خەلق جۇمھۇرىيىتىگە تەۋە زېمىنلارنى يېڭىدىن قۇرۇلغان تۈركمەنىستان بىلەن ئۆزبەكىستان جۇمھۇرىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدا بۆلۈشتۈرىدۇ (4ـ خەرىتىگە قارالسۇن. ــ ئا. ھ. ئىزاھاتى).

## بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى

1920ـ يىلى 6ـ ئۆكتەبىر كۈنى چاقىرىلغان بىرىنچى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى رەسمى تۈردە جاكارلىغان ئىدى. مىرزا ئابدۇلقادىر مۇھىددىن جۇمھۇر رەئىسلىكىگە، پەيزۇللا غوجايېۋ بولسا نازىرلار شۇراسى رەئىسلىكىگە (باش مىنىستىرلىككە)، ئابدۇلخەمىت ئارىپ ھەربى ئىشلار نازىرلىقىغا، ئاتا غوجا ئىچكى ئىشلار نازىرلىقىغا ۋە ئوسمان غوجا بولسا مالىيە نازىرلىقىغا

تەيىنلەنگەن ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا مۇھاجىرەتتە يۈرگەندە، مۇھاجىرەتتىكى تۈركىستان ھەرىكىتىنىڭ يىتەكچىلىرىدىن بىرسى بولىدىغان ئوسمان غوجا، ئەينى ۋاقىتتا شەرقىي بۇخارا (بۈگۈنكى تاجىكىستان) رايونىنىڭ باشقۇرۇشىغىمۇ مەسئۇل ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا شەرقىي بۇخارا، باسمىچىلىق ھەرىكەتلىرى ئەڭ كۆپ يۈز بېرىۋاتقان رايونلاردىن بىرى بولۇپ، يېڭى قۇرۇلغان ياش بۇخارالىقلار ھۆكۈمىتى ئۈچۈن بۇ رايونىنىڭ تەرتىۋىنى ساقلاش بەكلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ھۆكۈمەت، سوۋېت سىستېمىسىگە ئاساسلىنىپ قۇرۇلغان بولۇپ، يېڭى قۇرۇلغان بۇخارا كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قارايتتى. بۇ پارتىيە بولسا قاغان (قاغان — ئەمىرلىك رۇسىيىگە قارام بولغان يىللاردىن باشلاپ، يەنى 1873 ـ يىللىرىدا بۇخارانىڭ 12 كىلومېتىر سىرتىدا قۇرۇلغان بىر ئاھالىلەر رايونى ئىدى. بۇخارا ئەمىرلىكىنى تىزگىنلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان چار رۇسىيە ۋاكالەتچىسى بۇ يەردە تۇرىۋاتقان ئىدى. ترانسئەزەر [ئەزەر سىرتى — كاسپى دېڭىزى سىرتىدا قالغان، يەنى كاسپىينىڭ شەرقى دېمەكچى. — ئۇ.ت] تۆمۈر يولىنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ، بۇ جاي ئىنتايىن مۇھىم يول ئېغىزلىرىدىن بىرسىگە ئايلىنىدۇ. — ئا. ھ. ئىزاھاتى) دا تۇرىۋاتقان رۇسىيە سىياسىي ۋاكالەتخانىسى تەرىپىدىن نازارەت قىلىنماقتا ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە بۇ يەردە 40 كىشىلىك بىر پارلامېنتىمۇ بار ئىدى.

سوۋېت دائىرىلىرى، تاكتىكىلىق سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن جەدىتچىلارنىڭ تېزگىنىدە تۇرىدىغان بىر خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا يول قويۇش بىلەن بىرگە، بۇخارانى تارتىۋېلىش ستراتېگىيىسىدىنمۇ ۋاز كەچمىگەن ئىدى. بۇ جەرياندا، يەنى 1921 ـ يىلىنىڭ 4 ـ مارت كۈنىسى، رۇسىيە دۆلىتى بىلەن بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئوتتۇرىسىدا بىر ھەمكارلىق شەرتنامىسى ئىمزالىنىدۇ. موسكۋا دائىرىلىرى بۇ شەرتنامىغا ئاساسەن بۇخارانىڭ تولۇق مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلغان ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلىشى بىلەن تەڭ، مەسىلىلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ. دۆلەت رەئىسى ئابدۇقادىر مۇھىددىنىنىڭ بۇخارادا ئىجرا قىلىنىۋاتقان سوۋېتلەشتۈرۈش ھەرىكىتىگە قارشى تۇرغانلىقى رۇسىيىلىكلەرنى بىئارام قىلماقتا ئىدى. بىر يىلدىن كېيىن چاقىرىلغان ئىككىنچى نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئالماشتۇرۇلۇپ، ئوسمان غوجا جۇمھۇر رەئىسلىكىگە سايلىنىدۇ. پەيزۇللا غوجايېۋ بولسا نازىرلار شۇراسى رەئىسلىكى مەنسىۋىدە خىزمىتىنى داۋام قىلىۋېرىدۇ (ھۆكۈمەتنىڭ باشقا ئەزالىرى تۆۋەندىكىچە ئىدى: ھەربى ئىشلار نازىرى ئارىپ ئوغلى ئابدۇلخەمىت، ئەدلىيە نازىرى مىرزا ئابدۇلراخمان، ئىچكى ئىشلار نازىرى ئاتا غوجا، مائارىپ نازىرى قارى يولداش، يېزائىگىلىك نازىرى ئاشۇر ئوغلى خەلىم، سەھىيە نازىرى ئابدۇلۋاھىت، مالىيە نازىرى ئابدۇلقادىر مۇھىددىن ئوغلى. — ئا. ھ. ئىزاھاتى).

بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى، ئىنتايىن زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچكېلىش، ئۇرۇسلارنىڭ ئېغىر بېسىمى ئاستىدا قېلىش قاتارىدىكى مۇشەققەتلەرگە قارىماي ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ھەرىكەتچان بىر ھۆكۈمەت كۆز قارىشىنى ئوتتۇرغا قويۇپ پائالىيەت قىلماقتا ئىدى. ياش بۇخارالىقلار، ھاكىمىيەتنى قانچىكى مۇستەھكەملىيەلىسە رۇسىيىدىن شۇنچە ئاسان ئايرىلىپ مۇستەقىل بولالايدىغانلىقىغا، ئەڭ بولمىغاندا ئاپتونومىيىلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بۇ ئىشەنچلىرى بىلەن بۇ جەھەتتىكى ئىجرائەتلىرى سەۋەبىدىن، ھەتتا بۇخارا كومۇنىستلار پارتىيىسىگە ئەزا بولغان ۋاقىتلىرىدىمۇ موسكۋا دائىرىلىرى تەرىپىدىن «گۇمانلىق» دەپ قارىلىپ، ھەقىقى كومۇنىست مۇئامىلىسىگە زادىلا ئېرىشەلمەيدۇ. دېگەندەك، موسكۋا تەرىپىدىن تولۇق ھوقۇقلۇق بۇخارا ۋەكىلى قىلىپ تەيىنلەنگەن كۇيبىشېۋ، ئەينى ۋاقىتدا يېڭى قۇرۇلغان بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىگە قارىتا مۇنداق باھا بەرگەن ئىدى:

> كومۇنىستلار بۇخارادا ئىنقىلاب قوزغىيالىدى. ئەمما، ئىقتىسادىي ۋە پسىخولوگىيىلىك شارائىتلار تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان، ئەمما ئەمەلىي سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن «سوتسىيالىزمچى» دەپ قاراشقا بولمايدىغان بىر تۈزۈم قۇرۇپ چىققان ئىدى.

تۈركىستاندا تۇرىۋاتقان سابىق ئوسمانلىلار ئوفىتسېرلىرى، بۇخارا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بىخەتەرلىك ئىشلىرى بىلەن قۇراللىق كۈچلەرنىڭ تەلىم-تەربىيىسى قاتارىدىكى ئىشلارغا سەپلەنگەن ئىدى. بۇ ئوفىتسېرلاردىن ئەلى رىزا ئەپەندىگە ھەربى ئىشلار نازىر ياردەمچىلىكى (باش مەسلىھەتچى) ۋەزىپىسى بېرىلگەن ئىدى. سوۋېتلەرنىڭ، بۇخارا جۇمھۇرىيىتى قۇراللىق كۈچلىرىنى مەركەزى تاشكەنتتە تۇرىدىغان تۈركىستان فرونتى قۇماندانلىق شتاۋىغا قارايدىغان بولسۇن دېگەن تەلىۋىگە بۇخارا ھۆكۈمىتى ئىزچىل قارشى چىقىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ جەرياندا شەرقىي بۇخارادىكى ئەمىر تەرەپتارلىرىدىن بولغان باسمىچى يېتەكچىلەر بۇخارا ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرىشىدۇ. بەلجىۋان رايونىدا دەۋلەتمەندبەگ، كۆلابتا ئاشۇربەگ، قورغانتۆپىدە توغايسېرىق، دارۋازدا ئەشان سۇلتان، قاراتېكىندە فۇزەيىل مەختۇم ۋە قاراتاغ قىسمىدا ئابدۇرراخمان بەگلەر قوزغىلاڭ كۆتەرگەن ئىدى. بۇخارا جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن كېيىن دەرھال بۇ جايلارغا ئەۋەتىلگەن ئوسمان غوجا، ئۇنىڭ جۇمھۇر رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگىنىدىن كېيىن ئورنىغا مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئىنىسى ئاتا غوجا، نۇرغۇن قېتىملىق سۆھبەتلەر نەتىجىسىدە دەۋلەتمەندبەگنى ئاساس قىلغان بىر قىسىم باسمىچى يېتەكچىلەر بىلەن ئەپلىشىپ قالىدۇ.

ياش بۇخارالىقلار ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقار ـ چىقمايلا مۇنەۋۋەر قارى، سەدۇللا غوجا ۋە ئۇبەيدۇللا غوجا قاتارىدىكى جەدىتچىلار ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولغان داڭلىق كىشىلەرنى بۇخاراغا تەكلىپ قىلىپ ھەرخىل ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىشىدۇ. كەلگۈسىنىڭ ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئىشى، ئۇلار ئەڭ بەك ئەھمىيەت بېرىدىغان غايىلاردىن بىرى ئىدى. ياش بۇخارالىقلار ھەرىكىتىنىڭ ئىدىيىۋىي يېتەكچىسى بولغان فىترات، تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرى بىلەن ئۆزى بىۋاستە مەشغۇل بولىدۇ. تۈركچە (تۈركىستاندا ئىشلىتىلىۋاتقان چاغاتاي شىۋىسى. ــ ئا. ھ. ئىزاھاتى) رەسمىي دۆلەت تىلى دەپ ئېلان قىلىنىدۇ. تۈركىيە بىلەن ياۋرۇپا ئەللىرىگە ئوقۇغۇچى ئەۋەرتىش پروگراممىسى تەييارلىنىدۇ. سوۋېت ۋەكىللىرى چىقارغان بارلىق توسالغۇلارغا قارىماي، 1921~ 1922 ـ يىللىرى بۇخارا جۇمھۇرىيىتى گېرمانىيىگە 70 نەپەردەك ئوقۇغۇچى ئەۋەرتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە تۈركىيە، ئەزەربەيجان ۋە گرۇزىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگىمۇ رەسمىي ياكى غەيرى رەسمىي يوللار ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان ئوقۇغۇچى ئوقۇشقا چىقماقتا ئىدى (جەدىتچىلىك ھەرىكەتلىرى باشلىنىپ ئۇسۇلىي جەدىت مەكتەپلىرىنىڭ ئېچىلىشقا باشلىغىنىدىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان ئوقۇغۇچى ئوسمانلار تەۋەسىدە بىلىم ئېلىش مەقسىتىدە كۆپىنچە ھاللاردا ئۆز ئىمكانىيەتلىرىگە تايىنىپ تۈركىيىگە كېلىپ ئىستانبۇلدىكى مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا كىرگەن ئىدى. ئەمما دۆلەت تەرىپىدىن رەسمىي شەكىلدە گۇرۇپپىلار ھالىدا ئوقۇغۇچى ئەۋەرتىش ئىشلىرى بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە تۈركىستان ئا س س ر قۇرۇلغان يىللاردىلا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئىدى. تۈركىيىگە ئوقۇغۇچى ئەۋەرتىش ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ھەققىدە ئەخمەت نائىم ئۆكتەم ئەسلىمىلىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: "كېيىن بۇخارادىن تۈركىيىگە 50 نەپەردەك ئوقۇغۇچى ئەۋەرتىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مېنىڭ ئۇكاممۇ بار ئىدى. ... بۇخارا ھۆكۈمىتى ئوقۇش راسخوتى ئۈچۈن خېلى كۆپ مىقتاردا ئاستىراخان ئەلتىر تىرىسىنىمۇ ئەۋەرتىپ بەرگەن ئىدى. ئەنقەرە ھۆكۈمىتىگە بىر ۋەكىللەر ئۆمىگىنىمۇ يوللىغان ئىدى." ... تۈركىستاندىكى جەدىتچى مەكتەپلىرىدە ئۇزۇن يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان راجى چېقىرئۆز كۈندىلىك خاتىرىسىدە، 1922 ـ يىلى ئىچىدە بىر ئوقۇغۇچىلار ئۆمىگى گېرمانىيىگە، يەنە بىر ئۆمەك تۈركىيىگە ئەۋەرتىلگەنلىكىنى يازىدۇ. ئانادولۇغا ئەۋەرتىلگەنلەر سامسۇن بىلەن كاستامونو تەۋەسىدە ئوقۇغان ئىدى. ــ ئا. ھ. ئىزاھاتى). بۇخارادىكى بۇ ئىشلارغا ئوخشاش، تۈركىستان ئاپتونومىيىلىك سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر قاراش بار بولۇپ، جەدىتچىلار تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن «كۆمەك» (ھەمكارلىق) نامىدىكى تەشكىلات نۇرغۇن ساندىكى تۈركىستانلىق ياشنى گېرمانىيىگە ئەۋەرتكەن ئىدى. تۈركىستاندىكى سوۋېتلەشتۈرۈش ئىشلىرىنىڭ ئاخىرلىششى بىلەن تەڭ، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى قايتۇرۇپ كېلىنگەن بولسا، يەنە بىر قىسمى قايتماي شۇ

يەرلەردە تۇرۇپ قالدۇ. سىرتتا قالغانلار، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ياۋروپا ۋە تۈركىيەدە داۋام قىلدۇرۇلىدىغان تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن قانات يايدۇرۇلغان كۈرەشلەردە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. ياش بۇخارالىقلار ھۆكۈمىتى ئىمكانىيەت يار بەرگىنىچە چەتئەللەر بىلەن سىياسىي مۇناسىۋەت تىكلەشكە كىرىشىدۇ. موسكۋا، باكۇ ۋە كابۇلغا سىياسىي ۋەكىللىرىنى ئەۋەرتىشىدۇ. قۇرۇلغان تۇنجى ھۆكۈمەتتە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولغان ھاشىم سايىق، كېيىنچە ئافغانىستانغا باش ئەلچى قىلىپ ئەۋەرتىلىدۇ.

## تۈركىيىگە ياردەم

بۇخارا جۇمھۇرىيىتى، قۇرۇلغان كۈنلىرىدىن باشلاپلا ئەنقەرە ھۆكۈمىتى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئىدى. پارلامېنت ھۆكۈمىتى، بۇخارا خانلىقى ئاغدۇرۇلغان ۋاقىتلاردا موسكۋاغا ئېلىپ كېتىلگەن بۇخارا خانلىق غەزنىسىنىڭ بىر قىسمىنى ئەنقەرە ھۆكۈمىتىگە ياردەم سۈپىتىدە ئەۋەرتىلىشى ھەققىدە بىر قارارمۇ قوبۇل قىلىشقان ئىدى. بۇ ئىش ھەققىدە تۈركىيە بىلەن رۇسىيىنىڭ رەسمى ئارخىپ مەنبەلىرىدە ھېچقانداق بىر ھۆججەت ئۇچۇرماسلىقىدىن قەتئىي نەزەر، تۈركىستانلىق يېتەكچىلەر بۇ ئىش ئۈچۈن چىڭ تۇرۇپ كۈرەش قىلغانلىقى بىر ئەمەلىيەت ئىدى. بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پىرىزدېنتى ئوسمان غوجائوغلى خاتىرە دەپتىرىدە، پەيزۇللا غوجايېۋ بىلەن بىرلىكتە موسكۋادا لېنىن بىلەن كۆرۈشكىنىدە "تۈركىيىگە بېرىلىدىغان ياردەم مەسىلىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ياردەمنى قىلىشقا كۈچلىرىنىڭ يېتىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان" لىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن بولۇپ، چار رۇسىيە دەۋرىدىن تارتىپ بۇخارا ئەمىرلىگىنىڭ غەزنىسىدە تۇرغان 100 مىليون ئالتۇن روبلىنى تۈركىيىگە ئەۋەرتىپ بېرىش ھەققىدە بىر پىكىرگە كەلگەنلىكىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. ئوسمان غوجائوغلى، ئۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ مۇنۇلارنى يازىدۇ:

لېنىن بىلەن يوقۇرقىدەك ئورتاق قاراشقا كەلگىنىمىزدىن كېيىن بۇخراغا قايتىپ كەلدۇق. پارلامېنت رەئىسى ئابدۇلقادىر مىرزا ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈپ بۇ مەسىلىنى قۇرۇلتاي يىغىنىغا سۇندۇق. مەن، خەلققە ۋە پارلامېنتقا ئانادولۇدىكى قېرىنداشلىرىمىز بىلەن ئىرقداشلىرىمىزنىڭ ئىنتايىن ئېغىر قىيىنچىلىق ئاستىدا قالغانلىقلىرىنى، گىرتسىيىلىكلەر تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە باستۇرىلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئۇلارغا، بىزنىڭ ئاكا قېرىنداشلىرىمىزغا ياردەم قىلىشىمىز لازىملىقىنى ھاياجانلانغان ھالدا سەممىلىك بىلەن تەپسىلى

ئىزاھلاپ ئۆتتۇم. بىزنىڭ ئۇ ۋاقىتتىكى پارلامېنتىمىزدا تۆت پارتىيە بار ئىدى. بۇ پارتىيىلەردىن مىللىي بىرلىك، ئازاتلىق ۋە ئاخرار پارتىيىلىرىنىڭ ھەممىسىلا ياردەم قىلىش تەرىپىدە تۇرغان بولۇپ، پەقەت كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەئىسى، ئاۋام خەلق ئىچىدىن كەلگەن، تىگى تاتار نەجىپ ھۈسەيىن ئوغلى بۇ ئىشقا ئەقىل يەتكۈزەلمەي، خەلق ئاممىسى ئارىسىدا تەتۈر تەشۋىق قىلىپ "بۇنداق ياردەم قىلىدىغان ئىش ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان، بىز بۇ پۇلنى ئېنگىلىزلەر بىلەن سۈلھى قىلىپ شەرتنامە تۈزۈشكەن ئوسمانىلار سۇلتانلىرىغا بەرمەكتىمىز. ئۇ سۇلتانلار بولسا، مانا بۈگۈن ئىمپېرىيالىستلار بىلەن تىل بىرىكتۈرمەكتە" دېگىنىچە جاھاننى مالىماتاڭ قىلىپ خەلقنى كۈشكۈرتۈشكە كىرىشتى. تۈركچى سەپتىكىلەر بۇ مەسىلىنى خەلققە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە تەشۋىقات قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئەمما نەجىپ ھۈسەيىن ئوغلى ياردەم قىلىش مەسىلىسىگە قارشى خەلقنى كۈشكۈرتىش جەھەتتە بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ چىچاڭشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت قارار چىقىرىپ ئۇنى بۇخارا چېگرىسىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. ... بۇخارا پارلامېنتى، تۈركىيىگە 100 مىليون ئالتۇن روبلى ياردىمى بېرىشنى دەرھال ئاۋازغا قويۇپ بىرمۇ قارشى پىكىر بولمىغان ھالدا قىزغىن ئالقىش ـ سادالار ئىچىدە تولۇق ئاۋاز بىلەن قوبۇل قىلىشىدۇ. پارلامېنت ئالغان بۇ قارارغا ئاساسەن، ئەتىسى دەرھال تۈتۈش قىلىپ كېرەكلىك ھۆججەتلەرنى پۈتكۈزۈپ، پۇلنى دەرھال ئەنقەرە ھۆكۈمىتىنىڭ قولىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن رۇسىيە غەزىنىسىگە خەۋەر قىلدۇق.

بۇنىڭغا ئۇخشايدىغان يەنە بىر ئىزاھاتنى، بۇخارالىق جەدىتچىلاردىن ئەخمەت نائىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىدى. ئەخمەت نائىم بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق سۆھبەتتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

بۇخارا ئىنقىلاۋى جەريانىدا ئەرك (ئەمىرنىڭ سارىيى) ئىچىدە ئەمىرلىك غەزىنىسى بار ئىدى. ... ياش بۇخارالىقلار بىلەن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىشۋاتقان ئۇرۇسلار ئەمىر سارىيىنى بومباردىمان قىلىشقا باشلايدۇ. ... ئاندىن بۇخارا غەزىنىسىنى ماشىنىلارغا بېسىپ موسكۋاغا توشوپ كېتىشتى. ... لېنىن تۈركىيىگە ياردەم بېرىش ئويىغا كەلگەن بولسىمۇ، قايسى پۇل بىلەن ياردەم قىلىشنى بىلەلمەي تۇراتتى. ... لېنىن، ئوسمان غوجىنى موسكۋاغا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭغا "سىز تۈركلەر بىلەن بىر ئىرقتىكى كىشىلەردىن سىز. بۇ پۇلنى ئۇلارغا ئىئەرتىپ بېرەيلى" دەيدۇ. بۇخارا مەجلىسى، موسكۋادا تۈتۈپ تۇرىلىشۋاتقان ئۇ پۇلنى تۈركىيىگە بېرىش قارارىنى ئالىدۇ. ... ئەمما بۇنىڭ قانچىلىك قىسمىنى بەرگەندۇ؟ ... مەسىلەن جەمئىي 200 مىليون دېسەك،

ئاران 50 مىليونى بېرىلگەندۇ ھەقچان. ... نېمىلا بولسا بولسۇن، بۇ پۇل تۈركىيىگە بېرىلدى.

بۇخارا ئەمىرلىگىنىڭ ئاغدۇرۇلىشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن تۈركىستانلىق كۆچمەنلەرنىڭ ھەممىسىلا "ئەمىرلىك غەزىنىلىرى پويىزغا يۈكلىنىپ موسكۋاغا ئېلىپ كېتىلدى" دەپ يېزىشەتتى. 1918~1919-يىللىرىدا تۈركىستاندا مەخپى ۋەزىپە بىلەن تۇرىۋاتقان ئېنگىلىز ئوفىتسېرى فرېدېرىك بايلېي، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئېلان قىلغان كۈندىلىك خاتىرىسىدە، بۇخارا ئەمىرلىگىنىڭ غەزىنىسىگە مۇناسىۋەتلىك يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى تەستىقلايدىغان تۆۋەندىكىدەك پاكىتلارنى خاتىرلەپ قويغان:

ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى ۋە برونېك ۋاگونلار بىلەن قوغدالغان يولداش فرونزى قوماندانلىقىدىكى بولشېۋىك قوشۇنلىرى، 1920-يىلىنىڭ سىنتەبىر ئېيىدا شەھەرنى بېسىۋالدى. غەزىنىدىن لىق 3 ۋاگون ئالتۇن-ياقۇتلارنى ئېلىپ كېتىشىدۇ.

بۇ ئىش ھەققىدە ئەخمەت نائىم ئۆكتەمنىڭ بەرگەن چۈشەندۈرىشى تېخىمۇ قايىل قىلارلىق ئىدى. بۇخارا مەجلىسىنىڭ تۈركىيىگە ياردەم قىلىش ھەققىدە ئالغان قارارىنى تەستىقلىغان بولىۋالغان سوۋېت دائىرىلىرى، ئامانەت مال دېگەن باھانە بىلەن موسكۋادا تۇتۇپ تۇرىۋاتقان، ئەمما، ئەسلىدە ئاللىبۇرۇنلا مۇسادىرە قىلىۋېلىشقان بۇ ئالتۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك كەلگۈسىدە ئوتتۇرىغا چىقىش ئېھتىمالى بولىدىغان بىر مال-مۈلۈك مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋەتكەن ھېساپلاندى. يەنە بىر تەرەپتىن بۇخارا جۇمھۇرىيىتىمۇ ئەسلىدىنلا موسكۋۋانىڭ قولىدىن قايتۇرۇپ ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن بىر پۇلنى تۈركىيىگە ئۆتكۈزۈش قارارىنى ئېلىش ئارقىلىق، ھېچ بولمىغاندا شۇ باھانىدا بولسىمۇ ئۆز ئىرقىدىكى قېرىنداشلىرىغا ياردەم قىلىۋېلىشنى ئويلىغان بولۇشلىرى مۇمكىن. 100 مىليون ئالتۇن روبلىدىن ئىبارەت شۇنچە كۆپ مىقتاردا پۇل ياردەم قىلىش قارارىنىڭ ئېلىنىش سەۋەبىنىمۇ شۇ شەكىلدىلا چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. ئەمما رۇسىيىلىكلەر بۇ پۇلنىڭ ئاران 11 مىليون روبلى قىسمىنىلا تۈركىيىگە ئۆتەرتىپ بەرگەن بولۇپ، قالغىنىنى ئۆزلىرى خىيانەت قىلىۋالدۇ (ئەنقەرە مەركەزى بانكىسىنىڭ شۇ ۋاقىتلاردىكى سېلىشتۇرما مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، تۈركىيىگە ياردەم قىلىنغان ۋاقىتلاردىكى 1 ئالتۇن روبلى 0.59 تۈرك لىراسىغا تەڭ كېلەتتىكەن. بۇ بويىچە ھىساپلىغاندا، بۇخارا جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۈركىيىگە ئۆتەرتىپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلغان پۇلى 59 مىليون تۈرك لىراسىغا تەڭ دېگەن گەپ. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بۇ پۇلنىڭ ئاران 11 مىليون روبلىسىنى، يەنى 6.4 مىليون تۈرك لىرا قىسمىنىلا تۈركىيىگە تاپشۇرغان. — ئا. ھ. ئىزاھاتى).

تۈركىيىگە ياردەم قىلىش ئىشىنى ئىسپاتلايدىغان يەنە بىر شاھىت بولسا، سىبىرىيىدىكى ئەسىرلەر لاگىرىدىن قېچىپ تۈركىستانغا كېلىۋالغان، تاشكەنت ۋە بۇخارا قاتارلىق شەھەرلەردە ئۇزۇن يىللاپ ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى بىلەن شوغۇللانغان بىر تۈركىيە ئوفىتسېرى بولغان راجى چاقىرئۆز ئىدى. ئۇنىڭ تۈرك دۇنيا تارىخى ژورنىلىنىڭ 1987-يىلقى سانىدا ئېلان قىلىنغان خاتىرىلىرىدا مۇنۇ قۇرلار يېزىلغان ئىدى:

مەن تاشكەنتتىكى ۋاقتىمدا، يېڭىدىن قۇرۇلغان بۇخارا مۇۋاققەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئانادولۇدا مۇستەقىللىق كۈرىشىنى قانات يايدۇرىۋاتقان ئەنقەرە ھۆكۈمىتىگە پۇل ياردەم قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئىدىم. ئەپسۇسكى، بۇ ياردەم بىزنىڭ تارىخىمىزغا "ئۇرۇسلارنىڭ پۇل ياردەم قىلىشى" دەپ يېزىلماقتا. لېكىن كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگىنىدە ھوقۇقلۇق كىشىلىرىمىز بۇ ھادىسىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. مەسىلەن ئاتاتۈرك دەۋرىدە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولغان يۇسۇف كامال تەڭرىشەنىك «ئاقشام» گېزىتىدە ئېلان قىلغان ئەسلىملىرىدە (1970-يىلى 4-ماي كۈنىدىكى سانىدا) تارىخىمىزدا "ئۇرۇس ياردىمى" دەپ خاتا چۈشىنىۋېلىنغان ھادىسىنىڭ ئەسلىدە قېرىنداش بۇخارا تۈرك ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قىلىنغان ياردەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدى. ... كېيىنچە، تۈركىيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئوقۇشۇمچە، بۇخارا ھۆكۈمىتى بەرگەن 100 مىليون ئالتۇننىڭ ئاران 10 مىليونلۇق قىسمىلا ئەنقەرەگە يېتىپ كېلەلىگەن ئىكەن. دېمەك بۇ ئىشتا ۋاستىچىلىق رول ئوينىغان موسكۋا، توشۇپ بېرىش ھەققى ئۈچۈن 90 مىليون ئالتۇننى ئۆزىنىڭ غەزىنىسىگە سېلىۋاپتۇ. مانا بۇ — تارىخىمىزدىكى ئۇرۇس ياردىمى دەپ كۆتۈرۈپ يۈرگەن گېپىمىزنىڭ ئەسلى ماھىيىتى.

تەڭرىشەنىك كەچلىك گېزىتتا ئېلان قىلغان ئەسلىمىسىدە بۇ مەسىلە ئۈستىدە ھەقىقەتەنمۇ بەكلا ئېنىق توختالغان ئىدى:

بۈگۈن مەن بۇ يەردە، ھېچ كىمنىڭ خەۋىرى بولمىغان بىر ئىشنى ئاشكارىلىماقچىمەن. بىز ئازاتلىق ئۇرۇشى قىلىۋاتقان ۋاقىتلىرىمىزدا ئۇرۇسلار بەرگەن ئالتۇنلار توغرىسىدا يوقۇرىدا توختىلىپ ئۆتكەن ئىدىم. ئۇرۇسلار بىزگە بۇ ياردەمنى قىلدى، ئەمما بۇ پۇل ياردىمىنى قىلغانلار ئەسلىدە ئۇرۇسلار ئەمەس بەلكى بۇخارا تۈركلىرى ئىدى. ئۇرۇسلار بۇ يەردە پەقەت بىر ۋاستىچىلىق رولىنىلا ئوينىدى، خالاس.

شۇنداق قىلىپ، تارىخىمىزدا سوۋېت ياردىمى دەپ خاتىرىلىنىپ كېلىنگەن بۇ ياردەم ئىشى، ئەسلىدە تۈركىستان تۈركلىرىنىڭ بىزگە قوشقان بىر تۆھپىسى دەپ تۈزىتىلىشى لازىم دېگەن بۇ پىكىر، يۇسۇف كەمال تەڭرىشەنىك تەرىپىدىن تۈنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا ئىدى. ياش تۈركىيە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇش يىللىرىدا مالىيە ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولغان، س س س ر بىلەن 1921-يىلى 16-مارت كۈنىسىدىكى موسكۋا شەرتنامىسىنى ئىمزالىغان ھەيئەتنىڭ باشلىغى تەڭرىشەنىك، ئۇ ۋاقىتتىكى ئىشلارغا بىۋاستە قاتناشقان بىرسى بولۇپ، ئۇ پەيتتىكى سىياسىي ھادىسىلار ھەققىدە بىرىنچى قول ماتېرىياللارغا ئىگە بىرسى ئىدى (يۇسۇپ كامال تەڭرىشەنىك ئىستانبۇل ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن ئەنقەرەگە بېرىۋالغان بولۇپ، كاستامونودىن ت ب م م — تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى، تۈركىيە ئالى خەلق قۇرۇلتىيى — غا خەلق ۋەكىلى بولۇپ سايلىنىدۇ. دەسلىۋىدە مالىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، يەنى 1920~1921-يىللاردا، كېيىن يەنە تاشقى ئىشلار ۋەكىلى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. س س س ر بىلەن تۈزۈلگەن موسكۋا ئەھدىنامىسى، يەنى 1920-يىلى 16-مارت، ھەمدە فرانسىيە بىلەن تۈزۈلگەن ئەنقەرە ئەھدىنامىسى، يەنى 1922-يىلى 20-نويابىر مۇزاكىرىلىرىدە تۈركىيە ۋەكىللەر ئۆمىگىنىڭ باشلىقى بولغان ئىدى. — ئا. ھ. ئىزاھاتى). ئەپسۇسكى، پۈتۈن بۇ چۈشەندۈرۈشلەرگە قارىماي تۈركىستان-تۈركىيە مۇناسىۋەتلىرى جەھەتتە بەكلا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بۇ ئىش، تارىخنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭلىرىدا كۆمۈلۈپ قالماقتا.

## ئانادولۇ ھۆكۈمىتىنىڭ تۈركىستان سىياسىتى

تۈركىيە ئىنتايىن جاپالىق كۈنلەرنى ياشاۋاتقىنىغا قارىماي، مۇستاپا كامال پاشا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى يېقىندىن كۈزىتىپ، ئۇ يەرنىڭ ۋەزىيىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بولۇپ كەلمەكتە ئىدى. مۇستاپا كامال پاشا 1920-يىلى ئەسكىشەھەردە ئۇچۇراشقان سىيىت ھەمزە ئىسىملىك بىر تۈركىستانلىققا "تۈركىستانغا قايتىپ ئۇ يەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئىشلاردىن مېنى خەۋەردار قىلغىن" دەپ ۋەزىپە تاپشۇرغان ئىدى. سىيىت ھەمزىنىڭ مۇستاپا كامال پاشاغا ئەۋەتكەن 1921-يىلى 16-ئۆكتەبىردىكى خېتى، بۇ رايونلارغا مۇناسىۋەتلىك بەزى كۆزىتىشلەر بىلەن بەزى مەسلىھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا ئىدى (بۇ خەتنىڭ ئەسلى نۇسخىسىدا مۇنۇلار يېزىلغان ئىدى: "ئۆتكەن يىلى زۇلۇم ئاستىدا ياشاۋاتقان ۋەتىنىمدىن كېلىپ زاتى ئالىيلىرى بىلەن ئەسكىشەھىردە مۇشەررەف بولغىنىمدىن كېيىن ئەنقەرەدە بىرىنچى مەۋادتا مۇختەۋى بويرۇقى بىلەن ۋەتەنى ئەسلىم بولغان تۈركىستانغا ئەزىمەت قىلىنغان ئىدىم. ئۇ يەرلەرنى ئايلىنىش

جەريانىدا هال ۋە روهى هۆكۈمىتى مىللىيەگە مەربۇت بولغان ئۇ هاۋالى ئاهالىسى خىۋە، بۇخارا، تاشكەنتتە بىرەردىن ئەلچى، قازاقلار نامىغا بىر كونسۇل، تۈركىستان ئۈچۈن بىر كونسۇل ئىرسالىنە ئىنايەت بويىرۇلىشى ئارقىلىق ئۇ يەرلەرنىڭ ئاهالىسى هەر تۈرلۈك پىداكارلىقنى ئىختىيار قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى ۋە ئۈچ ماه مۇددەت بىلەن ئاجىزەلىرىنى ئىۋەرتكەن هالدا ئالتى ئايدىن بۇيان ئىنتىزار قىلىۋاتقانلىقىنى تەلەپ قىلىپ كۈچلۈك شىتانىڭ تەخمىنى هاسائەپەندى بىلەن هۆكۈمەتىي مىللىيەگە ئەڭ چوڭ پىداكارلىق كۆرسىتىدىغان ئاسىيائىي كەبىر تۈركلەرگە ماتلۇپلارنىڭ ئىسافىنى مەنپەئەتىي ئومۇمىيە نامىدا ئىستىرهام ۋە ئۈچ ئاي مۇخلەت بىلەن كەلگەن بولغىنىمغا قارىماي ئالتى ئايدىن بېرى بۇ يەرلەردە تۇرىۋاتقانلىقىمدىن چىقىم جەهەتىندەنمۇ مۇزاياكادا بولغانلىقىمنى ۋە بەزى مۇهىم ماسرۇفاتتا بولۇش ئۈچۈن تايىن بويرۇلغان ۋاقىتقا مۇنتازار بولغانلىقىمنى ئىپادىلىمەكچىمەن.“ ــ ئا.ه. ئىزاهاتى). تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى (تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى، تۈركىيە ئالى خەلق قۇرۇلتىيى ــ قىسقارتىلىپ ت ب م م دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ــ ئۇ.ت) هۆكۈمىتىنىڭ تۈنجى قېتىملىق دىپلوماتىيە سىياسىتىگە مۇناسىۋەتلىك كېلىشىملىرىدىن بىرسى بولغان 1921ـ يىلى 1ـ مارت كۈنىسى موسكۋادا ئىمزالانغان تۈركىيەـ ئافغانىستان ئىتتىپاقلىق مۇئاهەدەنامەسى (دوسلۇق شەرتنامىسى ــ ئۇ.ت) نىڭ ئىككىنچى ماددىسىدا، ”هەر ئىككى دۆلەت بۇخارا بىلەن خىۋە دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ“ دەپ تەكىتلىگەن ئىدى (1921ـ يىلى 1ـ مارت كۈنىسى موسكۋادا تۈركىيە تەرىپىدىن مالىيە ۋەكىلى يۈسۈپ كامال ئەپەندى بىلەن مائارىپ ۋەكىلى دوكتور رىزا نۇر ئەپەندى، ئافغانىستان تەرىپىدىن پەۋقۇلئاددە ئەلچى گېنېرال مەهەممەت ۋەلىخانلارنىڭ قول قويۇپ ئىمزالىغان شەرتنامىنىڭ ئىككىنچى ماددىسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: ئىككىنچى ماددا: تارافەينى ئالىيەنى ئاكىدەنىڭ بارلىق شەرق مىللەتلەرىنىڭ ئازادى ۋە هۆرىيەتى كاملەگە ۋە هەققى ئىستىقلالغا مالىك بولغانلىقىنى ۋە تارزى ئىدارەئىي هۆكۈمەت ئىلە ئۆزلىرىنى باشقۇرۇشتا مۇختار بولغانلىقىنى، بۇخارا ۋە خىۋە دۆلەتلىرىنىڭ ئىستىقلاللىنى تەستىق ئېتىدۇ. ــ ئا. ه. ئىزاهاتى). 1921ـ يىلىنىڭ فىۋرال ئېيىدا، تۈركىيە ئالى خەلق قۇرۇلتىيى هۆكۈمىتى تەرەپىدىن موسكۋاغا باش ئەلچى قىلىپ تەيىنلەنگەن ئەلى فۇئات پاشا (جەبەسوي) نىڭ هەيئىتىدە، ئاتاقتا تۈرك كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەسمى ئەزاسى دەپ كۆرسىتىلگەن تۆت نەپەر ئادەممۇ بار ئىدى. دوكتور تەۋفىق رۈشتۈ (ئاراس)، فۇئات (جارىم)، بېسىم (ئاتالاي) ۋە ئىسمائىل سۇپهى قاتارلىق ئەپەندىلەردىن تەشكىللەنگەن بۇ 4 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىگىنىڭ ۋەزىپىسى بولسا، رۇسىيىدىكى يېڭى تۈزۈمنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ چىقىش ئىدى. بۇ هەيئەت ئەزالىرىدىن سويساللىئوغلى ئىسمائىل سۇپهى، 1921ـ يىلىنىڭ ئىيول ئېيىدا

تۈركىستانغا ئەۋەرتىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا غەيرى رەسمىي بىر يول ئېچىلغان ئىدى.

راجى چېقىرىكۆزنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە قارىغاندا، سوپىساللىئوغلى تۈركىستاندا بىر كۆزەتكۈچىلا بولۇپ قالماي، يەنە نۇرغۇنلىغان پائالىيەتلەرنىمۇ ئېلىپ بارغان:

تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسىنىڭ بۇردۇر مىللەت ۋەكىلى سوپىساللىئوغلى ئىسمائىل سۇپھى ئەپەندى، تەتقىقاتئى ئىلمىيە (ئىلمىي تەتقىقات) مۇراخھاسى سۈپىتى بىلەن 1921 ـ يىلىدا ئەنقەرەدىن موسكۋا ئارقىلىق تاشكەنتكە كەلگەن ئىدى (چېقىرىكۆزنىڭ ئەسلىمىلىرىدە 1920 ـ يىلى دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ۋاقىتتا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئەلى فۇئات ئەپەندى ھەيئىتى بىلەن موسكۋاغا سەپەر قىلغان ۋاقىتى 1921 ـ يىلى 19 ـ فېۋرال كۈنىسى ئىكەنلىگى ئېنىق. بەلكىم، بۇ بىر باسما خاتالىغى بولىشىمۇ مۇمكىن ــ ئا. ھ. ئىزاھاتى). بىز ئۇنىڭغا، ھەممىمىزدە ۋەتەنگە قايتىش ئارزۇسى بارلىغىنى، بۇ ھەقتە بىزگە ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلدۇق. ئەمما ئىسمائىل سۇپھى ئەپەندى بىزنىڭ تاشكەنتتىكى پائالىيەتلىرىمىزنى كۆرگىنىدىن كېيىن، بۇ يەردە ياخشى ئىش قىلىۋاتقانلىغىمىزنى، شۇڭا بۇ يەردە يەنە بىر مەزگىل قېلىشىمىزنىڭ تېخىمۇ پايدىلىق بولىدىغانلىغىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ بىزگە مۇنداق دېدى:

”ئەزىز قېرىنداشلىرىم! تۈركىستاندا تۇرۇپ بۇ يەردىكى ئىرقداشلىرىمىزغا ياردەمچى بولۇشىنىڭ ئۆزىمۇ تۈركىيىدىكى خىزمەتلەرگە ئوخشاشلا ئۇلۇغ ئىش ھېساپلىنىدۇ. بۈيۈك مىللەت مەجلىسىدە سىزلەر ئېلىپ بارغان پائالىيەتلەر توغرۇلۇق مەلۇمات بېرىمەن. بۇ يەردە ئېلىپ بېرىۋاتقان پائالىيەتلىرىڭىزلەرنىڭ تۈركىيەدە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىمەن. ھەتتا، موسكۋاغا قايتقىنىمدا باش ئەلچىمىز ئەلى فۇئات پاشاغا ئەھۋالىڭىزلاردىن مەلۇمات بېرىپ، سىزلەرگە مائاش بېرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىمەن.“

ئىسمائىل سۇپھى ئەپەندىنىڭ بۇ سۆزلىرى بىز تۈركىيىلىك ئوفىتسېرلارغا مەنىۋى رىغبەتلەندۈرۈش بولۇپ، تۈركىستاندا يەنە بىر مەزگىل قېلىشىمىز ئۈچۈن مۇھىم تەشۋىقات بولغان ئىدى. دېگەنەدەك ئۇزۇن ئۆتمەيلا تۈركىيە باش ئەلچىخانىسىدىن بىزگە پۇل كېلىشكە باشلىدى.

ئىسمائىل سۇپهى سويساللىئوغلى تۈركىستاندا تۇرىۋاتقان ۋاقىتلىرىدا، تۈركىستانلىق زىيالىيلار قۇرۇشقا كىرىشكەن تۈركىستان مىللىي بىرلىك (مىللىي ئىتتىپاق ــ ئۇ.ت) تەشكىلاتىنىڭ تەشكىللىنىشىدىمۇ ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.

ئوسمان غوجائوغلى بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىگە پرېزدېنت بولغان ۋاقىتلاردا، تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن رەجەپ ئەپەندى بىلەن نازىرىي ئەپەندىلەرنى سەدىردىن ئەپەندى بىلەن قوشۇپ ئۈچ كىشىلىك بىر ھەيئەت تەشكىللەپ ئەنقەرەگە ئەۋەرتىدۇ. 1921-يىلى 31-دېكابىر كۈنىسى ئەنقەرەگە يېتىپ بارغان بۇ ھەيئەت، مۇستاپا كامال پاشا تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ كۆرۈشۈشتە ھەيئەت ئەزالىرى مۇستاپا كامال پاشاغا تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. بۇخاراغا بىر تۈركىيە سەفارەت (ئەلچىلىك ــ ئۇ.ت) ھەيئىتى ئەۋەرتىلىشى ھەققىدىكى تەلىۋى يەتكۈزىلىدۇ، ئاخىرىدا كامال پاشاغا بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئەۋەرتكەن سوغاتلار تەغدىم قىلىنىدۇ. مۇستاپا كامال پاشا كۆرۈشۈشتىن كېيىنكى بىر نۇتقىدا مۇنداق دەيدۇ:

مۇھتەرەم دوستلار، تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىز ساكارىيا غالىبىيىتىمىزنى تەبرىكلەپ بىزگە 3 تال قىلىچ ۋە بىر قۇرئان كېرىم ئەۋەرتىپتۇ. تۈرك مىللىتى نامىدىن ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىمەن، بۇ مۇقەددەس كىتاپنى تۈرك مىللىتىگە سوغا قىلدىم، بۇ ئۈچ تال قىلىچتىن بىر تىلىنى مەن ئۆزەمگە ئېلىپ قالدىم، ئىككىنچىسىنى غەربىي ئالدىنقى سەپ قوماندانى ئىسمەت پاشاغا تەغدىم قىلىمەن. ئۈچىنچىسىنى بولسا، ئىزمىر فەتھى ئۈچۈن ساقلاپ قويدۇم. بۇ قىلىچ ئىزمىرگە تۇنجى ئاياق باسقان كوماندىرىمىزغا تەغدىم قىلىنىدۇ (ئاتاتۈرككە تەغدىم قىلىنغان قولىيازما نۇسخىدىكى قۇرئان كەرىم بۈگۈن قۇرۇلتاي ــ ت ب م م كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. ئالتۇن قىلىچلاردىن ئىككى تىلىنى ئاتاتۈرك بىلەن ئىسمەت پاشا يېنىغا ئېسىپ يۈرگەن. 1922-يىلى 26-ئاۋغۇست كۈنىسى ئومۇمىي يۈزلۈك قايتارما ھۇجۇمغا تەييارلىق قىلىۋاتقان مەزگىللەردە غوجاتۆپىدە تارتىلغان داڭلىق رەسىمدىكى ئاتاتۈرك بىلەن ئىسمەت ئىنۆنۈنىڭ بېلىدىكى قىلىچلار سوغات قىلىنغان ئەنە شۇ قىلىچلاردۇر. ئۈچىنچى قىلىچنى بولسا ئىزمىرگە تۇنجى ئاياق باسقان ئاتلىق ئەسكەرلەر ئوفىتسېرى شەرەپ ئەپەندىنىڭ بېلىگە ئاتا تۈرك ئۆز قولى بىلەن ئېسىپ قويغان. ــ ئا. ھ. ئىزاھاتى).

بۇخارا ھەيئىتى تۈركىيىدە تۇرىۋاتقان مەزگىللەردە خۇددى بىر ئەلچىلىك ھەيئىتى دەرىجىسىدە مۇئامىلە قىلىنىپ، دىپلوماتىيىلىك مۇراسىملارغا تەكلىپ قىلىنىدۇ (1922-يىلى 3-مارت كۈنىسى ئافغانىستان ئەلچىخانىسى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن

مۇستەقىللىق بايرىمىنى تەبرىكلەش زىياپىتىدە، بۇخارا ئۆمىگىنىڭ ئەزالىرىمۇ قاتناشقان بولۇپ، ئۇمەك باشلىقى نازىرىي ئەپەندى "شەرق ـــ شەرقلىقلارنىڭدۇر" دېگەن پىرىنسىپ ياقلانغان بىر نوتۇق سۆزلەيدۇ. ـــ ئا. ھ. ئىزاھاتى). بۇ جەرياندا، يەنى بۇ ۋەكىللەر ئۆمىگىنىڭ زىيارىتىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، تۈركىيىدە بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىگە بىر ئەلچىلىك ھەيئىتى ئەۋەتىش ھەققىدە قارار ئېلىنىپ تەييارلىق خىزمەتلەر باشلىنىدۇ. مۇستاپا كامال پاشا 1922ـ يىلى 1ـ مارت كۇنىسىدىكى قۇرۇلتاينىڭ ئىككىنچى ئىجرائەت يىلىنىڭ ئېچىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن سۆزلىگەن نۇتقىدا، بۇخاراغا ئەۋەتىلىدىغان ئەلچىلىك ئۆمىكى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

بۇخارا خەلق سوۋېت جۇمھۇرىيىتى ئەنقەرەگە ۋەكىللەر ئۇمىگى ئەۋەرتىپ مەۋجۇت ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ شەكلەن تەسپىتىنى ئارزۇ ئەتمىش ۋە بۇ ئارزۇنىڭ ئىفاسى، تەرىپىمىزدىن ئۇيغۇن كۆرۈلمۈشتۇر. ... بۇخاراغا بۆگۈنلەردە مۇھىم رىجالىمىزدىن بىر زاتىنىڭ باشقانلىغى ئاستىدا بىر سەفارەت ھەيئەتىمىز سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.

ئەلچىلىك ۋەزىپىسىگە غالىپ پاشا، ئەلچىلىك مۇستەشارلىقىغا (مۇئاۋىن مەسئۇللىقىغا ـــ ئۇ.ت) بولسا، رۇشەن ئەشرەف (ئۈنئايدىن) تەيىنلەنگەن ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، ھەمدۇللا سۇپھى تەڭرىئۆۋەرمۇ بۇ ھەيئەتكە كىرگۈزۈلۈپ، ئۇنىڭغا تۈركىستاندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنى بېجىرىش ۋەزىپىسى تاپشۇرىلىدۇ (جامال پاشا، بىرەر يىل بۇرۇن تاشكەنتتىن م. كامال پاشاغا ئەۋەرتكەن بىر پارچە خېتىدە، ھەمدۇللا سۇپھى بىلەن كۆرۈشۈپ رۇشەن ئەشرەپ ئەپەندىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر ھەيئەتنىڭ تاشكەنتكە ئەۋەتىلىشىنى مەسلىھەت قىلغان ئىدى. بۇخاراغا ئەۋەتىلىدىغان ئۇمەكنىڭ جامال پاشا تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن كىشىلەردىن تەشكىل تاپقانلىقى، غازى مۇستاپا كامال پاشانىڭ بۇ مەسلىھەتلەرگە دىققەت قىلغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. ـــ ئا. ھ. ئىزاھاتى). 1922ـ يىلى 9ـ مارت كۈنى ئەزەربەيجان باش ئەلچىسى ئابىلوف، ئافغانىستان ئەلچىلىكىگە تەيىنلەنگەن فاھرەتتىن پاشا بىلەن بۇخارا باش ئەلچىلىكىگە تەيىنلەنگەن غالىپ پاشالار ئۈچۈن بىر زىياپەت ئويۇشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ زىياپەتكە رۇسىيە، ئافغانىستان ئەلچىلىرى بىلەن بىر قاتاردا بۇخارادىن ئەۋەتىلگەن ۋەكىللەر ئۇمىگى ئەزالىرىمۇ قاتنىشىدۇ. ئەپسۇسكى، ئەلچىلىك ئۇمىگىنىڭ تەيىنلىنىشى، ئەنۋەر پاشانىڭ بۇخاراغا كەلگەن ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالغان بولۇپ، ئەنۋەر پاشانىڭ باسمىچىلار تەرىپىگە قوشۇلغان ۋاقىتلىرىدا بولسا، ئەلچىلىك ھەيئىتى يېڭىلا يولغا چىققان بىر ئەھۋالدا ئىدى. ئەنقەرە ھۆكۈمىتى بىلەن موسكۋا ئوتتۇرسىدىكى شۇنچە يېقىن مۇناسىۋەتلەرگە

قارىماي، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بۇخارا جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە بارغانسىرى ئۇلغىيىپ كېتىۋاتقان باسمىچىلىق تىركىشىشلىرى سەۋەبىدىن، ئەلچىلەر ئۇمىگىنىڭ باتۇمدىن ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىشىنى چەكلەپ قويىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇخارا ھۆكۈمىتى بىلەن ئەنقەرە ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئارتىپ بېرىشىنى موسكۋا دائىرىلىرى ھەرگىزمۇ خالىمايتتى. باش ئەلچى غالىپ پاشا بولسا ترابزوندا توسىلىپ قالىدۇ. ئارىدىن 6 ئايدەك ۋاقىت ئۆتكىنىگە قارىماي، ئەلچى ۋەزىپە ئۆتەش يېرىگە يېتىپ بېرىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، ت ب م م قارارىغا ئاساسەن بۇ ۋەزىپە ئورنىنىڭ داۋاملىق ساقلىنىپ قېلىش شەرتى بىلەن، ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ ۋەزىپىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. غالىپ پاشامۇ سالامەتلىك سەۋەبلىرى تۈپەيلىدىن ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىدۇ (تاشقى ئىشلار ۋاكالەتچىلىك ۋەكىلى دوكتور رىزا نۇرنىڭ بۇردۇر مىللەت ۋەكىلى ئىسمائىل سۇپھى سويسالىلىنىڭ سورىغان سۇئالىغا بەرگەن جاۋابى، ت ب م م مەخپى جەلسە خاتىرىلىرىدا ساقلانغان مەلۇماتتا "ئىستانبۇلدىن تۈركىستانغا مېڭىشتا باتۇم ئارقىلىق يولغا چىققان ئىدىم. ئۇ يەردىكى تۈرك كونسۇلى ئىبراھىم تالى ئەپەندىنىڭ قېشىغا باردىم. تۇيۇقسىزلا يان ئۆيدىن ھەمدۇللا سۇپھى ئەپەندى چىقىپ كەلدى. ئۇ كىشى تۈرك ئۇچاقلىرىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇ، ماڭا مۇنداق دېدى: نائىم، ئوغلۇم، نەدىن چىقىپ كېلىۋاتىسەن؟ بۇ ماسكوفلۇقلار بىزنى تۈركىستانغا كىرىشىمىزگە يول قويمايۋاتىدۇ. ئانقارا ھۆكۈمىتىمىز ئەلچى تەيىنلىدى. ئەلچى ترابزوندا ساقلاپ ياتىدۇ. ۋىزا بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ترابزوندىن باتۇمغا كېلەلمەيۋاتىدۇ. قارىماسەن بۇ تۈرك-ئۇرۇس دوستلۇقى دېگەنلىرىگە ..." دېگەنلەر يېزىلغان. — ئا. ھ. ئىزاھاتى).

## بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاقىۋېتى

1921-يىلىنىڭ ئۆكتەبىر ئايلىرى بۇخارا جۇمھۇرىيىتى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى تۈركىستان باسمىچىلىق تارىخى جەھەتتىن ئالغاندىمۇ ئىنتايىن مۇھىم بىر ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. ئەنۋەر پاشا، قۇشچىزادە سەلىم سامى (ھاجى سەمى) بىلەن ئوفىسسېر مۇھتتىن ئەپەندىلەرنى بىرگە ئېلىپ بۇخاراغا كېلىدۇ. ئەنۋەر پاشا بۇخارادا تۇرغان 21 كۈن جەريانىدا بۇخارا ھۆكۈمىتىنىڭ يېتەكچىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئومۇمىي ۋەزىيەت ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشىدۇ. بۇ ۋاقىتلاردا ئۇرۇسلار ئەنۋەر پاشانىڭ رۇسىيىگە قارشى تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىنى سېزىپ بولغان ئىدى. شۇڭا، ئۇرۇسلارنىڭ پاشاغا تۇتقان پوزىتسىيىسىمۇ ئۆزگىرىشكە باشلىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيە ئۆزگەرتىشلىرى ئەنۋەر پاشاغىمۇ ئېھتىيات قىلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدۇرماقتا ئىدى. ئافغانىستاندىن موسكۋاغا قاراپ يولغا چىققان جامال پاشانىڭ

ئەنۋەر پاشا بىلەن كۆرۈشۈش ئۇچۇن تۈركىستانغا كېلىپ كۆرۈشۈپىلىشىغا يول قويۇلماسلىقى، ئەنۋەر پاشانى تېخىمۇ گۇمانلاندۇرغان ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئەنۋەر پاشا 8 ـ نويابىر كۈنىسى يېنىدىكى تۈرك ئوفىتسېر ۋە بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى بىرگە ئېلىپ يوشۇرۇن ھالدا بۇخارادىن ئايرىلىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بىر پارچە بايانات ئېلان قىلىپ، سوۋېت رۇسىيە دائىرىلىرىگە قارشى ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن باسمىچىلار ھەرىكىتىگە قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇ كۈنلەردە، دۈشەنبە شەھىرىدە جۇمھۇر رەئىسى ئوسمان غوجىغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بېرىدۇ: بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى بىلەن شەرقىي بۇخارا تەۋەسىدە پائالىيەت قىلىۋاتقان باسمىچىلار ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىم ئۇزۇنغا بارماي بوزۇلىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ يەردىكى باسمىچى يېتەكچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى قايتىدىن ئۇلغىيىپ كېتىدۇ. بۇ ۋەزىيەتنى نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرۈپ كۆرۈش ۋە بۇ رايوندا ئۇزۇن مۇددەتلىك تېچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە، جۇمھۇر رەئىسى ئوسمان غوجا مەسلىھەتچىسى ئەلى رىزا ئەپەندى بىلەن بىرگە بىر قۇراللىق قوشۇننى يېنىغا ئېلىپ ئۇ يەرگە ئۆزى بېرىشقا مەجبور بولىدۇ. ئەمما دۈشەنبە شەھىرىدىكى ئورۇس ھەربىي گازارمىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق مۇزاكىرىدە ئورۇس قۇراللىق كۈچلىرىنىڭ يېتەكچىلىرى بىلەن ئېغىر ئىختىلاپ يۈز بېرىدۇ. بۇ زىددىيەت تېزلىكتە قۇراللىق توقۇنۇشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ئوسمان غوجا ئورۇس ھەربىي گازارمىسىنى ئۆتكۈزىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، يېقىن ئەتراپتىكى ئورۇس قوشۇنلىرى دۈشەنبىگە ھۇجۇم قىلىشقا كىرىشىدۇ. بۇنداق بىر ۋەزىيەت ئاستىدا، ئوسمان غوجا خەلقنى رۇسىيە قوشۇنلىرىغا قارشى جەڭگە ئاتلىنىش ھەققىدە بىر چاقىرىقنامە ئېلان قىلىپ، سوۋېت دائىرىلىرىگە قارشى ئورۇش باشلايدۇ (بۇ بایاناتنىڭ ئەسلى تېكىستى: ۋەتىنىمىز تۈركىستان تۇپراقلىرىغا يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى بېسىپ كىرىۋالغان تاجاۋۇزچى دۈشمەن كۈچلىرىدىن قۇتۇلۇپ ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىققا ئېرىشىش — ھەربىر تۈركىستانلىقنىڭ قەلبىدە ساقلانغان ئەڭ كۈچلۈك غايە ئىكەنلىكىدىن قىلچە گۇمان قىلمايمەن. مانا ئەندى، بۇ ئارزۇيىمىزغا يېتىش ۋاقتى كەلدى. قولىدا قۇرالى بولغان ۋە قۇرال تۇتۇش ئىمكانى بار ھەر بىر تۈركىستانلىقنى بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا چاقىرىمەن. ياشىسۇن ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىق! — ئا. ھ. ئىزاھاتى). ئورۇسلار بۇ يەرگە زور كۆلەمدە قۇراللىق كۈچ يىغىشقا باشلىغاندا دۈشەنبىدىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبور بولغان ئوسمان غوجا، مۇداپىيە مىنىستىرى مەسلىھەتچىسى ئەلى رىزا ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە 1921 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئافغانىستانغا ئۆتۈپ كېتىشكە مەجبور بولىدۇ.

(رەسىم ئورنى)
بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسى فەيزۇللا غوجايېۋ

بۇ ۋەقە بۇخارا ھۆكۈمىتى ئىچىدە ئېغىر بۆلۈنۈشلەرگە سەۋەب بولىدۇ. دۈشەنبە ۋەقەسى تۈپەيلىدىن بۇخارادىكى رۇسىيە ئەلچىسى يۇرىنېۋ، بۇخارا ھۆكۈمىتىگە قاتتىق ئۇلتىماتوم تاپشۇرىدۇ. بۇ ئەلچى، ئوسمان غوجىنى "خائىن" دەپ ئېلان قىلىشنى، بۇخارا ئارمىيىسىنى تاشكەنت سوۋېتىگە قاراشلىق تۈركىستان ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتاۋىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھۆكۈمەت فەيزۇللا غوجايېۋ رەئىسلىكىدە يىغىن چاقىرىپ، گۇناسىزلىقى ئىسپاتلانغىنىدا ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش شەرتى بىلەن ئوسمان غوجىنى "خائىن" دەپ ئېلان قىلىدۇ، ھەمدە ۋەقەنى سۈرۈشتە قىلىش ئۈچۈن سابىق مالىيە نازىرى ناسىر مەخدۇم يېتەكچىلىكىدە بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكى (كومىسسىيە) تەشكىللەيدۇ. ياش بۇخارالىقلار ئورۇسلارنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئورتاق غايىگە ئىگە بىر سەبدىشىنى جازالاشقا مەجبورلىنىشتىن بەكلا نارازى بولغاچقا، بۇ ھەقتە باشقا بىر چىقىش يولى ئىزدىنىشكە كىرىشىدۇ. ناسىر مەختۇم يېتەكچىلىكىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى ۋەقەنىڭ ئورۇسلار تەرىپىدىن باشلىتىلغانلىقىنى، بۇ ئىشتا ئوسمان غوجا گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقىدۇ. ئەمما، ئېلىنىپ بولغان قارارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئىمكانى يوق ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئوسمان غوجا ھەققىدە چىقىرىلغان قارارنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ناسىر مەخدۇممۇ ئورۇسلارنىڭ دىتىغا ياقمايدىغان بىر خۇلاسە چىقارغان تەكشۈرۈش ئۆمىگىگە مەسئۇل بولغانلىقى سەۋەبىدىن بېشىغا كېلىش ئېھتىمال بولغان خەۋپنى مولچەرلەپ، ئوتتۇردىن جىممىتلا يوقاپ كېتىدۇ. ئۇ ئاۋال باكۇغا، يەنى بۇخارا دۆلىتىنىڭ ۋاكالەتچىسى بولۇپ تۇرىۋاتقان ئىنىسى مۇھەددىن مەخدۇمنىڭ يېنىغا بېرىۋالىدۇ. كېيىن يەنە ئۇ يەردىن تۈركىيىگە ئۆتۈپ، كېيىنچە تۈركىستان مىللىي بىرلىگىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە پائالىيىتىنى داۋام قىلدۇرىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتە، باشقىردىستاندا ئىزنى يوقىتىۋېتىپ خارەزم خەلق جۇمھۇرىيىتىدە پەيدا بولغان زەكى ۋەلىدىي، ئۆكتەبىرنىڭ باشلىرىدا بۇخاراغا كېلىپ ئەنۋەر پاشا بىلەن كۆرۈشىدۇ. بۇخارا جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرىنى يېقىندىن كۆزىتىپ كېلىۋاتقان ۋەلىدىي سىياسىي بىر تەشكىلات قۇرۇپ قوراللىق كۈرەشكە قاتنىشىش ئىرادىسىگە كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ فەيزۇللا غوجايېۋ بىلەن ئۆتكەزگەن سۆھبىتى ھەققىدە يازغانلىرى، بۇ بوران-چاپقۇنلۇق يىللاردا تۈركىستانلىق زىيالىيلار بىلەن يېتەكچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلارنى تەسۋىرلەش جەھەتتىن ئالغاندا، كىشىنى بەكلا ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ماتىرىيالدۇر:

”ئەنۋەرمۇ، سەنمۇ باسمىچىلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكىنىڭلاردا سىلەرگە قارشى ئاشكارە ئۇرۇش ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولىمىز؛ سىلەر تەرەپكە مەنسۇپ دەپ گۇمان قىلىنغانلىكى كىشىلەرنى ئىشتىن قوغلاپ تازىلايمىز؛ ئۇرۇسلار خېلىدىن بېرى ئارىپوۋنى ھەربىي ئىشلاردىن (نازىرلىغىدىن ــ ئاپتور) ئېلىپ تاشلىشىمنى مەندىن تەلەپ قىلىپ كېلىۋاتقان ئىدى. بۇلاردىن خەۋىرىڭ بولسۇن. ئېھتىمال، سېنىڭ بىلەن ئەندى قايتا كۆرۈشەلمەسلىگىمىز مۇمكىن. شۇنىسى ئېنىقكى، بەكلا شەپقەتسىز ھەرىكەتكە ئۆتىمىز. بەلكىم سۇلتانوۋ ئۆز ئورنىدا قېلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن سىلەرگە قارشى ئۇرۇش يولىمىز ئۇچۇق تۇرۇلدۇ.“ فەيزۇللا غوجا بۇلارنى دەپ يىغلاپ كەتتى.

دېگەندەك، فەيزۇللا غوجايېۋ دۇشەنبە ۋەقەلىرىنىڭ باشلىنىشىدىن كېيىن بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ تۇغقىنى بولغان ئوسمان غوجىغا دەرھال خەۋەر بېرىپ سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ بەكلا خەتەرلىك ئىكەنلىگىنى ئېيتىپ ھەرگىز قايتىپ كەلمەسلىگىنى جېكىلەيدۇ. ئەگەر قايتىپ كەلگىدەك بولسا قولغا ئېلىشقا مەجبۇر ئىدى. بۇ ئارىدا، ئۇرۇسلار ئۇزۇندىن بۇيان كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن بۇخارا ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقىنى تاشكەنتتىكى سوۋېت دائىرىلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھەققىدىكى ئارزۇلىرىنى ئىشقا ئاشۇرىۋالغان ئىدى. بۇ قارار سەۋەبىدىن، ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ تۇنجى كۈندىن باشلاپ بىر مىللىي ئارمىيە قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ يۈرگەن ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى ئابدۇلخەمىت ئارىپوۋمۇ باسمىچىلارغا قوشۇلۇپ كېتىش ئۈيىغا كېلىپ، 1921 ـ يىلى 23 ـ مارت كۈنىسى ئەنۋەر پاشانىڭ يېنىغا بېرىۋالدۇ.

بۇخارادىكى ۋەزىيەت، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ بۇخارا جۇمھۇرىيىتىنى سوۋېتلەشتۈرۈلىشىگە باشلاپ بارىدىغان يولغا قاراپ ھەرىكەت قىلىشىغا يۈزلەندۈرۈلمەكتە ئىدى. بۇ ۋەقەلەر يۈز بەرگەندىن كېيىن، بۇخارادىكى سوۋېت رۇسىيە ۋاكالەتچىسى ”فەيزۇللا گۇرۇھى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلاردا كوممۇنىزمنى غايە قىلىش دەيدىغان بىرەر ئاڭ مەۋجۇت ئەمەس. بارلىق غوجايېۋلار ئۈچۈن ئالغاندا، كوممۇنىزم دېمەك، ھوقۇقنى ساقلاپ قېلىشنىڭ بىر نىقاۋىدىن باشقا مەنىگە ئىگە ئەمەس“ دەپ كۆرسەتمەكتە ئىدى. رۇسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى يېتەكچىلىرىدىن بولغان ئوردژونىكىدزې، 1921 ـ يىلى 18 ـ ماي كۈنىسى بۇخارادا سۆزلىگەن بىر نۇتقىدا، ”مىنىستىرلەر سوۋېتى رەئىسىنىڭ بىر بۇخارالىق بولىشىغا قارشى ئەمەسمەن. مەركەزى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىگىنىمۇ بىر بۇخارالىق ئۈستىگە ئالالىشى مۇمكىن، ئەمما كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ سېكرېتارى بولىدىغان كىشى، مىللەت نوقتىسىدىن ئالغاندا، بىتەرەپ بولىشى لازىم ئىدى. نازىرلاردىمۇ مىللىي تەرەپپازلىق بولماسلىغى كېرەك. شۈبھىسىزكى ئۇلارمۇ بىر بۇخارالىق بولسا

تېخىمۇ مۇۋاپىق بولاتتى. ئەمما بىر رۇس ياكى گرۇزىن بولشى، ئارىپوۋ (بۇنىڭدىن سەل ئاۋال باسمىچىلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەن ھەربىي ئىشلار نازىرى ئابدۇللخەمت ئارىپوۋ كۆزدە تۇتۇلماقتا — ئا.ھ. ئىزاھاتى) نىڭ بولغىنىدىن مىڭ مەرتىۋە ياخشى" دېيىش ئارقىلىق، بىر مەنىدە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ كەلگۈسىدە بۇ رايونلاردا ئىجرا قىلىدىغان ھاكىمىيەت شەكلىنىڭ تۈپكى ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ بەرمەكتە ئىدى. دىگەندەك، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇخارا ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق ئەزالىرى قولغا ئېلىنىدۇ. فەيزۇللا غوجايېفنى موسكۋاغا ئېلىپ كېتىشىدۇ. كېيىن ئۇنىڭدىن بۇخارانىڭ سوۋېتلەشتۈرۈلىشى ئۈچۈن كىرەكلىك بارلىق ئىشلاردا ھەمكارلىشىش ۋەدىسىنى ئېلىپ ۋەزىپىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرىشىدۇ. 1923-يىلى بۇخارا جۇمھۇرىيىتىنىڭ سوۋېتلەشتۈرۈلۈشىگە توسالغۇلۇق قىلىشقا ئۇرۇنغان ئابدۇررائۇف فىترات، ئاتا غوجايېۋ، نائىمجان ياقۇبزادە، سەتتار غوجايېۋ ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان بارلىق ئۆكتىچىلەر ئاساسەن تازىلىۋېتىلىدۇ. ئاخىرىدا، 1924-يىلىنىڭ 19-سىنتەبىر كۈنىسى بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەت دەپ ئېلان قىلىشىدۇ، ئۇنىڭدىن بىر كۈن كېيىن چاقىرىلغان خەلق ۋەكىللەر 5-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا، بۇخارا سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنى تارقىتىۋېتىش قارارى ئېلىنىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، تۈركىستان تەۋەسىدە يېڭى-يېڭى جۇمھۇرىيەتلەر قۇرۇلۇشقا باشلاپ، ستالىننىڭ ئاساسلىق مەقسەتلىرىدىن بىرى بولغان "تۈركىستان دېگەن ئۇقۇمنى تارىخ بېتىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاپ، ئۇرۇغداشلاردىن (قەۋىملەردىن — ئۇ.ت) مىللەت يارىتىش" پىلانى ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ.

(خەرىتە ئورنى)
خەرىتە-2: 1921-يىللاردىكى غەربىي تۈركىستان سىياسىي خەرىتىسى

## ئوسمانىلار ئىمپىرىيىسىنى مەنبە قىلغان تەسىرلەر

ئوسمانىلار ئىمپىرىيىسى، تارىختىن بۇيان تۈركىستاندا قۇرۇلغان دۆلەت ۋە خانلىقلارغا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا ھەر جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن ئىدى. ئەمما بىز بۇ يەردە، 1920-يىللاردىن باشلاپ چەتئەللەردە ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەرگە ئاساس سېلىپ بېرەلىگەن ۋە بۇ پائالىيەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن ياردەمچىلىك رول ئوينىيالىغان تەسىرلەر ئۈستىدىلا توختىلىپ ئۆتىمىز. بۇ رايونغا كۆرسەتكەن تەسىرلەرنى مۇنداق ئىككى تۈر بويىچە كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇ تەسىرلەرنىڭ بىرسى، بىرىنچى جاھان ئۇرۇشى جەريانىدا كاپكاز ئالدىنقى سېپىدە ئەسىرگە چۈشۈپ، رۇسىيىنىڭ سىبىرىيە قاتارىدىكى ھەرقايسى جايلىرىغا سۈرگۈن

قىلىۋتىلگەن تۈركىيە ئۇرۇش ئەسىرلىرىدىن، ھەممە ئۇنىڭدىن باشقا ھەرخىل يوللار ئارقىلىق تۈركىستانغا كېلىپ قالغان پىدائىلاردىن كەلمەكتە. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بۇ ئەسىرلەرنىڭ بىر قىسمى تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى رايونلىرىغا تارقىلىپ، مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىدە جەدىتچىلەر ۋە باسمىچىلار بىلەن بىرلىكتە كۈرەش قىلغان ئىدى. يەنە بىر تەسىر بولسا، ئىتتىھات ۋە تەرەققى ھەركىتىدىن كەلمەكتە. بۇ ھەرىكەت، جەدىتچىلىك ئېقىمى بىلەن بىرگە، كۆز قاراش ۋە تەشكىلىلىنىش جەھەتلەردە تۈركىستان تېرىتورىيىسىدە بارلىققا كەلگەن سىياسى خادىملارغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىي نوقتىدىن ئالغاندا جامال پاشا، ئەنۋەر پاشا ۋە ھاجى سەمى قاتارلىق ئىتتىھاتچىلار بۇ رايوندىكى ھەرىكەتلەرگە ئۆزلىرى بىۋاستە قاتنىشىپ، تۈركىستاننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى كۈرەشلەرنى شەكىللەندۈرۈشتە بىۋاستە رول ئوينايدۇ. قۇراللىق كۈرەش ئاخىرلاشقان يىللاردىن كېيىنمۇ، تۈركىستانلىق خادىملار بىلەن ئىتتىھات ۋە تەرەققىينىڭ سابىق ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر داۋاملىق ساقلىنىپ كەلگەن ئىدى. شۇڭا، بۇ تەسىرلەرنى تەپسىلى تەھلىل قىلىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ.

## ئۇرۇش ئەسىرلىرى ۋە پىدائىلار

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە كاپكاز ئالدىنقى سېپىدا مىڭلىغان تۈركىيىلىك ئوفىتسېر ۋە جەڭچى رۇسىيىگە ئەسىر چۈشكەن ئىدى. بۇ ئەسىرلەرنىڭ ئومۇمىي سانى ھەققىدە رۇسىيە ۋە تۈركىيە مەنبەلىرى 60~65 مىڭ ئەتراپىدىكى بىر سانلىق مەلۇماتنى تىلغا ئېلىشماقتا. بولۇپمۇ ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى يىلىدا ئىنتايىن پاجىئەلىك ئاخىرلاشقان سارىقامىش (سىبىرىق قۇمۇش، تۈركىيە-ئەرمەنىيە چېگراسى بويىدىكى قىشى ئىنتايىن سوغۇق تاغلىق كەنت — ئۇ.ت) جېڭىدە 9-كورپۇس (قولئوردۇ) قوماندانى ئىھسان پاشانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان 300 گە يېقىن ئوفىتسېر ۋە 15 مىڭغا يېقىن جەڭچى ئەسىرگە چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇرۇسلارنىڭ ئەرزۇرۇم بىلەن ترابزونغا قىلغان ھۇجۇملىرىدا، شۇنىڭدەك تۈركىيە 2-كورپۇسىنىڭ 1916-يىلقى قايتارما ھۇجۇملىرى جەريانىدىمۇ مىڭلىغان جەڭچى رۇسىيىگە ئەسىرگە چۈشۈپ قالىدۇ. ئەسىرگە چۈشكەنلەر ئارمىيىگىلا تەۋە خادىملار بىلەن چەكلەنگەن بولماي، پۇخرالارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالماقتا ئىدى. ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئاۋال، بولۇپمۇ قارا دېڭىز تەۋەسىدىكى شەھەرلەردىن كەلگەن مىڭلىغان تۈركىيە پۇخراسى نوۋورۇسىسك، ئودېسسا قاتارىدىكى ئۇرۇس شەھەرلىرىدە ياشىماقتا ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانماقتا ئىدى. ئۇرۇش باشلىنىشى بىلەن تەڭ، بۇ ئادەملەرنىمۇ يىغىشتۇرۇپ ئەسىرلەر لاگېرىغا قاماپ قويۇشقان ئىدى. ئۇنىڭدىن

باشقا يەنە رۇسىيە تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان ئاردىخان، قارس ۋە باتۇم قاتارىدىكى ۋىلايەتلەرنىڭ مۇسۇلمان خەلقى ئىچىدە ئۇرۇسلار تەرىپىدىن گۇمانلىق دەپ قارىلىپ قولغا ئېلىنغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بار بولۇپ، بۇلارغىمۇ ئەسىرلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنغان ئىدى. بۇ تۆردىكى كىشىلەر ئىچىدە يەنە ئىتتىھات ۋە تەرققى دائىرىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلغان، كېيىن رۇسىيىگە سىياسىي پانالىق تىلەپ سېغىنغان بىر تۆركۈم كىشىلەرمۇ بارئىدى. بۇ ئەسىرلەر ئاساسەن ئالغاندا ئومسك، تومسك، ئىركۇتسك، ئۇرالسك، سامارا، قازان، نىجنى نوۋگورود، خاركوۋ ۋە باكۇ قاتارىدىكى بىپايان زېمىنلەرگە تارقالغان شەھەرلەردىكى مەخسۇس لاگىرلارغا قامالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تۇرىۋاتقان يەردىكى يېزىلاردا، زاۋۇتلاردا ۋە تاش يول ياساش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلمەكتە ئىدى.

دەسلەپكى ۋاقىتلاردا، ھەربى ئەسىرلەرنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر مەلۇمات ئالغىلى بولمايتتى. ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن بۇ ئەسىرلەرنىڭ باكۇ شەھىرىدىن خېلى يىراقتىكى دېڭىز ئوتتۇرىسىدىكى قاقاس نارگىن ئارىلىغا، ئىركۇتسك شەھىرى قاتارىدىكى سىبىرىيىدىكى ھەرقايسى لاگىرلارغا ۋە تۈركىستاننىڭ يەتتىسۇ رايونىدىكى لاگىرلارغا قامالغانلىقى ئاشكارىلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئوفتسېرلارنى لاگىردىن قېچىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن سىبىرىيە رايونىدىكى لاگىرلارغا ئاپىرىپ قامىۋېتىشكەن ئىدى. ئۇرۇش داۋام قىلىۋاتقان يىللاردا ئەسىرلەر لاگىرىغا يېقىن يەرلەردە ياشايدىغان رۇسىيە تۆركلىرى، بۇ لاگىرلارغا قامالغان تۈركىيە تۆركلىرىنىڭ تۇرمۇش شارائىتلىرىنى ياخشىلاش ۋە پۇرسەت تاپقان ھامان لاگىردىن قېچىشلىرىغا ياردەملىشىش پائالىيەتلىرى بىلەن شوغۇللىنىپ كەلمەكتە ئىدى. دېگەندەك، ئىخسان پاشانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان خېلى كۆپ ساندىكى ئوفتسېرلار قازان تۆركلىرىنىڭ ياردەم قىلىشى بىلەن خىتايغا قاچۇرىۋېتىلگەن ئىدى.

بولشېۋىك ئىنقىلاۋى پارتىلاپ بىرەر ئاي ئۆتكەندە رۇسىيە بىلەن گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدا باشلىغان تېنچلىق سۆھبەتلىرى مارت ئېيىدا ئاخىرلىشىپ، 1918 ـ يىلىنىڭ 3 ـ مارت كۈنىسى برېست ـ لىتوۋسك شەرتنامىسى ئىمزالىنىدۇ. بولشېۋىك ئىنقىلاۋىنىڭ قالايماقانچىلىقى ئىچىدىكى رۇسىيە بۇ شەرتنامىغا بىنائەن ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقىدۇ. سوۋېت ئارمىيىسى پولشا بىلەن بالتىق دۆلەتلىرىنى بوشىتىپ چىقىپ كېتىدۇ. بۇ شەرتنامە گېرمانىيە بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتناشقان ئوسمانىلار ئىمپېرىيىسى ئۈچۈنمۇ بەزى پايدىلىق ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. بۇ ماددىلارغا ئاساسەن، رۇسىيە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىۋېلىنغان قارس، ئاردىخان ۋە باتۇم تەۋەسى ئوسمانىلار ئىمپېرىيىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلىشى، شۇنىڭدەك يەنە ھەر قايسى تەرەپلەر قولىدا تۇتۇپ تۇرىۋاتقان ئەسىرلەرنىمۇ قويۇپ

بېرىشلىرى كېرەك ئىدى. ئەمما سوۋېت رۇسىيىسىدە يۈز بەرگەن ئىچكى ئۇرۇشلار بۇ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئېغىر توسالغۇ بولماقتا ئىدى.

1917 ـ يىلىنىڭ نويابىر ئېيىدا، «تۈرك يۇرتى» مەجمۇئەسىنى نەشر قىلىپ تۈرك دۇنياسىدا داڭ چىقارغان قازان تۈركلىرىدىن يۈسۈپ ئاقچۇرا ئەپەندى، «هىلالئى ئەهمەر» (قىزىل ئاي، قىزىل هىلال جەمىيىتى، دەسلىۋى ئوسمانلى سۇلتانلىقى دەۋرىدە قۇرۇلغان. ـــ ئۇ.ت) تەرىپىدىن كوپىنهاگىنغا ئەۋەرتىلىدۇ. ئاقچۇرا، تەلەت پاشانىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن بىرىست ـ لىتوۋسك سۆھبىتىگە هىلالئى ئەهمەر ۋاكالەتچىسى سالاھىتى بىلەن قاتنىشىدۇ. ئاقچۇرا، شەرتنامىنىڭ ئىمزالىنىشىدىن كېيىن بولشېۋىك هۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللىغىنى ئېلىپ ئىسپانىيە ئەلچىخانا تەۋەلىگىدە هىلالئى ئەهمەر ۋاكالەتچىسى سۈپىتىدە رۇسىيىدە قالىدۇ. ئوسمانىلار دۆلىتى يەنە گېرمانىيە ئەسىر تەكشۈرۈش ئۆمىگى تەۋەسىدە باشقا بىر ۋاكالەتخانا تەشكىللەپ، ئۇنىڭ رەئىسلىكىگە رەمزى پاشانى تەيىنلەيدۇ. مالىيە نازارىتىنىڭ ئادۋوكاتلىرىدىن بولغان ئەلى هەيدەر ئەپەندىمۇ رۇسىيىدىكى هادىسىلارنى كۈزىتىش ۋە ئەسىرلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى يىغىش مەقسىدىدە موسكۋاغا ئەۋەرتىلگەن ئىدى. بۇ ئارىدا موسكۋا، قازان، پېتربورگ، ئۇفا ۋە ئورېنبۇرگ قاتارلىق شەهەرلەردە رۇسىيە تۈركلىرى تەرىپىدىن ئەسىرگە چۈشكەن تۈركىيە تۈركلىرىگە ياردەم قىلىش مەقسىتىدە بىر مۇنچە كومىتېتلار قۇرۇلغان ئىدى.

يۈسۈپ ئاقچۇرا ئەپەندى، 1918 ـ يىلى 14 ـ مارت كۈنىسى موسكۋاغا كېلىپ رۇسىيىدىكى ئوسمانىلار ئەسىرلىرىگە قارىتىپ بىر ئوچۇق خەت ئېلان قىلىدۇ. بۇ مەكتۇپ، رۇسىيە تۈركلىرى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان گېزىتلارغىمۇ كۆچۈرۈلۈپ بېسىلىدۇ. ئاقچۇرا ئەپەندى بۇ ئوچۇق خېتىدە سىبىرىيە قاتارلىق يىراق يەرلەردىكى لاگىرلاردىن خەۋەر ئالالمايۋاتقانلىقىنى ئالاهىدە تەكىتلەپ، ئوسمانىلار ئەسىرلىرىنىڭ نېمە قىلىشلىرى كېرەكلىكى هەققىدە مەسلىهەتلەر بەرگەن ئىدى. موسكۋادىكى گېرمان ئەسىر تەكشۈرۈش ئۆمىگى تەۋەلىگىدە پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقان تۈركىيە ئۆمىگىمۇ بۇ جەرياندا نۇرغۇن تۈرك ئەسىرلىرىنى تۈركىيىگە قايتۇرۇش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىدۇ. يۈسۈپ ئاقچۇرا ئەپەندى، 1919 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىلا ئىستانبۇلغا قايتىپ كېتىدۇ. ئۇ، «سەهەر» گېزىتى بىلەن «تۈرك دۇنياسى» نامىدىكى ژورنالدا ئېلان قىلغان 2 ـ ئۆكتەبىر كۈنكى «رۇسىيىدىكى ئەسىرگە چۈشكەن ئەسكەرلىرىمىز» سەرلەۋهەلىك ماقالىسىدا، رۇسىيىدە قالغان تۈرك ئەسىرلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بەزى سانلىق مەلۇماتلارنى بەرگەن. ئاقچۇرانىڭ ماقالىسىدىن قارىغاندا، موسكۋا دائىرىلىرى هاكىمىيەتنى قولغا ئالغان يەرلەردە 400 نەپەر، ئاقلارنىڭ قولىدىكى سىبىرىيىدە 6 مىڭ نەپەر، شىمالى كاپكازىيىدە 2 مىڭ نەپەر، ئۇكرائىنادا 1800 نەپەر ۋە تۈركىستاندا 300 نەپەر تۈرك ئەسكىرى قالغان.

رۇسىيەدە ئىنقىلاپ پارتىلىشى بىلەن تەڭ، ئىتتىھاد ۋە تەرەققىي دائىرىلىرى، ئەزەربەيجان بىلەن تۈركىستانغا ئوخشاش جايلاردا ئوسمانلىلار دۆلىتىنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىش، مۇمكىن بولغىنىدا بۇ جايلارنى تۈركىيىگە قوشۇۋېلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پىلانىنى تۈركىيىلىك ئۇرۇش ئەسىرلىرى ۋاستىسى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇشنىمۇ مۇزاكىرە قىلىشقان ئىدى. برېست-لىتوۋسك شەرتنامىسىدىن كېيىن رۇسىيە بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدا قۇرۇلغان بىرلەشمە كومىسسىيىدە ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن غالىپ كامالى ئەپەندى 1918-يىلىنىڭ 21-دېكابىر كۈنلىرى پېتىرگرادتىن ئىستانبۇلغا ئەۋەرتكەن خېتىدىلا بۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك قاراشلىرىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلغان ئىدى:

رۇسىيەدە ئەسىرگە چۈشكەن زابىتانئى ئوسمانلىلاردىن بەزىلىرىنى ھىدەماتى مۇختەلىفەدە (بەزى ۋەزىپىلەردە) ئىشلىتىلىش ئۈچۈن قىرىم، كاپكاز، باخۇسۇس تۈركىستاندا قالدۇرۇلىشى خاتىرى ئاجىزانەمگە كەلمەكتە. بۇنىڭ قانچىلىك دەرىجىگىچە مۇمكىن ۋە مۇسىب ۋە مۇئەسسىر بولالىشىنىڭ تايىن ۋە تەغدىرى ھۆكۈمەتئى سەنىيەنىڭ قارارى ۋۇكۇفكارانەسىگە مانۇتتۇر.

بۇ ۋاقىتتا سىبىرىيىدە ئادمىرال كولچاك، جەنۇبىي رۇسىيەدە بولسا گېنېرال دېنىكىن بىلەن ۋرانگېل قوماندانلىقىدىكى چارپادىشا تەرەپتار قۇراللىق كۈچلىرى قىزىللارغا قارشى ئۇرۇش قىلماقتا ئىدى. سىبىرىيە بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا قويۇۋېتىلگەن گېرمانىيىلىك، چېخلىق، ئاۋۇستىرىيىلىك ياكى بولمىسا پولشالىق ئەسىرگە چۈشكەن ئەسكەرلەر، ئىچكى ئۇرۇشتا بىتەرەپلىكنى ساقلىماي قايسى بىر تەرەپنى قوللاپ ھەرىكەت قىلىشماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاق ئۇرۇسلار تەرىپىگە، يەنە بەزىلىرى بولسا قىزىللار سېپىگە قوشۇلۇپ ئۇرۇشقا قاتناشماقتا ئىدى.

رۇسىيەدە مەركىزى ھاكىمىيەت تارقىلىپ كەتكەن كۈنلەردە، ھەرقايسى ئەسىرلەر لاگېرىدىكى ئەسىرلەرنىڭ ئەھۋالى كۈندىن كۈنگە ناچارلاشماقتا ئىدى. يېمەك-ئىچمەك بىلەن كىيىم-كېچەك قىيىنچىلىقى چېكىگە يەتكەن ئىدى. ئەزەربەيجان بىلەن تاتارىستاندىكى لاگېرلارغا خەلق تەرىپىدىن تەشكىل قىلىنغان ئىسلامىي خەيرخاھلار جەمىيەتلىرى ياردەمچى بولۇش ئۈچۈن كۈچ چىقارماقتا ئىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن ئەسىرلەر لاگېرلىرىدا كوممۇنىزم تەشۋىقاتلىرىمۇ كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلغان ئىدى. سوۋېت دائىرىلىرى، ئەسىرگە چۈشكەن ئەسكەرلەردىن ئىنتېرناتسيونالىزم قوشۇنلىرىنى تەشكىللەپ ئالدىنقى سەپلەردە ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىشقان ئىدى. بۇ جەرياندا، سان جەھەتتىن بەكلا ئاز بولسىمۇ، بىر قىسىم تۈركىيىلىك ئەسىرلەرمۇ كوممۇنىستلارنىڭ تەسىرىگە يولۇققانلىقى ۋە قىزىل گۋاردىيىچىلەر بىلەن بىرگە ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقى مەلۇم

(1919-يىلىدا ئاستراخان شەھىرىنى ئاق ئورۇسلاردىن مۇداپىيە قىلىش ئۈچۈن تەشكىللەنگەن ئىنتېرناتسيونالىزمچى قوشۇنلار تەركىبىدە يۈزبېشى ياقۇپ كوماندىرلىقىدا بىر تۈرك پىدائىلار قوشۇنىنىڭ بارلىقى مەلۇم. بۇنىڭغا ئوخشاش فرانسىيە ئىشغالىيەتچى قوشۇنى تەركىبىدىكى مۇسۇلمان ئەسكەرلەر ئىچىدە يۈرگۈزۈلگەن تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى ئودىسسا ئىنقىلاۋى كومىتېتىگە قاراشلىق تۈرك ئەسكەرلىرىگە تاپىنىپ ئېلىپ بارغان ئىكەن. تۈرك كوممۇنىستىك پارتىيە باش سېكرېتارى مۇستاپا سۇپى، ئۈچىنچى ئىنتېرناتسيونالنىڭ بىرىنچى قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا "بۈگۈن رۇسىيىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئۇرۇش سەپلىرىدە سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قوغداش يولىدا مىڭلىغان تۈرك قىزىل گۋاردىيىچىلىرى ئاكتىپ خىزمەت قىلماقتا" دەپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا تۈرك كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن تەشكىللەنگەن تۈرك قىزىل پولكى باكۇدا تۇرغۇزۇلغان ئىدى. مۇستاپا سۇپى بىلەن ئۇنىڭ سەبداشلىرىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بۇ پولك تۈركىيەگە قايتۇرۇپ كېلىنگەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، 1920-يىللارنىڭ باشلىرىدا قىزىل ئارمىيە تەركىبىدە تۈرك ئەسكىرى قالمىدى دېيىشكە بولىدۇ. ... — ئا. ھ. ئىزاھاتى).

لاگىرلاردىكى تۈركىيىلىك ئەسىرلەرنىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ ئىشەنچلىك ماتېرىيال سۈپىتىدە، 1920-يىلى 26-ئافرېلدا باشقىردىستان جۇمھۇرىيىتى ھەربىي ئىشلار كومىسسارى زەكى ۋەلىدىي (توغان) نىڭ لېنىن بىلەن تروتسكىيغا ئەۋەرتكەن تېلېگراممىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشىمىز مۇمكىن. بۇ تېلېگراممىدا، ئەسىرگە چۈشكەن ھەربىيلەرنىڭ قىزىل ئارمىيىگە كىرىشىگە مۇناسىۋەتلىك پروگراممىسى ھەققىدىمۇ مەلۇمات بېرىلمەكتە ئىدى. بۇ تېلېگراف، رۇسىيىدىكى تۈركىي يېتەكچىلىرىنىڭ تۈركىيە ئۇرۇش ئەسىرلىرىگە نەقەدەر كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەنلىكى نوقتىسىدىن ئالغاندىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ماتېرىيال ھېساپلىنىدۇ.

يولداش لېنىنغا، يولداش تروتسكىغا:
سىبىرىيىدە 12500 تۈركىيىلىك ئەسىر بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاچارچىلىق، كېسەللىكتىن ياكى بولمىسا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشلاردىن ئۆلۈپ تۈگىدى. قالغان 2500 نەپىرىنىڭ كۆپ قىسمى، ھازىر كراسنويارسك، ئومسك ۋە ۋېرنىي ئۇدىنسك شەھەرلىرىدە تۇتۇپ تۇرۇلماقتا. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىشقا يارىغىدەك نۇرغۇن ساندا ئەسكەر بار. كېيىنكى ئىككى ئاي ئىچىدە باشقىردىستانغا تۆت گۇرۇپ كەلدى. ئۇلار ئانا ۋەتەنلىرىگە قايتۇرۇلۇشنى تەلەپ قىلماقتا. ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى كېسەل، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەسكەر بولالىغىدەكلىرىنىڭ سانى بەكلا ئاز. ئۇلارنى سىمپاتىيىسىكتە بىر

يەرگە يىغىپ ۋېرنىي ئارقىلىق پىيادە ماڭغۇزۇپ تاشكەنتكە، ئۇ يەردىن يەنە ئىرانغا، ئاخىرىدا ۋەتىنىگە قايتۇرىۋېتىشكە مۇمكىن بولماسمۇ؟

خالىغانلىرى تۈرك قىزىل ئارمىيە قىسىملىرىغا كىرسۇن. بۇنداق بىر قوشۇن فرونزى قۇماندانلىقىدا ھەمدە تۈركىيە كوممۇنىستلىرىدىن لۈتفى ئۆمەر بىلەن مۇستافا سۇپىھلارنىڭ يېتەكچىلىگىدە تاشكەنتتە قۇرۇلماقتا. قاتناش يولى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئودېسسا تەرەپ بىلەن قايتۇرۇلىشىنى تەلەپ قىلالمايمىز. بۇ ئارىدا، سوۋېت باشقىردىستانىدا تۇرۇپ قېلىشنى خالايدىغان دوختۇر ياكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ سىبىرىيىدىن ستېرلىتاماق شەھىرىگە كېلىشكە رۇخسەت بېرىشىڭىزلارنى تەلەپ قىلىمىز. بۇ كىشىلەرنىڭ سىبىرىيىدىن تاشكەنت تەرەپكە ئۆتەلىشى ئۈچۈن پۇل ئاجرىتىلىشىنى تەلەپ قىلىمەن. چۈنكى ئۇلار بەكلا ئاچ قالغان بولۇپ، ھەتتا كىيىم-كېچەكلىرىمۇ يوق دېگىدەك ئېچىنىشلىق بىر ھالدا تۇرماقتا. ئۇلارنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قېلىشىڭىزلارنى ئالاھىدە تەلەپ قىلىمەن.

— ستېرلىتاماق شەھىرى باشقىردىستان جۇمھۇرىيەت ھەربى ئىشلار خەلق كومىسسارى

ۋەلىدوۋ

بۇلاردىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدىكى، برېست-لىتوۋسك تېنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالىنىپ ئىككى يىل ۋاقىت ئۆتكىنىگە قارىماي تۈركىيىلىك ئۇرۇش ئەسىرلىرىنىڭ بىر قىسمى تېخىچە ۋەتىنىگە قايتۇرۇلمىغان ئىدى. بولشېۋىك ئىنقىلاۋى بىلەن برېست-لىتوۋسك شەرتنامىسىدىن كېيىنكى قالايماقانچىلىق ۋەزىيەتتە، سىبىرىيىدىكى لاگېرلاردىن جەنۇپ تەرەپلەرگە قېچىپ كىتەلىگەن تۈركىيە ئۇرۇش ئەسىرلىرىدىن تۈركىستان ۋە كاپكازىيىگە كېلەلىگەنلىرى باكۇ ئارقىلىق تۈركىيىگە يولغا سېلىنغان ئىدى.

مۇستەقىل ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ رايون سابىق ئوسمانلار ئوفىتسېرلىرى ئۈچۈن جەلىپ قىلارلىق بىر مەركەزگە ئايلانماقتا ئىدى. جامال پاشا ئافغانىستاندا ئەنگىلىيىلىكلەرگە قارشى بىر ئۇرۇش سېپى ئېچىش پىلانىغا ئاساس يارىتىش مەقسىتىدە ئوسمانلار ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى تۈركىستان بىلەن ئافغانىستان رايونلىرىغا يوللاشنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. ياش بۇخارالىقلار بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ چىققىنىدا بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ ھەربىي ئىشلار نازىرىنىڭ شەخسى ۋەكىللىكىگە تەيىنلىنىدىغان يۈزبېشى ئەلى رىزا ئەپەندىنىڭ

خەلىل پاشاغا يازغان مەكتۇبىدا بۇ ئىشلار ئېنىق شەرھىلەنگەن بولۇپ، بۇ مەكتۇپ 1921 ـ يىلىنىڭ 23 ئاۋغۇست كۈنىسى تاشكەنتتىن ئەۋەتىلگەن ئىدى.

مۇھتەرەم پاشا ھەزرەتلىرى،
بەندىڭىز ھۆكۈمىتى مەتبۇئامدان (مەن تەۋە بولىۋاتقان ھۆكۈمەتتىن) ھېچقانداق بىر ئەمىر ئالماي تۇرۇپ يىگانە ئۆز تەشەببۇسۇ شەخسىيەم نەتىجەسى ھېساپلىنىدىغان سىبىرىيىدە قالغان تۈرك ئەسىر قېرىنداشلىرىمنى قۇتقۇزۇشقا تەشەببۇس ئەتتىم ۋە بۇ ئىشتا مۇۋەپپىقىيەتلىكمۇ بولدۇم. بۈگۈنگىچە سىبىرىيىدىن قايتۇرۇپ كېلىنگەن دوستلارىمىزنىڭ مىقتارى 985 نەپەردۇر. ئاخىرقى قېتىمقىسى بولغان ئۆزەم بىرلىكتە ساماراغا ئېلىپ كېلىۋالغان ئىككى يۈز ئوتتۇز يەتتە كىشىلىك گۇرۇپپىنىڭ سەكسەن نەپىرى باكۇغا، مۇتەباكىسى (قالغىنى) تەشكەنتكە يولغا سېلىندى. سامارادا جامال پاشا ھەزرەتلىرىگە تەسەددۇق ئەيلەدىم. زاتى ئالىلىرىگە بېرىلىشى ئۈچۈن يازغان تەزكەرە سۇرەتى زىر (قوشۇمچە بەت) دا مۇھەررەردۇر. تاشكەنتكە يوللانغان دوستلاردىن بىر قىسمى جامال پاشا بىلەن ئافغانىستانغا مۇتتەھىي (بىرلىكتە) ھارەكەت بۇلۇنۇيورلار. بىر قىسمى خىۋە جۇمھۇرىيىتىگە مىڭبېشى ئوسمان ئەپەندى يىتەكچىلىگىدە يولغا چىقىدۇ. مۇتەباكى قالغان دوستلارمۇ بۈگۈن باكۇغا مۇتەۋەججىھەن ھارەكەت قىلىدۇ. ... باقى ئارزىي ئىھترام بىلدۈرىمەن.
...

ــ يۈزبېشى ئەلى رىزا

يۈزبېشى (كونا ئوسمانلى سۇلتانلىقى دەۋرىدە ۋە بۈگۈنكى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدە ھەربىي ئۇنۋان. كاپىتان ــ ئۇ.ت) ئەلى رىزا، سىبىرىيىنىڭ كراسنويارسك لاگىرىدىن كۆپ سانلىقى ئوفىتسېرلەردىن تەشكىل تاپقان يۈزلىگەن ئۇرۇش ئەسىرىنى قۇتقۇزۇپ بىر قىسمىنى تۈركىستانغا، يەنە بىر قىسمىنى بولسا ئانا ۋەتىنىگە يولغا سېلىش ئىشىنى ھەقىقەتەنمۇ ئوڭۇشلۇق بىجىرەلىگەن ئىدى. بۇ ئارىلىقتا، بۇخارا جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن باكۇغا ئەۋەتىلگەن ۋاكالەتچىمۇ، بۇ يەردىكى سابىق ئوسمانلى ئوفىتسېرلىرى بىلەن تەلىم ـ تەربىيە ساھەسىدە ياردەمچى بولالىغىدەك سەۋىيىدىكى پىدائى پۇخرالارنى تۈركىستانغا يولغا سالماقتا ئىدى. نەتىجىدە، ئۇرۇسلارنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن توسقۇنلۇق قىلىشلىرىغا قارىماي، بۇخارا بىلەن خىۋەدە قۇرۇلغان خەلق جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ قۇراللىق كۈچ تەشكىللىشى ئاساسلىغى سابىق ئوسمانلى ئوفىتسېرلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلماقتا ئىدى. ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەن ئوسمانلى ئوفىتسېرلىرىنىڭ بۇ پائالىيەتلىرى، ئەنۋەر پاشانىڭ بۇخاراغا كېلىپ باسمىچىلار ھەرىكىتىگە قوشۇلغان ۋاقتلارغا

كەلگىچە توختىماي داۋام قىلىدۇ. تۈركىيىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ بەزىلىرى ئەنۋەر پاشا بىلەن بىرلىكتە پائالىيەت قىلغان بولسا، يەنە بەزىلىرى كېيىنرەك باسمىچىلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. باسمىچىلارغا قوشۇلمىغان ئوفىتسېرلار بولسا، سوۋېت دائىرىلىرى تەرىپىدىن يىغىشتۇرۇلۇپ تۈركىيىگە قايتۇرۇۋېتىلىدۇ.

(رەسىم ئورنى)

تۈرك ئوفىسسېرلىرى بىلەن تۈركىستانلىق جەدىتچىلار: ئالدىدا ياڭپاشلىغانلار (سولدىن ئوڭغا): 1. ئابدۇلۋاھىت، 2. بەشىرۇللا؛ ئىككىنچى قاتاردىكىلەر: 1. تالىپجان، 2. مۇساخان مەجىت ئاقساقال ئوغلى، 3. ئاتاخان؛ ئۈچىنچى قاتاردىكىلەر: 1. كەبىر بەكىر، 2. سۇلايمان سامى ئەپەندى، 3. مىيان بۇزرۇك، 4. قايىماقام (ھاكىم ـــ ئۇ.ت) يۈسۈف زىيا ئەپەندى، 5. مۇنەۋۋەر قارى، 6. يۈزبېشى غالىپ، 7. ... يۈزبېشى، 8. ئىسرائىلجان؛ ئۆرە تۇرغانلار: ئېشان غوجا، ھەيدەر ئەپەندى، زاھىر جان، ئابدۇلقادىر، يۈسۈپجان ئەخمەتجان ئوغلى. بۇ رەسىم 1920ـ يىلى باھار ئايلىرىدا تاشكەنتتە تارتىلغان (ئەھمەت ئەنجان ئارخىۋىدىن)

ئەسىرگە چۈشكەن ئوسمانىلار ئوفىسسېرلىرىنىڭ كۆرىنەرلىك خىزمەت كۆرسەتكەن يەنە بىر ساھەسى بولسا ئوقۇتقۇچىلىق ساھەسىدىكى خىزمەتلەر ئىدى. جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن بىرلىكتە سان جەھەتتىن كۆپىيىپ بارغان ئۇسۇلۇ جەدىت مەكتەپلىرىدە نۇرغۇن ساندا ئوسمانىلار تۈركى (ئەسىرگە چۈشكەن ئوفىتسېرلار بىلەن پۇخرالار) ئوقۇتقۇچى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. جەدىتچىلار مەكتىۋىدە ئۇزۇن يىللار ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان راجى چاكىرئۆزنىڭ ئەسلىمىلىرى بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىمەكتە:

1918ـ يىلى يانۋار ئېيىنىڭ باشلىرىدا تاشكەنتكە يېتىپ كەلدۇق. ... تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرىۋالغاچقا تېخى يېڭىلاتىن ئېچىلىشقا باشلىغان ئوكۇل (مەكتەپ) لاردا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ئۈچۈن تاشكەنتتە يەنە بىر مەزگىل تۇرۇپ قېلىشقا ماقۇل بولدۇق. دېمەككى، ئانادولۇدىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقتىكى بىر تۈرك دۆلىتىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش پېشانىمىزغا پۈتۈلگەن ئىكەن. ئەسلىدىنلا بىزدىن بۇرۇن بۇ يەرلەرگىچە يېتىپ كەلگەن تۈرك سۇبايلىرى (ئوفىتسېرلىرى) مۇ ئوقۇتقۇچىلىق قىلماقتا ئىكەن.

بۇ دوستلىرىمىزدىن ھەيدەر شەۋكى، 1ـ نەمۇنە مەكتىۋىدە ئىشلىگەچ تەمىر تۈدەسىنى باشقۇراتتى. گالىپ، 6ـ تۇران مەكتىۋىدە، يۈزباشى شۈكرۈ، 2ـ مۇختارىيەت مەكتىۋىدە ۋە تۇران گۇجۇ بولسا تۈدەنىڭ باشلىقى بولۇپ، سەئىت

ئاخىرى بولسا 12ـ تۇران مەكتىۋىدە ئىزچى تۇدەنىڭ باشلىقى ئىدى. ئىستانبۇلدا ئوقۇپ كەلگەن ئابدۇرراخمان ئەپەندى 10ـ ئىرفان مەكتىۋىدە بولۇپ، تەرەققىي جەمىيىتى (دەرنىگى) تۇدەسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىمەكتە ئىدى. مەنمۇ 6ـ تۇران مەكتىۋىگە تەقسىم قىلىندىم. ئۇ مەكتەپنىڭ تەۋەلىگىدە تۈرك كۆچى تۇدەسىنى قۇرۇپ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى باشلىۋەتتىم. بۇ بەشتىن ـ بەشتىن سىنىپلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تۈركىستانلىق ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىرلىكتە، بىز ئانادولۇدىن كەلگەن ئەسىرگە چۈشكەن تۈرك سۇبايلىرىمۇ دەرس بېرەتتۇق.

تۇدە دەپ ئاتالغان ئىزچىلار تەشكىلاتى، ياش ـ ئۆسمۈرلەر جەمىيىتى شەكلىدە قۇرۇلغان بىر تەشكىلات ئىدى. بۇ تۇدەلەردە ياشلارغا بەدەن چېنىقتۇرۇش دەرسلىرى بىلەن تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئۆگىتىلەتتى. ... بىز كەلگەن ۋاقىتلاردا جەدىتچىلارنىڭ باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سانى 72 گە يەتكەن (تاشكەنت شەھىرىدىكى سان كۆزدە تۇتۇلماقتا ــ ئاپتوردىن) ئىدى. بىرىنىڭ كەينىدىن بىرسى ئېچىلىشقا باشلىغان بۇ مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى تېپىش ھەقىقەتەن تەس ئىش ئىدى. شۇ سەۋەپتىن ئۇرۇسچە لىسسە (گىمنازىيە ياكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ــ ئۇ.ت) لىرىنىڭ يوقۇرى يىللىق سىنىپلىرىدا ئوقۇۋاتقان تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلاردىن بىر قىسمى يەرلىك باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى قىلىپ تاللانغان ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە ئوقۇتقۇچى تەلىۋىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن 3 ياكى 6 ئايلىق ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرۇسلىرىمۇ ئېچىلغان ئىدى.

(رەسىم ئورنى)

جەدىتچى مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ئوسمانلار زابىتلىرى (ئوفىسسېرلىرى ــ ئۇ.ت) بىلەن تۈركىستانلىق جەدىتچىلەر: بىرىنچى رەتتە، يەردە ئولتۇرغانلار (سولدىن ئوڭغا): 1. ئاتا خان نىزامخان، 2. ئۇستىتەغمەن (جوڭۋېي ــ ئۇ.ت) ئاتىق، 3. مەھەممەت ئىمىن ئەپەندى ئەفەندىزادە، 4. سۇلتان غوجا ئوغلى، 5. راجى چاكىرگۆز 6. كېرىم نارىبۇتابەگ، 7. شاھ ئىسھاك قارى؛ ئىككىنچى رەتتىكىلەر: 1. كازىم ئەپەندى، 2. تەلەت ئەپەندى، 3. ئەخمەت رىفات ئەپەندى، 4. مۇنەۋۋەر قارى، 5. نۇرى ئەپەندى، 8. سادۇللا غوجا، 7. تۇرسۇن غوجايېۋ، 8. يۈزباشى جامال، 9. يۈزباشى شۈكرۈ ئەپەندى؛ ئۈچىنچى رەتتىكىلەر: 1. ... ...، 2. ئالىيېۋ، 3. سېيىت ئىكرام، 4. ئۇستىتەغمەن زىيا، 5. ... ...، 6. يۈزباشى لۈتفۈ، 7. مىيان بۈزرۈك، 8. ئابدۇلغەنى؛ تۆتىنچى رەتتىكىلەر: 1. مۇختەر ئەپەندى، 2. يۈزباشى غالىپ ئەپەندى، 3. ھەيدەر شەۋكى، 4. سۇلتان غوجا، سىدىق غوجا، 5.

يۈسۈف زىيا ئەپەندى، 6. تاشپولات نارىبۇتابېكوف، 7. ئابدۇلكېرىم ئەپەندى، 8. ...، 9. ...، 10. ... . بۇ رەسىم 1920 ـ يىلى 14 ـ ئافرىلدا تاشكەنتتە تۈركىستانلىق جەدىتچىلاردىن سۇلتان غوجىنىڭ بېغىدا تارتىلغان. (ئەھمەت ئەنجان ئارخىۋىدىن)

تۈركىستاننى سوۋېتلەشتۈرۈش دەۋرلىرىدە بۇ كىشلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تۈركىيىگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىنغان بولسا، يەنە بىر قىسمى تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىگە قاتنىشىدۇ. بۇخارا ھۆكۈمىتىنىڭ تەپتىش مەھكىمىسى 1922 ـ يىلى ئېلان قىلغان بىر ھۆججەتتە، بۇخارا جۇمھۇرىيىتى تەۋەسى ئىچىدە تۇرىۋاتقان ۋە ئوسمانىلار پاسپورتى بىلەن يۈرگەن بارلىق ئوقۇتقۇچى ۋە تىجارەتچىلەرنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ دۆلەت چېگرىسىدىن چىقىپ كېتىشلىرى تەلەپ قىلىنغان ئىدى. بۇ ئوقۇتقۇچىلار، ئېلان قىلىنغان بۇ ئۇقتۇرۇشقا پەرۋا قىلماي ئۆز ۋەزىپىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا تىرىشىدۇ. بۇ سەۋەپتىن 7 نەپىرى ئايال، 24 نەپىرى ئەر كىشىدىن تەركىب تاپقان ئوسمانىلار ۋەتەندىشى قولغا ئېلىنىپ موسكۋاغا ئەۋەرتىپ بېرىلىدۇ. سوۋېت بېسىمى ئەڭ ئېغىر بولغان يىللاردىمۇ بۇ غايىلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى پىدا قىلغان بۇ پىدائىلار، تەۋرەنمەس ئىشەنچ بىلەن كۈچلۈك غەيرەت كۆرسىتىپ ئۆز ۋەزىپىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرىۋېلىش مۇمكىن.

## ئىتتىھات ۋە تەرەققىي تەشكىلاتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر

تۈركىستانلىق جەدىتچىلارنىڭ ئىتتىھات ۋە تەرەققىي (ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات ــ ئۇ.ت) ئېقىمى بىلەن يېڭى تونۇشقان ۋاقىتلىرى، بىر قىسىم ئەزالىرىنىڭ ئوقۇغۇچى بولۇپ ئىستانبۇلغا كەلگەن ۋاقىتلىرىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇ يىللاردا ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان ئىتتىھات ۋە تەرەققىي پارتىيىسى تازا روناق تېپىۋاتقان ۋاقىتلار ئىدى. بىلىم ئېلىش ۋاقتىنى تاماملىغان ياكى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى سەۋەبىدىن دۆلىتىگە قايتىپ كەتكەن جەدىتچىلار، ئوسمانىلار دۆلىتىنىڭ ئۆكتىچىلەر سېپىدىكى زىيالىيلارغا بېرىلگەن ژۆن تۈرك دىگەن نامدىن ئىلھام ئېلىپ بۇخارا بىلەن خىۋە ئەمىرلىكلىرىگە قارشى قانات يايدۇرغان سىياسىي ھەرىكىتىگە "ياش بۇخارالىقلار" ۋە "ياش خىۋەلىكلەر" دېگەن نامنى بېرىشىدۇ. قىزىق يېرى بۇ تۈركىستانلىق ياشلار ئىتتىھات ۋە تەرەققىي بىلەن بولغان شۇنچە قويۇق مۇناسىۋەت قىلىپ كېلىۋاتقىنىغا قارىماي، تۈركىستاندا بۇ تەشكىلاتنىڭ شۆبىلىرىنى ئېچىش ئىشىنى ئويلاشمىغان ئىدى.

ئىتتىهات ۋە تەرەققىي تەشكىلاتىنىڭ تۈركىستان تېررىتورىيىسىدە قانات يايدۇرغان تۈنجى ھەرىكىتى، تەلەت پاشانىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن رودوسلۇق ھەببىزادە ئەخمەت كامال (ئىلقۇل) نى 1914-يىلى 16-فېۋرالدا **شەرقىي تۈركىستانغا** ئەۋەتىش بىلەن باشلانغان ئىدى. **قەشقەرگە** يېتىپ بارغان ئەخمەت كامال، **قەشقەردە** دارئۇل مۇئەللىمىني ئىتتىهات نامىدا بىر ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش مەكتىۋى ئاچىدۇ. شۇ يىلىسى ئەنۋەر پاشا تارقاتقان ئۇقتۇرۇشنىڭ روھىغا ئاساسەن، تەشكىلاتىي مەخسۇسنىڭ ئىككىنچى ئورۇندىكى ئادىمى قۇشچىبېشى ئەشرەف ئەپەندى يەنە بىر گۇرۇپ تەشكىل قىلىدۇ. بۇ گۇرۇپ تۈركىستانغا بېرىش، ئۇ يەردىكى تۈركلەرنى ئويغۇتۇش، تەشكىللەش ۋە چارۇسىيىگە قارشى قوزغىلاڭ پارتلىتىش ھەرىكىتى بىلەن شوغۇللىنىشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلغان ئىدى. ئەشرەف ئەپەندى، ئۆز ئىنىسى بولغان ھاجى سەلىم سەمى يېتەكچىلىكىدىكى بەش كىشىلىك تىزىملىك تەييارلاپ ئەنۋەر پاشانىڭ تەستىقلىشىغا سۇنىدۇ (بۇ گۇرۇپ سەلىم سامى ئەپەندى، ھۈسەيىن ئەمرۇللاھ — باركان — ئەپەندى، ئادىل ھىكمەت ئەپەندى، سىلىسترەلىق تاتار ھۈسەيىن ئەپەندى ۋە بۇرسالىق ئىبراھىم — ھەقلىقئەر — ئەپەندىلەردىن تەشكىل تاپقان. — ئا. ھ. ئىزاھاتى). ئىستانبۇلدىن يولغا چىققان بۇ گۇرۇپ، ھىندىستان ئارقىلىق **قەشقەرگە** كېلىدۇ. ئەمما ئۇ يەردىن ئافغانىستانغا كىرىۋاتقىنىدا تەلىيى ئوڭدىن كەلمەي ئورۇسلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ تۈركىستاننىڭ ئىچكى قىسمىغا سۈرگۈن قىلىۋېتىلىدۇ. ئۇلار، تەخمىنەن ئون بەش ئاي ئۆتكەندىن كېيىن تۇرىۋاتقان يېرىدىن قېچىپ قازاق-قىرغىز قەۋمىلىرى باشلاتقان يەتتەسۇ قوزغىلىڭىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ قوزغىلاڭ باستۇرۇۋېتىلگىنىدىن كېيىن **تەكلىماكان چۆلىدىن** ئۆتۈپ شەرققە قاراپ قېچىپ، ئەڭ ئاخىرى شاڭخەيگە يېتىپ بارىدۇ. 1920-يىلى ئاپرىل ئېيىدا ھاجى سەلىم سەمى ئەپەندى بىلەن ئىبراھىم ئەپەندى ئىككىسى مانجۇرىيە ئارقىلىق رۇسىيىگە ئۆتۈپ، شۇ چاغلاردا موسكۋادا تۇرىۋاتقان ئەنۋەر پاشانىڭ يېنىغا بېرىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ گۇرۇپپىسىدىكى قالغان ئەزالار ئۇزۇنغا سوزۇلغان جاپالىق سەپەردىن كېيىن ئاخىرى تۈركىيىگە كېلىۋالىدۇ.

1917-يىلقى رۇسىيە ئىنقىلاۋىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان قالايماقان ۋەزىيەت، ئىتتىهات ۋە تەرەققىي رەھبەرلىرىنى قۇللۇقتا قالغان ئورتا ئاسىيا تۈرك خەلقلىرىنى تەشكىللەپ بۇ جايلاردا مۇستەقىل تۈركى قەۋملار دۆلىتى قۇرۇپ چىقىش ياكى ئىمكان بولسا بۇ جايلارنى تۈركىيىگە قوشۇۋېلىش ئارزۇسىغا كەلتۈرگەن ئىدى. بۇ ھەقتە مۇزاكىرە قىلىشقان پارتىيە مەركەزى ئورگىنى، ئىتتىهات ۋە تەرەققىي پىرقىسىنىڭ كاپكاز شۆبىسىنى قۇرۇش قارارىنى ئېلىپ بۇ شۆبىنىڭ رەئىسلىكىگە هاسان رۇشەنى ئەپەندىنى تەيىنلىشىدۇ. بولشېۋىك ئىنقىلاۋىدىن كېيىن دەرھال باكۇغا يېتىپ كەلگەن هاسان رۇشەنى ئەپەندى، بىر تەرەپتىن ئەزەربەيجاندا

تەشكىللەش ئىشلىرىنى باشلىۋەتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۈركىستاندىمۇ تەشكىل قۇرۇش ئىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مەھمەت ئېمىن ئەفەندىنى تاشكەنتكە يولغا سالىدۇ.

ئەسلىدە، 1917 ـ يىلقى بولشېۋىك ئىنقىلاۋىدىن خېلى بۇرۇنلا ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەن ئوسمانىلار ئوفىتسېرلىرى تەرىپىدىن تۈركىستاندا «ئىتتىھات ۋە تەرەققىپەرۋەر» نامىدا بىر تەشكىلات قۇرۇلغان ئىدى. تۈركىستان جەدىتچىلىكىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولغان مۇنەۋۋەر قارىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرىدا بۇ ھەقتە خېلى تەپسىلى مەلۇمات بېرىلگەن:

ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى ھارپىسىدا تەشكىللەنگەن جەمىيەتنىڭ نىزامنامىسىنى ئوسمان ئەپەندى بىلەن ھەيدەر ئەپەندى يېزىپ بەرگەن ئىدى. مەن بۇ نىزامنامىنى ئۆزبەكچىلەشتۈرۈپ بەردىم. ... 1917 ـ يىلى ئاۋغۇستىنىڭ ئاخىرلىرىدا بىزنىڭ ئۆيدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر يىغىندا بۇ نىزامنامە قوبۇل قىلىندى. بۇ يىغىندا، ئۈچ كىشىلىك بىر رىياسەت ھەيئىتى سايلاپ چىقتۇق. ئوسمان ئەپەندىنى رەئىس، ھەيدەر ئەپەندىنى بولسا رەھبەر قىلىپ كۆرسەتتۇق. ئۈچىنچى كىشىنى يەرلىكلەردىن (تۈركىستان يەرلىكلىرىدىن — ئاپتوردىن) كۆرسىتىش لازىم ئىدى. ئۇ نامزاتنى تاللاش ئىشى ئوسمان ئەپەندى بىلەن ھەيدەر ئەپەندىگە قالدۇرۇلدى. ... جەمىيەت ئەزالىرى، نىزامنامىدا كۆرسىتىلگەن مەنپەئەتلىرىمىزگە توقۇنۇش كەلمەيدىغان ھەرقانداق بىر پارتىيىگە ئەزا بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. شۇ سەۋەپتىن بىر قىسىم ئەزالىرىمىز بولشېۋىكلەر پارتىيىسىگە قاتناشقان بولسا، يەنە بەزىلىرى ئېس ـ ئار (سوتسىيالىست رېۋولوتسىيونار) پارتىيىسىگە ئەزا بولغان ئىدى. مەنمۇ بىرەر پارتىيىگە ئەزا بولۇش ئويۇمنى ھەيدەر ئەپەندى ئارقىلىق رىياسەتكە ئۇقتۇرغان ئىدىم، رىياسەت ماڭا، ھازىرچە ھۆكۈمەت ئېنىق بىر شەكىلدە مۇقىملاشمىغانلىقى، قايسىسىنىڭ ئاخىرىدا ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قالالىشى تېخى ئېنىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىر مەزگىل سەۋرى قىلىپ ساقلاپ تۇرۇڭ، دېگەن مەسلىھەتنى بېرىشتى.

1918 ـ يىلىنىڭ بېشىدا تۈركىستان ئىتتىھات ۋە تەرەققىپەرۋەرلەر جەمىيىتى، ئۆز ئەزالىرىدىن بىرى بولغان ئابىدجان مەھمۇدنى بىر پارچە مەكتۇپ بىلەن ھاسان رۇشەنى ئەپەندىنىڭ يېنىغا ئەۋەرتىدۇ. ئابىدجان مەھمۇد، ئەفەندىزادە مەھمەت ئېمىن ئەپەندى ۋە زاھىتجان ئەپەندىلەر بىلەن بىرگە ئەزەربەيجانغا يېتىپ بارىدۇ. ئىتتىھات ۋە تەرەققىي جەمىيىتىنىڭ كاپكاز شۆبىسى رەئىسىگە سۇنۇلغان 1918 ـ يىلى

9ـ يانۋار كۈندىكى بۇ مەكتۇپتا، تۈركىستاندا مىللىي قۇراللىق كۈچ تەشكىللەش ئۈچۈن تەجرىبىلىك كىشىلەردىن بىر قانچىنى بېرىلىشى تەلەپ قىلىنغان ئىدى:

تۈركىيە نۇمايەندەسى (مۇمەسسىلى) ھاسان رۇشەنى ئەپەندىگە

تۈركىستان ئۇمۇرۇ داخىلىيىسىنى ئىسلاھى (ئىچكى ئىشلىرىنى ئوڭشاش ئۈچۈن) ۋە مىللىي قۇراللىق كۈچ تەشكىلى ئۈچۈن تۈركىيىنىڭ مۇقتەدىر كىشىلىرىگە جىددى ئېھتىياجلىق بولماقتىمىز. تەرەفىي ئالىلىرىدىن تۈركىستانغا ئەۋەرتىلگەن مەھمەت ئېمىن ئەفەندىنىڭ دەلالەتى (ۋاستىسى) ئىلە زاتىي ئالىڭىزدەن تەلىمات ۋە ئادەم ئېلىش ئۈچۈن تۈركىستان نۇمايەندىسى سۈپىتى بىلەن بەندەڭىز تۈركىستانلىق مىللەتداشلىرىڭىز تەرىپىدىن باكۇغا كەلدىم. رۇخستىڭىز بىلەن خىلافەتىي كۇبرا (مۇۋاپىق) پىروگراممىلار ۋە بارلىق ئىشلىرىمىزغا يارىغىدەك ئادەملىرىڭىزدىن بېرىشىڭىزنى ئۆزۈر بىلەن تەلەپ قىلىمەن ئەفەندىم.

1918ـ يىلى 9ـ يانۋار

(رەسىم ئورنى)

تۈركىستان ئىتتىھات ۋە تەرەققىپەرۋەر تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى ئابىدجان ماھمۇد ئەپەندى (ئالدى قاتار ئوڭدا ئولتۇرغان ساقاللىق ۋە تۇماقلىق كىشى)، ئىتتىھات تەرەققىي جەمىيىتىنىڭ ۋاكالەتچىسى ھاسان رۇشەنى بىلەن رەسمى مۇناسىۋەت باغلاۋاتقان ۋاقىتلاردا باكۇدا چۈشكەن رەسىمى. ئەفەندىزادە مەھمەت ئېمىن (سولدا ئولتۇرغان كىشى)، تۈركىستانلىق زاھىتجان (سولدا ئۆرە تۇرغان كىشى) ۋە بىر ئوسمانلىلار زابىتى (سۇباي، ئوفىسسېر ــ ئۇ.ت)، 1918ـ يىلى 10ـ يانۋار باكۇ. (ئەھەت ئەنجان ئارخىۋىدىن)

ھاسان رۇشەنى ئەپەندى بۇ مەكتۇپنى تۈركىستان مىللەتچىلىرىنىڭ تەلەپلىرى بىلەن بىرگە قوشۇپ ئىستانبۇلدىكى ئىتتىھات ۋە تەرەققىي مەركىزى كومىتىتىغا دەرھال ئەۋەرتىپ بېرىش بىلەن بىرگە، سۆھبەت جەريانىدا ئابىدجان مەخمۇد ئەپەندىگە تۆۋەندىكىدەك جاۋاپ بېرىدۇ:

تۈركىستان ئۇمۇرۇ داھىلىيەسىنى ئىسلاھ (ئىچكى ئىشلىرىنى تۈزەش) ۋە قۇۋۋەئىي مىللىيەسى (مىللىي قۇراللىق كۈچلىرى) نى تەشكىل قىلىش ئۈچۈن تۈركىيە مەمۇرى كادىرلىرىدىن ۋە زابىتلىرىدىن بىر قانچە ئەفەندىنىڭ تۈركىستانغا ئىزامى (ئەۋەرتىلىشى) ۋە خىلافەتئىي كۇبرانىڭ سىياسىتىگە

مۇۋاپىق (ئۇيغۇن) دەستۇر (تەييارلانغان ھۆججەت) مەمنۇنلۇق بىلەن ئوقۇپ كۆرۈلدى. زاتئىي ئالىيلەرى ئىلە مۇھتەرەم تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بۇ پارلاق تەشەببۇسى قەلبىمدە زور ئۈمىدلەر ۋە چوڭقۇر مەسەررەتلەر (خۇشاللىق) ياراتتى. دۆلەت ۋە مىللەتىم نامىدا سىزنى تەبرىكلەيمەن ۋە مۇۋەپپەقىيەتىڭىزنى جانابىي ھەقتىن تەمەننى ئەيلەيمەن.

ئارزۇيىڭىزنى جايىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن دۆلەتىي ئالىييەنىڭ باكۇدا تۇرىدىغان ئەڭ قىممەتلىك مەمۇرى كادىرلىرىدىن سابىق بايبۇرت قايماقامى (ناھىيە ھاكىمى) يۇسۇف زىيا ئەپەندى، بارلىق تۈركىستاننىڭ سىياسىي ۋە مەمورى ئىشلىرىنى تانزىم ئېتىش ئۈچۈن زاتىي ئالىلەرىڭىزگە ھەمرا بولىدۇ. خىلافەتىي كۇبرانىڭ ۋە دەۋلەتىي ئالىييەئىي ئوسمانىلارنىڭ ئارزۇسىغا ۋە سىياسىتىگە مۇۋاپىق بولغان پروگرام ۋە تەلىماتنامە ئىلە بىر سىياسىي رەسمىيەتنامە ۋە بىر ئىتىماتنامە نۇسخىسى زىيا ئەپەندىگە بېرىلدى.

بۇ پروگرام مۇجىبىنچە كاپكازلاردا قىلىنغىنىغا ئوخشاش، زىيا ئەپەندىنىڭ ياردىمى ئىلە تۈركىستاندىمۇ بىر ئىتتىھات ۋە تەرەققىي فىرقاسى تەشكىل قىلىنىدۇ ۋە تۈركىستاننىڭ خىلافەتىي كۇبراغا قوشۇلۇپ كېتىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە فىرقانىڭ تەشەككۇلىنى (تەشكىل قىلىنىشى) مۇتەئاقىپ، تۈركىستاننىڭ ئىلھاق (قوشۇلۇپ كېتىش) ئارزۇسىنى مۇقەددەس خەلىفەمىزگە رەسمەن ئۇقتۇرۇش ۋە تۈركىستاننىڭ ئېھتىياجلىرىنى تەسۋىيە (تەرتىپكە سېلىش) قىلىش ئارقىلىق، بارلىق تۈركىستان نامىغا نۇمايەندەلەر (مۇمەسسىللەر) تاللىنىپ مەزكۇر رەسمىيەتنامە (پروتوكول) ۋە ئىتىماتنامە ئىلە ئىستانبۇلغا ئەۋەرتىلىدۇ. نۇمايەندەلەرىڭىزنىڭ باكۇدان ئىتىبارەن راۋان بىر شەكىلدە ئىستانبۇلغا بېرىشلىرىنى بەندەڭىز تەمىن قىلىمەن.

بۇلاردىن باشقا تۈركىستاندا زابىت (ئوفىسسېرلار) يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن بىر ھەربىي مەكتەپ ئېچىش، تەشكىلاتئىي ئەسكەرىيە قۇرۇش ۋە مىللىي ئالاي (پولك) لار تەشكىل قىلىش ئۈچۈن تۈۋەندە ئىسىملىرى زىكرى قىلىنغان زابىتلەرمۇ ئەۋەرتىلدى. زابىت ئەفەندىلەر بىلا كايىد ۋە شەرت (مۇتلەق تۈردە شەرتسىز) ئىتتىھات ۋە تەرەققىي فىرقاسىغا ئىتائەت قىلىدۇ ۋە پەقەت ئەسكەرى ئىشلار بىلەنلا مەشغۇل بولىدۇ. ئەنە شۇ شەكىلدە ئىش قىلىنغىنىدا زور مۇۋەپپىقىيەتلەرگە مازھار بولالىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن ۋە تۈركىيەنىڭ ھەر

ۋەچھلە تۈركستانلىق قېرىنداشلىرىمىزغا ياردم قىلىدىغانلىقىنى ۋەد ۋە تەيىد ئەيلەيمەن، ئەفەندىم.

25 ـ رەب. ھ. 1336 (1918 ـ يىلى 8 ـ مارت) تۈركىيە نۇمايەندەسى ھ. رۇشەنىي

ئىتتىھات ۋە تەرەققى پىرقىسى تەرىپىدىن تەستىقلانغان بۇ مەكتۇپتىن قارىغاندا، تۈركىستان سىياستى مۇنداق ئىككى ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ: ئاۋال مىللىي قۇراللىق كۈچلەرنىڭ تەشكىللىنىشىنى مەقسەت قىلىپ بۇ جايلارغا ئوسمانىلار ئوفىسسېرلىرى ئەۋەرتىلىدۇ ھەمدە ئىمكانىيەت يار بەرسە بىر ھەربىي مەكتەپ ئېچىلىدىغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە تۈركىستانلىق ۋاكالەتچىلەر ئىستانبۇلغا بېرىپ، ئوسمانىلار سۇلتانىغا تۈركىستانىنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئوسمانىلار دۆلىتىگە قوشۇلۇپ كېتىش ئارزۇسىنى بىلدۈرۈپ بۇ ھەقتە ياردەم تەلەپ قىلىنىدىغان بولىدۇ. شۇندىن ئىتتىۋارەن بۇ سىياسەتلەر تېزلىكتە ئىجرا قىلىنىشقا باشلىنىدۇ. ھاسان رۇشەنىي ئەپەندى (ئەسلى ئارگىنالدا ھۈسەيىن رۇشەنى بەي دەپ خاتا بېسىلىغان. ـــ ئۇ.ت) 1916 ـ يىلىنىڭ بېشىدا بايبۇرتتا ئۇرۇسلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ نارگىن ئارىلىدىكى لاگىرغا ئەۋەرتىلگەن، 1918 ـ يىلىنىڭ بېشىدا لاگىردىن قېچىپ باكۇغا كېلىۋالغان بايبۇرت قايماقامى (ناھىيە ھاكىمى. ـــ ئۇ.ت) يۈسۈپ زىيا ئەپەندىنى ئىتتىھات ۋە تەرەققىي پىرقىسىنىڭ تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى قىلىپ تەيىنلىگەن ئىدى. ئابىدجان مەھمۇد ئەپەندى بىلەن يۈسۈپ زىيا ئەپەندى ئىككىسى 20 نەپەردەك ئوسمانىلار زابىتلىرى (ئوفىسسېر) بىلەن بىرگە ۋاقتىنى ئۇزارتماي تۈركىستانغا قاراپ دەرھال يولغا چىقىدۇ.

يۈسۈپ زىيا ئەپەندى بىلەن ھەمرالىرى تۈركىستانغا يېتىپ بېرىپ كۈتمىگەن بىر ئەھۋالغا دۈچ كېلىدۇ: تاشكەنتتە بولشېۋىكلار ھاكىمىيتى ئاستىدىكى بىر ھۆكۈمەت قۇرۇلغان ئىدى. ئۇلار سەمەرقەنت شەھىرىگە يېتىپ بارغىنىدا بولسا، قوقان شەھىرىدە ئېلان قىلىنغان تۈركىستان مۇختارىيەت ھۆكۈمىتىنى قىزىللار رەھىمسىزلەرچە باستۇرىۋەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. يۈسۈپ زىيا ئەپەندى 1918 ـ يىلى 16 ـ ئىيول كۈنىسى تاشكەنتتىن موسكۋا باش ئەلچىسى غالىپ كامال ئەپەندىگە بىر پارچە مەكتۇپ ئەۋەرتىپ، يۈز بەرگەن بۇ ھادىسىلەرنى تەپسىلى تونۇشتۇرىدۇ:

ئالتى ئاي مۇقەددەم (ئاۋال) نارگېن جەزىرەسى ئۇسىرا (ئەسىرلەر) قارارگاھىدىن فىرار (قاچقان) قىلغان ئىدىم. بىر مۇددەت باكۇدا قالغاندىن كېيىن، مەمۇرىيەتىي مەخسۇسە (مەخسۇس ۋەزىپە) ئىلە باكۇدا تۇرىۋاتقان رۇشەنىي ئەپەندىنىڭ تەكلىپ ۋە تەۋسىيىسىگە ئاساسەن يىگىرمە نەپەردەك

زابىت بىلەن بىرگە تۈركىستان جىھەتكە كەلدىم. سەمەرقەنتكە مۇۋاسالات قىلار-قىلماي (يېتىپ بارار-بارمايلا) قوقان ھادىسىئىي فاجىئەسى ۋەقە بولدى. بۇ ھادىسىنىڭ كەينىدىنلا بۇخارا ۋە ئاشقابات ۋەقەسى (بۇخارا ۋە خىۋەگە قارىتىلغان رۇس ھۇجۇمى كۆزدە تۇتۇلماقتا — ئاپتوردىن) يۈز بەردى. يەكدىگەرنى ۋەيلەدەن (كەينىدىنلا روي بەرگەن) بۇ ۋەقەلەر پروگراممىمىزنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەنلىگى ئۈچۈن، مىلى بىر مۇشكىلات ئىلە زابىتانى باكۇغا قايتۇرىۋەتتىم. بىر يېرىم ئايدەك سەمەرقەنتتە، بىرەر ئاي بۇخارادا ۋە يەنە بىر يېرىم ئايدەك ئاشقابات ئەترابىدا بەكلا ئاۋارە ۋە قىيىنچىلىق ئىچىدە ياشىغىنىمدىن كېيىن ئورېنبۇرگقا مۇتەۋەججىھەن (قاراپ) ھەرىكەت ئەيلەدىم. ئورېنبۇرگقا مۇۋاسسالات ئەتمەكتەن ئەۋەل، قازاقلار بىلەن بولشېۋىكلار ئوتتۇرسىدا يېڭىدىن ۋەقە بولغان مۇسادەمە (توقۇنۇش)، شىمەندۇفەر (پويىز) نەقلىياتىغا ئىجرائىي تەسىر ئەيلەگىنىدەن (قاتنىشنى تەسىرگە ئۇچراتقىنى ئۈچۈن)، تاشكەنتكە ئاۋدەت ئەيلەدىم. بۇ يەردە كۆنيەلەرى زىردە مۇھەررەر (كىملىكلىرى قوشۇمچە بەتتە يېزىلغان) زەۋات تەرىپىدىن تەشكىل قىلىنغان جەمىيەتكە تەۋە بولدۇم. مەلفۇف (قوشۇمچە قىلىنغان) ھۆججەت مۇتائالاسىدىنمۇ مۇستەبان (مەلۇم بولغان) كۆرسىتىلگەنىدەك بۇ "فىرقە" تەرىپىدىن بابىئالىگە (ئوسمانىلار ھۆكۈمىتى تۇرىدىغان ئىستانبۇل سىركىچى-تىكىلگەن تاش ئوتتۇرسىدا، جاھالىئوغلىدىكى ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق بىنا — ئۇ.ت) بىر ھەيئەت ئىنتىخاپ (تاللاندى) ۋە ئىزام (ئىۋەرتىلدى) ئىبتىلدى. بەندەڭىزمۇ بۇ ھەيئەت رىفاقاتىدا (بىلەن بىرلىكتە) موسكۋاغا بېرىش ۋە تۈركىستان ھەققىدە ئارزئىي مەلۇمات ئەيلەمەك خىيالىدا ئىدىم. ماتەئەسسۇف يوللاردا يېڭىدىن زۇھۇر قىلغان قالايماقانچىلىقلار ھەرىكەتىمگە مەنئىي بولدى.

ھەيئەت موسكۋا تارىقىيلە (يولى بىلەن) تۈركىيە تەرەپكە ئۆتىشى لازىم. يەدلەرىدە (قوللىرىغا) "بايبۇرت قايماقامى يۇسۇف زىيا ئەپەندى" ئىمزالىق ھاۋى بىرەر يول خېتى بېرىلدى. زاتئىي دەۋلەتلەرىگە مۇراجەتلەرىدە مەلفۇف (قوشۇمچە قىلىنغان) ھۆججەتنىڭ ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلىشىنى ۋە ھارەكەتلەرىنىڭ تەسخىلىنى (ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىلىشىنى) ئارز ۋە ئىستىرھام ئەيلەيمەن.

يۇسۇف زىيا ئەپەندى خېتىنىڭ قالغان قىسىملىرىدا تۈركىستان ئاھالىسىنىڭ ئەھۋالى، ئەنگىلىيىلىكلەر بىلەن ئىرانلىقلارنىڭ بۇ رايوندا ئېلىپ بېرىۋاتقان پائالىيەتلىرى، ئۆزىنىڭ بۇ جايلاردا يەنە بىر مەزگىل قېلىشى لازىملىغى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە توختىلىش بىلەن بىرگە، ئەگەر ئوسمانىلار دۆلىتى بۇ جايلارنى

ئۆزىگە قوشۇۋېلىش نىيىتى بولغىنىدا، ۋاقتنى كەنگە سوزماي دەرھال ھەرىكەتكە ئاتلانمىغىنىدا بەكلا كېچىكىپ قالىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسەتكەن. خىتىنىڭ قوشۇمچە قىسمىدا بولسا، تۈركىستاندا ئۆزىدىن بۇرۇن ئىتتىھات ۋە تەرەققىپەرۋەر جەمىيىتىنى قۇرغان ئىككى ئوسمانلىلار زابىتىنىڭ ئىسىملىرىنى قوشۇپ قويغان. بۇ كىشىلەر مۇلازىمى ئەۋۋەل سامسۇنلۇق ھەيدەر ئازمى بىن شەۋكى (دالا ئارمىيىسى توپچىلار پولكى 4، روتا 3، ئوتىلدىيە 8) ۋە مۇلازىم سۇلايمان سەمى بىن تەۋفىق (پولك 88، روتا 1 ياۋەرى) ئىسىملىق ئوفىتسېرلەر ئىدى. يۇسۇف زىيا ئەپەندى تۈركىستاندىكى ۋەزىيەتنىڭ يېنىدا بىرگە ئېلىپ كەلگەن 20 نەپەر زابىت بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدىغان ئۇنچىۋالا ئوڭاي بىر ئىش ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى دەرھال باكۇغا قايتۇرىۋەتكەن ئىدى. ئۆزى بولسا، ئىتتىھات ۋە تەرەققىي جەمىيىتىنىڭ مۇمەسسىلى بولۇپ تۈركىستاندا قېلىپ پائالىيەتلىرىنى داۋام قىلدۇرۇش قارارىغا كەلگەن ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، يۇسۇف زىيا ئەپەندىنىڭ قوشۇلىشىدىن كېيىن بۇرۇن قۇرۇلۇپ بولغان جەمىيەت يېڭىدىن رەتكە سېلىنىپ، نىزامنامىسىغىمۇ تىگىشلىك تۈزۈتۈشلەر كىرگۈزىلىدۇ. ئۇ ۋاقىتتىكى ئىشلارنى مۇنەۋۋەر قارى بىلەن مۇفتى سەدرىددىنخاننىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرىدىن كۆرىۋېلىش مۇمكىن. مۇنەۋۋەر قارى ئۆز خاتىرە دەپتىرىدە، نىزامنامىدىكى تۈزىتىشلەر ھەققىدە توختۇلۇپ كىلىپ مۇنۇلارنى يېزىپ قالدۇرغان ئىدى:

"باكۇنى تۈركلەر تارتىپ ئالغىنىدىن كېيىن بىزنىڭ "ئىتتىھات ۋە تەرەققىپەرۋەرلەر" جەمىيىتىمىزنىڭ ئىسمىدىكى "پەرۋەر" قىسمى ئېلىپ تاشلىنىپ، "ئىتتىھات ۋە تەرەققىي" غا ئۆزگەرتىلدى. ... ئەسلىدە بۇرۇنلاردىمۇ بۇ جەمىيىتىمىز "ئىتتىھات ۋە تەرەققىي" دەپلا ئاتىلىپ كېلىنمەكتە ئىدى. ... بۇنداق ئۆزگەرتىلىشنىڭ سەۋەبىنى سورىغىنىمدا ھەيدەر ئەپەندى ماڭا، "باكۇنى ئىتتىھات ۋە تەرەققىي جەمىيىتىنىڭ رەھبەرلىگى تارتىپ ئالدى. ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن جەمىيەتنىڭ ئىسمىنى ئىتتىھات ۋە تەرەققىي دەپ ئالدۇق" دەپ جاۋاپ بەردى. شۇنىڭدەك، ھەيدەر ئەپەندى يەنە بۇرۇنقى رەئىس ئوسمان ئەپەندىنىڭ كېتىپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىتتىھات ۋە تەرەققىي تەرىپىدىن زىيا ئەپەندىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىگىنىمۇ قوشۇپ قويدى.

كۈندىلىك خاتىرىلىرى ئارقىلىق ئۇ دەۋردىكى ئىشلارنى يورۇتۇپ بەرگەن سەدرەددىنخان، جەدىتچىلىك ھەرىكىتىگە يارىيەلەك بولۇپ كەلگەن بىلىملىك دىنىي زاتلاردىن بولۇپ، قوقان مۇختارىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتناشقان، كېيىن

يەنە مۇنەۋۋەر قارى تەرىپىدىن تاشكەنتكە تەكلىپ قىلىنىپ ئۇ يەردە پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرغان بىرسى ئىدى. ئۇ كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىدە يۈسۈف زىيا ئەپەندىنىڭ كېلىشىدىن كېيىن قىلىنغان ئىشلار، ئۇنىڭ ئىستانبۇلغا ھەيئەت ئەۋەرتىش ئىشلىرى ھەققىدە توختىلىپ تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:

سابىق بايبۇرت قايماقامى يۈسۈف زىيا ئەپەندى مەخفى (يوشۇرۇنچە) ھالدائىتتىھات ۋە تەرەققىي جەمىيىتىگە كەلتۈرۈلۈپ جەمىيەتنىڭ پروگراممىسى بىلەن نىزامنامىلىرى قايتا تۈزىتىلدى. تۈركىيە ئەسكەرلىرى باكۇغا مۇتەۋەججىھ بولغىنىدا (يولغا سېلىنغىنىدا) جەمىيەت تەرىپىدىن تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتىنى، جەمىيەتنىيڭ ۋەزىپىلىرىنى يەرلىك تىل ئارقىلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن ئابىدجان مەھمۇد، مىر ئادىل ۋە مىر ئەخمەتلەر فەرغانىدىن، ئۇبەيدۇللا غوجا بىلەن مەن تاشكەنتتىن، ھاجى مەردانقۇل سەمەرقەنتتىن، سېيىت ناسىر مىر جېلىل تۈركىستان شەھىرىدىن بولۇپ بىر مۇراھىاس ھەيئىتى تەشكىللەپ چىقتۇق. 1918 ـ يىلىدا ئوسمانىلار دۆلىتىنىڭ موسكۋا باش ئەلچىسى ۋاستىسى بىلەن ماتېرىياللىرىمىز ئەۋەرتىلدى. ئابىدجان ماخمۇد بىلەن ئۇبەيدۇللا غوجا موسكۋادا قالدى. بىز ئىستانبۇلغا كەلدۇق. تەلەت ۋە ئەنۋەر پاشالار بىلەن ھەمدە تاشقى ئىشلار نازىرى نەسىم ئەپەندى ۋە مەركەزىي كومىتېت ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتۇق. ... ماڭا تۈركىيە پاسپورتى بېرىلىپ تۈركىستان ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇرۇشۇم ئۈچۈن قازى ئابدۇررەشىد ۋە كۆپرۈلۈ فۇئات ئەپەندىلەر بىلەن بىرلىكتە شۋېتسارىيىگە ئەۋەرتىلدىم. ئاۋسترىيىدە ئىنقىلاپ بولىۋاتقىنى ئۈچۈن ئۆمىگىمىز ئودېسساغا قايتىپ كەلدى. ... ئىستانبۇلدا ئىتتىھات ۋە تەرەققىي ئەزالىرىدىن غالىپ كامال ئەپەندى بىلەن كۆرۈشتۈم.

تۈركىستاندىكى ئىتتىھات ۋە تەرەققىي ئەزالىرىدىن تەشكىللىگەن بۇ ھەيئەت ئەزالىرى ئەنۋەر پاشانى زىيارەت قىلغىنىدا، پاشاغا ئۈچ قىسىمدىن تەشكىل تاپقان سەككىز بەتلىك بىر دوكلاد سۇنغانلىقلىرى مەلۇم. بۇ دوكلادتا تۈركىستاننىڭ تارىخىي، جوغراپىيىلىك تۈزۈلىشى ۋە ئىقتىسادى ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغاندىن كېيىن كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى سىياسىي ۋەزىيەت ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈلۈپ، ئۇرۇسلارنىڭ ئىجرا قىلىۋاتقان تۈركىستان سىياسەتلىرىدىن شىكايەت قىلىنغان ئىدى. دوكلاتنىڭ تەلەپلەر قىسمىدا مۇنۇ سۆزلەر يېزىلغان ئىدى:

ئەندى بىزنىڭ قەلبىمىز، پۈتۈنلەي ئۇلۇغ تۈركىيىگە قوشۇلۇپ كېتىش ئىختىراسى بىلەن سوقماقتا. پۈتۈن تۈركلۈكنىڭ بىرلىششى پەقەت بىزنىڭ ئۇلۇۋى مەقسەتلىرىمىزگە ئۇيغۇن كەلگەن بىر يولدۇر. بىزنىڭ بارلىق ئارزۇيىمىز

ۋە ھەرىكىتىمىز بۇدۇر. بۇ مۇئەللا (ئۇلۇغ) ئەمەل، چوڭ-كىچىك پۈتۈن خەلقىمىز ۋە بارلىق سىنىپلارنىڭ ئەڭ يۈكسەك غايىسىدۇر.

ئەزەربەيجاننى ئوسمانىلار ئارمىيىسى ئۆتكۈزىۋېلىشىدىن بارلىققا كەلگەن تۈركىستان تەۋەسى ئۈچۈن بۇ تۈردىكى ھاياجان پەيدا قىلغۇچى مۇھىت ئىچىدە يېزىلغان بۇ جۈملىلەر، ئەنۋەر پاشانىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا بېرىدىغان قارارلىرىغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى دېيىلسە، ھەرگىزمۇ مۇبالىغە قىلىنغان بولمايدۇ.

ئىتتىھات ۋە تەرەققىي رەھبەرلىرىنىڭ بۇ رايونلارغا مۇناسىۋەتلىك كۆز قاراشلىرىغا تەسىر قىلغان يەنە بىر ئامىل، موسكۋا باش ئەلچىسى غالىپ كامال ئەپەندى تەرىپىدىن ئىۋەرتىلگەن دوكلاتلاردۇر. ئەلى رىزا ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىستاندا تۇرىۋاتقان ئوسمانىلار زابىتلىرىدىن كەلگەن ھەممە باش ئەلچىنى موسكۋادا زىيارەت قىلغان تۈركىستانلىق مىللەتچىلەر بەرگەن مەلۇماتلارنى دەرھال ئىستانبۇلغا ئىۋەرتىپ تۇرغان كامال ئەپەندى، بولۇپمۇ باكۇنىڭ ئىشغال قىلىنىشىدىن كېيىن، تۈركىستانىنىمۇ ئاسانلا قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدۇ دەيدىغان قاراشقا كەلتۈرگەن ئىدى. سادرازام (ۋەزىر) تەلەت پاشاغا ئىۋەرتىلگەن دوكلاتلاردا "باكۇ شەھىرى ئىشغال قىلىنغان ۋاقىتلاردا كراسنوۋودسكتا تۇرۇپ تۈركىستاندا مىللىي تەشكىلات قۇرۇش ۋە ئەنگىلىيىلىكلەرنىڭ ئۇ جايلارنى ئىشغال قىلىۋېلىشىغا قارشى تۇرۇش مەقسىتىدە، مۇقتەدىر (قابىلىيەتلىك) 5~10 ھەربىي تەلىم-تەربىيىچى ۋە يېتەرلىك مىقداردا قورال، ئوق-دورا ئىۋەرتىلسە، ئۇ جايلاردا قۇراللىق كۈچ جەھەتتىن بەكلا ئاجىز تۇرىۋاتقان بولشېۋىكلارنى يوقۇتۇش ئارقىلىق مۇختارىيەت ئېلان قىلىش مۇمكىنچىلىگىنىڭ بارلىغى" يېزىلغان ئىدى.

بۇ ۋاقىتلاردا ئەنۋەر پاشانىڭ ئۆگەي قېرىندىشى نۇرى پاشا قوماندانلىقىدىكى ئىسلام ئارمىيىسى 20-ئىيول كۈنىسى گەنجەنى تارتىپ ئېلىپ، بۇ شەھەردە بىر مىللىي ئەزەربەيجان ھۆكۈمىتى قۇرۇپ چىققان ئىدى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشتىن كېيىن 1918-يىلى 15-سىنتەبىردە نۇرى ۋە خەلىل پاشا قوماندانلىقىدىكى تۈركىيە ئارمىيىسى باكۇغا كىرىدۇ. گەنجەدىكى ئەزەربەيجان ھۆكۈمىتىنىمۇ باكۇغا يۆتكەپ كېلىدۇ. ئەزەربەيجاندىن كېيىن داغىستاننى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققان تۈركىيە قوشۇنلىرى 6-ئۆكتەبىر كۈنىسى دەربەنت شەھىرىنى قىزىللاردىن تارتىپ ئېلىپ، 13-ئۆكتەبىر كۈنى "شىمالى كاپكازىيە جۇمھۇرىيىتى" نى ئېلان قىلىشىدۇ. تۈركىيە قوشۇنلىرىنىڭ كاپكازىيىدىكى ئۇتۇقلىرى تۈركىستانلىقلارنىمۇ ئۈمىدلەندۈرۈپ، تۈركىيە جەڭچىلىرىنىڭ ئۇزۇنغا قالماي تۈركىستان رايونلىرىغىمۇ يېتىپ كېلىدىغانلىغى ھەققىدىكى گەپ-سۆزلەر كۆپىيىشكە باشلايدۇ. ئەپسۇسكى، بۇنداق ھاياجان پەيدا قىلىدىغان مۇھىت ئۇزۇن داۋام قىلالمايدۇ. كاپكازىيىدە بۇنداق غەلىبىلەر قولغا كەلتۈرىلگىنىگە قارىماي، ئوسمانىلار دۆلىتى، ئىتتىپاقدېشى

گېرمانىيە بىلەن بىرگە ئۇرۇشتا يېڭىلدۇ. 1918-يىلى 30-ئۆكتەبىر كۈنىسى ئىمزالانغان موندروس كېلىشىمىگە ئاساسەن تۈركىيە قوشۇنلىرى داغىستان بىلەن ئەزەربەيجاننى بوشىتىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

بۇنداق ۋەزىيەت، تۈركىستانلىقلارنىڭ كۆتكەن ئۈمىدلىرىنىمۇ يوققا چىقىرىۋەتىدۇ. ئىتتىھات ۋە تەرەققىيچىلارنىڭ ئوسمانلىلار دۆلىتى ھاكىمىيىتىدىكى تەسىر كۈچىنىڭ ئاخىرلىشىغا ئەگىشىپ، تۈركىستاندىكى جەمىيەتمۇ ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ. جەمىيەت ئىچىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى مۇفتى سەدرەددىنخان تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىدۇ:

1919-يىلىنىڭ فېۋرال ئېيىدا تاشكەنتكە ئاۋدەت ئەتتىم. جەمىيەت ھوزۇرىدا سەياھىتىمىز ھەققىدە دوكلات بەردىم. جەمىيەتنىڭ ئىسمى مىللىي ئىتتىھادقا تەدبىل (ئۆزگەرتىلدى) قىلىندى. ... 1919-يىلىدا تاشكەنتتە تۇرىۋاتقان جامال پاشا بىلەن جەمىيەت ئىشلىرى ھەققىدە سۆھبەتلەشتىم. پاشا بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئافغانىستانغا قاراپ يولغا چىقتى. خەلىل پاشا بىلەن ھاجى سەمى ئەپەندىمۇ تاشكەنتتىن ئايرىلدى. ...

1920-يىلى، بۇخارادا تۇرىۋاتقان كومىتېت مەركىزىنىڭ بۇيرىغى بىلەن، ئارىف كەرىمى بىلەن يۇسۇف ئەپەندىلەر ئەنگىلىيە ۋە ياپونىيە ھۆكۈمەتلىرىگە تۈركىستاننىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن يولغاچىقىپ، ئەۋلىيا ئاتا شەھىرىگە كەلگەندە بارلىق ھۆججەتلىرى بىلەن بىرلىكتە رۇسلارنىڭ چېكاسىغا تۇتۇلۇپ قالىدۇ. مەن بۇ يېقىن ئەتراپتا تۇرىۋاتقان راخمانقۇل قورباشىنىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىۋالدىم. ئۇ يەردىن قايتىپ كەلگىنىمدە جەمىيەت ئەزالىرىمىزدىن بولغان فەرغانە ھەربى قىسمىنىڭ مۇدىرى ھەمدەم ھاجىنىڭ خائىنلىق قىلىشى بىلەن بولشېۋىكلارغا تاپشۇرۇپ بېرىلدىم. ... ھۆججەتلىرىمىنىڭ يالغاندىن ياسالغان ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلىپ، بۇنداق بىر جەمىيەتنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىپ تۇرىۋالدىم. نەتىجىدە ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم قىلىندىم. ... جامال پاشانىڭ تۈركىستان ئومۇمىي چېكا رەئىسى پېتىرىسكە قىلغان مۇراجەتلىرى سايىسىدا ئۆلۈم جازايىم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 5 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندىم.

ئوسمانلىلار دۆلىتىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن، تۈكىستاندىكى ئىتتىھات ۋە تەرەققىي شۆبىسى مىللىي ئىتتىھاد نامىدىكى مۇستەقىل بىر تەشكىلات ھالىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، تۈركىستاندا قالغان ئوسمانلىلار ئوفىتسېرلىرى بىلەن تۈركىستانلىق مىللەتچىلەرنىڭ ئورتاق ھەمكارلىششى ئارقىلىق پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. دەرۋەقە، ئەنۋەر پاشانىڭ تاغىسى خەلىل پاشا (قۇت) ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خاتىرە

دەپتىردە، **شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەقىل قىلىش** تەكلىۋىگە ئۇرۇسلار ماقۇل كەلگەنلىكىگە ئاساسەن، 1921-يىلى موسكۋادىن تۈركىستانغا كەلگەنلىگىنى، تاشكەنتتە بولسا، تۈركى قەۋملىرى ئۈچۈن ئىتتىھات ۋە تەرەققىي ئىنقىلاۋىي جەمىيىتى پروگراممىسى ئاساسىدا مەخپى بىر جەمىيەت قۇرغانلىقىنى بايان قىلغان. خەلىل پاشا يەنە، پىداكار ۋە ئەقىللىق ياشلارنىڭ ئىتتىھات ۋە تەرەققىيگە قاتناشقانلىقىغا ئوخشاش، بۇ جەمىيەتكىمۇ تىزىملاتقانلىقلىرىنى ئېيتىپ جەمىيەت نىزامنامىسىنى تۈركى قەۋملىرىنىڭ شىۋىلىرىدا يېزىپ مەخپى تارقاتقانلىقىنىمۇ كۆندىلىك خاتىرىسىگە قوشۇپ قويغان. بۇ پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى تاشكەنتكە كىلەر-كەلمەي تونۇشقان ئەسىرگە چۈشكەن ئوسمانلىلار ئوفىتسېرلىرىدىن ھەيدەر ئەپەندى (تاشخان) نىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ئىشقا ئاشۇرغانلىقىنى تەكىتلەش ئارقىلىق، تاشكەنتتە تونۇشقان تۈركىستانلىق ياشلار ئىچىدە ھاپىز قارى، تاجەتتىن ئەپەندى ۋە موللا سەدرىددىن قاتارىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىسملىرىنى يېزىپ كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئەنۋەر پاشانىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن موسكۋاغا قايتىپ كەتكەن ۋاقىتلىرىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا ئىتتىھات ۋە تەرەققىي جەمىيىتى بارلىق مەركەزلەردە تېز سۈرئەت بىلەن كېڭەيتىلگەنلىكىنىمۇ تىلغا ئالغان. ئەمما، خەلىل پاشا تاشكەنتكە كەلگەن ۋاقىتلاردىن بۇرۇنلا بۇ تەشكىلات ئۆز پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. ئېھتىمال، خەلىل پاشا تاشكەنتتە بۇ جەمىيەتنىڭ ئەزالىرى بىلەن ئۇچۇراشقان، مەلۇم ۋاقىت بۇ تەشكىلاتنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھادىسىلەرنى بىر جەمىيەت قۇردۇم دەپ تونۇشتۇرغان بولىشى كېرەك.

1920-يىلىنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ تۈركىستان تەۋەسىدە سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى مۇقىملىشىپ قالغاندەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. بۇنداق بىر ۋەزىيەت ئاستىدا ئىتتىھات ۋە تەرەققىينىڭ داۋامى بولغان مىللىي ئىتتىھادنىڭ ساقلىنىپ قېلىش ئېھتىمالى بەكلا ئازىيىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ مەخپى جەمىيەت تارقىلىپ كېتىش نوقتىسىغا يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. مۇنەۋەر قارى ئۆزىنىڭ كۆندىلىك خاتىرە دەپتىرىگە بۇ تارقىلىپ كىتىش جەريانىنى تۆۋەندىكىدەك يېزىپ قالدۇرماقتا ئىدى:

شۇرا (سوۋېت — ئا.ھ. ئىزاھاتى) ھۆكۈمىتىنىڭ يۇت تىرەپ قالدىغانلىقى مۇقىملىشىپ قالغاندىن كېيىن، جەمىيەتنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئۇنىڭ پائالىيەت قىلىپ قىلالماسلىق ئىشى بىزنى ئويغا سالماقتا ئىدى. ئەسلىدىنلا بۇنداق بىر پائالىيەتنىڭ ھاجىتى قالمىغان دىيىش مۇمكىن ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، مەنمۇ بولشىۋىكلار پارتىيىسىگە ئەزا بولۇشنى توغرا تاپتىم. جەمىيەت رىياستى (رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى) دىكىلەر مېنىڭ بۇنداق قىلىشىمغا قارشى چىقماي، مۇنداق بىر قارارغا كېلىشتى: "شۇرا ھۆكۈمىتى ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ

قالدىغانلىقى ئېنىق. شۇڭا، جەمىيەت غايىلىرىنى ھۆكۈمەت بىلەن كېلىشىپ تۇرۇپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش تېخىمۇ مۇۋاپىق ۋە ئەڭ ئاسان يول دەپ قارايمىز. شۇنداق بولغاچقا، بۇ جەمىيەت بۈگۈندىن باشلاپ تارقىتىۋېتىلدى. مۇنەۋۋەر قارى بىلەن قالغان ئەزالار باشلىغان ئىشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرىشى ئۈچۈن بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە ئەزا بولۇشلىرىغا رۇخسەت قىلىندى."

مۇنەۋۋەر قارى بۇ جەمىيەتنىڭ تارقىلىپ كېتىشكە تۈركىيىنىڭ ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالغانلىقى ھەمدە ئىتتىھات ۋە تەرەققىي تەرەپتارلىرىنىڭ بۇرۇنقى كۈچ-قۇۋۋىتىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى، ئەزالار ئارىسىدا رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا بولغان ئىشەنچلىرىنىڭ ئازىيىپ كەتكەنلىكى ۋە ماددىي ئىمكانىيەتلەرنىڭ بولمىغانلىقى قاتارلىقلار سەۋەپ بولغان دەپ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

قىسقىچە خۇلاسىلاشقا توغرا كەلسە، تۈركىستاندا ئىتتىھات ۋە تەرەققىينىڭ تەشكىلىي پائالىيەتلىرى بۇ ھەرىكەتكە تەۋە ئوسمانىلار ئۇرۇش ئەسىرى ئوفىتسېرلىرى تەرىپىدىن باشلىتىلغان دېيىشكە بولىدۇ. 1917-يىلقى ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن بۇرۇن بۇ ئوفىتسېرلار ئىتتىھات ۋە تەرەققىيپەرۋەرلەر جەمىيىتىنى قۇرۇپ چىقىپ، تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدە شۆبىلىرىنى قۇرۇپ چىقىشقان ئىدى. ئەزەربەيجانغا تۈركىيە ئارمىيىسى كىرىپ كەلگىنىدىن كېيىن، بۇ جەمىيەتنىڭ نامى ئىتتىھات ۋە تەرەققىي جەمىيىتى دىگەنگە ئۆزگەرتىلىدۇ. ئوسمانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئىتتىھات ۋە تەرەققىي خادىملىرى تارقىلىپ كەتكەن بىر ۋەزىيەتتە، بۇ تەشكىلاتنىڭ نامى مىللىي ئىتتىھاتقا ئۆزگەرتىلىدۇ. دىمەك، بۇ جەمىيەت 1917~21-يىللار ئارىسىدا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەنلىكى مەلۇم. مۇنەۋۋەر قارى ئۆزىنىڭ ئەسلىمىلىرىدە "جەمىيەتنىڭ ئەزالىرى ئۈنۈملۈك كۆپ ئەمەس ئىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن قۇدرىتى بەكلا كۈچلۈك ئىدى" دەپ يازىدۇ. ئەنۋەر بىلەن جامال پاشالارنىڭ تۈركىستان بىلەن ئافغانىستاندىكى پائالىيەتلىرى جەريانىدا جەمىيەت خادىملىرى قايتىدىن ئاكتىپ پائالىيەت قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، بۇ ئىككى تارىخىي شەخسنىڭ سەھنىدىن ئايرىلىشى ئىتتىھاتچى ئوفىسىرلارنىڭ تارقىلىپ كېتىشكە، سىياسىي سەپتە بولسا ئىتتىھات ۋە تەرەققىي روھىنىڭ يوقۇلىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، تۈركىستانلىق خادىملارنىڭ ئىتتىھاتچىلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ تۇرىدۇ. ئۇلار چەت دۆلەتلەرگە چىقىپ كۈرەش قىلغان يىللىرى بويىچە باشتا نۇرى پاشا، ئۇنىڭدىن قالسا خېلىل پاشا، مەخمۇت شەۋكەت ئەسەندال قاتارىدىكى كونا ئىتتىھاتچىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ئۈزۈلمەيدۇ.

# جامال پاشا ئافغانىستاندا

تۈركىيىنىڭ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن، 1920 ـ يىلى مايىنىڭ ئاخىرلىرىدا جامال پاشا موسكۋاغا كېلىپ، سوۋېت رۇسىيە ھۆكۈمىتىگە بىر پارچە مەخپىي تەكلىپ سۇنىدۇ. جامال پاشا سۇنغان بۇ پىلانى بويىچە ئافغانىستانغا بېرىپ ئەنگلىيىلىكلەرگە قارشى بىر تەشكىلات قۇرۇپ ھىندىستاندا قوزغىلاڭ كۆتەرمەكچى ئىدى. بۇ مەقسەت ئۈچۈن كېرەكلىك كۈچلەر جامال پاشا رەھبەرلىكى ئاستىدىكى ئوسمانلىلار ئوفىسسېرلىرىدىن، تۈركىستان تەۋەسىدىكى ئۇرۇسلارغا قارشى جەڭ قىلىۋاتقان باسمىچىلاردىن، ئافغانىستاندا پاشا (ئوسمانلىلاردا گېنېرال ــ ئۇ.ت) تەشكىللەپ چىقىدىغان ھىندى ئىنقىلابچىلىرىدىن، ئافغانىستان ـ ھىندىستان چېگرالىرىدىكى مۇستەقىل پەشتۇ قەبىلىلىرىدىن ۋە ئەگەر مۇمكىن بولغىنىدا ئافغانىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاستە قاتنىششىدىن تەشكىل تاپىدىغان بولاتتى. بۇ پائالىيەتكە ئىتتىھادىي ئىسلام، يەنى ئىسلام ئىتتىپاقى پىكرى يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ تاللىۋېلىنماقچى ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە لازىم تېپىلغان يەرلەردە "جاھانگىرلىككە قارشى سوتسيالىزم" ئىدىيىسىنىمۇ ئىشقا سېلىشقا بولاتتى. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت، ھىندىستان باشچىلىقىدا بارلىق شەرق ئەللەر خەلقلىرىنى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىش ئىدى. ئافغانىستان ئەمىرى ئامانۇللانىڭ ئەنگلىيىلىكلەرگە قارشى كۈرەش قىلىۋاتقانلىقى بۇ لايىھە ئۈچۈن مۇۋاپىق بىر مۇھىت يارىتىپ بەرمەكتە ئىدى.

موسكۋا دائىرىلىرى، ئاساسەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتى يوق بۇ تەكلىپ لايىھىسىنى شۇنچە پايدىسىز شەرتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىغا قارىماي قوبۇل قىلىشىدۇ. ناۋادا ئىسلام ھەمكارلىقى ھەقىقەتەنمۇ تەسىر كۆرسىتەلىگىدەك قىلسا، شۇنىڭدەك يەنە ئافغانىستاننى مەركەز قىلغان ھالدىكى بۇ ھەرىكەت مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلىگىدەك قىلغىنىدا، رۇسسىيىلىكلەر بىر چالمىدا بىر نەچچە قۇش ئۇرىۋالغان بولاتتى. يەنى، بىرىنچى بولۇپ ئەنگلىيىنىڭ بېشىغا بىر مۇنچە بالا تېپىپ بەرگەن بولاتتى. بۇ ھەرىكەتكە ئافغانىستان بىۋاستە قاتنىشىپ قالغىدەك بولسا، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن تاشقى جەھەتتىكى ياردەمگە مۇھتاج بولۇپ قالىدىغانلىقى مۇقەررەر ئىدى. شۇنداق بىر ۋەزىيەت شەكىللەنگىنىدە، بۇنداق ياردەمنى پەقەت سوۋېت رۇسىيىسىدىنلا تەلەپ قىلالىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنداق بىر ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشى ئافغانىستاننىڭ سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ئاخىرىدا يەنە، تۈركىستاندا رۇسىيىلىكلەرنى قاتتىق ئاۋارىچىلىققا سېلىپ كېلىۋاتقان باسمىچىلار ھەرىكىتىنىڭ نىشانىنى ئەنگلىيىگە

قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى تەرەپكە بۇرۇۋېتىشكە بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ خېلىلا ئارام تېپىپ قالغان بولاتتى. بۇنداق بىر ئەھۋال قىسمەنلىكتە ئىشقا ئاشۇرۇلغىنىدىمۇ باسمىچىلىق ھەرىكەتلىرى زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كېتىدىغانلىقى چوقۇم ئىدى. بۇ پىلان زادىلا ئەمەلگە ئاشماي قالغاندىمۇ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بۇ ئىشقا بىۋاستە ئارىلىشىپ قالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا بىرەر زىيىنىمۇ تەگمەيدىغان بىر ئىش بولاتتى.

جامال پاشا، رۇسلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئافغانىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنىدىغانلىقى ھەققىدە كاپالەت ئېلىۋالغان ئىدى. ئافغانىستان ئەمىرى ئامانۇللا ئەنگلىيىلىكلەرگە قارشى يۈرگۈزگەن كۈرىشىدىن كېيىن دۆلىتىگە قارىتا يۈرگۈزىلىۋاتقان سۇيىقەست ھەرىكەتلىرىدىن قۇتۇلۇۋالغان بولۇپ، مۇستەقىل دىپلوماتىيىلىك مۇناسىۋەتلەر تىكلەش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۆز تەلەپلىرىنى ئەنگلىيىلىكلەرگە قوبۇل قىلدۇرىۋالدى. ئامانۇللامۇ شۇ سەۋەپتىن ئەنگلىيىلىكلەر ياخشى كۆرمەيدىغان بىر ھۆكمىران دەپ تونۇلغان ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن ئىسلام خەلىپىسىنىڭ شەھرى بولغان ئىستانبۇلنىڭ ئەنگلىيىلىكلەر يېتەكچىلىكىدىكى چەتئەل كۈچلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىشى ئىسلام دۇنياسىدا كۈچلۈك داۋالغۇشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولغان ئىدى. داڭلىق مەۋلەۋى مەھەممەدئەلى رەئىسلىكىدىكى خىلافەت جەمىيىتى (پەيغەمبەر ۋەكىلى جەمىيىتى، خەلىپىلىك جەمىيىتى — ئۇ.ت)، "ھوقۇقىي ئوسمانىيە (ئوسمانىلار ھوقۇقى) كامىلەن (پۈتۈنلەي) مەھفۇز (بىخەتەر) ھالەتكە كەلگىچە ھىندى مۇسۇلمانلىرى جىھاد قىلىش كۈرىشىنى توختاتماي داۋاملاشتۇرۇشى لازىم، بۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان ھىندىلار مۇسۇلمان بولغان باشقا بىر دۆلەتكە ھىجرەت (كۆچۈپ بېرىشقا — ئۇ.ت) قىلىشقا مەجبۇر" دەيدىغان بىر پەتىۋا چىقىرىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە يۈزمىڭدىن ئارتۇق ھىندى مۇسۇلمانلىرى ئافغانىستان تەۋەسىگە كىرىۋالغان ئىدى. رۇسىيىلىكلەر بۇ ھىندى ئىنقىلاپچىلىرىنى تەشكىللەپ چىقىش ئۈچۈن كابۇلغا ئەۋەتكەن باشئەلچىخانا ئۆمۈكىدىكىلەر بىلەن بىرگە قوشۇپ ھىندى كوممۇنىست رەھبەرلىرىدىن بىر كىشىنىمۇ كابۇلغا ئەۋەتكەن ئىدى. ئەمما ئافغانىستان ھۆكۈمىتى ئۇرۇسلارنىڭ بۇ مەقسەت ئۈچۈن پائالىيەت قىلىشىغا يول قويماي، ئۇ ھىندى يېتەكچىسىنى ئۆز گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن قوشۇپ چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. يۇز بەرگەن بۇ ۋەقەلەرگە قارىماي، جامال پاشا رۇسىيىلىكلەرگە رۇخسەت قىلىنمىغىنى بىلەن چوقۇم ماڭا رۇخسەت قىلىدۇ دەپ ئىشىنىپ، ئافغانىستاندىكى ھىندى مۇسۇلمانلىرىنى تەشكىللەپ ئەنگلىيىگە قارشى سەپ ئۇيۇشتۇرالايمەن دېگىنىدە چىڭ تۇرماقتا ئىدى.

جامال پاشا، 1920-يىلىنىڭ ئاۋغۇست ئېيى ئوتتۇرلىرىدا تاشكەنتكە كېلىپ، ئۇ يەردە تۈركىستان تەۋەسىدىكى ھەربى قۇماندان فرۇنزې تەرىپىدىن ھەربىي مۇراسىم

بىلەن كۆتۈرۈلىدۇ. پاشانى كۆتۈرۈلۈشقا چىققانلار ئىچىدە تاشكەنتتىكى مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئون كىشى ۋە سىبىرىيىدىكى ئۇرۇش ئەسىر لاگىرلىرىدىن يېقىندىلا كەلگەن 70 كىشى بولۇپ جەمئىي 80 نەپەر تۈركىيىلىك ئوفىتسېرمۇ بار ئىدى. جامال پاشا تاشكەنتكە كېلىپ تۇرغان ئىككى يېرىم ئاي ۋاقىت جەريانىدا تۈركىستانلىق جەدىتچىلەر بىلەن، ئۇ يەردىكى ئىتتىھات ـ تەرەققىي جەمىيىتىنىڭ ئەزالىرى ۋە بۇ تەرەپلەردىكى ئۇرۇش ئەسىرى بولغان تۈركىيە ئوفىتسېرلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ چىقىدۇ. بۇ جەرياندا ئافغانىستانغا بىرلىكتە ئېلىپ كېتىش مەقسىتىدە ھەر تۈرلۈك ھەربى ساھەلىرى بويىچە بىلىمى بار تۈركىيىلىك ئوفىتسېرلاردىن 15 نەپەر كىشىنى تاللىۋالىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە خىۋەدە يېڭىدىن قۇرۇلغان خارەزم خەلق جۇمھۇرىيىتىدە ھەربىي، مەمورىي ۋە تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرى ساھەلىرىدە ئىشلەيدىغانغا يەنە 15 نەپەر تۈركىيىلىك ئوفىتسېر ئىۋەرتىش ھەققىدە ئۇرۇسلارنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىۋالىدۇ. جامال پاشا، ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئافغانىستان سەپىرى ئۈچۈن بارلىق تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ، يېنىغا 14 نەپەر تۈركىيىلىك ئوفىتسېر، 9 نەپەر تۈركىستانلىق ئەسكەر ۋە ھىندى ئىنقىلاپچىلىرىدىن مەۋلەۋى بەرەكەتۇللاھ ئەپەندى قاتارلىقلارنى ئېلىپ يولغا چىقىدۇ.

جامال پاشا تاشكەنتتىن ئايرىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇخارادا ئەمىرلىك ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ياش بۇخارالىقلار تەرىپىدىن بىر خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، خارەزم خەلق جۇمھۇرىيىتىگە ئىۋەرتىلىش ئۈچۈن تاللانغان ئوفىتسېرلاردىن 9 نەپىرى بۇخاراغا، قالغان 6 نەپىرى خارەزمگە ماڭغۇزۇلىدۇ. ئۇلاردىن ئېشىپ قالغان ئوفىتسېرلارنىڭ بىر قىسمى تاشكەنتتە قالدۇرۇلۇپ، يەنە بىر قانچىسى پەرغانە رايونىغا، يەنە بىر قانچىسى باكۇغا ئىۋەرتىلگەن ئىدى. ئەنە شۇ ئوفىتسېرلاردىن بىرسى بولغان راجى چاقىرئۆز، كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىدە جامال پاشا بىلەن كۆرۈشۈشلەردە ئۇنىڭ ئىككى يوللۇق بىر پىلان تۈزگەنلىكى ھەققىدە توختۇلىدۇ:

جامال پاشا، ئافغانىستان ئارمىيىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، ھىندىستاندا ئەنگلىيە چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش سېپى تەشكىللەش مەقسىتىدە ئافغانىستانغا قاراپ يولغا چىققان ئىدى. بۇ پىلان، موسكۋا تەرەپنى بەكلا خوش قىلىدىغان ۋە ئۇلار تەرىپىدىن قوللاپ قۇۋۋەتلەشكە ئېرىشكەن بىر پىلان ئىدى. ئەمما ئۇرۇسلار بىلمەيدىغان ئىككىنچى باسقۇچلۇق بىر پىلانمۇ بار بولۇپ، ئۇ پىلان بويىچە جامال پاشا ھىندىستاندا قوزغايدىغان ھەرىكەتلەر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىدەك قىلغىنىدا، بۇ قوزغىلاڭنى جامال پاشا شىمالىي تەرەپلەرگە، يەنى تۈركىستان تەرەپلەرگە كېڭەيتىش، شۇنداق قىلىپ تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، بولۇپمۇ

پەرغانە ۋادىسىدا سوۋېتلەر ھاكىمىيىتىگە قارشى قانات يېيىۋاتقان باسمىچىلىق نامىدىكى قوراللىق مۇستەقىللىق كۈرىشىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىشنى مەقسەت قىلماقتا ئىدى. ...

جامال پاشا، ئۆزىنىڭ موسكۋا دائىرىلىرىدىن مەخپىي تۇتۇپ كەلگەن ئىككىنچى باسقۇچلۇق پىلانىنى نۆۋەتتە كەلگىنىدە ئىشقا ئاشۇرۇش مەقسىتىدە بۇخارا ئەمىرلىكى، پەرغانە رايونى ۋە خىۋە تەۋەلىرىگە تۈركىيىلىك ئوفىتسېرلارنى ئەۋەتىپ يەرلەشتۈرۈش كېرەكلىكىنى ھېس قىلغان ئىدى. شۇ سەۋەپتىن ئارىمىزدىن ئۇ جايلارغا ئەۋەتىلىدىغان كىشىلەرنى تاللاپ چىققان ئىدۇق.

بۇ خىل ئادەم تاللاشتا، ھەرقايسى رايونلارغا ئەۋەتىلىدىغان تۈركىيىلىك ئوفىتسېرلارنى ئىمكان بار ئارمىيىنىڭ ھەرقايسى بۆلۈملىرىدىن (زەمبىرەكچىلەر، ئىستىھكامچىلار قاتارلىق) تاللىنىشىغا دىققەت قىلاتتۇق. شۇنداق قىلىپ ھەر بىر گۇرۇپ تۈركىيىلىك ئوفىتسېرلار ئۆز تەۋەسىدە ئارمىيە قىسىملىرىنى تەشكىللىيەلىگىدەك ئىقتىدارىغا ئېرىشەلىگەن بولاتتى (بۇ ئوفىتسېرلەردىن بۇخاراغا ئەۋەتىلگەنلەردىن مىڭبېشى — شىياۋشياۋ، مايور، — ئوسمان ئەپەندى — خارپۇتلۇق — مەسئۇللىقىدا يۈزبېشى — كاپىتان، شياگۋېي — ئىمىن ئەپەندى، ئۇستەغمەن — جوگۋېي — نافى — ماناستىرلىق — ، زاپاس ئوفىتسېر مەھمەت ئاياشلى، زاپاس ئوفىتسېر خەلىل — بارتىنلىق — ، مىلتىقچى ئارىپ ۋە سەئىت جامال — مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى — قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىل تاپقىنىغا ئوخشاش. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

جامال پاشا (پاشا — ئوسمانلار دەۋرىدە گېنېرال ئۇنۋانىنى كۆرسىتىدۇ. — ئۇ.ت.) كابۇلغا بارغىنىدا بىر مەزگىل ئافغانىستان ھۆكۈمىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغاندىن كېيىن تۈركىيىگە قايتىپ كىتىۋاتقان زىيا، رىفات دېگەن ئىككى تۈركىيىلىك ئوفىسسېر بىلەن ئۇچۇرىشىدۇ. جامال پاشا بۇ ئوفىتسېرلاردىن مۇستاپا كامال پاشاغا بىر پارچە خەت يېزىپ ئەۋەتىدۇ. جامال پاشا بۇ خېتىدا، ئافغانىستان ئەمىرى مۇنتىزىم بىر ئارمىيە تەشكىللەۋېلىشى ئۈچۈن مۇستاپا كامال پاشادىن ياردەم سوراپ، بۇ ئىشقا كېرەكلىك ئوفىتسېرلاردىن ئەۋەتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغانلىقى بايان قىلىنغانىكەن.

مۇستاپا كامال پاشا قانات يايدۇرۇۋاتقان مۇشەققەتلىك كۈرەش جەريانىدا دۇچ كېلىۋاتقان ئېغىر قىيىنچىلىقلىرىغا قارىماي بۇ ئىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، دۆلەت مۇداپىيە رەئىسى فەۋزى پاشاغا ئافغانىستان ئارمىيىسىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن بىر ئوفىتسېرلار ھەيئىتى تەشكىللەپ چىقىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان.

ئاتاتۈرك ئۆز قولى بىلەن يازغان بۇ بويرۇقتا، بۇ ئۆمەك ئەنگلىيىلىكلەرنى يىراق يەرلەردە ئاۋارە قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش ۋاستىسى ئارقىلىق ئانادولۇغا كېلىۋاتقان بېسىملارنى ئازايتىشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. شۇنىڭدەك يەنە، ئافغانىستانغا ئەۋەرتىلىدىغان ئوفىتسېرلار ئافغانىستان ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىدە بولىۋاتقان مەزگىللەردە ئەمەلىنى ئۆستۈرۈش ۋە مائاش بەلگىلەش ئىشلىرىنى تۈركىيە ئارمىيىسى شتاتى بويىچە ھەل قىلىنىشى كېرەك دەپ بويرۇق بېرىدۇ (ئاتاتۈركنىڭ 1920 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىسىدىكى ئۆز قەلىمى بىلەن فەۋزى پاشاغا يېزىپ ئەۋەرتكەن بۇ ھۆججەت، ئازاتلىق ئۇرۇشى جەريانىدا بۇ ئۇلۇغ داھىنىڭ ئافغانىستان ۋە تۈركىستان رايونلىرىدىكى ۋەزىيەتكە ھەمدە تۈرك ۋە ئىسلام دۇنياسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ۋەزىيەتلەرگە قانداق قارايدىغانلىقىدىن خەۋەردار بولۇشىمىز نوقتىسىدىن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ماتېرىيال. بۇ ھۆججەتنىڭ مەزمونىدىن قارىغاندا، ئاتاتۈرك، جامال پاشانىڭ بۇ رايونلاردا قانات يايدۇرىۋاتقان پائالىيەتلىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن، تۈركىيىلىك ئوفىتسېرلار تەرىپىدىن يېتىشتۈرىلىدىغان قۇراللىق كۈچلەرنىڭ ئۇ رايوندىكى كۈچ تەڭپۇڭلۇقىغا تەسىر كۆرسىتىپ، تۈركلۈك ۋە تۈركىيە پايدىسى ئۈچۈن پايدىلىق ئىمكانىيەتلەر يارىتىشقا بولىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقان. ئۇ خەتنىڭ ئەسلى نۇسخىسى مۇنداق ئىدى: ”مۇدافا ۋە مالىيەمىز ئىجاباتى ئىلە قابىلى تەلىف بولغان تەغدىردە ئافغان ئارمىيىسىنى تەنسىق قىلىش ئۈچۈن بىر ھەيئەتى زابىتانىڭ ئىزامىنى ئەھەم ۋە ئەلزەم كۆرمەكتىمەن. جەمال پاشانىڭ مەربۇت مەكتۇبىدا زىكرەتىلگەن ۋەچھىدە، بۇنىڭ ئىستىقبالدە ئانادولۇ ئۈستىگە چۈشكەن بارى ساقىلى تاھفىفقا يارىغىدەك نۇكۇئاتى ئاتىيەگە رىيايەت قىلىنغان تەغدىردە ئاسيايى ۋۇستادا ئەمرىمىزگە ئامادە قۇۋۋەتلىك بىر ئارمىيەگە مالىك بولالىشىمىز خۇسۇسۇ ئالاھىدە تەمىن قىلىنغان ۋە شۇنداق قىلىپ ھەر ئىجابەت قىلغان ۋاقىتتا ئاناۋەتەنى گاۋائىلى ئۇرۇشتىن سىيانەت ئۈچۈن ئېنگىلىزلەرنى تېخمۇ يىراقلاردا ئىشغال قىلىش ئۈچۈن بىر ۋاستە قولغا كەلتۈرگەن بولىمىز. فىكرى ئاجىزانەمەگە قارىغاندا بۇ ھەيئەتى تەشكىل قىلىدىغان زابىتانىڭ ئىنتىخابىندا ۋە ئۆزلىرىگە بېرىلىدىغان تەلىماتتا زىردەكى نۇقۇئات نازارى دىققەتكە ئېلىنىشى لازىم. ئەۋۋەلەن: بۇ ھەيئەتنىڭ بىدايەتتە قەتئىيەن سىياسەت بىلەن ئىشتىغال قىلماستىن پەقەت ۋەزىفەئىي ئەسكەرىيەسىنى ئىفا ۋە ئۆزىنى مەيلى ئافغان ۋە مەيلى تۈركىستان ۋە بۇخارا ئاھالى ۋە ئەسكەرلەرىگە فەۋقۇلئاددە سۆيۈندۈرىشى؛ سانىيەن: بارىدىغان زابىتانىڭ زاھىرەن ئافغان ھۆكۈمىتىنىڭ ئادەملىرى بولغاندەك كۆرۈنۈش بىلەن بەرابەر دائىما ۋە ھەر خالۇكارادا تۈركىيە ھۆكۈمەتىنىڭ بىلجۈملە ئەۋامىرىگەتەۋە بولىدىغان ئەخلاق ۋە مەتانەتتە ئىنتىخاپ قىلىنىشى ۋە بۇنى بىر دەرەجەگىچە تەمىن زىمنىدا ئافغانىستان خىزمەتىدە بولىۋاتقان مۇددەتتە ئۆستۈرۈلۈش ۋە باشقا خۇسۇساتتا تۈركىيە ئارمىيىسى شتاتىغا تەۋە قىلىنىشى؛

سالىسەن: ئىشبۇ ھەيئەت ئىلە سىملىق ۋەيا سىمسىز تەلگراق مۇھابەراتىنىڭ قوروللۇشىغا تىرىشىشى؛ رابىئەن: ئافغانىستان مۇدىرانىئى ئۇمۇرۇ سىرتىدا ھىلىلىلەر سايەسىدە ئىسلامىيەت ۋە تۈركلۈكنىڭ مەنافىئىغا مۇغەيىر بىر سۈرەتتە ھەرىكەتلەرىگە توسقۇن بولالىغىدەك ۋە ئىسلام ۋە تۈرك مەنافىئىسگە خادىم بىر ئافغان ھىزبى مەۋقىئى ئىقتىدارغا كەلتۈرەلىگىدەك دەرىجىدە قاۋى بىر ئورۇن ئىگەللەش؛" ئاتاتۈركنىڭ مىللىي تاشقى سىياستى. 1-توم، 218~219، ھۆججەت نومۇرى: 36. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

جامال پاشا ئافغانىستانغا كىلە-كەلمەيلا ئەمىر ئامانۇللا بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ پىلانىنى پۈتۈن تەپسىلاتى بىلەن ئۇنىڭغا سۇنىدۇ. بۇ كۆرۈشۈش جەريانىدا، ئەمىر ئامانۇللا ئافغانىستان بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرسىدا ئىمزالانغان، ئەمما تېخى تەستىقلانمىغان كېلىشىمنامە بىلەن ئەنگلىيىلىكلەر بىلەن تۈزگەن كېلىشىم ئارگىنالىنى جامال پاشانىڭ ئالدىغا قويۇپ ئۇنى بىرلىكتە باھالاپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمىر شۇ ئارقىلىق بەلكىم جامال پاشانىڭ ئىشەنچىسگە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەقتىكى مۇزاكىرىلەردىن كېيىن، ئەمىر ئامانۇللا ھىندىستاندىكى ئەنگلىيە ھۆكمۈرانلىقىغا قارشى ئافغانىستاندا تۇرىۋاتقان ھىندى ئىنقىلاپچىلىرىنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە ھەربىي تەلىم-تەربىيە بىلەن شوغۇللىنىشىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئافغانىستان ھۆكۈمىتى بۇ تۈردىكى پائالىيەتلەرگە يار-يۆلەك بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ھىساۋىغا ئافغان ئەمىرى يۈز مىڭ كىشىلىك ئافغان ئارمىيىسىنى تەشكىللەپ قۇراللاندۇرۇپ چىقماقچى بولىۋاتقانلىقىنى ۋە ئەنگلىيىلىكلەر ئىشقا سېلىشى ئېھتىمال بولغان بىرەر ئىقتىسادىي چەكلىمىگە (ئامبارگو، ئېمبارگو — ئۇ.ت) تاقابىل تۇرالىشى ئۇچۇن ھەر يىلى 20 مىليون رۇبلى قىممىتىدە ماددىي ياردەم بېرىلىشىنى تەلەپ قىلماقتا ئىدى. جامال پاشا، ئورتاق كېلىشىمگە كەلگەن نوقتىلاردىن خەۋەردار قىلىش، بۇلارنى تەستىقلاتقۇزۇش ئۇچۇن بەدىرى ئەپەندىنى موسكۋاغا ئەۋەرتىدۇ. بەدرى ئەپەندى قاراخان، چىچەرىن ۋە ستالىنلار بىلەن كۆرۈشۈپ جامال پاشانىڭ ئەۋەتكەن دوكلاتىنى ئۇلارغا سۇنۇش بىلەن بىرگە ئۇلارغا بۇ ھەقتە مەلۇمات بېرىدۇ. شۆبھىسىزكى، موسكۋا دائىرىلىرى ئۆز چېگراسىنىڭ يېنىدا، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزلىرىگە قارشى ئىشقا سېلىنىشى ئېھتىمال بولغان زور بىر قۇراللىق كۈچنى ئۆز قوللىرى بىلەن قۇرۇپ بەرگىدەك سادىدا كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، سوۋېت رەھبەرلىرى بۇ تەكلىپنى مۇنداقلا ئاڭلاپ قويۇش بىلەن چەكلىنىپ، جامال پاشانىڭ بۇ لايىھىسىنى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇشىدۇ. بىر مەزگىل ساقلاپ باققان جامال پاشا، سوۋېت رۇسىيىسىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ قۇرال ياردىمى تەلەپ قىلىش ئۇچۇن گېرمانىيىدىن ئۈمىد كۈتۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

بۇ ئارىدا، جامال پاشا بىلەن يېقىندىكى ئوسمانلار ئوفىتسېرلىرى ئافغان ئارمىيىسىنى رەتكە سېلىش ۋە ھەربى تەلىم-تەربىيە بېرىش جەھەتتىكى پائالىيەتلىرىنى باشلىۋەتتىدۇ. ھەر بىرسىگە بىرەردىن تۈركىيىلىك كوماندىرى قويۇلغان نەمۇنە روتىلارنى قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ ئوفىتسېرلار يەنە ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ھىندى ئىنقىلاپچىلىرىغىمۇ ھەربىي تەلىم-تەربىيە بەرمەكتە ئىدى. جامال پاشا، باسمىچىلار يېتەكچىسى شىر مۇھەممەتبەگنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن ئافغان ھۆكۈمىتى خانئاباد شەھىرىدە ئېچىپ بەرگەن قۇربېشىلار مەكتىۋىگىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ياردەملىشىش ئۈچۈن ئۇ يەرگىمۇ تۈركىيىلىك ئوفىتسېرلارنى ئەۋەتكەن ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، جامال پاشا پەرغانە بىلەن پامىر رايونلىرىدىكى ئۇرۇسلارغا قارشى جەڭ قىلىۋاتقان باسمىچىلارنى ئەنگىلىيىلىكلەرگە قارشى پايدىلىنىش ئۈچۈن ھىندىستان تەرەپكە قاراپ يۆزلەندۈرۈش ئارزۇسىدا ئىدى. شۇڭا ئوفىتسېرلىرىدىن راغىپ ئەپەندىنى ھەمدە تۈركىستانلىق قارى كاملىنى باسمىچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ كېلىش ئۈچۈن تاشكەنتكە يولغا سالىدۇ. بۇ ئۇمەكنىڭ جامال پاشا نامىدا ئېلىپ بارغان "قۇراللىقلارنى ھەمدە تەشكىلاتلىقلارنى ساقلاپ قېلىش شەرتى بىلەن ئۇرۇسلار بىلەن سۈلھى قىلىڭلار" دېگەن تەكلىۋى باسمىچىلار ئارىسىدا كۈچلۈك نارازىلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ. باسمىچىلىق ھەرىكىتىنى سىياسىي ئاساسقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيا مىللىي ئاۋام ئىنقىلاۋىي جەمىيەتلەر ئىتتىپاقى مەركەزى كومىتېتى، جامال پاشاغا بىر پارچە خەت ئەۋەرتىپ ئۇنىڭ "بۇ رايوندا ئىشقا سېلىۋاتقان سىياسىتىنىڭ تۈركىستاننىڭ كېلەچىكىنى ۋەيران قىلغۇچى، ئىسلام دۇنياسىنى پارچىلىماقچى بولغان كۈچلەرگە خىزمەت قىلماقچى بولىۋاتقانلىقى" ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

جامال پاشانىڭ سوۋېت رۇسىيىسىدىن كۈتكەن ئۈمىدلىرى يوققا چىقىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ گېرمانىيىدىن ئۈمىد قىلىپ، ئەنۋەر پاشانىڭ گېرمانىيە ھەربىي قۇماندانلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدىن پايدىلىنىش ئارزۇسىدا ئىدى. ئۇنىڭ 1921-يىلى 4-ئاينىڭ 29-كۈنىسى كابىلدا تۇرۇپ ئەنۋەر پاشاغا يازغان خېتى مۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەرمەكتە (يامائۇچى، «رەنجىگەن ئادەم — ئەنۋەر پاشا»، 197-بەت. — ئا.ھ. ئىزاھاتى). بۇ مەكتۇپتا كۆرسىتىلىشىچە، ئافغانىستان ئەمىرى قۇرال ياردىمى ئېلىش ئۈچۈن 400 مىڭ ئەنگىلىيە ئالتۇنى ئايرىغان بولۇپ، بەدرى ئەپەندىنى بۇ ھەقتىكى سۆھبەت ئىشىغا مەسئۇل قىلغان ئىدى. ئەگەر بۇ ئىش ئەمەلگە ئېشىپ قالغىدەك بولسا، ئافغانىستاننىڭ رۇسىيىگە ياكى ئەنگىلىيىگە مۇھتاج بولۇپ قالمايدىغانلىقى ئېنىق ئوتتۇرغا چىققان بولاتتى. بۇ مەقسەتتە ئەنۋەر پاشانىڭ گېرمانىيىدىكى تونۇشلىرىدىن گېنېرال فون سېكت بىلەن گېنېرال كرېستىن پايدىلانماقچى بولىدۇ.

ئەپسۇسكى، ۋېرساي شەرتنامىسى تۈپەيلىدىن نېمىسلارمۇ قۇرال بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە ئۆز بېشىغا ھەرىكەت قىلالىغىدەك ئىمكانىيەتلىرى يوق ئىدى. قۇرال بىلەن تەمىنلەش ئىشى ئەمەلگە ئاشقان تەقدىردىمۇ نېمىسلاردىن ئالغان قۇرالنى سوۋېت رۇسىيە تۇپرىقى ئارقىلىق ئافغانىستانغا توشۇپ كېلىشتىن باشقا يولمۇ يوق ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە موسكۋانىڭ تەستىقىنى ئېلىشقا توغرا كېلەتتى. ئەسلىدە، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىشلار بولۇپ، بۇ ئىشلارنىڭ ھېچبىرسى ئوڭۇشلۇق بولمىدى.

بۇ ئارىدا، يەنى 1921-يىلى 2-ئاينىڭ 28-كۈنىسى سوۋېت-ئافغانىستان شەرتنامىسى ئىمزالىنىدۇ. ئىمزالانغان بۇ شەرتنامىغا ئاساسەن، غەزنە بىلەن قەندىھار شەھەرلىرىدە رۇسىيە كونسۇلخانىسى ئېچىلىدىغان (5-ماددا)، بۇخارا بىلەن خىۋە جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش ھوقۇقلىرى قوغدىلىدىغان (8-ماددا)، ئۆتكەن ئەسىردە ئافغانىستاندىن تارتىپ ئېلىنغان بەزى يەرلەر ئافغانىستانغا قايتۇرۇلۇپ بېرىلىدىغان ۋە رۇسىيە ھۆكۈمىتى ئافغانىستانغا ئىقتىسادى ياردەم بېرىدىغان بولىدۇ. ئەمما بۇ شەرتنامىنىڭ بەزى ماددىلىرىغا دائىر ئىشلارنى ئىجرا قىلىشتا ھەر ئىككى تەرەپنىڭمۇ بىرقىسىم قىيىنچىلىقلىرى بار ئىدى. ئافغانىستان تەرەپ كونسۇلخانىلارنىڭ ئېچىلىشى مەسىلىسىدە، سوۋېت تەرەپ بولسا چېگرا رايونلىرىنىڭ قايتۇرۇلۇپ بېرىلىشى مەسىلىسىدە بەك قىزغىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، تۈركىيىلىك كومۇنىست مۇستاپا سۇپھى تەرىپىدىن يېتىشتۈرۈلۈپ ھىندىستانغا قارشى پائالىيەت قىلىش مەقسىتىدە ئافغانىستانغا ئەۋەرتىلگەن سوۋېت تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ ئافغانىستان خەلقى ئارىسىدا تەشۋىقات بىلەن شوغۇللىنىشلىرى ئافغان ھۆكۈمدارلىرىنى بەكلا ئەنسىرىتىپ كەلمەكتە ئىدى. نەتىجىدە، ئافغانىستان ھاكىمىيىتى ئابدۇرراب رەئىسلىكىدىكى بۇ تەشۋىقاتچىلار گۇرۇپپىسىنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

شەكىللەنگەن بۇنداق بىر ۋەزىيەت، ئافغانىستان دائىرىلىرىنى ئەنگلىيە تەرەپكە يېقىنلاشتۇرۇشقا يۈزلەندۈرمەكتە ئىدى. بولۇپمۇ تاشقى ئىشلار ۋەزىرى مەخمۇت تارزى بىلەن ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى شۇجائۇددەۋلە ئىككىسى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشقا قارشى چىقىپ، ئەنگلىيە بىلەن كېلىشىم تۈزۈش كېرەكلىكى ھەققىدە پىلان قىلىۋاتماقتا ئىدى. ھەتتا بۇ مەسىلە ئۈستىدە جامال پاشا بىلەن مەخمۇت تارزى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق بىر مۇنازىرىمۇ بولۇپ ئۆتىدۇ. پاشا، تارزىغا "يولغا قويۇۋاتقان سىياسىتىڭىز پۈتۈنلەي خاتا بىر سىياسەت، رۇسىيە بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىڭىزنى ئۈزۈپ ئەنگلىيە بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشىڭىز مۇستاپا كامال پاشا، ئەنۋەر پاشا ۋە باشقا ئىسلام مۇجاھىدلىرىغا قارشى چىققانلىق ھېساپلىنىدۇ، بۇنىڭ ئاقىۋىتى ئىسلام دۇنياسىغا خائىنلىق قىلغانلىق بولىدۇ" دەپ جېكىلەيدۇ. جامال پاشانىڭ بۇ دېگەنلىرىگە قارىتا ئافغانىستان تاشقى ئىشلار ۋەزىرى

مەخمۇتخان تاررزى (مەخمۇت تاررزى، ئابدۇراخمانخان ئەمرلىك قىلغان ۋاقتلىرىدا، يەنى 1881~1901-يىللىرى، يېڭىلىقچى ئىدىيىسى سەۋىبىدىن ئافغانىستاندىن قېچىپ ئوسمانلار دۆلىتىگە پانالىق تىلەپ بېرىپ، كېيىن شامغا ئورۇنلىشىپ شۇ يەردىن ئۆيلەنگەن بىر سىياسەتچىدۇر. 1901-يىلىسى ھەبىبۇللاخان ئەمىر بولغىنىدىن كېيىن ئافغانىستانغا قايتىپ كېلىپ يېڭى ئەمىرنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان ئىدى. بۇ جەرياندا قىزى سۈرەييانى ئەمىرنىڭ نىكاھىغا بېرىپ ئۇنىڭ قېينى ئاتىسى بولغان ئىدى. تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، مائارىپ مىنىستىرلىكى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. 1928-يىلى بەچچەئىي ساقا قوزغىلىڭى ۋاقتىدا قايتىدىن ئافغانىستاندىن ئايرىلىپ تۈركىيىگە پانالىق تىلەپ بېرىۋالغان ئىدى. — ئا.ھ. ئىزاھاتى) نىڭ سۆزلىرى بەكلا ئېنىق ئىدى:

بىز ئالدى بىلەن ئافغانىستان مەنپەتىنى كۆزدە تۇتۇشقا مەجبۇرمىز. رۇسىيىنىڭ مۇسۇلمانلارغا سىلىۋاتقان زۇلۇملىرى ھەممىگە مەلۇم. شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ ئۇلار بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشىمىز بىزگە زىيانلىق بىر ئىش دەپ قارايمىز. ئەمما سىزمۇ ئانادولۇنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇلارغا خىزمەت قىلماقچى، شۇ ئارقىلىق بىزنىمۇ شۇ سىياسەت تەرىپىدە تۇرۇشقا مەجبۇرلىماقچى بولىۋاتىسىز. بىزنىڭ مۆلچەرلىشىمىزچە تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشى تۈگىدى. ئانادولۇنىڭ ھېچقانداق تەرتىپى، قىممىتى قالمىدى. بىز ئانادولۇ ئۈچۈن ئۆزىمىزنى خەتەرگە ئاتالمايمىز. شۇنىڭدەك سىزگىمۇ شۇنى مەسلىھەت قىلىمەنكى، شۇ رۇسىيىلىكلەرنى ئۆز ھالىغا تاشلاپ، ئەنگلىيىلىكلەر بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت تىكلەشكە تىرىشىڭ. شۇنداق بولغاندا سىزمۇ قۇتۇلۇپ قالالايسىز، گەپ تامام.

بۇنداق بىر ئەھۋالدا، ئەگەر ئافغانىستانغا رۇسىيىنىڭ ياردىمىنى كەلتۈرەلمىگىنىدە ئەنگلىيە-ئافغانىستان تەڭ-باراۋەرلىك كېلىشىمىنىڭ ئىمزالىنىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن جامال پاشا، سوۋېت رەھبەرلىرى بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈش ۋە ئۇلارنى قايىل قىلىش مەقسىتىدە موسكۋاغا بېرىش قارارىغا كېلىدۇ. ئەگەر لازىم بولغىنىدا گېرمانىيىگە بېرىپ قۇرال ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۆزى بىۋاستە تىرىشىپ باقماقچى بولىدۇ. ئەنۋەر پاشا بۇخاراغا كەلگەن 1921-يىلى ئۆكتەبىر ئېيىدا، جامال پاشا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن تاشكەنت ئارقىلىق موسكۋاغا بېرىش يولىنى تاللىغان ئىدى. ئەمما رۇسىيىلىكلەر ئىككى ئىتتىھاتچى داھىنىڭ ئۇچرىشىشىغا يول قويۇشمايدۇ. جامال پاشا، موسكۋاغا، ئۇ يەردىن ياۋرۇپاغا ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىز قېلىپ قۇرۇق قول قايتىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ جەرياندا مۇستاپا كامال پاشا بىلەن بولغان ئالاقىسىمۇ ئۈزۈلۈپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

ئەسلىدە ئەنقەرە رەھبەرلىكى جامال پاشاغا، سەل ئىلگىرىسىگىچە ئەنۋەر پاشا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ ئافغانىستاندىكى پائالىيەتلەرنى رەتكە سېلىۋالالىسا ئۇنىڭغا ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان ئىدى. مۇستاپا كامال پاشا موسكۋادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئەلى فۇئات پاشاغا ئەۋەتكەن شىفىرلىق تېلېگراممىسىدا، ئۇ ۋاقىتلاردا ئەنقەرە ھۆكۈمىتىنىڭ ئافغانىستاندىكى پائالىيەتلەرگە ياردەم قىلىشنى توختاتمىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە:

تېلېگرافنامىڭىزنى 1921ـ يىلى 8ـ تەشرىنىسانى (نويابىر) كۈنىسى يىگىرمە ئىككى كۈندە تاپشۇرۇپ ئالدىم. جامال پاشا بۈگۈنگىچە كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان سەممىيىتىنى داۋاملاشتۇرغىنىدا ئۇنىڭغا ياردەم ئەۋەرتىشىمىز مۇمكىن. ھەر ھالدا ئەنۋەر پاشا قاتارىدىكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزگەن بولۇشى كېرەك. بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىگە مېنىڭ نامىمدا ئوچۇق ئۇختۇرۇپ قويغايسىز. مەدىنە مۇھاپىزەتچىسى فاخرەتتىن پاشانى ئافغانىستانغا باش ئەلچى قىلىپ تەيىنلىدۇق. جامال پاشانىڭ ئافغانىستاندىكى قىلغان خىزمىتىنى ئاستاـئاستا خەلققە ئۇختۇرۇپ ئۇنىڭ ئورنىنى كۈچەيتىشكە تىرىشىمىز. ھازىرغىچە بولغان ئىشارەتىنى ئاق نىيەتلىك پىكىرلىرىنى ھەمدە مۇمكىن بولىدىغانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كەلدىم. ئۇنىڭدىن تېلېگراف ۋە ئىشارى دەۋلەتىڭىزگە كۈتىمەن. ...
مۇستافا كەمال.

ئەمما بۇ كونا بۇيرۇقۋازلىقتا كۆنۈپ كەتكەن پاشانىڭ ئەنقەرەنى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ئورگان دەپ تونۇشى ھەمدە رۇسىيىلىكلەر بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتلىرىدە ئەنقەرە ھۆكۈمىتى نامىدا سۆزلەپ يۈرىدىغان ئادىتى، مۇستاپا كامال پاشانى رەنجىتىپ قويىدۇ. شۇڭا يوقۇرىدىكى تېلېگراممىنى ئەۋەرتىپ بىرەر ئايمۇ ئۆتمەي ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنى توختىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. مۇستاپا كامال پاشا موسكۋادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى ئەلى فۇئات پاشاغا ئەۋەتكەن شىفىرلىق خېتىدە بۇ مەسىلىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ:

ئاخىرەن ئەنقەرەگە مۇۋاسالات قىلغان (يېتىپ كەلگەن) ئۇكرائىنا ھەيئەتى رەئىسى يولداش فرۇنزې بىلەن جەمال پاشانىڭ ئەۋەتكەن بىر مەكتۇبىدا بىزنىڭ ۋەزىيەت ۋە ئەفكارىمىز بىلەن قابىلى تەلىق بولمىغان ۋە ھازىرغىچە كونا زېھنىيەتنىڭ ئىدامەسىگە تەۋە تەۋسىيەلىرىدىن بىلىنگىنىگە نازارەن تىلغا ئېلىنغان تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى ھۆكۈمەتىنى كەيىف ۋە ئارزۇغا كۆرە سەۋك ۋە ئىدارە قىلىنىدۇ دەيدىغان ماھىيەتتە كۆرمەكتەدىر. مەن، خەلقنى ئىتتىھات ۋە تەرەققىي بايراغى ئاستىغا دەۋەت قىلالمايمەن. ئەنقەرەگە

نەسىھەت بېرىش ئەمەس، ئەنقەرەنىڭ تامامەن نوقتەئى نەزەرى ۋە تەلىماتى دائىرەسىدە ھارەكەت قىلىش بىلەن پايدىلىق بولالايدىغانلىقىنى ۋە شۇنداق قىلىپ كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە قەدەر ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىشىمنىڭ ئۈيغۇن بولمايدىغانلىقىنى تەبلىغ قىلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن.

شۇنداق قىلىپ، جامال پاشا ئۈچۈن ئانادولۇنىڭ يولىمۇ تاقالغان ھېساپلانىدى.

ئەنۋەر پاشانىڭ باسمىچىلارغا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكى رۇسىيە دائىرىلىرىنى بەكلا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن مەيلى داۋام قىلىۋاتقان ئىچكى ئۇرۇش بولسۇن ياكى ئەنگلىيىنىڭ يولغا قويىۋاتقان ئىقتىسادى چەكلىمىلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان قىيىنچىلىقلار بولسۇن، رۇسىيىنىڭ ئافغانىستاندىن ھىندىستانغا ھەرىكەت قوللىنىش پىلانلىرىنى پۈتۈنلەي قىممىتى يوق ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان ئىدى. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، ئانادولۇدىكى مۇستاپا كامال ھۆكۈمىتى ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملىۋالغانلىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. بۇلارنىڭ نەتىجىسىدە، رۇسىيىنىڭ كەلگۈسىدىكى پىلانلىرى ئۈچۈن ئىپتىقاندا ئىنتىھات تەرەققىي گۇرۇپپىسىدىكى ئەزالارنى ساقلاپ يۈرۈشنىڭ ھېچقانداق قىممىتى قالمىغاندەك كۆرۈنمەكتە ئىدى.

جامال پاشا موسكۋادا بىر مەزگىل تۇرۇپ ئافغانىستانغا كېرەكلىك ياردەم ئېلىش ئۈچۈن يول مېڭىپ باققان بولسىمۇ ھېچقانداق بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا، ھۈسەيىن جاھىت ئەپەندى بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر سۆھبەتتە "غايىسىنىڭ ھىندىستاندا ئەنگلىيىلىكلەرگە قارشى بىر ئىسيان چىقىرىشقا تەييارلىق قىلىش ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىشتا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى، ئەمما ئەنۋەر پاشانىڭ تۈركىستاندا پائالىيەت قىلىشى بەكلا چوڭ خاتالىق ئىكەنلىكىنى، شۇڭا قايتىدىن ئافغانىستانغا قايتىپ بېرىپ بۇرۇن باشلاپ قويغان ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولىۋاتقانلىقىنى، ئەنۋەر پاشانىمۇ ئافغانىستانغا ئاپىرىۋېلىشقا تىرىشىدىغانلىقىنى" ئېيتقان. يەنە شۇ ھۈسەيىن جاھىت ئەپەندىگە ئەۋەرتكەن، كېيىنكى يىللاردا «تونۇلۇش» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان بىر مەكتۇبىدىمۇ مۇنۇلارنى يازغان:

ئەنۋەرنىڭ بۇ خاتالىقى تۈپەيلىدىن ھىندىستان ئىنقىلاۋىنى قوزغاش يولىدىكى ئىككى يىللىق ئىشىم ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. مانا ئەندى رۇسسىيىلىكلەر بىلەن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىشنىڭ ھېچقانداق بىر ئىمكانىيىتى قالمىدى. ئەندى رۇسىيىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلماقچىمەن. ئېھتىمال ئافغانىستانغا قايتىپ كېتىشىم مۇمكىن. ئەمما تىبلىسقا بېرىپ ئۇ يەردىن تېلېگراف ماشىنىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ مۇستاپا كامال پاشا بىلەن بىۋاستە

سۆزلىشىپ ئېنىق بىر ھەرىكەت پىلانى تېپىپ چىقىپ ئىران يولى ئارقىلىق ئافغانىستانغا قاراپ يولغا چىقماقچىمەن. بۇ ئىشلاردىن، نىمە بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ھىندىستاندا ئىنقىلاپ قوزغاش ئويۇمدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيدىغانلىقىمنى، نىمە بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ئافغانىستانغا قايتىپ بارىدىغانلىقىمنى قاراخانغا ئېيتتىم. ئافغانىستانغا بىرىپ ئەنۋەر بىلەن كۆرۈشكەنگىچە بولغان ئارىلىقتا رۇسىيە قوشۇنلىرىنىڭ ھەرەكەتنى توختۇتۇپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلغان بولسامۇ ئۇلار قوبۇل قىلىشمىدى. مەن ھەم يۇرتۇم ئۈچۈن، ھەم شەرق ئەللىرى ئۈچۈن سالامەت يولى ئافغانىستادىن باشلىنىدۇ دەپ ھىساپلايمەن. ھىندىستان ئىشلىرى تەخىر قىلىنسا ئافغانىستان ئىشلىرى بىلەن ئۇ يەردە ئارمىيە قۇرۇپ چىقىش ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بەرمەكچىمەن.

ئەنۋەر پاشا باسمىچىلار سىپىغا ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن تەڭ، سوۋېت رەھبەرلىرىنىڭ ئىتتىھات ۋە تەرەققىي يىتەكچىلىرىگە بولغان كۆزقاراشلىرىمۇ پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن ئىدى. ئۇرۇسلار، جامال پاشانىڭ ئۆزلىرىنى ئاخماق قىلىپ يۈرگەنلىكىنى، ئافغانىستانغا بارار-بارمايلا ئۇ يەردىكى ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئەنۋەر پاشاغا قوشۇلۇپ كىتىدىغانلىقى ياكى بولمىسا ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشماقتا ئىدى. شۇ سەۋەپتىن جامال پاشانىڭ ئافغانىستانغا بېرىشىنى چەكلەش ئويىغا كېلىشكەن ئىدى. بۇ ۋاقىتتا، چىچەرىن شۇ كۈنلەردە موسكۋادا تۇرىۋاتقان خەلىل پاشانى يېنىغا چاقىرىپ "ئىتتىھاتچى داھىلارنىڭ رۇسىيىدە تۇرۇپ قېلىشى ئۇلار ئۈچۈن بىرەر مەسىلە پەيدا قىلمايدىغانلىقىنى، ئەمما رەت قىلغىلى بولمايدىغان يوقۇرى دەرىجىلىك بىر ئورۇننىڭ چىڭ تۇرىۋالغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ رۇسىيىدىن چىقىپ كېتىشى زۆرۈر ئىكەنلىكىنى" ئۇختۇرىدۇ. خەلىل پاشا ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىدە بۇ يوقۇرى دەرىجىلىك ئورۇننىڭ ئەنقەرە ھۆكۈمىتى ئىكەنلىكىنى گەپ ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپ چىچەرىندىن ئېلىۋالغانلىقىنى يازىدۇ.

تارىخ نۇرغۇنلىغان تەسادىپىلىقلارغا تولۇپ تاشقان ئىكەن. ئەگەر جامال پاشا ئافغانىستانغا بېرىش پىلانىدا چىڭ تۇرىۋالماي، خەلىل پاشادەك ھەرقانداق بىر ياۋرۇپا دۆلىتىگە كەتكەن بولسا، بەلكىم ھايات قالغان بولار ئىدى. خەلىل پاشانىڭ يازغانلىرىدىن قارىغاندا، سوۋېت مەركەزى شۇراسىدا ئىشلەيدىغان يېقىن بىر دوستى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ "شۇرا مەركىزىدە جامال پاشانىڭ ئۆلتۈرۈلىشى ھەققىدە قارار ئېلىنىدى. ... ئەمما بۇ ئىش موسكۋادا ئىشقا ئاشۇرۇلماي تىبلىستە ئىجرا قىلىنىش قارار قىلىندى. ..." دەپ ئېيتقان ئىكەن. خەلىل پاشانىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا قۇلاق سالمىغان جامال پاشا تىبلىسكە كېلىدۇ. بىر مەزگىل ئۇ يەردە تۇرۇپ ئەنقەرە بىلەن ئالاقە باغلىماقچى بولغان. ئۇنىڭدىن كىيىن ئافغانىستانغا قايتىپ بىرىپ

ئاۋال ھىندىستاننى، ئاندىن كېيىن تۈركىستاننى مۇستەملىكىلىكتىن ئازات قىلىشنى پىلانلىغان ئىدى. ئەپسۇسكى، تەغدىر ئۇنىڭغا بۇ ئويلىغانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پۇرسەت بەرمەيدۇ. 1922ـ يىلى 6ـ ئاينىڭ 21ـ كۈنىسى، تىبلىسىنىڭ چوڭ كوچىلىرىدىن بىرسىدە، رۇسىيە جاسۇسلۇق ئورگىنى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىۋاتقان ئەرمەن تېررورچىلىرى تەرىپىدىن سۈيىقەست بىلەن شېھىت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ مۇھاپىزاتچىلىرىدىن نۇسرەت ۋە سۈرەييا ئەپەندىلەرمۇ شۇ قاتاردا قۇربان بولىدۇ.

# ئەنۋەر پاشانىڭ پائالىيەتلىرى

1920ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدا، موسكۋا شەھىرى ئىتتىھاتچى يىتەكچىلەرنىڭ بىر يەرگە كېلىشى ئۇچۇن ساھىپخانلىق قىلىۋاتقان بىر شەھەر ئىدى. 15ـ ئاۋغۇست كۈنى موسكۋاغا يېتىپ كەلگەن ئەنۋەر پاشا، بىر تەرەپتىن گېرمانىيە بىلەن سوۋېت روسىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتلىشىشكە ۋاستىچى بولۇپ خىزمەت قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن "شەرقتىكى مۇسۇلمان مىللەتلەرنى تەشكىلاتلاندۇرۇپ ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىگە قارشى سەپ تەشكىللەش" دەپ يىغىنچاقلاپ ئېيتىشقا بولىدىغان سىياسى لايىھىسى ئۇچۇن ياردەمچى كۈچ ئاختۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولماقتا ئىدى. سوۋېت دائىرىلىرى ئانادولۇدىكى مۇستاپا كامال پاشا ھەرىكىتىنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە تېخى ئېنىق بىرەر قارارغا كېلەلمەي تۇرىۋاتقان ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئەنۋەر پاشانى قولدا زاپاس كۈچ قاتارىدا تۇتۇپ تۇرۇشنى پىلانلاشقان ئىدى. ئەنۋەر پاشا، خەلىپىنىڭ كۈيئوغلى ھېساپلىناتتى. شۇنىڭدەك بۇرۇن ئوسمانلار ئىمپېرىيىسىنىڭ تەغدىرىنى قولدا تۇتۇپ كەلگەن بىر كىشى ئىدى. بۇ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن مۇسۇلمان خەلق ئاممىسى ئارىسىدا تەسىر كۆرسىتەلىشى مۇمكىن بولىدىغان بىرسى ھېساپلىناتتى. شۇنداق بولغاچقا، بولشېۋىك يىتەكچىلىرىدىن زىنوۋيېۋ بىلەن رادېكنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن، ئەنۋەر پاشانىڭ باكۇدا چاقىرىلغان شەرق خەلقلىرى قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىنىشقان ئىدى. پاشا، بۇ قۇرۇلتايدا ئۆزىنى دەمەشىق، ئالجىرىيە، تۇنىس، ترابلۇسگارپ، مىسىر، ئەرەبىستان ۋە ھىندىستان ئىسلام جەمىيەتلىرى ئىتتىھادىنىڭ ۋاكالەتچىسى دەپ تونۇشتۇرغان ئىدى. ئەمما قۇرۇلتاي قاتناشقۇچىلىرىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە قۇرۇلتايدا سۆزگە چىقىشىغا رۇخسەت بېرىلمەيدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، تەبلىگىنى (دوكلاد، بايانات ــ ئۇ.ت) باشقا بىرسىگە ئوقۇتۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ قۇرۇلتايدا شۇنچە پايدىسىز ئەھۋاللارغا قارىماي ئەنۋەر پاشاغا ھەر قايسى مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىتتىھاتچى يىتەكچىلەرنىڭ ئۇزۇندىن بېرى

ئۇيلاپ يۈرگەن ”شەرقتىكى مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ ئىنقىلاپ تەرەپتارى گۇرۇپپىلىرى بىر بايراق ئاستىغا توپلاشنى مەقسەت قىلغان سىياسى سەھنە بەرپا قىلىش“ كۆز قارىشى قۇرۇلتاي جەريانىدا ئېنىق ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى.

ئىتتىھات ۋە تەرەققىيچىلار 1921ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئىسلام ئىنقىلاۋىي جەمىيەتلەر ئىتتىھادىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ جەمىيەتنىڭ رەئىسى ۋە بىردىن بىر ۋاكالەتچىسى بولۇپ ئەنۋەر پاشا سايلىنىدۇ (زىيا ئەپەندى ــ سېكرېتار ــ، ئىبراھىم تالى ئەپەندى ــ كاتىپ ــ، خەلىل پاشا، سامى ئەپەندى، ئازمى ئەپەندى ۋە سەيپى ئەپەندىلەر مەركىزى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ قالغان ئەزالىرىنى تەشكىل تاپماقتا. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). ھەر قايسى ئىسلام ئەللىرى ئۈچۈن ئايرىم-ئايرىم ۋاكالەتچىلەر بەلگىلەنگەن ئىدى. خەلىل پاشا بىلەن ھاجى سەمى ئەپەندى شەرقىي تۈركىستانغا، ئازمى ئەپەندى ئافغانىستانغا، جامال پاشا بولسا ھىندىستانغا مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. كىچىك تەلەت ئەپەندى بىلەن نائىل ئەپەندىلەر ئانادولۇغا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان بولىدۇ. ئەسلىدە، بۇ جەمىيەت قۇرۇلغان ۋاقىتلاردا جامال پاشا بىلەن ئازمى ئەپەندى ئىككىسى ئافغانىستاندا تۇرىۋاتقان بولۇپ، ئۇ يەردە ھىندىستانغا دائىر پائالىيەتلىرىنى خېلى بۇرۇنلا باشلاپ بولغان ئىدى. بۇلارغا سېلىشتۇرغاندا، خەلىل پاشا شەرقىي تۈركىستانغا زادىلا يېتىپ بارالمايدۇ.

(رەسىم ئورنى)

ئەنۋەر پاشا، تۈركىيىنىڭ ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى فەخرى پاشا (ئوتتۇرىدا)، ئىتتىھات ۋە تەرەققى مەركىزى كومىتېتىدىن دوكتور نازىم ئەپەندى، رىزا ئەپەندى ۋە ئوسمان بەدرى (ئوڭدا باشتىكى كىشى) ئەپەندىلەر بىلەن بىرگە. موسكۋا، 1921.

بۇ جەمىيەتنىڭ قۇرۇلۇش نەزەرىيىسى بىلەن ئۇنىڭ سىياسىي پائالىيەت سەھنىسى نۇرغۇنلىغان زىدىيەتلىك قاراشلار بىلەن تولغان ئىدى. مىللەتچى بولشېۋىكچىلىك بىلەن خەلقارالىق ئىسلام ئىتتىھادى قاراشلىرى جەھەتتە، پادىشاھلىقنىڭ، خەلىپىلىكنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالغان بىر تۈزۈم بەرپا قىلىش تەلەپ قىلىنماقتا ئىدى. ئەنۋەر پاشا، مۇستاپا كامال پاشاغا يازغان 1921ـ يىلى 4ـ مارت كۈنىسىدىكى خېتىدە بۇ مەسىلىنى تۆۋەندىكىچە ئوتتۇرىغا قويماقتا ئىدى:

> مەن ئىسلام ئىنقىلاۋى جەمىيەتلەر ئىتتىھادى باشلامچىلىقىدا ئەنگلىيە باشچىلىقىدىكى ياۋرۇپا جاھانگىرلىكىگە ۋە بىزنى بىۋاستە ئېزىشنى ئويلاپ يۈرگەن كاپىتالىزمغا قارشى كۈرەشنى داۋام قىلدۇرماقچىمەن. تەبىئىيكى، بۇنىڭدىن تۈركىستاننىڭ مۇقەددىراتىمۇ مۇتەئەسسىر قالمايدۇ. چۈنكى ئىجابىيدا

تۈركىيە ھۆكۈمىتىمۇ ماڭا قارشى چىقىشى ئېھتىمالدۇر. ۋە مېنىڭ بىلەن ھېچقانداق بىر قەرزى بولمىغانلىقىنى تىلغا كەلتۈرىشى مۇمكىن. ... بۇ خۇسۇستا تۈركىيىدە پائالىيەت قىلىشى ئۈچۈن بىر سولچى پىرقىنىڭ ۋۇجۇدۇ لازىمدۇر. ... ئىسلام ئىنقىلاۋى جەمىيەتلەر ئىتتىھادى، كوممۇنىست بولمايدۇ، ئەمما يوقاتماقچى بولىۋاتقان نىشانىنىڭ مۇشتەرەك بولىشى سەۋەبىدىن خەلقارا كوممۇنىزمچىلىرى بىلەن تەۋھىدى (بىرلىكتە) پائالىيەت قىلىمىز.

ئەنۋەر پاشا بىر تەرەپتىن ئانادولۇدا كۈرەش قىلىۋاتقان كامال پاشانى قوللايدىغانلىقىنى ئېيتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئانادولۇغا قايتىپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان پائالىيەتنىمۇ بىرگە ئېلىپ بارماقتا ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئىتتىھات ۋە تەرەققىنىڭ ئانادولۇ قولىنى تەشكىل قىلماقچى بولغان خەلق شۇرالار پىرقىسىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ پىرقە قۇرۇلا ـ قۇرۇلماي ئەنقەرەدىكى قۇرۇلتاينىڭ سولچىلىرى بىلەن ھەمدە كامال پاشاغا قارشى كۈچلەر بىلەن مۇناسىۋەت تىكلەش ئۈچۈن يول ئاختۇرۇشقا كىرىشىدۇ. ئەنۋەر پاشا، يەنە بىر تەرەپتىن تۈرك كوممۇنىستلار پىرقىسىغا يازغان خېتىدە ئۇلارنىڭ ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىونال بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ياخشىلاش ھەققىدە ۋاستىچى بولۇپ بېرىشنىمۇ تەكلىپ قىلىدۇ (ئەنۋەر پاشا بۇ خېتىدە غەرب جاھانگىرلىكىگە قارشى جەڭنى قانات يايدۇرۇش قارارىنىڭ سەۋەپلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئەنقەرە دائىرىلىرىنى قاتتىق خاتىرجەمسىز قىلىدىغان ھەمكارلىق تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرغا قويۇپ ئۆتكەن: ... ياۋرۇپا كاپىتالىزمى بىلەن جاھانگىرلىكىگە قارشى كۈرەش قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، بۇ جەھەتتە سىياسەت يولغا قويۇشنى ئازمەتتىم. بۇ نوقتائى نەزەردىن ئارىمىزدا ئاساسەن ھېچقانداق پەرقىمىز يوقتۇر. دېمەككى، بىنائەنالەيخ خىزمىتىڭىزنى ھۆرمەت بىلەن سالاملايمەن ۋە ھەر ئەھۋالدا موسكۋادا تەۋفىق رۇشتۇ ئەپەندى ۋە قالغان سەبداشلىرىنىڭ خىزمىتىنى تەسخىلگە سائى قىلغان ھالدا ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىونال بىلەن كېلىشىم تۈزۈشىڭىزلەرگە تىرىشىدىغانلىقىمىزنى ئارز ئەيلەيمەن. ۋە شۇنداق كېلىدۇكى، خەلىلنىڭ ئىزاھاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تۈركىيىدە ئىككى پىرقە مۇشتەرەك خىزمەتتە بولۇش ئارقىلىق خەلق مەنلىكىنى ئۇقتۇرۇشتا ۋە ئۇلارنى ئىزىلىشتىن قۇتۇلدۇرۇشتا تەۋھىدى خىزمەت قىلالىشى ئۈچۈن بىر توسالغۇ قالمايدۇ. ... — ئا. ھ. ئىزاھاتى).

ئىسلام ئىنقىلاۋى جەمىيەتلەر ئىتتىھادىنىڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 1921 ـ يىلى 27 ـ ئىيولدا موسكۋادا چاقىرىلىدۇ. ئىنتايىن ئاز ساندا ۋەكىللەر قاتناشقان بۇ قۇرۇلتاينىڭ ئەڭ مۇھىم نەتىجىسى بەلكىم جەمىيەت ئىچىدىكى ئەرەپ ھەيئەتلىرى بىلەن بولغان پىكىر ئوخشىماسلىقىنىڭ قەتئىي تۈردە ئوتتۇرغا چىقىشى بولسا كېرەك. ئەرەب رايونلىرىدىن كەلگەن ۋەكىللەر پۈتۈنلەي كونا ئىتتىھاتچى

يېتەكچىلەرنىڭ تىزگىنى ئاستىدىكى بىر ھەرىكەت توغرىسىدا بەكلا سوغۇق مۇئامىلىدە بولۇشماقتا ئىدى. ئۇلار رەھبەرلىك ئىشلىرىغا ۋەكىل كىرگۈزۈش، قارار ئېلىشلارغا قوشۇلۇشنى تەلەپ قىلىشماقتا ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىگە قارشى بىر ئىسلام ئىتتىپاقى ھەرىكىتى تەشكىل قىلىش مەسىلىسىدىمۇ ئۇنچە بەك قىزغىنلىق كۆرسەتمەي كەتمەيدۇ. بۇ ئەھۋاللار، ئەنۋەر پاشا ئۈچۈن ئېيتقاندا، كەلگۈسىگە قارىتا كۈتكەن ئۈمىدلىرىنى قايتىدىن كۆزدىن كۆچۈرۈپ چىقىش، ئۇنى قايتا بەرپا قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئەرەپ ئەللىرىنى ئاساس قىلىدىغان بىر ھەرىكەت پەيدا قىلىش ئىمكانىيىتى قالمىغانلىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. بۇندىن باشقا تاللاشقا بولىدىغان بىرلا يول قالغان ئىدى: تۈركىينى ئاساس قىلغان ھالدا تۈركىي رايونلىرىنى ئاساس قىلىپ ھەرىكەت قوزغاشتىن باشقا چارە قالمىغان ئىدى.

بۇ ۋاقىتلاردا ئانادولۇدىكى كۈرەشلەر ھېلى غەلىبە قازانسا، ھېلى مەغلۇب بولۇپ بەكلا ئىگىز-پەس كېتىۋاتماقتا ئىدى. ھەتتا ئىنۆنۈ دالا ئۇرۇشلىرىدىن كېيىن تۈرك قوشۇنلىرى ئانادولۇنىڭ تا ئىچكى قىسىملىرىغىچە چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان، مۇستاپا كامال پاشا بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى رەھبەرلەرنىڭ كۈنى بەكلا قىيىن ئەھۋالدا قالغان ئىدى. بۇنداق بىر ۋەزىيەتنى پۇرسەت بىلگەن ئەنۋەر پاشا، چېگرا بويلىرىدا مۇسۇلمان قوشۇنلار تەشكىل قىلىپ تەييار قىلىنىشى ھەققىدە سوۋېت دائىرىلىرىغا بېسىم قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئەگەر ئانادولۇدىكى ۋەزىيەت يامانلاپ كەتكىدەك بولغىنىدا تەشكىل قىلىنىدىغان بۇ قوشۇنلار بىلەن بىرلىكتە چېگرادىن بۆسۈپ كىرىپ ئانادولۇدىكى جەڭگە قاتنىششنى ئويلىماقتا ئىدى. ئەنۋەر پاشا، تاغىسى خەلىل پاشاغا يازغان بىر پارچە خېتىدە بۇ مەسىلە ھەققىدىكى ئويلىغانلىرىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ:

تاغا،

سوۋېت ئەركانى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭنىڭ قۇيۇق ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. مېنىڭ نامىدا ئۇلارغا مۇنۇ تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويساڭ: ئەگەر ئەزەربەيجان-داغىستان-باشقىردىستان-قازاقىستان-تۈركمەنىستان ۋە تۈركىستان قاتارىدىكى تۈركىلەر تەۋەلىرىدىن تاللاپ بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر كورپۇسى تەشكىل قىلىنغىنىدا، بۇ ئارمىيە بىلەن ئانادولۇغا كىرىش، گىرىتسىيىلىكلەرنى كۈتمىگەن بىر ۋاقىتتا خالىغان بىر جەناھلىرىغا (قانىتىغا) زەربە بېرىش قاتارىدىكى ئۇتتۇغلۇق ئۇرۇشلار ئارقىلىق مىللى مۇستەقىللىق كۈرىشى سېپى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە بىر بىر ياردەم قىلىنغان ھېساپلىنىدىغانلىقىنى، دېمەك گىرىتسىيە ئارمىيىسىنى پەرىشان قىلىپ دېڭىزغا تۆكۈش ئىشى بەكلا ئاسانغا توختايدىغان بىر ئىش بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگىن.

ئەگەر ئەنۋەر پاشا بۇ پىلانىنى ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرالىغىنىدا، ئانادولۇدىكى ھەرىكەتلەرنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى مۇستاپا كامال پاشادىن تارتىپ ئالالىغان، قايتىدىن مىللى قەھرىمان ھالىغا كېلەلىگەن بولاتتى. ئەمما سوۋېت يېتەكچىلىرى مۇستاپا كامال رەھبەرلىكى ئورنىغا ئەنۋەر پاشانى يۆلەش مەسىلىسىگە بەك قىزىقىپ كەتمەيتتى. سوۋېت تەرەپ ئەنۋەر پاشانى لازىم بولغىنىدا بىر كوزۇر ئورنىدا پايدىلىنىشنىلا مەقسەت قىلىپ ئايلاندۇرۇپ تۇتۇپ تۇرىۋاتماقتا ئىدى. قاراخان، چىچېرىن قاتارىدىكى رەھبەرلەر ۋاستىچىلىقى بىلەن ئەنۋەر پاشا بىلەن ئۇنىڭ گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى باھانە كۆرسىتىپ تۇتۇپ تۇرىۋاتقان بولغاچقا، ئۇلارغا ماددى جەھەتتىن بىر قىسىم ياردەملەرنى قىلىپ ئۇلارنى بەلگىلىك دائىرە ئىچىدە پائالىيەت قىلىپ تۇرۇشىغا يول قويۇپمۇ كەلمەكتە ئىدى.

يەنە بىر تەرەپتە، ئىتتىھاتچىلارنىڭ ئانادولۇغا قاراتقان پائالىيەتلىرىدىن قاتتىق بىئارام بولۇپ كېلىۋاتقان كامال پاشا، بۇ مەسىلىنى قەتئىي تۈردە ھەل قىلىشىۋېتىش ئۈچۈن قاتتىق تەدبىر قوللىنىش كېرەك دەپ قارار قىلىدۇ. مۇستاپا كامال پاشانىڭ شەرق ئالدىنقى سېپى قۇماندانى قازىم قارابەكىر پاشاغا، فەۋزى پاشانىڭ بولسا شەرق ۋە غەرب ئارمىيىسى قۇماندانلىقلىرىغا قارىتىپ يازغان خەتلىرى ئانادولۇ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ مەسىلىگە ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ئۇچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يېڭى ھۆكۈمەت، ئەنۋەر پاشا ھەرقانداق بىر يول بىلەن ئانادولۇغا كىرىپ كەلگىنىدە، ئۇنى دەرھال قولغا ئېلىش توغرىلىق ئۇختۇرۇش تارقىتىدۇ. ئافرىل ئېيىنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ ئەنۋەر پاشا بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ كېلىۋاتقان سىياسىيونلارغا بېسىم ئىشلىتىشكە كىرىشىلىدۇ. ئەنۋەر پاشاغا يېقىنلىق قىلىش ئېھتىمالى بار دەپ گۇمان قىلىنغان ئوفىسسېرلار نازارەت ئاستىغا ئېلىنىپ تېزگىنلەنمەكتە ئىدى. ئانادولۇدا تەشكىلاتلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مەسئۇل قىلىنغان كىچىك تەلەت ئەپەندى قولغا ئېلىنىپ چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلغان، نۇرى پاشا ئەرزۇرۇمدا قاماققا ئېلىنغان، خەلىل پاشامۇ كاپكازىيىگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلانغان ئىدى.

ساقارىيە دالا ئۇرۇشىنىڭ غالىبىيىتى، ئانادولۇ ھۆكۈمىتىنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئىتتىھاتچىلارنىڭمۇ تەغدىرىنى بەلگىلەيدىغان بىر ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئانادولۇدىكى كامال پاشا ھۆكۈمىتىنىڭ پۇت تىرەپ قالالايدىغانلىقى ئېنىق ئوتتۇرغا چىققان، سوۋېت روسىيە دائىرىلىرىنىڭمۇ كىم بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشى مەسىلىسى ئېنىق ئوتتۇرغا چىققان ھېساپلىناتتى. ساقارىيە دالا ئۇرۇشىنىڭ غالىبىيىتى روسلار ئۈچۈن ئەنۋەر پاشا بىلەن ئۇنىڭ سەبداشلىرىنىڭ ھېچ بىر سىياسى قىممىتى قالمىغانلىقىدىنمۇ دېرەك بەرمەكتە ئىدى. ئىتتىھاتچىلار ئارىسىدىمۇ ئۈمىتسىزلىكلەر كەڭ يېيىلىشقا باشلىغان ئىدى. ئانادولۇنىڭ تەغدىرىنى

بەلگىلەش مەقسىتىدە ئىتتىھات ۋە تەرەققىچىلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان خەلق شۇرالار پىرقىسىنىڭ 5~8-سىنتەبىر كۈنلىرىدىكى باتۇم قۇرۇلتىيى ئەنە شۇنداق ئۈمىدسىزلىك مۇھىتى ئاستىدا چاقىرىلىدۇ. قۇرۇلتايدا ئېلىنغان ئەڭ مۇھىم بىر قارار، "سۈرگۈندىكى ئىتتىھاتچىلارنىڭ ئانادولۇغا قايتىپ كىتەلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مۇستاپا كامال پاشا رەھبەرلىكىنى ماقۇلغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش" بولغان ئىدى (خەلىل پاشا، كۈندىلىك خاتىرىسىدە باتۇمدا ھەققى مەنىدە بىر قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈلمىگەنلىكىنى، ئەنۋەر پاشا تەرىپىدىن يېزىلغان بىر باياناتنى، پەقەتلا ئەنۋەر پاشانىڭ كۆڭلىنى ئاياپ كىچىك تەلەت پاشا بىلەن بىرگە قول قويۇپ ئەنقەرە ھۆكۈمىتىگە ئۇۋەرتكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

ئانادولۇدىنمۇ ئۈمىدى قالمىغان ئەنۋەر پاشانىڭ ئالدىدا تاللىۋالغىدەك يول يوق دىيەرلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا، بىر بولسا ياۋرۇپاغا قايتىپ ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان ناجىيە سۇلتانى بىلەن تېنچ تۇرمۇش كەچۈرۈش ياكى بولمىسا ھەزەر دېڭىزىنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈپ ئىستىقبالى قاراڭغۇ بولغان بىر كىلەچەك ئىچىدە ئىقبال ئاختۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككىلا يول قالغان ئىدى. بۇ ۋاقىتلاردا، ھاجى سەمى، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇلارغا يار-يۆلەك بولىدىغان بىر تەشكىلات قۇرۇپ چىققانلىقىنى، تۈركىستان خەلقىنىڭمۇ ئۇنىڭدەك بىر يىتەكچىگە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ تۇرىۋاتقان ئىدى. جامال پاشامۇ ئۇزۇندىن بۇيان ئافغانىستاندا پائالىيەت قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە ئەنۋەر پاشانىڭ سىياسى ئورنىنى داۋاملىق ساقلىيالىشى ئۈچۈنمۇ يېڭى ئۇتۇقلارغا ئېھتىياجى بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ، پاشا ئېنىق بىر قارارغا كېلىدۇ. نىشانىنى ھەزەر دېڭىزىنىڭ نېرىسى، يەنى تۈركىستان قىلىپ بەلگىلەيدۇ. 1921-يىلى 28-سىنتەبىر كۈنىسى باتۇمدىن ئايرىلىپ، ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا بۇخاراغا يېتىپ كېلىدۇ.

## ئەنۋەر پاشا تۈركىستاندا

ئەنۋەر پاشانىڭ تۈركىستانغا كېلىشى بۇخارا جۇمھۇرىيىتى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، تۈركىستان باسمىچىلىق ھەرىكىتى تارىخى نوقتىسىدىن ئالغاندىمۇ ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋەقە ھىساپلىناتتى. ئەنۋەر پاشا، قۇشچىزادە سەلىم سەمى (ھاجى سامى) بىلەن زاپاس ئوفىسسىر مۇھتىتىن ئەپەندى ئىككىسىنى بۇخاراغا بىرگە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. پاشا بۇخاراغا كىلىپ بۇخارا رەھبەرلىرى ئارىسىدىكى ئىلغار كىشىلەر بىلەن بىر قۇر سۆھبەتلىشىپ چىقىدۇ. بۇ كۆرۈشۈشلەردىن مۇنداق 3 ئاساسلىق يۈزلىنىش ئوتتۇرىغا چىقىدۇ: بۇخارالىق جەدىتچىلىرنىڭ بىر قىسمى ئەنۋەر پاشادىن بۇخارا جۇمھۇرىيىتى بىلەن سوۋېتلەر

ئىتتىپاقى ئوتتۇرسىدا ۋاستىچىلىق رول ئويناپ، بۇخارا جۇمھۇرىيىتىنىڭ كۈچلىنىشى ئۈچۈن ياردەمدە بولۇشنى ئۈمىد قىلىشماقتا ئىدى. ئوسمان غوجا بىلەن ئابدۇلخەمىت ئارىپوۋ قاتارىدىكى يېتەكچىلەر بولسا پاشىنىڭ باسمىچىلارغا قوشۇلۇپ، ئۇلارنى تەشكىللەپ تۈركىستاننى رۇسىيىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلماقتا ئىدى. زەكى ۋەلىدىي باشچىلىقىدىكى يەنە بىر گۇرۇھ كىشىلەر بولسا ئەنۋەر پاشا ئۇدۇل بېرىپ ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغىدەك بولسا، سوۋېت تەرەپ پۈتۈن كۈچىنى بۇ تەرەپكە مەركەزلەشتۈرۈشكە كىرىشىدىغانلىقىنى، ئەنگلىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىستاندىكى كۈرەشكە يار يۆلەك بولۇش ئېھتىمالى بولغان تاشقى كۈچلەر بۇنداق بولۇشنى خالاپ كەتمەيدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ تۈركىستان ئۈچۈن قانات يايدۇرۇلغان بۇنداق بىر كۈرەش رايون خاراكتېرلىق بىر كۈرەش بولۇش ئالاھىدىلىكىنى يوقۇتۇپ پانتۈركىسىزم بىلەن پانئىسلامىزم خاراكتېرىنى ئالغان بىر ھەرىكەت كۆرۈنۈشىگە كىرىپ قالىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئەنە شۇنداق سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن پاشا ئافغانىستانغا ئۆتۈپ كېتىشى كېرەكلىكىنى، تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە شۇ يەردە تۇرۇپ ياردەم قىلىشى لازىملىقىنى تەكىتلەشمەكتە ئىدى. ئەمما ئەنۋەر پاشا بىلەن بىرگە بۇخاراغا كەلگەن ھاجى سەمى بولسا "تۈركىستان خەلقى پارتلاشقا تەييار بولۇپ قالغان بولۇپ، ئۇلارغا ئەنۋەر پاشادەك كۈچلۈك بىر لىدېرنىڭلا كاملىق قىلىۋاتقانلىقى" نى تەكىتلەپ چىڭ تۇرىۋالغان ئىدى.

ئەنۋەر پاشا بۇخاراغا كېلىپلا سوۋېت رۇسىيە خەلق كومىسارلىقىغا قارىتىپ يازغان بىر پارچە خېتىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ ئېنىق بىر قارارغا كەلمىگەنلىكىنى، نىمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرىۋاتقانلىقىنى كۆرستىپ بېرىدۇ. ئەنۋەر پاشا بۇ خېتىدە مۇنۇلارنى يازماقتا ئىدى:

سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ ئىنقىلاۋىي رەھبەرلىكى ئاستىدىكى مۇستەقىل بۇخارانىڭ ياردىمىگە تايىنىپ بىز ئىسلام ئاسىياسىنى بىرىتانىيە جاھانگىرلىكىدىن ئازات قىلىش ۋەزىپىمىزنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بىجا كەلتۈرەلىشىمىز مۇمكىن. ئەنە شۇنداق بولغاچقا، موسكۋا خەلق كومىسسارلار كومىتېتىدىن بۇخارا تەۋەسىنى خۇددى ئىشغال قىلىۋالغان دۈشمەن تۈپرىقىدا تۇرىۋاتقىنىدەك مۇئامىلە قىلىشىۋاتقان قىزىل ئارمىيە قىسىملىرىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىمەن. ... شەرقىي بۇخارادىكى ئىسيان كۆتۈرۈش ۋەقەلىرى بارغانسىرى كېڭىيىپ بارماقتا. بۇ تۈردىكى قوزغىلاڭلار جۇمھۇرىيەتنىڭ باشقا رايونلىرىغىمۇ يامراپ كېتىشى مۇمكىن. ... ياش بۇخرالىقلار ئىچىدىمۇ موسكۋاغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشلەر ئۇسۇپ يېتىلمەكتە. بۇ ھادىسىلەر سىزلەرنىڭ شەرق ئالدىنقى سېپىڭىزلارغا ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلىۋاتقانلىقى

ھەققىدە سىزلەرنى ئاگاھلاندۇرماقچىمەن. بۇخارا خەلقىگە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش پۇرستى بېرىلىشى لازىم دەپ قارايمەن. بۇخارا خەلقىنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن سوۋېت رۇسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن بۇخارا جۇمھۇرىيىتى ئوتتۇرسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان سۆزلىششلەردە بۇخارا خەلقىگە ۋەكىل بولۇپ قاتنىششقا تەييار ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرىمەن.

ئەنۋەر پاشا موسكۋادىكى سوۋېت دائىرىلىرىگە يوقۇرىقى قۇرلارنى يېزىپ ئۆتۈۋاتقان ۋاقىتلاردا، تاتارلاردىن بولغان سۇلتان غالىيېۋ پرولېتارىيات مىللەتلىرى ۋە ئۇچىنچى ئىنتېرناتسىيونال نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرغا قويۇپ، شەرقتىكى ئىنقىلاپلارنى پەقەت مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ بىۋاستە قاتنىششى ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىنلىگىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا ئىدى. بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان پىكىردىكى يەنە بىر تۈركىستانلىق لىدېر بولغان تۇرار رىسقۇلوۋمۇ، جەنوپتا مۇستەقىل بىر سوتسىيالىستىك تۈركىلەر فېدېراتسىيىسى قۇرۇپ چىقىش، شۇ ئارقىلىق بۇ مۇستەقىل فېدېراتىپ دۆلەتنى ئاسىيادا سوتسىيالىزىمنى كېڭەيتىشكە ۋاستە قىلىش لازىم دەيدىغان قاراشنى ئوتتۇرىغا قويماقتا ئىدى. ئەنۋەر پاشانىڭ يوقۇرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن مەكتۇبىدىكى كۆز قاراشلىرى بىلەن سۇلتان غالىيېۋ ۋە تۇرار رىسقۇلوۋنىڭ كۆز قاراشلىرىنىڭ بىر نوقتىدىن چىقىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئۆزئارا خەۋىرى بارمىدى، بۇ ھەقتە بىر نېمە دېمەك تەس. ئەمما بولشېۋىكلار ئىنقىلاۋىنىڭ لىدېرلىرى ئۇرۇسلاردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ مىللەتچىلىك ھەققىدىكى غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىشى ئۇچۇن سوتسىيالىزم بىلەن ئىنقىلاپنى باھانە قىلىشلىرىغا يول قويماسلىق جەھەتتە قەتئىي چىڭ تۇرماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ قارىشى بويىچە، سۇلتان غالىيېۋنىڭ تىلغا ئالغان 'پرولېتارىيات مىللىتى' پەقەتلا 'رۇسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ قۇللىرى' بولۇشتىن باشقىچە بولماسلىقى كېرەك ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، مەيلى سۇلتان غالىيېۋ بولسۇن ياكى تۇرار رىزقۇلوۋ بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىلا كومپارتىيىدىن ھەيدەپ چىقىرىش لازىم دەپ قاراشماقتا ئىدى.

ئۇرۇسلار، ئەنۋەر پاشانى يەرلىكلەر بىلەن ئالاقە قىلىش ياكى پائالىيەت قىلىشقا قوشۇلمايتتى. ئافغانىستاندىن تاشكەنتكە كەلگەن جامال پاشانى ئەنۋەر پاشا بىلەن ئۇچۇرىششىغىمۇ ئەنە شۇ سەۋەپتىن يول قويۇشمىغان ئىدى. بۇخارادا تۇرۇشلۇق رۇسىيە باش ئەلچىسى يۇرىنېۋ، جامال پاشانى مەيلى ئافغانىستانغا قايتىپ كېتىشى ياكى تۈركىستانغا بېرىشىنىڭ ھەر ئىككىسىگىلا رۇخسەت قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىشى ئەنۋەر پاشا ئۇچۇن بىر ئاگاھلاندۇرۇش بولغان ئىدى. رۇسىيە باش ئەلچىسى، پاشاغا ئۇنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنى يېقىندىن كۆزىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ بۇ تۈردىكى پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللىنىشىدىن بەكلا نارازى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى. بۇ گەپلەرگە قاراپ ئۇرۇسلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىشى ياكى

ئۆلتۈرۈشتىلىشى مۇمكىنلىكىنى پەرەز قىلغان ئەنۋەر پاشا، ئەندى قەتئىي بىر قارارغا كىلىش ۋاقتىنىڭ كەلگەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا "تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن جەڭ قىلىش" ساقلانغىلى بولمايدىغان بىر مەجبورىيەت بولۇپ نامايەن بولماقتا ئىدى. خۇددى سۆيگەن ئايالى ناجىيە سۇلتانغا يازغان خېتىدە كۆرسەتكىنىدەك، ئەندى قىلىچ قىنىدىن چىقىپ بولغان ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، تولۇق بىر نەتىجىگە ئېرىشمەي تۇرۇپ بۇ يولدىن قايتمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

ئەنۋەر پاشا، 11-ئاينىڭ 8-كۈنىسى تۈركىيىلىك ئوفىتسېرلار بىلەن بەزى ئەسكەرلەرنى بىرگە ئېلىپ يوشۇرۇن شەكىلدە بۇخارادىن ئايرىلىدۇ (ئەنۋەر پاشا بىلەن بىرگە ھاجى سەمى، تىرمىز ھەربىي گازارما قۇماندانى ھاسان ئەپەندى، ماناستىرلىق باشمۇلازىمەتچى نافى ئەپەندى ۋە 30 دەك قۇراللىق ساقچى ئەسكىرى بار ئىدى. — ئا. ھ. ئىزاھاتى). ئۇ يەردىن شەرقىي بۇخاراغا يېتىپ بارغىنىدا بەكلا خەتەرلىك بىر ئىشقا دۇچ كېلىدۇ. باسمىچىلار يېتەكچىلىرىدىن لاقاي ئىبراھىم بەگ "راس ئەنۋەر پاشا ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس" دىگەن باھانە بىلەن ئەنۋەر پاشانى قولغا ئېلىپ قاماپ قويىدۇ. ئەمما بۇ قولغا ئېلىنىش ئۇزۇن داۋام قىلمايدۇ. كېيىن سابىق بۇخارا ئەمىرى سەئىد ئالىمخان بىلەن ئافغانىستان ئەمىرى ئامانۇللاخان قاتارلىقلارنىڭ ۋاستىچىلىقى نەتىجىسىدە، ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندە قويۇپ بېرىلىدۇ.

ئەنۋەر پاشا، ئىبراھىم لاقاي بەگنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ باسمىچى يېتەكچىلەرنى بىر يەرگە يىغىپ رۇسلارغا قارشى كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش باشلايدۇ. ئېغىر ۋەھىمە ئاستىدا قالغان ئۇرۇسلار بۇ جايلارغا زور مىقتاردا ھەربىي قۇۋۋەت توپلاشقا كىرىشىدۇ. ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ باش قۇماندانى، خەلىپىنىڭ كۈيئوغلى بولغان ئەنۋەر پاشا، غايىسىگە سادىق بولۇپ، غەيرەت شىجائەت بىلەن ئارزۇلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا رۇسىيىلىكلەرگە قارشى نەچچە ئاي توختىماي ئۇرۇش قىلىدۇ. ئەنۋەر پاشا ئەمىر ئامانۇللاغا يازغان بىر پارچە خېتىدە ئۆزىنىڭ كەلگۈسى غايە ۋە ئۈمىدلىرىنىڭ نەقەدەر بۈيۈك ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلغان ئىدى:

> ياردىمىڭىز سايىسىدە بۇخارا بىلەن تۈركىستان تەۋەسىدە رۇسىيىلىكلەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى يوقۇتۇش ئارقىلىق ئۆز قولىمىز بىلەن تىكلىنىدىغان بىر شەرقىي ئىسلام ھۆكۈمەتلەر ئىتتىھادى بارلىققا كېلىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، شەرقتە قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا قۇدرەتلىك گېرمانىيە فېدېراتسىيىسىگە ئوخشايدىغان دۇنياغا ئۆزىنى تونىتالايدىغان بىر ھۆكۈمەت تىكلەنگۈسى.

ئەنۋەر پاشا، ناتونۇش بىر تۇپراقلاردا، ئىنتايىن مۇشەققەتلىك شارائىتلارغا دۇچ كەلگىنىگە قەرىماي ئالاھىدە ئۇتۇغلۇق جەڭلەرگە قۇماندانلىق قىلىدۇ. ئەپسۇسكى،

تارىخ ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئارزۇلار بىلەن تولۇپ تاشقان ئىدى. ئەنۋەر پاشا، 1922 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىسى، بەلجىۋاندىكى (بۈگۈنكى تاجىكىستاننىڭ بىر شەھىرى. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) بىر قېتىملىق ئۇرۇس ھۇجۇمىدا تەككەن پىلموت ئوقىدا شېھىت بولىدۇ (ئۇنىڭ قانات يايدۇرغان بۇ بۈيۈك كۈرىشىنىڭ چېگرا ھالقىغان دائىرىلىرى ھەققىدە "ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى قىرغاقلىرىدا" دېگەن باپتا مۇزاكىرە قىلىنىدۇ. ــ ئا.ھ ئىزاھاتى).

## ھاجى سەمى ۋە باشقا ئىتتىھاتچىلار

ئەنۋەر پاشانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، رۇسىيىلىكلەرگە قارشى جەڭگە ھاجى سەمى رەھبەر قىلىپ بەلگىلەنگەن ئىدى. پۈتۈن ئۆمرىنى ھەربى قوشۇنلارغا قوماندانلىق قىلىش بىلەنلا ئۆتكۈزگەن بۇ قارام ئىتتىھاتچى، باسمىچىلار بىلەن بىرلىشىپ يەنە بىرەر يىلدەك جەڭ قىلغاندىن كېيىن تۈركىستان تۇپراقلىرىدىن ئايرىلىدۇ.

چەتئەلدىكى تۈركىستان مۇستەقىللىق كۈرىشى ئۈچۈن قانات يايدۇرۇلغان كۈرەشلەردە تۆھپىسى بولغان ئىتتىھاتچىلاردىن يەنە بىرسى، يازغۇچى ۋە دىپلومات مەخمۇت شەۋكەت ئەسەندال ئىدى. ئىتتىھاتچى ھەرىكەتلەر موسكۋادا جانلىنىشقا باشلىغان ۋاقىتلاردا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ باكۇدا تۇرۇشلۇق ۋاكالەتچىسى بولغان ئەسەندال، ئىتتىھاتچى يېتەكچىلەر بىلەن ئىزچىل مۇناسىۋەت باغلاپ كېلىۋاتقان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ تۈردىكى مۇناسىۋەتلىرىدىن ئەنقەرە ھۆكۈمىتىنىڭ خەۋىرى بار ـ يوقلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر مەلۇمات يوق. ئەسەندالنىڭ بىئوگرافىيىسىدە بۇ تۈردىكى مۇناسىۋەتلىرى تۈپەيلىدىن ئەنقەرە دائىرىلىرى ئۇنىڭغا بىر مەزگىل سوغوق مۇئامىلىدە بولغانلىقى، شۇ سەۋەپتىن بىر مەزگىل خىلى قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقى يېزىلغان. شۇنداق بولىشىغا قارىماي، ئەسەندال ئاۋال تېھرانغا، كېيىن يەنە ئافغانىستانغا ئەلچى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ (ئەسەندال 1925 ـ يىلى 6 ـ ئۆكتەبىردىن 1930 ـ يىلى 31 ـ ئاۋغۇستقىچە بولغان ئارىلىقتا تېھرانغا، 1933 ـ يىلى 11 ـ ئىيولدىن 1941 ـ يىلى 31 ـ ئۆكتەبىرگىچە بولغان ئارىلىقتا كابولغا باشئەلچى بولىدۇ. 1931~1933 ـ يىللار ئىچىدە ئەلازىغ خەلق ۋەكىلى بولۇپ سايلىنىپ، مىللىي مەجلىس ــ تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى، يەنى تۈركىيە ئالى خەلق قۇرۇلتىيىدا ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). ئەسەندال، بۇ تۈر ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان مەزگىللەردە تۈركىستانلىق رەھبەرلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت باغلاپ، ھەر جەھەتتە ئۇلارغا ياردەم قولىنى ئۇزارتىپ كەلگەن ئىدى.

ئەنۋەر پاشانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ تاغىسى خەلىل پاشا بىلەن ئىنىسى نۇرى پاشالار ئۈچۈن ئېيتقاندا، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئۇلارنى خەۋپلىك ئادەم دەپ

قارايدىغان دەۋرلەرمۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسلا تۈركىيىگە قايتىپ ئەنقەرە ھۆكۈمىتى بىلەن يارىشىپ تېنچ كۈننى ئۆتكۈزىدۇ. بۇ ئىككىلا پاشا كېيىنكى دەۋرلەردە تۈركىيىگە كەلگەن تۈركىستانلىق يىتەكچىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزمەي داۋاملاشتۇرىدۇ. زەكى ۋەلىدىي توغان كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىدە، ئىستانبۇلغا كەلگىنىدە (1924-يىلى) ئۇنى ئەنۋەر پاشانىڭ مۇھاپىزەتچىسى مۇھىتتىن ئەپەندى ئالدىغا چىقىپ كۈتىۋالغانلىقىنى، فرانسىيىگە مېڭىش ئالدىدىمۇ ئىزمىردىن ئۆتكىنىدە ئۇ يەردە 3 كۈن تۇرۇپ خەلىل پاشانىڭ مېھمىنى بولغانلىقىنى يازىدۇ. بۇ تۆردىكى مۇناسىۋەتلەر كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ داۋاملىشىدۇ. سابىق ئىتتىھاتچىلار 1920-يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئىستانبۇلدا باشلىنىدىغان تۈركىستان مىللىي بىرلىگى (ئىتتىپاقى) ھەرىكىتى ۋە تۈركىستانلىق ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ پائالىيەتلىرىنى يېقىندىن كۆزىتىپ، ئۇلارنى ئەمەلي ھەرىكەتلىرى بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلەپ تۇرىدۇ.

## ئورتا ئاسىيا مىللىي ئاۋام ئىنقىلاۋىي جەمىيەتلەر ئىتتىپاقى

1920-يىللارغا كەلگەندە، بولشېۋىزمنى قوبۇل قىلمايدىغان تۈركىستانلىق زىيالىيلار، تۈركىستاننىڭ كەلگۈسى تەغدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ئاكتىپ رول ئېلىش، داۋام قىلىۋاتقان مىللىي كۈرەشكە يىتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن بىر سىياسىي تەشكىلات قۇرۇپ چىقىش لازىم، دەپ قاراشقان ئىدى. ئەمما بۇ ھەقتە ئىشنى نەدىن باشلاش ۋە قانداق قىلىش مەسىلىسىدە ئۆز ئىچىدە نۇرغۇنلىغان ئوخشىمىغان پىكىرلەر ئوتتۇرغا چىقىدۇ. بۇخارالىق جەدىتچىلار بىلەن تۈركىستانلىق شۇرائىي ئىسلامچىلار يىغىلىپ چاقىرىلغان بىر قېتىملىق يىغىنىدا، تەرەققىي پەرۋەر جەدىتچىلار گۇرۇپپىسى ۋە سوتسىيالىستچىلار گۇرۇپپىسى (كېيىنچە ئەرك پارتىيىسى دەپ نام بېرىلىدۇ. — ئا.ھ. ئىزاھاتى) دېگەن ئىككى سىياسىي ئېقىم ئوتتۇرغا چىقىدۇ. سوتسىيالىست گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ پروگراممىسىدا دېھقانلارنى "پرولېتارىيات" دەپ قوبۇل قىلماقتا ئىدى. شۇنداق قىلىپ سانائەت تەرەققىي قىلمىغانلىقى سەۋەبىدىن ۋەتىنىدە مەۋجۇت بولمىغان ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئورنىغا دېھقانلار سىنىپىنى قۇرۇلغۇسى مۇستەقىل تۈركىستاننىڭ ئاساسى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى دەپ قوبۇل قىلماقچى بولغان ئىدى. يەر بىلەن سۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق مۈلۈك دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈلۈپ، كوللىكتىپ مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلىدىغان بولىشى، دۆلەتتە دىن سىياسىي ئىشلاردىن ئايرىلغان ئىلغارلىق پىرىنسىپلىرى يولغا قويۇلىدىغان بولىشى لازىم دەپ قارالماقتا ئىدى. بۇلارنى ئاساسلىق نوقتىلار بويىچە يىغىنچاقلاپ ئىپادىلىگەندە،

سوتسىيالىستچىلار گۇرۇپپىسىنىڭ پروگراممىسى پرولېتارىياتنىڭ ئورنىغا دېھقانلار سىنىپىنى دەسسىتىش، دىنىي دۆلەت باشقۇرۇشقا ئارىلاشتۇرمايدىغان مەدەنىيەتلىك مىللەتچى سوتسىيالىزم تۈسىنى ئالىدىغان بىر خىل تۈزۈم بەرپا قىلىشقا مەركەزلەشكەن ئىدى.

تەرەققىپەرۋەرلەر بولسا دىنىي مەسىلىلەرنى كۆپىرەك تەكىتلىشەتتى. شۇنىڭدەك يەنە، ئۇلار خەلقنى ھەرقانداق بىر سىنىپقا ئايرىپ مۇئامىلە قىلىشقىمۇ قوشۇلمايتتى؛ يەرنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈك بولىدىغانلىقىنى قوبۇل قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئاساسىي غايىسى دىن ساقلاپ قېلىنىدىغان، ھاكىمىيەت ئىشلىرى ھەرقانداق بىر سىنىپقا مەنسۇپ بولمايدىغان، تەرەققىياتتا بۇرژۇئازىيىنى ئاساس قىلىدىغان بىر خىل دۆلەت تۈزۈمىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا ئىدى.

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى بولۇڭ-پۇچقاقلىرىغا تارقىلىپ قانات يېيىۋاتقان مىللىي مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىنىڭ چېچىلاڭغۇ ھالىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەمدە ئورتاق بىر سىياسىي قاراشقا ئاساسەن بىر يەرگە كېلىش مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قايسى گۇرۇپپىلارنىڭ بىر مەركەز ئاستىغا يىغىلىپ پائالىيەت قىلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن مەخپىي بىر تەشكىلات قۇرۇپ چىقىش پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلدۇ. 1921-يىلىنىڭ 7-ئېيىدا تۈركىستانغا يېتىپ كەلگەن تۈركىيە ئالىي خەلق قۇرۇلتىيى خەلق ۋەكىلى ئىسمائىل سۇپھى (سويساللىئوغلى) ئەپەندىمۇ ئەنە شۇنداق ئورتاق پائالىيەت قىلىش ئاساسىنى تىكلىۋېلىش ھەققىدە مەسلىھەت بەرمەكتە ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، بىر قىسىم جەدىتچى يېتەكچىلەرنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، ھەربىي خىزمەت ئۆتەش، مائارىپنى يولغا قويۇش، ساغلىقنى ساقلاش ۋە سەھىيە ئىشلىرى، ئىقتىسادى پىرىنسىپ ۋە ئومۇمىي ئىشلار قاتارىدىكى ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك 72 ماددىلىق بىر سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي قانۇن-پىرىنسىپ تەييارلىنىدۇ. ياش بۇخارالىقلارنىڭ يېتەكچىلىرى ئاساسەن ئالغاندا تەرەققىيپەرۋەرلەر گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ بولغان ئىدى. زەكى ۋەلىدى، ئابدۇلخەمىت ئارىپوۋ ۋە يەنە بىر قىسىم ئالاش-ئوردا ۋەكىللىرى بولسا سوتسىيالىستچىلار گۇرۇپپىسى تەرەپكە مەنسۇپ بولغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ 1921-يىلى 12-ئاينىڭ 29-كۈنىسى ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق يىغىندا 7 ماددىلىق ئورتاق پائالىيەت قىلىش پىرىنسىپى تۈزۈپ چىقىرىلىدۇ، بۇ ئاساستا قۇرۇلغان مەخپىي ئىتتىپاققا "ئورتا ئاسىيا مىللىي ئاۋام ئىنقىلاۋىي جەمىيەتلەر ئىتتىپاقى" دېگەن نام بېرىلىپ، ئادەتتە قىسقارتىلىپ "جەمىيەت" دەپلا ئاتىلىدىغان بولىدۇ. بارلىق گۇرۇپپىلار ئورتاق ئەمەل قىلماقچى بولغان 7 ماددىلىق ئاساسىي پىرىنسىپ تۆۋەندىكىچە ئىدى:

1. جەمىيەتنىڭ غايىسى تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش بولۇپ، تۈركىستاننىڭ تەغدىرىنى تۈركىستانلىقلار ئۆز قولىدا تۇتۇشى شەرت؛
2. مۇستەقىل تۈركىستاننىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى ئاساس قىلىدۇ؛
3. مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش غايىمىز پەقەت مىللىي ئارمىيە قۇرۇپ چىقىش ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغان ئىش بولۇپ، مىللىي ھۆكۈمەت پەقەت ئەنە شۇنداق مىللىي ئارمىيىگە تايىنىش ئارقىلىقلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ؛
4. تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئىقتىسادى جەھەتتىكى مۇستەقىللىق ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدىغان بىر ئىشتۇر. تۈركىستان ئىگىلىك ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى بەلگىلەش، سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىگىنىڭ قايسى تۈرلىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىملىقىنى بېكىتىش، ياسىلىدىغان تۆمۈر يوللار بىلەن ئېچىلىدىغان ئۆرتاق قانالىلارنىڭ قايسى يۆنىلىشلەردە بولىشىنى بەلگىلەش قاتارىدىكى ئىشلار تۈركىستان خەلقىنىڭ قولىدا بولىشى لازىم؛
5. ئومۇمىي مائارىپ بىلەن مەخسۇس مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ياۋرۇپا مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشتە رۇسسىيە مەدەنىيىتىنى ۋاستە قىلىۋالماي، ياۋرۇپادىن بىۋاستە ئۆگىنىشكە غەيرەت قىلىش لازىم؛
6. مىللەتلەر مەسىلىسىنى مەملىكەتنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىشتا نوپۇس سانىغا قاراپ تەقسىم قىلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ھەل قىلىش لازىم؛
7. دىنىي ئىشلاردا تولۇق ئەركىنلىك بېرىلىش؛ دۆلەت ئىشلىرى بىلەن دىنىي ئىشلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىش لازىم (سوتسىيالىستلار تۈدەسىنىڭ 9 ماددىلىق، تەرەققىپەرۋەر جەدىتچىلار پىرقىسىنىڭ 19 ماددىلىق پروگراممىلىرى شۇ نامدىكى ماتېرىيالدا تەپسىلى بايان قىلىنغان. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

جەمىيەت رەئىسى ۋەزىپىسىگە ئاۋال مۇنەۋۋەر قارى تەكلىپ قىلىندى. ئەمما مۇنەۋۋەر قارى بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، يازغۇچى سەدرىدىن ئەينىگە تەكلىپ قىلىندۇ. ئۇمۇ بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگىنىدىن كېيىن، ئىسمائىل سۇپىھى ئەپەندىنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن ئەخمەت زەكى ۋەلىدىي جەمىيەت رەئىسى ۋەزىپىسىگە سايلىنىدۇ. دەسلەپكى قەدەمدە تۈزۈپ چىقىرىلغان 7 ماددىلىق بۇ پىرىنسىپ، جەمىيەتنىڭ 1921-يىلقى سەمەرقەنت قۇرۇلتىيىدا ۋە 1922-يىلقى تاشكەنت قۇرۇلتايلىرىدا ئاساسەن ئۆزگەرتىلمەي ساقلاپ قېلىنىدۇ. زەكى ۋەلىدى توغان، سەمەرقەنت قۇرۇلتىيىدا مىللىي تۈركىستان بايرىغى لايىھىلىنىپ ئاندىن تەستىقلانغانلىقىنى

يازىدۇ. تۈركىستان تەۋەسىدە ھەمدە چەت دۆلەتلەردە ئۈزۈن يىل قانات يايدۇرۇلغان مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەرنىڭ ھەقىقى خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەش جەھەتتىن ئالغاندا، بۇ تەشكىلات پىرىنسىپ قىلغان نىزامنامە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

نىزامنامىنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا، بۇ ئىتتىپاق ئۆزبەك تەرەققىپەرۋەر جەدىتچىلىرى، ياش بۇخارالىقلار پىرقىسى، ياش خىۋەلىكلەر پىرقىسى، قازاقىستان ئالاش ئوردا پىرقىسى، باشقىردىستان پىرقىسى، تۈركىستاندىكى يەرلىك قەشقەرلىكلەر ۋە تارانچىلار تەشكىلاتلىرى، چارجۇي مىللىي تۈركمەن تەشكىلاتى ۋە تۈركىستان سوتسىيالىست فېدېرالىست تۈرك ۋە ئادەمى مەركەزىيەت پىرقىسى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ ئەزالىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغانلىقى كۆرسىتىلمەكتە. ئۇ ۋاقىتلاردا تۈركىستاندا قۇرۇلغان بارلىق تەشكىلاتلار ئوخشىمىغان سىياسىي كۆزقاراشلارغا ئىگە بولۇش بىلەنلا قالماي، مۇستەقىللىق دېگەن ئورتاق غايە ئاساسىدا ھەمدە پەقەت بىرلا تۈركىستان قۇرۇش دەيدىغان كۆزقاراش بويىچە بىرلىشەلىگەنلىكى ھەقىقەتەنمۇ ئەھمىيىتى چوڭ بىر ۋەقە ھېساپلىنىدۇ.

جوغراپىيىلىك نوقتىدا تۈركىستان ئېنىقلىمىسى 2-ماددىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، "بۇرۇن تۈركىستان باش گوبېرناتورلىقىغا تەۋە بولغان ۋىلايەتلەر، بۇرۇنقى بۇخارا ۋە خىۋە خانلىقلىرىغا تەۋە رايونلار، بۇرۇنقى قازاق سەھرا ۋىلايەتلىرى باش گوبېرناتورلىقىغا تەۋە رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ" دەپ كۆرسىتىلگەن ئىدى. بۇ ماددىنىڭ ئاخىرىدا رۇسىيە، سىبىرىيە ۋە ئۇرال بىلەن ئورتاق چېگرىسى بولغان رايونلاردا ئەگەر ئۇرۇسلار كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلغان بولسا، بۇ جايلار تېرىتورىيىدىن چىقىرىپ تاشلىنىپ، بۇنىڭ ئورنىغا تۈركلەر كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلغان جايلار تۈركىستان تەۋەسىگە قوشۇۋېلىنىشى كېرەك دېگەن تەشەببۇس ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى. بۇ خىل ھەل قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق باشقىردىستان، بۆكەي خوردا ۋە بوغتارما قاتارىدىكى تۈرك نوپۇسى زىچ جايلار تۈركىستان تېرىتورىيە تەۋەلىكىگە كىرگۈزۈلمەكتە ئىدى. ئۇرۇسلار زىچ ئولتۇراقلاشقان تاتارىستان بىلەن سىبىرىيە تۈركلىرى ئورۇنلاشقان جايلار مەسىلىسىدە، ئۇ يەرلەردە پەقەت تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە ياردەمچى بولىدىغان تەشكىلاتلارنىلا قۇرۇپ چىقىشقا بولىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىنغان ئىدى.

(رەسىم ئورنى)

3-خەرىتە. مۇستەقىللىق كۈرىشى يىللىرىدا تۈركىستانلىق جەدىتچىلەر تەرىپىدىن قۇرۇپ چىقماقچى بولغان «مۇختارىيەتلىك مۇسۇلمان ئەللەر فېدېراتسىيىسى» نىڭ

خەرىتىسى. (بۇ خەرىتىدە يەتتىسۇ ۋىلايىتىنىڭ شەرقىدىكى شەرقىي تۈركىستان رايونلىرى خىتاي خەرىتىسى ئىچىدە كۆرسىتىلگەن. ئۇ.ت) (بېنىنگسېندىن ئېلىندى)

بۇ ئىتتىپاقنىڭ ئاساسىي پروگراممىسى بۇ ئىتتىپاققا قوشۇلغان پارتىيىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان 7 ماددىلىق ئاساسىي پرىنسىپقا ئاساسەن بېكىتىلگەن ئىدى. مەركەزى كومىتېت بىلەن ئۇنىڭ ھەر قايسى جايلاردىكى شۆبىلىرى قەۋملار ئاساسىدا تەشكىل قىلىنغان بولماستىن، بەلكى رايونلارنى ئاساس قىلىپ تەشكىل قىلىناتتى. تۈركىستان مۇستەقىللىقىغا چىن قەلبىدىن ئىشىنىدىغان قالمۇق، يەرلىك يەھۇدىي، ئىرانلىق، ئافغان، ھىندى، ئۇكرائىن ۋە ھەتتا ئۇرۇسلارنىڭمۇ بۇ ئىتتىپاققا قاتنىشالايدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن (5-ماددا). بۇ بەلگىلىمە تەشكىللىنىشنىڭ ئىرقلار ئاساسىغا ئەمەس بەلكى ئەركىنلىك، دېموكراتىيە دېگەندەك چۈشەنچىلەرنى قوبۇل قىلىش-قىلماسلىق ئاساسىغا تۈزۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش مۇمكىن. رۇسىيىلىكلەرگە قارشى مۇستەقىللىق كۈرىشى بىلەن شۇغۇللىنىش مەقسىتى قىلىنغان بىر تەشكىلاتقا ئۇرۇسلارنىڭمۇ قاتنىشىشىغا يول قويۇش، بۇ كۈرەشنىڭ بىرەر مىللەتكە قارشى چىقىشنى مەقسەت قىلغان بولماي، بەلكى بولشېۋىكچىلىك جاھانگىرلىك تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇش پرىنسىپىغا ئاساسلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئېلىشقا بولىدۇ. بۇ يەردە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان يەنە بىر نوقتا شۇكى، تاجىكلارنى باشقا بىر گۇرۇپپىغا مەنسۇپ كىشىلەر دەپ قارىماي، بۇ ۋەتەنگە تەۋە قىلىپ كۆرسىتىلگەنلىكىدۇر. ئەسلىدە بۇ جەمئىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغان دەسلەپكى يىغىندىلا رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئاۋال تاشكەنتلىك مۇنەۋۋەر قارىغا بېرىش تەشەببۇس قىلىنىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن تاجىك يېتەكچىلىرىدىن بىرى بولغان سەدرىدىن ئەينىگە تەۋسىيە قىلىنغان؛ ئەمما ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا مەخپىي يەر ئاستى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى خالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىغان ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، تەشكىلاتنىڭ رەئىسلىكىنى باشقىرت تۈركلىرىدىن بولغان زەكى ۋەلىدىگە تەۋسىيە قىلىشقان ئىدى. بۇ ئىشلار، 1920-يىللاردىكى تۈركىستانلىق زىيالىيلارنىڭ قەبىلە ۋە ئۇرۇقداشلىق پەرقىنى كۆزدە تۇتماسلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغانلىقىنىڭ ئۇچۇق ئىپادىسى ئىدى. مۇسۇلمان ياكى تۈرك بولمىغانلارنىمۇ بۇ جەمئىيەتكە ئەزا قىلىپ قوبۇل قىلىنغانلىقى، جەمئىيەت قۇرغۇچىلىرىنىڭ تۈركىستان ئىتتىپاقى بىلەن تۈركىستان مۇستەقىللىقىغا ئىشىنىشنىلا شەرت قىلىپ، مىللەت ۋە دىن پەرقلىرىگە قارىماي تۈركىستاندا ياشايدىغان بارلىق كىشىلەرنى تۈركىستانلىق دەپ قوبۇل قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ ئىپادىلىمەكتە.

تەشكىلاتقا ئەزا بولۇشنىڭ ئۇسۇللىرى ئىتتىھات ۋە تەرەققىي جەمئىيىتىگە ئەزا بولۇش ئۇسۇللىرىغا ئوخشاپ كېتەتتى (ت ب م ۋەكىلى ئىبراھىم يارقىن

ــ ئارىفخان ــ چەتئەلدە پائالىيەت قىلىۋاتقان يىللىرىدىمۇ ت م ب گە ئەزا بولۇش ئۈچۈن شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىشلار ئىشلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇنداق ئۇسۇل ئىتتىھاتچىلاردىن ئۆگىنىۋېلىنغان ئۇسۇل ئىكەن. ئەزا بولغۇچى كىشى، تەشكىلاتقا كىرىدىغان ۋاقىتىدا قەسىمنى بوزۇسا ۋە تەشكىلاتنىڭ سىررىنى ئاشكارىلاپ قويسا ئۆلتۈرۈلىشى قوبۇل قىلىنغان ــ 1991 ـ يىلى 10 ـ يانىۋار كۈنىسى، ئىستانبۇل غازى ئوسمانپاشا تەۋەسىدە يارقىن بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن شەخسى سۆھبەت خاتىرىسىدىن ئېلىندى ــ . ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). نىزامنامىنىڭ 7 ـ ۋە 8 ـ ماددىلىرىدا بۇ تەشكىلگە ئەزا بولۇش ئۇسۇللىرى تەپسىلى تونۇشتۇرۇلغان. ئەزا بولغۇچى نامزات پروگراممىنى تولۇق ئوقۇپ چىقىپ قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگىنىدىن كېيىن، ئالدىغا قويۇلغان قۇرال (مىلتىق، تاپانچا ياكى بولمىسا قېلىچ) نى ئوڭ قولىدا تۇتقاچ، يەنە بىر قولى بىلەن قۇرئان كەرىمنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئەگەر مۇسۇلمان ئەمەس بولغىنىدا قۇرئان ئورنىغا مىللىي بايراقنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ تۆۋەندىكى قەسەمنى ئوقۇيدىكەن:

تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن، ئۇلۇغ تۈركىستان قۇرۇش غايىسىغا ئىشىنىدىغان تۈركىستانلىقلار بىلەن مىللەت ياكى قەبىلە پەرقىگە قارىماي بىرلىشىپ، تۈركىستان مىللىي بىرلىكى يولى بويىچە ھۆررىيەتنى قولغا كەلتۈرگەنگىچە جان تىكىپ خىزمەت قىلىدىغانلىقىمنى ۋىجدانىم بىلەن قەسەم قىلىمەن. جەمىيەتنىڭ سىرلىرىنى ساقلايمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن جېنىمنى پىدا. قۇرالغا، قۇرئانغا ياكى مىللىي بايرىقىمىزغا قولۇمنى قويۇپ تۇرۇپ جەمىيەت ئەزالىرى ئالدىدا بەرگەن قەسىمىمگە خىيانەت قىلغىدەك بولسام، قېنىم بۇ قۇرال ئۈچۈن ھالال بولسۇن!

تەشكىلاتنىڭ پائالىيەت شەكلى كومۇنىستىك پارتىيىنىڭ ياچېكا سىستېمىسىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ھەر بىر ياچېكا بىر قانچە كىشىلىك گۇرۇپتىن تەشكىل تاپاتتى. تۆۋەن دەرىجىلىك ياچېكىدىن پەقەت بىرلا كىشى يوقۇرىدىكى ياچېكا بىلەن مۇناسىۋەت تىكلىيەلەيتتى. شۇ ئارقىلىق ياچېكا ئەزالىرىدىن بىرەرسى قولغا چۈشۈپ قالغىدەك بولغىنىدا قالغان ياچېكىلارنىڭ ئەزالىرىنى پاش قىلىنىشتىن ساقلاپ قېلىش مەقسەت قىلىنغان ئىدى. بۇ نىزامنامىنىڭ قالغان ماددىلىرىدا قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىنى تەشكىلاتنىڭ ئاساسلىق قارار چىقىرىش ئورگىنى دەپ بەلگىلەنگەن بولۇپ، بۇ قۇرۇلتاينىڭ قانداق چاقىرىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى تەپسىلى باسقۇچلار كۆرسىتىلگەن. مەركەزى كومىتېت ئورگىنىدا قەۋىملەرگە تەۋە كىشىلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرماستىن، قابىلىيەت بىلەن سالاھىيەت ئاساس ئورۇندا تۇرىدۇ دەپ تەكىتلەنگەن. مەركەزى كومىتېت ــ سىياسىي، مالىيە ۋە مەدەنىي خاراكتېردىكى

پائالىيەتلەردە بىردىن-بىر ھۆكۈم چىقىرالايدىغان ئورگان دەپ بەلگىلەنگەن (13-، 14- ۋە 15- ماددىلار). ئىقتىسادىي مەنبە بولسا ئەزالار تۆلەيدىغان بەدەل پۇلى، مەتبۇئاتچىلىق كىرىملىرى ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا يىغىدىغان باج-سېلىق كىرىملىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ دەپ بەلگۈلەنگەن.

تەشكىلاتنىڭ ئىنتىزامى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇتۇلماقتا ئىدى. بىرەر قارار ئېلىنىشتىن بۇرۇن ھەر خىل پىكىرلەر ئەركىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ مۇنازىرە قىلىنىدىغانلىقى، ئەمما ھەر تەرەپنىڭ پىكرى ئېلىنىپ قارار قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، تالاش تارتىش قىلماي قەتئىي ئىجرا قىلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن (17- ماددا). ئادەتتىكى ئەھۋالدا چەت دۆلەتلەردە قۇرۇلىدىغان ۋاكالەتخانىلار مەركەزگە بىۋاستە قارايدىغان بولىدۇ. ئەمما ھەر قانداق بىر شەكىلدە تۈركىستاندىكى مەركەزى كومىتېت تارقىلىپ كېتىپ قالغىنىدا چەتئەلدىكى مەركەزى كومىتېت ھوقۇقنى ئۆز ئۈستىگە ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ، مۇستەقىل قارار چىقىرىدىغان ئورگانغا ئايلىنىدۇ (20-، 21- ۋە 23-ماددىلار).

بۇ جەمىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ھەر قايسى گۇرۇپپىلار كېڭىشىپ قارار قىلىنغان ۋەزىپىلەرنى يىغىنچاقلىغىنىمىزدا مۇنۇ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا: "تۈركىستان مۇستەقىل بولىشى، ۋەتەننىڭ كېلەچىگى تۈركىستانلىقلار تەرىپىدىن بەلگىلىنىشى كېرەك. قۇرۇش پىلانلانغان مۇستەقىل دۆلەت دىن بىلەن سىياسەت ئايرىلاشتۇرۇلمايدىغان تۈزۈمدە باشقۇرۇلىشى ۋە مىللىي ئارمىيىگە تايىنىپ ياشايدىغان بولىشى كېرەك. ئېتىقات ئەركىنلىكى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. دۆلەت، ئىقتىسادىي، مائارىپ ۋە يېزائىگىلىك ساھەلىرىدە خەلقنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئۆزىگە مەقسەت قىلىدۇ."

شۈبھىسىزكى، بۇ غايىلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن جەمىيەت سەمەرقەنت، خىۋە ۋە فەرغانە رايونلىرىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان باسمىچى يېتەكچىلەرنىڭ يېنىغا مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسى ئەۋەتىش ئارقىلىق ئىشنى باشلىغان ئىدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت، باسمىچى گۇرۇپپىلارنى ئورتاق بىر سىياسىي سەھنە ئەتراپىدا بىر يەرگە كەلتۈرۈش ھەمدە ئېلىپ بېرىۋاتقان جەڭنى پىلانلىق بىر شەكىلدە قانات يايدۇرۇشنى مەقسەت قىلىشماقتا ئىدى.

## باسمىچىلىق ھەرىكەتلىرى

باسمىچىلىق ھەرىكىتى، سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى قانات يايدۇرۇلغان تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ قوراللىق كۈرەش ساھەسىنى

شەكىللەندۈرگەن ئىدى. قوقان ئاپتونومىيىسى تاشكەنت سوۋېتى تەرىپىدىن تارقىتىۋېتىلگىنىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان بۇ ھەرىكەت، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا پۈتۈن تۈركىستانغا كېڭىيىپ 1930 ـ يىللارنىڭ بېشىغىچە داۋام قىلىپ بارىدۇ. قوقان مۇختارىيىتى ئېلان قىلىنغان ۋاقىتتا، بۇ ھۆكۈمەت شەھەر ئامانلىقىنى ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئەرگەش بەگكە تاپشۇرغان ئىدى. قوقان ساقچى باشلىقى ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگىنىدە "قۇربېشى" ئۇنۋانىنى ئالغان ئەرگەش بەگ، قوقان ئاپتونومىيىسى تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن تاققا چىقىپ كېتىپ، پەرغانە رايونىدا سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى قۇراللىق كۈرەشنى باشلايدۇ. دەسلىۋىدە قوقان شەھىرى بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىي بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان بۇ قوزغىلاڭ، 1918 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگىنىدە پۈتكۈل پەرغانە تەۋەسىگە كېڭىيىدۇ. شۇ سەۋەپتىن قوقان مۇختارىيىتىنىڭ تارقىتىۋېتىلگەن كۈنى، باسمىچىلىق ھەرىكىتىنىڭ باشلانغان كۈنى دەپ قوبۇل قىلىنماقتا.

سوۋېت دائىرىلىرى، خەلق ئارىسىدا ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكى ئالدىدا كىچىك كۆرستىش ئۈچۈن بۇ ھەرىكەتنى "باسمىچىلىق" دەپ ئاتاشقان ئىدى. شۇنداق قىلىپ بىر تەرەپتىن يەرلىك خەلقنىڭ بۇ ھەرىكەتكە ياردەم قىلىش ئارزۇسىنى ئازايتىشقا ئۇرۇنغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقاراغا بۇ ھەرىكەتنى ئادەتتىكى بۇلاڭچىلىق ھەرىكەت قىلىپ كۆرستىشنى مەقسەت قىلماقتا ئىدى. سوۋېت دائىرىلىرىنىڭ بۇ تۈر ئۇرۇنۇشلىرىغا قارىماي، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن "باسمىچىلىق" دىگەن بۇ ئاتالغۇ ئەسلى لوغات مەنىسىنى يوقۇتۇپ، خەلق ئارىسىدا "مۇستەقىللىق جەڭچىلىرى" ياكى "مۇجاھىتلار" دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز ئورنىدا ئىستىمال قىلىنىشقا باشلايدۇ. ئەسلىدە، باسمىچى يىتەكچىلىرى دەسلەپكى كۈنلىرىدىن تارتىپلا ئۆزلىرىنى "قۇربېشى"، كۈرەش پائالىيەتلىرىنى بولسا "قۇربېشلار ھەرىكىتى" دەپ ئاتاپ كەلگەن ئىدى. ئەمما سوۋېت تەرەپنىڭ كۈچەپ تەشۋىق قىلىشى نەتىجىسىدە، "باسمىچىلار" دىگەن بۇ ئاتالغۇ خەلقئارالىق ئاتالغۇلار تەركىۋىگە كىرىپ، بۇ رايون بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلىرىدا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىش ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىدى.

(رەسىم ئورنى)
باسمىچىلار بىلەن سوۋېت دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن تېنچلىق سۆھبەت سورۇنلىرىدىن بىر كۆرۈنۈش. پەرغانە شەھىرى، 1921 ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرى

باسمىچىلىق ھەرىكىتىنىڭ تەشكىلى شەكلى ئاساسەن قوقان خانلىقىدا يولغا قويۇلغان ھەربى تۈزۈمگە ئاساسەن تۈزۈلگەن ئىدى. ئون كىشىلىك گۇرۇپپىلارغا ئون بېشلار، يۈز كىشىلىك گۇرۇپپىلارغا يۈز بېشلار قوماندانلىق قىلاتتى. بەش يۈز

كىشىلىك گۇرۇپپىلارغا پانسادلار مەسئول ئىدى. قۇربېشىلار ئۈچۈن ئەڭ كامىدا مىڭ كىشىلىك بىر قۇراللىق قوشۇن تەشكىل قىلىنىشى لازىم ئىدى. بىر قانچە قۇر بېشىغا مەسئول بولغان كىشى "لەشكەر بېشى" دەپ ئاتالماقتا ئىدى. ئادەتتە باسمىچى يىتەكچىلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ بارلىق تەبىقىلىرىدىن كەلگەن كىشىلەردىن تەركىپ تاپماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە رايونلارغا تەۋە يىتەكچىلەر، دىنىي زاتلار، كونا ھەربىلەر، سابىق ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ياكى بىلىملىك جەدىتچىلەرمۇ بار ئىدى. پەقەت مۇشۇ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن باسمىچىلىق ھەرىكىتىنى سوۋېت دائىرىلىرى تەرىپلەشكىنىدەك ئۇنداق فېئودال خاراكتېرىگە ئىگە بولماي، ئەكسىچە خەلق ئاممىسىنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر ئومۇمىي خەلق ھەرىكىتى ئىكەنلىكىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. بولۇپمۇ فەرغانە رايونىدىكى باسمىچىلار تەرىپىدىن ئوتتۇرغا قويۇلغان "تۈركىستان — تۈركىستانلىقلارنىڭدۇر"، "سوۋېت ھاكىمىيىتى تۈركىستاندىن چىقىپ كەتسۇن"، "بىزگە مۇستەبىتلەردىن تازىلانغان تۈركىستان كېرەك" دىگەندەك شۇئارلىرى، بۇ ھەرىكەتنىڭ ئاساسلىق غايىسىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەرمەكتە.

باسمىچىلىق ھەرىكىتىنىڭ سوۋېتلەر تەرىپىدىن قايسى تۈردە تەرىپلىنىۋاتقانلىقىنى فرۇنزېنىڭ ئۆزى بىۋاستە قىزىل ئارمىيەگە ئېلان قىلغان بىر بۇيرۇقىدىن ئېنىق كۆرۈۋېلىشىمىز مۇمكىن:

يولداشلار، تۈركىستاننىڭ ئۈنچە-مەرۋايىتى دەپ تونۇلغان فەرغانە ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى قانلىق ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلىنىپ قالماقتا. ... بۇ يەردىكى سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللىرىدا ياۋرۇپالىق ۋە يەرلىك بولۇپ كەڭ ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسىنى ئۆز ئەتراپىغا جەلىپ قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئەمگەكچىلەر خەلقنى ئۆزلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە ھەرىكەت قىلىپ كەلگەن ئىدى. ... مۇلۇكنىڭ كوللىكتىپلاشتۇرۇلىشى ئورنىغا پەقەت بۇرجۇئازىيە سىنىپىنىڭ قولىدىكى مۇلۇكلەرنى مۇسادىرە قىلىش بىلەنلا قالماي، ئورتا ھاللىق دېھقانلارنىمۇ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشقان. ... بۇ جايلاردا پائالىيەت قىلىۋاتقان قىزىل ئارمىيە قوشۇنلىرىنى، ئىنقىلاپنى ھىمايە قىلىدىغان يىتەكچىلەردىن بەزى كىشىلەر ۋە ئەمگەكچى خەلق ئىستىبدات قۇرالى سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەتكەن. باسمىچىلار ھەرىكىتى دەپ ئېيتىلىۋاتقان بۇ ھەرىكەتلەر، ئەنە شۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەن بىر ھەرىكەتتۇر. شۇڭا، باسمىچىلارنى ئاددى بۇلاڭچىلار ھەرىكىتى دەپ قارىماسلىقىمىز لازىم. ئەگەر راستىنلا ئادەتتىكى بۇلاڭچىلارنىڭ ھەرىكىتى بولغىنىدا ئىدى، ئۇلارنى ئاللىمۇ قاچان يىغىشتۇرۇپ بولار ئىدۇق.

باسمىچىلىق ھەرىكەتلىرى ئاساسەن ئالغاندا خەلق ئاممىسىنىڭ دىنىي ھىسسىياتلىرىنىڭ قوزغىتىلىشى ۋە مىللىي ھىسسىيات ئاساسىدا كۆچىيىپ بارغان بىر ھەرىكەت ئىدى. بۇ ھەرىكەتنىڭ ئەڭ ئاجىز يېرى، ئۇلاردا ئورتاق بىر سىياسىي پروگراممىنىڭ يوقلىقى ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، بىر مەركەز ئەتراپىغا ئۇيۇشۇش، ئورتاق ستراتېگىيىلەر تۈزۈپ چىقىش ئىمكانىيىتى بولماي قالىدۇ. ئورتا ئاسىيا مىللىي ئاۋام ئىنقىلاۋىي جەمىيەتلەر ئىتتىپاقى ئورتاق بىر سىياسىي پروگراما تۈزۈپ چىقىش، باسمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنى بىرلا يېتەكچى ئورگان ئەتراپىدا بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ تۈزۈك بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

1918-يىلى فەرغانە رايونىدا باشلانغان باسمىچىلىق ھەرىكىتى تېز سۈرئەت بىلەن كېڭىيىپ، 1919-يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە پەرغانە رايونىدىكى بارلىق مەركەزى شەھەرلەر باسمىچىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولغان بىر ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى. دەسلىۋىدە ئەرگەش قۇرباشى تەرىپىدىن باشلىتىلغان بۇ ھەرىكەت، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن مادامىنبەگ (مۇھەممەد ئىمىن)، شىر مۇھەممەتبەگ قاتارىدىكى قابىلىيەتلىك قۇرباشىلىرىنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشى نەتىجىسىدە راسا كۆچىيىپ بارغان ئىدى. سوۋېت دائىرىلىرى بۇ ھەرىكەتنى باستۇرۇش ئۈچۈن سوفونوۋ، فىلىپوۋ ۋە سىپاسىبوۋلاردىن تەشكىل تاپقان بىر ئىنقىلاۋىي ئالدىنقى سەپ تەشكىل قىلىدۇ. بۇ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بۇ ئىشنى كىلىشتۈرەلمىگەندىن كېيىن، قايتىدىن 5 كىشىلىك ئىنقىلاۋىي كومىتېت تەشكىل قىلىپ چىقىدۇ. بۇ كومىتېت بىلەن قىزىل ئارمىيە شۇنچە تىرىشقىنىغا قارىماي بۇ ھەرىكەت بېسىقماق تۇرماق كۈندىن كۈنگە كۈچلىنىپ كېڭىيىشكە باشلايدۇ. سوۋېت دائىرىلىرى تۈركىستان باسمىچىلىق ھەرىكىتىگە خاتىمە بەرگۈزۈش ئۈچۈن تېخىمۇ كەسكىن تەدبىر قوللىنىشى لازىم ئىكەن دەيدىغان خۇلاسىغا كېلىدۇ. 1919-يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە تۈركىستاندا سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە "تۈركىستان فرونتى" تەشكىللىنىپ، بۇنىڭغا گېنېرال فرۇنزېنى باش قۇماندان قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. فرونزې، ئۆزىنىڭ شتاپ ھەيئىتىنى ئېلىپ 1920-يىلى فىۋرالدا تاشكەنتكە كېلىپ پائالىيەتلىرىنى باشلىۋېتىدۇ.

1920-يىللارغا كەلگەندە تۈركىستان تەۋەسىدە پەرغانە رايونى، تۈركمەن سەھراسى ۋە شەرقىي بۇخارا رايونى قارتارلىق ئۈچ مۇھىم باسمىچىلىق مەركىزى بارلىققا كېلىدۇ. بۇلار فەرغانە رايونى، تۈركىستان سەراسى ۋە شەرقى بۇخارا رايونى قاتارلىق جايلاردىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى. قوقان مۇختارىيىتى ئاغدۇرۇلشى بىلەن تەڭ تۇنجى بولۇپ باسمىچىلىق ھەرىكىتى ئوتتۇرىغا چىققان پەرغانە تەۋەسىدە ئەرگەش قۇر بېشى، مادامىنبەگ، شىر مۇھەممەتبەگ ۋە خال غوجا قاتارلىق كىشىلەر ئەڭ داڭدار باسمىچى يېتەكچىلىرىدىن بولغان ئىدى. مادامىنبەگنىڭ قوشۇنى

تەركىۋىدە ئاق ئۇرۇس ئوفىتسېرلىرى بىلەن ئۇرۇس ئەسكەرلىرىمۇ بار ئىدى. خىۋە خانلىقىنىڭ ئاغدۇرۇلىشى بىلەن تەڭ، جۇنەيتخان باشچىلىقىدىكى تۈركمەن باسمىچىلىرى خارەزم جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىغا چېكىنىپ بېرىۋېلىپ شۇ يەرلەردە جەڭ قىلماقتا ئىدى. چارجويدا قۇرۇلغان مەخپىي مىللىي تۈركمەن كومىتېتىمۇ ئۇ جايلاردىكى ئۇششاق گۇرۇپپىلارنى بىر مەركەز ئاستىغا يىغىشقا كىرىشكەن ئىدى. سوۋېتلەر دائىرىسى بۇخارا خانلىقىنى ئاغدۇرىۋېتىشى نەتىجىسىدە، بولۇپمۇ شەرقىي بۇخارا تەۋەسىدە نۇرغۇنلىغان باسمىچى قوشۇنلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەپ بولۇپ بەرگەن ئىدى. ئىبراھىم لاقايبەگ، فۇزەيل مەخدۇم ۋە دەۋلەتمەندبەگ قاتارىدىكى كىشىلەر بۇ رايوننى ئاساسەن ئۆز تىزگىنى ئاستىغا ئېلىۋالغان ھېساپتا ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە سەمەرقەنت رايونى بىلەن زەرەپشان ۋادىسىدا ئۇششاق ـ چۇششەك نۇرغۇنلىغان باسمىچى گۇرۇپىلىرى ھەرىكەت قىلماقتا ئىدى.

بەزى قۇربېشىلار ئۆز رايونلىرىدا ھۆكۈمەت قۇرۇش ۋاستىسىغا تايىنىپ تېخىمۇ كۈچلۈك ئاساس تىكلەش ئۈچۈن تىرىشماقتا ئىدى. 1919 ـ يىلى 24 ـ سىنتەبىر كۈنى مادامىنبەگ **شەرقىي تۈركىستان** چېگراسىغا يېقىن بىر يەر بولغان ئۆركەشتامدا پەرغانە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. ئەمما سوۋېت قۇراللىق قوشۇنىنىڭ تىنماي ھۇجۇم قىلىشى نەتىجىسىدە بەش ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇمۇ تېنچلىق سۆھبىتىگە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئەھۋالدىن يەنە بىرنى 1920 ـ يىلى 3 ـ مارت كۈنىسى شىر مۇھەممەتبەگ ئەمەلگە ئاشۇرغان بولۇپ، تۈركىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىدىن بىرنى قۇرۇپ چىققان ئىدى. ئۆزىنى ئەمىرئىي لەشكەرئىي ئىسلام (ئىسلام ئارمىيە ئەمرى) دەپ ئېلان قىلغان شىر مۇھەممەتبەگ، قوقان خانلىقىغا ئوخشىتىلغان ھۆكۈمەت ئورگىنى تەشكىللەپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە پەرغانە تەۋەسىدىكى داڭلىق كىشىلەر ئارىسىدىن 12 كىشىلىك بىر مەسلىھەتچىلەر كېڭىشىنىمۇ تەشكىللەيدۇ. ئىنىسى تاش مۇھەممەتبەگنى ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى قىلىپ ئىۋەرتىدۇ. يەنە بىر ئىنىسى بولغان روزمۇھەممەتبەگنىمۇ **شەرقىي تۈركىستانغا** ۋەكىل قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئەپسۇسكى، روزمۇھەممەتبەگ بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن **قەشقەرگە** كېتىۋاتقىنىدا تاغ ئىچىدە دۇچ كەلگەن بىر قېتىملىق قار كۆچۈش ھادىسىسىدە پۈتۈن ئادەملىرى بىلەن قار ئاستىدا قېلىپ قۇربان بولىدۇ. شىر مۇھەممەتبەگ پەرغانە رايونىدا ئۇرۇشنى ئىككى يىلغىچە ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدۇ. ئاندىن 1921 ـ يىلىنىڭ سىنتەبىرلىرىدە دۇشەنبىگە قېچىپ بېرىۋالغان ئەمىر سەئىد ئالىمخاننىڭ يېنىغا بېرىۋېلىپ، ئۇ يەردە ئەمىر ئافغانىستانغا ماڭىدىغان ۋاقىتقىچە ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ پائالىيەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، باسمىچىلارغا كېلىپ قوشۇلغان ئەنۋەر پاشانىڭ قېشىغا ئىنىسى نۇر مۇھەممەدبەگنى ئىۋەرتىپ، ئەنۋەر پاشا قانات

يايدۇرغان بارلىق كۈرەشلەرگە ئىزچىل تۈردە ياردەم قىلىپ كېلىدۇ. ئەنۋەر پاشانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، شارائىتنىڭ بارغانسىرى قىيىنلىشىپ كېتىشۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئىنىسى بىلەن بىرلىكتە 1922-يىلىنىڭ سىنتەبىر ئېيىدا ئافغانىستانغا ئۆتۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

(رەسىم ئورنى)
ئەپسانىلاشقان باسمىچىلار رەھبىرى شىر مۇھەممەتبەگ دوستلىرى بىلەن بىرگە: 1. شىر مۇھەممەتبەگ؛ 2. ئۇكىسى، لەشكەر بېشى نۇر مۇھەممەتبەگ؛ 3. لەشكەر بېشى موللا ھاتەم؛ 4. باش كاتىۋى نەزىر قاباۋىي (1922-يىلى)

1922-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا تۈركىستان تەۋەسىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان باسمىچىلارنىڭ ئومۇمىي سانىنى ئاتمىش مىڭ ئەتراپىدا، ئۇلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن سوۋېت دائىرىلىرىنىڭ بۇ جايلارغا يۆتكەپ ئاپارغان ئەسكەر سانى يۈز مىڭ ئەتراپىدا دەپ خاتىرلەنگەن. ئەنۋەر پاشانىڭ قوشۇلۇشى بىلەن شەرقىي بۇخارا تەۋەسى باسمىچىلىق ھەرىكىتىنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ، باسمىچىلىق ھەرىكەتلىرىمۇ خەلقئارالىق سىياسىي مەسىلىلەر كۆن تەرتىۋىگە كىرگەن ئىدى. بۇ رايونغا قىزىقىدىغان بارلىق دۆلەتلەر ئەنۋەر پاشانىڭ بۇ جايلاردا نېمە ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرالار دەپ ئۇنىڭ بارلىق ھەرىكىتىنى يېقىندىن كۆزىتىپ كەلمەكتە ئىدى. ئەنۋەر پاشا ئۆزىنىڭ ئۇرۇش تەجرىبىسىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا بۇ جايلارنى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە ئېلىۋالغان ئىدى. بۇ جايلاردىكى ئىبراھىم لاقايبەگدىن باشقا بارلىق باسمىچى كۈچلىرىنى بىر يەرگە كەلتۈرۈپ ئۆنۈملۈك ھەمكارلىق تىكلەنگەن ئىدى. فۇزەيل مەخدۇم، ئېشان سۇلتان ۋە دۆلەتمەندبەگ قاتارلىق قۇر بېشىلار ئەنۋەر پاشانىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ جەرياندا، ئەنۋەر پاشا ئافغانىستان ئەمىرى ئامانۇللاخان بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت تىكلىگەن ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، يۈز بېرىۋاتقان بۇ ھادىسىلەر سوۋېت دائىرىلىرىنى بۇ جايلارغا تېخىمۇ كۆپ ئەسكەر يۆتكەش، ئەنۋەر پاشاغا ياردەم بېرىش ئېھتىمالى بولىدىغان بارلىق ساھەلەرگە كۈچلۈك بېسىم ئىشلىتىش ۋەزىيىتىنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. ئۇرۇسلار شۇ ئارقىلىق 1922-يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگىچە سابىق بۇخارا ئەمىرى تەرەپتارى بولغان باسمىچىلار يېتەكچىلىرىنى ئەنۋەر پاشادىن ئايرىۋېتىش ئۈچۈن تۇتۇش قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئافغانىستان ئەمىرىنىڭ تۇتقان سىياسەتلىرىمۇ ئۇلارغا پايدىسىز تەرەپكە قاراپ ئۆزگەرمەكتە ئىدى. يۈز بەرگەن بۇ تۈردىكى قىيىنچىلىقلارغا قارىماي، ئەنۋەر پاشا ئۇرۇشنى قەتئىي چىڭ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. ئەپسۇسكى، بەلجىۋان ئۇنىڭ بارالايدىغان ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلى بولۇپ قالىدۇ. ئەنۋەر پاشا،

1922 ـ يىلىنىڭ 4 ـ ئاۋغۇست كۈنىسى بىر قېتىملىق ئۇرۇس ھۇجۇمىدا شېھىت بولىدۇ. ئەنۋەر پاشانىڭ ۋاپاتى باسمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاساسەن تارقىلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىنى ئالغان ھاجى سەمىينىڭ كۆرسەتكەن پۈتۈن تىرىشچانلىقلىرى بۇ خىل تارقىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا يېتىشمەي، باسمىچىلىق ھەرىكىتى 1923 ـ يىلىدىن كېيىن ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى كۈچ قۇدرىتىگە زادىلا ئېرىشەلمەيدۇ.

ئىچكى ـ تاشقى قىيىنچىلىقلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدىن قۇتىلىۋالغان مۇسكۋا دائىرىلىرى، تۈركىستان تەۋەسىدىكى باسمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنى تولۇق يوقۇتۇش ئىرادىسىگە كېلىپ 1923 ـ يىلىنىڭ بېشىدا تۈركىستان تەۋەسىگە زور مىقتاردا قىزىل ئارمىيە قوشۇنلىرىنى يۆتكەشكە كىرىشىدۇ. يەنە شۇ يىلىسى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئارمىيىسى باش قوماندانى س. س. كامېنېۋنىڭ تۈركىستانغا كىلىشى، بۇ يەردىكى باسمىچىلارغا قارشى ئۇرۇشقا بىۋاستە قوماندانلىق قىلغانلىقى، سوۋېت دائىرىلىرىنىڭ بۇ ئىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، سوۋېت دائىرىلىرى باسمىچىلىق ھەرىكەتلەرگە قىلىنىۋاتقان ياردەملەرنى چەكلەش ئۈچۈن خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتمەكتە ئىدى. رۇسىيە كومپارتىيە مەركەزى كومىتېتىنىڭ تۈرك بىيروسى كۈچلۈك نارازىلىق قوزغىۋەتكەن ۋەقپە مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىش قارارىغا تۈزىتىش كىرگۈزىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئىسلامىي ئوقۇتۇش مۇئەسسەلىرىنى قايتىدىن ئېچىۋېتىش ھەمدە شەرئەت مەھكىمىلىرىنىڭ پائالىيەت قىلىشىغا يول قويىدىغانلىقىنىمۇ ئېلان قىلىدۇ. چىقىرىلغان بۇ قارارلار بىلەن بىرگە، يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى (ن.ئې.پ) نى مۇزاكىرىگە قويۇشى خەلقنىڭ نارازىلىقلىرىنى تىنجىتىش ھەمدە بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتىگە بولغان ئۆچمەنلىكلەرنى ئازايتىش رولىنى ئوينايدۇ.

(رەسىم ئورنى)

تىللا قارى مەدرىسىسىنىڭ قوروسىدا تەشكىللەنگەن بىرلا كىشىلىك قارىلىغۇچى ھەم سوتچى بولغان سوۋېت ئۇچۇق سوت مەھكىمە مەيدانىدىن بىر كۆرۈنۈش. سەمەرقەنت، 1923

(رەسىم ئورنى)

سوت مەھكىمىسىدە سوتلىنىۋاتقان باسمىچىلاردىن بىر كۆرۈنۈش. سەمەرقەنت، 1923

1923ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە باسمىچى گۇرۇپپىلارنىڭ كۆپ قىسمى تارمار قىلىنغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى. باستۇرۇلۇشتىن ئامان قالغان باسمىچى يېتەكچىلىرىنىڭ بىر قىسمى سوۋېت قوراللىق كۈچلىرىگە تەسلىم بولىدۇ. يەنە بىر قىسمى بولسا تارقاق شەكىللەردە ئۇششاق گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ كۈرەشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. شەرقىي بۇخارا رايونىدىكى لاقاي ئىبراھىمبەگ، تۈركمەنىستان تەۋەسىدە جۈنەيتخان قاتارلىقلار رۇسىيىلىكلەرگە قارشى كۈرەشنى يەنە بىر قانچە يىل داۋاملاشتۇرالىغان يېتەكچىلەر ئىدى. ئەمما يېتەرلىك دەرىجىدە قوراللانمىغان، ئارقا سەپ تەمىنات ياردىمى بولمىغان، ئۆز ئىچىدىمۇ بىرەر سىياسىي بىرلىككە كاپالەتلىك قىلالمىغان باسمىچى گۇرۇپپىلار مەخسۇس ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە كۆرگەن مۇنتىزىم ئارمىيە ئالدىدا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، قالغان باسمىچىلارمۇ كېيىنكى يىللاردا ئافغانىستاننى ئاساس قىلغان ھالدا ئىران ۋە **شەرقىي تۈركىستان** قاتارىدىكى خوشنا ئەللەرگە ئۆتۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. 1926ـ يىلىنىڭ باھار ئايلىرىغىچە شەرقىي بۇخارادا رۇسىيىلىكلەرگە قارشى كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئىبراھىم لاقايبەگ، شۇ ۋاقىتتىكى كۈنلىرىنى مۇنداق خاتىرىلەپ قالدۇرغان ئىدى:

يېتەرلىك دەرىجىدە قورال ـ ياراق ۋە ئوق ـ دورا، ئۇرۇشقا قاتناشتۇرغىدەك ئادەم كۈچىمىز بولمىغاچقا، سوۋېت تەۋەسىدە تىركىشىپ تۇرىۋېرىشنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى قالمىغان ئىدى. بىر بۆلۈكىگا قىستاپ قويۇلغان ئەھۋالدا ئىدىم. ئاخىرىدا ماڭغىدەك بىرلا يول قالغان بولۇپ، چېگرادىن ئۆتۈپ ئافغانىستان تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشتىن باشقا چارەم يوق ئىدى. ئاخىرى يېنىمدىكى 50 نەپەر يىگىتلىرىم بىلەن بىرگە چېگرادىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم.

تۈركمەن سەھرالىرىنىڭ غوجايىنى ھالىغا كەلگەن ئەپسانىۋى باسمىچىلار يېتەكچىسى جۈنەيتخانمۇ 1928ـ يىلىسى ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئاۋال ئىران تەرەپكە، ئۇ يەردىن يەنە ئافغانىستانغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ تۈركىستان تەۋەسىدە 1918ـ يىلىدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قوراللىق مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشقان ھېساپلانىدى (تۈركىستاندىن چەتئەلگە چىقىپ كەتكەن باسمىچى يېتەكچىلەر داۋاملاشتۇرىۋاتقان قوراللىق كۈرەشلەر ھەققىدە ئامۇ دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدا دېگەن بابقا قارالسۇن ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

# تۈركىستان تەۋەسىدىن چەت دۆلەتلەرگە كۆچ-كۆچلەر

تۈركىستاندىن قېچىپ چىقىپ چەت دۆلەتلەردە قانات يايدۇرۇلغان سىياسىي كۈرەشلەر ئاساسەن زىيالىيلار تەرىپىدىن قانات يايدۇرۇلغان ھەرىكەتلەر ئىدى. بۇ ئىنقىلاپچىلار تەرىپىدىن قانات يايدۇرۇلغان پائالىيەتلەر ئاساسلىقى تۈركىستانلىق مۇجاھىتلار بىلەن مۇھاجىرلار تۈرىتۋاتقان دۆلەتلەرگە مەركەزلەشكەنلىكى كۆرۈلمەكتە. فرانسىيىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، قالغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگىدەك ئەھۋال شۇنداق ئىدى. ئەنە شۇ سەۋەپتىن، 20-ئەسىرنىڭ بېشىدىن تارتىپ تۈركىستاندىن چەت دۆلەتلەرگە قاراپ كۆچ-كۆچ ھەرىكەتلىرىنىڭ سەۋەپلىرى بىلەن ئالاھىدىلىكىدىن تولۇق خەۋەردار بولغىنىمىزدا، چەت دۆلەتلەردە قانات يايدۇرۇلغان كۈرەشلەرنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىپ ئالالايمىز.

1900-يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلانغان تۇنجى چوڭ كۆچۈش دولقۇنى، 1916-يىلىسى چاررۇسىيىگە قارشى قانات يايدۇرۇلغان قوزغىلاڭلاردىن كېيىن كۆرۈلدۇ. ئىككىنچى قېتىملىق چوڭ كۆچ-كۆچ، باسمىچىلىق ھەرىكەتلىرى كۆپەيگەن يىللاردا يۈز بېرىدۇ. ئۈچۈنچى قېتىملىق كۆچۈش دولقۇنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا "كوللىكتىپلاشتۇرۇش ھەرىكىتى" باشلانغان يىللاردا يۈز بېرىدۇ.

1916-يىلىدىكى **شەرقىي تۈركىستانغا** قاراپ يۈز بەرگەن چوڭ كۆچ-كۆچنى ھىساپقا ئالمىغاندا، سوۋەتلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى بارلىق كۆچۈش ھەرىكەتلىرى ئاساسەن ئالغاندا ئافغانىستانغا، بولۇپمۇ شىمالىي ئافغانىستانغا قاراپ يۈزلەنگەن ئىدى. تۈركىستانلىق كۆچمەنلەرگە نىسبەتەن ئافغانىستاننىڭ بۇنچە جەلىپ قىلارلىق بولىشىغا، ئاساسەن ئالغاندا تۆۋەندىكىچە تارىخىي ۋە جوغراپىيىلىك جەھەتتىكى بىر قانچە تۈرلۈك ئامىل سەۋەپچى بولماقتا ئىدى.

14-ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا تۆمۈر تەرىپىدىن قۇرۇلغان چاغاتاي ئىمپىراتورلىقى ئۇنىڭ نەۋرىسى بابۇر دەۋرىگە كەلگىنىدە پارچىلىنىپ كېتىدۇ. شەيبانى ئۆزبەكخانغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان بابۇر شاھ، بۇ ئۇرۇشتا يېڭىلىپ بۇ رايوننى تاشلاپ چىقىپ كېتىدۇ. بابۇر ھىندىستانغا كەتكىنىدىن كېيىن، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا ئۆتكەن شەيبانى ئۆزبەكخان بۇ رايوندىكى قۇندۇز، بەدەخشان، بەلخ ۋە ھېرات قاتارىدىكى شەھەر دۆلەتلىرىنى بېسىۋالىدۇ. ئاندىن كېيىن غەربكە يۈزلىنىپ ئىراندىكى سافاۋىلار سۇلالىسىغا قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ. 1510-يىلقى مەرۋى ئۇرۇشىدا يېڭىلىپ جەڭ مەيدانىدا ئۆلتۈرۈلىدۇ. شەيبانى ئۆزبەكخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن بۇ جايلاردا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلار يۈز بېرىپ، ھەر قايسى ئۆزبەك گۇرۇپپىلىرى ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدە بىر قانچە خانلىق قۇرۇپ

چىقىشىدۇ. جەنۇبتا، يەنى بۈگۈنكى شىمالى ئافغانىستاندا قۇرۇلغان ئۆزبەك خانلىقلىرى ئۇششاق شەھەر دۆلەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى.

ئۇ ۋاقىتلاردا، يەنى 18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا بىر ئافغانىستان دۆلىتى شەكىللەنمەكتە ئىدى. ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى پەشتۇ قەبىلىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرىۋاتقان ئەخمەت شاھ دۇررانى، 1759-يىلى ھىندىقۇشنىڭ شىمالىغا يۈرۈش قىلىپ بەلخ شەھىرىنى بېسىۋالغان بولسىمۇ، ئافغان ھاكىمىيىتى ئۇ يەرلەردە ئۇزۇنغىچە پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. تەخمىنەن ئون يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بۇخارا خانى ئەخمەت شاھ ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنوبىغا ھۇجۇم قىلىپ بەلخ شەھىرىنى قايتۇرىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ جايلار بۇخارا خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئۆتكەن ئىدى. ئەخمەت شاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بۇ جايلاردا بارلىققا كەلگەن ھۆكۈمەتسىزلىك ۋەزىيىتى قۇندۇز، تاشقورغان ۋە سەمەنگان قاتارىدىكى شەھەرلەردە قايتىدىن ئۇششاق ئۆزبەك خانلىقلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. ئەمما بۇ ئۇششاق شەھەر دۆلەتلىرى ئۆزئارا تىنماي جىدەللىشىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ خىل ۋەزىيەتتىن پايدىلانغان ئافغان ئەمىرى دوست مۇھەممەتخان، 1859-يىلىسى ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنوبىدىكى ئۇششاق ئۆزبەك دۆلەتلىرىنى تارمار كەلتۈرۈپ بۇ جايلارنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، جەنۇبىي تۈركىستان تەۋەسى سىياسىي جەھەتتىن ئافغان تۈركىستانى ھالىغا كېلىپ قالىدۇ.

1880-يىلىسى، ئافغان پادىشاسى بولغان ئەمىر ئابدۇراخمانخان شىمالىي ئافغانىستانغا، يەنى ئافغان تۈركىستانىغا قارىتا بىر قېتىملىق پەشتۇلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇشقا كىرىشىدۇ. شىمالىي ئافغانىستانغا پەشتۇ كۆچۈرۈش ئىشى مۇنداق ئىككى خىل شەكىلدە ئىجرا قىلىنغان ئىدى: ئەمىر ئابدۇراخمان، تەخمىنەن يىگىرمە يىلدەك ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە، ھەر قانداق بىرەر باھانە سەۋەپ بىلەن مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىپ ئۇنى ئاۋارە قىلغان پەشتۇ قەبىلىلىرىنىڭ يەر ۋە مال-مۈلكلىرىنى مۇسادىرە قىلىۋالاتتى. ئاندىن بۇ پەشتۇ قەبىلىلىرىنى سۈرگۈن قىلىش نامىدا شىمالىي ئافغانىستان تەرەپلىرىگە ھەيدىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر خىل پەشتۇ كۆچۈرۈش ئۇسۇلى، ئۆز ئىختىيارى بىلەن بۇ جايلارغا كۆچۈپ بېرىشنى خالايدىغان پەشتۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ئىدى. ئافغان تۈركىستانىغا كۆچۈپ بېرىشنى خالايدىغان پەشتۇلارغا يول راسخوتى بېرىش، باج-سېلىقلاردىن كېچىرىم قىلىش ۋە يەر تەخسىم قىلىپ تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا لازىملىق شەرت-شارائىتلارغا كاپالەتلىك قىلىش قاتارىدىكى ئېتىۋارلىق سىياسەتلەرنى يولغا قويماقتا ئىدى. ئۇنىڭ يولغا قويغان بۇ خىل ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش سىياسىتى يەرلىك پەشتۇ ھۆكۈمدارلارنىڭ زورلۇق-زومبىلىقلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، يەرلىك خەلق ئىچىدە بەكلا كۈچلۈك نارازىلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپچى بولغان ئىدى.

ئەمىر ئابدۇراخمان كەڭ كۆلەملىك پەشتۇلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ كەلگىنىگە قارىماي، 20 ـ ئەسىرگە كىرگەن ۋاقىتلاردا شىمالىي ئافغانىستاننىڭ ھىرات، مەيمەنە، شىبىرغان، مازارى شەرىپ، كاتاغان ۋە بەدەخشان قاتارلىق ۋىلايەتلىرى يەنىلا "جەنۇبىي تۈركىستان" دىگەن نامغا ئۇيغۇن نوپۇس تەركىۋىنى ساقلاپ كەلمەكتە ئىدى. يەنى، بۇ جايلاردا يەنىلا نوپۇسنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تۈركى قەۋىملىرى تەشكىل تاپماقتا ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئافغانىستاننىڭ بۇ تەۋەسىگە كۆچۈپ بارغان تۈركىستانلىقلار ئۆرپە ـ ئادەت جەھەتلەردە قىلچمۇ ياتلىق ھىس قىلىشمايتتى. بۇ جايلارنىڭ تۈركىستانلىق كۆچمەنلەرنى ئۆزىگە تارتىپ كېلىشىدىكى يەنە بىر سەۋەپ، بۇ يەرلەر جوغراپىيىلىك جەھەتتىن شىمالىي تۈركىستانغا چىگراداش قوشنا يەرلەر بولغانلىقى ئىدى. ئافغانىستان، تۈركىستان چۆللىرىدىن تارتىپ تا بۇخارا ئەمىرلىكى بىلەن تۈركىستان باش گوبېرناتورلۇقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىستان زېمىنلىرىگە قوشنا ئىدى. بۇ خىل چېگراداشلىق مۇناسىۋەت تا **شەرقىي تۈركىستانغىچە** سوزۇلغان ئىدى. چېگرا سىزىقى شىمالدا قاراقۇرۇم چۆلى، ئوتتۇردا ئامو دەرياسى ۋە شەرق تەرىپىدە ئۆتكىلى بولمايدىغان تەبىي توساق بولغان پامىر تاغلىرىدىن ئىبارەت تەبىئىي چېگرالار بىلەن قورشالغان ئىدى. بۇنداق بىر رايوننى چېگرانىڭ ھەر ئىككىلا تەرىپىدىكى ھۆكۈمەتلەر ئاسانلىقچە تىزگىنلەپ كىتەلمەيتتى. شۇنداق بولغاچقا تۈركمەن چۆللىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ ھىرات بىلەن مەيمەنە شەھىرىگە بېرىش، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ مەزارى شەرىپ بىلەن كاتاغان ۋىلايەتلىرىگە بېرىش، پامىر تاغلىرىدىن ئۆتۈپ بەدەخشان ۋىلايىتىگە بېرىش بەكلا ئاسان ئىدى.

تۈركىستانلىق كۆچمەنلەرنىڭ ئافغانىستاننى تاللاپ ئېلىشىغا سەۋەپ بولغان يەنە بىر ئامىل، بۇ ئەلنىڭ دىنىي مۇھىتى ئىدى. ئافغانىستان مۇستەقىل بىر ئىسلام دۆلىتى بولغانلىقى، سۈنني مەزھىپى ئاساسلىق مەزھەپنى تەشكىل قىلغانلىقى ئوخشاش بىر مۇھىتتىن كەلگەن تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ ئالاھىدە جەلىپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. يەنە بىر خوشنىسى بولغان **شەرقىي تۈركىستان خىتايلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا**، ئىراندا شىيە مەزھىبى مىللەت قاتارىدا ئاساس ئورۇندا تۇراتتى. يىغىپ ئېيتقاندا، يوقۇرىدا كۆرسىتىلگەن سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، تۈركىستاندىن قوشنا ئەللەرگە كۆچۈشلەردە ئافغانىستانغا كۆچۈش بىرىنچى ئورۇندا تۇراتتى.

# بىرىنچى قېتىملىق كۆچ-كۆچ: 1916-يىلقى قوزغىلاڭ دەۋرى

1916-يىلى چاررۇسىيە دائىرىلىرىنىڭ تۈركىستانلىقلارنى ھەربىي ئىشچى ئورنىدا ئالدىنقى سەپكە ئىۋەرتىش ھەققىدە ئېلىنغان قارار، تۈركىستان خەلقىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغاپ، ھەر قايسى جايلاردا ئىسيان كۆتۈرۈلىشىگە سەۋەپ بولىدۇ. ئەسلىدىنلا ئۇزۇندىن بېرى سۈرگىلىش ۋە نارازىلىق ھىسسىياتلىرى داۋاملىشىپ كەلمەكتە ئىدى. چاررۇسسىيە ھۆكۈمدارلىرى ئاۋال قازاق-قىرغىز دالالىرىدىن باشلاپ ئۇرۇسلارنى كۆچۈرۈپ نوپۇس نىسبىتىنى ئۆزگەرتىش سىياستىنى پۈتۈن تۈركىستان تەۋەسىگە كېڭەيتىشكە كىرىشكەن ئىدى. ھوسۇللۇق مۇنبەت يەرلەرنى تارتىپ ئالغان ئۇرۇسلار ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئارقا تىرەك قىلىپ، ئىگەللىۋالغان يەرلەردە يەرلىك خەلققە قارىتا ئېغىر زۇلۇم ۋە ئاسسىمىلاتسىيە سىياستىنى يولغا قويۇپ كەلمەكتە ئىدى. رۇسسىيىلىك غوجايىنلار يەرلىكلەرنى مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىشى، قاتتىق ئىشلىتىپ ئاز ھەق بېرىش بىلەنلا قالماي، يەنە ئېغىر باج-سېلىق سېلىش سىياستى يەرلىك خەلقنى جېنىدىن جاق تويغۇزىۋەتكەن ئىدى. 1916-يىلىنىڭ 8-ئىيون كۈنىسى رۇسىيە ھۆكۈمىتى شۇ ۋاقىتقىچە يەرلىكلەرنى ھەربىيلىككە ئالماي كەلگەن ئىدى. دەل شۇ يىلىسى تۈركىستانلىقلارنى ھەربى ئىشچى سۈپىتىدە ئالدىنقى سەپلەردە ئىشلىتىش ئۈچۈن ئەسكەرلىككە تۇتۇش بويرىقىنى چىقىرىدۇ. بۇ بويرۇققا بىنائەن تۈركىستان گوبېرنىيىسى تەۋەسىدىن 250 مىڭ، قازاق دالاسى گوبىرناتورلىغىدىن 234 مىڭ بولۇپ تەخمىنەن يەرىم مىليون نەپەر ھەربى ئىشچى يىغىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەربىلىككە تىزىملىتىش جەريانىدا خوجەنت شەھىرىدە باشلانغان قوزغىلاڭ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا پۈتۈن مەملىكەتكە كېڭىيىپ كېتىدۇ. يەتتىسۇ تەۋەسىدە باشلانغان ئۇرۇس كۆچمەنلىرى يەرلىشىۋالغان يەرلەردىكى توقۇنۇشلار تېزلىكتە كېڭىيىپ چوڭ بىر قوزغىلاڭغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. گېنېرال كروپاتكىن يىتەكچىلىكىدىكى ئۇرۇس قوراللىق قىسىملىرى قوزغىلاڭنى 1917-يىلىنىڭ فىۋرال ئايلىرىغا كەلگىنىدىلا ئاران باستۇرۇپ بولالايدۇ. ئەمما بۇ باستۇرۇشلاردا تۈركىستانلىقلار بەكلا ئېغىر بەدەل تۆلەيدۇ. 6 ئاي داۋام قىلغان قوزغىلاڭدا، ئۆلگەن ئۇرۇسلارنىڭ سانى 5~6 مىڭغا يەتمىگەن بولسا، يالغۇز پىشپەك تەۋەسىدىلا 30 مىڭدىن ئارتۇق قىرغىز ئۆلتۈرۈلىدۇ. تۈركىستان تەۋەسى بويىچە ئۆلتۈرۈلگەن يەرلىكلەرنىڭ سانى يۈزمىڭدىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ.

قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن، 200 مىڭدەك تۈركىستانلىق رۇسىيىنىڭ سىبىرىيە قاتارىدىكى جايلىرىغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ. قوزغىلاڭ ئەڭ قاتتىق بولغان يەتتىسۇ رايونىدا يەرلىك خەلقنىڭ كامىدا يۈزدە 30 پىرسەنت قىسمى قىرىپ

تاشلانغان ئىدى. بۇنچە ئېغىر ۋەھشىلىكلەر يۈز بەرگەچكە، خەلقنىڭ بىر قىسمى يۇرتلىرىنى تاشلاپ باشقا ئەللەرگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇ. 1916 ـ يىلقى قوزغىلاڭ جەريانىدا تەخمىنەن يېرىم مىليوندەك تۈركىستانلىق چېگرادىن قېچىپ ئۆتۈپ **شەرقىي تۈركىستان** تەۋەسىگە پانالىق تىلىگەنلىگى مەلۇم. چاررۇسىيە ھۆكۈمدارلىرى بۇ خىل ۋەزىيەتتىنمۇ ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىدۇ. چارۇسىيە دائىرىلىرى ئۆلتۈرۈلگەن، سۈرگۈن قىلىنغان ۋە يۇرتىدىن ئايرىلىپ قوشنا ئەللەرگە پاناللىق تىلەپ قېچىپ كەتكەن تۈركىستانلىقلاردىن قالغان يەرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئىسلاۋيان كۆچمەنلىرىگە مۇكاپات قىلىپ تارقىتىپ بېرىدۇ.

## ئىككىنچى قېتىملىق كۆچ ـ كۆچ:

## باسمىچىلىق دەۋرى

تۈركىستاندا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى قانات يايدۇرۇلغان قۇراللىق كۈرەشلەر ئاجىزلىششقا باشلىغان ۋاقىتلاردا، باسمىچى گۇرۇپپىلىرى بىلەن بىرگە نۇرغۇن ساندا تۈركىستانلىق ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەرىپىدىن 1922 ـ ، 1924 ـ ۋە 1926 ـ يىللىرىدا ئېلان قىلىنغان ئىستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، تۈركىستان تېررىتورىيىسى بويىچە كۆچ ـ كۆچ ۋە قىرغىنچىلىق سەۋەبىدىن كۆرۈنەرلىك مىقتاردا نوپۇس ئازىيىشى بارلىققا كەلگەنلىگىنى كۆرسەتمەكتە. باسمىچىلىق ھەرىكىتى ئەڭ كۈچلۈك يۈز بەرگەن تۈركمەن دالالىرى، شەرقىي بۇخارا رايونى بىلەن پەرغانە ۋادىسى قاتارىدىكى رايونلاردىمۇ كۆچ ـ كۆچ ھەرىكىتى خېلى كۆپ يۈز بەرگەنلىگى كۆرۈلمەكتە. بۇ دەۋردىكى ھىجرەت دولقۇنى ئاساسەن ئالغاندا يېرىم چارۋۋىچىلىق بىلەن شوغۇللىنىدىغان ئۆزبەك گۇرۇپپىلىرى (لاقاي، دورمان، قاتاغان، كونگرات، قارلۇق، تاز ۋە باشقىلار)، تۈركمەن قەۋملىرى (بولۇپمۇ ئەرسارى ۋە سەرىق) ۋە شەرقىي بۇخارا تەۋەسىدە ياشايدىغان تاجىك قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالماقتا ئىدى. يالغۇز بۇخارا ئەمىرلىكى تەۋەلىكىدىنلا ھىجرەت قىلغانلارنىڭ سانى بىر مىليون ئەتراپىدا ئىكەنلىگىنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى مەنبەلىرىدىنمۇ كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. بۇ كۆچكەنلەرنىڭ ئاساسىي قىسمى ئۆزبەكلەر بىلەن تاجىكلاردىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى.

(رەسىم ئورنى)

4 ـ خەرىتە. تۈركىستاننى سىياسىي جەھەتتە پارچىلىۋېتىشتىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ئەڭ ئاخىرقى كۆرۈنىشى ۋە تۈركىستاندىن چەت دۆلەتلەرگە قاراپ كۆچۈش يوللىرى

شەرقىي بۇخارانىڭ چېگراغا يېقىن رايونلىرى (بۈگۈنكى تاجىكىستان ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) تۈركىستاننىڭ ئىچكى قىسىملىرىدىن كەلگەنلەر ئۈچۈن چېگرادىن ئۆتىۋېلىشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىماقتا ئىدى. شۇنىڭدەك بۇ يەرلەر ئەڭ كۆپ كۆچ ـ كۆچ بولغان يەرلەردىن بىرسى ئىدى. بۇخارا ئەمىرلىگىنىڭ شەرقىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان تاجىكىستاندا، 1917 ـ يىلىدىكى ئومۇمىي نوپۇس ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا 1374685 نوپۇس بار بولغان بولسا، 1926 ـ يىلىغا كەلگەندە، بۇ سان 831180 گە چۈشۈپ قالغان. مۇنداق ئېيتقاندا، يالغۇز تاجىكىستاندىكىلا ئازالغان نوپۇس سانى 543505 كىشىگە يەتكەن. سوۋېتلەر ئىنتىپاقىنىڭ يەنە شۇ قېتىملىق نوپۇس ئىستاتىستىكا رەقەملىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ مۇددەت ئىچىدە سۇرخان دەرياسى تەۋەسىدىن ئاساسى قىسمىنى ئۆزبەكلەر تەشكىل قىلغان 44 مىڭ ئۆيلۈك (تەخمىنەن 206800 كىشى) ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئافغانىستانغا قېچىپ كەتكەن. 1920 ـ يىللىرى بويىچە قاراتېكىن تەۋەسىدىن ۋاھش ۋادىسى ئارقىلىق ئافغانىستانغا 1300 قىرغىز ئۆيلىگى (تەخمىنەن ئالغاندا 6500 نوپۇس) چېگرادىن ئۆتۈپ كەتكەن. شەرقىي پامىر تەۋەسى ئارقىلىق ئافغانىستاننىڭ بەدەخشان تەۋەسىگە ئۆتۈپ كەتكەن قىرغىز تۈركىلىرىنىڭ سانىمۇ 200 ئۆيلۈك (تەخمىنەن ئالغاندا 1000 كىشى) ئەتىراپىدا ئىكەن. تۈركمەنلەر بولسا ئاساسەن ئالغاندا قاراقۇم چۆلى ئارقىلىق ئىراننىڭ تۈركمەن رايونىغا ھەمدە شىمالى ئافغانىستانغا ئۆتۈپ كەتكەن. 1926 ـ يىلىنىڭ كىرىشلىرىدە شىمالى ئافغانىستانغا ئۆتكەن تۈركمەن سانى 42580 قوش دەپ كۆرسىتىلمەكتە. ھەر بىر قوش ــ ئۆيلۈكتە ئوتتۇرا ھىساپ بىلەن 5 جان بار دەپ قوبۇل قىلىنغىنىدىمۇ ئافغانىستانغا 250 مىڭ ئەتىراپىدا تۈركمەن قېچىپ كەتكەن دەپ ئېلىشقا بولىدۇ. ئىراننىڭ تۈركمەن تەۋەسىگە كۆچۈپ چىققانلارنىڭ سانى ھەققىدە ئېنىق بىر مەلۇمات يوق.

ئافغانىستانغا كۆچۈپ كەتكەن تۈركلەرنىڭ قەۋىم نىسبىتىگە قارايدىغان بولساق، ئۆزبەكلەر بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. ئۇنىڭدىن قالسا تۈركمەنلەر بىلەن تاجىكلار كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلماقتا. يۇرتىدىن ئايرىلىپ بۇ تەرەپلەرگە كۆچۈپ چىققان قىرغىزلار بىلەن قازاقلارنىڭ سانىنى بۇلارغا سېلىشتۇرغاندا بەكلا ئاز دېيىش مۇمكىن. باسمىچىلىق ھەرىكىتى دەۋرىدە تۈركىستاندا يۈز بەرگەن كۆچ ـ كۆچ دولقۇنى، ئاساسەن ئالغاندا ئافغانىستانغا كۆچۈشنى ئاساس قىلغان ئىدى. ئىران بىلەن **شەرقىي تۈركىستانغا** كۆچۈشلەر

بولسا ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئورۇندا تۇراتتى. بولشېۋىكلار ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرلىرىدا باشلىنىپ، باسمىچىلىق ھەرىكىتى بويىچە داۋام قىلغان بۇ كۆچۈشنىڭ سانلىق مەلۇماتىغا مۇناسىۋەتلىك ئېنىق بىر رەقەمنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ئىمكانىيىتى يوق دىيەرلىك. شۇنداقتىمۇ ھەرخىل مەنبەلەردە كۆرسىتىلگەن سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ئوتتۇرچە قىممىتىنى ئېلىپ ھىساپلىغاندىمۇ، ئەڭ كامىدا 1.5~2 مىليوندەك تۈركىستانلىقنىڭ ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ چەت دۆلەتلەرگە قېچىپ كېتىشكە مەجبور بولغانلىقىنى كۆرىۋېلىش مۇمكىن.

## ئۈچىنچى قېتىملىق كۆچ-كۆچ: كوللىكتىپلاشتۇرۇش دەۋرى

سوۋېت دائىرىلىرى تۈركىستاندا باسمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇپ بولغىنىدىن كېيىن ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ساھەلەر بويىچە يېڭى سىياسەتلەرنى بەلگىلەپ يولغا قويۇشقا كىرىشىدۇ.

بۇ ۋەزىپىلىرىنىڭ ئىككىسى سىياسىي ساھەدىكى ۋەزىپىلەر ئىدى. ئۇلاردىن بىرسى، تۈركىستان تەۋەسىدىكى تۈركىلەرنى قەۋملەر بويىچە تۈرلەرگە ئايرىپ يېڭى جۇمھۇرىيەتلەر تەشكىل قىلىش لايىھىسىنى كونتەرتىپكە قويۇشى ئىدى. 1924-يىلىنىڭ 14-ئۆكتەبىر كۈنىسى س س ج ئى (سوۋېت سوتسيالىستىك رىسپوبلىكىلار ئىتتىپاقى، ياكى س س س ر، — ئۇ.ت) مەركەزى ئىجرائىيە كومىتېتى يىغىن چاقىرىپ، 1917-يىلدىن بۇيان مەۋجۇتلۇغىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان تۈركىستان ئاپتونومىيىلىك سوۋېت سوتسيالىستىك جۇمھۇرىيەتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش قارارىنى ئالىدۇ. تۈركىستان تەۋەسىدە قۇرۇلىدىغان رىسپوبلىكىلارنىڭ ئاساسى شۇ يىلىنىڭ ماي ئېيىدىن ئېتىبارەن تەييارلىنىشقا باشلىنىدۇ. سىنتەبىر ئېيىغا كەلگەندە چاقىرىلغان بۇخارا ۋە خارەزم خەلق جۇمھۇرىيەتلىرى ئۆزلىرىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرغان (!) لىق قارارىنى ئېلىشىدۇ. بۇ ئىشلار يۈز بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ ئىككى خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېرىتورىيىسى ئۈستىدە ئۆزبەكىستان بىلەن تۈركمەنىستان دىگەن ئىككى سوتسيالىستىك جۇمھۇرىيەتنى پەيدا قىلىش قارارى ئېلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە قازاقىستان تەۋەسىدىمۇ بىر قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن ئۇنىڭغا قاراشلىق يەنە بىر قاراقالپاق ئوبلاستى تەشكىل قىلىنىدۇ. تەشكىل قىلىنغان قاراقىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى بولسا رۇسىيە پىدىراتسىيىسىگە بىۋاستە قارايدىغان قىلىپ بەلگىلىنىدۇ. بۇ ئاپتونومىيىلىك رايون، 1926-يىلىنىڭ ماي ئېيىدا قىرغىستان سوۋېت سوتسيالىستىك جۇمھۇرىيىتىگە ئۆزگەرتىلىدۇ. قاراقالپاق ئوبلاستى بولسا، ئاۋۋال رۇسىيە جۇمھۇرىيىتىگە (1932-يىلىغىچە)، ئاندىن كېيىن ئۆزبەكىستان جۇمھۇرىيىتىگە (1936-يىلى) گە

قارايدىغان قىلىندۇ. ئۆزبەكىستانغا قارايدىغان قىلىپ تەشكىللەنگەن تاجىكىستان ئوبلاستىمۇ 1929 ـ يىلىنىڭ دىكابىر ئېيىدا جۇمھۇرىيەت دەرىجىسىگە ئۆستۈرۈلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، 1930 ـ يىللارغا كەلگىنىدە سابىق تۈركىستان تېرىتورىيىسى ئۈستىدە تۈركىستان دىگەن ئۇقۇمنى ئەسلىتىدىغان ھىچقانداق بىر ئورگان قالدۇرۇلمايدۇ.

ئىجتىمائىي ساھەدە بولسا، مۇسۇلمان تۈرك جامائەتى نوقتىسىدىن ئالغاندا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئۈچ ئورگاننى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىش مەسىلىسى ئوتتۇرغا قويۇلىدۇ. تارىختىن بۇيان تۈرك قەۋىملىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلۈشىنىڭ ئۇلىنى تەشكىل قىلىپ كېلىۋاتقان ۋەقپە ئورگانلىرى 1930 ـ يىلىسى چەكلىنىۋېتىلىپ، ۋەقپىنىڭ بارلىق يەر ۋە مال ـ مۈلكلىرى مۇسادىرە قىلىنىدۇ. باسمىچىلىق دەۋرىدە پائالىيەتلىرىگە كۆز يۇمۇپ كېلىنگەن شەرئەت قازىخانىلىرى 1927 ـ يىلىنىڭ 21 ـ سىنتەبىر كۈنىسى ئېلان قىلىنغان بىر قارار بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرىلىدۇ. بۇندىن كىيىن ھەممە يەردە سوۋېت قانۇنلىرى كۈچكە ئىگە قىلىنىدىغان ۋەزىيەت يارىتىلغان ئىدى. 1924 ـ يىلى قۇرۇلغان، ئەمما ئىچكى قالايماقانچىلىقلار سەۋەبىدىن پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرالماي كەلگەن خۇداسىزلار جەمىيىتى ئاكتىپ ھالغا كەلتۈرۈلۈپ دىنىي ئىشلار چەكلىنىشكە باشلىنىدۇ. بۇ جەرياندا ئەرەپ ئېلىپبەسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىسلاۋىيان ئېلىپبەسىنى ئىشلىتىش قارار قىلىنىدۇ.

سوۋېت ھاكىمىيىتى، 1928 ـ يىلى 5 يىللىق بىر ئىقتىسادىي پىلاننى ئىجرا قىلىشقا كىرىشىدۇ. بارلىق يەر ۋە مال ـ چارۋۋىلارنى دۆلەت مۈلكى دەپ ئېلان قىلىپ، خۇسۇسىي مۈلۈك ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. يىزائىگىلىكى بىلەن چارۋۋىچىلىق ئىشلىرى "كولخوز" بىلەن "سوۋخوز" لار ۋاستىسى ئارقىلىق ئىشلىنىدىغان بولىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە ئۆزبەكىستاندىن باشلاپ بارلىق جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ سۇغۇرۇشقا بولىدىغان يەرلىرىدە كىۋەز تېرىشنى كېڭەيتىش قارا قىلىنىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئېغىر تەبىئىي ئاپەتلەر بارلىققا كىلىشكە باشلايدۇ. بارلىق ساھەلەر بۇيىچە ھوسۇل ئازىيىپ كېتىش ھادىسىلىرى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. دىھقانلار مال ـ چارۋىلىرىنى دۆلەتكە تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كۆرە ئۆلتۈرىۋېتىش يولىنى تاللىۋالىدۇ. بۇنداق ۋەقەلەرگە ئاساسەن سوۋېت دائىرىلىرى قايتىدىن قاتتىق جازالاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا كىرىشىپ، يۈز مىڭلىغان كىشىنى قاماققا ئالىدۇ ياكى سۈرگۈن قىلىۋېتىدۇ. سوۋېتلەر ئىنتىپاقىنىڭ بارلىق بۆلۈك ـ پۇچقاقلىرى، بولۇپمۇ تۈركىستان تەۋەلىرىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان ئېغىر قەھەتچىلىك ۋە ئاچارچىلىق يۈز بىرىدۇ. بىر قىسىم يەرلەردە ئۇششاق ـ چۈششەك نارازىلىق ۋەقەلىرى كۆرۈلگەندەك قىلسىمۇ، بۇ تۈردىكى ۋەقەلەر تىزلىك بىلەن باستۇرىۋېتىلىدۇ.

1930 ـ يىللىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىگى شۇكى، كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى قۇرۇپ چىقىش جەريانىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن جەدىتچىلارنى

تازىلاش ۋەقەلىرى كۆرۈلىشى ئىدى. 1929 ـ يىلىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان ستالىن تېررورچىلىغى، 1938 ـ يىللارغا كەلگىنىدە ئەڭ يوقۇرى پەللىگە يېتىپ مىليونلىغان ئادەم باستۇرىۋېتىلىدۇ.

يۈز بەرگەن بۇ ھادىسىلار تۈركىستان خەلقىنىڭ بىر قىسمىنى يەنە بىر قېتىم خوشنا ئەللەرگە قاراپ قېچىشقا مەجبۇرلايدۇ. بۇ قېتىملىق كۆچ ـ كۆچتە شەھەرلىكلەرنىڭ قېچىشى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، بۇ قېچىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ـــ دىنى ئۆرپە ئادەتلىرىنى بىرەر مۇسۇلمانلار مۇھىتى ئىچىدە داۋاملاشتۇرۇش پۈرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان دېيىش مۇمكىن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى كۆچ ـ كۆچنى ھەقىقىي ھىجرەت دېيىشكە بولاتتى. ئافغانىستانغا قاچماقچى بولغانلار چېگراغا يېقىن يەرلەردىكى كولخوز ۋە سوۋخوزلاردا ئىشلەشنى ئىختىيار قىلىشاتتى. ئۇلار بۇ يەرلەردە ئەتراپ مۇھىت بىلەن تونۇشۇپ چىققىدەك ۋاقىت ئىشلىگەندىن كېيىن پۇرسەت كەلگەن ھامان چېگرادىن قېچىپ كېتىشەتتى. ئۇشتاق گۇرۇپپىلار بويىچە يۈز بەرگەن بۇ تۈردىكى قېچىش ھەرىكەتلىرى جەريانىدا، ئامۇ دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈشكە ئۇرۇنغان نۇرغۇنلىغان تۈركىستانلىق، چېگرا مۇداپىيە قىسىملىرى تەرىپىدىن قىرىپ تاشلىنىدۇ. قاچقۇچىلار يەنىلا بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكىدەك ئاساسلىغى ئافغانىستاننى تاللاپ ئالغان بولسا، يەنە بىر قىسمى ئىران بىلەن **شەرقىي تۈركىستاننى** تاللاپ ئېلىشقان ئىدى. چەتئەلگە قاراپ بۇنداق قېچىش ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپ سايىن كۆپىيىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ئوتتۇرلۇقتا ئېغىر دەرىجىدە ئىش كۈچى يېتىشمەسلىك ھادىسىلىرى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. بۇنداق بىر ۋەزىيەتتىن ئەنسىرەشكەن سوۋېت دائىرىلىرى بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا كىرىشىپ يېڭى ـ يېڭى تەدبىرلەرنى ئېلىشقا باشلايدۇ. 1930 ـ يىللاردىن باشلاپ چېگرا بويلىرىدىكى تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى تەدرىجى شەكىلدە كۈچەيتىپ، 1938 ـ يىلىغا كەلگىنىدە چېگرادىن قېچىپ ئۆتۈش ئاساسەن مۇمكىن بولمايدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرىۋالىدۇ.

ئامۇ دەرياسى يولىدىن پايدىلىنىپ ئافغانىستانغا قېچىپ چىققان ئۆزبەك مۇھاجىرلار مازارى شېرىپكە ۋە قاتاغان ۋىلايەتلىرىنىڭ ئىمامساھىپ، قۇندۇز، باغلان، خانئاۋات ۋە بەلخ قاتارلىق شەھەرلەرگە زىچراق مەركەزلىشىدۇ. تاجىكلار بولسا بەدەخشان ۋىلايىتى بىلەن ئۇنىڭ مەركىزى بولغان پەيزاۋاتنى ئاساس قىلىپ قېچىپ چىققان ئىدى. قاراقۇم چۆلىنىڭ ئوتتۇر قىسىملىرىدىن قېچىپ ئۆتكەن تۈركمەنلەر ئادەتتە ھىرات بىلەن مەيمەنە ۋىلايەتلىرىگە قاراپ كۆچىشىدۇ. بۇ چۆلنىڭ شەرقى قىسمىدىن قېچىپ ئۆتكەنلەر بولسا ئاساسەن شىبىرغان ۋىلايىتى تەرەپلەرگە، بولۇپمۇ چېگراغا يېقىن تۇرىدىغان ئەندخوي شەھىرىگە قاراپ قاچقان ئىدى (1964 ـ يىلىدىن بۇرۇنلاردا شىمالى ئافغانىستاننىڭ مەمورى بۆلۈملىرى غەرپتىن شەرققە قاراپ ھىرات، مەيمەنە، سىبىرغان، مازارى شېرىپ، قاتاغان ۋە بەدەخشان شەھەرلىرى

بولۇپ ئايرىلاتتى. كېيىنچە يېڭى تەشكىلى ئورگانلارغا ئايرىلىپ، بىر قىسىم ۋىلايەتلەرنىڭ ناملىرى ئۆزگەرتىلىپ، ۋىلايەت سانلىرىمۇ كۆپەيتىلدى. بۈگۈنكى كۈنۈنشى بويىچە شىمالى ئافغانىستان فارىياب، جوزجان، بەلخ، سەمەنگان، قۇندۇز، تاھار، باغلان ۋە بەدەخشان ۋىلايەتلىرىدىن تەشكىل تاپماقتا. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). ئىران تەرەپكە ئۆتكەن تۈركىستانلىقلار مەشھەتنى مەركەز قىلغان ھالدا ھەزەر دېڭىز بويلىرىغا سوزۇلغان تۈركمەن رايونلىرىغا جايلىشىدۇ. **شەرقىي تۈركىستانغا قاراپ قاچقانلار ئاساسلىقى قەشقەر** تەۋەسىنى تاللىۋېلىشقان ئىدى.

*****

## ئىككىنچى باب

# بولشېۋىكلار ئىنقىلاۋىدىن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغىچە:

## مۇساپىرلىق ئىچىدە ئۆتكەن يىللار

ۋىجدانىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، تۈركىستان ئازاتلىقى ئۈچۈن، ئۇلۇغ ۋە ئازات تۈركىستان قۇرۇش غايىسى ئۈچۈن بەل باغلىغان تۈركىستانلىقلارنىڭ مىللەت ۋە قەبىلە پەرقىگە قارىماستىن بىرلىشىپ، تۈركىستان مىللىي بىرلىك يولى بىلەن ئازاتلىققا، بەختكە ۋە سائادەتكە ئېرىشكەنگىچە بارلىقىمنى ئاتاپ جان تىكىپ خىزمەت قىلىمەن. جەمئىيەتنىڭ سىرىنى ساقلايمەن، بۇ يولدا جېنىم پىدا. قۇرالغا، مىللىي بايرىقىمىزغا ياكى قۇرئان كەرىمگە قولۇمنى قويۇپ، جەمئىيەت ئەزالىرى ئالدىدا ئىچكەن قەسىمىمگە خىيانەت قىلغىدەك بولسام، قېنىم بۇ قۇرالنىڭ ھەققى بولسۇن. ...

تۈركىستان مىللىي بىرلىك تەشكىلاتىغا ئەزا قوبۇل قىلىش نىزامنامىسىدىن ...

## ئامۇ دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدا

بىر دۆلەتنىڭ تەغدىرى، ئۇ دۆلەتنىڭ جوغراپىيىلىك ئورنى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. كىچىك بىر دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ چوڭ دۆلەتلەر بىلەن خوشنا بولۇپ قېلىشى ھەر دائىم تەھدىت ئاستىدا ياشاشقا مەجبور دىگەنلىك بولۇپ، بۇ دۆلەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ئەنە شۇ چوڭ دۆلەتلەر تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئەمما بەكلا ئاز كۆرۈلىدىغان بولسىمۇ بىر قىسىم ئەھۋاللاردا چوڭ دۆلەتلەر بىلەن خوشنا بولۇپ قېلىش بەلكىم كىچىك دۆلەت ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئادەتتە چوڭ دۆلەتلەر بىر-بىرسى بىلەن بىۋاستە خوشنا بولۇپ قېلىشنى ئانچە بەك خالاپ كەتمەيدۇ. ئەگەر بىۋاستە خوشنا بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى كۆرۈلگىدەك قىلسا، ئوتتۇرسىغا بىرەر بوشلۇق دۆلىتىدىن بىرنى پەيدا قىلىپ ئۆزئارا

سۆركىلىش ئېھتىمالىدىن ساقلىنىشقا تىرىشىدۇ. ئافغانىستان، ئەنە شۇنداق ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ تۇرۇش ئۈچۈن ساقلىنىپ قالغان كىچىك دۆلەتلەردىن بىرى دېيىش مۇمكىن.

(رەسىم ئورنى)

5-خەرىتە. تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ شىمالىي ئافغانىستاندىكى نوقتىلىق تارقىلىش يەرلىرى

ئافغانىستان تېرىتورىيىسىنىڭ بىر تەرىپىدە 19-ئەسىر بويىچە ئاسىياغا قاراپ تېز سۈرئەت بىلەن كېڭىيىپ كېتىۋاتقان چاررۇسىيە، يەنە بىر تەرىپىدە بولسا، ھىندىستاننى مۇستەملىكە قىلىۋالغان كۈچلۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى مەۋجۇت ئىدى. ئافغانىستان، چېگرالىرى ئەنە شۇ ئىككى چوڭ دۆلەت تەرىپىدىن سىزىلىپ تەڭپۇڭلۇق ساقلاشنى مەقسەت قىلىپ قۇرۇلغان بىر دۆلەت ئىدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، چاررۇسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى لازىملىق بوشلۇق ئېھتىياجى ۋە ئۆزئارا بىۋاستە ئۇچۇرۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش زۆرۈرىيىتى ئافغانىستاننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى سەۋەبى ئىدى. 19-ئەسىر بويىچە بۇ يەرلەردە داۋاملىشىپ كەلگەن توقۇنۇشلار، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئاساسەن توختىغان بولۇپ، بۇ ئىككى چوڭ كۈچ، بۇ بوشلۇق دۆلىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا بىردەك ماقۇل كېلىشكەن ئىدى. 1907-يىلى ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن چاررۇسسىيە ئوتتۇرىسىدا پېتىربۇرگتا ئىمزالانغان كېلىشىمنامىگە ئاساسەن ئىران رۇسىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولىدىغان، **تىبەت** بولسا ئەنگلىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە تەۋە قىلىنغان، تىبەت ئەنگلىيە تەسىر دائىرىسىدە قالىدىغان، ئافغانىستان بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇستەقىل بىر دۆلەت بولۇپ تۇرۇشى قوبۇل قىلىنغان ئىدى. بۇ شەرتنامىغا ئاساسەن، ئافغانىستاندا ھەرقانداق بىر چەتئەل كۈچى تۇرغۇزۇلماسلىقى شەرت ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە بۇ دۆلەت تاشقى مۇناسىۋەت جەھەتلەردە ئەنگلىيىگە قارام قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئەنگلىيە دائىرىلىرىنىڭ رۇخسىتى بولماي تۇرۇپ ھېچ بىر خەلقارالىق مۇناسىۋەت ئورنىتالمايدىغانلىقى بەلگىلەنگەن ئىدى. شۈبھىسىزكى، بۇنداق بىر ۋەزىيەت ئافغانىستاندا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقانلارغا نىسبەتەن بەك ماقۇل بىر ئەھۋال ھېساپلانمايتتى.

ئەمىر ئابدىراخماننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىققان چوڭ ئوغلى ھەبىبۇللاخان، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى بويىچە بىتەرەپلىك سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ دۆلىتىنى ئۇرۇشقا ئارىلىشىپ قېلىشتىن ساقلاپ كەلگەن ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەنگلىيە ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان بولىشىغا قارىماي ئۇرۇشتا بەكلا ھالسىرىغان،

ماددىي مەنبەلىرى قۇرىغان بولۇپ، 19 ـ ئەسىردىكى دۇنياغا ھاكىم بولىۋاتقان كۈچىدىن ئاساسەن مەھرۇم بولۇپ قالغان ئىدى. ئەنگلىيە دائىرىلىرى، ئىمپېرىيىنىڭ قالغان قىسىملىرىدا ھەرقانداق بىر يېڭى جېدەل ـ ماجىرا پەيدا بولۇشنى خالىمايتتى. بۇنداق ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ھەبىبۇللاخان، تاشقى مۇناسىۋەت ئورنىتىش جەھەتلەردە ئەنگلىيىنىڭ تەستىقىنى ئېلىش مەجبۇرىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئۇ ئاۋال ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە باش گوبېرناتورىدىن ئافغانىستاننىڭ تولۇق مۇستەقىللىقىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما، بۇ تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 1919 ـ يىلىنىڭ فېۋرال ئېيىدا ھەبىبۇللاخان بىر سۈيىقەستتە ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان ئامانۇللاخانمۇ بۇ تۈردىكى تەلەپتە بولۇشنى توختاتماي، تەختكە ئولتۇرۇشى ھامان بۇ تەلىۋىنى قايتا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ ئاۋال ئافغانىستان ـ ھىندىستان چېگراسىنىڭ ھەر ئىككىلا تەرىپىدە ياشايدىغان پەشتۇ قەبىلىلىرىنى ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى پائالىيەتلەرگە كۈشكۈرتۈپ، ئۇ يەرگە ئافغانىستان قوشۇنلىرىنى ئەۋەرتىپ تار دائىرىلىك بولسىمۇ بىر ئۇرۇش باشلىتىدۇ. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن تېخى ئەندىلا قولى بوشىغان ئەنگلىيە بولسا، بۇ يەرلەردە يېڭىدىن باش ئاغرىقى چىقىشنى زادىلا خالىمايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەنگلىيە دائىرىلىرى سوۋېت رۇسىيىسى باشلىغان خەلقئارا ئەركىنلىك، جاھانگىرلىككە قارشى ئىنتىپاق چاقىرىقىنىڭ ھىندىستانغىمۇ كېڭىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەكتە ئىدى. شۇڭا، ئەگەر ئافغانىستان دائىرىلىرىنىڭ تولۇق مۇستەقىللىق تەلىۋىگە قارشى چىققىدەك بولسا، ئۇلارنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنداق بىر ۋەزىيەت شەكىللەنگىدەك بولۇپ قالسا، بولشېۋىزم ئافغانىستان تەۋەسىگىچە يېتىپ كېلىپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن ئېنگلىز ـ ھىندى ئىمپېرىيىسى ئۆزئارا خوشنا دۆلەت ھالىغا كېلىپ قېلىش ئەھتىمالى مەۋجۇت ئىدى. بۇنداق بىر ۋەزىيەت شەكىللەندى دېمەك، رايون خاراكتېرىدىكى كۈچ تەڭپۇڭلىقى ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كېتىشىدىن دېرەك بېرەتتى. ئەنگلىيىگە نىسبەتەن ئالغاندا، ئەڭ ئۈيغۇن ۋەزىيەت ــ ئافغانىستاننى كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ قالىدىغان بوشلۇق ھالىتىنى داۋام قىلىدىغان بىتەرەپ دۆلەت ھالىتىدە قېلىشى ئىدى. شۇ سەۋەپتىن راۋالپىندىدە ئومۇمىي پىرىنسىپلىرىنى كېيىن بەلگىلەش شەرتى بىلەن ۋاقىتلىق بىر كېلىشىم تۈزىلىپ، ئافغانىستاننىڭ ئىچكى ئىشلار بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەردە ئەركىن بولۇشى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ بىر ۋاقىتلىق كېلىشىم بولسىمۇ، بۇ كېلىشىم يېڭى ئەمىر ئۈچۈن ئېيتقاندا قولغا كەلتۈرۈلگەن ئىنتايىن زور ئۇتۇق ھېساپلىناتتى. شۇڭا ئۇ، 1919 ـ يىلىنىڭ نويابىر ئېيىدا دۆلىتىنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقىنى رەسمىي ئېلان قىلىدۇ. سەردار ۋەلىخان، تولۇق ھوقۇقلۇق تاشقى ئىشلار ۋەكىلى قىلىپ تەيىنلىنىپ، ئافغانىستان دۆلىتى تىز

سۈرئەت بىلەن تاشقى مۇناسىۋەت تىكلەش ھەرىكىتىگە كىرىشىدۇ. ئافغانىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى بىرىنچى بولۇپ ئېتىراپ قىلغان دۆلەت، سوۋېت رۇسىيىسى ئىدى.

1919-يىلىنىڭ 9-كۈنىسى، ئەمىر ئامانۇللاخاننىڭ لېنىنگە قارىتىپ ئۇلۇغ رۇسىيە دۆلىتىنىڭ رەئىسىگە دېگەن سۆزلەر بىلەن يېزىلغان خېتىنىڭ موسكۋاغا يەتكۈزۈلۈشى بىلەن تەڭ، ئافغانىستان دىپلوماتىيە يولىدا تۇنجى قەدىمىنى ئاتقان ھېسابلىنىدۇ.

سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا ئىچكى ئۇرۇش داۋام قىلىۋاتقان بولۇپ، ئەنگىلىيە بولسا بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتىگە قارىتا بىر ئىقتىسادىي ئامبارگو يولىغا قويماقتا ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئۈچۈن ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئىشى بەكلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. تارىختا ئوتتۇرىغا چىققان ئەڭ پراگماتىك (رىياللىقتىن باشقىغا ئىشەنمەيدىغان. — ئۇ.ت) داھىلاردىن بىرسى ھېساپلانغان لېنىن، ئۆزىنىڭ قالماي ئافغانىستان ئەمىرگە تۆۋەندىكىچە جاۋاپ خەت ئەۋەرتىدۇ:

> دۇنيا خەرىتىسىدە يېگانە ئورۇن ئالغان ئافغانىستان، بۈگۈنكى دۇنيادا بىردىن بىر مۇستەقىل مۇسۇلمان دۆلىتى بولۇپ قالدى. تەقدىر، قېرىنداش ئافغان خەلقىگە مۇنداق بىر ئۇلۇغ ۋەزىپىنى يۈكلىمەكتە: بارلىق ئېزىلگۈچى مۇسۇلمان خەلقلىرىنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ، ئۇلارنىڭ ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىق يولىغا يېتەكچىلىك قىلىش.

بۇنداق بىر ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئافغانىستاننىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. بۇ رايونغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق كۈچلەر ئۆز مەقسىدى بويىچە يېڭى-يېڭى ئويۇنلارنى تەييارلاشقا كىرىشىدۇ. لېنىن بىلەن ئامانۇللاخان بىر-بىرسىگە دوسلۇق خەتلىرىنى ئەۋەرتىۋاتقان شۇ كۈنلەردە، تۈركىستان ئالدىنقى سەپ قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن گېنېرال فرۇنزې، بۇخارا ئەمىرلىكىگە قارشى قوزغىماقچى بولىۋاتقان ئۇرۇشنى "ئافغانىستان چېگرىسىنىڭ ئىچكى قىسىملىرىغىچە كېڭەيتىش" ئۈستىدە پىلان تۈزمەكتە ئىدى. تۈركىستان تەۋەسىدە سوۋېتلەر ھاكىمىيىتى ئورنىتىشنى مەقسەت قىلىپ قۇرۇلغان تۈرككومىسسارلىقىنىڭ ئىككىنچى ئورۇندىكى رەئىسى كۇيبىشېۋ بولسا، تاشكەنتنى مەركەز قىلغان ھالدا ئافغانىستان ئىنقىلاۋىي پارتىيىسىنى ئاللىبۇرۇنلا قۇردۇرۇپ بولغان ئىدى. ئەگەر ئافغانىستانغا قارىتا بىر سوۋېت ئىشغالىيىتى ئەمەلگە ئېشىپ قالغىدەك بولغىنىدا، بۇ پارتىيە مۇتەئەسسىپ ئامانۇللاخان ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سوۋېت خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن بىرنى تىكلەش ئۈچۈن ئاۋانگارت رول ئوينايدىغان بولىشى كېرەك ئىدى. ئەمما خەلقارالىق سىياسىي ۋەزىيەت، رۇسىيە بولشېۋىكلىرىنىڭ

ئافغانىستانى ئىشغال قىلىشى ئۆچۈن ئۈيغۇن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تۈركىستاندىكى باسمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنىمۇ تېخىچە تىزگىنلەپ بولالمايۋاتقان، ھەمدە ئىچكى ئۇرۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىقتىسادىي مەسىلىلەر سوۋېت ھاكىمىيىتىنى بەكلا ئاۋارە قىلماقتا ئىدى. ئەنە شۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، سوۋېت دائىرىلىرى ئافغانىستاندا سىزىقىدىن چىقمايدىغان كىچىك بىر كومۇنىستىك دۆلەت پەيدا قىلىش پىلانلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تۈركىستان تەۋەسىنى سوۋېتلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنى بىرىنچى ئورۇندىكى ئىشلار قاتارىغا قويىشىدۇ.

سوۋېتلەر بىلەن ئافغانىستاننىڭ ھەر ئىككىسلا ئۇزۇن كەتكەن ئورتاق چېگرا بويلىرىنى تىزگىنلىيەلمەي كەلگەچكە، "بەندەئى تۈركىستان" دەپ تونۇلغان شىمالىي ئافغانىستان رايونى، باسمىچىلارنىڭ ۋە تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ تەبىئىي بازىسى ھالىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئەگەر ئافغانىستان ھۆكۈمىتى تۈركىستاندا داۋام قىلىۋاتقان كۈرەشكە پائال ياردەم قىلغىدەك بولسا، بۇ يەردىكى كۈچ تەڭپۇڭلىقىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بۇ جەھەتتىكى ھەر قانداق بىر ئۇرۇنۇشنى باشتىن تارتىپلا چەكلەشكە مەجبۇر ئىدى.

سوۋېت رەھبەرلىرىنىڭ ئاساسىي غەرەزلىرىدىن بىرسى ھىندىستاندىكى ئەنگلىيە ھۆكمۈرانلىقىغا خاتىمە بەرگۈزۈش ئىدى. ئۇلار بۇ مەقسەتتە ئىككى باسقۇچلۇق بىر ستراتېگىيە تاللىۋېلىشقان ئىدى. ئالدى بىلەن مۇستەقىللىق ئۈچۈن چەت دۆلەتلەردە پائالىيەت قىلىۋاتقان ھىندى ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتلىرىنى تەشكىللەپ، ئۇلارنى قۇراللىق پائالىيەت قىلالايدىغان قۇراللىق كۈچ ھالىتىگە كەلتۈرۈش لازىم ئىدى. ئاندىن كېيىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن ھىندىستاندا بىر ئىنقىلاپ پەيدا قىلىشى لازىم ئىدى. ئەمما بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئافغانىستان ھۆكۈمەت تەرەپىنىڭ ياردىمى بەكلا مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. چۈنكى بۇنداق كەڭ دائىرىلىك بىر ھەرىكەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولىدىغان بىردىن بىر يەر ئافغانىستان ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، باكۇدا چاقىرىلغان مۇسۇلمان خەلقلەر قۇرۇلتىيىدا، ھىندىستان ئۆمەك ئەزالىرىدىن ئابانى مۇكەرجى، ئافغانىستاندا بىر تەشۋىقات مەركىزى قۇرۇشنى تەكلىپ قىلىدۇ. ئەمما سوۋېت دائىرىلىرىنىڭ بۇ ئارزۇسىغا ئافغانىستان ماقۇل جاۋاپ بەرمەيدۇ.

دەل شۇ پەيتتە جامال پاشا سەھنىگە چىقىدۇ. جامال پاشانىڭ ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىگە قارشى باشلاتماقچى بولغان كۈرىشى، دەل سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئارزۇ قىلىۋاتقان بىر ئىش ئىدى. جامال پاشا بىر مۇسۇلمان داھىسى بولغىنى ئۈچۈن ئافغانىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىنمۇ قىزغىن قارشى ئېلىنىشى مۇمكىن ئىدى. ئەنە شۇنداق ئويلىغان بولشېۋىك رەھبەرلىرى، جامال پاشاغا ياردەم قىلىش ھەققىدە ۋەدە

بېرىپ، ئۇنىڭ ھىندى ئىنقىلابچىسى بەرەكەتۇللا بىلەن بىرگە ئافغانىستانغا بېرىش ئىشلىرىغا ياردەم قىلغان ئىدى. جامال پاشانىڭ پىلانلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئارزۇلىرى بىر-بىرسىگە زىت ئايرىم-ئايرىم مەزمۇنلار بىلەن تولغان ئىدى. ئەگەر پاشا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىغىنىدا، ئافغانىستاندا ھەربىي تەلىم-تەربىيە كۆرگەن ھەممە قۇراللانغان مۇھىم بىر قۇراللىق كۈچ بارلىققا كەلگەن ھېساپلىناتتى. سوۋېت دائىرىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق قۇرۇلىدىغان بۇنداق بىر قۇراللىق كۈچنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قارشى تۇرۇشتا پايدىلىنىپ كېتىش ئېھتىمالىنىمۇ مۆلچەرلەشكەن ئىدى. بۇلارنى تولۇق مۇزاكىرە قىلىشقان سوۋېت دائىرىلىرى شەرقتىكى بارلىق مۇسۇلمان ئەللىرىنى، بولۇپمۇ ھىندىستانلىقلارنى قىزىقتۇرىدىغان بىر ئىشقا تۇتۇش قىلىدۇ. ئۇرۇسلار، تاشكەنتتە ئاسىيا ئىنقىلابىغا يول باشچىلىق قىلىشنى مەقسەت قىلىدىغان بىر ئوتتۇرا ئاسىيا بىيروسىنى تەسىس قىلىدۇ. ئەسلىدە كومىنتېرىننىڭ ئىككىنچى قۇرۇلتىيى دەۋرىدىلا بۇ ھەقتىكى ئىشلارنىڭ ئۇلى سېلىنغان ئىدى. ئۇ قۇرۇلتايدا، ھەر قايسى مىللەتلەر بىلەن مۇستەملىكىچىلەر ھەققىدە ئىلمى مۇھاكىمىلەر باشلىنىپ، شەرق ئەللىرىدىكى بۇرجۇئازلار بىلەن پومېشچىكلارغا قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش قارارى ئېلىنغان ئىدى. شۇ يىلىنىڭ سېنتەبىرىدە چاقىرىلغان باكۇ قۇرۇلتىيىدا، داڭلىق بولشېۋىك داھىلىرىدىن رادەك، مۇسۇلمان خەلقلىرىنى ئەنگلىيىگە قارشى كۈرەش قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ شىللىسىغا چىقىۋالغان ئەمىر، سۇلتان ۋە خانلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا چاقىرىق قىلغان ئىدى.

قۇرۇلغان بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا بىيروسى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى م. سوكولنىكوۋ، كومىنتېرىن شەرق مىللەتلەر بولۇمىنىڭ تۇنجى رەئىسى گېئورگى سافاروۋ ھەممە ھىندىستانلىق كوممۇنىستلار داھىسى مانابېندرا ناد روي قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى. روي، كومىنتېرىننىڭ خەلقئارالىق ئىككىنچى قۇرۇلتىيىدا "ياۋروپادىكى ئىنقىلاپ پەقەت ياۋروپالىقلارنىڭ ئاسىيادىكى مۇستەملىكىلىرىدىن قولغا كەلتۈرىدىغان كىرىملىرى بىكار قىلىنغىنىدىلا، يەنى ئاسىيادىكى مۇستەملىكىلىرىنى كوممۇنىستلاشتۇرۇش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ" دەيدىغان نەزىرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. روي، تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا بىيروسىغا ئەزا بولغىنىدىن كېيىن، ھىندىستانلىق مۇسۇلمانلارغا كوممۇنىستىك تەلىم-تەربىيە بېرىش مەقسىتىدە بىر مەكتەپ ئاچىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن سوۋېتلەر ئىنتىپاقىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ بىر ھۆرىيەت ئارمىيىسى قۇرۇپ چىقىشقا تۇتۇش قىلىدۇ.

بۇ جايلاردىكى ھەل قىلغۇچ كۈچ ئورنىدىكى ئەنگلىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئافغانىستاننىڭ بىتەرەپلىكىنى ساقلاپ قىلىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ھېساپلىناتتى. ئامۇ دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىغىچە يېتىپ كەلگەن سوۋېت ئىنقىلابىنى ھىندىستانغىچە يامراپ كېتىشتىن ساقلاپ قالالايدىغان بۇ

تەبىئى توسالغۇنى نىمە بولسا بولسۇن قەتئى ساقلاپ قىلىش لازىم ئىدى. ھىندىستان خەلىپىلىك كومىتىتى تارقاتقان بىر پەتۋا سەۋەبىدىن، يۈز مىڭدىن ئارتۇق ھىندىستانلىق مۇسۇلمان ئافغانىستان تەۋەسىگە ئۆتىۋالغان ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە ھىندىستان ـ ئافغانىستان چېگراسىدا تۇرىۋاتقان مۇستەقىل پەشتۇ قەبىلىلىرىمۇ جىم يۈرمەي قۇتۇراپ تۇرماقتا ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئەنگىلىيە دائىرىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچۇرىمايدىغان، ھىندى ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتلىرىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىنى چەكلەپ تۇرىدىغان، ئافغانىستان مۇقىملىقىغا تەھدىت يەتكۈزۈپ بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بويان داۋام قىلىپ كىلىۋاتقان پەشتۇنىستان مەسىلىسىنى قايتا كۈشكۈرتمەيدىغان تېنچ بىر ئافغانىستان ئارزۇ قىلىش ئىدى. ھىندىستاندىكى بىر ئەنگىلىيىلىك مەسئۇل كىشىنىڭ ئېيتقان تۆۋەندىكى سۆزلىرى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەنگىلىيە دائىرىلىرىنىڭ روھى ھالىتىنى ئىنتايىن ئوچۇق ئەكىس ئەتتۈرۈپ بەرمەكتە:

كاپىكازىيە بىلەن ئىراندىن قوغلاندۇق. باغداتتىنمۇ چېقىرىۋېتىلىشىمىز مۇمكىن. ئافغانىستان قولىمىزدىن كەتتى. ئەندى ھىندىستاننى تەۋەككۈل قىلىپ ئوتتۇرغا قويالمايمىز.

1921 ـ يىلى، بۇ رايوننىڭ كۈچ تەڭپۇڭلىقىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋەتكىدەك ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلدۇ. سوۋېتلەر تەۋەسىدە داۋام قىلىۋاتقان ئىچكى ئۇرۇشلارغا قوشۇلۇپ، ئەنگىلىيە باشچىلىقىدىكى بارلىق غەرپ ئەللىرى تەرىپىدىن يولغا قويۇلىۋاتقان ئىقتىسادىي ئامبارگو سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى ئىنتايىن ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ئىچىگە پاتۇرۇپ قويغان ئىدى. كومۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىرى ئەگەر ئىقتىسادىي ئامبارگو ئەمەلدىن قالدۇرۇلماي داۋام قىلغىنىدا، سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىشتا بەكلا ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، 1921 ـ يىلىنىڭ مارت ئېيىدا سوۋېت دائىرىلىرى ئەنگىلىيە بىلەن بىر سودا كېلىشىمى تۈزۈشكە مەجبور بولىدۇ. بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى "ئافغانىستان بىلەن ھىندىستاندا يۈرگۈزىلىۋاتقان ئەنگىلىيىگە قارشى قۇراللىق كۈرەش قوزغاش تەشۋىقاتلىرىنى توختىتىش" قا ماقۇل بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، سوۋېت رۇسىيىسى ھېچ بولمىغاندا قىسقا بىر مەزگىل ئۈچۈن بولسىمۇ ھىندىستانلىق ئىنقىلابچىلارنى جامال پاشا ۋاستىسى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇشنى پىلانلىشىۋاتقان ئەنگىلىيىگە قارشى ھەرىكەت پەيدا قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان سىياسىتىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبور بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بولشېۋىك رەھبەرلىكى ئەنگىلىيىنىڭ تۈركىيىدىن باشلاپ ئىران ۋە ئافغانىستانغىچە سوزۇلغان، ھەممە پەرغانىدىكى باسمىچىلىق ھەرىكىتىدە ئەڭ يوقۇرى پەللىگە

يەتكەن بىر تۈز سىزىق بويىچە سوۋېت رۇسىيىسىنى بۇغۇپ تاشلىيالىشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى مولچەرلەشمەكتە ئىدى. شۇڭا، بۇنداق بىر ئېھتىماللىق يۈز بېرىشىنىڭ چوقۇم ئالدى ئېلىنىشى لازىم ئىدى. بولۇپمۇ تاشقى ئىشلار كومىسسارى چىچېرىننىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، سوۋېت ئىتتىپاقى 1921 ـ يىلىنىڭ فېۋرال ئېيىدا ئىران ۋە ئافغانىستان بىلەن، مارت ئېيىدا بولسا تۈركىيە بىلەن دوسلۇق ۋە ھەمكارلىق شەرتنامىلىرىنى ئىمزالىۋالدۇ. شۇنداق قىلىپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى جەنۇب چېگرالىرىنى بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرىۋالدۇ. ئەندى ئىچكى مەسىلىلەر بىلەن ياۋرۇپا تەرەپتىكى مەسىلىلىرىگە بەخۇدۇك كۆڭۈل بۆلەلىشى مۇمكىن ئىدى.

بۇ جەرياندا ئافغانىستان بىلەن بۇ رايونغا مۇناسىۋەتلىك كۈچلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان يەنە بىر ھادىسە يۈز بەردىۇ. مارت ئېيىنىڭ كىرىشلىرىدە بۇخارا ئەمىرى سەئىد ئالىمخان، رۇسىيىنىڭ ياردەمگە تايىنىپ پائالىيەت قىلىۋاتقان ياش بۇخارالىقلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ ئافغانىستانغا چىقىپ كىتىشكە مەجبور بولىدۇ. بۇ ۋەقە، تۈركىستاندىكى ئۇرۇشلاردىن بىر قىسمىنىڭ رەسمى ھالدا ئافغانىستانغا كۆچۈرۈلگەنلىكى نوقتىسىدىن ئالغاندا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئافغانىستان دائىرىلىرى بۇنداق بىر ۋەزىيەتكە قارىتا ئېنىق بىر يول تاللىۋېلىشقا مەجبور ئىدى.

بۇ رايوندا ئوتتۇرغا چىققان بۇخىل يېڭى ۋەزىيەت ئەنگىلىيىلىكلەرگىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن بولۇپ، ئافغانىستان بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قانداق بىر مۇناسىۋەت ھالىغا كەلتۈرۈلىشىنى كېچىكتۈرمەستىن دەرھال ئېنىق بەلگىلىۋېلىشلىرى لازىم ئىدى. 1921 ـ يىلىنىڭ يانىۋار ئېيىدا سىر ھېنري دوببس يېتەكچىلىگىدىكى بىر ۋەكىللەر ئۆمىگى كابولغا ئىۋەرتىلىدۇ. سۆھبەتلىشىشلەر ئوتتۇرلۇقتا ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن تولۇق بىر يىل دېگىدەك سوزۇلۇپ كېتىدۇ. ئاخىرى، يىل ئاخىرىسدا بىر شەرتنامە ئىمزالىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئافغانىستاننىڭ تولۇق مۇستەقىللىقى خوشنا ئىككى چوڭ دۆلەت تەرىپىدىنمۇ ئېتىراپ قىلىنغان ھىساپلاندى.

دوببس كابولغا كەلگەن ۋاقىتلاردا جامال پاشامۇ ئافغانىستاندا تۇرىۋاتقان ئىدى. ئەنگىلىيە ـ ئافغانىستان سۆھبىتى ئۈزۈلۈپ بولسىمۇ داۋام قىلىپ تۇرىۋاتقان پەيتلەردە، جامال پاشانىڭ ئافغان ئارمىيىسىنى تەشكىللەش پائالىيەتلىرىمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئىدى. پاشا، ئافغان ئەمىرىنى قۇدرەتلىك بىر ئارمىيىگە ئىگە بولماي تۇرۇپ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقى، ھەمدە بۇ ئارمىيىنى تۈركىيىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ نازارىتى ئارقىلىقلا ئوقۇتۇشلۇق قۇرۇپ چىقىشقا بولىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرگەن ئىدى. دىگەندەك، ئافغان ئەمىرى ئامانۇللامۇ، 1921 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىسى مۇستاپا كامال پاشاغا بىر پارچە خەت ئىۋەرتىپ،

تۈركىستان ئارقىلىق دۆلەتكە كەلگەن ئۈچ نەپەر تۈركىيىلىك ئوفىتسېرنىڭ ئافغانىستان ئۈچۈن قىلىپ بەرگەن پايدىلىق خىزمەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ، ئافغان ئارمىيىسىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇلۇشى ۋە كۈچەيتىلىشى ئۈچۈن بىر ھەربىي ھەيئەت ئەۋەرتىشنى تەلەپ قىلىدۇ (بۇ خەتتە تىلغا ئېلىنغان تۈركىيىلىك ئوفىتسېرلار زىيا بەي، رىفات بەي ۋە ھۆسەيىن جاھىت بەي قاتارلىقلار بولسا بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە رۇسىيىگە ئەسىرگە چۈشكەن بۇ ئوفىتسېرلار ئۇرۇشتىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن ئىدى. ئۇلار تۈركىستان ئارقىلىق ئافغانىستانغا كىلىپ بۇ يەردە ئافغان ھۆكۈمىتىگە بىر مەزگىل خىزمەت قىلغان. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

جامال پاشا بۇ ئىشلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ھىندىستان چېگرىلىرىدىكى ئەنگىلىيىگە قارشى پەشتۇ قەبىلىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنىمۇ بارغانسىرى قويۇقلاشتۇرغان ئىدى. ھىندى ئىنقىلاپچىلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردىمۇ ئالاھىدە نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. بۇ ئىشلارنى ئەنگىلىيىلىكلەر ئەنسىرىگەن ھالدا يېقىندىن كۆزىتىپ كەلمەكتە ئىدى. ئافغانىستان ـ ئەنگىلىيە شەرتنامىسى ئىمزالىنىدىغانغا ئاز ۋاقىت قالغان كۈنلەردە جامال پاشا كابولدىن ئايرىلدۇ. ئۇ، ئافغانىستان ئارمىيىسىنى زامانىۋىيلاشتۇرۇش جەھەتتە سوۋېت دائىرىلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن موسكۋاغا قاراپ يولغا چىققان ئىدى. يول ئۈستىدە ئۇ ۋاقىتلاردا بۇخاراغا يېتىپ كەلگەن ئەنۋەر پاشا بىلەن ئۇچرىشىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى. ئەپسۇسكى، جامال پاشانىڭ بۇ ئىككىلا ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئۇرۇسلار ئۇنىڭ ئەنۋەر پاشا بىلەن ئۇچرىشىشىغا رۇخسەت قىلماي ئۇدۇل موسكۋاغا يولغا سىلىپ قويغانلىغى، ئۇنى سوۋېت رۇسىيىسى بىلەن ئەنگىلىيە مەسلىھەتلىشىۋېلىپ ئۇنى بۇ جايلاردىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن دەيدىغان گۇمانغا كەلتۈرىدۇ. ئافغان ئەمرى بولسا، يا ئۆز ئارزۇسى بويىچە ياكى بولمىسا بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ بېسىمىغا بەرداشلىق بىرەلمەي جامال پاشانى دۆلىتىدىن چىقىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن. جامال پاشا ئافغانىستاندىن ئايرىلا ـ ئايرىلماي، تۈركىيە ئوفىتسېرلىرىنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئۆلگە قىسىملىرىنى تارقىتىۋېتىپ، بۇ قىسىملارنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقلىرىنى دەرھال ئافغانلىق ئوپىسېرلار ئۆتكۈزۈپ ئالغانلىقى، يوقۇرىدىكى مۆلچەرىمىزنىڭ توغرىلىقىنى كۈچەيتىپ بەرمەكتە. قازىم قارابەكىر پاشا ئىتتىھاتچىلارغا بەرگەن بىر قېتىملىق باھاسىدا، "جامال پاشا ئارمىيىنى قولغا ئالغىنىدىن كېيىن ئەمىرنىمۇ تەختتىن چۈشۈرىدىغانلىقى ھەققىدە گەپ ـ سۆزلەر تارقىلىپ يۈرمەكتە" دىگەندەك بىر مۆلاھىزىسىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ.

بۇ ئىشلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنىڭ زادى قانداق ئىكەنلىكىنى مەڭگۈ بىلەلمەيمىز. جامال پاشا شۇندىن باشلاپ قايتا ئافغانىستانغا قايتىپ بارالمايدۇ. جامال پاشا

تىبلىستا ئەرمەنى تېرروررچىلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگىنىدە، ئافغان ھۆكۈمىتى "جامال پاشا تۈركىيىگە تەۋە بىرسى بولغىنىدەك ئافغانىستانغىمۇ مەنسۇپ بىرسى" دەپ سوۋېت رۇسىيىسىدىن قاتىللارنىڭ دەرھال قولغا ئېلىنىشىنى تەلەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئافغانىستان جامال پاشا ئۈچۈن رەسمى ماتەم ئېلان قىلىدۇ. ئەمىر ئامانۇللانىڭ بۇ خىل پوزىتسىيىسى ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ ئىچكى ھىسسىياتىنى ئىپادىلەمتى ياكى تىمساھنىڭ كۆزىگە ياش كەلگىنىدەك بىر ئىشمىدى؟ بۇنىمۇ ھېچكىم بىلەلمىدى. ئەمما شۇنىسى ھەممىگە ئايانكى، جامال پاشاغا ئوخشاش كۈچلۈك بىر رەقىبىدىن قۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن ئەنگلىيە دائىرىلىرى بەكلا خوشال ئىدى.

## ئەمىر ئامانۇللانىڭ خامخىياللىرى

ئەمىر ئامانۇللانىڭ تەختكە ئولتۇرۇشىدىن كېيىنلا ئەنگلىيىنى مەجبۇرلاپ يۈرۈپ ۋەتىنىنى تولۇق مۇستەقىللىققا ئېرىشتۈرىۋالغانلىقى، ئىسلام دۇنياسىدا ئۇنى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ئابرويغا ئېرىشتۈرىۋېتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى ئەنگلىيە جاھانگىرلىگىنىڭ قول ئاستىدىكى ئېزىلگەن ئاجىز مۇسۇلمان خەلقلىرىنىڭ قۇتقازغۇچىسى ئورنىدىكى ئىنتايىن مۇھىم داھىلاردىن بىرسى دەپ ھىساپلاشقا باشلايدۇ. دەل شۇ پەيتلەردە، بۇخارا ئەمىرى دۆلىتىدىن ئايرىلىپ ئافغانىستانغا پانالىق تىلەپ كەلگەنلىگى، ئەمىر ئامانۇللا ئۈچۈن يېڭى بىر پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن ئىدى. سوۋېت زۇلۇمى ئاستىدا قالغان ئاجىز مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ قۇتقازغۇچىسى بولۇش رولىنى ئوينايدىغان پۇرسەت ئۆزىلا ئالدىغا كەلگەن ئىدى. بۇ ئىشتا غەلىبە قازىنالىغىنىدا دۆلىتىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىچكى قىسىملىرىغىچە كېڭەيتىش ئىمكانىغا ئېرىشەلىگەن بولاتتى. بۇنداق بىر ۋەزىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە، بۇ جايلاردىكى ۋەقەلەرنى ئۆزىگە خاس بىر بېقىشتا كۆزىتىشكە كىرىشىدۇ.

ئەسلىدىلا، ئافغان ئەمىرى تۈركىستاندىكى ۋەزىيەتنى دىققەت بىلەن يېقىندىن كۆزىتىپ تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. چۈنكى ھېراتتىن باشلىنىپ تا پامىر تاغلىرىنىڭ چوققىلىرىغىچە سوزۇلغان شىمالى ئافغانىستان تەۋەسى، ئافغان خەلقى ئارىسىدا جەنوبىي تۈركىستان دەپ تونۇلماقتا ئىدى (بۇ رايوندىكى شەھەرلەر ھېرات، فارياب، جۇزجان، مازارى شەرىپ، سەمەنگان، قاتاغان، تاھار ۋە بەدەخشان قاتارىدا بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە تىزىلغان ئىدى. — ئا.ھ. ئىزاھاتى). ئافغانىستاننى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بۇ جايلاردا ئۆزبەكلەر، تۈركمەنلەر ۋە تاجىكلار ياشايتتى. بۇ تۈردىكى ئېتنىك تەركىپ

ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرقى تەرەپلىرىدە، يەنى تۈركىستاندىمۇ شۇ بويىچە داۋاملىشاتتى. ھىندىقۇش تاغلىرى شەكىللەندۈرگەن تەبئىي توسالغۇ سەۋەبىدىن، شىمالىي ئافغانىستان تەۋسى تىزگىنلىنىشى بەكلا قىيىن جايلاردىن بىرى ئىدى. بولۇپمۇ ئافغانىستان، سوۋېت رۇسىيىسى ۋە **خىتاي چېگرىلىرىنىڭ** بىر-بىرسى بىلەن كېسىشكەن نوقتىسى بولغان پامىر رايونىدا ئېگىز تاغلار چوخچىيىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، بۇ دۆلەتلەرنى بىر-بىرسىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان چېگرالارنىڭ تەكشۈرۈپ چارلىنىشى مۇمكىن بولمىغىدەك قىيىن بىر ئىش ئىدى.

ئەمىر ئامانۇللانىڭ تۈركىستان مىللىي كۈرەش يېتەكچىلىرى بىلەن بولغان دەسلەپكى ئۇچۇرىشىشى پەرغانە تەۋەسىدىكى قۇربېشىلىرىدىن شىر مۇھەممەتبەگ بىلەن كۆرۈشۈشتىن باشلانغان ئىدى. شىر مۇھەممەتبەگ، پەرغانىدا ۋاقىتلىق تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى ئېلان قىلغان ۋاقىتلاردا تاغىسى تاش مۇھەممەتبەگنى 1920-ئۇيلى 3-ئاينىڭ 31-كۈنىسى بىر ھەيئەت بىلەن قوشۇپ ئافغانىستانغا يولغا سالغان ئىدى. ئۇمەك ئەزالىرى ئەمىر ئامانۇللا بىلەن بىر قاتاردا ھەربىي ئىشلار نازىرى نادىر شاھ بىلەنمۇ كۆرۈشكەن ئىدى. تاش مۇھەممەتبەگ تۈركىستاندىكى كۈرەش ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ ئۆتۈپ، بۇ ھەرىكەت ئۈچۈن ياردەم بېرىشلىرىنى ئۆتۈنىدۇ. ئەمىر، بۇ ۋەكىللەر ئۈمىكىگە ياردەم قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە ھەر ۋاقىت ئالاقىلىشىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئافغانىستاندا بىر ۋاكالەتخانە ئېچىشلىرى ئۈچۈنمۇ رۇخسەت قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، تاشمۇھەممەتبەگ باسمىچىلارنىڭ ۋاكالەتچىسى سۈپىتىدە ئافغانىستاندا تۇرۇپ قالىدۇ. ئەمىر ئامانۇللاخان، بۇ ۋاقىتلاردا باسمىچىلىق ھەرىكىتىگە بىۋاستە ياردەم قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، ئافغانىستاندىن قۇرال-ياراق ۋە ئوق-دورا يۆتكىشىگىمۇ قىلچە توسالغۇلۇق قىلماي ۋاستىلىق ھالدا ياردەم قىلىپ كەلگەن ئىدى. كۆپۈنچە ھاللاردا پامىر رايونىدىكى ئالايباي كارىدورى چېگرادىن ئۆتۈش يوللىرى سۈپىتىدە پايدىلىنىلماقتا ئىدى. ئەمىر يەنە خاناۋات شەھرىدە بىر قۇربېشىلار مەكتىۋى ئېچىشقا رۇخسە قىلىش بىلەن بىرگە، مەكتەپكە ياردەممۇ قىلىپ تۇرىدۇ. 1920-يىلىنىڭ 20-ئىيول كۈنىسىدە، پەرغانە رايونىنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدىن يىغىلغان 80 نەپەر ياش بۇ مەكتەپكە ئوقۇشقا ئەۋەرتىلىدۇ. تاش مۇھەممەتبەگنىڭ ئوغلى خالمۇھەممەت ئوقۇغۇچىلارغا مەسئۇل قىلىپ قويۇلىدۇ. كەلگۈسىدە ئافغانىستان پادىشاسى بولىدىغان ئەينى ۋاقىتلاردا ھەربى ئىشلار نازىرى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان نادىرخان، مەكتەپنىڭ باشقۇرۇش ئىشلىرى ھەمدە ئوقۇتىلىدىغان دەرسلەرگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلمەكتە ئىدى. ئوقۇغۇچىلار 6 ئايلىق مۇددەت بويىچە قاتتىق ھەربىي تەلىم-تەربىيە كۆرۈپ تۇراتتى. جامال پاشا ئافغانىستانغا كېلىشى بىلەن تەڭ، مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلار سېپىگە ئوسمانلىلار ئوفىتسېرلىرىمۇ قوشۇلغان ئىدى.

بۇخارا ئەمرى سەئىد ئالىمخاننىڭ ئافغانىستاندىن پانالىق تىلىگەنلىكى، يېڭى بىر سىياسىي ۋەزىيەت شەكىللەندۈردى. بۇخارا خانلىغى تەخمىنەن ئالغاندا ئافغانىستاننىڭ ئۈچتەن بىرى چوڭلۇغىدىكى بىر يەر مەيدانىغا ئىگە بولۇپ، ئافغانىستان بىلەن بۇخارا خانلىق تۇپراقلىرىنى پەقەت ئامۇ دەرياسىلا ئايرىپ تۇراتتى. بۇخارا ئەمرىنىڭ ئافغانىستانغا پانالىق تىلىشى، بىر مەنىدە ئەمرلىكنىڭ ئامانۇللا خاننىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئۆتكەنلىكىدىنمۇ بىشارەت بىرەتتى. ئامانۇللاخان، بۇخارا ئەمرىنى كابولغا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئەتىراپىدىكى ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى قىسقارتىپ پايتەختكە يېقىن بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇردى.

بۇ ۋاقىتلاردا ئەنۋەر پاشانىڭ قوشۇلىشى بىلەن تۈركىستاندىكى باسمىچىلىق ھەرىكىتى يېڭى بىر پەللىگە چىققان بولۇپ، خەلقارالىق ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ھەرىكەتكە ئايلانغان ئىدى. ئەنۋەر پاشانىڭ بۇخارا ئەمرىگە تەۋە لاقاي ئىبراھىمبەگ تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغانلىقى، پاشانى ئامانۇللاخان بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت تىكلىشىگە سەۋەپچى بولىدۇ. ئامانۇللاخاننىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن، ئەمىر سەئىد ئالىمخان ئىبراھىمبەگكە ئەنۋەر پاشانى قويۇپ بېرىشى، شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭ بۇ جايلاردىكى قانات يايدۇرىۋاتقان كۈرەشلىرىگە ياردەم قىلىشى ھەققىدە بىر پارچە خەت ئەۋەرتىدۇ. بۇ خەت، نۇرۇللاخان ئىسىملىك بىر ئافغان مەسئۇلى ۋاستىسى ئارقىلىق لاقاي ئىبراھىمبەگكە يەتكۈزىلىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي لاقاي، ئەنۋەر پاشانى يەنە بىر مەزگىل قولىدا تۇتۇپ تۇرىۋالىدۇ.

1922 ـ يىلىنىڭ كىرىشلىرىدە قويۇپ بېرىلگەن ئەنۋەر پاشا، ئۇ يەرلەردە كۈرەش قىلىۋاتقان باسمىچى يېتەكچىلىرىنى بىر قوماندانلىق شتاۋى ئاستىغا يىغىپ، رۇسىيە قۇراللىق كۈچلىرىگە قارشى كەڭ كۆلەملىك كۈرەشنى قانات يايدۇرىۋېتىدۇ. ئەپسۇسكى، لاقاي ئىبراھىمبەگ باشچىلىغىدىكى بىر قىسىم ئەمىر تەرەپ باسمىچى يېتەكچىلىرى ئەنۋەر پاشاغا ياردەم بەرمەسلىك مەيدانىدا چىڭ تۇرىۋالىدۇ. ئەنۋەر پاشا، 1922 ـ يىلىنىڭ يانۋار ئېيىدا، ئەمىر سەئىد ئالىمخانغا ئەۋەرتكەن بىر پارچە خېتىدە، لاقاي ئىبراھىمبەگ ئۈستىدە دەرت تۆكۈپ كىلىپ، ئۇنىڭ ئورتاق ھەرىكەت ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلارغا قاتناشمايۋاتقانلىلغى ئۈستىدە توختالغان.

ئەنۋەر پاشا يازغان خەتلىرىدە بۇخارا ئەمرىنىڭ ۋەكىلى، خەلىفەئى مۇسلىمىننىڭ كۈيوغلى سەييىد ئەنۋەر دەپ ئىمزا قويۇشلىرى، ئەمرىنىڭ بۇخاراغا قايتىپ كىتىش ھەققىدىكى تەلىۋىگە ۋاقتى كەلمىگەنلىگىنى باھانە قىلىپ قوشۇلماسلىغى ئەمىر تەرەپ كىشلەر ئىچىدە ئېغىر گۇمانلارنىڭ چىقىشىغا سەۋەپ بولماقتا ئىدى. ئەسلىدە، ئەمىر ئالىمخان بىلەن، ئۇنى قوللاپ قۇۋۋەتلەۋاتقان باسمىچىلارنىڭ بۇنداق گۇماندا بولىشنى پۈتۈنلەي سەۋەپسىز دەپ قاراشقىمۇ بولمايتتى. ئەنۋەر پاشا بىلەن ئامانۇللاخان ئوتتۇرسىدا يىزىشقان خەتلەرنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا بۇخارا ئەمرىنى ۋەقەلەرنى تىزگىنلىيەلمەيدىغان كىرىگى يوق بىرسى دەپ

قارايدىغانلىقى، بۇخاراغا قايتۇرۇلماسلىقى ھەققىدە ھەر ئىككىسى ئۆزئارا كېلىشىۋالغانلىقىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. ئەنۋەر پاشانىڭ ئەمىر ئامانۇللاغا ئەۋەرتكەن خېتىدە، ئۇنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ بۇخارا ۋە تۈركىستان تەۋەسىدىن ئۇرۇسلارنى قوغلاپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، مەمورى شەكلى گېرمانىيىگە ئوخشايدىغان قۇدرەتلىك چوڭ بىر ئىسلام دۆلەتلەر بىرلەشمىسى قۇرۇپ چىقىش ھەققىدە توختالماقتا ئىدى.

ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇشتا غەلبە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنى شەرقتىكى ئېزىلگەن ئىسلام ئەللىرىنىڭ قۇتقازغۇچىلىرىدىن بىرىمەن دەپ ھېس قىلىپ يۈرگەن ئەمىر ئامانۇللا ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ تۈردىكى غايىلار ئۇنى بەكلا قىزىقتۇرغان بولۇپ، ئەنۋەر پاشانىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك كۈرەشلىرى ئامانۇللانىڭ خام خىياللىرىنى ئېخىمۇ كۈچەيتىپ ئادەمنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدىغان خام خىياللارنى قىلىشقا سەۋەپ بولۇپ بەرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىدا، ئاسىيا قىتئەسىنىڭ مەركىزىدە قۇرۇلىدىغان تۈركىستان، بۇخارا ۋە ئافغانىستان دۆلەتلەر پېدىراتسىيىسىنىڭ تەختىگە چىقىدىغان بىرسى، بىر زامانىۋىي چىڭگىزخان ياكى ئەمىر تۆمۈر بولۇپ ھېساپلىناتتى.

ئەمىر ئامانۇللا، دەسلىۋىدە ئەنۋەر پاشانىڭ يېنىغا ئەلچى سۈپىتىدە بىر كۈزەتكۈچى (ئەخمەتخان) ئەۋەرتىدۇ. ئەنۋەر پاشا قوماندانلىقىدىكى جەڭلەر نەتىجىلىك داۋاملىشىپ بېرىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئامانۇللاخان يەنە ئەفغانلىدىنخان قوماندانلىقىدىكى 300 نەپەر ئەسكەردىن تەشكىل تاپقان بىر قۇراللىق كۈچ بىلەن بىرگە، ئۇرۇشقا كېرەكلىك يەنە باشقا نەرسىلەرنىمۇ قوشۇپ ئەۋەرتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، جىھاد قىلىش نامى ئاستىدا پەيدائى بولۇپ تۈركىستانغا بېرىشنى خالايدىغان ئافغانلارنىڭ ئەنۋەر پاشا قۇراللىق كۈچلىرىگە بېرىپ قوشۇلىشىغىمۇ رۇخسەت قىلىدۇ. ئافغان ھۆكۈمىتى بۇ كىشىلەرگە بىۋاستە ياردەم قىلمىغىنى بىلەن، ئۇلارغا قىلچە توسالغۇلۇقمۇ قىلمايدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردە، سوۋېت مەنبەلىرىدە بۇ تۈردىكى پەدائىلارنىڭ سانىنى تەخمىنەن 140 نەپەر ئەتراپىدا ئىكەنلىگىنى كۆرسەتمەكتە. بۇ پىدائىلار ئىچىدە بىر قانچە نەپەر دىنى زاتمۇ بار ئىدى. پەنشىر رايونىدىن كەلگەن مەۋلەۋى ئابلىھەيىنى ئەنۋەر پاشا شىخۇلئىسلام دەپ ئېلان قىلىپ، قول ئاستىدىكى قۇراللىق كۈچلەر ئىچىدە دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللىنىدىغان ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىگەن ئىدى.

بۇ جەرياندا، ئەمىر ئامانۇللامۇ ھەر ئېھتىمالغا قارشى كەلگۈسىدە روي بېرىدىغان يېڭى ئەھۋاللارغا تەييارلىق كۆرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئافغانىستان تەۋەسىدىمۇ بىر قىسىم ئالدىن تەييارلىق ئىشلىرىغا كىرىشىدۇ. بەزى قۇراللىق قىسىملىرىنى بۇخارا ئەمىرلىگىنىڭ چېگراسى ئەتراپىغا يۆتكەشكە باشلايدۇ. قاتاغان بىلەن بەدەخشان ۋالىسى شاھ ۋەلىخان، ئەنۋەر پاشانىڭ پائالىيەتلىرىنى يېقىندىن كۈزۈتۈش

ۋەزىپىسىگە قويۇلغان ئىدى. شىمال تەرەپتىكى قۇراللىق قىسىملارنىڭ باش قۇماندانلىق ۋەزىپىسىنى ھەربى ئىشلار نازىرى مۇھەممەت نادىرخان ئۇ يەرگە ئۆزى بىۋاستە بەرىپ ئۈستىگە ئالىدۇ.

1922-يىلىنىڭ 10-ئاپرېل كۈنىسى، بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جۇمھۇر رەئىسى ئوسمان غوجا، ئەلى رىزا ئەپەندى ۋە ھاجى سەمىلەر بىلەن بىرگە ئافغانىستانغا قېچىپ كىرىدۇ. ئوسمان غوجا بىلەن ئۇنىڭ سەبداشلىرىنى ھەربى ئىشلار نازىرى نادىرخان ئالاھىدە ئىتىۋار بىلەن كۈتىۋىلىپ مېھمان قىلىدۇ. ئۇندىن كىيىن، ئۇلار ئامانۇللاخاننىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن مازارى شەرىپتىن كابولغا كېلىدۇ. ئوسمان غوجا، 20-ئاپرېل كۈنىسى ئەمىر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا بۇخارانىڭ ئومۇمى ۋەزىيىتى تونۇشتۇرۇلغان بىر دوكلات تەييارلاپ سۇنىدۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئوسمان غوجا بىلەن ئۇنىڭ ھەمىرالىرى ئافغانىستاندا تۇرۇپ، قۇرال ۋە ئەسكەر يۆتكەشكە ئوخشاش ئىشلار بىلەن شوغۇللىنىشقا باشلايدۇ.

ئۇ يەردىكى ۋەزىيەتنىڭ بۇ شەكىلدە تەرەققى قىلىشى سوۋېت رۇسىيە دائىرىلىرىنى بەكلا ئەنسىرىتىپ، بۇ ئىشلاردىن بەكلا رەنجىپ يۈرمەكتە ئىدى. تاشقى ئىشلار كومىسارلىغىنىڭ سىكرىتارى قاراخان، سوۋېت ھۆكۈمىتى نامىدا ئەنۋەر پاشاغا قارىتىپ بىر پارچە خەت ئىۋەرتىپ ئۇنىڭ بىلەن يارىشىپ قېلىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. پاشا بۇ تەكلىپكە قىسقىچىلا قىلىپ ئېنىق بىر جاۋاپ بېرىدۇ. ئەزەربەيجان كومۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى نەرىمان نورىمانوۋ ۋاستىسى ئارقىلىق ئىۋەرتكەن بۇ جاۋاب خېتىدە، ئەنۋەر پاشا رۇسسىيىلىكلەرنىڭ تۈركىستان، بۇخارا ۋە خىۋە زىمىنلىرىدىن ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كىتىشلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر يارىشىشقا توغرا كەلسە، ئەنە شۇنىڭدىن كىيىنلا ئاندىن تىنچلىق سۆھبىتىگە ئولتۇرالايدىغانلىغىنى ئۇختۇرىدۇ. بۇ جاۋاپقا قارىتا، سوۋېت رەھبەرلىگى پولشا بىلەن بولغان ئۇرۇشتىن قۇتۇلغاندىن كىيىن شەكىللەنگەن ئۆزلىرىگە پايدىلىق ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، بۇ جايلارغا قارىتا ئۈچ خىل ستراتىگىيىلىك ھەرىكەت باشلاشقا كىرىشىدۇ. بىرىنچى بولۇپ گېنېرال كامېنېۋ قۇماندانلىقىدىكى بىر ئارمىيىنى شەرقىي بۇخاراغا يولغا سالىدۇ. بۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىپ ئافغانىستان دائىرىلىرىغا بېسىم ئىشلىتىپ ئەنۋەر پاشاغا بېرىۋاتقان ياردىمىنى توختۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئەنۋەر پاشانىڭ بۇخارادا ئۆز ھاكىمىيەت ئورگىنىنى قۇرۇش پىلانىنى تۈزىۋاتقانلىغىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇخارا ئەمىرىنىڭ قايتىپ كىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقانلىغى ھەققىدە سۆز تارقىتىپ ئاغدۇرمىچىلىق تەشۋىقاتى بىلەن كەڭ شوغۇللىنىشقا كىرىشىدۇ. دىگەندەك، بۇ تەشۋىقات زور تەسىر پەيدا قىلىپ، بۇخارا ئەمىرى ئافغانىستاندىن خەۋەر ئىۋەرتىپ، ئەنۋەر پاشا بىلەن بىرگە پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۆز تەرەپبازلىرىنىڭ ئەنۋەر پاشا بىلەن ھەمكارلىقلىرىنى دەرھال توختۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق بىر ۋەزىيەت ئاستىدا كونا ئەمىرگە قارايدىغان

باسمىچى يىتەكچىلەرنىڭ بىر قىسمى ئەنۋەر پاشاغا قىلىۋاتقان ياردەملىرىنى توختىتىش بىلەنلا قالماستىن، پاشاغا قارشى جەڭ قىلىشقىمۇ كىرىشىدۇ.

سوۋېت دائىرىلىرىنىڭ ئافغان ھۆكۈمىتىگە قىلغان سىياسىي بېسىملىرىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرگەن كۈنلەردىن بېرى موسكۋادا ھەمدە ياۋروپا پايتەختلىرىدە ھوقۇقلۇق ۋاكالەتچى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەھەممەد ۋەلىخان، ئافغانىستان بىلەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەتلەرنىڭ بۇزۇلماسلىقىنى ئارزۇ قىلىدىغان بىرسى ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئافغان ئەمىرىنىڭ باسمىچىلار بىلەن بولغان ھەر تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزۈشىنى تەلەپ قىلىش، باسمىچىلارنىڭ ئافغان تۈركىستانىدىكى پائالىيەتلىرىنىڭ چەكلىنىشى ئۈستىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. ئامانۇللاخان، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن يولغا قويۇلۇۋاتقان بۇ سىياسىي بېسىملارغا قارشى تىركىشىشتە ئۇزۇنغىچە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ-دە، ئاخىرى ئەنۋەر پاشانىڭ يېنىدا ئۇرۇشقا قاتنىشىۋاتقان ئافغان جەڭچىلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىش قارارىنى ئالىدۇ. ئەسلىدە ئافغان قىسملىرى 300 دەك ئەسكەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ھەربىي كۈچ نوقتىسىدىن ئالغاندا ئۇنچىلىك مۇھىم ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ، بۇ قوشۇننىڭ قايتۇرۇپ كېلىنىشى ھەققىدە قارار ئېلىنغانلىقىنىڭ ئۆزىلا ئافغانىستان دائىرىلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئەنۋەر پاشاغا بېرىدىغان پۈتۈن ياردەملىرىنى توختۇتىدىغانلىقىنىڭ بىشارىتى بولۇش نوقتىسىدىن ئالغاندا بەكلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. بۇ ۋاقىتلاردا سوۋېت رۇسسىيە ھۆكۈمىتى، ئافغانىستاندىن چېگرا بويلىرىغا قۇراللىق كۈچ يىغىش ھەرىكەتلىرىنى توختۇتۇشىنى، ئافغان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇخارا تەۋەسىدە داۋاملىشىۋاتقان ئۇرۇش مەسىلىسىدە بىتەرەپلىك ئىلان قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەنە شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، يەنى 1922-يىلىنىڭ ئاۋغۇست ئېيىدا، ئەنۋەر پاشا شېھىت بولىدۇ.

ئەنۋەر پاشانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئەمىر ئامانۇللا شىمالى ئافغانىستانغا بارىدۇ. ئۇ يەردە قوماندانلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن مۇزاكىرىلەردىن كېيىن چېگرا بويلىرىدىكى جىددى ھالەت بويىرۇقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ كابولغا قايتىپ كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ زامانىۋىي دۇنيانىڭ چىڭگىزخانى بولىمەن دەيدىغان خامخىياللىرى يوققا چىققان ئىدى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ياخشى كۆرۈنۈش مەقسىتىدە بىر مەرتىلىك قىلىپ، تەخمىنەن 6 ئاي بويىچە ئەنۋەر پاشا ھەرىكىتىنى يېقىندىن كۈزىتىپ كېلىۋاتقان، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت تىكلىگەن ھەربى ئىشلار نازىرى نادىرخاننى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى پارىژغا باش ئەلچى قىلىپ يولغا سېلىۋېتىدۇ. بۇ جەرياندا، ئەنۋەر پاشانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن دۆلىتىگە قايتىپ كەتكەن شەيخۇلئىسلام مەۋلەۋى ئابلەھەيمۇ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى تەشۋىقاتلار بىلەن شوغۇللاندى دېگەن جىنايەت بىلەن خاناۋات شەھىرىدە قولغا

ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ (مەۋلەۋى ئابلىھەي، 1927 ـ يىلىسى قايتىدىن تۈركىستانغا كىرىدۇ. گارم شەھىرى ئەتراپىدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى تەشۋىقات پاالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ قۇراللىق قوزغۇلاڭ قوزغايمەن دەپ كۆپ تىرىشىپ باققان بولسىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

# بۇخارا ئەمىرىنىڭ سۈرگۈن ھاياتى

يېڭى ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن تەڭ يېيىلىشقا باشلىغان يېڭىچە كۆز قاراشلار تەسىرىدە پۈتۈن ئۆلكىنى قاپلىغان ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە تەختىدىن ئايرىلىپ قالغان ئەمىر، 1921 ـ يىلىنىڭ مارت ئېيىدا 300 دەك ئەسكىرى بىلەن ئافغانىستانغا قېچىپ كېتىشكە مەجبور بولغان ئىدى. ئەمىر، بۇ قېتىمقى سەپىرىدە ئافغانىستان قاتارلىق چەت دۆلەتلەردىن ياردەم تەلەپ قىلىش، ئاندىن بۇخارادا ۋەزىيەت ئۆزگىشىش ئىمكانىيەت يار بەرگىدەك قىلسا ۋەتىنىگە قايتىپ كېتىشنى پىلانلىغان ئىدى. بۇ ئىشلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ تېخى بۇخارادىن ئايرىلمىغان كۈنلىرىدىلا بۇ ھەقتە تەييارلىق قىلىشقا كىرىشكەن ئىدى. ئەمىر، سەپەرگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن **قەشقەردىكى** ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئەنگلىيە پادىشاسىغا قارىتىپ بىر پارچە ياردەم تەلەپ قىلىش خېتىنى يازىدۇ. بۇخارا ئەمىرى، ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدە ئافغانىستانغا بارغاندىن كېيىنكى ئەھۋاللارنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

ئافغانىستان چېگرىسىدىن ئۆتىشىمىز بىلەن تەڭ، ئافغان چېگرا مۇداپىيە قوشۇنلىرىنىڭ قۇماندانلىرى قوشۇنى بىلەن بىرگە ئالدىمىزغا چىقىپ بىزنى ئالاھىدە قىزغىن كۈتىۋالغان ئىدى. ... مەن، چېگرادىن ئۆتۈپلا ئۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنلىگىمنى قاتاغان ۋالىسىگە خەۋەر قىلىۋېتىپ، قاتاغانغا قاراپ يولغا چىقتىم. نەبى مۇھەممەت ئەكپەرخان ۋالى بىلەن باش قۇماندان بىنبىنخان ئىككىسى مېنى ھەربىي قىسىم بىلەن بىرگە ئالدىمغا چىقىپ كۈتىۋالدى. ... بۇ چاغدا ئەمىر ھەزرىتى ماڭا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن بىر پارچە خەت ئەۋەتىپ، بېشىمغا كەلگەن بۇ ئوڭۇشسىزلىقلارنى بىر باشتىن تەپسىلى مۇھاكىمە قىلىش نىيىتىدە مېنى كابولغا تەكلىپ قىلغان ئىكەن.

بۇ بەندەئى ئاجىزە، ئامۇ دەرياسىدىن ئافغانىستان تەرىپىگە كېچىپ ئۆتكىنىمدە بۇخارانىڭ تاللانغان ئۈچ يۈز نەپەر جەڭچىسىنىمۇ بىرگە ئېلىپ ئۆتكەن ئىدىم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئۇ دەريانىڭ كىچىك ئېغىزىدىكى

چۈشكۈن يېرىمدە تەخمىنەن ئون مىڭدەك ئادەممۇ دەريادىن ئۆتۈپ ئەتراپىمغا يىغىلغان ئىدى. بۇ خەلق ئاممىسى ئىچىدىن تەخمىنەن بەش يۈز نەپەر ئادەمنى تاللىدىم، يەنى بۇخارا خەلقى ئارىسىدىكى مىنىڭ دىققىتىمنى تارتقان كىشىلەرنى يېنىمغا ئېلىپ، قالغان كىشىلەرنى ئافغانىستاننىڭ ھەر قايسى يەرلىرىگە يولغا سېلىۋەتتىم. شۇنداق قىلىپ تاللانغان بۇ بەش يۈز كىشى بىلەن بىرلىكتە كابولغا قاراپ يولغا چىقتىم.

كابۇلغا بارغىنىمىزدا، ئىستىراھەت قىلىشىم ئۈچۈن ئايرىلغان مۇرات باغ دىگەن قەلئەگە چۈشتۇق. ... ئۇنىڭدىن كىيىن ئافغان ئەمرى ئەڭ مۆتىبەر كىشىلىرى بىلەن بىرلىكتە زىيارىتىمگە كىلىپ مىنىڭ بىلەن قۇچاغلىشىپ كۆرۈشتى. شۇنداق قىلىپ بۇ تارىخىي ئۇچۇرۇشۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شۇندىن كېيىن ئافغانىستان دۆلىتىنىڭ بىر ئايلىق ئەزىز مىھمىنى بولۇپ تۇردۇم. بىر ئايدىن كىيىن كۈندىلىك راسخوتلىرىم ئۈچۈن 12 مىڭ ئافغان رۇپىيىسى ئايلىق توختۇتۇپ بەردى.

سەئىد ئالىمخان، ئافغانىستان ئەمرى ئامانۇللادىن دۆلىتىنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتە ئېتراپ قىلىنىشىنى، ئۆزىگە قاراشلىق باسمىچى يىتەكچىلىرىگە ياردەم قىلىشنى ھەمدە ئەنگىلىيە قاتارلىق چەت دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت تىكلىۋىلىشىغا ۋاستىچى بولۇپ بىرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمىر ئالىمنىڭ ئافغانىستانغا ئۆتۈپ كېتىپ ئۇ يەردە پائالىيەت قىلىشىدىن سوۋېت رۇسىيىسى پەقەتلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇرۇسلار بۇخارا ئەمرىگە بىرىلىدىغان ھەرقانداق ياردەمنى توختۇتۇش ھەمدە ئەمىرنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلەش جەھەتتە ئافغانىستان ئەمرىگە سىياسى بېسىم قىلىشقا كىرىشىدۇ. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ۋاستىسى ئارقىلىق بىسىم ئىشلىتىش سىياستى ئۆزۈنغا قالماي نەتىجە بېرىشكە باشلايدۇ. ئامانۇللاخان، ئەمىر ئالىمخاننى ھەر جەھەتتىن ھۆرمەت قىلىپ ۋە كۆڭۈل بۆلىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋىلىپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى قۇراللىق كۈچلىرىنىڭ سانىنى ئازايتىش ۋە قۇراللىرىنى تاپشۇرۇلىشى ھەققىدە بويرۇق قىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئالىمخاننىڭ بۇخارا تەۋەسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى چەكلەش ئىشلىرىغىمۇ تۇتۇش قىلىدۇ. سەئىد ئالىمخان، ئافغانىستانغا كەلگىنىدىن كىيىن ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان ئىشلىرىنىڭ بىرسىدىنمۇ تۈزۈك نەتىجە ئالالمىغانلىقىنى كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىدە تۆۋەندىكىچە يېزىپ قالدۇرىدۇ:

بۇ بەندەئى ئاجىزە، ئۆز ئىشلىرىمنى يولغا سېلىۋىلىش ئۈچۈن ئىشقا كىرىشكەن ئىدىم. ئەمما نىملا قىلسام تەلەپ قىلغان ياردەملەرگە ئىرىشەلمەي

كەلدىم. ھەرھالدا، ئاللاھۇ تەئالا ماڭا ياردەم قىلىنىشىنى تەغدىر قىلمىغان بولسا كېرەك. شۇ سەۋەپتىن تەغدىرئى ئىلاھىگە بويۇن ئېگىپ كابولدا تۇرۇپ قىلىش قارارىغا كەلدىم. ئافغان ئەمىرى جانابىئى ئالىلىرى كابولنىڭ جەنۇبىدىكى بىر باغنى (گاللائى فاتۇ) ماڭا ئايرىپ بېرىپ، ئايلىق چىقىملىرىم ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن مائاشىمۇ ئون تۆت مىڭ بەش يۈز رۇپىيەگە ئۆستۈرۈپ بەردى.

1917 ـ يىلىنىڭ فېۋرالدىكى كېرېنسكى ئىنقىلابى دەۋرىدە، بۇخارا ئەمىرى بۇرۇن ئۇرۇس بانكىلىرىغا ئامانەت قويغان 150 مىليون روبلى (تەخمىنەن 15 مىليون پوند ستېرلىڭ) قىممىتىدىكى ھېساۋىنى ئۈزۈپ، ئۇ پۇللارنى لوندون بىلەن پارىژدىكى بىر نەچچە بانكىغا ئۆۋەرتىپ بەرگەن ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە ئىشەنچلىك دەپ قارىغان بىر كىشىنىڭ ۋاستىچىلىقى ئارقىلىق 120 مىڭ پوند ستېرلىڭ قىممىتىدىكى ئاستراخان ئەلتىر كۆرپىسىنى ياۋرۇپا بىلەن ئامېرىكىدا سېتىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىرىۋەتكەن ئىدى. ئافغانىستانغا كەلگىنىدىن كېيىن ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيە بانكىلىرىغا ئامانەت قويغان پۇللىرىنى بانكىدىن ئېلىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ مۇۋەپپەق بولالمايدۇ. بولشېۋىك ھۆكۈمىتى بۇ پۇللارنى سوۋېتلەرگە تەۋە دەپ تۇرىۋالغان ئىدى. بانكىلار بولسا، بۇ پۇللار ھوقۇق جەھەتتە بۇخارا ئەمىرلىگىنىڭ قانۇنى ئادىمىگە تەۋە بولىدىغانلىغىنى، ئەمما بۈگۈن بۇخارا ئەمىرلىگى دىگەن بىر ئورۇن بولمىغاچقا، ئەمىرنىڭ شەخسى نامىغا قارىتىپ پۇل بېرەلمەيدىغانلىغىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ جەرياندا ئاستراخان ئەلتىر تېرىلىرىنى ئامانەت قويغان ئۇنىڭ يېقىن كىشىسىمۇ ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىپ پۇلنى يەۋالغان ئىدى. ئۇ يېقىن ئادىمى بانكىلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلاردىن خەۋەر تاپقان بولسا كېرەك، بۇ ئەلتىر تېرىلەرنىڭ بۇخارا ئەمىرگە تەۋە ئەمەس، بەلكى بۇخارا ئەمىرلىگىنىڭ مۈلكى ھېساپلىنىدىغانلىغىنى، شۇ سەۋەپتىن بۇ ئەلتىر تېرە كىرىمنى ئەمىرگە تاپشۇرالمايدىغانلىقنى، بۇخارادا مۇقىم بىر ھۆكۈمەت قۇرۇلغانغا قەدەر بۇ پۇللارنى ئۆز يېنىدا ساقلاپ تۇرىدىغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەمىر بۇخارادىن ئايرىلغان ۋاقتىدا ئەپسانە ھالىغا كەلگەن غەزىنىسىنىمۇ ئېلىپ چىقالمىغان ئىدى (ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە بانكىلىرىدىكى ھېساپلىرىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولغانلىقى ھەققىدە ھېچ قانداق بىر مەلۇمات يوق. ئېھتىمال، ئۇ پۇللار شۇ بانكىلارنىڭ غەزىنىسىگە ئۆتۈپ كەتكەن بولىشى مۇمكىن. ئاستراخان كۆرپىلىرى ـــ ئەلتىر تېرىلىرى ئۈچۈن ئەمىر تەرەپ سوتقا ئەرز قىلغان بولۇپ، سوت مەھكىمىسى بۇ ئەلتىر تېرىلىرىنىڭ سېتىلىشىدىن كەلگەن پۇلنىڭ يېرىمىنى ئەمىرگە، قالغان يېرىمىنى بولسا بۇ كۆرپىلەرنى چەتكە چىقىرىپ سېتىشقا مەسئۇل بولغان كىشىگە بېرىلىشى كېرەك دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. بۇخارا ئەمىرلىكىنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى

بىسمىللاغاندىن كېيىن، بۇخارا ئەمىرلىكىنىڭ غەزىنىسىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە ئۈنچە ـ ياقۇتلارنى 3 ۋاگونغا لىق تولدۇرۇپ موسكۋاغا توشۇپ كەتكەنلىكىنى بايلىپي كىتاۋىدا يېزىپ ئىپلان قىلغان ئىدى. ـــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). نەتىجىدە، ئالىمخان ئافغان ئەمىرى ئامانۇللانىڭ تىزگىنى ئاستىدا ياشاشقا باشلايدۇ. ئامۇ دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپى بىلەن، يەنى بۇخارا بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ئىشلىرىنى ئۇنىڭ تاغىسى مۇھەممەت سەئىدبەك پەرۋانچى ۋاستىسى ئارقىلىق داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئەنۋەر پاشانىڭ باسمىچىلىق ھەرىكىتىگە قوشۇلۇپ كەتكەنلىكى ئەمىر سەئىد ئالىمخانغا يېڭى بىر ئۈمىد ئۇچقۇنى بولۇپ كۆرۈنۈپ، ئورۇسلارغا قارشى كۈرەشنىڭ غالىبىيىتىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرغان ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەنۋەر پاشا ئەگەر غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلىگىدەك قىلسا، ئۇنى قايتا تەختىگە چىقىرىش ـ چىقارماسلىق مەسىلىسىدە ئەنۋەر پاشاغا دىگەندەك ئىشىنىپمۇ كىتەلمەيتتى. ئەنە شۇ خىل گۇمانلىرى نەتىجىسىدە، ئىبراھىم لاقايبەگ ۋاستىسى ئارقىلىق پاشانى قولدا تۇتۇپ تۇرۇشنى بۇيرىغان ئىدى. ئەمما ئافغانىستان ئەمىرى ئامانۇللاخاننىڭ زورلىشى بىلەن قىسقا بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن پاشانى قويۇپ بېرىش ھەققىدە ئىبراھىم لاقايبەگكە مەكتۇپ يېزىپ ئەۋەرتىشكە مەجبور بولغان ئىدى. ئەنۋەر پاشا قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى ئەمىر ئالىمخاننىڭ يوقۇرىقىدەك گۇمانلىرىنى تەستىقلىغاندەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئەنۋەر پاشا، ئەمىر ئالىمخاننى بۇ ھەرىكەتنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇپ ئامانۇللاخان بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەت تىكلەشكە كىرىشكەن ئىدى. دىگەندەك، سەئىد ئالىمخان ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى قاراشلىرىنى يېزىپ قالدۇرىدۇ:

ئىبراھىم لاقايبەگ بۇخارانىڭ شەرقىي قىسمىدىكى پۇقرالار (ۋەتەنداشلىرى دىمەكچى، ـــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) بىلەن كېلىشىپ بۇ بەندەئى ئاجىزەنىڭ ۋەتىنىگە قايتىپ كىتىشىگە ئىجازەت قىلىنىشى ھەققىدە ئافغان ئەمىرىگە بىر پارچە خەت يېزىپ، سەككىز كىشىلىك بىر ھەيئەت تەشكىللەپ يېزىلغان مەكتۇپنى پايتەخت كابۇلغا ئەۋەرتكەن، بۇ ھەيئەتمۇ كابىلغا كېلىپ ئافغان ئەمىرىنىڭ ھوزۇرىغا چىقىپ بۇ تەلەپنى بىۋاستە ئۇقتۇرغان. ئافغان ئەمىرىمۇ ئۆزىگە قىلىنغان بۇ مۇراجەتنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ مىنىڭ قايتىپ كېتىشىمگە ماقۇل بولغان. ئەمما ئەنۋەر پاشا بۇ ھەقتە باشقىچە كۆز قاراشتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ نارازىلىق بىلدۈرگەنىكەن. ئەنۋەر پاشانىڭ دىيىشىچە بولغاندا، بۈگۈنكى كۈنلەردە دۈشمەن ھۇجۇم يولىنىڭ ئاساسىي كۈچى بۇخارانىڭ مەركىزىدىكى قورغاندا دەپ قاراش توغرا ئەمەسمىش. ئەنۋەر پاشا دىگەنمىشكى، ئۇدۇلىمىزدىكى دۈشمەن خەلقارالىق قانۇنلارنى قەتئىي كۆزگە ئىلمايدىغان كۈچلۈك بىر دۆلەتتۇر. بىز ھازىرچە ئۇلارغا قارشى جەڭنى

داۋاملاشتۇرۇپ تۇرايلى. خۇدا بويرىسا بىر پۈرسەتنى تېپىپ بايسۇن ۋىلايىتىنى تارتىپ ئېلىپ ئۆز تىزگىنىمىزگە ئېلىۋالساق، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قەلئەلەرنى ئۆزىمىزگە ئىستىھكام قىلىۋالالايمىز. ئەنە شۇنداق بىر ۋەزىيەت بارلىققا كەلگىنىدە پادىشاھىمىزنى قايتۇرۇپ كېلىش پۇرسىتى تۇغۇلىدۇ. ئەنۋەر پاشانىڭ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ تۈردىكى نارازىلىقلىرى تۆپەيلىدىن، كابولغا ئەۋەرتىلگەن ئۆمگىمىز قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

ئەنۋەر پاشانىڭ ۋاپاتى بۇ رايوندىكى كۈچ تەڭپۇڭلۇقلىرىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەن بولۇپ، بۇخارا رايونىدىكى ھەرىكەتلەرنىڭ ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچۇرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ جەرياندا ئەمىر ئالىمخان ئەنگىلىيە قاتارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرىگە قارىتا بىر قېتىم ئومۇمىي يۈزلۈك مۇناسىۋەت باغلاش ھەرىكىتىنى باشلاش قارارىغا كېلىدۇ. 1923-يىلىنىڭ ئىيول ئېيىدا "تېنچلىقپەرۋەر ۋە ھەققانىيەتكە ھۆرمەت بىلدۈرىدىغانلارغا" نامىدا بىر مۇراجەتنى جەمىيەتى ئاكۋام (بىرلەشكەن دۆلەتلەر جەمىيىتى) غا ھەمدە بىر مۇنچە دۆلەتنىڭ پىرىزدىنتلىرىگە ئەۋەرتىدۇ. «تايمىس» گېزىتى تەرىپىدىن "ئوتتۇرا ئاسىيادا بولشېۋىكلار تۈزۈمى" دېگەن تېمىدا ئېلان قىلىنغان بۇ مۇراجەت تىگىشلىك ئىنكاسقا ئېرىشەلمەي، ئەركىن دۇنيانىڭ ھەر قانداق بىر دۆلىتىدىن ھېچ بىر جاۋابى كەلمەي جىمىپ كېتىدۇ.

يوقۇرقىدەك ۋەزىيەت، ئەمىر ئالىمخاننىڭ ۋەتىنىگە قايتىپ كېتىش ھەمدە قايتىدىن تەختىگە ئولتۇرۇش ئۈمىدلىرىنى ئاساسەن يوق قىلىۋېتىدۇ. ئافغانىستانغا كېلىۋالغان تۈركىستانلىق زىيالىيلار بىلەن مىللىي ئىتتىپاق ئەزالىرى ئۇنى ۋەتەن خائىنى دەپ قاراپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار بىلەنمۇ يېقىنلىشىش ئىمكانى يوق ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئامانۇللاخانمۇ تۈركىستان رايونىغا مۇناسىۋەتلىك پىلانلىرىنى بىر چەتكە تاشلاپ قويغاندىن كېيىن ئالىمخاننى بىر سىياسىي يۈك دەپ مۇئامىلە قىلىشقا باشلىغان ئىدى. "مېنىڭ ئانام سېنىڭمۇ ئاناڭ ھىساپلىنىدۇ، شۇڭا ئۇنى يوقلاپ كەلگىن" دەپ ئۇنى كابۇلغا تەكلىپ قىلىدۇ. ئەمما ئۇنى كابۇلغا كەلتۈرىۋالغىنىدىن كېيىن نەچچە ئايغىچە كۆرۈشكىلى ئۇنىمايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئەمىر ئالىمخان چەتكە چىقىپ كېتىش ۋاقتىنىڭ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇ، بۇ ئارزۇسىنى ئامانۇللاخانغا يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق ئەنگىلىيە باش ئەلچىسى خۇمپرىيستىن ھىندىستاندىن ئۆتۈش ۋىزىسى ھەل قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئامانۇللاخان، ئالىمخانغا ھەرەمگە ھاجى قىلىپ كېلىشكە بارسا بولىدىغانلىقىنى، ئەمما پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن بارلىق ئادەملىرىنى بىرگە ئېلىپ مېڭىشى لازىملىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئافغانىستاندىن ئايرىلغىنىدىن كېيىن ئافغانىستانغا قايتىپ كەلمەسلىكى ھەققىدە ۋاستىلىق ئىشارەت بەرگەن ئىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئەمىرنىڭ لوندونغا ئەۋەتكەن ۋەزىرى تەلىۋىنى لورد كۇرزون بىۋاستە رەت قىلىۋېتىدۇ. ئەمىر، ئالغان بۇ جاۋابىغا قارىماي بىرمەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قايتىدىن ۋەزىرنى ئەۋەتىپ ئىلتىماس قىلىپ، ھىندىستاندا قىسقا مۇددەت تۇرغاندىن كېيىن ھەرەمگە ھاج قىلىشقا بارىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مۇراجىئەتكە ھەقىقەتەنمۇ بەكلا غەلىتە بىر جاۋاپ بېرىلىدۇ. ئەمىرنىڭ ھىندىستاندىن ئۆتۈپ ھەرەمگە مېڭىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى، ئەمما ھىندىستانغا قىسقا ۋاقىت ئۈچۈن زىيارەتكە كېلىشىگە قارشى ئەمەسلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئەگەر ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرالىرى ئىچىدە تۇرۇپ قېلىش خىيالى بولسا، پەقەت سەيلون ياكى سەيشەل ئاراللىرىدىلا تۇرۇشىغا يول قويىلاتتى. ئۇلارنىڭ شۇنچە تەتۈرلۈك قىلىشلىرىغا قارىماي، ئالىمخان يەنىلا ئۈمىدىنى ئۈزمەيدۇ. شۇڭا ئۇ، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئەنگلىيە باش ئەلچىلىكىگە ئىلتىماس سۇنىدۇ. بۇ قېتىم ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بارلىق تەلەپلىرىگە رۇخسەت قىلالمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. يەنى، ئۇنىڭدىن ھەرەمدىن قايتىپ كەلگىنىدە قايتىدىن ئافغانىستانغا كىرەلىشىنى كۆرسىتىدىغان رۇخسەت قەغىزى بولغىنىدىلا ۋىزا بېرىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋىزا ئۈچۈن ئىلتىماس قىلىدىغان يەر ئەنگلىيە باش ئەلچىخانىسى ئەمەس، بەلكى ئۇدۇل ئافغان ھۆكۈمىتى بولۇپ قالغان ئىدى. ئافغانىستان ئەمىرى ئامانۇللانىڭ بۇنداق بىر تونۇشتۇرۇش بەرمەيدىغانلىقىنى بىلگەن ئەمىر ئالىمخان، تەغدىرگە تەن بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ، بۇندىن كېيىن ئافغانىستاندا ياشاپ قېلىشتىن باشقا چارىسى قالمايدۇ. ئەنە شۇنداق ئۈمىتسىزلىك ئىچىدە رۇسىيىلىكلەر بىلەن يارىشىش ئۈچۈن چارە ئاختۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ باقىدۇ. ياردەمچىلىرى ۋاستىسى ئارقىلىق ئافغانىستاندىكى رۇسىيە ئەلچىخانا مەسئۇللىرىغا رۇسىيە بىلەن يارىشىپ قېلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ھەمدە بۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى تۈرلۈك شەرتى بارلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ شەرتلىرىنىڭ بىرسى بۇخارانىڭ كىچىك بىر پارچىسىدا كۆرسەتمىلىك بولسىمۇ بىر ئەمىرلىك تۈزۈمى تىكلىنىشىگە رۇخسەت قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىش ئىدى، شەرتلىرىنىڭ يەنە بىرسى بولسا، ئۆزىگە بىر پىنسىيە مائاشى توختىتىپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىش ئىدى. ئۇ دەۋىرگە مۇناسىۋەتلىك رۇسىيە مەنبەلىرىدە، ئۇرۇسلارنىڭ بۇنداق بىر تەكلىپكە پەقەتلا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى كۆرۈلمەكتە (سابىق چېكاچى ئاغابېكوۋ كۈندىلىك خاتىرىلىرى. ياش تۈركىستان مەجمۇئەسى، 1930-يىلى ئۆكتەبىر 11-سان، 19-بەت. سوۋېتلەر ئىنتىپاقىنىڭ ئافغانىستان-ھىندىستان چېگراسىدىكى پەشتۇ قەبىلىلىرىگە قاراتقان ھەرىكەتلىرىنى باشقۇرغان كابۇلدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى روسكالنىكوۋ، ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ئۇلتىماتومى سەۋەبىدىن 1923-يىلى قايتۇرۇپ كېتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا لېونىد ستارك تەيىنلىنىدۇ. ئەرمەن بولغان گېورگې ئاگابېكوۋ، «ئو گ پ ئۇ» خادىمى سۈپىتىدە ستاركنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئارىسىدا

كەلگەن ئىدى. بىر مەزگىل ۋەزىپە ئۆتىگەندىن كېيىن غەرب ئەللىرىگە پانالىق تىلەپ قېچىپ كىتىدۇ. غەرپكە بارغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى ئېلان قىلىدۇ. ـــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

1927ـ يىلىسى تۈركىستاندا باشلانغان كوللىكتىپلاشتۇرۇش ھەرىكىتى كۈچلۈك ئىجتىمائىي نارازىلىق ۋە قارشىلىقلارغا سەۋەپ بولىدۇ. بۇ خىل ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىشنى مەقسەت قىلغان ئەمىر ئالىمخان، شۇ يىلى سىنتەبىردە يەنە بىر قېتىم سىناق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرىدۇ. ئۆزىنىڭ ئىختىيارى ۋەكىلى بولغان بۇخارالىق سودىگەر ھاجى يۈسۈپباي مۇقىمباي ۋاستىچىلىقى ئارقىلىق جەنۋەدىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر جەمىيىتىگە ئىلتىماس سۇنىدۇ. مۇقىمباي ئاۋال پارىژغا بېرىپ مۆسيۆ كاستاگنې (ج. كاستاگنې 1920ـ يىللىرىدا تۈركىستاندا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان بولۇپ، پارىژغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن باسمىچىلار ھەرىكىتىگە مۇناسىۋەتلىك ماقالىلار ئېلان قىلىپ تۇرغان بىر گىولوگ ئىدى. فرانسىيىگە قايتىپ كەتكىنىدىن كېيىن پرومېتې ژورنىلىدا رېداكتور بولۇپ ئىشلىگەن ئىدى. ـــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) نىڭ ياردىمى بىلەن جەنۋەگە بېرىپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر جەمىيىتىگە بىر پارچە دوكلات سۇنىدۇ. بۇ دوكلات «لې ژورنال دې گېنېۋې» گېزىتىنىڭ 7ـ سىنتەبىر سانىدا، «ئىستىلا ئاستىدىكى بۇخارالىقنىڭ زارى» دىگەن تېما بىلەن ئېلان قىلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا يۈسۈپباي، ئەنگلىيىلىكلەر بىلەن سۆزلىشىش يولىنى ئاختۇرۇپ يۈرەتتى. فرانسۇز ۋاستىچىلىرىنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرىغا قارىماي، ئەنگلىيە دائىرىلىرى ئەمىرنىڭ ۋاكالەتچىسى بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلىدۇ. ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مەسئۇلى كاۋېندىش بېنتىنك "بۇخارا، سوۋېت رۇسسىيىسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىۋېلىشتىن بۇرۇنمۇ سابىق ئەمىرلىك خەلقارالىق سىياسي سەھنىدە بىرەر قىممىتى بولمىغان بىر يەر ئىدى" دىگەن سۆزلىرى بىلەن، ئەنگلىيىنىڭ بۇخارا ئەمىرىگە قارىتا كۆز قاراشلىرىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

دەل شۇ پەيتلەردە، بۇخارا ئەمىرىنىڭ 30 يىلدەك خىزمىتىنى قىلغان بۇخارا يەھۇدىيسى بولغان مىر ھەيدەر بادالىيېۋ، پارىژدا يوشۇرۇن بىر گۇرۇپپا قۇرۇپ چىققانلىقىنى ھەمدە بۇخارادا بولشېۋىزمغا قارشى بىر ھەرىكەت قوزغىتالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئېنگىلىز ھۆكۈمىتىگە مۇراجەتنامە سۇنىدۇ (بايلېي ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدە بادالىيېۋنى بىر تاتار تۈركى ئىدى دەپ يازىدۇ. ـــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). مىر ھەيدەر، چار رۇسىيە دەۋرىدە بۇخارا ئەمىرلىكىگە ياردەم قىلىدىغان بىر سىياسي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان بىرسى ئىدى. بولشېۋىك ئىنقىلابىدىن كېيىن، بۇخارا ئەمىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا كىرىپ، 1918ـ يىلى مارت ئېيىدا تاشكەنت سوۋېتى بىلەن بۇخارا ئەمىرلىكى ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان تېنچلىق شەرتنامىسى سۆھبىتىدە ئەمىرگە ۋاكالىتەن سۆھبەتكە قاتناشقان ئىدى. ئەنگلىيە تەرەپ مەسئۇلى فرېدېرىك بايلېي بۇخارادا تۇرۇۋاتقان دەۋرلەردە ئۇنىڭ بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ

كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىرانغا ئۆتۈپ كېتىشىگە يېقىندىن ياردەمدە بولغان ئىكەن. ئەنە شۇ سەۋەپتىن بۇخارا ئەمىرلىكىنىڭ ئاغدۇرۇلىشىدىن كېيىن، ئائىلىسىنى ئېلىپ ئافغانىستان ئارقىلىق ھىندىستانغا ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقتىدا ئەنگىلىيە تەرەپ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قىزغىن كۈتىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇ يەردە ئۇنى پېشاۋۇر شەھرىگە ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، يوقۇرىدا دېيىلگەن پىكرىنى كۆتۈرۈپ ئەنگىلىيە دائىرىلىرىگە مۇراجەت قىلغان. ئۇنىڭ بۇ مۇراجەت قىلىشىدا سەئىد ئالىمخان بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ بار-يوقلىقى نامەلۇم. ئەنگىلىيىلىك مەسئول كىشىلەر تەبىئى ھالدا ئۇنىڭ بۇ تەلىۋىگىمۇ ھېچقانداق بىر جاۋاپ قايتۇرمايدۇ.

1928~1929-يىللىرى ئىچىدە ئافغانىستاننىڭ ئىچكى سىياسىتىدە ئېغىر داۋالغۇشلار كۆرۈلىۋاتقان يىللار ئىدى. بۇ تۈردىكى ئۆزگىرىشلەر بولىۋاتقان مەزگىللەردە ئەمىر ئالىمخان بىلەن ئۇنىڭ نامىدا ھەرىكەت قىلىپ كېلىۋاتقان ۋاكالەتچىلىرى بەزى پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللىنىشقا ئۇرۇنۇپ باقىدۇ. ھاجى يۇسۇپ مۇقىمباينىڭ كاتىۋى بىلەن ساخارووڧ ئىسىملىك بىر ئاق ئۇرۇس، پارىژ بىلەن جەنىۋەدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ يۈرۈپ، ئەمىر ئالىمخان ئىمزاسىدا فارىسچە تەييارلانغان بىر باياناتنى تارقىتىشقا باشلايدۇ. «بۇخارا مىللەتلىرىنىڭ زارى» دىگەن تېما بىلەن فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇ بايانات، ياۋرۇپادا تۇرىۋاتقان چەتئەلدىكى تۈركلەر ئىچىدە، بولۇپمۇ تۈركىستانلىقلار ئارىسىدا بەكلا كۈچلۈك ئەكس تەسىر قوزغايدۇ. گېزىتلاردىمۇ ئېلان قىلىنغان بۇ باياناتنىڭ بىر قىسمىدا ئەمىر مۇنداق دىگەن ئىدى:

بىز ئۇرۇسلارنىمۇ ئېزىۋاتقان ئاتېيىست بولشىۋىكلارغىلا قارشى تۇرماقتىمىز. بىزنىڭ سېپىمىزدا ئۇرۇسلارمۇ بار. ئۇرۇسلار (چار رۇسىيىسىنى كۆزدە تۇتماقتا. — ئاپتوردىن) بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنى نومۇسسىزلارچە ئاشكارە ھالدا ئۇرۇش قوزغاپ بېسىۋالغان ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي ئۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا پەقەت ئارىلاشمىغان ئىدى. دىنى ئورگانلىرىمىزغا ھۆرمەت قىلغان ئىدى. مەرھۇم ئاتام ئۇرۇسلارنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى. مەنمۇ رۇسىيە ساراي قوغدىغۇچى پولكىدا تەربىيەلەنگەن ئىدىم.

بۇ قۇرلار، تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن پائالىيەت قىلىۋاتقان ساھەلەردىكى كىشىلەرنى ئالىمخانغا بولغان ئۆچمەنلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەن ئىدى.

1928-يىلى ئەمىرنىڭ ياردەمچىلىرىدىن بىرى بولغان مىرزا مۇھەممەت تاكىبەگ، مەشھەتتىكى ئەنگىلىيە كونسۇلخانىسىغا "ئەنگىلىيە ئاجىز ئەللەرنىڭ ھامىسىدۇر، شۇنداق ئىكەن ھەر قانداق بىر دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش

مەسلىسىدە ئەنگلىيە كاپالەتچى بولىشى كېرەك" دېگەن بىر مۇراجەتنى سۇنىدۇ. بۇ مۇراجەت، ئافغانىستانغا كېلىۋالغان ئەمىرگە سادىق باسمىچى گورۇپپىلىرىغا "ئەنگلىيە بىلەن ئەمىر كېلىشىمگە كېلىشتى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئەمىر ئالىمخانغا ياردەم قىلىدىغان بولدى" دېگەن شەكىلدە يېتىپ كېلىدۇ. ئالىمخان 1929 ـ يىلىنىڭ ماي ئېيىدا ئافغانىستاندىكى ئىچكى قالايماقانچىلىقلاردىن پايدىلىنىپ ھېراتقا بارىدۇ. ئۇ يەردە تۈركىستان بىلەن بۇخارا خەلقىگە قارىتىپ فارىسچە بىر بايانات ئېلان قىلىدۇ. ئەمىر بۇ باياناتتىمۇ ئۆزىنى سابىق چارپادىشاغا سادىق ئادەم دەپ تونىتىدۇ. مۇسۇلمانلارنى چوڭ ئاكىسى دەپ تونىغان ئاق ئورۇسلار بىلەن بىرلىشىپ بولشېۋىكلەرگە قارشى جەڭ قىلىشقا چاقىرىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا بۇخارادىمۇ شۇنىڭغا ئوخشىغان بىر بايانات "بارلىق رۇسسىيە مۇسۇلمانلىرىغا چاقىرىق" ئىمىسى بىلەن تارقىتىلىشقا باشلايدۇ. بۇ باياناتلارنىڭ كىم تەرىپىدىن باستۇرۇپ تارقىتىلىۋاتقانلىقى نامەلۇم بولىشىغا قارىماي، سوۋېت دائىرىلىرى بۇ ئىشنى ئالىمخاننىڭ ئۈستىگە ئارتماقتا ئىدى. شۈبھە يوقكى، بۇ تۈر ئىشلارغا قارىتا موسكۋامۇ دەرھال جاۋابىنى بېرىدۇ.

دېگەندەك، 1929 ـ يىلى 16 ـ ئىيون كۈنى «ئىزۋېتسىيا» گېزىتىدە بىر پارچە ئوچۇق خەت ئېلان قىلىنىدۇ. بۇ ئوچۇق خەتنىڭ ئاپتورى بولغان شاھ مۇرات، 1922 ـ يىلىسى ئورۇسلار تەرىپىدىن موسكۋاغا ئېلىپ كېتىلگەن ئەمىرنىڭ ئۈچ ئوغلىدىن بىرسى ئىدى. بۇ ئوغۇل، دادىسىنى "جاھانگىرلارغا قولچۇماق بولماقتا، ئۇنىڭ بۇ ئىشى ئۆز خەلقىگە خىيانەت قىلغانلىق" دەپ تەنقىتلەپ كېلىپ، ئوچۇق خېتىنى مۇنۇ سۆزلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان ئىدى:

ئەگەر ئارزۇم خىلافى بىلەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۆرىشىپ قالغىدەك بولسام، ئۇنى دۈشمىنىم دەپ تونۇيمەن.

بۇ كۈنلەردە ئافغانىستاندىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرىمۇ ئاخىرلاشىپ قالغان ئىدى. ھوقۇق تارتىپ ئالغان نادىر شاھ ئۈچۈن ئېيتقاندا، سابىق بۇخارا ئەمىرىنىڭ قىلچە قىممىتى قالمىغان بىرسى ھىساپلىناتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە باسمىچىلار يېتەكچىسى لاقاي ئىبراھىمبەگ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن ئەمىردىن رەنجىپمۇ يۈرگەن ئىدى.

شۇنداق بولغاچقا، ئەمىر ئالىمخاننىڭ پائالىيەتلىرىنى پۈتۈنلەي چەكلەپ ئەتىراپىنى قورشاپ قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئالىدۇ. بۇنداق بىر ئەھۋال ئاستىدا ئەمىرنىڭ كۈتكەن ئۈمىدلىرىنىڭ ھېچ بىرسى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئەندى ئۇ يا ئوغۇللىرى بىلەن كۆرىشەلمەي، يا بۇخاراغا قايتىپ كېتەلمەي نازارەت ئاستىدا

ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدۇ. سابىق بۇخارا ئەمرى ئالىمخان، 1934 ـ يىلى نازارەت ئاستىدا تۇتۇلىۋاتقان كابول ئەتراپىدىكى بىر ئۆيدە ۋاپات بولىدۇ.

## ئورتا ئاسىيا مىللىي ئاۋام ئىنقىلابىي جەمىيەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ چەتئەلدە قانات يايدۇرغان دەسلەپكى پائالىيەتلىرى

بۇخارا جۇمھۇرىيىتىدە يۈز بەرگەن بۇ ئەھۋاللاردىن كېيىن، ئوسمان غوجا قاتارلىق بىر قىسىم جەمىيەت ئەزالىرى، 1922 ـ يىلىنىڭ ئافرېل ئېيىدا ئافغانىستانغا ئۆتۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ كۈنلەر، ئافغانىستان ئەمرى ئامانۇللاخان تۈركىستاندىكى كۈرەشلەرگە ئالاھىدە قىزىقىپ يۈرگەن، ئۇ جايلارغا قارىتا چوڭ پىلانلارنى تۈزۈپ خام خىيال قىلىپ يۈرگەن ۋاقىتلار ئىدى. شۇڭا، ئەمىر ئامانۇللاخان مازارى شەرىپتە تۇرىۋاتقان ئوسمان غوجا بىلەن سەبداشلىرىنى كابۇلغا تەكلىپ قىلىدۇ. ئوسمان غوجىمۇ ھاجى سەمى ۋە ئەلى رىزا ئەپەندىلەر بىلەن بىرگە كابۇلغا يېتىپ كېلىدۇ. 20 ـ ئافرېل كۈنىسى، ئامانۇللاخان سابىق بۇخارا جۇمھۇر رەئىسى ئوسمان غوجا بىلەن تاشقى ئىشلار نازارىتى بىناسىدا بىر سائەتتەك سۆزلىشىدۇ. ئوسمان غوجا، بۇخارادا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ھەققىدە ئەمىرگە تەپسىلى مەلۇمات بەرگىنىدىن كېيىن، رۇسسىيە ھۆكۈمىتى بۇخارانىڭ ئەركىنلىكى بىلەن مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلغان كۈنىگىچە كۈرەشنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمىر ئامانۇللاخاننىڭ يېقىندىن ياردەمدە بولىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتلاردا ئەمىر ئامانۇللاخان، تۈركىستاندا كۈرەشنى داۋاملاشتۇرىۋاتقان ئەنۋەر پاشاغا ياردەم قىلىۋاتقان ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئوسمان غوجا بىلەن سەبداشلىرىنىڭ ۋەتىنىگە ئافغانىستاندا تۇرۇپ قورال ـ ياراق ۋە ئەسكىرى كۈچ بىلەن تەمىنلەش پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلمايدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە قىلىدۇ.

7 ـ ئاينىڭ بېشىدا بۇخارا جۇمھۇرىيىتىدە مۇداپىيە مىنىستىرى بولغان ئابدۇلخەمىت ئارىپ، ئەنۋەر پاشانىڭ ئوسمان غوجىغا يازغان بىر پارچە خېتىنى ئېلىپ كابۇلغا يېتىپ كېلىدۇ. ئەنۋەر پاشا تۈركىستاندىكى ئەھۋاللارنى ياۋرۇپادا تەشۋىق قىلىش، بولۇپمۇ گېرمانىيىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئويلاپ، بۇ خېتىدە ئابدۇلخەمىت ئارىپنى بېرلىندىكى ئىنىسى نۇرى پاشانىڭ قېشىغا ئەۋەرتىلىشىنى تەلەپ قىلغان ئىدى. ئەنۋەر پاشا، تۈركىستان ۋەزىيىتىنى ياۋرۇپاغا بىلدۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى، بولۇپمۇ گېرمانىيىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئويلايتتى. ئەگەر ئىمكانىيەت يار بەرگىنىدە ئوسمان غوجىنىڭمۇ بېرلىنغا بېرىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئوسمان غوجا سەبداشلىرى بىلەن بىرگە بىر

قېتىملىق ۋەزىيەت مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن باشقىدىن شەرقىي بۇخاراغا قايتىپ كېتىش لازىم دەپ قارىشىپ، ئاۋغۇستنىڭ بېشىدا كابولدىن بۇخاراغا قاراپ يولغا چىقتى. ئوسمان غوجا پەيزاۋات شەھىرىگە يېتىپ كەلگىنىدە بۇ يەرنىڭ ۋالىسى شاھ مۇھەممەتخان، ئۇنىڭغا ئەنۋەر پاشانىڭ شېھىت بولغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزىدۇ.

ئەنۋەر پاشانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، يەنى 1922 ـ يىلىنىڭ ئاۋغۇست ئېيىدا بۇخارا سابىق جۇمھۇررەئىسى ئوسمان غوجا، كابۇلدا ئەلچى رىزا ئەپەندى، سابىق ھەربىي ئىشلار نازىرى ئابدۇلخەمىت ئارىپ، بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كابۇل باش ئەلچىسى ھاشىم سايىق، ھاجى سەمى ۋە بىر قىسىم باسمىچى گۇرۇپ ۋەكىللىرى قاتناشقان بىر قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزىدۇ. باسمىچىلىق ھەرىكىتىنى قايتىدىن جانلاندۇرۇش ئۈچۈن لازىملىق چارە ـ تەدبىرلەر مۇنازىرە قىلىنغان بۇ قېتىملىق يىغىندا، ئىدىيىۋى ئاساسلارغا تايانغان ئورتاق بىر كۆزقاراشنى ئاساس قىلغان پروگراممىدىن بىرسى قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت، تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن بارلىق باسمىچى يېتەكچىلىرىنى بىر سەپكە يىغىش ئىدى. بۇ يىغىندا يەنە مىللىي كۈرەشنىڭ مەركىزىنى تۈركىستاننىڭ سىرتىغا، يەنى شىمالىي ئافغانىستاندىكى بىرەر شەھەرگە، ئىمكانىيەت يار بەرگىنىدە مازارى شەرىپكە يۆتكەشنى قارار قىلىشىدۇ. بۇ يىغىندا ۋەزىيە تەقسىماتىمۇ ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھاجى سەلىم سەمىگە "پاشا" (ئوسمانلى سۇلتانلىقى دەۋرىدىكى گېنېرال ئۇنۋانى ــ ئۇ.ت) ئۇنۋانى بېرىلىپ، قۇراللىق كۈچلەرنىڭ بىردىن ـ بىر مەسئولى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. ئەنۋەر پاشانىڭ ئەتراپىغا يىغىلغان گۇرۇپپىلار ئىچىدە ئەمىر ئالىمخان تەرەپتارلىرىنىڭمۇ بارلىقى سەۋەبىدىن، بۇرۇن ئالىمخانغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بارغان ئوسمان غوجا قۇراللىق كۈرەش ئېلىپ بېرىلىدىغان جايلارغا بارغىنىدا قايتىدىن پىكىر ئىختىلاپلىرى قوزغىلىپ قىلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئوسمان غوجا ئافغانىستاندا قېلىپ ئۇرۇش ئۈچۈن ئارقا سەپ ياردىمىنى يەتكۈزۈشكە مەسئول بولۇش قارار قىلىنىدۇ. مىيان پۇزۇرۇك پۇل يىغىش ئىشلىرىغا مەسئول بولۇش، تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە قۇرال يىغىش قاتارىدىكى پائالىيەتلەرنى تەشكىللەش ئۈچۈن تاشكەنتكە قايتىدىغان بولىدۇ. ئابدۇلخەمىت ئارىپ ھىندىستان ئارقىلىق ياۋروپاغا بېرىپ ياردەم توپلاش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولىدۇ.

(رەسىم ئورنى)

بۇخارا جۇمھۇررەئىسى ئوسمان غوجائوغلى سەبداشلىرى بىلەن بىرگە كابۇلدىكى بابۇر شاھ قەۋرىسى ئالدىدا. سول تەرەپ باشتىكى ئوسمان غوجائوغلى، يېنىدىكىسى

بۇخارا جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت مۇداپىيە نازىرى ئابدۇلخەمت ئارىپ ۋە ئوتتۇردا كىچىك بالىنىڭ كەينىدە تۇرغىنى ھاجى سەمى. كابول، 1922

يىغىن ئاخىرىدا ھاجى سەمى بىلەن ئەلى رىزا ئەپەندىلەر شەرقىي بۇخارا (دارۋاز) غا قاراپ يولغا چىقىدۇ. يىغىندا ئېلىنغان قارارلار، ئالدىنقى قاتاردىكى بەش نەپەر باسمىچىلار يېتەكچىسىنىڭ ئىمزاسى بىلەن پۈتۈن تۈركىستانغا تارقىتىلىدۇ.

باسمىچىلىق ھەرىكىتىنىڭ يېڭى يېتەكچىسى بولغان ھاجى سەمى، باسمىچىلار ئارىسىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرگە قارىتا بەكلا قوپال مۇئامىلە قىلىش، باشقىلار بىلەن ئاسان چىقىشالمايدىغان مىجەزلىرى نەتىجىسىدە، ئۇزۇنغا قالماي ھېچكىم گېپىنى ئىناۋەتكە ئالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالىدۇ. پەرغانىدىكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يېتەكچىسى بولغان شىر مۇھەممەتبەگ 1922-يىلى سىنتەبىردە ئىنىسى نۇر مۇھەممەت ۋە تۆت يۈزدەك ئەسكىرى بىلەن بىرگە ئافغانىستانغا ئۆتۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. شىر مۇھەممەتبەگ كۈندىلىك خاتىرىسىدە ئافغانىستانغا چىقىپ كېتىشىنى قۇرال-ياراق، ئوق-دورا يوقلىغى، ئۇرۇسلارنىڭ تەتۈر تەشۋىقاتلىرى قاتارلىقلار بىلەن باسمىچىلار ئىچىدە يۈز بەرگەن كېلىشەلمەسلىك قاتارلىقلارمۇ سەۋەپچى بولدى دەپ يازىدۇ. ئەمما ھاجى سەمىنىڭ ئەلى رىزا ئەپەندىگە ئىۋەرتكەن بىر خېتىدە "ئارقىمىزدىن پىتنە-پاسات تارقىتىپ يۈرگەن ئىشان سۇلتاننى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدىم. شىرمەت قارغۇنىمۇ (شىر مۇھەممەتبەگكە خەلق ئاممىسى بۇ لەقەمنى قويۇشقان ئىدى. ـــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى بىلەن بىرگە ئافغانىستانغا پانالىق تىلەشكە مەجبۇر قىلدىم" دەپ يازىدۇ. بۇ خاتىرىلەردىن قارىغاندا، شىر مۇھەممەتبەگنىڭ ئافغانىستانغا قېچىپ كېتىش قارارىغا كېلىشىدە ھاجى سەمى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بەزى زىددىيەتلىرىنىڭمۇ تەسىرى بارلىقىنى كۆرىۋېلىش مۇمكىن. شۇنداق قىلىپ، ھاجى سەمى يېتەكچىلىكىنىڭ قاتتىق قوللۇق ۋە رەھىمسىز باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى بۇ كۈرەشنىڭ تەرەققىياتىغا يامان تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان ئىدى. ئافغانىستان تەرەپكە قېچىپ كېتىش ئېھتىمالى كۈچلۈك دېگەن گۇمان بىلەن كۆلاپ تەۋەسىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان باسمىچىلار قۇماندانى ئاشۇربەگنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىۋەتكەنلىكى، سەبىر-تاقەت قىلىشنى ئەڭ ئاخىرقى چېكىگە يەتكۈزىدۇ.

1923-يىلىنىڭ ئىيول ئېيىدا، جەمىيەت رەئىسى زەكى ۋەلىدى ئەپەندى يېقىن دوستى فەتقۇلقادىر ئەپەندى بىلەن بىرگە ئىران ئارقىلىق ئافغانىستانغا كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا مىللىي ئاۋام ئىنقىلابىي جەمىيەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئافغانىستاننى مەركەز قىلغان سىياسىي كۈرەش پائالىيەتلىرى تېخىمۇ كۈچلىنىدۇ. جەمىيەت نوقتىسىدىن ئالغاندا، ھاجى سەمىي بىلەن ئۇنىڭ سەبداشلىرىنىڭ بۇخارا تەۋەسىدە قانات يايدۇرىۋاتقان كۈرەشلىرى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە

پائالىيەت ھېساپلىناتتى. ئەسلىدە، ئۇ ۋاقىتلاردا تۈركىستانىنىڭ باشقا يەرلىرىدە بىر مۇنچە باسمىچىلار يېتەكچىسى ئۇرۇسلارغا قارشى جەڭنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. ئەمما بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يەرلىك بايلاردىن، دىنىي قىياپەت تۈسلىرىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇۋالغان، سىياسىي تەشكىلاتلىنىشقا قىزىقمايدىغان ھەمدە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل پائالىيەت قىلىش يولىنى تاللىۋالغان باسمىچى يېتەكچىلىرىدىن ئىدى. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، ھاجى سەمى يېتەكچىلىكىدە تەشكىللىك قانات يايدۇرۇلىۋاتقان ئىنتىزاملىق ھەرىكەتلەر، بىر مەنىدە جەمىيەتنىڭ قۇراللىق قىسىم رولىنى ئىجرا قىلىۋاتقان بىر ھەرىكەت دەپ ھىساپلاشقا بولاتتى.

1923-يىلىنىڭ 4-ئىيول كۈنىسى كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقە يۈز بېرىدۇ. ھاجى سەمى ئۇشتۇمتۇت ئالغان بىر قارار بىلەن ئافغانىستان تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ سەبداشلىرىغا تىزدىن ياردار بولغانلىقىنى، شۇڭا تۈركىيەگە بېرىپ داۋالانماقچى بولغانلىقىنى دەپ كېلىپ، "مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىمىزنى بىر مەزگىل توختۇتۇپ تۇرايلى" دەپ سۆزلەپ يۈرىدۇ. ھاجى سەمى بىلەن سەبداشلىرىدىن تەشكىل تاپقان 35 كىشىلىك گۇرۇپ ئافغانىستانغا يېتىپ كەلگىنىدە ئالاھىدە داغدۇغا بىلەن كۈتىۋېلىنىدۇ. خاناباد شەھرىدە خېلى ئۇزۇن ۋاقىت مېھمان قىلىپ كۆتىۋېلىنىدۇ. زەكى ۋەلىدى ئەپەندى بىلەن ئوسمان غوجا ئىككىسى ئۇنى ئافغانىستاندا تۇرۇپ كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇش ھەققىدە شۇنچە كۆپ يالۋۇرغان بولسىمۇ پەقەت قايىل بولمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئافغان دائىرىلىرىمۇ بۇ قابىلىيەتلىك قوماندانىنىڭ كابۇلغا كېلىشىنى پەقەتلا خالىمايتتى. بۇ ئىشتا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەرەپ ئۇلارغا ئېغىر بېسىم ئىشلىتىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن بۇ خىل پوزىتسىيەدە بولىۋاتقان بولىشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. دىگەنەدەك، بىرەر ئاي ئۆتمەيلا ئافغان ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ئافغانىستاندىن چىقىپ كىتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھاجى سەمى بىلەن سەبداشلىرى مازارى شەرىپ ۋە ھىرات ئارقىلىق ئىران تەرەپكە ئۆتۈپ كىتىدۇ. مۇپتى سەدرىدىن خان، ئابدۇلخەمىت ئارىپ، قۇربېشى تۇراپبەگ ۋە يەنە بىرمۇنچە كىشى مەشھەتتە قالىدۇ. بۇ ۋاقىتلاردا، ئەنقەرە ھۆكۈمىتى تۈركىيە چېگراسىدىن كىرىشنى چەكلىۋەتكەن يۈز ئەللىك كىشىلىك بىر تىزىملىك ئېلان قىلغان بولۇپ، ھاجى سەمىنىڭ ئىسمىمۇ بۇ تىزىملىك ئىچىدە بار ئىدى. شۇ سەۋەپتىن تۈركىيىگە قايتىپ بېرىش ئىمكانى بولمىغان ھاجى سەمى، ھەلەپكە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئىككى نەپەر دوستىنى يېنىغا ئېلىپ يولغا چىقىدۇ. قالغان 12 نەپەر كىشى تۈركىيىگە قايتىپ كېتىدۇ.

1923-يىلىنىڭ 26~28-ئىيول كۈنلىرى، زەكى ۋەلىدى بىلەن ئوسمان غوجا باشچىلىقىدىكى ئافغانىستاندا تۇرىۋاتقان بارلىق جەمىيەت ئەزالىرى ۋەزىيەتنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە كەلگۈسى ھەققىدە قارار ئېلىش ئۈچۈن بىر باش قوشۇش يىغىنى ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق قۇراللىق كۈرەش

ئىمكانىيەتلىرىنىڭ ئاساسەن تۈگىگەنلىكىنى؛ سىياسىي كۈرەش ئۈچۈن ئافغانىستان ۋەزىيىتى ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى مۆلچەرلىشىدۇ. ئاخىرى تۈركىستان مەسىلىلىرىنى خەلقارالىق سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ، خەلقارا جامائەتچىلىكىنى تۈركىستان ۋەزىيىتىدىن خەۋەردار قىلىشى زۆرۈر دەپ قارىشىدۇ. بۇنداق بىر ھەرىكەتنى بۇ تۈردىكى پائالىيەتلەرگە يول قويالايدىغان ئەللەردىلا ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، چەت دۆلەتلەردىكى تۈركىستانلىقلار ئوخشىمايدىغان ئەللەرگە تارقاق جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، كەڭ دائىرىلىق سىياسىي تەشكىلاتلىنىش ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش زۆرۈر ئىدى. بۇ يىغىندا تەشكىلات تۈزۈلۈش لايىھىسى ھەققىدە تۆۋەندىكىچە بىر ۋەزىيە تەقسىماتى تۈزۈپ چىقىرىلىدى: ئابدۇلخەمىت ئارىپ كابولدا قالىدىغان بولىدۇ. ئافغانىستان ھۆكۈمىتى رۇخسەت قىلغىنىدا ھاشىم سايىقنى ياپونىيىگە ئېۋەرتىش بەلگىلەندى. مۇپتى سەدرىدىنخان بىلەن تۇراپبەگ ئىككىسى مەشھەتتىكى پائالىيەتلەرنى داۋاملاشتۇرىدىغان، ئوسمان غوجا بولسا تۈركىيىدىكى پائالىيەتلەرنى تەشكىللەيدىغان قىلىپ بەلگىلىنىدۇ. پارىژدا تۇرىۋاتقان مۇستاپا چوقاي ئوغلى ياۋرۇپادىكى ۋاكالەتچىلىكىنى داۋاملاشتۇرىدىغان قىلىپ بېكىتىشىدۇ. جەمئىيەتنىڭ چەت دۆلەتلەردىكى پائالىيەتلىرىنى ئومۇمىي يۈزلۈك باشقۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدىغان زەكى ۋەلىدى بولسا ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا ئاساسەن يا بېرلىندە، يا بولمىسا ئىستانبۇلدا تۇرىدىغان بولىدۇ. بۇ يىغىندا يەنە تۈركىستان مەسىلىسىنى خەلقاراغا تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە بىر ژورنال چىقىرىش لازىملىقىمۇ قارار قىلىنىدۇ.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ، ئوسمان غوجا ھىندىستان ئارقىلىق تۈركىيىگە بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ. زەكى ۋەلىدى بىلەن سەبداشلىرى ئافغانىستاندىكى بۇخارا ۋاكالەتخانىسىدىن پاسپورت چىقارتىپ بۇخارا گىراجدانلىقىغا ئۆتكەن ئىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارمۇ تۈركىيە ئارقىلىق ياۋرۇپاغا بېرىۋېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ. شۇنداق قىلىپ، 1923 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىنى خەلقارالىق سىياسىي سەھنىگە چىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان كىشىلەر، ماكانلىشىپ يىلتىز تارتقىلى بولىدىغان مۇۋاپىق بىرەر مۇھىت ئېپىش مەقسىتىدە يېڭى جوغراپىيىلەرگە قاراپ سەپەرگە ئاتلىنىدۇ.

## باسمىچى رەھبەرلىرىنىڭ ئافغانىستاندىكى پائالىيەتلىرى

1923 ـ يىلى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تۈركىستان تەۋەسىگە زور تۈركۈمدە قۇراللىق قوشۇن كەلتۈرىۋالغانلىقى ئۈچۈن، باسمىچىلىق ھەرىكەتلىرى ئومۇمىي يۈزلۈك ھالدا تەسىر كۆرسىتەلمەس ھالغا كېلىۋاتقان بىر يىل ئىدى. قاراتېكىن رايونىنىڭ داڭلىق

باسمىچى يېتەكچىلىرىدىن بىرى بولغان فۇزەيل مەختۇم، قەلئەئى ھۇمب تەۋەسىدە ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى ئىشقا سېلىپ تىركىشىپ باققان بولسىمۇ، 1923ـ يىلى 8ـ ئاينىڭ 12ـ كۈنىسى قىزىل ئارمىيە بۇ جايلارنىمۇ بېسىۋالدى. فۇزەيل مەختۇم ياردارلىنىپ، يەنە بىر باسمىچىلار يېتەكچىسى بولغان دىلاۋەرشاھ بىلەن بىرگە ئافغانىستانغا ئۆتۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. فەرغانە باسمىچىلىرىدىن ئىسلام قۇربېشى بىلەن مەدۇمەربەگ، ئەلى رىزا ئەپەندى بىلەن بىرگە ئاۋال **شەرقىي تۈركىستانغا** ئۆتىدۇ. كېيىن يەنە ئۇ يەردىن ئافانىستانغا بېرىپ پانالىق تىلەيدۇ. يەنە بىر داڭلىق باسمىچىلار يېتەكچىسى بولغان ئىبراھىم لاقايبەگ بولسا، رۇسلارغا قارشى جەڭنى تا 1926ـ يىلىغىچە داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىرى چېگرادىن چىقىپ ئافغانىستان تەرەپكە كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئىبراھىمبەگ، فۇزەيل مەخدۇم بىلەن ھاجى سەمى قاتارلىق يېتەكچىلەرنىڭ شەرقىي بۇخارا تۇپراقلىرىدىن ئايرىلغانلىقىغا قارىماي، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دائىرىلىرى باسمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنى تەلـتۆكۈس يىمىرىپ تاشلاش ئۈچۈن بۇ جايلارغا ئىزچىل تۈردە قوراللىق كۈچ يىغىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئەنگىلىيە جاسۇسلۇق ئورگانلىرىنىڭ ئىگەللىگەن مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، سوۋېت دائىرىلىرى چېگرا بويلىرىغا توپـزەمبىرەك ۋە ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى بىلەن كۈچەيتىلگەن يۈز مىڭدىن ئارتۇق قوراللىق كۈچ توپلىغانلىقى مەلۇم. بۇنىڭغا ئاساسەن ئەنگىلىيە دائىرىلىرى سوۋېت قوشۇنلىرىنى كابولغا قاراپ يۈرۈش قىلىش ئېھتىمالى بار دەپ مۆلچەرلىشىدۇ. شۇڭا ئۇلار بۇنداق بىر مۆلچەرگە ئاساسەن ۋەزىيەت ھېساۋى قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئەنگىلىيىلىكلەرگە ئوخشاش مۆلچەرلىگەن ئافغانىستان دائىرىلىرىمۇ سوۋېت تەرەپنىڭ ھۇجۇمىدىن ئەنسىرەشكە باشلايدۇ. سوۋېت دائىرىلىرىنىڭ شىمالى ئافغانىستان تەرەپلەرگە جايلىشىۋالغان باسمىچىلارنى تازىلاش باھانىسىدا چېگرادىن بۆسۈپ ئۆتۈش ھەرىكىتىنى قوزغاپ قېلىشىدىن قورققان ئامانۇللاخان، ئافغانىستانـسوۋېتلەر ئىتتىپاقى چېگرالىرىدىكى بارلىق چېگرا ئېغىزلىرىنى تاقىۋەتكەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ. ئەمما پامىر رايونىدىكى تاغلىق جىلغىلارنى مەيلى رۇسىيىلىكلەر ياكى ئافغانىستانلىقلار بولسۇن، ھەر ئىككىلا تەرەپ تولۇق تىزگىنلەپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، باسمىچىلار تۈركىستاندىكى پائالىيەتلىرىنى تارقاقلاشتۇرۇپ ئۇششاق قوشۇنلار بويىچە دۋاملاشتۇرۇشقا كىرىشىدۇ. زادى ئامال قىلالمىغاندا بوش قالغان چېگرا ئېغىزلىرىدىن باشقا دۆلەتلەرگە قېچىپ چىقىۋېلىپ پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

تۈركىستاننىڭ فەرغانە، بۇخارا ۋە خارەزم تەۋەلىرىدە ئۇزۇن يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان باسمىچىلىق ھەرىكەتلىرى يۈز مىڭلىغان تۈكىستانلىقنى يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ چەت دۆلەتلەرگە مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كېتىشكە سەۋەب بولىدۇ. باسمىچىلىق ھەرىكەتلىرى جەريانىدا، بولۇپمۇ 1918~1922ـ يىللار ئىچىدە

بىر مىليونغا يېقىن تۈركىستانلىقنىڭ ئافغانىستان تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىگى مۆلچەرلەنمەكتە. خۇددى شۇنىڭدەك، يەنە يۈز مىڭلىغان تۈركمەنمۇ ئىراننىڭ خوراسان تەۋەسىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئافغانىستانغا ئۆتۈپ كەتكەن باسمىچىلارنىڭ بىر قىسمى قۇراللىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ شىمالىي ئافغانىستاننىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىگە تارقىلىپ كېتىدۇ. يەنە بىر قىسمى بولسا، ئافغان ھۆكۈمىتى تىزگىنلەپ بولالمىغان جايلاردا قۇراللىرىنى تاپشۇرماي بىر يەرگە يىغىلىپ ياشىماقتا ئىدى. قۇرال تاپشۇرمىغان بۇ تۈردىكى باسمىچىلار، پات-پاتلا چېگرادىن بۆسۈپ ئۆتۈپ سوۋېتلەر ھۆكۈمىتىنى پاراكەندە قىلىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇراتتى.

فەرغانە باسمىچىلىرىنىڭ يېتەكچىسى بولغان شىر مۇھەممەتبەگ، ئافغانىستاندا تۇرغان كۈنلىرى بىلەن ئۇ يەردە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىدۇ:

چېگرادىن ئۆتۈپ بىر ھەپتە بولغاندا، بەدەخشانغا كەلتۈرۈلدۇق. ئامانۇللاخاننىڭ كيوغۇل تاغىسى (قىز قېرىندىشىنىڭ يولدىشى، ئەنىشتىسى. — ئۇ.ت) ئالدىمىزغا چىقىپ بىزنى كۈتىۋالدى. ئون كۈندىن كېيىن خانئاۋاتقا باردۇق. ... ئۇ يەردە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى خەيرۇللاخان بىزنىڭ قېشىمىزغا زىيارەتكە كېلىپ بىزگە يەر تەخسىم قىلىپ بېرىلىدىغانلىغىنى ھەمدە ئايلىق مائاش بېكىتىپ بېرىدىغانلىغىنى ئېيتتى. يەر تەخسىم قىلىنغىنىدا، بەزى ئەسكەرلىرىم يەر ئېلىشقا ئۇنىمىدى. چۈنكى ئۇلار يۇرتقا قايتىش خىيالىدا ئىدى. ... ئىككى ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قۇربېشى توقتاسىم قۇماندانلىقىدىكى 25 نەپەر كىشىنى ئىنىلىرىم روزى مۇھەممەت بىلەن تاش مۇھەممەت جەڭ قىلىۋاتقان گەرباباغا ئەۋەرتتىم. ...

ئامانۇللاخان بىزنى كابولغا تەكلىپ قىلدى. بەدەخشاندا تۇرىۋاتقان ئەسكەرلىرىمگە ئىنىم نۇر مۇھەممەتنى، خانئاۋاتتا تۇرىۋاتقانلارغا قۇربېشى موللا خاتەمنى مەسئۇل قىلىپ قويۇپ 12 نەپەر ئادىمىم بىلەن بىرگە كابولغا ئاتلاندىم. ... كابولدا تۈركىيە باش ئەلچىسى فەخرى پاشا (شىر مۇھەممەتبەگ، تۈركىستان مىللىي كۈرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قولىدىكى بارلىق ھۆججەتلەرنى باش ئەلچى فەخرى پاشاغا قويۇپ كەتكەنلىگىنى ئېيتىدۇ. فەخرى پاشا بۇ ھۆججەتلەرنى ئەنقەرەگە، مۇستاپا كامال پاشاغا ئەۋەرتىپ بېرىدىغانلىغىنى ئېيتقان. ئەپسۇسكى، بۇ ھۆججەتلەرنىڭ نەدە قالغانلىغى ھەققىدە ھېچقانداق بىر مەلۇمات يوق. — ئا.ھ. ئىزاھاتى) ۋە ئامانۇللا خاننىڭ قېينئاتىسى مەخمۇتخان تارزىلار بىلەن كۆرۈشتۈم. ...

ئافغانىستاندا جامال پاشا بىلەن بىرگە كەلگەن نۇرغۇنلىغان تۈركىيىلىكلەر بار ئىدى. تەشكىلاتىي مەخسۇسادىن بولغان ئا. نىجاتى ئەپەندى بىلەن نەجىمىدىن نىداس بىرگە كەلدى. ئۇلار بىلەن كېلىشىپ بەدەخشاندا بىر دۇكان ئېچىپ تۈركىستانغا قۇرال ئېۋەرتىش ئىشىنى بۇ دۇكان ۋاستىسى ئارقىلىق باشقۇرۇشقا كىرىشتۇق.

1923-يىلى بىر نەچچە ئەسكىرىم بىلەن بىرگە ھىندىستانغا بېرىپ ئەنگىلىيە ھۆكۈمىتىدىن ياردەم تەلەپ قىلدىم. بومبايغا بارغىنىمدا چىچەرىنمۇ ئۇ يەردە ئىكەندۇق. ئۇ مېنى ئەنگىلىيىلىكلەرگە چېقىشتۇرغان ئىكەن. ئەنگىلىيىلىكلەر **شەرقىي تۈركىستانغا** ياكى مەشھەت تەرەپلەرگە كىتىشىمنى تەلەپ قىلىشتى. ... بومباينىڭ سىرتىغا چىقىپ 25 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن پامىر ئارقىلىق بەدەخشانغا قايتىپ كېلىۋالالدىم. ... ئەمما بۇ چاغدا ئەمىر ئامانۇللانىڭ بىزگە بولغان مۇئامىلىسى ئۆزگىرەپ قالغان ئىكەن.

ئەنگىلىيە مەنبەلىرىگە ئاساسلانغىنىمىزدا، شىر مۇھەممەتبەگكە مۇناسىۋەتلىك رەسمى مەلۇماتلار مۇنداق ئىدى:

شىر مۇھەممەت ئەپەندى، 1923-يىلى ئۆكتەبىردە پېشاۋۇرغا كەلگەن بولۇپ، يېنىدىكى 140 نەپەر ئەسكىرى بىلەن بىرگە ئەتىيازغىچە بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن پانالىق تىلەش ئىلتىماسىنى سۇنغان ئىدى. كېيىن يەنە **قەشقەر** ئارقىلىق فەرغانە تەرەپلەرگە كىتىش خىيالىدا بولدى. غەربىي شىمال چېگرا مۇداپىيە ئورگىنىدىكىلەر شىر مۇھەممەت ئەپەندىگە سىياسىي ئالاھىدىلىگى بولمىغان ئادەتتىكى بىر ۋەتەنپەرۋەر دەپ باھا بېرىشكەن. شۇنداق بولغاچقا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرىۋاتقان ئۆكتىچىلەرگە ياردەم قىلىنىۋاتىدۇ دىگەن تەسىرات قالدۇرۇپ قويماسلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ بۇ تەلەپلىرى رەت قىلىندى. ئەگەر شىر مۇھەممەت ئەپەندى ھىندىستاندىن باشقا خالىغان بىر يەرگە كېتىشكە ماقۇل بولغىنىدا، بارلىق ساياھەت چىقىملىرىنى ئۈستىمىزگە ئالىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈردۇق. ئۇ، بىزنىڭ بۇ تەكلىپىمىزنى قوبۇل قىلماي، 1924-يىلى 3-ئاينىڭ 17-كۈنىسى ئافغانىستانغا قايتىپ كەتتى. ئۇ يەردە ئۇنىڭغا ئاتاپ تەخسىم قىلىنغان يەردە ئۆزى يالغۇز تۇرىشى ئۈچۈن رۇخسەت قىلىنغان ئىدى. ئافغان ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا 500 رۇپىيە مائاش بەلگىلەپ بېرىدۇ. شىر مۇھەممەتبەگ، بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن فەرغانىدىكى باسمىچىلار ئۈچۈن ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلاردىن ياردەم يىغىپ كېلىشنى پىلانلاپ بىزدىن ۋىزا ئۈچۈن قايتا ئىلتىماس قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ

ئىلتىماسمۇ رەت قىلىندى. 1927 ـ يىللىرىدا **شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى ھەرىكەت قىلىشنى پىلانلاپ يۈرگەن كىشىلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ يۈرگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.** ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ياردەم تەلەپ قىلىپ سۇنغان ئىلتىماسىغا جاۋابەن، ئۇنىڭ بۇ تۈردىكى پائالىيەتلىرىگە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ياردەم بېرەلمەيدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئۆزىگە ياكى ھەمراھلىرىغا ھىندىستانغا كىرىش پۇرسىتى بېرەلمەيدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئۇقتۇرۇلدى.

بۇلاردىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدىكى، ئەنگلىيە دائىرىلىرى تۈركىستاندىكى باسمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى ئىشى دەپ قارىماقتا ئىدى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى رەنجىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن باسمىچىلارغا ھەر قانداق جەھەتتە ياردەم قولىنى ئۇزاتمايلا قالماستىن، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئالاقە باغلاشقا ئۇرۇنۇشلىرىغىمۇ ھېچقانداق جاۋاپ بېرىشمىگەن ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، ئەنگلىيە دائىرىلىرى ئافغانىستان ھۆكۈمىتىنى باسمىچىلاردىن چەك چېگرا ئاجرىتىش ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇپ كەلگەنلىكىمۇ مەلۇم. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى تەرەپىنىڭمۇ ئىغىر بېسىمى ئاستىدا قالغان ئافغان ھۆكۈمىتى، باسمىچىلىق ھەرىكەتلىرىگە تۇتقان ھىسداشلىق قىلىش پوزىتسىيىلىرىنى 1923 ـ يىلىدىن كېيىن پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ چېگرا ئىغىزلىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تىزگىنلەشكە تىرىشىدۇ. ئافغانىستان دائىرىلىرىنىڭ پوزىتسىيىلىرىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر، بۇ تەۋەدە ئەڭ كۈچلۈك رول ئوينىيالايدىغان ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ بۇ ھەرىكەتكە ياردەم قىلىشتىن باش تارتىشى، تۈركىستاندىكى سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ بارغانسىرى كۈچىيىپ بېرىشى قاتارىدىكى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، باسمىچىلار يېتەكچىلىرىنىڭ پائالىيەت دائىرىسى بەكلا تارىيىپ كەتكەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئافغانىستاندىكى تۇرغان يەرلىرىدىمۇ جىمىپلا قالىدۇ.

## بەچچەئىي ساقا ۋەقەسى ۋە تۈركىستانلىقلار

ئۆزىنى ئافغانىستان پادىشاسى دەپ ئېلان قىلغان ئامانۇللاخان، ئىتالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن 1927 ـ يىلى دىكابىر ئېيىدىن باشلاپ كەڭ كۆلەملىك ياۋرۇپا ساياھىتى ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرمۇنچە ياۋرۇپا ئەللىرىنى ئايلىنىپ چىقىدۇ. بولۇپمۇ تۈركىيىگە قىلغان زىيارىتىدە مۇستاپا كامال ئاتاتۈركنىڭ باشلاتقان ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىدىن بەكلا تەسىرلەنگەن ئىدى. ئۇندىن كېيىن ئىراندا رىزا شاھنىڭ ئىجرا قىلغانلىرىنى

كۆرىدۇ. بۇ ئىككى دۆلەتتە كۆرگەن زور ئۆزگىرىشلەر، ئامانۇللاخاننى ئۆز دۆلىتىدىمۇ شۇنداق بىر ئۆزگەرتىش ـ ئىسلاھات ھەرىكىتىنى يولغا قويۇش كېرەك دەيدىغان ئويغا كەلتۈرگەن ئىدى. دىگەندەك، 1928 ـ يىلىنىڭ ئىيون ئايلىرىدا دۆلىتىگە قايتىپ كەلگەن ئامانۇللا، دەرھال زامانىۋي كىيىم ـ كىچەك، مەجبورى مائارىپ، بىر نىكالىق ۋە قىزلارنى مەجبورى ئوقۇتۇش دىگەندەك ئىسلاھات تېمىلىرىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. ئەمما بۇنداق يېڭىچە ئىسلاھات قىلىش ئىشلىرىنى ئىسلام دىنىغا قارشى چىققانلىق دەپ قارايدىغان جاھىل تەبىقىلەر، بۇ تۈردىكى ئۆزگەرتىشلەردىن قاتتىق نارازى بولۇشقا باشلايدۇ. ئامانۇللاخان، بۇ تۈردىكى ئىسلاھاتلارنى زۆرۈر تېپىلغاندا مەجبورلاش يولى بىلەن بولسىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىرادىسىگە كەلگەن ئىدى. ئىسلاھات ھەرىكىتىگە قارشى ھەرىكەت قىلىۋاتقان كىشىلەرگە ئۆلگە بولۇپ بېرىۋاتقان دىنىي يىتەكچىلەرنى باستۇرۇشقا كىرىشىدۇ. شوربازىرى رايونىنىڭ دىنى يىتەكچىسى ھەزرىتى ساھىپنىڭ قولغا ئېلىنىشى، ئىسلاھاتقا قارشى تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەرىكەتكە ئاتلىنىشىغا باھانە بولۇپ بېرىدۇ. كابولغا بەكلا يېقىن يەر بولغان كوھئىي دامان ۋادىسىدا زور كۆلەملىك بىر قوزغۇلاڭ پارتىلايدۇ. بۇ قوزغۇلاڭنىڭ يىتەكچىسى بولغان كىشى بەچچەئى ساقا (مىراپنىڭ ئوغلى) لەقەملىك بىر تاجىك ئىدى. بۇ كىشى جامال پاشا تەرىپىدىن تەشكىل قىلىنغان نەمۇنە قىسىملارنىڭ بىرسىدە ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە كۆرگەن بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ يىتەكچىلىكىدە پارتىلىغان بۇ قوزغۇلاڭ بارغاسىرى كېڭىيىدۇ. تۈركىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى باشئەلچىخانىلىرى ئامانۇللاخانغا قوزغۇلاڭچىلارغا قارشى جەڭ قىلىش مەسلىھەتىنى بەرگەن بولسا، ئەنگىلىيىلىكلەر بۇ قوزغۇلاڭچىلار بىلەن كېلىشىش ئۈچۈن سۆھبەت ئۆتكۈزىلىشى كىرەكلىكىنى تەكلىپ قىلماقتا ئىدى. ئامانۇللاخان بولسا، ئەسكەرلىرىگە تولۇق ئىشىنىپ كىتەلمەيتتى. ئاخىرىدا كابولنى تاشلاپ چىقىپ كىتىشكە مەجبور بولىدۇ. كابولدىن ئايرىلىش ئالدىدا ئاكىسى ئىنايىتۇللاخاننى ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئەمىر دەپ ئېلان قىلغان ئىدى. قوزغىلاڭچىلار ئۇزۇنغا قالماي كابولغا بېسىپ كىرىدۇ، ئىنايىتۇللاخان ئۇلار بىلەن كېلىشىم قىلىپ كابولنى تاشلاپ چىقىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە ھاكىمىيەت قوزغۇلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن ھېساپلىنىدۇ. بۇ قوزغۇلاڭنىڭ يىتەكچىسى بەچچەئى ساقا 1929 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىسى ئۆزىنى غازى ھەبىبۇللا دىگەن نام بىلەن ئافغان پادىشاسى دەپ ئېلان قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، قۇرۇلغىنىدىن بېرى ئافغانىستانغا ھۆكۈم سۈرۈپ كېلىۋاتقان پەشتۇلاردىن دۇررانى قەبىلىسىنىڭ 150 يىللىق ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلىپ، ھاكىمىيەت تۇنجى قېتىم باشقا بىر ئېتنىك قەبىلىنىڭ، يەنى تاجىكلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن ھېساپلاندى.

(رەسىم ئورنى)
ئىبراھىم لاقايبەگ، 1931 ـ يىلى

(رەسىم ئورنى)
غازى ھەبىبۇللاخان (بەچچەئىي ساقا)، 1929 ـ يىلى ئۆكتەبىر

ئافغانىستانغا ئوخشاش ئىنتايىن نازۇك ستراتېگىيىلىك ئورۇندا تۇرىۋاتقان بىر دۆلەتتە مەيدانغا كەلگەن بۇنداق بىر ھاكىمىيەت ئۆزگىرىشى، شۇنىڭدەك تۇنجى بولۇپ بىر تاجىكنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئالغانلىقى، بۇ رايوندىكى كۈچ تەڭپۇڭلۇقنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى، بۇ ئۆزگىرىشلەرگە قارىتا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش كېرەكلىكى ھەققىدە باش قاتۇرۇشقا كىرىشىدۇ. رۇسىيە دىپلوماتىك ئورۇنلىرى كونا ھاكىمىيەتكە، يەنى پەشتۇلارغا ياردەم قىلىش تەرىپىنى ئالغان بولسا، بۇنىڭغا قوشۇلمىغان ن ك ۋ د (ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقى. ـــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) تاجىك كوزۇرىنى ئويناشنى پىلانلاپ، ھەبىبۇللاغا ياردەم قىلىش يولىنى توغرا تاپماقتا ئىدى. ئاخىرىدا، پولىتبىيرو (سىياسىي بىيرو ـــ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى ھۆكۈم چىقىرىش ئورگىنى ـــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) تاشقى ئىشلار كومىسسارلىقىنىڭ پىكرىنى ماقۇللاپ، سابىق پادىشا ئامانۇللانى قايتىدىن تەختكە چىقىرىش ئۈچۈن بىر ھەرىكەت باشلاش قارارىنى ئالىدۇ. بۇ سىياسىي ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئافغانىستاننىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى غۇلام نەبى تاللىنىدۇ. ئامانۇللاخاننى ھىمايە قىلىدىغان غۇلام نەبى، سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنلىرىغا قوشۇلۇپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پاتائىي ھىسسار ۋە تاشقورغان شەھەرلىرى سوۋېت قۇراللىق كۈچلىرى تەرىپىدىن بومباردىمان قىلىنماقتا ئىدى. بۇنىڭ كەينىدىنلا شىمالىي ئافغانىستاننىڭ مۇھىم شەھەرلىرىدىن بىرسى بولغان مازارىي شەرىپنى بېسىۋالىدۇ. شۇنچە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەربى ئوپېراتسىيىلەر ئىشقا ئاشۇرۇلغىنىغا قارىماي، غۇلام نەبى كۈتكەن كۈچلۈك خەلق ھىمايىسى ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ. شىمالىي ئافغانىستان خەلقى ھەبىبۇللاخاننى تاللىۋالغاندەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. بۇ ۋاقىتتا سابىق پادىشا ئامانۇللا، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بىھۇدە قان تۆكۈلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە، تەختنى قايتۇرىۋېلىش ھەرىكىتىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بىر پارچە خەت قالدۇرۇپ ئىتالىيىگە كېتىۋالىدۇ. بۇ ئەھۋال، سوۋېت ياردىمى ئاساسىدا باشلانغان غۇلام نەبى ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرلىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. غۇلام نەبىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كېتىدۇ. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بۇنداق بىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچۇرىغانلىقىغا قارىماي، تاجىك كوزۇرىنى ئىشقا سېلىش ئىشىنىمۇ ئېسىدىن چىقارمىغان ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن 1924 ـ يىلىدىن بېرى ئۆزبەكىستان سوۋېت

جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە تۇرىۋاتقان تاجىك ئاپتونوم رايوننى 1929-يىلى 5-ئۆكتەبىر كۈنىسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت (فىدىراتىك رىسپوبلىكا — ئۇ.ت) دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ.

تاجىكلاردىن بولغان بەچچەئىي ساقانىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئېلىشى ئەنگلىيە دائىرلىرىنىڭمۇ دىققىتىنى جەلىپ قىلغان ئىدى. ئافغانىستاندا پەشتۇلاردىن باشقا ئېتنىك گۇرۇپلىرىنىڭ، بولۇپمۇ تاجىكلارنىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى سالمىغىنىڭ ئارتىپ كېتىشىدىن ئەنگلىيىلىكلەر زادىلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. بۇنداق بىر ئېتنىك تەركىپ، بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئېتنىك تەركىپلەرگە ئىگە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ بۇ جايلاردىكى تەسىرىنى ئارتتۇرىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، پەشتۇلارنىڭ تىزگىنى ئاستىدا تۇرىدىغان بىر ئافغانىستان، ئەنگلىيە مەنپەئەتى نوقتىسىدىن ئالغاندا ھەر دائىم تاللىنىلىدىغان بىر ۋەزىيەت ھىساپلىناتتى. بۇنداق بىر ھۆكۈمران ئۇچۇن مۇۋاپىق كىلىدىغان نامزاتمۇ تەييار ئىدى. سابىق دۆلەت مۇداپىيە نازىرى نادىر خان، دەۋرانىيلەرنىڭ مۇھەممەتزائىيلەر گۇرۇپپىسىدىن بىرسى ئىدى. بۇ كىشى "مۇساھىبان" نامىدىكى تەسىر كۈچىگە ئىگە بىر پەشتۇ ئائىلە ئەزالىرىدىن بىرسى بولۇپ، ئاغدۇرۇلغان پادىشا ئامانۇللا بىلەنمۇ بىر نەۋرە كېلەتتى. نادىر خان، 1919~1924-يىللار ئىچىدە ئارمىيە قۇماندانى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن پارىژدا تۇرۇشلۇق ئافغانىستان باش ئەلچىسى بولۇپ ئىككى يىلدەك پارىژدا تۇرغان ئىدى. شۇ سەۋەپتىن غەرپ ئەللىرىنى پىششىق تونۇيدىغان، بولۇپمۇ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان بىرسى ئىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى بەچچەئىي ساقا تەختكە چىقىپ ئىككى ئاي ئۆتكەن 1929-يىلىنىڭ مارت ئېيىدا نادىرخان ھىندىستانغا كەلتۈرىلىدۇ. 22-مارت كۈنىسى جەنوپتىكى پەشتۇ قەبىلىلىرىنىڭ يىتەكچىلىرى قاتناشقان بىر قېتىملىق "لويا جىرغا"، يەنى قەبىلە ئۇرۇقلىرىنىڭ ئاتاغلىق كىشىلىرىدىن تەشكىل تاپقان مىللىي قۇرۇلتاي چاقىرىلىدۇ. "لويا جىرغا"، بەچچەئىي ساقا ھاكىمىيىتىنى مىللىي قانۇنلارغا ئۇيغۇن بىر ھاكىمىيەت ئەمەس دەپ بېكىتىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ جەنوپتىكى قەبىلىلەرگە، بولۇپمۇ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمىگە تايانغان نادىرخانغا يول ئېچىلىدۇ. نادىرخان، ئۆزىنى قوللايدىغان قۇراللىق كۈچلەر بىلەن بىرلىكتە ھەيبەر ئېغىزى ئارقىلىق ئافغانىستانغا كىرىپ، كابولغا قاراپ ئىلگىرلەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا كابولدىكى ئەنگلىيە باش ئەلچىسى، ئەنگلىيىلىك ئەلچىخانا خادىملىرىنىڭ ئافغانىستاندىن ئايرىلىدىغانلىقىنى، شۇندىن كېيىن ئەنگلىيە ئايرۇپىلانلىرىنىڭ ھاۋا قاتنىشىنى توختىتىدىغانلىغىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ ئەھۋالدا فرانسۇز، گېرمان ۋە ئىتالىيان خادىملىرىمۇ ئافانىستاندىن چىقىپ كىتىدۇ.

# باسمىچىلارنىڭ سوۋېت چېگراسىغا كىرىپ قىلغان جەڭلىرى

بەچچەئىي ساقانىڭ تەختكە چىقىشى، ئۇزۇندىن بېرى ئۆزىنى ئىچكە يۇتۇپ كىلىۋاتقان سابىق بۇخارا ئەمىرى ئالىمخان بىلەن شىمالىي ئافغانىستان تەۋەسىدە پۇرسەت كۈتۈپ ياتقان باسمىچى يېتەكچىلىرىنىڭ قايتىدىن ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن پۇرسەت بولۇپ بېرىدۇ. نەچچە يىلدىن بېرى كابولدىن سىرتقا چىقالماي يۈرگەن ئەمىر ئالىمخان، ھېرات شەھىرىگە بېرىپ ئۇ يەردە تۇرىۋاتقان بۇخارالىقلار بىلەن تۈركىستانلىقلارنى بولشېۋىكلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا چاقىرىدىغان بىر باياناتى ئېلان قىلىپ، باسمىچى يېتەكچىلىرىدىن جۇنەيتخان بىلەن لاقاي ئىبراھىمبەگلەرنىڭمۇ ئۆنىڭ بىلەن بىرگە ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە يېڭى ئافغان پادىشاسى ھەبىبۇللاخانىنىڭمۇ ئۇلارنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان تەشۋىقاتلارنى يېيىشقا باشلايدۇ.

ئەمىر يەنە، بىر قىسىم ياردەمچىلىرى ۋاستىسى ئارقىلىق ياۋرۇپادىمۇ بەزى پائالىيەتلەرگە كىرىشىدۇ. سوۋېت گېزىتلىرىمۇ ئەمىرنىڭ بۇ تۈردىكى ئىشلىرىنى تەپسىلى تونۇشتۇرۇپ ئېلان قىلىشماقتا ئىدى. بۇ ۋاقىتلاردا باسمىچىلارنىڭ سوۋېت-ئافغان چېگراسىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ تۈركىستان تەۋەسىگە ھۇجۇم قىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەرمۇ تارقىلىشقا باشلايدۇ.

ھەبىبۇللاخان تەختكە چىقىشى بىلەن تەڭ، ئافغانىستاندىكى باسمىچى يېتەكچىلىرىنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىشلىرى راستىنلا كۆرۈلۈشكە باشلىغان ئىدى. ھەبىبۇللاخان، باسمىچىلارنىڭ تۇرغان يەرلىرىدىن ئايرىلىشقا رۇخسەت يوق دەيدىغان بۇرۇن چىقىرىلغان چەكلىمىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئافغانىستان تەۋەسىدە خالىغان يەرلىرىگە بارالايدىغان بولغان ئىدى. بىر ھېساپتا، يېڭى ئەمىر باسمىچىلارنى سوۋېتلەرگە قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئىختىيار قىلىپتۇ دەيدىغان گەپ-سۆزلەرمۇ ئېقىپ يۈرەتتى. ئىبراھىم لاقايبەگ، ئامانۇللاغا قارشى قوزغىلاڭ پارتىلىغان پەيتلەردە ھەبىبۇللاغا ياردەملەشكەنلىكى ئۈچۈن، يېڭى ئەمىر ئۇنى تۈركىستان چېگراسىغا ھەربىي قوماندان قىلىپ تەيىنلەپتۇ دېگەندەك گەپ-سۆزلەرمۇ تارقىلىپ يۈرگەن ئىدى. راس دېگەندەك، يېڭى ئەمىر، لاقاي ئىبراھىمبەگنى يېنىغا چاقىرتىپ كۆرۈشكەن بولۇپ، ئۇنى شىمالىي ئافغانىستانغا بېرىپ تۈركىستانلىق مۇھاجىرلاردىن بىر ئارمىيە تەشكىل قىلىشنى، بۇ قوشۇن بىلەن ئۇنىڭغا قارايدىغان قۇراللىق قىسىملارنىڭ قوماندانى سەيىت ھۈسەيىنگە ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. ئىبراھىم لاقايبەگ بۇ تەلەپكە ئاساسەن دەرھال لاقاي قەبىلىسىدىن كىچىك بىر قۇراللىق قوشۇن تەشكىللەپ،

ھەبىبۇللاخاننىڭ سىپىغا قوشۇلۇپ ئۇرۇش قىلدۇ. ئىبراھىم لاقايبەگ بىلەن كۆرۈشكەن سىپىت ھۆسەيىن، ئۇنىڭ ئەسكەر سانىنى ئاز كۆرۈپ، تېخىمۇ چوڭ قۇراللىق قوشۇن تەشكىللىشنى تەلەپ قىلدۇ. بۇ تەلەپكە ئاساسەن شىمالىي ئافغانىستان تەرەپكە كەلگەن ئىبراھىم لاقايبەگ، ئۇ يەردە بىر ئاقساقاللار مەجلىسى چاقىرىپ، ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئۈچۈن مەجلىستىن بىر پەتىۋا چىقىرىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدۇ. ئاقساقاللار مەجلىسى، بۇرۇن ئىشەرتىپ بەرگەن قۇراللىق قوشۇندىن باشقا يەنە 400 نەپەر تۈركمەن بىلەن 500 نەپەر ئۆزبەكتىن تەشكىل تاپقان يېڭى بىر قۇراللىق قوشۇننى سىپىت ھۆسەيىننىڭ ئەمرىگە بېرىش قارارىنى ئېلىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا شىر مۇھەممەتبەگمۇ ھەربىي قوماندانلىرىدىن يۇسۇپجان قۇربېشىنى ئىبراھىم لاقايغا ياردەمچى قىلىپ ئىشەرتكەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ تەشكىللەنگەن بۇ قۇراللىق قوشۇنلار سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ياردىمىگە تايىنىپ ئافغانىستانغا بېسىپ كىرگەن غۇلام نەبىنىڭ قۇراللىق كۈچلىرىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلاردا ۋەزىپە ئالىدۇ. لاقايغا قاراشلىق جەڭچىلەر باشقا جايلاردىمۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ. بولۇپمۇ دەھدادى ئورمانلىق رايونلىرىدا ھازارا قۇراللىق كۈچلىرىگە قارشى جەڭلەرگە قاتنىشىپ ئۇلارنى ئېغىر مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچراتقانلىقى مەلۇم.

بۇ ۋاقىتلاردا ئىبراھىم لاقايبەگ، فۇزەيل مەخدۇمغا ئوخشاش تۈركىستان تەۋەسىگە كىرىپ ئۇرۇسلارغا قارشى يېڭى بىر ھەرىكەت قوزغاشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بۇ ئارزۇسىغا ئېرىشەلمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇ مۇنداق دەپ چۈشەندۈرگەن:

ھەبىبۇللا تەختكە چىققان ۋاقىتلاردا سوۋېتلەرگە قارشى جەڭ قىلىش ئارزۇيۇم بەكلا كۈچلۈك ئىدى. ئەمما مۇجاھىتلىرىم بىر تەرەپتىن سابىق بۇخارا ئەمرىگە خىزمەت قىلىۋاتقان، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز ئائىلىلىرى بىلەن تۇرىۋاتقان يەرلىرىنى قوغداشقا مەجبۇر قالغان ئىدى. مۇجاھىتلار ئائىلىلىرىنى يات بىر ئەلدە (ئافغانىستان كۆزدە تۇتۇلماقتا — ئاپتوردىن) قوغدىنىشسىز تاشلاپ قويۇشقا رازى ئەمەس ئىدى.

تۈركمەنىستان تەۋەسىدە ئۇرۇسلارغا قارشى ئۇزۇن يىل جەڭ قىلىپ كەلگەن جۈنەيتخان، 1928-يىلى 6-ئايدا ئىران چېگرىسىدىن ئۆتۈپ ئافغانىستانغا بېرىۋالغان ئىدى. ئۇ يەرگە بارغىنىدىن كېيىن ئادەملىرى بىلەن بىرگە ھىرات رايونىغا ئورۇنلاشقان ئىدى. ئۇ، ئافغانىستاندا بەچچەئىي ساقا قوزغىلىڭى بىلەن تەڭ باشلانغان ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى جەريانىدا بەچچەئىي ساقا تەرەپنى تاللىۋالغان بولۇپ، بۇ قارارغا كەلگەنلىگىنى بىر پارچە خەت ئارقىلىق بۇخارا ئەمرى سەئىد ئالىمخانغا ئۇقتۇرىدۇ.

ئافغانىستان بۇ ھادىسىلار سەۋەبىدىن ئۇرۇش قايىنمى ئىچىگە پېتىپ قېلىۋاتقان پەيتلەردە، ئافغانىستاننىڭ چىگرا خوشنىسى بولغان تۈركىستان تەۋەسىدىمۇ ۋەزىيەت بەكلا ناچارلاشماقتا ئىدى. ستالىن يولغا قويىۋاتقان كوللىكتىپلاشتۇرۇش ھەرىكىتى بىلەن كولخوز قۇرۇش ئىشلىرى خەلق ئارىسىدا كۈچلۈك نارازىلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەپ بولماقتا ئىدى. خېلىدىن بېرى بۇ جايلاردا پەقەت كىۋەز تېرىشقىلا رۇخسەت قىلىنماقتا ئىدى. نەتىجىدە، خەلقنىڭ يېمەك-ئىچمەك جەھەتلەردە ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەش ئىمكانىيەتلىرىمۇ تارتىپ ئېلىنغان ئىدى. بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە خەلق ئاممىسىنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ھاكىمىيىتىگە بولغان ئۆچمەنلىكى كۈچىيىپ، باسمىچىلىق ھەرىكەتلىرىگە ئۇيغۇن مۇھىت يارىتىلماقتا ئىدى. بۇ ھادىسىلەرنى يېقىندىن كۈزىتىپ كېلىۋاتقان فۇزەيل مەخدۇم، ئافغانىستاندا يوقۇرىدا بايان قىلىنغان ھادىسىلەر ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن تەڭ كابولدىن بەدەخشانغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، بەدەخشان تەۋەسىدىكى ئادەملىرىنى يىغىپ 1929-يىلى ئافرىل ئېيىدا دارۋاز تەرەپتىن تۈركىستان تەۋەسىگە بېسىپ كىرىدۇ. مەخدۇم، قەلئىي ھۇمب، تەھۋىل دارا ۋە گارم شەھەرلىرىنى تارتىپ ئالىدۇ. بۇ جايلاردىكى سوۋېت ھۆكۈمەت ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلۈپ تاشلايدۇ (ئورتا ئاسىيا مۇتەخەسسىسلىرىدىن بىرى بولغان ئولۇۋېير روي، «يېڭى ئورتا ئاسىيا ياكى مىللەتلەرنىڭ يارىتىلىشى» ناملىق كىتاۋىدا قاراتېكىن، دارۋاز ۋە ۋاھش رايونلىرىدا تەسىر كۈچكە ئىگە تەرىقەت يېتەكچىسى ۋە باسمىچىلار يېتەكچىسى بولغان ئىشان سۇلتاننىڭ فۇزەيل مەخدۇم تەرىپىدىن 1929-يىلقى ھەرىكەتنى جەريانىدا قولغا ئېلىنىپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. روينىڭ قارىشى بويىچە ئالغاندا، بۇ ۋەقە فۇزەيل مەخدۇم گارملىق بولغانلىقى سەۋەبىدىن، بۇ يەردىكى قۇلىيابلار بىلەن گارملار ئوتتۇرىسىدىكى مىللەت ئايرىشلاردا مۇھىم رول ئوينىغان دەپ قارىغان. ئەمما ئىشان سۇلتان ھەققىدە روينىڭ نەقىل كەلتۈرگەن مەلۇماتلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. ئەسلىدە ئىشان سۇلتان ئىنىسى بىلەن بىرگە، ئەنۋەر پاشانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن شەرقىي بۇخارادىكى باسمىچىلىق ھەرىكىتىگە مەسئۇل قىلىنغان ھاجى سەمى تەرىپىدىن 1923-يىلىسى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىدى. ئابدۇللا رەجەپ بايسۇن ئۆزىنىڭ «تۈركىستان مىللىي كۈرەشلىرى» دېگەن كىتاۋىدا، ئىشان سۇلتاننىڭ ئۇرۇسلار بىلەن خەت-ئالاقە مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققانلىقىنى، شۇ سەۋەپتىن ئىشان سۇلتان بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى ئىشان سۇلايماننىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى، ھاجى سەمى ئەپەندى رەئىسلىكىدە قۇرۇلغان ئاقساقاللار مەجلىسىدە سوتلانغانلىقىنى، بۇ سوتلاشتا جىنايى قىلمىشى بېكىتىلىپ ئەتىسى تاۋىلدارادىكى ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنغانلىقىنى بايان قىلماقتا. ھاجى سەمى، 1923-يىلى 6-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئەلى رىزا ئەپەندىگە ئەۋەرتكەن مەكتۇبىدا "كەينىمىزدە پىتنە-پاسات چىقارغانلىقى

ئۆچۈن ئىشان سۇلتاننى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلدىم» دەپ يازىدۇ. ـــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). كەينىدىن دۈشەنبىگە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، قىزىل ئارمىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىدەك ئادىمى بىلەن ئافغانىستانغا قايتىپ كېتىپ، مازارى شەرىف رايونىدا بەچچەئىي ساقا تەرىپىنى ئالغان قۇراللىق كۈچلەرگە قوشۇلىدۇ.

بۇ ۋاقىتلاردا شىر مۇھەممەتبەگمۇ بۇرۇنقى ئادەملىرىنىڭ بىر قىسمىنى يىغىپ، تۈركىستانغا كىرىپ بىرەر ھەرىكەت پەيدا قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا كىرىشكەن ئىدى. ئۇ، تۇرىۋاتقان يېرىدىن سىرتقا چىقىشى چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئاساسەن ئىنىسى نۇر مۇھەممەتبەگ مەسئۇل بولۇپ كەلمەكتە ئىدى. تۈزۈلگەن پىلانغا ئاساسەن نۇرمۇھەممەتبەگ قۇماندانلىق قىلىۋاتقان قۇراللىق كۈچلەر، شىمالى ئافغانىستان رايونىدا بىر يەرگە كېلىپ ئىبراھىم لاقايبەگنىڭ قىسىملىرى بىلەن بىرلەشمەكچى بولىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭمۇ ياردىمى بىلەن سوۋېت تۈركىستان تەرىپىگە ئۆتىدىغان بولىدۇ. پىلان بويىچە پەنج دەرياسىدىن ئۆتۈپ قەلئەئىي ۋانچ رايونىغا ھۇجۇم قىلىدىغان بولىدۇ. ئەمما شىر مۇھەممەتبەگ تەشكىللىگەن بۇ قۇراللىق قوشۇن، ئىبراھىم لاقاينىڭ قۇماندانلىق شتاۋى ئىچىدە ئىغىر گۇمان پەيدا بولۇشىغا سەۋەپ بولىدۇ. نۇرمۇھەممەتبەگنىڭ ئىبراھىم لاقايىنى ئوينۇتۇپ يۈرۈپ ئاخىرى بىر كۈنى ئۇنى ئۇجۇقتۇرىۋېتىپ، بۇ رايوندىكى ھەرىكەتلەرگە يالغۇز ئۆزىلا قۇماندانلىق قىلماقچى دەيدىغان گەپلەر تارقىلىشقا باشلايدۇ. بۇ قۇرۇق گەپلەرگە ئىشىنىپ قالغان لاقاي، ئۆزىگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن كەلگەن نۇر مۇھەممەتبەگنى قولغا ئېلىپ، پۇت-قوللىرىنى زىنجىر بىلەن تۆشۈۋېتىپ بىر يىلدەك ئۆز يېنىدا بىرگە ئېلىپ يۈرىدۇ. شۇ ئارقىلىق شىر مۇھەممەتبەگنىڭ ئىنتىقام ئېلىش ئېھتىماللىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بىر كاپالىتى سۈپىتىدە پايدىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا، نۇر مۇھەممەتبەگ، بۇ بىر يىللىق ۋاقىتنى، ئۆمۈرۈمدە كۆرگەن ئەڭ جاپالىق كۈنلىرىم دەپ تونۇشتۇرىدۇ (گلېندا فراسېر، باسمىچىلارغا ئالاقىدار ئېلىپ بارغان تەپسىلى تەھلىللىرىدە شىر مۇھەممەتبەگنىڭ 1929-يىلى، قول ئاستىدىكى قۇراللىق كۈچلىرى بىلەن پەنج دەرياسىنى كېچىپ ئۆتۈپ قەلئەئىي ۋانچ رايونىغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى، ئەمما ئۆزىدىن ئۈستۈن رۇسىيە قۇراللىق كۈچلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ بايانى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. مەيلى شىر مۇھەممەتبەگنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدە ياكى ئىنىسىنىڭ يېزىپ قالدۇرغان ئەسلىمە خاتىرىلىرىدە بولسۇن، بۇ ھەقتە ھېچقانداق بىر مەلۇمات يوق. شىر مۇھەممەتبەگ، تۈركىستانغا قارىتا ھەرىكەت قوللىنىش ئۈچۈن پىلان تۈزگەن، قۇراللىق كۈچمۇ توپلىغان ھەمدە ئۇكىسى نۇر مۇھەممەتبەگنىڭ قۇماندانلىقىغا تاپشۇرغان بۇ قۇراللىق كۈچلەرنى ئىبراھىم لاقاينىڭ يېنىغا ئەۋەتكەن. ئەمما نۇر مۇھەممەتبەگ، لاقاي تەرىپىدىن

قولغا ئېلىنىپ بىر يىل بويىچە ئۇنىڭ يېنىدا گۆرۈگە ئېلىنغان ئىدى. بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى نۇر مۇھەممەتبەگ ئۆزى بىۋاستە ئائىلىسىگە خەۋەر قىلغان ئىدى. «نۇر مۇھەممەتبەگنىڭ ئوغلى ئەنۋەربەگ بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتلەر» دىن. — ئا.ھ. ئىزاھاتى). بۇ ۋاقىتتا، ئوسمانبەگ، توراقۇل ۋە ئىشان ئەيسا دېگەن قوربېشىلىرىمۇ كىچىك-كىچىك قوشۇنلار بويىچە چېگرادىن ئۆتۈپ ھەرىكەت قىلىپ باققان بولسىمۇ، كۆزگە كۆرۈنگىدەك بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلمەي چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ. باسمىچىلارنىڭ چېگرادىن ئۆتۈپ پائالىيەت قىلىشى يالغۇز ئافغانىستان تەۋەسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. جۇنەيتخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان رەجەپ قۇلى، ئىران چېگراسىدىن تۈركىستانغا كىرىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشكەن ئىدى.

1929-يىلىنىڭ باشلىرىدا كابولنى تارتىپ ئېلىپ ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلغان ھەببۇللاخان، ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتمەيلا ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. شىمالىي ئافغانىستاندىكى تۈركىلەر (ئۆزبەك ۋە تۈركمەنلەر) بىلەن تاجىكلار، ھەببۇللاخان ھاكىمىيىتىنى ھىمايە قىلىشاتتى. ئەمما جەنۇپتىكى پەشتۇ قەبىلىلىرى بىلەن ھازارالار بۇ يېڭى ھاكىمىيەتكە قارشى تۇرۇشاتتى. ئۇ يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگىنىدە، ھەببۇللاخان جەنۇپتا ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ياردىمىگە تايانغان نادىرخاننىڭ قوشۇنلىرى بىلەن، شىمالدا بولسا مازارى شەرىپنى تارتىپ ئالغان غۇلام نەبىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان بىر ئەھۋالدا ئىدى. ئافغانىستاندىكى ئەنگلىيە ئەلچىخانا خادىملىرى 2-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپلا ئافغانىستاندىن چىقىپ كېتىشكەن بولۇپ، كابولدىكى باشقا ئەللەرنىڭ ئەلچىخانىلىرىمۇ بىر-بىرلەپ بۇ يەردىكى پائالىيەتلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىغان ئىدى. بۇ ۋاقىتتا، پادىشا ئامانۇللاغا قارشى تۇرۇپ بەچچەئىي ساقاغا ياردەم قىلىۋاتقان گىلزاي قەبىلىسى، پەشتۇلار ئارا ھەمكارلىقى ئاساسىغا تايىنىپ نادىرخان تەرەپكە يان بېسىشقا باشلايدۇ. بەچچەئىي ساقا ھاكىمىيىتىگە بېرىلىۋاتقان ياردەملەر بارغانسىرى ئازىيىشقا باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، 1929-يىلىنىڭ ئۆكتەبىر ئېيىغا كەلگەندە نادىرخانغا قاراشلىق قوشۇنلار كابولنى تارتىپ ئېلىپ، نادىرخاننى پادىشا دەپ ئېلان قىلىدۇ. بۇ يېڭى پادىشا، ئىنىسى سەردار ھاشىمخاننى باش ۋەزىر، يەنە بىر ئىنىسى بولغان سەردار شاھمەخمۇتنى دۆلەت مۇداپىيە نازىرى ھەمدە باش قۇماندان قىلىپ تەيىنلەيدۇ.

بۇ جەرياندا، ئامانۇللاخاننىڭ تەختتىن چۈشۈشىگە سەۋەپ بولغان بارلىق ئىسلاھات ئىشلىرى دەرھال توختىتىلىدۇ. بەچچەئىي ساقا بولسا، ئۆزىگە قاراشلىق كۇھئىي دامان تەۋەسىگە قېچىپ بېرىۋالغان ئىدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، يېڭى پادىشانىڭ ئۇنى ئەپۇ قىلغانلىقى ھەققىدە بەرگەن ۋەدىسىگە ئاساسەن يېڭى پادىشانىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەل بولىدۇ. ئەمما نادىرشاھ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلماي،

بەچچەئىي ساقانى 1929 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىسى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ ئۆلتۈرىۋېتىدۇ.

## باسمىچى يىتەكچىلىرىنىڭ ئاقىۋىتى

1928~1929 ـ يىللار بويىچە ئافغانىستاندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر، يالغۇز ئافغان خەلقىغىلا ئەمەس بەلكى شىمالىي ئافغانىستانغا پانالىق تىلەپ كىرگەن تۈركىستانلىقلارغىمۇ ئېغىر قىيىنچىلىق پەيدا قىلغان بولۇپ، بۇ ۋەقەلەر لاقاي ئىبراھىمبەگ قاتارلىق بىر قىسىم باسمىچى يىتەكچىلىرىنىڭ تەغدىرىنىمۇ بەلگىلىگەن ئىدى.

كابولدا، نادىرشاھنى ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىرىپ بەچچەئىي ساقانى دارغا ئېسىش ۋەقەسى يۈز بېرىۋاتقان ۋاقىتلاردا، لاقاي ئىبراھىمبەگ شىمالىي ئافغانىستاننىڭ لاقاي قەبىلىسى ياشايدىغان يەرلىرىدە تۇرىۋاتقان ئىدى. بۇ قەبىلە ئافغانىستانغا ئۆتكەن ۋاقىتلىرىدا سوۋېتلەر چېگراسىغا يېقىن تۇرىدىغان ئەلئاۋات بىلەن ئاقتۆپە قىشلاقلىرى (قىشلاق ــ يېزىلاردا كەنت بىلەن بازار ئوتتۇرىسىدىكى يەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان يەرلەرگە بېرىلگەن بىر نام. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) غا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. ئىبراھىم لاقايبەگمۇ ئەلئاۋات دېگەن قىشلاقتا تۇرىۋاتقان ئىدى. بۇ جەرياندا، بۇرۇن بەچچەئىي ساقاغا ياردەم قىلىپ كەلگەن بىر قىسىم كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ ئىبراھىمبەگدىن پانالىق تىلەپ تۇرىۋاتقان ئىدى. شۇ سەۋەپتىن نادىرشاھ ھۆكۈمىتى ئىبراھىم لاقايغا بىر ئۇلتىماتوم ئەۋەرتىپ، ئۇنىڭ يېنىدا پانالىنىپ تۇرىۋاتقان كونا پادىشا تەرەپتارلىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە لاقاي قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى ساقلاپ كېلىۋاتقان بارلىق قۇراللارنى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنىمۇ تەلەپ قىلماقتا ئىدى. ئىبراھىمبەگ بۇ ئىككىلا تەلەپنى رەت قىلىدۇ. دەل شۇ پەيتتە ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن بىر ۋەقە يۈز بېرىدۇ. 1930 ـ يىلىنىڭ ئىيول ئېيىدا سوۋېتلەر قوشۇنلىرى تېز سۈرئەت بىلەن ئامۇ دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈپ، ئافغانىستان تەۋەسىگە 60 كىلومېتىر ئىچكىرلەپ كىرىپ ئەلئاۋات بىلەن ئاقتۆپە قىشلاقلىرىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ ھۇجۇمدىن ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر تاپقان ئىبراھىمبەگ بىلەن ئەسكەرلىرى قىزىل ئارمىيە بىلەن توقۇنۇشۇپ قالماسلىق ئۈچۈن قىشلاقلارنى بوشىتىپ چىقىپ كەتكەن ئىدى. سوۋېت قوشۇنلىرى ھەر ئىككىلا ئاھالە يەرلىرىنى ۋەيران قىلىۋېتىپ شۇ كۈنىسى چېگرادىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىدۇ.

بۇ ۋەقە، نادىرشاھ ھۆكۈمىتىنى قاتتىق چۆچۈتىۋېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئافغانىستان قۇرۇلغان كۈندىن بۇيانقى ھەرقانداق بىر كابول ھۆكۈمىتى ھەر قانچە

تىرىشچانلىقى، شۇڭا كابۇل ئۈچۈن ھەرگىزمۇ باش تارتىپ بولمايدىغان ھەمدە دەرھال ھەل قىلمىسا بولمايدىغان مەجبۇرىي ۋەزىپە ھالىتىگە كەلگەن ئىدى. شۇڭا، كابۇل ھۆكۈمىتى باسمىچىلارنىڭ شىمالىي ئافغانىستاندا قۇرغان ھەربى بازىلىرىنى تىزگىنلىمەي تۇرۇپ ئۆلارنىڭ چىگرادىن ئۆتۈپ پائالىيەت قىلىشىنى چەكلىيەلمەيدىغانلىقىنى، بۇنى چەكلىيەلمىگىنىدە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ قۇراللىق مۇداخىلىدە بولۇش ئېھتىمالىدىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇپ يەتكەن ئىدى. ئەمما نادىرشاھ تېخى دۆلىتىنىڭ ھەممە يېرىدە ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەپ بولالمىغان، بۇنىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك دەرىجىدە قۇراللىق قوشۇنىمۇ يوق ئىدى. ئەنە شۇ سەۋەپتىن كونا بۇخارا ئەمىرى سەئىت ئالىمخاننى ئىشقا سېلىشنى پىلانلايدۇ. ئالىمخان بىر پارچە خەت ئەۋەرتىپ نادىرشاھ نامىدا ئىبراھىم لاقايبەگنى كابۇلغا تەكلىپ قىلىدۇ. ئەگەر بۇ تەكلىپكە سەل قارىسا، ئۇنىڭ بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. ماقۇل دەپ پايتەختكە بارغىنىدا بېشىغا نېمە ئىشلار كېلىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدىغان ئىبراھىم لاقاي، بۇ تەكلىپنى رەت قىلىپ تۆۋەندىكىدەك جاۋاپ بېرىدۇ:

ماڭا 7 يىلدىن بۇيان سوۋېتلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشىم ئۈچۈن بۇيرۇق قىلىپ كەلگەن ئىدىڭىز. مەن ئۆز قوشۇنىم ۋە شەخسى پۇلۇم بىلەن بۇ كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدىم. ماڭا ھەر تۈرلۈك ياردەم قىلىش ھەققىدە ۋەدىلەرنى بەرگەن ئىدىڭىز. ئەپسۇسكى، بۇ ۋەدىلىرىڭىزنىڭ ھېچ بىرسىنى كۆرمىدىم. ئاخىرىدا يېڭىلىپ قالدۇق. ئەندى مەن سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە ئېرىشەلەرمەنمۇ؟ ياق، كابۇلغا بارمايمەن. ئەگەر پادىشا (نادىرشاھنى دېمەكچى — ئاپتوردىن) ئادەملىرىم بىلەن بىرگە ئافغانىستاندا قېلىشىم ئۈچۈن رۇخسەت قىلغىدەك بولسا، تېنچ بىر تۇرمۇش يولىغا كىرىدىغانلىقىمنى ۋە دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن شوغۇللىنىپ تېچ ياشايدىغانلىغىمنى بىلدۈرمەكچىمەن.

نادىرشاھمۇ ئىبراھىم لاقاينى ھەرگىز ئەپۇ قىلىش نىيىتىدە ئەمەس ئىدى. ئەسلىدە، بەچچەئىي ساقاغا ياردەم قىلغىنى ئۈچۈن تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ ھەممىسىنى جازاغا تارتىش لازىم دەپ ئويلايتتى. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرچە قولىدا يېتەرلىك دەرىجىدە كۈچلۈك ۋە مۇنتىزىم بىر ئارمىيە يوق ئىدى. شۇڭا، مەلۇم مەزگىلگىچە پەشتۇ قەبىلىلىرىنى قۇراللاندۇرۇپ بۇ جايلارغا ئەۋەرتىپ تۇرۇش قارارىغا كېلىدۇ. ھۆكۈمەت ياردىمىگە تايانغان پەشتۇ ئەتىرەتلىرى بۇ جايلاردىكى مۇھاجىر مەھەللىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئىبراھىمبەگمۇ ئادەملىرى بىلەن بىرگە بۇ

بۇلاڭچىلارغا قارشى جەڭ قىلىشقا مەجبور بولىدۇ. ئىبراھىمبەگ ئۇ كۈنلەر ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ:

نادىرخان، ئۇرۇش جەريانىدا ياردارلانغان ۋە ئۆلگەن پەشتۇلارغا ھېچقاچان تۆلەم تۆلەپ باقمىدى. ئەمما ئۆلمىگەنلەرگە بۇلاڭچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى بېرىدۇ. مۇھاجىرلاردىن بۇلاپ-تالىۋالغان بارلىق مال-مۈلۈكلەرگە ئۇلار ئۆزلىرى ئىگە بولالايتتى. بىزلەردىن نېمىنى خالىسا شۇنى تارتىپ ئېلىشاتتى. بۇ قۇراللىق ئەترەتلەر ھېچقانداق قائىدە-تۈزۈم تونىمايتتى. پۈتۈن نەرسىلىرىمىزنى بۇلاپ كېتىشتى ياكى مۇسادىرە قىلىشتى. ئەنە شۇ سەۋەپتىن بۇ يەردىكى مۇھاجىرلار مېنى قوللاپ قۇۋۋەتلىشەتتى ۋە شۇ سەۋەپتىن بۇ ئافغانلىق بۇلاڭچىلارغا قارشى مۇۋەپپىقىيەت بىلەن جەڭ قىلالىغان ئىدىم.

1930-يىللىرى بويىچە داۋام قىلىپ كەلگەن بۇ زەربىلەر بىلەن تېررورلۇق ھەرىكەتلەر خەلقنى جېنىدىن جاق تويغۇزىۋەتكەن ئىدى. ئىمام ساھىپ شەھىرىدە ۋەزىيە ئۆتەپ كېلىۋاتقان بىر دىني زات تەرىپىدىن نادىرشاھقا ئىۋەرتىلىپ، تا بۈگۈنگىچە ئافغانىستان مىللىي ئارخىپخانىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بىر پارچە خەت، ئۇ ۋاقىتلاردىكى ئەھۋاللارنى بەك ئېنىق خۇلاسلاپ كۆرسەتمەكتە:

خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى خەتەر ئىچىدە قالدى. ۋەزىر مەسوت بىلەن جادرانلار (پەشتۇ قەبىلىلىرى) ئوق چىقارمايلا قالماي، بىۋاستە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشماقتا. بارلىق كاتاغان رايونىدا ۋە بەدەخشان تەۋەسىنىڭ يېرىمىدا مىڭلىغان رۇپىيىلىك بۇلاڭچىلىقلارنى قىلىشتى. تا بۈگۈنگىچە بۇنىڭغا تويمايۋاتىدۇ. ئاددى پۇخرانىڭ مال-مۈلكىگە تاجاۋۇز قىلماقتا؛ ئۆيلىرىنى ۋەيران قىلماقتا؛ مال-مۈلكلىرىنى بۇلاپ-تالىماقتا؛ ئۇلار نە ئار-نۇمۇسنى بىلىدۇ، نە خۇدادىن قورقۇشنى. قىشلاقتىن قىشلاقلارغا چېپىپ يۈرگىنى يۈرگەن، ھەممە يەرنى بۇزۇپ چەيلەپ، ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ ماڭماقتا. ئۆلتۈرۈلۈشتىن قورققان پۇخرالار تۇرىۋاتقان ئۆي-ۋاقىلىرىنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبور بولماقتا. ... خۇدا ھەققى، ۋەزىردىن ۋە بۇ قەبىلىلەردىن بۇنداق ئەسكىلىكلىرىنى دەرھال توختىتىشنى تەلەپ قىلغايسىز. ئۇلار يامانلىق قىلىش بىلەن زىيان سېلىشتىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمەيدىكەن. ئۇلارغا يامانلىق قىلىشتىن توختاڭلار دەپ بۇيرۇق قىلىڭ. ئۇلار بەكلا ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزىشىۋاتىدۇ. ... ئۆزبەكلەر بىلەن قالغان خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا تېنچلىق تىكلىنىشكە يول قويۇڭ.

نادىرشاھ، ئۆتكەن بىر يىل جەرياندا بۇ دۆلەتنىڭ جەنۇبىي قىسىملىرىدا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان رايون خاراكتېرىدىكى توقۇنۇشلارنى تۈگىتىپ، شىمالىي ئافغانىستاندىن باشقا بارلىق جايلارنى تىزگىنىگە ئېلىپ بولغان ئىدى. بۇ جەرياندا ئۆزىگە قاراشلىق مۇنتىزىم بىر ئارمىيىمۇ قۇرىۋالدۇ. ئەندى نۆۋەت شىمالىي ئافغانىستاننى تىزگىنلەش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىش ۋە ئىبراھىم لاقاينى باستۇرۇشقا كەلگەن ئىدى. بۇ ئىش ئۈچۈن دۆلەت مۇداپىيە ۋەزىرى بولۇپ تۇرىۋاتقان ئىنىسى شاھمەخمۇتنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ.

باش قۇماندان سەردار شاھمەخمۇت، 1931ـ يىلىنىڭ كىرىشىدە زور كۆلەملىك قۇراللىق قوشۇننى باشلاپ ھىندىقۇش تاغلىرى ئارقىلىق شىمالىي ئافغانىستان تەرەپكە ئۆتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئافغان ئارمىيىسى بىلەن ئىبراھىم لاقايبەگ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش رەسمىي باشلىنىدۇ. ئىبراھىمبەگ، سوۋېتلەر قوشۇنىغا قارشى جەڭلەردە قوللىنىپ كەلگەن تۇيۇقسىز زەربە بېرىپلا قېچىپ كېتىش تاكتىكىسىنى ئافغانىستان ئارمىيىسىگە قارشى تۇرۇشتىمۇ ئىشقا سالىدۇ. 2500 كىشىلىك قۇراللىق قوشۇننى بىرەر يۈز كىشىلىك ئەترەتلەر ھالىغا بۆلۈپ ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇ ئەترەتلەر سان جەھەتتە ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن كېلىدىغان ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىغا بەكلا ئوڭاي زەربە بېرىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، ھازارباغ رايونىدا ئىككى يۈز كىشىلىك بىر ئاتلىق ئەترەت بەش يۈز كىشىلىك ھۆكۈمەت قۇراللىق كۈچلىرىنى تارمار قىلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى بارلىق قۇراللىرىنى غېنىمەت ئالىدۇ. كاتاغان تەۋەسىدىكى جەڭلەردە ئىبراھىمبەگ پەقەت يەتمىشتەك ئادىمىدىن ئايرىلغان بولسا، ئافغان قوشۇنىنىڭ چىقىمى 2500 نەپەرگە يەتكەن ئىدى. بولۇپمۇ كاتاغان تەۋەسىدە تۇرىدىغان يەرلىك ئۆزبەكلەر بىلەن مۇھاجىرلار بۇ جەڭلەرگە پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم قىلىشىدۇ. ئىبراھىمبەگ ئۇلارنىڭ بۇنداق ياردەم قىلىشىدىكى سەۋەپنى 60 يىل بۇرۇن ئافغانلارنىڭ ۋەھشىيانىلىق بىلەن قىرغىنچىلىق قىلغانلىقى سەۋەپ بولغان دەپ قارايتتى.

ئۇرۇش ساھەسى كېڭەيگەنسىرى يېڭىدىن قوشۇلىدىغان پىدائى سانىمۇ كۆپەيمەكتە ئىدى. قوغانبەگ، موللا خالدار ۋە موللا جورا قاتارىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر، ئۆز ئەترەتلىرىنى قۇرۇپ بۇ جەڭگە قوشۇلىدۇ. ئۇلار يېڭى قەلئە ۋە يۇلجا شەھەرلىرىنى تارتىپ ئېلىپ رۇستاك گازارمىسىدىكى قۇراللارنى تارتىپ ئېلىشىدۇ.

بۇ ۋاقىتلاردا، سابىق دارۋاز بېيىنىڭ ئوغلى غۇلام ھاسان بەدەخشان رايونىدا بىر قۇراللىق ئەترەت تەشكىللىگەن ئىدى. ئۇنىڭ مەقسىدى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن ئافغانىستان ئوتتۇرىسىدا بۆلۈنۈپ كەتكەن دارۋاز رايونىنى قايتا بىرلەشتۈرۈش ئىدى. چېگرادىن ئۆتۈپ سوۋېتلەر تەرىپىدە قالغان دارۋاز تەۋەسىگە كىرىپ سوۋېت قوشۇنلىرىغا قارشى تۇيۇقسىز زەربە بېرىش ھەرىكىتى باشلايدۇ. ئەمما ئۇزۇنغا بارمايلا، ئۇنىڭ قۇراللىق ئەترىتى قىزىل ئارمىيىدىن يېڭىلىپ تارقىلىپ كېتىدۇ.

نادىرشاھ ھۆكۈمىتى، لاقاي ئىبراھىمبەگ بىلەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلىۋاتقانلارغا قارشى جەڭنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن قەتئىي ئىرادىگە كېلىدۇ. بۇ مەقسەت بىلەن، لاقايغا تەۋە ئۆزبەك ئەسكەرلىرىنىڭ بېشىنى كېسىپ كېلىپ شۇ يەرنى باشقۇرىدىغان ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا تاپشۇرغانلارغا نەق پۇل مۇكاپاتى بېرىلىدۇ دېگەندەك ئادەمنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدىغان بارلىق چارىلارنى ئىشقا سېلىشقا كىرىشىدۇ. تۈركىستانلىق مۇھاجىر ئەترەتلەرگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان بۇ قانلىق جەڭلەردە نۇرغۇنلىغان بىگۇنا ئادەملەر ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇنداق بىر ئەھۋالدا پەشتۇ جاندارمىلىرى ئورۇس مۇھىتى يارىتىپ بەرگەن پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، يالغۇز تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارغىلا زەر بېرىپ قالماي، بۇ تەۋەدە ياشايدىغان يەرلىك ئۆزبەك، تاجىك ۋە تۈركمەنلەرگىمۇ قارشى ھەرىكەت پىلانلىشىپ، كەنت-مەھەللىلەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشىدۇ. بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرگەنلەرنى قىرىپ تاشلايدۇ.

1931-يىلى مارت ئېيىنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە ئۇستۇنلۇك ئافغان ھۆكۈمەت قىسىملىرى تەرىپىگە ئۆتىدۇ. جەڭنى بۇندىن ئارتۇق داۋاملاشتۇرۇش ئىمكانىيىتى قالمىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن ئىبراھىم لاقايبەگ، سوۋېتلەر تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىش قارارىغا كېلىدۇ. سوۋېت تەرەپ مەسئۇللىرى بىلەن ئۆتكەزگەن سۆھبەتلەردە، قۇراللىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن چېگرادىن ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقى ئۇختۇرىلىدۇ. ئاۋال ئائىلە-تاۋابەتلىرىنى يولغا سېلىش بەلگىلىنىدۇ. 30-مارت سەھەردە ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈش ئىشى باشلىنىدۇ. بىرەر مىڭدەك ئائىلە (تەخمىنەن 5000 كىشى) سوۋېتلەر تەرىپىگە ئۆتەلىگەن بولۇپ، قالغان بىر قىسمى ئافغان چېگرا مۇداپىيە قىسىملىرى تەرىپىدىن قىرىپ تاشلىنىدۇ. چېگرادىن ئۆتكەن ئائىلىلەر گ پ ئۇ (دۆلەت بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك سىياسىي ئورگان — ئا.ھ. ئىزاھاتى) تەرىپىدىن نازارەت ئاستىغا ئېلىنىپ، ئىچكىرى رايونلارغا يوللىنىدۇ.

(رەسىم ئورنى)

باسمىچى لىدېر ئىبراھىم لاقاي بەگنىڭ ئورۇس ئەسكەرلىرىگە ئەسىرگە چۈشكەن ۋاقتىدىكى گ پ ئۇ تەرىپىدىن تارتىلغان رەسىمى. 1931- يىلى ئىيول

بىرەر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 3-ئافرېل كۈنىسى ئىبراھىم لاقاي بەگ بىلەن ھەمراھلىرى يەنە شۇ يەردىن چېگرادىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئامۇ دەريا ياقىسىغا كېلىدۇ. سوۋېت دائىرىلىرىدە ھەرگىزمۇ ۋەدىسىدە تۇرۇش نىيىتى يوق ئىدى. ئىبراھىم لاقايبەگ بىلەن ئەسكەرلىرى قارشى قىرغاققا ئۆتەر-ئۆتمەي ئۇلارنى قولغا ئېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. لاقاي ئەسكەرلىرى بۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. بۇ توقۇنۇشتا ئوندەك ئادىمىدىن ئايرىلغان ئىبراھىم لاقايبەگ، تۈركىستانغا قاراپ ئىچكىرلەپ يۈرۈش قىلىدۇ. تەخمىنەن 3 ئاي سوۋېت قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ يۈرىدۇ.

ئاخىرى 12 ـ ئىيول كۈنىسى ئاقباشتاۋ تەۋەسىدە، 4000 كىشىلىك بىر قىزىل ئارمىيە قىسمى بىلەن توقۇنۇشىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا 974 نەپەر جەڭچىسىدىن ئايرىلغان لاقايبەگنىڭ ئۆزىمۇ يارىدار بولىدۇ. 23 ـ ئىيول كۈنىسى كافىرنىخان ئۆستىڭىنى كېچىپ ئۆتمەكچى بولىۋاتقىنىدا سۇلتانوۋ قۇماندانلىقىدىكى گ پ ئۇ ئەتىرىتىنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ئەتىسى تاشكەنتكە كەلتۈرىلىدۇ. سوراق قىلىش ۋە سوت ئىشلىرى تەخمىنەن بىرەر يىلدەك داۋام قىلىدۇ. ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئەبراھىم لاقايبەگ، 1932 ـ يىلى 31 ـ ئاۋغۇست كۈنىسى ئېتىپ ئۆلتۈرىلىدۇ. بۇ سۇنماس ئىرادىلىك يېتەكچىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن تۈركىستاندىكى باسمىچىلىق روھىمۇ ئاخىرلاشقان ھېساپلاندى.

شىر مۇھەممەتبەگ، 1929 ـ يىلى ئىنىسى نۇر مۇھەممەتبەگ ۋاستىسى بىلەن تۈركىستانغا قارىتا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر ھەرىكەت قىلىشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، ئىبراھىم لاقايبەگنىڭ توسالغۇلۇق قىلىشى تۈپەيلىدىن ئەمەلگە ئاشمىغان ئىدى. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ بۇ مەغلوبىيىتى ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىنىڭ ھايات قېلىشىغا سەۋەپچى بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىچكى ئۇرۇشتا غالىپ كېلىپ ئافغانىستان ھاكىمىيىتىنى تارتىپ ئېلىۋالغان نادىرخان، ئىبراھىمبەگ لاقاينىڭ دۈشمىنى دەپ تونۇلغان بۇ ئىككى ئاكا ـ ئۇكىغا سىلىق مۇئامىلە قىلىپ، بۇرۇنقى ئورنىنى ساقلاپ قېلىشىغا كۆز يۇمغان ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە شىر مۇھەممەتبەگكە دۆلەتتىن بېرىلىدىغان 500 رۇپىيىلىك مائاشنىمۇ توختاتماي بېرىپ تۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككى ئاكا ـ ئۇكا ئۆچۈن ئالغاندا، تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن چارىكار دېگەن يەردە دېھقانچىلىق بىلەن شوغۇللىنىپ ھايات كۆچۈرۈشتىن باشقا چارىسى قالمىغان ئىدى. ئەمما، ھاياتلىق داۋام قىلىۋېرىدۇ. دۇنيا ۋەزىيىتى ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىغا قاراپ تېز قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرلىمەكتە، شۇ چاغدا بۇ سەھنىنىڭ كونا رولچىلىرى يەنە قايتا ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ كۈنلەرگە كەلگىنىدە شىر مۇھەممەتبەگ بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى نۇر مۇھەممەتبەگ، كەلگۈسى ۋەزىيەتتە يەنە ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك ئورنىنى ئېلىپ، ئافغانىستان تەۋەسىدە قايتا باشلىنىلغان يوشۇرۇن پائالىيەتلەر ئىچىدە رول ئويناشقا باشلايدۇ.

شىر مۇھەممەتبەگنىڭ مۇھىم كوماندىرلىرىدىن بىرى بولغان يۈسۈپ قۇربېشى، 1930 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا **شەرقىي تۈركىستاندا** باشلانغان مۇستەقىللىق كۈرىشىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كونا رەھبىرىدىن رۇخسەت ئېلىپ **قەشقەر**گە كېتىدۇ.

فۇزەيل مەخدۇم، باسمىچىلىق ھەرىكەتلىرى يۈتۈنلەي ئاخىرلاشقانلىقى سەۋەبىدىن، ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ ھەرەمگە ماڭىدۇ. ئۇ ئەندى ھاجى ئابدۇلكېرىم دېگەن ئىسىم بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئافغانىستانغا قايتىپ كېلىپ كابولدا ئولتۇراقلىشىدۇ.

كونا چېكا كادىرلىرىدىن بىرى بولغان تۇراپبەگ، تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشى باشلانغان يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيا مىللىي ئاۋام ئىنقىلاۋىي جەمىيەتلىرى تەرىپىدىن رۇسىيە مەخپىي ئاخبارات ئورۇنلىرى ئىچىگە كىرگۈزۈلۈپ تەربىيىلەنگەن جاسۇس ئىدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى باسمىچىلار ئەتىرەتلىرىنى يوشۇرۇن ئاخباراتلار بىلەن تەمىنلەش ئىدى. 1922 ـ يىلىنىڭ ماي ئېيىدا مامۇر نىياز بىلەن بىرگە باسمىچىلار ئەترىتىگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا قۇربېشىلىقنى كۆتۈرۈپ، ئەنۋەر پاشا بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ جەڭ قىلىدۇ. كېيىن ھاجى سەمىنىڭ ئەترىتى بىلەن بىرگە ئافغانىستان تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئافغانىستاندىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇش قىلىنغىنىدا ئەترىتى بىلەن بىرگە مەشھەدكە بېرىپ، ئۇ يەردە تۇرۇپ قالىدۇ. مەشھەدكە بارغىنىدىن كېيىن مۇپتى سەدرىددىنخان بىلەن بىرگە ئىراننىڭ خۇراسان دېگەن يېرىدە پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ جەرياندا سوۋېت جاسۇسلىرى ئۇنىڭ پېيىغا چۈشۈۋالغان ئىدى. بۇ جاسۇسلار ئۇنى قاچۇرۇپ چېگرادىن ئېلىپ چىقىپ، تاشكەنتتە تەشكىللەنگەن سوتتا سوتلىنىپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ دەرھال ئېتىپ تاشلايدۇ (ئابدۇللا رەجەپ بايسۇننىڭ ئەسلىمىلىرىدە تۇراپبەگ، ئىران ـ سوۋېت چېگراسىدىن ئۆتۈپ تۈركمەنىستانغا كىرمەكچى بولۇۋاتقىنىدا چېگرا مۇداپىيە قىسىملىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى يېزىلغان. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

ئافغانىستانغا ئۆتۈپ كەتكەن قۇربېشىلىرىنىڭ بەزىلىرى تۈركىيىگە، يەنە بەزىلىرى ھىندىستان ياكى ئەرەبىستانغا كېتىۋالىدۇ. مۇتلەق كۆپ قىسمى ئافغانىستا قالىدۇ. سۇلتانبەك، جانىبەك قازى، ھاجى پارپى قاتارىدىكى بىر قىسىم كىشلەر بولسا، **شەرقىي تۈركىستان** تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ يەردە 1932 ـ يىللىرى پارتىلىغان **شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىگە** قاتنىشىدۇ. تۈركىيىگە كەتكەن مەمۇر نىيازى، ھەمراقۇلبەگ ۋە ئاچىلبەگلەر بولسا، 1926 ـ يىلىدىن كېيىن ئىستانبۇلدا قانات يايدۇرۇلغان تۈركىستان مىللىي بىرلىك ھەرىكىتىگە قاتنىشىدۇ.

تۈركمەن بۆركۈتى دەپ تونۇلغان جۈنەيتخان، 1927 ـ يىلىغا كەلگىچە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى كۈرىشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭغا تەڭ كىلەلمىگەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئاخىرىدا ئۇنىڭ بىلەن يارىشىش تەكلىۋىنى قويۇشقا مەجبور بولىدۇ. ئۇنى ئادەملىرىنىڭ قۇراللىرىنى ساقلاپ قېلىشقا رۇخسەت قىلىپ ئۆزگەنچ تەۋەسىدىكى بىر يېزىغا ئورۇنلاشتۇرىشىدۇ. بۇ ھالەت، ھەر ئىككى تەرەپ قوبۇل قىلالايدىغان بىر ئەھۋال ئەمەس ئىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇرۇش قايتىدىن باشلىنىدۇ. ئەمما كۈچلۈك سوۋېت قوشۇنلىرى ئالدىدا جۈنەيتخان ئارتۇق تىركىشىپ كىتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، 1928 ـ يىلىنىڭ سىنتەبىر ئېيىدا 1100 كىشىلىك قۇراللىق قوشۇنىنى ئېلىپ ئىرانغا بېرىپ پانالىق تىلەشكە مەجبور بولىدۇ. ئىران ھۆكۈمىتى ئۇلارنى قۇرال تاپشۇرۇشقا قىستاپ تۇرىۋالغاچقا، ياردەمچىسى

ئاناقۇلى قۇربېشى بىلەن بىرگە ئافغانىستان تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. دەسلەپتە چار رۇسىيىگە قارشى جەڭ قىلغان، كېيىن يەنە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى مۇستەقىللىق كۈرىشى بىلەن ئۇزۇن يىل شوغۇللانغان بۇ ئۇلۇغ جەڭچى، ئۇ يىللىرى 80 ياشقا كىرىپ قالغان ئىدى. ئافغانىستانغا بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ھىجرات ئەتىراپىدىكى تەيمەنە دىگەن بىر كەنتتە بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ.

***

# تۈركىستانلىقلار ياۋرۇپادا

تۈركىستانلىقلارنىڭ ياۋرۇپا سىياسىي سەھنىلىرىدە تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا چىقىشى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى يىللىرىغا توغرا كەلمەكتە. 1915~1916 ـ يىللىرىدا تۈركىستان تەۋەسى بىلەن مۇستەملىكە قىلىنغان تۈركىي ئەللىرىدىن كەلگەن ۋەكىللەردىن تەشكىل تاپقان بىر ھەيئەت، ياۋرۇپاغا بېرىپ رۇسىيە مۇستەملىكە قىلىۋالغان مىللەتلەر مەسىلىسىگە دائىر ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە ياۋرۇپا ساياھىتىگە چىقىدۇ. بۇ ھەيئەت، تۈركىستان ۋەكىلى مۇقىمدىن بەگجان، قازان ۋەكىلى يۈسۈپ ئاقچۇرا، ئەزەربەيجان ۋەكىلى ھۈسەيىنزادە ئەلى ۋە قىرىم ۋەكىلى چەلەبىزادە مەھەممەت ئەسەت قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى. بۇ ھەيئەت زىيارىتىنى 1915 ـ يىلى يانىۋار ئېيىدا ۋېنگىرىيىنى زىيارەت قىلىش بىلەن باشلايدۇ. بۇداپىشتتا رەئىس ۋەكىلى تىزسا ۋە پارلامېنت رەھبەرلىرىدىن ئاندراسى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن كۆرۈشكەن ھەيئەت ئەزالىرى، ئۇلارغا رۇسىيە مۇستەملىكە قىلىۋالغان تۈركى ئەللىرىنىڭ خەرىتىسى ئىلاۋە قىلىنغان بىر دوكلات سۇنىدۇ. بۇ دوكلاتتا ھەر بىر رايونغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي مەلۇماتلار، تۈركىي قەۋملىرىنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ـ مەدەنىي تەشكىلاتلىرى، رۇسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە زىيارەت قىلىنغان ئەللەردىن كۈتىدىغان ئۈمىدلىرى بايان قىلىنغان ئىدى. ۋېنگىرىيىدىن كېيىن ۋېناغا بارغان ھەيئەت ئەزالىرى، بۇ يەردە ئاۋۇسترىيە رەئىس ۋەكىلى ستورك ۋە تاشقى ئىشلار ۋەكىلى فورگاچ بىلەن كۆرۈشىدۇ. بۇ ھەيئەت بېرلىنغا كېلىپ گېرمانىيە تاشقى ئىشلار نازىرى ياگو ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسى زىممېرمان بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرقى بېكەتتى بولغان بۇلغارىيە زىيارىتى بىلەن ساياھىتىنى تاماملايدۇ. بۇلغارىيىگە كېلىپ رەئىس ۋەكىلى رادوسلاۋوۋ ۋە بىر قىسىم سىياسىي ئەربابلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارغىمۇ دوكلاتلىرىنى سۇنىدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشىغان يەنە بىر ھەيئەت، 1916 ـ يىلى ئىچىدە ئىككىنچى قېتىم ياۋرۇپاغا بېرىپ 6 ـ ئاينىڭ 27~29 ـ كۈنلىرى لوزان شەھىرىدە چاقىرىلغان

بىرلەشكەن ئەللەر ئۈچىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدۇ. بۇ يېڭى ھەيئەت تەركىبىدە ئالدىنقى قېتىملىق ھەيئەتتىكى يۈسۈپ ئاقچۇرا بىلەن مۇقىمبېدىدىن بەگجانلار بىلەن بىرگە، يەنە قازاق-قىرغىز رايونىغا ۋاكالەتەن ئەخمەتئوغلى سافا، قۇمۇقلارغا ۋاكالەتەن ئەخمەت سائىپ ئاسلانوۋ، داغىستان ۋەكىلى بولۇپ سېيىت تاھىر ئەپەندى ۋە چەركەزلەر نامىدا ئەزىز مەكەر قاتارلىق كىشىلەرمۇ بار ئىدى. بۇ ھەيئەتنىڭ رەسمى نامى ئۈچۈن «رۇسىيە مۇسۇلمان تۈرك ۋە تاتار مۇدافىيەئىي ھوقۇق جەمىيىتى» دېگەن ئىسىم تاللىۋېلىنغان ئىدى. ھەر بىر ۋاكالەتچى ئۆز خەلقىنىڭ مەسىلىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك تەييارلىغان دوكلاتلىرىنىمۇ قۇرۇلتايغا سۇنىدۇ. مۇقىمەددىن بەگجان چاغاتاي مىللىتى نامىدا سۇنۇلغان ئۈچ بەتلىك دوكلاتىدا، بۇخارا ۋە خىۋە خانلىقلىرى بىلەن رۇسىيە تۈركىستانىنىڭ بەش ۋىلايەت خەلقلىرىنى "چاغاتاي مىللىتى" دەپ تونۇشتۇرغان ئىدى. بۇ جايلارنى رۇسىيىلىكلەرنىڭ ئىشغال قىلىۋېلىش جەريانى تونۇشتۇرۇلغان بۇ دوكلاتتا، بۇخارا بىلەن خىۋە خانلىقلىرى ئۈچۈن تولۇق مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىنغان بولۇپ، قالغان رايونلار ئۈچۈنمۇ مەدەنىي جەھەتتىكى ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىنغان ئىدى. قىرغىز-قازاق ۋاكالەتچىسى سافا ئەپەندىنىڭ تۆت بەتلىك دوكلاتىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدىغان تارىخىي ۋە سىياسىي ئەھۋاللار تونۇشتۇرۇلغاندىن كېيىن قازاقىستانغا ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىنغان بولۇپ، رۇسىيە بىلەن بولغان چېگرا سىزىغىنىڭ ئۇبۇلخەيرى خان دەۋرىدىكى ھالىتى ئاساس قىلىنىشى، رۇسىيىلىكلەر بىلەن قازاقلارنىڭ قانۇن ئالدىدا ھوقۇقتا باراۋەر بولىشى ھەمدە بۇ جايلاردىن ئېلىنىدىغان باجلارنىڭ قازاق-قىرغىز خەلقىگە ئىشلىتىلىشى لازىم دېگەندەك تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى.

تۈركىيە ئارمىيىسى كاپكازىيىگە قارىتا ھەرىكەت باشلىغان 1917-يىلىسى، سادرازام (ۋەزىر) تەلەت پاشانىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن رۇسىيە تۈركلىرىنىڭ ئىزچىل پائالىيەت قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش مەقسىتىدە شۋېتسارىيىدە دائىملىق بىر بيۇرو ئېچىش قارارى ئېلىنغان ئىدى. بۇ بيۇرودا تۇرۇشلۇق ۋاكالەتچىلەر ھەيئىتى، مۇستەملىكە ئاستىدىكى تۈركى ئەللىرىنىڭ مەسىلىلىرىنى خەلقارالىق سورۇنلاردا تونۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان بولىدۇ. بۇ ھەيئەتنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆپرۈلۈزادە فۇئات ئەپەندى مەسئۇل قىلىپ بەلگىلەنگەن ئىدى. بۇھەيئەت تەركىبىدىكى تۈركىستان ۋاكالەتچىلىگى ئۈچۈن تۈركىستان ئىتتىھات ۋە تەرەققىي جەمىيىتى تەرىپىدىن ئىستانبۇلغا ئەۋەتىلگەن مۆتى سەدىرىدىنخان كۆرسىتىلگەن ئىدى (زەكى ۋەلىدىي توغان: «بۈگۈنكى تۈرك ئېلى تۈركىستانى ۋە يېقىنقى زامان تارىخى» ناملىق كىتاۋىدا — 480-بەتلەر — بۇ ھەيئەتكە نۇرەتتىنبەگ خۇدايارخانوۋنىڭمۇ تۈركىستان ۋاكالەتچىسى سۈپىتىدە قاتناشقانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئەمما سەدرىددىنخاننىڭ كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىدە

بۇ ئىسمنى پەقەتلا ئۇچىرتالمايمىز. شۇنىڭدەك يەنە تۈركىستاندىن ئىستانبۇلغا ئىۋەرتىلگەن تۈركىستان ئىتتىهات ۋە تەرەققىي جەمىيىتى ئەزالىرى ئىچىدىمۇ بۇ ئىسىم كۆرۈنمەيدۇ. — ئا.ھ. ئىزاھاتى). قالغان ئەزالار قازى ئابدۇرېشىت ئەپەندى، ئەزەربەيجانلىق ھۈسەيىنزادە ئەلى، قازانلىق ئوسمان توقۇمبەت، ئاتاۋۇللا باھائىدىن ۋە خەلىم سابىت قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى. ھەيئەت ئەزالىرى 10-ئاينىڭ 27-كۈنىسى يولغا چىقىدۇ. ۋارناغا يېتىپ كەلگىنىدە ۋېنگرىيىدە ئىنقىلاپ پارتىلاپ كېتىپ، يولنى ئۆزگەرتىپ ئودىسسا ئارقىلىق گېرمانىيىگە ئۆتمەكچى بولىدۇ. ئەمما بۇ يولمۇ ئېتىلىپ قالغاچقا، بۇ ھەيئەت نويابىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىستانبۇلغا قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ئۇ يىللىرى تۈركىستان مەسىلىسىنى ياۋرۇپا ئەللىرىنىڭ كۈنتەرتىۋىگە كىرگۈزۈشنى ئويلىغان يەنە بىر سىياسەتچى، شىر ئەلى لاپىن دېگەن زات ئىدى. تۈركىستان ئۆلىمالار جەمىيىتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ھەمدە بولشېۋىكلار ئىنقىلاۋى يۈز بەرگەن ۋاقىتلاردا تاشكەنتتە يۈز بېرىۋاتقان سىياسىي ۋەقەلەردە مۇھىم رول ئوينىغان لاپىن، 1918-يىلى 10-ئاينىڭ كىرىشلىرىدە سادىرازام تەلەت پاشا يېزىپ بەرگەن خەتنى ئېلىپ گېرمانىيىگە كېلىدۇ. ئۇ يەردە ئۆزىنى تۈركىستان مۇختارىيىتىنىڭ پارلامېنت رەئىسى ۋە ئورتا ئاسىيا ئۆلىمالار پىرقىسىنىڭ ۋاكالەتچىسى دەپ تونۇشتۇرىدۇ. گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىگى بىلەن كۆرۈشۈش جەريانىدا ئۇلارغا تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك بىر دوكلات سۇنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن گېرمانىيىدە كېسەل بولۇپ قالغان شىر ئەلى لاپىن، 1919-يىلىنىڭ فېۋرال ئېيىدا تۈركىستانغا قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ۋاپات بولىدۇ.

قوقان مۇختارىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، تۈركىستاننىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى ئايلىنىپ چىققان مۇستاپا چوقايئوغلى، ئاخىرىدا گروزىيىگە كېلىپ ئۇ يەردە نەشرىياتچىلىق پائالىيەتلىرىنى باشلايدۇ. 1919-يىلى 2-ئاينىڭ 21-چىسلا كۈنىسى پارىژدا چاقىرىلغان ۋېرساي تېنچلىق قۇرۇلتىيىغا رۇسىيە تەۋەسىدە ياشايدىغان قەۋملەرنىڭ "رۇسىيىدە دېموكراتىك فېدېراتسىيەلىك جۇمھۇرىيەت پىرىنسىپلىرى ئاساسىدا ئۆز ئارزۇلىرى بويىچە ياشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش" دېگەن مەزمۇندا بىر پارچە تېلېگرام يوللايدۇ. گروزىيە بولشېۋىكلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىۋېلىنغاندىن كېيىن تۈركىيە ئارقىلىق پارىژغا بارغان چوقاي ئوغلى، رۇسىيە دۇما قۇرغۇچى ۋەكىل سۈپىتى بىلەن ھەر خىل نەشرىيات ئەپكارلىرىغا ماقالىلار يېزىشقا كىرىشىدۇ.

(رەسىم ئورنى)

رۇسىيە مۇسۇلمان يېتەكچىلىرى: سولدىن ئوڭغا بىرىنچى رەتتە: مۇستاپا چوقايئوغلى، ئەخمەت سالىخوپ ۋە شېرىپ ماناتوۋ. ئۆرە تۇرغانلار: ئوسمان

توقۇمبەتوۋ، ئۆمەر تۆرەگولوۋ ۋە سۇلتان ئەلىيېۋ. تىبلىس، 1920 ـ يىلى (ئەھەت ئەنجان ئارخىۋىدىن)

1923 ـ يىلىغا كەلگەندە، تۈركىستاندا باسمىچىلىق ھەرىكەتلىرى ئاساسەن ئاخىرلاشقان بولۇپ، ئافغانىستاندا تۇرۇپ بىرەر سىياسىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلىقى بارغانسىرى ئېنىق ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ. 1924 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، چەت دۆلەتلەردە تۈركىستان مىللىي ئەركىنلىك ھەرىكىتىنى ئۇستىگە ئالالىغىدەك خادىملار فرانسىيە، گېرمانىيە، تۈركىيە، ئىران ۋە ھىندىستان قاتارلىق ئەللەرگە تارقىلىپ كېتىدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا مۇستاپا چوقايئوغلى پارىژدا تۇراتتى. زەكى ۋەلىدى ئەپەندى بولسا، دوستى فەتقۇلقادىر ئەپەندى بىلەن بىرگە ھىندىستان ۋە تۈركىيە يولى ئارقىلىق ياۋرۇپاغا قاراپ يولغا چىققان ئىدى. ئوسمان غوجا بىر قىسىم دوسلىرى بىلەن بىرگە تۈركىيەدە تۇرۇپ قېلىش نىيىتىگە كەلگەن ئىدى. مۇپتى سەدىردىن، ئابدۇلخەمىت ئارىپ ۋە تۇراپبەگ قاتارىدىكى داڭلىق كىشىلەر بولسا ئىراندا، يەنى تۈركىستان چېگرالىرىغا ئەڭ يېقىن جاي بولغان مەشھەت شەھىرىگە جايلىشىۋالغان ئىدى. بۇخارا جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئافغانىستان ۋاكالەتچىلىكىنى ئۆتىگەن ھاشىم سايىق، ئافغانىستان مائارىپ نازارىتىدە ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ئىدى.

ئاكتىپ پائالىيەت قىلالايدىغان بىر سىياسىي سورۇن ئۇيۇشتۇرماي تۇرۇپ چەت دۆلەتلەردە تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىنى داۋاملاشتۇرۇش ئىمكانى يوقلىغى ئېنىق ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، جەمىيەت يىتەكچىسى ئەخمەت زەكى ۋەلىدى بىلەن باشقا يىتەكچى كىشىلەر بۇنداق بىر سورۇننى نەدە ۋە قايسى خىل شەكىلدە قۇرۇپ چىقىش كېرەكلىگى ئۇستىدە ئىزدىنىشكە كىرىشىدۇ. تۈركىستانلىق كۆچمەنلەر زىچ جايلاشقان ئافغانىستان بىلەن ئىران، ئەينى ۋاقىتتا تۈركىستانغا بىۋاستە چېگراداش بولۇشتەك مۇھىم بىر ئەۋزەللىككە ئىگە دۆلەتلەردىن ئىدى. ئەمما بۇ ئىككىلا دۆلەتتە سىياسىي مەركەز قۇرۇپ چىقىش ھەمدە ئاشكارە شەكىلدە سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىمكان يوق ئىدى. بۇنىڭغا ئوخشاش ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان ھىندىستاندا بولسا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللىقىنى ئالماي تۇرۇپ ھېچقانداق بىر پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغىلى بولمايتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭدىن كېيىن تۈركىيە بىلەن ياۋرۇپانى ئويلىنىشقا توغرا كېلەتتى. يېڭى قۇرۇلغان ياش تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى، تۈركىستانلىق مۇساپىرلار بىلەن كۆچمەنلەر ئۈچۈن ئالغاندا ئىككىنچى ئانا ۋەتەن ھېساپلىناتتى. ئەمما يېڭى قۇرۇلغان تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرىدىغان بىر سىياسىي كۈرەشكە ساھىپخانلىق قىلىش ئىشىنى خالىمايتتى. نەتىجىدە، تۈركىستان تېررىتورىيىسىگە بەك يىراق ھەمدە تۈركىستانلىق مۇساپىر سانى يوق دىيەرلىك

بولشىغا قارىماي، ئاشكارە شەكىلدە سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ تۈركىستان مەسلىسىنى خەلقارالىق سەھنىلەرگە ئېلىپ چىقىش نوقتىسىدىن ئالغاندا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان ئەللەردىن فرانسىيە، گېرمانىيىگە ئوخشاش ياۋرۇپا دۆلەتلىرى ئۇلارنى ئۆزىگە جەلىپ قىلماقتا ئىدى. ئەنە شۇ سەۋەپتىن تۈركىستانلىق يېتەكچىلەر بۇ دۆلەتلەرگە يۈزلىنىشكە باشلايدۇ. ھەقىقەتەنمۇ كېيىنكى يىللاردا ئافغانىستان، ئىران، ھىندىستان ۋە بىر قىسىم ئەرەپ ئەللىرىدە ھەر خىل تەشكىلاتلار كۆرۈنگەندەك قىلسىمۇ، بۇ ئەللەردىكى سىياسىي مۇھىت، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ كۈچىيىپ بىر سىياسىي ھەرىكەت ھالىتىگە ئايلىنالىشىغا يول قويمايدىغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ.

## سىياسىي تەشكىلات قۇرغۇچى يېتەكچىلەر

تارىختىن بۇيانقى ھەرقانداق بىر سىياسىي ھەرىكەتنىڭ شەكىللىنىشى، مۇكەممەللىششى ۋە ھەرىكەت ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسەن بۇ ھەرىكەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلغان رەھبەرلەرگە باغلىق بولۇپ كەلمەكتە. تۈركىستانلىق زىيالىيلارنىڭ چەتئەللەردە قانات يايدۇرغان مىللىي مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىمۇ بۇ تۈپكى قانۇنىيەتتىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. چەتئەللەردىكى تۈركىستان ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەرنى ئىقتىدارلىق يېتەكچىلەر باشلىتىش نوقتىسىدىن ئالغاندا ئۇنچە تەلەيلىك دەپ ئېيتالمايمىز. ئەسلىدە تۈركىستان تەۋەسىدە قانات يايدۇرۇلغان مىللىي كۈرەشلەرگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشقان كىشلەرنىڭ كۆپ قىسمى بۇ كۈرەش جەريانىدا تازىلىۋېتىلدى ياكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەۋەسىدە قالغان ئىدى. دەسلىۋىدە بولشېۋىزمنىڭ ھەقىقى ماھىيىتى بىلەن ئۇنىڭ ئەسلى خاراكتىرىنى ئېنىق پەرق قىلىپ كىتەلمىگەنلىگى ئۈچۈن، زىيالىيلار تەبىقىسىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئاستىدا مىللىي دۆلەتلىرىنى قۇرۇپ چىقىشقا بولىدۇ دەپ ئىشىنىپ ۋەتەن ئىچىدە قېلىش يولىنى تاللىۋالغان ئىدى. قىسقىچە ئېيتقاندا تۈركىستاندىن چەتئەللەرگە چىقىپ كەتكەن زىيالىي پائالىيەتچىلەر بىلەن يېتەكچىلەر سان جەھەتتىن بەكلا يېتەرسىز قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يېتەكچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى تۈركىستان تېرىتورىيىسىنىڭ ئايرىم-ئايرىم رايونلىرىدا، تۈپتىن پەرقلىق دەۋرلىرىدە كۈرەش پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان كىشلەر ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار بىر-بىرسىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ھەرخىل دۇنيا قاراشلارغا ئىگە كىشلەردىن تەركىپ تاپماقتا ئىدى.

(رەسىم ئورنى)
مۇستاپا چوقاي ئوغلى (1920 ـ يىللارئەتراپىدا)
زەكى ۋەلىدى توغان (1920 ـ يىلى ئەتراپىدا)
ئوسمان غوجا ئوغلى (1931 ـ يىلى)
رەسىم: تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ ئۈچ نەپەر يېتەكچىسى

تۈركىستاندىكى مىللىي ئازاتلىق پائالىيەتلىرىگە بىۋاستە قاتنىشىپ، بۇ پائالىيەتلەرنى سىياسىي پىلان بويىچە بارلىققا كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن چەتئەلگە چىقىپ كەتكەن سىياسىي يېتەكچى دەپ قاراشقا بولىدىغان كىشىلەردىن مۇستاپا چوقاي ئوغلى، زەكى ۋەلىدى توغان ۋە ئوسمان غوجا ئوغلى قاتارلىق 3 كىشىنى كۆرستىشىمىز مۇمكىن. تۈركىستان سىرتىدا قانات يايدۇرۇلغان سىياسىي كۈرەشلەرنىڭ 1924 ـ يىللىرىدا باشلىنىپ 1939 ـ يىلىغىچە قانات يايدۇرۇلغان بىرىنچى دەۋرنى ئاساسەن يوقۇرىدا كۆرستىلگەن 3 نەپەر يېتەكچى بەرپا قىلىپ يېتەكچىلىك قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، بۇ دەۋردىكى تۈركىستان ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەرنىڭ ئەھمىيىتىگە توغرا باھا بېرىشتە بۇ ئۈچ نەپەر لىدېرنىڭ تەرجىمەھالى بىلەن سىياسىي ئالاھىدىلىكلىرىدىن تولۇق خەۋەر تېپىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

1900 ـ يىللىرى چار رۇسىيە تەۋەسىدە بارلىققا كەلگەن سىياسىي ئۆزگىرىش دەۋرى بىلەن تۈرك دۇنياسىدا باشلانغان جەدىتچىلىك ھەرىكەتلىرى، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكىگە ئوخشاش تۈركىستاندىمۇ ياش سىياسىيونلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن ئىدى. ئەنە شۇ داۋالغۇشلۇق دەۋرلەردە سىياسىي سەھنىگە چىققان ياشلاردىن بىرسى مۇستاپا چوقاي ئوغلى ئىدى. ئۇ، قانۇن پاكۇلتىتىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى ۋاقتلىرىدىلا رۇسىيە دۇماسىنىڭ مۇسۇلمانلار قويرۇقلۇق كاستوم كىيگەنلەر ھەيئىتى (فراكسىيونى) ئارىسىدا تۈركىستان گوبېرناتورلۇق تەۋەسىنىڭ ۋاكالەتچىلىگىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. كېيىنكى دەۋرلەردە گرۇزىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولىدىغان چېنكېلى تەرىپىدىن "ئۇ بولمىسا ئىدى، مۇسۇلمانلار فراكسىيونى ئۇنچە ئۇزۇن بەرداشلىق بېرەلمىگەن بولاتتى" دەپ باھا بېرىلگەن بۇ ياش ئەزىمەت، 1917 ـ يىلىنىڭ دىكابىر ئېيىدا قۇرۇلغان قوقان ئاپتونومىيىلىك ھۆكۈمىتىدە ئاۋال تاشقى ئىشلار نازىرى، ئۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت رەئىسى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەيدۇ.

1890 ـ يىللىرى، ئاقمەسچىتتە داڭلىق بىر قازاق ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن چوقايئوغلى، 27 ياش ۋاقتلىرىدىلا يىگىدىن قۇرۇلغان بىر ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. ئەمما ئۇ، بۇ ياش دۆلەت بولشېۋىكلار تەرىپىدىن يوقۇتۇلغاندىن كېيىن چەتئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ چەتكە چىقىپ ئاۋال تىبلىستا تۇرۇپ

قالدۇ. ئۇ يەردە ئەخمەت سالىخوپ تەرىپىدىن چىقىرىلىۋاتقان «**ۋولنىي گورىېتس**» (ئەركىن تاغلىقلار) ۋە «**بارىبا**» (ئۇرۇش) قاتارىدىكى گېزىتلاردا بىر مەزگىل ئىشلىگەندىن كېيىن، گروزىيە ھۆكۈمىتىنىڭمۇ ياردىمى بىلەن «**نا رۇبېژې**» (چېگرا بويلىرى) نامىدا بىر گېزىت (ئاپتور بۇ يەردە ژورنال دېمەكچى بولسا كېرەك. — ئۇ.ت) چىقىرىدۇ. ئۇكرائىنلىق مۇساپىرلارنىڭمۇ ياردىمىنى ئېلىپ چىقىرىلغان بۇ ژورنالنى ئاران 6 سان نەشر قىلدۇرالايدۇ. 1921-يىلى فېۋرال ئېيىدا گروزىيىنىمۇ بولشېۋىكلار بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئائىلى بىلەن بىرگە ئىستانبۇل ئارقىلىق پارىژغا بېرىۋالىدۇ.

چوقايئوغلى، ئۇ ۋاقىتلاردا دېموكراتىك بىر رۇسىيىنىڭ قۇرۇلىدىغانلىقىغا، شۇنىڭدەك بۇنداق بىر رۇسىيە تەۋەسىدە ئاپتونومىيىلىك بىر تۈركىستان تەشكىل قىلىشقا بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئەسلىدە كادېت پارتىيىسىگە قاتناشقانلار ياكى بۇ پارتىيىگە قىزىقىدىغان بارلىق ئازسانلىق مىللەت يېتەكچىلىرىمۇ ئەنە شۇنداق بىر كۆز قاراشتا ئىدى. ياۋرۇپاغا بېرىشتىن بۇرۇن، پارىژدا چاقىرىلغان ۋىرساي تېچلىق قۇرۇلتىيىغا تېلىستىن ئەۋەرتكەن تېلېگراممىسىدىكى تۆۋەندىكى قۇرلار، چوقاي ئوغلىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى بۇ كۆزقاراشلىرىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەرمەكتە:

تۈركىستاندا ياشايدىغان قەۋملەرنىڭ ئۆز ئارزۇلىرىنى رۇسىيىدە قۇرۇلىدىغان دېموكراتىك ۋە فېدراتسىيىلىك جۇمھۇرىيەت تەۋەسىدە ئەركىن ئوتتۇرىغا قويالىشى كاپالەتلەتكە ئىگە قىلىنىشى لازىم.

يەنە بىر تەرەپتىن، چوقاي ئوغلى قوقاندا قۇرۇلغان مۇختارىيەت ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن دەرھال چەتكە چىقىپ كەتكەچكە، نە بولشېۋىكچىلىق بىلەن ياكى بۇنداق بىر ھاكىمىيەت سىستېمىسىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئۇرۇس شوۋىنىزمى بىلەن پەقەتلا ئۇچراشمىغان دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا، چوقاي ئوغلى رۇسىيە سوتسىيال دېموكراتچىلىرى تەرىپىدىن ئىزچىل تۈردە ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىۋاتقان بىر گەۋدە ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشنى بىردىن بىر مەقسەت قىلىشقان دېموكراتىك رۇسىيە پوتېنلىگىنى بەرپا قىلىش دەيدىغان كۆز قاراشنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، ئۇ دەۋرلەردىكى نۇرغۇنلىغان تۈركىستانلىق ئىلغار كىشىلەرنىڭ كۆزقارىشىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىمۇ ئەگەر تولۇق مۇستەقىل تۈركىستان قۇرۇلسا ئۆز ئالدىغا يۈت تىرەپ تۇرالايدۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى خەلقئارالىق كۈچ تەڭپۇڭلۇقى ئىچىدە مۇستەقىل مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قالالمايدۇ دەيدىغان كۆزقاراش مەۋجۇت ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، تۈركىستاندىن ئايرىلىپ خېلى يىللار ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، يەنى 1923-يىلىسى، «**ئورىېنت ئېت ئوكسىدېنت**» دېگەن بىر فرانسۇزچە ژورنالدا ئېلان قىلغان «**رۇسىيە سىياسىتى**

**ۋە تۈركىستان مىللىي سىياستى»** دېگەن تېمىلىق ماقالىسىدا تىبلىستىن ۋېرساي تىنچلىق قۇرۇلتىيىغا ئەۋەرتكەن تېلېگراممىسىدىكى كۆزقاراشلىرىنى يەنە بىر قېتىم قايتا تەكرارلىغان ئىدى. خېلى ئۇزۇن سەھىپىلىك بۇ ماقالىسىدا تىلغا ئېلىنغان مەزمۇنلار تۈركىستانىنىڭ تۈرك ئىسلام دۇنياسىدا تۇتقان ئورنى، تۈركىستانىنىڭ رۇسىيە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىشى، رۇسىيە مۇستەملىكىچىلىك سىياستى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋەتلىرى، 1917 ـ يىلقى ئىنقىلاپ، تۈركىستاندا بولشېۋىكلار، تۈركىستاندا ئاپتونومىيە ھەرىكەتلىرى، سوۋېتلەر سىياستى نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئاچارچىلىق، مائارىپ ۋە ئىقتىسادىي ئىشلار جەھەتتىكى مەغلۇبىيەتلىرى ۋە مۇستەقىللىككە قاراپ ئىلگىرلەش دېگەندەك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، بۇ ماقالە بىر تۈركىستانلىق تەرىپىدىن يېزىلىپ ياۋرۇپا ژورناللىرىدا ئېلان قىلىنغان تۇنجى ئىلمىي ۋە سىياسىي ماقالە بولۇش نوقتىسىدىن ئالغاندا، ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىلمىي ماقالە ھېساپلىنىدۇ.

بۇ تۈردىكى كۆزقاراشلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغان چوقاي ئوغلى، پارىژغا كەلگىنىدىن كېيىن چەتئەلدە مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن بولشېۋىزمغا قارشى كۆزقاراشقا ئىگە رۇسىيە سوتسيال دېموكراتچىلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ يەنە مېنشېۋىكلار لىدېرى كېرېنسكى تەرىپىدىن چىقىرىلغان **«دنى»**، كادېت پارتىيىسىنىڭ لىدېرى مىليۇكوۋ تەرىپىدىن چىقىرىلغان **«پوسلېدنىيا ناۋوستى»** گېزىتلىرىدىمۇ بىر مەزگىل كوررېكتور بولۇپ ئىشلىگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۇ يىللاردا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى، كۆزقاراشلىرى ۋە سوتسيال دېموكراتچى رۇسىيىلىكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى كېيىنكى ۋاقىتلاردا، بولۇپمۇ زەكى ۋەلىدىي قاتارلىقلار تەرىپىدىن قاتتىق تەنقىت قىلىنىشقا ئۇچراپ، ھەرخىل ئىچكى زىدىيەتلەرنىڭ پەيدا بولىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، زەكى ۋەلىدىي، چوقاي ئوغلى بىلەن پارىژدا تۇنجى قېتىم كۆرۈشكىنىدىلا چوقاي ئوغلىنىڭ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان مۇستەقىل تۈركىستان قۇرۇش كۆقارىشىغا قىزىقمىغانلىقىنى، قازانلىق لىدېر سادىر مەقسۇدىي (ئارسال) بىلەن ئەزەربەيجانلىق ئەلى مەردان توپچىبېشى قاتارلىق كىشلەرنىڭمۇ چوقايئوغلى بىلەن ئوخشاش كۆز قاراشتا ئىكەنلىكىنى، شۇ سەۋەپتىن ئۇلار بىلەن چىقىشالمىغانلىقى ھەققىدە توختالغان.

ئەمما ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، تۈركىستاننى بولشېۋىكلار پارچىلاپ بۆلىۋېتىشى ھەمدە يېڭىدىن مەمورى رايونلارغا ئايرىۋېتىلىشى، دېموكراتىك بىر رۇسىيە، ئۇنىڭ تەۋەسىدە ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ قالالايدىغان بىر تۈركىستان قۇرۇپ چىقىش دېگەندەك كۆزقاراشلارنىڭ پۈتۈنلەي خام خىيال ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، چوقاي ئوغلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان چەتئەللەردە مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن بارلىق تۈركىستانلىق زىيالىيلار ئارىسىدا تولۇق مۇستەقىل تۈركىستان قۇرۇشنى تەلەپ قىلىش كۆزقارىشى شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. كېيىنچە، مۇستاپا

چوقاي ئوغلىمۇ ئەنە شۇ دەۋرلەر ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ مۇنۇلارنى بايان قىلىدۇ:

1917-يىلىنىڭ باشلىرىدا بىز ھەممىمىز فېدېراتسىيە ۋە ئۇنىتارىستىك دېگەندەك ئورتاق بىر كېسەللىكنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغان ئىدۇق. ھەممىمىزنى ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالغان بۇ كېسەللىك، رۇسىيە دېموكراتىك ئىنقىلاۋىغا قەتئىي ئىشەنگەنلىكىمىزدىن كەلمەكتە ئىدى.

ئەگەر بىز 1917-يىلقى ئىنقىلاپنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىلا «مىللىي مۇستەقىللىق» دەيدىغان بىرەر پروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويالىغان بولساق، خەلقىمىز ئىچىدە بۇنىڭغا قارشى چىقىدىغان بىرەر تەبىقىنىڭ بولۇشىغا شەخسەن مەن ئىشەنمەيمەن. شۇنىڭغا قارىماي، بىز بۇنداق بىر يولغا دەرھال ئاتلىنىپ كىتەلمىدۇق. ھالبۇكى، يوقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك بىزلەر رۇسىيە سوتسىيال دېموكراتىيىسىگە بەكلا ئىشىنىپ كەتكەن ئىدۇق. ئۇنىڭ ئۇستىگە **ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئۆز دۆلىتىمىزنى قۇرۇپ يولغا سېلىۋالالايدىغانلىقىمىزغا ئىشەنمىگەن** (تەكىتلەش شەكلى تەرجىمانغا ئائىت. — ئۇ.ت) ئىدۇق. شۇنداق بولغاچقا، رۇسىيە تەركىۋىگە كىرىۋېلىپ ۋەتىنىمىزدە ئۆزىمىزنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى قۇرۇپ چىقىش ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىش دەيدىغان «فېدېراتسىيە» سىياسىتىدىن بەكلا ئۈمىد كۈتكەن ئىكەنمىز.

چەتئەلدىكى تۈركىستان ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرىكەتلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم يېتەكچىلىرىدىن بىرسى قاتارىدا، ھەتتا دەسلەپكى يىللاردا ئەڭ مۇھىم رول ئوينىغان كىشى سۈپىتىدە ئەخمەت زەكى ۋەلىدىي (توغان) نى كۆرسىتىپ ئۆتىشىمىز مۇمكىن. قىزىقارلىق بىر بىر شەكىلدە مۇستاپا چوقاي ئوغلى بىلەن ئوخشاش بىر يىل ئىچىدە دۇنياغا كەلگەن باشقىرت تۈركلىرىدىن بولغان بۇ كىشى، كۈچلۈك سىياسىيون بولۇشى بىلەن بىرگە، يەنە ئىنتايىن مۇھىم ئالىم سۈپىتىدە تونۇلۇپ، تۈركىستان ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەرنىڭ بارلىق ساھەلىرىدىكى پائالىيەتلەرگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشقان. ئۇ، 1917-يىلقى ئىنقىلاپ يىلىسى چاقىرىلغان مۇسلمانلار قۇرۇلتىيىدا تېرىتورىيىلىك مۇستەقىل بولۇش كۆزقارىشىنى قوللىغۇچىلار تەرىپىدە تۇرغان بىرسى ئىدى. توغاننىڭ قارىشى بويىچە ئالغاندا، رۇسىيە ھەر مىللەت ئۆز تېرىتورىيىسى ئىچىدە ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدىغان دۆلەتلەر ئىتتىپاقى شەكلىنى ئېلىشى كېرەك ئىدى. بۇ دۆلەتلەر سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئاساس قىلىدىغان ھاكىمىيەت پىرىنسىپىنى ئاساس قىلىش

دەيدىغان پەلسەپەگە ئاساسلىنىشى كېرەك ئىدى. ئەنە شۇنداق تۈپكى پرىنسىپ ئاساسىدا، ئىنقىلاپ يىللىرىدا ئاپتونومىيىلىك باشقىردىستان دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ (ھەرىكەتنىڭ كېلىش مەنبەلىرى ماۋزۇسىغا قارالسۇن. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

زەكى ۋەلىدىي، ئىنقىلاپتىن كېيىن قۇرۇلغان مىللىي باشقىرت ھۆكۈمىتىدە ھەربىي ئىشلار مىنىستىرى ۋە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، 1919-يىلىسى ھۆكۈمەت رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى 15 ئاي بويىچە بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئاقلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ. 1920-يىلىنىڭ باشلىرىدا، لېنىن قاتارىدىكى بولشېۋىك رەھبەرلىرىنىڭ ئىككى يۈزلىمچىلىكىنى سېزىپ قالىدۇ. بولشېۋىكلارنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش دېگەن سۆزلىرىنىڭ پۈتۈنلەي قۇرۇق سەپسەتە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. قىزىللار ئالدىنقى سەپتە غەلىبە قىلىپ دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتنى تېزگىنلىگەنسىرى، ئەسلى قىياپىتىنى تەدرىجى ئاشكارىلاشقا باشلىغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇرۇس شوۋىنىزىمى ئاساسىغا قۇرۇلىدىغان كومۇنىزم تۈزۈمىنىڭ ئۇرۇسلاردىن باشقا مىللەتلەرگە ياشاش ھەققىنى بەرمەيدىغانلىقى ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ. ۋەلىدى، خۇددى سۇلتان غالىيېۋگە ئوخشاش ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى سېزىپ، بولشېۋىك رەھبەرلىرىگە بىر نەچچە پارچە خەت تاشلاپ قويۇپ غىپلا قىلىپ يوقاپ كېتىدۇ. كېيىن تۈركىستانغا قېچىپ بېرىۋېلىپ، ئۇ يەردىكى مىللىي مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ جەريانىدا، تۈركىستانلىق سوتسىيالىست زىيالىيلار تەرىپىدىن قۇرۇلىدىغان سوتسىيالىستچىلار تۈدەسىنى قۇرۇش ئىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ پارتىيە كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەرك پارتىيىسىگە ئۆزگەرتىلىدۇ. 1920-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، زەكى ۋەلىدىي، تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ھەرخىل كۆز قاراشتىكى گۇرۇھلار بىرلىشىپ قۇرۇپ چىققان ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلار مىللىي ئاۋام ئىنقىلاۋىي جەمىيەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. باسمىچىلىق ھەرىكەتلىرى ئومۇمىي يۈزلۈك ئاجىزلىشىش باسقۇچىغا كىرۋاتقان مەزگىللەردە تۈركىستاندىن ئايرىلىش قارارىغا كېلىپ، 1923-يىلىسى ئىران ئارقىلىق ئافغانىستانغا بېرىۋالىدۇ. بىر قىسىم جەمىيەت ئەزالىرى بىلەن بىرگە ئافغانىستاندا بىر مەزگىل پائالىيەت قىلغاندىن كېيىن ھىندىستانغا كېتىدۇ. كېيىن ئۇ يەردىمۇ تۇرماي تۈركىيە ئارقىلىق ياۋروپاغا بېرىۋالىدۇ.

زەكى ۋەلىدىي تەرىپىدىن يېزىلغان سوتسىيالىستلار تۈدەسىنىڭ 9 ماددىلىق پروگراممىسىنى، بىر ھېساپتا شۇ دەۋرلەردىكى سىياسىي كۆز قاراشلارنىڭ يىغىنچاقلانغان خۇلاسىسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ پروگراممىنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا يەر، سۇ، يەرئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلارنى دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش

ھەمدە كوللېكتىپلاشتۇرۇش پىرىنسىپلىرىنى يولغا قويۇش ئۈتتۈرغا قويۇلغان. تۈركىستان تەۋەسىدە كۆزگە كۆرۈنگىدەك بىرەر سانائەتلىشىش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىشچىلار سىنىپىمۇ يوق دېيەرلىك بولۇپ، ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دېھقانلاردىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى. ئەنە شۇ سەۋەپتىن، سوتسىيالىستلار تۈدەسى يېزا ئىگىلىك ساھەسىدە ئىشلەيدىغان دېھقانلارنى پرولىتارىيات سىنىپى شەكىللەنگىچە بولغان ئارىلىقتا خەلق ئاممىسىنىڭ ئاۋانگارت كۈچلىرى دەپ قاراشنى تەشەببۇس قىلىشقان ئىدى. بۇ پروگراممىدا كۆرسىتىلىشىچە، تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەمدە ئەركىنلىككە ئېرىشىش غايىسىنى، دېھقانلار سىنىپىنىڭ ئۆز ھوقۇقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا كۈرەش قىلىشى ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئىدى (3-ماددا)؛ مەملىكەتنى باشقۇرۇش ئىشى سوتسىيالىزم پىرىنسىپلىرى ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، بۇ مۇستەقىل، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنىڭ تۈپكى ۋەزىپىسى، دېھقانلار سىنىپىنى چەكلىمىسىز ھالدا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان قىلىش، ئۇلارنىڭ ئىلگىرلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش بولىشى لازىم دەپ تەكىتلىگەن ئىدى (4-ماددا). دىن بىلەن دۆلەت ئىشلىرى بىر-بىرسىدىن ئايرىۋېتىلىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن ئىدى. ئەڭ ئاخىرقى ماددىسىدا بولسا، تۈركىستان سوتسىيالىستلار تۈدەسى ئىزىلگەن سىنىپلار بىلەن ئىكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچۇرىغان مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش پىرىنسىپىنى قوبۇل قىلىدىغان سوتسىيالىستىك ئىنتېرناتسىيونال تەشكىلاتىغا ئەزا بولالايدۇ دەپ بەلگىلەنگەن ئىدى.

ياۋرۇپاغا بارغىنىدىن كېيىن تىكلىگەن مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن تۈركىيىگە كەلگىنىدىن كېيىن ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىگە قارىغاندا، زەكى ۋەلىدىي خېلى ۋاقىتلارغىچە بۇ خىل كۆز قاراشتا چىڭ تۇرۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. 1926-يىلىسى ئىستانبۇلدا، بۇ پراگراممىنىڭ ماددىلىرىنى، ئېھتىمال ئۇ ۋاقىتلاردا مۇقىملىشىپ قالغان دۇنيا كۈچ تەڭپۇڭلۇقىغا ئاساسلىنىپ تېخىمۇ كېڭەيتىپ قايتىدىن ئىزاھلاپ بېكىتىپ چىققانلىقى كۆرۈلمەكتە. سوتسىيالىزمنىڭ رۇسىيىدىكى ئىجرا قىلىنىشى پاجىئەلىك ۋە مۇستەبىت بىر تۈزۈمنى پەيدا قىلغانلىقىنى بىۋاستە بىلىدىغان، شۇنىڭدەك ئۇنى ياۋرۇپا ئەللىرىدە يولغا قويۇلۇۋاتقان تۈزۈم بىلەن سېلىشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالىغان بىرسى بولىشىغا قارىماي، 1926-يىللىرىدىمۇ سوۋېتلەر تۈزۈمىنى شەكىللەندۈرۈشكە سەۋەپچى بولىۋاتقان بىر پەلسەپەنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرىۋالغانلىقى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ئەھۋال.

بۇ ھادىسىلەر، زەكى ۋەلىدىنىڭ ئەسلىدە سوتسىيالىزم ئەقىدىلىرىگە ئىشىنىپ كەلگەنلىكىنى، ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن رۇسىيىدە مەيدانغا كەلگەن كوممۇنىزم ئۆلگىسىنىڭ كېڭەيمىچى سىياسىتىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

ۋەلىدىنىڭ قارشى بويىچە ئالغاندا، ئۇنىڭ ئوتتۇرغا قويغان ئەندىزىسى تۈركىستان بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ئاشقا ئەللەرگە كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، رۇسىيە بولشېۋىزمىنىڭ ئىنتېرناتسىيونالچى ئالاھىدىلىكىگە ئوخشىمايتتى. شۇنداق قىلىپ بۇنداق بىر ئىجتىمائىي تۈزۈم بىر تەرەپتىن مىللىي سوتسىيالىست ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن كېڭەيمىچىلىك ئالاھىدىلىكى بولمىغاچقا، رۇسىيە بولشېۋىزمى بىلەن زىتلىشىپمۇ كەتمەيتتى. 1917-يىلقى رۇسىيە مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيىدا ئاياز ئىساقى، سادىر مەقسۇدىي قاتارلىق ئالدىنقى قاتاردىكى تاتار مىللەتچىلىرى بىلەن ئىختىلاپ پەيدا بولغانلىقى، 1920-يىلىغا كەلگىچە بولغان ئارىلىقتا بولشېۋىك لىدېرلىرى بىلەن بىر سەپتە تۇرغىنىغا ئوخشاش ئەھۋاللار، زەكى ۋەلىدىنىڭ چەتئەلدە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى جەريانىدا ھەرخىل زىدىيەتلەرنىڭ پەيدا بولىشىغا سەۋەپ بولۇپ بېرىدۇ.

چەتئەلدە قانات يايدۇرۇلغان تۈركىستان ئۈچۈن كۈرەش ھەرىكىتىنىڭ ئۈچىنچى مۇھىم ئادىمى — ئوسمان غوجائوغلى ئىدى. بۇكىشى تۈركىستاندا 1905-يىلىدىن باشلاپ كۆندىن كۆنگە كۈچىيىپ بېرىۋاتقان جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بىرسى ئىدى. ئۇ، بۇخارادىكى جەدىتچىلار مەكتەپلىرىنىڭ ئېچىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، 1908-يىلى بىر دوستى بىلەن بىرگە تۈركىيىگە كېلىپ تۈركىستانلىق ياشلارنى ئىستانبۇلدا تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلغان «بۇخارا تامىمي مائارىف جەمىيەتي خەيرىيەسى» نامىدا بىر جەمىيەت قۇرۇپ چىقىدۇ. كېيىنچە بۇخاراغا قايتىپ كەلگەن غوجا ئوغلى، 1918-يىلىدىن باشلاپ «ياش بۇخارالىقلار» نامىدىكى تەشكىلاتنىڭ ئاۋانگىرتلىرىقاتارىدا بۇخارا ئەمىرى سەئىد ئالىمخانغا قارشى قانات يايدۇرۇلغان كۈرەشلەرگە قاتنىشىدۇ. بۇخارا ئەمىرى قېچىپ كەتكەندىن كېيىن قۇرۇلغان بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ئىچىدە ئاۋال مالىيە نازىرى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەن بولسا، بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن باش جۇمھۇر (پرېزدېنت) بولۇپ سايلىنىدۇ.

ئوسمان غوجائوغلى باش جۇمھۇر بولغان ۋاقتلاردا موسكۋانىڭ بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى سوۋېتلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنىشىغا قارشى قاتتىق تىركىشىپ كۈرەش قىلىدۇ. ئۇرۇش ئەسرى تۈركىيە ئوفىتسېرلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر ئارمىيە قۇرۇپ چىقىشقا تىرىشىپ باقىدۇ. بۇخارا ئەمىرلىگى ئاغدۇرۇلغان يىللاردا سوۋېت قۇراللىق كۈچلىرى تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنىپ موسكۋاغا ئېلىپ كېتىلگەن بۇخارائەمىرلىگى غەزىنىسىنىڭ بىر قىسمىنى ئانادولۇ ھۆكۈمىتىگە ياردەم سۈپىتىدە ئۇۋەرتىشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ. شەرقىي بۇخارا تەۋەسىگە قىلغان بىر قېتىملىق زىيارىتىدە دۇشەنبىدىكى ئۇرۇس گازارمىسىنىڭ كوماندىرلىرىنى قولغا ئالىدۇ ۋە بىر پارچە بايانات ئېلان قىلىپ، تۈركىستانلىقلارنى ئۇرۇسلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا چاقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەنۋەر

پاشا بىلەن كۆرۈشۈپ باسمىچىلىق ھەرىكىتىگە قوشۇلۇپ كېتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بۇ مەقسەتكە يېتەلمەيدۇ. 1922 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ئافغانىستان تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇ يەردە سىياسىي ۋە ھەربىي مەركەز تەشكىل قىلىش ئىشلىرىغا دائىر پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئافغانىستاندىكى ۋەزىيەت بۇنىڭغا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، 1924 ـ يىلىسى ھىندىستان ئارقىلىق تۈركىيىگە بېرىۋالىدۇ. شۇندىن كېيىن تۈركىيىدە تۇرۇپ قالىدۇ.

## 1924 ـ يىلقى بېرلىن قۇرۇلتىيى:

## ئورتا ئاسىيا مۇسۇلمانلار مىللىي ئاۋام ئىنقىلاۋىي جەمىيىتىدىن تۈركىستان ئازاتلىق جەمىيىتىگىچە

رۇسىيە ئىنقىلاۋى پارتىلىغان يىللاردا ئۆز پائالىيەتلىرىنى باشقىردىستاننىڭ سىرتىغا، يەنى تۈركىستان تەۋەسىگىچە كېڭەيتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، مىللىي ئىنقىلاپنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى رەھبەرلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان زەكى ۋەلىدىي، ياۋرۇپاغا كىلەر ـ كەلمەيلا چەتئەلدە تېزلىكتە بىر تەشكىلات قۇرۇپ چىقىش زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ياۋرۇپاغا كىلەلىگەن تۈركىستانلىق زىيالىيلارنى بىر يەرگە يىغىش ئىشى بۇ مەخسەت ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق باشلىنىش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن دەپ مۆلچەرلىگەن ۋەلىدىي، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، گېرمانىيىگە يىغىلغان تۈركىستانلىقلارنى ئاساس قىلىپ ئۆتكۈزگەن ھەرخىل سۆھبەتلەردىن كېيىن بىر قېتىملىق ئومۇمىي قۇرۇلتاي چاقىرىش ھەققىدە ئورتاق قاراشقا كېلىشىدۇ.

چەتئەلدە تەشكىلات قۇرۇش ۋە تەشكىللىك پائالىيەت قىلىشنىڭ كام بولسا بولمايدىغان ئالدىنقى شەرتى، بەلكى ئەڭ مۇھىم شەرتى بۇ پائالىيەتلەر ئۈچۈن لازىم بولىدىغان ماددىي مەنبە مەسىلىسى ئىدى. 1920 ـ يىلى، ئورتا ئاسىيا مۇسۇلمانلار مىللىي ئاۋام ئىنقىلاۋىي جەمىيىتى دىگەن تەشكىلات قۇرۇلغان ۋاقىتلاردا، جەمىيەت مەركەزى مۇستاپا چوقاي ئوغلىنى ياۋرۇپادا تۇرۇشلۇق ۋەكىل دەپ تونۇپ، بۇخارا جۇمھۇرىيىتى غەزىنىسىدىن 20 قاداق (بىر قاداق تەخمىنەن 400 گرام كېلىدىغان بىر خىل ئېغىرلىق ئۆلچىمى. شۇ بويىچە ئالغاندا ئىئەرتىلگەن ئالتۇن جەمئىي 8 كىلوگرام ئەتراپىدا ئىكەنلىكى مەلۇم. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) بۇخارا ئالتۇنى ئىئەرتىش قارار قىلىنغان ئىدى. كېيىنچە بۇ ئالتۇنلارنى ئىتتىھاتچىلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئىختىلالئىي ئىسلام جەمىيىتىنىڭ بېرلىن شۆبىسى ۋاستىچىلىقى ئارقىلىق مۇستاپا چوقاي ئوغلىغا يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن، 1922 ـ يىلى 3 ـ ئايدا كابۇلدا تۇرۇشلۇق ئىتتىھاتچىلاردىن بەدرى ئەپەندىگە تاپشۇرۇلغان ئىدى. ئەپسۇسكى، بەدرى ئەپەندى

1923 ـ يىلىسى كابولدا ۋاپات بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۈنىگغا تاپشۇرۇلغان ئالتۇنلار پارىژغا ئۆەرتىلمەي قالىدۇ. ئەنۋەر پاشانىڭ ئىنىسى نۇرى پاشا بۇ ئالتۇن پۇللار ھەققىدە خەۋىرىم يوق دېگىنىدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە، ئۇ ئالتۇنلار ئافغانىستان ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ۋاستىسى ئارقىلىق ئۆەرتىلىش پىلانلانغان بولسىمۇ، جامال پاشانىڭ ئافغانىستاندىن ئايرىلىشى ھەمدە بەدرى ئەپەندىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئافغانىستان ھۆكۈمىتى بۇ ئالتۇنلارنى مۇسادىرە قىلىۋالغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. زەكى ۋەلىدىي بىلەن مۇستاپا چوقاي ئوغلى ئىككىسى، بۇ ئىشنى ئافغانىستاننىڭ پارىژدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى مەخمۇتخان تارزىغا ئوختۇرۇپ، ئافغانىستان ھۆكۈمىتىدىن بۇ ئالتۇنلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشلىرى نەتىجىسىز قالىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي مەخمۇتخان تارزىمۇ پارىژدىن ئايرىلىدۇ. نەتىجىدە بۇ پۇللاردىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزۈلىدۇ. بۇ جەرياندا زەكى ۋەلىدىي، ئەنگلىيە ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشقا تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، ئۇلاردىنمۇ ھېچقانداق بىر جاۋاپقا ئېرىشەلمەيدۇ.

بۇ جەرياندا قۇرۇلتاي تەييارلىقلىرىمۇ داۋام قىلماقتا ئىدى. پۈتۈن ياز بويىچە ئافغانىستان، ئىران ۋە تۈركىيە قاتارلىق ئەللەرگە تارقىلىپ كەتكەن كونا ئەزالار ئوتتۇرىسىدا بۇ قۇرۇلتايغا مۇناسىۋەتلىك خەت ئالاقىلار بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ 1924 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىسى ئەخمەت زەكى ۋەلىدىي، مۇستاپا چوقاي ئوغلى، ئابدۇلۋاھاپ مۇرادىي، تاھىر شاكىرزادە، ئەزىمبەك بېرىمجان ۋە پەتخۇلقادىر (ئابدۇلقادىر) سۇلايمان ئوغلى قاتارلىق كىشلەرنىڭ قاتنىششى بىلەن ئورتا ئاسىيا مۇسۇلمانلار مىللىي ئاۋام ئىنقىلاۋىي جەمىيىتى ئىتتىھادىنىڭ تۈركىستان سىرتىدىكى تۇنجى قېتىملىق رەسمى قۇرۇلتيى چاقىرىلىدۇ (زەكى ۋەلىدىي توغان «ئەسلىمىلەر» ناملىق كىتاۋىدا بۇ قۇرۇلتايغا چوقاي ئوغلىنىڭ پارىژدىن، باشقىرتلاردىن مىرالاي ئالىمجان تاغاننىڭ بۇداپىشتىن كېلىپ قاتناشقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا قەسەم بېرىپ بۇ جەمىيەتكە ئەزا بولغانلىقىنى يازغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە جەمىيەت پىروگراممىسىدا مۇستەقىللىق ماددىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، چوقاي ئوغلى بۇ جەمىيەتكە قاتنىششتا ئىككىلىنىپ قالغانلىقى بايان قىلىنماقتا. يەنە شۇ يەردە مىللىي بايراقنىڭ سەمەرقەنتتە قوبۇل قىلىنغان شەكلىنى ساقلاپ قېلىش قارار قىلىنغانلىقى، مۇشتەرەك ــ ئورتاق ــ ئانا تىلى مەسىلىسىمۇ مۇزاكىرە قىلىنغانلىقى، بۇ ھەقتىمۇ قارار قوبۇل قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغان. زەكى ۋەلىدى كىتاۋىدا بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە توختىلىش بىلەن بىرگە، كىتاپنىڭ ئاخىرىسىغا قوشۇمچە قىلىپ بېرىلگەن ئەسلى ئارگىنال ھۆججەتلەر بىلەن ئۇلارنىڭ تەرجىمىلىرى ئىلاۋە قىلىنغان يىغىن خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، بەلكىم خاتا خاتىرلىۋالغانلىقىدىن بولسا كېرەك، بۇ 4 مەسىلە ھەققىدە توغرا مەلۇمات بەرمىگەنلىكى ئېنىق. بىرىنچىسى، 1924 ـ

يىلقى بېرلىن قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىن خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، ئالىمجان تاغانىنىڭ ئىسمىنى بۇ قۇرۇلتايغا قاتناشقانلار ئىچىدە ئۇچرىتالمايمىز. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا مەيلى ت ب م ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى خەت ئالاقىلىرىدا، مەيلى ت ب م قارارلىرى ئارىسىدا ئالىمجان تاغانىنىڭ ت ب م ئەزاسى بوغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ھېچقانداق بىر ھۆججەت يوق. ئىككىنچىسى، يىغىن خاتىرىلىرىگە قارىغاندا بېرلىن قۇرۇلتىيىدا ئەدەبىي تىل مەسىلىسى ھەققىدە ھەرقانداق بىر قارار قوبۇل قىلىنمىغان. ئۈچىنچىسى، زەكى ۋەلىدىي توغان بۇ قۇرۇلتايدا سەمەرقەنتتە قوبۇل قىلىنغان بايراق قىلچە ئۆزگەرتمەي قوبۇل قىلىنغانلىقىنى يازىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە «ئەسلىمىلەر» دېگەن كىتاۋىنىڭ 383-بېتىدە تۈركىستان بايرىغى ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىرگە مۇنەۋەر قارى ۋە جانئۇزاق ئوغلى قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن بىر ھەيئەت تەرىپىدىن تەپسىلى بىر شەكىلدە تەييارلانغانلىقى، ھەتتا بايراقنىڭ قوبۇل قىلىنغان كۈننى مىللىي بايرام كۈنى قىلىپ بەلگىلەش ئارزۇلىرى ئۈستىدىمۇ توختالغان. ئەمما بۇلارغا قارىماي، بېرلىن قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىن خاتىرىسى ھەققىدە توختالغانلارغا قارىغاندا بۆگۈنگىچە بىرەر بايراق بولۇپ باقمىغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ، بېرلىندىكى گۇرۇپپا تەرىپىدىن بىر لايىھە تەييارلىنىپ ئەزالارغا ئەۋەرتىلىش قارار قىلىنغان. ھەقىقەتەنمۇ 1927-يىلى، ت ب م ئىستانبۇل قۇرۇلتىيى قارارلىرىنىڭ بىرسىدە، توغانىنىڭ سەمەرقەنتتە تەييارلىنىپ تەستىقلانغان دەپ ئېيتقان بايراق پاسونى بويىچە قوبۇل قىلىنىشى بايان قىلىنماقتا. قوبۇل قىلىنغان بايراقنىڭ رەسمى كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان «يېڭى تۈركىستان» ژورنىلىدا ئېلان قىلىنغان ئىدى. بۇلاردىن قارىغاندا، توغانىنىڭ «بۈگۈنكى تۈرك ئېلى ۋە تۈركىستان» دېگەن كىتاۋى بىلەن «ئەسلىمىلەر» دېگەن كىتاۋىدا توختىلىپ ئۆتكەن بايراقنىڭ سەمەرقەنت قۇرۇلتىيىدا قوبۇل قىلىنغانلىقى ھەققىدە ئېيتقانلىرى ئەسلى ئارگىنال ھۆججەتتە دېيىلگەنلەر بىلەن ئوخشىماي قالغان. تۆتىنچىسى، 1924-يىلقى بېرلىن قۇرۇلتىيى خاتىرىلىرىدە بارلىق ئەزالار باشقىدىن قەسەم قىلدۇرۇلۇپ، بىر ھىساپتا ئەزالىق قەسەم يېڭىلىغانلىقى ئېنىق. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، يالغۇز مۇستاپا چوقاي ئوغلىلا قەسەم قىلغان بولۇپ قالماي، ھەممە ئەزالار قەسەم قىلىشقان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، زەكى ۋەلىدىي چوقاي ئوغلىنىڭ تۈركىستان ئازاتلىق جەمىيىتىگە ئەزا بولۇشىنى خالىمىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ، ئۇنى مەجبورى شەكىلدە ماقۇل كەلتۈرۈلگەنلىكىنى يازىدۇ. بۇ ھەقتىمۇ ۋەقەلىك توغرا بايان قىلىنمىغان. توغانىنىڭ ئۆزى بىۋاستە ھالدا، «ئەسلىمىلەر» دېگەن كىتاۋىدا ئافغانىستاندىكى ۋاقىتلىرىدا ت ب م ئەزالىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن يىغىنلاردا مۇستاپا چوقاي ئوغلىنى بۇ تەشكىلاتنىڭ ياۋرۇپا ۋاكالەتچىسى قىلىپ تەيىنلەشكەنلىگىنى بايان قىلماقتا. ئافغانىستاندىكى يىغىن 1923-يىلىنىڭ 26-ئىيول كۈنىسى، يەنى بېرلىن يىغىنىدىن تەخمىنەن 17 ئاي

ئاۋال ئېچىلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن چوقاي ئوغلىغا ئەۋەرتكەن خەتلىرىدە ئۇنىڭ بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ھەققىدە قىلچىلىكمۇ بىر ئىشارەت بەرمىگەنلا ئەمەس، ھەتتا بۇنىڭ ئەكسىچە تەشكىلاتنىڭ ياۋروپا ۋاكالەتچىسى سۈپىتىدە پائالىيەت قىلىپ كەلگەنلىكىنى تەستىقلايدىغان خەتلەرمۇ ساقلىنىپ قالغان ئىدى. بۇ پاكىتلارنى بىر يەرگە كەلتۈرگىنىمىزدە، زەكى ۋەلىدىنىڭ بۇ ھەقتە شەخسى ھىسسىياتىغا بېرىلىپ مۇھاكىمە قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

قۇرۇلتايدا ئاۋال تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ھەققىدە مۇزاكىرە قىلىنىپ، پىكىر بىرلىگى بولماسلىق ئەھۋاللىرىنىڭ خېلىلا ئېغىر ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقى، جەمىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەزالار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت باغلاش ئىشلىرىنىڭ يېتەرلىك بولمايۋاتقانلىقى، ماددىي ۋە سىياسىي شەرت-شارائىتلارنىڭ مۇۋاپىق بولمايۋاتقانلىقى قاتارىدىكى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. قۇرۇلتايدا يەنە بۇ خىل تارقاق ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ كەتكەن رۇسىيە بولشېۋىكلىرىنىڭ ئۆز ھاكىمىيەتلىرىنى كۈچەيتىۋېلىپ تۈركىستاننى پارچىلاش سىياسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشكەنلىكلىرى كۆرۈلمەكتە دەپ قارىشىدۇ. بۇنداق بىر ۋەزىيەت ئاستىدا كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك ئاساسىي پىرىنسىپلار قوبۇل قىلىنىدۇ:

بولشېۋىكلار مەيلى مەۋجۇت بولسۇن ياكى بولمىسۇن، جەمىيەت داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشى شەرت. 1921-يىلىسى بۇخارا قۇرۇلتىيىدا قوبۇل قىلىنغان نىزامنامە ئۆزپېتى قوبۇل قىلىنىدۇ.

بۇ جەمىيەتكە بۇرۇنقى قۇرۇلتايلاردا «ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلار ئاۋام جەمىيەتلىرى ئىتتىھادى» دەپ نام بېرىلگەن ئىدى. ئەمما بولشېۋىكلارنىڭ تۈركىستاننى سۇنئىي جۇمھۇرىيەتلەر پەيدا قىلىپ بۆلۈۋېتىش سىياسىتى سەۋەبىدىن "تۈركىستان" سۆزىنىڭ ئەھمىيىتى تېخىمۇ مۇھىم ھالغا كەلمەكتە. ... بۇ تېرمىن پات يېقىندا پانتۈركىسىزم، پانئىسلامىزم دېگەن سۆزلەردەك چەكلەنگەن ئاتالغۇغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇقەررەر. ئەنە شۇ سەۋەپتىن جەمىيەتنىڭ نامى ئىچىدە "تۈركىستان" ئاتالغۇسىنىڭ بولىشى زۆرۈر ھالغا كەلمەكتە. نەتىجىدە جەمىيەتنىڭ ئىسمى «تۈركىستان ئازاتلىق جەمىيىتى» دەپ ئۆزگەرتىلدى. جەمىيەتنى ھەرقايسى رايونلار بويىچە ئاتاشتا «تۈركىستان ئازاتلىق جەمىيىتى» نىڭ ئۆزبەكىستان كومىتېتى، قازاقىستان كومىتېتى دېگەندەك قوشۇمچىلار بىلەن ئاتاش قوبۇل قىلىنىدۇ. ... باشقىردىستان جوغراپىيىلىك جەھەتتىن يىراقتا قالغاندەك قىلغىنى بىلەن، ئىقتىسادىي

مۇناسىۋەت جەھەتتىن ئالغاندا تۈركىستان تەۋەسىدە ھېساپلىنىدۇ. ... تولۇق مۇستەقىللىقىمىزنى قولغا كەلتۈرگىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە بۇ جەمىيەت يوشۇرۇن پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. ... جەمىيەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلغان ئەزالار تازىلىنىدۇ. ... بېرلىندىكى ئەزالار قەسەم قىلىشقان بولۇپ، يېڭى ئەزالارنىڭمۇ قەسەم بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

تۈركىستان ئۈچۈن مىللىي بايراق تەييارلىنىدۇ.

جەمىيەت رەئىسى ئەخمەت زەكى ۋەلىدىي ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەرگىنىگە قارىماي، جەمىيەت ئەزالىرى ئۇنىڭ ئىستىپاسىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

قۇرۇلتايدا، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قايتىدىن سايلاپ چىقىلغان. قوبۇل قىلىنغان قارارلارغا ئاساسەن تۈركىستان ئازاتلىق جەمىيىتىنىڭ چەتئەلدىكى مەركەزى كومىتېتى ئەخمەت زەكى ۋەلىدىي، مۇستاپا چوقاي ئوغلى، ئابدۇلخەمىت ئارۇپ، سەدىردىنخان ۋە مىيان بۇزرۇك قاتارلىق 5 كىشىدىن تەشكىل تاپقان. جەمىيەت رەئىسلىكىگە زەكى ۋەلىدى تەيىنلەنگەن بولۇپ، مۇئاۋىن رەئىسلىككە مۇستاپا چوقاي ئوغلى قويۇلغان. جەمىيەتنىڭ مەشھەت (ئىران) تىكى شۆبىسىگە ئابدۇلخەمىت ئارۇپ، مۇپتى سەدىرىنخان ۋە تۇراپ بەگ ئىككىسى مەسئۇل قىلىنغان. ئىستانبۇل شۆبىسىگە مىيان بۇزرۇك بىلەن مۇھەممەتجانلار مەسئۇل قىلىنغان. ئەخمەت زەكى ۋەلىدىي، تاھىر شاكىر، ئابدۇلۋاھاپ مۇرادىي، ئەخمەتجان ئىبراھىم ۋە ئەزىمبەك بېرىمجانلار بولسا گېرمانىيە شۆبىسىنىڭ 5 كىشىلىك ئىجرائىيە ھەيئىتىنى تەشكىل قىلغان. بېرلىن شەھىرىنىڭ سىرتىدا ئوقۇۋاتقان تاھىر شاكىر يىغىنغا قاتنىشالمىغان ئەھۋاللاردا، ئۇنىڭغا پەتخۇلقادىر سۇلايمان ئوغلى (ئابدۇقادىر ئىنان) ۋاكالەتلىك قىلىدىغان بولغان.

(رەسىم ئورنى)

تۈركىستان ئازاتلىق جەمىيىتى بېرلىن شۆبىسىنىڭ ئەزالىرى

ئولتۇرغانلار (سولدىن ئوڭغا): ئابدۇلۋاھاپ مۇرادىي، مۇستاپا چوقاي ئوغلى، ئەخمەتجان ئىبراھىم (ئوقاي). ئۆرە تۇرغانلار: سابىر تۈركىستانلى، ئابدۇلۋاھاپ ئىسھاق ئوغلى (ئوقتاي)، تاھىر شاكىر (چاغاتاي)، ئەزىمبەك بېرىمجان بېرلىن، 1925 ـ يىلى (ئەھەت ئەنجان ئارخىۋىدىن)

بۇ قۇرۇلتاي، چەتئەلدە چاقىرىلغان تۇنجى قېتىملىق قۇرۇلتاي بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىر قۇرۇلتاي ھېساپلىنىدۇ. بۇ

قىتمىلىق قۇرۇلتايدا قوبۇل قىلىنغان قارارلارغا دىققەت قىلغىنىمىزدا، بولشېۋىكلارنىڭ ئۆزبەك، قازاق، تۈركمەن، قىرغىز دېگەندەك تۈرك قەۋىملىرىدىن مىللەت يارىتىش سىياستىنى تا شۇ يىللاردىلا تۈركىستانلىق زىيالىيلار ئېنىق تونۇپ يېتەلىگەنلىگىنى كۆرىۋېلىش مۇمكىن. زەكى ۋەلىدىي توغان كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىدە، ئەرك پىرقىسىنىڭ چەتئەلدە تۇرىۋاتقان 22 ئەزاسىنىڭ ماقۇللىغىنى ئالغاندىن كېيىن بۇ يىغىنغا قاتناشقانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. يەنە توغاننىڭ يازغانلىرىدىن قارىغاندا، مۇستاپا چوقاي ئوغلى بىلەن بىرگە يەنە بىر قىسىم ئەزالار تەرەققىيپەرۋەر جەدىتچىلار پىرقىسىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشقان دەپ كۆرسىتىلگەن. خۇلاسىلىغاندا، زەكى ۋەلىدىي، تۈركىستان تەۋەسىدە ھەرخىل پارتىيىلەرنىڭ قاتنىشىشى ئارقىلىق تەشكىللەنگەن جەمىيەت تەشكىلى تۈزۈلىشىنىڭ چەتئەللەردىمۇ شۇ بويىچە ئۆزگەرتىلمەي ساقلاپ قېلىنغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

بېرلىن قۇرۇلتىيى بىلەن بىرگە تۈركىستانلىق تەشكىلاتچىلار ياۋروپادا پائالىيەت قىلىۋاتقان بولشېۋىكلارغا قارشى گورۇپپىلار بىلەنمۇ قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا باشلىغان. ياۋروپا مەتبۇئاتلىرىدا تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەر بىلەن مۇھاكىمىلارنى ئېلان قىلدۇرالىشى ئۇچۇن پۈتۈن غەيرىتىنى سەرىپ قىلىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. قۇرۇلتاي چاقىرىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، تۈركىستان ئازاتلىق جەمىيتى رەھبەرلىك گورۇپپىسى ئىچىدە بوھران پەيدا قىلغىدەك دەرىجىدە بىر ھادىسە يۈز بېرىدۇ. رۇسىيىدىكى كوممۇنىزم پىرىنسىپلىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئىجرائەتلىرىگە قوشۇلمايدىغان سوتسىيالىست پارتىيىلەر، 1924-يىلىنىڭ 24~25-دىكابىر كۈنلىرىدە، گېرمانىيىدە خەلقارالىق بىر قۇرۇلتاي چاقىرىشقان ئىدى. ئېس-ئار (سوتسىيال رېۋېلوتسىيە) ھەرىكىتىنىڭ سابىق لىدېرى چېرنوۋ، تۈركىستان ۋەكىلى سۈپىتىدە زەكى ۋەلىدىنى بۇ قۇرۇلتايغا تەكلىپ قىلىدۇ. يىغىنغا قاتناشقان زەكى ۋەلىدىي، «بولشېۋىزمدىن سوتسىيالىزىمغىچە» دېگەن تېمىدا بىر دوكلات سۇنىدۇ. بۇ ئىش، تۈركىستان ئازاتلىق جەمىيتىنىڭ ئىككى نەپەر مۇھىم ئەزاسى ئوتتۇرىسىدا ئېغىر زىدىيەت پەيدا بولىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. مۇستاپا چوقاي ئوغلى، جەمىيەت ئەزالىرى بۇنداق بىر قۇرۇلتايغا سوتسىيالىست نامى بىلەن قاتناشماسلىقى ھەمدە تۈركىستانغا ۋەكىللىك قىلماسلىقى كېرەك ئىدى دەپ قارايدۇ. شۇ كۈنگە كەلگىچە موتىدىل سوتسىيالىستلار بىلەن بىرگە پائالىيەت قىلىپ كەلگەن تېخىمۇ دېموكراتچى ھېساپلىنىدىغان چوقاي ئوغلى ئۇچۇن ئالغاندا، ئىنقىلاۋىي خاراكتىرگە ئىگە سوتسىيالىستچە كۆزقاراش قوبۇل قىلىشقا بولمايدىغان بىر ئىدىيە ھېساپلىناتتى. بۇ تۈردىكى تەنقىتكە قارىتا زەكى ۋەلىدىي "مەن بۇ يىغىندا دوكلاتىمنى جەمىيەت ۋەكىلى سۈپىتىدە ئەمەس، ئەرك پارتىيە ئەزاسى سۈپىتىم بىلەن سۇندۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە جەمىيەتنىڭ 7 ماددىلىق ئورتاق كۆزقاراشلىرىدىن باشقا مەسىلىلەر ئۈستىدە ھەر قايسى پارتىيىنىڭ ئەزالىرى ئۆز پارتىيىسىنىڭ پروگراممىسىغا ئاساسەن ھەرىكەت

قىلىش ئىختىيارىغا ئىگە“ دىگەن بەلگىلىمىسى بويىچە ئۆزىنى ئاقلاش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىككى لىدېر ئوتتۇرىسىدىكى بۇ زىدىيەت باشقا ئەزالارنىڭ سالا قىلىشى بىلەن بېسىققان بولسىمۇ، بۇ زىدىيەت شۇنىڭ بىلەنلا تۈگەپ كەتمەي كېيىنكى ۋاقىتلاردا باشقا باھانە ـ سەۋەپلەر بىلەن يەنە قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرىدۇ.

1925 ـ يىلىدا، تۈركىيىدىكى مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىرىدىن بىرى بولغان مائارىپ مىنىستىرى ھەمدۇللا سۇپھى تەڭرى ئۆۋەر، ياۋرۇپادا تۇرىۋاتقان تۈركىيە تۈركلىرىدىن باشقا تۈرك قەۋىم لىدەرلىرىنى تۈركىيىگە يىغىش ئۈچۈن پائالىيەت قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە سادرى مەقسۇدى ئارسال، ئاياز ئىسھاقىي، پۇئات توقتار ۋە ئابدۇللا باتتال تايماس قاتارلىقى كىشلەر تۈركىيىگە بېرىۋالىدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا ياۋرۇپادا تۇرىۋاتقان دوكتور رىزا نۇرنىڭ تۈركىيىگە قايتىپ كېتىشىدىن كېيىن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىدە، زەكى ۋەلىدىي توغان بىلەن پەتخۇلقادىر سۇلايمانمۇ تۈركىيە مائارىپ مىنىستىرلىگى تەرىپىدىن تۈركىيىگە تەكلىپ قىلىنغان ئىدى. بۇ ئىشلاردىن كېيىن ياۋرۇپادا تۇرىۋاتقان تۈركستان ئازاتلىق جەمىيىتىنىڭ ئەزالىرى، 1925 ـ يىلى 9 ـ مايدا قايتىدىن بېرلىندا يىغىلىدۇ. بۇ يىغىندا جەمىيەت مەركىزىنى ئىستانبۇلغا يۆتكەش، مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ ياۋرۇپادا تۇرۇشلۇق ۋاكالەتچىلىك ۋەزىپىسىدە تۇرىۋېرىشى، ئەگەر ئۇ ماددىي ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەلىگىنىدە تۈركىيىدە بىر نەشرىيات ئەپكارى قۇرۇپ چىقىش دىگەندەك قارارلار قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ ئىشلاردىن كېيىن تۈركستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ سىياسىي ئېغىرلىق مەركىزى ئاساسەن ئالغاندا تۈركىيىگە كۆچۈرۈلگەن بولدى.

# مۇستەملىكە مىللەتلەر بىرلىكسېپى:

## پرومېتې

پرومېتې بىرلىكسېپىنى تەشكىل قىلغان بۇگۇرۇپپىلارنىڭ ھېچقايسىسى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى ئۆز ئالدىغا كۈرەش قىلالىغىدەك كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ بىرلىكسەپ، ماھىيەتتە ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ـــ تاھىر شاكىر (چاغاتاي)

# پرومېتې ھەرىكىتىنىڭ مەنبەلىرى

پرومېتېئۇس — يونان رىۋايەتلىرىدىكى بىر ئوت خۇداسىدۇر. رىۋايەتتە، پرومېتېئۇس، زېئۇسنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئىنسانلارغا ئوتنى ئېلىپ كەلگەن، شۇ ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە ئىلغارلىقنىمۇ ئېلىپ كەلگەنمىش. ئەمما زېئۇس بۇنىڭدىن ئىنتايىن قورقۇنۇشلۇق بىر شەكىلدە ئىنتىقام ئالىدىكەنمىش. زېئۇس، پرومېتېئۇسنى بىر تاغ چوققىسىغا زىنجىرلەپ باغلىۋېتىدىكەن. ئاندىن زېئۇس تەرىپىدىن پرومېتېئۇسنى جازالاشقا ئەۋەرتىلگەن بىر بۈركۈت ھەر كۈنى كۈن چىقىشتىن كۈن پاتقىچە پرمېتېئۇسنىڭ قۇرسىغىنى چوقۇلاپ تىشىپ جىگىرىنى چىقىرىپ يەپ تۈگىتىدىكەن. قاراڭغۇ چۈشكەندىن تارتىپ ئەتىگەن كۈن چىققىچە بولغان ئارىلىقتا پرومېتېئۇسنىڭ جىگىرى قايتىدىن ئەسلىگە كىلىپ ساقىيىپ قالىدىكەن. ئەتىسى سەھەردە ھېلىقى بۈركۈت يەنە ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ قۇرسىغىنى قايتىدىن تىشىپ بېغىرىنى يېيىشكە باشلايدىكەن. بۇ ئىش شۇنداق داۋاملىشىۋەرمىش.

تۆت ئەتراپى كۈچلۈك قوشنا ئەللەر بىلەن قورشالغان لېخستان (ئوسمانلار دۆلىتى دەۋرى بىلەن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا، تۈركىيىلىكلەر پولشانى لېخستان دەپ ئاتايتتى. — ئا.ھ. ئىزاھاتى) مۇ خۇددى پرومېتېئۇسقا ئوخشاش تارىختىن بېرى كۈچلۈك خوشنىلىرى تەرىپىدىن نەچچە قېتىملاپ بۆلۈشۈېلىنغان بولۇپ، ھەر قېتىم يەنە قايتىدىن مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈپ كەلگەن ئىدى. 20 ـ ئەسىرگە كىرگەن دەۋرلەردىمۇ پولشا تېررىتورىيىسى يەنە بىر قېتىم رۇسىيە، پرۇسىيە ۋە ئاۋستىرو ـ ۋېنگىر ئىمپېرىيىلىرى تەرىپىدىن بولىشىۋېلىنغان ئەھۋالدا ئىدى. ئەڭ ئاخىرقى قېتىم، 1864 ـ يىلىسى پولشانىڭ رۇسىيە ھۆكمرانلىقى ئاستىدا قالغان تەرىپىدە پارتىلىغان قوزغىلاڭ قانلىق باستۇرىۋېتىلىپ، رۇسىيە بىلەن پرۇسىيە ئىشغال قىلىۋالغان جايلاردا ئېغىر دەرىجىدە ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشكە كىرىشكەن ئىدى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئاۋۇسترو ـ ۋېنگىر ئىمپېرىيىسىنىڭ قولىدا قالغان گالىچىيە رايونى نىسپى ھالدا مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، بۇ قىسمىدىكى پولەكلەر ئۆز مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قېلىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرەلىگەن ئىدى. 1900 ـ يىللىرىغا كەلگىنىدە، رۇسىيەدە ھەرخىل پارتىيىلەرنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشىغا ئەگىشىپ پولشادىمۇ بىرمۇنچە مىللىي پارتىيىلەر قۇرۇلغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى. بۇ پارتىيىلەر ئىچىدە رومان دموۋسكى يېتەكچىلىگىدىكى مىللىي دېموكراتلار پارتىيىسى، جوسېف پىلسۇدسكى رەھبەرلىگىدىكى پولشا سوتسيال پارتىيىسى ۋە سوتسيال دېموكراتلار پارتىيىسى قاتارىدىكى پارتىيىلەر ئەڭ مۇھىم پارتىيىلەر

ھساپلىناتتى. جوسېف پىلسۇدسكىنىڭ سوتسىيال پارتىيىسى، پروگراممىسى بويىچە ئالغاندا ئەڭ رادىكال تەرەپكە مەنسۇپ پارتىيە بولۇپ، شەرتسىز مۇستەقىللىق تەلىۋىدە قەتئىي چىڭ تۇراتتى.

پىلسۇدسكى، رۇسىيە ئىمپېرىيىسى پارچىلانماي تۇرۇپ پولشانىڭ ھەقىقىي مۇستەقىللىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولمايدۇ دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ بۇ قارىشى رۇسىيە ـ ياپونىيە ئۇرۇشى پارتلاشتىن بۇرۇنلا، ياپونىيە ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرغان بىر پارچە ۋەزىيەت تونۇشتۇرۇش دوكلاتىدا ئوتتۇرغا قويۇلغان ئىدى. پىلسۇدسكى، 1904 ـ يىلى 13 ـ ئىيول كۈنى ياپون ھۆكۈمىتىگە سۇنۇلغان بۇ دوكلاتتا رۇسىيىنىڭ پارچىلىنىشى ئۈچۈن چاررۇسىيىنىڭ قول ئاستىدىكى ئۇرۇستىن باشقا مىللەتلەر بىلەن، ھەمدە ئوسمانلار تۈركلىرى بىلەن ھەمكارلىشىش شەرت دېگەن قاراشنى تەكىتلەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ دوكلاتتا ئوتتۇرغا قويغان تەلەپلىرى ياپونىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىغانلىقىغا قارىماي، بۇ دوكلاتقا ئاساسەن، پىلسۇدسكى پرومېتېچىلىك ھەرىكىتىنى باشلاتقان كىشى دەپ قارالماقتا.

پىلسۇدسكى، تۈركىيە ـ پولشا ھەمكارلىقى مەسىلىسىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن ئىدى. 1912~1913 ـ يىللىرى ئارىسىدا كراكوۋدا پولشا ـ تۈركىيە دوستلۇق جەمىيىتى دېگەن بىر جەمىيەت قۇرۇلغان ئىدى. بۇ جەمىيەتنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئارىسىدا، كېيىنكى ۋاقىتلاردا پولشا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە تەيىنلىنىدىغان شەرق مىللەتلەر مۇتەخەسسىسى لېئون ۋاسىلېۋسكى بىلەن پىلسۇدسكىنىڭ يېقىن سەبدىشى مىخايىل سوكولنىسكىمۇ بار ئىدى. پىلسۇدسكى، 1916 ـ يىلىسى بۇداپېشتتىكى تۈركىيە كونسۇلخانىسى ۋاستىسى ئارقىلىق ئوسمانلار ھۆكۈمىتىگە بىر پارچە ۋەزىيەت تونۇشتۇرۇش دوكلاتى سۇنىدۇ. پىلسۇدسكى بۇ دوكلاتتا پولشا، ۋېنگىرىيە، بولغارىيە ۋە ئوسمانلار دۆلەتلىرىنىڭ رۇسىيىگە قارشى بىر ئىتتىپاق تەشكىللەپ چىقىشى ھەققىدە تەكلىپ بېرىدۇ. ئەگەر بۇنداق بىر ئىتتىپاق قۇرالىغىنىدا ۋىستۇل دەرياسى بويىدىن تارتىپ تا سۈۋەيش قانىلىغىچە سوزۇلغان بىر فرونت بارلىققا كەلگەن بولاتتى. پىلسۇدسكىنىڭ تۈركىيىگە بولغان قىزىقىشى كېيىنكى يىللاردىمۇ داۋام قىلىپ، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېڭى رەھبەرلىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش يوللىرىنى ئىزدىنىشكە كىرىشىدۇ. دىگەندەك، 1922 ـ يىلقى لوزان سۆھبىتى دەۋرىدە، پودپولكوۋنىك تادېئۇسز شايتزېل يېتەكچىلىگىدىكى بىر پولشا ئۆمىگىنى تۈركىيە ئۆمەك باشلىقى ئىسمەت ئىنۆنۈ بىلەن يوشۇرۇن سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن شىۋىتسارىيىگە ئەۋەتكەن ئىدى.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى، پولشانى ئاۋۇستىرىيە بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرسىدىكى ئۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئەگە قىلىۋەتكەن ئىدى. پولەك ئەسكەرلىرىدىن بىر پىدائىي قىسىم تەشكىللىگەن پىلسۇدسكى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئاۋۇستىرىيە سېپىدە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، پولشا مىللىي كومىتېتىنى قۇرغۇچى

دموۋسكى بىلەن ئۇنىڭ پارتىيىسى رۇسىيە تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقان ئىدى. ئۇرۇشنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا چاررۇسىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان تەرەپنىڭ كۈچىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە گېرمانىيە بىلەن ئاۋۇسترو-ۋېنگىر ئىتتىپاقى ئىشغال قىلىپ تۇرىۋاتقان پولشا قىسمىدا بىر پولشا خانلىقى قۇرۇلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. پولشادا مۇستەقىل بىر جۇمھۇرىيەت قۇرۇپ چىقىش غايىسى بويىچە ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەن پىلسۇدسكىنى بۇنداق بىر دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى رازى قىلالمايتتى. شۇنىڭغا قارىماي، پىلسۇدسكى يەنىلا قۇرۇلغان بۇ ۋاقىتلىق دۆلەت ئورگىنىدا ھەربىي ئىشلار مەسئۇللىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا ماقۇل بولىدۇ. بۇ ئىش، پىلسۇدسكىغا گېرمانىيە ياردىمىگە تايىنىپ ئۆزىنىڭ قۇراللىق قوشۇنىنى تەشكىللەش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ.

بۇ ئارىدا، رۇسىيەدە پارتىلىغان بولشېۋىك ئىنقىلاۋى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن رۇسىيىنىڭ ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقىشى، مەۋجۇت كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنىڭ يەنە بىر قېتىم بۇزۇلۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. رۇسىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىشى گېرمانىيىنى شەرقىي ئۇرۇش سېپىدە خاتىرجەم ھالغا كەلتۈرۈپ، پولشاغا تۇتقان سىياسىتىدە پۈتۈنلەي باشقىچە بىر سىياسەت يۈرگۈزۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. پولشا قۇراللىق قىسىملىرىنىڭ تىزگىنىنى قايتىدىن ئۆز قولىدا بولىشنى تەلەپ قىلغان نېمىسلار، پىلسۇدسكىنىڭ قاتتىق تىركىشىشىگە دۇچ كېلىدۇ. گېرمانىيە دائىرىلىرى بۇ سەۋەپتىن پىلسۇدسكىنى قولغا ئېلىپ ۋاقىتلىق دۆلەت كومىسسىيىسىنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرىشىدۇ. ئەمما بۇ چاغدا، غەرپ ئاتانتا ئەللىرى پارىژدىكى پولشا مىللىي كومىتېتىنى رەسمى ئېتىراپ قىلىپ ئۇ يەردە بىر ۋەكىللەر كومىسسىيىسى قۇرۇپ چىقىش قارارىنى ئېلىشىدۇ. بۇنداق بىر ئەھۋالدا، گېرمانىيە ھۆكۈمىتى پىلسۇدسكىنى تۈرمىدىن بوشىتىپ قويىۋېتىشكە مەجبور بولىدۇ. پولشا ۋەكىللەر ھەيئىتىمۇ ئۇنى قايتىدىن قۇراللىق قوشۇنلىرىنىڭ رەئىسى قىلىپ تەيىنلىشىدۇ. 1918-يىلىنىڭ نويابىر ئېيى ئوتتۇرلىرىدا ۋارشاۋاغا كەلگەن پىلسۇدسكى، ئۈچ كۈندىن كېيىن دۆلەت رەئىسى بولغانلىقى ئېلان قىلىنىدۇ.

گېرمانىيە ئۇرۇشتا يېڭىلگاندىن كېيىن پولشادىكى نېمىس ھاكىمىيىتىگىمۇ خاتىمە بېرىلىدۇ. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىمزالانغان ۋېرساي تېچلىق شەرتنامىسىغا ئاساسەن، پولشا زېمىنىنىڭ يەنە بىر قىسمىنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالىدۇ. شۇنداقتىمۇ پولشانىڭ بۈرۈنقى زېمىنىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يەنىلا رۇسىيىنىڭ تىزگىنى ئاستىدا تۇرىۋاتاتتى. بۇ ئەھۋال، يەنە بىر قېتىملىق رۇسىيە-پولشا ئۇرۇشىغا سەۋەپ بولىدۇ. بۇ ئۇرۇش، پىلسۇدسكىگە رۇسىيە تەۋەسىدە ئۇرۇسلاردىن باشقا مىللەتلەر بىلەن ئورتاق بىر بىرلىكسەپ تەشكىل قىلىش شەرت دىگەن كۆزقارىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەرگەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، پىلسۇدسكى پولشا ئارمىيىسى تەركىۋىدە مۇسۇلمانلاردىن تەشكىل قىلىدىغان بىر ھەربىي قىسىم

قۇرۇپ چىقىش قارارىنى ئېلىپ دەرھال ئىجرا قىلىدۇ. پولشا ئارمىيىسى كىيېۋگە كىرگەن ۋاقىتىدا شىمالىي كاپكازىيىلىكلەر، ئەزەربەيجانلار ۋە تاتارلاردىن تەشكىل تاپقان مۇستاپا ئەخمەتوۋ قوماندانلىقى ئاستىدىكى بىر مۇسۇلمانلار پولكىمۇ كىيېۋگە بىرلىكتە كىردى. پولەكلەر بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىپ، 1921 ـ يىلىنىڭ مارت ئېيىدا رىگادا تۈزۈلگەن شەرتنامىغا ئاساسەن پولشانىڭ دۆلەت خەرىتىسى ئەڭ ئاخىرقى شەكلىنى ئالىدۇ. مۇستەقىللىقتىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن سايلامدا پىلسۇدسكى دۆلەت رەئىسلىكى ئۈچۈن نامزات بولۇشنى خالىمىغاچقا، دۆلەت مۇداپىيە باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. ئەمما 1923 ـ يىلى ھۆكۈمەتنىڭ ئىجرا قىلىۋاتقان سىياسىتىگە نارازى ئىكەنلىكىنى باھانە قىلىپ، خىزمىتىنى تاشلاپ پىنسىيىگە چىقىپ سۈلېيۈۋېككە بېرىپ ماكانلىشىدۇ.

پولشا مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىدە ئەڭ مۇھىم رول ئوينىغان مارشال پىلسۇدسكى، كېيىنكى ئىككى يۈز يىل مابەينىدە ۋەتىنىنى بىر قانچە قېتىم ئىشغال قىلىۋالغان، ئىككى قېتىم دۇنيا خەرىتىسىدىن ئۆچۈرۈۋېتىلىشىگە سەۋەب بولغان رۇسىيىنىڭ كەلگۈسىدە يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرىكەت پەيدا قىلماي قالمايدۇ دەپ قەتئىي ئىشىنەتتى. شۇ سەۋەپتىن، پىلسۇدسكى بۇنداق بىر ئېھتىماللىقتىن ساقلىنىشنىڭ پەقەت بىرلا يولى بار دەپ قارايتتى: بۇ يول، رۇسىيىنى پارچىلىۋېتىش يولى ئىدى. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن رۇسىيە ئىشغال قىلىۋالغان يەرلەردىكى مىللەتلەرنى مۇستەقىللىققا ئېرىشتۈرۈش شەرت ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، مارشال پىلسۇدسكى رۇسىيىگە مۇستەملىكە قىلىنغان مىللەتلەر مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئىشى پولشانىڭ بىۋاستە كۆڭۈل بۆلۈشىگە تېگىشلىك مۇھىم ئىش دەپ تونۇلىشى لازىم دەپ قارايتتى.

1922 ـ يىلىدىن باشلاپ ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىققان ھۆكۈمەتلەر، پىلسۇدسكىنىڭ پرومېتې لايىھەسىگە پەقەتلا كۆڭۈل بۆلمەي بىر چەتكە تاشلاپ قويۇشقان ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي پرومېتې كۆزقاراشىغا ئىشىنىدىغان بىر قىسىم دۆلەت مەسئۇللىرى، بۇ لايىھىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەتتىن يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. 1922~1926 ـ يىللىرى ئىچىدە، پودپولكوۋنىك شايتزېل، 2 ـ بيۇرو (ھەربى ئىشپىيونچىلىق ۋە جاسۇسلۇققا قارشى بۆلۈم ـــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) ئەمەلدارى كاپىتان سۇچېنېك ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىگىنىڭ شەرق ئىشلار بۆلۈمىدىن لۇكاسىيېۋىتز قاتارلىق كىشىلەر ۋاستىسىغا تايىنىپ مۇھاجىر لىدېرلەر بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىپ تۇرغان ئىدى. 1924 ـ يىلى كۈز ئايلىرىدا شايتزېل ئىستانبۇلغا ھەربى مەسلىھەتچى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. پىلسۇدسكى، شايتزېلنى سۈلېيۈۋېكتىكى ئۆيىگە چاقىرىپ، ئۇنىڭغا سوۋېتلار ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى ئۇرۇستىن باشقا مىللەتلەرنىڭ چەتئەلدە مۇستەقىللىق ئۈچۈن پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقان ۋاكالەتچىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش ئىشىنى مەخسۇس ۋەزىپە قىلىپ

تاپشۇردى. شايتزېل، ئۇكرائىنالىقلار بىلەن، گروزىيىلىكلەر بىلەن، كاپكازىيىلىكلەر بىلەن، ئەزەربەيجانلىقلار بىلەن، قىرىملىقلار بىلەن، ئىدىل-ئۇراللىقلار بىلەن ۋە تۈركىستانلىقلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىق ئارزۇسى ھەققىدىكى تەلەپلەرىنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقىنى ھەمدە بۇ جەھەتتە كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىقلىرىنى باھالاشقا كىرىشىدۇ.

# ياۋرۇپادىكى مۇساپىرلار گۇرۇپپىلىرى

1920-يىللاردا گروزىيىلىك مۇساپىرلاردىن تەشكىل تاپقان مۇھاجىرلار گۇرۇپپىسى، ياۋرۇپادىكى ئۇرۇستىن باشقا مىللەتلەردىن تەشكىل تاپقان سوۋېت مۇساپىرلىرى ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك مۇھاجىرلار گۇرۇپپىسى ھىساپلىناتتى. گروزىيىنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بېسىۋالغاندىن كېيىن، سوتسىيالىست دۆلەت رەئىسى نېئو جوردانىيا بىلەن بىرگە نۇرغۇن ساندىكى قۇرۇلتاي ۋەكىلى پارىژغا بېرىۋېلىپ، ئۇ يەردە بىر گروزىيە سەرگەردان ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ چىققان ئىدى. بۇ ھۆكۈمەت، 1930-يىلىنىڭ كىرىشكىچە بولغان ئارىلىقتا فرانسىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن، قىسقا مەزگىللىك بولسىمۇ ئەنگلىيە بىلەن بېلگىيە ھۆكۈمەتلىرى تەرىپىدىن رەسمى ئېتىراپ قىلىنغان ئىدى. شۆتسارىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى گۇيسېپ موتتا، «ژورنال دې گېنېۋې» (جەنىۋە ژورنىلى — ئۇ.ت) نىڭ باش مۇھەررىرلىرىدىن ژېئان مارتىن قاتارلىق كىشلەر گروزىيە مۇساپىرلىرىغا ياردەم قىلىپ كېلىۋاتقان ئەڭ مۇھىم كىشىلەر ئىدى. ئەينى ۋاقىتدا مىللەتلەر جەمىيىتىنىڭ بايانچىسى بولغان موتتا، گروزىيىنىڭ سۈرگۈندىكى ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقارا جامائېتى تەرىپىدىن رەسمي ئېتىراپ قىلىنىشى جەھەتلەردە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. داڭلىق مۇخبىر ھىساپلانغان ژېئان مارتىنمۇ خەلقئارالىق گروزىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. گروزىيە گۇرۇپپىسى يەنە مىللەتلەر جەمىيىتىنىڭ مەركىزى بولغان جەنىۋەدە دائىملىق ۋەكىل تۇرغۇزۇپ كەلمەكتە ئىدى. چەتئەلدىكى گروزىيە ھۆكۈمىتى، نېئو جوردانىيانى قانۇنلۇق دۆلەت رەئىسى دەپ ئېتىراپ قىلىشاتتى. جوردانىيا گۇرۇھىدىن باشقا يەنە سېپىرىدىئون كېدىئا ۋەكىللىگىدىكى گروزىيە مىللەتچى دېموكراتلار گۇرۇپپىسىمۇ بار ئىدى.

1918-يىلى، ئۇكرائىنانى ئاقلار قۇراللىق كۈچلىرى بېسىۋالغاندىن كېيىن چەتئەلگە چىقىپ كەتكەن ئۇكرائىنا لىدىرى سىمون (بەزى مەنبەلەردە سېمېن دەپ ئېلىنغان. — ئا.ھ. ئىزاھاتى) پېتلىيۇرا، كېيىن ھوقۇق تارتىپ ئالغان قىزىللارغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ باققان بولسىمۇ يېڭىلىپ قالغان ئىدى. شۇندىن كېيىن

پولشاغا ببرىۋالغان پېتلىيۇرا، مارېشال پىلسۇدسكى بىلەن بىرگە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش ھەققىدە بىر شەرتنامە ئىمزالىشىپ، پولشا بىلەن بىرلىشىپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ. پولەكلەر بىلەن بولشېۋىكلەر ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان رىگا شەرتنامىسىغا ئاساسەن ئوكرائىنا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ھاكىمىيىتى ئاستىدا قالدىغان بولغىنىدىن كېيىن، پېتلىيۇرا ئوكرائىنالىق كونا ھۆكۈمەت ئادەملىرى بىلەن بىرگە پارىژغا قېچىپ ببرىۋالغان ئىدى. پارىژغا كېلىپ ئۇكرائىنا مىللىي ھەرىكىتىنى تەشكىللەپ چىققان پېتلىيۇرا، «ترىسۇب» دېگەن بىر ژورنال نەشرى قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئەپسۇسكى، پېتلىيۇرا 1926 ـ يىلىسى ئۇكرائىنادا ئۆلتۈرۈلگەن يەھۇدىيلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدۇق دەۋالغان شالوم شاۋارتسبارد ئىسىملىك بىر يەھۇدىي پىلانلىغان بىر قېتىملىق سۇيىقەستتە ئۆلتۈرۈلىدۇ. پېتلىيۇرانىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ئۇكرائىنا مىللىي ھەرىكىتىنىڭ لىدېرلىگىنى سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى شۇلگىن ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

قىزىل ئارمىيە ئەزەربەيجاننى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئەزەربەيجان خەلق جۇمھۇرىيىتى مىللىي شۇراسى تارقىتىۋېتىلىپ، شۇرا رەئىسى مەھەممەت ئىمىن رەسۇلزادە چېكا (ئەكسىل ئىنقىلاپچىلار ۋە بۇزغۇنچى ئۇنسۇرلارغا قارشى پەۋقۇلئاددە كومىسسىيە. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ موسكۋاغا ئېلىپ كېتىلگەن ئىدى. 1922 ـ يىلىسى تۈرمىدىن قاچقان رەسۇلزادە، فىنلاندىيە ئارقىلىق تۈركىيىگە ببرىۋالىدۇ. ئۇ، تۈركىيىگە كەلگەندىن كېيىن چەتئەلگە چىقىپ كەتكەن مۇساۋاتچىلارنى بىر يەرگە يىغىپ ئەزەربەيجان مىللىي مەركىزىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە پارىژدا، ۋېرساي تېچلىق سۆھبىتىگە قاتنىششقا ئەۋەتىلگەن ئەزەربەيجان ئۆمىگىدىكى ئەلى مەردان توپچىبېشى بىلەن جەيھۇن ھاجىبەيلى قاتارلىق ئىككى نەپەر ھەيئەت ئەزاسىمۇ بار ئىدى. بۇرۇن دۇما ۋەكىلى بولغان، كېيىن يەنە ئەزەربەيجان قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن توپچىبېشى، مۇساپىرلار ئارىسىدا ئالاھىدە شۆرەتكە ئىگە بىرسى ئىدى.

بۇنىڭدەك بىر ئىش شىمالى كاپكازىيىلىكلەر ئارىسىدىمۇ يۈز بەرگەن بولۇپ، سوۋېت قۇراللىق كۈچلىرى بۇ جايلارنى ئىشغال قىلىۋالغىنىدىن كېيىن شىمالىي كاپكازىيە ھۆكۈمىتىنىڭ داڭلىق لىدېرلىرى ياۋرۇپاغا قېچىپ كېتىشكە مەجبور بولغان ئىدى. شىمالىي كاپكازىيە مۇساپىرلىرىغا «كاپكازىيە تاغلىقلار خەلق پارتىيىسى» (ك ت خ پ) ۋەكىللىك قىلماقتا ئىدى. ئاۋال «ھۆر كاپكازىيە تاغلىقلار خەلق پارتىيىسى» (نارودنايا پارتىيا ۋولنىخ گورتسېۋ كاۋكازا. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) دەپ، كېيىنچە «كاپكازىيە تاغلىقلار خەلق پارتىيىسى» (نارودنايا پارتىيا گورتسېۋ كاۋكازا. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) دەپ ئاتالغان بۇ تەشكىلات، ئۈچ كىشىلىك بىر گۇرۇپپا تەرىپىدىن باشقۇرۇلماقتا ئىدى. بۇ پارتىيىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئادىمى، داڭلىق شەيخ شامىلنىڭ نەۋرىلىرىدىن بولغان سەئىد شامىل دېگەن كىشى ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە

شىمالىي كاپكازىيىلىك سابىق مىنىستىرلاردىن بىرى بولغان ھەيدەر باماتىنىڭ ئەتىراپىغا ئۇيۇشقان يەنە بىر گۇرۇھ كىشىلەر بار بولۇپ، بۇ كىشىلەر بامات گۇرۇھى دەپ ئاتالماقتا ئىدى.

ياۋرۇپادا تۇرىۋاتقان ئىدىل ئۇرال تاتارلىرى تاتارىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت رەئىسى ئاياز ئىسھاقى يېتەكچىلىكىدە تەشكىللەنگەن ئىدى. يەنە بىر قىسىم ئىدىل ئۇراللىقلار، ياپونىيە قاتارلىق بەزى يىراق شەرق ئەللىرىگە تارقىلىپ كەتكەن ئىدى. قىرىم تاتارلىرى بولسا، تۈركىيىنى ئاساس قىلغان ھالدا رومىنىيە، لىتۋىيە ۋە پولشا قاتارىدىكى ئەللەرگە تارقالغان ئىدى. مىللىي پىرقە، قىرىم ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى جاپپار سەيىد ئەخمەت (قىرىمئەر) تەرىپىدىن قايتا تەشكىللەنگەن ئىدى.

بىرىنچى باپتا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۈركىستانلىقلار «تۈركىستان ئازاتلىق جەمىيىتى» دېگەن بىر تەشكىلات ئەتىراپىغا ئۇيۇشماقتا ئىدى. ئەخمەت زەكى ۋەلىدىي جەمىيەت رەئىسى، مۇستاپا چوقاي ئوغلى بولسا ياۋرۇپا ۋاكالەتچىسى قىلىپ تەيىنلەنگەن ئىدى. بۇ تەشكىلاتلاردىن باشقا يەنە ھەر بىر مىللەتنىڭ مۇھاجىرلىرى تەرىپىدىن قۇرۇپ چىقىلغان بىر مۇنچە تەشكىلاتلارمۇ بار ئىدى. ئەمما پرومېتې ھەرىكىتى، ئۆز ۋەتىنىدە كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە دېموكراتىك خاراكتېرگە ئىگە لىدېر ۋە گۇرۇھلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشنى ئاساس قىلىپ تەشكىللىنىشنى پىلانلىغان بىر ھەرىكەت ئىدى.

## پرومېتې تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى

پولشانىڭ سوۋېت مۇساپىرلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى پرومېتې تەشكىلاتىنىڭ رەسمى قۇرۇلغان ۋاقتىدىن خېلى بۇرۇنلا باشلانغان ئىدى. ئىستانبۇلدىكى پولشا باش ئەلچىسى ئارتۇر كنول، ھەربى ئىشلار مەسلىھەتچىسى شايتزېل ۋە دېپلومات خولوۋكو قاتارلىقلارنىڭ ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشلىرى نەتىجىسىدە، 1924-يىلى نويابىرنىڭ بېشىدا ئەزەربەيجان، گروزىيە ۋە شىمالىي كاپكازىيە مىللىي ھەرىكەت ۋەكىللىرى بىرلىشىپ كاپكازىيە مۇستەقىللىق كومىتېتىنى قۇرۇپ چىققان ئىدى. بۇ كومىتېتنىڭ ئەزالىرى ئەزەرىلەردىن رەسۇلزادە بىلەن سۇلتانوۋ، گروزىنلاردىن رامىشۋىلى، مدىۋانى ۋە ۋاچنادزې، شىمالى كاپكازىيىلىكلەردىن بولسا سەئىد شامىل، مۇرات ئەپەندى ۋە ئەلىخان قانتۆمىر قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى. بۇ ئورگاننى، كەلگۈسىدە قۇرۇلىدىغان فېدېراتسىيىلىك بىرلەشمە ئۈچۈن ئېتىلغان تۇنجى قەدەم دەپ قاراش مۇمكىن ئىدى (... تارگالسكىنىڭ كاپكازىيە ئىستىقلال كومىتېتىنىڭ قۇرغۇچىلىرى دەپ

تونۇشتۇرغان كىشىلەر بىلەن، تەشكىل قۇرۇش ھۆججىتىگە ئىمزا قويغان دەپ ھىساپلانغان كىشىلەر بىر-بىرسىگە ماس كەلمەيدۇ قالغان. قۇرغۇچىلاردىن ۋاچنادزېنىڭ كۆرسىتىشىچە، بۇ ھۆججەتنى ئەزەربەيجانلار نامىدا خۇسرەۋ سۇلتانزادە، ئا. شەيخۇلئىسلامزادە ۋە ئابدۇل ئەل ئەمرجان، گروزىيىلىكلەر نامىدا م. تسېرېتېللى، ئا. ئاسستىيانى ۋە د. ۋاچنادزې، شىمالى كاپكازلار نامىدا ۋ. كاباگى، ئا. قانتۆمىر ۋە ئا. نامىتوك قاتارلىقلار ئىمزالىغان. ... — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

كاپكازىيە مۇستەقىللىق كومىتىتى پرومېتې تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بۇ تەشكىلاتنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈنمۇ ئېتىلغان تۇنجى قەدەم ھىساپلىناتتى. ئەپسۇسكى، پرومېتې تەشكىلاتى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان ھەر تۈرلۈك پائالىيەتلەردە كاپكازىيە مۇستەقىللىق كومىتېتىنىڭ پرومېتې تەشكىلىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئويۇنغان مۇھىم رولىغا يېتەرلىك دەرىجىدە باھا بەرمىگەن ھەمدە ۋېرساي تېچلىق سۆھبىتى ئۈچۈن پارىژغا كەلگەندىن كېيىن ۋەتىنى ئىشغالىيەت ئاستىدا قالغىنى ئۈچۈن پارىژدا قېلىشقا مەجبۇر بولغان ئۆمەكلەرنىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن، ئەڭ دەسلەپ ئىستانبۇلدا مەخپى شەكىلدە قۇرۇلغان كاپكازىيە مۇستەقىللىق كومىتېتى بىر-بىرسى بىلەن ئارىلاشتۇرىۋېتىلمەكتە. ھەر خىل مەنبەلەر تەرىپىدىن ئىشلەنگەن بۇ خاتا باھالار نەتىجىسىدە، كاپكازىيە كومىتېتىنى پولەكلەر باشلامچىلىق قىلغان پرومېتې پائالىيەتلەردىن خېلى كۆپ ۋاقىت بۇرۇن، ھەمدە پرومېتېگە مۇناسىۋەتسىز ھالدا قۇرۇلغان دەيدىغان بىر تۈرلۈك تۇيغۇ بېرىپ كەلمەكتە. پرومېتې سىپىنىڭ تەشكىللىنىش جەريانىنى توغرا بىلىش ئۈچۈن، بۇ ئۆمەكلەر تەرىپىدىن قۇرۇپ چىقىلغان دائىمى كاپكازىيە بىيۇروسى بىلەن ئىستانبۇلدا مەخپى شەكىلدە قۇرۇلغان يوقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن كاپكازىيە مۇستەقىللىق كومىتېتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئېنىق بىلىنىشى لازىم.

ۋېرساي تېچلىق سۆھبىتى ئۈچۈن پارىژغا كەلگەن كاپكازىيە جۇمھۇرىيەتلەر ئۆمەكلىرى، ۋەتىنى سوۋېتلەر ئىشتىپاقى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغانلىغى سەۋەبىدىن ۋەتىنىگە قايتىپ كېتەلمەي پارىژدا تۇرۇپ قالدۇ. ئۆمەك باشلىقلىرىدىن ئەلى مەردان توپچىبىشى (ئەزەربەيجان)، ئا. ئاگورويان (ئەرمەنىيە)، ئا. چېنكېلى (گروزىيە) ۋە ئا. م. چېرموي (شىمالىي كاپكازىيە) 1921-يىلىسى يىغىلىپ يۇرتلىرىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقلىرىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ گۇرۇپپا «دائىمى كاپكازىيە ھەيئىتى» دېگەن نام بېرىلگەن ئىدى. بۇ ھەيئەتنىڭ ئەزالىرى 1924-يىلى سىنتەبىر ئېيىدا، گروزىيىدە سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەرىپىدىن باستۇرىۋېتىلگەن بىر قوزغىلاڭ ئۈچۈن نارازىلىق بىلدۈرۈش مەقسىتىدە قايتىدىن يىغىلىپ ئىككىنچى باياناتىنى ئېلان قىلدۇ. بۇ ئورگاننىڭ بىرلىشىپ ئېلىپ بارغان پائالىيىتى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقان ئىدى. ئىستانبۇلدا 1924-يىلىدا قۇرۇلغان كاپكازىيە ئازاتلىق كومىتېتىنىڭ مەركىزى پارىژغا يۆتكەپ

كىلىنىشىدىن خېلى بۇرۇن، كاپكازىيە بىيرۇسىنىڭ ئەزالىرى تارقىلىپ كەتكەچكە بۇ ئورگان ئۆزلىگىدىن ئەمەلدىن قالغان ئىدى.

پولشا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىگىنىڭ مەسئولى، دېپلومات تادېيۇس ھولوۋكو، 1925-يىللىرىدا ئاۋال پارىژغا بېرىپ ئۇكرائىنالىق ۋە گرۇزىيىلىك لىدېرلەر بىلەن كۆرۈشىدۇ؛ ئۇنىڭ كەينىدىن ئىستانبۇلدىكى چەتئەلدە تۇرىۋاتقان تۈرك لىدېرلىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ (زەكى ۋەلىدى توغان «خاتىرىلىرىم» دېگەن كىتاۋىدا، 1924-يىلى 6-ئايدا بېرلىندا لېخستانلىق ستېمپوۋسكى دېگەن بىر ئەرباپ ئۇنى زىيارەت قىلىشقا كېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان مۇستەملىكە مىللەتلەر ئۆزئارا ھەمكارلىق ئورنىتىشلىرى لازىم دەپ ئېيتقانلىغىنى، قۇرۇلۇش ئېھتىمالى بولغان پرومېتې تەشكىلاتىدىن ھەمدە نەشر قىلىشنى ئويلىشىۋاتقان پرومېتې ژورنىلى ھەققىدىمۇ توختىلىپ ئۆتكەنلىگىنى تىلغا ئالماقتا. ئەمما ستېمپوۋسكى دىگەن بۇ ئىسىم، پرومېتېگە مۇناسىۋەتلىك پولشا مەنبەلىرىدە كۆزگە چېلىقمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ۋاقىتلاردا پرومېتې تەشكىلاتىنىڭ باشلىنىش نوقتىسىنى تەشكىل قىلىدىغان كاپكازىيە ئازاتلىق كومىتېتىمۇ تېخى قۇرۇلمىغان ئىدى. شۇنداق بولغاچقا ستېمپوۋسكى دېگەن بۇ كىشىنىڭ، 1924-يىلىنىڭ 6-ئېيىدا، كەلگۈسىدە قۇرۇلماقچى بولغان تەشكىلاتقا پرومېتې دىگەن نام بېرىلىدىغانلىقىنى، بۇ تەشكىلات پارىژدا پرومېتې نامىدا بىر ژورنال چىقىرىدىغانلىقىنى، پولشادىكى ۋىشود ئىنىستىتۇتى بۇ تەشكىلات بىلەن بىرگە پائالىيەت قىلىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلەلىشى مۇمكىن ئەمەس. بەلكىم پروپېسسور توغان، ستېمپوۋسكى بىلەن ئۆتكۈزگەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى ئىتتىپاقداش كۈچ شەكىللەندۈرۈش ھەققىدە سۆزلىگەن سۆزلىرى بىلەن 1926-يىلدىن باشلاپ شەكىللىنىشكە باشلىغان پرومېتې ھەرىكىتى ئەھۋالىنى بىرلەشتۈرۈپ كىتاپخانىلارغا تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ بۇ تۈر بايانىدا بولغان بولىشى مۇمكىن. — ئا.ھ. ئىزاھاتى). بۇ كۆرۈشۈشلەردىن مەقسەت، بارلىق گۇرۇپپىلارنى بىر نوقتىغا كەلتۈرۈپ ئورتاق بىر پائالىيەت سەھنىسىنى شەكىللەندۈرۈش ئىدى. 1926-يىلىنىڭ ماي ئېيى پولشا ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پرومېتې ھەرىكىتى ئۈچۈنمۇ بىر بۇرۇلۇش نوقتىسى بولۇپ قالىدۇ. مارېشال پىلسۇدسكى، كۈزەتكۈچى سۈپىتىدە بىر چەتتە يېتەرلىك دەرىجىدە ساقلىدىم دەپ ھىساپلاپ، بىر قېتىملىق قۇراللىق سىياسى ئۆزگىرىشى قوزغاپ ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئالىدۇ. سىياسي ئۆزگىرىشتىن كېيىن، پىلسۇدسكى دۆلەت رەئىسلىكىگە يېقىن سەبدىشى پروپېسسور ئىگناتى موستىستسكىنى سايلىتىپ، ئۆزى دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرى ۋە لېخ ئارمىيىسىنىڭ باش مۇپەتتىشى ۋەزىپىسىنى تالىلاپ ئالىدۇ. بۇ يېڭى ھۆكۈمەتتە، پىلسۇدسكى بىر قاراشتا ئادەتتىكى بىر ھۆكۈمەت ئەزاسى بولۇپ كۆرۈنگەندەك قىلسىمۇ، ئەمىلىيەتتە ھۆكۈمەتنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى ئەڭ مۇھىم ئادىمى ئىدى. بولۇپمۇ تاشقى سىياسەت بىلەن دۆلەت مۇداپىيىسىگە دائىر

مەسىلىلەردە بىردىن بىر ھۆكۈم چىقارغۇچى ئورۇندىكى بىرسى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇزۇندىن بېرى ئويلاپ كېلىۋاتقان، رۇسىيە ئىشغالىيىتى ئاستىدا قالغان مىللەتلەرنىڭ ياۋرۇپادىكى ۋاكالەتچىلىرىنى بىر يەرگە توپلىيالىغىدەك كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر سىياسىي تەشكىلات قۇرۇپ چىقىش دەيدىغان خىيالىنى يولغا قويۇش ئىمكانىغا ئېرىشكەن ئىدى. پىلسودسكى ئۆزىگە بوي سۇنىدىغان بىر قىسىم پولشالىق مەسئۇل خادىملار، ئىككى يىلدىن بېرى تىگىشلىك ئىشلارنى ئالدىنئالا تەييارلاپ، بۇ ئىشلارنى باشلاش ئاساسىنى تەييار ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ پرومېتې قاراشلىرىنى رەسمى بىر تەشكىل ئىدىيىسىگە ئايلاندۇرۇش ھەمدە كۈچلۈك بىر سىياسىي ھەرىكەت ھالىغا كەلتۈرۈشكە توسالغۇ بولالايدىغان ھېچقانداق بىر توسالغۇ قالمىغان ئىدى.

پرومېتې پائالىيەتلىرىنىڭ تېزلىكتە قانات يېيىشى بىلەن بىرگە، 1924 ـ يىلىسى ئىستانبۇلدا قۇرۇلغان كاپكازىيە مۇستەقىللىق كومىتېتىمۇ مەركىزىنى پارىژغا يۆتكەيدۇ. كومىتېت مەسئۇللىرى بۇنىڭ سەۋەبىنى "يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى"، "كاپكازىيە سىياسىي مۇھاجىر كۈچلىرىنىڭ ئاساسلىق قىسمى پارىژغا مەركەزلەشكەنلىگى ئۈچۈن" دەپ ئىزاھلىشىدۇ. بۇ يەردە ئوچۇق تىلغا ئېلىنمىغان "يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى" دېگىنى، تۈركىيە ئىچكى سىياسىتى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرقانداق بىرپائالىيەتكە ئېغىر قىيىنچىلىق پەيدا قىلىشقا قاراپ ئۆزگەرگەنلىكى كۆزدە تۇتۇلغان دەپ مۆلچەرلەش مۇمكىن. "كاپكازىيە سىياسىي مۇساپىرلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمى پارىژغا يىغىلغان" دېگىنىنى بولسا، پرومېتې تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى پارىژغا مەركەزلەشكەن دەپ ئىزاھلاش مۇمكىن. كومىتېت مەركىزىنىڭ پارىژغا كۆچۈرۈپ كېلىنىشى بىلەن بىرگە، 1920 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا كاپكازىيە جۇمھۇرىيەتلىرى ۋەكىللەر ئۇمەك مەسئۇلىرى قۇرغان كاپكازىيە دائىمى ئىجرائىيە ھەيئىتىمۇ ئۆزلىگىدىن ئەمەلدىن قالغان ھېساپلاندى.

پولشانىڭ ياردەم قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ يىتەكچىلىك رول ئوينىشى نەتىجىسىدە، بىرەر يىلغا قالمايلا ئاق ئورۇسلار بىلەن ئەرمەنلەردىن باشقا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەۋەسى ئىچىدە ياشايدىغان ئورۇس بولمىغان بارلىق مىللەت مۇساپىرلىرى بىر نوقتىغا كەلتۈرۈلۈپ پرومېتې فرونتى قۇرۇلغان ھىساپلاندى. ۋەتىنىنىڭ تەغدىرىنى رۇسىيە بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتلەرگە باغلىق دەپ ھىساپلىشىدىغان ئەرمەنلەر، رۇسىيىگە قارشى كۈرەش قىلىدىغان بىر تەشكىلاتقا ئاكتىپلىق بىلەن ئەزا بولۇشنى خالىمايتتى. شۇنىڭدەك يەنە ئەزەربەيجان، تۈركىستان، ئىدىل ئۇرال ۋە قىرىم قاتارىدىكى تۈركى قەۋملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تەشكىلات بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشنىمۇ خالىمايتتى. مۇستاپا چوقاي ئوغلى بىر ماقالىسىدا ئەرمەن گورۇپپىلىرىنىڭ كاپكازىيە مۇستەقىللىق ھەرىكىتى فرونتىغا قېتىلماسلىقىنىڭ سەۋەپلىرىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلماقتا:

ئەمما، ئەرمەنلەر كاپكازىيە ئىتتىپاقى فرونتىغا قېتىلىشى ئۈچۈن ھېچ بىر كاپكاز خەلقى قوبۇل قىلالمايدىغان شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرىۋالدى. ئەرمەنلەر، كاپكازىيىلىكلەردىن پۈتۈن كاپكازىيىنى بېسىۋېلىپ قۇل قىلىۋالغان رۇسىيىگە قارشى تۇرۇش ئورنىغا، ئىنتايىن ئاز مىقتاردا ئەرمەن ئازسانلىق مىللىتى ياشايدىغان تۈركىيىگە قارشى كۈرەش قىلىشنى ئاساسى ۋەزىپە قىلىشلىرىنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالدۇ. ...

ئەرمەنلەرنىڭ كاپكازىيە مۇستەقىللىقى يولىدا كۈرەش قىلىدىغانلار سېپىگە قاتنىششىغا ئەزەربەيجان مۇساۋاتچىلىرى توسالغۇلۇق قىلغان بولماستىن، بەلكى دەل ئەرمەن داشناقچىلىرى (ئىنقىلاۋى ئەرمەن قوشۇنى — ئا.ھ. ئىزاھاتى) نىڭ رۇسىيە بىلەن دوست بولۇپ، تۈركىيىگە قارشى چىقىش سىياستى توسالغۇ بولغان. ئۇلاردىكى بۇ خىل كۆز قاراش، ئەرمەنلەرنى پۈتۈن كاپكازىيىنى رۇسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ چاڭگىلىدىن ئازات قىلىش يولىدا كۈرەش قىلىۋاتقانلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشلىرىغا يول قويمايتتى (چوقاي ئوغلى، ئەرمەنلەر مەسىلىسى — 3. ياش تۈركىستان، 1933. 42-سان، 18-ۋە 22-بەتلەر. داشناقلارنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيىسى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىلىرىدىمۇ ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇرۇش جەريانىدا، بېرىتانىيە داشناقلار ھەققىدە "ئەرمەنلەر ئۆز ئالدىغا قارار بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە، رۇسىيىدىكى بارلىق سىياسىي تۈزۈملەر ئىچىدە پەقەت سوۋېت تۈزۈملا ئەڭ كىچىكلەر بىلەن ئەڭ ئاجىزلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقلىرىنى ئەڭ ساداقەتلىك بىلەن ئېتراپ قىلماقتا دەپ قارىشىدۇ. ئەنە شۇ سەۋەپتىن، ئۇلاردا كىچىككىنە بولسىمۇ ئۇرۇس دۈشمەنلىكى يوق" دېگەن دوكلات بەرگەن. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

## پرومېتېينىڭ تەشكىلى تۈزۈلىشى

پرومېتې ھەرىكىتىنى تەپسىلى كۆزەتكىنىمىزدە، ئۇنىڭ تۆت خىل پائالىيەت تۈرىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان بىر تەشكىلات ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالالايمىز. بۇلار سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلىي پائالىيەتلەر، نەشرىياتچىلىق پائالىيەتلىرى، ئىلمىي پائالىيەتلەر ۋە ئۇچۇر توپلاش پائالىيەتلىرى قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا ئىدى.

پرومېتې ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان سىياسىي مەركەز، رۇسىيە مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى مىللەتلەرنىڭ پرومېتې تەشكىلاتى نامى بىلەن 1926-

يىلىسى ۋارشاۋادا قۇرۇلغان بىر ئورگان ئىدى. بۇ ئورگان تەشكىللىنىش ۋاقتىدا پرومېتېگە قاتناشقان مىللىي ھەرىكەت ۋەكىللىرىدىن تەشكىل تاپقان بىر مەركەزىي ھەيئەت (پرېزدىيۇم) سايلاپ چىققان بولۇپ، بۇ ئورگان پرومېتېنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئىجرائىيە ئورگىنى ھىساپلىناتتى. بۇ ئورگاننىڭ رەئىسلىكىگە ئۇكرائىنالىق پروپېسسور رومان سمال ستوتسكى تەيىنلەنگەن ئىدى. سالاكاجا، مدىۋانى ۋە گېۇناكاشىدز (1933 ـ يىلىدىن كېيىن) قاتالىقلار ئۇنىڭ ئورۇنباسارلىرى ئىدى. مەركەزى ئورگاننىڭ قالغان ئەزالىرى بولسا باراسبى بايتۇغان، مەھەممەت ئىمىن رەسۇلزادە ۋە كونراد ئىمنادز قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان ئىدى. ئۇكرائىنالىق بازىئاك بىلەن ئوسېتىيىلىك بالوبلەتى كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. شىمالىي كاپكازىيە، گرۇزىيە ۋە ئەزەربەيجان مەركەزلىرى تەرىپىدىن كاپكاز مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدا يېقىن ئالاقە ئورنىتىش ھەمدە ئۆزئارا ھەمكارلىشىش مەقسىتىدە، 1924 ـ يىللىرىدىلا «كاپكازىيە ئىستىقلال كومىتېتى» (كومۇتېتا نېزاۋىسىموتى كاۋكازا ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) نامىدا ئىستانبۇلدا قۇرۇلغان تەشكىلات شەكلى، پرومېتې ئىچىدىمۇ ئۆزپېتى كۆچۈرۈپ كېلىنگەن ئىدى. قىسقارتىلىپ "كاپكازىيە كومىتېتى" دەپ بىلىنگەن بۇ بۆلۈم، ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان پىكىر ئىختىلاپلىرىنى ھەل قىلىش، پىلانلىق باشقۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى. بۇ ئورگان ۋاستىسى ئارقىلىق، پۈتكۈل كاپكاز مىللەتلىرى پرومېتې تەركىۋىدە بىر پۈتۈن بۆلۈم بولۇپ پائالىيەت قىلالايدىغان ھالغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى.

(رەسىم ئورنى)
پرومېتې فرونتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان "موسكۋا مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى مىللەتلەر" گە مۇناسىۋەتلىك ئاتكىرىتكا. پارىژ، 1930

مىللەت تارقىلىشى بويىچە ئالغاندا، مەركەزى ئورگان ئاساسىي جەھەتتىن پولشالىق، ئۇكرائىنالىق ۋە كاپكازىيىلىك (گرۇزىنلار، ئەزەرىلەر ۋە شىمالىي كاپكازلىقلار) كىشىلەر تەرىپىدىن تەشكىل تاپقانلىقىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ خىل ئېتنىك تەركىپ ئالاھىدىلىكى پرومېتې تەشكىلاتى تارقىتىۋېتىلگەن يىللارغىچە ئۆزگەرمەي ئۆز پېتى داۋام قىلىدۇ. تۈركىستان، قىرىم ۋە ئىدىل ـ ئۇرال مىللىي ھەرىكەتلىرىنىڭ ۋاكالەتچىلىرى پرومېتې تەشكىلاتىنىڭ باش ئورگانلىرىدىلا ئورۇن ئالغان بولۇپ، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ يېتەكچىلىرىنى نىمە ئۈچۈن مەركەزىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا قوبۇل قىلىنمىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ئەسلىدە ئىدىل ـ ئۇرال ھەرىكىتىنىڭ لىدېرى بولغان ئاياز ئىساقىي، 1927 ـ يىلىنىڭ كىرىشىدىلا پولشا ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن ئىستانبۇلدىن ۋارشاۋاغا بېرىپ

ئورۇنلاشقان ئىدى. ئۇ يەردە، پىلسۇدسكى بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈپ پرومېتې تەشكىلاتى بىلەن ئىدىل-ئۇرال ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدا رەسمىي بىر كېلىشىمگە ئىمزا قويۇش ئۈچۈن چىققان ئىدى (ئاقشىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە قارىغاندا، ئاياز ئىساقىي، پىلسۇدسكى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت خاتىرىلىرىنى، پرومېتې تەشكىلاتى بىلەن تۈزۈشكەن پرومېتې كېلىشىمى قاتارىدىكى مۇھىم ھۆججەتلەرنى ۋارشاۋادىكى بانك گاسپودارچىنىڭ مەخسۇس ساندۇقىدا ئامانەتكە قويغان ئىكەن. ئەپسۇسكى، نېمىسلارنىڭ بومباردىمانچىلىقىدا بۇ بانكا تۈپتۈز قىلىۋېتىلگەن بولۇپ، ئامانەتكە قويۇلغان بارلىق ھۆججەتلەر يوقاپ كەتكەن. — ئا.ھ. ئىزاھاتى). شۇنىڭغا قارىماي، ئۇلار يەنىلا پرومېتېنىڭ مەركىزى كومىتېتىغا كىرەلمىگەن ئىدى. تەشكىللىنىشنىڭ بۇنداق بولۇشىنى بەلكىم ئۇكرائىنا، ئەزەربەيجان، گرۇزىيە قاتارىدىكى دۆلەتلەر چاررۇسىيىدىن سوۋېتلەر ئىنتىپاقىغا ئۆتكەن ۋاقىتلىرىدا قىسقا مۇددەتلىك بولسىمۇ تولۇق مۇستەقىل دۆلەت بولالىغانلىقى سەۋەب بولغان دەپ قاراش مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن ئىدىل-ئۇرال ۋە قىرىم تەۋەلىرىدە مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى بارلىققا كەلگەن، مۇختارىيەت ئېلان قىلىشقان بولسىمۇ، بەرىبىر موسكۋادىن تولۇق مۇستەقىل دۆلەت قۇرالمىغانلىقىمۇ راس ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ خىل ھوقۇقىي ئورۇن پەرقلىرى ئاساسىدا پرومېتې مەركىزىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدا گرۇزىيەلىك، ئەزەربەيجانلىق، شىمالىي كاپكازىيىلىكلەر بىلەن ئۇكرائىنالىقلارنىڭلا ۋەكىللىرىگە ئورۇن بېرىلگەن بولۇشى ئېھتىمال. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئۇكرائىنا بىلەن كاپكازىيە ئەللىرىنى پولشا بىخەتەرلىكى ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ دەپ قارىماقتا ئىدى. تۈركىستان مىللىي بىرلىك ھەرىكىتىنىڭ پرومېتې سېپىگە رەسمى قوشۇلغان ۋاقتىمۇ باشقا تەشكىلاتلارغا قارىغاندا بىرەر يىلدەك كېيىن ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ت م ب مۇ پرومېتې سېپىنىڭ يۇقۇرى ئورگانلىرىغا كىرگۈزۈلمىگەن بولۇپ، ئۇلار مەركىزى ئورگان بىلەن ئومۇمەن ئالغاندا كاپكاز كومىتېتى ۋاستىسى ئارقىلىق مۇناسىۋەت قىلىپ كەلمەكتە ئىدى.

پولشا ھۆكۈمەت خادىملىرى بىلەن پرومېتې ھەرىكىتىنىڭ ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا بىۋاستە مۇناسىۋەت ئورنىتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىشى، بۇ تەشكىلاتنى ئاكتىپ پائالىيەت قىلالايدىغان ھالدا تۇتۇش جەھەتتىن ئالغاندا بەكلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. بۇ مەقسەتتە بىر قانچە ياۋروپا پايتەختلىرىدە پرومېتې كلۇپلىرى قۇرۇلغان ئىدى. بىرخىل ئىجتىمائىي تەشكىلات شەكلىدە پائالىيەت قىلىدىغان بۇ كلۇپلار ئاممىغا ئوچۇق پائالىيەت قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ تۈردىكى كلۇپلار قايسى ئەلدە قۇرۇلغان بولسا، شۇ ئەلدە ياشايدىغان بارلىق مىللىي تەشكىلات ئەزالىرىنى بۇ كلۇپلارغا ئەزا قىلىپ تىزىمغا ئالغان ئىدى. بۇ كلۇپقا ئەزا بولغان ئوقۇغۇچىلارغا بەلگىلىك مىقداردا (160 زلوتىي) ئايلىق تەمىنات بېرىلەتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئوقۇغۇچىلارنى ھەر قايسى كلۇپلارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەت ئىشلىرىدا ئىشلىتىش

ئىمكانلىرى يارىتالىغان ئىدى. بۇ كلوبلار تەشكىللىگەن ئىلمىي دوكلات، چاي ئولتۇرۇشى ۋە كۆرگەزمە قاتارىدىكى پائالىيەتلىرى ئارقىلىق پرومېتې تەشكىلاتىغا ئەزا مۇھاجىر لىدەرلىرىنى تۇرىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ساھەلەردىكى داڭلىق كىشىلىرى بىلەن ئۇچىراشتۇرۇش ئۇچۇن كۆۋرۈكلۈك رول ئويناش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئېلىشقان ئىدى. 1927 ـ يىلىدا قۇرۇلغان بۇ كلوپ بىلەن ئۇنىڭ تارماقلىرى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاياللار ۋە ياشلار گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىللەش ۋەزىپىلەرنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى. شۇ ئارقىلىق پرومېتېنىڭ تەسىر ـ دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە تىرىشماقتا ئىدى.

پرومېتې كلوپلىرى بىلەن بىرگە يەنە، بەزى شەھەرلەردە بۇ تۈردىكى كلوپلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئوخشاش ئىشلار بىلەن شوغۇللىنالايدىغان باشقا تەشكىلاتلارمۇ قۇرۇلغان ئىدى. مەسىلەن پارىژدا قۇرۇلغان «تۈركىستان، كاپكازىيە ۋە ئۇكرائىنا دوستلۇق جەمىيىتى»، برنو شەھىرىدە قۇرۇلغان چېخ ـ لېخ كلوپلىرىنى ئەنە شۇ تۈردىكى ئورۇنلارنىڭ ئۈلگىلىرى دېيىش مۇمكىن. پرومېتې كلوپلىرى بىلەن بۇ تۈردىكى تەشكىلاتلار پات ـ پات ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرى ئۇيۇشتۇرۇپ، رەسۇلزادە، چوقايئوغلى، سەئىد شامىل، شۇلگىن، گاۋازاۋا قاتارىدىكى پرومېتې ئەزاسى بولغان مۇھاجىر لىدېرلەرنى ئىلمىي دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ تۇراتتى. دوكلات يىغىنلىرىنىڭ ئاخىرىدا دوكلات ئاڭلىغۇچىلىرىنىمۇ بەس مۇنازىرىلەرگە قاتناشتۇرۇپ، بىر قىسىم مەسىلىلەر كەڭ دائىرىدە تالاش ـ تارتىش قىلىناتتى. شۇ ئارقىلىق ياۋروپا ئەللىرىدىكى خەلق ئاممىسىغا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ۋەزىيىتى بىلەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى مۇستەملىكىسى ئاستىدا ياشاۋاتقان مىللەتلەر ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلەتتى.

پرومېتې بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولمىغان، ئەمما پرومېتېچىلار ئاكتىپلىق بىلەن پائالىيەت كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان يەنە باشقا تەشكىلاتلارمۇ بار ئىدى. فرانسىيە شەرق كومىتېتى (كومىتې فرانس ئورىېنت ــ ك ف ئو)، بۇ تۈردىكى ئورگانلارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىرسى ئىدى. فرانسىيىنىڭ داڭلىق سىياسەتچىلىرى ئەزا بولغان بۇ تەشكىلات، سوۋېت مۇھاجىرلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئىقتىسادىي ياردەم توپلاش ئىشلىرىدا ئىنتايىن مۇھىم ئىجتىمائىي ئورگان بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەپ كەلمەكتە ئىدى (ك ف ئو نىڭ 1929 ـ يىلى رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان پاۋۇل دوۋمېر، ئۆز ۋاقتىدا يەنە پارلامېنت رەئىسى ئىدى. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

# پرومېتې ژورنىلى

پرومېتې تەشكىلاتىنىڭ ئەڭ مۇھىم پائالىيەتلىرىدىن بىرسى — مەتبۇئات پائالىيىتىدۇر. بۇ تەشكىلات قۇرۇلىشى بىلەن تەڭ، دۇنيا جامائەتچىلىكىگە قارىتا تەشۋىقاتلارنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە تەشكىلات ئاۋازى ھېساپلىنىدىغان ئورتاق بىر مەتبۇئات ئەپكارى چىقىرىش قارارىنى ئالغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئىتتىپاق تەۋەسىدىكى ھەربىر تەشكىلات، ئۆزلىرى بەلگىلىگەن تىللار بويىچە ئۆزىنىڭ نەشرىيات ئەپكارلىرىنى چىقىرىشاتتى. شۇنداق قىلىپ بىر تەرەپتىن ئەركىن دۇنيا ئەللىرىدە بولشېۋىزمغا قارشى جامائەت پىكرى شەكىللەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئىچىدە ھاكىمىيەتكە قارشى گۇرۇھلارنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن كۈچ چىقارماقچى بولىشىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت، پىلسۇدسكىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى كەلگۈسىدە ئوتتۇرغا چىقىش ئېھتىمالى بولغان يېڭى بىر غەربىي دۇنياسى بىلەن روسسىيىنىڭ توقۇنۇشۇپ قېلىش ئېھتىمالى تۇغۇلۇپ قالغىنىدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئىتتىپاقداش كۈچ پەيدا قىلىش ئىدى. نەتىجىدە، مەركىزى پارىژدا تۇرىدىغان «پرومېتې» (بۇ ژورنالنىڭ ئەسلى ئىسمى فرانسۇزچە پرومېتخېي شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، تۈركچە مەنبەلەردە پرومېتې شەكلىدە، يەنى ئوقۇلۇشى بويىچە يېزىلىشى مۇقىملىشىپ قالغان ئىدى. ئەنە شۇ سەۋەپتىن بۇ كىتاپتىمۇ پرومېتې شەكلىنى قوللاندۇق. — ئا.ھ. ئىزاھاتى) نامىدا بىر ژورنال چىقىرىشنى قارار قىلىدۇ. بۇ ژورنال فرانسۇزچە چىقىرىلىدىغان، بۇ ھەربىكەتكە قاتناشقان ھەر بىر گۇرۇپ بۇ ژورنال رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدا بىرەردىن ئەزا بىلەن ۋەكىللىك قىلىدىغان بولىدۇ.

ئەسلىدە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى مىللەتلەرنىڭ ۋاكالەتچىلىرى بىرەر ژورنال ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ ئورتاق پائالىيەت قىلىش سەھنىسنى شەكىللەندۈرۈش ئىشى يېڭىلىق ھېساپلانمايتتى. 1919-يىللىرىدىلا بۇنىڭغا ئوخشايدىغان پائالىيەت، مۇستەقىل گروزىيىنىڭ پايتەختى تىبلىستىمۇ ئوتتۇرغا چىققان ئىدى. تىبلىس، ئۇ يىللىرى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى مۇھاجىرلار ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق مەركەزلەرنىڭ بىرسىگە ئايلانغان ئىدى. ئۇكرائىنا، 1918-يىلىنىڭ فېۋرال ئايلىرىدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنۋېلىنغىنىغا قارىماي تىبلىستىكى ۋاكالەتخانىلىرىنى تاقىمىغان ئىدى. گروزىيە دائىرىلىرىمۇ مۇھاجىرلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى پائالىيەتلىرىگە ياردەم بەرمەكتە ئىدى. قوقان مۇختارىيىتى قىزىللار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇۋېتىلگەندىن كېيىن مۇستاپا چوقاي ئوغلىمۇ تىبلىسقا بېرىۋالغان ئىدى. چوقاي ئوغلى، ئۇ يەردە «ۋولنىي گورېتس» (ئەركىن تاغلىقلار — ئا.ھ. ئىزاھاتى) ۋە «باربا» (ئۇرۇش — ئا.ھ. ئىزاھاتى) دېگەن گېزىتلاردا

ئىشلىگەن ئىدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن گىروزىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمىغا تايىنىپ چوقاي ئوغلى باش تەھرىرلىكىدىكى «نا رۇبىزخې» (چېگرا بويى ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) دىگەن بىر ژورنال نەشرى قىلىنىشقا باشلايدۇ. كاپكازىيە، ئۇكرائىنا ۋە تۈركىستان ھەمكارلىقى ئاستىدىكى بۇ پائالىيەتلەرنىڭ دەسلەپكى ئۇلگىسى بولغان بۇ ئىشلارنى، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا پرومېتې ئىتتىپاقى قۇرۇلۇشىنىڭمۇ تۇنجى سىناقلىرى دىيىش مۇمكىن ئىدى. ئورتاق پائالىيەت قىلىدىغان بۇ تۆردىكى سورۇنلار گىروزىيىنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئىشغال قىلىۋالغان 1921ـ يىلىنىڭ 25ـ فېۋرالىغىچە ئۈز پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئىدى.

پرومېتې ژورنىلىنىڭ تۇنجى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەركىۋىدە ئەزەربەيجان ۋەكىلى مۇستاپا ۋەكىلى، شىمالىي كاپكازىيە ۋەكىلى مىر ياقۇپ مەختىيېۋ، گىروزىيە ۋەكىلى گېورگېس گۋازاۋا ۋە ئۇكرائىنا ۋەكىلى سۇپىتىدە سابىق مىنىستىرلاردىن بىرى بولغان ئالېكساندىر شۇلگىن قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. ژورنالنىڭ باش تەھرىرلىكىگە گىروزىيىلىك گاۋازاۋا تەيىنلەنگەن ئىدى. تۈركىستاندا بىر نەچچە يىل فرانسۇز تىلى ئوقۇتقۇچىلىقىنى قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئاسىيا مەسىلىلىرىنى يېقىندىن كۆزىتىپ يۈرگەن، رۇس تىلى بىلەن بىرگە ئۇ يەرنىڭ يەرلىك تىلى بولغان تۈركى تىل لەھجىلىرىنى بىلىدىغان جوسېف كاستاگېن، بۇ ژورنالنىڭ نەشرىيات مەسلىھەتچىلىكى بىلەن ماقالا ئارگىناللىرىنى تۈزىتىپ باسمىغا مۇۋاپىق ھالەتكە كەلتۈرۈش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان ئىدى (كوررىكتورلۇق قىلغان ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). بۇ ۋەكىللەرگە بىرەر مىڭ فرانك ئەتراپىدا ئايلىق مائاش بېرىلەتتى.

بۇ تۆردىكى تەييارلىق ئىشلىرى پۈتۈپ، 1926ـ يىلىنىڭ نويابىرىدا پرومېتې ژورنىلىنىڭ تۇنجى سانى نەشرىدىن چىقىدۇ. ژورنالنىڭ مۇقاۋىسىغا زىنجىرلىرىدىن قۇتۇلغان پرومېتېينىڭ ئېگىز بىر تاغ چوققىسىدىن پەسكە چۈشۈشكە تىرىشىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن رەسمى بېسىلغان ئىدى (1934ـ يىلىسى، 92ـ ساندىن باشلاپ، مۇقاۋىدىكى بۇ رەسىم چىقىرىپ تاشلىنىپ، رەڭسىز مۇقاۋا ئۈستىگە يالغۇز پرومېتې دىگەنلا خەت بېسىلغان مۇقاۋا قوبۇل قىلىنىدۇ. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). شۇنىڭدەك يەنە، مۇقاۋىغا "كاپكازىيە (گىروزىيە، ئەزەربەيجان، شىمالىي كاپكازىيە) ۋە ئۇكرائىنا مىللىي ئازاتلىق تەشكىلاتلىرىنىڭ نەشرى ئەپكارىدۇر" دەپ ئىزاھات بېرىلگەن ئىدى. 1927ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ تۈركىستان مىللىي بىرلىك ھەرىكىتىمۇ پرومېتې تەشكىلاتىغا قاتنىششى بىلەن ژورنالنىڭ مۇقاۋىسىدىكى يوقۇرقى سۆزلەرگە "تۈركىستان مىللىي بىرلىكى" دىگەن ئىزاھاتمۇ قوشۇپ بېسىلىدۇ.

پرومېتې ھەرىكەتلىرى بىلەن بۇ ھەرىكەتكە مۇناسىۋەتلىك نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى يالغۇز پرومېتې مەجمۇئەسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بۇ ھەرىكەتكە مۇناسىۋەتلىك بارلىق مىللىي گۇرۇپپىلارنىڭ ئۆزىگە خاس نەشرىيات ئەپكارلىرىنى چىقىرىشىغىمۇ ياردەم بېرىلمەكتە ئىدى. بېسىلغان بۇ ژورناللار شۇ مىللەتنىڭ

تەشكىلاتى قايسى ئەلدە ۋە قايسى تىلدا ئەڭ كۆپ تەسىر قوزغىيالايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن بولسا شۇ ئەلدە ۋە شۇ ئەلنىڭ تىلىدا بېسىلاتتى. پرومېتې مەركەزى ئۇرگىنى پولشانىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن ھەر قايسى جايلارنىڭ يەرلىك گېزىتلارنى تېپىپ كىلىپ ۋارشاۋادىن مىللىي تەشكىلاتلارغا يەتكۈزۈپ تۇراتتى.

(رەسىم ئورنى)
پرومېتې ژورنىلىنىڭ مۇقاۋىسى

شۇنداق قىلىپ، ھەرقايسى تەشكىلاتلار مەيلى رۇسىيە تەۋەسىدىكى مەخپى قوللىرى بىلەن بولسۇن، مەيلى يەرلىك گېزىتلار ۋاستىسى بىلەن بولسۇن كۈندىلىك ۋەزىيەتتىن خەۋەردار بولۇش پۇرستىگە ئېرىشتۈرۈلگەن ئىدى. بۇ تۈردىكى نەق مەنبەدىن خەۋەردار قىلىنىش سايىسىدە، پرومېتېچىلەر پرومېتې ژورنىلى بىلەن ئۆزلىرى چىقىرىۋاتقان ژورناللاردا خېلى كۈچلۈك يېزىلغان ھەمدە سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دائىرىلىرىنى قاتتىق پاراكەندە قىلىۋېتىدىغان ماقالىلارنىڭ ئېلان قىلىنىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان ئىدى.

تۈركىستانلىقلارنىڭ چەت دۆلەتلەردىكى سىياسىي ياياناتچىلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ كىلىۋاتقان مىللىي ئىتتىپاق (ت م ب) تەشكىلاتى، 1927 ـ يىلىسىدىن باشلاپ ئىستانبۇلدا «يېڭى تۈركىستان» ژورنىلىنى چىقىرىشقا باشلايدۇ. كېيىن بۇنىڭغا يەنە بېرلىندە چىقىرىلغان «ياش تۈركىستانلىقلار» (1929) ژورنىلىمۇ قوشۇلىدۇ. ئاياز ئىسھاقى تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان ئىدىل ئۇرال تۈركلىرىنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان «يېڭى مىللىي يول» بېرلىندىكى «ياش تۈركىستانلىقلار» ژورنىلى بېسىلىدىغان باسماخانىدا بېسىلماقتا ئىدى. ئەزەربەيجان تۆركلىرىنىڭ مۇساۋات تەشكىلاتى نامىدا بېرلىندە «قۇرتۇلۇش» (ئازاتلىق ــ ئۇ.ت)، ئىستانبۇلدا بولسا «ئودلۇ يۇرت» (ئىسسىق يۇرت، يالقۇنلۇق يۇرت ــ ئۇ.ت) ژورنىلىمۇ نەشرى قىلىنماقتا ئىدى. بۇ نەشرى ئەپكارلىرىغا كېيىن يەنە «بىلدىرىش» (1931) ژورنىلىمۇ قوشىلىدۇ. قىرىم مىللىي ھەرىكىتى، نەشرىياتچىلىق پائالىيەتلىرى ئۈچۈن 80 مىڭدىن ئارتۇق قىرىم تۈركلىرى ياشاۋاتقان رومىنىيىنى تاللاپ ئالغان بولۇپ، كۆستەنجەدە «ئەمەل» (غايە، ۋەزىپە ــ ئۇ.ت) ژورنىلى نەشرى قىلىنماقتا ئىدى. شىمالىي كاپكازىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاۋازى بولغان «سېۋېرنى كاۋكاز» (شىمالىي كاپكازىيە) مۇ ۋارشاۋادا نەشرى قىلىنماقتا ئىدى. پارىژدا، پرومېتې ژورنىلىدىن باشقا يەنە گروزىيىلىكلەرنىڭ «ساكارتۋېلو» (يۇرتۇم) ژورنىلى بىلەن سۈرگۈندىكى ئۇكرائىنا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن نەشرى قىلىنغان «تىرىسۇب» ژورنىلىمۇ نەشرى قىلىنماقتا ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە قالمۇقلار تەرىپىدىن چىقىرىلىۋاتقان «كوۋىلنىيې ۋولنى»،

«ھۆر كازاكلار ھەرىكىتى» (ئۇرۇس كازاكلىرىنىڭ مىللىي تەشكىلاتى) تەرىپىدىن چىقىرىلىۋاتقان «ۋولنويې كازاچېستۋو» دېگەن ژورناللارمۇ بار ئىدى.

پرومېتې ژورنىلى نەشرى قىلىنىۋاتقان يىللاردا مەيلى بۇ ھەرىكەتتىن چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن گۇرۇپپىلار ياكى باشتىن تارتىپ بۇنداق بىر تەشكىللىنىشكە قارشى چىقىپ كەلگەن ھەرخىل گۇرۇپپىلار تەرىپىدىنمۇ نۇرغۇنلىغان ئەپكارلار نەشرى قىلىنماقتا ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە بولغانلىرىدىن شىمالىي كاپكازىيە يېتەكچىلىرىدىن بولغان ھەيدەر بامەت مەسئۇللىغىدىكى «كاۋكاز» ژورنىلىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. دەسلىۋىدە پرومېتېنى قۇرۇش ئىشلىرىغا قاتناشقان ئەلىخان قانتېمىرمۇ كېيىنچە بۇ گۇرۇپپىغا قاتناشقان ئىدى. بىر قۇمۇق تۈركى بولغان ھەيدەر بامەت، پرومېتې تەۋەسىدىكى كاپكازىيىلىكلەرگە ئوخشاش بىر شىمالىي كاپكازىيە فىدراتسىيىسى قۇرۇلۇشىنى توغرا كۆرەتتى. ئەمما باماتنىڭ قارىشىچە تۈركىيە بىلەن شىمالىي كاپكازىيە نۇرغۇن تەرەپلەردە بىر-بىرىسگە باغلانغان بولغاچقا، قۇرۇلغۇسى شىمالىي كاپكازىيە فېدېراتسىيىسى سىياسىي جەھەتتىن تۈركىيىگە قارايدىغان بولىشى لازىم ئىدى. باماتنىڭ بۇ قاراشلىرى ياش تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايدۇ. شۇ سەۋەپتىن ھەيدەر بامات گۇرۇپپىسى تېخىمۇ كەسكىن بىر يول تۇتۇپ، ياپونىيە بىلەن گېرمانىيىنىڭ تۇتقان يولىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر سىياسىي يولدا مېڭىشنى تاللاپ ئالىدۇ. بامات، سەئىد شامىل باشلىق جوردانىيە بىلەن رەسۇلزادىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق پرومېتېچىلەرگە قارشى ئىدى. بۇ گۇرۇپپىنىڭ نەشرىيات ئەپكارى بولغان «كاۋكاز» ژورنىلى رۇسچە، تۈركچە، فرانسۇزچە ۋە كېيىنكى يىللاردا ئېنگىلىزچە بولۇپ تۆت خىل تىلدا نەشرى قىلىنماقتا ئىدى. بۇ ئىشلارغا كىرەكلىك ئىقتىسادىي ياردەمنى ياپونىيىنىڭ پارىژدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى تەمىنلىگەن دېيىلگەن.

## پولشا ۋە پرومېتې:

## ئىلمىي ۋە سىياسىي ياردەملەر

پرومېتې ھەرىكىتىگە بېرىلگە ئىلمىي ياردەملەر ۋارشاۋادىكى شەرق مەسىلىلىرى ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن تەمىنلەنمەكتە ئىدى. بۇ ئىنستىتۇتنىڭ پەخرى رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى مارېشال پىلسۇدسكىنىڭ يېقىن سەبداشلىرىدىن بىرى بولغان سىياسەتچى، ساناتور ستانىسلاۋ سېدلېتسكى (س. سېدلېتسكى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى شەرق مەسىلىلەر ئىنستىتۇتىنىڭ پەخرى رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالغان كىشى بولۇپ، پولشا ئىشغال قىلىنغاندا ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان. — ئا.ھ. ئىزاھاتى) ئۆز

ئۈستىگە ئالغان ئىدى. بۇ ۋەزىپىنىڭ بىر سىياسەتچىگە بېرىلگەنلىكى پولشا ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئىنستىتۇتقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئىنستىتۇتنىڭ مۇدىرى پولشالىق ئالىم ۋە مۇخپىر ۋلودىمېرز بونچكوۋسكى (ۋلودىمىرېرز بونچكوۋسكى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بىر مەزگىل ئىسرائىلدا تۇرغان بولۇپ، كېيىن ئا ق ش غا كۆچۈپ كېتىدۇ. بەزى مەنبەلەردە بۇ ئىسىم باجكوۋسكى شەكلىدە يېزىلماقتا. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) ئىدى. بونچكوۋسكى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا بىر قانچە يىل رۇسىيەدە تۇرغان بولۇپ، ئۇ يەردىن سىبىرىيە ئارقىلىق ياپونىيەگە بېرىۋالغان ئىدى. بۇ جەريانلاردا رۇسىيەدىكى تۈركلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلەردە بولغان ئىدى. بونچكوۋسكى ئۆز ۋاقتىدا يەنە ئىنستىتۇت تەرىپىدىن نەشرى قىلىنغان ژورناللار بىلەن ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ تەھرىرلىكىنىمۇ ئۈستىگە ئالغان ئىدى. ئىنستىتۇتنىڭ باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى بولسا بىر ئاكادېمىك بولغان پروفسور ئولگېرد گۆركا ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە پروفسور پونياتوۋسكى، پروفسور زايانچوۋسكى، پروفسور دوماشېۋىچ قاتارىدىكى كىشىلەرمۇ پرومېتې غايىسىغا ياردەم بېرىپ كەلگەن ئالىملار بولۇپ، ئۇلارمۇ ئىنستىتۇتنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئۆز ھەسسىلىرىنى قوشماقتا ئىدى.

شەرق مەسىلىلەر ئىنستىتۇتى، رۇسسىيىنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ قالغان مىللەتلەرنىڭ مەسىلىلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان «ۋيچود» (شەرق) نامىدا بىر ئىلمىي ژورنال چىقىراتتى. بۇ ھەرىكەتنىڭ يېتەكچىلىرىنى بۇ ئىنستىتۇت پات ـ پات ۋارشاۋاغا تەكلىپ قىلىپ، ئۆز مىللىي مەسىلىلىرى ھەققىدە ئىلمىي دوكلات بېرىش پائالىيەتلىرىگە ئۇيۇشتۇرۇپ تۇراتتى. پرومېتې ئەزاسى بولغان بەزى مۇھاجىر يېتەكچىلىرىنىڭ يازغان كىتاپلىرىنى شەرق مەسىلىلىرى ئىنستىتۇتى مەسئۇل بولۇپ پولەكچىگە تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلاتتى (بۇ ئىنستىتۇت، مەھەممەت ئىمىن رەسۇلزادىنىڭ ئەزەربەيجانغا مۇناسىۋەتلىك كىتابى بىلەن جاپپار سېيىت ئەخمەتنىڭ قىرىم ۋە قىرىم تاتارلىرىغا مۇناسىۋەتلىك كىتابلىرىنى پولەكچىگە تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان ئىدى. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). بۇ ئىنستىتۇت يەنە شىمالىي كاپكازىيىلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى تىل پەرقلىرىنى يوقۇتۇش مەقسىتىدە ئورتاق بىر ئەلىپبە تەييارلاش قاتارىدىكى پرومېتې ھەرىكىتىگە ھەسسە قوشقىلى بولىدىغان ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەنمۇ شوغۇللانغان ئىدى. پولشالىق ئاكادېمىكلار بىلەن بۇ تەۋەگە مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلار قاتناشقان 1935 ـ يىلىغىچە داۋاملاشتۇرۇلغان پائالىيەتلەر نەتىجىسىدە، يەرلىك تىللار ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەملەرنى تاللاپ چىقىپ شىمالىي كاپكازىيە مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئورتاق بىر تىل بەرپا قىلىشقا تىرىشقان ئىدى.

ۋارشاۋا باشچىلىقىدىكى بېرلىن، پارىژ، پراگا، ئىستانبۇل، تېھران ۋە خاربىن (مانجۇرىيە) قاتارىدىكى مەركەزى شەھەرلەردە توپلانغان پرومېتې ھەرىكىتىنىڭ خەلقارالىق سەھنىلەردە قوللاپ قۇۋەتلىنىشى ۋە نازارەت قىلىنىشىغا پولشا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ شەرق ئىشلار بۆلۈمى مەسئۇل ئىدى. بۇ بۆلۈم، باشتىن تارتىپ لۇكاسېۋىتز (1926~1935)،تادېۋۇسز، خولوۋكو (1926~1931) ۋە تادېۋۇسز شايېتزېل (1931~1935) قاتارىدىكى پىلسۇدسكى بىۋاستە تاللاپ ۋەزىپىگە قويغان كىشىلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇپ كېلىنگەن ئىدى. پرومېتې ھەرىكىتىنىڭ قۇرغۇچىلىرى بولغان بۇ كىشىلەر بۇ ھەرىكەتنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈرگەن سىياسىي ئىدىيىسىگە چىن قەلبىدىن سادىق كىشىلەر بولغاچقا، بۇ تەشكىلات ئىنتايىن ئاكتىپ پائالىيەت قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە ئىدى. پرومېتې ھەرىكىتى ئۈچۈن كېرەكلىك ئىقتىسادىي ياردەم بىۋاستە پىلسۇدسكى قۇرۇپ چىققان بىر فونت تەرىپىدىن تەمىنلەنمەكتە ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ ئىقتىسادىي مەنبە مەيلى پرومېتېچىلەر تەرىپىدىن بولسۇن ياكى شۇ دەۋرنى تەتقىق قىلغۇچىلار تەرىپىدىن بولسۇن "پىلسۇدسكى پوندى" دەپ ئاتالماقتا.

پرومېتې ھەرىكىتىنىڭ پائالىيەتلىرى باشلىنىش بىلەن تەڭ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى مۇھاجىر يىتەكچىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ۋارشاۋا شەھىرى ئۆز مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتا ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك مەركەزلەردىن بىرسىگە ئايلانغان ئىدى. نۇرغۇنلىغان سىياسىي ھەرىكەتلەر ئۆز مەركەزلىرى بىلەن سىياسىي قوشۇننى بۇ شەھەرگە يۆتكەشكە كىرىشكەن ئىدى. پائالىيەتلىرىنى ۋارشاۋاغا يۆتكەپ كەلگەن يىتەكچىلەردىن مەھەممەت ئىمىن رەسۇلزادە، ئاياز ئىسھاقى، سەئىد شامىل، كاپكازىيە ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئۈچ يىتەكچىسى بولغان مەھەممەت گىراي سۇنچ، تاۋسۇلتان شاقمان ۋە ئىبراھىم چۇلىك قاتارلىق كىشىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن.

بۇ پائالىيەتلەرگە قوشۇلۇپ يەنە پولشا ھۆكۈمىتى سوۋېت مۇھاجىر گۇرۇپپىلىرى ئۈچۈن بىر تەربىيەلەش پروگراممىسىمۇ تۈزۈپ چىققان ئىدى. ھەر خىل پولشا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدە ئوقۇۋاتقان ستۇدېنتلارغا ھۆكۈمەت ئوقۇش ياردەم پۇلى تارقىتىپ بەرمەكتە ئىدى. بۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پولشالىق ياشلار بىلەن بىرگە شەرق مەسىلىلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ ياشلار شۆبىسىنى قۇرۇپ چىققان ئىدى (قىرىم مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىدە ئالاھىدە رول ئوينىغان ئەدىگە مۇستاپا قىرىمال، ئابدۇللا زىھنى سويسال، سەلىم ۋەكىلى ئورتاي ۋە ئىبراھىم ئوتار قاتارىدىكى كىشىلەر پولشا ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ پروگراممىسى ئاساسىدا ئوقۇش ياردىمىدىن بەھرىمەن بولۇپ پولشا ئۇنىۋېرسىتىتلىرىدە ئوقۇغانلاردىن ئىدى. — ئا.ھ. ئىزاھاتى). پولشا ھۆكۈمىتىنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن يەنە بىرسى، كاپكازىيە بىلەن ئۇكرائىنالىق سابىق ئەسكەرلەرنى توختام بويىچە پولشا ئارمىيىسىگە قوبۇل قىلىشنى يولغا قويىشى ئىدى.

ئۆز ۋەتىنىدە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى قانات يايدۇرۇلغان مۇستەقىللىق ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان نۇرغۇنلىغان ئوفىتسېرلار، 1927-يىلىدىن باشلاپ پىلانلىق تۈردە پولشا ئارمىيىسىدە ۋەزىپىگە قويۇلغانلىقى مەلۇم. پىلسۇدسكى تەرىپىدىن باشلىتىلغان بۇ ئىشلار ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتىلىغان كۈنگىچە داۋاملىشىدۇ.

*****

# تۈركىستان — بېرلىن سېپى ۋە ئۈنىڭ نېرىسى

نە ئۈمىد، نە خىياللار بىلەن كەلگەن ئىدۇق،
خام خىيال ياكى ئوتوپىيەمىدى ئۇلار ھەممىسى؟
بىز تۈركىستانلىق ئىنقىلاپچىلار نەدە قالدۇق ۋە نېمە قىلىپ يۈرىمىز؟

— ئەخمەت نائىم، ئوقۇغۇچى، 1929

1920-يىللار، تۈركىستاندىكى سوۋېتلەر ھاكىمىيىتى كۈندىن-كۈنگە كۈچلىنىپ كېتىۋاتقان يىللار ئىدى. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا، سوۋېت دائىرىلىرى داۋام قىلىۋاتقان ئىچكى ئۇرۇش قالايماقانچىلىقى، دۇچ كېلىۋاتقان ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنىڭ كۆپلىگى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەتراپىدىكى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ يەرلىك يېتەكچىلىرىنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مۇھتاج بىر ئەھۋالدا ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، يەرلىك رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرىنىڭ كۆرۈنۈشتە سوتسىيالىزمچى، ئەمەلىيەتتە بولسا ھەقىقى مىللەتچىلىك ئاساسىدىكى ھاكىمىيەت سىستېمىلىرىنى قۇرۇپ چىقماقچى بولغان ئۇرۇنۇشلىرىغا قىسمەنلىكتە بولسىمۇ كۆز يۇمۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. بولۇپمۇ يېڭىدىن قۇرۇلغان بۇخارا جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۈستىدە تۇرىۋاتقان جەدىتچى مەسئۇللارنى ئۆركىتىۋەتمەسلىك، ھەمدە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا مۇقىملىقنى قولغا كەلتۈرىۋالغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزلىرىگە بەھۇدە باش ئاغرىقى تېپىۋالماي ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرىشى كېرەك ئىدى. ئەمما پەرغانە تەرەپلەردە باش كۆتەرگەن باسمىچىلىق ھەرىكەتلىرى تېز سۈرئەت بىلەن كېڭىيىپ پۈتۈن تۈركىستانغا تېز سۈرئەت بىلەن يېيىلماقتا ئىدى. سوۋېت رەھبەرلىرى بۇ جايلاردا ۋەزىيەتنى تولۇق تىزگىنلەپ ئالغىچە بولغان ئارىلىقتا سىلىق سىياسەت يۈرگۈزىشىنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، 1921-يىلىنىڭ ماي ئايلىرىدا لېنىن بىلەن چىچېرىن قول قويۇپ تارقاتقان بىر ھۆججەت ئارقىلىق

بۇخارا جۇمھۇرىيىتىگە بىر قىسىم چەت دۆلەتلەر بىلەن بىۋاستە ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي مۇناسىۋەت ئورنىتىش ھوقۇقىنى تونۇغان ئىدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان بۇخارا جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىك ئورگىنى 1921~1922-يىللار ئارىسىدا، بولۇپمۇ گېرمانىيە بىلەن ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي مۇناسىۋەت تىكلەش ئۈچۈن تىرىشماقتا ئىدى.

يۇقۇرقىدەك سىياسىي مۇھىت ئاستىدا يەرلىك جەدىتچى خادىملارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان مۇھىم ئىشلاردىن بىرسى، چەتئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش پىلانى ئىدى. موسكۋانىڭ ھەر قانچە نارازى بولىشىغا قارىماي، بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن تۈركىستان ئا س س ر رەھبەرلىرى 70 نەپەردەك ئوقۇغۇچىنى ياۋرۇپاغا ئەۋەرتىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئوقۇغۇچى ئەۋەرتىدىغان دۆلەت قىلىپ گېرمانىيە تاللاپ ئېلىنغان ئىدى. بىرىنچى جاھان ئۇرۇشىدا مەغلوب بولغىنىغا ھەمدە ئىچكى جەھەتتىكى قىيىن شارائىتلىرىغا قارىماي، گېرمانىيە يەنىلا بىلىم ۋە تېخنىكا مەركەزلىرىدىن بىرى ھىساپلىناتتى. ۋېرساي شەرتنامىسىدا بەلگىلەنگەن مەجبورىيەتلىرى تۈپەيلىدىن، ئەنگىلىيە قاتارىدىكى بارلىق كاپىتالىستىك ئەللەر بىلەن گېرمانىيە ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتلەر بەكلا يىرىكلىشىپ كەتكەن ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، گېرمانىيە ھۆكۈمىتى بىر مۇنچە خەلقارالىق مەسىلىلەردە سوۋېت رۇسىيىسى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ پائالىيەت قىلىشقا مەجبور بولماقتا ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، كۈندىن كۈنگە ناچارلىشىپ كېتىۋاتقان ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلىرى سەۋەبىدىن ئىجتىمائىي تەركىپلەر ئىچىدە ئېغىر قۇتۇپلىششلار بارلىققا كېلىپ، سوتسىيالىزم ھەرىكەتلىرىنىڭ كۈچ تەسىرى تېز سۈرئەتتە يېيىلماقتا ئىدى. بۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا گېرمانىيىدىكى سىياسىي گۇرۇھلار ئىچىدىكى سوتسىيالىزمچىلارنىڭ سانىمۇ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بارماقتا ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، لېنىن قاتارىدىكى نۇرغۇنلىغان بولشېۋىك رەھبەرلىرى ياۋرۇپادىكى سوتسىيالىستچىلار قوزغىلىڭىنىڭ ئالدى بىلەن گېرمانىيىدە پارتلىشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىشماقتا ئىدى. بۇ تۈردىكى سەۋەپلەرگە ئاساسەن، موسكۋا دائىرىلىرى مەيلى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن بولسۇن ياكى كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈچۈن تۈركىستان ھاكىمىيەت ئورگىنىدىكى جەدىتچىلارنىڭ گېرمانىيە بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشى، بۇ دۆلەتكە ئوقۇغۇچى چىقىرىشى قاتارلىق پائالىيەتلىرىگە بىر مەزگىل كۆز يۇمغان ئىدى. بۇخارا جۇمھۇرىيىتى بىلەن تۈركىستان ئا س س ر باشلاتقان بۇ تۈر پائالىيەتلەر خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئۆز پەرزەنتلىرىنى چەتئەلگە ئوقۇشقا ئەۋەرتىش قىزغىنلىقى ئۈچۈن رىغبەتلەندۈرگۈچى رول ئوينىماقتا ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، نۇرغۇنلىغان ئوقۇغۇچى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئوقۇش ئۈچۈن چەتكە چىقىشقا ئاتلانغان ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن تۈركىيە بىرىنچى ئورۇندىكى دۆلەت قىلىپ تاللىۋېلىنغان بولۇپ، ئىككىنچى ئورۇندا يەنە شۇ گېرمانىيە تۇراتتى. 1922~1923-يىللىرىدا باشلانغان بۇ

ئوقۇغۇچى چىقىرىش ھەرىكىتى كېيىنكى يىللاردا چەتئەللەردە قانات يايدۇرۇلىدىغان تۈركىستان مىللىي كۈرەشلىرىنىڭ پائالىيەت قىلغۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە بەكلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر مەنبە بولۇپ قالغان ئىدى.

1922-يىلىنىڭ كىرىشىدە تۈركىستاندا نەشىر قىلىنىۋاتقان «قىزىل بايراق» گېزىتىدە، «گېرمانىيىدە ئوقۇۋاتقان مۇسۇلمانلار» دىگەن ماۋزۇدا بىر ماقالە ئېلان قىلىنىدۇ. گېرمانىيە دۆلەت ئورگانلىرىدىن ئېلىنغان مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ يېزىلغان بۇ ماقالىدىكى مۇسۇلمان ئەللىرى ئوقۇش ئۇچۇن گېرمانىيىنى تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىش دەرىجىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتلار سېلىشتۇرمىسى ھەقىقەتەنمۇ قىزىقارلىق ئىدى. بۇ ماقالىدا كۆرسىتىلگەن سانلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، گېرمانىيىدە ئوسمانىلار تۈركلىرىدىن ئۆز تەمىناتى بىلەن ئوقۇشنى ئاساس قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ سانى بىرەر مىڭدەك، ئەرەپ ئەللىرىدىن بولسا بۇ سان تۆت يۈز نەپەر ئەتىراپىدا ئىدى. يەنە شۇ ۋاقىتلاردا قازاندىن قىرىق نەپەر (26 نەپىرى ئۆز چىقىمى بىلەن، 12 نەپىرى دۆلەت تەمىناتى بىلەن)، ئەزەربەيجاندىن يەتمىش بىر نەپەر، قىرىمدىن ئىككى نەپەر، شىمالى كاپكازىيە تەۋەسىدىن بولسا ئالتى نەپەر ئوقۇغۇچى بار ئىدى. بۇلارغا سېلىشتۇرغاندا تۈركىستان تەۋەسىدىن ئۆز تەمىناتى بىلەن ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى يوق دىيەرلىك بولۇپ، پەقەت بىر نەپەرلا ئوقۇغۇچى ئۆزى پۇل تۆلەپ ئوقۇشقا بارغان. بېرلىنگىلىك ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇيدىغان بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئىسمى ئابدۇلۋاھاپ مۇرادى ئىدى. ئوسمانىلار تۈركلىرى بىلەن قازان تاتارلىرىدىن باشقا ھېچ بىر قەۋم قىز ئوقۇغۇچى ئەۋەرتمىگەنلىكىنى ماقالە ئاپتورى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسەتكەن. جەدىتچىلىك ھەرىكىتى بالدۇر باشلانغان قازان، قىرىم ۋە ئەزەربەيجان قاتارىدىكى تۈركى يۇرتلىرى غەرپ دۇنياسىنىڭ ئىلىم-پەن ساھەسى بىلەن ئۇچۇرىشىشى بۇ ئېقىم بىلەن 1900-يىلىغا كەلگەندىلا ئاندىن تونۇشۇش پۇرستىگە ئېرىشەلىگەن تۈركىستان تەۋەسىگە نىسبەتەن ئالغاندا خېلىلا ئىلگىرى كەتكەن ئىدى. تۈركىيە تۈركلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىگە گەپ كەتمەيتتى.

يەنە شۇ ئاپتور ئېلان قىلغان باشقا بىر ماقالىدا ھەر قايسى تۈرك يۇرتلىرىدىن ياۋرۇپاغا ئوقۇغۇچى چىقىرىش ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ ئۆتكەن. بۇ مەلۇماتلارغا قارىغاندا 1922-يىلىدا بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن 46 نەپەر، خىۋە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن 5 نەپەر، قازاقىستاندىن 15 نەپەر، باشقىردىستاندىن 10 نەپەر ۋە تاتارىستاندىن 10 نەپەر ئوقۇغۇچى ئەۋەرتىش بەلگىلەنگەن. تۈركىستان ئا س س ر دىن ئەۋەرتىلگەن ئوقۇغۇچىلار ئاساسەن تاشكەنت شەھىرىدىن تاللانغان بولۇپ، مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۆز تەمىناتىغا تايىنىپ ئوقىماقچى بولغان 19 نەپەر ئوقۇغۇچى بارلىقى كۆرسىتىلگەن. بۇخارا جۇمھۇرىيىتىدىن ئەۋەرتىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەش ۋە نازارەت قىلىش ۋەزىپىسى جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار

مەدەنىي مۇناسىۋەتلەر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئابدۇۋاھىت بورھانوپ (مۇنزىم) قا تاپشۇرۇلغان.

ياۋرۇپاغا ئوقۇغۇچى ئەۋەرتىش سەپەرۋەرلىك ھەرىكىتى تۈركىستان ئا س س ر دا خەلق كومىسسارلار سوۋېتىنىڭ رەئىسى تۇرار رىسقۇلوۋ تەرىپىدىن، بۇخارادا بولسا بۇخارا خەلق شۇرالار جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى پەيزۇللا غوجايېۋ تەرىپىدىن باشلىتىلغانلىقى مەلۇم. بۇخارا جۇمھۇرىيىتىدە چەتكە ئوقۇغۇچى چىقىرىش ھەمدە مائارىپ ئىشلىرىنى ياخشىلاش مەقسىتىدە تاتار مائارىپچى ئالىمجان ئىدرىس، بۇخارا مەركىزى ئىجرائىيە كومىتېت ئەزاسى بورھانوۋ ۋە ئەلچىخانا خادىمى كېمىنىسكى قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان بىر كومىسسىيە تەشكىل قىلىنغان. تۈركىستان ئا س س ر دا بولسا، چەت دۆلەتلەرگە ئەۋەرتىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر تۈرلۈك رەسمىيەتلىرى، مائارىپ نازارىتى تەۋەسىدە تەشكىل قىلىنغان بىر ئىلمىي ھەيئەت تەرىپىدىن ئىشلەنمەكتە ئىدى. گېرمانىيىگە بارىدىغان ئوقۇغۇچىلار بۇ ئورگاننىڭمۇ ياردىمىگە تايىنىپ، 1922-يىلىنىڭ ئاۋغۇست ئېيىدا ئۆز ئىچىدە «كۆمەك» (ھەمكارلىق) نامىدا بىر جەمىيەت قۇرۇپ چىقىدۇ. تاشكەنتتە قۇرۇلغان بۇ جەمىيەتنىڭ رەئىسلىكىگە سەئىد ئەلىغوجا ئىسمىلىك بىر ئوقۇغۇچى تەيىنلىنىدۇ. ھەر ئىككىلا جۇمھۇرىيەتنىڭ مەسئۇللىرى تەرىپىدىن باشلىتىلغان بۇ ھەرىكەت خەلق ئاممىسى ئىچىدە ئىنتايىن قىزغىن قوللاشقا ئېرىشكەنلىكى مەلۇم. بولۇپمۇ زىيالىيلار، تۈركىستانلىق ياشلارنىڭ ياۋرۇپا ئەللىرىدە تەربىيىلىنىشى تۈركىستاننىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارىماقتا ئىدى. داڭلىق شائىر ئابدۇخەمىت سۇلايمان چولپان «ئىستىقبال ئۈچۈن كۈرەش» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدا بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

بىز يېقىندىن بېرى ياشلىرىمىزنىڭ يىراق ئەللەرگە بېرىپ بىلىم ئېلىشى ئۈچۈن قىزىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خوشال بولماقتىمىز. بۇ ياشلىرىمىز ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلماي "كۆمەك" لەشكەنلىكىنىمۇ بىلىمىز.

چار ھۆكۈمىتى دەۋرىدە ئىچكى رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنى خىرىستىيانلاشتۇرۇشقا كۈچ چىقىرىپ كەلگەن داڭلىق ئىلمىنىسكى سىياسىتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئادەملىرىدىن پوپېدوۋنا، يازغان بىر پارچە خېتىدە "يەرلىك خەلق ئارىسىدىكى (مۇسۇلمان تۈركلەر كۆزدە تۇتۇلماقتا. — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى) بىزگە پايدىلىق بولغان، ھېچ بولمىغاندا بىزگە زىيان كەلتۈرمەيدىغان بۇ كىشىلەر، ئورۇس تىلىنى تارتىنىپ ئۇنچە بەك راۋان سۆزلىيەلمەيدىغان، يازغان نەرسىلىرىدە بىر مۇنچە خاتالىقلار كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان، بىزنىڭ باش گوبېرناتۇرىمىزدىنلا ئەمەس ھەتتا بىزنىڭ ئەڭ كىچىك بىر ئەمەلدارلىرىمىزنى

كۆرسىمۇ قورقۇپ تىترەپ تۇرىدىغان كىشىلەردۇر.» دەپ يازىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا بىز ئۇرۇس تىلى بىلەن ئەمەس، تەرەققىي تاپقان ياۋروپا ئەللىرىنىڭ تىلى ۋە بىلىمى ئارقىلىق جاۋاپ بىرەلىسەك، بەلكىم ئادەمدەك ياشاش ھەققىگە ئېرىشەلىشىمىز مۇمكىن.

چولپان، 1917-يىلقى ئىنقىلاپتىن 5 يىل ئۆتكەن 1922-يىلىدا يازغان بۇ ماقالىسىنىڭ قۇرلىرىدا تۈركىستانغا مەدەنىيەتنى ئۇرۇسلار كەلتۈردى دەيدىغان كۆز قاراشلارنى چارلىق دەۋرىدىكىگە ئوخشاش تەشۋىق قىلىشقا كىرىشكەن كومۇنىستلار ھاكىمىيىتىنىمۇ تەنقىتلەيدۇ؛ تۈركىستانلىقلار، ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان ئۇرۇس پەن-تېخنىكا كۈچىنى ياۋروپا پەن-تېخنىكىسىغا بىۋاستە تايىنىش ئارقىلىقلا يېڭىپ چىقالىشى مۇمكىن دەپ كۆرسەتمەكتە ئىدى.

چەت دۆلەتلەرگە چىقىرىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش تەمىناتىنى تولۇقلاش ۋە يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى داۋاملىق ئەۋەرتىپ تۇرۇش ئۈچۈن دۆلەت ئىمكانلىرىغىلا تايىنىپ قالماي، ھەر تۈرلۈك مەدەنىيەت، سەنئەت ۋە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدىن كېلىدىغان كىرىملەرنىڭ بىر قىسمىنى ئايرىپ قوشۇمچە فونت تەشكىل قىلىنغان. 1922-يىلىنىڭ 18-دىكابىر كۈنىدىكى «تۈركىستان» گېزىتى بەرگەن مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، چەتئەلدە بىلىم ئېلىۋاتقان ياشلار ئۈچۈن خەلق ئىچىدە كەڭ كۆلەملىك بىر سەپەرۋەرلىك قانات يايدۇرۇلغان. سەپەرۋەرلىكنى تەشكىللىگەن كىشىلەر ئىچىدە ناسىر مىر جالالوۋ، ئابدۇخەمىت سۇلايمان چولپان، مۇنەۋۋەر قارى، ئابدۇرەشىتخانوۋ ۋە شاكىرجان خەمدى قاتارىدىكى داڭلىق كىشىلەرمۇ بار ئىدى. 1922-يىلى 2-دىكابىردا، تاشكەنتتە زىيالىيلار تەرىپىدىن بىر ئەدەبىيات كەچلىكى ئۇيۇشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ كەچلىكتە يىغىلغان 7500 سوم (شۇ يىللىرى تۈركىستاندا ئىشلىتىلگەن پۇل ئۆلچىمى. — ئا.ھ. ئىزاھاتى) پۇل بۇ فونتقا ياتقۇزۇلغان.

## تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلار گېرمانىيىدە

ئوقۇغۇچىلار، 1922-يىلىنىڭ سىنتەبىر ئېيىدا تۈركىستاندىن يولغا چىقىدۇ. سوۋېت دائىرىلىرىنىڭ توسالغۇلۇق قىلىش ئېھتىمالىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۈركىستانلىق جەدىتچىلار باشلامچىلىرىدىن ئۇبەيدۇللا غوجا ئوقۇغۇچىلار ئۈمگى بىلەن بىرگە موسكۋاغا بارىدۇ (ئۇبەيدۇللا غوجىنىڭ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە گېرمانىيىگە بېرىپ-بارمىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئىبراھىم ئارىپخان —يارقىن— بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتتە، ئۇبەيدۇللا غوجا موسكۋادا قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمما سائىدە شىرئەخمەت قىزى —ئوكتاي—، ئۇبەيدۇللا غوجىنىڭ بېرلىنغىچە بىرگە

كەلگەنلىكىنى، ئۇ يەردە قىسقا ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن قايتىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). ئەمما ئەنسىرىگەن ئىش يۈز بەرمەيدۇ. ئوقۇغۇچىلار لېنىنگرادتىن پاراخوتقا ئولتۇرۇپ گېرمانىيىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. گېرمانىيىگە بارغاندىن كېيىن گېرمانچە ئۆگىنىش ئۈچۈن بېرلىن، درېسدېن، ھەيدەلبېرگ ۋە دارمستادت قاتارلىق شەھەرلەردىكى مەكتەپلەرگە تارقىتىلىدۇ.

(رەسىم ئورنى)
گېرمانىيىگە ئەۋەتىلگەن قىز ئوقۇغۇچىلاردىن بىر قىسمى ئۇبەيدۇللا غوجا (سول تەرەپ باشتىكى) ۋە ئالىمجان ئىدرىس (ئوڭ تەرەپ باشتىكى) بىلەن بىرگە. ئوتتۇردا ئولتۇرغىنى سائىدە شىرئەخمەت قىزى (ئوكتاي)، ئۇكىلىرى فۇزەيل ۋە نەسرىدىن. موسكۋا، 1922ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرى. (ئەھەت ئەنجان ئارخىۋىدىن)

تۈركىستان ئا س س ر دىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئاساسەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىش سەۋىيىسىگە يەتكەن ئوقۇغۇچىلار ئىدى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، بۇخارا جۇمھۇرىيىتىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەندىلا پۈتتۈرگەن باللار ئىدى. ئالىمجان ئىدرىس بولسا ئوقۇغۇچىلار ئۈمگىنى گېرمانىيىدە يېتەكلەش ھەمدە نېمىس دائىرىلىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش ئىشلىرىغا مەسئول قىلىنغان ئىدى. ئىدرىس، مەدرىسە ئوقۇشىنى بۇخارادا تاماملىغان بىر ئىدىل ئۇرال تۈركى ئىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقاندا نېمىسلارغا ئەسىرگە چۈشكەن بولۇپ، شۇ مەزگىلدە بېرلىن يېقىنلىرىدا قۇرۇلغان ۋۇنستورف ئۇرۇش ئەسىرلىرى لاگېرىدا ئىماملىق قىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن لاگېرنىڭ تەرتىپ ئىنتىزامىغا مەسئۇل بولغان بىرسى ئىدى. شەرق تىللىرى بىلەن ئۇرۇس تىلىنى پىششىق بىلگەچكە 1916ـ يىلىسىدىن تارتىپ پرۇسسىيە ئۇرۇش نازارىتى تەۋەسىدە مۇسۇلمان ئۇرۇش ئەسىرلىرىدىن بىر ياللانما قوشۇن تەشكىل قىلىش ئىشلىرىغا ياردەمچىلىك قىلىش خىزمىتىگە سېلىنغان ئىدى (ئالىمجان ئىدرىسى 1921ـ يىلىغىچە داۋاملاشتۇرغان بۇ ۋەزىپىسى ئۈچۈن 1923ـ يىلىسى گېرمانىيە پىرىزدىنتى ئېبېرت خەت يېزىپ ئۇنى تەغدىرلىگەن ئىدى. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). ئۇ تۈركىستانغا قايتىپ كەلگەن ۋاقىتلىرىدا بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى گېرمانىيىگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش پىلانىنى باشلاش ئالدىدا تۇرىۋاتقان ئىدى. شۇڭا، بۇ ئىشقا ئىدرىسى ئەڭ مۇۋاپىق نامزات دەپ قارالغان.

تۈركىستان ئا س س ر رەھبەرلىرىدىن تۇرار رىزقۇلوۋ بەرگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1923ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى گېرمانىيىدە تۈركىستان ئا س س ر دىن 7 نەپىرى ئۆزبەك، 4 نەپىرى قازاق تۈركى بولۇپ جەمئىي 11 نەپەر ئوقۇغۇچى، بۇخارا

خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن بولسا 40 نەپىرى تۈركىستانلىق، 6 نەپىرى تاتار ۋە 4 نەپىرى يەھۇدىي بولۇپ جەمئىي 49 نەپەر ئوقۇغۇچى بار ئىدى. تۈركىستان ئا س س ر دىن بارغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ 4 نەپىرى ئاكادېمىيە تېخنىكومىدا، 2 نەپىرى يېزائىگىلىك ئاكادىمىيىسىدە، بىر نەپىرى مىدىتسىنا فاكۇلتېتىدا، بىرى قىز 2 نەپەر ئوقۇغۇچى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇماقتا ئىدى. ئومۇمەن ئالغاندا گېرمانىيىدە تۆت تۈرلۈك ئوقۇغۇچى بار ئىدى. قىزلارنى ئاساس قىلغان گۇرۇپپىكىلەر پىداگوگىكا مەكتەپلىرىدە ئوقۇماقتا ئىدى. بىر قىسىم ياشلار بولسا ۋاقىتلىق بىلىم تولۇقلاش ئۈچۈن تېخنىك مەكتەپلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. بولۇپمۇ بۇخارا جۇمھۇرىيىتىدىن ئەۋەتىلگەن كىچىك ياشتىكى باللار ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپ تارماقلىرىغا جايلاشتۇرۇلغان ئىدى. ئەڭ ئاخىرقى بىر گۇرۇپ بولسا ھەرخىل فاكۇلتېتلارغا تەخسىم قىلىنغان ئۇنىۋېرسىتېت ستۇدېنتلىرى ئىدى.

ئۇ ۋاقىتلاردا يەنە دۆلەت تەرىپىدىن تۈركىيىگىمۇ ئوقۇغۇچى ئەۋەتىلگەن ئىدى. ئۇ يىللىرى تۈركىستاندىكى جەدىتچىلار مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان راجى چېقىركۆز ئۆزىنىڭ ئەسلىمىلىرىدە بۇخارا جۇمھۇرىيىتىدىن بىر بۆلۈم ئوقۇغۇچى دۆلەت تەمىناتى بىلەن تۈركىيىگە ئەۋەتىلگەنلىكىنى، بۇ ئوقۇغۇچىلار ئاساسەن كاستامونو بىلەن سامسۇندىكى (تۈركىيىنىڭ شەرقى قارا دېڭىز بويىدىكى شەھەرلىرى. — ئۇ.ت) مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىنغانلىقىنى يازىدۇ. بۇ مەلۇماتلار بۇخارادىكى جەدىتىزىم ھەرىكەتلىرىگە بىۋاستە قاتنىشىپ، كېيىنچە گېرمانىيىگە ئوقۇغۇچى بولۇپ كەتكەن ئەخمەت نائىم تەرىپىدىنمۇ توغرىلىنىدۇ.

(رەسىم ئورنى)
بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلار بېرلىن مەسچىتى ئالدىدا. 1922 ـ يىل ئاخىرلىرى (ئەھەت ئەنجان ئارخىۋىدىن)

تۈركىستانلىق رەھبەرلەر، گېرمانىيە بىلەن تۈركىيىگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش پىلانلىرىدىن موسكۋانىڭ قاتتىق نارازى بولىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا بىلىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇلار موسكۋانىڭ بۇ ھەقتىكى ئەنسىرىشىگە ئىمكان قالدۇرماسلىق ئۈچۈن رۇسىيىگىمۇ ئوقۇغۇچى يوللاشنى پىلانلايدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا، ياۋروپا بىلەن رۇسىيىگە ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچى سانىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ھەقىقەتەنمۇ رۇسىيىلىكلەرنى خاتىرجەم قىلغىدەك بىر سان ئوتتۇرىغا چىقاتتى. 1923 ـ يىلسى بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى، تۈركىستان ئا س س ر ۋە قىرغىز (قازاق) ئا س س ر دىن 43 نەپىرى ئۆزبەك، 64 نەپىرى قازاق، 2 نەپىرى تۈركمەن، 22 نەپىرى تاجىك ۋە 12 نەپىرى ئۇيغۇر بولۇپ جەمئىي 149 نەپەر ئوقۇغۇچىنى رۇسىيىگە دۆلەت تەمىناتى بىلەن ئوقۇشقا ئەۋەتكەن ئىدى.

1922ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى نازىرلار شۇراسىنىڭ رەئىسى پەيزۇللا غوجايېۋ گېرمانىيىنى زىيارەت قىلىدۇ. ئۇ گېرمانىيە زىيارىتى ئۈچۈن داۋالىنىشنى باھانە قىلغانىدى. غوجايېۋ، 1922ـ يىلىنىڭ 25ـ سىنتەبىرىگىچە داۋام قىلغان بۇ ساياھىتى جەريانىدا گېرمانىيىنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدە ئوقۇۋاتقان تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆرۈشىدۇ؛ بۇ كۆرۈشۈشلەر بىلەن گېرمانىيەدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا مۇناسىۋەتلىك كۆزقاراشلىرىنى «بۇخارا ئاخبارى» دېگەن بىر گېزىتتا «بېرلىندىن كەلگەن مەكتۇپلار» سەرلەۋھەلىك بىر پارچە ماقالىسىدا بايان قىلىدۇ. غوجايېۋ بۇ ماقالىسىدا قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەربىيىلىنىۋاتقانلىقىدىن بەكلا خوشال ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، گېرمانىيىدە تەربىيىلىنىۋاتقان ياش قىزلارنى بىر ـ بىرلەپ ئىسمىنى ئاتاپ كۆرسەتكەن ئىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدىكى، غوجايېۋ بۇ ئارقىلىق تۈركىستانلىقلارنى مائارىپ ئىشلىرىغا قىزىقتۇرۇش، بولۇپمۇ قىزلىرىنى ئوقۇتۇش ـ تەربىيىلەشكە رىغبەتلەندۈرشنى مەقسەت قىلغان. غوجايېۋ بۇ قېتىمقى زىيارىتى جەريانىدا نېمىس مەسئۇللىرى بىلەنمۇ كۆرۈشكەن بولۇپ، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىش نەتىجىسىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە گېرمانىيىدە مۇددەتسىز تۇرۇش رۇخسىتىنى ھەل قىلىپ بەرگەن.

گېرمانىيىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردىن ئەخمەتجان ئىبراھىم 1923ـ يىلىنىڭ 14ـ مارت كۈنىسى «تۈركىستان گېزىتى» دە ئېلان قىلغان «كۆمەك ئۇيۇشماسىدەگى ئورتاقلەرىمگە» (ھەمكارلىق جەمئىيىتىدىكى دوستلىرىمغا. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) دېگەن تىملىق ئوچۇق خېتىدە «كۆمەك» تەشكىلاتىنىڭ بېرلىن شۆبىسىنى قۇرۇپ چىققانلىقىنى ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ. بۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇش غايىسى گېرمانىيىدىكى تۈركىستانلىق ياشلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ دېيىلگەن ئىدى. رەئىسلىكىگە سەئىت ئەلى غوجا تەيىنلەنگەن بۇ ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى شۇ يىلىنىڭ سىنتەبىرىدە سەئىت ئەلى غوجا، ئەخمەت شۈكرى ۋە سەتتار جاپپار قارتارىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قاتنىششى بىلەن «كۆمەك» دېگەن بىر ژورنال چىقىرىدۇ. بېرلىندىكى «ئازات شەرق» باسمىخانىسىدا ئەرەپ ئەلىپبەسى ۋە ئۆزبەك شىۋىسى بىلەن بېسىلغان 28 بەتلىك بۇ ژورنال، تۈركىستانلىقلار تەرىپىدىن چەتئەللەردە چىقىرىلغان تۇنجى ژورنال بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

(رەسىم ئورنى)

گېرمانىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا تەقسىم قىلىنغان تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلاردىن بىر قىسمى

ئالدىنقى قاتاردىكىلەر (سولدىن ئوڭغا قاراپ) ئابدۇلۋاھاپ ئىسھاق ئوغلى (ئوكتاي)، سەتتار جاپپار، ئىككىنچى رەتتىكىلەر: خەيرىنىسا مجتىخان قىزى (مۇساباي)، تاھىر شاكىر (چاغاتاي)، ئەزىم بەك بىرىمجان، سەئىد ئەلى غوجا (ئەنقەرە)، ئەفدال ئابدۇسەئىد (ۋېنسۇرەل)، مەريەم سۇلتانوۋا، ئەخمەتجان ئىبراھىم (ئوكاي)، كەينىدە ئۆرە تۇرغانلار: سۇلتان مەتقۇل، سابىر تۈركىستانلىق، ئابدۇۋاھاپ مۇرادى، داملا ؟، ئەخمەت نائىم (ئۆكتەم)، تەمىربەك قارىبەك ئوغلى، سالىھ مۇھەممەت، ئابدۇراخمان مۇھىبباي ئوغلى. 1923ـ يىلى 18ـ فېۋرال (ئەھەت ئەنجان ئارخىۋى)

بۇ ژورنال، سەئىت ئەلى غوجا تەرىپىدىن يېزىلغان «تىلەكلىرىمىز» ماۋزۇلۇق بىر كىرىش سۆز ماقالىسىدىن كېيىن، يەنە شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ «ئەقىل ۋە سەزگۈ»، ئەخمەت شۈكرىنىڭ «تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىدىئالىزم»، ئەخمەتجان ئىبراھىمنىڭ «تېخنىكا ۋە بىز» قاتارىدىكى ماقالىلىرى بىلەن داۋاملىشىدۇ. «تىلەكلىرىمىز» دېگەن ماقالە گېرمانىيىدىكى تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىي ھالىتىنى ئىپادىلىشى نوقتىسىدىن ئالغاندا ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ئويلاندۇراتتى. ماقالىنىڭ باش تەرىپىدە تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ گېرمانىيىگە كېلىش سەۋەپلىرى ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ:

> زور خوشاللىق بىلەن مەدەنىيلىشىش يولىغا قەدەم قويىۋاتقان ۋەتىنىمىز تۈركىستان، كەلگۈسىنىڭ ئۈمىتلىرى ئۈچۈن بىزنى ياۋروپاغا بىلىم ئېلىشقا ئەۋەرتىشتى. تۈركىستان بىزلەردىن ئىنتايىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتمەكتە. ئەمما بىز نەچچە يىل داۋاملىشىدىغان ئوقۇش يىللىرىمىز جەريانىدا سۆيۈملۈك تۈركىستانىمىزغا خىزمەت قىلىشتىن مەھرۇم قېلىشنى خالىمايمىز. بىز بۇ يەردە تۇرغان مۇددەت ئىچىدە ۋەتىنىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرىمىز. تەبىئىكى، ھەر مىللەتنىڭ ئالىي بىلىم ئالغان ياشلىرى نەدە بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئىلمىي ۋە سوتسىيال خاراكتىردىكى خىزمىتى بىلەن ئۆز مىللىتىگە ياردەمچى بولىشى كېرەك.

(رەسىم ئورنى)

گېرمانىيىدىكى تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن چىقىرىلغان «كۆمەك» ژورنىلىنىڭ مۇقاۋىسى. مۇقاۋىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى «بىلىم ياۋرۇپادەدىر!» دېگەن جۈملە كىشىنى جەلىپ قىلىدۇ. (ئەخەت ئەنجان ئارخىۋى)

سەئىت ئەلى غوجا تەرىپىدىن يېزىلغان «ئاسىيانىڭ ئاق ئوغلى» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدا بولسا چەت دۆلەتلەرگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇنازىرىلەر ئۈستىدە توختۇلۇپ ئۆتكەن:

چەت دۆلەتلەرگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش ئىشىغا قارشى تۇرۇش توغرا ئەمەس، سىرتقا ئوقۇغۇچى ئەۋەتىشكە قارشى تۇرۇش مىللەتكە زىيانلىق بىر ھەرىكەتتۇر. ... سوۋېت ھۆكۈمىتى بىزنىڭ گېرمانىيىگە ئەۋەتىلىشىمىزگە رۇخسەت بېرىش ئارقىلىق سابىق چاررۇسىيە تۈزۈمى يولغا قويغان مۇستەملىكىچى شەرق سىياسىتىدىن پەرقلىق يول تۇتقانلىقىنى كۆرسەتتى.

بۇ ماقالىنىڭ كېيىنكى ئابزاسلىرىدا، كوممۇنىزم كۆزقارىشىنىڭمۇ ياۋرۇپا مەدەنىيىتىنىڭ بىر مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، لېنىن ئىدىيىسىنىڭ مۇكەممەللىشىش جەريانىمۇ ياۋرۇپادا ئىشقا ئاشۇرۇلغان دېگەنلەر تەكىتلەنگەن. شۇنداق قىلىپ بىلىم ئېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىققانلارغا قارىتىلغان "بۇرجۇئازىيە ئۇنسۇرلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش" دەيدىغان تەنقىتلەرگە جاۋاپ بېرىشكە تىرىشلغان ئىدى.

«تېخنىكا ۋە بىز»، «چولپان چولپاندۇر» دېگەن تېمىدىكى ماقالىلاردا بولسا، تېخنىكا تەرەققىياتى بىلەن مەدەنىيەت بېسىمىغا دۇچ كېلىۋاتقان بۇ ياشلار، ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ياۋرۇپا مەدەنىيىتىدىن ھەرگىزمۇ تۆۋەن تۇرمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشقان ئىدى. ژورنالدىكى ماقالىلار تەھلىل قىلىنغاندا، تۈركىستانلىق ياشلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تەرەققىياتلار بىلەن كومۇنىزمدىن ئۇنچە بەك ئەنسىرەپ كەتمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىر خىل روھى ھالىتىنى كۆرىۋېلىش مۇمكىن. سوۋېت تۈزۈمى ئىچىدە تۈركىستاننى ساقلاپ قېلىشقا بولىدىغانلىقى، تۈركىستانلىقلارنىڭ مىللىي مەنلىكلىرىنى ساقلاپ قالالايدىغانلىقى ھەمدە ۋەتەنىنىڭ تەغدىرىنى ئۆزلىرى ھەل قىلالايدىغانلىقى قاتارلىقلارغا بولغان ئىشەنچلەر بايان قىلىنماقتا ئىدى. ئاپتورلار ئىمكانىيەت يار بەرگىنىدە بۇ ژورنالنىڭ نەشرى قىلىنىشىنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇلار «كۆمەك» ژورنىلىنىڭ ئىككىنچى سانىنى چىقىرىش ئىمكانىغىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ.

*****

# ئوقۇغۇچى چىقىرىش پىلانىنىڭ ئاقىۋىتى

تۈركىستان ئا س س ر ۋە بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكىلەرنىڭ بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ياۋرۇپاغا يۈرۈش قىلىش سەپەرۋەرلىكىدىن موسكۋا دائىرىلىرى بەكلا نارازى ئىدى. پولشا بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىششى، ھەمدە تۈركىستان باسمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنىمۇ ئاساسەن تىزگىنلەپ بولغانلىقى سوۋېت روسىيە ھۆكۈمىتىنى خېلىلا ئارام تاپتۇرغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ يەرلىك رەھبەرلىرىچە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ بولشېۋىك رەھبەرلىرىنى ئەنسىرىتىپ كىلىۋاتقان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشىغا قول سېلىش پۇرستى كەلگەن ئىدى. بۇ مەسىلىلەردىن بىرسى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن باشقا دۆلەتلەرگە ئوقۇغۇچى چىقىرىشنى چەكلەش، ئەۋەتىلگەنلىرىنىمۇ مۇمكىن بولغان ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قايتۇرۇپ كېلىشنى تەلەپ قىلىش ئىدى. نەتىجىدە 1923 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ تۈركىستان گېزىتلىرىدا موسكۋانىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ماقالىلار ئېلان قىلىنىشقا باشلايدۇ. چەت دۆلەتلەرگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىلمەسلىك تېما قىلىنغان ماقالىلارنىڭ بىرسىدە مۇنداق دېيىلگەن ئىدى:

رۇسىيىگە ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلىرىمىزدىن باشقا بېرلىندىمۇ تالىپلىرىمىز بارلىقى مەلۇم. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، كېلەر يىلى تېخىمۇ كۆپ ساندا تالىپ ئەۋەتىلىش پىلانلانماقتا ئىكەن. ... بۇ ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلار، بۈگۈنكى ئۇرۇس ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلىرىدىكى ھەممە ئېتىراپ قىلىپ كېلىۋاتقان سۈپەتلىك ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى كۆرمەسكە سېلىپ، چەت دۆلەتلەردىكى بۇرجۇئازىيە روھى ۋە بۇرجۇئازىيە ئىدىيىسى بويىچە ئادەم تەربىيىلەيدىغان مەكتەپلەرگىلا قىزىقىپ قالغان.

بۇ ماقالىلارنىڭ ئاپتورى يەنە گېرمانىيىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنقىلاپ يىللىرىدا ئۇ دۆلەتكە پانالىق تىلەپ چىقىپ كەتكەن كونا تۈزۈمنى ھىمايە قىلىدىغان ئۇنسۇرلار بىلەن، يەنى ئاقلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ يۈرگەنلىكىنى، نەتىجىدە رىياكسيون (ئەكسىيەتچى) سىياسىي قاراشلار بىلەن زەھەرلىنىپ كىتىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئالاھىدە توختالغان. بۇ ماقالە، بۇنىڭدىن كېيىن تۈركىستاندىن چەت دۆلەتلەرگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتمەسلىك، ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلارنىمۇ قايتۇرۇپ

كېلىش تەلىۋىنى ئۇتتۇرغا قويۇپ ئاخىرلاشقان. ئەسلىدە موسكۋادىكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى موسكۋا بىلەن لېنىنگراد ئارقىلىق گېرمانىيىگە كەتكەن دەسلەپكى ئوقۇغۇچىلار گۇرۇپپىسىغىمۇ گېرمانىيىگە بارماي ئۇرۇس مەكتەپلىرىدە ئوقۇشلىرىنى تەرغىپ قىلىشقان. ئەگەر شۇنداق قىلغىنىدا ئۇلارغا ھەرخىل ئەۋزەل شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىمىز دەپ ئۇلارغا ئېغىر بېسىم ئىشلىتىپمۇ باققان ئىدى. ئەمما بۇخارا جۇمھۇرىيىتى بىلەن تۈركستان ئا س س ر رەھبەرلىكىنىڭ قەتئىي چىڭ تۇرىۋېلىشى، ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ چىڭ تۇرۇپ تەلەپ قىلىشى نەتىجىسىدە ئۇرۇسلار مەقسىتىگە يېتەلمىگەن ئىدى.

چەت دۆلەتلەرگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش ئىشلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن يېزىلغان بۇ تۈردىكى ماقالىلار ئوقۇغۇچىلارغىلا ھۇجۇم قىلىپ قالماي، بەلكى ئۇلارنى يولغا سالغان رەھبەرلەرگىمۇ ھۇجۇم قىلىشقان ئىدى. بۇ ھەقتىكى مۇنازىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ تۈركستان خەلق كومىسسارلار سوۋېتىنىڭ رەئىسى، ھەمدە رۇسىيە كومپارتىيىسى مەركەزى كومىتېت ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسىنىڭ ئەزاسى تۇرار رىسقۇلوۋ، ئۆزى بىۋاستە گېرمانىيىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ كېلىدۇ. قايتىشىدا «گېرمانىيىدىكى ئوقۇغۇچىلىرىمىز» دىگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىدۇ:

گېرمانىيىگە بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئۇستىدە نېمىس مەكتەپلىرىگە كىرەلمىدى، تۈركچىلىك ياكى باشقا بىر قىسىم سىياسىي قاچقۇنلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ بۇزۇلۇپ كەتتى دىگەندەك بىر قىسىم كوچا خەۋەرلىرى تارقىلىپ يۈرمەكتە. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ يەردىكى ئوقۇغۇچىلار خەت يېزىپ ئىقتىسادىي ياردەم تەلەپ قىلىشماقتا. شۇ سەۋەپتىن بۇ ئىشنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تەكشۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن گېرمانىيىگە بارغان ئىدىم. بارلىق ئوقۇغۇچىلار تىل ئۆگۈنۈش ئۈچۈن نېمىس ئائىلىلىرىگە تارقالاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى كۆردۈم. ... ئوقۇغۇچىلىرىمىز رۇسىيىلىك سىياسىي قاچقۇنلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋەتتە بولماپتۇ. شەرق سىياسىي قاچقۇنلىرى (تۈركلەر، تاتارلار ۋە باشقىلار) بىلەن بەزى مۇناسىۋەتلىرى باردەك قىلغىنى بىلەن، ئۇلار ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا قىلچە زىيان كەلتۈرەلمەپتۇ. ... تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلار ئۆز غايىلىرىنى ھەرگىز ئۇنۇتمىغان. ئۇلار، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگىنىدىن كېيىن ئۆز خەلقى ۋە ئۆز ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلىشنى ھەرگىز ئېسىدىن چىقىرىشمىغان.

يوقۇرقىلاردىن مەلۇمكى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تۈركچىلىك تۈركلەر بىلەن بولشېۋىزمغا قارشى تۇرىدىغان ئاقلارنى ئەڭ خەتەرلىك ئىككى دۈشمەن كۆرۈپ دەپ

قارىماقتا ئىدى. تۈركىستان خەلق كومىسسارلار سوۋېتىنىڭ رەئىسى تۇرار رىسقۇلوۋ ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۈركىيىدىن كەلگەن تۈركلەر بىلەن ياكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن كەلگەن مۇھاجىر تۈركلەر بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇشى ھېچقانداق بىر مەسىلە تۇغدۇرالمايتتى. بۇ ئەھۋاللار، كومۇنىزمنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا تۈركىستانلىق رەھبەرلەرنىڭ تۈركچىلىك كۆز قاراشلارنى ئىپادىلىشىدىن خەۋەردار بولىشىمىز نوقتىسىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. بۇنداق سىياسىي كۆزقاراشقا ئىگە بىر مىللىي رەھبەر، رۇسىيىلىكلەرنىڭ ھەرگىزمۇ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلمەيتتى. دىگەندەك، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا رىزقۇلوۋ موسكۇۋلىيىگە سۈرگۈن قىلىنىپ، كېيىن ئۆلتۈرۈۋېتىلىدۇ.

(رەسىم ئورنى)
تۈركىستان خەلق كومىسسارلار سوۋېتىنىڭ رەئىسى تۇرار رىزقۇلوۋ گېرمانىيىدە. بېرلىن، 1923 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى. (ئەھەت ئەنجان ئارخىۋى)

1924 ـ يىلىسى ئوقۇغۇچىلاردىن سەتتار جاپپارنىڭ بىر پارچە خېتى تۈركىستان گېزىتىدە ئېلان قىلىنىدۇ. جاپپار بۇ خېتىدە ئەرتەكچى (چۆچەكچى) دىگەن تەخەللۇس قوللانغان ئىدى. بۇ خەتتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە تونۇشتۇرۇلغان:

بىز 1922 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا گېرمانىيىگە يېتىپ كېلىپلا تىل ئۆگۈنىشكە كىرىشىپ كەتتۇق. ئۇلۇغ تۈركىستاننى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ ئېزىپ كەلگەن رۇسىيە خانلىقلىرىنىڭ چىقارغان ژورناللىرىدا "سارتلار (سارت سۆزى، تۈركىستاننىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىدا ياشايدىغانلار تىجارەت بىلەن شوغۇللىنىدىغان شەھەرلىكلەرگە قويغان بىر ئىسىم ئىدى. ئۇرۇسلار بولسا بارلىق تۈركىستان خەلقىنى سارتلار دەپ ئاتىشاتتى. — ئا.ھ. ئىزاھاتى) ياۋرۇپىغا كېلىپ نىمە ئىش قىلالايدۇ؟" دەپ شاڭخو قىلىپ چالۋاقاشقان ئىدى. ... رۇسىيە شوۋېنىستلىرىنىڭ بۇ خىل قوپال ۋە ئاخماقانە مۇئامىلىلىرىگە قارىماي نېمىسلار تەرىپىدىن ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن كۈتىۋېلىندۇق. ... كېيىنكى ۋاقىتلاردا تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن سوۋېت رۇسىيىسىدە "تالىپلار ياۋرۇپادىكى چىرىگەن كۆز قاراشتىكى ئادەملەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالدى، شۇڭا ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىش كېرەك، بولمىسا ئۇلار كۆڭلەرنىڭ بىرىدە بېشىمىزغا بالا بولىدۇ" دىگەندەك قۇرۇق گەپلەرنى قىلىشىپ يۈرگەنلىكلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قالماقتىمىز. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، تۈركىستانلىق تالىپلار ياۋرۇپاغا سىياسىي ئىشلار بىلەن شوغۇللىنىش ئۈچۈن

كەلمىدى. بىز گېرمانىيىگە كەلگىنىمىزگە ئىككى يىل بولۇپ قالدى. بۇ جەرياندا ئارىمىزدىن ھېچ كىم سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىپ باققىنى يوق.

گېرمانىيىدىكى ئوقۇغۇچىلار مۇنداق ئىككى ئاساسلىق گۇرۇپپىغا ئايرىلغان: ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇيدۇ. قالغانلىرى بولسا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە (لىسە، گېمنازىيە — ئۇ.ت) ئوقۇيتتى. ئىككىنچى گۇرۇپپىقا مەنسۇپ بولغانلار دارىلفۇنۇن بىلەن ئالىي پەن-تېخنىكا مەكتەپلىرىدە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىل تاپماقتا. بىز تۈركىستاندىكى تالىپ دوستلىرىمىز بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت قىلغىنىمىزغا ئوخشاش، ئەزەربەيجان، رۇسىيە جۇمھۇرىيىتى ۋە تۈركىيە قاتارلىق ئەللەردە ئوقۇيدىغان تالىپ دوستلىرىمىز بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىشىپ، ئۇلار بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەت قۇرۇشقا تىرىشىپ كەلمەكتىمىز (جاپپارنىڭ «تۈركىستان» گېزىتىدە ئېلان قىلغان «گېرمانىيىدىكى ئورتا ئاسىيالىق تالىپلارنىڭ ئىككىنچى يىلى» دېگەن ماقالىسىدا بەرگەن تىزىملىككە ئاساسەن، ئا. ۋاھاپ مۇرادى، ئەزىم بەك بىرىمجان، سالىھ مۇھەممەد، تەمىربەك قارىبەك ئوغلى قاتارلىقلار بېرلىن ئالىي يېزائىگىلىك مەكتىۋىدە؛ بېرلىن ئالىي تېخنىك مەكتىۋىدە ئوقۇيدىغانلار سەييت ئەلى غوجا —خىمىيە بۆلۈمىدە—، ئەفدال سەئىت — ۋەنسۇرەل — —بىناكارلىق—، تۆلەگەن مۆمىن —ئېلېكتىر—، سۇلتان مەدقۇل —گىولوگىيە—، ئەخمەتجان ئىبراھىم — ئوكاي — گىولوگىيە—، بىلال —ماشىنسازلىق— كەسپلىرىدە؛ ئىبراھىم ئارىپخان — يارقىن — ۋايىن يېزائىگىلىك ئالى مەكتىۋىدە، سابىر — تۈركىستانلى — دارمشدات ئالىي تېخنىك مەكتىۋىنىڭ خىمىيە بۆلۈمىدە، ئاتاۋۇللا درېسدېن ئالىي تېخنىك مەكتىۋى ماشىناسازلىق بۆلۈمىدە ئوقۇيتتى؛ ئىجتىمائىي پەن كەسپلىرىدە ئوقۇيدىغانلارنىڭ سانى بەكلا ئاز ئىدى. ئەخمەت شۇكرى بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە بۆلۈمىدە، ئەخمەت نائىم — ئۆكتەم — ئىقتىساد پاكۇلتېتىدا، تاھىر شاكىر — چاغاتاي — ھېيدېلبېرگدە سوتسىيالوگىيە بولۇمىدە ئوقۇيتتى. ئابدۇلۋاھاپ ئىسھاق ئوغلى — ئوكتاي —، شاھسۇلتان خانىم، گۈلسۇم خانىم ۋە زەھرە قوشايلار بولسا مېدىتسىنا پاكۇلتېتىدا ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن ئىدى. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

سەتتار جاپپار تەمىنلىگەن بۇ مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، گېرمانىيىدىكى ئوقۇغۇچىلار تۈركىستان تالىپلار بىرلىكى نامىدا بىر جەمئىيەت قۇرۇپ چىققان. بۇ

جەمىيەتنىڭ رەئىسلىكىگە ئابدۇلۋاھاپ مۇرادى تەيىنلەنگەن ئىدى. گېرمانىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرى تەرىپىدىن تەستىقلانغان بۇ جەمىيەت، تۈركىستانلىقلارنىڭ ياۋروپادا قۇرغان تۇنجى رەسمىي تەشكىلاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. بۇ جەمىيەتنىڭ مەقسىتى بارلىق تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ياۋروپا بىلىم ۋە ئىرپانىنى تۈركىستانغا تونۇشتۇرۇش، تۈركىستان ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بىلەن سانائىتىنى ئىلمىيلەشتۈرۈشكە يېتەكلەش ئارقىلىق تۈركىستان خەلقىنىڭ كاپىتالىستلارنىڭ زۇلۇمىدىن ئازات قىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش دەپ يېغىنچاقلانغان ئىدى. بۇ جەمىيەتنىڭ يەنە بىر ۋەزىپىسى بولسا تۈركىستانلىق تالىپلارنىڭ ياۋروپاغا كېلىشلىرى ئۈچۈن ياردەمچى بولۇش ئىدى.

سوۋېتلەرگە بېرىلگەن دوكلاتلاردا تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئېلىشتىن باشقا ھېچقانداق بىر مەسىلىگە قىزىقمىغانلىقىنى، بولۇپمۇ تۈركىيە دائىرىلىرى بىلەن مۇناسىۋەت قۇرمىغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان بولسىمۇ، ئەسلىدە ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ئىبراھىم يارقىننىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا، بېرلىندىكى ئوقۇغۇچىلار تۈركىيە ئەلچىخانىسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت باغلاپ كەلگەن. بولۇپمۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇشىنى ئىستانبۇلدا پۈتتۈرۈپ كەلگەن ئەخمەت نائىم، بۇ ئەلچىخانىنىڭ تەرجىمە ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ كەلگەن ئىدى. زىيا گوكئالپ (تۈركىيىنىڭ داڭلىق يېقىنقى زامان ئەدىپلىرىدىن بىرسى — ئۇ.ت) نىڭ ۋاپاتى يۈزىسىدىن ھېيدېلبېرگدە ئوقۇۋاتقان تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۈركىيە ئەلچىسىگە ئىۋەرتكەن قىسقا خېتى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۈركىيىدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن تۈرك مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قىزىققانلىقىنى كۆرسىتىش جەھەتتە بەكلا قىزىق خەت ئىدى. بۇ خەت «تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ گېرمانىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پاشا ھەزرەتلىرىگە» دېگەن تېما بىلەن ئىۋەرتىلگەن ئىدى:

بۈگۈنكى گېزىتلاردا ئۇلۇغ مۇرشىد گۆكلاپ زىيا بەگنىڭ ۋاپاتى سەۋەبىدىن تۈرك ئىرفانى بىلەن مەفكۇرە دۇنياسىدا بۈيۈك بىر بوشلۇق ئېچىلغانلىقىنى تەئەسسۇر بىلەن خەۋەر تاپقان بولدۇق. تۈركچىلىك مەپكورىسىنىڭ ئالەمدارى ئۇ ئۇلۇغ ئۇستاز:

"رۇسىيە پارچىلىنىپ ۋەيران بولدۇ، تۈركىيە زورىيىپ تۇران بولدۇ، ..." دېگەندەك پارلاق شېېرلىرى ئارقىلىق بىۋاستە ئەسارەت زىنجىرلىرى ئاستىدا ئىڭىراۋاتقان تۈركلەرنىڭ سىماسىنى پارلىتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن تۈركىستانلىقلارنىڭ قەلبى ئېغىر يارىلاندى.

ئەنە شۇ سەۋەپتىن، جەنوبىي گېرمانىيەدىكى تۈركىستان تالىپلىرى ئومۇمىي تۈرك ياشلىرى بىلەن ھۆكۈمەتى مىللىيەمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن ئەلەملىك قارا كۈنلىرىگە ئىشتىراكىنى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ گېرمانىيەدىكى باش ئەلچىلىكىگە سۇنماقتىمىز.

— جەنوبىي گېرمانىيە تۈركىستان تالىپلىرى
ھېيدېلبېرگ، 1924 ـ يىلى13 ـ تەشرىنىسان كۈنى

1924 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا تۈركىستاندىكى سىياسىي ۋەزىيەت تېز سۈرئەت بىلەن ئۆزگىرەپ، گېرمانىيەدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەغدىرىگىمۇ ئېغىر تەسىر كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. شۇ يىلىنىڭ سىنتەبىر ئېيىدا بۇخارا ۋە خىۋە خەلق جۇمھۇرىيەتلىرى تارقىتىۋېتىلىپ تۈركىستان تەۋەسى يېڭى سىياسىي تۈزۈم بويىچە ئۆزگەرتىلمەكتە ئىدى. شۇندىن باشلاپ تۈركىستان تەۋەسىدە ئۆزبەكىستان، تۈركمەنىستان ۋە قىرغىزىستان (قازاق) سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەت (رىسپوبلىكا) لىرى قۇرۇلغان ئىدى. ئىجرا قىلىنىۋاتقان بۇ تۈردىكى سىياسەتلەر تۈركىستاننىڭ تولۇق سوۋېتلەشتۈرۈلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، تۈركىستانلىق كادىرلارنىڭ رەھبەرلىك مەۋقەسىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. يەنە شۇ ۋاقىتلاردا، بېرلىندا تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلار ئۆچۈنلا ئەمەس، بەلكى بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ئالغاندىمۇ ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋەقە يۈز بېرىدۇ. ئورتا ئاسىيا مىللىي ئاۋام ئىنقىلاۋىي جەمىيەتلەر ئىتتىپاقى ياۋروپادىكى تۈنجى قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ، ئىسمىنى تۈركىستان ئازاتلىق جەمىيىتى دەپ ئۆزگەرتىدۇ. بۇ قېتىملىق يىغىندا، يەنە چەتئەلدە ئېلىپ بېرىلىدىغان تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق كۈرەشلىرىنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بۇ پائالىيەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان مەسئۇل كىشلەر قايتىدىن تەڭشىلىپ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، گېرمانىيەدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ تەشكىلات بىلەن مۇناسىۋەت تىكلەش ھەمدە مىللىي كۈرەش پائالىيەتلىرىگە جەلىپ قىلىنىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ ۋەزىيەتنى مۇھاكىمە قىلىشقان موسكۋا دائىرىلىرى، ئوقۇغۇچىلارنى قايتۇرۇپ كېلىش ئىشنى دەرھال باشلاشقا ئاتلىنىدۇ. 1925 ـ يىلىدا مېيىرزون (بۇ تەپتىشنىڭ ئىسمى قانداق يېزىلىدىغانلىقىنى مەيلى سائىدە ئوكتاي ـــ شىرمۇھەممەت قىزى ـــ بولسۇن، ياكى ئىبراھىم يارقىن ـــ ئارىفخان ـــ بولسۇن زادىلا ئېنىسقە كەلتۈرەلمىدى. شۇڭا، بۇ ئىسىم تەلەپپۇز بويىچە يېزىلدى. ـــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) ئىسىملىك بىر يەھۇدىي مائارىپچى، گېرمانىيىگە تەپتىش قىلىپ ئەۋەرتىلىدۇ.

مېيرزون بىرىنچى قەدەمدە بۇخارا جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان كىچىك ياشتىكى ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇۋاتقان مەكتەپلىرىدىن دەرھال چىقىرىپ، ھەممىسىنى يىغىپ بىراقلا يۇرتىغا قايتۇرۇش ئىشىغا تۇتۇش قىلىدۇ. بۇ ئوقۇغۇچىلاردىن ئاران بەش نەپىرىلا ئەخمەت نايىم بىلەن ۋارشاۋادا تۇرۇشلۇق تۈركىيە باش ئەلچىخانىسىنىڭ يول مېڭىشلىرى نەتىجىسىدە رىگادىن قايتۇرۇپ كېلىندى. تۈركىيە باش ئەلچىخانىسىغا كەلتۈرۈلگەن بۇ ئوقۇغۇچى باللار كېيىنچە تۈركىيىگە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ شۇ يەردە ئوقۇش پۈتتۈرىدۇ (بۇ ئوقۇغۇچىلار مۇقىم چوراباي، ئۇيغۇر باقى، سالىھ خەمىت، مەھەممەت كۆكقىياس ۋە ئەخمەت نائىمنىڭ ئۈكىسى قاتارلىقلار ئىدى. بۇ بەش نەپەر ئوقۇغۇچى ترابزون پىداگوگىكا مەكتىۋىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، مەكتەپ پۈتتۈرگىنىدىن كېيىن تۈركىيىدە ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى بىلەن شوغۇللىنىدۇ. ئەخمەت تۆمۈر كۈندىلىك خاتىرىسىدە ترابزون ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش مەكتىۋىدە بۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە تۇرغانلىقىنى، ئۇلاردىن گېرمانچە ئۆگەنگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ـــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). يەنە شۇ ۋاقىتتا بۇخارادىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن گېرمانىيە بانكىلىرىدا ئېچىلغان بارلىق ھىساۋاتلارنى سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرەپ مۇسادىرە قىلىۋالىدۇ. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىللىقىدىكى ياكى ئۇنىۋېرسىتېت دەرىجىسىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىگە چېقىلمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قايتىپ كېتىشلىرى ئۈچۈن بېسىم ئىشلىتىشكە كىرىشىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بېرلىندا كوممۇنىستلار ئۈچۈن بىر كۇرۇس ئاچقان بولۇپ، گېرمانىيىدە ئوقىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى بۇ كۇرۇسلارغا قاتنىششلىرى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئوقۇغۇچىلارنى ستۇدكوم، ستىچكوم دىگەندەك ناملار بىلەن قۇرۇلغان قىزىل ئوقۇغۇچىلار بىرلىكىگە قاتنىششلىرى ھەققىدە بېسىم ئىشلىتىدۇ. ئوقۇغۇچىلاردىن تۆلەگەن مۆمىن بىلەن سۇلتان مەدقۇلنىڭ بۇ تۈردىكى كۇرۇسلارغا قاتنىشىپ، كوممۇنىستىك تەشكىلاتقا ئەزا بولغانلىقى مەلۇم.

بېسىمغا قارشى تىركىشىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرماقچى بولغانلارغا پەلسەپە، قانۇن ۋە ئىقتىساد قاتارلىق ئالىي مەكتەپ ئىجتىمائىي پەن كەسپلىرىنى تاللىماسلىقى، ئەگەر ئۇنداق كەسپلەرگە قوبۇل قىلىنغانلار بولسا، دەرھال ئۇ كەسپلەردىن چىقىپ باشقا كەسپكە ئالمىشىپ چىقىشلىرى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ تۈردىكى مەجبورلاشلار سەۋەبىدىن، پەلسەپە كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ئەخمەت شۈكرى ئوقۇشنى تۈركىيىگە كېتىپ داۋاملاشتۇرۇسقا مەجبور بولىدۇ. چەت دۆلەتلەردىكى تۈركىستانلىق يېتەكچىلەر بىلەن ياكى تەشكىلاتلار بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ گۇمان قىلىنغان بەزى ئوقۇغۇچىلارغىمۇ مىللەتچى دىگەن قالپاق كەيگۈزۈلۈپ ئوقۇش تەمىناتلىرىنى توختۇتۇش جازاسى بېرىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۆزبەكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بېرلىندە تۇرۇشلۇق مائارىپ كومىسسارلىقىغا بىر پارچە خەت يېزىپ،

ئوقۇشلىرىنى يېرىم يولدا توختىتىپ قايتۇرىۋېتىلىشلىرىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ماددىي ئىسراپچىلىق ھېساپلىنىدىغانلىقىنى، بۇنداق ئىشلار تۈركىستان ئىستىقبالىغا زىيانلىق بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەشكەن بولسىمۇ قىلچە نەتىجىسى بولمايدۇ. تۈركىستاننىڭ پارچىلىنىپ يېڭى جۇمھۇرىيەتلەرگە ئايرىلغانلىقى سەۋەبىدىن، گېرمانىيىدە ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان تۈركىستان تالىپلار جەمئىيىتىنى تارقىتىۋېتىش تەلەپ قىلىنماقتا ئىدى. تۈركىستان تالىپلار جەمئىيىتى، بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە بۇ تۈردىكى بېسىملارغا قارىماي گېرمانىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ، پائالىيەتلىرىنى 1930 ـ يىلىغىچە يوشۇرۇن داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ جەرياندا، 1926 ۋە 1927 ـ يىللىرى يازلىق تەتىلنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تۈركىستانغا قايتىپ بارغان ئوقۇغۇچىلار گېرمانىيىگە قايتىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ (سالىھ مۇھەممەت، نەسىردىن شىرئەخمەت ئوغلى، فۇزېيىل شىرئەخمەت ئوغلى، خەيرىنىسا مىجىتخان قىزى قاتارلىقلار شۇ قاتاردىكى تۇتۇپ قېلىنغان ئوقۇغۇچىلاردىن ئىدى. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

شۇنداق قىلىپ، 1928 ـ يىلىغا كەلگەندە گېرمانىيىدە پەقەت ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىلا ئوقۇيدىغان ناھايىتى ئاز مىقتاردا ئوقۇغۇچى قالىدۇ. شۇ يىلى ئۆزبەكىستاندىن ئۈچ كىشىلىك تەپتىش ھەيئىتى يولغا چىقىپ گېرمانىيىگە يېتىپ كېلىدۇ. كۆلن شەھىرىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان پىرېسسا (نەشرىيات) كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىمىز دېگەن نامدا كەلگەن بۇ ھەيئەتنىڭ ئەسلى ۋەزىپىسى گېرمانىيىدە ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا بىلىم ئېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە بىر قېتىملىق "ئىدىيىۋى تازىلاش" ئېلىپ بېرىش ئىدى. بولۇپمۇ ۋەتەن ئىچىدىكى جەدىتچىلار بىلەن مۇناسىۋىتى بولغان ياكى بولشېۋىكچىلىققا قارشى تۇرىدىغان پائالىيەتلەرگە قاتناشقان ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرى بولغان ئوقۇغۇچىلار ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تازىلىنىدۇ (باھاۋۇدۇن ئىمىنجان بىلەن ئامانۇللا نەسرۇللا ئوغلى ئەنە شۇ قاتاردا تازىلانغانلاردىن ئىدى. — ئا.ھ. ئىزاھاتى). سوۋېت دائىرىلىرى، 1930 ـ يىلىدىن ئېتىۋارەن مىللىي ھەرىكەتلەر بىلەن بىرەر مۇناسىۋىتىنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقىغا قارىماي بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەمىناتىنى توختىتىۋېتىدۇ. ئۇ دەۋرىدە، ئوقۇشى داۋاملىشىۋاتقان بەزى ئالىي مەكتەپ كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا فون ھۇمبولد ۋەخپىسى تەرىپىدىن ئوقۇش تەمىنات ياردىمى بېرىلگەنلىكى مەلۇم. بۇ تۈردىكى قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارغا قارىماي، تۈركىستان بىلەن بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن دۆلەت تەمىناتى بويىچە كەلگەن ياكى ئۆز ئىقتىسادىغا تايىنىپ چىققان ئوقۇغۇچىلاردىن 20 نەپەردەك ئوقۇغۇچى گېرمانىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنى پۈتتۈرۈپ دىپلومغا ئېرىشەلەيدۇ.

# تۈركىستانغا قايتۇرۇلغان ئوقۇغۇچىلار

1925 ـ يىللىرىدىن باشلاپ پۈتۈن چەكلىمىلەردىن قۇتۇلۇپ گېرمانىيىدە قالالىغان ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇشىنى پۈتتۈرگەن يىللاردا ھەرتۈرلۈك شارائىتلارنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە، ئۆزلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىشلىرى ھەققىدە ئېنىق بىر قارار ئېلىشىدۇ. يەنى ئۇلار بىر ھساپتا ئۆزلىرىنىڭ تەغدىرلىرىنى بەلگىلەشكەن ئىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئوپچە يۇرتىغا قايتۇرۇپ كىتىلگەن كىچىك ياشتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە ھېچقانداق بىر مەلۇمات تېپىلمىدى. بۇ ئۆسمۈرلەرنىڭ ھەممىسى دىگىدەك باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسلا كىچىك ياشتا ھەمدە گېرمانىيىدىمۇ بەكلا ئاز ۋاقىت تۇرغان ئىدى. شۇ سەۋەپتىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىزچىل تۈردە ئىدىيىۋى تەربىيە نەتىجىسىدە ئىدىيە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئېھتىمالغا بەكلا يېقىن. بۇلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىۋېرسىتىتلارنى پۈتتۈرۈپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ياكى بولمىسا مەجبورى قالغانلىقلىرى سەۋەبىدىن قايتۇرۇپ كېلىنگەنلەر ھەققىدە كېيىنكى يىللاردا بەزى تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. نەتىجىدە بۇ كىشىلەرنىڭ ۋەتىنىگە قىلغان خىزمەتلىرى بىلەن بېشىغا كەلگەنلەر ئاز ـ تولا ئاشكارىلىنىدۇ.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇشىنى پۈتتۈرگىنىدىن كېيىن تۈركىستانغا تۇنجى بولۇپ قايتىپ كەلگەن كىشى ئابدۇلۋاھاپ مۇرادىي ئىدى. مۇرادىي، 1921 ـ يىلى ئۆز ئىمكانىيەتلىرىگە تايىنىپ ئافغانىستان ئارقىلىق گېرمانىيىگە ئوقۇشقا چىققان تۇنجى تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى ئىدى. ئۇ، ئافغانىستاندىن گېرمانىيىگە كېلىشىدە ئۇ يىللىرى كابولدا تۇرىۋاتقان جامال پاشانىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن بولۇپ، ئىتتىھات ۋە تەرەققىينىڭ گېرمانىيىدىكى مۇناسىۋەتلىرىگە تايىنىپ ئۇ يەرگە ئوقۇغۇچى بولۇپ بېرىۋالغان ئىدى. گېرمانىيىگە بارغاندىن كېيىن بېرلىن يېزائىگىلىك مەكتىۋىگە ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنى 1924 ـ يىلىسى قۇرۇلغان تۈركىستان تالىپلار بىرلىگىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان ئىدى. بۇ ۋاقىتتا چەتئەلگە چىقىپ كەتكەن تۈركىستانلىق يىتەكچىلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان بولۇپ، بېرلىندە چاقىرىلغان تۈركىستان ئازاتلىق جەمىيىتى قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ مەخپى جەمىيەتنىڭ ئەزاسى ۋە بېرلىن شۆبىسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرسى بولۇپ قالغان ئىدى. 1926 ـ يىلى بېرلىن يېزائىگىلىك ئىنىستىتۇتىنى پۈتتۈرىدۇ. تۈركىستانغا قايتىپ كېتىپ ۋەتىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش غايىسى بار ئىدى. ت ب م رەئىسى زەكى ۋەلىدىي توغانىنىڭ 1926 ـ يىلى 10 ـ دىكابىر كۈنىدىكى خېتىغا قارىغاندا، تۈركىستاندا زىيالىلارغا قارىتىلغان بېسمىلارنى چەتئەلدە تۇرۇپ

يېقىندىن كۆزىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، قايتىپ كەتكەن زىيالىيلارنىڭ ئېغىر تۇسالغۇلارغا دۇچ كېلىدىغانلىقى ھەممىگە ئېنىق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ قارىماي، بولشېۋىزمغا قارشى كۈرەشنى ۋەتەن ئىچىدە قانات يايدۇرۇش ھەمدە ئۆز ۋەتىنىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش ئارزۇسى، بۇ غايىنى ئۆزلىرىگە مەقسەت قىلىشقان كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرماقتا ئىدى. زەكى ۋەلىدىي شۇ قېتىمقى خېتىدە تۈركىستاندىكى ۋەزىيەت ھەققىدە تەپسىلى مەلۇماتلارنى بەرمەكتە ئىدى.

ۋەتەنگە قايتىپ كېتىشىڭىزنى ئەخمەت نائىمدىن ئۇققان ئىدىم. سىزگە ئاق يول تىلەيمەن. ... جەمىيەت ئەزالىرىدىن تاشكەنتلىك موللا تەۋەككۇل ئابدۇللازادە دىگەن بىرسى كابۇلغا قېچىپ كەلدى. «يېڭى كاپكازىيە» ژۇرنىلىغا ئۆز ئىسمى بىلەن تۈركىستان ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇرغان بىر پارچە ماقالە ئەۋەرتكەن ئىكەن. شۇنىڭدەك يەنە بۇ يەرگە كەلگەن سەمەرقەنتلىك مۇجاھىت رەئىسلىرىدىن بىرى بولغان ھەمراقۇلبەگدىن ئۇقۇشىمىزچە، خەلقىمىزنىڭ روھىي ھالىتى ئىنتايىن ئۈستۈن بولۇپ، جەمىيەت مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان بولۇپ، يەنە بەزى يەرلەردە قولىدىن كېلىشىچە پائالىيەت قىلىپ كەلمەكتە ئىكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقىلىشىش ئىشلىرى بەكلا قىيىنلىشىپ كەتكەن. بۇ كۈنلەردە چېكا تەرىپىدىن پۈتۈنلەي چۈشۈش ھەرىكەتلىرى كۈنسايىن كۈچەيتىلمەكتە بولۇپ، ئىككى-ئۈچ كىشى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن گەپلەرمۇ سىرتقا يېيىلىپ كەتمەكتە ئىكەن. ...

تۈركىستاندىكى مۇنەۋۋەرلەر ئارىسىدىمۇ موسكۋادا بىلىم ئالغانلارنى "زىيالىي" دەيدىغان، گېرمانىيىدە ياكى تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەنلەرنى بولسا "زىيالىداشلار" دەپ تەرىپلىشىدىغان ئادەت بارلىققا كەلمەكتە ئىكەن. شۇنداق بولغاچقا، سىزمۇ ۋەتەنگە قايتىپ بارغىنىڭىزدا ئەگەر سىزنى ئۆز ئىختىيارىڭىزغا قويۇپ بەرەلىگىنىدە ئۆز ئىشلىرىڭىز بىلەن شۇغۇللىنالىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما سىزمۇ چەتئەلدىن كەلگەنلىكىڭىز، دەسلىۋىدە تۈركىيىلىك پاشالار بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغانلىقىڭىز ھەمدە گېرمانىيىدە ئۇزۇن مەزگىل تۇرغانلىقىڭىزدەك جىنايەتلەر بىلەن قارىلىنىشىڭىز مۇمكىن. شۇنداق بولسىمۇ قارىماي، كومۇنىزم ئىدىيىسىگە بوي سۇنغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئىمكانىيەت يار بەرگىنىچە ئۆز يولىڭىز ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇرسىز.

زەكى ۋەلىدى خېتىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا مۇرادىنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ بارغىنىدىن كېيىن قىلىدىغان ئىشىنىڭ باسقۇچلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە ئايرىغان بولۇپ، ئۇ يەردە قانداق پائالىيەت قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە يول كۆرسەتمەكتە

ئىدى. مۇرادىي، جەمىيەتنىڭ مىللىي سوتسىيالىزمچىلار گۇرۇھىغا، يەنى ئەرك گۇرۇھى تەرىپىگە مەنسۇپ بىرسى ئىدى:

ۋەتەنگە قايتىپ بارغان ھامان قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىڭىز مۇنۇلار بولىشى كېرەك: ھەقىقىي پىداكار، ئىنقىلاپچى ۋە تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە يولداشلىرىمىزدىن بىرسىنى ئىنتايىن ئېھتىيات بىلەن تاللاپ ئالغىنىڭىزدىن كېيىن، بارلىق ئىشلارنى ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىشلەڭ. قازاقلاردىن دىنشە، ئۆزبەكلەردىن بۇخارالىق ۋەلىجان ئۆمەرخانوۋ قاتارىدىكى ئىشەنچلىك دوستلىرىمىز بار. ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاڭ.

ئەمما بۇ دوستلىرىمىز بىلەن بولغان كۆرۈشۈشلەردە سىز ئۆزىڭىز بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقماي، يوقۇرىدا دېگىنىمدەك ۋاستىچىلار ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىشىڭ. ھەتتا سىز ئۇلارنىڭ نىمە ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەنلىكىدىن خەۋىرىڭىز بولمىسمۇ بولىۋىرىدۇ. ھەر بىر شەھەردىن مۇناسىۋەت قىلىدىغان كىشىلەرنى تېپىپ يىغىپ بىر تەشكىلات قۇرۇپ چىقىشىڭىز كېرەك. ... يېڭى جەمىيەتنىڭ مەۋجۇتلىقىدىن كونا جەمىيەت ئەزالىرى خەۋەر تاپقىنىدىمۇ، ئۇلار تۈركىستان تەۋەسىدە نىمە ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەنلىكىڭلاردىن خەۋىرى بولماسلىقى، ئەزالارمۇ بىر-بىرسىنى تونىمايدىغان بولىشى لازىم. چۈنكى كونا جەمىيەت ئەزالىرىنىڭ كۆپ قىسمى رۇسىيە چېكاسى تەرىپىدىن تونۇلۇپ بولغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىر ئىش ھەرىكىتىمۇ نازارەت قىلىنىۋاتقان بولىشى چوقۇم.

تەشكىلات، ياشلار ئارىسىدا مەخپى كومىتېتلارنى تەشكىل قىلىپ، مۇمكىن بولغىنىچە كومۇنىزم ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچۇرىماسلىقى ئۈچۈن تەدبىر ئېلىنىشى لازىم. خەلقنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرى ھەققىدە سىرتقا مەلۇمات يوللاپ تۇرۇلىشى لازىم. ... مۇمكىن بولغىنىدا چەتئەللەرگە ئوقۇغۇچى ياكى تىجارەتچى قىياپىتىدە ئادەم چىقىرىپ تۇرۇشقا تىرىشىش لازىم.

چەتكە خەت ئەۋەرتىش، كىتاب يوللاش ۋە پۇل يوللاش قاتارىدىكى ئىشلاردا تۈركىيە بىلەن ئافغانىستان ئەلچىلىكلىرىدىن پايدىلىنىش كېرەك. مەن تۈركىيە ئەلچىسى زاتى ئەپەندى بىلەن بىۋاستە كۆرۈشتۈم. ئۇ كىشى بىزگە بۇ ئىشلاردا ياردەم قىلىمەن دەپ ۋەدە قىلدى.

ئابدۇلۋاھاپ مۇرادى، نېمىس ئايالى بىلەن بالىسىنى ئېلىپ 1927 ـ يىلىنىڭ كىرىشىدە تۈركىستانغا قايتىپ باردۇ. قۇغۇنچى شەھرىدىكى يېزائىگىلىك تەجرىبە تەتقىقات يۇرتىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئىشى ئۇزۇن داۋام قىلمايدۇ. 1929 ـ يىلىنىڭ دىكابىرىدا، تۈركىستان جەدىتچىلىكىنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بىرى بولغان مۇنەۋۋەر قارى بىلەن بىرگە قولغا ئېلىنىدۇ. ك گ ب ئارخىپلىرىدىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، "سوۋېتلەر ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش نىيىتىدە ھەرىكەت قىلغانلىقى پاش بولغان" مۇنەۋۋەر قارى بىلەن ئۇنىڭ 38 نەپەر سەبدىشى ئۈستىدىكى سوتلاش ئىشى دەرھال باشلىنىلىدۇ. بۇ گۇرۇپپىنى پاش قىلغان مۇھەممەت سالىخوۋىچنىڭ تۈۋەندىكىچە پاش قىلىش ماتېرىيالى ك گ ب نىڭ سوراق خاتىرىسىگە ئۆز پېتى خاتىرلەنگەن بولۇپ، سوتلىنىۋاتقان بۇ دېلودا پاكىت قىلىنغان:

جەدىتچىلار (تەرەققىيپەرۋەرلەر) تۈركىستاندا ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن بۇرۇن رۇسىيە بۇرجۇئازىيىسى بىلەن تۈركىستاندا ھۆكۈم سۈرىۋاتقان قالاق فيودال كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلىدىغانلارنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى بولۇپ ئوتتۇرغا چىققان ئىدى. ئۇلار رۇسىيە بۇرجۇئازىيىسىنىڭ جاھانگىرلىك سىياسىتىگە غەزەپلىنىپ، ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلغان ئىدى. يەرلىك خەلقنىڭ كونا تۇرمۇش ئادەتلىرى بىلەن كەيىندە قېلىشىغا، بۇ كەيىندە قالغانلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەرىكىتى بىلەن شوغۇللانمىغان دىندارلارغا قەتئىي قارشى تۇرغان ئىدى. قىسقىسى، جەدىتچىلارنىڭ كۈرەش قىلىدىغان مەقسەتلىرى ئىچىدە فيودالىزم بىلەن كونا تۇرمۇش ئەقىدىلىرىنى تازىلىۋېتىش ئارقىلىق، مىللىي بۇرجۇئازىيە دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىش غايىسى بار ئىدى. بۇ ھەرىكەتنىڭ داڭلىق كىشىلىرى تۈۋەندىكىلەردۇر: مۇنەۋۋەر قارى، مۇرات غوجا داموللا، ئىمام غوجا خەلىلى، ھاسان قارى، ئابدۇللا ئاۋلانى، شاروسول زۇنۇن، شاھىد ئىسان، مىر بەيدى، ئابدۇلۋاھاپ مۇرادى ۋە مېجىت قادىر قاتارلىقلار.

بۇ پاش قىلىش ماتېرىيالىدا، جەدىتچىلارنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن بولشېۋىكلار تۈزۈمىگە قارشى كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ، جەدىتچىلارنىڭ تۈپكى غەرىزىنىڭ سوۋېت تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ كۆرسەتكەن. شۇنىڭدەك يەنە، ئابدۇلۋاھاپ مۇرادىينى جامال پاشا بىلەن ئالاقىلاشقان ھەمدە ئۇنىڭ ياردىمىنى ئالغانلىق جىنايىتى بىلەن قارىلاپ كۆرسىتىلگەن. بۇ دېلو تېز ۋاقىت ئىچىدىلا سوتلىنىپ، بەزى ئەزالارنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان بولسا، يەنە بەزىلىرىنى

ھەرخىل يىللار بويىچە قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىش ياكى سۈرگۈن قىلىش جازالىرى بىلەن جازالىنىدۇ.

(رەسىم ئورنى)
ئابدۇلۋاھاپ مۇرادى ك گ ب تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىشتىن سەل ئاۋال نېمىس ئايالى مارتا ۋە قىزى پۇتتى بىلەن بىرگە چۈشكەن رەسىمى. تاشكەنت، 1929ـ يىلى ماي. (ئەھەت ئەنجان ئارخىۋىدىن)

دىلو ئېچىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، مۇرادىينىڭ سەبداشلىرىدىن بىر قىسمىمۇ قولغا ئېلىنىدۇ. مۇرادىنىڭ ئايالى، ئېرىنىڭ نىمە گۇنا قىلغانلىقىنى، نەدە قاماقتا ياتقانلىقىنى شۇنچە سۈرۈشتە قىلغان بولسىمۇ ھېچقانداق مەلۇماتقا ئېرىشەلمەي ئاخىرى ئامالسىزلىقتىن قىزىنى ئېلىپ گېرمانىيىگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بىر يىلى، قولغا ئېلىنغىنىدىن بۇيانقى ئۇزۇن مەزگىلگىچە نەدە سولانغانلىقىنى بىلگىلى بولمىغان مۇرادىدىن خەۋەر كېلىدۇ. مۇرادىي، 1933ـ يىلىسى ت ب م نىڭ مەشھەت شۆبىسىگە مەخپى شەكىلدە بىر پارچە خەت يوللايدۇ. مۇرادى بۇ خېتىدە، قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن بىر مەزگىل تاشكەنت تۈرمىسىدە قاملىپ ياتقانلىقى، ئۇ يەردە ئۇچىراشقان بىر مۇنچە كىشلەرنىڭ ئەھۋالى ھەقىدە مەلۇماتلار بەرگەن. سۈرگۈن قىلىنغان يەردىن يېزىلغانلىقى ئەسكەرتىلگەن بۇ خەتنى راستىنلا مۇرادى ئۆزى يازغانمۇ ياكى رۇسسىيە ك گ ب سى ئۇيۇرتكەنمۇ بىلگىلى بولمىدى. 1935ـ يىلىسى ئافغانىستانغا پانالىق تىلەپ قېچىپ چىققان پەرغانىلىق نەسرۇللا دىگەن بىر تۈركىستانلىق، ئابدۇلۋاھاپ مۇرادىنى سولوۋكى سۈرگۈن لاگىرىدا كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇشىنى پۈتتۈرۈپ 1928ـ يىلى تۈركىستانغا قايتىپ بارغان ئەزىم بەگ بىرىمجان بولسا، يۇرتىغا قايتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا قولغا ئېلىنىپ سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنىدۇ. ئەسلىدە بىرىمجاننىڭمۇ گېرمانىيىگە ئوقۇشقا چىقىشتىن بۇرۇنلا تۈركىستان تەۋەسىدە قانات يېيىۋاتقان مىللىي ئازاتلىق كۈرەشلىرىگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىپ كەلگەنلىكى ھەممىگە مەلۇم ئىدى. زەكى ۋەلىدى توغان كۈندىلىك خاتىرىسىدە مىللىي ئازاتلىق كۈرىشى يىللىرىدا تاشكەنتكە مەخپى ھالدا كەلگىنىدە قازاقىستان پىداگوگىكا ئىنىستىتۇتىغا چۈشكەنلىكىنى، بۇ يەردە ئەزىم بەگ بىرىمجان تەرىپىدىن كۈتىۋېلىنغانلىقىنى يازغان. بىرلىنغا بېرىشتىن بۇرۇن بىر مەزگىل «ئاق چۆل» نامىدا بىر ژورنالدا ئىشلىگەن ئىدى. زەكى ۋەلىدى ياۋرۇپادا تۇرىۋاتقان 1924~25ـ يىللىرىدا بىرىمجان بىلەن قويۇق ئالاقە قىلىپ كەلگەنلىكى مەلۇم. بۇ مۇناسىۋەتلىرى سوۋېت دائىرىلىرى تەرىپىدىن يىقىندىن كۈزىتىپ كېلىنگەن بىرىمجان، ۋەتىنىگە قايتىپ بارغىنىدا ھېچقانداق بىر خىزمەتكە

ئورۇنلاشتۇرۇلماي ئۇدۇل سۈرگۈنگە يوللىنىپتىلىدۇ. ئۇنى 1937 ـ يىلىدىكى چوڭ تازىلاشتا ئۆلتۈرۈپتىلگەنلىكى مۆلچەرلەنمەكتە.

ھەر تۈرلۈك ۋەقەلەرنى باشتىن كۆچۈرۈپ ئاخىرى تۈركىستانغا قايتىپ كېتىشكە مەجبور بولغان ئوقۇغۇچىلاردىن يەنە بىرسى باھاۋۇدۇن ئىمىنجان ئىدى. ئۇ، فرېيبۇرگدا ئۇنىۋېرسىتىتتا ئوقۇۋاتقان بولۇپ، گېرمانىيىدىكى تەشكىللىنىش ئىشلىرىنىڭ ھېچقايسىسىغا ئارلاشمىغانلىقىغا قارىماي، 1928 ـ يىلىسى ۋەزىپە بىلەن كەلگەن ئىدىيىۋى تازىلاش گۇرۇپپىسىدىكىلەر تەرىپىدىن قايتىپ كېتىشى تەلەپ قىلىندۇ. چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى ئىمىنجان مەختۇم، بۇرۇنقى بۇخارا قازى كالانىنىڭ كۈيئوغلى بولۇپ، جەدىتچىلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى مىللىي ئازاتلىق كۈرىشى يىللىرىدا زەكى ۋەلىدى باشچىلىقىدىكى جەدىتچىلارغا كۆپلىگەن ياردەملەرنى قىلغان ئىدى. بولشىۋىكلارنىڭ كۆزىدە جىنايى تارىخقا ئىگە بىرسى دەپ قارالغاچقا، 1928 ـ يىلى قولغا ئېلىنىپ تاشكەنتكە كەلتۈرىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، گېرمانىيىدە ئوقۇۋاتقان ئوغلىمۇ بۇ جازادىن نېسىۋىنى ئالىدۇ. ئۇنىۋېرسىتىتنى پۈتتىرەلىشى ئۈچۈن يەنە 3 يىلى قالغان باھاۋۇدۇن، ئېغىر بېسىملار نەتىجىسىدە گېرمانىيىدە قالالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ت ب م نىڭ ياردەم قىلىشى ئارقىلىق ۋارشاۋاغا كېتىۋالىدۇ. ئەمما ئۇ يەردىمۇ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرالماي 1929 ـ يىلىسى ۋەتىنىگە قايتىپ كېتىشكە مەجبور بولىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشىغان ئەھۋال مىدىتىسنا ئوقۇغۇچىسى ئامانۇللا نەسرۇللا ئوغلىنىڭمۇ بېشىغا كېلىدۇ. ئۇ، بۇخارا جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن جەدىتچىلاردىن بەگجان دېگەن بىرسىنىڭ تۇققىنى ئىدى. ئىدىيىۋى تازىلاش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ تەلىۋىگە بىنائەن ئوقۇشىنى پۈتتۈرمەي تۇرۇپلا تۈركىستانغا قايتىپ كېتىشكە مەجبور بولىدۇ. ھەر ئىككىلا ئوقۇغۇچى يۇرتىدا قالغان ئائىلىلىرىگە سېلىنغان ئېغىر بېسىملار تەسىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىشقا مەجبۇر بولغانلىقى مەلۇم.

تۈركىستانغا ئۆز ئارزۇسى بويىچە قايتىشنى تەلەپ قىلغان، ئەمما بەكلا غەلىتى ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن يۇرتىغا قايتىپ كېتىشكە مەجبور بولغان يەنە بىر ئوقۇغۇچى بولسا سەتتار جاپپار ئىدى. سەتتار، بېرلىندىكى سوۋېت خىزمەتچىلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتلىرى سەۋەبىدىن دوستلىرى تەرىپىدىن بولشېۋىك ئىشپىيونى دېگەن بەدناملا قالغان ئىدى. ئەسلىدە ئۇ گېرمانىيىگە كەلگەن دەسلەپكى يىلىدىن باشلاپلا ئىنتايىن ئاكتىپ پائالىيەت قىلىپ كەلگەن بىرسى ئىدى. پارىسچە بىلەتتى، ئەدەبىياتقا بەكلا قىزىقاتتى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىنىدىن كېيىن بېرلىن ئۇنىۋېرسىتىتىنىڭ خىمىيە پاكولتىتىغا قوبۇل قىلىنىدۇ. 1927 ـ يىلىسى سالىھ مۇھەممەت بىلەن نەسرىدىن شىرئەخمەت ئوغلى ئىسمىلىك دوستلىرى بىلەن بىرگە يازلىق تەتىل ئۈچۈن تۈركىستانغا قايتقان ئىدى. تەتىل تۈگىگەندىن كېيىن يالغۇز سەتتار جاپپارلا ئوقۇشقا قايتىپ بارالىغان بولۇپ، قالغان ئىككى ساۋاغدىشىنىڭ

ئوقۇغۇشقا قايتىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. بۇ ۋەقە سەتتار جاپپاردىن گۇمانلىنىشقا باھانە بولۇپ بېرىدۇ. دىگەندەك ئوقۇغۇچىلاردىن ئەخمەتجان ئىبراھىم 1927 ـ يىلىسىدىلا زەكى ۋەلىدىگە يازغان بىر پارچە خېتىدە، ساۋاغداشلىرى سەتتار جاپپار بار يەردە گەپ قىلىشتىن ئەنسىرىشىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ‹قىزىللاردىن› ئىكەنلىكى ھەققىدە ساۋاغداشلىرى ئارىسىدا گەپ تارقىلىپ يۈرگەنلىكىنى تىلغا ئالغان. بۇ ئەھۋاللارغا قارىماي ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرغان سەتتار جاپپار مەيلى نېمىسلار بىلەن بولسۇن ياكى مۇھاجىر يېتەكچىلەر بىلەن بولسۇن يېقىن مۇناسىۋەت تىكلەپ كېلىۋاتقانلىقىغى ھەممىگە مەلۇم ئىدى. زەكى ۋەلىدىنىڭ بىر پارچە ماقالىسىنى نېمىسچىغا تەرجىمە قىلىپ «دېيۈتچ رۇندىسچاۋ» ژورنىلىدا ئېلان قىلدۇرغان ئىدى. مۇستاپا چوقاي ئوغلىغا يازغان بىر پارچە خېتىدە «داس ستات» ناملىق بىر گېزىتتا بەخدەر ئىسىملىك بىر دوستى بارلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك ماقالىلار يازغانلىقىنى، چوقاي ئوغلى تەلەپ قىلسا ئۇنىڭمۇ ماقالىلىرىنى نېمىسچىغا تەرجىمە قىلىپ باستۇرۇپ بېرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. جاپپار، يازغان ماقالىلىرىدە مۇستېئار دىگەن تەخەللۇس قوللانغان ئىدى. ئۇ يازغان خېتىگە قارىغاندا، 1929 ـ يىلىسى دۆلەت تەمىناتى توختىتىشىلگەن بولۇپ، گېرمان دوستلىرىدىن قەرز ئېلىپ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى يازغان ئىدى. ئەنە شۇنداق قىيىنچىلىقلارغا قارىماي ئالاھىدە ئاكتىپ ئىجتىمائىي پائالىيەت قىلىپ يۈرگەنلىكى، بېرلىندىكى سوۋېت مەسئۇللىرى بىلەن مۇناسىۋىتىنى تروختاتماسلىقى ئۇنىڭغا بولغان گۇمانلارنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ بەرمەكتە ئىدى. چۈنكى قالغان ئوقۇغۇچىلار سوۋېت تەرەپ ئەمەلدارلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈشكە تىرىشاتتى.

دەل شۇ پەيتتە ئوتتۇرغا چىققان باشقا بىر ئوقۇغۇچىغا مۇناسىۋەتلىك بىر ئىش، سەتتار جاپپارغا بولغان گۇمانلىنىش مەسىلىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. ئوقۇغۇچىلاردىن ئەفدال ئابدۇسائىد، پاسپور مۇددىتىنى ئۇزارتقۇزۇشنى باھانە قىلىپ بېرلىندىكى سوۋېت باش ئەلچىخانىسىغا چاقىرتىلىپ، ئۇنىڭغا پارا بېرىپ جاسۇسلۇق قىلىپ بېرىشى تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئابدۇسائىد بۇ تەكلىپنى قەتئىي رەت قىلىش بىلەنلا قالماي، ئەلچىخانىدىن چىقىپ بۇ ئىشنى دوستلىرىغا سۆزلەپ بېرىدۇ. ئەفدال ئابدۇسائىدقا مۇناسىۋەتلىك بۇ ئىش ئاۋال فرانسىيە گېزىتى «لې ماتىن» دا ئېلان قىلىنىدۇ؛ ئاندىن كېيىن «داس 12 ئۇھربلات»، «دېيۈتچ زېيتۇڭ» ۋە «كرېيۈززېيتۇڭ» قاتارىدىكى نېمىسچە گېزىتلاردىمۇ ئېلان قىلىنىدۇ. بۇ ۋەقەنىڭ رەسمىي بىر سىياسىي مەسىلىگە ئايلىنىپ كېتىشى سەۋەبىدىن، سوۋېت ھۆكۈمىتى ئەفدال ئابدۇسائىدقا جاسۇسلۇق قىلىپ بېرىش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن ئەلچىخانىنىڭ چېكا مەسئولى مىخايلېۋسكىنى موسكۋاغا قايتۇرۇپ كېتىشكە مەجبور بولىدۇ.

دوستلىرى تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغان سەتتار جاپپارنىڭ روھى ھالىتى كۈندىن-كۈنگە پەسسىيىشكە باشلايدۇ. بۇ ئەھۋال مۇستاپا چوقاي ئوغلىغا يازغان خەتلىرىدە ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى:

دوستلىرىمنىڭمۇ، سىزنىڭمۇ مېنى ئىستەشلىرىڭىز ئازىيىپ كەتتى. بەزى سەبداشلىرىمنىڭ مېنى "بولشېۋىك ئىشپىونى" دەپ تۆھمەت قىلغانلىقىدىن بۇرۇن خەۋەر تاپقان ئىدىم. لېۋىمنى چىشلىدىم، كۆزلىرىم قىپ-قىزىل قىزىرىپ كەتتى. ... مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن بۇ دەرتلەرنى باشقا بىر تۈركىستانلىقنىڭ بېشىغا كەلتۈرمىگەيسەن خۇدايىم، ... غېرىپلىكىمگە قوشۇلۇپ يەنە بۇ تۈردىكى تۆھمەتلەر، ... بېرلىن دۆلەت كۈتۈپخانىسىنىڭ بىر ژورنىلىدا گېرمانىيىدىكى رۇسسىيەلىك مۇھاجىرلارنى "ئۆزئارا غاجىلىشىدىغان ياۋايىلار" دېگەنىدەك بىر نەرسە ئوقۇغان ئىدىم. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەققى ئەھۋاللارنى چۈشىنىدىغان بىر تۈركىستانلىق ئوتتۇرغا چىقىپ بىزنى ئۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇپ تەسۋىرلىشى مۇمكىن. ... ھەقىقەت بىر كۈنى چوقۇم ئوتتۇرغا چىقىدۇ.

ئۇ يەنە بۇ خېتىگە قوشۇپ ئىۋەرتكەن «دوستلىرىمغا» دېگەن شېئرى بىلەن بارلىق ساۋاقداشلىرىغا مۇراجەت قىلماقتا ئىدى:

قەرىنداش بىلىپ سۆيگەنلەرىم،
شۇبھە ئىچىرە باقتى مەنگە،
بەختىسىز قارا شۇ كۈنلەرىم،
ئۆلۈم ئۆتە ياقار مەنگە.

***

سەۋەبسىز ھەقسىز قارالاندىم،
شۇل ئۇيەتسىز يۇرتداشلاردەن،
يۈرەك ئىچرە يارالاندىم،
چىركىن قۇرۇق تۆھمەتلەردەن.

ئەھۋال تۈزىتىشكە بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن ئىدى. سەتتار جاپپار 1931-يىلىنىڭ بېشىدا تۈركىستانغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. قايتىپ بارغىنىدىن كېيىن دەسلىۋىدە ئورتا ئاسىيا دۆلەتلىك مىدىتسىنا ئىنىستىتۇتىنىڭ خىمىيە بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ. 1935-يىلىسى ئىنىستىتۇت مۇدۇرلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. ئۇ

يىللىرى ئېنگىلسىنىڭ «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى» دېگەن كىتاۋى بىلەن بىر قىسىم نېمىسچە خىمىيە كىتاپلىرىنى ئۆزبەكچىگە تەرجىمە قىلىدۇ. 1938 ـ يىلى 8 ـ يانىۋار تازىلاش ھەرىكىتىدە قولغا ئېلىنىدۇ. دەسلەپكى سوراقلاردا ئۇستىگە ئارتقان ھېچ بىر جىنايەتنى قوبۇل قىلمىغان سەتتار جاپپار، يىگىرمە بىر ئاي داۋام قىلغان سوراقلاردىن كېيىن، 1930~31 ـ يىللىرىدا تاشپولات، ئارسلان سۇبۇتاي، ئابدۇلمالىكجان دېگەندەك تەخەللۇسلاردا بەش پارچە ماقالە ئېلان قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. «دېھقانچ ئاللېماگىن زېيتۇڭ» دا چىققان «تۈركىستان ئاياللىرى» ۋە يەنە بىر نېمىسچە ژورنالدا ئېلان قىلىنغان «پاختا ئۈچۈن كۈرەش» دېگەن تېمىلاردىكى ماقالىلىرىدا سوۋېتلەرگە قارشى پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. 1938 ـ يىلىنىڭ 9 ـ ئۆكتەبىر كۈنىسى 10 يىللىق قاماق جازاسىغا مەھكۇم قىلىنغان سەتتار جاپپار ھەققىدە كېيىن ھېچقانداق بىر خەۋەر بولماي يوقاپ كەتتى.

يۇرتىغا قايتىپ كەتكەن بارلىق ئوقۇغۇچىلار، تۈركىستانلىق زىيالىلار بىلەن ئوخشاش تەغدىرگە دۇچ كېلىدۇ. بۇ ئوقۇغۇچىلار 1937~1938 ـ يىللىرى ستالىن تەرىپىدىن باشلىتىلغان چوڭ تازىلاش ھەرىكىتى جەريانىدا، ئۇلارنى چەت دۆلەتلەرگە ئوقۇشقا ئەۋەرتكەن پەيزۇللا غوجايېۋ بىلەن تۇرار رىزقۇلوۋغا ئوخشاش يېتەكچىلەر بىلەن بىرگە قولغا ئېلىنىدۇ. شتۇتگارت يېزائىگىلىك ئالىي مەكتىۋىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا يازلىق تەتىل قىلىپ يۇرتىغا بېرىپ قايتىپ كېلەلمىگەن سالىھ مۇھەممەت، مىدىتسىنا ئوقۇغۇچىسى خەيرىنىسا مىجىتخان قىزى، پەيزۇل شىرئەخمەت ئوغلى ۋە نەسرىدىن شىرئەخمەت ئوغلى، زەينەپ ئاللاشۇكرىۋا، ئەزىمبەك بېرىمجان، تۆلەگەن مۆمىن، سەتتار جاپپار، تەمىربەك ھاجىبەك ئوغلى، ئابدۇراخمان مۇھىبباي ئوغلى، تاھىر شاكىرى، بىيتىلەۋ ۋە سۇلتان مەدقۇل قاتارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى گېرمانىيە ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىۋاتقان كىشىلەر، سوۋېت تۈزۈمىگە قارشى كۈرەش قىلغانلار ۋە تۈركىستان ئازاتلىق جەمىيىتىگە ئەزا بولغان دېگەندەك بوھتانلار بىلەن سوتلىنىدۇ. شۈبھە يوقكى، بۇ تۈردىكى بوھتانلارنىڭ ھېچ قايسىسى ئۇلارغا توغرا كەلمەيتتى. تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەتلىرىگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشقان كىشىلەر ئەسلىدىلا يۇرتىغا قايتمىغان ئىدى. تۈركىستانغا قايتىپ كەتكەنلەردىن يالغۇز ئابدۇلۋاھاپ مۇرادى بىلەن ئەزىم بەك بېرىمجان ئىككىسىنىڭلا تۈركىستان ئازاتلىق جەمىيىتى قۇرۇلتىيىغا قاتناشقانلىقى مەلۇم. مەريەم سۇلتانوۋا بىلەن سەتتار جاپپار، ك گ ب ئارخىپلىرىدىن چىقىرىلغان سوراق خاتىرىلىرىدە "بۇ جەمىيەتنىڭ ئىسمىنى بىلمەيدىغانلىقلىرىنى، بۇ ئىسمىنى مۇشۇ سوراق جەريانىدىلا بىرىنچى قېتىم ئاڭلاۋاتقانلىقى" خاتىرلەنگەن. سۇلتان مەدقۇل بىلەن تۆلەگەن مۆمىننىڭ 1924~1925 ـ يىللىرىدا رۇسسىيە كومۇنىستلىرى تەرىپىدىن گېرمانىيىدە ئېچىلغان كورۇسلارغا قاتنىشىپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار

ئىكەنلىكى مەلۇم. بۇ ئوقۇغۇچىلارمۇ كومۇنىستىك ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى بولغىنىغا قارىماي تازىلاشتىن قۇتۇلالمايدۇ.

بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى، ئۇزۇنغا سوزۇلغان سوتلىنىشلاردىن كېيىن س س س ب ئالىي سوتى ھەربى بۆلۈمىنىڭ قارارىغا ئاساسەن قاماق، سۈرگۈن ياكى ئۆلۈم جازالىرىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئىدى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ھېچقانداق بىر مەلۇمات يوق. 1922 ـ يىلىدا زور ئۈمىد ۋە ئارزۇلار بىلەن باشلىغان گېرمانىيىگە بېرىپ ئوقۇش سەپىرى سوۋېت تۈرمىلىرىنىڭ قايسى بىر قاراڭغۇ بۇلۇڭلىرىدا ئاخىرلىشىدۇ. 1959 ـ يىلىسى، خېرۇششوۋ تەرىپىدىن باشلىتىلغان دېستالىنىزاسيون دەۋرىلىرىدە، بۇ كىشىلەرنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكى ئېلان قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىناۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قارارى چىقىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھەر تۈرلۈك خەتەرلەرنى بىلىپ تۇرۇپ يۇرتىغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن قايتىپ كەلگەن بۇ ياشلاردىن بۇ دۇنيادا ساقلىنىپ قالغان نەرسە ـــ ئائىلىلىرىگە يوللانغان بىرەر ۋاراق گۇناھسىزلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئۇختۇرۇش قەغىزىلا بولۇپ قالىدۇ.

بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە، سۈرگۈن ياكى قاماق جازالىرىغا بەرداشلىق بېرىپ ساق قالالىغان بىردىن بىر ئادەم مەريەم سۇلتانوۋا ئىدى. دارمستادت شەھىرىدە ئوقۇغان سۇلتانوۋا، 1928 ـ يىلىسى تۈركىستانغا قايتىپ كەتكەن ئىدى. بىر مەزگىل قىزلار مەكتىۋىنىڭ مۇدىرەلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەندىن كېيىن، كومۇنىست پارتىيىسىنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان «گۈلىستان» ژورنىلىدا ئىشلەيدۇ. بۇ جەرياندا توي قىلىپ ئىككى پەرزەنتلىك بولغان ئىدى. 1937 ـ يىلىسى فاشىزم تەرەپتارى، گېرمانىيە ئىشپىيونى دېگەندەك جىنايەتلەر بىلەن قولغا ئېلىنىدۇ. سوت قىلىنىپ 10 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. 1947 ـ يىلىسى قاماق جازاسىنى تۈگىتىپ يۇرتى خارەزمگە قايتىپ كېلىدۇ. ئىككى يىل ئۆتمەيلا قايتىدىن قولغا ئېلىنىپ، سىبىرىيىنىڭ كراسنوۋيارسك رايونىغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ. ستالىن ئۆلگەندىن كېيىن، 1954 ـ يىلى، سۈرگۈندىن تىرىك قايتىپ كىلەلەيدۇ. 1957 ـ يىلىسى قايتىدىن سوتلىنىپ گۇناھسىز دەپ ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ.

## يۇرتىغا قايتمىغانلار

1930 ـ يىلىسى ئۆزبەكىستان ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى سادۇللا قاسىموپ بىلەن تۆت نەپەر سەبدىشىنى مىللەتچىلەرگە ياردەم قىلغان دېگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئالغاندىن كېيىن، مۇنەۋۋەر قارىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇنلىغان تۈركىستانلىق زىيالىيلار بۇ گۇرۇپپا بىلەن مۇناسىۋىتى بار دېگەن

بوھتان بىلەن قولغا ئېلىنغان ئىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئابدۇۋاھاپ مۇرادى بىلەن ئىستانبۇل دارىلفۇنۇنىنى پۈتتۈرۈپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ئۈچۈن يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن ئىشانبەگكە ئوخشاش ئوقۇغۇچىلارمۇ بار ئىدى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بېشىغا كەلگەنلەر گېرمانىيە بىلەن تۈركىيىدە بىلىم ئېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بولۇپ، يۇرتىغا قايتىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن سەۋەب بولغان ئىدى. ئەسلىدىلا گېرمانىيىدە قالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ياۋروپادا تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئۈچۈن قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، بېرلىندا تۇرىدىغان سوۋېت مەسئۇل كىشىلىرى تەرىپىدىن نۇقتا قويۇلۇپ قارا تىزىملىككە ئېلىنىپ بولغان ئىدى. بۇ ئوقۇغۇچىلاردىن ئەخمەتجان ئىبراھىم (ئوكاي)، مىجتجان ئىبراھىم (ئوكاي)، سەئىدەلى غوجا (ئەنقەرە)، ئىبراھىم ئارىپخان (يارقىن) (ئىبراھىم يارقىن 1902ـ يىلىسى تاشكەنتتە تۇغۇلغان. دەسلەپكى ئوقۇشىنى ئۇسۇلۇ جەدىت مەكتىۋىدە، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇشىنى گىمنازىيىدە تاماملايدۇ. 1922ـ يىلىسى تۈركىيە ئارقىلىق گېرمانىيىگە بېرىپ، بېرلىن ئالىي يېزائىگىلىك مەكتىۋىگە ئوقۇشقا كىرىدۇ. 1929ـ يىلىدىن باشلاپ ياش تۈركىستانلىقلار ھەرىكىتى تەركىۋىدە يەر ئالىدۇ. 1930ـ يىلى تۈركىيىگە كېلىپ، ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتىتى زوئولوگىيە تېخنىكا كابىدراسىغا ئاسسىتانت بولۇپ كىرىدۇ. 1951ـ يىلىدىن 1972ـ يىلىغا كەلگىچە بۇ كابىدرانىڭ مۇدۇرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان ئىبراھىم يارقىن، 1995ـ يىلى ئەنقەرەدە ۋاپات بولىدۇ. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى)، ئەخمەت نائىم (ئۆكتەم)، ئەخمەت شۈكۈر قاتارلىق كىشىلەر 1930ـ يىللاردا تۈركىيىگە بېرىپ ئۆز پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەخمەتجان ئوكاي، مىجتجان ئوكاي، سەئىدەلى ئەنقەرە ۋە ئىبراھىم يارقىن قاتارلىقلار ھەر قايسى تۈركىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدە ئىلمىي تەتقىقات پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ پروفېسسورلۇق قىلىدۇ. ئەخمەت نائىم ئۆكتەم ئۇزۇن يىل تۈركىيە كۆچمەنلەر ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ئەخمەت شۈكۈر بولسا ھەر خىل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە (لىسەلەردە) پەلسەپە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

(رەسىم ئورنى)

تۈركىستانغا قايتمىغان ئوقۇغۇچىلاردىن بىر قىسمى

ئولتۇرغانلار (سولدىن ئوڭغا): ئەفدال ئابدۇساتت (ۋەنسۇرەل)، ئىبراھىم ئارىپخان (يارقىن)، سائىدە شىرئەخمەت قىزى (ئوكتاي)، مۇستاپا چوقاي ئوغلى، مەجىدىدىن دەلىل، ئەخمەتجان ئىبراھىم (ئوكاي). ئۆرە تۇرغانلار: سەئىد ئەلى غوجا (ئەنقەرە)، ئەخمەت نائىم (ئۆكتەم)، ئابدۇۋاھاپ ئىساق ئوغلى (ئوكتاي)، سابىر ئىبراھىم (تۈركىستانلى). بېرلىن، چارلوتتېنبۇرگ، 1930ـ يىلى (ئەھەت ئەنجان ئارخىۋىدىن)

ئابدۇۋاھاپ ئىساق ئوغلى (ئوكتاي) (ئابدۇل ۋاھاپ ئوكتاي 1904-يىلى تاشكەنتتە تۇغۇلغان. 1917~22-يىللاردا ئەزەربەيجاندا ئوقۇيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن گېرمانىيىگە بارىدۇ. ھەيدەلبېرگتە مىدىتسىنا پاكولتېتىنى پۈتتۈرىدۇ. دارماتادتا ئىشلەپ يۈرگىنىدە ياش تۈركىستان ژورنىلىدا ئىشلەش ئۈچۈن بېرلىنغا يۆتكىلىپ، ئۇ يەردە 10 يىل ئەتىراپىدا بۇ ژورنالنى باشقۇرىدۇ. 1934-يىلى ئۆزىگە ئوخشاش تۈركىستاندىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى بولغان سائىدە شىرئەخمەت قىزى بىلەن توي قىلىدۇ. 1939-يىلىسى تۈركىيىگە كېلىپ، ئىستانبۇل ھاسەكى دوختۇرخانىسىدا تۇغۇت بۆلۈمىنىڭ مۇتەخەسسىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1950-يىلىدىن باشلاپ تاھىر چاغاتاي بىلەن بىرلىشىپ ياش تۈركىستىنلىقلار نەشرىياتىنى باشقۇرىدۇ، مەمتىمىن بۇغرا بىلەن بىرگە تۈركىستان ژورنىلىنى چىقىرىدۇ. 1968-يىلى 12-ئىيولدا ئىستانبۇلدا ۋاپات بولىدۇ. — ئا.ھ. ئىزاھاتى) بىلەن تاھىر شاكىر (چاغاتاي) (تاھىر چاغاتاي 1902-يىلىسى تاشكەنتتە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى تاشكەنتتىكى ئۇسۇلۇ جەدىت مەكتىۋىدە ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئوقۇشنى ئۇفا ۋە ئەزەربەيجاندىكى مۇئاللىم مەكتىۋىدە داۋاملاشتۇرىدۇ. 1922-يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا گېرمانىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەرتىلگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە گېرمانىيىگە بارىدۇ. ھەيدېلبېرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە-سوتسيالوگىيە كەسپىنى پۈتتۈرگەن چاغاتاي، ياش تۈركىستانلىقلار ھەرىكىتىگە قاتنىشىدۇ. 1931-يىلىسى ئىدىل ئۇرال ھەرىكىتى يېتەكچىلىرىدىن بىرى بولغان ئاياز ئىساقىنىڭ قىزى سائادەت ئىساقى بىلەن توي قىلىپ، 1939-يىلى تۈركىيىگە كېلىشۋالىدۇ. بىر مەزگىل تۈركىيە زىرائەت — يېزائىگىلىك — بانكىسىدا مۇشاۋىر بولۇپ ئىشلىگەندىن كېيىن، 1948-يىلىسى ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ۋە تارىخ-جوغراپىيە پاكولتېتىنىڭ ئوقۇتۇش ھەيئەت ئەزالىقىغا تەيىنلىنىدۇ. 1972-يىلىسى سوتسيالوگىيە كابىدرا باشلىقى بولۇپ تەيىنلەنگەن چاغاتاي، 1984-يىلى تۈركىيىنىڭ بۇرسا شەھرىدە ۋاپات بولىدۇ. — ئا.ھ. ئىزاھاتى) قاتارلىق ئوقۇغۇچىلار، 1929-يىلىدىن باشلاپلا مۇستاپا چوقاي ئوغلى بىلەن بىرگە «ياش تۈركىستان» ژورنىلىنى چىقىرىشقا كىرىشكەن ئىدى. سابىر ئىبراھىم (تۈركىستانلى) بىلەن ئابدۇل ۋاھاپ ئوكتاينىڭ ئايالى سائىدە شىرئەخمەت قىزى (ئوكتاي) مۇ بۇ گۇرۇپپىدا ئىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا كەلگىچە بولغان ئارىلىقتا پائالىيەتلىرىنى گېرمانىيىدە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بۇ كىشىلەر، كېيىن تۈركىيىگە بېرىۋالىدۇ. تاھىر چاغاتاي، ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىدە پروفېسسور بولىدۇ، ئابدۇل ۋاھاپ ئوكتاي بولسا ئىستانبۇلدا ئاياللار كېسەللىكلەر ۋە تۇغۇت بىلەن مۇناسىۋەتلىك كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى بولۇپ ھاسەكى دوختۇرخانىسىدا ئىشلەيدۇ. زەھرا قوشئاي ئىسىملىك يەنە بىر ئوقۇغۇچى بولسا، ھەيدېلبېرگ مىدىتسىنا پاكولتېتىنى پۈتتۈرگىنىدىن كېيىن تۈركىستانغا قايتىپ كەتمەي شتۇتگارتتا قېلىپ دوختۇرلۇق قىلماقتا ئىدى.

ئەپسۇسكى، مەكتەپ پۈتتۈرۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ساقايماس بىر كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ، 1931ـ يىلىسى گېرمانىيىدە ۋاپات بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، تۈركىستانغا قايتىپ كەتمەي گېرمانىيىدە تۇرۇپ قالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك 1930ـ يىللاردىن باشلاپ ياۋروپادىن ئايرىلىپ تۈركىيىگە كېلىۋالغان ئىدى. 1922ـ يىلىسى گېرمانىيىگە ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلاردىن پەقەت بىرسىلا، يەنى ۋەلى قېيۇمخان دېگەن ئوقۇغۇچى بېرلىن يېزائىگىلىك مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن گېرمانىيىدە تۇرۇپ قېلىپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىللىرىدە تۈركىستانلىقلارنىڭ چەتئەلدىكى كۈرەشلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن مۇھىم ئادەم بولۇپ ئوتتۇرغا چىقىدۇ. بۇخارالىق ئوقۇغۇچىلارغا مەسئول قىلىپ ئەۋەتىلگەن، 1922~31ـ يىللار ئىچىدە ئوقۇغۇچىلار بىلەن سوۋېت تەرەپ ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ساقلاش ئىشىغا مەسئۇل بولۇپ كەلگەن ئالىمجان ئىدرىسمۇ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتمەي گېرمانىيىدە تۇرۇپ قالغانلاردىن ئىدى. كېيىن گېرمانىيىدە ھۆكۈمەت خىزمىتىگە كىرگەن ئىدرىس، ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ۋېنگىرىيىگە كېتىپ شۇ يەردە ۋاپات بولىدۇ.

*****

# سىياسىي مەركەز: تۈركىيە

... بىزگە ھېچكىم "بۇ سىلەرنىڭ ئىشىڭلار ئەمەس" دېيەلمەيدۇ. ياق، بۇ ئىشلار بىزنىڭمۇ قىلىدىغان ئىشىمىز، شۇنىڭدەك بۇ بىزنىڭ مىللىي مەنپەئىتىمىزدۇر. چۈنكى تۈركىيە مىللىي ئىنقىلاۋىنىڭ ئوتتۇرغا قويغان "مىللىي مۇستەقىللىق" غايىسى بىزنىڭمۇ غايىمىزدۇر. ...

ــ مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ بىر ماقالىسىدىن. 1934

تۈركىيە، تارىختىن بۇيان دۇنيا تۈركلىرىنىڭ ئۆز يۇرتى، ئىككىنچى ۋەتىنى بولۇپ كەلگەن ئىدى. مەيلى ئوسمانىلار دەۋرىدە ياكى جۇمھۇرىيەت يىللىرىدا بولسۇن، ھەرقانداق بىر سەۋەپتىن ۋەتىنىدىن ئايرىلغان تۈركلەر تىل، دىن ۋە مەدەنىي پەرقلەرگە دۇچ كەلمەسلىكى ئۈچۈن تۈركىيىنى پانالىق يېرى دەپ قاراپ كەلگەن. بولۇپمۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يۈز بەرگەن قىرىم ئۇرۇشى بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن پارتىلىغان 93 ـ يىل ئۇرۇشى، 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا يۈز بەرگەن بالقان ئۇرۇشى بىلەن بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى، بۇرۇنقى ئوسمانىلار تېررىتورىيىلىرىدە ياشايدىغان تۈركلەرنىڭ زور كۆلەملىك كۆچۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى.

چاررۇسىيە ئاغدۇرۇلۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇش يىللىرىدا بولسا يەنە باشقىچە بىر كۆچۈش ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ. 1917 ـ يىلقى بولشېۋىكلار ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، مۇستەقىللىقىنى ياكى ئاپتونومىيىلىرىنى ئېلان قىلغان تۈركى خەلقلەر ياشايدىغان رايونلار سوۋېتلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىشىغا ئەگىشىپ سوۋېتلەرگە قارشى مۇستەقىللىق كۈرىشىگە ئاتلانغان كىشىلەر ۋەتىنىدىن قېچىپ چىقىشقا مەجبور بولغان ئىدى. بۇ ۋەقەلەردە، نۆۋەت بىلەن ئەزەربەيجانلىق، شىمالىي كاپكازىيىلىك، قىرىملىق، ئىدىل ئۇراللىق ۋە تۈركىستانلىق يېتەكچىلەر ئۇدۇل ياكى ۋاستىلىق يوللار بويىچە تۈركىيىگە قاراپ قېچىشقا باشلىغان ئىدى. ياۋرۇپاغا بېرىۋالغان بىر قىسىم ئىنقىلاپچىلارمۇ مىللىي دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان ياش تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىرى تەرىپىدىن ۋەتىنىگە تەكلىپ قىلىنغان ئىدى. نەتىجىدە، 1920 ـ يىلارنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگىنىدە، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تاشقى تۈرك مۇھاجىرلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان تەشكىلاتلار بىلەن ئۇلار قانات يايدۇرۇپ كېلىۋاتقان پائالىيەتلىرىنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان ئىدى.

تۈركىيىگە كېلىۋالغان مۇھاجىر يېتەكچىلىرىنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى رايونلاردىن كەلگەنلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۈركىيىنى مەركەز قىلغان ھالدا قانات يايدۇرماقچى بولغان سىياسىي كۈرەشلىرىنىڭ بىردىن بىر مەقسىتى ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ غايىلىرى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى نەتىجىسىدىلا ئاندىن ئىشقا ئاشىدىغان بىر غايە ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى بىلەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا 1921 ـ يىلىنىڭ 16 ـ مارت كۈنىسى ئىمزالانغان موسكۋا شەرتنامىسى، ھەر ئىككىلا تەرەپ بىر ـ بىرىسىگە قارشى قانات يايدۇرۇلىدىغان ھەرقانداق پائالىيەتلەرگە يول قويۇشماسلىق ھەققىدە كېلىشىمگە كېلىشكەن ئىدى. بۇ شەرتنامىنىڭ 8 ـ ماددىسى مۇنداق بايان قىلىنغان ئىدى:

ھەر ئىككى تەرەپ، ئۆز تەۋەلىكىدە، يەنە بىر دۆلەتنىڭ ھەممىسىگە ياكى بىر قىسمىغا ھۆكمۇرانلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان ھەرقانداق بىر تەشكىلات قۇرۇلۇشىغا، پانالىق تەلىۋىدە بولىشىغا رۇخسەت قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ... تۈركىيە بىلەن رۇسىيە، كاپكازىيە جۇمھۇرىيەتلىرى ئۈچۈنمۇ كىلىشىم ئاساسلىرىغا ئەمەل قىلىش شەرتى بىلەن يوقۇرقى شەرتكە ئەمەل قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بۇ يەردە ئەزەربەيجان، شىمالىي كاپكازىيە، قىرىم، ئىدىل ئۇرال ۋە تۈركىستان قاتارلىق جايلاردىن تۈركىيىگە مۇھاجىر بولۇپ كەلگەن سىياسىي خادىملارنىڭ قىلىۋاتقان پائالىيەتلىرىنى كۆزدە تۇتماقتا ئىدى. بۇ جەھەتتە مۇستاپا كامال تۈركىيىسىنىڭ كۆزدە تۇتىۋاتقىنى ئەرمەنىيە بىلەن گىروزىيىگە ئوخشاش سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرىدىن كېلىشى ئېھتىمال بولغان تەلەپلەر بىلەن بىرگە، تۈركىيىدىن چىقىپ كىتىپ ئۆز پائالىيەتلىرىنى موسكىۋادا تۇرۇپ قانات يايدۇرۇپ كېۋاتقان ئىتتىھات ۋە تەرەققى يىتەكچىلىرىنى دېمەكچى ئىدى.

تۈركىيە يېڭىدىن بىر دۆلەت قۇرۇشقا تىرىشىۋاتقان، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بولسا مەملىكەت دائىرىسى بويىچە ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان بىر ۋەزىيەتتە، بۇ تەلەپلەر ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىش بىر مۇقەررەرلىك ئىدى. ئەمما ئەمەلدە بۇ شەرتلەرگە ئەمەل قىلمايدىغان ۋەقەلەرمۇ كۆرۈلىدۇ. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى، موسكىۋا شەرتنامىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ شەرتلەرگە قارىماي، ئىتتىھات ۋە تەرەققىي يىتەكچىلىرىنى زاپاس كۈچ ئورنىدا تۇتۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بولسا، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىمۇ دۆلىتىگە قېچىپ كەلگەن سىياسىي مۇساپىرلارغا قارىتا ھېچ بولمىغاندا دەسلەپكى يىللاردا ھېچ بىر قىيىنچىلىق پەيدا قىلمىغان ئىدى.

## مۇساپىر تۈركىي يىتەكچىلەر تۈركىيىدە

مۇھاجىردىكى سىياسىي خادىملارنىڭ تۈركىيىگە كېلىپ سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللىنىشى ئۇ يىللاردىكىلا بىر ئىش ئەمەس ئىدى. ئىتتىھات ۋە تەرەققىي دەۋرىلىرىدە، يەنى 1908-يىللى داغلىق بىر مۇنچە كاپكازىيىلىكنىڭ قاتنىششىدا كېيىنكى يىللاردا ئىسمىنى شىمالىي كاپكازىيە جەمىيىتى دېگەنگە ئۆزگەرتىدىغان چەركەز ئىتتىھات ۋە تەئاۋۇن جەمىيىتى دەيدىغان بىر جەمىيەت قۇرۇلغان ئىدى (چەركەز ئىتتىھات ۋە تەئاۋۇن جەمىيىتى قۇرغۇچىلىرى ئىچىدە مارېشال مەرتەد

ئابدۇللا پاشا، مارشال بەرزەگ زەكى پاشا، يازغۇچى ئەخمەت مىدھات ئەپەندى، غازى مۇھەممەت شامىل پاشا — ئىمام شامىلنىڭ ئوغلى — قاتارىدىكى داڭلىق كىشىلەرمۇ بار ئىدى. — ئا.ھ. ئىزاھاتى). ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنە كاپكاز تېئالى جەمىيتى قۇرۇلۇپ پائالىيەت قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ جەمىيەتلەر قاتارىغا يەنە 1914 ـ يىلىسى كاپكازىيىلىكلەر نەشرى مائارىپ جەمىيتى، 1918 ـ يىلىسى چەركەز ئاياللار تەئاۋۇن جەمىيتى ۋە 1920 ـ يىلىغا كەلگىنىدە كاپكاز تەئالى جەمىيتىمۇ قوشۇلغان ئىدى.

سوۋېت ئىنقىلاۋىنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە تۈركىيىگە تۇنجى بولۇپ كەلگەن يىتەكچىلەردىن بىرسى ئەزەربەيجان جۇمھۇر رەئىسى ۋە مۇساۋات ھەرىكىتىنىڭ رەئىسى مەھەممەت ئىمىن رەسۇلزادە ئىدى. ئەزەربەيجانىنىڭ ئىشغال قىلىنىشىدىن كېيىن موسكۋاغا يالاپ كېتىلگەن رەسۇلزادە، 1922 ـ يىلى ئىچىدە نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان يەردىن قېچىپ قۇتۇلۇپ، فىنلاندىيە ئارقىلىق تۈركىيىگە قېچىپ بېرىۋالغان ئىدى. قىرىم تۈركلىرىنىڭ يىتەكچىلىرىدىن بىرى بولغان جاپپار سىيىت ئەخمەت (قىرىمئەر) 1920 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا تۈركىيىگە كېلىۋالغان يەنە بىر مۇساپىر يىتەكچىلىرىدىن بىرسى ئىدى. كاپكازىيىلىك يىتەكچىلەردىن سەئىد شامىل بىلەن سۇلتان قىلىچ گېرەي بولسا، شىمالىي كاپكازىيىدە باشلاتقان قوزغىلاڭ ھەرىكىتى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچۇرىغاندىن كېيىن گىروزىيە ئارقىلىق تۈركىيىگە كىرىۋالغان ئىدى. تۈركىستانلىق يىتەكچىلەردىن ئوسمان غوجا ئوغلى ئافغانىستاندا تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ئۈچۈن قانات يايدۇرغان ھەرىكىتى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچۇرىغىنىدىن كېيىن، 1924 ـ يىلى تۈركىيىگە كېلىۋېلىپ ئىستانبۇلدا ئولتۇراقلاشقان ئىدى. ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيىتى ئاغدۇرىۋېتىلگەندىن كېيىن جەنۇبىي ئەزەربەيجانغا بېرىپ ئەنزەلى شەھىرىدە پائالىيىتىنى داۋام قىلدۇرۇپ كەلگەن مىرزا بالىمۇ 1927 ـ يىلى تۈركىيىگە كېلىۋېلىپ مۇساپىر يىتەكچىلەر سېپىگە قوشۇلدۇ.

رەھبەرلەر ئارىسىدىكى ھەمدۇللا سۇپھى (تەڭرى ئۆۋەر) بىلەن رىزا نۇر قاتارىدىكى مىللەتچىلەرنىڭ ياۋرۇپادىكى مۇساپىر تۈركى زىيالىيلىرىنى ھەمدە باشقا تۈركى يىتەكچىلىرىنى تۈركىيىگە يىغىش سىياسىتىمۇ مۇساپىر يىتەكچىلىرىنى تۈركىيىگە يۆزلەندۇرۇشكە سەۋەپ بولغان ئامىللارنىڭ بىرى ئىدى. يوقۇرقىدەك سەۋەپلەر نەتىجىسىدە تۈركىستان ئازاتلىق جەمىيتىنىڭ رەئىسى زەكى ۋەلىدى (توغان)، ئىدىل ئۇرال ھەرىكىتى يىتەكچىلىرىدىن ئاياز ئىساقى ۋە فۇئات توقتار بىرلىنىدىن، سوربوندا پروفىسسورلار ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولغان سادىرى مەقسۇدى (ئارسال) پارىژدىن كېلىپ 1925 ـ يىلى ئىچىدە تۈركىيىگە يىغىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە سادىرى مەخسۇدى، فۇئات توقتار، ئابدۇللا باتتال تايماس قاتارىدىكى كىشىلەر جۇمھۇرىيەت تۈركىيىسى تەرىپىدىن ھەر تۈرلۈك ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەنگەچكە، سىياسىي

پائالىيەتلەردىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئەمما بۇرۇن ئۆز تەۋەلىرىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى جەريانىدا ئاكتىپ رول ئوينىغان مەھەممەت ئىمىن رەسۇلزادە، زەكى ۋەلىدى، ئوسمان غوجا ئوغلى، ئاياز ئىسھاقى، سەئىد شامىل ۋە جاپپار سىيىت ئەخمەت قاتارىدىكى يىتەكچىلەرنىڭ سىياسىي پائالىيەتلەردىن ئايرىلىپ ياشىشنى تەساۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلار ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ دەرھال سىياسىي پائالىيەت تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش ئىشىغا تۇتۇش قىلىدۇ.

## مۇساپىر تۈركلەر ئاۋازى: «يېڭى كاپكازىيە»

رەسۇلزادە يىتەكچىلىگىدىكى مۇساۋاتچىلارنىڭ تۈركىيىگە كېلىشى بىلەن تەڭ، بارلىق كاپكازىيىلىك مۇساپىرلار بىر يەرگە يىغىلىپ بىر مەجمۇئە ئەتراپىغا جەم بولۇش ئىشى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرلىكتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، 1923-يىلىنىڭ 26-سىنتەبىرىدە «يېڭى كاپكازىيە» مەجمۇئەسىنىڭ تۇنجى سانى چىقىرىلىدۇ. كاپكاز تەئالى جەمىيىتى قۇرغۇچىلىرىدىن داغىستانلىق بىر دىنى ئالىم بولغان سىيىت تاھىر ئەل ھۈسەيىنى ئەپەندى، بۇ مەجمۇئەنىڭ غوجايىنى ۋە مەسئۇل مۇدىرى بولىدۇ. 16 بەتلىك بۇ ژورنال 15 كۈندە بىر سان چىقىرىلاتتى. مەزمۇن جەھەتتە ئەزەربەيجان ۋە شىمالىي كاپكازىيە قاتارلىق رۇسسىيىگە مەھكۇم قىلىنغان مىللەتلەرنىڭ مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئاساسى مەقسەت قىلاتتى. يازغۇچىلىرى مۇساۋاتچى يىتەكچى مۇھەممەت ئىمىن رەسۇلزادە باشلىق ئەزەرى ۋە شىمالىي كاپكازىيەلىك سىياسىي مۇساپىرلاردىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى.

1924-يىلىنىڭ 27-ئاپرېل كۈنىسى ئىستانبۇلدا مەخپىي يىغىن چاقىرغان مۇساۋاتچىلار، «ئەزەربەيجان مىللىي مەركىزى» نامىدا بىر تەشكىلات قۇرۇپ، بۇ مەركەزنى تۆت يىل بۇرۇن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلانغان ئەزەربەيجان مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ سۈرگۈندىكى داۋامى دەپ ئېلان قىلىشىدۇ. يەنە شۇ يىلىسى مۇنداق بىر ئىش ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەزەرىلەردىن خۇسرەۋ سۇلتانزادە، ئا. شەيخۇلئىسلامزادە بىلەن ئابدۇل ئەلى ئەمىرجان، گروزىيىلىكلەردىن م. تسېتېرېللى، د. ۋاچنادزې ۋە ئا. ئاسساتىيانى، شىمالىي كاپكازىيىلىكلەردىن ۋ. جاباغى، ئەلىخان قانتەمىر ۋە ئا. نامتوك قاتارلىق سىياسەتچىلەر ئىستانبۇلدا بىر يەرگە يىغىلىپ «كاپكازىيە مۇستەقىللىق كومىتېتى» نى قۇرۇپ چىقىدۇ (يەنە شۇ ۋاقىتلاردا پارىژدا كاپكازىيە جۇمھۇرىيەتلىرى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى رەئىسلىرى، كاپكازىيە دائىمىي كومىسسىيونى نامىدا بىر يەرگە يىغىلىپ رۇسىيىنىڭ گروزىيىدە

پارتىلىغان بىر ھەرىكەتنى باستۇرۇشقا نارازىلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بىر پارچە دوكلات ئېلان قىلغان ئىدى. ھەرخىل مەنبەلەر بۇ كومىسسىيە بىلەن ئىستانبۇلدا قۇرۇلغان كاپكازىيە مۇستەقىللىق كومىتېتىنى بىر بىرسىگە ئارىلاشتۇرىۋەتمەكتە. — ئا.ھ. ئىزاھاتى). كومىتېت قارارلىرىدا كاپكازىيىلىك سىياسەتچىلەرنىڭ كاپكازىيىدىكى مۇستەقىللىق كۈرىشىنى غەلبىلىك تاماملاش، كاپكازىيىنى ئازات قىلىپ كونفېدراتسىيە ئاساسىغا تايانغان بىر رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىشتىن قەتئىي يانمايدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن. بۇ مەقسەتتە قانات يايدۇرۇلىدىغان پائالىيەتلەر، كاپكازىيەگە بىۋاستە قوشنا بولغان تۈركىيىدە تەييارلىنىشى تەكىتلەنگەن ئىدى. كومىتېت قۇرغۇچىلىرىنىڭ قارىشىچە، تۈركىيە كاپكازىيىگە قوشنا بىر دۆلەت ھېساپلىناتتى. تۈركىيە، كاپكازىيە خەلقلىرى بىلەن تارىخىي، مىللىي ۋە دىنىي ئورتاقلىقلارغا ئىگە بىر دۆلەت دەپ قارالغاچقا، تۈركىيە كەلگۈسىدىكى كاپكازىيە ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ رول ئوينىيالايدىغان بىر دۆلەت ھېساپلىناتتى.

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ئىچكى-تاشقى جەھەتلەردە ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىۋاتقان يىللار ئىدى. 1924-يىلىنىڭ نويابىر ئېيىدا تەرەققىيپەرۋەر جۇمھۇرىيەت پىرقىسى تەشكىللىك شەكىلدە ئۆكتىچىلىك پائالىيەتلەر بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان، 1925-يىلىنىڭ بېشىدا تۈركىيىنىڭ شەرقىي جەنۇپتا باشلانغان شەيخ سەئىت ئىسيانى سەۋەبىدىن تەقرىرى سۈكۈن قانۇنى چىقىرىلىپ ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىنىپ، مۇستەقىللىق سوت مەھكىمىلىرى قۇرۇلدۇ. ئىزمىر سۈيىقەستى، تەرەققىيپەرۋەر جۇمھۇرىيەت پىرقىسىنىڭ تارقىتىۋېتىلىشى بىلەن بىرگە باشلانغان كەڭ كۆلەملىك قولغا ئېلىشلار، سىياسىي مۇساپىر تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنىمۇ ئېغىر دەرىجىدە توسالغۇغا ئۇچۇراتتى. ئۇلار پائالىيەتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى يەر ئاستىغا كۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ جەرياندا يېڭى كاپكازىيە ژورنىلىنىڭ ساھىبى بولغان سەيىت تاھىرنى باش كىيىم قانۇنىغا ئۆكتە چىققانلىقنى باھانە قىلىپ قولغا ئېلىپ مۇستەقىللىق سوت مەھكىمىسىگە چىقىرىدۇ. بۇ ۋەقە سەۋەپلىك مەھەممەت ئىمىن رەسۇلزادە ژورنالنىڭ غوجايىنى ۋە باش مۇھەررىرلىكنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

بۇ جەرياندا يەنە بىر ئىش ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. داغىستانلىق مۇساپىرلار بىلەن بىر گېنېرال ئوتتۇرىسىدا كۆرۈلگەن مەسىلە شىمالىي كاپكازىيىلىك خادىملارغا قاتتىق تەسىر كۆرسىتىدۇ. سوۋېتلەر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن داغىستان ھەربىي بۆلۈم باشلىقى، ھەربىي ئىشلار ۋە ئىچكى ئىشلار نازىرلىقلىرى، كەيىندىن ھۆكۈمەت رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان گېنېرال مىكائىل خەلىل 1921-يىلىسى تۈركىيىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئىدى. خەلىل، سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ كەتمىگىنىگە قارىماي 1925-يىلىسى يەنە بىر كاپكازىيىلىك ئەسكەر ئەيسا رۇھى

پاشا بىلەن بىرگە قولغا ئېلىنىپ ئەنقەرە مۇستەقىللىق سوت مەھكىمىسىدە سوتلىنىدۇ. سوتلانغان ھەر ئىككىلا پاشا قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، بۇ قېتىمقى قولغا ئېلىش ۋەقەسى شىمالىي كاپكازىيىلىك سىياسىي خادىملارغا ئېغىر زەربە بولۇپ تۇيۇلۇپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرىگە ئېغىر بېسىم پەيدا قىلىدۇ. تۈركىيە ئىچكى سىياسىتىدىكى بۇ تۈر ئۆزگىرىشلەر سەۋەبىدىن 1924 ـ يىلى ئىستانبۇلدا قۇرۇلغان كاپكازىيە ئازاتلىق كومىتىتىمۇ مەرگىزىنى پارىژغا يەتكەپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

«يېڭى كاپكازىيە» ژورنىلى 1927 ـ يىلىغىچە تۈركىيىدىكى مۇساپىر تۈرك سىياسىي خادىملىرىنىڭ ئاۋازى بولۇشتەك تارىخىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ژورنالنىڭ 5 ـ يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلان قىلىنغان ماقالىدا كۆرسىتىلگىنىدەك، رۇسىيە تەھدىتىگە قارشى كۈرەش نوقتىسىدا تۈركىستاندىن ئۇكرائىناغىچە سوزۇلغان ئۇرۇسلارغا قۇل قىلىنغان بارلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي ھەرىكەتلىرىگە ياردەم قىلىنىۋاتقان، ئۆزلىرىگە تەۋە تەشۋىقات قۇراللىرى بولمىغان تۈركىستانلىقلار («يېڭى كاپكازىيە» ژورنىلىغا مىللىي بىرلىك ھەرىكىتى ئەزالىرىدىن زەكى ۋەلىدى توغان، ئابدۇقادىر ئىنان، مۇستاپا چوقاي ئوغلى ۋە ئەخمەت نائىم ئۆكتەم قاتارلىق كىشىلەرمۇ ماقالە بېرىپ كەلمەكتە ئىدى. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى)، قىرىملىقلار، ئىدىل ئۇراللىقلارمۇ بۇ ژورنالدا ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ ژورنال، 1927 ـ يىلىنىڭ 29 ـ سىنتەبىر كۈنىسى ئەكس تەسىر قوزغايدىغان نەشرىياتچىلىق پائالىيەتلىرى بىلەن شوغۇللاندى دېگەن باھانە كۆرسىتىلىپ مىنىستىرلىك مەھكىمىسى قارارى بىلەن پېچەتلىنىدۇ.

## تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاق تەشكىلاتى يولىدا

زەكى ۋەلىدى توغان بىلەن ئوسمان غوجا ئوغلى قاتارلىق تۈركىستان ھەرىكىتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى يېتەكچىلىرى تۈركىيىدە تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، تۈركىستان ئازاتلىق جەمئىيىتىنىڭ ئاساسى كۆچىمۇ تۈركىيىگە مەركەزلەشكەن ئىدى. 1925~26 ـ يىللىرى بويىچە بۇ جەمئىيەت، ھەر قايسى ئەللەردە تۇرىۋاتقان تۈركىستانلىق زىيالىيلار ئوتتۇرىسىدا بىر ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى تىكلەش ئۈچۈن كۈچ چىقارماقتا ئىدى. بۇ ھەرىكەتنىڭ ئالدىنقى ئورۇندىكى يېتەكچىلىرى بىر تەرەپتىن سىياسىي پائالىيەتلىرى ئۈچۈن مۇۋاپىق بىر مۇھىت يارىتىشقا تىرىشىپ كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز تۇرمۇشىنى رەتكە سېلىۋېلىش ئۈچۈنمۇ تىرىشماقتا ئىدى. ئەمما ئۇلار تولۇق تونۇشۇپ بولالمىغان بىر دۆلەتتىكى يېپ ـ يېڭى بىر

مۇھىتتا بۇنداق بىر ھۇل سالالىشى بەكلا قىيىن ئىدى. بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ئىمكانىيەتلەرنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، ئەزالار ئارىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك بىر ئۈمىتسىزلىك ھۆكۈم سۈرىشىگە سەۋەب بولماقتا ئىدى.

زەكى ۋەلىدى، دوكتور رىزا نۇرنىڭ يول مېڭىشى نەتىجىسىدە مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ نەشرىيات ۋە تەرجىمە تەتقىقات يۇرتىغا ئىشقا ئورۇنلىشىدۇ. ئەمما خىزمەت ئورنىنىڭ ئەنقەرەدە بولىشى ئۇنىڭ سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللىنىشىغا مۇۋاپىق كەلمەيتتى. شۇ سەۋەپتىن، ئۇ ئەنقەرەدە بىر مەزگىل ئىشلىگەندىن كېيىن دارىلفۇنۇنغا مۇراجەت قىلىپ يۇرۇپ ئىستانبۇلغا يۆتكىلىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىستانبۇل دارىلفۇنىنىڭ تارىخ بۆلۈمىگە تەيىنلىنىپ ئىلمىي تەتقىقاتچىلىق خىزمىتى بىلەن شوغۇللىنىش ئىمكانىغا ئېرىشىش بىلەنلا قالماي، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلاردىنمۇ خېلىلا قۇتۇلۇپ قالغان ئىدى. بۇنىڭغا ئوخشاش پۇرسەت فەتقۇل قادىر سۇلايمان (ئابدۇقادىر ئىنان) ئۈچۈنمۇ يارىتىلىپ، ئۇمۇ دارۇلفۇنۇنغا ئاسسىتانت بولۇپ كىرىۋالىدۇ. ئەمما قالغان ئەزالار ئۈلاردەك تەلەيلىك ئەمەس ئىدى. مەسىلەن تۈركىستان ئازاتلىق جەمىيىتى مەركەزىي كومىتېتى ئەزالىرىدىن ميان پۇزرۇق، تۈركىستاندا ئىنتايىن داڭلىق بىر يازغۇچى ھېساپلىناتتى. ئۇ، تۈركىيىگە كەلگىنىدىن كېيىن يېڭى مۇھىتقا كۆنەلمەسلىك، ماددىي قىيىنچىلىقلار سەۋەبىدىن ئېغىر ئۈمىدسىزلىك ئىچىگە پېتىپ قالىدۇ. ئاخىرى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قايتىپ كېتىش قارارىغا كېلىپ، جەمىيەتكە خائىنلىق قىلمايدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىپ، 1927ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا تۈركىستانغا قايتىپ كېتىدۇ. تۈركىيىدە تۇرغان بىر زىيالىنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ بېرىشى، كومۇنىزم تۈزۈمى ئۈچۈن تېپىلماس بىر تەشۋىقات باھانىسى بولۇپ بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ميان پۇزرۇك ئۇ يەردە قىزغىن كۈتىۋېلىنىپ مائارىپ سېپىدە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىلىدۇ. ميان پۇزرۇك سالىخوۋ، تاشكەنت تاجىك تەتقىقات يۇرتى ۋە تاشكەنت پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىدا تاجىك تىلى بويىچە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن يىللىرى بويىچە ئەدەبىيات ساھەسىدە نۇرغۇنلىغان ئىجادىي ئەسەرلەرنى يارىتىدۇ. ئەمما تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىگە قاتناشقان بىر زىيالىنىڭ ستالىن ھاكىمىيىتىنىڭ نازارىتىدىن ساقلىنالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دىگەنەدەك 1937ـ يىلىسى باشلىنىلغان چوڭ تازىلاش ھەرىكىتى جەريانىدا قولغا ئېلىنىپ، چەتئەل جاسۇسى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈم دۈشمىنى دىگەن جىنايەتلەر بىلەن سوتلىنىپ جىنايىي جازاغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن تۈرمىدە ۋاپات بولىدۇ.

تۈركىستانلىق يىتەكچىلەرنىڭ سىياسىي پائالىيىتى ئۈچۈن مۇۋاپىق مۇھىت ئاختۇرۇش ئىشلىرى داۋام قىلىۋاتقان كۈنلەردە، پولشا يىتەكچىلىكىدە پرومېتي ھەرىكىتى باشلىنىلىدۇ. پولشالىق مەسئول كىشىلەر تۈركىستان ئازاتلىق

جەمىيىتىنىڭمۇ بۇ تەشكىلات تەركىۋىدە ئورۇن ئېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ مەقسەت بىلەن پارىژدا تۇرىۋاتقان ياۋروپادا تۇرۇشلۇق ۋەكىل مۇستاپا چوقاي ئوغلى بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدۇ. بۇ جەمىيەت پرومېتې تەشكىلاتىغا قوشۇلغىنىدا ھەر تۈرلۈك تەشۋىقات پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ياردەمگە ئېرىشەلىشى مۇمكىن بولاتتى. بۇنىڭغا ئوخشاش بىر تەكلىپ ئىدىل ئۇرال تۈركلىرىنىڭ يېتەكچىسى ئاياز ئىسھاقىغىمۇ كېلىدۇ. تەكلىپنى قوبۇل قىلغان ئىسھاقى، ئۇدۇل ۋارشاۋاغا بېرىپ ماكانلىشىپ ئىدىل ئۇرال مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ باياناتچىلىقىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان بىر ژورنال چىقىرىش ئۈچۈن تەييارلىق ئىشلىرىغا كىرىشىدۇ. 1926-يىلىنىڭ سىنتەبىر ئېيىدا پولشا پارلامېنت ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان خولوۋكوۋ (زەكى ۋەلىدى توغان كۈندىلىك خاتىرىسىدا بۇ ئادەمنىڭ ئىسمىنى "خالۇجكا" دەپ يازىدۇ. ئەمما پرومېتې تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان بۇ قۇرۇلتاي ۋەكىلىنىڭ ئىسمى تادېئۇسز خولوۋكوۋ ئىدى. — ئا.ھ. ئىزاھاتى) ئىستانبۇلغا كېلىپ، تۈركىستان ئازاتلىق جەمىيىتىنىڭ رەئىسى زەكى ۋەلىدى بىلەن كۆرۈشىدۇ. ۋەلىدى بۇ كۆرۈشۈشلەر ھەققىدە مۇستاپا چوقاي ئوغلىغا ئەۋەرتكەن خېتىدە مۇنۇلارنى يازماقتا ئىدى:

> پولشا پارلامېنت ۋەكىلى خالۇجكا كەلگەن ئىدى. ... بىز ۋە جەمىيەت ھەققىدە سۇئاللارنى سورىدى. جەمىيەت ئاكتىپ پائالىيەتلەردە بولالىسا خوشال بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ... پۇل بولغىنىدا پارىژدا فرانسۇزچە خەۋەرلەر مەجمۇئەسى، ئىستانبۇلدا بولسا بىر ژورنال چىقىرىۋالالىغان بولساق بەكلا ياخشى بولاتتى. ... قارىغاندا ئۇلار بىزگە ئىقتىسادىي ياردەم قىلىشى مۇمكىنىدەك كۆرۈنىدۇ. ... مەھەممەت ئىمىن رەسۇلزادىمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە ئىكەن. مۇستافا سىزلەر بىلەن بىر تەشكىلاتنىڭ ئادىمىمۇ دەپ سورىدى.

1927-يىلىنىڭ بېشىدا جەمىيەتنىڭ گېرمانىيىدىكى ئەزالىرىدىن تۈركىستان تالىپلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى ئابدۇلۋاھاپ مۇرادى، ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئوقۇشىنى پۈتتۈرۈپ تۈركىستانغا قايتىپ كېتىش قارارىغا كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا قالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ ۋەتەنگە قايتىپ كېتىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. كەلگۈسى ئۈچۈن بىر پىلان لايىھەلەپ چىقىش ھەمدە قايتىپ كېتىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ قايسى خىل سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەكلىكىنى بەلگىلەپ چىقىش مەقسىتىدە جەمىيەتنىڭ ياۋروپادىكى ئەزالىرى فېۋرال ئېيىدا ھەيدېلبېرگ شەھىرىدە يىغىن چاقىرىدۇ.

ھەيدېلبېرگ يىغىنىنىڭ يىغىن خاتىرىلىرى، چەتئەلدىكى تۈركىستانلىق زىيالىيلارنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى ۋەزىيەتنى قانداق باھالاشقانلىقى ھەمدە

كەلگۈسىدە نىمە ئىشلارنى قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلىشىمىز ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يىغىن ئېچىلىشىدا مۇستاپا چوقاي ئوغلى «سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭ هازىرقى ئىچكى سىياستى» دىگەن ماۋزۇلۇق بىر دوكلات سۇنىدۇ. چوقاي ئوغلىنىڭ قارىشى بويىچە، ستالىنچىلارنىڭ هوقۇق تۇتۇپ تۇرىشى تۈركىستان ئۈچۈن تېخمۇ پايدىلىق بولاتتى. چۈنكى بۇنداق بولغىنىدا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ هاكىمىيەت قارىشى ئاز-تولا بولسىمۇ يۇمشاپ، دۆلەت باشقۇرۇش ئىشلىرىدا دېهقانلار سىنىپىنىڭ تەسىر كۈچى كۈچەيتىلەتتى. بۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، ئىشچىلار سىنىپى يېتىلىپ چىقمىغان تۈركىستاننىڭ يېزا تەبىقىلىرى نوقتىسىدىن ئالغاندا پايدىلىق بولىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭغا نىسبەتەن ئالغاندا، زىنوۋيېۋ بىلەن تروتىسكى تەرەپتارلىرى هاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالغىنىدا، دۇنيا ئىنقىلاۋى بىلەن شوغۇللىنىش غايىلىرى بىلەن سوۋېت رۇسىيىسىنى، بۇنىڭ بىلەن بىرگە تۈركىستاننى پاجىئەلىك كۈنلەرگە مۇپتالا قىلىشى مۇمكىن. ياۋرۇپا ئەللىرىنىڭ پوزىتسىيىلىرى ئۈستىدىمۇ توختالغان چوقاي ئوغلى، گېرمانىيە سوۋېتلەر هاكىمىيىتىگە قارشى تۇرمايدىغانلىقىنى، ئەنگلىيىلىكلەر بۇنىڭغا قارشى تۇرىدىغانلىقىغا قارىماي قەتئىي تۈردە بىرەر ئەمەلىي هەرىكەت قوللانمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسەتكەن. خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، چوقاي ئوغلىنىڭ قارىشى بويىچە سوۋېت هاكىمىيەت سىستېمىسى يەنە بىر مەزگىل ساقلىنىپ تۇرىشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاچقا، سوۋېت تەۋەسىدە تۇرىۋاتقان خادىملار هاكىمىيەت كادىرلىرىنى يەرلىكلەشتۈرۈش سىياستى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشى، چەتئەلدە تۇرىۋاتقان تۈركىستانلىق خادىملار بولسا تۈركىستان مەسىلىسىنى خەلقارالىق سەھنىگە ئېلىپ چىقىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى شەرت ئىدى.

شۇ قېتىملىق يىغىندا ئېلىنغان قارارلاردىن قارىغاندا، تۈركىستان جۇمهۇرىيەتلىرىگە قايتىپ بارىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى "يەرلىكلەشتۈرۈش سىياستىنى يولغا قويۇش بولىشى لازىم" دەپ قارالغان ئىدى. يەنى، مەمورى كادىرلار سىپىگە، سانائەت ئورۇنلىرىغا، تۆمۈر يول تارماقلىرىغا، پوچتا تېلېگراف ئىدارىلىرىگە ۋە ئەڭ مۇهىمى مائارىپ ساهەلىرىگە يەرلىك خادىملارنى جايلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاساسىي مەقسەت قىلىنىشى لازىم دەپ قارالغان ئىدى. بۇ قاراشقا ئاساسەن يەرلىك خادىملارنىڭمۇ قوبۇل قىلالايدىغان ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كېرەكلىك بارلىق ئىشلار قىلىنىشى كېرەك ئىدى. چەت دۆلەتلەردىن يۇرتىغا قايتقان ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى، ئۇكرائىنانى ئاساس قىلغان گروزىيە، ئەزەربەيجان قاتارىدىكى ئەللەرگە ئوقۇغۇچى ئئۇەرتىش سىياستى هەر ۋاقىت تەكىتلىنىشى لازىم ئىدى.

ھەيدېلبېرگ يىغىنىدا، تۈركىستان ئازاتلىق جەمىيىتىنىڭ نەشرىيات ئورگىنى ئورنىدا نەشرى قىلىنىدىغان مەجمۇئە مەسىلىسىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى. يىغىن خاتىرىلىرىدە مۇستاپا چوقاي ئوغلى مەلۇم بىر شەخسى مەركەزدىن مەجمۇئەگە لازىملىق بىر يىللىق چىقىمنى قامدىيالىغىدەك ياردەم پۇلى ئالالايدىغانلىقى، بەزى مەسىلىلەر سىرتىدا، ئەزەرى قېرىنداشلىرىمىز بىلەن بىرگە «يېڭى كاپكازىيە» ژورنىلىغا قېتىلىشقا ماقۇل بولغانلىقىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. بۇ لايىھەگە ئاساسەن ھەر ئىككىلا تۈرك دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىق ئۈچۈن قانات يايدۇرىلىۋاتقان كۈرىشى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە بىرلا مەنبەدىن يەتكۈزۈپ تۇرۇلىشى، بۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن «يېڭى كاپكازىيە» ژورنىلىنىڭ ئىسمىنى «يېڭى كاپكازىيە ۋە تۈركىستان» دەپ ئۆزگەرتىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. بۇ ھەقتىكى لازىملىق ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن چوقاي ئوغلىنىڭ ئىستانبۇلغا بېرىپ كېلىشى قارار قىلىنغان.

ئەزەربەيجان گۇرۇپپىسى بىلەن بىرلىشىپ ژورنال چىقىرىش لايىھىسى، ماددى جەھەتتىن ياردەم قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە قىلغان پولشالىق مەسئۇللارنىڭ پىكرىدىنمۇ ياكى چوقاي ئوغلى-رەسۇلزادە كىلىشكەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغانمۇ ھېچ قانداق بىر مەلۇمات يوق. ئەمما كېيىنكى ۋاقىتلاردا يوقۇرىدىكى ھەر ئىككىلا گۇرۇپ ئۆز ئالدىغا ئايرىم-ئايرىم ژورنال چىقىرىش قارارى ئېلىنىدۇ. بۇ جەرياندا، كەلگۈسى ئۈچۈن قىلىنىدىغان پائالىيەتلەرنىڭ پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقىش مەقسىتىدە، تۈركىستان ئازاتلىق جەمىيىتىنىڭ بىر قېتىملىق ئومۇمي قۇرۇلتاي چاقىرىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. جەمىيەت يېتەكچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى خەت-ئالاقىلار نەتىجىسىدە ئىستانبۇلدا بىر قېتىملىق قۇرۇلتاي چاقىرىش قارارى ئېلىنىدۇ.

## تۈركىستان ئازاتلىق جەمىيىتىنىڭ 1927-يىلقى ئىستانبۇل قۇرۇلتىيى

1927-يىلىنىڭ 15-مارتتا مۇستاپا چوقاي ئوغلى پارىژدىن كېلىشى بىلەن تەڭ، تۈركىستان ئازاتلىق جەمىيىتىنىڭ مەركەزى كومىتېتى زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ ئۆيىدە تۇنجى قېتىملىق يىغىنىنى ئاچىدۇ. يىغىنغا ئەخمەت زەكى ۋەلىدى، مۇستاپا چوقاي ئوغلى، مەمۇر نىيازى، ئابدۇقادىر سۇلايمان (ئىنان) ۋە مۇستاپا شەكىللار قاتنىشىدۇ. يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىدا رەئىس زەكى ۋەلىدى دۇنيا ۋەزىيىتى بىلەن تۈركىيە ۋەزىيىتىنى، ھەمدە تۈركىستان ئازاتلىق جەمىيىتىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىنى

قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىدۇ. ئاندىن ئۇ، تۈركىيىنىڭ ئىچكى-تاشقى سىياسەتلىرىگە ماس كەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن جەمىيەت ئاشكارە پائالىيەت قىلالماي كېلىۋاتقانلىقىنى، شۇ سەۋەپتىن پائالىيەتلىرىنى يوشۇرۇن قانات يايدۇرۇشقا مەجبور بولىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. تۈركىستاندىن يېڭى كەلگەن قۇربېشى ھەمراقۇل بىلەن ئابدۇللا تەۋەككۇل (بابۇر) قاتارلىق كىشىلەر ۋاستىسى ئارقىلىق جەمىيەتنىڭ ۋەتەن ئىچىدىكى پائالىيەتلەرنىڭ پۈتۈنلەي توختاپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئەنە شۇ سەۋەپتىن بۇندىن كېيىنكى تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق پائالىيەتلەر جەمىيەتنىڭ چەتئەلدىكى مەركەزى كومىتېتى تەرىپىدىن، يەنى ئىستانبۇل مەركەزى ئورگىنى تەرىپىدىن قانات يايدۇرۇلىشى بەلگىلىنىدۇ.

1927-يىلقى ئىستانبۇل قۇرۇلتىيىنىڭ بىرىنچى كۈنىسىدىكى يىغىندا ئېلىنغان بىر قارارغا ئاساسەن، جەمىيەتنىڭ نامى «تۈركىستان مىللىي بىرلىكى» (ت م ب) (تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاقى — ئۇ.ت) غا ئۆزگەرتىلىدۇ. يىغىن خاتىرىسىدا بۇ ئۆزگىرىشكە مۇناسىۋەتلىك بىرەر ئىزاھات بېرىلمىگەن بولسىمۇ، تۈركىيە تۈركچىسىدە "ئازاتلىق" دېگەن بۇ سۆزنىڭ يوقلىقى سەۋەپ بولغان بولىشى ئېھتىمالغا بەكلا يېقىن. شۇنىڭدەك يەنە ياۋروپادا پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقان بارلىق مۇساپىر تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىسمىدىكى مىللىي سۆزىنىمۇ ئىتتىپاق نامىغا كىرگۈزىشىدۇ. رەئىس زەكى ۋەلىدى بۇرۇنقى جەمىيەتتە بولغىنىدەك تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاقىمۇ تەرەققىپەرۋەرلەر گۇرۇپپىسى بىلەن سوتسىيالىست ئەرك گۇرۇپپىسىغا ۋەكىللىك قىلىشى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ت م ب ياۋروپا ھەيئىتىنىڭ ئىككى كىشىدىن تەشكىل تېپىشى بەلگىلىنىدۇ. سوتسىيالىست پىرقىسى ئۈچۈن ئەخمەت نائىم، تەرەققىپەرۋەر گۇرۇپىسى ئۈچۈن بولسا مۇستاپا چوقاي ئوغلى ياۋروپادىكى ۋەكىل قىلىپ تەيىنلىنىدۇ.

22-مارت كۈنىدىكى يىغىن بىلەن قۇرۇلتاي داۋام قىلىدۇ. بۇ يىغىنلاردا قوبۇل قىلىنغان قارارلاردا ت م ب نىڭ تولۇق مۇستەقىل، دېموكراتىك بىر تۈركىستان قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن بولۇپ، بۇ غايىگە ئاساسەن ھەرقايسى ئەللەر بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشقا بولىدىغانلىقى، ئەمما كونا بۇخارا ئەمىرى بىلەن قەتئىي تۈردە ھەمكارلىششقا بولمايدىغانلىقى ئالاھىدە تەكىتلەندى. ت م ب تەرىپىدىن نەشرى قىلىنىدىغان مەتبۇئات ئورگىنىدا تۈركىستاندىكى سوتسىيالىست ۋە بۇرجۇئازىيە نەزەرىيىلىرىگە قارشى تۈرىدىغان ماقالە يېزىلماسلىق لازىم دەيدىغان مەسىلىدە پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە چېكىدىن ئاشقان (رادىكال) مىللەتچى ھەرىكەتلەر بىلەن سوتسىيالىست ھەرىكەتلەرنى قوللايدىغان ماقالىلارنى ئېلان قىلىش چەكلىمە ئۇچرىمايدىغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە تۈركىستاندىكى ياشلارنىڭ كوممۇنىست بولۇش بولماسلىقى ھەققىدە

تەنقىت يېزىلماسلىقى، بەلكى رۇسىيە ئىشغالىيىتىگە ھەمدە مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىگە ئىجابىي قاراشتا بولۇش ـ بولماسلىقىغا ئاساسەن ئۇلارغا باھا بېرىلىشى لازىم دەپ بەلگىلىنىدۇ.

سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر ۋەتەن مەنپەتىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدىغان بولىدۇ. تۈركىستاندا يولغا قويۇلۇۋاتقان بولشىۋىكلار سىياسىتىگە قارشى تۇرۇلىدۇ، شەرق ۋە غەرب ئەللىرىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە ئىجابىي باھا بېرىلىدۇ دەپ بەلگىلەندى. ت م ب، بولشېۋىكلەرنىڭ ھەر قايسى ئەللەردىكى ئىنقىلابى ھەرىكەتلەرگە يامان نىيەت بىلەن ياردەم قىلماقتا دەپ تونۇيدۇ دەپ كۆرسىتىلدى. قوبۇل قىلىنغان يەنە بىر قاراردا بولسا، رۇسىيە مۇھاجىرلىرى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشتا قەتئىي تۈردە مۇستەقىللىقنى ئاساس قىلىش ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىلگەن. ئۇ خىل گۇرۇپپىدىكى كىشلەرنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك جاھانگىرلىك خاراكتېردىكى مەركەزلەشكەن بىر رۇسىيە ھاكىمىيىتى قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ت م ب ئۇلارنىڭ ھېچقايسى بىلەن مۇناسىۋەت قىلالمايدۇ دەپ بەلگىلىگەن. ئەمما، رۇسسىيە فېدېراتسىيىسىگە قاتنىشىش ـ قاتناشماسلىق مەسىلىسىدە تۈركىستاننىڭ تولۇق مۇستەقىللىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان گۇرۇپپىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن.

(رەسىم ئورنى)
تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاق (ت م ب) تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىرى
ئالدىنقى رەتتىكىلەر (سولدىن ئوڭغا): مۇستاپا چوقاي ئوغلى، ئوسمان غوجا ئوغلى، زەكى ۋەلىدى (توغان)، ئۆرە تۇرغانلار: فەتقۇلقادىر سۇلايمان (ئابدۇقادىر ئىنان) ۋە مۇستاپا شەكىلى. ئىستانبۇل. 1927.3.31

بىرلەشكەن مىللەتلەر جەمىيىتى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش لازىم دەپ كۆرسىتىلگەن يەنە بىر قاراردا، ئەنگلىيە ئۈچۈن مەخسۇس بىر ئىزاھات قوشۇمچە قىلىنغان. يەنى بۇ قارارغا ئاساسەن، ئەگەر ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تۈركىستاندا قۇرۇلىدىغان ئىسلامىي بىر دۆلەتنى ئېتىراپ قىلغىنىدىلا ئاندىن ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت تىكلەشكە بولىدۇ دەپ تەكىتلەنگەن. ئۇنداق بولمىغاندا ئەنگلىيىنىمۇ رۇسىيىگە ئوخشاش دۈشمەن دەپ تونۇش كېرەك دېيىلگەن. تۈرك ـ ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردە پان تۈركىسىزم بىلەن پان ئىسلامىزمنى قوللاپ قۇۋەتلەش خاراكتېرىنى ئالىدىغان سىياسەتلەر قەتئىي چەكلىنىشى شەرت دېيىلگەن. نەشرى قىلىنىدىغان ژورنالدا تۈركىيىنىڭ يولغا قويۇۋاتقان سىياسەتلىرىگە ئالاقىدار مەيلى ھىمايە قىلىنىدىغان ياكى قارشى چىقىدىغان ھەر قانداق ماقالە بېسىلماسلىقى لازىم دەپ قارار قىلىندى.

ت م ب تەرىپىدىن چىقىرىش پىلانلىنىۋاتقان مەتبۇئات ئورگىنىدا، ئوتتۇرىدىكى قاتلامدىكى كاپالەتلىك قىلىش ئۇچۇن چاغاتاي شىۋىسى ئاساس قىلىنىشى، مەھەللىۋى شىۋىلەر ئىشلىتىلمەسلىكى كېرەك دەپ بېكىتىلىپ يۇرتۋازلىققا قارشى كۈرەش قىلىش قىلىنىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. مىللىي ھەرىكەتنىڭ تار مەنىلىك خان ياكى ئەمىرگە قارشى بىر ھەرىكەت دەپلا تونۇلۇپ قالماسلىقى ئۇچۇن غەيرەت كۆرسىتىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن. ئۇرۇسلار تەرىپىدىن پەسكەش بىر بۇلاڭچىلار ھەرىكىتى دەپ تونۇتۇلۇپ كېلىنگەن باسمىچىلىق ھەرىكىتىنىڭ بىر مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشى ئىكەنلىكىنى تونۇتۇشقا ئالاھىدە كۈچ چىقىرىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. رۇسىيە ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن ھەمدە ئۇ مىللەتلەرنىڭ چەت دۆلەتلەردىكى ۋەكىللىرى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت تىكلىنىشى قولغا كەلتۈرۈش لازىم دېيىلگەن. يىغىندا قوبۇل قىلىنغان يەنە بىر قاراردا، تۈركىستان چېگراسى بارلىق قازاق سەھرالىرىنىمۇ ئۆزئىچىگە ئالىدۇ دەپ ئالاھىدە تەكىتلەنگەن ئىدى. ت م ب نىڭ چەتئەلدىكى پائالىيەتلىرى بىلەن نەشرىيات ئىشلىرى بارلىق تۈركىستان ئاھالىسىنى، بولۇپمۇ ياشلارنى نىشان قىلىپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ دېيىلگەن. ۋەتەن ئىشغالىيەت ئاستىدا تۇرىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئۇ يەردە دېيەلمىگەن ھەممە گەپنى ت م ب ئوتتۇرىغا قويىشى لازىم دەپ ئەسكەرتكەن.

25 ـ مارت كۈنكى يىغىندا تۈركىستان سوتسيالىست ئەرك پىرقىسىنىڭ 9 ماددىلىق، تەرەققىپەرۋەر پىرقىسىنىڭ 19 ماددىلىق نىزامنامىلىرى ئوقۇپ ئۆتۈلگىنىدىن كېيىن، بۇ ئىككى نىزامنامىنىڭ بىرلەشتۈرۈلىشىدىن ئوتتۇرىغا چىققان 7 ماددىلىق ئورتاق پروگراممىسى قايتىدىن ماقۇللىنىدۇ.

26 ـ مارت كۈنىسى ئۆتكۈزۈلگەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق يىغىندا مەركەزى كومىتېت ھەيئەت ئەزالىرى سايلىنىپ، ئۇلارغا ۋەزىپە تاپشۇرۇلدى. مەركەزى كومىتېتتىن چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلغان مامۇر نىيازىنىڭ ئىستىپاسى قوبۇل قىلىنىپ، 3 كىشىلىك مەركەزى كومىتېتقا ئوسمان غوجا ئوغلى، زەكى ۋەلىدى توغان ۋە مۇستاپا چوقاي ئوغلى سايلاندى. ياۋرۇپا ۋەكىلى مۇستاپا چوقاي ئوغلى پارىژدا تۇرىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئابدۇقادىر ئىنان ۋەكىللىك قىلىدىغان بولغان. ت م ب رەئىسلىكىگە ئوسمان غوجا ئوغلى تەيىنلەندى. پرومېتې مەجمۇئەسى تەۋەسىدىكى ۋەكىللىك ھوقۇقى ئەخمەت نائىم (ئۆكتەم) غا تاپشۇرۇلدى. چىقىرىش پىلانلانغان ژورنالنىڭ ساھىپلىقى ئوسمان غوجىغا بېرىلىپ، تەھرىرات ئىشلىرىنى بولسا زەكى ۋەلىدى باشقۇرىدىغان بولىدۇ.

15 ـ مارتتىن 26 ـ مارتقىچە داۋام قىلغان ت م ب ئىستانبۇل قۇرۇلتىيى يوقۇرقىدەك قارارلارنى ئالغاندىن كېيىن يېپىلىدۇ. ت م ب غا ئەڭ ئاخىرقى شەكلىنى بەرگەنلىكى ۋە چەتئەلدىكى پائالىيەتلەرنىڭ دائىرىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى سەۋەبىدىن، 1927 ـ يىلقى قۇرۇلتايىنى چەتئەلدىكى تۈركىستان ئۈچۈن قانات يايدۇرۇلغان كۈرەش

تارىخدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر قۇرۇلتاي بولدى دەپ قاراشقا بولىدۇ. قۇرۇلتايدا ئېلىنغان قارارلاردىن قارىغاندا، ت م ب ۋەكىللىرى شۇ يىللىرى تۈركىستاندا ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا كىرىپ خىزمەت قىلىۋاتقان مىللىي كومۇنىست كادىرلىرى بىلەن زىتلىشىپ قالماسلىققا تىرىشچانلىق كۆرسىتىلگەن. ئۇلارنىڭ بۇ ھىسسىياتلىرىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەمما قوبۇل قىلىنغان بىر قىسىم قارارلاردا بەزى چۈشىنىكسىزلىكلەر، ھەتتا بىر قىسىم بىر-بىرسىگە زىت كېلىدىغان پىكىرلەرمۇ كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. مەسىلەن ئالايلۇق، سوتسىيالىزم ئىدىيىلىرى تەنقىتلىمەسلىك كېرەك دېگەن بەلگىلىمىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى قانداق بولىشى كېرەك؟ ئەسلىدە، بۇنداق ئېنىقلىما بېرەلىگەنلىكىگە قاراپ، ت م ب ئەزالىرىنىڭ سوتسىيالىزم ئىدىيىسى بىلەن كومۇنىستىك تۈزۈم دىگەنلەرنىڭ بىر-بىرسىگە ئوخشىمايدىغان چۈشەنچىلەر ئىكەنلىكىنى شۇ يىللاردىكى مۇھىتتىمۇ ئىنتايىن ئېنىق پەرقلەندۈرەلىگەنلىكىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. ئەپسۇسكى، نەزەرىيە جەھەتتە ئېنىق پەرق قىلىنغان بۇ ھۆكۈملەر ئىجرا قىلىشقا كەلگەندە تۈيۈق يولغا كىرىپ قېلىپ، كىشىنى ئېغىر ئۈمىتسىزلەندۈرۈپ قويىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى، ئۇ يىللاردا سوتسىيالىزم تۈزۈمى بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگىزىدىغان بىردىن-بىر دۆلەت بولۇپ، سېلىشتۇرىدىغانغا باشقا بىر ئۈلگىمۇ يوق ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، بۇ غايىۋىي ئۈلگىدە مىللەت، دىن، كىشىلىك ھوقۇق قاتارلىق ساھەلەردە ئوتتۇرغا قويۇلغان بارلىق ناچار سىياسەتلەر سوتسىيالىزم نامىدا ئىجرا قىلىنماقتا ئىدى.

1927-يىلقى قۇرۇلتاي، ت م ب نىڭ 1940-يىللارغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە ئىجرا قىلىنىدىغان ئاساسى ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرغا قويۇپ بەرگەن بىر قۇرۇلتاي ھېساپلىناتتى. يوقۇرىدا تونۇشتۇرۇلغىنىدەك، ت م ب تەشكىلاتى بىر-بىرسىگە ئوخشىمايدىغان كۆزقاراشلارغا ئىگە ئېقىملارنى، يەنى سوتسىيالىست ئەرك پارتىيىسى بىلەن تەرەققىپەرۋەر جەدىتچىلار پىرقىسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان كىشىلەرنى بىر ئورگان ئىچىگە مەركەزلەشتۈرگەن ئورتاق بىر تەشكىلات سۈپىتىدە قۇرۇلغان ئىدى. 1927-يىلقى قۇرۇلتاي، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەنە شۇنداق كەڭەش ئارقىلىق قۇرۇلغان ئورگان ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم تەستىقلاپ بەرمەكتە ئىدى. ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، بۇ تۈر بىر تەشكىللىنىشنىڭ ئۆزىلا ئېغىر زىدىيەتلەرنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشىغا ئۇيغۇن بىر مۇھىت يارىتىپ بەرمەكتە ئىدى. بۇ تۈردىكى كۆزقاراش ۋە سىياسى ئۇسلۇپ زىدىيەتلىرىدىن باشقا يەنە، تېخىمۇ مۇھىم بولغان يەنە بىر مەسىلىمۇ بار ئىدى: 1927-يىلىسىدىكى قۇرۇلتاينىڭ سايلىمى بىلەن رەھبەرلىك مەركىزى ئورگىنىغا كەلتۈرۈلگەن ئۈچ نەپەر يىتەكچىنىڭ ھەر بىرسى بەلگىلىك بىر تارىخي دەۋر ئىچىدە ئۆز خەلقلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە تارىخي ۋەقەلەرگە رەھبەرلىك قىلغان مۇھىم شەخسلەر ئىدى. بۇ ئاۋانگارتلىق

رولنى ئالغان خەلق يېتەكچىلىرى ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىشلەر، ھەتتا بەزىدە توقۇنۇشۇپ قېلىش ھادىسىلىرى كۆرۈلمەيدۇ دەپ ئېيتىش تەس ئىدى. دېگەندەك، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي رەھبەرلىك قاتلىمى ئىچىدە ئېغىر ئىختىلاپلار ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ. ئاخىرىدا بۇ تۈردىكى پىكىر ئىختىلاپلىرى تا بۇ تەشكىلاتنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان ۋاقىتلارغىچە كۈچىيىپ داۋام قىلىدۇ.

# «يېڭى تۈركىستان» ژورنىلى ۋە
# پروميېتې ئىتتىپاقىغا قېتىلىش

1927ـ يىلىنىڭ ئىيولىدا «يېڭى تۈركىستان» ژورنىلىنىڭ تۇنجى سانى نەشىردىن چىقىدۇ. ت م ب مەخپى بىر تەشكىلات بولغاچقا، ئۆز پائالىيەتلىرىنىمۇ يوشۇرۇنۇچە ئېلىپ بېرىشقا مەجبور ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، «يېڭى تۈركىستان» ژورنىلىنىڭ مۇقاۋىسىدا بۇ ژورنالنىڭ كىمگە تەۋە ژورنال ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ھېچقانداق بىر سۆز يوق ئىدى. ژورنال، ئەرەب ئەلىپبەسى بويىچە تۈركىيە تۈركچىسىدە بېسىلغان ئىدى. 32 بەتلىك بۇ ژورنال، سىياسىي ماقالىلار، ئەدەبىيات بۆلۈمى ۋە خەۋەر قىسمى قاتارلىق 3 بۆلۈمدىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى. ژورنالنىڭ بىرىنچى بېتىدە كېيىنكى يىللاردا تۈركىستان مىللىي بايرىقى قىلىپ بەلگىلىنىدىغان بايراقنىڭ رەسمى بېسىلغان ئىدى. ژورنالنىڭ غوجايىنى ئوسمان غوجا ئوغلى بولۇپ، باش مۇھەررىرى زەكى ۋەلىدى توغان ئىدى. بۇ ژورنالنىڭ بىرىنچى سانى 500 نۇسخا بېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى سانلىرى دەسلىۋىدە 750 نۇسخىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە 1000 نۇسخىغا كۆپەيتىلگەن ئىدى.

كىرىش سۆزىدە ژورنالنىڭ نەشرى قىلىنىشتىكى مەقسەتلەر تەپسىلى تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئاساسى غايىسى، چەتئەلدىكى تۈركىستانلىقلارنىڭ ئىتتىپاقىنى ساقلاش، تۈركىستاننىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى توغرىلىق مەلۇمات بېرىش، تۈرك دۇنياسىنىڭ مەدەنىي جەھەتتىكى بىرلىكىنى ساقلاشقا تىرىشىش ۋە تۈركىستاننى مۇستەملىكە قىلىۋالغان سوۋېت تۈزۈمىگە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. ژورنالنىڭ ئاپتورلىرى ئادەتتە ت م ب ئەزالىرىدىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى. سىياسىي خاراكتىرلىق ماقالىلارنى ئادەتتە ئوسمان غوجا ئوغلى بىلەن مۇستاپا چوقاي ئوغلى يېزىپ تەييارلىماقتا ئىدى. زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ ئىسمى ئاشكارە يېزىلىدىغان ماقالىلارنىڭ كۆپۈنچىسى بولسا مەدەنىي ۋە تارىخقا ئالاقىدار ماقالىلار ئىدى. توغاننىڭ سىياسىي خاراكتېردىكى ماقالىلارنى يازماسلىقىدىكى سەۋەپ، بەلكىم

ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسىتىتتە خىزمەت قىلىدىغان بىر دۆلەت مەمورى كادىرى بولغانلىقى سەۋەپ بولغان بولىشى كېرەك. ژورنالغا بېسىلىدىغان ماقالىلار ت م ب مەركەزى كومىتتى تەرىپىدىن بىردەك ئاۋاز بىلەن ماقۇللىنىشى شەرت قىلىپ بېكىتىلگەن ئىدى. ھەر قانداق بىر ئەزا ماقۇل كۆرمىگەن ماقالە قالغان ئەزالارنىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتكەن بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ئېلان قىلىنمايتتى. ماقالىلار مەركىزى كومىتتىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنىڭ بىردەك ماقۇللىقىدىن ئۆتكۈزۈلۈش كېرەك دەيدىغان بۇ شەرت، ئەمەلىي ئىجرا قىلىنىش جەھەتتە ئېغىر زىدىيەتلەرنىڭ پەيدا بولىشىغا سەۋەب بولۇپ، ئاپتورلار ئىچىدە سۈركىلىش چىقىشىغا باھانە بولۇپ بەرگەن ئىدى.

«يېڭى تۈركىستان» ژورنىلىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ تۈركىستاندا يولغا قويۇۋاتقان ئىشلىرى ئۈستىدە توختىلاتتى. شۇنداق بولغاچقا، موسكۋا دائىرىلىرى قاتتىق تەنقىتلەنمەكتە ئىدى. ژورنال نەشرى قىلىنىپ ئۇزۇنغا قالماي، سوۋېت مەتبۇئاتلىرىدا «يېڭى تۈركىستان» ژورنىلى بىلەن بۇ ژورنالنى چىقىرىۋاتقان خادىملارغا قارشى ماقالە يېزىپ ئېغىر قارىلاش ھەرىكىتى قانات يايدۇرىلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا كومۇنىستىك پارتىيە رەئىسى زېلىنىسكى بىلەن ئۆزبەكىستان پارتكوم رەئىسى ئىۋانوۋ باشچىلىقىدا باشلىتىلغان قارىلاش ھەرىكىتى جەريانىدا «پراۋدا ۋوستوكا» باشلىق نۇرغۇن ساندىكى گېزىت ۋە مەجمۇئەلەر ئارقىلىق يېڭى تۈكىستانچىلارنى پان تۈركىست، پان ئىسلامىست، جاھانگىرلانىڭ جاسۇسلىرى ۋە بۇخارا ئەمىرىنىڭ كارنىيى بولغان بۇرجۇئا بۇزۇق ئۇنسۇرلىرى دەپ قارىلاپ كۆرستىلمەكتە ئىدى.

بۇ ژورنالنى نەشرقى قىلىش ئۈچۈن لازىملىق ئىقتىسادىي مەنبە پىلسۇدىسكى فونتىدىن كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم. تۇنجى ساننىڭ چىقىشىدىن كېيىن، زەكى ۋەلىدىنىڭ چوقاي ئوغلىغا يازغان بىر پارچە خېتىدە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق سۆزلەر بار ئىدى:

> ساڭا ئەۋەرتىلگەن ژورنالنىڭ چىقىمى ھەققىدىكى ھىساپ-كىتاپلارنى مېديا (بۇ ئىسمىنىڭ راس ئىسىم ياكى مەخپى بەلگە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق بىر مەلۇمات يوق. — ئا.ھ. ئىزاھاتى) غا ئاپىرىپ كۆرسەتتىم. ئۇ كىشى سەن ماڭا تونۇشتۇرغان كىشى شۇ ئىكەن. ئۇ ماڭا "ھىساپ لازىم ئەمەس، چىقىرىۋاتقان ژورنىلىڭلارنىڭ ئۆزىلا ھىساپ تالونى دىمەكتۇر" دەپ جاۋاپ بەردى.

بۇلاردىن مەلۇم بولىدۇكى، بۇ فونتتىن بېرىلگەن ياردەم پۇلى قانات يايدۇرۇلغان ئەمىلىي پائالىيەتلەرگە ئاساسەن بېرىلىشى پىرىنسىپ قىلىنغان بولۇپ، بۇ جەريانىدىكى چىقىملار پرومېتې تەشكىلاتىنىڭ ئىستانبۇدىكى ۋاكالەتچىسى تەرىپىدىن تەستىقلىنىشى لازىم ئىدى (رەھبەرلەر ئارىسىدا يېزىشقان خەتلەردىن مەلۇم

بولشىچە، ژورنال غوجايىنى بولغان كىشىگە بېرىلىدىغان مائاش، تەھرىر بۆلۈم مۇدىرىنىڭ مائاشى، ماقالە ئاپتورلىرىغا بېرىلىدىغان قەلەم ھەققى، ئىشخانا بىناسىنىڭ ئىجارە ھەققى، سوۋېت ۋە تۈركىيە گېزىتلىرىنىڭ تەمىنلىنىشى، قەغەز، مەتبە ۋە پوچتا چىقىملىرى قاتارىدىكى چىقىملار ھەر بىر سان ئۈچۈن 200 تۈرك لىراسى ئەتىراپىدا بېرىلگەنلىكى مەلۇم. بۇ جەھەتتە پىلسۇدسكى فونتىدىن ت م ب گە ئايرىلغان يىللىق ياردەم پۇلى 1000 ئا ق ش دوللىرى ــ 2000 تۈرك لىراسى ــ ئەتىراپىدا ئىدى. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). قۇرۇلتاي يېپىلغاندىن كېيىن ۋارشاۋادىكى پرومېتې مەركەزى ۋە پارىژدىكى پرومېتې ژورنىلى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئىشلىرى بېجىرىلىدۇ.

(رەسىم ئورنى)
«يېڭى تۈركىستان ژورنىلىنىڭ تۇنجى سانى

ت م ب تەشكىلاتى پرومېتې سېپىگە قېتىلىشنى قارار قىلغاندىن كېيىن، «پرومېتې ژورنىلى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئەزالىقى ئۈچۈن بېرىلىندە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىن ئەخمەت نايىم تاللىنىدۇ. پرومېتې ژورنىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر ھەمدە ئىئۆەرتىلىدىغان ۋەكىلنىڭ ھوقۇق دائىرىسىغا مۇناسىۋەتلىك قارارلاردا تۆۋەندىكىدەك نوقتىلار بار ئىدى:

ئاساسىي مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ماقالىلار ت م ب مەركىزى تەرىپىدىن ئىئۆەرتىلىدۇ. ۋاكالەتچى كۈندىلىك ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىملار ئۈستىدە ماقالە ئېلان قىلىش ھەققىگە ئىگە دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ ماقالىلار ت م ب نىڭ 7 ماددىلىق ئورتاق نىزامنامە قارارلىرىغا مۇۋاپىق كەلىسلا بولىدۇ. ... چەتئەلدىن پرومېتې مەجمۇئەسىگە ئىئۆەرتىلىدىغان ماقالىلاردا تۈركىستانغا زىيان كەلتۈرىدىغان نوقتىلار بولغىنىدا ۋاكالەتچى بۇ يەرلەرنى توساشقا مەجبۇر. ... پرومېتې ۋاكالەتچىسى (ئەخمەت نائىم) بىلەن ت م ب ياۋرۇپادا تۇرۇشلۇق ۋاكالەتچىسى (مۇستاپا چوقاي ئوغلى) بىلەن بىرگە پرومېتې تەۋەسىدە ۋە ياۋرۇپادا بارلىققا كەلگەن ۋەزىيەت ھەققىدە ت م ب مەركىزىنى خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرۇشى لازىم.

پرومېتېگە ۋاكالەتچى ئىئۆەرتىپ كەينىدىنلا پرومېتې سېپى ئىتتىپاقىغا قېتىلىش ئىشلىرى رەسمىلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، يېڭى تۈركىستان ژورنىلىنىڭ 4ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «بىرلەشكەن 3» تېمىلىق ماقالە بىلەن بۇ ئەھۋال ئاممىغا ئېلان قىلىنغان:

رۇسىيە بويۇنتۇرۇقىغا مەھكۇم بولغان زۇلۇم ئاستىدىكى مىللەتلەرنىڭ نەشرىيات ئورگىنى سۈپىتىدە پارىژدا نەشر قىلىنغان پرومېتې مەجمۇئەسى يېقىنقى كۈنلەرگىچە ئۇكرائىنا ۋە كاپكازىيە تەشكىلاتىنىڭ ئاۋازى بولۇپ خىزمەت قىلىپ كەلگەن ئىدى. 8 ـ ساندىن ئېتىبارەن تۈركىستان مىللىي بىرلىكىگىمۇ ۋەكىللىك قىلىندىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، مۇقاۋىسىگە "ئۇكرائىنا، كاپكازىيە ۋە تۈركىستان مىللىي ئىستىپاقىنىڭ ئاۋازىدۇر" دىگەن خەتلەر يېزىلدى. ژورنالدا تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ماقالىلارمۇ ئېلان قىلىنغان. ... بۇ ئىش مۇنداق ئىككى جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە: 1. سابىق رۇسىيە چېگرالىرى تەۋەسىدە قالغان مىللەتلەرنىڭ ياۋروپادا بىرلىكتە پائالىيەت قىلىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان؛ 2. تۈركىستان، ياۋروپادا بىر مىللىي تەشكىلات ۋاستىسى ئارقىلىق تونۇتۇلۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ... رەسمىي نامى تۈركىستان مىللىي بىرلىگى دەپ ئاتالغان تەشكىلاتنىڭ 1923 ـ يىلىدا قۇرۇلغان ياۋروپا ۋاكالەتخانىسى پارىژغا جايلاشقان. ... ئىستىپاق ئەزالىرىدىن بىرسى ت م ب غا ۋاكالەتەن پرومېتې ئىشخانىسى ھەيئىتىدە ۋەزىپە ئۆتىمەكتە. ... «يېڭى تۈركىستان» مەجمۇئەسى ت م ب نى بۇ ئىشلاردا ئۇتۇغلار تىلەيدۇ ۋە بىرلەشكەن ئۇچلەرگە ئومۇمىي غايە ئۇچۇن كۈرەش قىلىپ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرگىنىدىن كېيىنمۇ داۋاملىق ھەمكارلىقنى داۋاملاشتۇرۇشقا تىلەكداشلىق بىلدۈرىدۇ.

پرومېتې ژورنىلى، پرومېتې سېپىنىڭ ئاۋازى ئىدى. بۇ ژورنالنىڭ دەسلەپكى سانلىرىدا بۇ سەپنى شەكىللەندۈرگەن تەشكىلاتلار ئارىسىدا زىچ ئۇيۇشقاقلىق كۆرۈلمەكتە ئىدى. ئەزەربەيجان تۈركلىرى، شىمالىي كاپكازىيىلىكلەر ۋە گروزىيىلىكلەر تارىختىن بۇيان بىر ئارىدا ياشاشتەك ئەۋزەللىكى سەۋەبىدىن ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق ھەمكارلىق ئورنىتىپ كەلگەن ئىدى. ئەمما گروزىيىلىكلەر بىلەن تۈركىستانلىقلار ئوتتۇرسىدىكى ھەمكارلىقلار دىگەندەك ياخشى بولۇپ كىتەلمەيدۇ. پرومېتې ژورنىلى نەشرى قىلىنىپ ئەندىلا بىر يىللىقنى تولدۇرغان ۋاقىتتا ئوتتۇرغا چىققان بەزى ئىشلار تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاق ھەرىكىتى بىلەن پرومېتې ژورنىلى رەھبەرلىكى ئوتتۇرسىدا بەزى مەسىلىلەرنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشىغا سەۋەپ بولىدۇ.

ت م ب نىڭ پرومېتې ئىتتىپاقىغا قوشۇلغانلىقىنى ئېلان قىلغان كۈنلەردە، سابىق بۇخارا ئەمرى سەئىد ئالىمخاننىڭ ۋەكىلى يۈسۈپباي مۇقىمباي پارىژغا كەلگەن ئىدى. ت م ب نىڭ دۈشمىنى دەپ تونۇلغان ئەمىرنىڭ ۋەكىلى، بۇ يەردە پرومېتې ژورنىلىدىن ستىلىستى كاستاگىن تەرىپىدىن كۈتىۋېلىنىپ، ئۇ ئارزۇ قىلغان يەرلەرگە بېرىپ زىيارەت قىلىشىغا ياردەملەشكەن ئىدى. بۇ جەرياندا پرومېتې ژورنىلىنىڭ تەھرىرلىرىدىن گروزىيىلىك گۋازاۋا، سابىق ئەمىرنىڭ ۋەكىلىگە رەسمى بىر زىياپەت

بېرىپ، پرومېتې سېپىنىڭ بۇخارا ئەمرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان بىر تەسىر ياراتقان ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، كاستاگىن، ئەمىر نامىدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر جەمئىيىتىگە تاپشۇرۇش ئۈچۈن تەييارلانغان ئەھۋال تونۇشتۇرۇش دوكلاتىنى فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىپ بېرىدۇ ۋە مۇقىمباي بىلەن بىرگە جەنۋەگە بېرىپ، ئۇ دوكلاتنىڭ جەمئىيەت ئورگىنىغا تاپشۇرۇلىشىغا ياردەملىشىدۇ.

بۇ ئىشلار ت م ب ئەزالىرى ئىچىدە كۈچلۈك نارازىلىق پەيدا بولىشىغا سەۋەپچى بولىدۇ. بولۇپمۇ گۋازاۋانىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى قاتتىق تەنقىتلىشىپ كاپكازىيە كومىتىتىغا ئۆۋەرتىلگەن بىر پارچە خەت يازىدۇ. بۇ خەتتە ئۇنىڭ قايسى ھوقۇق، قايسى سالاھىيىتىگە ئاساسەن بۇخارا مەسىلىسىگە ئارىلىشىپ يۈرىدۇ، دېموكراتىك بىر ژورنالنىڭ سوتسىيال دېموكرات باش تەھرىرى قانداقلارچە قالاق خان تەرەپتارىنىڭ سىياسىي ۋاكالەتچىسى بىلەن كۆرۈشەلەيدۇ دېگەندەك سۇئاللارنى قويىشىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ كەينىدىنلا ت م ب مەركىزى، پرومېتېدىكى ۋاكالەتچىسى ئەخمەت نائىم ئەپەندى بىلەن ياۋرۇپادا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى مۇستاپا چوقاي ئوغلىغا ئەمىرنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇش دوكلاتىنى ياكى ئەمىرنى ھىمايە قىلىدىغان ھەرقانداق بىر ماقالىنى پرومېتې ژورنىلىدا ئېلان قىلىنىشىغا قەتئىي يول قويماسلىق دەپ ئۇختۇرۇش قىلىدۇ. ت م ب بىلەن پرومېتې ژورنىلى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بۇ سۈركىلىشلەر ئېلان قىلىش تەلەپ قىلىنغان بىر قىسىم ماقالىلارنى باسماسلىق ئۈچۈن ژورنال باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ چېكىنىش تۇرۇشپېلىشى نەتىجىسىدە تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ يېڭى تۈركىستان ژورنىلىدا م. قايئوغلى تەخەللۇسىدا ئېلان قىلىنغان بىر پارچە ماقالىسىنىڭ فرانسۇزچە تەرجىمىسى بىلەن ئەخمەت نائىم يازغان بىر ماقالىسى ژورنال مۇھەررىرى كاستاگىن تەرىپىدىن ئېلان قىلىشقا مۇۋاپىق ئەمەس دېگەن سەۋەپ بىلەن رەت قىلىنغان ئىدى. كاستاگىن، مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ ماقالىسىدا تۈركىستان ئۈچۈن رۇسسىيىدىن ئايرىلىپ ياشاش مۇمكىن ئەمەس دەيدىغان كۆز قارىشى بىلەن چاررۇسىيە دەۋرىنى مەدھىلەيدىغان پۇراقلار كۈچلۈك ئىكەن دەپ ئېلان قىلمىغان ئىدى. كاستاگىن تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ باھالار ژورنال باشقۇرغۇچىسى گۋازاۋا تەرىپىدىنمۇ توغرا كۆرۈلگىنى ئۈچۈن، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇقچىلىق تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ. ت م ب نىڭ بۇ مەسىلىگە قارىتا نارازىلىقى مەھەممەت ئىمىن رەسۇلزادە بىلەن سەئىد شامىل قاتارىدىكى يېتەكچىلەرنىڭ ئارىغا كىرىشى ئارقىلىق ۋاقىتلىق پەسىيىپ، گروزىيە ۋەكىللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر قىسمەن بولسىمۇ ياخشىلىنىدۇ.

# تۈركىستان تۈركىي ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلىشى

«يېڭى تۈركىستان» ژورنىلىنىڭ نەشردىن چىقىشى بىلەن تەڭ، چەتئەللەردىكى تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىقى ئۈچۈن قانات يايدۇرۇلغان پائالىيەتلەر يېڭى بىر دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن ئىدى. ت م ب تەشكىلاتى، بۇ ژورنال ۋاستىسى ئارقىلىق تۈركىستان مەسىلىسىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇرۇش، چەت دۆلەتلەردە تۇرىۋاتقان تۈركىستانلىقلارنى تەشكىللەش، تۈركىستانلىق ياشلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش قاتارىدىكى مەقسەتلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، ت م ب تەشكىلاتى مەخپىي تەشكىلات بولغانلىقى ئۈچۈن جامائەت ئارىسىدا ئاشكارە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، تۈركىيە ھۆكۈمىتىمۇ سىياسىي خاراكتېردىكى پائالىيەتلەردىن بەكلا ئەنسىرەيتتى. شۇنداق بولغاچقا بۇ تۈردىكى سىياسىي پائالىيەتلەرگە قەتئىي يول قويمايتتى. پائالىيەتلىرىنى ئۈچۈق ئاشكارە قانات يايدۇرالايدىغان بىر تەشكىلات تۈركىيىدە تۇرىۋاتقان تۈركىستانلىقلارغا، بولۇپمۇ ياشلارغا قارىتا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتەلىشى ھەقىقەتەنمۇ تەس ئىدى. بۇ دېگەنلىك، ت م ب تەشكىلاتى خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئۈچۈق ئاشكارە پائالىيەت قىلالايدىغان يېڭى بىر تەشكىلاتقا بەكلا مۇھتاج دېگەنلىك بولاتتى.

"تۈركىستان تۈركىي ياشلار ئىتتىپاقى"، ئەنە شۇنداق ئاشكارە پائالىيەت قىلىش ئىمكانىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ مەھسۇلى ھېساپلىناتتى. نىزامنامىغا مۇناسىۋەتلىك تەييارلىق ئىشلارنى تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىل تاپقان بىر تەييارلىق گۇرۇپپىسى ئۈستىگە ئېلىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا تەستىقلىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، 1927-يىلىنىڭ 29-سىنتەبىر كۈنىسى «تۈركىستان تۈرك ياشلار ئىتتىپاقى» (تۈركىستان تۈرك گەنچلەر بىرلىگى — ت ت گ ب) رەسمى قۇرۇلىدۇ (دەسلەپكى قەدەمدىكى ئورگان ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى تۆۋەندىكى كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان ئىدى: رەئىسى مەجىدىن، مالىيە مەسئولى ياقۇپ پەيزى، كاتىپ زىيا، كاتىۋات باشقارما باشلىقى زاھىت، ھەيئەت ئەزالىرى تۆمۈر، ئابدۇقادىر ۋە يەھيا ئەپەندى. — ئا.ھ. ئىزاھاتى). نىزامنامىدا، بۇ جەمىيەت "تۈركىستان تۈرك ياشلىرىنىڭ مىللىي روھ بويىچە تەربىيىلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئەزالىرى ئارىسىدىكى ياردەمگە مۇھتاج بولغانلىرىغا ياردەملىشىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ" دەپ بەلگىلەنگەن ئىدى. بۇ نىزامنامىغا ئاساسەن، ت ت گ ب تەشكىلاتى مەدەنىي پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللىنىدىغان باشقا جەمىيەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت

ئورنىتالايىتى؛ ئەمما ھەرگىز سىياسىي ئىشلار بىلەن شوغۇللانمايتتى؛ نىزامنامىنىڭ 8ـ ماددىسىدا شەرتى توشىدىغان ھەرقانداق بىر تۈركىستانلىق تۈرك بۇ ئىتتىپاققا ئەزا بولالايدۇ، ئەمما تۈركىستانلىق بولمىغان تۈركلەر پەخرى ئەزا بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە دەپ بەلگىلىگەن ئىدى. بۇ تەشكىلات بىرىنچى قۇرۇلتىيىدا ئىتتىپاق رەئىسلىكىگە چىش دوختۇرى مەجىدىدىن ئەخمەت (دەلىل) (1902ـ يىلى تاشكەنتتە تۇغۇلغان. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1923ـ يىلىسى تۈركىيىگە كەلگەندىن كېيىن چىش دوختۇرلۇق كەسپىدە ئوقۇغان. 1926ـ يىلى ئوقۇشىنى پۈتتۈرۈپ چىش دوختۇرلۇق كەسپى بىلەن شوغۇللانغان. — ئا.ھ. ئىزاھاتى) سايلىنىدۇ. ت ت گ ب تەشكىلاتى، پائالىيەتلىرىنى دەسلەپتە يېڭى تۈركىستان ژورنىلىنىڭ بابئالى (سابىق ئوسمانلار خاندانلىقىنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدە ھۆكۈمەت بىناسى جايلاشقان كوچا بولۇپ، كېيىن بۇ رايون نەشرىياتچىلىق مەركەزلىرىدىن بىرى ھالىغا كەلگەن. — ئۇ.ت) دىكى ئىشخانىسىدا ئۇلارغا ئايرىلغان بىر ئېغىزلىق ئۆيدە باشلاشقا مەجبور بولىدۇ. ئەمما بۇ يەر ئۇلارغا بەكلا تارلىق قىلاتتى. شۇ سەۋەپتىن ياشلار تەشكىلاتى باشقا يەرلەردىن تېخىمۇ مۇۋاپىق يەر ئىزدەشكە كىرىشىدۇ.

ئوسمانلار ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە ئىستانبۇلدا تۈركىستانلىق ھاجىلار بىلەن تىجارەتچىلەر پايدىلىنىشى ئۈچۈن 3 يەرگە تەككە (دەرگاھ سارىيى — ئۇ.ت) سالدۇرغان بولۇپ، ئۇ دەۋرلەردە تۈركىستاندىن ھاجى قىلىش ئۈچۈن مەككە مۇكەررەمگە بارىدىغانلار ئاۋال ئىستانبۇلغا كېلىپ ئىسلام خەلىپىسى تۇرىدىغان بۇ شەھەرنى زىيارەت قىلىپ بولۇپ، ئاندىن مەككىگە قاراپ يولغا چىقاتتى. پۈتۈنلەي تۈركىستانلىقلار تەرىپىدىن سالدۇرۇلغان بۇ دەرگاھلارنىڭ بىرىسى ئۈسكۈداردا (ئىستانبۇل بوغۇزىنىڭ ئاسىيا ياقىسىدىكى بىر رايون. — ئۇ.ت)، بىرىسى ئەيۈپ سۇلتان جامىسى يېنىدا (ئىستانبۇلنىڭ ياۋرۇپا تەرىپىدىكى تارىخىي بىر جامى ئورنى، ساھابىلاردىن ئەيۈپ ھەزرەتلىرى كونىستانتىنپولنى پەتىخ قىلىش ئۈچۈن كېلىپ ۋاپات بولۇپ كۆمۈلگەن يەر، كېيىن كونىستانتىنپولنى پەتىخ قىلغان ئوسمانلار پادىشاسى پاتىخ سۇلتان مۇھەممەد بۇ يەرنى تېپىپ مۇسۇلمانلاردىن تۇنجى بولۇپ كونىستانتىنپولنى پەتىخ قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئەيۈپ ھەزرىتلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ 15ـ ئەسىردە بۇ جامىنى سالدۇرغان دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. — ئۇ.ت) ۋە يەنە بىرىسى سۇلتان ئەخمەت جامى يېنىدا (ئىستانبۇل بوغۇزىنىڭ ياۋرۇپا ياقىسىدىكى كونا ئوسمانلار خان ئوردىسى ئالدىغا داڭلىق ئوسمانلار بىناكارى مىمار سىناننىڭ بىۋاستە شاگىرتى تەرىپىدىن 16ـ ئەسىردە سېلىنغان 6 مۇنارلىق ئىنتايىن چىرايلىق ھەشەمەتلىك تارىخىي جامى جايلاشقان بىر يەر. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ جامىنىڭ 6 مۇنارىسى 6 نەپەر ئوسمانلى خەلىپىسىگە تەمسىل قىلىنغان بولسا، بۇلارنىڭ كەينى 4 مۇنارىسىدا 3 تىن، ئالدىدىكى 2 مۇنارىدا 2 دىن جەمئىي 16

پەشتاق شۇ چاققىچە ئۆتكەن 16 ئوسمانلى سۇلتانىغا تەمسىل قىلىنغان دېيىلىدۇ. ــ ئۇ.ت) ئىدى. بولۇپمۇ ئۇسكۇدار ئۆزبەكلەر تەككىسى، تۈركىيە ئازاتلىق ئۇرۇشى يىللىرىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان دەرگاھ سارايلاردىن بىرى بولۇپ، ئىسمەت پاشا (تۈركىيە ئازاتلىق ئۇرۇشى يىللىرىدىكى ھەربى قوماندانلاردىن بىرى، كېيىن ئاتاتۈركنىڭ ئورنىغا جۇمھۇرىيەت پىرىزدېنتى بولۇپ تۈركىيىنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى بالاسىدىن ساقلاپ قالغان. تۈركىيىدە بىر قىسىملار ئۇنىڭغا "بىردىن-بىر غوجايىن"، "خەلقنىڭ غوجايىنى" دېگەن مۇستەبىت لەقىمىنى بەرگەن. ــ ئۇ.ت) نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مۇنچە تۈركىيە ئازاتلىق ئۇرۇشى رەھبەرلىرى بۇ يەردە بىر مەزگىل يوشۇرۇنۇپ ياتقاندىن كېيىن ئانادولۇغا قاچۇرۇلغان بىر يەر ئىدى. مۇستاپا كامال ئاتاتۈرك، ئۇسكۇدار ئۆزبەك دەرگاھ سارىيى شەيىخىنىڭ پىداكارلىق بىلەن قىلغان بۇ ياخشىلىقلىرىنى ئۇنۇتمىغان بولۇپ، تەككىلەر بىلەن زاۋىيە (كىچىك تەككە ــ ئۇ.ت) لەرنى پىچەتلەش بۇيرۇغى ئېلان قىلىنغان يىللاردا ئۇسكۇداردىكى بۇ دەرگاھ سارىيىغا ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىپ ئۇنى تولۇق تاقاتقۇزمىغان. شۇنداق قىلىپ بۇ سارايدا شەيىخ ئائىلىسىنىڭ تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىنغان ئىدى.

ئەيۇپ سۇلتان جامەسى يېنىدىكى دەرگاھ سارىيىمۇ ئۆزبەكلەر تەككەسى دەپ تونۇلاتتى. ئەمما ئۇ سارايىنىڭ ئۆيلىرى مۇسادىرە قىلىنغان ئىدى. سۇلتان ئەخمەت جامەسى يېنىدىكى دەرگاھ سارىيى بولسا بۇخارا تەككەسى دەپ تونۇلاتتى. بۇ سارايىنى بۇخارا ئەمرىنىڭ قۇشبېگى سالدۇرغان ئىكەن. ئوسمانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىلىرىگە كەلگىچە تۈركىستاندىن كەلگەن ھاجىلار بىلەن سودىگەرلەرگە خىزمەت قىلىپ كەلگەن بۇ دەرگاھ سارىيى، 1920-يىللاردىن باشلاپ تۈركىيىگە كەلگەن تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلارغا ساھىپخانلىق قىلىشقا باشلىغان ئىدى. بولۇپمۇ 1920-يىللارنىڭ باشلىرىدا بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن تۈركىستان ئا س س ر دىن ئۆز خىراجىتى بىلەن تۈركىيىگە ئوقۇشقا كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى بۇخارا تەككىسى دەپ تونۇلغان بۇ سارايدا تۇراتتى.

بىر مەزگىل ئىزدىنىش نەتىجىسىدە، سۇلتان ئەخمەت جامىسى يېنىدىكى بۇ دەرگاھ سارىيى ت ت گ ب مەركىزى ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق يەر دەپ تاللىنىدۇ. ئەمما بىنانى ئۆتكۈزىۋېلىش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەخسۇس رۇخسىتىنى ئېلىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ رۇخسەتنى ئېلىش ئۈچۈن بىۋاستە ئاتاتۈركنىڭ ئۆزىگە ئىلتىماس قىلىش توغرا كۆرىلىپ ئەنقەرەگە ئىلتىماس سۇنۇلىدۇ. باش ۋەكىل ئورۇنباسارى نامىدىن "ئەمرۇللا" دىگەن بىرسىنىڭ ئىمزاسىدا كەلگەن 1929.10.12 كۈنكى جاۋاپ خەتتە ئىتتىپاق تەلۋى تەستىقلانغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان تۆۋەندىكى سۆزلەر يېزىلغان ئىدى:

رەئىسى جۇمھۇر ھەزرەتلىرىگە تەغدىم ئەتمەكتە بولۇنغان ئىستىدانامىڭىزلارغا جاۋاپتۇر.

سۇلتان ئەخمەت ئەتراپىدا مەھمەت پاشا يانتۇلقىدا تۈركىستانلىقلار تەككە بىناسىدا شەيىخ تۇرىۋاتقان يەردىن قالغان قىسمىنى مائارىپ ۋاكالەتچىلىكىنىڭ نازارىتى ۋە تۈرك ئۇچاقلىرى مەركەز ھەيئىتىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بولۇش شەرتى بىلەن، ئىستانبۇلغا ئوقۇش ئۈچۈن كەلگەن تاشقى تۈرك مەملىكەتلىرى تالىپلىرىنىڭ يېتىپ قوپىشىغا ئايرىلىشى ۋە ئۇلارغا تاپشۇرۇلىشى ئۈچۈن ئەۋقاف (ۋەقپىلەر ــ ئۇ.ت) مەركەزى مۇدىرلىكىدىن ئىستانبۇل ئەۋقاف مۇدىرلىكىگە قارىتىپ يېزىلغان (ئۇختۇرۇش) مەزكۇر ئومۇم مۇدۇرلۇك ھۆججىتى بىلەن تەبلىغ (ئۇقتۇرۇش ــ ئۇ.ت) قىلىندى ئەپەندىم.

ــ باش ۋاكالەت مۇستەشارى نامىدىن
ئەمرۇللا

(رەسىم ئورنى)
تۈركىيىگە كەلگەن تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلاردىن بىر قىسمى 1923-يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئىستانبۇل ــ ئەھەت ئەنجان ئارخىۋىدىن

ئاتاتۈركنىڭ بىۋاستە بويرىقى بىلەن بېرىلگەن بۇ رۇخسەت، تۈركىستان تۈرك ياشلار ئىتتىپاقىنى بىر مەركەز بىناسىغا ئېرىشتۈرۈش جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى تۈركىيە جۇمھۇر رەئىسىنىڭ بۇ ئىشلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى نوقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش ئىدى. كەڭ-كۇشادە ۋە ئەركىن بىر ماكانغا ئېرىشكەن ياشلار ئىتتىپاقى، بەلگىلىك ۋاقىتلار بويىچە ھەر تۈرلۈك تېمىلاردا ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا كىرىشىدۇ. بۇ ئىلمىي دوكلاتلارنىڭ بىر قىسمى كېيىنكى يىللاردا كىتاپچە قىلىپ بېسىلىدۇ. ئۇ دەۋىرلەر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا كۆلىمى خېلى كەڭرى ھىساپلىنىدىغان ئىتتىپاققا تەۋە بىر كۈتۈپخانىمۇ قۇرۇلغان ئىدى. ئىتتىپاق يەنە، تۈركىستانلىق ياشلارنى ھەر قايسى مەكتەپلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىدىمۇ ئەستايىدىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. ھەر يىلىسى ئۆتكۈزىلىدىغان ئىتتىپاقنىڭ قۇرۇلۇش خاتىرە كۈنلىرىدە ت م ب بىلەن بىر سەپتە تۇرىۋاتقان باشقا تۈرك گۇرۇپپىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى، ت م ب بىلەن مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان سابىق ئىتتىھاتچىلار ۋە ھەتتا ئەلچىخانا ۋەكىللىرىمۇ خاتىرلەش يىغىنىغا قاتناشقانلىقى مەلۇم. مەسىلەن 1933-يىلىنىڭ 23-مارت كۈنىسى ئۇيۇشتۇرۇلغان

تۈركىستان كېچىلىكىگە خەلق پارتىيىسىنىڭ ئىستانبۇل شۆبە باشلىقى، ئىستانبۇل ۋالىسىنىڭ مۇئاۋىنى، كورپۇس ۋەكىلى، ئەنۋەر پاشانىڭ ئىنىسى نۇرى پاشا، زىيا پاشا، ياپونىيە بىلەن دانىيەنىڭ كونسۇلخانىلىرىدىنمۇ ۋەكىللەر، شۇنىڭدەك يەنە رۇسىيە مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى مىللەتلەرنىڭ ۋاكالەتچىلىرى قاتارلىقلار قاتناشقان ئىدى. بۇنچە كەڭ كۆلەملىك قاتناشقۇچىلار بىلەن ئېچىلغان بىر مۇراسىم، ئۇ دەۋرلەردە تۈركىستان تۈرك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئادەتتىكى بىر ياشلار تەشكىلاتى بولۇپ كۆرۈنمەي، تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاقى ھەرىكىتىنىڭ ئۇچۇق-ئاشكارە پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقان بىر تارمىقى دەپ تونۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. كېيىنكى يىللاردا بۇ ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ت م ب تەركىۋىدىكى تەسىر كۈچىمۇ بارغانسىرى زورىيىپ باردۇ (ت ت گ ب نىڭ پائالىيەتلىرى، «تۈركىستان تۈرك ياشلار ئىتتىپاقىدىن تۈرك مەدەنىيەت ئىتتىپاقىغىچە» دېگەن بولۇمدە تەپسىلى بايان قىلىندى. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

## ت ت گ ب بىلەن ئەزەربەيجان ياشلار ئىتتىپاقى ئورتاقلىقى

تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاق (بىرلىك — ئۇ.ت) ھەرىكىتى مەخپىي بىر تەشكىلات بولغاچقا، ت ت گ ب تەشكىلاتى ئاشكارە پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللىنالايدىغان ت م ب نىڭ بىر تارمىقى قاتارىدا ئوتتۇرغا چىققان ئىدى. بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئەھۋال ئەزەربەيجان مىللىي ھەرىكىتى ئىچىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. 1924-يىلىسى ئەزەربەيجان مىللىي مەركىزىنى قۇرغان مۇساۋاتچىلار ئاشكارە پائالىيەت بىلەن شوغۇللىنالايدىغان تەشكىلات سۈپىتىدە، شۇ يىلىسى ئەزەربەيجان ياشلار ئىتتىپاقىنى قۇرۇپ چىققان ئىدى. بۇ تەشكىلاتنىڭمۇ خۇددى ت ت گ ب غا ئوخشاش ياشلارنى تەشكىللەش، ئۇلارنىڭ مىللىي ھسىياتىنى كۈچەيتىش ۋە قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم قىلىش دېگەندەك مەقسەتلىرى بار ئىدى. ت ت گ ب نىڭ قۇرۇلىشى بىلەن بىرگە بۇ ئىككى تەشكىلات ئوتتۇرىسىدا زىچ ھەمكارلىق ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىش بارلىقى كەلگەنلىكى مەلۇم.

1928-يىلىنىڭ باشلىرىدا، بۇ ئىككى تەشكىلات مەسئۇللىرى ئورتاق پائالىيەت قىلىش سورۇنى يارىتىش ئۈچۈن بىر يەرگە كېلىپ مەخپىي ھەمكارلىق ھەققىدە بىر توختامنامە ئىمزالاپ يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىدىغان بىرلەشمە ئىتتىپاق ئورگاندىن بىرنى قۇرۇپ چىقىدۇ. ”بىر-بىرسىگە خوشنا ۋە قېرىنداش ئەزەربەيجان بىلەن تۈركىستان دۆلەتلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئۆزلىرىگە مىزان قىلىشقان غايىلىرى بىلەن مەقسەتلىرى مۇشتەرەك (ئورتاق) تۇر“ دەپ باشلانغان بىرلەشمە توختامنامىسىدا، بىرلەشمىنىڭ ئورگانلىرىنى قانداق تەشكىللەپ قايسى ھەرىكەت ئۇسۇللىرى بويىچە

پائالىيەت قىلىش كېرەكلىكىنى بەلگىلەپ چىققاندىن كېيىن، ھەر ئىككىلا تەشكىلات ئۈچۈن ئورتاق پايدىلىنىدىغان بىر بىناغا ئىگە بولۇشى لازىملىقى، ھەر ئىككىلا ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرىغا مەخسۇس ئىلمىي دوكلاتلار ۋە كۆڭۈل ئېچىش بىرلەشمىسى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندۇ.

بۇ ئىككى تەشكىلات تۈركىيە تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى تۈركىيە سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلىرىدىمۇ ئورتاق ھەمكارلىشىپ پائالىيەت قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرغان ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، 1928 ـ يىلىنىڭ ئاۋغۇست ئېيىدا، ۋېنگرىيە تۇران جەمىيىتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان بىر قېتىملىق يىغىنغا ھەر ئىككى تەشكىلاتتىن ئىككىدىن مەسئۇل كىشى تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ، ۋېنگرىيىدە 18 كۈن بويىچە بۇ تەشكىلاتنىڭ مېھمىنى بولىدۇ.

بۇ ئىككى تەشكىلاتنىڭ ئورتاق پائالىيەتلىرى كېيىنكى يىللاردىمۇ داۋاملىشىدۇ.

## چوقاي ئوغلى ـ ۋەلىدى ـ غوجا ئوغلى ئۈچبۇلۇڭلۇق ئىختىلاپلار ۋە زەكى ۋەلىدىنىڭ قايتا رەئىسلىككە سايلىنىشى

چەتئەلدىكى تۈركىستان ئۈچۈن قانات يايدۇرۇلغان كۈرەشلەرگە يېتەكچىلىك قىلغان بۇ ئۈچ كىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر تاشقى دۇنيادا تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە يۈزلىنىشىنى شەكىللەندۈرۈشكە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى بىر مۇقەررەرلىك ئىدى. مۇستاپا چوقاي ئوغلى 1927 ـ يىلىقى ئىستانبۇل قۇرۇلتىيىدىكى رەئىس سايلىمىدا ئوسمان غوجا ئوغلىغا ئاۋاز بەرگەن ئىدى. جەمىيەتنىڭ قۇرۇلىشىدىن بېرى رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ كېلىۋاتقان زەكى ۋەلىدى ئۈچۈن ئېيتقاندا، رەئىسلىك ئورنىنى غوجا ئوغلىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھەرگىزمۇ بەرداشلىق بەرگىلى بولىدىغان ئەھۋال ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، زەكى ۋەلىدى قۇرۇلتاي يېپىلىپ بىرەر ئايمۇ ئۆتمەي چوقاي ئوغلىغا مۇنداق بىر پارچە خەت يازىدۇ:

ئىستانبۇلدىكى ئىشلىرىمىزدا مۇنداق ئىككى خاتالىققا يول قويغان ئىدۇق: ... 1. ئەسلىدە يېڭى تۈركىستان مەجمۇئەسىنى جەمىيەت نامىدا ئەمەس، سىزنىڭ بىلەن مېنىڭ نامىمدا چىقىرىشىمىز كېرەك ئىدى. شۇنداق بولغىنىدا بۇ ئىشقا ھېچكىم ئارىلىشالمايتتى. 2. ئوسمان غوجا ئوغلىنى رەئىسلىككە سايلىماسلىقىمىز لازىم ئىدى. ... بۇ ئىش، ئىككىمىزنىڭ

كىلىشەلمىگەنلىكىمىزدىن تۇغۇلغان بىر ئىش ئىدى. ... ئۇ ئادەم رەئىسلىك ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بىرى ئەمەس. ...

ت م ب رەئىسلىكىنى قايتۇرىۋېلىش ئىرادىسىگە كەلگەن زەكى ۋەلىدى، يېقىن دوستى بولغان ئىككى باشقىرت تۈرك ئابدۇقادىر سۇلايمان (ئىنان) بىلەن مۇستاپا شەكىلى ئىككىسىنى يېنىغا تارتىپ، پارىژدا تۇرىۋاتقان چوقاي ئوغلىغا قاتتىق بېسىم ئىشلىتىشكە كىرىشىدۇ. ئۇنىڭ يازغان يەنە بىر پارچە خېتىدىكى تۆۋەندىكى قۇرلار، ئۇنىڭ بۇ مەقسىدىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەرمەكتە ئىدى:

سەن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن بىر قېتىممۇ يىغىن ئاچالمىدۇق. ئوسمان غوجا ئوغلى رەئىسلىك ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن پەقەتلا چىقالمايۋاتىدۇ. ... ناسىر مەخدۇم ماڭا بۇ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى يەنە سەن ئۈستىڭگە ئالمساڭ بولمىدى دەيدۇ. ئەگەر مەن رەئىسلىككە سايلانسام ئۇمۇ جەمىيەتكە قايتا قاتنىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ... ئەگەر سەنمۇ ماقۇل كۆرسەڭ، جەمىيەتكە قارىتىپ بىر پارچە خەت يازغان بولساڭ، ... بۇ يەردە ئابدۇقادىر بىلەن مۇستاپا ئىككىسى "رىياسەتچىلىكنى زەكى ۋەلىدى ئۈستىگە ئېلىشىنى تەلەپ قىلىمىز" دەپ خەت يېزىپتۇ. ... سەنمۇ شۇنداق بىر خەت يازساڭ، شۇ چاغدا مەنمۇ رەئىسلىكنى ئۈستۈمگە ئالغان بولاتتىم. ... مەن، باشقىردىستانغا رەئىس جۇمھۇر بولغان بىر ئادەممەن. شۇڭا ت م ب ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئوتتۇردىكى زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا پۈتۈنلەي قۇرۇبىم يېتىدۇ.

ت م ب رەئىسلىكىنى تالىشىش كۈرىشىدە ئۆزىگە ھىمايىچى توپلاشقا كىرىشكەن زەكى ۋەلىدى، بىر تەرەپتىن ژورنال چىقىرىش ئىشلىرى ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئىلمىي پائالىيەتلىرىگە ئېغىر پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ، ژورنال باشقۇرۇش ئىشلىرىنى ت م ب ئەزاسى بولمىغان باشقا بىرسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرايلى دېگەندەك بىر-بىرسىگە زىت پىكىرلەرنى قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇ، بۇ ھەقتە چوقاي ئوغلىغا مۇنۇلارنى يازغان ئىدى:

مىرزا بالا كەلدى. جاپپار سىيىت ئەخمەت (قىرىمئەر) مۇ بۇ يەردە. ... ئۇلارغا دېسەك بەلكىم ژورنالنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئېلىشقا ماقۇل بولىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇلارمۇ جەمىيەتكە ئەزا بولسا، رەئىس بولالىغىنىدا بەلكىم بۇ جەمىيەتنى قۇتقۇزۇپ قالالىشىمىز مۇمكىن. ... ئەگەر ئوسمان غوجا ئوغلى رەئىسلىكتە قالىۋەرگىدەك بولسا، بۇ جەمىيەت چوقۇم ۋەيران بولۇپ كېتىدۇ. ... بۈگۈن جاپپار سىيىت ئەخمەت كەلدى. جەمىيەتكە ئەزا بولسام دەپ تەلەپ

قىلدى. يۈرەك كېسىلى بولغىنى ئۈچۈن پەقەتلا ماقالە يېزىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنالايدىغانلىقىنى، باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ... مىرزا بالىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا باش مۇھەررىرلىكنى سەن ئۈستۈڭگە ئال دەپ ئېيتىمەن. ئەمما بۇنداق قىلغىنىمىزدا مەجمۇئەيىمىز يېڭى كاپىكازىيەنىڭ بىر شۆبىسىگە ئايلىنىپ قېلىپ، ئاخىرى بۇ ئىشلار مەھەممەت ئېمىن رەسۇلزادىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشىمۇ مۇقەررەر. ... بۇ (ئىشلار يەنە مېنىڭ) دارۇلفۇنۇندىكى ئىشلىرىمغا بەكلا ئېغىر توسالغۇ بولماقتا.

زەكى ۋەلىدىنىڭ ت م ب نەشىر ئەپكارىنى ئۆزىگە تەۋە ئايرىم نەشرى ئەپكارى بار بولغان ئەزەربەيجان ياكى قىرىم تۈركلىرىنىڭ يېتەكچىلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەكلىپ قىلىدىغان بۇ غەلىتى ئۇرۇنۇشى، ئەسلىدە ت م ب رەئىسلىكى ھەققىدىكى مەسىلىدە چوقاي ئوغلىنى مەجبورلاش ۋە ئۇنى قايىل قىلىشنى مەقسەت قىلىپ ئويناۋاتقان تاكتىكا ئۇيۇنى ئىدى. قانۇن بويىچە ئالغاندا يېڭى تۈركىستان ژورنىلىنىڭ غوجايىنى ئوسمان غوجا ئوغلى ھىساپلىناتتى. زەكى ۋەلىدى بولسا پەقەتلا باش مۇھەررىرلىك سالاھىتىگە ئىگە بىرسى ھېساپلىناتتى. بۇ ئەھۋال، ژورنال ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك قارارلارنى ئېلىش ۋە ئىقتىسادىي چىقىم تەخسىمات ئىشلىرىدا كۆڭۈلسىز ئىختىلاپلارنىڭ پەيدا بولىشىغا سەۋەپ بولماقتا ئىدى. مۇنازىرە تەلەپ قىلىنمايدىغان ئىلمىي سالاھىيەتكە ئىگە بولۇشتەك ئەۋزەللىكى بولغان زەكى ۋەلىدى، ئۇنداق بىر بىلىم ئاساسى بولمىغان ئوسمان غوجا ئوغلىدەك بىرسىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەشكە قەتئىي رازى ئەمەس ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇخارا جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلىشىدا ئوينىغان تارىخىي رولىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىگەن ۋەزىپىلەر، تۈركىيىگە كەلگىنىدىن كېيىن دۇچ كەلگەن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلار ئوسمان غوجا ئوغلىغىمۇ نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرۇپ بەرمەكتە ئىدى. بولۇپمۇ زەكى ۋەلىدىگە ئوخشاش داھىي سۈپەتلىك بىر يېتەكچىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان تەشكىلات ئەزالىرىنى، بارلىق تەڭپۇڭلۇقلارنى ساقلىيالىغىدەك شەكىلدە باشقۇرۇپ كېتىش ھەقىقەتەنمۇ تەس ئىش ئىدى. زەكى ۋەلىدىنىڭ ئىزچىل بېسىمىغا بەرداشلىق بىرەلمىگەن مۇستاپا چوقاي ئوغلى، ئىيول ئېيىدا ئوسمان غوجا ئوغلىنىڭ ت م ب رەئىسى بولغانلىقىغا رازى ئەمەسلىكىنى ھەمدە قايتىدىن بىر سايلام ئۆتكۈزۈش تەلىۋىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بىر پارچە ماتېرىيال يوللايدۇ. شۇنداق قىلىپ 1927ـ يىلىنىڭ 24ـ ئىيول كۈنىسى چاقىرىلغان كېڭەيتىلگەن مەركىزى كومىتېت يىغىنىدا ئوسمان غوجا ئوغلى رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرىلىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا بولغان ئىشلار، يىغىن خاتىرىلىرىدە تۆۋەندىكىچە خاتىرىلەنگەن ئىدى:

مارت ئېيىدىكى ت م ب قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ئەزالارنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن ئەخمەت زەكى ۋەلىدى رەئىسلىككە تەيىنلەندى. مەركەزى كومىتېت ھەيئەتلىرىنىڭ سانىمۇ 5 نەپەرگە كۆپەيتىلگەن بولۇپ، تۆتىنچى ئەزالىققا ناسىر مەخدۇم ھېكىمزادە سايلاندى.

ئىزاھات: ئوسمان غوجا ئوغلى مەركەزى كومىتېتنىڭ بۇ قارارىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن مەركەزى كومىتېت يىغىنلىرىغا قاتناشمايدىغانلىقىنى ھەمدە ئۆزىگە تەۋە ئايرىم بىر پىرقە قۇرۇپ چىقىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ يىغىننى تاشلاپ چىقىپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ زەكى ۋەلىدى ئۆز مەقسىدىگە يەتكەن ئىدى. بۇرۇن مەركەزى كومىتېتتىن چىقىپ كەتكەن ناسىر مەخدۇممۇ زەكى ۋەلىدى تەرىپىدە تۇرغانلىقىنىڭ مۇكاپاتى سۈپىتىدە مەركەزى كومىتېت ھەيئەتلىكىگە قايتىدىن كىرگۈزۈلدى. زەكى ۋەلىدى چەبدەسلىك بىلەن بىر ھۈنەر ئىشلىتىپ مەركەزى كومىتېت ھەيئەت ئەزا سانىنى 5 نەپەرگە كۆپەيتىپ، كومىتېتتىكى ھىمايىچىلىرىنى كۆپەيتىۋالغان ئىدى. چۈنكى ئۇ، بۇگۈن ئۇنى ھىمايە قىلىپ ئاۋاز بەرگەن چوقاي ئوغلىنىڭ كەلگۈسىدە ئۇنى ھىمايە قىلماي قېلىشى ئېھتىماللىنى مۆلچەرلىگەن ئىدى. دېگەندەك، ۋەلىدىنىڭ رەئىس سايلانغاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا مۇستاپا چوقاي ئوغلىغا يازغان خەتلىرىدە، ئۇنىڭغا بولغان قاراشلىرى تۆۋەندىكىچە ئىپادىلىمەكتە ئىدى:

سەندە پارتىيە ئىچىدە تۇرۇپ پائالىيەت قىلماسلىققا مايىل بىر ناچار خۇي بار ئىكەن. كىشى بىرەر پارتىيە ئىچىدە پائالىيەت قىلغىنىدا پارتىيىنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرىغا ئەھمىيەت بېرىشكە ئادەتلىنەلەيدۇ. ... ت م ب بىر پارتىيە ھېساپلانمايدۇ. ئۇ ئاۋال بىر پارتىيە ھالىتىگە كېلىشى لازىم. ... 1927.5.30 كۈنىسى ئىۋەرتكەن خېتىڭدا "بىر-بىرىمىزگە ئۇلتىماتوم تاپشۇرۇپ يۈرمەيلى، ھەممىمىز بىر نىشان بويىچە ئالغا ئىلگىرلەيلى، ئەگەر ئۇنداق بولمىغىنىدا مېنى بۇ جەمىيەتتىن چىقىپ كەتتى دەپ ھېساپلىساڭ بولىدۇ ياكى بولمىسا مەن بۇ تەشكىلاتقا پۇل ئىۋەرتكۈزمەيمەن" دەپ يېزىپسەن. بۇ دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى ئۆزەڭنى بەكلا قالتىس چاغلىغانلىقىڭنىڭ نەتىجىسى دەپ قارايمەن. ... بۇ پوزىتسىيەڭ، سېنىڭ بىر تەشكىلات ئەزاسى سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلمىغانلىقىڭدىن كەلمەكتە.

ھەقىقەتەنمۇ، چوقاي ئوغلى ياۋرۇپادىكى مۇناسىۋەتلىرىگە تايىنىپ ھەر تۈرلۈك ژورناللاردا ئېلان قىلغان ماقالىلىرى بىلەن ھەر قايسى ئەللەرگە بېرىپ سۆزلىگەن

ئىلمىي دوكلاتلىرى نەتىجىسىدە، ت م ب سىرتىدا ئۆزىگە خاس بىر مۇھىت يارىتىۋالغان ئىدى. پارتىيە بىلەن پارتىيە نەزەرىيە ئاساسلىرىغا بەكلا ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتقان زەكى ۋەلىدى ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ ئەھۋاللارغا ھەرگىزمۇ تاقەت قىلغىلى بولمايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئوسمان غوجا ئوغلىمۇ بۇرۇنقى ئىشلارنى ئۇنۇتۇپ مەركەزى كومىتېتنىڭ يىغىنلىرىغا قايتىدىن قاتنىششقا باشلىغان ئىدى. تۈركىستان تۈرك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى دوكتور مەجىدىدىن دەلىلمۇ سىنتەبىر ئېيىدا مەركەزى كومىتېتقا ئەزا قىلىنىپ، كېيىن يەنە باش كاتىپلىققا تەيىنلەنگەن ئىدى.

# چوقاي ئوغلىنىڭ جەمىيەتتىن چىقىرىلىشى

1928 ـ يىلىنىڭ بېشىدا يۈز بەرگەن بىر ئىش، ت م ب نىڭ تىزگىنىنى پۈتۈنلەي قولغا كىرگۈزىۋېلىش ۋە بىردىن بىر ھۆكۈم چىقارغۇچى بولىۋېلىش ئۈچۈن زەكى ۋەلىدىگە تېپىلماس بىر پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. مۇستاپا چوقاي ئوغلى يازغان بىر پارچە ماقالە رۇسىيىلىك مۇھاجىرلار يېتەكچىسى مىليۇكوۋنىڭ «پوسلېدنىيا نوۋوستى» (ئاخىرقى خەۋەرلەر. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) ناملىق ژورنالدا ئېلان قىلىنىدۇ. زەكى ۋەلىدى بۇنى پۇرسەت بىلىپ دەرھال مەركەزى كومىتېتتا قارار قىلىشىپ چوقاي ئوغلىغا بىر پارچە ئاگاھلاندۇرۇش ئۇختۇرۇشى ئەۋەرتىدۇ. بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن ناسىر مەخدۇم، ئابدۇقادىر ئىنان ۋە مەجىدىدىن دەلىل قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان بىر كومىسسىيە (تەكشۈرۈش ئۇمىگى) قۇرۇپ چىقىدۇ. ت م ب قائىدىلىرىگە ئاساسەن بولشېۋىكلارغا قارشى ھېساپلانسىمۇ مەركەزى رۇسىيىچىلىك تەرغىباتىغا ئەمەل قىلىدىغان ئۇرۇس تەشكىلاتلىرى بىلەن ت م ب ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا ھەرقانداق بىر مۇناسىۋەت بولماسلىقى شەرت ئىدى. ئەگەر بۇنداق بىر مۇناسىۋەت تىكلىگەنلىكى سېزىلگەن ھامان، مەركەزى كومىتېت قارارىغا ئاساسەن شۇ ئەزا ھەققىدە تۈكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلاتتى. ئاگاھلاندۇرۇش خېتى ئەۋەرتىلىش بىلەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇلغىنىغا قارىتا چوقاي ئوغلى خەت ئارقىلىق قاتتىق رەددىيە بېرىش بىلەن بىرگە، مەركەزى كومىتېت ئەزالىقىدىن دەرھال ئىستىپا بېرىدۇ. ئەمما زەكى ۋەلىدى بۇ ئىستىپادىن رازى بولماي، مۇستاپا چوقاي ئوغلىنى جەمىيەتتىن تازىلىۋېتىشتە چىڭ تۇرىدۇ. پرومېتي تەشكىلاتى بىلەن كاپكازىيە كومىتېتىغا "مۇستاپا چوقاي ئوغلى بۇندىن كېيىن ت م ب نىڭ ياۋرۇپا ۋاكالەتچىلىكىدىن قالدۇرۇلدى، بۇ ۋەزىپە پرومېتي ژورنىلىنىڭ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدا بولغان ئەخمەت نائىمغا تاپشۇرۇلدى" دېگەن ئۇقتۇرۇش يوللىنىدۇ.

ئەمما، ئۇزۇن يىلدىن بۇيان پارىژدا تۇرىۋاتقان ۋە ئەتراپىدا نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن ئىنتايىن سەممىي مۇناسىۋەت تىكلەپ بولغان چوقاي ئوغلىنىڭ ئورنىنى ئەخمەت نائىم تولۇقلاپ كېتەلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەخمەت نائىم ئۆزى بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى تۆۋەندىكىچە ئىپادىلىدى:

ھەرقانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىي نەزەر، 5 يىلدىن بۇيان ياۋروپادا تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك ماقالىلىرى بىلەن تونۇلۇپ، ياۋروپادا تۈركىستاننى تونۇتۇشقا باشلىغان، بۇ جەھەتتە ئالاھىدە مۇۋەپپەقىيەتلەرگىمۇ ئېرىشكەن ئاكتىپ ۋە ئوقىغان بىر سەبدىشىمىزنىڭ سېپىمىزدىن ئايرىلىشىغا يول قويۇلماسلىقىمىز كېرەك ئىدى. قالغان يۇرتداشلىرىمىزغا نىسبەتەن تۈركىستاندا نام ئابرويىغا ئېرىشىپ شۆھرەت قازانغان، بولشېۋىكلار مەتبۇئاتىنى ھەردائىم ئاۋارە قىلىپ كېلىۋاتقان چوقاي ئەپەندىنىڭ بۇ شەكىلدە سېپىمىزدىن ئايرىلىشى ۋە ئىستىپاسىنى قوبۇل قىلىشىمىز مىللىي غايىمىزگە ۋاسىل ئۆچۈن (يېتىشىمىز ئۆچۈن) بەزى سارسىنچىلىقلار (زىيانلىق تەسىرلەر، تەۋرىنىشلەر) پەيدا قىلماسلىقىنى تىلەيمەن.

بۇ يەردە پرومېتېدە تۈركىستانغا ۋەكىللىك قىلالىشىمىز ئۆچۈن، نۇرغۇنلىغان مەلۇماتلارغا ھامىلە (ئىگە) بولۇش مەجبورىيىتى لازىم تاپماقتادۇر. ئۇرۇسچە ۋە فرانسۇزچىنى مۇكەممەل بىلگەن بىرى بولۇش تەلەپ قىلىنماقتادۇر. تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك ھەر تۈرلۈك ۋەقەلەرنى ئۆز ۋاقتىدا كۆزىتىپ ماقالاتنى ئېلان قىلىپ تۇرۇش، ئۇرۇسچە بىلمىگەنلىكىم ئۆچۈن تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك گېزىتلارنى كۆرۈپ چىقىپ ماقالە يېزىش ئىمكانىغا ئېرىشەلمەي كەلمەكتىمەن (ئەخمەت نائىم ئورتا مەكتەپنى تۈركىيەدە، ئالىي مەكتەپنى بولسا گېرمانىيەدە پۈتتۈرگەن بولغاچقا، ئۇرۇسچە بىلمەيتتى. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

شۇ سەۋەپتىن ھۆرمەتلىك دوستلىرىم، پرومېتي تەۋەسىدىكى تۈركىستان ۋاكالەتچىلىكىنى باشقا بىر بىلىملىك كىشىگە ۋە لاياقەتلىك، ئۇرۇسچىغا ئۇستا بىر دوستىمىزنى تەيىن قىلساڭلار مۇقەددەس غايىمىز ئۆچۈن تېخىمۇ مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلغانلىق بولىدۇ دەپ قارايمەن. بۇ تەلىۋىمنى ۋەزىپىدىن قېچىش دەپ قارىمىغايسىلەر. بۇنىڭ دەل ئەكسىنچە، مەن ئۆز ئاجىزلىقىمنى ئىپادىلەش ئارقىلىق سېپىمىزدىكى پائالىيەتنىڭ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىشلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىشنى مەقسەت قىلىپ بۇلارنى يازماقتىمەن.

زەكى ۋەلىدى ئۇچۇن ئېيتقاندا، مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ ت م ب مەركەزى كومىتېتتىن ئىستىپا بەرگەنلىكى يەتمەيتتى. ئۇنى جەمىيەت ئەزالىقىدىنمۇ قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇنىڭ تەشكىلاتتىكى تەسىرىنى پۈتۈنلەي تازىلىۋېتىش كېرەك ئىدى. ئەنە شۇ مەقسەت بىلەن مەركەزى كومىتېت تەۋەسىدە قۇرۇلغان ئۈچ كىشىلىك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا قاتتىق بېسىم ئىشلىتىشكە كىرىشىدۇ. جەمىيەت رەئىسى زەكى ۋەلىدىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قۇرۇلغان بۇ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ دوكلاتلىرى مۇستاپا چوقاي ئوغلى ئۈستىگە ئۇرغۇنلىغان جىنايەتلەرنى چاپلىغان ئىدى.

چوقاي ئوغلى يېڭى تۈركىستاندا بېسىلغان «تۈركىستاندا ئاچارچىلىق سىياستى» ۋە «قوقان مۇختارىيىتى تارىخى» دىگەن ماقالىلىرىدا مۇختارىيەتنى ھىمايە قىلىش مەيدانىنى تەكرارلىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇستەقىللىق تەلىۋى يوق؛ ئۇ تولۇق مۇستەقىللىققا قەتئى ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. ... تۈركىستاننىڭ تەلىۋى ئۇكرائىنادىن پەرق قىلماسلىقى كېرەك دەپ كۆرسىتىپ، رۇسىيە دېموكراتچىلىرى بىلەن ئوخشاش يول تۇتۇپ مېڭىش لازىملىقىنى ئىپادىلىگەن.

چوقاي ئوغلى مىليۇكوۋ گۇرۇپپىسىنىڭ گېزىتلىرى بىلەن مۇناسىۋەت تىكلەش ئارقىلىق ت م ب نىمۇ ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى قىلىپ كۆرسەتمەكتە؛ ئۇ ئۆزىنى ت م ب بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويىۋېلىپ، ئۆزىنى ئالاھىدە بىرسى قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشماقتا.

شۈبھىسىزكى، چوقاي ئوغلى بۇ تۈردىكى جىنايەتلەرنىڭ ھېچقايسىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. دىگەندەك، چوقاي ئوغلى ت م ب مەركىزىگە ئەۋەرتكەن ئۆزىنى ئاقلاش ماتېرىيالىدا، ماقالىلىرىم خاتا تەرجىمە قىلىنغان دەپ يازىدۇ. ئەسلىدە چوقاي ئوغلىنىڭ ئۇرۇسچە ياكى فرانسۇزچە يازغان ماقالىلىرى ئىستانبۇلدا تۈركىيە تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن ئېلان قىلىنماقتا ئىدى. چوقاي ئوغلى، ئەخمەت نائىمغا يازغان بىر پارچە خېتىدە، زەكى ۋەلىدى تەرىپىدىن تەشكىل قىلىنغان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بىلەن بۇ گۇرۇپپا تەرىپىدىن چىقىرىلغان قارارلارنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىپ، بۇ مەسىلىنى مۇستەقىل بىر سودىيەلەر ۋاستىچىلىقى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ:

مەن رەئىسىڭىز ئەخمەت زەكى ۋەلىدىگە 2-ئىيولدا مەكتۇپ ئەۋەرتىپ كومىسسىيە قارارلىرىغا ئاساس قىلىنغان تەرجىمىلەرنىڭ مۇتلەق تۈردە يالغان ئىكەنلىكىنى ئۇختۇرۇپ، ھەقىقەتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۈچۈن ئاربىتراژ

(سودىيە) ئۇسۇلنى تەكلىپ قىلغان ئىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن سودىيەلىككە م. ئىمىن رەسۇلزادىنى ياكى بولمىسا س. سالامزادىنى، ئۇمۇ بولمىسا زەكى ئەپەندىنىڭ ئۆزى كۆرستىدىغان باشقا بىرسىنى تەيىنلىنىشنى تەكلىپ قىلدىم. كومىسسىيەگە مۇناسىۋەتلىك ئۇسۇل ھەققىدىمۇ بىر ئەزەربەيجانلىق، بىر شىمالىي كاپكازىيىلىك، ئەسلىدە تەشكىلات ئەھۋالىدىن خەۋىرى بولغان بىرسى ماڭا ئارتىلغان گۇنالارنى راس دەپ قارىسا مەنمۇ ئۆزەمنى گۇناكار دەپ قوبۇل قىلىمەن دەپ يازغان ئىدىم. رەئىسى مۇختەرەمىڭىز 23-ئىيون كۈنىسى ماڭا مۇنداق بىر خەت ئەۋەرتىپتۇ:

"ت م ب تۈركىستان مەسىلىسىدە ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ھەرقانداق بىر ئورگاننى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ھەر قانداق مىللەتنىڭ مەركەزى سىياسىي تەشكىلاتىنىڭ ئۆزىگە خاس كۆز قارىشى بولىدۇ. ئۈستۈڭدە چىقىرىلغان قارارلارنى قوبۇل قىلىپ رازى بولىشىڭ كېرەك ئىدى. مەركەزى جەمىيەتنى ئىناۋەتكە ئالمايمەن دەپ يازغان خېتىڭ يولداشلىرىمىزنىڭ كۆڭلىگە بەكلا ئېغىر كەلدى." ... ئۇنىڭ بۇ جاۋابىدا نىمە دېمەكچى بولىۋاتقانلىقى ئۈچۈق بىلىنىپ تۇرىدۇ.

چوقاي ئوغلى يەنە، بۇرۇن زەكى ۋەلىدىنىڭمۇ تولۇق مۇستەقىللىق مەيدانىدا تۇرمىغانلىقىنى، ھەتتا كومۇنىستلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىش قىلغان ۋاقىتلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرستىپ ئۆتۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ يازغان بىر پارچە خېتىدىن بىر نەقىل ئېلىپ كۆرستىدۇ. چوقايئوغلى تىلغا ئالغان زەكى ۋەلىدىنىڭ ئۇ خېتىدە مۇنۇ سۆزلەر بار ئىدى:

1917~20-يىللاردا سەنمۇ، مەنمۇ ئېنىق مۇستەقىلچىلاردىن ئەمەس ئىدۇق. ئۇ چاغدا بىز ھەممىمىز ئاپتونومىيىلىك فېدرالچىلاردىن ئىدۇق. سەن 1917-يىلىنىڭ باشلىرىدا ھەتتا ئاپتونومىيىچىمۇ ئەمەس ئىدىڭ. مانا ئەندى ھەممىمىز توغرا يولنى تېپىۋالدۇق. بىز بۇنى ئوچۇق ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. ۋەتىنىمىزگە قايتىش پۇرستى كەلگىنىدە تۇتقان يولىمىز ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولىشى كېرەك.

ئەمما چوقاي ئوغلىنىڭ بۇ تۈردىكى ئۆزىنى ئاقلاشلىرىنىڭ ھېچقايسى كارغا كەلمەيدۇ. زەكى ۋەلىدى، چوقاي ئوغلىنى يار لىۋىگە قىستاپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا مۇنداق ئىككىلا يول قالدۇرغان ئىدى: يا گۇناھكار ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك، شۇ چاغدىلا جەمىيەتنىڭ ئادەتتىكى بىر ئەزاسى سۈپىتىدە

تەشكىلاتتا قىلىشقا يول قويۇلدۇ، ياكى بولمىسا ئىستىپا بېرىپ جەمىيەتتىن پۈتۈنلەي ئايرىلىشى كېرەك ئىدى. ئاخىردا چوقاي ئوغلى ئىستىپا بېرىپ تەشكىلاتتىن ئايرىلدۇ. شۇنداق قىلىپ، زەكى ۋەلىدى ت م ب نى پۈتۈنلەي قولغا كىرگۈزىۋالغان ھېساپلاندى. ئۇزۇن يىلدىن بۇيان بىرگە پائالىيەت قىلىپ كەلگەن يېقىن دوستى ئابدۇقادىر ئىناننى يېڭى تۈركىستان ژورنىلىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىگە تەيىنلەيدۇ. بۇ جەرياندا بۇرۇنقى رەقىبى بولغان ئاياز ئىسھاقى ۋە ئۇنىڭ تەشكىلاتى بىلەن ت م ب ئەزالىرى ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ھەققىدىمۇ بىر قارار چىقىرىدۇ. ئەندى ت م ب غا مۇتلەق ھاكىم ئورنىغا ئېرىشكەن زەكى ۋەلىدى، نۆۋەتتىكى نىشانىسىنى ياۋرۇپا تەرەپلەرگە قارىتالىشى مۇمكىن ئىدى. مەركەزى كومىتېت 1928 ـ يىلى 26 ـ ئىيول كۈنىسىدىكى يىغىنىدا، ت م، ب نىڭ ياۋرۇپاغا مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلىرىنى بەلگىلەش، تەشكىلات ئۈچۈن ئىقتىسادىي مەنبە ئاختۇرۇش ۋە ياۋرۇپاغا ئوقۇغۇچى ئىۋەرتىش دىگەندەك مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىشقا كىرىشىش ئۈچۈن رەئىس زەكى ۋەلىدىنىڭ ياۋرۇپاغا بېرىشى ھەققىدە قارار قوبۇل قىلىشىدۇ.

## زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ ياۋرۇپا ساياھىتى

زەكى ۋەلىدى ياۋرۇپا ساياھىتىنىڭ تۇنجى بېكىتى قىلىپ پارىژنى تاللىۋالغان ئىدى. ئۇ يەردە پرومېتې ژورنىلى مەسئۇللىرى بىلەن سۆھبەتلەر ئۆتكۈزىدۇ. بۇ جەرياندا ژورنال ئورگىنىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى مىر ياقۇپ مەختىيېۋ ۋاستىچىلىقى ئارقىلىق مۇستاپا چوقاي ئوغلى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ۋەلىدى ئوتتۇرسىدا يۈز بەرگەن ئىشلاردىن قاتتىق رەنجىگەن چوقاي ئوغلى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمايدۇ. زەكى ۋەلىدى فرانسىيەدىكى زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ گېرمانىيەگە بارىدۇ. بېرلىندىكى تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتلەردىن دىگەندەك رازى بولمايدۇ. چۈنكى كېيىنكى يىللاردا مۇستاپا چوقاي ئوغلى، بېرلىندىكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن بەك يېقىن مۇناسىۋەت قۇرىۋالغان ئىدى. شۇنداق بولغاچقا گېرمانىيەدىكى ئوقۇغۇچىلار ت م ب بىلەن چوقاي ئوغلى ئوتتۇرسىدا يۈز بەرگەن ئىختىلاپتا چوقاي ئوغلىغا ناھەقچىلىك قىلىندى دەپ قارىشاتتى. نەتىجىدە، زەكى ۋەلىدى بۇ يەردىكى ئوقۇغۇچىلارنى بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ توغرا قىلغانلىقىغا قايىل قىلالمايدۇ.

ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆرۈشۈشتە تۈزۈك نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن ۋەلىدى، پرومېتې سېپىدىكىلەر ۋە پولشا مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولىدۇ. بېرلىندىن ۋارشاۋاغا بارغان زەكى ۋەلىدى، بۇ يەردىمۇ كۆتكەن نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. بولشېۋىك

ئىنقىلاۋى يۈز بەرگەن يىللاردا تاتارىستان-باشقىردىستان رۇسسىيەدىن ئايرىلىپ چىقىش مەسىلىسىدە تېرىتورىيىلىك ياكى تېرىتورىيىسىز ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىش دېگەندەك مەسىلىلەردە بىر-بىرسى بىلەن زىتلىشىپ قالغان ئاياز ئىسھاقى ۋارشاۋادا كۈچلۈك تەسىرى بار بىرسى ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە مۇستاپا چوقاي ئوغلى بىلەنمۇ ئىنتايىن يېقىن مۇناسىۋەت باغلاپ كەلگەن مەھەممەت ئەمىن رەسۇلزادە، پرومېتې سېپىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئەزالىرىدىن بىرسى بولۇپ، ئۇمۇ زەكى ۋەلىدىگە ئۇنچىلىك قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ كەتمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، زەكى ۋەلىدىنىڭ پرومېتې تەشكىلاتى بىلەن، شۇنىڭدەك بۇ تەشكىلاتقا ياردەم قىلىۋاتقان تەرەپلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت تىكلىۋېلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ئۈمىدسىز نەتىجىسىزلىك بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ ۋارشاۋا شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا بىرەر ئىلمىي دوكلات بېرىش تەلىۋىمۇ ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى تارتالماي، مازاق قىلىنىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەندەك رەت قىلىنىشقا دۇچ كېلىدۇ. بۇ ھادىسىلەر، مۇساپىرلار ئارىسىدا پرومېتې رەھبەرلىرى زەكى ۋەلىدى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشنى خالىمايدىغان بولۇپ، ھەممىدە ئۇنىڭغا ھەرقانداق جەھەتتە ياردەم قىلماسلىق دېگەن گەپلەرنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. زەكى ۋەلىدى بولسا، يۈز بەرگەن بۇ ئىشلارنىڭ پەردە ئارقىسىدا مۇستاپا چوقاي ئوغلى بىلەن ئىدىل-ئۇرال ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچىسى ئاياز ئىسھاقى بار دەپ قارايدۇ.

ياۋرۇپادا كۆتكەن ئۈمىدلىرىنىڭ ھەممىسى بىكار بولۇپ كەتكەنلىكى زەكى ۋەلىدىنىڭ كۆڭلىنى بەكلا يېرىم قىلغان بولسىمۇ، شەرقىي تۈركلۈكنىڭ داۋالغۇچلۇق، قايىنام-تاشقىنلىق يىللىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ ئۇ دەۋردىكى تارىخىي دەۋرنىڭ شەكىللىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلغان بىر كىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن، قىيىنچىلىقلار ئالدىدا ئۇنچە ئاسانلا تىز پۈكىدىغان خاراكتېردىكى بىرسىمۇ ئەمەس ئىدى. ۋەلىدى تۈركىيىگە قايتىپ كېلىپ ئۇزۇنغا قالماي، شەرق تۈركلۈگىنىڭ مەسىلىلىرىنى مۇنازىرە قىلىدىغان ئىلمىي سەھنىدىن بىرنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئىشقا كىرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، 1928-يىلىنىڭ دەسلەپكى ئايلىرى ئىچىدە تۈركىستان ۋە ئەزەربەيجاننى تونۇتۇش جەمىيىتى دېگەن نامدا بىر ئورگان تەشكىللەيدۇ. جەمىيەتنىڭ 32 ماددىلىق نىزامنامىسى 1928-يىلىنىڭ ماي ئېيىدا تەستىقلىنىپ رەسمىلەشتۈرۈلىدۇ. بۇ جەمىيەتنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئەخمەت زەكى ۋەلىدى، ئەخمەت ئاغا ئوغلى، دوكتور مىرزا ھاجىزادە، مەھەممەت ھېيت، ئەخمەت جاپپار ئوغلى ۋە دوكتور ئابدۇقادىر سۈلايمان قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان ئىدى. جەمىيەت رەئىسلىكىگە زەكى ۋەلىدى، مۇئاۋىن رەئىسلىككە ئەخمەت ئاغا ئوغلى تەيىنلىنىدۇ. جەمىيەتنىڭ مەقسىدى تۈركىستان بىلەن ئەزەربەيجانغا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللىنىش، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلىش ئىدى. جەمىيەتنىڭ نامى تۈركىستان بىلەن ئەزەربەيجاننى

ئۆگۈنۈش جەمىيتى دەپ ئاتالغىنىغا قارىماي، جەمىيەتنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئىچىدە ئاران بىرلا كىشى تۈركىستانلىق بولۇپ، ئۇ كىشىمۇ سىياسىي ۋە ئىلمىي ساھەلەردە ھېچكىمگە تونۇلمىغان بىرسى ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن جەمىيەت نىزامنامىسىدىكى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى سايلاشقا مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرىمۇ بەكلا غەلىتى ئىدى. رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا سايلىنىش ئۈچۈن خەلقارالىق بىرەر ئىلمىي جەمىيەتكە ئەزا بولۇشى شەرت قىلىپ بەلگىلەنگەن ئىدى. بۇ شەرتكە ئاساسەن، قالغان ت م ب ئەزالىرى ياكى ئۇ يىللاردا ئىستانبۇلدا تۇرىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بىلەن ياشلار ئارىسىدا بۇنداق شەرتكە توشىدىغان بىرسى بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ بۇ جەمىيەتكە ئەزا بولۇش ئاساسەن ئالغاندا ئىمكانىيىتى يوق بىر ئىش ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، زەكى ۋەلىدى ت م ب ۋاستىچىلىقى ئارقىلىق سىياسىي خاراكتېرلىق پائالىيەتلىرىنى تۈركىستان بىلەن ئەزەربەيجاننى ئۆگىنىش جەمىيتى ئارقىلىق ئىلمىي پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن ھېساپلاندى. زەكى ۋەلىدىنىڭ ئاساسى مەقستى مەيلى تۈرك دۇنياسىدا بولسۇن ياكى ياۋرۇپا ئىلمىي ساھەسىدە بولسۇن، ئۆزىنىڭ دىيىشى بويىچە ئالغاندا شەرق تۈركلىرىنىڭ باياناتچىلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشنى مەقسەت قىلىش ئىدى. يالغۇز ت م ب نىڭ رەئىسلىكىگە ئىگە بولغىنى ئۇنى ئارزۇ قىلغان نوقتىغا ئېرىشتۈرەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىتتىپاق بىر مەخپى تەشكىلات بولغاچقا، بارلىق پائالىيەتلىرىنى يەر ئاستىدا قانات يايدۇرۇشقا مەجبور ئىدى. ئاشكارە پائالىيەت قىلالايدىغان بىر ئىلمىي تەشكىلات، زەكى ۋەلىدىنىڭ پائالىيەت ساھەسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتىپ بېرەلەيتتى. دىگەندەك، تۈركىستان بىلەن ئەزەربەيجاننى ئۆگۈنۈش جەمىيتى قۇرۇلۇش بىلەن تەڭ ئاكتىپ پائالىيەت كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. ھەر ئايدا بىر ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىدا، كۆپلىگەن داڭلىق يەرلىك ياكى چەتئەللىك ئالىملار ئىلمىي دوكلات بەرمەكتە ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ جەمىيەتنىڭ قۇرۇلىشى بىلەن قانات يايدۇرغان پائالىيەتلىرى بىر قىسىم ساھەلەر ئارىسىدا كۈچلۈك نارازىلىقلارنىڭ كۆتۈرىلىشىگىمۇ سەۋەپ بولماقتا ئىدى. بولۇپمۇ مەھەممەت ئىمىن رەسۇلزادە يېتەكچىلىگىدىكى ئەزەربەيجان مىللىي ھەرىكىتى تەۋەسىدە كۈچلۈك نارازىلىقلارنى پەيدا قىلماقتا ئىدى. بىر قىسىم ت م ب ئەزالىرىمۇ بۇ تۈردىكى پائالىيەتلەرگە تۈركىستان نامىنى شەخسى مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ۋاستە قىلىۋالدى دەپ قارىماقتا ئىدى. بۇ تۈردىكى نارازىلىقلار تۈركىستانلىقلار بىلەن ئەزەربەيجانلىقلار تەشكىلاتلىرى ئارىسىدىلا كۆرۈلۈپ قالمىغان ئىدى. زەكى ۋەلىدى ئىشلەيدىغان دارۇلفۇنىدىكى خىزمەتداشلىرى ئىچىدىمۇ ئىلمىي پائالىيەتلەرگە سىياسەتنى ئارىلاشتۇرىۋالماسلىق ھەققىدىكى ئاستىرىتىن تەنقىتلەشلەرمۇ ئوتتۇرغا چىقىشقا باشلايدۇ. بۇ تۈردىكى تەنقىتلەرنىڭ كۆپىيىپ بېرىشى نەتىجىسىدە، 1929 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا تۈركىستان ۋە ئەزەربەيجاننى تونۇتۇش جەمىيتىنىڭ

پائالىيەتلىرى ئازىيىشقا باشلاپ، بىر-ئىككى يىل ئىچىدە توختاپ قېلىش گىرداۋىغا كېلىدۇ.

1928-يىلىسى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدە مەدەنىي جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم بىر ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ: ئاتاتۈركنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىنقىلاپلىرىدىن بىرى بولغان يېزىق ئۆزگەرتىش ۋە لاتىن ھەرپلىرىگە كۆچۈش يولغا قويۇلىدۇ. بۇ ۋەزىيەت، تۈركىيىدە نەشىر قىلىنىۋاتقان تاشقى تۈركلەرنىڭ ژۇرناللىرىغا، بولۇپمۇ يېڭى تۈركىستان ژۇرنىلىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەزىربەيجانلىقلار بىلەن شىمالىي كاپكازىيىلىكلەر خىتاپ قىلىدىغان خەلق ئاممىسىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى تۈركىيىدە تۇرىۋاتقان بولغاچقا ئۇلاردا بۇ ھەقتە بىرەر قىيىنچىلىق سېزىلمىگىنى بىلەن، سانى بەكلا ئاز بولغان تۈركىستانلىق مۇھاجىرلاردا بۇ ژۇرنالنى سېتىۋالىغىدەك مۇشتىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. تۈركىستانلىق كىتاپخانلار ئەرەپ ئەلىپبەسىنى قوللىنىدىغان رايونلارغا تارقالغان ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، لاتىن ھەرپلىرى بىلەن بېسىلىدىغان يېڭى تۈركىستان ژۇرنىلى بۇندىن كېيىن پەقەتلا تۈركىيىدە تۇرىۋاتقان تۈركىستانلىقلار بىلەن تۈركىيە جامائەتچىلىكىگىلا خىتاپ قىلالايدىغان ئىنتايىن تار بىر پائالىيەت سورۇنىغا ئىگە ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ ژۇرنال ئەرەپ ھەرپلىرى بىلەن بېسىلمىغانلىقى ئۈچۈن، مەيلى تۈركىستاندىكىلەردىن، مەيلى ئافغانىستاندا تۇرىۋاتقانلاردىن، مەيلى ئىران بىلەن ئەرەب ئەللىردە تۇرىۋاتقان تۈركىستانلىقلاردىن بۇ ژۇرنالنى ئوقىيالايدىغانلار يوق ئىدى. بۇ جايلاردا تۇرىدىغان تۈركىستانلىق كىتاپخانلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەرەپ ھەرپلىرى بىلەن تۈركىستان شۇئىسىدە نەشىر قىلىنىدىغان باشقا بىر ژۇرنال چىقىرىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلغان ت م ب تەشكىلاتى، يېڭى تۈركىستان ژۇرنىلىنى بېرلىنغا يۆتكەپ شۇ يەردە ئەرەپ ھەرپلىرى بىلەن نەشرى قىلىش قارارىنى ئېلىشىدۇ. ژۇرنال يەنىلا سۇلايمان ئابدۇقادىرنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىقىرىلىدىغان بولىدۇ.

1929-يىلىنىڭ كىرىشىدە، ت م ب ھەرىكىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم بىر ئىش يۈز بېرىدۇ. يېتەكچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەل تالىشىش نەتىجىسىدە ت م ب تەشكىلاتىنىڭ بەكلا زەئىپلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ياشلار، ت م ب نىڭ پائالىيەتلىرىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ يېتەكلەش مەقسىتىدە ت م ب تەركىۋىدە ئايرىم بىر گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرۇشقا كىرىشىدۇ. ياشلار ئىچىدە ھىزىپ دەپ نام ئالغان بۇ گۇرۇھقا ت م ب كاتىۋى مەجىدىدىن دەلىل يېتەكچىلىك قىلماقتا ئىدى. ناسىر ھېكىمزادە، سالىھ ئىسمائىل، ۋاسى ئەپەندى، ئابدۇللا تەۋەككۇل، زاھىت ۋە ئالىم ئەپەندىلەر بولسا بۇ ھىزىپنىڭ قالغان ئەزالىرى ئىدى. ھىزىپ گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىپ ت م ب رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىچىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئورنىغا ئېرىشىشنى پىلانلىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا گېرمانىيىدىكى تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلارمۇ يىغىلىشىپ تۈركىستان ياشلىرى گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلغان ئىدى.

ت م ب نىڭ گېرمانىيىدىكى شۆبىسى بولغان بۇ ئورگاندىكى ئۈچ كىشىلىك رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئەخمەت نائىم، ئەخمەتجان ئىبراھىم ۋە ئەفدال ئابدۇسائىد قاتارلىق كىشىلەر سايلانغان ئىدى.

## زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ ت م ب دىن ئايرىلىشى

ت م ب نىڭ ياش ئەزالىرى، مۇستاپا چوقاي ئوغلى مەسلىسىدە رەئىس زەكى ۋەلىدىنى بەكلا قاتتىق پوزىتسىيە تۇتۇپ ناھەقچىلىك قىلدى دەپ قاراشماقتا ئىدى. ياشلار، زەكى ۋەلىدى ت م ب دىكى داھىلىق ئورنىنى رىقابەتچىسى يوق ھالغا كەلتۈرىۋېلىش مەقسىتىدە مۇستاپا چوقاي ئوغلىنى تەشكىلاتتىن چىقىرىپ تاشلىغان دەپ قارىماقتا ئىدى. تۈركىستان ۋە ئەزەربەيجاننى ئۆگۈنۈش جەمىيىتى ۋەقەسىدە ت م ب ئەزالىرى پۈتۈنلەي سىرتتا قالدۇرۇلغانلىقى زەكى ۋەلىدىگە بولغان نارازىلىقلارنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەن ئىدى. ئەزالارنىڭ زور كۆپچىلىكى، تۈركىستان داۋاسى شەخسى مەنپەئەتلەر ئۈچۈن قۇربان قىلىنماسلىقى كېرەك دەپ قاراشماقتا ئىدى. نەتىجىدە، مەيلى ت م ب تەركىبىدىكى ھىزىپ گۇرۇپپىلىرى بولسۇن، مەيلى گېرمانىيىدىكى ياش تۈركىستان گۇرۇپپىسىدىكىلەر بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا زەكى ۋەلىدى رەھبەرلىكىگە قارشى كۈچلۈك ئۆكتىچىلىك ھەرىكىتىگە ئاتلىنىدۇ. ياش تۈركىستان گۇرۇپپىسى ھەيدىبېرىگدە ئۆتكەزگەن بىر يىغىنىدا ت م ب مەركىزىگە تۆۋەندىكىدەك بىر ئۇلتىماتوم يوللايدۇ:

مۇستاپا چوقاي ئەپەندى ت م ب غا قايتىدىن قوبۇل قىلىنىشى، ئەزالىقى قايتىدىن تەستىقلىنىشى، ياۋرۇپادا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىك سالاھىتىدە داۋاملىق قىلىشى لازىم. ئەگەر گېرمانىيە شۆبىسىنىڭ بۇ تەكلىپى رەت قىلىنغىنىدا، مەركەزى ھەيئەتلەرنى قايتىدىن سايلاش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. زەكى-چوقاي زىددىيىتى يوقۇرىدا كۆرسىتىلگەن ئۇسۇل بويىچە ھەل قىلىنمايدىكەن، گېرمانىيىدىكى ت م ب شۆبىسى مەركەزدىن ئايرىلىپ پائالىيەت قىلىشقا باشلايدۇ ۋە بۇ زىددىيەت ئۈستىدە ئۆز كۆزقارىشىدا چىڭ تۇرىدۇ.

(رەسىم ئورنى)
ھىزىپ گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى

ئولتۇرغانلار (سولدىن ئوڭغا): ناسىر ھەكىمزادە، مەجىدىدىن دەلىل، تەۋەككۇل بابۇر، ئۆرە تۇرغانلار: دوكتور سالىھ ئىسمائىل (ئەركىنقۇل)، زاھىت (ئۆزبۇلاق)، دوكتور ۋاسى مىرزاتاش. ئىستانبۇل، 1930. 5. 12

بۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىش ئىستانبۇلدىمۇ يۈز بېرىدۇ. ت م ب مەركەزى ھەيئىتى يىغىنىدا ھىزىپ گۇرۇپپىسى نامىدا مەجىدىدىن دەلىل بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ زىدىيەتنىڭ دەرھال ھەل قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تۈردىكى بېسىملار نەتىجىسىدە، مەركەزى كومىتېت چوقاي ئوغلىنى كېچىرىم قىلىش، ئۇنىڭ جەمىيەت ئەزالىقىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدە ئىپادە بىلدۈرۈشكە مەجبور بولىدۇ. ئەمما بۇنچىلىك ئىپادە بىلدۈرۈشلەر يېتەرلىك بولمايتتى. بۇندىن كېيىن زەكى ۋەلىدىنىڭ رەئىسلىك مەسلىسىنىمۇ قايتا ئويلىنىپ كۆرۈشكە توغرا كەلمەكتە ئىدى. بۇ ھەقتىكى بېسىملارغا بىر مەزگىل قارشىلىق كۆرسىتىپ كەلگەن زەكى ۋەلىدى، بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ت م ب رەئىسلىكىدىن ھەمدە مەركەزى كومىتېت ئەزالىقىدىن ئىستىپا بەرگەنلىكىنى بىلدۈرۈشكە مەجبور بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىر تەغدىرداش بولۇپ كېلىۋاتقان ئابدۇقادىر سۇلايمانمۇ بىرلىكتە ئىستىپا بېرىدۇ. بۇ ئىككى كونا دوست، 1929-يىلىنىڭ 4-ماي كۈنىسى ت م ب نىڭ چەتئەلدە تۇرۇشلۇق شۆبىسىگە ئەۋەرتكەن ئىستىپا خېتىدا تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:

جەمىيەتنىڭ سابىق ئەزاسى بولغان چوقاي ئوغلى مۇستاپا ئەپەندى بۇ يىلنىڭ 8-ئاپرىل كۈنىسىدە مەركەزى كومىتېتقا (كاتىپ مەجىدىدىن ئەپەندىگە قارىتىپ) يازغان خېتىدا مەلۇم بولغانلارغا ئاساسەن، ت م ب تەشكىلاتىغا مەخسۇس قەبىلىلەر ئىتتىپاقسىزلىقىنى سۆرەپ كىرىشكە ئۇرۇنغان. ھەتتا 1927-يىلقى قۇرۇلتايدىمۇ بۇ جەھەتتە گويا باشقىرت تەرەپنىڭ بېسىمى ئاستىدا باشقۇرۇلغان بىر قۇرۇلتاي بولدى دەپ قارىغان ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن چوقاي ئوغلى، ئۆز ۋاقتىدا ئۆزى ھەققىدە ت م ب مەركەزى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن كومىسسىيە تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان قارارنى پەقەت ت م ب مەركەزىدىكى باشقىرت ئەزالىرىنىڭ ئۇنىڭغا قارشى تۆھمەت قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى دەپ كۆرسىتىپ، بۇ قارارنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ باشقىرت ئەزالىرى ئۈستىدە ھەر تۈرلۈك بوھتانلارنى قىلىش، ت م ب نىڭ قالغان ئەزالىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىگە بۇزغۇنچىلىق سېلىش ئۈچۈن باھانە قىلىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. مەيلى بۇ مەكتۇپىدا، ياكى 9-مارت كۈنىسىدىكى ئابدۇقادىرغا قارىتىپ يازغان خېتىدە، ئىستانبۇلغا كەلگىدەك بولسا ئۇ يەردىكى باشقىرت ۋەكىللىرىگە ئۆزىنى تۇتقۇزۇپ قويمايدىغانلىقىنى، ئۇلار بىلەن

كۆرۈشمەيدىغانلىقنى ئېيتىپ ئۇلار بىلەن دۈشمەنلىشىش پوزىتسىيىسىدە بولىدىغانلىقنى ئېيتتى. بىز بۇنداق بىر ئەھۋالنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇنداق مۇھىم ۋەقەلەر روي بېرىۋاتقان، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىۋاتقان بىر ۋەزىيەت ئاستىدا تەشكىلاتىمىزنى ۋەيران بولۇشقا قاراپ تۇرالمايتتۇق. چوقاي ئەپەندىنىڭ ت م ب بىلەن بىرگە پائالىيەت قىلىشنىڭ مۇھىم ۋە زۆرۈر بولغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، شۇنىڭدەك بىزنىڭ بۇ كومىتېتتا بولۇشىمىز بۇ مەقسەتلەرنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىدا توسالغۇلۇق رول ئويناپ قالىدىغانلىقىمىز ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن، ت م ب نىڭ چەتئەلدىكى مەركەزى كومىتېتىدىكى باشقىردىستان ھەيئىتىدىكىلەر ۋەزىپىمىزدىن چېكىنىپ چىقىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز ھەمدە بۇنى لازىم بولغان يەرلەرگە ئۇقتۇرماقتىمىز.

بۇ ئىستىپا خېتى بېرىلىش بىلەن بىرگە ئۆتكەن ئاز ۋاقىتنى ھىساپقا ئالمىغاندا، ت م ب قۇرۇلغاندىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان زەكى ۋەلىدى دەۋرى ئاخىرلاشقان ھىساپلاندى. ئېچىلىشنى پىلانلاشقان يېڭى قۇرۇلتايغىچە ت م ب رەئىسلىكى ئۈچۈن ئوسمان غوجا ئوغلى ھەيئەت ئەزا قىلىپ سايلاندى. بۇ جەرياندا مەركەزى كومىتېت قارار چىقىرىپ مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ جەمىيەتكە قايتىپ كېلىشى ماقۇللىنىپ، قايتىدىن ياۋرۇپادا تۇرۇشلۇق باش ۋەكىل بولۇشى بەلگىلەندى. زەكى ۋەلىدى بىلەن ئۇنىڭ دوستى ئابدۇقادىر سۇلايمان، ت م ب مەركەزى كومىتېتىدىن چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆز ئالدىغا بىر باشقىرت مەركەزى تەشكىل قىلىپ، رەسمى ئىتىراپ قىلىنىشنى تەلەپ قىلىپ كاپكازىيە كومىتېتىغا ئىلتىماس سۇندۇ. بۇ ھەقتىكى ئىشلارنىڭ تەپسىلى ئەھۋالى ھەققىدە ئوسمان غوجا ئوغلى مۇستاپا چوقاي ئوغلىغا يازغان خېتىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

ئەخمەت زەكى بىلەن ئابدۇقادىر ئىككىسى ئۆز ئالدىغا باشقىرت مەركەزىنى قۇرۇپ، تەستىقلىتىش ئۈچۈن ئىلتىماس سۇندى. يىغىندا ت م ب گە قارشى پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللانمايمەن دەپ ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، ۋەدىسىدە تۇرمىدى. ئىسمى-جىسمى يوق باشقىرت مەركەزى نامىدا ئىلتىماس سۇندى. ... شۇنداق بولغاچقا، ئۇلارنى ت م ب ئەزالىقىدىن پۈتۈنلەي چىقىرىپ تاشلاش قارارى ئېلىندى. بۇ ئىشنى كاپكازىيە كومىتېتىگە ئۇختۇرماقچى بولۇۋاتىمىز، سىزگىمۇ بۇ ھەقتە خەۋەر يوللايمىز.

زەكى ۋەلىدىنىڭ باشقىرت مەركەزى قۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئىلتىماسى كاپكازىيە كومىتېتى تەرىپىدىن تەستىقلانمايدۇ. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، بۇ ۋەقە زەكى

ۋەلدى بىلەن ئۇنىڭ دوستلىرىنى يالغۇز ت م ب دىن چىقىرىلىش بىلەنلا نەتىجىلىنىپ قالماي، ئۇلار بارلىق مۇھاجىردىكى تۈرك تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. ۋەزىيەتنىڭ بۇ تۈردە تەرەققى قىلىشىدىن كېيىن، زەكى ۋەلدى سىياسىي پائالىيەتلىرىنى بىر مەزگىل توختىتىپ تۇرۇشقا مەجبور بولىدۇ.

زەكى ۋەلدى ت م ب دىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ت م ب بىلەن ئىدىل-ئۇرال مىللىي مەركەزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر قايتىدىن قۇيۇقلىشىشقا باشلايدۇ. ماي ئېيىدا، بېرلىندە مۇستاپا چوقاي ئوغلى بىلەن ئاياز ئىسھاقى يېتەكچىلىكىدە تۈركىستان، ئىدىل ئۇرال ۋە قىرىم ۋاكالەتچىلىرى يىغىلىپ مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىدە ئورتاق پائالىيەت قىلىش ھەققىدە قارار قوبۇل قىلىپ بىر پارچە توختامنامە ئىمزالىشىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ت م ب مەركەزى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدا بارلىققا كەلگەن ئۆزگىرىشلەرگە ئاساسەن، دەرھال بىر پەۋقۇلئاددە قۇرۇلتاي چاقىرىش، ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ قايتىدىن بىر ستراتېگىيە تۈزۈپ چىقىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ. ياۋرۇپادا تۇرۇشلۇق ۋاكالەتچى مۇستاپا چوقاي ئوغلى بىلەن ت م ب نىڭ بېرلىن شۆبىسى ۋەكىللىرىنى ئىستانبۇلغا چاقىرتىپ، 1929-يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدا بىر يىغىن چاقىرىش قارارى ئېلىندى. ئەمما 6-ئايدا كاپكازىيە كومىتېتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ۋەقە قۇرۇلتايىنى بىر نەچچە ئاي كېچىكتۈرۈپ چاقىرىلىشىغا مەجبۇر قىلىدۇ.

1929-يىلى 6-ئايدا، ئىستانبۇل جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگىنى ئەزەربەيجاننىڭ سابىق باش جۇمھۇرى، چەتئەلدىكى ئەزەربەيجان ھەرىكىتىنىڭ داھىسى مەھەممەت ئەمىن رەسۇلزادە بىلەن شىمالىي كاپكازىيىلىك يېتەكچى سەئىت شامىلنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ پۈتۈن ھۆججەتلىرىنى مۇسادىرە قىلىدۇ. بۇ ۋەقە مۇھاجىر تۈرك كۈرەشچىلىرى ئارىسىدا پارتلاش خاراكتېرىدە تەسىر پەيدا قىلىدۇ. مۇھاجىرلار، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ پات-پات ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشلىرىغا، يەنە بەزىدە ۋاقىتلىق بولسىمۇ چېگرادىن چىقىرىۋېتىلىشلىرىگە كۆنۈك ئىدى. ئەمما ئۆيلىرىگە بېسىپ كىرىپ ئۆي ئاختۇرۇشلىرى بىلەن ماتېرىياللىرىنى مۇسادىرە قىلىشلىرى تېخى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى. تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھاجىر تۈرك يېتەكچىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىگە قاتتىق تەسىر كۆرسەتىدىغان بۇ قېتىمقى ھادىسە، ئوسمان غوجا تەرىپىدىن تۆۋەندىكىچە بايان قىلىنغان ئىدى:

ئىيون ئېيىدا رەسۇلزادە ئەمىن ئەپەندى بىلەن سەئىد شامىل ئەپەندى ئىككىسىنىڭ ئۆيلىرى ئىستانبۇل ساقچى ئىدارىسى بىرىنچى شۆبىسى تەرىپىدىن باستۇرۇلۇپ تەكشۈرىلىشى ۋە ماتېرىياللىرى مۇسادىرە قىلىنغانلىقى بەكلا يامان تەسىر پەيدا قىلغۇەتتى. بۇنداق قىلىشقا ئۇلاردىن ئايرىلىپ

چىقىپ كەتكەن بىر قىسىم ئەزەربەيجانلىقلار بىلەن داغىستانلىقلار ئۇلارنى ئەنگلىيىلىكلەر ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلماقتا دەپ ئەرز قىلغانلىقى سەۋەپچى بولغان.

ت م ب ئەزالىرىنىڭ ئۆزئارا يېزىشقان خەتلىرىدىن قارىغاندا، بۇ تۈردىكى ئەرزلەرنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق بىر يىپ ئۇچى تېپىلمىغان بولغاچقا، بۇ ئىككى يېتەكچى ئۈستىدە ھېچقانداق بىر قانۇنى سۈرۈشتە قىلىش ئىشى كۆرۈلمىگەن. ئەمما يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەدىن ھەر ئىككىلا يېتەكچى خاتىرجەم بولالمىغاچقا، تۈركىيەدە بىخەتەر تۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقان ئىدى. شۇ سەۋەپتىن مەھەممەت ئىمىن رەسۇلزادە بىلەن سەئىد شامىل ئىككىسى تۈركىيەدىن چىقىپ كېتىپ، پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ ئەركىن قانات يايدۇرۇشقا بولىدۇ دەپ قاراشقان پولشاغا كۆچۈپ كېتىدۇ (ئەسلىدە سەئىد شامىل 1926ـ يىلىسلا ۋارشاۋاغا بېرىۋالغان بولۇپ، ئۇ يەردە پرومېتې پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان ئىدى. ئەمما پات ـ پات تۈركىيىگىمۇ كېلىپ، بەزى پائالىيەتلىرىنى ئىستانبۇلدا قانات يايدۇرماقتا ئىدى. مەھەممەت ئىمىن رەسۇلزادە تۈركىيەدىن چىقىپ كەتكىنىدىن كېيىن، ئەزەربەيجان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ ئاۋازى بولغان «ئوتلۇق يۇرت» ژورنىلىدا باش ماقالىلارنى مىرزا بالا يېزىشقا باشلىغان ئىدى. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). ئۇلار شۇ ئارقىلىق بىر مەنىدە تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ كۈتكىنىدەك ئىش قىلغان ھېساپلانىدى.

## 1929ـ يىللىق ئىستانبۇل قۇرۇلتىيى

زەكى ۋەلىدى بىلەن ئابدۇقادىر سۇلايمان ئىككىسىنىڭ تەشكىلدىن ئايرىلغىنىدىن كېيىن چاقىرىش پىلانلانغان پەۋقۇلئاددە قۇرۇلتاي، 13ـ سىنتەبىر كۈنىسى مەخپى چاقىرىلغان بىر قېتىملىق يىغىن بىلەن ئېچىلىدۇ. ت م ب ئەزالىرى 13ـ سىنتەبىردىن 2ـ ئۆكتەبىرگىچە 11 قېتىم يىغىن ئاچىدۇ. قۇرۇلتاي جەريانىدا تۈركىستان بىلەن ئافغانىستانىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى، بۇ رايونلاردا ۋاكالەتخانىلارنى ئېچىش ئىشلىرى، باسمىچىلىق ھەرىكىتىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋاللىرى، زەكى ۋەلىدى مەسىلىسى، يېڭىدىن بىر ژورنال چىقىرىش ئىشى، نىزامنامىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئىشلىرى، بۇخارا ئەمىرى مەسىلىسى، تەشكىلات تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگەرتىشلەر قاتارىدىكى نۇرغۇنلىغان ماۋزۇلاردا مۇزاكىرىلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ.

يىغىن خاتىرىلىرىدىن مەلۇم بولىشىچە، ت م ب ئەزالىرى ئافغانىستاندا تۇرىۋاتقان باسمىچىلار يېتەكچىسى شىر مۇھەممەتبەگنى سابىق بۇخارا ئەمىرىنىڭ ئادىمى دەپ قاراشقان ئىدى. بۇنداق قاراشقا كېلىشكە ئېھتىمال ت م ب ئەزاسى بولغان باسمىچى يېتەكچىلىرىدىن تۇراپبەگ بىلەن ھەمراقۇل ئەپەندىلەرنىڭ ت م ب مەركىزىگە يوللىغان دوكلاتلىرى سەۋەپچى بولغان بولىشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن بۇخارا ئەمىرىنى مۇنارخىيىچىلەرنىڭ جاسۇسى دەپ قارىماقتا ئىدى. ئەنە شۇ سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئەمىر تەرىپىدىن باشلىتىلغان بارلىق ئىشلار ت م ب تەرىپىدىن رەت قىلىنىشى كېرەك دەپ بەلگىلەنگەن ئىدى. ئەسلىدە ت م ب بۇ بەلگىلىمىلىرى ئارقىلىق ئافغانىستاندىكى ئەمىر تەرەپ تۈركىستانلىقلارنىلا ئەمەس، ئۆز ۋاقتىدا يەنە كونا باسمىچى يېتەكچىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەتىراپىدىكى بارلىق تۈركىستانلىقلارنىمۇ ئۆزلىرىگە دۈشمەن قىلىۋالغان ھېساپلىناتتى. قۇرۇلتاي يەنە ئافغانىستان بىلەن ئىرانغا تولۇق ھوقۇقلۇق ۋاكالەتچىلەرنى ئەۋەرتىش ئارقىلىق رەسمى شۆبە قۇرۇپ چىقىش ھەققىدىمۇ قارار ئېلىنىدۇ.

قۇرۇلتاينىڭ 6 ـ قېتىملىق يىغىنىدا، يېڭى تۈركىستان ژورنىلىغا قوشۇمچە قىلىپ ياۋرۇپادا «ياش تۈركىستان» نامدا يېڭى بىر ژورنال چىقىرىشنىمۇ بەلگىلىشىدۇ. بۇ ژورنال ئەرەپ ئەلىپبەسى بۇيىچە ئۆزبەكچە نەشىر قىلىنىدىغان بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ ت م ب كۆز قاراشلىرىنى بىۋاستە ئەرەپ ئەلىپپەسىنى قوللىنىدىغان ئافغانىستان، ھىندىستان ۋە ئەرەبىستان قاتارىدىكى ئەللەردە تۇرىۋاتقان تۈركىستانلىقلارغا يەتكۈزۈش پۇرسىتىگە قايتىدىن ئېرىشكەن بولاتتى. ئېلىنغان قارار بويىچە، بۇ ژورنال ياۋرۇپادىكى تەشكىلاتتىن ئىككى نەپەر كىشى ھەمدە ئىستانبۇلدىن ئەۋەرتىلىدىغان بىر كىشىدىن تەشكىل تاپىدىغان ئۈچ كىشىلىك بىر ئورگان تەرىپىدىن نەشرى قىلىنىدىغان بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، بۇرۇن مەركەزى كومىتېت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان بايراقنى تۈركىستان بايرىقى قىلىدىغانلىقىنى قايتىدىن تەستىقلىشىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە، ئىدىل ئۇرال گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مىللىي مەركەزلەرنى بىرلەشتۈرۈش ھەققىدىكى تەلىۋى، قۇرۇلتاي تەرىپىدىن تەستىقلانماي، پەقەتلا ئورتاق بىر نەشرى ئەپكارى چىقىرىش ھەققىدىلا بىر بەلگىلىمە چىقىرىشىدۇ.

ئومۇمي كىرىم ـ چىقىم بىلەن سەرىپىياتلار مۇزاكىرە قىلىنغان ئومۇمي يىغىنلاردا ئېنىق ھېساپ ـ كىتاپ بېرەلمىگەنلىكى ئالاھىدە تالاش تارتىشلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. رەئىس ئوسمان غوجا ئوغلىنىڭ قۇرۇلتايدىن ئەپۇ سورىغان ھالدا ھېساپ ـ كىتاپ ئىشلىرىدىكى كام قالغان قىسىملىرىنى كېيىن تولۇقلاپ بېرىش ھەققىدە ۋەدە قىلىشى نەتىجىسىدىلا بۇ تالاش ـ تارتىشلار بېسىقىپ ھېساپ ـ كىتاپلار تەستىقلىنىدۇ. ت م ب باش كاتىۋى بىلەن تۈركىستان ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى مەجىدىدىن دەلىل يېتەكچىلىكىدىكى ھىزىپ گۇرۇپپىسىنى

تەشكىللەپ چىققان ياش ۋەكىللەر، ئۆتكەن قېتىمقى رەئىسلىك تالاش-تارتىشلىرىدىن خېلى بەك نارازى بولۇپ بەكلا خاپا بولۇشقان ئىدى. ئەنە شۇ سەۋەپتىن، ت م ب دە رەئىسلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باش سېكرېتارلىق تۈزۈمىنى ئورنىتىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ. ئۇلار، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى بۇنداق بىر شەكىلگە كەلتۈرۈش ھەققىدە ئۆز ئالدىغا بىر نىزامنامىنىمۇ تەييارلاپ چىقىشقان ئىدى. رەئىس ئوسمان غوجا ئوغلى، رەئىسلىك تۈزۈمى ئەمەلدىن قالغىنىدا ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىمۇ قالمايدىغانلىقىنى كۆرستىش ئارقىلىق، بۇنداق ئۆزگەرتىش قىلىش تەلىۋىگە قارشى چىقىدۇ. بۇ مەسىلە تالاش-تارتىش قىلىنغان 10-قېتىملىق يىغىننى باشقۇرىۋاتقان مۇستاپا چوقاي ئوغلى، باشقا ۋەكىللەرنىڭ قارشى تۇرغانلىقىغا قارىماي، رەئىسلىك تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇشنى، ھەمدە ئوسمان غوجا ئوغلىنىڭ رەئىسلىكتە داۋاملىق تۇرىۋېرىشى لازىملىقىدا چىڭ تۇرىۋالىدۇ. نەتىجىدە، قالغان ۋەكىللەر مەجبورى بولسىمۇ چوقاي ئوغلىنىڭ پىكرىنى ماقۇللىشىپ، رەئىسلىك تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇشقا قوشۇلىدۇ. مۇستاپا چوقاي ئوغلى، بۇرۇنقىدەكلا ياۋرۇپا ۋاكالەتچىلىك ۋەزىپىسىدە تۇرىۋېرىدىغان بولىدۇ. مەركەزى كومىتېتنىڭ بىرىنچى كاتىپلىقىغا مەجىدىدىن دەللىنى، ئورگان ئىشلار كاتىپلىقىغا ناسىر ھەكىمزادىنى، مۇھاسىپلىققا (بوغالتىرلىق — ئۇ.ت) بولسا ئابدۇللا تەۋەككۇل بابۇرنى قويۇشىدۇ. زاھىت ئۆزبۇلاق بىلەن ئىلتەر (ئىلتەر — دوكتور سالىھ ئەركىنقولنىڭ مەخپى بەلگىسىدۇر. ئەركىنقول بىر ھەربى دوختۇر ئىدى. شۇ سەۋەپتىن ئۆز ئىسمىنى ئاشكارە ئىشلىتەلمەيتتى. — ئا.ھ. ئىزاھاتى) بەي ئىككىسى مەركەزى كومىتېتنىڭ يېڭى ئەزاسى قىلىپ سايلىنىدۇ.

قۇرۇلتايدا قوبۇل قىلىنغان يەنە بىر قارارغا ئاساسەن، ت م ب نىڭ 7 ماددىلىق ئورتاق پروگراممىسىغا يەنە ئىككى ماددا قوشۇلىدۇ. بۇ ماددىلارنىڭ بىرىنچىسىدە "تۈركىستان مۇستەقىللىق كۈرىشى مەسىلىسى پەقەت تۈركىستانلىقلارغىلا تەۋە بولىشى لازىم" دەپ كۆرستىلگەن ئىدى. يەنە بىر ماددىدا بولسا تۈركىستاننىڭ چېگراسى غەربىي تۈركىستاندىكى جۇمھۇرىيەتلەر بىلەن **شەرقىي تۈركىستاننى** ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دېگەن بىر ئىزاھات بېرىلىش بىلەن، ئۇلۇغ تۈركىستاننىڭ چېگراسىنى باشقىدىن بەلگۈلەپ بەرمەكتە ئىدى. بۇ بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن يېڭىدىن بىر نىزامنامە تەييارلىنىپ ماقۇللىنىدۇ. يېڭىدىن تۈزۈلۈپ چىقىرىلغان نىزامنامىغا ئاساسەن، مەركەزى كومىتېت ئەزالىرىنىڭ تۈركىستانلىقلاردىن تەشكىل تېپىشى شەرت دەپ بەلگىلەنگەن ئىدى (2-ماددا). مەركەزى كومىتېتقا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ھۆججەتلەر باش كاتىپ ۋاستىسىدا تەييارلىنىدىغان بولىدۇ ۋە مەركەزى كومىتېت ھەر يىلى باشقىدىن سايلىنىدۇ دەپ بەلگىلىنىدۇ (4-ماددا). شۇنىڭدەك يەنە مەركەزى كومىتېت بىلەن ئۇنىڭ ھەرقايسى شۆبىلىرىنىڭ كاتىپ ۋەكىللىرىنىڭ ھوقۇق

دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ بولىدۇ. بۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىنىپ يەنە تولۇق ھوقۇقلۇق ھەيئەت ئەزا بولۇشىمۇ ماقۇللىنىدۇ.

1929 ـ يىلقى پەۋقۇلئاددە قۇرۇلتايدىن كېيىن، ت م ب نىڭ تەشكىلى تۈزۈلىشىدە تۈپتىن ئۆزگەرتىش قىلىنغانلىقى كۆرۈلمەكتە ئىدى. رەئىسلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۇچۇن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ياش ۋەكىللەر بۇ تەلىۋىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغاندىن كېيىن، باش كاتىپنىڭ ئورنىنى ئالاھىدە كۈچەيتىشنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، مەركەزى كومىتېت ھەيئەتلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىش ئارقىلىق رەئىسنىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ ئازايتىش ئىمكانىغا ئېرىشىدۇ. مۇستاپا چوقاي ئوغلى بىلەن ئوسمان غوجا ئوغلىغا ئوخشىغان ئىككى تارىخىي شەخس رەئىسلىك تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىشتا ھەرقانچە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ ئۇتۇقىنى ئۆزلىرىنىڭ ئابروينى ساقلاپ قېلىشتىن نېرىغا ئۆتەلمىگەن بىر ئۇتۇق دەپ قاراشقا بولاتتى. مەركەزى كومىتېتتا پەقەت تۈركىستانلىقلارلا ھوقۇق تۇتالايدۇ دېيىلگەن بەلگىلىمە بولسا، بىر مەنىدە زەكى ۋەلىدى مىسالىغا ئوخشاش ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىشنىڭ بىر چارىسى دەپلا قاراش مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭغا ئوخشاش، تۈركىستان مۇستەقىللىقىنىڭ يالغۇز تۈركىستانلىقلارغىلا تەۋە بولىشى كېرەك دېگەن ماددىسى بىلەن تۈركىستان چېگراسىنى بەلگىلەشتە، بۇرۇنقىسىغا ئوخشىمايدىغان يېرى باشقىردىستاننى سىرتتا قالدۇرغىنى بولۇپ، بۇلارمۇ زەكى ۋەلىدىنىڭ مۇئامىلىسىگە بېرىلگەن بىر جاۋاپ ھېساپلىناتتى. ياۋرۇپادا نەشرىياتچىلىقنى باشلاش ھەققىدىكى قارار بولسا، سىياسىي پائالىيەتلەرنىڭ ياۋرۇپاغا كۆچۈرىلىدىغانلىقىنىڭ بىر ئىشارىتى ئىدى. دېگەندەك، ئىيون ئېيىدا كاپكازىيە كومىتېتى ۋەكىللىرىگە قارىتا ئىستانبۇل ساقچىسى تەرىپىدىن ھەرىكەت قوللانغانلىقى، تۈركىيىدىكى سىرتقى تۈرك كۈرەشچىلىرى ئۇچۇن كەلگۈسىدە يۈز بېرىشى ئېھتىمال بولغان قىيىن كۈنلەرنىڭ سىگنالى بولۇپ قالغان ئىدى.

## «ياش تۈركىستان» ژورنىلى

قۇرۇلتاي يېپىلغاندىن كېيىن پارىژغا قايتىپ بارغان مۇستاپا چوقاي ئوغلى، ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ چىقىرىلىدىغان يېڭى ژورنالنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى باشلىۋەتتىدۇ. ئۆكتەبىردە گېرمانىيىدىكى ئوقۇغۇچىلار گۇرۇپپىسى بىلەن بىر قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزۈپ ژورنالنىڭ ھۆلىنى سېلىۋالدۇ. بۇ يىغىندا قوبۇل قىلىنغان قارار بويىچە ژورنالنىڭ باش تەھرىرلىك ۋەزىپىسى مۇستاپا چوقاي ئوغلىغا

تاپشۇرۇلدۇ. ژورنالدا ئىشلەيدىغان قالغان ئەزالار، ياش تۈركىستانچىلار گۇرۇپپىسىنىڭ باش كاتىپى ئىبراھىم ئارىفخان (يارقىن) بىلەن ئاسپىراتورىيە ئوقۇشىنى پۈتتۈرگەن ئابدۇلۋاھاپ (ئوكتاي) قاتارلىقلارغا تاپشۇرۇلدۇ. ئىستانبۇل قۇرۇلتىيىدا قوبۇل قىلىنغان قارارغا بىنائەن، ژورنال كونا يېزىق بويىچە چاغاتاي شۋىسىدە چىقىرىلىدىغان بولۇپ، ژورنال ئىسمىمۇ "ياش تۈركىستان" دەپ ئاتىلىدىغان بولىدۇ. ژورنالنىڭ چىقىش ۋاقتى 1929 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا بېكىتىلىدۇ. قۇرۇلتاي خاتىرىلىرىدىن مەلۇم بولىشىچە، ژورنالنىڭ بارلىق چىقىملىرى چوقاي ئوغلىنىڭ خىزمەت ئىشلىشى نەتىجىسىدە پرومېتي ھەرىكىتىنىڭ مەنبەلىرىدىن ئايرىلىدىغان بولىدۇ.

(رەسىم ئورنى)
ياش تۈركىستان ژورنىلىنىڭ تۇنجى سانى

(ئەسلى ئارگىنال ژورنال مۇقاۋىسىدىكى چاغاتايچە يېزىقلارنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر كونا يېزىقى بويىچە كۆچۈرۈلىشى تۆۋەندىكىچە ــ ئۇ.ت)

ياش توركستان
توركستان ملى استقلال فكريگه خدمت ايتوچى ايلق مجموعەدر
باش مهررى: چوقاى اوغلى مستفى
يل: 1 1929 دىكابر سان: 1
بو سانده:
سياسى بولم:
1 ـ بزنىڭ يول
2 ـ باشقارمادن
3 ـ توركستانده پاختە اترافنده كورەش. چوقاى اوغلى مستفى
4 ـ چار مىنسترى قريووشەين نك توركستان پاختەچيلگيگە نزرى. بر توركستانلى
5 ـ ساويت روسيه «جنتيدەن» اولاق. التاى نويان
ادبى بلم: «توركستان» ماغجاندەن
«ياپراقلر» چولپاندەن
توركستان خبرلەرى:
قازاغستانده ــ توركمەنستانده ــ اوزبيكستانده

ياش تۈركىستان ژورنىلىنىڭ تۈنجى سانى، بۇرۇن تۈزۈلگەن پىلان بويىچە 1929ـ يىلىنىڭ دېكابىر ئېيىدا نەشىردىن چىقىدۇ. ژورنال مۇقاۋىسىغا "تۈركىستان پىكرىگە ياردەم قىلغۇچى ئايلىق ژورنال" (ئەسلى نۇسخىسىدا "تۈركىستان مىللىي ئىستىقلال فىكرىگە خىزمەت ئەيتۈچى ئايلىق مەجمۇئەدىر" دەپ يېزىلغان. ــ ئۇ.ت) دېگەن جۈملە قوشۇلغان ئىدى. كەينى مۇقاۋىسىدا بولسا فرانسۇزچە تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ نەشرى ئورگىنى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن ئىدى. ئالاقىلىش ئۈچۈن مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ پارىژـنوگېنت رايونىدىكى ئۆيىنىڭ ئادرىسى بېرىلگەن ئىدى. بۇ ژورنال بېرلىندا بېسىلىپ تۇراتتى. ئەمما مەسئۇل مۇدىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكى بىلەن باسماخانا ئادرىسى بېرىلمىگەن ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا "مۇستاپا چوقاي ئوغلى ياش تۈركىستان مەجمۇئەسىنى ت م ب دىن ئايرىم ئۆز ئىلكىدە تۇتۇشنى مەقسەت قىلىپ ئۆز ئادرىسىنى بېرىش چارىسىدىن پايدىلانغان" دەيدىغان گەپ ـ سۆزلەرگە قارىتا، چوقاي ئوغلى بېرلىندىكى ياشلارنىڭ ھېچقايسى ئۇ ۋاقىتتىكى شارائىتلاردا ئۆزىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغانلىقىنى، ھەتتا بىرەر پوچتا ئادرىسى ئۈچۈن بولسىمۇ ئىلتىماس قىلىشتىن قورققانلىقىنى، شۇ سەۋەپتىن ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ ئادرىسىنى بېرىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

ژورنالنىڭ نەشرى قىلىش ئىشلىرىغا ئاساسىي جەھەتتىن ئالغاندا ئابدۇلۋاھاپ ئىساق ئوغلى (ئوكتاي) بىلەن ئىبراھىم ئارىفخان ئىككىسى يېتەكچىلىك قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئىساق ئوغلى مەدىنىسىنا دوختۇرى بولۇپ، دارماستادت شەھىرىدە گېنېكولوگىيە كەسپى بويىچە ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىدا ئىدى. ياش تۈركىستان ژورنىلىدا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگىنىدىن كېيىن، 1930ـ يىلىنىڭ فېۋرال ئېيىدا بېرلىنگە كۆچۈپ كېلىشۋالىدۇ. ئۇ كۆچۈپ كەلگىچە بولغان ئارىلىقتا ژورنال چىقىرىش ئىشلىرىنى تاھىر شاكىر (چاغاتاي) ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ تۇرغان ئىدى.

ژورنالنىڭ تۇنجى سانىنىڭ كىرىش سۆز قىسمى مۇنداق باشلانغان ئىدى:

بىز تۈركىستان مۇستەقىلچىلىرى ئېلىمىزنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ۋەتىنىمىز تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز. ... تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن ماڭىدىغان بۇنىڭدىن باشقا يول يوق، باشقا يولمۇ بولماسلىقى كېرەك. ... بىز ھازىر موسكۋانىڭ زۇلۇمى ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان مىليونلىغان تۈركىستانلىقنىڭ پەقەت بەكلا ئاز بىر قىسمىنى تەشكىل قىلماقتىمىز. ... خەلقىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق تەلەپلىرىنى مەزمۇنىنى ئۆزگەرتمەستىن ۋە كۈچىنى كامايتماستىن ياش تۈركىستان ژورنىلى ۋاستىسىدا ئۇختۇرالىساق، بىز ھەممىمىز ئۈچۈن مەسئۇلىيىتىمىز ئۈستىدىكى ۋەزىپىمىزنىڭ مەلۇم قىسمىنى

ئورۇندىيالىغان بولىمىز. ... ياش تۈركىستان ئۈنچىلىك چوڭ ھەجىملىك بىر مەجمۇئە ھىساپلانمايدۇ. ئەمما ئازات ۋە مۇستەقىل تۈركىستان بايرىغىنى كۆتۈرۈپ لەپىلدىتىپ ماڭغاندەك ئىبغىر ۋەزىپىنى ئۆشىنىسگە ئالغان، بۇ يولدا كۈرەش قىلىش جەريانىدا چوقۇم كۆچىيىپ بارالايمىز. ... بىزنىڭ غايىمىز، تۈركىستاندا جوغراپىيىلىك ھەمدە مەنىۋىي جەھەتتە بىر مىللىي دۆلەت قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى پەقەت شۇ ۋاقىتتىلا خەلقىمىز ئۆز ۋەتىنىدە ئۆز تەغدىرىگە ئۆزلىرى تولۇق ئىگىدارچىلىق قىلالىشى مۇمكىن. بىز يۇرتىمىزدىكى ۋە مۇھاجىردىكى ۋەتەنداشلىرىمىز بىلەن دوستلىرىمىزدىن ئازات ۋە مۇستەقىل تۈركىستان غايىسى يولىدىكى كۈرىشىمىزگە ياردەم قىلىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

ھەقىقەتەنمۇ ئون يىل داۋاملىشىدىغان دەۋر ئىچىدە ياش تۈركىستان ژورنىلى چەتئەلدىكى تۈركىستانلىقلارنىڭ سىياسىي مەۋجۇتلۇغىنى ساقلاشتەك ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىر ۋەزىپىنى ئورۇنداپ كېلىدۇ. ھەر سانى تەخمىنەن 40 بەت ئەتىراپىدا بولغان بۇ ژورنال، بىر قانچە بۆلۈمدىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى. سىياسى بۆلۈمدە ئاساسەن مۇستاپا چوقاي ئوغلى تەرىپىدىن يېزىلغان بىر باشماقالە بىلەن ھەرخىل ئاپتورلارنىڭ تۈركىستان، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ۋە خەلقارالىق مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ماقالىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا ئىدى. ئەدەبىي بۆلۈمدە بولسا، ئاساسەن تۈركىستانلىق داڭلىق شائىرلارنىڭ كۈچلۈك مىللىي ھېسياتقا ئىگە شېئىرلىرى ئېلان قىلىنىپ تۇراتتى. ئۇندىن باشقا يەنە تۈركىستاننىڭ يېقىنقى زامان تارىخى بىلەن تۈرك مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك تېمىلاردىن تەشكىل تاپقان ماقالىلارمۇ ئېلان قىلىنىپ تۇراتتى.

ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، «ياش تۈركىستان» يالغۇز تۈركىستاندىكىلا ۋەزىيەتلەرنى ئەمەس، ئۆز ۋاقتىدا يەنە پۈتۈن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى ۋەزىيەتلەرنىمۇ ئىنتايىن دىققەت بىلەن كۆزىتىپ بارغانلىقىنى، بولۇپمۇ تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك سوۋېت سىياسەتلىرىنى دەل ۋاقتىدا ھەمدە كەڭ دائىرىلىك تەنقىتلەپ كەلگەنلىكى كۆرۈلمەكتە (مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ ماقالىلىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن مەنبەلەر تەتقىق قىلىنغىنىدا، ياش تۈركىستانچىلار «پراۋدا» بىلەن «ئىسكرا» غا ئوخشاش سوۋېتلەر ئىتتىپاقى گېزىتلىرى بىلەن بىرگە يەنە «پراۋدا ۋوستوكا»، «زا پارتىيۇ»، «سوۋېتىسكايا ستېپ»، «كازاكىستانكايا پراۋدا»، «ئاقچۆل»، «ئەمگەكچى»، «قازاق»، «قازاق ئەدەبىياتى»، «قىزىل ئۆزبەكىستان»، «يېڭى فەرغانە»، «ئازات بۇخارا»، «بۇخارا پرولىتارىياتى»، «شەرق ھەقىقىتى»، «كېڭەش تۈركىستانى»، «تۈركمەنىسكايا ئىسكارا»، «تۈركمەنىستان»، «قىزىل يۇلتۇز»، «ئاۋازىي تاجىك»، «رەھبەرىي دانىش» قاتارىدىكى تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە

بېسىلىدىغان گېزىتلارنىڭ ھەممىسىنى دېگىدەك ئوقۇپ تۇرىدىغانلىقى مەلۇم. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). 1930 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ ياۋرۇپادا كوئنسايىن يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئۇرۇش خەۋپى سەۋەبىدىن، چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر بىلەن خەلقارالىق سىياسەتلەر ھەققىدىكى ماقالىلارمۇ ئېلان قىلىنىشقا باشلىنىدۇ.

خەۋەرلەر بۆلۈمىدە بولسا، تۈركىستاندىن كەلگەن خەۋەرلەر، ئافغانىستان، ھىندىستان، ئەرەپ ئەللىرى، تۈركىيە ۋە ياۋرۇپادا تۇرۇۋاتقان مۇھاجىر تۈركىستانلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەر بېسىلىپ تۇراتتى. بۇ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن، ياش تۈركىستان ژورنىلى تېز ۋاقىت ئىچىدىلا دۇنيانىڭ ھەر قايسى ئەللىرىگە تارقىلىپ كەتكەن تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار ئارىسىدا ئىنتايىن مۇھىم بىر ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى ھالىغا ئايلىنىدۇ.

مۇستاپا چوقاي ئوغلىدىن باشقا ماقالا يازىدىغان يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك تەخەللۇس ياكى مەخپى بەلگىلەرنى ئىشلىتىپ ماقالە ئېلان قىلىپ تۇرىدىغانلىقى مەلۇم (تاھىر چاغاتاي ياش تۈركىستاندا "چاغاتاي" دەپ، تاھىر شاكىر، ھەسەن تۇرسۇن "تاشپالتا" ۋە "تۆمۈرئوغلى" دېگەندەك ناملاردا ماقالە ئېلان قىلىپ تۇرغان؛ ئابدۇلۋاھاپ ئوكتاي بولسا "ئابدۇلۋاھاپ"، "جانەي"، "توقتامىشئوغلى" دېگەندەك ئىسىملارنى ئىشلىتىپ كەلگەن. تۈركىيىدىكى ت م ب چىلاردىن دوكتور سالىھ ئەركىنقول ماقالىلىرىنى "ئىلتەر" دەپ، تەۋەككۈل ئابدۇللازادە بابۇر "تۇيغۇن" دەپ ۋە ئەخمەت نائىم ئۆكتەم بولسا "ئە.ن" دىگەندەك ئىمزا بىلەن ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىشقان. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). ژورنالنىڭ يىللىق مۇشتىرى ھەققى 2 دوللار، ھەر سانى 20 سېنت قىلىپ بەلگىلەنگەن.

«ياش تۈركىستان» ژورنىلى نەشر قىلىنىشى بىلەن تەڭ، بەزى يېڭى مەسىلىلەرمۇ بىرلىكتە كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. مۇستاپا چوقاي ئوغلى، ئابدۇلۋاھاپ ئىساق ئوغلى، تاھىر شاكىر ئۈچىسى يېڭى ژورنال ئەتراپىدا زىچ ھەمكارلىق ئورنىتىپ ئۈچ كىشىلىك گۇرۇھ شەكىللەندۈرۈشكە باشلايدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ ئۈچ كىشىلىك گۇرۇھقا سابىر ئىبراھىممۇ قوشۇلىدۇ. بۇ ئەھۋال، گېرمانىيىدىكى ياش تۈركىستان گۇرۇپپىسىنىڭ قالغان ئەزالىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاشقا باشلايدۇ. ژورنالنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەسىنى ئىلكىدە تۇتۇپ كەلگەن چوقاي ئوغلى، تەھرىرات رەھبەرلىكى بىلەن ژورنال مەزمۇنىنى بەلگىلەشتە ئاساسەن ئۆزى خالىغىنىچە ھەرىكەت قىلاتتى. ياش تۈركىستان گۇرۇپپىسىدىكى باشقا ئەزالار مەيلى ئىقتىسادىي مەنبەنى باشقۇرۇشتا بولسۇن ياكى تەھرىرات يېتەكچىلىكىدىكى ژورنالنىڭ مەزمۇنىنى بەلگىلەيدىغان ئىشلاردا بولسۇن ت م ب گېرمانىيە شۆبىسىنىڭ نازارىتى ئاستىدا بولىشى كېرەك دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ ھەقتە قارار ئېلىشىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە، مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ يازغان خەتلىرىدە تاھىر بىلەن

ئابدۇلۋاھاپ ئەپەندىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى بىۋاستە شۇبە بىلەن مەسلىھەتلىشىشى لازىم دېگەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ تۈردىكى تىرىشچانلىقلاردىن قىلچە نەتىجە چىقمايدۇ. چوقاي ئوغلىنىڭ گېرمانىيە شۇبىسى رەھبەرلىكى بىلەن مەسلىھەت قىلماسلىقى سەۋەبىدىن، ياش تۈركىستان گۇرۇپپىسى ئىچىدىكى بۆلۈنۈش توختىماي ئېغىرلىشىدۇ.

## ئەزەربەيجان مىللىي ھەرىكىتى بىلەن ئىدىل-ئۇرال ھەرىكىتى ئىچىدىكى ھادىسىلەر ۋە ت م ب گە كۆرسەتكەن تەسىرلىرى

تۈركىستان مىللىي بىرلىك ھەرىكىتى ئىچىدە كۆرۈلگەن بۇ تۈر زىددىيەت ۋە تالاش-تارتىشلارغا ئوخشايدىغان ھادىسىلەر باشقا تۈركىي گۇرۇپپىلار ئىچىدىمۇ كۆرۈلمەكتە ئىدى. بۇ تەشكىلاتلار ئۆزئارا ئورتاق بىرلىكسەپ تەشكىل قىلىپ پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، بىرسىدە ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلە تەبىئىي ھالدا قالغان تۈرك گۇرۇپپىلىرىغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. شۇنداق بولغاچقا، 1929-يىلقى قۇرۇلتايدىن باشلاپ كەڭ كۆلەملىك ئۆزگىرىش قىلغان ت م ب، ئۇزۇنغا قالماي بىر سەپتىكى تەشكىلاتلار ئارىسىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنىڭ تەسىرىدىن ئۇلارمۇ ئۆزگىچە چۈشلۇق نەسىۋىنى ئالىدۇ. بولۇپمۇ ئەزەربەيجان تۈركلىرى بىلەن ئىدىل ئۇرال تۈركلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەر، ت م ب ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا كۆز قاراش ئوخشىماسلىقلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، يېڭى تالاش-تارتىشلارنىڭ پەيدا بولۇشى ئۈچۈن پۇرسەت تەييارلايدۇ.

1929-يىلىسى، ئەزەربەيجان مىللىي ھەرىكىتى نوقتىسىدىن ئالغاندىمۇ بىر بۇرۇلۇش نوقتىسى ھېساپلىناتتى. بۇ ھەرىكەتنىڭ مۇنازىرە تەلەپ قىلىنماس يىتەكچىسى بولغان سابىق باش جۇمھۇرى ۋە كاپكازىيە كومىتېتىنىڭ مۇھىم ئەزاسى بولغان مەھەممەت ئىمىن رەسۇلزادىگە قارشى تۇنجى قېتىم بىر ئۆكتىچىلەر ھەرىكىتى باشلانغان بولۇپ، ئەزەرى تۈركلىرى ئىچىدە ئېغىر پارچىلىنىشلار كېلىپ چىقماقتا ئىدى. ئەسلىدە، بۇ تۈردىكى بۆلۈنۈشلەر كونا ھىساپىنىڭ يېڭىدىن ئوتتۇرىغا تۆكۈلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

1917-يىلىدىن بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا، ئەزەربەيجان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ كەلگەن مۇساۋات پىرقىسىدىكىلەر بىلەن تۈرك فىدراتسىيىچىلەر پىرقىسىدىكىلەر شۇ يىللىرى بىر قېتىملىق قۇرۇلتاي چاقىرىپ بىرلەشكەن ئىدى. مۇھاجىرەتتە «يېڭى كاپكازىيە» ژورنىلى ئەتراپىغا يىغىلىپ پائالىيەت قىلىۋاتقان گۇرۇپپىلار، «يېڭى كاپكازىيە» ژورنىلىنىڭ تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى مىنىستىرلار

كابىنتىنىڭ قارارى بويىچە پىچەتلىنىشتىن كېيىن بۆلۈنۈشكە باشلىغان ئىدى. رۇستەبەيلى بىلەن ناقى شېخ زامانلى ئىككىسى، رەسۇلزادىغا قارشى تەشكىللىگەن بۇ گۇرۇپپىنىڭ يېتەكچىلىرىدىن ئىدى.

(رەسىم ئورنى)
ياش تۈركىستانچىلار
سولدىن باشلاپ تاھىر چاغاتاي، مۇستاپا چوقاي ئوغلى ۋە ئابدۇلۋاھاپ ئوكتاي. 1935.3.15، بېرلىن. (ئەھەت ئەنجان ئارخىۋىدىن)

رەسۇلزادە، «يېڭى كاپكازىيە» ژورنىلى پىچەتلەنگەن ۋاقىتىدا، يەنى 1929-يىلىنىڭ باشلىرىدىن ئېتىۋارەن «ئەزەرى تۈرك» بىلەن «ئوتلۇق يۇرت» دېگەن ئىككى ژورنالنى چىقىرىشقا باشلىغان ئىدى. بۇ جەرياندا كۆتۈلمىگەن بىر ۋەقە يۈز بېرىدۇ. شۇ يىلىسى ئىيون ئېيىدا ئىستانبۇل سىياسىي ساقچىلىرى، چەت دۆلەت ئۈچۈن پائالىيەت قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە بىر پاش قىلىش ماتېرىيالى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، مەھەممەت ئىمىن رەسۇلزادە بىلەن سەئىد شامىلنىڭ ئۆيىنى تۇيۇقسىز باستۇرۇپ ئاختۇرىدۇ ھەمدە قولغا چۈشەرگەن بارلىق ھۆججەتلەرنى مۇسادىرە قىلىدۇ. مۇھاجىرلار ئىچىدە بۇ قېتىملىق پاش قىلىش ئىشى رەسۇلزادىگە ئۆكتىچىلىك قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ قىلغان ئىشى دېيىدىغان گەپ-سۆزلەر تارقىلىشقا باشلىغان ئىدى. دۆلەت تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنغان بۇ قېتىملىق سىياسىي ئۆي ئاقتۇرۇش ۋەقەسى نەتىجىسىدە ھەر ئىككىلا مۇھاجىر يېتەكچى تۈركىيىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. رەسۇلزادە چەتئەلگە چىقىپ كەتكەنلىكىگە قارىماي، كېيىنكى يىللاردا تۈركىيىدىكى شەفىبەيچىلىك دەپ نام ئالىدىغان ئۆكتىچىلەر ھەرىكىتىگە قاشى پائالىيەت قىلىش ئىرادىسىدىن يانمىغان ئىدى. تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان ھالدا بارلىق بىرلىكسەپ مىللىي ھەرىكەت تەشكىلاتلىرىغا بۇ ئۆكتىچىلەر گۇرۇپپىسىغا قارشى ئىپادە بىلدۈرۈشلىرى كېرەك دېيىدىغان بىر تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ت م ب ئەزالىرىنىڭ بىر قىسمى بۇنداق بىر ئىپادە بىلدۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوقلىقىنى، ئۇلار تۈركىيىلىكلەرنىڭ بۇ تالاش-تارتىشلىرىغا قارىتا بىتەرەپ تۇرۇشلىرى كېرەك دېيىدىغان قاراشتا چىڭ تۇرماقتا ئىدى. ئەمما رەسۇلزادە پرومېتې سېپى ئىچىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بىرسى بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىرىنى بۇزىۋالماسلىقى كېرەك ئىدى. مۇستاپا چوقاي ئوغلى ت م ب مەركىزى ھەيئىتىگە يازغان بىر پارچە خېتىدە، ت م ب نىڭ بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشكە بىۋاستە ئارىلىشىپ قالماسلىقى لازىملىقىنى، پرومېتې فرونتىدىكى بارلىق گۇرۇپپىلار بىلەن بىر تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىنى، بۇنىڭغا قارىتا سىياسىي جەھەتتە ت م ب تەركىۋىدە «ئوتلۇق يۇرت» گۇرۇپپىسىغا تەۋە

كىشىلەرنىڭ، يەنى رەسۇلزادە بىلەن ئوخشاش كۆزقاراشتا ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ.

چەتئەلدىكى تۈرك گۇرۇپپىلىرى ئارىسىدا تالاش-تارتىشقا سەۋەپ بولغان يەنە بىر مەسىلە، ئىدىل ئۇرال تۈركلىرىنىڭ «مىللىي يول» نامىدىكى نەشىر ئەپكارىدا ئىشلەتكەن "تۈرك-تاتار" ئىپادىسىنىڭ ئىنىقلىمىسى سەۋەبىدىن ئوتتۇرغا چىقىدۇ. ئاياز ئىساقى باشلامچىلىقىدىكى ئىدىل ئۇرال گۇرۇپپىسىدىكىلەر سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەركىۋىدە قالغان تۈركىلەرگە قارىتا شۇ چاققىچە ئىشلىتىپ كېلىنگەن رۇسسىيە تۈركلىرى دىگەن سۆزنىڭ ئورنىغا تۈرك-تاتار سۆزىنى ئومۇملاشتۇرۇش مەسىلىسىدە ئىزچىل كۈچ چىقىرىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇنىڭغا قارىتا ياش تۈركىستان گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئارىسىدا بۇنداق ئاتىلىشقا نارازى بولىدىغانلار كۆرۈلمەكتە ئىدى. بۇ تۈر كىشىلەر تۈرك-تاتار ئاتالغۇسى تۈركلەر ئوتتۇرسىدا پارچىلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ قارىشاتتى. بۇ مەسىلە، گېرمانىيىدىكى ياش تۈركىستان گۇرۇپپىسى بىلەن ت م ب مەركىزى ئوتتۇرسىدا يېزىلغان ئالاقىلاردا مۇنداق ئىپادىلەنمەكتە ئىدى:

قالغان تۈرك قەۋملىرىنىڭ پىكىرىنى ئالماي تۇرۇپ ئىشلىتىلگەن بۇ ئىنىقلىما تۈركىستانلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، «مىللىي يول» بۇ ئاتالغۇنى ئومۇمىي يۈزلۈك ماقۇل كۆرۈلگەن بىر ئىنىقلىما دەپ ئوتتۇرغا قويماقتا. تۈرك-تاتار ئىنىقلىمىسى قەۋىم بىلەن ئۇرۇغداشلىق مەسىلىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن. تاتارلارنى ئايرىم بىر قەۋم دەپ قاراش ئىپادىلەنمەكتە. شۇڭا بۇنداق ئىنىقلىما بېرىشنى قوبۇل قىلالمايمىز. ت م ب نىڭمۇ بۇ ھەقتە بىر قارارنى ئوتتۇرغا قويۇشىنى تەلەپ قىلىمىز.

پىكىر ئىختىلاپلىرى بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئىدىل-ئۇرال گۇرۇپپىسىدىكىلەر ھەر ئىككىلا ھەرىكەتنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى ھەققىدە بىر تەكلىپ سۇنغان ئىدى. 1929-يىلقى ت م ب قۇرۇلتىيىدا بۇ تەكلىپنىڭ رەت قىلىۋېتىلگەنلىكىگە قارىماي، مۇستاپا چوقاي ئوغلى بىلەن ئاياز ئىسھاقى ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ بارغانسىرى يېقىنلىشىپ كېتىشى، تۈركىستان ھەرىكىتىنىڭ ئىدىل ئۇرال تەسىرى ئاستىدا قېلىش ئېھتىمالى ئۈستىدىكى غەم-ئەندىشىلىرىنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشىغا سەۋەپچى بولماقتا ئىدى. يۈز بەرگەن بۇ بىر قاتار پىكىر ئىختىلاپلىرىغا قارىماي، ھەر ئىككىلا ھەرىكەتنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرى ئورتاق قانات يايدۇرۇلۇپ، نەشرى ئەپكارلىرىمۇ بىرلىندە ئوخشاش بىر مەتبەدە بېسىلىپ كەلمەكتە ئىدى (ئاياز ئىساقى يىراق شەرق سەپىرىگە مېڭىشىدا، مۇستاپا

چوقاي ئوغلى ئىمزاسى بىلەن تۈركىستان مىللىي بىرلىكىگىمۇ ۋەكىللىك قىلىدۇ دەيدىغان بىر تونۇشتۇرۇش بېرىلگەن ئىدى. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

# «يېڭى تۈركىستان» ژورنال مەسئۇللىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە ئوسمان غوجا ئوغلىنىڭ تەشكىلدىن ئايرىلىشى

«ياش تۈركىستان» ژورنىلىنىڭ ياۋرۇپادا نەشرى قىلىنىشقا باشلىشى، شۇ كۈنگىچە ت م ب نىڭ ئاۋازى بولۇپ كېلىۋاتقان يېڭى تۈركىستان ژورنىلىنىڭ تەسىرىنى بەكلا ئازايتىۋېتىدۇ. ئەسلىدىنلا لاتىنچە ھەرپلەر بىلەن بېسىلىشقا باشلىغىنىدىن بۇيان، بۇ ژورنالنىڭ تۈركىيە سىرتىدىكى تۈركىستانلىقلارغا يەتكۈزۈلۈش ئىمكانلىرىمۇ قالمىدى دېگىدەك ئىدى.

شۇنىڭغا قارىماي ئۇ يىللىرى تۈركىيىدە بېسىلىۋاتقان تاشقى تۈرك ژورناللىرىنىڭ سانى بەكلا ئاز بولغانلىقى سەۋەبىدىن («يېڭى تۈركىستان»، «ئوتلۇق يۇرت»، «بىلدىرىش» قاتارلىق ئاز ساندا ژورنال چىقىۋاتقانلىقى ئۈچۈن) بۇ ژورناللار تۈرك جامائەتچىلىكى ئارىسىدىكى تارقىلىش دائىرىسى كېڭىيىپ خېلى چوڭ تەسىر كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. 1930 ـ يىللىرى تۈرك دۇنياسىغا مۇناسىۋەتلىك نەشرى قىلىنىۋاتقان تۈركىيە مەنبەلىك بىردىن بىر ژورنال، تۈرك ئوچاقلىرىنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان «تۈرك يۇردۇ» (تۈرك يۇرتى ــ ئۇ.ت) ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، سىرتىدىكى تۈركلەرنىڭ ژورناللىرى تۈركىيىدە بۇ ساھەدىكى چوڭ بىر بوشلۇقنى تولدۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى.

مۇستاپا چوقاي ئوغلى «ياش تۈركىستان» ژورنىلىغا مەركەزلىشىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن، «يېڭى تۈركىستان» ژورنىلىنىڭ باشماقاللىرى ئاساسەن ئالغاندا ئوسمان غوجا ئوغلى تەرىپىدىن يېزىلماقتا ئىدى. 1930 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا بۇ ژورنالدا ئېلان قىلىنغان بىر پارچە شېئىر ت م ب مەركەزى كومىتېتىدا يېڭىدىن ئىچكى سۈركۈلۈشلەرنىڭ پەيدا بولىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئوسمان غوجا ئوغلى تەرىپىدىن يېزىلىپ 27 ـ سانىدىكى باشماقالىنىڭ ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ شېئىر، تۆت مىسرادىن تۈزۈلگەن بىر كوپلېتلا شېئىر ئىدى. بۇ شېئىر، ئۇ ۋاقىتلاردا تۈركىيە مەتبۇئاتلىرىدا نەشرى قىلىنىۋاتقان ژورناللارنىڭ كۆپۈنچىسىدە ئۇچراپ تۇرىدىغان نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلار تەرىپىدىن يېزىلىۋاتقان بىر تېما ھەققىدە يېزىلغان بىر شېئىر ئىدى. "ئىستىقبال" دەپ ئىسىم قويۇلغان بۇ شېئىردا غازى مۇستاپا كامال مەدھىيىلىنىدىغان مۇنۇ مىسرالاردىن تۈزۈلمەكتە ئىدى:

ئىلگىرلەيمىز ساڭا ئۇلۇغ ئىستىقبال،
يېتەكچىمىز غازى مۇستاپا كامال.
بايرىغىمىز جۇمھۇرىيەت، غايىمىز خەلقچىلىق،
باقى قالار مەڭگۈگە بۇ غايىمىز.

بىر قارىماققا بەكلا نورمال كۆرۈنگەن بۇ تۆت مىسرالىق شېئىر، ت م ب مەركىزىدە قاتتىق تالاش-تارتىش ۋە تەنقىتلەرنىڭ كۆتۈرۈلىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. بۇ ھەقتە ياۋروپا ۋاكالەتچىسى مۇستاپا چوقاي ئوغلى باش كاتىپ مەجىدىن دەلىلگە مۇنداق دەپ خەت يازىدۇ:

ئابدۇللا تەۋەككۈلگە «يېڭى تۈركىستان» نىڭ 27 (15) نىچى سانىغا مۇناسىۋەتلىك نارازىلىقىمنى ئىۋەرتتىم. ئۇنى ئوسمان غوجا ئوغلىغا تاپشۇرۇپ بېرىڭ. 26-سان بىلەن 27-سانلارنى ت م ب نىڭ نەشرى ئەپكارى دېگىلى بولمايدۇ. ... ئەخمەت زەكى ۋەلىدى "ئوسمان غوجا ئوغلى ئەنقەرەگە خوشامەت قىلىپ شېئىرلار يازماقتا، شۇڭا ئۇنى رەئىسلىكتىن ئېلىپ تاشلاش كېرەك" دىسە ئىشەنمىگەن ئىكەنمەن. ... بىزنىڭ تۈركىيە بىلەن بولغان دوستلىقىمىز باشقا بىر ئىش، ... مەن پرومېتې ژورنىلىنىڭ 28-سانىدىكى ماقالامدىمۇ بۇ توغرىلىق توختالغان ئىدىم. ... تۈركىيىنىڭ كۈچلۈك بىر دۆلەت ھالىغا كېلىشى ھەققەتەنمۇ مۇھىم ئىش، ئەمما غازىنى رەسمىي داھىمىز دەپ يېزىش تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى تۈركىيىنىڭ بايرىقى ئاستىغا كىرگۈزۈپ قويغانلىق بولىدۇ. بۇنداق قىلىش پۈتۈنلەي خاتا. مەھەممەت ئىمىن رەسۇلزادىنىڭ پرومېتېدە ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدىمۇ بۇنداق قاراش ئېنىق ئوتتۇرغا قويۇلغان. ... باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سىياسىي جەھەتتىن ئالغاندا تۈركىيە بىزنىڭ داۋايىمىزغا قەتئىي ئارىلاشمايدۇ. ... بىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىز مۇستاپا كامالنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەمەس، بەلكى ئۆز مىللىي كۈچلىرىمىزنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشۇرىلىدۇ.

تۈركىيىنىڭ دۈشمەنلىرى مۇستاپا كامالغا پان تۈركىست كۆز قارىشى بار، بارلىق تۈركلەرنى بىر بايراق ئاستىغا يىغىشقا تىرىشماقتا دەپ بوھتان قىلىشلىرىغا قارىتا بىز بۇيەردە قارشى كۈرەش قىلىشقا تىرىشىۋاتىمىز. ئەمما ت م ب نەشرى ئەپكارى «ئىستىقبال» شېئىرىنى ئېلان قىلىپ يۈرمەكتە. ئەندى تۈركىيىنىڭ دۈشمەنلىرى بۇ دېگەنلىرىگە پاكىت قىلىپ بۇ شېئىرنى كۆرسىتىپ تۇرىۋالسا بىز ئۇلارغا نېمە دەپ جاۋاپ بېرىمىز؟ شۇڭا ئوسمان غوجا ئوغلىنىڭ

غوجايىنلىقىدىكى بۇ ژورنالنى ھەرگىزمۇ ت م ب نەشر ئەپكارى دەپ ئېيتالمايمىز.

يوقۇرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن جۈملىلەر، ئۇ دەۋرلەردە مۇھاجىردىكى تۈرك يىتەكچىلىرىنىڭ تۈركىيىگە بولغان كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلەش جەھەتتىن ئالغاندا بەكلا قىزىق ئىدى. ئۆز تەۋەسىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن تۈركىيىنى ئەڭ پايدىلىق بىر كۈچ دەپ قاراپ تۇرۇغلۇق، يەنە بىر تەرەپتىن تۈركىيىنى بۇنىڭ ئۈچۈن ئانچە مۇھىم ھېساپلانمايدىغان بىر ئامىل دەپ قاراشماقتا ئىدى. ئۇلار، بولۇپمۇ تاشقى دۇنيادىن ۋە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن كېلىش ئېھتىمالى بولغان پان تۈركىسىزم بوھتانلىرى يالغۇز يېڭى قۇرۇلغان ياش تۈرك دۆلىتىگىلا ئەمەس، ئۆز داۋالىرىغىمۇ زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى تونۇپ يىتەلىگەن ئىدى. يوقۇرىدا ئىپادىلەشكەن سىياسىي مۇئامىلە، بىر ژورنال چىقىرىش قارارىغا كېلىشكەن 1927 ـ يىلقى قۇرۇلتايدا ئالاھىدە تەكىتلەنگەن بولۇپ، نەشر قىلىنماقچى بولغان نەشرى ئەپكارى تۈركىيىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سىياسەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ماقالىلارنى قەتئى باسمايدۇ دەپ بەلگىلىگەن ئىدى. ئەخمەت زەكى ۋەلىدىنىڭ باش مۇھەررىرلىك قىلغان ۋاقىتلىرى بىلەن كېيىنكى 7 ئاي بويىچە بۇ بەلگىلىمىگە ئەستايىدىل رىئايە قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. تۈنجى قېتىم 26 ـ سانىدا جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىقتىسادىي سىياسىتى نەتىجىسىدە تۈرك لىراسى ئەنگىلىيە پۇلى ئالدىدا قىممىتىنى ئۆستۈرەلىگەنلىكى ھەققىدە بىر خەۋەر بېسىلغان ئىدى. مۇستاپا چوقاي ئوغلى 26 ـ سانىنمۇ ت م ب نەشرى ئەپكارى دەپ قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ دىيىشىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدى. 27 ـ سانىغا بېسىلغان شېئىر بولسا سەۋرىنى تاشۇرغان ئەڭ ئاخىرقى سەۋەپ بولۇپ كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى سانلىرىدا تۈركىيىگە مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرگە ئورۇن بېرىلگەنلىكى، ت م ب ئىچىدىكى ئەكس تەسىرىنىڭ تۈركىيىگە مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرنىڭ بېرىلگەنلىكى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى بېرىلگەن خەۋەرلەرنىڭ تەرەپ تۇتۇپ تۇتمىغانلىقى بىلەن مەدھىيىلىگۈچى بولۇپ ـ بولمىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى.

يۇز بەرگەن بۇ ھادىسىلەر بىلەن بىرلىكتە، 1929 ـ يىلقى قۇرۇلتايغا سۇنۇلغان راسخوت پىلانىدىن ئارتۇق خەجلىۋېتىلگەن قىسمى ھەققىدە ھىساۋات تولۇق بېرىلەلمىگەنلىكى، ژورنال ساھىپلىقىنى ئۈستىگە ئالغان ئوسمان غوجا ئوغلى ھەققىدە ئېغىر تالاش ـ تارتىشلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەپ بولماقتا ئىدى. ژورنالغا ئاجرىتىلغان چىقىمنىڭ بەلگىلەنگەندىن ئارتىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن پۇل مەنبەسى يىتىشمەسلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ژورنالنىڭ نەشرى قىلىنىشى ئاقساشقا باشلايدۇ. پرومېتې تەرەپ، ژورنال چىقىرىشقا يىتەرلىك دەرىجىدە پۇل

ئاجرىتىلىپ ت م ب گە ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى، ئەمما ئۆزگەرتىلگەن پۇلنى ژورنال چىقىرىشتىن باشقا شەخسى خىراجەتلەر ئۈچۈن خەشلىگەنلىكى ئۈچۈن ئىقتىسادى مەنبە قىيىنچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى تەكىتلىشىپ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياردەم قىلالمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ماددىي مەنبەلەرنى ناموۋاپىق ئىشلارغا ئىشلىتىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ژورنال چىقىرىش ئىشىنى ئاقسىتىپ قويغانلىقى ئوسمان خوجا ئوغلى رەھبەرلىكىگە قارشى كۈچلۈك بىر ئۆكتىچىلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. 1929ـ يىلقى قۇرۇلتايدىن بۇيان ژورنال ساھىبلىقىدىن ۋاز كەچمەسلىك ئۈستىدە قاتتىق چىڭ تۇرىۋالغان غوجا ئوغلى، كۈندىن ـ كۈنگە ئارتىپ كىتىۋاتقان بىسىمغا بەرداشلىق بىرەلمەي، 1930ـ يىلى مارت ئېيىدا «يېڭى تۈركىستان» ژورنىلىنىڭ ساھىبى بولۇش ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بىرىشكە مەجبور بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئېچىلغان مەركەزى كومىتىت يىغىنىدا، دەسلەپكى يىللاردىكىگە ئوخشاش ژورنال رەھبەرلىكىنى ئىككىگە بۆلۈش قارار قىلىنىدۇ. بۇ يىغىندا ئېلىنغان قارارغا ئاساسەن، ژورنال غوجايىنلىقىغا ناسىر ھەكىمزادە، مەسئول مۇدىرلىكىگە دوكتور مەجىدىدىن دەلىل تەيىنلىنىدۇ.

مەركەزى كومىتىت يىغىنىدا ئوسمان غوجا ئوغلى ژورنال ئىگىسى بولۇش ھوقۇقىنى تاپشۇرۇپ بىرىشكە ماقۇل كەلگىنىگە قارىماي، كېيىن گېپىدىن يېنىۋىلىپ غوجايىنلىق ۋەزىپىسنى ئۆتكۈزۈپ بىرىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىشتىن باش تارتىپ تۇرىۋالىدۇ. چوقاي ئوغلىنىڭ باش كاتىپ مەجىدىدىن دەلىل ئەپەندىگە ئەۋەرتكەن خەتلىرى بۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ھەققىدە بىرەر چارە تېپىشقا كىرىشكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە:

ئىستانبۇلدىكى دوستىمىزغا خەت يازغان ئىدىم، ئۇ ماڭا "نېمە ئۈچۈن ئوسمان غوجا مەسىلىسىنى بۇرۇن ماڭا دېمىگىلار؟" دەپ يېزىپتۇ. "بۇ بىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىمىز، ئۇ خاتالىقىنى تۈزىتىپ كىتەلەيدۇ دەپ ئويلىغان ئىدۇق" دېدىم. ... گاۋران ھاجىغا بىرلىششش مەسىلىسى ھەققىدە ئېيتقان ئىكەن. مەن "ئوسمان غوجا رەئىس ياكى ژورنال غوجايىنى بولۇشقا لاياقىتى يوق. بەك بولۇپ كەتسە بەلكى مەركەزنىڭ تۈركىيەدىكى ۋەكىلىلا بولالىشى مۇمكىن. بۇنىڭ شەرتىمۇ ت م ب كىرىم ـ چىقىملارغا مۇناسىۋەتلىك كامىيىپ كەتكەن قىسمىنى تولۇقلاپ بەرگىنىدىن كېيىنلا مۇمكىن بولىدىغان ئىش" دەپ ئېيتتىم. ... يېڭىدىن نەشر قىلىنىدىغان ژورنال ئۈچۈن، گۆكلاپىنىڭ «خەلققە يۈزلىنىش» نى چىقارغىنىغا ئوخشاش، بىزمۇ مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتىمىز. شۇڭا «يۇرتىمىزغا» دەپ ئاتىشىمىز مۇۋاپىق دەپ قارايمەن.

(رەسىم ئورنى)
ئوسمان غوجا ئوغلى ت م ب نىڭ ياش ئەزالىرى بىلەن بىرگە
سولدىن باشلاپ: ئوسمان غوجا ئوغلى (ئولتۇرغىنى)، تەۋەككۈل بابۇر، دوكتور سالىھ ئەركىنقول (ئوتتۇردا ئۆرە تۇرغىنى)، زاھىت ئۆزبۇلاق ۋە مەجىدىدىن دەلىل. ئىستانبۇل، 1931 ـ يىلى 27 ـ سىنتەبىر. (ئەھەت ئەنجان ئارخىۋىدىن)

(رەسىم ئورنى)
دوختور سالىھ ئەركىنقول بىلەن دوكتور مەجىدىدىن دەلىل تۈركىستاندا چىققان گېزىتلارنى كۆزەتمەكتە. ئىستانبۇل، 1930 (ئەھەت ئەنجان ئارخىۋىدىن)

بۇ خەتتىن قارىغاندا، ئوسمان غوجا ئوغلى ژورنال غوجايىنلىقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىشىدىن باش تارتىش ئېھتىمالىغا قارشى يېڭى بىر ژورنال چىقىرىشقا تۇتۇش قىلغانلىقى كۆرۈلمەكتە. دىگەندەك، مەجىدىدىن دەلىل 1930 ـ يىلى 10 ـ فېۋرال كۈنىسى ئىستانبۇل ۋالىلىقىغا «يۈرتقا تەلپۈنۈش» دىگەن نامدا بىر ژورنال چىقىرىش تەلىۋى بىلەن ئىلتىماس سۇنىدۇ. قارىغاندا بۇ ئۇرۇنۇشلار ئوسمان غوجا ئوغلىنى ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرىۋېلىشىنىڭ پايدىسى يوقلىقىغا ئىشەندۇرۇش جەھەتتە بىر ئىشقا يارىغاندەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار ئۆزئارا كېلىشىپ، ژورنالنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ناسىر ھېكىمزادە بىلەن مەجىدىدىن دەلىلگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. يېڭى توختام بويىچە باشماقالىلار بۇرۇنقىغا ئوخشاش يەنىلا ئوسمان ئەپەندى تەرىپىدىن تەييارلىنىدىغان بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، «يېڭى تۈركىستان» ژورنىلى سەككىز ئاي توختىتىلغاندىن كېيىن 1930 ـ يىلىنىڭ ئۆكتەبىر ئېيىدا، 28 ـ سانى بىلەن قايتىدىن نەشرى قىلىنىشقا باشلاندى. بۇ جەرياندا ژورنالنىڭ مۇقاۋىسىدىمۇ زور ئۆزگەرتىش قىلىنغان بولۇپ، «يېڭى تۈركىستان» دېگەن ئىسىم ئاستىغا "تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق كۈرەش كۆزقاراشلىرى بويىچە پائالىيەت قىلىدىغان ئايلىق مەجمۇئە" دېگەن سۆز قوشۇلىدۇ. كەينى مۇقاۋىسىدا ژورنال ئىسمىنىڭ ئاستىغا فرانسۇزچە "ئورگانې دې دېفېنسې ناتىئونالې دۇ تۈركېستان" (تۈركىستان مىللىي قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ ئاۋازى ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) دېگەن سۆزلەر قويۇلىدۇ. شۇ ۋاقىتقىچە مەخپى تۇتۇشقا تىرىشىپ كېلىنگەن تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاقىنىڭ «يېڭى تۈركىستان» ژورنىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەنە شۇ شەكىلدە ئاشكارە ئېلان قىلىنغان ھېساپلاندى. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇ ۋاقىتلاردا تۈركىيىدە ئوتتۇرغا چىقىۋاتقان سىياسىي ئۆزگىرىشلەرگە زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. 1930 ـ يىلىنىڭ ئاۋغۇست ئېيىدا ئاتاتۈرك كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈمنى يولغا قويۇش قارارىنى ئالغان بولۇپ، يېقىن دوستى فەتھى ئوقيار يېتەكچىلىكىدىكى «ئەركىن جۇمھۇرىيەت پىرقىسى» نى قۇرغۇزغان ئىدى. بۇ پارتىيە

تېز ئارىدا كۈچىيىپ، ئۆكتەبىر ئىپىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك سايلامدا كۈتكىنىدىنمۇ ئارتۇق ئاۋازغا ئېرىشىدۇ. يېڭى پارتىيىنىڭ قۇرۇلىشى بىلەن تەڭ، مەملىكەت بويىچە لىبراللىشىش ۋە دېموكراتىيىلىشىش جەھەتتىدە ئىنتايىن ئۈمىدۋار بىر مۇھىت بارلىققا كەلمەكتە ئىدى. ت م ب رەھبەرلىرىمۇ ئەنە شۇ ئۈمىدۋارلىق مۇھىتى ئىچىدە، «يېڭى تۈركىستان» ژورنىلىنىڭ تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاقى ھەرىكىتىنىڭ ئاۋازى بولىدىغانلىقىنى ئاشكارە ئېلان قىلىش پۇرسىتى يېتىپ كەلدى دەپ قارار قىلىشىپ، ژورنال مۇقاۋىسىنى ئۆزگەرتىشكەن ئىدى.

1930 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگىنىدە، ھىزىپ نامى ئاستىدا ئىتتىپاقلاشقان ياش تۈركىستانلىقلار ت م ب رەھبەرلىكىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈن ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈپ بولغان ۋەزىيەتتە ئىدى. ھىزىپ گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىسى مەجىدىدىن دەلىل، ت م ب نىڭ باش كاتىپلىق ۋەزىپىسى بىلەن بىرگە تۈركىستان تۈرك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسلىكىنىمۇ ئۈستىگە ئالغان ئىدى. بۇ ئىككى تەشكىلنى تەڭ باشقۇرۇپ كېتەلەيدىغان ھالغا كەلگەنلىكى سەۋەبىدىن كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بىرسىگە ئايلانغان ئىدى. قۇرۇلتايدا رەئىسنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى چەكلەش قارارى ئېلىنغاندىن كېيىن، «يېڭى تۈركىستان» ژورنىلىنىڭ ساھىبى بولۇش سالاھىتىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغان ئوسمان غوجا ئوغلى بۇ ئەھۋاللاردىن بەكلا نارازى ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكى ياشلارنىڭ تەسىر كۈچىنى تەڭشەپ تۇتۇش مەقسىتىدە زەكى ۋەلىدى توغان بىلەن قايتىدىن يارىشىش يولىغا كىرىشىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆز ئالدىغا بىر باشقىرت مەركەزى تەشكىل قىلىش سىنىقىدا بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن زەكى ۋەلىدى، تۈركىستان ۋە ئەزەربەيجاننى تونۇش جەمىيىتىنىڭمۇ پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرالماس ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشى سەۋەبىدىن، بۇرۇنقى ئائىلىسىگە ــ يەنى ت م ب قوينىغا قايتىپ كېتىشنى ئويلاپ يۈرگەن ئىدى. ئەمما ئىككى نەپەر سابىق يېتەكچى تەرىپىدىن تەييارلانغان بۇ كونا ئۈۋىسىغا قايتىپ كېلىش ھەرىكىتى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. يەنى، ۋەلىدىنىڭ قايتىدىن ئەزا بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئوسمان غوجا تەرىپىدىن مەركەزىي كومىتېتقا سۇنۇلغان تەكلىپ، "ھەرقانداق بىر سەۋەپ بىلەن تەشكىلدىن چىقىرىلغان ئەزالار پەقەت ئومۇمىي قۇرۇلتاي قارارى بويىچە قايتا تەشكىل قوينىغا قايتىپ كېلەلەيدۇ" دەيدىغان نارازىلىق پىكىرلىرى بىلەن رەت قىلىنىۋېتىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، زەكى ۋەلىدىنىڭ ت م ب قوينىغا قايتىپ كېلىشىنىڭ بارلىق يوللىرى توسۇلۇپ، تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاقى گۇرۇپپىسى بىلەن زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ يوللىرى قايتا بىر يەرگە كەلمەس ھالغا كېلىدۇ.

# ۋارشاۋا ـ ئىستانبۇل ـ تېھران يولىدىكى پائالىيەتلەر

ئىران بىلەن ئافغانىستان تەۋەلىرىگە ۋاكالەتچىلەر ئەۋەتىش ھەممە بۇ جايلاردا شۆبىلەرنى قۇرۇپ چىقىش مەسىلىسىنى ت م ب ئۆزۈندىن بۇيان ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەر ئىككىسىدىلا نۇرغۇن ساندا تۈركىستانلىق ياشىماقتا ئىدى. ئەسلىدە ت م ب ھەرىكەتلىرىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ كېلىۋاتقان كۆنلەردىن باشلاپلا بۇ رايونلاردا تەشكىلات نامىدا پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئادەملىرى بار ئىدى. ئەمما بۇ كىشىلەرنى بىر تەشكىل ئەتراپىغا يىغىش، ئۇلارنى تەشكىلاتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت قىلىپ تۇرىدىغان ھالغا كەلتۈرۈش لازىم بولماقتا ئىدى. بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلغان ت م ب مەركەزىي ھەيئىتى، ئۇ جايلاردىن يېڭى كەلگەن ھەممە بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەر ئىككىسىدىلا مۇناسىۋەتلىرى بولغان ئابدۇللا تەۋەككۈلنى (ئابدۇللا تەۋەككۈل بابۇر، 1882 ـ يىلى تاشكەنتتە تۇغۇلغان بولۇپ، مەدرىسە ئوقۇشىدىن كېيىن تاشكەنت يەسەۋى مەكتىۋىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. مىللىي پائالىيەتلىرى سەۋەبىدىن ئورۇسلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە قامالغان. كېيىن تۈرمىدىن قېچىپ چىقىپ ئافغانىستان ئارقىلىق تۈركىيىگە بېرىۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، ئەنگلىيىلىكلەر تەرىپىدىن ھىندىستاندا قولغا ئېلىنىدۇ. ئون ئايدەك قاملىپ ياتقىنىدىن كېيىن ئافغانىستانغا قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئۇ يەردىن ئىران ئارقىلىق تۈركىيىگە كېلىۋالىدۇ. ت م ب مەركەزىي كومىتېت ئەزاسى ۋە ت م ب نىڭ شەرق ۋاكالەتچىلىكى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان. ئىستانبۇل قەندىللى رەسەتخانىسىدا ئىشقا ئورۇنلىشىپ، نۇرغۇنلىغان كىتاپلارنى تەرجىمە قىلغان. 1976 ـ يىلىنىڭ 14 ـ ئاپرېل كۈنىسى، 94 يېشىدا ئىستانبۇلدا ۋاپات بولغان. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) ۋاكالەتچى قىلىپ ۋەزىپىگە تەيىنلەش بەلگىلىنىدۇ. ت م ب نىڭ بۇ ئىشى پرومېتې ھەرىكىتىنىڭ ئىستانبۇلدىكى ۋاكالەتچىلىرى تەرىپىدىنمۇ يېقىندىن كۈزىتىپ كېلىنگەن ئىدى. ت م ب مەركەزى كومىتېتىنىڭ 11 ـ ئاپرېل كۈنىسىدىكى مۇزاكىرە يىغىن خاتىرىلىرى بۇ ئەھۋالدىن ئوچۇق مەلۇمات بەرمەكتە:

دۆپچى ئەپەندىنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن شەرق ۋاكالەتچىمىز بولغان تەۋەككۈل بابۇر ئەپەندى بىلەن ئوسمان ئەپەندى ئىككىسى باش ئەلچىنى زىيارەت قىلىشقا بارغان ئىدى. ئوسمان ئەپەندى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

"دۇپچى ئەپەندىنىڭ شەرق ئەللىرىگە ۋەزىپىگە تاللانغان تەۋەككۇل ئەپەندى بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈش ئارزۇسىغا بىنائەن بىرلىكتە باردۇق. ... ئافغانىستان بىلەن ئىران ھەققىدە، ئۇ جايلاردا قىلىنىدىغان ئىشلار ھەققىدە مەلۇمات سورىدى. مەيلى تەۋەككۇل ئەپەندىگە ياكى ئۇنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا بەكلا مەمنۇن بولغانلىقىنى ئېيتىپ مۇۋەپپەقىيەت تىلەپ، يېقىندا جاۋابىنى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بىزنى خاتىرجەم قىلدى. كۆرۈشۈپلىشقا بولىدىكى، بىزنىڭ دوستلىرىمىز بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرمەكتە ئىدى. قىسقىسى، ئىنتايىن ياخشى تەسىر قالدۇرۇپ ئەلچىخانىدىن ئايرىلدۇق.

بۇ كۆرۈشۈشتىن بىرەر ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەندە ئېچىلغان يەنە بىر قېتىملىق يىغىندا، بۇ نۆۋەت دۇپچە ئەپەندى بىلەن مەجىدىدىن دەلىل ئەپەندى كۆرۈشكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ، ۋارشاۋادىكى مەركەز بۇ تەكلىپنى مۇۋاپىق كۆرگەنلىكىنى، ئەمما بۇ مەسىلە ئۈچۈن ئايرىم پۇل ئاجرىتىش ئىمكانىيىتى يوقلىقىنى، شۇنداق بولغاچقا بۇ پىلاننىڭ راسخوتىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ت م ب مەنبەلىرىنىڭ ياردەم بېرىشىگە تايىنىپ ھەل قىلىنىشى لازىملىقىنى تەكىتلەشكەن. يوقۇرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان، پولشا ئەلچىلىك خادىملىرى ئارىسىدا پرومېتې تەرىپىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلىكى ئېھتىمالغا بەك يېقىن بولغان دۇپچە ئەپەندىنىڭ ئەسلى ئىسمىنىڭ نىمە ئىكەنلىكى ۋە نىمە ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئەلچىخانىدا ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئېنىقلاش ئىمكانى بولمىدى. ت م ب ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى يېزىشقان خەتلەردە، پولشالىق ئالاقە ئورنىتىلغان كىشىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھەرخىل ئىسملار تىلغا ئېلىنغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ھاجى گاۋران دىگەن كىشى ئىدى. مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ بەزى خەتلىرىدە بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىلەر يېزىلغان ئىدى:

دوستلىرىمىز ھاجى گاۋراننىڭ خەۋىرى بولماي تۇرۇپ ھېچقانداق ئىشقا قول تىقالمايدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. يولدا ھاجى گاۋران بىلەن كۆرۈشتۈم.

دوستىمىز ئۇدىششما، بىر قېتىملىق قاتناش ۋەقەسىدە قازا تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىستانبۇلدىكى ھاجى گاۋراننىڭ ۋاكالەتچىسى دۇپچى ئەپەندى قويۇلغان ئىدى.

بۇ خەتلەردىن مەلۇم بولىشچە ئىستانبۇلدىكى ئەڭ يوقۇرى دەرىجىلىك مەسئۇل خادىم بولۇپ ھاجى گاۋران ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ت م ب بىلەن ياكى كاپكازىيە كومىتىتى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان كىشى بولسا ئۇنىڭ مۇئاۋىنى دۇپچى ئەپەندى

ئىدى. بۇ ئىسىملار راستىنلا ئۆز ئىسىملىرىمىدى ياكى مەخپىي ئىسىملارمۇ، كېيىنكى ئېيتقىلى بولمىدى (ت م ب ھەيئەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى يېزىشقان مەكتۇپلاردا ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتالغان بىردىن بىر پولەك پرومېتې مەسئولى ئادەم كاۋالسىيزك ئىدى. ئۇ كىشى 1930 ـ يىللىرى پولشانىڭ بېرلىندىكى ھەربىي مەسلىھەتچىسى ۋەزىپىسى بىلەن تۇراتتى. ئۇ، پرومېتې تەشكىلاتىنىڭ گېرمانىيەدىكىلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشقا مەسئول بىرسى ئىدى. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

ت م ب تەرىپىدىن قوبۇل قىلغان قارارلىرىغا ئاساسەن، تەيىنلەنگەن شەرق ۋاكالەتچىسى ئۈچۈن ۋەزىپىسىنى بىلدۈرىدىغان تونۇشتۇرۇش قەغىزى بىلەن بىرگە، ت م ب نىڭ غايىلىرى ھەم يولغا قويۇۋاتقان سىياسەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان بىر تونۇشتۇرۇش دوكلاتى تەييارلانغان ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە خەت ئالاقىلاردا ئىشلىتىشنى مەقسەت قىلىپ ئىران بىلەن ئافغانىستاندىكى داڭلىق تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن بىر مەخپىي بەلگە سىستېمىسىمۇ تەييارلانغان ئىدى. شەرق ئىشلىرى ۋاكالەتچىسى ئابدۇللا تەۋەككۇلنىڭ مەخپىي ئىسمى "تۇرسۇن" ئىدى. مۇپتى سەدرىدىنگە "تۆمۈر"، شەرىپ غوجىغا "تويچى"، شىرمۇھەممەت ئەپەندىگە "شاھرۇھ" دېگەندەك مەخپىي ئىسىملار قويۇلغان ئىدى.

يېڭىدىن رەتكە سېلىنىشلار نەتىجىسىدە ت م ب ئىچىدە ھاكىم ئورۇنغا ئېرىشكەن مەجىدىن دەلىل، ياۋروپادىكى ھەرقايسى تەرەپ كىشىلەر بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەت تىكلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەمدە ت م ب تەرىپىدىن يولغا قويۇلۇش پىلانلانغان لايىھەگە ياردەم تەلەپ قىلىش مەقسىتىدە ئىيون ئېيىدا ياۋروپاغا بارىدۇ. بېرلىندە ياش تۈركىستان گۇرۇپپىسى بىلەن سۆھبەتلەر ئۇيۇشتۇرغاندىن كېيىن، مۇستاپا چوقاي ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ ۋارشاۋاغا بارىدۇ. تۈركىيىگە قايتىپ كەلگىنىدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن ھىزبىي گۇرۇپپىسىنىڭ 26 ـ ئىيول كۈنىسىدىكى يىغىن خاتىرىلىرىدىن قارىغاندا، مەجىدىن دەلىل ۋارشاۋادىكى ئۇچرىشىشلار ھەققىدە مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان:

ۋارشاۋادا يوقۇرى دەرىجىلىك مەسئول كىشىلەر بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتلەرنىڭ نەتىجىسى تۆۋەندىكىچە:

ــ شەرق ۋاكالەتچىلىكىنىڭ پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ماددىي ياردەم تەلەپلىرى مەسىلىسىدە تېھراندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا خەت يازىدىغانلىقى ئۇختۇرۇلدى؛

ــ «يېڭى تۈركىستان» بىلەن «ياش تۈركىستان» ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ پۇل ئاجرىتىلىشى توغرىسىدىكى تەلەپ بىلەن «ياش تۈركىستان» نىڭ ئايلىق

ژورنالغا ئۆزگەرتىلىشى ھەمدە ئۇنى تېخىمۇ كۆركەملىك بىر شەكىلدە چىقىرىلىشى مۇزاكىرە قىلىندى؛

— پائالىيەتلىرىمىز ئۈچۈن فونت تەشكىللەش مەسىلىسى مۇۋاپىق كۆرۈلگەن بولسىمۇ، ھازىرچە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانى يوق؛

— تالىپلىرىمىزنىڭ ئۇلارنىڭ دۆلىتىدە ئوقۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى؛

— ۋارشاۋادا ۋاكالەتچى تۇرغۇزۇش مەسىلىسى، بىر قىسىم خەتەرلەرنى كۆز تۇتۇپ بۇ ئىشنى ئېھتىيات قىلغان ھالدا قوبۇل قىلىدىغان بولۇشتى.

بۇلاردىن مەلۇم بولىشىچە، پرومېتې رەھبەرلىكى، ت م ب نىڭ ئىران بىلەن ئافغانىستان تەرەپلىرىدە قانات يايدۇرماقچى بولىۋاتقان پائالىيەتلىرىگە سىياسي ۋە ئىقتىسادىي ياردەم قىلىدىغان بولغان. ئەمما بۇ مەسىلە ئۈچۈن ئايرىم بىر فونت تەشكىل قىلىش مەسىلىھەتىگە ئۇنچە بەك قىزىقمىغان. شۇنىڭدەك يەنە ت م ب نىڭ ۋارشاۋادا رەسمى بىر ۋاكالەتخانا قۇرۇش تەلىۋىنىمۇ مۇۋاپىق كۆرمىگەن. بۇنىڭ سەۋەبى ئېھتىمال پولشا ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى ھەرىكەتلەرنى رەسمى قوللاپ قۇۋۋەتلەۋاتقانلىقى ياكى ئۇلارغا يول كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى بىلىندۈرۈپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەنلىكىدىن قوشۇلمىغان بولىشى مۇمكىن.

## شەرق ۋاكالەتچىسى پەيدا قىلغان كىرىزىس

شەرق ۋاكالەتچىلىكىگە تەيىنلەنگەن ئابدۇللا تەۋەككۈل (تۇرسۇن) ماي ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەرزۇرۇم (تۈركىيىنىڭ شەرقىدىكى بىر شەھەر — ئۇ.ت) ئارقىلىق ئىرانغا كىرىدۇ. تېھران بىلەن مەشھەتتە ھەر خىل مۇناسىۋەت باغلاش ئىشلىرى بىلەن شوغۇللانغان تۇرسۇن، ئىۋەرتكەن خەتلىرىدە قىلغان پائالىيەتلىرى ھەققىدە تەۋەندىكى مەلۇماتلارنى بېرىدۇ:

1930 ـ يىلى ئىيوننىڭ 17 ـ كۈنىسى ھاجى ئاتانىڭ (بىر ئېھتىمالدا ئىراندىكى پرومېتې ۋاكالەتچىسى ياكى بولمىسا پولشا باش ئەلچىسى كۆزدە تۇتۇلىۋاتقان بولىشى مۇمكىن — ئا.ھ. ئىزاھاتى) مۇئاۋىنى دوختۇر بىلەن سۆزلەشكەن ئىدىم. نەتىجىدە ھاجى ئاتا دۆلىتىگە قايتىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ

مۇئاۋىنى مەكتۇپلەرنى ھۆزۈرى پوچتىسغا قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىدى. ئامالسىزلىقتىن باشقا ئىشەنچلىك دوست تېپىپ ئۆزۈن دوكلاتلىرىمنى تېھراندىن ئېۋەرتىۋەتتىپ مەشھەتكە قايتتىم. ... مەشھەتتە تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ، 2 ئايدا پۇتىدىغان ئىشنى بىر ھەپتىدىلا پۇتتۇرۇۋالدۇق. ئاشخاباتتىن كەلگەن ئىككى كىشى سەرھادقا (چېگراغا) كەتكەن ئىدى. ئىچكى تەرەپتىن رۇسسىيە ماللىرىدىن ئېلىپ كىلەلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قولىغا دەستۇر (رۇخسەت قەغىزى) تۇتقۇزۇپ تىجارەت ھەيئىتى قىلىپ يولغا سالدىم. مەشھەتتە مۇفتى ماگا ھەمرا بولۇپ يۈردى. 15-سىنتەبىرگىچە ئىچكى تەرەپكە ئېۋەرتىلگەن ئادەملىرىمنى ساقلىماقتىمەن.

تۇرسۇننىڭ ئىستانبۇلغا قايتىپ كەلگىنىدىن كېيىن ت م ب مەركىزى ئۈچۈن تەييارلىغان دوكلاتى، يوقۇرقى شىفىرلىق خەتنى ئاساسى جەھەتتىن يىشىپ بەرمەكتە. 1931-يىلىنىڭ 5-فىۋرال كۈنىسى يېزىلغان بۇ دوكلاتقا قارىغاندا، تۇرسۇن مەشھەتتە ئىشلەۋاتقان ت م ب ھەيئەت ئەزاسى مۇپتى سەدرىدىن رەئىسلىكىدە «شەرق يۇلتۇزى» نامىدا بىر شۆبە قۇرۇپ چىققان. بۇ شۆبىنىڭ قالغان ئەزالىرى قوقانلىق ئابدۇكېرىم مىڭ بېشى بىلەن ئانا مۇھەممەت، قۇل ئەرشى بىلەن بەردى تات ئوغلى ئىسىملىق تۈركمەن مۇجاھىتلىرىدىن تەشكىل تاپماقتا. بۇ شۆبە، چېگراغا يېقىن جايدىكى تۈركمەن گۇرۇپپىلىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ، تۈركمەنىستان تەرەپلەرگە رازۋېتچىكلار يوللىغان. بۇ رازۋېتچىكلارنىڭ ئېلىپ چىققان مەلۇماتلىرى، يېتەرلىك دەرىجىدە قۇرال ۋە پۇل ياردىمى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغىنىدا تۈركمەنىستان تەۋەسىدە بىر قوزغىلاڭ پارتىلىتالايدىغانلىقى توغرىسىدا ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ت م ب نىڭ يېڭى قۇرۇلغان مەشھەت شۆبىسى، ئىران-سوۋېت چېگرا بويىدىكى تۈركمەن قەبىلىلىرى بىلەن ئىرانغا قېچىپ كىلىشكە مەجبۇر بولغان مۇساپىرلار ئىچىدە پائالىيەتلىرىنى كۈچەيتىشكە باشلىغان ئىدى.

تۇرسۇن، بۇ مەلۇماتلار يېزىلغان دوكلاتىنى ت م ب مەركىزىگە، بىر نۇسخىسىنى پرومېتې ھەرىكىتىگە يول كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان پولشا تاشقى ئىشلار مىنىسترلىكىنىڭ شەرق ئىشلىرى بۆلۈمى رەئىسلىكىگە ئېۋەرتىپ بەرگەن ئىدى. ئوتتۇرلۇقتا ئۆزئارا يېزىشقان خەتلەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئىراندىكى ئەڭ يوقۇرى دەرىجىلىك پرومېتې مەسئۇلىغمۇ ھاجى ئاتا دىگەن مەخپى ئىسىم قويۇلغان ئىدى. بۇ مەسئول كىشىنىڭ پولشاغا كېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ مۇئاۋىنى ھىساۋىدىكى ئەلچىخانا خادىمى بۇ دوكلاتلارنى ئىستانبۇلغا ئېۋەرتىپ بېرىشكە ۋاستىچى بولۇش ئىشىغا قىزىقمىغان. بۇ ئەھۋالدا، تۇرسۇن تۈركىيە ئەلچىخانا خادىمى بولغان ئەلىزادە ئىسىملىك بىر كىشى ۋاستىچىلىقى ئارقىلىق دوكلاتلىرىنى تۈركىيىگە ئېۋەرتەلىگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ت م ب ئەزالىرى ئوتتۇرسىدا

يېزىشقان خەتلىرىدىن مەلۇم بولىشچە، ئىراندىكى تۈركىيە ئەلچىخانىسى ۋاستىسى ئارقىلىق قىلىنغان بۇ ئىشلار، ئەلچىخانىدا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ شەخسى تەشەببۇسى بويىچە ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولۇپ، ت م ب نىڭ ئىراندىكى پائالىيەتلىرىدىن تۈركىيە دۆلىتى رەسمى خەۋەردار ئەمەس ئىدى. ئۇ يىللىرى ت م ب نىڭ مەشھەت ۋاكالەتچىسى بولۇپ تۇرىۋاتقان مۇپتى سەدرىدىن بىلەن تېھراندىكى تۈركىيە باشئەلچىسى مەخمۇت شەۋكەت ئەسەندال ئوتتۇرىسىدا تا بۈرۈنقى ۋاقىتلارغا، ئىنتىھات تەرەققىي ۋاقىتلىرىغا ئۇزىغان بىر مۇناسىۋىتى بار ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ت م ب ۋاكالەتچىلىرى تۈركىيە باش ئەلچىخانىسى بىلەن ئەركىن مۇناسىۋەت باغلاپ تۇرىدىغان شارائىتقا ئىگە ئىدى.

شەرق ۋاكالەتچىسى تەرىپىدىن ئىۋەرتىلگەن دوكلات ت م ب مەركەزى تەرىپىدىن تەھلىل قىلىنىپ مۇنداق قارار چىقىرىلغان ئىدى:

مەشھەتتە مۇپتى ھەزرەتلىرىنىڭ رەئىسلىكىدە تەشكىللەنگەن شوبىمىز بىلەن ئۇنىڭ ئەزالىرىنى ت م ب مەركەزى قوبۇل قىلىپ تەستىقلايدۇ. ئەمما شۆبىلەرنىڭ ئايرىم ئىسىم بىلەن ئاتىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقى ئۈچۈن، "مەشھەت شۆبىسى" دەپلا قوبۇل قىلىنىدۇ. شۆبىنىڭ ئايلىق چىقىمى 100 دوللار قىلىپ بەلگىلەندى.

شۆبە تەرىپىدىن ئىۋەرتىلگەن دوكلاتلاردىكى "قوزغىلاڭ باشلاش" پىلانى تار رايون خاراكتېرىدە بولىدىغانلىقى ھەمدە زامانىۋى قۇراللار بىلەن قۇراللانغان رۇسىيە ئارمىيىسىگە قارشى غەلىبىلىك جەڭ قىلىش ئىمكانىيىتى بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، قايتىدىن نۇرغۇنلىغان ۋەتەن ئەۋلاتلىرىنىڭ قۇربان بولۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى تەبىئىي. بۇ تۈردىكى پائالىيەتلەر پەقەتلا فرونت سەبداشلىرىمىز (پرومېتي فرونتىنىڭ قالغان ئەزالىرى كۆزدە تۇتۇلماقتا. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) بىلەن ھەمنەپەس بولغان ۋاقتىمىزدىلا ئاندىن ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولىدىغان ئىشلار دەپ قارايمىز. شۇڭا، ھازىرچە ت م ب بۇنداق بىر ھەرىكەتكە قاتنىشالمايدۇ.

پوچتا ۋاستىلىرى مەسىلىسىمۇ مۇزاكىرە قىلىنغان بولۇپ، ھازىرچە بۇگۈنگىچە پايدىلىنىۋاتقان ئەينى يولنىڭ ئەلىزادە (تۈركىيە ئەلچىخانىسى) ۋاستىسىغا تايىنىشنى داۋام قىلدۇرۇش ماقۇللىنىدۇ. ئەگەر بۇ يولدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى بولماي قالغىنىدا، ئۇنىچە بەك جىددى بولمىغان ئەھۋاللاردا دوستلىرىمىزنىڭ (پولشا ئەلچىخانىسى كۆزدە تۇتۇلماقتا. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) ۋاستىچىلىقىدىن پايدىلىنىشقىمۇ بولىدۇ.

ۋاكالەتچىمىزنىڭ ئافغانىستانغا قاراپ يولغا چىقىشى ئۈچۈن يول تېپىلغىچە كۈتۈپ تۇرىشى لازىم.

ت م ب تەرىپىدىن باشلىتىلغان ئىران ھەرىكىتى، پرومېتې ھەرىكىتى نوقتىسىدىنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش ئىدى. 1930-يىلغا كەلگىچە پرومېتې ھەرىكىتىنىڭ تېھران بىلەن ئۇنىڭ نېرىسىغا ئۇزىغان ھېچقانداق بىر ھەرىكىتى يوق ئىدى. يەنە شۇ يىل ئىچىدە، پولشانىڭ تېھراندا تۇرۇشلۇق باش ئەلسىسى ستانىسلاۋ ھېمپېل، 2-بۆلۈم باشلىقى پولكوۋنىك پېلزىينىسكىگە تۈركىستانغا قارىتىلغان بىر ھەرىكەت پىلانىنىڭ بارلىقىنى يازغان ئىدى. پولشا-پرومېتې ھەرىكىتى مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن 2-بۆلۈم بىلەن مۇناسىۋەتلىك سىياسىي دوكلاتتىمۇ، ئىستانبۇلدىكى تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاقى كاپكازىيە مۇستەقىللىق كومىتېتى بىلەن بىرگە پائالىيەت قىلىشقانلىقىنى كۆرسىتىپ كېلىپ، ئىتتىپاقنىڭ پارىژدا تۇرۇشلۇق ۋاكالەتچىسى مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ تېھراندىكى پولشا ئەلچىخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرىدىغان بىر مۇناسىۋەت شۆبىسىگە ئىگە ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن ئىدى.

ئەمما ئىشلار ت م ب نىڭ كۈتكىنىدەك بولمىدى. ئەسلىدە ت م ب نىڭ شەرق ۋاكالەتچىسى تۇرسۇننىڭ ئىئەرتكەن دوكلاتلىرى ۋارشاۋادىكىلەر ئارىسىدا كۈچلۈك ھۇلۇقۇشنى پەيدا قىلىۋەتكەن ئىدى. سوۋېت چېگراسى تەۋەسىدە قوراللىق بىر قوزغىلاڭ چىقىرىش لايىھىسى، ھەم تاشقى ئىشلار مىنىسترلىكىنىڭ شەرق مەسىلىلىرى بۆلۈمىنى ھەم پرومېتې مەركىزىنى قاتتىق ئەنسىرىتىۋەتكەن، يەنى ئۇچۇقراق ئېيتقاندا ئۇلارنى بەكلا چۈچىتىۋەتكەن ئىدى. قوراللىق كۈرەشكە تايىنىدىغان بىر ھەرىكەتنىڭ كەينىدە پولشا ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرىۋاتقانلىقى ئاشكارىلىنىپ قالغىدەك بولسا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ئېغىر زىدىيەتلەر ئىچىگە پېتىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، مۇستاپا چوقاي ئوغلى بىلەن ئالاقىلىشىپ شەرق ئىشلىرى ۋاكالەتچىسىنىڭ دەرھال قايتىپ كېلىشىنى تەلەپ قىلىشتى. چوقاي ئوغلى بىلەن ت م ب مەركىزى ئوتتۇرىسىدىكى خەت-ئالاقىلار، شۇنىڭدەك تۇرسۇننىڭ ت م ب غا يوللىغان ئەڭ ئاخىرقى دوكلاتىدىن مەلۇم بولىشىچە، تۇرسۇننىڭ قايتۇرۇپ كېلىنىشى ھەققىدىكى پولشالىقلارنىڭ تەلىۋىگە دەسلىۋىدە ت م ب مەركەزى ئۇنچە بەك ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ. بۇ مەسىلە ھەققىدە يازغان بىر پارچە خېتىدە چوقاي ئوغلى مۇنداق دەيدۇ:

تۇرسۇننىڭ ھاجى گاۋراننىڭ تۇققانلىرىغا (پولشا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ شەرق ئىشلار بۆلۈمىنى دىمەكچى — ئا.ھ. ئىزاھاتى) ئۆتۈپ كەتكەن دوكلاتىنىڭ تەرجىمىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. تۇرسۇن ئۇ خېتىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش پىلانىنى ئېنىق ئوتتۇرغا قويغانىكەن. دوستلار ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىشنى تەلەپ قىلىشماقتا. تۇرسۇننىڭ بىزگە ئۆتۈپ كەتكەن دوكلادى بىلەن دوستلارغا ئۆتۈپ كەتكەن دوكلادى بىر-بىرسىگە ئوخشىمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە يوقۇرى ئەمەلدىكى (ۋەزىپىدىكى) كىشىنىڭ نامىغا قارىتىپ ئۆتكەن ئىكەن. شۇنداق قىلىپ، تۇرسۇن بىزگە خەۋەر يوللايدىغان بىرسى ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا خەۋەر يوللايدىغان بىرسىگە ئايلانغان.

يۇز بەرگەن بۇ ئىشلارغا قارىماي، ت م ب مەركەزى ھەيئىتى ئىران بىلەن ئافغانىستان رايونىدىكى پائالىيەتلىرىنى توختاتماي قانات يايدۇرۇش مەسىلىسى ئۇستىدە چىڭ تۇرماقتا ئىدى. ت م ب مەركىزىنىڭ بۇ تۇردىكى ئېپادىسىگە قارىتا، چوقاي ئوغلى يەنە بىر پارچە خېتىدە مۇنۇلارنى تىلغا ئالماقتا ئىدى:

دوستلىرىمىز "تۇرسۇن قايتۇرۇپ كېلىنسۇن" دەپ تۇرىۋاتقىنىدا بىز بولمايدۇ دەپ تۇرىۋالساق، ئۇلارنىڭ داۋاملىق ياردەم قىلىشىنى قانداق تەلەپ قىلالايمىز؟

پرومېتې مەسئۇللىرى ت م ب نىڭ تۇرسۇن مەسىلىسىگە بۇنداق سۇس قاراپ كېلىشىنى كۆرگىنىدىن كېيىن قايتىدىن ھەرىكەتكە كېلىدۇ. ئۇلار مۇستاپا چوقاي ئوغلىغا بېسىم ئىشلىتىپ تۇرسۇننى پارىژغا چاقىرتىپ كېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. خېلى ئۇزۇنغىچە تالاش-تارتىش قىلغاندىن كېيىن، ت م ب مەركىزى تۆۋەندىكىچە قارار ماقۇللاپ ئافغانىستانغا بېرىش ئۈچۈن تېھراندا ساقلاپ تۇرغان تۇرسۇنغا ئۆتۈرتىدۇ:

مەركەزگە كەلگەن بىر مۇنچە خەتلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ تەھلىل قىلىشقاندىن كېيىن، شەرق ئىشلىرى ۋاكالەتچىمىز تۇرسۇن توغرىسىدا تۆۋەندىكىچە قارارغا كەلدۇق:

شەرق مۇراھاسىمىزنىڭ ئىشلەش شەكلى ئۇنىڭغا بېرىلگەن ۋەزىپىلەرگە ھەرقانچە مۇۋاپىق كەلگەندەك قىلسىمۇ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھەرقانداق شەكىلدە بولمىسۇن ئوتتۇرغا قويغان قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش مەسىلىسى ھەمدە بۇ ئىشنى بەكلا ئوچۇق ئاشكارە ئوتتۇرغا قويغانلىقى سەۋەبىدىن ۋەزىيەتنى خەۋپكە قويغانلىقى نەتىجىسىدە، مۇراھاسىمىز ھەققىدىكى بۇرۇنقى

قاراشلىرىمىز باقى قىلىشى بىلەن بىرلىكتە، بۇگۈنكى ئىشنىڭ (ھەر قانچە مۇھىم دەپ قارالغىنىدىمۇ) بىر مەزگىل ئۇچۇن تەخىر قىلىش بىلەن ئۆزىنىڭ شىفائىي مەلۇمات بېرىشى ئۈچۈن دەرھال مەركەزگە قايتىپ كېلىشى مۇۋاپىق كۆرۈلدى. مۇراھھاسانىڭ قايتىپ كەلگىنىدىن كېيىن ۋەزىيەتكە قاراپ ھەربكەت قىلىشى ھەمدە مەركەزنىڭ شەرق مەسىلىلىرى ھەققىدىكى بۇرۇنقى قارارىنىڭ قايتىدىن مەۋقىگە قويۇلىشىغا (ئىجرا قىلىنىشىغا) مۇتتەفىقەن (بىرلىكتە) قارار قىلىندى. شۇڭا بۇ قارارغا مۇناسىۋەتلىك بولغانلارغا دەرھال تەبلىغ قىلىندۇ.

تۇرسۇن بولسا، ت م ب مەركىزى بىلەن پرومېتې مەسئۇللىرىنىڭ بۇنداق ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىپ قېلىشىنى چۈشىنەلمىگەن؛ نەتىجىدە ئىككىلىنىپ قالغان ئىدى. ئىستانبۇلغا قايتىپ كەلگىنىدىن كېيىن يازغان دوكلاتىدا بۇ ئەھۋاللارنى مۇنداق چۈشەندۈردۇ:

ئىشلىرىم بىلەن شوغۇللىنىپ يۈرگەن ۋاقتىمدا پارىژغا قايتىپ بېرىشىم تەلەپ قىلىنغان شىفائىي بىر ئەمىر بىلەن بىرلىكتە ت م ب مەركىزىدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالدىم. نىمە قىلارىمنى بىلەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن دوستلىرىمىزدىن چۈشەندۈرۈلىشىنى تەلەپ قىلدىم ھەمدە پارىژغا چاقىرىلىشىمنىڭ سەۋەبىنىمۇ سورىدىم. ئاخىرىدا ئەرزۇرۇم يولى ئارقىلىق قايتىپ كەلدىم.

# ئاگابېكوۋ ۋەقەسى

بۇ جەرياندا، ت م ب نىڭ شەرق ئەللىرىدىكى پائالىيەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن باشقا بىر ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. گىئورگى ئاگابېكوۋ ئىسىملىق بىر سوۋېت گ پ ئۇ جاسۇسى ئەنگىلىيىگە پانالىق تىلىگەن بولۇپ، بولۇپمۇ تۈركىيە، ئىران ۋە ئافغانىستاندىكى سوۋېت جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرى ھەققىدە تەپسىلى مەلۇمات بەرگەن ئىدى. ئەسلى ئەرمەن بولغان ئاگابېكوۋ، تەخمىنەن 6 يىلدىن بۇيان ئافغانىستان ۋە ئىراندىكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى مەخپىي پائالىيەتلىرىدە ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەن بىر كىشى ئىدى. بۇ ئادەم، ئەنگىلىيە دائىرىلىرىنىڭ نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكى سەۋەبىدىن قايتۇرۇپ كېتىلگەن كابولدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى روسكالنىكوۋنىڭ ئورنىغا تەيىنلەنگەن ليونىد ستاركىنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملىرىدىن بىرسى ئىدى. فارسچە بىلەن تۈرك لەھجىلىرىنى ئىنتايىن ياخشى

سۆزلىيەلەيدىغان جاسۇس بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ئاساسەن ئالغاندا ئافغان تۈركىستاندىكى مۇھاجىرلار بىلەن ئافغانىستاندىكى باسمىچى يېتەكچىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ۋەزىپىسىگە مەسئۇل قىلىنغان بىر جاسۇس ئىدى. شىمالى ئافغانىستان رايونىدىكى تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قايتىپ كېتىشىگە، بولۇپمۇ تۈركمەن گۇرۇپپىلىرى تەرىپىدىن قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان قاراكۆل (ئاستراخان ئەلتىر كۆرپىسى چىقىدىغان قوي تۈرى — ئۇ.ت) ئەتكەسچىلىكىنى توختۇتۇش ھەمدە ئاساسلىقى كونا باسمىچى گۇرۇپپىلار ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سېلىپ سوۋېت تۈركىستانىغا قارشى پائالىيەت قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىشى ئۇنىڭ ئالدىنقى ئورۇندىكى ۋەزىپىلىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرىغا قارىغاندا، ئافغانىستاندا كەڭ دائىرىلىك بىر جاسۇسلۇق تورى قۇرۇپ چىققان بولۇپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. مىڭلىغان تۈركىستانلىق مۇھاجىرنىڭ سوۋېتلەرگە قايتىپ كېتىشىنى ئىشقا ئاشۇرالىغان ئىكەن. تۈركىستانلىق يېتەكچىلەر ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سېلىش ئىشىنىمۇ ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرالىغان ئىكەن.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئىرانغا ئىۋەرتىلىدۇ. بۇ جايلاردىكى ۋەزىپىسى كۆرت ۋە بەختىيارى قەبىلىلىرىنى كەلگۈسىدە يۈز بېرىشى ئېھتىمال بولىدىغان بىرەر ئۇرۇشتا ئۇلارنى ئەنگلىيىلىكلەرگە قارشى تەشكىللەش ئىدى. ئۇرۇش جەريانىدا بۇ قەبىلىلەر ئەنگلىيە قوشۇنلىرىغا ئارقىدىن زەربە بېرىش، ئەنگلىيىلىكلەر تەرىپىدىن ئىشلىتىلىۋاتقان ئىران نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرىنى ۋەيران قىلىدىغان ۋەزىپىنى ئۆستىگە ئالىدىغان بولاتتى. ئاگابېكوۋ، ئىراندا پائالىيەت قىلىپ تۇرغان ۋاقىتلىرىدا تېھران بىلەن دېھلى ئوتتۇرىسىدا يولغا قويۇلىۋاتقان ئەنگلىيە مەخسۇس ئالاقە ئىشلىرىنى كۆزىتىش ئارقىلىق سوۋېتلەرگە ئۇچۇر يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان بىر سىستېما قۇرۇپ چىققان ئىدى. ئەنگلىيىگە پانالىق تىلىگەندىن كېيىن دېھلىدە ئۆتكۈزۈلگەن سوراقتا شىفىرلىق مەخسۇس خەتلەرنى قانداق ئېچىپ ئوقۇغانلىقلىرىنى ھەمدە كېيىن يەنە قانداق قىلىپ بىلىندۈرمەستىن چاپلايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش ئارقىلىق بۇ دىگەنلىرىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن ئىدى.

1928 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، بىر مەزگىل ئىستالىننىڭ شەخسى كاتىبى بولغان بورىس باژانوۋ ئىسىملىك بىر سىياسي بيۇرۇ كاتىۋى، تۈركمەنىستان چېگراسىدىن ئۆتۈپ ئىراندىكى ئەنگلىيە ئورگانلىرىغا تەسلىم بولىدۇ. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى قۇرۇلغىنىدىن بېرى قېچىپ كەتكەن ئەڭ يوقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ھىساپلانغان بۇ كىشىنىڭ پانالىق تىلىشى، موسكۋا دائىرىلىرىنى بەكلا غەزەپلەندۈرىۋەتكەن بولۇپ، ھەرقانداق بەدەل تۆلىنىشىدىن قەتئىي نەزەر باژانوۋ ئۆلتۈرىلىشى كېرەك دەپ قارار قىلىشقان ئىدى. ئۇنى ئۆلتۈرۈش ۋەزىپىسى ئاگابېكوۋغا تاپشۇرۇلغان

ئىدى. ئاگابېكوۋ، بۇ ئىش ئۈستىدە ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەن ۋاقتىدا ئەنگلىيىنىڭ قاھىرىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىدا ئىشلەيدىغان بىر كاتىپقا ئاشىق بولۇپ قېلىپ، باژانوۋ قېچىپ كېتىپ بىر يېرىم يىلدىن كېيىن ئۇمۇ غەرپ دۇنياسىغا قېچىپ پانالىق تىلەيدۇ. سوراق قىلىنىش ئىشلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەنگلىيىگە بارغان ئاگابېكوۋ، جاسۇسلۇق بىلەن شوغۇللىنىپ يۈرگەن ۋاقتىغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلىرىنى «The Russian Secret Terror OGPU» ئىسىملىق بىر كىتاپتا ئېلان قىلىدۇ.

سابىق چېكا خادىمى بولغان ئاگابېكوۋنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدە تۈركىستانلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك بۆلۈملەرمۇ بار ئىدى. بولۇپمۇ داڭلىق باسمىچىلار يېتەكچىلىرىدىن شىر مۇھەممەت بەگ بىلەن فۇزەيل مەخدۇملارغا مۇناسىۋەتلىك بەزى گەپلەرمۇ بار ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە بۇخارا ئەمىرى سەئىد ئالىمخانغا دائىر مەلۇماتلارمۇ بار ئىدى. ياش تۈركىستان ژورنىلىدىمۇ ئېلان قىلىنغان گەپلەردىن قارىغاندا، ئاغابېكوۋ ئافغانىستاندا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىللەردە يوقۇرىدا ئىسمى ئاتالغان كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ تۆۋەندىكىدەك گەپلەرنى دەيدۇ:

قولغا چۈشۈرگەن مەلۇماتلىرىمىزغا ئاساسلانغاندا شىر مۇھەممەد ئەپەندىنىڭ قولىدا باسمىچىلىق دەۋرلىرىدە ھىندىستان ھۆكۈمىتى بىلەن تۈزۈشكەن ياردەم ئېلىش كېلىشىمىنىڭ بىر نۇسخىسى بولۇشى لازىم ئىدى. شۇنداق بولغاچقا شىرمەت قارغۇ (شىرمۇھەممەد ئەپەندىنىڭ ھەممە كىشى بىلىدىغان لەقىمى شىرمەت قارغۇ ئىدى) بىزنى بەكلا قىزىقتۇرۇپ كەلگەن ئىدى. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ سۆزلىشىشكە باشلىدۇق. ئەمما سۆزلىشىش جەريانىدا ئۇنىڭدا بۇنداق بىر ھۆججەتنىڭ يوقلىغىنى دەرھال سەزدۇق. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنى (فۇزەيل مەخدۇم بىلەن شىرمەت قارغۇنى) قولدىن چىقارماي، ئۇلار ئىككىسىنى بۇخارا ئەمىرىنىڭ كەينىگە سېلىپ قويدۇق.

كابولدا ئافغانىستان تاشقى ئىشلار نازارىتىدا ئىشلەيدىغان، سابىق تۈرك ئارمىيىسى مۇھاپىزەتچىلىرىدىن بولغان مىرئالاي ھاسان ئەپەندىنى گ پ ئۇ دا خىزمەت قىلىدىغانغا ماقۇل كەلتۈرىۋالغان ئىدىم. ئۇ ئەنۋەر پاشا بىلەن بىرگە ئىشلىگەن بىرسى ئىدى. ئافغانىستانغا بېرىۋېلىپ ئۇ يەردە ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ئىدى. تۈركىستان باسمىچىلىرىنىڭ كۆپۈنچىسى ئۇنى تونۇيتتى. شۇ سەۋەپتىن كابولغا كەلگەنلىرىدە ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرىشاتتى. باسمىچىلاردىن فۇزەيل مەخدۇممۇ ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالاتتى. ھاسان ئەپەندىنىڭ ۋاستىسى

بىلەن ئاۋال فۇزەيل مەخدۇمنى، كېيىن يەنە شىرمەت قارغۇنىمۇ ئىشىمىزغا سېلىشۋالدۇق.

ئاغابېكوۋنىڭ دىگەنلىرىدىن قارىغاندا، سوۋېت دائىرىلىرى شىرمۇھەممەت ئەپەندىنىڭ قولىدا دەپ قارالغان كىلىشىمنامە ئارگىنالىنى قولغا چۈشۈرۈپ لوندوندا نەشرى قىلىنىشۋاتقان زىنوۋيېۋ خەت-چەكلىرىگە قارشى كوزۇر قىلىپ پايدىلىنىشنى پىلانلاشقان ئىدى (كومىنتېرن ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى زىنوۋيېۋنىڭ ئەنگلىيە كومۇنىستلىرىغا ئىۋەرتكەن بىر پارچە خېتى 1924-يىلىسى لوندون گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىنىدۇ. زىنوۋيېۋ بۇ خېتىدە ئەنگلىيە كومۇنىستلىرىغا ۋەيران قىلىش خاراكتېرىدىكى پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللىنىشلىرى ھەققىدە يولىيورۇق بېرىلگەن ئىدى. بۇ خەتنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقى، ئەنگلىيىدىكى تۇنجى ئىشچىلار پارتىيىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. بۇ ۋەقە سەۋەبىدىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى خەلقارالىق سەھنىلەردە قاتتىق تەنقىتلىنىشلەرگە دۇچ كەلگەن ئىدى. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). بۇخارا ئەمرىگە مۇناسىۋەتلىك گەپلەر تېخىمۇ قورقۇنۇشلۇق ئىدى:

1925-يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە مۇنداق ئىككى تۈرلۈك تەكلىپ تاپشۇرۇپ ئالغان ئىدىم: بىرىنچى تەكلىپ بۇخارا ئەمرىنىڭ ۋەكىلىدىن كەلگەن ئىدى. ئەمرنىڭ بۇ تەكلىۋىدە بىز بىلەن يارىشىپ قېلىشقا تەييار ئىكەنلىكى بىلدۈرلگەن ئىدى. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق ئىككى تۈرلۈك شەرت قويغان: بىرىنچى شەرت، ئۇنىڭغا تەكائۇت (پېنسىيە مائاشى) بېرىلىشى؛ ئىككىنچى شەرتى بولسا يالغاندىن كۆرسەتمىلىك بولسىمۇ بۇخارانىڭ كىچىك بىر پارچىسىدا ئەمىرلىك ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ماقۇل بولۇش تەلىۋى ئىدى. ئەمىر ئافغانىستان ھۆكۈمىتىدىن ئېيىغا 14 مىڭ رۇپىيە مائاش ئېلىپ تۇراتتى. ئەمىر ئۈچۈن ھاكىمىيەت شەرتىنى رەت قىلىپ، مائاش تەلەپ قىلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشتۇق.

ئىككىنچى تەكلىپ بولسا فۇزەيل مەخدۇمدىن كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ تەكلىۋىدىمۇ يا ئەمىرنى ئۆلتۈرىۋېتىش ياكى بولمىسا سوۋېت تۇپرىقىغا ئۆتكۈزىۋېتىش ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى. مەن بۇ ئىككى تۈرلۈك تەكلىپنى موسكۋاغا بىرگە ئۇقتۇردۇم. كەلگەن جاۋاپتا موسكۋانىڭ ھەرقانداق بىر شەكىلدە سابىق ئەمىر بىلەن سۆھبەت قىلىشقا بولمايدىغانلىقى، ئىككىنچى تەكلىپكە نىسبەتەن موسكۋانىڭ ئېنىق بىر كۆز قارىشى يوقلىقى، بۇ مەسىلىگە قارىتا كابولدىكى باش ئەلچىنىڭ رازىلىقى بويىچە ھەرىكەت قىلىشىم لازىملىقى

ئۇقتۇرۇلغان ئىدى. بۇ ئىشلار ئۈستىدە باش ئەلچى ستارك بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇمۇ ئاساسەن ئالغاندا بۇ تۈردىكى پىكىرگە قارشى تۇرمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمما ئەمرنى تازىلىۋېتىش ئۈچۈن مۇۋاپىق بىر پۇرسەت كۈتۈش لازىملىقىنى ئېيتتى. بۇ ئىشنى ئافغانىستان بىلەن باشقا دۆلەتلەر سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئەڭ ئاز زىددىيەتلىشىپ قالىدىغان پەيتىنى تاللاپ قىلىش كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلدى.

ياش تۈركىستان ژورنىلى بۇ تۈردىكى گەپ-سۆزلەرنى ئېلان قىلىش بىلەنلا قالماي، ئاگابېكوۋ بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىپ ئۇنىڭ بۇ دىگەنلىرىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىيالايدىغان پاكىتلىرىنىڭ بار-يوقلىغىنىمۇ سورىغان. ئاگابېكوۋ بۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ قانداق بىر پاكىت كۆرستىپ بىرەلمەيدۇ. ئەمما دىگەنلىرىنى قەتئىي چىڭ تۇرۇپ تەكرارلايدۇ. ژورنال، بۇ مەسىلە ھەققىدە بەرگەن مۇلاھىزىسىنى مۇنۇ جۈملىلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ:

بىز ھەقىقىي تۈركىستان مىللەتچىسى بولغان شىر مۇھەممەت ئەپەندىنىڭ ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن بۇ چېكاچىلار تەرىپىدىن ئۈستىگە ئارتىلغان بوھتانلارنى رەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. قول ئاستىدا زالىملارغا قارشى جەڭ قىلغان مىڭلىغان شەھىتلەرنىڭ قېنىمۇ شىر مۇھەممەت ئەپەندىدىن بۇ قارىلاشلاردىن قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شىر مۇھەممەت ئەپەندىگە دىگەن يوقۇرىدىكى تەلىۋىمىزنى ئەلىۋەتتە فۇزەيل مەخدۇمغىمۇ تەكرارلايمىز.

ت م ب رەھبەرلىكى باشتىن تارتىپلا شىر مۇھەممەت ئەپەندىنى بۇخارا ئەمرىگە ياردەم قىلىپ كەلدى دەيدىغان خاتا قاراشتا بولۇپ كەلگەن ئىدى. شۇ سەۋەپتىن غەرپكە پانالىق تىلەپ كەتكەن ئەرمەنلەردىن بولغان ئاگابېكوۋنىڭ چەتئەللەردىكى تۈركىستانلىقلار ئوتتۇرسىغا زىددىيەت سېلىشقا ئۇرۇنۇشلىرىغا ئاسانلا ئىشىنىپ قالغان ئىدى. يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەلەرگە قارىتا ت م ب نىڭ تۇتقان يولى، بولۇپمۇ شىر مۇھەممەت ئەپەندىگە ئوخشاش مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشى يېتەكچىلىرى ئالاھىدە ياردىمگە ئېرىشكەن ئافغانىستان بىلەن ھىندىستان قاتارىدىكى ئەللەردە، تۈركىستانلىقلارنىڭ ت م ب گە قارىتا كۆز قاراشلىرىنىمۇ سەلبىي تەسىرگە ئۇچرىتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ت م ب مەركىزىنىڭ بۇ ھەقتە خاتا پوزىتسىيەدە بولغانلىقىنى ئوچۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئاگابېكوۋ بۇ تۈر مۇناسىۋەتلەر 1925~1926-يىللىرىدا ئورنىتىلغان دەپ ئېيتىدۇ. ئافغانىستاندا بەچچەئىي ساقا ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان 1929~1930-يىللىرى، ھەر ئىككىلا باسمىچىلار رەھبىرى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى يېڭى پائالىيەتلەرنى

تەشكىللىگەن ئىدى. فۇزەيل مەخدۇم، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆز ئىسمىنى ھاجى ئابدۇلقادىرغا ئۆزگەرتىپ **شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كۈرىشىگە** (بۇ كىتاپتىكى شەرقىي تۈركىستانغا تەۋە بارلىق سۆزلەردىكى تەكىتلەش تەرجىمانغا ئائىت — ئۇ.ت) قاتنىشۋاتقان ۋاقىتلاردا تۇڭگانلار تەرىپىدىن ئۇرۇسلارغا تۇتۇپ بېرىلىدۇ. ئۇرۇسلار ئۇنى تاشكەنتكە ئاپىرىپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ ئېتىپ تاشلايدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئېلان قىلىنغان ئەنگىلىيە ھۆججەتلىرىدىمۇ شىر مۇھەممەت ئەپەندىنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش مەقسىتىدە قولىدىن كېلىدىغان پۈتۈن چارىلارنى تولۇق ئىشقا سېلىپ باققانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئاگابېكوۋنىڭ دىگەنلىرى پۈتۈنلەي تۆھمەت سۆزلەر ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ تۆھمەتلىرى پەيدا قىلغان مۇجىمەللىك، چەتئەلدە مىللىي تۈركىستان ئۇچۇن كۈرەش قىلىۋاتقان كىشىلەر ئىچىدە ئېغىر بۆلۈنۈشلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغىمۇ سەۋەپچى بولدى دېيىشكە بولىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، ئاگابېكوۋنىڭ ئېرىشمەكچى بولغىنىمۇ دەل مۇشۇنداق بىر بۆلۈنۈشنى پەيدا قىلىۋېتىش ئىدى.

## سوۋېت جاسۇسلىرى ئىستانبۇلدا

1930 ـ يىلى دىكابىر ئېيىدا ت م ب ئومۇمىي يىغىلىشىدا ۋەزىيەت مۇھاكىمە قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزىدۇ. بۇ يىغىندا شۇ ۋاقىتقا كەلگىچە ئىجرا قىلىنغان پائالىيەتلەر بىلەن كەلگۈسىدە قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلەر مۇزاكىرە قىلىنىدى:

ت م ب 1927 ـ يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلىۋاتقان ئىككى مەتبۇئات ئەپكارىغا تايىنىپ چەت دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان تۈركىستانلىقلارنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەرىكەتكە كەلتۈرەلىدى دېيەلەيمىز. شۇنداق قىلىپ، مەيلى چەتئەلدە بولسۇن ياكى ۋەتەن ئىچىدە بولسۇن مىللىي غايىلارنى ئاكتىپ يولغا قويۇپ كېلەلىدى. ... شۇنداقتىمۇ ت م ب نىڭ قولغا كەلتۈرگەن بۇ نەتىجىلىرى ئاساسلىقى نەزەرىيە جەھەتتىلا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر بولۇپ، ئەمەلىي ئىجرائەت جەھەتتىكى پائالىيەتلەر بەكلا ئاز بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ مەشھەد بىلەن بېرلىن شۆبىلىرىمىز ۋاستىسىدە مۇھىم ئىجرائەتلەرنى ئىشقا ئاشۇرالىدۇق. ... ئەمەلىي ئىجرائەتلىرىمىز ئاساسەن ئالغاندا ئىقتىسادىي ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىش ئاساسىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان ۋەزىپىلەردىن ئىدى. ... ئەگەر ماددىي ئىمكانىيەتلەر يېتەرلىك دەرىجىدە تەمىن قىلىنغىنىدا، ت م ب تۈركىستانلىقلار

ياشاۋاتقان بارلىق دۆلەتلەردە كەڭ كۆلەملىك تەشكىللىنىش پائالىيىتىنى ئېشقا ئاشۇرالىغان بولاتتى. بولۇپمۇ ئافغانىستاندا بۇ تۈر تەشكىللىنىش ئىشلىرى بەكلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. فەيزاباد، خاناباد، مازارىي شەرىف ۋە كابۇل قاتارلىق شەھەرلەردە شۆبىلىرىمىزنىڭ بولىشى پائالىيەتلىرىمىزنى كۈچلۈك تەسىر كۆرستەلەيدىغان ھالغا كەلتۈرەلىشى مۇمكىن.

يىغىن مۇزاكىرىسى ئارقىلىق ت م ب ئورگىنى بۇندىن كېيىنكى پائالىيەتلىرى ئۈچۈن شەرق ۋە غەرب ئەللىرىدىن ئىبارەت ئىككى پائالىيەت ساھەسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بەلگىلەپ چىقىدۇ. غەربتىكى پائالىيەتلەر ئاساسلىقى سىياسىي ۋە نەزەرىيىلىك پائالىيەتلەرنى ئاساس قىلىشى، شەرقتىكى پائالىيەتلەر بولسا ئەمەلىي ھەرىكەتلەرنى ئاساس قىلىشى لازىملىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەمما ھېسابلاش نەتىجىسىدە بۇنىڭ ئۈچۈن لازىملىق پۇل بەكلا كۆپ بولۇپ، ئۇ كۈنكى ئىقتىسادىي ئىمكانىيەتلەردىن قارىغاندا بۇنچە كۆپ پۇلغا كاپالەتلىك قىلىش خېلى تەسكە توختايدىغان ئىش ئىدى. دېمىسىمۇ كېيىن يۈز بېرىدىغان ھادىسىلەر بۇ پىلانلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى ئاساسىي جەھەتتىن مۇمكىن بولمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

ئۇ يىللىرى ياۋرۇپا ۋاكالەتچىسى بولۇپ تۇرىۋاتقان، «ياش تۈركىستان» ژۇرنىلىنىڭ باش تەھرىرى مۇستاپا چوقاي ئوغلى يازغان ماقالىلار پولشا (ۋىسچود)، ئەنگلىيە (ژورنال ئوف دې رويال ئاسئان سوسيېتي) ۋە ھەر تۈرلۈك فرانسىيە ژورناللىرىدا ئېلان قىلىنماقتا ئىدى. چوقاي ئوغلىنىڭ ئۆزىمۇ لوندون، پارىژ، بېرلىن ۋە ۋارشاۋا قاتارىدىكى شەھەرلەرنى ئايلىنىپ ئىلمىي دوكلاتلار بەرمەكتە ئىدى. بولۇپمۇ جەنۋەدىكى بىرلەشكەن مىللەتلەر مەركىزىدە بەرگەن «تۈركىستاندىكى مىللىي مەسىلىلەر» ماۋزۇلۇق دوكلاتى ئالاھىدە داغ ـ دۇغا پەيدا قىلغان بولۇپ، «لا قۇېسشيون ناتسيۇنال دۇ تۈركىستان» دېگەن تېما بىلەن «لا ترىبۇن دې جەنۋە» ژورنىلىدا بېسىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە قۇددۇستا چاقىرىلماقچى بولغان ئىسلام قۇرۇلتىيىغا تۈركىستان ۋەكىلى سۈپىتىدە قاتنىششى ئۈچۈن تەكلىپ قىلىنغان ئىدى.

ت م ب نىڭ بۇ تۈردىكى پائالىيەتلىرى سوۋېتلەر ئىنتىپاقى دائىرىلىرىنى قاتتىق ساراسىمىگە سېلىپ قويماقتا ئىدى. 1930 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، موسكۋا دائىرىلىرى ئىستانبۇلدىكى ت م ب مەركىزىگە جاسۇس كىرگۈزۈش پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن خوجەنت تاجىكلىرىدىن بولغان ئەلىجان سادىق ئوغلى ئىسىملىك بىر جاسۇسنى تۈركىيىگە كىرگۈزىدۇ. ئەلىجان تۈركىيىگە كېلىپ تۈركىستان تۈرك ياشلار ئىتتىپاقى (ت ت گ ب، تۈركىستان تۈرك ياشلار بىرلىكى) بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ ئۆزىنى سوۋېتلەرگە قارشى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان بىر مۇجاھىت دەپ تونۇشتۇرۇپ ئۈلارنى ئىشەندۈرىدۇ. بۇ ئادەم ئوقۇغان بىلىملىك بىرسى ئىدى. ياش

تۈركىستان ژورنىلىغا بىر قانچە پارچە ماقالە يېزىپ بېرىدۇ. بۇ ماقالىلىرىدىن «ئۆزبەكىستاندا كولخوزچىلىق» ماۋزۇلۇق بىر پارچىسى «ياش تۈركىستان ژورنىلى» نىڭ 5~6 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان ئىدى. ئۇ تۈركىيىگە كېلىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئىستانبۇلدىكى تۈركىستانلىقلار ئارىسىدا خېلى ئىشەنچ تۇرغۇزدۇم دەپ قاراپ ئىككىنچى باسقۇچلۇق ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ. يەنى پۈتۈن خىيالى ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ت ت گ ب رەھبەرلىرىدىن بۇنىڭ ئۈچۈن كېپىللىك قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. دەل شۇ پەيتلەردە ئىراندىكى تۈركىستانلىقلاردىن كەلگەن بىر قىسىم خەۋەرلەر ئەلىجان ئۈستىدە بەكلا ئېغىر گۇمانلارنى پەيدا قىلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ باتۇمدىن بىرگە تۈركىيىگە كەلگەن بىر دوستىنىڭ ئەلى ئەكبەر دېگەن يالغان ئىسىم قوللىنىپ يۈرگەنلىكى پاش بولۇپ قېلىپ ئەلىجان ئۈستىدىكى گۇمانلار تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئىستانبۇلدىكى تۈركىستانلىقلارنىڭ پاش قىلىشى نەتىجىسىدە 1931 ـ يىلى مارتتا ئەلىجان سادىق ئوغلى ئىستانبۇل ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدۇ. ساقچىلارنىڭ سوراق قىلىشى نەتىجىسىدە، سوۋېت دائىرىلىرى چەتئەلدىكى تۈركىستانلىقلارغا قارىتا ئاخبارات توپلاش پائالىيەتلىرى بىلەن شوغۇللىنىپ يۈرگەنلىكىنى، ئۆزىمۇ بۇ ئىش بىلەن بۇ يەرگە ئىۋەرتىلگەنلىكىنى ئىخرار قىلىدۇ. بۇ، ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى چۆچۈتىدىغان بىر ۋەقە ئىدى.

ئەسلىدە سوۋېت گ پ ئۇ خادىمى بولغان 27 ياشلىق ئەلىجان سادىق ئوغلى، 1929 ـ يىلى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن ئىرانغا ئۆتۈپ ئۆزىنى سوۋېت تۈزۈمىگە قارشى چىققان مۇجاھىتمەن دەپ تونۇشتۇرۇپ، ئىراندىكى خېلى ئىناۋەتلىك بىر تۈركىستانلىقنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىرىۋالغان ئىكەن. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىران ھۆكۈمىتى باشلاتقان "چېكەتكە ئاپىتىگە قارشى ھەرىكەت" گە مۇتەخەسسىسلىك سۈپىتى بىلەن كىرىۋالىدۇ. بۇ ۋەزىپە، ئۇنى ئىراننىڭ بارلىق چېگرا بويلىرىغا، ئىران خۇراسانى رايونلىرىدا ئەركىن ئايلىنىش ھەمدە مەشھەت تەرەپلەردە ياشايدىغان تۈركىستانلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرى بىلەن شوغۇللىنىش ئۈچۈن ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەن ئىدى. ئەلىجاننىڭ ئەسلى ۋەزىپىسى، پات ـ پات سوۋېت چېگراسىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ سوۋېت ئورگانلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ تۇرىۋاتقان باسمىچىلار يېتەكچىسى ئاناقۇلنى يوقۇتۇش ئىدى. ئەلىجان بۇ ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغىنىدىن كېيىن تېھرانغا كىرىپ، ئۇ يەردە پائالىيەت قىلىپ يۈرگەن يەنە بىر گ پ ئۇ ئىشپىيونى مەھمۇت ئېزىزخانوۋ بىلەن بىرلىشىپ پائالىيەت قىلىشقا كىرىشىدۇ.

1929 ـ يىلىسى، ئىراندىكى سوۋېت جاسۇسلۇق تورىنىڭ مۇھىم يېتەكچىلىرىدىن بىرسى بولغان گيورگى ئاغابېكوۋ ئەنگلىيىلىكلەر تەرەپكە ئۆتۈپ ئۇلاردىن پانالىق تىلەيدۇ. بۇ ۋەقە سەۋەبىدىن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئاغابېكوۋ بىلەن بىرگە ئىشلىگەن

بارلىق جاسۇسلارنى دەرھال قايتۇرۇپ كېتىشكەن ئىدى. بۇ قايتۇرۇلغانلاردىن بىرسى دەل ئەلىجاننىڭ باشلىقى مەھمۇت ئىبزىخانوۋ ئىدى. ئەلىجان سادىق ئوغلى گەرچە ئاغابېكوۋ تونىمايدىغان بىرسى بولسىمۇ سوۋېت دائىرىلىرى ئۇنى ئاۋال تەبرىزگە يۆتكىۋېتىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنى يەنە تىبلىسنى ئايلاندۇرۇپ تاشكەنتكە ئېۋەرتىشىدۇ.

بۇ جەرياندا سوۋېت گ پ ئۇ ئورگىنى ئەلىجاننى ئىرانغا ئېۋەرتىشتىن ۋاز كېچىپ تۈركىيىگە ئېۋەرتىش قارارىغا كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەلىجان بىرمەزگىل تۈركىستان تەۋەسىدە پائالىيەت قىلغىنىدىن كېيىن باتۇم ئارقىلىق تۈركىيىگە كىرگۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭ تاپشۇرۇشىدىن قارىغاندا، ئۇ تۈركىيىدە ت م ب تەشكىلاتىدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ تۈركىستاندىكى ئالاقىلىشىش پونكىتلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئاخباراتلارنى يىغىش، ت م ب تەشكىلاتى ئىچىدە پىتنە ـ پاسات چىقىرىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغانىكەن. ئەگەر بۇ جەرياندا تۈركىيىنىڭ ھەربىي مەكتەپلىرىدىن بىرەرسىگە ئوقۇغۇچى بولۇپ كىرىپ ئالالىغىدەك بولسا، مەخسۇس سوۋېت جاسۇسى بولۇپ تۈركىيىدە داۋاملىق ئىشپىيونلۇق قىلىپ تۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىكەندۇق. بۇنىمۇ قاملاشتۇرالمىغىنىدا بېرلىنغا بېرىپ ئۇ يەردىكى تۈركىستانلىقلارنىڭ مەلۇماتىنى توپلاش ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىگە زىدىيەت تېرىش ئىشى بىلەن شوغۇللانماقچى بولغانىكەن. تۈركىيىنىڭ «جۇمھۇرىيەت» گېزىتىدە بېسىلغان خەۋەرلەردىن قارىغاندا، ئەلىجان سادىق ئوغلى بىر مەزگىل تۈرمىگە قامالغىنىدىن كېيىن "مەنئىي مۇھاكىمە" قارارى بويىچە چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغانىكەن. شۇنداق قىلىپ ئەلىجان سادىق ئوغلى پاش بولۇپ قولغا ئېلىنغان ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، سوۋېت دائىرىلىرى تۈركىيىدىكى تۈركىستانلىقلار ئىچىگە ئىشپىيون كىرگۈزۈپ ئىچكى زىدىيەت پەيدا قىلىش پائالىيەتلىرىنى ھەرگىزمۇ توختاتمىغان ئىدى. غەلىتى بىر توغرا كېلىپ قالغانلىقىمۇ قانداق، ئىشپىيونلۇقى خېلى كېيىنكى ۋاقىتلاردا پاش بولىدىغان مەھمۇت ئايقارلىمۇ ئاساسەن شۇ ۋاقىتلاردا ئەلىجاننىڭ ماڭغان يولىغا ئوخشايدىغان يوللارنى بېسىپ مەشھەتكە كېلىپ، ئۇ يەردە سەددىردىنخان مۇپتىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋېلىپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىۋالغان ئىدى.

## ت م ب پائالىيەتلىرىنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا كۆرسەتكەن تەسىرى

ت م ب نىڭ داڭلىق ئۈچ ئەپەندىسى ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى پارتىلىغان دەۋرلەردە سوۋېتلەرگە قارشى ھۆكۈمەتلەر تەشكىل قىلغان كىشىلەر ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار چەتئەلگە قېچىپ كەتكەندىن كېيىن سوۋېت رەھبەرلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ

گېزىت ـ ژۇرناللىرى بۇ ئۈچ ئەپەندىنى بۇرجۇئا مىللەتچىلىرى، خەلق دۈشمىنى دەپ تەشۋىق قىلىشقا كىرىشكەن ئىدى. ستالىن، 1923 ـ يىلى 10 ـ ئىيول رۇسسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ 4 ـ سانلىق يىغىنىدا سۆزلىگەن «مىللىي رايون ۋە جۇمھۇرىيەتلەردە ئوڭچىلىق ۋە سولچىلىق» تېمىلىق نۇتقىدا زەكى ۋەلىدىنى شىددەت بىلەن تەنقىتلىگەن ئىدى. يەنە شۇ يىغىندا سۇلتان غالىيېۋغىمۇ ھۇجۇم قىلغان ستالىن، يىغىن ئاخىرىدا تەييارلانغان خۇلاسە دوكلاتىدا غالىيېۋغا ئەكسىل ئىنقىلاپچى، ۋەتەن خائىنى دېگەن جىنايەتنى ئارتىدۇ. ستالىنىنىڭ كۆرسىتىشىدىن قارىغاندا غالىيېۋ، ۋەلىدىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق خەلقارا جاھانگىر كۈچلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقان باسمىچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغانمىش. ۋەلىدى چەتئەلگە قېچىپ كەتكىنىدىن كېيىن سوۋېتلەر تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن باشقىردىستان سابىق دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرى مىرالاي (پولكوۋنىك دەرىجىسىدىكى بۇرۇنقى ھەربى ئۇنۋان — ئۇ.ت) ئەۋھادى ئىشمۇرزىنىغىمۇ "ۋەلىدوپچى" دېگەن جىنايەت ئارتىلغان ئىدى. بۇنىڭغا ئوخشىغان جىنايەت ئارتىش ھادىسىلىرى ئۇ دەۋرلەردە خېلى كۆپ كۆرۈلىدۇ.

ت م ب چىلار «يېڭى تۈركىستان» ژۇرنىلىنى چىقارغىنىدىن كېيىن، يەنە «ياش تۈركىستان» ژۇرنىلىنىمۇ چىقارغانلىقى سوۋېت دائىرىلىرىنى بەكلا پاراكەندە قىلىۋەتكەن ئىدى. بۇ ژۇرنالنىڭ باش تەھرىرى مۇستاپا چوقاي ئوغلى قوقان مۇختارىيىتىنىڭ رەئىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى سوۋېت تارىخچىلىرى ئاللا بۇرۇنلا ئەكسىل ئىنقىلاپچى، سوۋېت دۈشمىنى دەپ ئېلان قىلىپ بولغان ئىدى. «ياش تۈركىستان» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن سوۋېت مەتبۇئاتلىرى بۇنىڭغا قارشى شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ، سوۋېتلەر تەۋەسىدىكى ئۆكتىچىلەر بىلەن سوۋېتلەرگە نارازى كىشىلەرنى "چوقايچىلىق" بىلەن قارىلاپ يوقۇتۇشنى ئادەت قىلىۋېلىشقان ئىدى. ئۆزبەكىستان كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى ئەكمەل ئىكراموۋ، سەمەرقەنتتە چاقىرىلغان ئۆزبەكىستان مائارىپ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا چەتئەلدە نەشرى قىلىنىۋاتقان سوۋېتلەرگە قارشى ژۇرناللارنى ئېغىزغا ئالغىنىدا "چوقايچىلار" دېگەن بۇ ئاتالغۇنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرغا قويغان ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ھەرقانداق سىياسەتكە نارازى بولغان كىشىلەرنى تەنقىتلەش ياكى بېسىقتۇرۇشلاردا ئۇلارنى چوقايچىلار دەپ ئەيىپلەيدىغان بولىۋېلىشتى. مۇستاپا چوقاي ئوغلى بىر ماقالىسىدا بۇ ھەقتە بىر مۇنچە مىساللارنى كەلتۈرگەن ئىدى:

رەھىم ئىنام ئوغلى قىزىل مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ھەققىي ئەپتى بەشىرىسىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ تۈركىستاندىكى مىللىي سىياسەتلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە تايىنىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ "ئۆزبەكىستاندا ئۇرۇسلارنىڭ رەھبەرلىك

قىلىشقا ئېھتىياجى يوق“ دەپ ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئۇنى دەرھال چوقايچىلار سېپىگە قوشۇپ قارىلاشتى. ...

سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ مۇساپىر، مۇھاجىر بولۇشقا مەجبۇرلاش ۋە مۇستەملىكىلەشتۈرۈش سىياسىتىگە قارشى چىققان بەزى قازاق كومۇنىستلىرى قازاق گېزىتلىرىدە ”پارتىيە ۋە سوۋېت ئورگانلىرىدا يوشۇرۇن چوقايچىلار ئورۇنلىشىۋالغان“ دەپ يازىدۇ. ...

سەمەرقەنت تەلىم تەربىيە ئىنستىتۇتى بىلەن بايرامئەلى تېخنىكومىدا ئوقۇيدىغان ئۆزبەك ۋە تۈركمەن تالىپلىرى تۈركىستاننىڭ سوۋېت رۇسىيە مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇلىشىغا قارشى نارازىلىق بىلدۈرۈش نامايىشى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلىشقانىدى. سوۋېت گېزىتلىرى بۇ ياش تۈركىستانلىقلارغىمۇ چوقايچىلار دېگەن قالپاقنى كەيگۈزۈشتى. ...

تۈركىستاندا تۇمايلوۋ ئىسىملىك بىر كومۇنىست يېتەكچىلىكىدە تروتسكىچىلار مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇلار ستالىننىڭ ئاخماقانە سىياسەتلىرىگە قارشى كۈرەش قىلماقتا ئىدى. سوۋېت گېزىتلىرى ئۇلارنىڭ نامىنىمۇ دەرھال چوقايچىلار دەپ ئالماشتۇرۇشتى. ...

1939 ـ يىللاردا سوتقا تارتىلغان باسمىچىلار بىلەن مىللەتچىلەرگە ياردەم قىلغان دېگەن بوھتان بىلەن قولغا ئېلىنغان ئۆزبەكىستان ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى سادۇللا قاسىموۋ بىلەن ئۇنىڭ يېقىنلىرىنىڭ دېلولىرىنى سوتلىغاندىمۇ يەنە شۇنداق قالپاق كەيگۈزۈشلەر بولدى. بولۇپمۇ قاسىموۋچىلارنى سوتلاشتا ئارتقان جىنايەتلىرىدىن بىرسى چوقاي ئوغلى گۇرۇھىدىكىلەر بىلەن ھەمكارلاشقان، يەنى چوقايچىلىق قىلغان دەپ قارىلانغان ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا كومۇنىست رەھبەرلىكى مائارىپ ۋە سانائەت ساھەلىرىدىكى ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ ھەممىسىنى دېگىدەك چەتئەلدە پائالىيەت قىلىۋاتقان ت م ب چىلارغا ئارتىپ قويىدىغان، بولۇپمۇ چوقاي ئوغلىنى بۇنىڭ باش جىنايەتچىسى دەپ قارىلايدىغان بولىۋېلىشتى. شۇنداق قىلىپ، سوۋېت رەھبەرلىرى 1940 ـ يىللارغا كەلگىچە تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە تازىلىۋەتمەكچى بولغان كومۇنىست مىللىي كادىرلارغا چوقايچىلار ياكى ۋەلىدوپچىلار دېگەن قالپاقلارنى كەيگۈزۈپ يوقۇتۇپ كېلىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ت م ب ھەرىكەتلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىچىگە زىددىيەت سېلىش ھەمدە مۇھاجىرەتتىكى تۈركىستانلىقلارنىڭ ئارىسىغا ئىتتىپاقسىزلىق تېرىش مەقسەتلىرىدە مەخسۇس

تەربىيەلەنگەن گ پ ئۇ جاسۇسلىرىنى ئىشقا سالغان ئىدى. بۇ جاسۇسلاردىن بەزىلىرى پاش بولۇپ تۇتۇلغان بولسا، مەھمۇت ئايقارلىغا ئوخشىغان يەنە نۇرغۇنلىغان قابىلىيەتلىك جاسۇسلار تۈركىستانلىقلار ئىچىدە ئاغدۇرمىچىلىق پائالىيەتلىرىنى ئۇزۇن يىللاپ داۋاملاشتۇرغان بولۇپ، تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن ئېغىر زىيانلارنى پەيدا قىلغان ئىدى.

## تۈركىيە ئىچكى سىياسىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە «يېڭى تۈركىستان» ژورنىلىنىڭ پىچەتلىنىشى

1931 ـ يىلىنىڭ ئۆكتەبىرىدە تۈركىيىدە كۆتۈلمىگەن بىر ۋەقە يۈز بېرىدۇ. ت م ب نىڭ نەشرى ئەپكارى بولغان «يېڭى تۈركىستان» ژورنىلى بىلەن ئەزەربەيجان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ نەشرى ئورگانلىرىدىن «ئودلۇ يۇرت» ۋە «بىلدىرىش» ژورناللىرى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى مىنىستىرلار كابىنېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن پىچەتلىنىدۇ. بۇ ۋەقە تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار ئارىسىدا پارتىلاش خاراكتېرلىق تەسىر پەيدا قىلىۋېتىدۇ. ئەسلىنى سۈرۈشتە قىلغاندا، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى خېلىدىن بېرى بۇ تۈردىكى تاشقى تۈرك ژورناللىرىنىڭ تۈركىيە تەۋەسىدە چىقىرىلىۋاتقانلىقىغا نارازى بولۇپ كەلمەكتە ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇنداق قاتتىق تەدبىر قوللىنىدۇ دەپ ھېچكىم ئويلىمىغان ئىدى. بۇ ۋەقە تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتكەنلىكىگە قارىماي ياۋرۇپادا چىقىۋاتقان سىرتقى تۈرك ژورناللىرىدا ھېچقانداق بىر باھا بېرىلمەي قۇرۇق خەۋەر پېتىچە ئېلان قىلىنىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، چەتئەلدە پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقان تۈركىستانلىق يېتەكچىلەر تۈركىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ئەسلىدە، تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار تۈركىيىنى ئىككىنچى ئاناۋەتەن دەپ تونۇپ كېلىۋاتقان بولۇشىغا قارىماي، بارلىق تۈركىستان تەشكىلاتلىرى تۈركىيىنى سىياسىي مەركەز قىلىپ تاللاش جەھەتتە ھەممىلا كىشى ئۈنچە قىزغىنلىق كۆرسىتىپ كەتكىنىمۇ يوق ئىدى. شۇنداق بولغاچقا ئەزەربەيجانلىقلار بىلەن تۈركىستانلىقلارلا سىياسىي مەركەزلىرىنى ئىستانبۇلدا قۇرۇپ چىققان بولۇپ، ئىدىل ئۇرال تۈركلىرىنىڭ ژورنىلى بولغان «مىللىي يول» بىلەن تۈركىستانلىقلارنىڭ «ياش تۈركىستان» ژورنىلى بېرلىندا، قىرىم تۈركلىرىنىڭ «ئەمەل» ۋە «دوناي» دېگەن ژورناللىرى رومىنىيىدە چىقىرىلماقتا ئىدى.

تاشقى تۈرك پائالىيەتچىلىرىنىڭ تۈركىيىدە قانات يايدۇرىۋاتقان پائالىيەتلىرى

سوۋېت دائىرىلىرىنى ئەنسىرىتىشكە باشلىغان ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، موسكۋا دائىرىلىرى بۇ ئىشلارغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە بات-پات بېسىم ئىشلىتىپ تۇراتتى. 1925-يىلىنىڭ بېشىدا باكۇدا چاقىرىلغان تۆتىنچى نۆۋەتلىك سوۋېت قۇرۇلتىيىدا تاشقى ئىشلار كومىسسارى چىچېرىن "يېقىنقى ۋاقىتلاردا مۇساۋاتچىلارنىڭ تۈركىيىدىكى پائالىيەتلىرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرمەكتىمىز. بىز تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە نۇرغۇن قېتىم ئىلتىماس قىلدۇق، سوۋېت ھۆكۈمىتىگە قارشى قانات يايدۇرۇلىۋاتقان چىداش مۇمكىن بولمايدىغان بۇ تۈر ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنى دەرھال توختاتسۇن دەپ تەلەپ قىلدۇق." دەپ سۆزلەيدۇ. ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرلەش مۇناسىۋىتى بىلەن 1927-يىلى بىر تۈركىيە ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى موسكۋاغا قاراپ زىيارەتكە ئاتلانغىنىدا تۈركىيە ھۆكۈمىتىمۇ شۇ كۈنلەردە نەشرى قىلىنىۋاتقان بىردىن-بىر تاشقى تۈرك ژورنىلى بولغان «يېڭى كاپكازىيە» ژورنىلىنى پېچەتلەيدۇ. شۇ ۋاقىتتا، تۈرك ئۇچاقلىرىنىڭ 1927-يىلقى قۇرۇلتىيىدا تۈرك ئۇچاقلىرىنىڭ پائالىيەت ساھەسى تۈركىيە بىلەن چەكلىنىدۇ دېگەن مەزمۇندا تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن نىزامنامە بىلەن ھەرىكەت پروگراممىسىنى قوبۇل قىلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ تۈرك ئۇچاقلىرىنىڭ تۈركىيە سىرتىدا شۆبە قۇرۇش ۋە پائالىيەت قىلىشلىرى چەكلەنگەن ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە تۈرك ئۇچاقلىرىغا ئەزا بولۇش ئۈچۈن تۈركىيە گراژدانى بولۇشى شەرت قىلىنغان ئىدى. بۇ قارار بويىچە تۈركىيە ئىچى ۋە سىرتىدا ياشايدىغان تۈركىيە نوپۇسىنى ئالالمىغان تاشقى تۈرك پائالىيەتچىلىرىنىڭ تۈرك ئۇچاقلىرىغا ئەزا بولۇشىمۇ چەكلەنگەن ئىدى. بۇ خىل ۋەزىيەت ئاستىدا 1920-يىلىنىڭ بېشىدا زور ئۈمىدلەر بىلەن تۈركىيىگە كەلگەن تاشقى تۈرك رەھبەرلىرىدىن بەكلا ئاز قىسمى سىياسىي پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ئىمكانىغا ئېرىشەلەيدۇ. سادىر مەقسۇدى ئارسال بىلەن فۇئات توقتاردەك رەھبەرلەر تۈركىيە سىرتىغا قارىتىلغان پائالىيەتلەردىن ئاساسەن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقان ئىدى. ئاياز ئىسھاقى 1927-يىلىسلا پولشا ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىۋى بويىچە تۈركىيىدىن ئايرىلىپ ۋارشاۋاغا يۆتكىلىپ بېرىپ، ئىدىل ئۇرال مىللىي مەركىزىنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنى ۋارشاۋادا تۇرۇپ باشقۇرماقتا ئىدى. پائالىيەتلىرىنى تۈركىيىدە داۋام قىلىۋاتقان مەھەممەت ئىمىن رەسۇلزادە بىلەن سەئىد شامىلدەك رەھبەرلەرمۇ دائىم دېگىدەك سىياسىي بېسىملارغا دۇچ كېلىپ تۇراتتى. مەسىلەن 1929-يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدا كاپكازىيە كومىتېتىنىڭ بۇ داڭلىق ئىككى رەھبىرىنىڭ ئۆيلىرى سىياسىي ساقچىلارنىڭ باستۇرۇپ تەكشۈرۈشىگە ئۇچراپ بارلىق ماتېرىياللىرى مۇسادىرە قىلىنغان ئىدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن بۇ ئىككى رەھبەرمۇ ئاياز ئىساقىنىڭ تۇتقان يولى بويىچە كۆپ ئۆتمەي تۈركىيىدىن چىقىپ كېتىدۇ. يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەلەر تۈركىيىدە تۇرۇۋاتقان مەركەزلەرنى ياۋرۇپاغا كۆچۈرۈپ كېتىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان ئىدى. دېگەندەك، تۈركىستانلىق رەھبەرلەرنىڭ ئۆزئارا يېزىشقان

مەكتۇپلىرىدە مەركەزنى ياۋروپاغا كۆچۈرۈش ھەققىدە پات ـ پات مۇنازىرە قىلىشقانلىقى كۆرۈلمەكتە ئىدى.

1931 ـ يىلقى تاشقى تۈرك ژۇرناللىرىنى پىچەتلەش قارارى ئېلىنىشنىڭ ئىگىدە ئاساسەن ئالغاندا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنى يىرىكلەشتۈرىۋالماسلىق مەسىلىسى ياتماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ تۈرك ئۇچاقلىرىنى پىچەتلەش قارارى ئېلىنىش بىلەن تەڭ ئوتتۇرىغا چىققان تۈركىيە ئىچكى سىياسىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرمۇ، بۇ خىل چەكلىمىلەرگە پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەرگەن دېيىش مۇمكىن. ت م ب نىڭ مەتبۇئات ئورگىنى بولغان «يېڭى تۈركىستان» ژۇرنىلى تۈركىيىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سىياسەتلىرى ھەققىدە قەتئىي تۈردە بىتەرەپ پوزىتسىيەدە تۇرۇپ، بۇ جەھەتلەردە ئۇن چىقارماسلىق پىرىنسىپىغا قەتئىي رىئايە قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇ ھەقتە كۆرۈلىدىغان كىچىككىنە بولسىمۇ بىرەر بوشاڭلىق قىلىش ت م ب ئىچىدە قاتتىق تالاش ـ تارتىشلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەپچى بولاتتى. بۇلارغا سېلىشتۇرغاندا ئەزەرى مەتبۇئاتلىرى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىچكى سىياسىتىگە مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەر بىلەن مۇلاھىزىلىرىنى پات ـ پات ئېلان قىلىپ تۇراتتى. مەسىلەن ئالايلى، ئۇلار 1930 ـ يىلى ئاۋغۇستتا ئاتاتۈركنىڭ تەلىماتى بىلەن باشلانغان كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈمگە ئۆتۈش سىنىقى مەسىلىسى ھەققىدە خېلى ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن ماقالىلار ئېلان قىلماقتا ئىدى. «ئودلۇ يۇرت» ژۇرنىلىنىڭ باش تەھرىرى مەھەممەت ئىمىن رەسۇلزادە 1930 ـ يىلى سىنتەبىر ساندا بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:

رەئىس جۇمھۇر غازى پاشا ھەزرەتلىرىنىڭ مۇۋاپاكاتلارى (ماقۇللىشى) ئىلە فەتھى بەيئەفەندى تەرىپىدىن تەسسىس قىلىنغان «ئەركىن جۇمھۇرىيەت فىرقاسى» نىڭ پائالىيەت ساھەسىگە ئاتلىنىشى ئىلە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدە يېڭى بىر دەۋر ئېچىلدى. يەنى پارلامېنتارىزم دەۋرى باشلاندى. ... ئىنقىلاپ ــ يەنە بىر تۈرلۈك ئاتىلىشى بىلەن ــ داخىلى ھەرپ (ئىچكى كۈرەش ــ ت) دېمەكتۇر. ئۇرۇش دەۋرىنىڭ ئۆزىگە خاس مەخسۇس ئۇسۇل ۋە قانۇنلىرى بولغىنىدەك، ئىچكى كۈرەشلەرنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئىستىسنائى (مەخسۇس) قائىدە ۋە قانۇنلىرى بولىدۇ. بىر پارتىيىلىك تۈزۈم ئەنە شۇ ئىچكى كۈرەش دەۋرىگە مەخسۇس بىر زۆرۈرىيەتتۇر. ...

يېڭىدىن تۇغۇلغان ئىككىنچى فىرقانىڭ رۇھىرۇ (ئورتىغا چىقىشى، كۆرۈنۈشى، تۇغۇلۇشى) بولسا بىزگە تۈركىيەدە بۇندىن كېيىن ئىنقىلابنىڭ، "داخىلى ھەرپ" نىڭ تولۇق غالىبىيەت بىلەن تاماملانغانلىقىنى ئېلان قىلماقتا. شۇنداق، بۇگۈندىن ئېتىبارەن تۈركىيىدە جۇمھۇرىيەت ئۈچۈن جىدەل (تالاش ـ

تارتىش) دەۋرى ئاخىرلىشىپ، جۇمھۇرىيەت ئەنئەنىلىرىنى تەسىس ۋە تەربىيە (پەرۋىش) دەۋرى باشلاندى.

بۇلاردىن مەلۇم بولغىنىدەك، رەسۇلزادە بىر پارتىيە تۈزۈمى ۋاقتىدىكى مەجبورلىنىشلار ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ، ھەقىقى دېموكراتىيە پەقەت كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈم ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدىغان بىر ئىش دەپ يېزىش بىلەن بىرگە، ماقالىسىنىڭ قۇر ئارىلىرىدا تۈركىيەدە تېخى ھەقىقى دېموكراتىيە يولغا قويۇلۇپ باقمىدى دەپ پۇرۇتۇپ ئۆتىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئادەتتىكى بىر گەپتەك بىلىنگەن بۇ سۆزلەر، 1930-يىللارنىڭ تۈركىيىسىدە ئىنتايىن ئېغىر تەنقىت ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. ئۇلار ئەركىنلىك پىرقىسىنىڭ قۇرۇلىشىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدىغان بۇنداق كۆز قاراشتا بۇ پارتىيە پىچەتلەنگەندىن كېيىنمۇ داۋاملىق چىڭ تۇرىدۇ. «جۇمھۇرىيەت» گېزىتىنىڭ بەزى يازغۇچىلىرى تەرىپىدىن ئەركىنلىك پارتىيىسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن ئەخمەت ئاغائوغلىغا قارشى يېزىلغان ماقالىلارغا رەددىيە بېرىپ يېزىلغان ماقالە «ئودلۇ يۇرت» ژورنىلىغىمۇ تولۇق كۆچۈرۈپ بېسىلغان ئىدى.

بۇنىڭغا ئوخشايدىغان بەزى ئىشلار تۈركىيەدە بېسىلىۋاتقان تاشقى تۈرك ژورناللىرىنىڭ پىچەتلىنىش قارارىنىڭ چىقىرىلىشىغا قوشۇمچە باھانە بولۇپ بەرگەندەك قىلغىنى بىلەن، پىچەتلىنىشنىڭ ئەسلى سەۋەبى باشقا ئىدى. بۇ تۈردىكى ژورناللارنىڭ پىچەتلىنىش سەۋەبىنى ئۇ يىللاردىكى تۈركىيە تاشقى سىياسىتىدىكى ئۆزگىرىش ئارىسىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ.

غازى مۇستاپا كامال پاشا (تۈركىيە جۇمھۇرىيەتى ئالىي خەلق قۇرۇلتىيى — تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى، پارلامېنت — مۇستاپا كامالغا ئاتاتۈرك دېگەن يېڭى فامىلە بېرىشتىن بۇرۇن ئەنە شۇنداق ئاتىلاتتى — ئۇ.ت) جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا مىللەتلەر بىلەن دىنلار ئارىلاشمىسى سەھنىسگە ئايلانغان ئوسمانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ كۆللىرى ئارىسىدىن ئورتاق بىر مىللەت پەيدا قىلىشقا تىرىشماقتا ئىدى. بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پايدىلانغان ئەڭ مۇھىم ۋاستە مىللەت ئۇقۇمى ئىدى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئوسمانىلاردىن ئۆتكۈزۈۋالغان بارلىق ئورگان ۋە تەشكىلاتلارنى ئۆزگەرتىشكە كىرىشكەن ۋاقىتلاردا 1912-يىلدىن بېرى ئوسمانىلاردىكى مىللەتچىلىك ئېقىملىرىغا يول كۆرسىتىپ كەلگەن تۈرك ئۇچاقلىرى (تۈركچىدە ئۇچاق سۆزى ئۆي، ئائىلە، تۇغۇلغان يۇرت، مەنبە، مەنىۋى بۇلاق ... دېگەندەك مەنىلەرنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. — ئۇ.ت) تەشكىلاتىغا تېگىش تۇرماق، ئۇنى ھىمايە قىلىپ كۈچەيتىشكە ياردەمچى بولغان ئىدى. بۇ تەشكىلات ئەتراپىدا پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقان كىشىلەر جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا يولغا قويۇلغان مىللەت شەكىللەندۈرۈش جەريانى ئۈچۈن كۈچلۈك ياردەمچى بولغان ئىدى. ئاتاتۈركنىڭمۇ ياردىمگە ئېرىشىپ

كۆچىيىپ بارغان بۇ ئۇچاق (يۇرت ــ ئۇ.ت)، پۈتۈن مەملىكەتكە كېڭىيىپ، ياش تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەڭ جانلىق ئاممۇىي تەشكىلاتلىرىدىن بىرسىگە ئايلانغان ئىدى. ئەمما 30 ـ يىللارغا كەلگىنىدە تۈركىيىدىكى مىللەت شەكىللەندۈرۈش جەريانى ئاساسەن ئاخىرلاشقان دېيىشكە بولاتتى. شۇندىن باشلاپ تۈركىيە، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشقا يۈزلەنگەن بىر دەۋرگە كىرگەن ئىدى. شۇنداق بولغاچقا ئۇ ۋاقىتدىكى تۈركىيە تاشقى مۇناسىۋەتلەرگە تېخىمۇ ئۇچۇق ھالەتنى شەكىللەندۈرمەكتە ئىدى. بولۇپمۇ شىمالى خوشنىسى بولغان سوۋېت رۇسىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان بولۇپ، بۇنداق بىر ئۆزگىرىشلەر تۈركىيە ئىچكى سىياسەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىشىدىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ھەر ئىككىلا دۆلەت غەرپ ئىمپېرىيالىزىمغا قارشى كۈرەشلەر بىلەن شوغۇللىنىۋاتقان دەسلەپكى يىللاردىكى ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋەزىيىتى تۈركىيە كومۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پىچەتلىنىشىدىن باشلاپ تەتۈرسىگە ئۆزگىرىپ، 1928~1929 ـ يىللىرىغا كەلگىنىدە، سوۋېت مەتبۇئاتلىرى مۇستاپا كامالنى قالاق مۇستەبىت دەپ تونۇشتۇرۇشقا كىرىشكەن ئىدى. يەنە شۇ ۋاقىتلاردا تۈركىيىدە «يېڭى تۈركىستان»، «ئودلۇ يۇرت» ۋە «ئەزەرى ـ تۈرك» قاتارىدىكى تاشقى تۈرك ژورناللىرىنىڭ بېسىلىشىغا يول قويۇلغانلىقى كۆرۈلمەكتە. بۇ ژورناللارنىڭ ئورتاق يۈزلىنىشى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن كومۇنىزم ئىدىيىسىگە قارشى كۈرەش قىلىش يولىنى تۇتقانلىقى ئىدى. شۇنىڭدەك، ئەينى ۋاقىتلاردا تۈركىيە مەتبۇئاتلىرىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان سىياسەت ئەكىس ئەتتۈرۈلمەكتە ئىدى.

1929 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ تۈركىيە ـ رۇسىيە مۇناسىۋەتلىرى يېڭىدىن تېزلىكتە ياخشىلىنىشقا باشلايدۇ. ئىستانبۇلدا تۇرىۋاتقان تاشقى تۈرك رەھبەرلىرىگە قارشى باشلىتىلغان سىياسىي بېسىملارمۇ ئەنە شۇ دەۋرلەرگە توغرا كەلمەكتە ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى سودا ئىشلىرى مۇئاۋىن كومىسسارى قاراخاننىڭ 1929 ـ يىلى دېكابىردا تۈركىيىگە قىلغان زىيارىتىدىن كېيىن، 1925 ـ يىلىدىكى تۈركىيە ـ سوۋېت شەرتنامىسىنى يەنە ئىككى يىل ئۇزارتىش ئۈچۈن كېلىشىم تۈزۈلىشىدۇ. كېيىنكى يىلى تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باقانى (مىنىستىرى ــ ئۇ.ت) تەۋپىق رۈشتى ئاراسنىڭ مۇسكۋاغا قىلغان زىيارىتى نەتىجىسىدە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتلەر يەنىمۇ بىر بالداق ئۆرلەپ ياخشىلىنىش دەۋرىگە كىرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر قۇيۇقلىشىۋاتقان بۇنداق بىر دەۋردە، تۈركىيىدە پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقان سوۋېتلەرگە قارشى گۇرۇھلار بەكىرەك كۆزگە چېلىقىدىغان ھالغا كېلىشىمۇ تەبىئىي بىر ئەھۋال ئىدى. شۇنداق بولغاچقا ئۇ ۋاقىتلاردىكى سوۋېت مەتبۇئاتلىرىنى كۆزەتكىنىمىزدە بۇ تۈردىكى گۇرۇھلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتتىق ھۇجۇم قىلىشلار ئوتتۇرىغا چىققانلىقى كۆرۈلىدۇ.

نەتىجىدە 1931ـ يىلى لىتۋىنوۋنىڭ زىيارىتىدىن كېيىن بۇ تۈردىكى پائالىيەتلەرگە قارشى ئەڭ ئاخىرقى نوقتا قويۇلغان ھېساپلاندى.

ئەركىنلىك پارتىيىسىنى قۇرۇش سىنىقى جەريانىدا جۇمھۇرىيەت پارتىيىسى بىلەن ھۆكۈمەت سىياسەتلىرىگە قارشى كۆرىنەرلىك ئۆكتىچىلىك ئوتتۇرغا چىقىشقا باشلىغان ئىدى. بۇنداق بىر ئۆكتىچىلىكنى تېزگىنلەپ تۇتۇشقا ئۇرۇنغان ھۆكۈمەت، 1931ـ يىلى ئىيۇندىكى قۇرۇلتايدا ماقۇللانغان مەتبۇئات قانۇنىغا ئاساسەن، يولغا قويۇلىۋاتقان سىياسەتلەرنى تەنقىتلەيدىغان گېزىت-ژورناللارنى پۈتۈنلەي ياكى ۋاقىتلىق پىچەتلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرىۋالدۇ. ھۆكۈمەت، بۇ قانۇننى تۈنجى بولۇپ مۇساپىر تۈركلەرنىڭ مەتبۇئات ۋاستىلىرىنى چەكلەش ئۈچۈن ئىشقا سېلىپ، تۈركىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە دەخلى يەتكۈزمەكتە دېگەن باھانە بىلەن «يېڭى تۈركىستان»، «ئودلۇ يۇرت» ۋە «بىلدىرىش» قاتارىدىكى ژورناللارنى پىچەتلەيدۇ. بۇ تۈردىكى پىچەتلىنىشلەر سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن كەلگەن تەلەپلەرنىڭ نەتىجىسىمۇ ياكى بولمىسا تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن بىر مەرتلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق بىر مەلۇمات يوق. ئەمما سەۋەبى نېمە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، بۇ تۈردىكى ئىجرائەت ئارقىلىق، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت جەھەتتە مىراسچىلىرىمىز دەپ تونىغان تۈرك دۇنياسىدىن كەلگەنلەرنىڭ سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويمايدىغانلىقىنى ئاشكارە ئېلان قىلغان ھېساپلاندى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، تۈركىيە، سىياسىي مەنىدە تۈرك مىللەتچىلىك كۆزقارىشى پۈتۈنلەي ئانادولۇ بىلەنلا چەكلىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغانلىقى ھېساپلىناتتى.

«يېڭى تۈركىستان» ژورنىلىنىڭ پىچەتلەنگەنلىك خەۋىرى «ياش تۈركىستان» ژورنىلىدا قىلچە باھا بېرىلمەستىن تۆۋەندىكىدەك ئاددى خەۋەر شەكلىدە ئېلان قىلىنىدۇ:

> «يېڭى تۈركىستان» ژورنىلى پىچەتلىۋېتىلدى. ... «يېڭى تۈركىستان» ژورنىلى، تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ئىدىيىسى، زامانىۋىي تۈرك كۆزقاراشلىرى تەشۋىقاتى بىلەن بىرگە، تۈركىستان-ئانادولۇ تۈركلىرى ئوتتۇرسىدىكى تىل ۋە مەدەنىيەت ئورتاقلىقىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن ئىدى.

بۇ خەۋەرنىڭ كەينىگە قىستۇرۇلغان "ياشىسۇن تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىقى، ياشىسۇن بارلىق تۈركلەرنىڭ مەدەنىيەتلەر ئىتتىپاقى" دېگەن شۇئارلار، تەھرىرلەرنىڭ بۇ پىچەتلىنىشكە بولغان كۆزقارىشىنىڭ قىسقىچە خۇلاسىسى

مەنسىنمۇ بېرەتتى. ت م ب رەھبەرلىرى ئۆزئارا يېزىشقان خەتلەردە مىللىي داۋالىرىنى داۋاملاشتۇرۇش نوقتىسىدىن ئېغىر زەربە دەپ قارىغان بۇ پىچەتلىنىش قارارىغا قارىماي، تۈركىيىگە قارىتا ھېچقانداق نارازىلىق ئىپادىسىدە بولمىغانلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ:

مانا بىزنىڭ بېشىمىزغىمۇ دەرت كەلدى. «يېڭى تۈركىستان» ژورنىلىمىز پېچەتلەندى. بۇنىڭدىن دۈشمەنلىرىمىز يايراپ كەتكەن بولسا، دوستلىرىمىزنىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم بولدى، ... بىز ئەزەلى دوستىمىز دەپ تونۇپ كېلىۋاتقان، مەڭگۈ دوستىمىز بولۇپ قالىدىغان تۈركىيە ھۆكۈمىتى «يېڭى تۈركىستان» ژورنىلىمىزنى پېچەتلىۋەتكەن بولسىمۇ، بىز بۇنىڭغا نارازىلىقىمۇ بىلدۈرەلمىدۇق. ... مەجبۇرىيەتتىن ئەپەندى، ژورنىلىمىز پېچەتلەندى دەپ تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە يامان كۆزدە قارىماسلىقىمىز لازىم. شۇنداقتىمۇ بۇ خەۋەر مۇشتېرىلىرىمىزگە بەكلا يامان تەسىر قىلىدىغانلىقى ئېنىق (مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ مەجىدىدىن دەللىگە 1931-يىلى 24-ئۆكتەبىردە يازغان خېتى. ئاپتورنىڭ ئارخىۋىدىن ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

يەنە بىر خەتتە تۈركىيىدىن كۈتكەن ئۈمىدلەر بىلەن تۈركىيىنىڭ مۇئامىلىسىگە قارىتا قۇرساق كۆپۈكلىرى تۆۋەندىكىچە تىلغا ئېلىنغان:

تۈركلۈكنىڭ سىياسىي مەركىزى يوق ئىكەن. بۇنىڭغا ئىمكانىيىتى بارلىرى بۇنداق بىر مەركەزنىڭ بولۇشىنى خالىمايدىكەن. تۈركىيىنىڭ سىياسىي ئۇقۇمدىكى پاجىئەلىك ئاجىزلىقى مانا شۇنىڭدىن ئىبارەت (مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ مەجىدىدىن دەللىگە يازغان 1933-يىلى 13-ئىيولدىكى خېتى. ئەھەت ئەنجان ئارخىۋىدىن ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى)

تۈركىستان بىلەن ئەزەربەيجان مۇھاجىرلىرى چىقىرىۋاتقان ژورناللارنىڭ پېچەتلىۋېتىلگەنلىكى، سوۋېت دائىرىلىرىنى بەكلا خوش قىلىۋېتىدۇ. شۇ يىلىسى ئەزەربەيجان كومۇنىستىك پارتىيىسى تەرىپىدىن چاقىرىلغان 20-نۆۋەتلىك باكۇ قۇرۇلتىيىدا كومۇنىست رەھبەر ئاغا سۇلتانوۋ بۇ خوشخەۋەرنى قۇرۇلتايغا مۇنداق سۇنىماقتا ئىدى:

مۇساۋاتچىلار چەتئەلدە بىزگە قارشى كۈچلۈك پائالىيەت قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئەمما ئۇلارغا يېقىندىن بىر زەربە بېرىلدى. ئىستانبۇلدا چىقىرىۋاتقان مەتبۇئاتلىرىدىن «ئەزەر تۈركلىرى»، «ئودلۇ يۇرت» ۋە «بىلدىرىش»

قاتارلىق ژۇرناللىرى بىلەن بىرگە تۈركىستان مۇھاجىرلىرىنىڭ نەشرى ئەپكارى بولغان «يېڭى تۈركىستان» ژۇرنىلى پىچەتلىنىۋېتىلدى.

ئاقىۋەت، ت م ب نىڭ تۈركىيىدىكى ئاۋازى ئۆچۈرۈلۈپ، كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان ژۇرنىلى پىچەتلىنىۋېتىلگەن ئىدى. بۇ خىل ۋەزىيەت ئاستىدا ت م ب رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكىلەر ت م ب نىڭ ياردەمچى تەشكىلاتى بولغان تۈركىستان تۈرك ياشلار ئىتتىپاقى باشقۇرۇشىدا يېڭىدىن بىر ژۇرنال چىقىرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئەمما ت م ب باش سېكرتارى، ت ت ي ئى رەئىسى دوكتور مەجىدىدىن دەلىلىنىڭ سۇنغان بارلىق ئىلتىماسلىرى بىرەر نەتىجە بەرمەيلا قالماي، ئۇنىڭ سۇنغان ئىلتىماسلىرىغا دۆلەت ئورگانلىرى بىرەر ئېغىز بولسىمۇ جاۋاپ بەرمەيدۇ.

يوقۇرقى ئۈچ پارچە ژۇرنال پىچەتلەنگەندىن كېيىن، تۈركىيىدە تاشقى تۈركلەرگە تەۋە بىرمۇ ژۇرنال قالمايدۇ. دەل شۇ پەيتتە، زەكى ۋەلىدى توغان دوستلىرى بىلەن بىرگە 1928 ـ يىلى قوغلاپ چىققان تۈركىستان ۋە ئەزەربەيجاننى ئۆگۈنۈش جەمىيىتىنىڭ ئەزالىرى بۇ ئىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. 1932 ـ يىلى يانىۋاردىن باشلاپ ئەخمەت جاپپار ئوغلى مەسئۇل مۇدىرلىقىدا «ئەزەربەيجان يۇرت بىلگىسى» (ئەزەربەيجان يۇرتىدىن خەۋەرلەر ــ ئۇ.ت) نامىدا يېڭىدىن بىر ژۇرنال چىقىشقا باشلايدۇ. بۇ ژۇرنالنىڭ تۈنجى سانىدا، سىياسەت بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوقلىقى، پۈتۈنلەي ئىلمىي خاراكتېردىكى ماقالىلارغا ئورۇن بېرىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ژۇرنال خادىملىرىمۇ بۇ ئەسكەرتىشنىڭ ئىسپاتى قىلىنغاندەك كۆرسىتىلگەن ئىدى. يەنى بۇ ژۇرنالنىڭ تەھرىر ھەيئەتلىرى پروفېسسور دوكتور پۇئاد كۆپرۈلۈ، پروفېسسور دوكتور زەكى ۋەلىدى توغان، دوكتور ئەخمەت ئاغا ئوغلى، دوكتور ئابدۇقادىر ئىنان ۋە ئەخمەت جاپپار ئوغلى قاتارلىق داڭلىق كىشىلەردىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى. «ئەزەربەيجان يۇرتىدىن خەۋەرلەر» ژۇرنىلى 1934 ـ يىلى دېكابىرغىچە نەشرى قىلىنىپ، جەمئى 36 سان چىقىرىلىدۇ.

## «ياش تۈركىستان» ــ «ئاتسىز مەجمۇئە» زىددىيىتى

1932 ـ يىلى، «ياش تۈركىستان» بىلەن «ئاتسىز مەجمۇئە» (نامسىز ژۇرنال، ئاتسىز دېگەن فامىلىلىك بىرسى تەرىپىدىن تۈركىيىدە چىقىرىلغان ژۇرنال. ــ ئۇ.ت) ژۇرناللىرىدا بىر ـ بىرسى بىلەن زىدلىشىدىغان ماقالىلار بېسىلىشقا باشلايدۇ.

سىرتتىن قارىماققا بۇ ۋەقە خۇددى مۇستاپا چوقاي ئوغلى ــ نىھال ئاتسىز سۈركىلىشىدەك كۆرۈنسىمۇ، زىدىيەت ئەسلىدە چوقاي ئوغلى بىلەن زەكى ۋەلىدى ئوتتۇرىسىدىكى زىدىيەت ئىدى. ئۈچ يىل بۇرۇن ۋەلىدىنىڭ ت م ب دىن چىقىپ كېتىشى بىلەن نەتىجىلەنگەندەك كۆرۈنگەن بۇ جىدەل، بۇ نۆۋەت ژۇرناللار ۋاستىسى بىلەن قايتا باشلانغان ئىدى. بۇ مۇنازىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا زەكى ۋەلىدى يازغان «بۈگۈنكى تۈرك ئېلى: تۈركىستان» دېگەن كىتاۋى سەۋەپچى بولماقتا ئىدى. مىسىردا بېسىلىۋاتقا بۇ كىتاپ تېخى بازارغا سېلىنماي تۇرۇپلا ئۇنىڭ بىرقىسىم پارچىلىرى چوقاي ئوغلىنىڭ قولىغا چۈشىدۇ. زەكى ۋەلىدى بۇ كىتاۋىدا 1917ـ يىلى قۇرۇلغان قوقان ئاپتونومىيىسىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانىنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ، بۇ ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىدۇ:

بۇ ۋەقەگە قاتناشقان ۋېنگىرىيىلىك بىر ئەسىر، بۇداپىشتتە ماڭا مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى: "مۇسۇلمانلار قوقان قەلئەسىدىكى 45 نەپەر بولشېۋىك گارنىزوننى قورشاۋ ئاستىغا ئالغان ۋاقتىدا قەلئە بىلەن تۆمۈريول ئىستانسىسىنى باغلاپ تۇرىدىغان تېلېپون سىمىنى كېسىۋەتمىگەن ئىدى. ئەگەر ئۇ سىم يولى كېسىۋېتىلگەن بولسا ئىدى، بۇ گارنىزوننى قولغا چۈشىرەلىشى مۇمكىن بولاتتى." چوقاي ئوغلى مۇستاپامۇ "قوقان كرېپۇستىنى (قەلئەنى) 40ـ50 سولدات (ئەسكەر) نىڭ قولىدىن تارتىپ ئالالمىدۇق" دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ يەنە بىر ئاجىزلىقى شۇكى، ئۇلار مالىيە ئىشلىرىدا قوقان مۇلۇكدارلىرىنىڭ قولىغا قاراپ قالغانلىقى ئىدى. مالىيە نازارىتىنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقى ھۆكۈمەت نازىرى بولغان كېسەلمەن ئادۋوكات ئىسلام شاھىئەھمەدوۋنىڭ قولىدا بولماي ئۇنىڭ مۇئاۋىنى بولغان ھېينرىچ سىيېگېل ئىسىملىك ئاۋۋىستىرىيىلىك بىر يەھۇدىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلغان ئىدى. بۇرۇن قوقان سوداـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان بۇ زات، ھۆكۈمەت ئەزالىقى ئورنىغا ئېرىشىپ بەكلا چوڭ نوپۇزغا ئىرىشۋالغان بىرسى ئىدى. ئەمما بۇ كىشى مالىيە ئىشلىرىدا ھۆكۈمەتنىڭ ھۆلنى كولاشتىن باشقا ھېچقانداق ئىش قىلمايدۇ. ھۆكۈمەت ئەزالىرى، بولۇپمۇ مۇنەۋۋەرلەر (ئۇقۇمۇشلۇق، زىيالى كىشىلەر ــ ئۇ.ت) بانكىدىكى پۇللارنى مۇسادىرە قىلىشقا جاسارەت قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن تەبەررۇلۇق (بېغىشلانغان پۇل ــ ئۇ.ت) بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. تەبەررۇ ئىشلىرىدىمۇ يەرلىك تىجارەتچىلەردىن بولغان سەيىت ناسىر مىر جېلىلىدىن باشقىلىرى قىمىرمۇ قىلماي جىم تۇرىۋالغان ئىدى. قوقان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچىنچى چوڭ ئاجىزلىقى بولسا، تەكارۇر (قارارلاشتۇرۇلغان ــ ئۇ.ت) قىلىنغان بىرەر كۆزقاراش بىلەن بىرەر پروگراممىسىنىڭ يوقلىغى ئىدى. ئۇرۇس مەكتەپلىرىدە

بىلىم ئالغان مۇنەۋۋەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بۇ ھۆكۈمەتنىڭ مىللى مۇختارىيەت غايىسىگە ئىشىنىشىدىن كۆرە بولشۇىكلاردىن نارازى بولۇپ، كېيىنىسكى ھۆكۈمىتىگە سادىق بولۇش ئىرادىسى بويىچە بۇ ھۆكۈمەتكە قاتناشقان كىشىلەر ئىدى. چوقاي ئوغلى مۇستاپا ئېلان قىلغان ئەسلىمىلىرىدە، ھۆكۈمەت ئەزالىقىغا سايلانغان كۆنىسىمۇ مۇختارىيەتنىڭ ئېلان قىلىنىشىغا قوشۇلمىغانلىقىنى، كېرىنىسكى ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ۋاكالەتچىسى سۈپىتىدە ئىش قىلغانلىقىنى، ئەمما بۇ ھەقتە ھېچكىمگە دەردىنى ئېيتالمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھالبۇكى ئۇرۇس مەكتەپلىرىدە بىلىم ئالمىغان قوقانلىق كامال قازى، ئابىتجان ۋە مىر ئادىل ھەر قانداق بىر ئۇرۇسنى ئوتتۇرغا قىستۇرۇۋالماسلىق كېرەكلىكىنى، ئۇرۇسلارنى قەتئىي تۈردە ۋەتەندىن قوغلاپ چىقىرىش لازىملىقىنى ھەمدە خانلىق تۈزۈمىنى ئېلان قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرغا قويۇشماقتا ئىدى.

ئۆزى رەئىسلىك قىلغان بىر ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتىگە بۇ تۈردە باھا بېرىلىشى چوقاي ئوغلىنى بەكلا رەنجىتكەن ئىدى. چوقاي ئوغلى قۇرساق كۆپۈكىنى تۆكۈپ مەجدىدىن دەللىگە يازغان بىر پارچە خېتىدە تۈۋەندىكىدەك بايان قىلماقتا ئىدى:

زەكى ۋەلىدى ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ بەكلا مەنمەنچىلىك (ئېگويىستلىق، مەن مەركەزچىلىك) قىلىپ كېتىۋاتىدۇ. تۈركىستان ھەرىكىتىنى ئۆزنى چۆرىدىگەن ئاساستا شەكىللەندۈرۈشكە ئۇرۇنماقتا. قوقان مۇختارىيىتىنىمۇ ئۇرۇسلارنىڭ قارىشى بويىچە تونۇشتۇرىۋاتىدۇ. "قوقان ھۆكۈمىتى پۈتۈنلەي مۇلۇكدارلارنىڭ تىزگىنى ئاستىدا قالغان" دەيدىغان ئىنتايىن ناھەق باھا بەرمەكتە. ئۇ، بۇ جۈملىلەرنى 1929 ـ يىلى تاشكەنتتە بېسىلغان «ئورتا ئاسىيادىكى ئىنقىلابلار» دېگەن كىتاپنىڭ "قوقان ھۆكۈمىتى مۇلۇكدارلارنىڭ تىزگىنى ئاستىدىكى بىر ھۆكۈمەت ئىدى" دېگەن قۇرلاردىن كۆچۈرۈپ ئالغان. ... ياش تۈركىستان ژورنىلىنىڭ دېكابىر سانىدا بۇنداق خاتا تەرەپلىرىگە ۋە بۇنىڭدەك خاتالىقلىرىغا رەددىيە بېرىمەن.

مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ بۇ كىتاپقا بەرگەن جاۋابى «بىر ئىلمىي توقۇلمىغا رەددىيە» دېگەن تېما بىلەن «ياش تۈركىستان» ژورنىلىنىڭ 25 ـ سانىدىن باشلاپ ئۇدا ئۈچساندا ئېلان قىلىنىدۇ. چوقاي ئوغلى بۇ رەددىيە جاۋابىدا قوقان مۇختارىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ قايسى خىل شارائىتلاردا قۇرۇلغانلىقىنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ زەكى ۋەلىدى ئېيتقىنىدەك ئۇنداق مۇلۇكدارلارنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىدىكى بىر ھۆكۈمەت بولماستىن، پۈتۈنلەي مىللىي كۈچلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان بىر ھۆكۈمەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. بۇ ماقالىلارغا

قارىتا 1932ـ يىل بېشىدا «ئاتسىز مەجمۇئەسى» ژورنىلىدىن جاۋاپ كېلىدۇ. جاۋاپ خاراكتېرىدە يېزىلغان بۇ ماقالىلاردا «ياش تۈركىستان» ژورنىلىنىڭ زەكى ۋەلىدىنى تەنقىتلىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە، ژورنالدا ساپ چاغاتاي تىلى ئىشلىتىلمىگەنلىكىمۇ تەنقىتلەنگەن ئىدى. بۇلارغا رەددىيە سۈپىتىدە مۇستاپا چوقاي ئوغلى «ياش تۈركىستان» ژورنىلىدا زەكى ۋەلىدى مەسىلىسىگە يېقىن كەلمەي تۇرۇپ پەقەتلا تىل مەسىلىسى ئۈستىدە ئىزاھات بېرىلگەن ئۇزۇن بىر ماقالە ئېلان قىلىدۇ. ئاتسىزنىڭ 12ـ سانىدا بۇنىڭغا قارىتا بەرگەن رەددىيە ماقالىسىدا ئاساسەن ئالغاندا زەكى ۋەلىدىنىڭ كىتاۋىدىكى تەنقىتلەشلەرنىڭ تەكرارلىنىشى ئىدى. ئەمما بۇ ماقالىنىڭ بىر يېرىدە بۇ تۈردىكى مۇنازىرىلەرنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدىغان مۇنداق بىر باھامۇ بار ئىدى:

ئاغىنىمىزنىڭ بىزگە بەرگەن جاۋابىدا مەدەنىي بىر ژورنالنىڭ كۆچمەن ئۆزبەك تىلى بويىچە چىقىرىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئەلۋەتتە، بىزمۇ بۇنداق بىر تەلەپتە بولمىغان ئىدۇق. ھەرھالدا تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىقىنى تەشۋىق قىلىدىغان بىر ژورنالنىڭ تىلى سارتچە (سارت: تۈركىستان تەۋەسىدە شەھەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ سودىگەرلىك بىلەن شوغۇللىنىدىغان كىشىلەرنى چارۋۇچىلىق بىلەن شوغۇللىنىدىغان قەۋىملار سارت دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ كىشىلەرنى خەلقنىڭ ئەنئەنىۋي ئادەتلىرىگە تولۇق ئەھمىيەت بەرمەيدىغانلار دەپ قارىشى نەتىجىسىدە بۇ ئاتالغۇ قىسمەنلىكتە كەمسىتىش مەنىسىنىمۇ ئىپادىلىمەكتە. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) بولماسلىقى كېرەك ئىدى. ... شۇنىڭدەك يەنە ئاغىنىمىز شۇنىڭغىمۇ قايىل بولىشى كېرەككى، تۈرك ئىرقىنىڭ ئىستىقبالىنى تىكلەيدىغان، ئۇنى قوغدايدىغانلار تۈركىيە شەھەرلىكلىرى بىلەن تۈركىستان سارتلىرى ئەمەس بەلكى تۈركىيە سەھرالىقلىرى بىلەن تۈركىستان چارۋۇچىلىرىدۇر.

بۇ ماقالىغا ئاپتور ئىسمى قويۇلمىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا "ك. ئا" دېگەن ئىككىلا ھەرىپ يېزىلغان ئىدى. «ياش تۈركىستان» ژورنىلىدىكىلەر ك بىلەن ئا ھەرپلىرى ئابدۇقادىر سۇلايماننى كۆرسىتىدۇ دەپ قاراشقان ئىدى. راس دېگەندەك مەيلى زەكى ۋەلىدى توغان بولسۇن ياكى ئابدۇقادىر سۇلايمان (ئىنان) بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا «ئاتسىز مەجمۇئەسى» ژورنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئەتلىرىگە تەۋە كىشىلەر بولۇپ، ژورنالنىڭ تۇنجى سانىدىن باشلاپلا تۈرك مەدەنىيىتى، تۈرك تىلى ۋە تۈرك تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ماقالىلارنى يېزىپ كېلىۋاتقان كىشىلەر ئىدى. بۇ پەرەزلەرگە ئاساسلانغان «ياش تۈركىستان» ژورنىلىنىڭ كېيىنكى سانىدا بەرگەن جاۋاب ماقالىسىغا «ئاتسىز مەجمۇئەسى ژورنىلىدا ك. ئا ھەرپلىرىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان ئەپەندىگە» دېگەن تېما قويۇلغان بولۇپ، ماقالە بەكلا ئېغىر تىللار

بىلەن يېزىلغان ئىدى:

12 ـ ساندا نارازىلىق بىلدۈرۈپ يازغان ماقالىڭىزنى ئوقۇدۇم. ماقالىدىكى ئۇسلۇبىڭىز بىلەن تەنقىت ئۇسۇلىڭىز توغرا بولماپتۇ. بۇنداق ماقالا ئەخمەت زەكىگە ياكى ژورنالغا ياخشى تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. سىزنىڭ يالغانچىلىققا تايىنىپ ئوتتۇرىغا قويغانلىرىڭىز ھەققىدە كېيىنكى ساندا جاۋاب بېرىمەن. زەكى ۋەلىدى ئەپەندىنىڭ ئىلمىي ئۈيدۇرمىلىرىغا رەددىيە بېرىپ يازغان ماقالىلىرىمنى قىلچە تەپ تارتماي ئۈيدۇرۇپ چىقارغان يالغانلىرىڭىز بىلەن كۆمۈشتەلمەيسىز. سىز بىزنىڭ كۈرەش پائالىيەتلىرىمىز ئارقىلىق تۈركىيە مەتبۇئاتلىرىنى ئاۋارە قىلىپ يۈرىشىڭىز ھاجەتسىز. مېنىڭ فرانسۇزچە بىلەن تۈركىستانچە تىللاردا ئېلان قىلغان ماقالىلىرىمنى تۈركىيە جامائىتىگە قايسى دەرىجىدە بۇزۇپ تونۇشتۇرغانلىقىڭىز ھەققىدە كېيىنكى سانلاردا تەپسىلى توختىلىمەن.

شۆبھىسىزكى، «ئاتسىز مەجمۇئەسى» ژورنىلى ئۇزۇنغا قالمايلا بۇ ماقالىغا رەددىيە بېرىدۇ. ژورنالنىڭ 17 ـ سانىدا «چوقاي ئوغلى مۇستاپا ئەپەندىگە بېرىلگەن ئاخىرقى جاۋابىمىز» دېگەن تېمىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدا جاۋاپ بېرىۋاتقان ئادەم، ئۇلار ئويلىغاندەك ئابدۇقادىر ئەپەندى ئەمەس بەلكى پات يېقىندا سابىق ئورۇنغا ئۆتىدىغان تۈركىيات ئىنىستىتۇتىنىڭ ئاسسىتانتلىرىدىن تۈركىيىلىك ھۈسيىن نىھال ئاتسىز ئىكەنلىكى كۆرسىتىلمەكتە ئىدى. شۇنىڭدەك، چوقاي ئوغلىنىڭ ئۇرۇسچە تىلدا يېزىلغان خەتلىرى بىلەن ئۇنىڭ بەزى مۇھىم ماتېرىياللىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ئابدۇقادىر ئەپەندى تەرىپىدىن توساپ قويۇلغانلىقمۇ تەكىتلەنگەن ئىدى.

مەتبۇئات ۋاستىلىرى بىلەن داۋاملاشقان بۇ تۈردىكى مۇنازىرىلەر بارغانسىرى كېڭىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئاتسىزنىڭ «ياش تۈركىستان» ژورنىلى ئىشلىتىۋاتقان يېزىق تىلىنى تەنقىتلىگىنىدە ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي مەسخىرە قىلغانلىقى تۈركىستانلىقلار ئارىسىدا كۈچلۈك نارازىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىستانبۇلدىكى تۈركىستانلىق تۈرك ياشلار ئىتتىپاقى بۇ ھەقتە بىر يىغىن ئېچىپ نىھال ئاتسىزغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈشتى. شۇنىڭدەك يەنە، «ياش تۈركىستان» ژورنىلىنىڭ 36 ـ سانىدا ياشلارنىڭ نارازىلىق بىلدۈرگەنلىك خەۋىرى بىلەن بىرلىكتە، ت ت گ ب (ت ت ي ئى، يەنى ئۇيغۇرچىدا "تۈركىستان تۈرك ياشلار ئىتتىپاقى" ــ ئۇ.ت) نىڭ يېڭى سايلانغان رەئىسى دوكتور سالىھ ئىسمائىل (ئەركىنقول) نىڭ ئاپتورلىقىدا «ھەر قوي ئۆز ئايىغى بىلەن» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ئوبزور ماقالىسى ئېلان قىلىنىدۇ. يەنە شۇ ساندا دوكتور تاھىر شاكىرنىڭ «نىھال ئەپەندىگە گېنېرال كۇروپاتكىندىن جاۋاب» دېگەن ماۋزۇلۇق بىر ماقالىمۇ بېسىلغان ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە

گېرمانىيىدىكى ت م ب شۆبىسىدە يىغىنغا قاتناشقان ياشلارنىڭمۇ نىھال ئاتسىز يازغان ماقالىلىرىغا لەنەتلەر ئوقۇغانلىقى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن ئىدى. بۇ جەرياندا «ئاتسىز مەجمۇئە» ژورنىلىنىڭ نەشرى توختىتىلغان بولغاچقا، «ياش تۈركىستان» ژورنىلىنىڭ كېيىنكى بىر سانىدا مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ «مەرھۇم ئاتسىز مەجمۇئەسىنىڭ مۇدىرى نىھال ئەپەندىنىڭ ئەدەپسىز سۆزلىرىگە جاۋابىم» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالىسى ئېلان قىلىندى.

ئۇ ۋاقىتلاردا، ياش تۈركىستانچىلار بۇ تۈردىكى ئىشلاردا نىھال ئاتسىزنىڭ زەكى ۋەلىدى تەرىپىدىن تېزگىنلىنىپ كېلىنگەن بىرسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا يېزىشقان خەتلىرىدىن بۇنداق قارايدىغانلىقى ئوچۇق كۆرۈنەتتى. مىسال ئالساق، ئابدۇلۋاھاپ ئىساق ئوغلى يازغان بىر پارچە خېتىدە "نىھال تەرىپىدىن ئەدەپسىزلەرچە يېزىلغان ماقالىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. بۇ ئىشلارنىڭ كەينىدە چوقۇم زەكى ۋەلىدى بار. بۇ تۈردىكى ھۇجۇم قىلىشلار تۈركىيە مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنماي «ئاتسىز مەجمۇئە» دىلا بېسىلماقتا. ... بىز نىھالغا رەددىيە بېرىشىمىز كېرەك. ... ئەسلىدە نىھالنىڭ كارنىيىدىن پايدىلىنىپ زەھرىنى پۈركۈپ يۈرگەن زەكى ۋەلىدىنى ئاشكارىلىشىمىز كېرەك." دەپ يازغان ئىدى (ئابدۇۋاھاپ ئوكتاينىڭ مۇستاپا چوقاي ئوغلىغا 1933 ـ يىلى 21 ـ يانۋاردا يازغان خېتى. ئەھەت ئەنجان ئارخىۋىدىن ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). بىر يىلدەك داۋام قىلغان بۇ تالاش ـ تارتىشلار جەريانىدا زەكى ۋەلىدى ئەپەندى بۇ جىدەلگە بىۋاستە ئارلاشمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ نىھاي ئاتسىزنى رەددىيە ماقالىلىرىدا پايدىلىنىشى ئۈچۈن ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ تۇرغانلىقى ئېنىق ئىدى (ۋەلىدىنىڭ بۇ تالاش ـ تارتىشلار جەريانىدا چوقاي ئوغلىنىڭ تەنقىتلىرىگە بەرگەن بىردىن ـ بىر رەددىيە ماقالىسى، ئابدۇقادىر ئىنان تەرىپىدىن «ئەزەربەيجان يۇرت بىرلىكى» ژورنىلىدا ئېلان قىلىنغان. بۇ ماقالە قىپچاق قەۋملىرىغا مۇناسىۋەتلىك بىر ماقالە ئىدى. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

شۇ كۈنلەردە،يەنى 1932 ـ يىلىنىڭ ئىيول ئېيىدا چاقىرىلغان تۇنجى نۆۋەتلىك تۈرك تارىخ قۇرۇلتىيىدا مۇزاكىرىگە قويۇلغان رەسمىي تۈرك تارىخ كۆزقارىشىغا قارشى چىققان پروفېسسور زەكى ۋەلىدى توغانغا قارىتا ئىلمىي ساھەلەر بىلەن سىياسىي ساھەلەر بويىچە كەسكىن تەنقىتلەش دولقۇنى قوزغىتىلغان ئىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ئاتسىز تۈرك تارىخ تەتقىقات جەمىيىتىنىڭ باش كاتىۋىغا بىر پارچە تېلېگرامما يوللاپ زەكى ۋەلىدىنى ئاقلايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «ئاتسىز مەجمۇئە» نىڭ 17 ـ سانىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ بۇ ھەقتە توختىلىپ ئۆتىدۇ. نىھال ئاتسىز بۇ ماقالىسىدا دارىلفۇنۇندىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم جەھەتتە زەكى ۋەلىدىنىڭ قولىغا سۇمۇ قويۇپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ تەنقىتلىرىدە

يىتەرلىك ئىلمىيلىك يوق دەپ قارىلايدۇ. بۇ تۈردىكى تالاش-تارتىشلار يۈز بېرىۋاتقان كۈنلەردە رەشىت غالىپ ئەپەندى مىللىي مائارىپ مىنىستىرلىكىدە ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدۇ. بۇ خىل ۋەزىيەت شەكىللەنگەندىن كېيىن نىھاي ئاتسىز تۈركىيات ئىنستىتۇتىدىن چىقىرىلىپ، «ئاتسىز مەجمۇئە» مۇ پىچەتلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ نىھال ئاتسىزنىڭ قولىدا رەددىيە يازغىدەك ھېچقانداق بىر ئىمكانىيەت قالمايدۇ. ئەمما جاھىل مىجەزلىك ئاتسىز، پۈتۈن كۈچى بىلەن بۇ تالاش-تارتىشنى داۋاملاشتۇرۇش نىيىتىدىن قەتئىي ۋاز كەچمىگەن ئىدى. ئۇ، «ياش تۈركىستان» ژورنىلى ۋاستىلىقىدا ئۆزىگە قارىتىلغان ئاخىرقى ھۇجۇمغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن «سارت سەكسىگە جاۋاپ» دېگەن ئىسىملىك بىر كىتاپچە بېسىپ تارقىتىدۇ.

ئاتسىز-چوقايئوغلى سۈركىلىشىگە تۈركىيىدىكى تۈركچىلەر ئالاھىدە قىزىققان ئىدى. ئەمما ئەڭ قىزىق بولغىنى، بۇ مۇنازىرە ت م ب غا بەكرەك تەسىر قىلغانلىقى ئىدى. بۇ تالاش-تارتىشلار گېرمانىيىدىكى ت م ب ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆزۈندىن بېرى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بەزى مەسىلىلەرنىڭ ئاشكارىلىنىشىغا سەۋەپ بولۇپ بېرىدۇ. يوقۇرىدا توختىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، «ياش تۈركىستان» ژورنىلى مۇستاپا چوقاي ئوغلى باشچىلىقىدا ئابدۇۋاھاپ ئوكتاي بىلەن تاھىر چاغاتاي قاتارلىق تار دائىرىلىك كىشىلەر مەسئۇللىقىدا چىقىرىلماقتا ئىدى. گېرمانىيىدىكى ياش تۈركىستانچىلارنىڭ قالغان ئەزالىرى ئۆزلىرىنى بۇ ئىشتا چەتتە قالدۇرۇلغان دەپ ھېس قىلىشماقتا ئىدى. چەتكە قېقىلغان بۇ ئەزالار ت م ب مەركىزىنىمۇ ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ بۇ ساھەگە كىرىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن ئىدى. مۇستاپا چوقاي ئوغلى تاھىر چاغاتاينىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئالاھىدىلىكىگە، ئابدۇلۋاھاپ ئوكتاينىڭ ژورنال چىقىرىش ماھارىتىگە بەكلا قايىل ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، قالغانلارنىڭ ژورنال ئىشىغا ئارىلاشماي پەقەت ماقالە ئەۋەرتىپ تۇرۇشىنىلا تەلەپ قىلماقتا ئىدى. ژورنال مەسىلىسىدىكى بۇ نارازىلىقلار ئەۋجىگە چىققان پەيتتە ئاتسىز-چوقاي ئوغلى ماجىراسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

«ياش تۈركىستان» ژورنىلىنىڭ 36-سانىدا گېرمانىيىدىكى ياش تۈركىستانچىلار «ئاتسىز مەجمۇئەسى» دە ئېلان قىلىنغان ماقالىلار ھەققىدە نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكى، يېزىلغان ماقالىلارنى قارىلىغانلىقى ھەققىدە نارازىلىق بىلدۈرۈش خەۋىرى بېسىلىدۇ. بۇ خەۋەر «ياش تۈركىستان» ژورنىلىنى چىقىرىۋاتقان خادىملاردىن باشقا ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا غۇلغۇلا پەيدا قىلىۋېتىدۇ. بۇ ياشلار خەۋەرنىڭ بۇ شەكىلدە ئېلان قىلىنىشى توغرا ئەمەس دەپ قارىشاتتى. نەتىجىدە ئەفدال ئەبۇسائىت بىلەن سەئىدئەلى غوجا نامىدا «ياش تۈركىستان» نىڭ باش تەھرىرى چوقاي ئوغلىغا قارىتىپ بىر پارچە نارازىلىق بىلدۈرۈش خېتى ئەۋەرتىدۇ. بۇ خەتتە، ئېچىلغان يىغىنىنىڭ قانۇنلۇق ئەمەسلىكىنى، شۇڭا ت م ب نىڭ رەسمى

كۆزقارىشى دەپ قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى، نىھال ئاتىسىزغا نارازىلىق بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈشتى دەپ ئېلان قىلىشقا قەتئىي قوشۇلمايدىغانلىقى ئۇختۇرۇلغان ئىدى. نەتىجىدە گېرمانىيىدىكى ياشلار ئوتتۇرىسىدىكى بۆلۈنۈش ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىققان ھېساپلاندى. شۇنداق قىلىپ بىر تەرەپتە «ياش تۈركىستان» ژورنىلىدىكىلەر بىلەن ئۇلارنى ھىمايە قىلىدىغانلار، يەنە بىر تەرەپتە بولسا ت م ب نىڭ گېرمانىيىدىكى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن ئۇلارنى ھىمايە قىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىل تاپقان ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى.

ت م ب مەركىزى كومىتىتى گېرمانىيە شۆبىسى تەۋەسىدىكى بۇ غۇلغۇلىلارنى تىنجىتىش ئۈچۈن شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ بىرەر نەتىجىسى بولمايدۇ. ئاخىرى، 1933-يىلى مارتتا قوبۇل قىلىنغان ت م ب مەركىزى كومىتېت قارارى ئارقىلىق گېرمانىيە شۆبىسىنىڭ پائالىيەتلىرى بىر ۋاقىتلىق توختىتىلدى.

ئەسلىدە بۇ قارارنىڭ ئېلىنىشى، «ياش تۈركىستان» ژورنىلىنى ھىمايە قىلىدىغان گۇرۇھتىكىلەردىن باشقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ گېرمانىيىدىكى پائالىيەتلىرىگە خاتىمە بېرىش دېگەن مەنىگىمۇ ئىگە ئىدى. چۈنكى بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئالى مەكتەپ ئوقۇشىنى پۈتتۈرگەن، گېرمانىيىدە قېلىپ ئىش تېپىپ ئىشلەشكە كۆزى يەتمەي تۇرىۋاتقان بىر ئەھۋالدا ئىدى. شۇڭا بۇ ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن تۈركىيىگە بېرىپ ئورۇنلىشىپ شۇ يەرلەردە ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەڭ مۇۋاپىق چارە بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ بۇ چارىدىن پايدىلىنىپ تۈركىيىگە كېلىپ ئۇنىۋېرسىتېت قاتارىدىكى ھەر تۈرلۈك ئورۇنلارغا ئىشقا كىرىپ خىزمەت قىلىدۇ. 1933-يىلىدىن كېيىن گېرمانىيىدە پەقەت ئابدۇۋاھاپ ئوكتاي بىلەن تاھىر شاكىر، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى سائىدە ئوكتاي (شىرئەخمەت قىزى) بىلەن سائادەت چاغاتاي (ئىسھاقى) لا قالغان ئىدى.

ئىدىل ئۇرال تۈركلىرىنىڭ رەھبىرى ئاياز ئىسھاقىنىڭ قىزى بولغان سائادەت ئىسھاقى قىزى تاھىر چاغاتاي بىلەن توي قىلىپ، ئىدىل ئۇراللىقلارنىڭ نەشرى ئەپكارى بولغان «مىللىي يول» ژورنىلىنى بېسىش ۋە تارقىتىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ت م ب نىڭ پرومېتې ژورنىلى ۋاكالەتچىسى ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن سابىر ئىبراھىم (تۈركىستانلى) بولسا پارىژدا مۇستاپا چوقاي ئوغلى بىلەن بىرگە ئىدى.

ئوقۇغۇچى بولۇپ گېرمانىيىگە بارغىنىدىن كېيىن قالغان ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئاساسەن ئارىلاشماي يالغۇز ئوقۇش بىلەنلا بولۇپ كەتكەن ۋەلى قېيۇمخانمۇ، گېرمانىيەدىن كەتمەي تۇرۇپ قالغان تۈركىستانلىقلاردىن بىرى ئىدى. مىللىي تۈركىستان ھەرىكىتى ئەزالىرى تەرىپىدىن بەك تونۇلمىغان بۇ ئوقۇغۇچى سىياسىي سەھنىدە پەيدا بولىدىغان 1940-يىللارغا كەلگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۈنىنى چىقارماي يۈرىۋېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، 30-يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ

تۈركىستان مىللىي ئىنتىپاقىنىڭ ياۋرۇپادىكى پائالىيەتلىرى ئاساسى جەھەتتىن ياش تۈركىستان گۇروھىدىكىلەر تەرىپىدىنلا قانات يايدۇرۇلماقتا دېيىشكە بولىدۇ.

# بىرىنچى نۆۋەتلىك تۈرك تارىخ قۇرۇلتىيى ۋە زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ تۈركىيىدىن ئايرىلىشى

1932-يىلى ئىيولدا چاقىرىلغان بىرىنچى نۆۋەتلىك تۈرك تارىخ قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرغا قويۇلغان كۆزقاراشلار بىلەن بۇ ھەقتىكى مۇنازىرىلەر، تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ يېتەكچى كىشىلىرىدىن بىرى بولغان زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ ئىلمىي تەتقىقات پائالىيەتلىرى بىلەن سىياسىي ئورنىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ قۇرۇلتاي ئاتاتۈركنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈركىيە تۈركلىرى بىلەن تۈرك دۇنياسى ۋە ياۋرۇپا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى مۇقىم بىر قېلىپقا ئولتارغۇزۇش ئۈستىدە ئىزدىنىش نوقتىسىدىن ئالغاندىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

ئوسمانىلار خارابىلىرى ئىچىدىن زامانىۋىي بىر جۇمھۇرىيەت قۇرۇپ چىقىش قابىلىيىتىنى كۆرسەتكەن ئاتاتۈرك، بىر مىللەتنىڭ شەكىللىنىشىدە تارىخنىڭ، دىنىنىڭ ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىنتايىن ياخشى بىلەتتى. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەڭگۈ ياشاپ قېلىشى ئۈچۈن ئوسمانىلار تەرىپىدىن ئاساسى جەھەتتىن سەل قارىلىپ كېلىنگەن تۈرك مىللىتىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەتلىرى بىلەن ئانادولۇ قەدىمقى مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە ئوخشاش ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئوتتۇرغا قويۇلىشى، تۈرك تىلى بىلەن تۈرك مەدەنىيىتى تەتقىق قىلىنىشى، شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ مىللىي تارىخ كۆزقارىشىنى شەكىللەندۈرۈشى زۆرۈر ئىدى. ئاتاتۈرك ئەنە شۇ مەقسەتتە تۈرك تارىخ ۋە تۈرك تىل تەتقىقات جەمىيەتلىرىنى قۇرغۇزىدۇ. داڭلىق تۈرك مىللەتچىلىلەر يېتەكچىسى بولغان يۈسۈف ئاقچۇرا رەئىس قىلىپ تەيىنلەنگەن تۈرك تارىخ جەمىيىتى، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇلىدىغان تۆت قىسىملىق تارىخ دەرسلىك كىتابىنى تەييارلاپ چىقىدۇ. كەينىدىنلا بۇ كىتاپلاردا بايان قىلىنغان رەسمىي تارىخ قاراشلىرىنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش مەقسىتىدە ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن تارىخ ئوقۇتقۇچىلىرى قاتناشقان بىر قۇرۇلتاي چاقىرىدۇ. 1932-يىلىنىڭ 2~11-ئىيول كۈنلىرىدە ئەنقەرە خەلق سارىيىنىڭ زالىدا چاقىرىلغان بۇ قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش نۇتقىنى سۆزلىگەن مائارىپ ۋەكىلى ئەسەت ئەپەندى، ئوتتۇرغا قويۇلغان رەسمى تارىخ قاراشلىرىنىڭ مۇھىم نوقتىلىرىنى يىغىنچاقلاپ تۆۋەندىكىچە ئوتتۇرغا قويىدۇ:

تۈركلەر، ئانا يۇرتى ئورتا ئاسىيادا يىرىك تاش قۇراللار دەۋرىنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 12000 يىلىسى تاماملىغان بولسا، ياۋرۇپالىقلار بۇ دەۋردىن 5000 يىل كېيىن ئاران قۇتۇلۇپ چىقالىغان. ... سىلىق تاش قۇراللار دەۋرىگە توغرا كەلگەن جۇمۇدىيە (مۇز) دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا مۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن مۇھىم تەبىئىي تاھاۋۇللەر (ئۆزگىرىشلەر) سەۋەبىدىن نۇرغۇنلىغان تۈرك قەبىلىلىرى مۇھاجىرەت يولىغا ئاتلىنىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 7000 يىللار ئاۋال دېھقانچىلىق بىلەن چارۋۇچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرغان؛ ئالتۇن، مىس، قەلەي ۋە تۆمۈرنى كەشىپ قىلغان تۈركلەر، ئورتا ئاسىيادىن يولغا چىقىپ، بارغان يەرلىرىدە دەسلەپكى مەدەنىيەتنى نەشرەتمىش (تارقاتقان). شۇنداق قىلىپ ئاسىيادا خىتاي، ھىندىستان ۋە مۇقەددەس ئانادولۇدا ئەتى، مېزوپوتامىيەدە سۇمەر، ئەلام ۋە ئاخىرىدا مىسىر، ئاقدېڭىز (ئوتتۇرا يەر دېڭىزى — ئۇ.ت) ۋە رىم مەدەنىيەتلىرىنىڭ ھۇلىنى سېلىپ، بۈگۈنكى كۈندە ھەممىمىز يۈكسەك مەدەنىيەتلىرىگە قايىل بولۇپ كەيىندىن ئەگىشىپ مېڭىۋاتقان ياۋرۇپالىقلارنى ئۇ دەۋرلەردە ئۆڭكۈر ھاياتىدىن قۇتقۇزۇپ چىققان ئىدى.

قۇرۇلتاي قاتناشقۇچىلىرى تەرىپىدىن ھەر جەھەتتە قوللاپ قۇۋۋەتلەنگەن بۇ مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن تارىخ كۆزقارىشىدا، مىلادىدىن بۇرۇنقى 7~8 مىڭىنچى يىللاردا تۈركلەر نىمە ئۈچۈن ئورتا ئاسىيادىن كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى دېگەن سۇئالغا، تارىختا ئورتا ئاسىيانىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بىر ئىچكى دېڭىزنىڭ ئۇششاق كۆللەرگە ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتىنىڭ يۈز بېرىشى سەۋەپ بولغان دەپ جاۋاپ بېرىلگەن ئىدى. بۇ ئىچكى دېڭىز مۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن بارلىققا كەلگەن دېڭىز بولۇپ، بۇ دېڭىزنىڭ كۆلىمى ھەزەر (كاسپى) دېڭىزى بىلەن ئارال دېڭىزىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان دەرىجىدە چوڭ بىر دېڭىز ئىدى دېيىلگەن. بۇ ئىچكى دېڭىزنى قۇرىتىۋەتەلىگىدەك دەرىجىدە دەھشەتلىك بولغان ئۇ قۇرغاقلىق ئاپىتى، تۈرك تارىخ جەمىيىتىنىڭ باش كاتىۋى رەشىت غالىپنىڭ دېيىشى بويىچە، دۇنياغا تۈنجى مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشىنى تېزلىتىشكە سەۋەپ بولغانلىقى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان، ئەمما ئورتا ئاسىيا ئۈچۈن ئېغىر ئاپەت كەلتۈرۈپ بەرگەن بىر تەبىئەت ھادىسە ئىكەن. رېشىت غالىپ دوكلات جەريانىدا زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ بۇ كۆزقاراشقا قوشۇلمايدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىمۇ ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرغا قويسۇن دەپ سۆزگە تەكلىپ قىلىدۇ.

زەكى ۋەلىدى توغان، ئۇ كۈنكى تۈركىيەدە ئوتتۇرغا قويۇلغان ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئاساسەن دېگىدەك قېدىمقى دەۋرلەردە ئورتا ئاسىيادىن كۆچۈپ چىققان تۈركلەر تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان، ئانادولۇ بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدا قۇرۇلغان

ئەتى، سۇمەر، ئەلام قاتارلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ قۇرغۇچىلىرىمۇ ياش تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ تارىخي ئەجداتلىرى ئىدى دەيدىغان بۇنداق مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن تارىخ كۆزقارىشىغا قارشى چىققان بىردىن بىر ئالىم ئىدى. ئەسلىدە ۋەلىدىنىڭ نارازىلىقى بەكلا ئاددى كۆرۈنگەن بىر نوقتىنى چىقىش نوقتىسى قىلماقتا ئىدى. توغانىنىڭ قارىشى بويىچە، يازما تارىخ دەۋرلىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدە ئۇنداق ئېغىر قۇرغاقلىق ھادىسىسى كۆرۈلگەن ئەمەس، ئەگەر شۇنداق بىر قۇرغاقچىلىقنى بولغان دەپ قارىغىنىمىزدىمۇ خاتىرلەنمىگەن قېدىمقى دەۋرلەردىلا كۆرۈلگەن بولىشى مۇمكىن. تارىخي دەۋرلەردىن بۇيان تۈركىستانىنىڭ نوپۇسى كامىيىش تۇرماق ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە ئارتقانلىقى مەلۇم. يېزىق تارىخى باشلانغان دەۋرلەردىن بېرى كېلىمات ئۆزگىرىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىقتىسادى ۋە سىياسىي سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن زور كۆچ-كۆچلەر مەيدانغا كەلگەن، شۇنداقتىمۇ بۇ تۈردىكى كۆچۈش ۋەقەلىرى بۇ تارىخ قارىشىدا كۆرسىتىلگەندەك ئۇنداق ئېغىر دەرىجىدە روي بەرگەن ئەمەس. ئاناتولىغا قاراپ تۈركلەرنىڭ كۆچىشىمۇ ئاساسەن ئالغاندا ئوتتۇرا ئاسىيادا موڭغۇل ھاكىمىيتى ئوتتۇرغا چىقىشقا باشلىغان دەۋرلەردە، يەنى ئون بىرىنچى ئەسىرلەردە ئوتتۇرغا چىققان بولىشى كېرەك ئىكەن.

زەكى ۋەلىدىنىڭ قورقماستىن ئوتتۇرغا قويغان بۇ قاراشلىرى، رەسمى تارىخ دەپ ئېلىنغان قاراشلارنىڭ ئاساسلىرىنى پۈتۈنلەي ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتمەكتە ئىدى. ئەگەر ۋەلىدىنىڭ كۆزقارىشىنى قوبۇل قىلىشقا توغرا كەلگىنىدە، دۇنيانىڭ ئىلغار مەدەنىيىتى تۈركلەر تەرىپىدىن يارىتىلغان، سۇمەر، ئەتى قاتارىدىكى قەۋملەر ئاناتولۇ تۈركلىرىنىڭ ئەجداتلىرى دەيدىغان قاراشنى ھەرگىزمۇ تىلغا ئالغىلى بولماي قالاتتى. ئىككى كۈنگە يېقىن داۋام قىلغان بۇ مۇنازىرىلەردىن كېيىن، دوكتور رەشىت غالىپ ئەپەندى زەكى ۋەلىدىنى ئېغىر تەنقىتلەر ئىچىگە كۆمىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىدىن زەكى ۋەلىدىنىڭ كونا رەقىپلىرىدىن بولغان سادىر مەخسۇدى ئارسال سۆزگە چىقىپ قۇرغاقلىق ئاپىتى سەۋەبىدىن قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان بەزى شەھەرلەرنى تىلغا ئېلىپ كۆرسىتىپ تەنقىتلەشنى داۋام قىلىدۇ. ئەمما زەكى ۋەلىدى گېپىدىن يانماي ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىدا چىڭ تۇرۇپ تىركىشىدۇ. بۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا ھۆكۈمەت تەرەپ رەسمى تارىخ قارىشى تەرىپىنى ئالغان، پۈتكۈل قۇرۇلتاي ھەيئىتىنىڭ بىردەك قوللىشىغا ئېرىشكەن دوكتور رىشىت غالىپ، تەنقىتىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرىدۇ: زەكى ۋەلىدى توغانىنىڭ دارۇلفونۇندا داۋاملىق ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشىنىڭ مۇۋاپىق بولۇش-بولماسلىق مەسىلىسىنى ئوتتۇرغا قويۇپ ئۆز پىكرىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ سۆزىنى مۇنۇ سۆزلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ:

ئارقاداشلار (دوستلار)، شۇنى ئەپسۇس بىلەن تىلغا كەلتۈرۈشكە مەجبۇرمەنكى، زەكى ۋەلىدى ئەپەندىنىڭ دارۇلفونۇندىكى سىنىپىدا ئوقۇغۇچى بولۇپ قالمىغىنىمغا بەكلا خوشالمەن. بىز ئەۋلادلىرىمىزنى كىلەچەك ئۈچۈن

بۇيۇك دۆلەت ئىشلىرىغا تەييارلاۋاتقان، كۆڭۈل بۆلىۋاتقان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ بۇ تۆردىكى ئەسلىدىن، يىلتىزىدىن خەۋەرسىز قالدۇرۇلىدىغان، ئەڭ ئىپتىدائىي ھېساپ-كىتاپ ۋە مەنتىق بىلىملىرىدىن مەھرۇم قالدۇرۇلىدىغان ئۇسۇللار بىلەن مېڭىلىرىنىڭ بۇلغۇنىشىغا، مۇھاكىمە قىلىش قابىلىيەتلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىغا ھەرگىزمۇ سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايمىز. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى دارىلفۇنۇنىنىڭ دەرس سەھنىسىنىڭ بۇنچە مەلۇماتى تۇۋەن، بۇنچە ناچار مىتوتچىلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىشىلىشى مۇمكىن بولىدىغان ئۇنداق قىممىتى يوق ئورۇن ئەمەس (گۈلدىراس ئالقىش سادالىرى ئۇزۇنغىچە داۋاپ قىلدى).

زەكى ۋەلىدى توغانغا قارىتىلغان تەنقىتلەرنى كۆچەيتىپ بەرگەن بۇ نوتۇقتىن كېيىن سۆزگە چىققان سادرى مەقسۇدى ئارسالمۇ، ئۆز نۇتقىنى يوقۇرىقىغا ئوخشايدىغان سۆزلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ:

زەكى ۋەلىدى ئەپەندى تىلغا ئالغان شەھەرلەردىن ھېچقايسىسىنىڭ ئۇ يەرلەردە بارلىقى ئىسپاتلانمىغان. زەكى ۋەلىدى ئەپەندىنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزلىرىنىڭ ھېچقايسىسى قىلچىمۇ ئاساسى يوق سۆزلەردۇر. ... ئۇنىڭ بۇ تەنقىتلىرى ئىلمىي بىر مەسلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلىشتىن كۆرە، پۈتۈنلەي باشقا بىر غەرەزنى مەقسەت قىلىپ ئوتتۇرغا قويغانلىقى ئاشكارە ئوتتۇردا.

ئەڭ ئاخىرقى تەنقىت تۈرك تارىخ تەتقىقات جەمىيىتى ئەزاسى شەمسەددىن گۈنئالتايدىن كېلىدۇ. شەمسەددىن ئەپەندى، زەكى ۋەلىدى توغان بىلەن سادرى مەقسۇدى ئارسال ئوتتۇرسىدىكى مۇنازىرىلىشىشنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ رۇسىيىدىكى ئىنقىلاپ پارتىلاشتىن ئاۋال چاقىرىلغان پۈتۈن رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى قۇرۇلتىيى ئېسىگە كەلگەنلىكىنى، بۇ ئىككى كىشى شۇ ۋاقىتلاردىلا تۈركلۈك مەسلىسى ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىپ ئۇرۇشۇپ قالغانلىقنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. دېگەندەك، شۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا سادرى مەخسۇدى قاتارلىق ئىدىل ئۇرال تاتارلىرى تېررىتورىيىسىز مەدەنىيەت مۇختارىيىتى تەلەپ قىلىش تەرىپىدە تۇرغان ۋاقىتدا، زەكى ۋەلىدى يېقىنلىرى بىلەن بىرگە تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىش تەرىپىدە چىڭ تۇرغان ئىدى. ئەسلىدە تېررىتورىيىسى ئېنىق بولمىغان مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئاپتونومىيىنى تەلەپ قىلىشقا قارىغاندا تېررىتورىيىسى ئېنىق بولغان ئاپتونومىيىلىك ھوقۇقنى تەلەپ قىلغان زەكى ۋەلىدىنىڭ ئورنى، شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتتە ھەقىقەتەنمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھېساپلىناتتى. ئەمما شەمسەتتىن گۈنئالتاي ۋەكىللىكىدىكى قۇرۇلتاي قاتناشقۇچىلىرى ئۇ كۈنلەردە بۇ تۆردىكى تەپسىلى

ئىشلارغىچە تالاش-تارتىش قىلغىدەك ۋاقىتلىرىمۇ يوق ئىدى. گۆئئالتاينىڭ تىلغا ئالغان بۇ ئاخىرقى گېپى ئۇزۇن يىل بۇرۇن سادىر مەقسۇدى قاتارلىق ئىدىل-ئۇرال زىيالىلىرىنىڭ تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تەلىۋىدە بولغىنى ئۇچۇن زەكى ۋەلىدى ئۈستىدە قىلغان تەنقىتلەرگە پۈتۈنلەي ئوخشايتتى:

ئەمما زەكى ۋەلىدى ئەپەندى ئۇفا قۇرۇلتىيىدا تۈرك نامى ئاستىدىكى تۈرك ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشىغا بىرىنچى بولۇپ ماقۇل بولمىغان بولۇپ، باشقىرتلارنى تۈرك ئائىلىسىدىن ئايرىم تۇتماقچى بولغان ئىدى (يىغىن زالىدا ئەپسۇس، مىڭلەرچە ئەپسۇس! دېگەن سادالار ياڭرايدۇ). ... ئەجىبا، زەكى ۋەلىدى ئەپەندى شۇ ۋاقىتتىكى ئوينىغان ئويۇننى بۇ قۇرۇلتايدىمۇ ئوينىماقچى بولىۋاتامدۇ قانداق؟ خاتىرجەم بولسۇن، بۇ قۇرۇلتاي ئەتراپىغا يىغىلغانلار، قەلبىدە مىللەت دېگەن يالقۇن يالىنجاپ تۇرغان كىشىلەردۇر. بۇ يالقۇن ئالدىدا باشقا ھەرقانداق تەكلىپ ۋە تىرىشچانلىقلار بەرداشلىق بىرەلمەي كۈل بولۇپ توزۇپ كېتىشكە مەھكۇمدۇر (ئۇزۇنغا سوزۇلغان گۈلدىراس ئالقىشلار ياڭرايدۇ).

بۇنداق ۋەقەلەر يۈز بەرگەن بىر ۋەزىيەت ئاستىدا، زەكى ۋەلىدى توغانىنىڭ دارۇلفۇنۇندىكى خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئىمكانى قالمىغان دېيىشكە بولاتتى. تۈركىيە دۆلىتى ئوتتۇرىغا قويغان رەسمىي تارىخ نەزەرىيىسىگە قارشى تۇرىشى ئۇنى ئىلمى تەتقىقات ساھەسىدىكىلەر ئارىسىدىلا ئەمەس بەلكى سىياسىي ساھەلەردىمۇ قارشى ئېلىنمايدىغان ئادەمگە ئايلاندۇرغان ئىدى. تەتقىقات ساھەسىدىكىلەر ئارىسىدا قۇرۇلتايغا كىرىپ سۆزگە چىققانلارنىڭ دوكلاتلىرىنى بىۋاستە ئاڭلاپ تۇرغان ئاتاتۈركمۇ زەكى ۋەلىدىنى خالىماپتۇ، دېگەن گەپ-سۆزلەر تارقىلىشقا باشلايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، 8-ئىيول كۈنىسى زەكى ۋەلىدى قۇرۇلتاي ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا بىر پارچە تېلگرام ئەۋەرتىپ دارىلفۇنوندىكى ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەرگەنلىكىنى بىلدۈردى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، دوكتورلۇق ئوقۇشى ئۈچۈن ۋىېنا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېتىپ قالىدۇ. ۋەلىدى، ۋىېنادا دوكتورلۇق ئوقۇشىنى پۈتتۈرۈپ ئاۋال بونن ئۇنىۋېرسىتېتىدا، ئاندىن گوتتىڭگېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر مەزگىل ئىشلەيدۇ. تۈركىيىگە بولسا، ئاتاتۈرك ۋاپات بولغاندىن كېيىن، يەنى 1939-يىلى قايتىپ كېلىدۇ.

بۇ جەرياندا، تۈرك تارىخ جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان رەسمى تۈرك تارىخ كۆزقارىشى ھەقىقەتەنمۇ ھەددىدىن زىيادە مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن، زورلاپ كىرگۈزۈلگەن ھۆكۈملەر بىلەن تولۇپ تاشقانلىقى زىيالىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تەرىپىدىن قوبۇل كۆرۈلۈپ، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ تۈردىكى مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن تارىخ كۆزقاراشلىرى ئۆزلىكىدىنلا ئۈن-تىنسىز ئۇنتۇلۇپ

كېتىدۇ. نەتىجىدە كېچىكىپ بولسىمۇ زەكى ۋەلىدىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكى ئەستىقلانغان بولدى. ئەپسۇسكى، بەزى مۇتەخەسسىسلەر باشتىن تارتىپلا بۇ تۈردىكى تارىخ قارىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇ كۆنلەردىكى سىياسىي ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ ئۇنىنى چىقارماي جىم تۇرۇۋالغان، يەنە بەزىلىرى زەكى ۋەلىدىنىڭ تەنقىتلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ تۇرۇقلۇقمۇ تارىخ جەمىيىتىنىڭ خاتا كۆز قاراشلىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەشكەن ئىدى. شۇنداق كىشىلەردىن بىرسى، ھەتتا قۇرۇلتاي جەريانىدا بۇ تۈردىكى مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن تارىخ كۆز قارىشىغا ھەرگىز قوشۇلمايدۇ دەپ پەرەز قىلىنغان كىشىلەردىن بىرسى دەل فۇئات كۆپرۈلۈ ئىدى. كۆپرۈلۈ قۇرۇلتايدىن كېيىن ئىستانبۇلغا قايتىپ كەلگىنىدە ئۇنىڭدىن بەزى كىشىلەر، سەن نېمە ئۈچۈن ئۇنداق بىمەنە تارىخ كۆزقارىشىغا قارشى چىقماي جىم تۇرىۋالدىڭ دەپ سورىغىنىدا، "قانداق قىلاي، ئولتۇرغان ئۆيۈم ماڭا تەۋە ئەمەس تۇرسا" دەپ جاۋاپ بەرگەن! ئۇنداق بولماي، ۋەلىدىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغان تۇنجەر بايقارا ئېيتقىنىدەك، ئەگەر شۇ ۋاقىتتىكى تارىخچىلار ئاتاتۈركنى خوش قىلىمىز دەپ ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي تارىخنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا ئىدى، ئۇلۇغ ئاتاتۈركمۇ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا تاشلىۋېتىلىدىغان بىر تارىخ كۆز قارىشنى ھەرگىز ماقۇل كۆرمىگەن بولاتتى.

## ت ب م نىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىتى ۋە ياپونىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى

1930-يىللارنىڭ دەسلەپكى يىللىرى دۇنيا كۈچ تەڭپۇڭلۇقىدا تۈپكى ئۆزگىرىش بولۇشىنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلەر ئېنىق كۆرۈلۈشكە باشلىغان دەۋرلەر ئىدى. بولۇپمۇ 1931-يىلى سېنتەبىردە پارتلىغان خىتاي-ياپون ئۇرۇشى، ئۇنىڭ كەينىدىنلا خىتاينىڭ شىمالىدا ياپونىيىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر مانچۇكونىڭ (يەنى مانجۇرىيە دېمەكچى — ئۇ.ت) قۇرۇلۇشى ئاسىيادىكى كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. بۇ ۋەقەلەر يۈز بېرىۋاتقان 1931-يىلىنىڭ فېۋرال ئېيىدا، **شەرقىي تۈركىستاننىڭ قۇمۇل ۋىلايىتىدە** خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى **غوجا نىياز ھاجى بىلەن سالىھ دورغا** يېتەكچىلىكىدىكى بىر قوزغىلاڭ پارتلايدۇ. بۇ قوزغىلاڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا كېڭىيىپ ئۆلكە باشلىقى جىن شۇ جېن (جىنىڭ شۇرېنىنى دېمەكچى — ئۇ.ت) ھاكىمىيىتىنى تەۋرىتىۋېتىدۇ. نەتىجىدە **شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىل** بولۇش ئىمكانىيىتى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شەرقىي تۈركىستانلىقلار باشلاتقان بۇ كۆرەش، بۇ رايونلارغا قىزىقىپ كېلىۋاتقان ياپونىيە قاتارىدىكى كۈچلەرنىڭ

دىققىتىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىشقا باشلايدۇ.

ياپونىيە، 1900 ـ يىللارنىڭ بېشىدىلا ئاسىيادىكى كۈچ تەڭپۇڭلۇقىغا زور تەسىر كۆرسىتىدىغان دۆلەت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. رۇسىيىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن نەتىجىلەنگەن 1904 ـ يىلقى ياپون ـ رۇسىيە ئۇرۇشى چاررۇسىيىدە مەشرۇتىيەت سىستېمىسىغا (خانلىق ـ پارلامېنت ھاكىمىيەت سىستېمىسى — ئۇ.ت) ئۆتۈش پۇرسىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولسا، ياپونىيىنىمۇ بىر دۇنياۋى كۈچكە ئايلاندۇرۇش ئىمكانىيىتىنى ياراتقان ئىدى. ياپونىيىنىڭ بۇ غەلىبىسى، ياپونىيىدەك بىر شەرق دۆلىتىمۇ ئاساسەن سانائەتلىشىپ بولغان بىر غەرب دۆلىتى ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ۋەقە ئىدى. رۇسىيە ئىنقىلابى دەۋرلىرىدە، ياپونىيە سىبىرىيىگە ئەسكەر چىقىرىپ ئاقلار بىلەن قىزىللار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە ئاقلار گېنېراللىرىغا ياردەم قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ ھادىسىلەر رۇسىيىگە قارام بولغان تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ياپونىيىگە قارىتا ئالاھىدە يېقىنلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىشقا باشلايدۇ. نەتىجىدە بىر قىسىم ئوتتۇرا ئاسىيا مۇستەقىللىق ھەرىكەت يېتەكچىلىرىنى ياپونىيە مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىگە ياردەم قىلالايدىغان ئەڭ ئىشەنچلىك دۆلەت دېگەن تونۇشقا كەلتۈرگەن ئىدى.

ئارىدىن 14 يىل ئۆتۈپ يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ۋەزىيەت قايتا يۈز بېرىدۇ. بۇ قېتىم ياپونىيە مانجۇرىيىنى بېسىۋېلىپ، كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا ختايدىن كۆپ ئۈستۈن ھالغا كەلگەن ئىدى. ختايدا يۈز بەرگەن بۇ قالايماقان ۋەزىيەت، **شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ** مۇستەقىللىق ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىۋېتىشى تۇرغان گەپ. يەنە بىر تەرەپتىن **مۇستەقىل بىر شەرقىي تۈركىستان**، سوۋېتلەر تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان غەربىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرى ئۈچۈنمۇ كۈچلۈك ياردەمچى بولىدىغانلىقى مۇقەررەر ئىدى. ياپونىيە بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدا پارتلاش ئېھتىمالى بولغان يېڭى ئۇرۇش، تۈركىستان ئۈچۈنمۇ يېڭى بىر دەۋرنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

بۇ خىل قاراشلار ت م ب رەھبەرلىرىنىمۇ قىزىقتۇرماقتا ئىدى. ت م ب رەئىسى ئوسمان غوجا ئوغلى يازغان بىر پارچە خەتتە مانجۇرىيىدە يۈز بەرگەن ۋەقەنى كىشىگە ئۈمىد بېغىشلايدىغان ۋەقە دەپ كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، ئەگەر قايتا بىر قېتىملىق رۇس ـ ياپون ئۇرۇشى پارتلىغىدەك بولسا قانداق ھەرىكەت قىلىش كېرەكلىكى تەھلىل قىلىنغان ئىدى. بۇ تەھلىلگە قارىتا مۇستاپا چوقاي ئوغلى مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ:

سىز ئوتتۇرىغا قويغان بۇ مەسىلە ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ... "ئۇرۇسلار بىلەن ياپونلار راستىنلا ئۆزئارا تۇتۇشۇپ قالارمۇ؟" دەپ سوراپسىز. ... مېنىڭچە بولغاندا، ياپونلارنىڭ ئالدىدىكى مەسىلە ئا ق ش بىلەن

تۇتۇشۇپ قېلىش مەسىلىسىدۇر. ... ئەگەر بۇنداق بىر ئۇرۇش يۈز بېرىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇرۇسلار قايسى تەرەپكە يان باسسا شۇ تەرەپ ئۇرۇشتا يېڭىپ چىقىشى مۇمكىن دەپ قارايمەن. مېنىڭچە، رۇس-ياپون ئۇرۇشىنىڭ پارتلاش ئېهتىمالى يوق دېيەرلىك. ... ئەگەر بۇنداق بىر ئۇرۇش پارتلاپ قالسا بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ بىزنىڭ تۇتىدىغان بىردىن-بىر يولىمىز، مۇستەقىللىق بىرلىكسېپىنى تەشكىللەپ رۇسىيىگە قارشى جەڭ قىلىشتىن باشقىچە بولماسلىقى كېرەك.

قىسقىسى، ت م ب ئەزالىرى، **شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك كۈرەشتە** چوقۇم ياپونىيىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم دېگەن ئورتاق پىكىرگە كەلگەن ئىدى. شۇڭا، ت م ب ئورگىنى بۇ ھەقتە مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، 1932-يىلى ئۆكتەبىردە تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر تولۇق بايان قىلىنغان بىر پارچە دوكلات تەييارلاپ ياپونىيە ھۆكۈمىتىگە ئەۋەتىدۇ. بۇ دوكلاتتا ئاۋال ياپونىيە خەلقىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى بىر قۇر تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ، تۈرك-ياپون خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى يېقىن مۇناسىۋەتلەر ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. ئاندىن 1905-يىلقى رۇسىيە-ياپون ئۇرۇشىنىڭ تۈركىستانغا كۆرسەتكەن تەسىرلىرىنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ، 1917-يىلقى ئىنقىلابتىن كېيىن تۈركىستاندا ئوتتۇرىغا چىققان سىياسىي ۋەزىيەت قىسقىچە خۇلاسىلانغان. بۇ ئارىدا 1920-يىلى ئەتىيازدا تۈركىستاندا قۇرۇلغان مىللىي تەشكىلات سەدرىدىنخان بىلەن كېرەم ئوغلى ئارىپ ئەپەندىدىن تەشكىل تاپقان بىر ۋەكىللەر ئۆمىگىنى ياپونىيە ھۆكۈمىتىدىن ياردەم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن توكيوغا ئەۋەتكەنلىكىنى، ئەمما بۇ ھەيئەت چېگرادىن چىقماي تۇرۇپلا ئۇرۇسلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغانلىقى بايان قىلىنغان. تۈركىستاندىكى مىللىي كۈرەشلەر مەغلۇپ بولغىنىدىن كېيىن، مىللىي بىرلىك ھەرىكىتىنى چەتئەلدە قانات يايدۇرۇشقا مەجبۇر بولغانلىقى تونۇشتۇرۇلغان. ئاندىن چەتئەلدە قانات يايدۇرۇلغان بۇ پائالىيەتلەرنىڭ نىمە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى تونۇشتۇرۇلغان. ئاخىرىدا ت م ب ئورگىنى باشتىن تارتىپ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەن. تۈركىستان دوكلاتىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا ت م ب نىڭ پىلان ۋە تەلەپلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

تۈركىستان مىللىي بىرلىك مەركىزى، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ۋاقىتلاردا، ئۇ جايلارنىڭ ھەقىقىي تۈردە تەنەززۇرلىشىشى (مەدەنىيلىشىشى) بىلەن مىللىي مائارىپ جەھەتلەردە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى جەھەتلەردە كۈچ چىقىرىپ كەلگەن ئىدى. خىتايلارغا قارشى سىياسىي پائالىيەتلىرىمىز نەزەرىيىۋىي جەھەتتىلا چەكلىنىپ قېلىپ بەكلا پاسسىپ ئەھۋالدا ئىدۇق. ئەمما 1931-يىلى سېنتەبىر ئېيىغا كەلگىنىدە مانجۇرىيىدە

باشلانغان ياپون-ختاي ئۇرۇشى، نەتىجىدە بۇ يىل مانجۇرىيىنىڭ مۇستەقىل مانچۇكو نامى بىلەن دۆلەت بولۇپ مەيدانغا كېلىشى ت م ب نىڭ شەرقىي تۈركىستان پائالىيىتىگە بولغان بۇرۇنقى قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ت م ب مەركىزى، ختايلار دۇچ كەلگەن بۆگۈنكى ئۇرۇش ۋەزىيىتى ئاستىدا شەرقىي تۈركىستاندا مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش مەسىلىسى بىلەن پايدىلىق شارائىتلار ئۈستىدە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستانىنىڭمۇ مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ قۇرۇلۇش ئېھتىمالى بارلىقىنى كۆرۈپ يەتتۇق. ئەمما ئەمەلىي تەجرىبىلىرىمىز شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، قۇرۇلغۇسى بۇ دۆلەتنى ياشاتقۇزۇش ئۈچۈن دوست دۆلەتلەرنىڭ ياردىمى شەرت. ئەنە شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ت م ب مەركىزى، ئىرق جەھەتتە بىر تۇغقان بولغان پەزىلەتلىك ياپون مىللىتى بىلەن شەۋكەتلىك ياپونىيە دۆلىتى، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ ئۇلارغا ياردەم قولىنى ئۇزارتىشتىن چېكىنمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ت م ب مەركىزىنىڭ بۇ ھەقتە قانات يايدۇرماقچى بولغان ۋەزىپىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1.شەرقىي تۈركىستاندا يۈمران ھالدا تۇرغان مىللىي ۋە سىياسىي مۇستەقىللىققا مۇناسىۋەتلىك كۆزقاراشلارنى بەلگىلىك سەۋىيىگە كۆتۈرۈش مەقسىتىدە شەرقىي تۈركىستانغا يېقىنراق بىر يەردە سىياسىي گېزىت ۋە كىتابچىلار چىقىرىپ تارقىتىش؛

2.شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى شەھەر ۋە ناھىيىلىرىگە تەشۋىقات ۋە تەشكىلاتچى ئۈمەكلەرنى ئەۋەتىپ تەشكىلاتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش.

بۇ مەقسەت ئۈچۈن دۆلىتىڭىزلارغا مۇشۇ دوكلاتقا قوشۇپ شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك جۇغراپىيىلىك، تارىخىي، ئىقتىسادىي ۋە بۈگۈنكى سىياسىي ۋەزىيىتى ئومۇمىي يۈزلۈك تونۇشتۇرۇلغان قىسقىچە ماتېرىياللىنىمۇ بىرگە قوشۇپ تۈركىستان مىللىي مەركىزى نامىدا سىزلەرگە سۇنۇشتىن ئۆزىمىزنى شەرەپلىك ھېس قىلىمىز. بۇ ۋەجىدىن ھۆرمەت بىلەن سالام يوللايمەن ئەپەندىم.
1932-يىلى تەشرىنسانىي (نويابىر)، ئىستانبۇل.

تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاق مەركىزىنىڭ رەئىسى ئوسمان (غوجا ئوغلى)
ۋە كاتىپى مەجدىدىن (دەلىل)

ياپونىيە ھۆكۈمىتى، دەسلەپتە بۇ دوكلاتقا مەيلى پايدىلىق ياكى پايدىسىز

ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىگەن بولسىمۇ، 1935ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ ئىشقا پولشانىڭمۇ ئارىلىششى بىلەن ياپونىيە تەرەپ پرومېتې ھەرىكىتى ۋە ت م ب تەشكىلى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا باشلايدۇ.

## ئەنگلىيە بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش ئۈستىدە ئىزدىنىشلەر

ت م ب، **شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى** «ياش تۈركىستان» ژورنىلىغا بېرىلىدىغان ماقالىلار، تۈركىستان تۈرك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىللىگەن دوكلاد يىغىنلىرى ۋە مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ لوندون، پارىژ، ۋارشاۋا قاتارلىق جايلاردا سۆزلەيدىغان ئىلمىي دوكلاتلىرى ۋاستىسى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ياپونىيە ھۆكۈمىتىدىن ياردەم تەلەپ قىلىش ھەرىكىتىدە بىرەر جاۋابقا ئېرىشەلمىگەن ت م ب، ئەنگلىيىلىكلەردىن ياردەم تەلەپ قىلىشقا يۈزلىنىدۇ. ت م ب رەھبەرلىرى ئۆز ئارا يېزىشقان خەتلىرىدە، ئۇ ۋاقىتلاردىكى ۋەزىيەتكە نىسبەتەن ت م ب نىڭ قانداق كۆز قاراشتا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئىنتايىن مۇھىم يىپ ئۇچلىرى بىلەن تەمىنلەپ بەرمەكتە. ت م ب رەئىسى ئوسمان غوجا ئوغلى بۇ ھەقتە مۇستاپا چوقاي ئوغلىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتمەكتە:

ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ياپون ـ خىتاي ئۇرۇشى خىتاي جاھانگىرلىكىنىڭ چاڭگىلى ئاستىدا قالغان ئەللەرنى ھەرىكەتلەندۈرىۋەتتى. مانجۇرىيىدىكى مانجۇلار، موڭغۇللار ۋە تۈركىستانلىقلارنىڭ ياپونىيىلىكلەر بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەتكە ئاتلانغانلىقى مەلۇم. شەرقىي تۈركىستاندىمۇ ھەرىكەتلىنىشلەر كۆرۈلمەكتە. ... شۇ سەۋەپتىن ت م ب ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى بىلەن ئىلمىي شەكىلدە شوغۇللىنىش جەريانىدا مۇنداق خۇلاسىگە كەلدى: شەرقىي تۈركىستاندا بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئىمكانىيەتلىرى كۈندىن ـ كۈنگە روشەنلەشمەكتە. شەرقىي تۈركىستانلىقلار غەربىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئىلغار كۈچلىرىدىن پايدىلىنىشنى بىردىن ـ بىر چىقىش يولى دەپ قاراشماقتا. غەربىي تۈركىستان مۇنەۋۋەر كۈچلىرى دېگەنلىك، ت م ب دېگەنلىكتىن ئىبارەتتۇر. شۇنداق ئىكەن، ت م ب بۈگۈنكى كۈندە تۈركىستاننىڭ بىردىن ـ بىر مۇھىم ئۈمىد مەنبەسى ھەمدە سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولىشى كېرەك. ...

مۇستاپا ئەپەندىم،

بۈگۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۆت دانە قوشنىسى بار. ... خىتاي، شەرقىي تۈركىستان سىياسىي مۇستەقىللىقى جەھەتتە غۇلاپ چۈشۈش ئالدىدا تۇرغان بىر تۇرغا ئوخشاپ قالدى. ... رۇسىيىدىكى ۋەزىيەت بىزگە مەلۇم. ... ئەپسۇسكى ئافغانىستاندا بولسا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە ياردەم قىلالىغۇدەك بىرەر قۇراللىق كۈچ ياكى ھۆكۈمەت يوق ھالەتتە تۇرماقتا. پەقەت ھىندىستان ـ ئەنگلىيىلا ئۈمىد كۈتۈشكە بولىدىغان قوشنا دۆلەت ھالىتىدە تۇرماقتا. ئۇلاردا بۇ ئىشقا يېقىندىن قىزىقىدىغان كۈچ ـ قۇدرەت بار. ھىندىستان يولىنى ئېچىش ۋەزىپىسىنى، قېرىندىشىم مۇستاپا ئەپەندىم، ت م ب سىزگە ۋەزىپە قىلىپ يۈكلىمەكتە. ... قېرىندىشىمىز مەجىدىدىن ئەپەندى ۋارشاۋادا سىز بىلەن مۇشۇ ھەقتە بىۋاسىتە سۆزلىشىش ھەمدە ت م ب نىڭ بۇ ھەقتىكى ئالغان قارارلىرىنى سىزگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالدىڭىزغا كەتتى.

شۇنداق قىلىپ، ت م ب يېتەكچىلىرى بۇ ئىشتا ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ يەنە بىر قېتىم تەلەي سىناپ بېقىش قارارىغا كەلگەن ئىدى. دېمىسىمۇ ئىنگلىزلار خېلى ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان **شەرقىي تۈركىستاندىكى** ۋەقەلەرنى يېقىندىن كۈزىتىپ كېلىۋاتقان ئىدى. تا 1860 ـ يىللىرىدىلا **بەدۆلەت ياقۇپبەگ قۇرۇپ چىققان مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى** بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدا سۆھبەت باشلىنىۋەتكەن ئىدى. بۇ جەرياندا ئوسمانلار دۆلىتى بىلەنمۇ مۇناسىۋەت تىكلەشنى ئويلىغان ياقۇپبەگ، 1873 ـ يىلى سېيىت ياقۇپخان تۆرە ئىسىملىك بىر ئادىمىنى ئىستانبۇلغا ئەۋەتكەن ئىدى. سېيىتخان تۆرە ھىندىستاندىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن **شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى** ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى كۈچەيتىش ھەققىدە ھەر تۈرلۈك سۆھبەتلەرنى ئۆتكۈزگەن ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىستانبۇلغا يېتىپ بارغان سېيىت ياقۇپ، 1873 ـ يىلىنىڭ 16 ـ ئىيۇن كۈنىسى سۇلتان ئابدۇلئەزىز تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندۇ. **سۇلتان ئابدۇلئەزىز،** شۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتە **بەدۆلەتكە** «ئەمىر» ئۇنۋانى بىلەن بىرگە بىرىنچى دەرىجىلىك ئۇنۋانغا خاس بولغان قىممەتلىك تاشلار بىلەن بېزەلگەن نىشانىي ئوسمان مېدالىنىمۇ قوشۇپ ئەۋەتىپ بېرىدۇ. پادىشا يەنە **شەرقىي تۈركىستان ئارمىيىسىگە** ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە بېرىش ئۈچۈن تۆت نەپەر ھەربىي ئوقۇتقۇچىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ بارلىق راسخوتلىرى بىلەن بىرگە يەنە ئالتە دانە زەمبىرەك، 1200 تال مىلتىق ئەۋەرتىشنىمۇ بۇيرۇق قىلىدۇ. سېيىتخان تۆرە، قايتىش يولىدا ھىندىستاندىن ئىنگلىز دىپلوماتلىرىنى

بىرگە ئېلىپ **قەشقەر**گە بارىدۇ. پادىشاھنىڭ نامىي ھۇمايۇننىي تاپشۇرۇپ ئالغان **بەدۆلەت ياقۇپبەگ**، ئۆزىنى خەلىپىگە تەۋە ئەمىر دەپ ئېلان قىلىپ، خەلىپە نامىغا خۇتبە ئوقۇتۇپ، خەلىپە نامىدا پۇل چىقىرىدۇ.

كېيىنكى يىلىسى ياقۇپخان ھۆكۈمىتى بىلەن ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرىسىدا سودا شەرتنامىسى ئىمزالىنىدۇ. 1876 ـ يىلىسى **ختاي ياقۇپبەگ دۆلىتىگە** قارىتا بېسىمنى كۈچەيتىشكە باشلىشى بىلەن، بېرىتانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق باشئەلچىسى سىر توماس ۋايد ئوتتۇرىغا چىقىپ 1877 ـ يىلىسى 24 ـ يانۋاردا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ **شەرقىي تۈركستان** بىلەن ختاي ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۈرمىچى بولۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەپسۇسكى ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى ھىندىستان گوبېرناتۇرى قوبۇل قىلىشقا ئۇنىماي رەت قىلىۋېتىدۇ. **بەدۆلەت ياقۇپبەگ** قۇرۇپ چىققان بۇ دۆلەتنى ساقلاپ قېلىشتا ئۇلۇغ بېرىتانىيىنىڭ رولىنىڭ بەكلا مۇھىم ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. شۇنداق بولغاچقا ھىندىستان گوبېرناتورىنىڭ ماقۇل كۆرمىگەنلىكىگە قارىماي لوندونغا بىر ئەلچىلىك ئۆمىكى ئەۋەتىش قارارىنى ئالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە شۇ سېيىت ياقۇپخان تۆرەنى تاللايدۇ. سېيىت ياقۇپخان 1877 ـ يىلىنىڭ بېشىدا لوندونغا يېتىپ بېرىپ **بەدەۋلەتنىڭ** بېرىتانىيە خانىشىغا يازغان خېتىنى تاپشۇرۇش بىلەن بىرگە، يەنە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ **شەرقىي تۈركستانغا** ياردەم قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پائالىيەتلەرگە كىرىشىدۇ. ئەمما شۇ يىلىسى ماي ئېيىدا **بەدۆلەت** ۋاپات بولىدۇ. بۇ ھادىسە يۈز بېرىپ بىر قانچە ئاي ئۆتكەندە، **قەشقەرنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان بۇ مۇستەقىل دۆلەتنى ختاي تاجاۋۇزچىلىرى** ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، **شەرقىي تۈركستاننى** پۈتۈنلەي بېسىۋالىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان سېيىت ياقۇپخان تۆرە ئىلاجىسىز **شەرقىي تۈركستانغا** قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ياقۇپخان تۆرە ئۇ يەردىكى ئىچكى قالايمىقانچىلىقلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئائىلىسىنى تۈركىيىگە يولغا سېلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى ياقۇپخانزادە ئىزمىر تەۋەسىگە كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. ياقۇپخان تۆرەنىڭ ئۆزى 1900 ـ يىلىسى **شەرقىي تۈركستاندا** ۋاپات بولىدۇ.

ت م ب يېتەكچىلىرى سېيىت ياقۇپخان تۆرىنىڭ ئوغلى ياقۇپخانزادىنى تېپىپ، **شەرقىي تۈركستان** ھەققىدىكى پىلانىنى ئېيتىپ ئۇنى ماقۇل قىلىدۇ. بۇ ھەقتە مۇزاكىرىلەردىن كېيىن ياپونىيە ھۆكۈمىتىگە بەرگەن دوكلاتقا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر دوكلات تەييارلاپ چىقىشىدۇ. ئاندىن يەنە ياقۇپخانزادىنىڭ نامىدا ئەنگلىيە پادىشاھىغا ئەۋەتىش ئۈچۈن بىر پارچە خەتنىمۇ تەييارلىشىدۇ. بۇ خەتتە ياقۇپخانزادە دادىسى سەيىد ياقۇپجاننىڭ ئەنگلىيە مەلىكىسى ھەمدە ھىندىستان ئىمپېراتوراچىسى ۋىكتورىيە دەۋرىدە ھىندىستان گوبېرناتورى بىلەن **شەرقىي تۈركستان ھۆكۈمدارى بەدۆلەت ياقۇپبەگ** ئوتتۇرىسىدا سىياسىي مۇناسىۋەتلەر تىكلىنىشى ئۈچۈن ئەلچىلىك قىلغانلىقىنى، شۇ چاغدا ۋىكتورىيىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا

ئېرىشىپ يوقىرى دەرىجىلىك مېدال بىلەن تارتۇقلانغانلىقىنى بايان قىلىنغان ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، **شەرقىي تۈركىستان** ۋەزىيىتى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكەن ياقۇپخانزادە تۆۋەندىكىلەرنىمۇ بايان قىلىپ ئۆتىدۇ:

**شەرقىي تۈركىستاندا** سۈلھ بىلەن تىنچلىق ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۇ يەردە كۈچلۈك بىر مەركىزىي ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىنىشى ئالدىنقى شەرت قىلىندۇ دەپ قارايمەن. خۇداغا شۈكۈر، يېنىمدا سىنىنىي رۇشت ۋە كامالەتكە يەتكەن نىزامىدىن ئىسىملىك بىر ئوغلۇم بار. بۇ ئوغلۇم دۆلەت تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى ھەققىدە يېتەرلىك بىلىمگە ئىگە. بىزنىڭ يەنە چەتئەللەردە يېتىشتۈرۈلگەن ياشلىرىمىزمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە بار.

زاتى شەۋكەتمائابلىرىدىن ئىنسانىي ۋە خوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتلىرى سەۋەبىدىن شۇنى ئۈمىد قىلىمەنكى، زاتى دەۋلەتلەرى كونا سىياسىي يېقىن دوستلاردىن بولغانلىقىمىزنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، **شەرقىي تۈركىستان** خەلقىگە ئىنگلىز مىللىتىنىڭ ياردەم قوللىرىنى سۇنۇشلىرىنى دالالەت ۋە ھىدايەت ئەيلىگەي. يەنە بىر ئىش، مەن بىلەن ئوغلۇم نىزامىدىن ئىككىمىزنىڭ بىردىن-بىر ئارزۇيىمىز ۋە ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغىنىمىز دەرھال **شەرقىي تۈركىستانغا** قايتىپ بېرىپ، ئۇ يەردە خەلقىمىزگە خىزمەت قىلماقتۇر. سىزلەرنىڭ بۇ جەھەتتىمۇ بىزگە ياردەم قىلىشىڭىزلارنى خۇسۇسەن تەلەپ ۋە ئىستىرھام قىلىمەن ئەپەندىم.

ت م ب مەركىزى كومىتېتىدا ئوقۇلغاندىن كېيىن تەستىقلانغان بۇ مەكتۇپ، بۇرۇن تەييار قىلىنغان دوكلات بىلەن بىرگە پادىشا ئالىيلىرى ھۆكۈمىتىگە ئەۋەرتىلىدۇ. ئەمما ھىندىستان چېگرا بويلىرىدا ئېغىر مەسىلىلەر يۈز بېرىپ باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلالمايۋاتقان ئەنگلىيە، ئۇ تەۋەدە بىرەر خەۋپ كېلىپ چىقىشى ئېھتىمال بولىدىغان ھەر قانداق بىر ئىشقا قول تىقىشنى ھەرگىز خالىمايدىغان بىر ئەھۋالدا ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، مەيلى سۇنۇلغان دوكلاتقا بولسۇن ياكى يېزىلغان خەتكە بولسۇن ھېچقانداق بىر جاۋاپ كەلمەيدۇ.

# مەجىدىدىن دەلىل شەرقىي تۈركىستاندا

**شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنى** تەشكىللەش مەقستىدە ياپونىيە بىلەن ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلىش جەھەتتە ھېچقانداق بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن ت م ب، قايتىدىن پولشادىن ئۈمىدلىنىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ۋارشاۋادا تۇرىۋاتقان مەجىدىدىن دەلىل ۋە مۇستاپا چوقاي ئوغلى ئىككىسى پولشا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ شەرق ئىشلىرىغا مەسئۇل كىشلىرى بىلەن، شۇنىڭدەك يەنە پرومېتې مەركىزى ئىجرائىيە ئورگىنى بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ ت م ب مەركىزى كومىتېتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك پىلانلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ. ئەمما پولشا بىلەن پرومېتې ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق قارشى تۇرۇش نىشانىسى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولمىغان شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە بەك قىزىقمايدۇ. شۇ سەۋەپتىن، ت م ب رەھبەرلىكىنىڭ شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكىنىگە قارىماي پولشا رەھبەرلىرى شەرقىي تۈركىستان لايىھىسىگە ياردەم قىلمايدۇ. ئەندى پەقەت بىرلا يول قالغان ئىدى: ت م ب رەھبەرلىرى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئىمكانلىرىغا تايىنىش قارارىنى ئالىدۇ. بۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك ت م ب مەركىزى كومىتېتى يىغىنىدا باش سېكرېتار مەجىدىدىن دەلىل بىۋاستە شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ، شۇ يەردە شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن پائالىيەت قىلىش قارارىنى ئېلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، ئەگەر لازىم بولغىنىدا قالغان ئەزالارنىڭمۇ شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىگە بېرىپ پائالىيەت قىلىشنى قارار قىلىشقان ئىدى.

مەجىدىدىن دەلىل، 1933-يىلى سېنتەبىردە ئىستانبۇلدىن ھىندىستانغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. بۇ قېتىمقى ساياھىتىنىڭ مەقستىنى مەخپى تۇتۇش، ئۇ يەرلەردىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىستانبۇلدا چىقىۋاتقان «ئاخشام» (كەچلىك گېزىتى — ئۇ.ت) گېزىتىنىڭ مۇخبىرلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىپ، مۇخپىرلىق كىنىشكىسى ئېلىۋالىدۇ. مەجىدىدىن دەلىل 1934-يىلى پېشاۋۇر ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستانغا كىرىدۇ. ئەمما قەشقەرگە يېتىپ بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا تۇڭگانلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدۇ. **شەرقىي تۈركىستانلىق گېنېرال مەھمۇد مۇھىتى قەشقەر** شەھىرىنى تارتىپ ئالغان ۋاقىتتا كەلگىچە تۈرمىدە قاملىپ ياتقان مەجىدىدىن دەلىل، مەھمۇت مۇھىتى تەرىپىدىن تۈرمىدىن ئازات قىلىنغاندىن كېيىن ئۈچ يىلغا يېقىن ۋاقىت بويىچە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە پائالىيەت قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن قەشقەردىكى بىرقىسىم مەكتەپلەردە ئوقۇش-ئوقۇتۇش ئىشلىرىغىمۇ

قاتنىشىدۇ.

رەسىم ئورنى
مەجدىدىن دەلىل شەرقىي تۈركىستاندا، قەشقەر، 1937

بۇ جەرياندا شەرقىي تۈركىستان تۈكلىرى مۇستەقىللىق يولىدا زور دەرىجىدە ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. غوجا نىياز ھاجى باشچىلىقىدا قۇرۇلغان ئىنقىلابىي كومىتېت بىلەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت نەتىجىلىك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، دۆلەتنىڭ بىر قىسمىدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەن ئىدى. 1933-يىلى ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان تۈرك-ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى ئېلان قىلىنىدۇ. غوجا نىياز ھاجى دۆلەت پىرىزدېنتى، سابىت داموللا باش مىنىستىر ۋە مۇھەممەت قاسىم ھاجى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. ئەپسۇسكى بۇ ھۆكۈمەت تۇڭگان قۇراللىق كۈچلىرى، خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە رۇسىيە قاتارىدىكى ئۈچ چوڭ دۈشمەن كۈچلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئاقىۋەتتە، بىر مەزگىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن تۇڭگانلار قەشقەرنى بېسىۋالىدۇ. كەينىدىنلا سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ ياردىمىگە تايانغان خىتاي ئۆلكە باشلىقى كوممۇنىست شېڭ شىسەي تۇڭگانلارنى يېڭىپ شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىگە بېسىم قىلىشقا كىرىشىدۇ. بۇ جەرياندا ھۆكۈمەت رەئىسى بىلەن ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا رۇسىيىگە تايىنىش كېرەكمۇ ياكى خىتايغا تايىنىش كېرەك دېگەن مەسىلە ئۈستىدە پىكىر ئىختىلاپى تۇغۇلىدۇ. ئاقىۋەتتە ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى خىتاي ئۆلكە باشلىقى شېڭ شىسەي قولغا ئېلىپ ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ شەرقىي تۈركىستان تۈرك-ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئاغدۇرۇلغان ھېسابلىنىدۇ. ئەمما شەرقىي تۈركىستانلىقلار بۇنىڭلىق بىلەن باش ئەگمەيدۇ. 1937-يىلىسى ئابدۇ نىياز يېتەكچىلىكىدە قايتىدىن قوزغىلاڭ پارتلايدۇ. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭدا قەشقەر شەھىرى قايتىدىن شەرقىي تۈركىستانلىقلار تەرىپىدىن تارتىپ ئېلىنغان ۋاقىتلاردا گەنسۇ تەرەپتىمۇ بىر قوزغىلاڭ پارتلايدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى قوزغىلاڭ بىرلىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن ئۈركۈپ كەتكەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بۇ دۆلەتكە يەنە بىر قېتىم قۇراللىق مۇداخىلە قىلىشقا كىرىشىپ، قوزغىلاڭچىلارنى تانكا-بىروۋنىڭ قىسىملىرى بىلەن كېلىپ باستۇرۇپ تاشلايدۇ. 1938-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە قوزغىلاڭچىلار ئاساسەن باستۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ، ئون مىڭلىغان تۈركىستانلىق قىرىپ تاشلىنىدۇ، يەنە ئون مىڭلىغان تۈركىستانلىق قولغا ئېلىنىدۇ (**شەرقىي تۈركىستاندا** قۇرۇلغان ھۆكۈمەتلەر ھەققىدە ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ **«شەرقىي تۈركىستان داۋاسى»** دېگەن كىتابى بىلەن مۇھەممەت ئېمىن بۇغرانىڭ **«شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەركىنلىك داۋاسى ۋە خىتاي سىياستى»** دېگەن كىتابىغا، شۇنىڭدەك يەنە ئەنۋەرجان

تەرجىمە قىلغان ئاندرېۋ فوربېسنىڭ **«شەرقىي تۈركىستان گېنىراللىرى»** دېگەن كىتابى بىلەن بايمىرزا ھېيىتنىڭ **«تۈركىستان دۆلەتلىرىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق كۈرەش تارىخى»** دېگەن كىتابلىرىغا قارالسۇن — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

**شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ** ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن مەجىدىدىن دەلىل، 1937-يىلى ئاپرېل ئېيىدا ھىندىستان ئارقىلىق تۈركىيىگە قايتىپ كېلىۋالىدۇ.

# تۈركىيىدە تاشقى تۈرك ژۇرناللىرىنىڭ چەكلىنىشى

1934-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قاچقان مۇساپىرلارغا زۇلمەتلىك بىر يىل بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى جەمىيەتىي ئاقۋام (بىرلەشكەن دۆلەتلەر جەمئىيىتى، مىللەتلەر جەمئىيىتى، — ئۇ.ت) غا رەسمىي ئەزا قىلىپ قوبۇل قىلىنغان ئىدى. شۇنىڭدىن بىر ئاي ۋاقىت ئۆتكەندە تاشقى تۈرك خادىملىرىنى چۈچۈتىۋەتكىدەك يەنە بىر ۋەقە يۈز بېرىدۇ. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى قارار چىقىرىپ ت م ب نىڭ نەشرىيات ئەپكار بولغان «ياش تۈركىستان» ژۇرنىلى بىلەن ئەزەربەيجان تۈركلىرىنىڭ نەشرىيات ئەپكارى «ئىستىقلال» ژۇرنىلىنىڭ تۈركىيىگە كىرىشىنى چەكلىۋېتىدۇ. «مىللەت» گېزىتىنىڭ 1934-يىلى 7-ئۆكتەبىر سانىدا بۇ خەۋەر "ھۆكۈمىتىمىز بىلەن سوۋېت رۇسىيە ھۆكۈمىتىگە قارشى ماقالىلار بېسىلغان ياش تۈركىستان مەجمۇئەسىنىڭ چېگرادىن كىرگۈزۈلۈشى باقانلار (مىنىستىرلار) مەھكىمىسىنىڭ قارارى بويىچە چەكلەندى" دەپ بېسىلىدۇ. دۆلەتنىڭ ئورگان گېزىتى ھېسابىدىكى «جۇمھۇرىيەت» گېزىتىدە بولسا يەنە شۇ خەۋەر «ياش تۈركىستان دەرگىسىنىڭ تۈركىيە-رۇسىيە مۇناسىۋەتلىرىگە دەخلى يەتكۈزىۋاتقانلىقى مەلۇم بولغاچقا، ئۇ دەرگىنىڭ دۆلىتىمىزگە كىرگۈزۈلۈشى مەنئىي قىلىندى» دېگەن سەرلەۋھە بىلەن خەۋەر قىلىنىدۇ.

تاشقى تۈرك خادىملىرىنىڭ تۈركىيىگە ۋە شەرق ئەللىرىگە قاراتقان پائالىيەتلىرىنى ئاساسى جەھەتتىن توختىتىپ قويۇشقا سەۋەبچى بولىدىغان بۇ چەكلەش قارارىنىڭ سەۋەپلىرىدىن ئەڭ مۇھىمى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ بىرلەشكەن مىللەتلەر (دۆلەتلەر) جەمىيىتىگە ئەزا بولۇپ كىرىشى، شۇنىڭدەك سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ تۈركىيە سىياستىدە بىر ئۆزگىرىش ياسايدىغانلىقى كۆرۈلۈشكە باشلىشى ئىدى. مۇھاجىرلار ژورناللىرىنىڭ نەشرىياتچىلىق پىرىنسىپلىرى بۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتكەن يەنە بىر ئامىل ئىدى.

رۇسىيە، 1934-يىلىنىڭ باشلىرىدا بالقان كېلىشىمى ئىمزالاش سۆھبىتى

جەريانىدا ئورۇنسىز توسالغۇ پەيدا قىلىشقا كىرىشكەن بولۇپ، كېيىن يەنە ھەر تۈرلۈك يوللاردىن پايدىلىنىپ تۈركىيەگە بېسىم ئىشلىتىش سىياستى يۈرگۈزۈشكە كىرىشكەن ئىدى. بۇ كىلىشىم بىلەن تۈركىيىنىڭ ئۈستىگە ئالغان مەجبورىيەتلەر ھەتتا ئاتاتۈركنىڭمۇ بېشىنى قاتۇرغان ئىدى. شۇ ۋاقىتقىچە مۇستەقىل سىياسەت يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان تۈركىيە، تۇنجى قېتىم خەلقارالىق سىياسەتلەردە كۆپ تەرەپلىك بىر كېلىشىمنىڭ تەرىپىدە تۇرماقتا ئىدى. رۇسىيە بولسا تۈركىيە رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى بار بەزى كىشىلەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق تۈركىيىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان خەۋەرلەرنى يوللاشقا باشلىغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى يېتەكچىلىرىدىن بىرى بولغان قاراخان، بىر قېتىم يازغۇچى فالىخ رىفكىغا ئېنىق قىلىپ مۇنداق بىر خەۋەرنى يوللايدۇ:

تۈركىيە، يۈز بېرىشى ئېھتىمال بولغان بىر نۆۋەتلىك جاھانگىرلىك ئۇرۇشىدا بىزگە مۇداپىيە سېپىلىمىز بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەيدۇ يا بولمىسا بىزنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈش نوقتىمىز بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ تۇرىمىز، بۇنىڭ بىلەنمۇ دەيدىغان گەپلەر، بەزى كىشىلەر ياكى كېلىشىمنامىلار بىزنى قىلچە قايىل قىلالمايدۇ. تۈركىيە بىزنى بىز بىلەن ئوخشاش تۈزۈمگە ئۆتكىنىدىلا ئاندىن خاتىرجەم قىلالىغان بولىدۇ.

فاھرەتتىن پاشاغا ئاتاتۈرك بىۋاستە ھالدا "ئالتاي" دېگەن فامىلىنى بەرگەنلىكىنى پانتۈركچىلىك تەرغىباتىنىڭ بىشارىتى دەپ ھىساپلاشقان رۇسسىيىلىكلەر، مۇساپىر تۈرك خادىملىرىغا قىلىنىدىغان ھەرقانداق بىر ياردەمنى نېمە دەپ باھالايدىغانلىقى ئېنىقلا ئىش ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ياۋرۇپادا نەشر قىلىنىپ بېسىلغان تاشقى تۈركلەرنىڭ ژۇرناللىرىمۇ تۈركىيە، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىدىن يېتەرلىك دەرىجىدە ئۆزىنى قوغدىيالمايۋاتىدۇ، كومۇنىزم خەۋپىنى تولۇق ھېس قىلالمايۋاتىدۇ دەپ قارىشاتتى. بۇ ژۇرناللاردا بېسىلىۋاتقان ماقالىلاردا، رۇسسىيىلىكلەرنىڭ دوسلۇق دېگەنلىرى ئالدامچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس دەپ ئىسپاتلاشقا تىرىشىپ كەلمەكتە ئىدى. شۇنداق بولغاچقا «ياش تركستان» ژۇرنىلى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ گېزىت-ژورناللىرىدا بېسىلىۋاتقان تۈركىيىگە، كامالىزىمغا قارشى ماقالىلىرىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشىپ، رۇسىيىلىكلەرنىڭ تۈركىيىگە بولغان قاراشلىرىنىڭ قىلچىمۇ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. رۇسىيە-تۈركىيە مۇناسىۋەتلىرى ياخشى كېتىۋاتقان ۋاقىتلاردا چوقاي ئوغلىنىڭ بىر پارچە خېتىدىكى بەزى قۇرلار بۇنداق پسىخولوگىيىلىك ھالەتنى ئاشكارە ئىپادىلىمەكتە ئىدى:

سىز ئېۋەرتكەن «جۇمھۇرىيەت» گېزىتلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ 15 يىللىقىغا ئاتالغان يۇنۇس نادىنىڭ ماقالىلىرىنى ئوقۇدۇم. تۈركىيىلىك قېرىنداشلىرىمىز **بولشېۋىزمنى** رۇسىيە تەۋەسى ئىچىدىلا چەكلىنىپ قالغان مىللىي ھەرىكەت دەپ قارايدىغاندەك قىلىدۇ. ... ئەجەبا بىزنىڭ تۈركىيىلىك قېرىنداشلىرىمىز بولشېۋىكلار نەشر قىلغان گېزىت-ژۇرناللاردىن خەۋىرى يوقمۇ قانداق؟ ئۇلار كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسيونالدىن خەۋىرى يوق ئوخشىمامدۇ؟ كومۇنىستىك ئىنتېرناتسيونال بىلەن سوۋېت ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن خەۋىرى يوقمۇ؟

سوۋېتلەر ئىتتىپاقى گېزىت-ژۇرناللىرىدا تۈركىيىگە قارشى بېسىلىۋاتقان ماقالىلارنى كۆچۈرۈپ بېسىۋاتقان مۇساپىر تۈرك ژۇرناللىرى، تۈركىيە رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن ياخشى ھېساپلانمايدىغان يەنە بىر ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىگىمۇ سەۋەپ بولغان ئىدى. بۇ ماقالىلاردا يالغۇز ئىدىيولوگىيىنى ئاساس قىلىدىغان تەنقىتلەرلا بولۇپ قالماستىن، ئۆز ۋاقتىدا يەنە تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىجرا قىلىۋاتقان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنىمۇ تەنقىت قىلىشى، ھەتتا پات-پاتلا كامال ئاتاتۈرككە، كامالىزمغا قارىتىلغان تەنقىتلەرمۇ كۆرۈلۈپ تۇراتتى. مەسىلەن ئالايلۇق، فرانسۇزچە بىر گېزىتتا ياۋرۇپا ئەللىرىدىكى گېزىت-ژۇرناللاردا تۈركىيىنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ گۇماشتىسى، تاشقى سىياسەتلىرىنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ كۆز قاراشلىرى بويىچە تۈزۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ماقالىلار بېسىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن «ياش تۈركىستان»، بۇنداق دېيىش تۈركىيىگە تۆھمەت بولىدىغانلىقىنى، تۈركىيە ئۆز مەنپەئەتىگە ماس كېلىدىغان سىياسەت تۈزۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلماقتا ئىدى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا تۈركىيە توغرىسىدا يېزىلغان ئىككى پارچە كىتاپ ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان مۇنازىرىلەر بايان قىلىنغان يەنە بىر ماقالىدا بولسا، سوۋېت يازغۇچىلىرىنىڭ تۈركىيە دېھقانلىرى پومىشچىكلار بىلەن دۆلەتنىڭ ئېغىر باج-سېلىقلىرى ئاستىدا ئېزىلىۋاتماقتا دەپ تونۇشتۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ كېلىپ، بۇ ماقالىلارنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا قويماقتا ئىدى. 1943-يىلىسىلا «ياش تۈركىستان» ژۇرنىلى شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان 5 پارچە ماقالە ئېلان قىلغان ئىدى. بۇ تۆردىكى ماقالىلار، بۇ تۆردىكى مەسىلىغا ئېلىنىشلار سىرتقى تۈركلەرنىڭ ژۇرناللىرى ۋاستىسى ئارقىلىق تۈركىيىدە تارقىتىلىشى، 1930-يىللار تۈركىيىسى ئۈچۈن ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان بىر ئەھۋال ھېساپلانمايتتى.

ئەنە شۇنداق ئامىللارنىڭ تەسىرىگە يولۇققان تۈركىيە ھۆكۈمىتى، بۇ تۆردىكى ژۇرناللارنىڭ چېگرىدىن كىرىشىنى چەكلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ تۈركىيە چېگراسى سىرتىدىكى تۈركلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللەتچىلىك قاراشلىرى بىلەن بولغان

مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەنلىكىنى ئىنتايىن ئېنىق ئىپادىلىمەكتە ئىدى. مۇستاپا چوقاي ئوغلى، «يېقىلغانىنىڭ ئۈستىگە بىر مۇش» (ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك مەنىسىدە ــ ئۇ.ت) دېگەن ماۋزۇلۇق ماقالىسىدا بۇ جەھەتتىكى كۆزقاراشلىرىنى تۆۋەندىكىچە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكتە ئىدى:

زادىلا كۈتمىگەن بىر ۋاقىتتا، پەقەتلا ئويلىمىغان بىر دەۋردە قاتتىق بىر زەربە يېگەن بولدۇق. تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ 1934 ـ يىلى 6 ـ ئۆكتەبىر كۈنىسى ئېلان قىلغان قارارى بىلەن «ياش تۈركىستان» ژۇرنىلىنىڭ تۈركىيىگە كىرىشى چەكلىنىۋېتىلدى. ... تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قارارى ئۆزلىرىنى ئانا ۋەتىنىگە باغلاپ تۇرىۋاتقان بىردىن ـ بىر ۋاستە بولۇپ كېلىۋاتقان «ياش تۈركىستان» ژۇرنىلىنى ئوقۇشتىن مەھرۇم قالدۇرۇلغان تۈركىيىدىكى تۈركىستانلىقلارلا ئەمەس، بەلكى تۈركىيىنىڭ سىرتىدا تۇرىۋېتىپمۇ تۈركىيىنى ئىككىنچى ئانا ۋەتىنىمىز دەپ قاراپ كېلىۋاتقان تۈركىستانلىقلارنىڭ كۆڭلىنىمۇ قاتتىق يېرىم قىلىدىغان ئاچچىق بىر ۋەقە بولىدىغانلىقى مۇقەررەردۇر. بىز تۈركىيە ـ رۇسىيە مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق سالغىدەك ھېچ قانداق نەرسە يازمىغان ئىدۇق. ئەمما ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلىۋالغان مۇستەملىكىچى بىلەن قېرىنداشلىرىمىز بولغان تۈركىيىنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىغا رازى بولماي كېلىۋاتقانلىقىمىزنىمۇ ھېچقاچان يوشۇرۇپ يۈرمىدۇق. ... بىز رۇسىيە بولشېۋىكلىرىنىڭ مىللىي ئىنقىلاب بىلەن كامالىزمغا قارشى يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان ھەرىكەتلىرىنىلا پاش قىلغان ئىدۇق. بۇ ماقالىلىرىمىزدا ناتوغرا بولغان بىرمۇ ئىبارە گەپ يوق ئىدى. يازغان ماقالىلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە بولشېۋىك مەتبۇئات مەنبەلىرىنى ئېنىق ئەسكەرتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. بىز، تۈركىيە ـ رۇسىيە دوسلۇق مۇناسىۋەتلىرىگە قىلچە يېقىن يولماي، تۈركىيە ئىنقىلاۋىنى بولشېۋىك تەشۋىقاتىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاشقىلا تىرىشتۇق. ... بىزگە ھېچكىم "بۇ سىلەرنىڭ ئىشىڭلار ئەمەس" دەپ ئېيتالمايدۇ. ياق، بۇ ئىشلار بىزنىڭمۇ ئىشىمىز، شۇنىڭدەك يەنە بىزنىڭ مىللىي مەنپەئەتىمىزدۇر. چۈنكى تۈركىيە مىللىي ئىنقىلاۋى ئوتتۇرىغا قويغان «مىللىي ئىستىقلال» غايىسى بىزنىڭمۇ غايىمىز. ... ئامال قانچە، بۇ ئېغىر زەربىگىمۇ ماقۇل دەپ، بۇ زەربىنىڭ بىزنىڭ روھىيىتىمىزگە كەلتۈرگەن يارىلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆز يولىمىزغا داۋام قىلىشقا مەجبۇرمىز.

تۈركىيە قوبۇل قىلغان بۇ ئېغىر قارارىغا قارىماي، ت م ب تەۋەسىدە تۈركىيىگە قارىتا ئۈنچە بەك كۈچلۈك نارازىلىقلار يۈز بەرمىگەنلىكىنى كۆرىۋېلىش مۇمكىن. ھەتتا يوقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان «يېقىلغانىنىڭ ئۈستىگە بىر مۇش» ماۋزۇلۇق

ماقالىنىڭ ئېلان قىلىنىشىمۇ بىر مۇنچە تۈركىستانلىق نارازى بولىشىدۇ. يەنى ت م ب ئەزالىرىنىڭ كۆپ قىسمى «يېڭى تۈركىستان» ژۇرنىلى پىچەتلەنگەن ۋاقتىدا ئىپادىلىگىنىدەك يەنىلا گەپ قىلماي جىم تۇرىۋېلىش تەرەپتارى ئىدى. بۇ ماقالىنى يازغان مۇستاپا چوقاي ئوغلىمۇ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ماقالىنى ئېلان قىلغانلىقىغا پۇشمان قىلغانلىقىنى تۆۋەندىكى قۇرلاردىن كۆرىۋېلىش مۇمكىن:

«يېقىلغاننىڭ ئۈستىگە بىر مۇش» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلمىغان بولساق ياخشى بولاتتى دېگەن پىكىرلەرگە مەنمۇ قوشۇلىمەن. ... بىزنىڭ دۈشمىنىمىز بىلەن دوست بولىۋالدى دەپلا تۈركىيىگە ئالىيىپ قاراشقا ھەققىمىز يوق. ... ئەمما ئۇرۇسلارنىڭ ئەمەلىي سىياسەتلىرىنى ئۆلارغا بىلدۈرۈپ تۇرۇش ئىشىنىمۇ توختاتماسلىقىمىز كېرەك.

«يېڭى تۈركىستان» ژۇرنىلى پىچەتلىۋىتىلگەندىن كېيىن، «ياش تۈركىستان» ژۇرنىلىنىڭ تۈركىيىگە كىرگۈزۈلۈشىنىڭ چەكلىنىشى، ت م ب نىڭ تۈركىيىدە قانات يايدۇرىۋاتقان پائالىيەتلىرىنى ئېغىر توسالغۇغا ئۇچىراتقان بولۇپ، ئاساسەن پائالىيەت قىلىشقا بولمايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى دىيىشكە بولاتتى. ت م ب مەركىزى كومىتېتىنىڭ گېپى ئۆتىدىغان ئەزالىرىدىن بىرى بولغان مەجىدىدىن دەلىل ئۇ چاغلاردا شەرقىي تۈركىستاندا ئىدى. 1929-يىلىدىن بېرى ت م ب نىڭ تاشقى مۇناسىۋەتلىرىنى تىكلەپ، ت م ب گە مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ كەلگەن بۇ كىشىنىڭ ئورنىنى تېخى ھېچكىم توشقۇزالمىغان ئىدى. بۇ ۋاقىتلاردا بىر قېتىملىق قۇرۇلتاي چاقىرىش ئېھتىياجى تۇغۇلغان بولسىمۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق ئەزالارنى بىر يەرگە كەلتۈرۈش جەھەتتە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت ئىدى. ت م ب نىڭ يەنە بىر كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە ئەزاسى بولغان مۇستاپا چوقاي ئوغلى بولسا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەۋەسىدىن چىقىپ كەتكىنىدىن بېرى باشقا بىرەر دۆلەتنىڭ ۋەتەنداشلىقىغا ئۆتىۋالماي، فرانسىيىدە ۋەتەنسىز سۈپىتىدە تۇرىۋاتقان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە چېگرادىن كىرگۈزۈلۈشى چەكلەنگەن بىر ژورنالنىڭ باش تەھرىرى سۈپىتىدە تۈركىيىدە چاقىرىلىدىغان بىر قۇرۇلتايغا كېلىپ قاتنىشىش ئىمكانىيىتىمۇ يوق ئىدى. ت م ب رەئىسى ئوسمان غوجا ئوغلى بىلەن مەركىزى كومىتېت ئوتتۇرىسىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سۈركىلىشلەر سەۋەبىدىن، تەشكىلات ئەزالىرى مۇستاپا چوقاي ئوغلى قاتنىشالمايدىغان بىر قۇرۇلتاي چاقىرىشنىمۇ خالىمايتتى.

تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ «ياش تۈركىستان» ژورنىلىغا مۇناسىۋەتلىك چەكلەش قارارى تۈركىيە جامائەتچىلىكىنىڭ تۈركىستان ئاممىسى تەرىپىدىن قانات يايدۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان پائالىيەتلىرىگە بولغان كۆز قاراشلىرى بىلەن ئۇلارنى قوللاپ قۇۋەتلەش

جەھەتلىرىدىكى پائالىيەتلىرىگىمۇ يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنداق بىر قارار قوبۇل قىلىنغىنىدىن كېيىن، تۈركىستان تۈرك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلغان يىلىنى خاتىرلەش مۇراسىمى بىلەن، تەشكىللىگەن يىغىنلىرىغا قاتنىشىدىغان تۈركىيىلىكلەرنىڭ سانىمۇ زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتكەن ئىدى. ساقچىلار تەرىپىدىن نازارەت قىلىنۋاتقانلىقىدىن گۇمان قىلىشىپ ت م ب مۇ كامدىن-كام يىغىن ئاچالايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. يۈز بېرىۋاتقان بۇ ھادىسىلەر نەتىجىسىدە، ت م ب ئۆزىنىڭ پائالىيەتلىرىنى تۈركىيە تەۋەسىدە تۇرۇپ قانات يايدۇرۇش ئىمكانىيىتى يوقلىقىنى بارغانسىرى ئېنىق تونۇپ يېتىشكە باشلايدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئەزەربەيجان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ خادىملىرى تۈركىيە تەۋەسىدە تۇرىۋاتقان ئەزەرى تۈكلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان پۈتۈن چارىلەردىن پايدىلىنىشقا تەييارلىق كۆرۈپ قويغان ئىدى. ئۇلار چېگرادىن كىرگۈزۈش چەكلەنگەن «ئىستىقلال» ژۇرنىلىنىڭ ئورنىغا «قۇرتۇلۇش» (قۇتقۇزۇش، ئازاتلىق — ئۇ.ت) نامدا بىر ژورنال چىقىرىشقا باشلايدۇ. بۇ ژورنالنىڭ مۇقاۋىسى مەخسۇس تۈركىيە ئۈچۈن ھەر ساندا بىر خىل ئىسمغا ئۆزگەرتىلىپ بېسىلاتتى. شۇنىڭغا قارىماي ئۇنىڭ ھەر بىر سانى تارقىتىلغاندا رۇسىيىلىكلەر بىر قېتىم نارازىلىق بىلدۈرۈپ تۇرماقتا ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار 1935~1939-يىللار ئىچىدە نۇرغۇن ئىسىملىك ژورنال تارقاتقان ھېساپلىنىدى (بۇ تۆردىكى ژورناللار ئوچۇق سۆز، قۇتلۇق ئوت، ئايدىڭ يول، توغرا سۆز، ھەقىقەت، ۋەتەن ساداسى، ۋەتەن تىلىكى، مىللىي ئاتەش، مىللىي ئاند، قانۇنلىرىمىز، ئىلھام بۇلىقى، مۇقەددەس ئوتلار ئېلى، ھەقنىڭ ساداسى، تىلەك، خەلق ۋە ھەرىكەت دېگەندەك ئىسىملارغا ئۆزگەرتىپ بېسىلىپ تۇرغان ئىدى. — ئا. ھ. ئىزاھاتى). نەتىجىدە مۇساۋاتچىلار تۈركىيىگە ژورنال كىرگۈزۈش جەھەتتە چىقىرىلغان چەكلىمىلەردىن قۇتۇلۇپ، ژورناللىرىنى ھەر تۈرلۈك ناملاردا تۈركىيىدىكى مۇشتېرىلىرىگە تارقىتىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشايدىغان چارە كاپكازىيىلىكلەر تەرىپىدىنمۇ ئىشقا كىرىشتۈرىلىدۇ. «سېۋېرنىي كاۋكاز» نامىدىكى ژورنالنىڭ تۈركىيىگە كىرگۈزۈلۈشى چەكلىنىتىلگەندىن كېيىن، ھەر بىر سانىنى دېگەندەك ئايرىم ئىسىم قويۇپ بېسىپ، يېڭى-يېڭى ئادرېسلار، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئاپتور ئىسىملىرىنى ئىشلىتىپ نەشرى قىلغاچقا، گويا كىرگۈزىلىۋاتقان بۇ جورناللار بىر-بىرسىگە ئوخشىمايدىغان باشقا-باشقا ژورنال ئىكەن دېگەن تۇيغىنى پەيدا قىلىپ تۈركىيىگە چەكلىمىسىز كىرگۈزۈلمەكتە ئىدى (ژورناللار تۆۋەندىكى ئىسىملار بىلەن بېسىلغان ئىدى: پۇت سۋبودا، باربا، زنامىيا نارودا، ناشا تسېل، دۇدۇشچېيې، ناتسيونالنايا مىسل، ۋپېرىود، ناش كراي، گولوس رودىنى ۋە پرىزىۋ. — ئا. ھ. ئىزاھاتى).

1936-يىلىسىنى ت م ب تەشكىلاتىنىڭ تارقىتىۋېتىلگەن يىلى دەپ قوبۇل

قىلىش مۇمكىن. شۇ يىللىنىڭ ئاخىرلىرىدا تەشكىلاتنىڭ رەئىسى ئوسمان غوجا ئوغلى تۈيۈقسىزلا ئافغانىستانغا بېرىش قارارىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەقتە ھېچقانداق بىر چۈشەندۈرۈش بېرىپ ئۆتمىگەنلىكى، ت م ب مەركىزى كومىتېتىنىڭ ھەرقانداق بىر قارارىغا ئاساسلانمىغانلىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ت م ب تەۋەسىدە يېڭىدىن مۇنازىرىلەر ئوتتۇرغا چىقىدۇ. غوجا ئوغلىنىڭ بۇ قېتىمقى ساياھىتى بىلەن ئۇنىڭدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن تەسىرلەر ھەققىدە كېيىنكى باپلاردا توختىلىمىز.

## تۈركىستان تۈرك ياشلار ئىتتىپاقىدىن
## تۈرك مەدەنىيەتلەر ئىتتىپاقىغا

تۈركىستان تۈرك گەنچلەر بىرلىكى (تۈركىستان تۈركىي ياشلار ئىتتىپاقى، ت ت گ ب ياكى ئۇيغۇرچە قىسقارتىلمىسى: ت ت ي ئى ــ ئۇ.ت) قۇرۇلغان 1927ـ يىلىدىن ئېتىبارەن تۈركىيىدىكى تۈركىستانلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھەمكارلىقلىرىنىڭ داۋاملاشتۇرىلىشى، ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم ۋە تاشقى تۈركلەر مەسىلىسىنى تۈركىيە جامائەتچىلىكىگە بىلدۈرۈش قاتارلىق ماۋزۇلار بويىچە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بىر تەشكىلاتقا ئايلانغان ئىدى.

بولۇپمۇ، «يېڭى تۈركىستان» ژۇرنىلىنىڭ پىچەتلىنىشى ۋە «ياش تۈركىستان» ژۇرنىلىنىڭ تۈركىيىگە كىرگۈزۈلۈشىنىڭ چەكلىنىشىدىن كېيىن بۇ تەشكىلات تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا ئۆتكەن ئىدى. ت م ب ئاشكارە پائالىيەت قىلالمايدىغان بىر تەشكىلات بولغىنى ئۈچۈن، بارلىق سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنى ت ت ي ئى تەشكىلاتى ۋاستىسى ئارقىلىق قانات يايدۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. ئىتتىپاقنىڭ تۈنجى قېتىملىق رەئىسى دوكتور مەجدىدىن دەلىل، كېيىنچە يەنە ت م ب نىڭ باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. بۇ ئىتتىپاقنىڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىك رەئىسى دوكتور سالىھ ئىسمائىل (ئەركىنقول) (سالىھ ئەركىنقول، 1906ـ يىلى قوقان شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1926ـ يىلىسى تۈركىيەگە كېلىپ ھەربىي دوختۇرلۇق كەسىپىگە كىرىپ ئوقۇيدۇ. بۇ جەرياندا ت م ب غا ئەزا بولىدۇ. يېڭى تۈركىستان ژورنىلىغا ماقالىلار يېزىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ت ت ي ئى ھەيئىتى بولۇپمۇ سايلىنىدۇ. 1955ـ يىلىسى ھەربىلىكتىن پىنسىيىگە چىقىپ تۈركىستانلىقلار ھەمكارلىق جەمئىيىتى رەئىسلىكىگە سايلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردىمۇ يەنە شۇنداق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ تۇرىدۇ. 1974ـ يىلى 13ـ دېكابىردا ۋاپات بولىدۇ. ۋاپات بولغان كۈنلەرگىچە بۇ جەمىيەتنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ

كەلگەن. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) ھەمدە 1935-يىلىسى رەئىسلىككە سايلانغان دوكتور ئەخمەتجان ئىبراھىم (ئوكتاي) (ئەخمەتجان ئىبراھىم ئوكتاي 1900-يىلى تاشكەنتتە تۇغۇلغان. 1922-يىلى گېرمانىيىگە ئىشەرتىلگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە ئوقۇشقا چىقىپ، بېرلىن ئالىي ئىنجېنېرلىق مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن. ئوقۇغۇچىلىق ۋاقىتلىرىدا ياش تۈركىستان گۇرۇپپىسىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. 1934-يىلىسى تۈركىيىگە كېلىشىپ، تەبىئىي پەنلەر پاكۇلتىتىنىڭ گېيولوگىيە كابىدراسىغا ئاسىستانت، يەنى ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلىققا قوبۇل قىلىنىدۇ. شۇ يىلىسى ت ت ي ئى رەئىسلىكىگە سايلىنىپ، 1940-يىلىسغىچە بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇ يەنە تۈرك كۈلتۈر بىرلىكىنىڭ رەئىسلىكىنىمۇ ئۈستىگە ئالغان ئىدى. كېيىن تەبىئىي پەنلەر پاكۇلتىتىنىڭ پروفىسسورلىقىدىن پېنسىيىگە چىقىدۇ. 1981-يىلى 8- نويابىر كۈنىسى ۋاپات بولىدۇ. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) قاتارلىقلارمۇ ت م ب مەركىزى كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى ئىدى. شۇڭا، ت م ب رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكىلەر، تەشكىلات بىلەن ئىتتىپاق بەكلا ئارىلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە بىر مۇنچە مەسىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەپ بولىۋاتقانلىقىنى ھساپقا ئېلىپ، ت ت ي ئى تەشكىلىنى «تۈركىستان ئىجتىمائىي مىللىي ئۇچاق» قا ئۆزگەرتىش جەھەتتە تەييارلىق ئىشلىرىغا كىرىشىدۇ. ئەمما قانۇنلارنىڭ توسالغۇسىغا دۇچ كەلگەنلىكى سەۋەبىدىن بۇ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ. «تۈركىستان مىللىي ھەرىكەتلىرى» دېگەن كىتاپنىڭ ئاپتورى ئابدۇللا رەجەپ بايسۇن، بۇ ئىتتىپاقنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق دەپ بايان قىلىدۇ:

رۇسىيە ئىستىلاسىغا چىداپ تۇرالماي ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ تاشقى ئەللەردە مۇساپىر بولۇپ ياشاشقا مەجبۇر بولغان تۈركىستانلىقلاردىن تۈركىيىگە پانالىق تىلەپ كەلگەنلەرگە ئاز بولسىمۇ ماددىي ۋە مەنىۋىي ياردەمدە بولۇپ كەلگەن بىرلىك، تۈركىستانلىق ياشلارنىڭ بىلىم ئېلىش-تەربىيىلىنىش جەھەتتىكى ئىشلىرى بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار تەشكىللىگەن ھەيئەتلىك، ئايلىق ئىلمي دوكلاتلار ۋە ئاچقان كەچكورۇسلار ۋاستىسىدا مەدەنىيەت ساھەسىدە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كېلىدۇ. ... ئۇلار يىغقان كىتاپلار بىلەن ئىككى مىڭدىن ئارتۇق كىتابى بار كۇتۇپخانىدىن بىرنىمۇ بارلىققا كەلتۈرەلىگەن ئىدى.

1933-يىلقى پائالىيەت دەۋرىدە دوكتور سالىھ ئەركىنقولنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدا چۇقۇرئوۋا تەۋەسىدە دۈشمەنگە قارشى جەڭگە قاتناشقان تۈركىستانلىقلار خاتىرىسى ئۈچۈن تارسۇستا (تۈركىيىنىڭ شەرقى

جەنۇب دېڭىز بويى تەۋەسىگە يېقىن بىر يەر ــ ئۇ.ت) بىر شېھىتلەر ئابىدىسى ياسىتىدۇ. تۈركىستانلىقلار بىلەن تۈركىيە تۈكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بۇ ئىشنىڭ قىزىق بىر ھىكايىسىمۇ بار ئىدى.

مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ كېلىۋاتقان تۈركىستانلىق 40 تەك ھاجى تۈركىيە ئارقىلىق تۈركىستانغا قايتىش يولىدا چۇقۇرئوۋاغا كەلگىنىدە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ كېتىدۇ. بۇ ھاجىلار يۇرتىغا قايتىشتىن ۋاز كېچىپ خەلىپىلىك ئۈچۈن جەڭگە قاتناشماقچى بولۇپ بۇ يەرلەردە قېلىپ قالىدۇ. ئوسمانىلار دۆلىتى بۇ ئۇرۇشتا يېڭىلگەندىن كېيىن چۇقۇرئوۋا تەۋەسى فرانسىيە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىدۇ. يەرلىك خەلق بۇ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى جەڭگە ئاتلىنىدۇ. بۇ يەردە قالغان تۈركىستانلىقلارمۇ فرانسىيلىكلەرگە قارشى باشلانغان بۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ. ئاندىن كېيىن كاۋاكلىخان ئالدىنقى سېپىنىڭ قۇماندانى زەكى پالتىغا ئىلتىماس قىلغان بۇ بىر گۇرۇپ تۈركىستانلىقلار رەسمىي تۈرك ئەسكىرى بولۇپ جەڭگە قاتنىشىدۇ. بۇ گۇرۇپ كوماندىرى ھۈسنۈ سۆللۈنىڭ ئەمرەدە جەڭ قىلىدۇ. ئۇرۇش جەريانىدا بۇ تۈركىستانلىق جەڭچىلەرنىڭ يېتەكچىلىرىدىن ھاجى يولداشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان 16 نەپەر تۈركىستانلىق جەڭچى شېھىت بولىدۇ. غازىلارنىڭ بىر قىسمى تۈركىستانغا قايتىپ كەتكەن بولۇپ، يەنە بىر قىسمى تۈركىيىدە تۇرۇپ قالىدۇ. ئەنە شۇ شېھىت بولغان تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن ياسىتىلغان شېھىتلەر ئابىدىسى ھۆكۈمەت تەرەپ ئادەملىرىنىڭمۇ قاتنىششى بىلەن ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ.

شۇ دەۋىردە قىلىنغان يەنە بىر ئىش، ئادانا، تارسۇس، جەيھان ۋە مەرسىن (تۈركىيىنىڭ شەرقى جەنۇپ ئاق دېڭىز بويى يېقىنلىرىدىكى شەھەرلەر. ــ ئۇ.ت) قاتارلىق يەرلەردە تۇرىۋاتقان تۈركىستانلىقلارنىڭ ت ت گ ب گە ئەزا قىلىنىش ئىشىدۇر. چۇقۇرئوۋا، ئوسمانىلار دەۋرىدىن باشلاپ تۈركىيىگە كۆچۈپ كەلگەن تۈركىستانلىقلارنىڭ تۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن تالىلىۋالغان يەرلىرىدىن بىرسى ئىدى. بۇ يەرنىڭ تاللىنىشىدىكى بىر سەۋەب، تۈركىستاندا ئومۇملاشقان كېۋەزچىلىكنىڭ چۇقۇرئوۋادىمۇ تېرىلىدىغانلىقىدىن بولىشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاچقا، پەقەت تارسۇسنىڭ ئۆزىدىلا ئىككى يەردە تۈركىستان ۋەقپىسى بار ئىدى. بۇلاردىن ئابدۇللا مەنجەك زاۋىيەسى، ھجرىيە 781-يىلى تارسۇستا قۇرۇلغان بولۇپ، يەرلىك ئاھالە ئىچىدە بۇ يەر تۈركىستان زاۋىيەسى دەپ تونۇلاتتى. بۇ ئۆتەك، ئورتا ئاسىيادىن كېلىدىغان تۈركىستانلىقلارنىڭ بىر نەچچە كۈن دەم ئېلىپ تۇرىشىنى مەقسەت قىلىپ قۇرۇلغان بىر يەر ئىدى. ۋەقپە ھۆججىتىدە ئورتا ئاسىيادىكى 84 شەھەرنىڭ ئىسمى يېزىلغان بولۇپ، ئەنە شۇ شەھەرلەردىن كېلىدىغان يولوۋچىلار بۇ يەردە قونۇپ ئۆتەلەيدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

يەنە بىر ۋەقىمۇ تارسۇسنىڭ ئۇلاش ناھىيىسىنىڭ ئىنجىر پىنارى (ئەنجىربۇلاق ــ ئۇ.ت) ئېتىزلىقىدا بولۇپ، بەيجە شەيخ ۋەقىيەسى دەپ تونۇلماقتا. بۇ ئۆتەڭمۇ ھىجرىيە 782ـ يىللىرى بۇ يەرگە كېلىپ يەرلىشىپ قالغان شەيخ ئەسسەيىت ئابدۇلغافۇر ئىسىملىك بىر تۈركىستانلىق تەرىپىدىن سېلىنغان ئىكەن. بۇ ئۆتەڭمۇ بۇ جايغا كەلگەن تۈركىستانلىق سەيياھلار بىلەن دەرۋىشلەرگە 3 كۈن مۇددەت بىلەن قونۇپ ئۆتۈش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىش مەقسىتىدە سېلىنغان. قىسقىسى، ت ت ي ئى تەشكىلى بۇ جايلاردا تۇرىدىغان تۈركىستانلىقلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت باغلىغان بولۇپ، تۈركىيىدە قانات يايدۇرىلىۋاتقان تۈركىستان مىللىي كۈرىشى ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشلىرىغا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەرگەن.

ئەپسۇسكى، بۇ تۈردىكى پائالىيەتلەر ئىقتىسادىي مەنبە بولمىغان قىيىن شارائىتلار ئاستىدا بەكلا قىسىنچىلىق ئىچىدە قانات يايدۇرۇلغان ئىدى. ت م ب نىڭ مەخپى ھېساۋات ھۆججەتلىرىدىن قارىغاندا، ھەر يىلىسى ت ت گ ب پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بەلگىلىك مىقتاردا پۇل ئايرىپ تۇرىلاتتى. ئەمما بۇ پۇل ت ت گ ب نىڭ ئىقتىسادى ئۈچۈن پەقەتلا يېتىشمەيتتى. «ياش تۈركىستان» ژورنىلىدا جەمىيەتنىڭ پائالىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ماقالىدا ماددىي قىيىنچىلىقلار ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ، تۈركىيىدىكى ھۆكۈمەت خادىملىرى يېتەرلىك دەرىجىدە ياردەم بەرمەيۋاتقانلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسەتكەن:

ھەر قايسى ئەللەردە ھەر تۈرلۈك تەشكىلاتلار مەۋجۇت. بۇ تەشكىلاتلار دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك مەسئۇل كىشىلىرىدىن ماددىي ۋە مەنىۋىي ياردەم ئېلىپ تۇرالايدۇ. ئەمما تۈركىستان تۈرك ياشلار ئىتتىپاقى تا ھازىرغىچە باشقا ئەللەردە بولغىنىدەك دۆلەت ھىمايىسىغا ئېرىشەلمەي كەلمەكتە. شۇنداق بولغاچقا پۈتۈن ئىقتىسادىي ياردەملەر بۇ ئىتتىپاقنىڭ ئەزالىرى تەرىپىدىن تەمىنلىنىپ كېلىنمەكتە. بۇ تەشكىلاتنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى تۈركىستانلىق ياشلارنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىشى ئارقىلىقلا ۋۇجۇتقا چىقماقتا.

ئىتتىپاق رەھبەرلىرى بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش مەقسىتىدە 1937ـ يىلى 28ـ ئاۋغۇست كۈنىسى جۇمھۇرباشقانى (باش جۇمھۇر، پىرىزدېنت ــ ئۇ.ت) ئىسمەت ئىنۆنۈگە بىر پارچە ئىلتىماس سۇنۇپ، تەشكىلاتقا ماددىي ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئىلتىماس بىلەن بىرگە تەشكىلاتنىڭ ئالدىنقى يىلقى كىرىم ـ چىقىم ھېساۋاتلىرىمۇ قوشۇمچە قىلىنغان ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ ئىلتىماسقا قارىتا ھېچقانداق بىر جاۋاپ كەلمەيدۇ.

(رەسىم ئورنى)
تارسۇس شېھىتلىكىدىكى تۈركىستان شېھىتلىرى خاتىرە مۇنارىسىنىڭ يۇپۇق ئېچىش مۇراسىمى. تارسۇس، 1933. (ئەھەت ئەنجان ئارخىۋىدىن)

1937-يىلقى قۇرۇلتايدا باش سېكرىتار ياقۇپ ئەلبەك (ياقۇپ ئەلبەك، 1899-يىلى تاشكەنتتە تۇغۇلغان. مۇنەۋۋەر قارىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن. 1914-يىلى تۈركىيىگە كېلىپ ئوقۇتقۇچىلار مەكتىۋىگە ئوقۇشقا كىرىپ ئوقۇيدۇ. 1920-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ تۈركىستانغا قايتىپ بارىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنى 1923-يىلى ئالىي بىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن قايتىدىن تۈركىيىگە كېلىدۇ. پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىمات كەسپىنى پۈتتۈرگىنىدىن كېيىن تۈركىستانغا قايتىپ كېتەلمەي تۈركىيىدە قېلىپ قەندىللى تولۇق ئوتتۇرا مەكتىۋىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قەندىللى رەسەتخانىسىدا ـــ ئىستانبۇلدىكى ئىلمى تەتقىقات ئورنى ـــ ئۇ.ت.ـــ خىزمەت قىلىدۇ. 1927-يىلىسى قۇرۇلغان ت ت گ ب نىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرسى. ئەينى ۋاقىتىدا ت م ب مەركىزى ھەيئەت ئەزاسىمۇ بولغان. مەجىدىدىن دەلىل شەرقىي تۈركىستانغا كەتكەن 5 يىل جەريانىدا ت م ب نىڭ باش سېكرىتارلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. 1964-يىلى قەندىللى قىزىل لىسەسىدە پېنسىيىگە چىقىدۇ. 1974-يىلى 10-يانۋاردا ۋاپات بولىدۇ. ـــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) تەرىپىدىن بېرىلگەن دوكلاتتا ئىتتىپاقنىڭ پائالىيەتلىرى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىنغان:

ئىتتىپاق، قۇرۇلغان كۈنىدىن تارتىپ مەخسۇس ئوقۇغۇچىلار مەسىلىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىدۇ. مەكتەپلەردە يېتىپ ئوقۇيدىغان تالىپلارنىڭ ئىمتىھان ئارقىلىق تاللىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى قانۇن چىقىشتىن بۇرۇن تەشكىلاتىمىزغا تەلەپ قىلىپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇپ كېلىدۇ. دەسلەپتە ئورۇنلاشتۇرۇلغان 5 نەپەر تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىدىن تۆتى بۈگۈن ئانادولۇنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. يەنە بىرسى بۇ يىل تەنتەربىيە ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان تالىپلىرىمىز ھازىرغىچە ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. ...

يېتىپ ئوقۇيدىغان مەكتەپلەرگە جايلاشتۇرۇلغان بۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش داۋام قىلماقتا. ھازىر ئالىي مەكتەپلەردە 2 نەپەر، لىسە ۋە ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش مەكتەپلىرىدە 6 نەپەر، ھەربىي مەكتەپلەردە 7 نەپەر ۋە باشقا مەكتەپلەردە 4 نەپەر تالىپىمىزغا ئىقتىسادى تەمىنات بېرىپ

كىلىنمەكتە. كۈندۈزى ئوقۇيدىغان ئوتتۇرا ۋە لىسە (تولۇق ئورتا) دەرىجىلىك مەكتەپلەردە 5 نەپەر، باشلانغۇچ مەكتەپتە بىر نەپەر تالىپىمىزغا ياردەم تەمىناتى بېرىلمەكتە. مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتقان، ئېتتىپاق بىناسىدا يېتىپ قوپىدىغانلىقى ئۈچۈن تامقىنى بېرىشكە توغرا كەلگەن 4 نەپەر ئوقۇغۇچىنىمۇ بىرگە قوشۇپ ھېساپلىغىنىمىزدا، ئېتتىپاقنىڭ تالىپلار ئىشىغا قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ... ئېتتىپاق، تالىپلارغىلا تەمىنات بېرىپلا قالماي، نامىرات ۋە مۇھتاجلىقتا قالغان يۇرتداشلىرىمىزغىمۇ ياردەم قىلىشقا تىرىشىپ كەلمەكتە.

ئېتتىپاق قۇرۇلغان كۈندىن بۇيان، تۈركىستان مەسىلىسىنى تەشۋىق قىلىش ھەمدە تۈركىستاننى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك يىغىنلارنى تەشكىللەپ، كەچلىك سورۇنلار، ساياھەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ كەلمەكتە. ھازىر بىزنىڭ ئىككى مىڭ پارچە كىتابى بولغان بىر كۈتۈپخانىمىزمۇ بار بولدى. ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرى قاتناشقۇچىلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. 1935~36-يىلىنىڭ قىش ئايلىرىدا 7 قېتىم، 1936~37-يىلىنىڭ قىش ئايلىرىدا 12 قېتىم ئىلمىي دوكلات ئۇيۇشتۇرۇلدى. بۇ ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىنىڭ ماتېرىياللىرىدىن بەزىلىرىنى بروشور قىلىپ بېسىپ يۇرتداشلىرىمىزغا تارقىتىلدى.

ھەر يىلىسى تۈركىستان نامىدا كالىندار، تۈركىستان رەسىملىرى بىلەن خەرىتىسى بېسىلغان ئاتكىرتكىلارنى بېسىپ تارقاتماقتىمىز. شۇنىڭدەك يەنە تۈركىستان ئەسلىملىرى نامىدا بىر ئالبوم چىقىرىلدى.

يوقۇرىدىكى خىزمەت دوكلاتىدا تىلغا ئېلىنغىنىدىن مەلۇمكى، ت ت گ ب تەشكىلاتى تۈركىيىدە بىلىم ئېلىۋاتقان تۈركىستانلىق ياشلارغا ئىنتايىن مۇھىم ياردەملەرنى بېرىپ كەلگەن. ئېتتىپاق تەشكىلى 1935- ۋە 36-يىللىق ھېساۋات ھۆججەتلىرىدە خاتىرلىنىشىدىن قارىغاندا، يىغىلغان پۇلنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئوقۇغۇچىلارغا تەمىنات، تاماق راسخوتى ۋە يول كىراسى قىلىپ تارقىتىپ بەرگەنلىكى مەلۇم. بۇ تۈردىكى ئىشلاردا 1935-يىلقى سەرپ قىلىنغان 440 تۈرك لىرانىڭ 288 لىراسى، 1936-يىلقى سەرپ قىلىنغان 682 تۈرك لىرانىڭ 394 لىراسى تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان.

ئېتتىپاق تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان يىغىنلار بىلەن ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرى مۇناسىۋەتلىك ساھەلەردە ئالاھىدە ئالقىشلارغا ئېرىشىپ كەلگەن. 1940-يىلىغىچە ئوسمان غوجا ئوغلى، مۇھەررەم فەيزى توغاي، جاپپار سېيىت ئەخمەت قىرىمئەر،

ئابدۇللا زىھنى سويسال، دوكتور ئىبراھىم يارقىن قاتارلىق تاشقى تۈرك يېتەكچىلىرى بىلەن مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن نۇرغۇن قىتىم ئىلمىي دوكلاتلار ئۇيۇشتۇرۇلغان. 1936~1940 ـ يىللىرى ئىچىدە بېرىلگەن ئىلمىي دوكلاتلاردىن 7 قېتىملىقى ئىتتىپاق تەرىپىدىن بروشور قىلىپ بېسىپ تارقىتىلغان (ت ت گ ب تەرىپىدىن بروشور ھالىغا كەلتۈرۈپ بېسىپ تارقىتىلغان ئىلمىي دوكلاتلارنىڭ تىزىملىكى تۆۋەندىكىچە: 1. «تۈركىستان». ‹ئوسمان غوجا ئوغلى›؛ 2. «بۆيۈك تەمىر». ‹دوكتور ئەخمەتجان ئىبراھىم›؛ 3. «تۈركىستاننىڭ دۇنيا سىياسىتىدىكى مەۋقەسى» ‹مۇھەررەم فەيزى توغاي›؛ 4. «مەفكۇرە ۋە ئۇنىڭ كىشى ۋە جەمىيەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرى» ‹جاپپار سىيىت ئەخمەت قىرىمئەر›؛ 5. «تۈركىستاندا مال ـ چارۋىچىلىق» ‹دوكتور ئىبراھىم يارقىن›؛ 6. «تۇرانى قەۋملىرىنىڭ سىياسىي تارىخ ئاساسلىرى» ‹مۇھەررەم فەيزى توغاي›؛ 7. «تۈرك مەدەنىيەت تارىخىنىڭ يۆزلىنىشى» ‹مۇھەررەم فەيزى توغاي›؛ 8. «خانلىق دەۋرىدە قىرىم تۈركلىرى مەدەنىيىتى» ‹دوكتور ئابدۇللا زىھنى سويسال› . ئادەتتە 16 بەتلىك بېسىلغان بۇ بروشۇرلارنىڭ بەزىلىرىدە خەرىتىلەرمۇ قىستۇرۇلغان ئىدى. تۈركىستان تۈرك ياشلار بىرلىكىنىڭ تۈرك مەدەنىيەت بىرلىكىگە ئۆزگەرتىلىشىدىن كېيىن، بۇ تۈردىكى بروشۇرلار تۈرك كۈلتۈر بىرلىكى نەشرى دېگەن نامدا تارقىتىلغان. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

تاشقى تۈركلەرگە مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەر قاتتىق چەكلىنىۋاتقان 1930 ـ يىللىرىنىڭ تۈركىيىسىدە، بۇنچىلىك پائالىيەتلەرمۇ تۈركىيىدە بۇ جەھەتتىكى ئىنتايىن زور بىر بوشلۇقنى تولدۇرغانلىق ھېسابلىناتتى. ئۇ دەۋرلەردە تۈركىيىنىڭ سىرتىدىن كەلگەن تۈركلەر تەرىپىدىن قۇرۇلۇپ ئىزچىل پائالىيەت ئېلىپ بارالىغان بىردىن ـ بىر تەشكىلات ت ت گ ب ھېسابلىناتتى. شۇ سەۋەپتىن ئۇلارنىڭ پائالىيىتى ئالاقىدار ساھەلەرنىڭلا قىزىقىشىنى قوزغاپ قالغان بولماي، بەلكى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭمۇ دىققىتىنى قوزغاپ تۇرغان. دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ شەپىلىرى كېلىپ تۇرغان، دۇنيا كۈچ تەڭپۇڭلۇقى زور دەرىجىدە ئۆزگىرىش ياساۋاتقان بىر مۇھىتتا، 13 يىللىق بۇ تەشكىلاتنىڭمۇ بۇ مۇھىتتىن ئۆز نەسىۋىنى ئالماسلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس، ئەلۋەتتە. 1938 ـ يىلىسى چىققان جەمىيەت قۇرۇش قانۇنىغا ئاساسەن، تۈرك دۇنياسىدىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ نامىنى قوللىنىپ قۇرۇلغان جەمىيەتلەر ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلىنغان ئىدى. بۇ يېڭى ۋەزىيەتتە، پىلاكاتىدا تۈركىستان دېگەن سۆز بولغان بىر تەشكىلات، بېشىغا ئىش تېپىۋالغان بىر تەشكىلات ھېسابلىناتتى. شۇنداق بولغاچقا، تۈركىستان تۈركلىرى ياشلار ئىتتىپاقى مۇ ئىسمىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدۇ.

بۇنداق ئۆزگىرىشنىڭ يالغۇز ئىسىم ئۆزگەرتىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالالمايدىغانلىقىنى مۆلچەرلەشكەن ت م ب رەھبەرلىرى، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولىدىغان پەۋقۇلئاددە ۋەقەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇشقا

كىرىشىدۇ. مۇ مەسىلىگە قارىتا مۇستاپا چوقاي ئوغلى تۈركىيىدىكى ت م ب ھەيئەت ئەزاسى ياقۇپ ئەلبەككە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

جەمىيەت «ت ت گ ب» نىڭ ئۆزگەرتىلىشى بىر مەجبۇرىيەتتۇر. چۈنكى دۆلەت ئۆزگەرتىلىشنى تەلەپ قىلغان ئىكەن، ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرمىز. شۇنداقتىمۇ يالغۇز ئىسىم ئۆزگەرتىش ئارقىلىق جىسمىنى ساقلاپ قالالىساق يەنىلا مەسىلە يوق.

دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن 1940 ـ يىلىنىڭ ئىيۇن ئېيىدا ت ت گ ب قۇرۇلتاي چاقىرىدۇ. بۇ قۇرۇلتايدا ئېلىنغان قارارغا ئاساسەن، تۈرك كۈلتۈر بىرلىكى دېگەن يېڭى بىر تەشكىلات قۇرۇلىدۇ. بۇ تەشكىلاتنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى ئىشلار ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك باپلارردا تونۇشتۇرىلىدۇ.

## شەرق ئەللىرىدىكى پائالىيەتلەر

ـــ نەگە ماڭدىڭ؟
ـــ تۈركىستانغا.
ـــ مۆلچەرىڭچە ئۇ يەرگە قاچانلاردا يېتىپ بارالايسەن؟
ـــ خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. نەگىچە بارالىسام شۇ يەرگىچە مېڭىپ باقمامدىم.

ئەنگىلىيىلىك بىر دىپلومات فرېيسېر ـ تىتلېر بىلەن ئافغانىستانىنىڭ جەنوبى بىلەن شىمالىنى تۇتاشتۇرىدىغان سالاڭ ئۆتكۈشمە قۇرۇلۇشىدا ئىشلەۋاتقان بىر ئىشچى ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتتىن. (1932)

1910 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ تۈركىستاندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر سەۋەبىدىن تۈركىستاندىن قوشنىلىرى ئافغانىستان، ئىران ۋە شەرقىي تۈركىستانغا قاراپ زور كۆلەملىك بىر كۆچ ـ كۆچ يۈز بېرىدۇ. بۇ مۇساپىرلار جەنوبىي تۈركىستان دەپمۇ ئاتىلىدىغان شىمالىي ئافغانىستان بىلەن تۈركمەن نوپۇسى زىچ جايلاشقان ئىراننىڭ خوراسان تەۋەلىرىنى ئاساسلىق كۆچ نوقتىسى قىلىپ تاللىۋېلىشقان ئىدى.
بۇ جايلاردا يەرلىشەلمىگەنلەر ياكى ئۇ يەرلەردە تۇرۇشنى خالىمىغانلار بولسا

ھىندىستانغا، ئەرەبستاننى ئاساس قىلغان ئەرەپ ئەللىرىگە ياكى بولمىسا تۈركىيىگە قاراپ كۆچكەن ئىدى. بۇ مۇھاجىرلار بارغان ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئۆزىگە خاس شارائىتلىرىغا قاراپ بىر قىسىم پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا تىرىشىدۇ.

## بولشېۋىكلار ئىنقىلاۋىدىن كېيىن ئىران ۋەزىيىتى

ئىران، ئافغانىستانغا ئوخشاش سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن بىۋاستە چېگراداش بىر دۆلەت بولغانلىقى، چېگرا بويلىرىدىكى ئاھالىنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك تۈركلەردىن تەشكىل تاپقانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق كۈرەشلىرى جەريانىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بىر دۆلەت ھېساپلىناتتى. ئافغانىستاندىكى ئىككى چوڭ كىۋچ ئارىسىدا تەڭپوڭلۇق رايون بولۇپ بېرىش رولىغا ئوخشايدىغان ھالەت ئىران ئۈچۈنمۇ ئۇيغۇن كېلەتتى. تۈركمەنىستان تېرىتورىيىسى رۇسىيە قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىۋېلىنغاندىن كېيىن، يەنى 1881 ـ يىلىسى رۇسىيە بىلەن ئىران ئوتتۇرىسىدا بىر شەرتنامە ئىمزالانغان بولۇپ، بۇ شەرتنامىغا ئاساسەن جەنوبىي تۈركمەنىستان رايونى ئىران چېگراسى ئىچىدە قالغان ئىدى. جەنوبى تۈركمەنىستان رايونى سالىخئاباد ـ دامغان ـ بەخشەھەر يولى بويىچە تا ھەزەر دېڭىزى بويلىرىغىچە سوزۇلغان بىر سىزىقنىڭ شىمالىدا قالغان 200 مىڭ كىلومېترچاسىغا يېقىن كېلىدىغان زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا ئىدى. بۇ بۆلىنىش نەتىجىسىدە كۆكلەن ۋە يومۇت گۇرۇپپىلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا مەھنىلى، گەۋارسى، ئەلىلى، مەدۋانلى ۋە ئىنايلى قاتارىدىكى تۈركمەن ئەشرەتلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىران چېگراسى ئىچىدە قالغان ئىدى. بەندەر تۈركمەن، گۈنبەدىي كاۋۇس، كۈمۈشتۆپە، ھاجەنەپەس ۋە ئاقگال ئاھالە يەرلىرىدە جەنوبىي تۈركمەنىستان ئاھالىسىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان يومۇت ئەشرىتى ماكانلاشقان ئىدى. كۆكلەن ئەشرەتلىرى بولسا دەشتى گۈرگان، گۈرگان، بوجنۇرد ۋە كۆكلەن قاتارلىق ئاھالە نوقتىلىرىغا تارقالغان ئىدى.

ئىران تەۋەسى، 1907 ـ يىلى تۈزۈلگەن پېتربۇرگ كېلىشىمگە ئاساسەن ئەنگلىيە بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدا تەسىردائىرىلەرگە بۆلۈندى. چاررۇسىيە ئاغدۇرۇلغان ۋاقىتتا، رۇسىيە تەسىرى ئاجىزلىشىپ كەتكەن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن ئەنگلىيە، كېلىشىمنى كۈچىدىن قالدى دەپ ھېساپلاپ ئىرانغا قارىتا كۈچلۈك بېسىم ئىشلىتىشكە كىرىشكەن ئىدى. بۇ جەرياندا ئەنگلىيە دائىرىلىرى ئىراننىڭ مەمورى ۋە ھەربىي ئىشلار تۈزۈلۈشىنى رەتكە سېلىش، ئۇلارنى تېزگىنلەش ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزىۋالىدۇ. ئەمما بۇ كېلىشىم ئىران قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن تەستىقلانمايدۇ.

رۇسىيە تەرەپ، بولشېۋىكلار ئىنقىلاۋىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن سىياسەتلىرىگە

ئاساسەن قايتىدىن جانلىنىشقا باشلاپ، خوشنا ئەللەردىكى كوممۇنىزمغا مايىل كۈچلەرنىڭ پائالىيەتلىرىگە ياردەم قىلىشقا كىرىشىدۇ. شۇ ئاساستا ئىراننىڭ ئەزەربەيجان رايونىدىمۇ بەزى پائالىيەتلەر يۈز بېرىپ، تەبرىزدە شەيخ مۇھەممەت ھىيابانى تېھران ھۆكۈمىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرىدۇ. بۇ تۈردىكى قالايماقان ۋەزىيەتنى غەنىمەت بىلگەن رۇسىيىلىكلەر ھەزەر دېڭىز پلوتىنى ئەنزەلى شەھىرىگە ئېۋەرتىشىدۇ. ئۇ يەردە تېھرانغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن كىچىكخان بىلەن بىرلىشىپ، بۇ شەھەرنى مەركەز قىلغان ھالدا گىلان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. ئەنزەلىدىكى بۇ ھادىسە، چاررۇسىيە تەۋەسىنىڭ سىرتىدىكى بىر مۇسۇلمان ئېلىدە سوۋېتلەر ئىتتىپاقى پەيدا قىلغان بىرىنچى قېتىملىق ئىش بولۇش جەھەتتىن ئالغاندا ئۆزگىچە بىر مەنىگە ئىگە ئىدى. ئىران ھۆكۈمىتىنىڭ نارازىلىق بىلدۈرۈشلىرىگە پىسەنت قىلمىغان سوۋېت دائىرىلىرى "ئەنزەلىدىكى قۇراللىق كۈچلەر بىزگە تەۋە كۈچلەردىن ئەمەس، ئۇلار ئەركىن ئەزەربەيجان ئارمىيىسىنىڭ قوشۇنلىرىدۇر" دەپ تۇرىۋېلىشىدۇ.

1921-يىلىنىڭ فېۋرال ئېيىدا ئىران بىلەن رۇسىيە ئۆزئارا بىر كېلىشىمنامە ئىمزالىشىدۇ. بۇ كېلىشىمنامىغا ئاساسەن، رۇسىيە 1881-يىلقى كېلىشىمنامىگە ئاساسلىنىپ سىزىلغان ئىران چېگراسىنى قوبۇل قىلغان بولىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، شۇ يىلى ئىيولدا رۇسىيە قۇراللىق كۈچلىرى قايتىدىن ئەنزەلىگە باستۇرۇپ كىرىدۇ. ئەسلىدە سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ بۇنداق زىت ھەرىكەت قىلىشىنىڭ تېگىدە موسكۋادا داۋاملىشىۋاتقان ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى سەۋەپ بولماقتا ئىدى. يەنى ستالىن، ئىراندا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ ھەرىكەتنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن بولۇپ، تاشقى ئىشلار كومىسارى چىچېرىن بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تېھراندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى رۇدىستېيىنلار ئىراندا بۇنداق بىر ئىنقىلاپ قوزغاش ئۈچۈن تېخى شەرت-شارائىت پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ قارشى تۇرماقتا ئىدى. نەتىجىدە، بۇ تالاش-تارتىشتا لېنىن، چىچېرىن بىلەن رۇدېستېيىن تەرەپنى قوللاپ چىقىدۇ. شۇنداق قىلىپ، چىچېرىننىڭ دېيىشى بۇيىچە "ستالىننىڭ گىلان جۇمھۇرىيىتى" دەپ نام بېرىلگەن ھەرىكىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولدى.

1923-يىلىسى، ئىراننىڭ دۆلەت مۇداپىيە نازىرى رىزاخان سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ باش مىنىستىرلىكنى تارتىپ ئالىدۇ. ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئەخمەت شاھ چەتئەلدە زىيارەت قىلىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىران تەختىگە چىقىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇزۇندىن بۇيان ئىراننى سوراپ كېلىۋاتقان تۈركى قېبىدىن بولغان قاچار خاندانلىقى ئاخىرلىشىدۇ. رىزا شاھ، دۆلەت مۇداپىيە نازىرى بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ پىلانلىغان گىلان تەۋەككۈلچىلىك ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، كوممۇنىزم خەۋپىنىڭ بوسوغىسىغا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزگەن ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، ھوقۇقنى قولىغا ئالغان ھامان دەرھال

كومۇنىزم تۈزۈلمىلىرىگە دائىر پائالىيەتلەرنى بېسقتۇرۇشقا كىرىشىدۇ. ئاۋال ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنى پىچەتلەتدۇ، سوتسىيالىزمچى تەشكىلاتلارنى تارقىتىۋېتىدۇ ھەمدە مەتبۇئاتنى جىمىقتۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ كومۇنىستلار پائالىيىتىنى يەر ئاستىغا كۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ جەرياندا ئىراننىڭ خۇراسان تەۋەسىدە بىر يۈز بېشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈركمەنلەر قوزغىلىڭى پارتلايدۇ. خوراساننىڭ بوجنۇرد بىلەن ئاستاراباد شەھەرلىرىنى ئاساس قىلغان بۇ قېتىملىق قوزغىلاڭنىڭ مەقسىدى، جەنوبى تۈركمەنىستان تەۋەسى ئۈچۈن ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىش ئىدى. ئوسمان ئاخۇند يېتەكچىلىكىدە بىرلەشكەن تۈركمەن ئەشىرەتلىرى بىر جۇمھۇرىيەت قۇرۇلتىيى تەشكىللەپ چىققان ئىدى. ئەگەر سوۋېتلەر دائىرىلىرى تەرىپىدىن قوللاپ قۇۋۋەتلىنىۋاتقان بۇ قوزغىلاڭ غەلىبە قىلىپ قالغۇدەك بولسا، ئوتتۇرىغا چىقىدىغان خۇراسان ئاپتونوم رايونىنى بىر مەزگىلدىن كېيىن تۈركمەنىستان س س ر غا قوشۇۋېتىش پىلانلانغان ئىدى. سوۋېت دائىرىلىرى ئىران ھۆكۈمىتىنىڭ نارازىلىق كۆرسىتىشلىرىگە قارىتا ئۇ يەردىكى ھەرىكەتنى سوۋېتلەر تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشنى ئويلايدىغان تۈركمەن قەبىلىلىرى پەيدا قىلغان، شۇڭا بۇ ھەرىكەت بىلەن بىزنىڭ قىلچە ئالاقىمىز يوق دەپ چىڭ تۇرىۋالىدۇ. ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ كۆرسەتكەن مەنبەلەرگە قارىغاندا، مەشھەتتىكى گ پ ئۇ رەئىسى بىلەن سوۋېت كونسۇلى بۇ قېتىملىق ئىسيانغا ياردەمچى بولالمايمىز دەپ ئىپادە بىلدۈرگەنلىكى مەلۇم. شۇنداق قىلىپ بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ باستۇرىۋېتىلىپ، سالارى جەڭ دەپمۇ تونۇلغان ئوسمان ئاخۇند بىلەن ھۆكۈمەت ئەزالىرى سوۋېت تەرەپكە قېچىپ كېتىدۇ.

1927 ـ يىلىسى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىدىيەت كۈچىيىشكە باشلايدۇ. رۇسىيىلىكلەر ئەنگلىيىنىڭ خىتايدىكى مەنپەئەتلىرىگە زىيان كەلتۈردى دەپ قارىغان ئەنگلىزلەر رۇسىيىگە ئىقتىسادى قامال (ئېمبارگو) يۈرگىزىشكە باشلاپ، 1927 ـ يىلى ماي ئېيىغا كەلگەندە رۇسىيە بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزىدۇ. رۇسىيە، ئەنگلىيە بىلەن بولغان بۇ زىدىيىتىنىڭ ئاخىرىدا بىرەر ئۇرۇشقا سەۋەپ بولۇپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، ئۆزىنىڭ جەنوبى چېگراسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشكە تەييارلىنىدۇ. بۇ مەقسەت بويىچە 1925 ـ يىلىنىڭ دىكابىرىدا تۈركىيە بىلەن، 1926 ـ يىلى ئاۋغۇستتا ئافغانىستان بىلەن تۈزۈشكەن ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق كېلىشىمنامىسى ئىچىگە ئىراننىمۇ قوشۇۋېلىشنى ئويلايدۇ. نەتىجىدە، 1927 ـ يىلىنىڭ ئۆكتەبىرىدە سوۋېتلەر بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئىران بىلەنمۇ ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق كېلىشىمىنى ئىمزالىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى جەنۇبى چېگرالىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىۋالىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ نەتىجىسىدە، رۇسىيىنىڭ كومۇنىزمنى كېڭەيتىش نىشانىسى خىتاي بىلەن ئىسپانىيە تەرەپلەرگە بۇرۇلىدۇ.

# ت م ب نىڭ ئىراندىكى پائالىيەتلىرى

1923 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا هاجى سەمى بىلەن بىرگە ئافغانىستانغا ئۆتۈپ كېتىپ كابۇلغا كىرىشلىرى چەكلىنىپ ئافغانىستاندىن چىقىپ كېتىشى تەلەپ قىلىنغان گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ سانى 49 كىشى ئىدى. بۇ گۇرۇپ تەركىۋىدە تۈركىستاندىكى باسمىچىلىق هەرىكەتلىرىگە قاتناشقان تۈركىيىلىك ئوفىسسېرلار بىلەن تۈركىستانلىق مۇجاهىتلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئافغانىستاننىڭ هىرات شەهىرىگە كەلگىنىدە ئۇلارنىڭ بىر قىسمى مەخپى شەكىلدە كابۇلغا كىرىۋېلىشنى مەقسەت قىلىپ گۇرۇپتىن ئايرىلدۇ. ئىران ۋىزىسى ئالالىغانلار چېگرا شەهەر بولغان مەشھەتكە قاراپ يولغا چىقدۇ. ئۇلار ئىرانغا كىرگىنىدىن كېيىن هاجى سەمى بىلەن بىرگە بىر نەچچە كىشى تېهران ئارقىلىق سۈرىيىگە مېڭىش ئۈچۈن گۇرۇپپىدىن ئايرىلدۇ. ئون ئىككى كىشلىك بىر گۇرۇپ كىشلەر بولسا تۈركىيىگە قاراپ يولغا چىقدۇ. تۈركىستان مىللىي هەرىكىتىنىڭ ئاكتىپ ئەزالىرىدىن سەدرىدىن مۆپتى بىلەن باسمىچىلار يېتەكچىلىرىدىن تۇراپبەگ ئىككىسى مەشھەتتە قالدۇ. كېيىن بۇلارغا شۇ ۋاقىتتا هىندىستاندا تۇرىۋاتقان سابىق بۇخارا جۇمهۇرىيىتىنىڭ دۆلەت مۇداپىيە نازىرى ئابدۇلخەمىت ئارىپمۇ قوشۇلدۇ.

مۆپتى سەدرىدىن خان جەدىتچىلىك هەرىكىتىگە ياردەم قىلغان ئىلغار دىنىي زاتلاردىن بىرى بولۇپ، كۆچلۈك پائالىيەتچان بىرسى ئىدى. بۇ كىشى قوقان ئاپتونومىيىسىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان، كېيىن مۇنەۋۋەر قارىنىڭ تەكلىۋى بويىچە تاشكەنتكە كېلىپ ئۇ يەردىكى پائالىيەتلەرگە قاتناشقان ئىدى. سابىق تۈركىيە بايبۇرت هاكىمى يۈسۈپ زىيا ئەپەندى بىلەن بىرگە ئىتتىهات ۋە تەرەققىي جەمىيىتىنىڭ تاشكەنت شۆبىسىنى قۇرۇپ چىققان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئورتا ئاسىيا مىللى ئاۋام جەمىيەتلەر ئىتتىهادىنىڭ تاشكەنت شۆبىسىنىڭمۇ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. تۈركىيە ئارمىيىسى باكۇنى قايتۇرىۋالغان كۈنلەردە تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ئەهۋالىنى ئوسمانىلار يېتەكچىلىرىگە تونۇشتۇرۇش ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ياردەم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئىستانبۇلغا بارغان ئۆمەك ئەزالىرىدىن بىرسىمۇ يەنە شۇ مۆپتى سەدرىدىنخان ئىدى. بۇ ئۆمەك ئەزالىرى ئىستانبۇلدا تەلەت بىلەن ئەنۋەر پاشا، تاشقى ئىشلار نازىرى نەسىم ئەپەندى هەمدە مەركىزى ئومۇمىي ئەزالىرى قاتارلىق كىشلەر بىلەن كۆرۈشۈپ سۆبەتلەشكەن ئىدى. بۇ ئۇچۇرۇشۇشلاردىن كېيىن، ئىتتىهات ۋە تەرەققىي رەهبەرلىرى تۈركىستان ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن ياۋرۇپاغا بىر ئۆمەك ئەۋەرتىش قارارىنى ئېلىشىدۇ. كۆپرۈلۈ فۇئاد ئەپەندى، ئابدۇرېشت قازى ۋە سەدرىدىنخان مۆپتى قاتارلىق كىشلەرنى بۇ ئۆمەككە ئەزا

قىلىپ بېكىتىشكەن ئىدى. بۇ ۋاقىتتا سەدىردىنخان مۆپتىگىمۇ ئوسمانىلار پاسپورتى چىقىرىلغان ئىدى. ئۇمەك ئەزالىرى شۋىتسارىيىگە قاراپ يولغا چىققان بولسىمۇ، ئۇرۇش سەۋەبىدىن يېرىم يولدا تۈركىيىگە قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن، سەدىردىن مۆپتى تۈركىستانغا قايتىپ كېتىپ مىللىي پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. 1920 ـ يىلى، بۇخارادا تۇرۇشلۇق كومىتېت مەركىزىنىڭ بۇيرىقىغا ئاساسەن، ئارىپ كەرىمىي ۋە يۈسۈپ ئەپەندىلەر بىلەن بىرگە ئەنگلىيە بىلەن ياپونىيە ھۆكۈمەتلىرىگە تۈركىستاننىڭ ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىش ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىدۇ. ئەمما ئۇلار شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىگە ئۆتمەكچى بولۇپ يۈرگىنىدە چېكاچىلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. بۇ چاغدا تۈركىستاندا تۇرىۋاتقان جامال پاشا قاتارلىقلارنىڭ كۈچ چىقىرىشى نەتىجىسىدە سەدىردىن مۆپتىگە بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسى قاماق جازاسىغا يەڭگىللىتىلىدۇ. تۈرمىگە قامالغان سەدىردىن مۆپتى بىر مەزگىل قاماقتا ياتقاندىن كېيىن بىر ئامالىنى قىلىپ تۈرمىدىن قېچىپ چىقىپ باسمىچىلار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ.

كونا چېكا خىزمەتچىسى بولغان تۇراپ بەگ رۇسىيە ئىستىخبارات ئىدارىسىدا ۋەزىپە ئۆتەپ يۈرگەن يىللاردا، ت م ب بىلەن باسمىچىلارغا ئاخبارات يەتكۈزۈپ تۇراتتى. ئۇمۇ 1922 ـ يىلىنىڭ ماي ئېيىدا مامۇر نىيازىي بىلەن بىرگە باسمىچىلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ يەردە ئۇزۇنغا قالماي قۇربېشىلىققا كۆتۈرىلىپ ئەنۋەر پاشا ۋە ھاجى سەمىيلەر بىلەن بىرگە ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ. بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت مۇداپىيە نازىرلىقىنى قىلغان ئابدۇلخەمىت ئارىپ بولسا، تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ ئاكتىپ يېتەكچىلىرىدىن بىرسى ئىدى. ئارىپوپ ھۆكۈمەت ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن پەيتلەردە ئوسمانىلار ئوفىسسېرى ئەلى رىزا ئەپەندىنى مۇستەشارى (ئورۇنباسارى) قىلىپ تاللىۋېلىپ، مىللىي ئارمىيە قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى قىلغان ئىدى. شۇ سەۋەپتىن بۇ كىشى ئۇرۇسلار ھەممىدىن يامان كۆرىدىغان بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇرۇسلار بىر ئامالنى قىلىپ ھۆكۈمەت ئەزاسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئارىپوپنى ئورنىدىن يۆتكىۋېتىشنىڭلا پېيىدا يۈرگەن ئىدى. شۇڭا، ئارىپوپ بۇخارا جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى پۈتۈنلەي ئۇرۇسلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكىنىدىن كېيىن دەرھال بىر بايانات ئېلان قىلىپ، قول ئاستىدىكى ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ باسمىچىلارغا بېرىپ قوشۇلۇپ ئۇرۇسلارغا قارشى قۇراللىق كۈرەش قىلىدۇ.

(رەسىم ئورنى)
سەدىردىنخان مۆپتى، مەشھەد، 1932 ـ يىلى دىكابىر ــ ئەھەت ئەنجان ئارخىۋىدىن

تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق كۈرىشىنىڭ پۈتۈن سەپلىرى بويىچە كۈرەشكە قاتناشقان بۇ كىشىلەر، چەتئەلگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئىمكان بار ۋەتىنىگە ئەڭ يېقىن بولغان دۆلەتلەرگە بېرىپ ئورۇنلىشىش، شارائىت پىشىپ يېتىلگەن هامان قايتىدىن ۋەتىنىگە قايتىپ كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ يۈرىشەتتى. ت م ب ھەرىكىتى ياۋرۇپا بىلەن تۈركىيىدە تەشكىل قۇرۇپ پائالىيەت باشلىغان ۋاقىتلاردا، مەشھەدتىكى بۇ گۇرۇپپىنىڭ پائالىيەتلىرىگە دائىر ئېنىق بىرەر مەلۇمات تېپىلمىدى. ئەمما تۈركمەن دالالىرىنى مەركەز قىلغان ھەممە تۈركىستاننىڭ ئىچكى قىسىملىرىغا قارىتىلغان چېگرادىن ئۆتۈپ باسمىچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شوغۇللىنىشلاردا ئۇلارنىڭمۇ سىرتتا قالمىغانلىقى ئېنىق. مەشھەدتىكى ئەنگلىيە ھەربىي ۋەكىلى ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان تومپسون، ئەلىي رىزا نامىدىكى بىر تۈرك يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان 5 كىشىلىك بىر گۇرۇپىنىڭ تۈركمەنلەر زىچ ئولتۇراقلاشقان كۆمۈشتۆپە تەۋەسىدە پائالىيەت قىلىپ يۈرگەنلىكى، بۇ گۇرۇپ يەنە چېگرادىن ئۆتۈپ زەربە بېرىش ھەرىكەتلىرىگىمۇ قاتناشقانلىق ئېھتىمالى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ.

ئەينى ۋاقىتلاردا، مۇستاپا كامال تۈركىيىسىنىڭ ئىران بىلەن ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەت قىلىپ تۇرغانلىقى، بولۇپمۇ تۈركمەنلەر ياشايدىغان يەرلەردە بىر مۇنچە كونسۇلخانىلارنى ئاچقانلىقى مەلۇم. ئىران ئەزەربەيجاننىڭ مەركىزى بولغان تەبرىزدە، شۇنىڭدەك ئىراننىڭ تۈركمەنلەر رايونىدىكى خۇراساندا بىردىن ئەلچىخانا ئېچىلغان. شۇنىڭدەك يەنە كاسپىي دېڭىزى قىرغىقىدىكى رەشت شەھىرىدە بىر، ئىران ـ ئافغانىستان ـ تۈركمەنىستان ئۈچ بۆلۈڭىنىڭ كېسىشكەن يېرىدىكى شەھەر مەشھەدتە بىردىن كونسۇلخانا قۇرۇلغان. بۇ ئەھۋاللارنى، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى خوشنا ئەللەردىكى تۈرك قېرىنداشلىرى بىلەن ئالاھىدە يېقىن مۇناسىۋەت تىكلەشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەنلىكىنىڭ بىر پاكىتى دەپ قاراشقا بولىدۇ (ئەپسۇسكى، خۇراسان ئەلچىخانىسى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلمەي قالىدۇ، بۇ يەرگە تەيىنلەنگەن سامىي چۆلگەچەن ئەپەندىمۇ ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ؛ مەشھەدتىكى كونسۇلخانىمۇ 1925 ـ يىلىدىن 1932 ـ يىلىغىچىلا ئېچىلىپ، ئۇندىن كېيىن ئۇمۇ تاقىۋېتىلىدۇ. ـــ ئا. ھ. ئىزاھاتى). ئىران تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن تۈركىستانلىق مىللىي ھەرىكەت خادىملىرى، بولۇپمۇ مەشھەد شەھىرىدىكىلەر ئاۋال مەھەممەد نائىل بەي بىلەن، كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا كونسۇل بولۇپ تەيىنلەنگەن ھەققى بەي (كەنتلى) بىلەن يېقىن ئالاقە ئورنىتىپ كەلگەن ئىدى.

ئۇ ۋاقىتلاردا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ مەشھەد كونسۇلخانىسى تۈركمەنىستاندىن باشلىنىپ خوراسان بىلەن ئافغانىستانلاردىن ئۆتۈپ تا ھىندىستانغىچە سوزۇلغان ساھەلەر بويىچە مۇناسىۋەت قۇرىدىغان، بەلكىم ئەڭ مۇھىم ئالاقىلىشىش ھالقىلىرىدىن بىرى دېيىشكە بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تەبرىز، رىزائىيە،

ئەنزەلى ۋە مەشھەت قاتارلىق شەھەرلەردىكى سوۋېت كونسۇلخانىلىرى تېھران باشئەلچىسىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىدا بىر پۈتۈن تور شەكلىدە پائالىيەت قىلماقتا ئىدى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللىنىدىغان كىشىلەر ئىراندىكى تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تىجارەت قىلىشنى خالايدىغان بايۋەتچىلەر رۇسىيە مەخپى ئىستىخبارات تەشكىلاتى بەكلا دىققەت قىلىدىغان ئادەملەر ھېساپلىناتتى. ئەنگىلىيىنىڭ ئۇ دەۋردىكى مەشھەد كونسۇلى گ. ۋېيلېر، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ مەخپى ئىستىخبارات پونكىتلىرى تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارغا قارىتىلغان پائالىيەتلىرىنى بەكلا ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. 1927ـ يىلى ئىرانغا گ پ ئۇ جاسۇسلۇق ئۈچۈن ئەۋەرتكەن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا غەرپكە قېچىپ كېتىپ پانالىق تىلىگەن ئاگابېكوۋنىڭ ئەسلىمىلىرىدە ئىراندا قانات يايدۇرۇلغان پائالىيەتلەر تەپسىلى بايان قىلىنماقتا.

ئۇ ۋاقىتلاردا سوۋېت رازۋېتكا پونكىتلىرى تروراپبەگنىڭ پېيىغا چۈشۈۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى كۆزىتىپ يۈرگەن ئىدى. 1927ـ يىللىرىدا تۇراپبەگ تۇيۇقسىز غايىپ بولىدۇ. دەسلەپتە تۇراپبەگ ئۆز ئىختىيارى بىلەن سوۋېتلەر تەۋەسىگە قايتىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىنغان ئىدى. ئەمما كېيىن مەلۇم بولدىكى، ئۇنى ئورۇس جاسۇسلىرى يوشۇرۇن بۇلاپ كېتىپ تاشكەنتكە ئاپىرىۋالغانلىقى، ئۇ يەردە سوتلاپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئابدۇلخېمىت ئارىفمۇ تۈركىستانغا قايتىپ بېرىپ مىللىي ئازاتلىق كۈرىشىنى ئانا ۋەتەنىدە تۇرۇپ قانات يايدۇرۇشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتى. كېيىن چېگرادا تۈركمەنىستان تەرەپكە ئۆتىمەن دەپ يۈرگىنىدە، سوۋېت چېگرا مۇداپىيە ئەسكەرلىرى بىلەن يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق توقۇنۇشتا ئوق تېگىپ شېھىت بولىدۇ. 1930ـ يىللارغا كىرگەن ۋاقىتلاردا، مەشھەدتە ت م ب جەمىيىتىنىڭ ئەزالىرىدىن يالغۇز سەدرىدىن مۇپتىلا قالغان ئىدى.

شەرقىي ئەللەردە ت م ب شۆبىلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن ئەۋەرتىلگەن ئابدۇللا تەۋەككۈل (ئۇنىڭ مەخپى نامى تۇرسۇن) ئىرانغا بارغىنىدىن كېيىن، شەرق يۇلتۇزى دېگەن نامدا ت م ب نىڭ مەشھەد شۆبىسى قۇرۇلىدۇ. بۇ شۆبىنىڭ قۇرغۇچىلىرى سەدىردىن مۇپتى، جىزاقلىق ئابدۇلكېرىم مىڭبېشى، ئانا مۇھەممەد، بەردى تاتئوغلى ۋە ئارىش قۇل قاتارلىق كىشلەردىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى. تۇرسۇننىڭ ت م ب مەركىزىگە يازغان خەت ـ چەكلىرىدىن قارىغاندا، بۇ شۆبە قۇرۇلا ـ قۇرۇلمايلا ئىككى ئەزاسى چېگرادىن ئۆتۈپ تۈركىستانغا (تۈركمەنىستان تەۋەسىگە) كىرىپ، ئۇ يەردە بەشىنچى قول پائالىيەتلىرى بىلەن شوغۇللانغانلىقى مەلۇم. بولۇپمۇ ئابدۇل كېرىم مىڭبېشى چېگرا بويىغا جايلاشقان لاتىفاباد شەھىرىگە جايلىشىۋېلىپ چېگرادىن ئۆتۈپ ھەرىكەت قىلىش پائالىيەتلىرىنى باشلاتقان.

تۇرسۇن تۈركىيىگە قايتىپ كەتكىنىدىن كېيىن سەدرىدىن مۆپتى ئۇ يەرلەردە بىرمۇنچە پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللانغانلىقى مەلۇم. سەدرىدىن مۆپتى ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر دىنى ئەرباپ بولغانلىقى ئۈچۈن، خەلق ئاممىسى بىلەن بەكلا ئاسان چىقىشىپ مۇناسىۋەت باغلاپ كېتەلەيتتى. شۇڭا ئۇ ۋەتەندىن كەلگەن مۇھاجىرلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ، ئۇلارنىڭ ئىران تەۋەسىدە جايلىشىشى ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىپ كەلگەن ئىدى. تۈركمەن تەۋەلىرىدە شەكىللەندۈرگەن تورلىرىدىن پايدىلىنىپ «ياش تۈركىستان» ژورنىلىنى تارقىتىش ئىشلىرىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. سەدرىدىن مۆپتىنىڭ ئەۋەتكەن خەتلىرىدىن قارىغاندا، ژورنالنى تۈركىستاننىڭ ئىچكى قىسىملىرىغىمۇ ئەۋەتىپ تۇرغانلىقى، ۋەتەن ئىچىدە بۇ ژورنالنىڭ تارقىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرالىغانلىقى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ يەنە ئافغانىستاندىن كېلىپ ئوقۇش مەقسىتىدە تۈركىيىگە بېرىشنى ئارزۇ قىلغان نۇرغۇنلىغان ئوقۇغۇچىنى تۈركىيىگە يولغا سېلىشقا ياردەملەشكەنلىكى مەلۇم.

(رەسىم ئورنى)

ت م ب مەشھەد شۆبىسىنىڭ قۇرغۇچىلىرى

1. سەدرىدىنخان مۆپتى؛ 2. تەۋەككۈل بابۇر؛ 3. ئارىش قۇل؛ 4. ئابدۇلكېرىم مىلك بېشى؛5. ئانا مۇھەممەت؛ 6. بەردى تاتئوغلى. مەشھەد ، 1930 ـ يىلى 6 ـ ئىيول (ئەھەت ئەنجان ئارخىۋىدىن)

ئىران ھۆكۈمىتى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تۈزۈشكەن شەرتنامىلىرىغا ئاساسەن، 1931 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىران تەۋەسىگە ئۆتكەن مۇساپىرلارغا قارىتا قاتتىق تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا باشلايدۇ. شۇ يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا شەرقى رايونلارغا مەسئۇل كىشىلىرىگە ئەۋەتىلگەن بىر يوليورۇق بىلەن ئىران تەۋەسىدە پاسپورتى يوق، پاسپورتى تولۇق بولمىغان، ياكى بولمىسا پاسپورتى بولغان تەقدىردىمۇ ئىراندا تۇرۇش ۋىزىسى بولمىغان كىشىلەرنى دەرھال قولغا ئېلىپ چېگرادىن چىقىرىۋېتىش لازىملىقى ھەققىدە بۇيرۇق چىقىرىلىدۇ. بەلگىلىمىگە بوي سۇنمىغان مۇساپىرلار نەدىن كەلگەن بولسا شۇ دۆلەتكە قايتۇرۇۋېتىش بەلگىلەنگەن. چېگرادىن كىرگەنلەرنىڭ قۇراللىرىلا مۇسادىرە قىلىنىپ قالماي، ئۇلارنىڭ پۈتۈن مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ، ھەربى لاگىرلارغا قاماشقا باشلىغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىران دائىرىلىرى، ئىران ـ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسىنى بويلاپ سوزۇلغان تۈركمەن قەبىلىلىرىگە تەۋە ئولتۇراقلىق يەرلىرىدىن چېگرادىن 30 كىلومېتىر يىراق ئىچكى يەرلەرگە كۆچۈرۈلىشى لازىم دەيدىغان بىر بەلگىلىمىنى يولغا قويۇشقا كىرىشىدۇ. شۇ ئارقىلىق چېگرادىن ئۆتۈشنى تېزگىنلەپ تۇتماقچى بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە تۈركمەنىستان تەۋەسىدە باسمىچىلىق پائالىيەتلىرى بىلەن

شوغۇللىنىپ كەلگەن يىتەكچىلەر ئىرانغا كىرىشى ھامان ئۇلارنى دەرھال ئافغانىستان تەرەپكە ماڭغۇزىۋېتىش قارارىنىمۇ ئېلىشىدۇ.

سەدرىدىنخاننىڭ يازغان خەتلىرىدىن مەلۇم بولىشىچە، ئىران ھۆكۈمىتى يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان بېسىملار شۇنچىلىك ئېغىرلىشىپ كەتكەنكى، چېگرادىن قېچىپ ئۆتكەن بەزى سىياسىي قاچقۇنلار نىمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىپ، ئاخىرى مەشھەدتىكى سوۋېتلەر كونسۇلىغا كىرىپ، قايتىپ كېتىشىمىزگە يول قويساڭلار دەپ ئىلتىماس قىلىشقا مەجبۇر بولۇشقان. ئىران ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ تۈردىكى قاتتىق قوللۇق سىياسىتىنى يۇمشۇتۇشنى مەقسەت قىلغان سەدرىدىن مۇپتى، تۈرك دائىرىلىرىنى بۇ ئىشقا ۋاستىچى بولۇپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىپ ھەرىكەت قىلىپ باققان بولسىمۇ قىلچە پايدىسى بولمىغان. سەدرىدىن مۇپتىنىڭ يېقىن دوستى بولغان تېھراندا تۇرۇشلۇق تۈركىيە باشئەلچىسى مەھمۇت شەۋكەت ئەسەندال 1930 ـ يىلى سىنتەبىردە ئورنىنى تۈركىيەدىن يېڭىدىن باشئەلچىلىككە تەيىنلەنگەن خۇسراۋ گەرەدەگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ تۈركىيەگە قايتىپ كەتكەن ئىدى. مۇپتىنىڭ يازغان خەتلىرىدىن قارىغاندا، بۇ يېڭى تەيىنلەنگەن باشئەلچى بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈپ دەردىنى ئۇقتۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ شۇنچە تىرىشىپ باققان بولسىمۇ كۆرۈشەلمىگەنلىكى مەلۇم. ئۆزى بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈش ئىمكانىغا ئېرىشەلمىگەن مۇپتى، ھۇسراۋ گەرەدەگە تۈركىستان مۇھاجىرلىرىنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق خەتلەرنى ئەۋەرتىپ، ئۇلارنى قايتا تەكشۈرۈپ چىقىش ئۆچۈن بىرەر مەسئۇل كىشىنى ئەۋەرتىپ تەكشۈرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلىپ نۇرغۇن قېتىپ خەت يېزىپ باققان بولسىمۇ، بارلىق تىرىشچانلىقلىرىدىن بىرەر نەتىجە چىقمايدۇ.

سەدرىدىن مۇپتى يوقۇرى مەلۇماتلىق زىيالىي بىر دىنىزات ئىدى. ت م ب مەركىزى بىلەن ئەزالىرىغا قارىتىپ يازغان مەكتۇپلىرىدە ئۇنى ئەڭ بەك ئۈمىتسىزلەندۈرۈپ كېلىۋاتقان بىر ئىش ـــ ئىرانغا كېلىۋاتقان مۇھاجىرلار ئىچىدە قولىدا قەلەم توختىغىدەك بىرەرسىنىڭمۇ يوق بولىشىنى تەكىتلەپ كۆرسەتكەن ئىدى. 1932 ـ يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا مۇپتىنى بەكلا خوشال قىلىدىغان بىر ئىش يۈز بېرىدۇ: بەھرەم ئىبراھىموۋ ئاتلىق ئوقۇغان، يەنى مۇپتىنىڭ دېيىشى بويىچە ئالغاندا "قولىدا قەلەم توختايدىغان" بىر ياش، تۈركىستاندىن قېچىپ چىقىپ سەدرىدىنخان مۇپتىنىڭ يېنىغا كەلگەن. سەمەرقەنتلىك بۇ ياش "يوقسۇل" دېگەن تەخەللۇسنى ئىشلىتىپ كەلگەن. سەدرىدىن مۇپتى بۇ ياشنىڭ تاپشۇرغان تەرجىمەھال ماتېرىيالىنى ت م ب مەركىزىدىكىلەرگە ئەۋەرتىپ بېرىدۇ. بەھرەم ئىبراھىموۋ ئۆز قول يازمىسى بىلەن يېزىپ بەرگەن بۇ ماتېرىيالدا ئۆزىنى بىر يازغۇچى دەپ تونۇشتۇرغان ئىدى. 1930 ـ يىلىسى تۈركىستان تەۋەسىدىكى بىر قىسىم يازغۇچىلار قۇرۇپ چىققان «مىللىي مۇستەقىللىق» دېگەن بىر تەشكىلاتقا ئەزا بولغانىكەن. 1931 ـ يىلى سىنتەبىردە يېزىپ چىققان بىر كىتابىنى نەشرى قىلدۇرۇش ئۆچۈن تاشكەنتكە كەلگىنىدە،

ئاغىنىلىرىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىق خەۋىرىنى ئالغان. شۇ سەۋەپتىن ئۆيگە قايتماستىن دەرھال ئاشخاباتقا بارغان. بۇ ئەترىاپتا ئەتكەسچىلىك ئىشلىرى بىلەن شوغۇللىنىپ يۈرگەن بەزى تۈركمەنلەرنىڭ ياردىمى بىلەن چېگرادىن ئوغۇرلۇق قېچىپ ئۆتۈۋالغان. ئۇنىڭ تاپشۇرغان بۇ ماتېرىيالدا كىشى ئىسىملىرى، يەر ناملىرى ۋە ئاي-كۈنلىرىگە مۇناسىۋەتلىك يەرلەرنى ئاق تاشلاپ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلارنى سەدرىدىن مۇپتىگە ئېغىزچە ئېيتىپ بەرگەن.

سەدرىدىنخان، تۈركىستان تەۋەسى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىۋاتقان كىشىلىرىنىڭ ۋاستىسىغا تايىنىپ بەھرەم ئىبراھىمووۋنىڭ قانداق بىرسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىسىنىڭ راست-يالغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلغۇزدى. ئاخىرى ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ يالغان ئەمەسلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق بىر ئىسىملىك بىر يازغۇچى راستىنلا بار ئىدى. ئۇمۇ يوقسۇل دېگەن شائىرلىق تەخەللۇسى بىلەن ئىجادىي پائالىيەت قىلاتتى. ئۇنىڭ بىر شېئىرلار كىتابى نەشرى قىلىنغان بولۇپ، تۈركىستاندىكى بىر قىسىم مەخپىي تەشكىلاتلار بىلەنمۇ مۇناسىۋەت قىلغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، يوقسۇل، سەدرىدىنخان مۇپتىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇزۇنغا قالمايلا بۇ كىشى مۇپتىنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا ياردەمچىلىك قىلىدىغان ئىنتايىن ئىشەنچلىك بىرسىگە ئايلىنىدۇ. بۇ كىشى كېيىنچە مۇپتىنىڭ ماقۇللىقى بىلەن ئىسمىنى مەھمۇد ئەلىزادە دېگەنگە ئۆزگەرتىۋالىدۇ. يەنە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن تۇغۇلغان يېرىنىڭ نامىنى ئۆزىگە فامىلە قىلىپ قوبۇل قىلىپ كىشىلەر ئارىسىدا مەھمۇت ئايقارلى دەپ تونۇلۇشقا باشلايدۇ. ئەسلىدە بەھرەم ئىبراھىموۋ، ياكى كېيىن ئىشلەتكەن ئىسمى بويىچە مەھمۇت ئايقارلى دېگەن بۇ ئادەم ئالاھىدە تەربىيىلەنگەن گ پ ئو جاسۇسى ئىدى. سوۋېت گ پ ئۇ ئورگىنى بۇ ئەترىاپقا ئەۋەرتكەن جاسۇسلىرىدىن ئەزىزخانوپ ئىراندا، سادىق ئەلىي ئوغلى ئىستانبۇلدا قولغا چۈشكىنىدىن كېيىن، بەھرەم ئىبراھىموۋ ئۇچۇن تېخىمۇ تولۇق تەرجىمىھال ياساپ چىقىرىلىپ پۇختا ئاساسلار يارىتىلغاندىن كېيىن ئۇنى مەشھەدكە يولغا سېلىشقان. گ پ ئۇ دىكىلەر مەشھەدنى تۈركىيە ياكى ئافغانىستانلاردىنمۇ ئەپلىك يەر دەپ قارىغاچقا ئۇنى ئىرانغا ئەۋەرتىشنى قارار قىلىشقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە سەدرىدىنخان يالغۇز بېشىغا پائالىيەت قىلىپ يۈرگىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشمۇ بەكلا ئاسان ئىدى. بۇنىڭغا قارىغاندا ت م ب مەركىزى جايلاشقان ئىستانبۇل ياكى تۈركىستانلىقلار مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىگە قوشۇلغان مىڭلىغان تۈركىستانلىق تۇرىۋاتقان ئافغانىستاندا مىللىي تەشكىلاتلارغا سۇقۇنۇپ كىرىش ئىشى بەكلا تەس بىر ئىش ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئافغانىستاندىمۇ تەشكىلات مەركىزىگە بىۋاستە قارايدىغان بىرەر رەسمى شۆبىسىمۇ يوق بولۇپ، ئۇ تەشكىلگە باغلانغان بەزى كىشىلەرلا بىر قىسىم پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللىنىپ كەلمەكتە ئىدى. قىسقىسى، مەھمۇت ئايقارلى

مەشھەتتە يىتەرلىك بىخەتەر ھالغا كېلىشۋالالىغان بولۇپ، تۈركىستان مۇھاجىرلىرى ئارىسىدا 30 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشتۇرىدىغان جاسۇسلۇق پائالىيىتىنى ئەنە شۇ يول بىلەن ئوڭۇشلۇق باشلىۋالىدۇ.

سەدرىدىنخان مۆپتى، ئۆزگەرگەن سىياسىي ۋەزىيەت تۈپەيلىدىن ئىراندىن چىقىپ كېتىشنى، مۇمكىن بولسا يېڭىدىن مىللىي مۇستەقىللىق ھەركىتىگە ئاتلىنىۋاتقان **شەرقىي تۈركىستان** تەرەپلەرگە بېرىشنى پىلانلىماقتا ئىدى. مەشھەتتىكى تۈركىيە كونسۇلى ھەققىي بەيدىن پاسپورتىنى ئېلىپ، كەشمىر ئارقىلىق قەشقەرگە ئۆتۈش پىلانى بويىچە ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىدىنمۇ ۋىزا چىقارتقۇزىۋالىدۇ. ئەمما مۇستاپا چوقاي ئوغلى ئىراندىكى، بولۇپمۇ مەشھەد شەھىرىدىكى تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ئۈچۈن قانات يايدۇرىلىۋاتقان كۈرەش نوقتىسىدىن ئالغاندا مەشھەد ئىنتايىن مۇھىم مەركەزلەردىن بىرى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىمەكتە ئىدى. شۇ سەۋەپتىن مۆپتىنىڭ يەنە بىر نەچچە يىل ئىراندا تۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەلەپكە ئاساسەن، مۆپتىمۇ قەشقەرگە بېرىش پىلانىدىن ۋاز كېچىدۇ. ئەمما 1932-يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ بۇ يەردىكى سىياسى ۋەزىيەت تېزلىكتە ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ. مەشھەد شەھىرىدىكى تۈركىيە كونسۇلخانىسىنى تاقىۋېتىش قارارى ئېلىنىش بىلەن بىرگە (تۈركىيىنىڭ مەشھەت كونسۇلخانىسى 1932-يىلى 11-ئىيون كۈنىسى تاقىۋېتىلگەن ئىدى — ئا.ھ. ئىزاھاتى)، كونسول ھەققىي بەيمۇ تۈركىيىگە قايتىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە سەدرىدىنخان ئىنتايىن كۈچلۈك بىر سىياسىي ھىمايىچىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئۆكتەبىر ئايلىرىغا كەلگەندە ئىران دائىرىلىرى سەدرىدىنخانغا بېسىم ئىشلىتىپ ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلەشكە كىرىشىدۇ. ئىران تەرەپ مۆپتىنىڭ تۈركىستان مۇھاجىرلىرى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى بىلەن بۇ ھەقتە ھەر تۈرلۈك يەرلەرگە قىلغان مۇراجەتلىرىدىن بەكلا خاتىرجەم بولالماي قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئىراندا تۇرۇش ۋىزىسىنىڭ مۇددىتى توشقاندىن كېيىن قايتا ئۇزارتىپ بەرمەيدىغانلىقىنى ئۇختۇرىدۇ. مۆپتى تۈركىيە پاسپورتى بىلەن يۈرگەچكە، ئىران دائىرىلىرى ئۇنى تۈركىيىلىك دەپ قارىشاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ دەرھال تۈركىيىگە قايتىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلماقتا ئىدى. ئەمما مۆپتىنىڭ تۈركىيە پاسپورتىنىڭ مۇددىتىمۇ توشۇپ قېلىۋاتقان بولغاچقا، بىرىپ تېھران ئەلچىخانىسىدىكىلەردىن پاسپورت مۇددىتىنى ئۇزارتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما تېھراندا تۇرۇشلۇق تۈركىيە ئەلچىخانىسىدىكىلەر ئۇنىڭ ھۆججەتلىرىدە بەزى مۇجمەللىكلەرنىڭ بارلىقىنى باھانە قىلىپ ئۇنىڭغا ئۇزارتىش ھەققىدە ئېنىق بىر نىمە دېيىشكە ئۇنىمايدۇ. بۇ جەرياندا مۆپتىنىڭ تۈركىيەنىڭ ئىراندا تۇرۇشلۇق باشئەلچىسى خۇسرەۋ گەرەدەگە قارىتىپ يازغان مەكتۇپلىرىغىمۇ جاۋاپ كەلمەيدۇ.

1933-يىلىمۇ ئىشلىرى ئەنە شۇنداق ئېنىق ئايىغى چىقماس ئىشلار بىلەن ئۆتتى.

مۇپتىنىڭ تۈركىيە باش ئەلچىسى بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈش تەلەپلىرىمۇ بىرەر نەتىجە بەرمەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئىران دائىرىلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بېسىم قىلىشلىرىمۇ كۈنسايىن كۈچىيىپ بارماقتا ئىدى. ئاخىرى ھېچ ئامالى قالمىغان سەدرىدىنخان يىل ئاخىرىغىچە ئىراندىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن قەتئىي ئىرادىگە كېلىدۇ. خۇراساننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلىرىنى ت م ب بىلەن ياش تۈركىستان گۇرۇپپىسى ئوتتۇرىسىدا بىۋاستە مۇناسىۋەت قىلالايدىغان ھالغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر مۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۆزى ئىراندىن چىقىپ كەتكىنىدىمۇ بۇ يەردىكى تۈركىستانلىقلار بىلەن ت م ب نىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزۈلمەي داۋاملاشتۇرغىلى بولىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىشنى ئارزۇ قىلغان ئىدى. بۇ ۋاقىتلاردا تۈركىستاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسمىچىلىرىدىن ئانا قۇل ئۆز قوشۇنىدىكىلەر بىلەن بىرگە ئىران چېگرىسىدىن ئۆتۈپ چېگرا بويىدىكى بىر يەرلەردە كۈزىتىشكە ئېلىنغان ئىدى. ئىران دائىرىلىرى ئاناقۇلدىن قۇرال تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. ئىران بىلەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى شەرتنامىغا ئاساسەن قۇرال تاپشۇرغىنىدىن كېيىن ئىرانلىقلارنىڭ ئۆزىنى تۇتۇپ سوۋېت تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئانا قۇل، ئىراننىڭ قۇرال تاپشۇرۇش تەلىۋىنى قوبۇل قىلمايدۇ. سەدرىدىنخان مۇپتى بۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قالغان ئاناقۇلغا ياردەم قىلىپ، ئۇنى ئافغانىستاندىكى تونۇشلىرىنىڭ ۋاستىچىلىقىدا ئافغان ھۆكۈمىتىنى ماقۇل كەلتۈرۈپ ئۇ تەرەپكە ئۆتكۈزىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىمۇ ئىران دائىرىلىرىنى غەزەپلەندۈرۈپ، ئۇنىڭغا بېسىم قىلىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە باھانە بولۇپ بېرىدۇ.

(رەسىم ئورنى)

سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن ئىران تەرەپكە قېچىپ كەلگەن تۈركمەنلەردىن بىر گۇرۇپ. 1932 ـ يىلىنىڭ باشلىرى (ئەھەت ئەنجان ئارخىۋىدىن)

1934 ـ يىلى ماي ئايلىرىغا كەلگەندە، سەدرىدىنخان مۇپتى بۇندىن كېيىن مەشھەدتە داۋاملىق تۇرۇۋېرىمەن دەيدىكەن ئىران ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىشى مۇمكىن دېگەن بىر ئاخباراتنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. ئۇ كۆڭلىدە ئۇنىڭ ھىندىستان ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان تەرەپلەرگە ئۆتۈپ كېتىش پۇرسىتىمۇ قالمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، 1934 ـ يىلى 8 ـ ئىيون كۈنىسى كېچىدە كاتىۋى مەھمۇد ئايقارلىنىمۇ بىرگە ئېلىپ يۈشۈرۈن تۈردە مەشھەتتىن چىقىپ كېتىدۇ. مۇپتى مەخپى پائالىيەتچىلىك تەجرىبىسى مول پىشقەدەم پارتىزان يېتەكچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ھەرىكەتكە ئۆتۈش ۋاقتى بىلەن نەگە بارىدىغانلىقى ھەققىدە ھېچكىمگە تىنمايدۇ، ھەتتا پىلانىنى ئۆزىنىڭ كاتىۋىغىمۇ ئېيتماي، پۈتۈن پىلانىنى ئىچىدە

ساقلايدۇ. نۇرغۇنلىغان تۈركىستانلىق يىتەكچىلەرنىڭ سۆۋىت جاسۇسلىرى تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلىپ سۆۋىتلەر ئىتتىپاقىغا تاپشۇرۇلىۋاتقان بىر ۋەزىيەت ئاستىدا، مۇپتىنىڭ ساق-سالامەت قېچىپ قۇتۇلالىشىنى ئۇنىڭ بۇ سەزگۈرلىكىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. مۇپتى ئىككى كۈنلۈك سەپەردىن كېيىن چېگرادىن بىخەتەر ئۆتۈپ ئافغانىستان تەۋەسىگە كىرىۋالىدۇ. ئافغانىستانغا يېتىپ بارغىنىدا ھىرات ۋالىسى تەرىپىدىن ئالدىغا چىقىپ كۈتىۋېلىنىش ھەمدە ئالاھىدە مىھمان قىلىپ كۈتىۋېلىنىشقا سازاۋەر بولىدۇ. مۇپتى كاتىپى بىلەن بىرگە ھىراتتا يىگىرمە كۈندەك تۇرغاندىن كېيىن، يولدا بىرگە ھەمرا بولىدىغان بىر ھەربىي ئەمەلدارنىڭ يول باشلىشى بىلەن كابولغا قاراپ يولغا چىقىدۇ.

## 30-يىللاردىكى ئافغانىستان ۋەزىيىتى

چەت دۆلەتلەردە قانات يايدۇرىلىۋاتقان تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق كۈرەشلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئافغانىستان مەيلى چېگراداشلىق نوقتىسىدىن ياكى ئۇنىڭ شىمالى رايونلىرىنىڭ تۈركىيلەردىن تەشكىل تاپقانلىقى نوقتىسىدىن بولسۇن، تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئەل ھېساپلىناتتى. شۇنداق بولغاچقا، تۈركىستان تەۋەسىدە مۇستەقىللىق كۈرەشلىرى كۈچلۈك قانات يايدۇرۇلغان دەۋرلەردە تۈركىستانلىق يىتەكچىلەر، باسمىچىلار ھەمدە مۇساپىرلار ئۈچۈن ئافغانىستان ئىنتايىن مۇھىم ئارقا سەپ بولۇپ پايدىلىنىلغان ئىدى. قىسقا مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەن بولشىغا قارىماي بەچچەئىي ساقا دەۋرى، بۇخارانىڭ سابىق ئەمرى سېيىت ئالىمخاندىن تارتىپ باشقا تۈركىستانلىق كۈرەشچىلەر بىلەن ئافغانىستاندىكى باسمىچى يىتەكچىلەر ئارىسىدا يېقىندىن ئۇمىدلەرنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەپ بولغاندەك قىلسىمۇ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى بەكلا پاجىئەلىك بولىدۇ.

بەچچەئىي ساقانى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ھوقۇقنى قولغا ئالغان نادىرشاھ، ئافغانىستان ھاكىمىيىتىنى تولۇق تىزگىنىگە ئېلىش يولىدا ھەرىكەتكە ئاتلىنىدۇ. ئۇ، ئىنىلىرىدىن سەردار ھاشىمخاننى باش مىنىستىر، سەردار شاھ مەھمۇتنى دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرى ۋە ئافغانىستان ئارمىيىسىنىڭ باش قۇماندان قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئەڭ كىچىك ئىنىسى سەردار مۇھەممەت ئەزىزنى بولسا موسكۋادا تۇرۇشلۇق ئەلچى قىلىپ ئىۋەرتىدۇ. ھۆكۈمەت مەھكىمىسىنىڭ قالغان ئون نازارىتى ئۈچۈنمۇ ئۆزىنىڭ يېقىن تۇققانلىرى ئارىسىدىن تاللاپ نازىرلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەيدۇ. ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى ھەر ئىككى كۈچلۈك تاشقى كۈچتىن ئېھتىيات قىلىدىغان تاشقى سىياسەت يولىنى تۇتقان ئىدى. يەنى ئەنگىلىيە بىلەن رۇسىيىنىڭ دىن تەرغىباتچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلەپ، ھاۋا ئارمىيىسىدە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ياكى تەلىم-تەربىيە

بېرىدىغان ئۇرۇس ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋېتىدۇ. ئۇ يەنە ئېنگىلىز ۋە ئۇرۇس مەكتەپلىرىنى تاقاتقۇزۇش قارارىنى ئېلىش بىلەن بىرگە، نېمىس، فرانسوز ۋە تۈرك مەكتەپلىرىنىڭ ئېچىلىشىغا بىر نىمە دېمەيدۇ.

بۇ ئارىدا، يەنى 1929-يىلىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىغا تايىنىپ بەچچەئىي ساقا ھۆكۈمىتىگە قارشى قۇراللىق كۈرەش باشلاتقان موسكۋادا تۇرۇشلۇق سابىق باش ئەلچى غۇلام نەبىمۇ ئافغانىستانغا قايتىپ كېلىدۇ. غۇلام نەبى، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىنى شۇنچە قاتتىق تەپتىش قىلىپ تۇرغىنىغا قارىماي، نادىرشاھنى ئاغدۇرىۋېتىش پىلانى بۇيىچە مەخپىي ھەرىكەت قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئەمما ئۇزۇنغا قالماي ئۇنىڭ پىلانى پاش بولۇپ قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرىلىدۇ. غۇلام نەبىنىڭ بۇ سىياسىي ئۆزگىرىش پىلانىنى نادىرشاھنىڭ سوۋېتلەرگە قارشى سىياسەتلىرىدىن نارازى بولۇپ يۈرگەن موسكۋا دائىرىلىرى پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ قوللاپ قۇۋەتلەپ بەرگەنلىكىدىن گۇمان قىلغان ئىدى. غۇلام نەبىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقەسى نادىرشاھنىڭمۇ تەغدىرىنى بەلگىلەيدىغان بىر ۋەقە بولۇپ قالىدۇ. نەبى ئۆلتۈرۈلۈپ بىر يىلغا قالماي، غۇلام نەبىنىڭ بىر يېقىن تۇققىنى بىر قېتىملىق مۇراسىمدا نادىرشاھقا سۇيىقەست قىلىپ ئۇنى ئېتىپ تاشلايدۇ. نادىر شاھ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا 19 ياشلىق ئوغلى زاھىرشاھ تەختكە ئولتۇرىدۇ. بۇ يېڭى پادىشاھنىڭ يېشى كىچىك بولغاچقا، ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق كۈچى پادىشاھنىڭ تاغىسى باش مىنىستىر سەردار ھاشىمخاننىڭ قولىغا ئۆتكەن ھېساپلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ سەردار ھاشىمخان تا ۋاپات بولغان 1946-يىلىغىچە ئافغانىستاننىڭ ئەمەلىيەتتىكى ھۆكۈمدارى بولۇپ ھۆكۈم سۈرىدۇ.

ئۇزۇن داۋاملىشالمىغان بەچچەئىي ساقا ھۆكۈمىتى جەريانىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىبراھىم لاقاينىڭ باستۇرۇلۇشى جەريانىدا يۈز بەرگەن ھادىسىلار نادىرشاھ دائىرىلىرىنى قاتتىق قورقۇتقان ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ شىمالدىكى خەلقلەر بەچچەئىي ساقا ھاكىمىيىتىنى قىزغىن ھىمايە قىلىپ ئۇنىڭغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بەرگەن ئىدى. ئەمما ساقا ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، كەينىدىنلا باشلانغان باسمىچىلار يېتەكچىسى ئىبراھىم لاقاينى باستۇرۇش ھەرىكىتى جەريانىدا شىمالدىكى خەلق بۇ ھەرىكەتكە بىتەرەپ پوزىتسىيە تۇتۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ باستۇرۇش پائالىيەتلىرىگە ياردەم قىلماي جىم تۇرىۋېلىشقان ئىدى. ھەتتا بەدەخشان بىلەن قاتاغان ۋىلايەت خەلقلىرى لاقايغا يېقىندىن ياردەمدەمدە بولىدۇ.

بۇنداق ئىشلارنىڭ قايتا تەكرارلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، نادىرشاھ دائىرىلىرى شىمالى ئافغانىستانغا قارىتا ئايرىم سىياسەت تۈزۈپ ئىجرا قىلىشنى پىلانلىشىدۇ.

يېڭى ھۆكۈمەت، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن كابول بىلەن شىمالىي ئافغانىستان ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ بەكلا مۇھىم ئىكەنلىكىنى

تونۇپ يەتكەندى. ئافغانىستاننىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىنى ئىگىز ھىندىقۇش تاغلىرى ئىككىگە ئايرىپ توساپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، كابولدىن شىمالدىكى جايلارغا قاتناش ۋاستىلىرىغا تايىنىپ بېرىپ كېلىش ئۈچۈن قەندىھار بىلەن ھېراتلارنى ئايلىنىپ ئۆتۈشكە، يەنى بىر ھېساپتا پۈتۈن ئافغانىستاننىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئايلىنىپ چىقىشقا توغرا كېلەتتى. ھىندىقۇش تاغلىرى ئارىسىدا بىر قانچە تەبىئىي ئۆتەڭ ئېغىزلىرى باردەك قىلغىنى بىلەن، ئىنتايىن تىك ۋە قار شىۋىرغانلىق بۇ ئۆتەڭلەردىن زامانىۋى قاتناش ۋاستىلىرىغا تايىنىپ ئۆتۈش پەقەتلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ يولدىن ئات-ئۇلاقلىق ياكى پىيادە مېڭىپ ئۆتۈش ئۈچۈنمۇ نۇرغۇنلىغان جاپالىق يوللارنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ تاغ يوللىرى قىشتا پۈتۈنلەي قارغا كۆمۈلۈپ قالىدىغان بولغاچقا، ھەرگىزمۇ يول تاپقىلى بولمايتتى. شۇڭا بۇ تاغلار يىلنىڭ ئاساسەن يېرىمىدا دېگۈدەك شىمال بىلەن مەركەز ئوتتۇرسىدىكى قاتناش ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىماقتا ئىدى. شىمالدىكى بۇنداق ئېغىر جوغراپىيىلىك شارائىت كابول دائىرىلىرىنىڭ شىمالدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى دەرھال بېرىپ باستۇرۇش ئىمكانىيەتلىرىنى چەكلەپ، ئۇ جايلاردىكى مەركىزى ھۆكۈمەت تەسىرىنى بەكلا ئاجىزلاشتۇرىۋەتمەكتە ئىدى. شۇڭا، نادىرشاھ بۇ تەبىئىي توسالغۇنى ئېلىپ تاشلاش ئۈچۈن ئامانۇللاخان دەۋرلىرىدىلا قۇرۇلۇش باشلىغان، ئەمما ساقا ۋەقەسى سەۋەبىدىن قۇرۇلۇش يېرىم يولدا توختاپ قالغان سالاڭ ئۆتكىلىنى ياساش لايىھىسىنى قايتىدىن ئىشقا كىرىشتۈرۈشكە كىرىشدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۆتەڭ يولى رۇسىيىلىكلەرنىڭ ياردەم قىلىشى نەتىجىسىدە 1933-يىلى ئاران پۈتۈپ چىقىدۇ. ئاخىرىدا، ئۇلۇغ ئىسكەندەردىن بېرى ھەر تۈرلۈك ھەربىي يۈرۈش ۋە ھەر خىل سودا كارۋانلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى مىڭ-بىر مۈشكۈلاتلار بىلەن مېڭىپ كېلىۋاتقان بۇ قىيىن ئۆتكەل، بىر ھېساپتا قاتناش ۋاستىلىرى بىلەن ماڭغىلى بولىدىغان ھالغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى. بۇ يېڭى قۇرۇلۇش نەتىجىسىدە، ئافغانىستاننىڭ تۈركلەر يۇرتى بىلەن جەنۇبىي ئافغانىستان بىۋاستە تۇتاشتۇرۇلغان ھېساپلاندى.

شىمالى ئافغانىستاندا ئىجرا قىلىنغان يەنە بىر سىياسەت، ئەمىر ئابدۇراخماننىڭ 1890-يىللىرى باشلاتقان پەشتۇلاشتۇرۇش ھەرىكىتىنى قايتىدىن باشلىتىش ئىدى. جەنوبىي ئافغانىستاندىكى پەشتۇ قەبىللىرى سىستېمىلىق تۈردە شىمالغا كۆچۈرۈلۈشكە باشلاندى. شىمالىي ئافغانىستاننىڭ يەرلىك ئاھالىسى بولغان ئۆزبەك، تاجىك ۋە تۈركمەن خەلقلىرىنىڭ قولىدىكى مۇنبەت يەرلەر مۇسادىرە قىلىنىپ "ناقىلىن" دەپ ئاتالغان پەشتۇ كۆچمەنلىرىگە تارقىتىلىشقا كىرىشلدى. قۇندۇز رايونىدا يولغا قويۇلغان بۇ تۈردىكى قايتا تەقسىم قىلىش سىياستى بۇنىڭ تىپىك بىر مسالى ئىدى. تۈركىستاننىڭ پەرغانە رايونى كىشىزىز تېرىش ئاساس قىلىنغان جايلارنىڭ بىرى ھېساپلىناتتى. بۇنىڭغا ئوخشاش ھاۋا كېلىماتى ۋە يەر تۈزۈلىشىگە

ئىگە بولغان شىمالىي ئافغانىستانىنىڭ كاتاغان ۋىلايىتىمۇ كۆز تېرىشقا بەكلا ئۇيغۇن يەر ھېساپلىناتتى. شۇڭا، 1920 ـ يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بۇ رايونغا كەلگەن تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار بۇ يەرلەردىمۇ كۆز تېرىش ئىشىنى باشلىۋەتكەن بولۇپ، ئۇزۇنغا قالماي قۇندۇز شەھىرىنى پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىدىن بىرى ھالىغا ئايلاندۇرغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئۇرۇش قايىنمى ئىچىگە پېتىپ قالغان، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە كوپراتسىيىلەشتۈرۈش دولقۇنىغا دۇچ كەلگىنى ئۈچۈن ئۇ تەرەپلەردىكى كۆزچىلىك ئېغىر ئاقساشقا ئۇچراپ، پاختا مەھسۇلاتى بەكلا تۆۋەنلەپ كەتكەن ئىدى. بۇ ئەھۋال، ئافغان تۈركىستانى ئۈچۈن بىر پۇرسەت بولۇپ، تېرىغان كۆزلىرىنىڭ پاختا مەھسۇلاتلىرىنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىش ئىمكانى يارىتىلغان ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئافغانىستان دائىرىلىرى ئافغانىستان مىللىي بانكىسىنىڭ يۆلىشى بىلەن پاختا ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرى بويىچە پائالىيەت قىلىدىغان "سپىنزار" ناملىق بىر شىركەت قۇرۇپ پائالىيەت قىلىشقا كىرىشىدۇ. نەتىجىدە، بۇ رايونغا كېلىپ يەرلەشكەن تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار بىلەن يەرلىك خەلق، بۇ شىركەت تەمىنلىگەن ياردەمگە تايىنىپ سازلىقلارنى قۇرۇتۇپ بوزيەر ئېچىپ كۆزلىككە ئايلاندۇرغانىدى. 1930 ـ يىللارغا كەلگىنىدە، قۇندۇزنى ئاساس قىلغان كاتاغان ۋىلايىتى ئافغانىستان ئىگىلىكىگە زور ئىقتىسادى ھەسسە قوشىدىغان پاختىچىلىق رايونىغا ئايلانغان ئىدى. نادىرشاھنىڭ پەشتۇلاشتۇرۇش سىياستى يولغا قويۇلغان مەزگىللەردە، بۇ رايوننىڭ بارلىق ئېتىزلىقلىرى يەرلىك خەلقنىڭ قولىدىن ھەر ھېكتارىغا (ئون مىڭ مېتىر چاسا، 10 دۆنۈم ياكى تەخمىنەن 15 مو ــ ئۇ.ت) 250 تىيىن باھا قويۇشتەك بىكارنىڭ ئورنىدا مەجبۇرى سېتىۋېلىپ پەشتۇ پومېشچىكلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلمەكتە ئىدى.

پەشتۇلاشتۇرۇش سىياستىنىڭ يەنە بىر مەقسىدى، شىمالىي ئافغانىستانىنىڭ تارىختىن بۇيانقى جوغلىنىپ كەلگەن مىللىي ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرىنى يوق قىلىش، شۇ ئارقىلىق بۇ جايلاردىكى خەلقلەرنى ئۆزىنىڭ ئەجداتلىرىنى تونىمايدىغان، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى چىقىشىنى بىلمەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈۋېتىش تۈپكى مەقسەت ئىدى. ئەسەبىي پەشتۇ مىللەتچىسى بولغان بۇ يەرنىڭ ۋالىسى گېنېرال ۋەزىر مۇھەممەد گۈلخان مۇھەممەندە بۇ سىياسەتنى جان ـ جەھلى بىلەن ئىجرا قىلىدىغان بىر تەلۋە ئىدى. بۇ ۋالى ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىللەردە بۇ تەۋەنىڭ تارىخى سىماسى بولغان بارلىق تارىخى ۋە ئارخىلوگىيىلىك ئاسارە ـ ئەتىقىلەرنىڭ ھەممىسىنى ۋەيران قىلىپ، تاجىكچە ياكى تۈركى ـ چاغاتايچە يېزىلغان پۈتۈن قولىيازما ئەسەرلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. بولۇپمۇ بۇ يەرنىڭ تارىخى نامى بولغان ئافغان تۈركىستانى دېگەن ئىسمىنىمۇ ئۇنتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەتكە كىرىشىدۇ. ئۆزبەكچە ياكى تاجىكچە يەر ناملىرىنى پەشتۇچە ناملارغا ئۆزگەرتىدۇ. ئۆزبەك قەبىلىلىرىدىن

بىرسىنىڭ نامى بويىچە ئاتالغان قاتاغان ۋىلايىتىنىڭ ئىسمىنىمۇ پەشتۇچىغا ئالماشتۇرىۋېتىدۇ. بۇ جايلاردىكى تۈركى قېنىدىن بولغان قەبىلىلەرنىڭ نوپۇسىنى ئازايتىشنى مەقسەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يۈز بەرگەن ئۇششاق ـ چۈششەك زىدىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ كۆرسىتىپ، ئۇ زىدىيەتنىڭ ھەل قىلىش چارىسى سۈپىتىدە جىدەللەشكەن تۈركىي قەۋملارنى مەھەللە ـ مەھەللە كۆچۈرۈپ ئافغانىستاننىڭ جەنۇبىتىكى چاقناسۇر، دەھنەئىي گۇررۇ دېگەندەك يەرلەرگە سۈرگۈن قىلىشقا كىرىشىدۇ.

بۇنچە ئېغىر بېسىم ئاستىدا قالغان ئافغان تۈركىستانىدىكى باسمىچىلار قوشۇنلىرىمۇ تارقىلىپ كېتىشكە باشلايدۇ، ئۇلار تۇرمۇشنى قامداشنىڭ غېمىدا تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ئىچىگە پېتىپ قالىدۇ. تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارمۇ چېگرا بويىدىن تارتىپ ئىمامساھىپ (قىزىل قەلئە)، قۇندۇز، خاناباد، باغلان، شىبىرغان، مەيمەنە، ئەندخوي، مازارى شەرىپ قاتارىدىكى شەھەرلەرنى ئاساس قىلىپ تارقالغان ئىدى. قۇندۇز، باغلان، خانئاباد قاتارلىق شەھەرلەردىكى مۇھاجىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دېھقانچىلىق كەسپلىرى بىلەن شوغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ئىدى. نېمىسلار كېلىپ سېلىپ بەرگەن شېكەر زاۋۇدىغا قىزىلچا تېرىش رايونى قىلىپ باغلان شەھىرى تاللىۋېلىنغان ئىدى. قۇندۇز شەھىرى بولسا كېۋەز تېرىش مەركىزى ھېساپلىناتتى. شۇڭا، بۇ جايلار تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىپ تۇرىدىغان جايلارغا ئايلانغان ئىدى.

قوشلىرى بىلەن بىرگە ئافغانىستانغا ئۆتكەن تۈركمەن ئاممىسى ئاساسەن چارۋىچىلىق پائالىيەتلىرى بىلەن شوغۇللىنىپ كەلمەكتە ئىدى. بولۇپمۇ قاراقۇل ئەلتىر تېرىسى تىجارىتى (بۇخارانىڭ قاراقۇل تەۋەسىدە يېتىشتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن بۇ نام بېرىلگەن ئۇزۇن بۇدرە يۈڭلۈق بىر قوي تۈرى. غەرپتە ئاستراغان دەپ داڭ چىقارغان، ـــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) نى بۇلار مونوپول قىلىۋالغان ئىدى. ئەندخوي، مەيمەنە ۋە شىبىرغان قاتارلىق شەھەرلەرگە ئورۇنلاشقان تۈركمەن مۇھاجىرلىرى گىلەم توقۇش قاتارىدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى ئاساس قىلىپ تۇرمۇشنى قامدىماقتا ئىدى. كابۇل، مازارى شەرىپ قاتارىدىكى چوڭ ـ چوڭ شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشقان تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار ئاساسلىقى سودا ـ سېتىق ئىشلىرى ياكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىنى ئاساس قىلىپ پائالىيەت قىلماقتا ئىدى.

نادىرخان دائىرىلىرى تەرىپىدىن يولغا قويۇلۇۋاتقان بۇ تۈردىكى ئېغىر بېسىم ۋە زوراۋانلىق سىياسەتلىرى تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارغىلا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى شىمالى ئافغانىستاننىڭ يەرلىك خەلقى ھېساپلىنىدىغان ئۆزبەك، تاجىك ۋە تۈركمەنلەرنىمۇ باش كۆتۈرەلمەس ھالغا كەلتۈرۈپ قويماقتا ئىدى.

ئىبراھىم لاقايغا قارىتىلغان قۇراللىق باستۇرۇش ھەرىكىتى جەريانىدا پەيدا بولغان سىياسىي ۋەزىيەت، تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ داڭلىق ئەرباپلىرىنىمۇ باش

كۆتۈرەلمەس ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان ئىدى. سابىق بۇخارا ئەمرىگە قارىتىلغان نازارەتلەر كۈچەيتىلىپ، ئۇنى ئەتراپىدىكى ئادەملىرىدىن ئايرىۋېتىشكەن ئىدى. سابىق ئەمىرنىڭ بۇخارالىق مۇھاجىرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگىچە چەكلىمە ئاستىدا تۇتۇلغان. ئۇنىڭ ھىندىستانغا كېتىش ياكى مەككىگە ھەج قىلىش تەلەپلىرى رەت قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆزىگە ئايرىلغان قىشلىق سارىيى بىلەن يازلىق داچىسى ئىچىدىن سىرتقا چىقالماي سۈنئىي تۈرمە ھاياتى ئىچىدە ياشىماقتا ئىدى. ئالىمخاننىڭ بۇخارالىق ئۆزبەكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى تاغىسى سېيىتبەك ئىناق قالان (تاغابەگ) ئۈستىگە ئالغان ئىدى. ئالىمخان، يەنى سابىق بۇخارا ئەمىرى بۇنچە ئېغىر بېسىم ۋە زىرىكىشلىك كۈنلەرگە بەرداشلىق بېرەلمىدى بولغاي، ئاخىرى 1934-يىلى بۇ دەرتلەردىن بىراقلا ئۆلۈپ قۇتۇلدۇ. ئۇنىڭ نامىزى ھەربى مۇراسىم بىلەن چۇشۇرۇلۇپ يەرلىككە قويۇلدۇ.

سابىق باسمىچىلار يېتەكچىلىرىدىن بىرى بولغان شىر مۇھەممەتبەگمۇ، دۆلەت تەرىپىدىن تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن قارتەئىي چار رايونىدىكى يېرىدە دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھۆكۈمەت بېرىدىغان 500 روپىيىلىك مائاشىغا تايىنىپ تۇرمۇشىنى قامداپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۆچۈن ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ رۇخستى بولماي تۇرۇپ قورۇقىدىن 6 كىلومىتىر نېرىسىغا ئۆتۈشمۇ چەكلەنگەن ئىدى. قالغان باسمىچىلار يېتەكچىلىرىمۇ دېھقانچىلىق ياكى تىجارەت ئىشلىرى قاتارىدىكى قولىدىن كېلىدىغان بىرەر ئىشقا تايىنىپ كۈننى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ھەلەك بولۇپ يۈرمەكتە ئىدى. دۆلەت مەمۇرلۇقى ياكى ئەمەلدارلار ئارىسىدا ۋەزىپىگە تەيىنلىنەلىگەنلەر بەكلا ئازساندا ئىدى. بۇنداقلاردىن بىرسى باشۋەزىرلىكتە مەسلىھەتچى ۋە تەرجىمانلىق قىلىۋاتقان مۇبەششىرخان تارازى ئىدى. تارازى، تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار بىلەن مەركىزى ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردە ياردەمچىلىك قىلىپ يۈرمەكتە ئىدى. ئۇ، ئوغلى نەسرۇللانى سابىق بۇخارا ئەمىرىنىڭ قىزى بىلەن ئۆيلىگەنلىكى ئۈچۈن، تارازىنىڭ ئەمىر يېقىنلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىمۇ يامان ئەمەس ھېساپلىناتتى. ئۇندىن باشقا، بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى دەۋرىدە ھۆكۈمەت مىنىستىرلىرىدىن بىرى بولغان، كېيىن ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق ئەلچى قىلىپ ئەۋەرتىلگەن ھاشىم سايىقمۇ ئافغانىستاندىن كەتمىگەن بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپ نازارىتىدە ياردەمچىلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن ئىدى. ئافغانىستان ھۆكۈمىتى مەملىكەت دائىرىسىدە سىياسىي تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، نەشرىيات-تەشۋىقات پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا رۇخسەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، تۈركىستانلىق مۇجاھىتلار بۇ ساھەلەردىمۇ ھەرقانداق بىر پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىمەن دېيىشنىڭمۇ قىلچە ئىمكانىيەتلىرى قالمىغان ئىدى.

(رەسىم ئورنى)

ئافغانىستاندىكى تۈركىستانلىقلاردىن بىر قىسىم كىشىلەر. ئوتتۇردا پاپاخلىق ئۆرە تۇرغىنى باسمىچىلار يېتەكچىسى نۇرمۇھەممەتبەگ. كابول، 1926 (ئەھەت ئەنجان ئارخىپىدىن)

1935-يىلىغا كەلگەندە، تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار ئىچىدە بۇرۇندىن بار بولغان سىياسىي تەرەپبازلىقلارغا ئايرىلىشىش ئىشلىرىمۇ ئاساسەن ئۆزپىتى ساقلىنىپ داۋاملىشىپ كەلمەكتە ئىدى. تۈركمەن مۇھاجىرلار ئىچىدە سىياسى تۈسكە ئىگە بىرەر گۇرۇپپىلىشىش ئەھۋاللىرى يوق ئىدى. ئاز ساندىكى قىرغىز مۇھاجىرلىرى پامىر رايونىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار باشقىلار بىلەن ئارىلاشماي ئايرىم ياشىماقتا ئىدى. ئۇلار تۇرىۋاتقان يەرلەر ئىگىز تاغلىق يەرلەر بولغاچقا، ئۇلار ھەر يىلى ئاران ئۈچ ئايلا سىرت بىلەن بېرىش كېلىش قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنى مەركىزى ھۆكۈمەت باشقۇرۇپ كېتەلمىگەن دېيىشكە بولاتتى. ئۆزبەك مۇھاجىرلار بولسا ئاساسەن ئالغاندا ئەسلى يۇرتلىرى بويىچە "بۇخارايى"، "فەرغانىچىلار" ياكى "پانئى دەريايى" (ئېقىننىڭ نېرىسىدىن كەلگەنلەر — ئا.ھ. ئىزاھاتى) دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالماقتا ئىدى. سىياسىي نوقتىدا بولسا، ئەمىرگە مايىل بولغانلار، كونا قۇربېشىچىلار، تارازىنىڭ ئەتراپىدىكىلەر ۋە ت م ب تەرەپتارلىرى قاتارلىق تۆت تەرەپ كىشىلەرگە بۆلۈنگەن ئىدى. سابىق بۇخارا ئەمىرى تەرىپىدىكىلەر ئەمىرنىڭ ئوغلى شاھزادە ئۆمەر ئەتراپىغا توپلانغان ئىدى. تۈركمەن گۇرۇپپىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك تەرەپباز توپلىغان كىشى نەقشبەندى تەرىقىتىدىن ئىشان خەلىفە ئىسمىلىك بىرسى ئىدى.

1930-يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، دۇنيا مىقياسىدا ئۇرۇش پۇراقلىرى كۈچىيىۋاتقان ۋەزىيەت شەكىللەنمەكتە ئىدى. بۇ ۋاقىتلاردا ئافغانىستاندا گېرمانىيە بىلەن ياپونىيىنىڭ تەسىرى كۈنسايىن كۈچىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ ئىككى گۇرۇپ كۈچلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئەنگلىيىگە قارشى قانات يايدۇرىدىغان پائالىيەتلىرى، ئافغانىستاندىكى مۇھاجىر گۇرۇپپىلار ئوتتۇرىسىدا قايتىدىن ھەرىكەتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەپ بولۇپ بېرىدۇ.

## سەدىردىنخان مۇپتىنىڭ يوقۇتۇلىشى

سەدىردىنخان مۇپتى، مەھمۇت ئايقارلى بىلەن بىرگە 1934-يىلى ئىيۇننىڭ ئاخىرلىرى كابولغا يېتىپ كېلىدۇ. مۇپتىنىڭ مۇستاپا چوقاي ئوغلى بىلەن ئابدۇلۋاھاپ ئىسھاق ئوغلى ئىككىسىگە يازغان خېتى شۇ چاغدىكى ئافغانىستان

ۋەزىيىتى ھەققىدە مۇھىم مەلۇماتلارنى بەرمەكتە:

31- ئىيون كابۇلغا كېلىپ كونا-يېڭى مۇھاجىرلار بىلەن، 11 يىللىق مۇساپىرچىلىق تارتقان دوستلىرىمىز ۋە كەسىپداشلىرىمىز بىلەن كۆرۈشتۇق. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى خېلى ياخشى ئىكەن. ئۇلار ئاساسەن ئالغاندا تەرىپىگىزلەرنىڭ خىزمىتىگە تەييار كىشىلەر ئىكەن. شۇڭا مەن بۇ يەرگە كەلگىنىم ئۈچۈن خۇشالمەن، خېلى ئۈمىدلىنىپ قالدىم. ...

مەمدۇ شاۋكەت (ئەسەندال) بەي بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ بۇ يەردە تۇرۇشلۇق تۈركىيە ئەلچىسى ئىكەن. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتىم ... تۈركىيىدىكى ئەھۋالار بىزنىڭ مەقسەتلىرىمىزگە ئۇنچە بەك مۇۋاپىق كېلىدىغاندەك كۆرۈنمەيدۇ. ئەمما بىزگە پايدىلىق بولغان بىرلا يېرى، ئۇ يەرگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئۈچۈن پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بېرىش ئىمكانىيىتى باردەك قىلىدۇ. شۇڭا مەنمۇ ئۇ ئەپەندىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى پەقەت شۇ نوقتا بىلەنلا چەكلەپ تۇردۇم.

بۇ جۈملىلەردىن كېيىن دەيدىغىنىم، بۈگۈن يوقسۇلغىمۇ تۈركىيىگە بېرىش ئۈچۈن تۈركىيە پاسپورتى چىقارتقۇزدۇم. ئەگەر يول خىراجىتى ئۈچۈن ماددى شارائىت ھازىرلىيالىساق ئۇنى مەشھەد تەرەپلەرگە ئەۋەرتىش ئۈمۈدىنى قىلماقتىمەن. شۇڭا سىزدىن تەلىۋىم، ماددى ئىمئانلارنى تېزىرەك ئەۋەرتىپ بەرگەن بولسىڭىز. ئۇ مەشھەدكە بارغىنىدا سىزنىڭ مەشۋەرەتىڭىز بويىچە ئۇ يەرلەردە ھەرىكەت قىلالايدۇ. ... بۇ يەردىكىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بۇرۇن باغۋەنچىلىك، دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنلىك كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن كىشىلەر بولغاچقا، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنمۇ يەنە شۇ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانماقتا ئىكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئوقۇش بىلەنمۇ مەشغۇل بولماقتا ئىكەن. ...

**قەشقەرگە قاراپ تېز سۈرئەت بىلەن يولغا چىقىشىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلىدۇ،** شۇڭا، ماقۇل كۆرسىڭىزلەر مەن بۇ يىل قىشنى كابۇلدا ئۆتكۈزۈشنى نىيەت قىلدىم. بۇ ھەپتە ئىچىدە بۇ ئىشلار ھەققىدە ئېنىق بىرەر جاۋاپ ئالالىشىم مۇمكىن. ... **غوجا نىياز قەشقەردە مۇستەقىللىق خىيالىدىن ۋاز كېچىپ مۇختارىيەت قۇرۇش يولىغا كىرىشىپتۇدەك. خىتاي ھۆكۈمەت قۇماندانى قەشقەرگە كىرىپ بولغانىكەن. ... مۇستەقىللىق كۈرەش جەڭچىلىرىنىڭ بىر قىسمى پامىر تاغلىرىدا تۇرىۋېتىپتۇ، تاشقورغان**

**تەرەپتە بىرەر مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى بار ئىكەن. ئۇنىڭغا مەسئۇل بولغان كىشىنىڭ ئىسمى مەھمۇت يۇسۇپ ئىكەن.** بۇ كىشى بۇرۇن شىرمۇھەممەتنىڭ قۇربېشىلىرىدىن بىرسى ئىكەنذۇق، ئۇ ھازىرغىچە ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلغىدەكمىش. ... بۇ تەرەپلەرگە ئەۋەرتىلىدىغان ژورنال سانىنى كۆپەيتىپ بېرىشىڭىزلارنىڭ پايدىسى كۆپ. ئەۋەرتىلىدىغان ئىقتىسادنى كابول ناتسيۇنال بانكىسى، تۈركىستان ئەسھامى (تۈركىستان چەكلىرى ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) يولى بىلەن بىزگە ئەۋەرتىسىڭىزلەر تاپشۇرۇپ ئالالايمەن.

بۇ جەرياندا، يوقسۇل، يەنى مەھمۇت ئايقارلى، مۇپتىنىڭ كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان، ژورنال تارقىتىشقا مەسئۇل بولىدىغان ۋە ئالاقىلىشىش ئىشلىرىنى بەلگىلەيدىغان بىرسىگە ئايلانغان ئىدى. 1934~1935ـ يىللىرى بويىچە ت م ب ئارىسىدا يېزىلغان خەتلەردىن قارىغاندا، بارلىق ئىشلار ئاساسەن يوقسۇل ۋاستىسى ئارقىلىق بىجىرىپ كېلىنگەنلىكى كۆرۈلمەكتە. ئۇنىڭ ئەۋەتكەن خەتلىرىدىن بىرسىدە تۈركىيىدە فامىلە قانۇنى چىققانلىقى سەۋەپلىك سەدىردىن مۇپتىغا "زىۋەچى" دېگەن فامىلە، ئۆزىگە "ئايكارلى" دېگەن فامىلىنى قويىۋالغانلىقى يېزىلغان. يەنە بىر پارچە خېتىدە بولسا "تۈركىيە باش ئەلچىسى يېقىندا تۈركىيىگە قايتىپ كېتىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇندىن كېيىن مۇپتى ئەپەندىگە ئەۋەرتىلىدىغان پۇلنىمۇ ئايقارلى نامىغا ئەۋەرتىلىشى لازىم" دەپ يېزىلغان. بۇ قۇرلاردىن مەلۇمكى، كونا ئىككى ئىتتىھاتچىلاردىن بولغان مەمدۇ شاۋكەت بەي بىلەن سەدرىدىنخان مۇپتى قايتىدىن بىر يەرگە كەلگەن بولۇپ، ئەسەندالمۇ مۇپتىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئىقتىسادىي ياردەم بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان. مۇپتى بىلەن ئۇنىڭ كاتىبى، ئەسەندال باش ئەلچىنىڭ ياردىمى بىلەن يېڭى فامىلە ئېلىپ تۈركىيە پاسپورتىنىمۇ يېڭىسىغا ئالماشتۇرىۋېلىشقان. شۇنىڭدەك يەنە تۈركىيە ئەلچىخانىسىدىكىلەر مۇپتىنىڭ چەتئەلدىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت باغلىشىشىغىمۇ ياردەم قىلىپ تۇرغان. ت م ب نىڭ ياۋرۇپادا تۇرۇشلۇق ۋاكالەتچىسى ئەۋەرتىپ بەرگەن پۇل بىلەن خەت-چەكلەرمۇ تۈركىيە ئەلچىخانىسى ۋاستىچىلىقى ئارقىلىق مۇپتىگە تېگىپ تۇرغان.

بۇ جەرياندا، مۇپتى بىر تەرەپتىن ئەندخوي، ئاقچا، مازارى شەرىپ ۋە خانئاباد قاتارىدىكى شەھەرلەردە ت م ب نامىدا پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋاكالەتچىلەر تېپىشقا، يەنە بىر تەرەپتىن سابىق باسمىچىلار يېتەكچىلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا كىرىشىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە **شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك پىلانىنىمۇ تاشلاپ قويمىغان** بولۇپ، ئۇ تەرەپلەرگە بېرىپ مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىگە قاتنىشىشنى ھەر دائىم ئارزۇ قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ مەقسەتتە ياپون ئەلچىخانىسىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن مۇناسىۋەت تىكلەپ ئۇ يەردىكى

پائالىيەتلىرى ئۇچۇن ئاساس تىكلەشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنىمۇ باشلىغۇەتكەن ئىدى.

يەنە بىر تەرەپتە، مۇپتى ئىراندىن ئايرىلىشى بىلەن تەڭ ئۇ يەردىكى ت م ب پائالىيەتلىرىمۇ توختاپ قېلىش گىرداۋىغا كېلىپ قالغان ئىدى. مەشئەدتىن تارتىپ باشقا ئىران چېگرا بويلىرىدىكى شەھەرلەردە ۋەزىيەتكە قويۇلغان ۋاكالەتچىلىرى ئۆزئارا بىر تۇتاش ھەمكارلىق ئورنىتىپ كىتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاكتىپ پائالىيەت قىلىپ كېتەلمىگەن ئىدى. بۇ ئەھۋاللاردىن خاتىرجەم بولالمىغان سەدرىدىنخان، بۇ تۈردىكى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ئايقارلىنى مەسئۇل قىلغىنىدا قايتىدىن ئىشلارنىڭ يۈرۈشۈپ كېتەلەيدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۇنى مەشئەتكە قايتۇرۇش قارارىغا كېلىدۇ. ئەمما ئايقارلى مۇپتىنىڭ بۇنداق بىر قارارغا كېلىشىدىن پەقەتلا رازى ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئايقارلى سوۋېتلىكلەرنىڭ ئويلىغىنى بويىچە تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان جايغا كېلىپ ئورۇنلىشالىغان بولۇپ، بۇ يەردە ئۆزىنىڭ سىياسىي مۇناسىۋەتلىرىنىمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە تىكلەپ ئالغانلىقىنى ئويلىماقتا ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئايقارلى مەشھەدكە قايتىپ كەتسە كۈچلۈك پائالىيەت قىلىدىغان بىر پۇرسەتنى قولدىن چىقىرىپ قويغان ھېساپلىناتتى. ئەگەر مۇپتىنىڭ تەلىۋىگە ماقۇل دېمىگىنىدە ت م ب دىكىلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئايقارلى ئاۋال مۇپتىنى بۇ قارارىدىن ياندۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆردىدۇ. ئايقارلى، ئابدۇۋاھاپ ئوكتاي بىلەن تاھىر چاغاتاي قاتارىدىكى ياش تۈركىستانچىلارغا خەت يېزىپ مەشھەتكە قارىغاندا كابولدا تۇرۇپ پائالىيەت قىلىشىنىڭ تېخىمۇ پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇپتىنى ماقۇل كەلتۈرۈش ئۈچۈن ياردەم قىلىشلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما مۇپتىمۇ ئايقارلىنى مەشھەتكە ئەۋەرتمىسە ئۇ يەردىكى پائالىيەتلەرنى قايتىدىن جانلاندۇرۇشقا بولمايدۇ دەپ چىڭ تۇرىۋالىدۇ.

ئايقارلى بىلەن سوۋېت تەرەپتىكىلەر ئۈچۈن بۇ جەھەتتە قولدىن كېلىدىغان بىرلا چارە قالغان ئىدى: بىر ئامال قىلىپ سەدرىدىنخان مۇپتىنى قاتاردىن چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئايقارلىنى تىكلەش. بۇ پىلاننى 1935 ـ يىلى ئىيوندا ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشىلدى. شۇ كۈنلەردىكى ۋەزىيەتنى سەدرىدىنخان خەت ئارقىلىق مۇستاپا چوقاي ئوغلىغا تۆۋەندىكىچە تونۇشتۇرىدۇ:

كابولدا تۇرۇپ سىرتتىن خەۋەر ئېلىش بەكلا قىيىنلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستانغا بېرىۋېلىش مەقسىتىدە 6 ـ ئىيون كۈنى تاشقى ئىشلار ۋازارىتىدىن دوستانە بېرىپ كېلىش ئۈچۈن ۋىزا تەلەپ قىلغان ئىدىم. ئەمما تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ماڭا سوۋېتلەر ھۆكۈمىتى بىزگە قاتتىق بېسىم قىلىشقا كىرىشتى دېگەننى باھانە قىلىپ، ئەنگلىيە دائىرىلىرىگە تەۋە ھىندىستان تەرەپ بىلەن يولغا چىقىشنى ئويلىشىپ كۆرسەڭ دېگەن مەسلىھەتنى بەردى.

شۇنداق قىلىپ ئەتىسى ئەنگىلىيە ئەلچىخانىسىغا كىرىپ ھىندىستانغا كىرىش ۋىزىسىنى بەرسەڭلار دەپ ئىلتىماس قىلدىم. ئەلچىخانىدىكىلەر بىز ئاۋال يۇقۇرىدىن سوراپ باقايلى، ئاگغىچە سەن كۈتۈپ تۇرغىن دېيىشتى. بۇ چاغدا، يەنى 17ـئىيون كۈنىسى مىنى تۈيۇقسىزلا شەھەر قۇماندانلىقىغا چاقىرتىپتۇ. ئۇلار بىۋاستە ئىچكى ئىشلار نازارىتىدىن كەلگەن بۇيرۇققا بىنائەن ئىككى كۈن ئىچىدە قوغدىغۇچى جاندارمىلارنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا چېگرىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ مەشھەدكە قايتۇرىلىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇرۇشتى. تۈركىيە ئەلچىخانىسىنىڭ مۇستەشارىنىڭ ئارىغا كىرىشى بىلەن ھىندىستان ئارقىلىق قايتىپ كېتىش تەلىۋىمنىڭ نەتىجىسىنى كۈتۈشۈمگە رۇخسەت قىلىشتى. مانا بۈگۈن ئەنگىلىيە ئەلچىخانىسىنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ ئولتۇرماقتىمەن. خۇدا كۆرسەتمىسۇن، ئىرانغا قايتىپ كەتسەم ئىرانلىقلارنىڭ ئالدىدا ئىناۋىتىم چۈشۈپلا كېتىشى مۇمكىن. بۇ يەردىكىلەرنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا مەن تەشكىلات قۇرۇپ سوۋېت رۇسىيىسىگە قارشى ھەرىكەت قىلىپ يۈرگىدەكمىشمەن. بۇ ئەھۋاللارنى ماڭا ۋە تۈركىيە ئەلچىخانىسىنىڭ مۇستەشارىغا تاشقى ئىشلار نازىرلىقىدىن بىۋاستە ئۇقتۇردى. ... يىراقبايلارنىڭ (ياپونلار كۆزدە تۇتۇلماقتا — ئاپتور) كۈتىۋېلىشىغا ئېرىشەلىگەن بولسامۇ يامان ئىش ھېساپلانمايتتى. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن پۇرسەتنى قولغا كەلتۈرۈپ بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ...

خۇداغا شۈكرى، ھازىرچە ماخمۇت ئايقارلى ئۈچۈن مېنىڭكىدەك ئۇنداق ئەنسىرىگىدەك جىددى بىر ئەھۋال يوق. شۇنداق بولغاچقا ئۇنى بۇ يەردە قالدۇرۇپ بىر ياردەمچى قوشۇپ سىزلەرنىڭ خىزمىتىڭىزلارنى قىلىشقا سۇندۇم. ... ھۆرمەتلىك مۇستاپا ئەپەندىم، بۇندىن كېيىن ماخمۇت بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇرىشىڭىزنى قاتتىق تەلەپ قىلىمەن. ... شۇنىسى ئېنىقكى، بۇندىن كېيىن سۆۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى ھەرىكەت قىلىش پۇرسىتىمىز قولدىن چىقىپ كەتكەندەك تۇرىدۇ. بىردىن-بىر ئۈمىدىمىز، ئالدىمىزدىكى دەۋرلەردە بىرەر ئىنقىلاپ ياكى بىرەر ئۇرۇش پارتىلاپ قېلىشىنى كۈتۈشتىن باشقا چارىمىز قالمىدى. ... بۇ كۆزقاراشقا كېلىپ قالغىنىم ئۈچۈن، مىللىتىمىزگە "تەييارلىنىپ تۇرۇڭلار" دېيىش ئۈچۈن ئامال قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ... شۇنىڭغا قارىماي پۈتۈمغا پۇت، قولۇمغا قول بولۇپ بېرىۋاتقان بۇ يىگىتنى (ئايقارلىنى) تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇرمەن. ئەگەر سىز تەرەپلەردە ئىمكانىيىتىڭىز بار بولسا مېنى ھىندىستانغا كىرگۈزۈپ قويۇشنىڭ بىرەر يولىنى قىلىپ باققان بولسىڭىز بەكلا ياخشى بولاتتى.

ت م ب مەسئۇللىرى بىلەن سەدىردىن مۆپتى ئوتتۇرىسدا يېزىشقان خەتلەردىن مەلۇم بولماقتىكى، ئۇ كۆنگىچە مۆپتىنىڭ پائالىيەتلىرىدىن قىلچمۇ ئەندىشە قىلمىغان ئافغانىستان ھۆكۈمىتى، ئۇشتۇمتۇتلا ئۇنىڭ چېگرادىن چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ ئۆزگىرىۋالغان. مۆپتىنى سوۋېتلەرگە قارشى پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللاندىك دەپ قارىلاپ تۇرۇۋغلۇقمۇ، ئۇنىڭ كاتىبى ۋە مۇھىم ياردەمچىسى بولغان مەھمۇت ئايقارلىغا ھېچ نېمە دېمىگەن. ئايقارلى كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتكىنىدە ئېلان قىلغان كۆندىلىك خاتىرىسىدە بۇ ھەقتە توختىلىپ ئۆتكەن بولۇپ، سەدىردىنخان مۆپتىنى ھەرىكەتنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇش ئۈچۈن ئافغانىستان ھۆكۈمىتى ئىچىدىكى سوۋېتلىك دوستلىرىنىڭ ياردىمىدە قۇناق ناندىن قىل تارتقاندەك ئېھتىيات بىلەن ھەرىكەت قىلىشقانلىقىنى يازىدۇ.

سەدىردىن مۆپتىنىڭ ھىندىستان ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان تەرەپكە كىرىۋېلىش ئۈچۈن قىلغان تىرىشچانلىقلىرىدىن بىرەر نەتىجە چىقمايدۇ. مۆپتى ئەنگلىيە ئەلچىخانىسىنىڭ جاۋابىنى ئالماي تۇرۇپلا ئافغانىستان دائىرىلىرىنىڭ ئالغان يېڭى بىر قارارىغا دۇچ كېلىدۇ. يەنى ئۇنى ئىرانغا يولغا سېلىۋېتىش قارارىدىن يېنىپ، ھېرات تەرەپلەرگە سۈرگۈن قىلىۋېتىش قارارىنى ئېلىشقان ئىدى. مۆپتى ھېراتتا نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىنىدىغان بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، سوۋېت مەخپىي رازۋېتچىكلار پونكىتىنىڭ ئوينىغان ئۇيۇنى ئوڭۇشلۇق ئاخىرلاشقان ھېساپلاندى. سوۋېت جاسۇسى ئايقارلىمۇ كابۇلدا ت م ب نىڭ ئەڭ مۇھىم ئادىمى بولىۋېلىپ، سەدىردىنخاندىنمۇ پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ قالغان ھېساپلاندى. ئايقارلى بۇ ئىشلار ھەققىدە چوقاي ئوغلىغا تۆۋەندىكىچە خەۋەر بېرىدۇ:

مۆپتى ھەزرىتىم ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۆەتكەن خېتىدە بۇندىن كېيىنكى خەتنى پىشاۋۇردىن يازىمىز دەپ ئېيتقان ئىدى. ئەمما بۇنىڭغا ئىمكانىيەت يار بەرمەي قالدى. چۈنكى كەينى ـ كەينىدىن كەلگەن بۇيرۇق ۋە ئەمىرلەر ئۇنى كابۇلدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلىدى. ... بولشېۋىكلار جاسۇسلۇق ئورگانلىرى مۆپتىنىڭ كابۇلدىن قوغلىنىشى ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان پۈتۈن چارىلارنى ئىشقا سالغان ئىدى. ھىندىستان بىلەن ئىران ئەلچىخانىلىرىمۇ ئۇنىڭ ئىلتىماسىغا جاۋاپ بەرمەي جىم بولىۋېلىشتى. شۇنداق قىلىپ مۆپتى ھەزرەتلىرىنى ھېراتقا سۈرگۈن قىلىش قارارى چىقتى. ئاخىرى 6 ـ ئاۋغۇستتا ساقچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا ھېراتقا سۈرگۈن قىلىنىپ يولغا سېلىندى. ... شۇنداق بولغاچقا، بۇندىن كېيىن مۆپتى نامىغا ئەۋەرتىلىدىغان خەت ـ چەك، ژورنال ۋە پۇللارنى مېنىڭ نامىمغا ئەۋەرتكەيسىزلەر.

(رەسىم ئورنى)

سوۋېت جاسۇسى مەھمۇت ئايقارلى (سولدا ئۆرە تۇرغىنى) باسمىچىلار يېتەكچىسى ھەمراقۇل قۇربېشى (ئالدىدا ئولتۇرغىنى) بىلەن بىرگە، كابول، 1936 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا (ئەھەت ئەنجان ئارخىۋىدىن)

شۇنداق قىلىپ، بۇ كۈرەش سەھنىسىدە يالغۇز ئايقارلىلا قالغان ئىدى. يەنى تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاق ھەرىكىتىنىڭ ئافغانىستان، ئىران ۋە شەرقىي تۈركىستان ھەرىكەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسى ئايقارلىنىڭ قولىغا قالغان ئىدى. ت م ب نىڭ ۋاكالەتچىسى بولىۋالغان مەھمۇت ئايقارلى، مۇپتى سەدىردىنخان بىلەن ت م ب رەئىسى مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ كاپالەت بېرىشى نەتىجىسىدە تۈركىيە باش ئەلچىسى مەھمۇت شاۋكەت ئەسەندال بىلەن ئىنتايىن يېقىن مۇناسىۋەت تىكلىۋالغان ئىدى. كەسپىي جاسۇس ھېساپلىنىدىغان ئايقارلى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ تۈردىكى مۇناسىۋەتلەردىن پايدىلىنىپ باشقا دىپلوماتىيىلىك گۇرۇپپىلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش ئۇنىڭغا قىيىن كەلمەيتتى. دېگەندەك، 1936 ـ يىلىدىن باشلاپ ياپونىيە دىپلوماتىيە ساھەلىرى ئىچىگىمۇ سىڭىپ كىرىشكە باشلايدۇ. بۇ جەرياندا كونا باسمىچىلار يېتەكچىلىرىدىن بىرى بولغان ھەمراقۇل قۇربېشىنىڭ قىزى بىلەن ئۆيلىنىۋېلىپ ئورنىنى تېخىمۇ چىڭىتىۋالىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈچۈن تۈركىستانلىق مۇھاجىر يېتەكچىلىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش ۋەزىپىسىلا قالغان ئىدى. ئەسلىدىلا ئۇ ۋاقىتلاردا ئافغانىستاندىكى بىر قىسىم تۈركىستانلىق گۇرۇپپىلار ت م ب يولىغا قويىۋاتقان كۈرەش پىلانىغا قايىل بولماي يۈرمەكتە ئىدى. بولۇپمۇ مۇبەششىرخان تارازى يېتەكچىلىك قىلىپ كېلىۋاتقان گۇرۇپتىكىلەر ت م ب نىڭ سىياستى بىلەن ئۇلارنىڭ نەشرىيات ئەپكارى بولغان «ياش تۈركىستان» ژورنىلىنى ھەددىدىن تاشقىرى لىبىرال دەپ قاراپ، "بىسمىللا دەپ باشلىمىغان بىر ژورنال" دەپ ھېساپلاشماقتا ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئاغابېكوۋنىڭ ئەسلىمىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك «ياش تۈركىستان» ژورنىلىنىڭ بۇرۇنقى سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلار سەۋەبىدىن، شىرمۇھەممەت بەي قاتارىدىكى سابىق قۇربېشىلىرىمۇ ت م ب غا دىگەندەك قىزىقماي كەلمەكتە ئىدى. ئەنە شۇنداق سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ت م ب نىڭ ئادىمى بولۇپ كۆرۈنگەن ئايقارلى ئۈچۈن بۇ ئىككى تەرەپتىكىلەرنىڭ ھەر ئىككىسى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا يېقىن مۇناسىۋەت تىكلەپ كىتىشى ئۇنچە ئاسانغا توختايدىغان ئىشلاردىن ئەمەس ئىدى. بۇ تۈردىكى ئەھۋاللارنى ياخشى بىلىدىغان ئايقارلى، بىرىنچى قەدەمدە ھەر ئىككىلا تەرەپكە قوشۇلماي يۈرگەن يېتەكچىلەر بىلەن يېقىنلىشىش يولىنى تاللىۋالىدۇ. بۇ مەقسەتتە شەرقىي تۈركىستاندىن ئافغانىستانغا كەلگەن قۇدرىتىللاخان تۆرە، قاسىمجان تۆرە قاتارلىق يېتەكچىلەر بىلەن مۇناسىۋەت تىكلەشنىڭ يولىنى ئاختۇرۇشقا كىرىشىدۇ.

# «ھۆكۈمەتئىي ئىلاھىيە» ئۇرۇنۇشلىرى

بۇ جەرياندا كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئافغانىستان ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھاجىرلار سىياستىدە بىر تۈرلۈك ئۆزگىرىش ياسىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. بۇ ئىش مۇنداق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ: ھىندىستانلىق مەۋلانا مەنسۇر دېگەن بىر دىنى زات يېتەكچىلىكىدە ئافغانىستاندا تۇرىۋاتقان تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار تەشكىللىنىپ مەخپى سىياسىي ھەرىكەت باشلىتىلىدۇ. ھىندىستانلىق بىر دىنى زاتنىڭ ئافغانىستانغا كېلىپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى ھەرىكەت تەشكىل قىلىشقا ئۇرۇنىشى ھەقىقەتەنمۇ غەلىتى بىر ئەھۋال ئىدى. ئەمما بۇ ئىشنى سوۋېت ئىتتىپاقى-ئەنگلىيە زىددىيىتى نوقتىسىدا تۇرۇپ ئىزاھلىغىنىمىزدا، بۇنى چۈشىنىش ئۇنچىۋالا تەسمۇ ئەمەس.

1930-يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ھىندىستان-ئافغانىستان چېگرا بويلىرىدا تۇرىدىغان پەشتۇ قەبىلىلىرى ئارىسىدا كوممۇنىزم تەشۋىقاتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇشقا كىرىشكەن ئىدى. شۇ ئارقىلىق بۇ تەۋەلەردە ئەنگلىيىلىكلەرگە قارشى قوزغالغان ھەرقانداق بىر ھەرىكەتنىمۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ ئەھۋال، ئەنگلىيە مۇستەملىكچى دائىرىلىرىنى قاتتىق ئەنسىرىتىپ كەلمەكتە ئىدى. "مەجنۇن پەقىر" ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قوزغالغان قوزغىلاڭ كۈنسايىن كېڭىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئەنگلىيە دائىرىلىرى ھىندىستان چېگرا بويلىرىدا بۇ قوزغىلاڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن دەرھال ئىشقا كىرىشىدۇ. ئافغانىستان تەۋەسىدىكى سوۋېتلەرگە قارشى گۇرۇپپىلارنى تەشكىللەش پىلانىمۇ ئەنە شۇ تەدبىرلەرنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى ھېساپلىناتتى.

مەۋلانا مەنسۇر، 1933-يىلى ئافغانىستانغا كېلىپ بۇ يەردىكى تۈركىستانلىق گۇرۇپپىلار بىلەن زىچ ئالاقە ئورنىتىشقا كىرىشىدۇ. بۇ كىشى بىلىملىك بىرسى بولغانلىقى ئۈچۈن، بارلىق گۇرۇپپىلار ئۇنىڭ دېگىنىگە قايىل ئىدى. 1934-يىلىدىن باشلاپ پائالىيەتلىرىنى باشقىچە بىر يولغا يېتەكلەپ مېڭىشقا باشلايدۇ. تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار ئىچىدىكى ئابرويلۇق كىشىلەرنى يېنىغا يىغىپ كوممۇنىزمغا قارشى ھەمدە تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى مەخسەت قىلىدىغان مەخپى سىياسى تەشكىل قۇرۇشقا تۇتۇش قىلىدۇ. قۇرۇلغان بۇ تەشكىلاتقا "ھۆكۈمەتئى ئىلاھىيە" دېگەن نام بېرىدۇ (بۇ ھەرىكەتكە قاتناشقان كىشىلەر شىر مۇھەممەتبەگنىڭ ئىنىسى نۇر مۇھەممەتبەگ، ئوسمان قارى، مەۋلانا ئەخمەتئەلى، ئابدۇلئەزىز قارى قاتارلىق كىشلەردىن تەشكىل تاپىدۇ — ئا.ھ. ئىزاھاتى). مەركىزى كابولدا بولغان بۇ

تەشكىلات باشقا شەھەرلەردىمۇ ئەزالىرىنى كېڭەيتىش پائالىيىتى بىلەن پۈتۈن بىر يىل مەخپى شۇغۇللىنىدۇ. 1935-يىلى ئىچىدە سوۋېتلەرگە قارشى تەشۋىقات ھەرىكىتىنى باشلاشقا قارار قىلىشىدۇ. ئەمما بۇ جەرياندا ئافغانىستان ساقچىلىرى بۇ ئەھۋالنى تۇيۇپ قېلىپ، مەۋلانا مەنسۇرنى يېقىندىن مەخپى كۆزىتىشكە باشلىغان ئىدى. نەتىجىدە، ھىندىستاندا باستۇرۇلۇپ ئافغانىستاندا مەخپى تارقىتىش پىلانلانغان كىتاپچىلار ساقچىلار تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن بۇ تەشكىلات تارقىتىۋېتىلىدۇ. مەۋلانا مەنسۇر بىلەن بىر قاتاردا بۇ تەشكىلاتنىڭ مۇھىم ئەزالىرى قولغا ئېلىنىدۇ. كېيىنچە ئافغانىستان دائىرىلىرى مەۋلانا مەنسۇرنى ھىندىستانغا قوغلاپ چىقىرىدۇ. ئافغانىستان ھۆكۈمىتىنىڭ مەۋلانا مەنسۇرنى قىلچە سوتلىماي چېگرىدىن قوغلاپ چىقارغانلىقى، بۇ كىشىنىڭ ئەنگلىيە دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئىشقا قويۇلغانلىقىنىڭ ئېنىق ئىسپاتى ئىدى. ئەمما مەۋلانا مەنسۇر بىلەن بىرگە قولغا ئېلىنغان تۈركىستانلىقلارنى بولسا، بەلگىلىك مۇددەتلەر بويىچە قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ تۈرمىگە سولىۋېتىشىدۇ. ھۆكۈمەتنى ئىلاھىيە ۋەقەسىدىن كېيىن، مۇھاجىرلار ئارىسىدىكى ئىشلارنى تولۇق كۆزىتىپ كىتەلمىگەنلىكىنى ئويلىغان ئافغانىستان دائىرىلىرى، ھەر بىر يەردىن بىرەردىن مۇھاجىرلار ۋەكىلى تاللاپ چىقىش چارىسىنى ئىشقا سالماقچى بولىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئافغانىستان دائىرىلىرى بۇ ۋاكالەتچىلەر ۋاستىسىدا تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار ئىچىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن تېخىمۇ تولۇق خەۋەر تاپالايدىغان بولۇشنى مەقسەت قىلىشىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ ۋاكالەتچىلار ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن مۇھاجىرلار ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىق رول ئويناپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ ئىش ئۈچۈن كابولدىكىلەر ئۈچۈن مۇبەششىرخان تارازى تاللىنىدۇ. ئەمما بۇ تەدبىر پەقەت كابول بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ، باشقا شەھەرلەردە بۇنداق بىر ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلەر بولمايدۇ.

## ت م ب نىڭ ياپونىيە دائىرىلىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش تىرىشچانلىقلىرى

ت م ب مەركىزى، 1932-يىلى شەرقىي تۈركىستاندا مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنىڭ باشلىنىشى بىلەن تەڭ، ياپونىيە ھۆكۈمىتىگە بىر پارچە مەلۇمات بېرىش دوكلاتى سۇنغان بولسىمۇ، ياپونىيە تەرەپتىن بۇ دوكلاتقا ھېچ قانداق بىر جاۋاپ ئالالمىغان ئىدى. سەدرىدىنخان مۇپتى كابولغا كېلىپ ياپونلار بىلەن مۇناسىۋەت تىكلەش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا كىرىشكەن ئىدى. كېيىن بۇ مۇناسىۋەتنى ئايقارلى داۋاملاشتۇرغان بولۇپ، بۇ جەرياندا شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەرگە ياردەم قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئورتاق كېلىشىمگە

كېلىشىدۇ.

بۇ جەرياندا مۇستاپا چوقاي ئوغلىمۇ پارىژدىكى ياپونىيىلىك مەسئۇل كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ يوللىرىنى ئاختۇرۇپ يۈرەتتى. ئايقارلى بىلەن چوقاي ئوغلىنىڭ بۇ ھەقتە يېزىشقان خەتلىرى بۇ ئۇچرىشىشلارنىڭ قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكى ھەققىدە خېلى تەپسىلى مەلۇماتلارنى بەرمەكتە:

خېتىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالغىنىمدىن كېيىن، يىراقبايلار (ت م ب نىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۆزئارا يېزىشىدىغان خەت-ئالاقىلاردا ياپونلارغا ئەنە شۇنداق شىفىر ئىسمى قويۇلغان ئىدى ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) بىلەن كۆرۈشۈپ، يازغان خېتىڭىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرى ھەققىدە ئۇلار بىلەن سۆزلەشتىم. بۇ ھەقتە ئۇلار مۇنداق دېدى: "بىز فرانسىيىدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭمۇ بىزگە ئوخشاش ھەرىكەت قىلىشىنى چىن قەلبىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشقا بەك قىزغىن مۇئامىلە قىلماسلىقىدا بىرەر سەۋەپ بولىشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىمەن. بەلكىم فرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن كۆندىن كۈنگە يېقىنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىشى مۇمكىن دەپ ئويلاۋاتقان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىشلاق ئەپەندىم (فرانسىيىدە ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ياپونىيە باش ئەلچىخانىسىدىكى مەسلىھەتچى ياكى ھەربى ۋاكالەتچىنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) روسىيىدە تۇرۇپ باقمىغان، روسىيە توغرىلىق ھېچقانداق مەلۇماتى يوق بىرسى بولۇپ، ئۇ كىشى فرانسىيە ئۈستىدىلا مەلۇماتقا ئىگە بىرسى ئىدى. شۇ سەۋەپتىن بۇ تۈردىكى ئىشلارغا قىزىقمىغان بولىشى مۇمكىن. بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ تېز ئوتتۇرىغا قويۇپ تېخىمۇ كەڭرى خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن مۇستاپا ئەپەندىنى سەفىرى كەبىر (باشئەلچى) مۆسيۆ ساتو بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. چۈنكى ساتو ئەپەندى موسكۋا بىلەن پېتربورگدا 15 يىلدەك تۇرغان. مەنمۇ ئۇ كىشى بىلەن موسكۋادا ئىككى يىلدەك بىرگە خىزمەت قىلىپ باققانمەن. مەن ئەتىدىن باشلاپ ئۇنىڭغا بۇ ئىشلارنى تونۇشتۇرۇپ خەت يازىمەن.

مۇستاپا ئەپەندى تۈركىستان مەسىلىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك فرانسۇزچە ۋە ئەنگىلىزچە ئېلان قىلغان ئەسەرلىرىنى بىزگە (يەنى كابولغا) ئەۋەرتىپ بەرسە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى دۆلىتىمىزنىڭ نەشرىيات ۋە مەتبۇئاتلىرىدا باستۇرۇشقا تىرىشىپ كۆرىمەن. بۇ ئىش ئۈچۈن مەن سىزگە كېيىسپ ۋەدە بېرەلەيمەن. ئەگەر مۇستاپا ئەپەندىم مانجۇرىيە، پولشا ياكى بولمىسا فىنلاندىيىدەك بىرەر دۆلەتتە تۇرىۋاتقان بولسا ئىدى، بىز ئۇنىڭ بىلەن پۈتۈنلەي باشقىچە بىر

تۇردە ھەمكارلاشقان بولاتتۇق. مەن پارتىزدىكى ئەلچىمىزگە يازماقچى بولغان خېتىمگە بۇندىن كېيىن مۇستاپا ئەپەندىم خەت ـ چەكلىرىنى بىزنىڭ ئەلچىخانىغا بەرسە قايتۇرىۋەتمەي قوبۇل قىلساڭلار دېگەن گەپنىمۇ قىستۇرۇپ قويىمەن."

سەفىرى مۇختەر كىتادا ھەزرەتلىرى گېپىنىڭ ئارىسىدا **سىنكياڭ (شەرقىي تۈركىستاننى دېمەكچى ـــ ئۇ.ت)** ئىشلىرىغىمۇ ئالاھىدە قىزىقىدىغانلىقىنى قىستۇرۇپ ئۆتتى. ... بۇ جەھەتتىكى ئىشلىرىمىزغا قولىڭىزدىن كېلىشىچە ياردەم قىلسىڭىز دەپ تەلەپ قىلىشىدىم، بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ۋەدە قىلدى. ... بۇندىن ئاۋال كېيسەللىك سەۋىبىدىن دۆلىتىگە قايتىپ كەتكەن باش كاتىپ ھەزرەتلىرىمۇ "مەن سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ھۆكۈمىتىمىزگە چوقۇم خەت يېزىپ ئۇقتۇرىمەن، خاتىرجەم بولۇڭ، ياپونىيە خەلقى سىلەرنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ" دېگەن ئىدى. قېنى، بۇنىمۇ كۆرۈپ باقارمىز. ...

ئايقارلى، بىر تەرەپتىن ئاتاقتا تۈركىستان ۋە شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك چېگرا ھالقىغان پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ تەشكىلاتتىن بىرنى قۇرۇپ چىقىشقا تىرىشماقتا ئىدى. شۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن بۇ ھەقتىكى پائالىيەتلەرنى ئۆز تېزگىنىدە تۇتۇپ تۇرماقچى، يەنە بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن خەۋپلىك، مۇھىم ئادەم دەپ تونۇلغان كىشىلەرنى جىمىقتۇرىۋېتىش پۇرستىنى يارىتالىشى مۇمكىن بولاتتى. ت م ب ئوتتۇرىسىدا يېزىشقان خەتلىرىدە بۇ تۈر پائالىيەتلەر تۆۋەندىكىچە تونۇشتۇرۇلماقتا ئىدى:

شەيخ ئابدۇكېرىم، تەكىنەل ۋە ... يىغىنىدا يىراقبايلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش مەسىلىسىدە قارار قۇوبۇل قىلىندى. مەن بۇ ئىشنى كېچىكتۈرەك بولسىمۇ ئىشقا ئاشۇرالىغان بولدۇم. ... ئۇ يىغىنىدا (ئولتۇرۇشتا دەپ ئېلىنغان ـــ ئۇ.ت) "نۇرتاي" ... تەيىنلەندى. يوقۇرىدا ئىسىملىرى تىلغا ئېلىنغان كىشىلەر ھەر قايسى جايلارغا تارقالغىنىدىن كېيىن تەشكىلاتلار ئارا مۇناسىۋەتلەر، شەرقىي تۈركىستان ۋە ئىچكى قىسمىدىكى (غەربى تۈركىستان) خەلقىمىز بىلەن باغلانغان ئىشلىرىنى بىزنى ماددى قىيىنچىلىق ئىچىگە پاتۇرۇپ قويغان ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا يىراقبايلار بىزگە ياردەم قولىنى سۇنۇشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى.

ئايقارلىنىڭ ئابدۇلۋاھاپ ئوكتايغا يازغان يەنە بىر پارچە خېتىدە مۇنداق گەپلەر

بار ئىدى:

تۈركىستانغا كەتكەن ئۈچ كىشىدىن ھازىرغىچە بىرەر خەۋەر ئالالمىدۇق. بۇ يەردىن يولغا سېلىنغان ئىككى ئادىمىمىزنىڭ قەشقەرگە يېتىپ بېرىپ ئىش باشلىۋەتكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر كەلدى. مەن ھازىر ھىندىستانغا ئورۇنلىشىۋېلىپ ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ تۇرالايدىغان بىر "پونكىت" قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشماقتىمەن.

ئايقارلىنىڭ ئۇەرتكەن خەتلىرىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن شەيخ ئابدۇلكېرىم دېگەن مەخپى ئىسىملىق كىشى چوقۇم سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇزۇن يىل جەڭ قىلغان داڭلىق باسمىچىلار يېتەكچىسى فۇزەيل مەخدۇم بولىشى كېرەك. بۇ ئېھتىقاتلىق مۇجاھىت يېتەكچى، ئۆزىنى ت م ب نىڭ ۋاكالەتچىسى دەپ تونۇتقان مەھمۇت ئايقارلى قۇرۇپ چىققان ئاتالمىش بولشىۋىزمغا قارشى تەشكىلاتقا قىلچە ئىككىلەنمەيلا ئەزا بولۇپ كىرگەن ئىدى. ئۇ خىتايلارغا قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە ئۇەرتىلگەنلەردىن بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلى كىم ئىكەنلىكىنى ئايقارلى تۇڭگانلار بىلەن قەشقەردە تۇرۇشلۇق روسىيە كونسۇلىغا ئاللىمۇقاچان خەۋەر بېرىۋەتكەن. شۇڭا مەختۇم شەرقىي تۈركىستانغا بارار-بارماي تۇڭگانلار بۇلاپ ئاپىرىپ قەشقەردىكى روسىيە كونسۇلىدىكىلەرگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. فۇزەيل مەخدۇم، قەشقەردىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كېتىلىپ ئۇ يەردە سوراق قىلىنغاندىن كېيىن ئېتىپ تاشلانغان (تۈركىستانى، «يوقالغان ۋەتەن»، 168-بەت. بۇ ۋەقە سوۋېت جاسۇسى مۇھەممەت ئايقارلىنىڭ ئەسلىمىلىرىدىن تۈزۈلگەن «مەخسۇس تاپشۇرۇق» نامدىكى كىتاپتىمۇ ئىسپاتلاپ كۆرسىتىلگەن — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

ئايقارلى يازغان خەتلەردە مەخپى ئىسىملار بىلەن يېزىلغان قالغان كىشلەرنىڭ ئەسلى كىم ئىكەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. شۇنىڭدەك يەنە ئايقارلىنىڭ بۇ تۈر ۋاستىلاردىن پايدىلىنىپ يەنە قانچىلىغان ئادەملەرنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا تۇتۇپ بەرگەنلىكىنى ك گ ب ئارخىپلىرىدىن باشقا ھېچقانداق يەردىن بىلىش ئىمكانىيىتى بولمىسا كېرەك.

## ئوسمانغوجا ئوغلى ئافغانىستاندا

1937-يىلىنىڭ باشلىرىدا، ت م ب رەئىسى ئوسمان غوجا ئوغلى، شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلغان ھۆكۈمەتنىڭ دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرى بولغان سۇلتانبەك بەختىيار بىلەن بىرگە ھىندىستان ئارقىلىق ئافغانىستانغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ

قىتىملىق ساياھىتىدىن ت م ب دىكىلەرنىڭ ھېچقانداق خەۋىرى بولمىغاچقا، بۇ ھەقتە ت م ب مەركىزىدە بەكلا كۆپ تالاش-تارتىشلار يۈز بېرىدۇ. ئەمما، بۇ ساياھەتتىن پرومېتېدىكىلەرنىڭ خەۋىرى بارلىقى كېيىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. چوقاي ئوغلى بۇ ساياھەت ئىشى توغرىلىق پارىژدىكى ياپونىيە مەسئۇللىرى سوراۋشتە قىلغانلىقىنى، ۋارشاۋادىكى پرومېتې مەركىزىنىڭمۇ بۇ ساياھەت ئۆزلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ساياھەت دەپ ئېيتقانلىقىنى يازىدۇ.

ئوسمان غوجا ئوغلى بىلەن سۇلتانبەگ ئىككىسى ئاۋال ئۇ ۋاقىتلاردا قەندىخارغا يۆتكىۋېتىلگەن سەدرىدىنخان مۇپتىنى زىيارەت قىلىدۇ. مۇپتى، ت م ب ئىچىدىكى تەرەپبازلىقتا چوقايئوغلى تەرىپىدە تۇرغان بىرسى ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كېلىشىگە بەك خوشال بولۇپمۇ كەتمەي خېلىلا سوغۇق مۇئامىلىدە بولىدۇ. كابولغا كەلگەن غوجا ئوغلى بىلەن بەختىيار، شەھەرگە كېلىپ ئۇ يەردىكى ت م ب ۋاكالەتچىسى ماھمۇت ئايقارلى بىلەن ئۇچۇرىشىدۇ. ئوسمان غوجا ئوغلى بۇ قېتىمقى ئافغانىستان ساياھىتىدە بىر قانچە ئىشنى بىراقلا پۈتتۈرىۋالماقچى بولغان ئىدى. بۇ ئىشلار ئارىسىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ئۈچۈن ياپونىيىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ھېساپلىناتتى. يەنە بىر قىلماقچى بولغان ئىشى ئافغانىستاندىكى تۈركىستانلىق مۇھاجىر يىتەكچىلىرىنى بىر يەرگە يىغىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش ئىدى. ئوسمان غوجا ئوغلى ئەگەر بۇ ئىككى ئىشنى ئوقۇشلۇق پۈتكۈزىۋالالىغىنىدا، ئۇنىڭ ت م ب ئىچىدىكى ئورنى زور دەرىجىدە كۈچەيگەن بولاتتى.

غوجا ئوغلى بىلەن بەختىيار ئىككىسى ماھمۇت ئايقارلى ۋاستىچىلىقىدىن پايدىلىنىپ كابولدىكى ياپونىيىلىك مەسئۇل كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلاردىن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە ياردەم قىلىشلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئىشتا ياپونىيىنىڭ ياردىمى بولغان تەغدىردە، شەرقىي تۈركىستاندا كۈچلۈك قۇراللىق ھەرىكەت باشلاشقا بولىدۇ دەپ ئىشەنچ قىلاتتى. سۇلتانبەگ بەختىيار بۇ ئىشەنچلىرى ھەققىدە بىر خېتىدا مۇنداق دەيدۇ:

قولىمىزدا كۆرسەتكىدەك يېتەرلىك ھۆججەت (پاكىتلار) بارلىقىغا ئىشەنچ قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، يىراقىيالار بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىش قارارىغا كەلگەن ئىدۇق. ... خەلقىمىزنىڭ ئورتاق مەنپەتى يىراقىيالارنىڭ مەنپەتىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن ئىدۇق. بۇلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىقى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ دېگەن قاراش بويىچە باشقا تەرەپلەرنىڭ تەكلىپلىرىنى رەت قىلىپ يىراقىيالار بىلەن كېلىشتۇق.

ئەسلىدە، ياپونلار شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگىمۇ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ كەلگۈسى تەغدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگىمۇ قىزىقىپ كەلمەكتە ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي ئوسمان غوجائوغلى ـ سۇلتانىبەك بەختىيار ئىككىسىنىڭ بۇ ھەقتىكى تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىز بولۇپ چىقىدۇ. ياپونىيىلىك مەسئۇل كىشىلەر شەرقىي تۈركىستاندا قوزغىتىلىدىغان مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىگە بىۋاستە ياردەم بېرىش ئىشىغا بەك قىزىقىپ كەتمەيدۇ.

ت م ب رەئىسى ئوسمان غوجا ئوغلىنىڭ كابۇلغا قىلغان زىيارىتى جەريانىدا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇپ بەرگەن ئايقارلى، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چوقاي ئوغلى بىلەن ئوسمان غوجا ئوغلى ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىش ئۈچۈن غوجا ئوغلىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇتراتقۇلۇق قىلىشقا كىرىشكەن ئىدى. ئايقارلى چوقاي ئوغلى بىلەن ئابدۇلۋاھاپ ئوكتايلارغا ئەۋەرتكەن خەتلىرىدە، غوجا ئوغلى سىلەر ئۈستۈڭلاردا بەكلا ناچار گەپلەرنى قىلىپ كەتتى دەپ، ئۇلارنى ت م ب رەئىسىگە قارشى ئاتاكىغا ئاتلىنىشى ئۈچۈن كۈشكۈرتمەكتە ئىدى. مۇستاپا چوقاي ئوغلىغا يازغان خېتىدە، غوجا ئوغلىنى تىزگىنلەپ يۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ كابۇلدىكى بارلىق پائالىيەتلىرىدە بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان. ئىشىنىشكە بولىدىكى، ئايقارلى كابۇلدا غوجا ئوغلىغىمۇ چوقاي ئوغلى ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى ئۈستىدە كۈشكۈرتكۈچى سۆزلەرنى قىلىپ يۈرگەن بولىشى ئېنىق. يەنە بىر تەرەپتە، ئوسمان غوجا ئوغلىنىڭ ت م ب غا ئەزا بولمىغان سۇلتانىبەك بەختىيارغا تەشكىلاتقا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلاردىن خەۋەر بېرىپ تۇرىشى، ت م ب مەركىزىنىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتكەزمەيلا ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن رەسمى كۆرۈشۈش ـ سۆھبەتلەر بىلەن شوغۇللىنىپ يۈرگەنلىكى قاتارلىق سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن تەشكىلات ئەزالىرى ئارىسىدا غوجا ئوغلىغا نارازىلىق بىلدۈرىدىغان، ئۇنى تەنقىتلىشىدىغان ئىشلارمۇ باش كۆتەرگەن ئىدى.

1937 ـ يىلى ياز ئايلىرىدا، مەھمۇت ئايقارلى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلغان دېگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىنىدۇ. شىر مۇھەممەت بەينىڭ ئىستانبۇلدا بىلىم ئاشۇرىۋاتقان ئۆگەي ئوغلى غۇلام ھەيدەر كابۇلغا بارغان ۋاقتىدا ئايقارلىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ بىر سوۋېت ئىشپىيونى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن ئىدى. ئايقارلىمۇ غۇلام ھەيدەر ئافغانىستانغا كەلمەي تۇرۇپلا چوقاي ئوغلىغا خەت يېزىپ، "غۇلامنىڭ بۇ تەرەپلەركە كېلىدىغانلىقى ھەققىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاۋاتىمەن. مېنىڭچە سىزلەر ئۇنىڭ بۇ تەرەپلەرگە كېلىشىنى ئىمكان بار چەكلىگەن بولسىڭىزلار، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ بۇ تەرەپلەرگە كەلمىگىنى تۈزۈك" دەپ تەلەپ قىلغان. ئايقارلى ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ يازغان «مەخسۇس تاپشۇرۇقلار» دېگەن كىتاۋىدا كۆرسىتىشىچە، غۇلام ھەيدەر ئۇنى ماھمۇت ئايقارلى دەپ تونىماي، ئۇنى ماھمۇت سادىقوۋ دەپ بىلىدىغانلىقىنى، ئۇ

يەنە شۇ ئىسمى بىلەن كومسموللار مەكتىۋىگە ئوقۇش ئۈچۈن كەتكەنلىكىنى بىلەتتىكەندۇق. ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى گېنېرال فەخرى پاشانىڭ كۆرستىشى بىلەن ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇش ئۈچۈن تۈركىيىگە بارغان غولام ھەيدەر، شاھادەت بارمىغى (بىگىز قولى ــ ئۇ.ت) بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھەربىي مەكتەپنى پۈتكۈزەلمەي ئافغانىستانغا قايتىپ كەتكەن ئىدى. ئەمما ئۇ تۈركىيىدە تۇرغان مەزگىللىرىدە مەھمۇت ئايقارلىنىڭ كومسومول مەكتىۋىدە ئوقىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئىدى. ئۇ ئافغانىستانغا كېلىپلا بۇ ئىشنى تۈركىستانلىق مۇھىم كىشىلەر ۋاستىسى ئارقىلىق ئافغانىستاننىڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە ئۇقتۇرغان.

مەھمۇت ئايقارلى قولغا ئېلىنىشى بىلەن تەڭ، ئافغانىستاندىكى سوۋېت جاسۇسلۇق تەشكىلاتلىرى دەرھال جىددى ھالەتكە ئۆتۈپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان ئافغانىستان ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋاستىچىلىقىدا ئايقارلىنى دەرھال تۈرمىدىن چىقارتقۇزغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئافغانىستان مەسئۇللىرىنىڭ بىر ئۇختۇرۇشى بىلەن، ئايقارلىنىڭ ھېچقانداق گۇناھى يوق ناھەق قولغا ئېلىنغان دەپ ئېلان قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ مۇھاجىرلار ئالدىدىلا ئەمەس بەلكى دىپلاماتىك يوللاردىمۇ ئايقارلى ئاقلانغان ھېساپلىناتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار ئىچىدە ئايقارلى تۈركلەرنىڭ ئادىمى ئىكەن، ئۇ ياپونىيىلىكلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغانلىقى سەۋەبىدىن قولغا ئېلىنغان دەيدىغان گەپ تارقىلىشقا باشلايدۇ. ئاقىۋەت ئايقارلى قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىنمۇ پائالىيەتلىرىنى توسالغۇسىز داۋاملاشتۇرالايدىغان شارائىتقا ئىگە بولىۋالغان.

شۇنچە كۆپلىگەن تەشۋىقاتلار بولۇپ تۇرىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمىرنى ھىمايە قىلىدىغان تەرەپتىكى كىشىلەر، كونا باسمىچىلار يېتەكچىلىرى بىلەن تارازىنىڭ ئەترابىدىكى تۈركىستانلىق گۇرۇپپىلار ئايقارلىغا بولغان گۇمانلىرىدىن زادىلا ۋاز كېچىشمەي، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنى بارغانسىرى ئازايتىشقا تىرىشىدۇ. ھېراتقا سۈرگۈن قىلىنىپ ھەرىكەتتىن چەتتە قالدۇرۇلغان سەدرىدىن مۇپتى بولسا، بۇ ۋەقەلەرنى مەھمۇتقا زىيانكەشلىك قىلىش ھەرىكىتى دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسىنى زادىلا يوقاتمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە پارىژ بىلەن بېرلىن كابولدىن بەكلا يىراق بولغاچقا، مۇستاپا چوقاي ئوغلى قاتارلىق ت م ب گۇرۇپپىسىدىكى كىشىلەرمۇ سەدرىدىن مۇپتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئايقارلىنى ئاخىرغىچە ھىمايە قىلىشتا چىڭ تۇرىدۇ. بۇ ئوتتۇرلۇقتا سەدرىدىن مۇپتى قەندىھار شەھىرىگە يۆتكىلىۋالغان ئىدى. ئۇ يەردە ساقچىلارنىڭ نازارىتىدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقىغا قارىماي، ئۇنىڭ بۇ شەھەردىن سىرتقا چىقىشى يەنىلا چەكلەنگەن ئىدى. مۇپتى شۇنچە قاتتىق بېسىملارغا ھەمدە ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي ئۆزىنى تۈركىستان پائالىيەتلىرىگە پۈتۈنلەي ئاتىۋەتكەن ئىدى. مۇپتى 1939 ـ يىلى چوقاي ئوغلىغا يازغان بىر پارچە خېتىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ئىراندىكى دوستلىرىم بىلەن ئالاقەم ئۈزۈلۈپ قالدى. شۇڭا ئۇ تەرەپلەر بىلەن سىز ئالاقە ئورنىتىپ تۇرغان بولسىڭىز دەپ تىلەيمەن. شۇنچە كەڭ دائىرىدە تەشكىللەپ چىققان گۇرۇپپىلىرىمىز تارقىلىپ كەتمىسە بولاتتى.

1930-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگىچە دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پۇراقلىرى كۆچىيىشكە باشلىغان ئىدى. كۈچلۈك دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى گۇروھلىشىشمۇ ئېنىق كۆرۈلۈشكە باشلىغان ئىدى. ئۇرۇش توغرىسىدىكى گەپ-سۆزلەر كۆپەيگەنسىرى، مۇستەملىكە بولۇپ قالغان مىللەتلەرنىڭ ۋاكالەتچىلىرى ئارىسىدا مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئۈمىدلىنىشلەرمۇ قايتىدىن جانلىنىشقا باشلايدۇ. ئۇرۇش بىلەن تەڭ يۈز بەرگەن ئەھۋاللار ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى قىسمىدا تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## ھىندىستاندىكى تۈركىستانلىقلار ۋە پائالىيەتلىرى

ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان ھىندىستان، شەرقىي تۈركىستان بىلەن بىۋاستە چېگرىداش بولىشى ھەمدە ئافغانىستاننىڭ سىرت بىلەن ئالاقىلىشىشىدىكى بىر ئېغىز بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن، تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار تەرىپىدىن ئەڭ ئالدىدا تاللىنىدىغان دۆلەتلەردىن بىرى ھېساپلىناتتى. ئافغانىستاندىن ھىندىستان تەرەپكە ئۆتكەنلەر ئۈچۈن پىشاۋۇر، شەرقىي تۈركىستاندىن ئۆتكەنلەر ئۈچۈن بولسا سىرىناگار بىلەن ئامرىتسار شەھەرلىرى مۇھاجىر ئەترىتى تەشكىللەنگەن شەھەرلەر ھېساپلىناتتى. دېھلى، بومباي ۋە كاراچى قاتارلىق شەھەرلەر بولسا ئاساسلىقى تىجارەت بىلەن شوغۇللانماقچى بولغانلار ئورۇنلىشىدىغان شەھەرلەر ھېساپلىناتتى.

(رەسىم ئورنى)
تۈركىستان مۇھاجىرلار ئىتتىپاقى قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان تۈركىستانلىقلاردىن بىر قىسىم كىشىلەر. ھىندىستان-پىشاۋۇر. 1934-يىلى 20-يانىۋار (ئەھەت ئەنجان ئارخىۋى)

ھىندىستاندا قۇرۇلغان تۇنجى تۈركىستانلىقلار تەشكىلاتى 1929-يىلى پىشاۋۇردا قۇرۇلغان «ئەنجۇمەنى سائادەت بۇخارا ۋە تۈركىستان» ئىدى. مەۋلەۋى ئابدۇلقادىر ئەپەندى بىلەن مەۋلانا ئۆمەرخان تەرىپىدىن قۇرۇلغان بۇ جەمىيەت دەسلىۋىدە پائالىيەتلىرىنى غەيرى رەسمى بىر شەكىلدە قانات يايدۇرغان بولغاچقا، ئۇنچە بەك

تەسىر كۆرسىتىپ كېتەلمىگەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ جەمئىيەتنىڭ پائال ھەرىكەتكە كېلەلمەسلىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبى يەنىلا ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ئەمىرچىلەر ۋە تۈركىستانچىلار دەپ بىر-بىرىسى بىلەن چىقىشالمايدىغان ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈشىلىشى ئىدى. سابىق بۇخارا ئەمىرى تەرەپتارلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىنى ياۋروپاغا بېرىپ مىللەتلەر جەمئىيىتىگە بۇخارا ئەمىرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك دوكلات سۇنغان يۇسۇپباي مۇقىمباي ئۈستىگە ئېلىپ پىشاۋۇردا كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە بولغان، ئەمىر تەرەپتارلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا مەركەزلەشكەن ئىدى. ت م ب نىڭ ئافغانىستان بىلەن ھىندىستاندىكى ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىدىن بىرىسى دەل بۇ تۆردىكى تۈركىستانلىقلار ئارىسىدىكى گۇرۇھۋازلىقلارغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن تۇتۇش قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. «ياش تۈركىستان» ژورنىلىدا چوقاي ئوغلى نامىدا ئېلان قىلىنغان بىر پارچە باشماقالىدا «تۈركىستان ۋە بۇخرامۇ ياكى بىۋاستە تۈركىستانمۇ» دېگەن سۇئال مۇنازىرىگە قويۇلىدۇ. ماقالىدا، تۈركىستاننىڭ بىر پۈتۈن ئىكەنلىكى، بۇخارا، خىۋە، ... دېگەندەك بۆلۈپ-پارچىلاپ قاراشقا بولمايدىغانلىقى تەكىتلەنگەن ئىدى.

(رەسىم ئورنى)
ئەنجۈمەنى ئىتتىھادى مۇھاجىرىنى بۇخارا ۋە تۈركىستان جەمئىيىتى ئەزالىرى. دېھلى، 1934-يىلى 31-دېكابىر (ئەھەت ئەنجان ئارخىۋىدىن)

1933-يىلى بۇ جەمئىيەت ئۈچۈن بىر بۇرۇلۇش نوقتىسى بولغان يىل ئىدى. ھىندىستان-ئافغانىستان چېگرا بويلىرىدا تۇرىدىغان قەبىلىلەر ئارىسىدا كەڭ كۆلەملىك كومۇنىزم تەشۋىقاتى قانات يېيىش بىلەن بىرگە، ئۇ يەرلەردە ئەنگىلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا قارشى ھەرىكەت قوزغىلىدۇ. بىر قىسىم جايلاردا ياۋروپا گېزىتلىرىدىمۇ خەۋەر بولالىغىدەك دەرىجىدە قوزغىلاڭلار يۈز بەرگەن ئىدى. بولۇپمۇ "مەجنۇن پېقىر" ئىسىمدىكى بىر يېتەكچى ئەتراپىغا يىغىلغان بىر ھەرىكەت كۈنسايىن كېڭىيىپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان ئىدى. ئاۋغانىستان بىلەن ئەنگىلىيە تەرەپ بۇ قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن ھەمكارلىشىپ ھەرىكەت قىلىش قارارىغا كېلىدۇ. ھىندى-ئەنگىلىز دائىرىلىرى ھەربى كۈچلەردىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئاتلىنىش بىلەن بىر قاتاردا ئىجتىمائىي خاراكتېرلىق ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنىمۇ ئىشقا كىرىشتۈرمەكتە بولۇپ، كومۇنىزم مەسىلىسىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان تەرەپ ھېساۋىدا تۈركىستان مۇھاجىرلىرىنىڭ بۇ ئىشقا كىرىشتۈرۈلىشىنى تەلەپ قىلىشقان ئىدى. بۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك يولغا قويۇلغان ئىشلار جەمئىيەت يېتەكچىلىرىدىن سېيىد ئابدۇللا تاشكەندىنىڭ ماقالىسىدا تۆۋەندىكىچە بايان قىلىنىدۇ:

بۇ يىلنىڭ نويابىر ئېيىدا 8 كىشىلىك بىر ھەيئەت تەشكىل قىلىندى. ھىندىستان ـ ئافغانىستان چېگرا بويلىرىدا ئەنگلىيە ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى 2 مىليون 750 مىڭ نوپۇسلۇق چېگرا بويىي قەبىلىلىرى بىلەن مۇستەقىل 850 مىڭ ئەتراپىدىكى قالغان قەبىلىلەر ياشىماقتا ئىدى. بۇ قابائىلىنىڭ (قەبىلىلەرنىڭ) بەزىلىرى بولشېۋىكلارنىڭ تەشۋىقاتىغا ئىشىنىپ "بولشېۋىكلار ئىسلامنى قوللايدۇ، پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنى قۇتقۇزۇش ئىشى بولشېۋىكلارنىڭ قولىدا" دەيدىغان خاتا قاراشلارغا ئىشىنىپ قالغان ئىدى. قۇرۇلغان بۇ ھەيئەت بۇ قەبىلىلەر ئىچىدىكى خاتا كۆزقاراشلارنى مۇئەسسىر نەشرىيات ۋە پاكىتلار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى.

ئەنگلىيە ھاكىمىيىتى تەۋەسىدىكى قەبىلىلەر ئىچىدە 4 ئاي، مۇستەقىل قەبىلىلەر ئىچىدە بولسا 2 ئاي بولۇپ جەمئىي 6 ئاي داۋاملاشقان پائالىيەتلەر جەريانىدا كوممۇنىزم توغرىسىدا دوكلاتلار بېرىلدى؛ فارىس، ئۇردۇ ۋە پەشتۇ تىللىرى بويىچە نەشرى قىلىنغان كىتاپ ۋە بروشۇرلار تارقىتىلدى. بۇ پائالىيەتلەردىن كېيىن بۇ تەۋەدىكى قەبىلە يېتەكچىلىرىنى توپلاپ يىغىنلار ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا، بولۇپمۇ ھەبىبۇراخمان ئەل باغەرى ئەپەندىنىڭ تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىدە تۈركىستان مەسىلىلىرىمۇ يەرلىك گېزىتلاردا ئېلان قىلىنىپ، «ياش تۈركىستان» دا ئېلان قىلىنغان بەزى ماقالىلار ئۇردۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ھىندىستان جامائەتچىلىكى ئارىسىدا تونۇشتۇرۇلدى.

(رەسىم ئورنى)
مىسىردىكى تۈركىستان جەمئىيىتى ئەزالىرىدىن بىر قىسىم كىشىلەر. قاھىرە، 1936 ـ يىلى نويابىر (ئەھەت ئەنجان ئارخىۋىدىن)

1934 ـ يىلقى قۇرۇلتايدا جەمئىيەتنىڭ نامى «تۈركىستان مۇھاجىرلىرى ئىتتىپاقى» دېگەنگە ئۆزگەرتىلىپ، بۇخرالىق بايلاردىن تۆرەقۇلباي سالدۇرغان بىناغا كۆچۈپ كىرىدۇ. بۇ قۇرۇلتايغا، يېڭى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكىلى دوكتور مۇستاپا ئەلى ئەپەندىمۇ قاتناشقان ئىدى. شۇڭا ئۇمۇ سۆز ئېلىپ قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ ئۆتىدۇ. جەمئىيەتنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ نىزامنامىسىغىمۇ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن ئىدى. تۈزۈتۈلگەن بۇ يېڭى جەمئىيەت نىزامنامىسىدا تۈركىستانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق ۋە تەڭ بارابەرلىكنى ساقلاش، كەمبەغەل، ئىگىچاقىسىز ۋە يېتىملارغا ياردەم قىلىش دېگەندەك غايىلار بىلەن بىرگە شەرىئەت بەلگىلىمىرىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق دىنى تەربىيىنى كۈچەيتىش، كوممۇنىزم دۇنيا قارىشىغا

قارشى ھەمدە بۇ ئىدىيىنىڭ پەيدا قىلغان مەزھەپلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىش دېگەندەك ماددىلارمۇ مەخسۇس تەكىتلەنگەن ئىدى. بۇ جەمىيەتكە ئەزا بولۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن دىندار بولۇش، مىللەتچى بولۇش ھەمدە مۇھاجىر بولىشى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. بۇ نىزامنامىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ماددىسىدا جەمىيەتنىڭ رەسمى تىلى تۈركىستان تۈركچىسىدۇر دەپ تەكىتلەنگەن بولۇپ، بارلىق خەت-ئالاقىلار ۋە نۇتۇقلار بۇ تىل بويىچە بولىشى كېرەك دەپ كۆرسىتىلگەن ئىدى. جەمىيەت رەئىسلىكىگە قوقان تەۋەسىدىن كەلگەن مۇجاھىتلاردىن نارىبەتجان تۆرە سايلانغان ئىدى.

(رەسىم ئورنى)
مىسىردىكى تۈركىستان جەمىيتى ئەزالىرىدىن بىر گۇرۇپ.قاھىرە، 1936-يىلى نويابىر (ئەھەت ئەنجان ئارخىۋىدىن)

جەمىيەت، بىنادىن بىرنى ئىجارىگە ئېلىپ، مۇھاجىرلار مەدرىسىسى دېگەن نامدا بىر مەكتەپ ئېچىپ ئوقۇش باشلىتىدۇ. بۇ مەكتەپنىڭ مەسئۇللىقىغا ھەبىبۇراخمان ئەل باغەرى ئەپەندى تەيىنلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئىشلەپ يۈرگەن تۈركىستانلىقلارغا بىلىم بېرىشنى ئاساسى مەقسەت قىلىپ ئېچىلغان بۇ مەكتەپتە جەمئىي 3 سىنىپ بار ئىدى. بىرىنچى سىنىپتا ساۋاد چىقىرىش ئاساس قىلىنغان بولۇپ، قالغان سىنىپلاردا تۈركچە، فارىسچە، ئوردۇچە ۋە ئېنگىلىزچە تىللار ئوقۇتىلاتتى. جەمىيەت ئاكتىپ پائالىيەت قىلىپ كېلىشى ھەمدە جەمىيەت ئىسمىدىكى "بۇخارا" سۆزىنىڭ ئېلىپ تاشلانغانلىقى ئەمىر تەرەپتارلىرىنىڭ نارازىلىق قىلىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. جەمىيەتنىڭ ئەڭ ئاكتىپ باشقۇرغۇچىلىرىدىن ئابدۇراخمان ئەپەندىگە يۈسۈپباي مۇقىمباينىڭ بىر ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى كۆرۈلگەن بولسىمۇ، قالغان ئەزالارنىڭ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە بۇ تۈردىكى زەربە بېرىشلەر توختاپ قالىدۇ. پىشاۋۇر شەھىرى ئافغانىستان بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ مۇھىم ئېغىز ھېساپلىناتتى. شۇنداق بولغاچقا، پىشاۋۇردىكى جەمىيەت ئافغانىستاندىكى مۇھاجىرلار ئۈچۈنمۇ باياناتچى بولۇپ خىزمەت قىلماقتا ئىدى. بۇ جەمىيەت ئۆزىنىڭ ئاكتىپ پائالىيەتلىرىنى تا 1940-يىللارغىچە داۋاملاشتۇرىدۇ.

1930-يىللاردىن كېيىن دېھلى بىلەن بومباي شەھىرىدىمۇ تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار جەمىيەتلىرى قۇرۇلغان ئىدى. دېھلىدىكى "ئەنجۇمەنى ئىتتىھادى مۇھاجىرىن بۇخارا ۋە تۈركىستان" نىڭ 500 دەك ئەزاسى بار ئىدى. ھىندى ئالىملىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاپ كەلگەن بۇ تەشكىلات، تۈركىستان مەسىلىلىرى بىلەن بولشىۋىكچىلىق مەسىلىلىرى ھەققىدە نۇرغۇن قېتىم دوكلات ۋە يىغىنلار ئۇيۇشتۇرغان ئىدى. ھىندى ئۆلىمالار جەمىيتىنىڭ رەئىسى مەۋلانا مۇپتى

مۇھەممەت غايىتۇللا ئەپەندى جەمىيەت پائالىيەتلىرىگە يول كۆرسىتىش ئىشلىرىغا ئاكتىپلىق بىلەن ياردەم قىلىپ كەلگەن ئىدى. بۇ چاغلاردا، جەمىيەت پىشاۋۇردىكىگە ئوخشاش مۇھاجىرلار مەكتىۋىدىن بىرنى ئاچقان ئىدى. بۇ مەكتەپ 1930ـ يىللىرىدىن باشلاپ «سادائى مۇھاجىرىن» (مۇھاجىرلار ئاۋازى ـــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) نامىدا بىر ژورنال چىقىرىشقا كىرىشىدۇ. بۇ ژورنال، ئايرىم-ئايرىم قىلىپ ھەممە بەتلىرىنى فارسچە، ئوردۇچە ۋە تۈركىيچە تىللاردا بولۇپ 3 خىل نۇسخىدا بېسىپ تارقاتماقتا ئىدى. بۇ مەجمۇئەنىڭ چىقىرىلىشى ئىككى يىلدەك داۋاملىشىدۇ. ئەپسۇسكى بۇ ژورنالنىڭ قايسى مەسىلىلەرنى ئاساس قىلىپ ۋە قانچە سان نەشرى قىلىنغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتقا ئېرىشكىلى بولمىدى. بۇ ژورنال نەشرىدىن توختىغاندىن كېيىن، يەنى 1938ـ يىلى، دېھلى جەمىيىتىنىڭ رەئىسى ئازام ھاشىمىينىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن «تەرجىمان» نامىدا يېڭىدىن بىر ژورنال چىقىرىشقا باشلىغان ئىدى. بۇ قېتىمقىسىدا، ئوخشاش بىر ژورنالنى ئۈچ خىل تىلدا ئايرىم ژورناك قىلىپ بېسىشنىڭ ئورنىغا ئوخشاش ماقالىلارنى بىرلا ژورنال ئىچىدە ھەرخىل تىللار بويىچە بېسىش ئۇسۇلى تاللىۋېلىنغان ئىدى. 1939ـ يىلىنىڭ مارت ئېيىغىچە 11 سان چىقىرىلغان بۇ ژورنال ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتىلىشى سەۋەبىدىن نەشرىدىن توختىتىلىدۇ.

بومبايدىكى جەمىيەت بولسا، دېھلىدىكى تەشكىلاتنىڭ بىر ئۇزانتىسى بولۇپ قۇرۇلغان بىر جەمىيەت ئىدى. 1934ـ يىلىسى «دەلىل ئەل مۇھاجىرىن» نامىدا بىر بروشۇر بېسىپ تارقاتقان بولۇپ، ئۇلارمۇ «تۈركىستان قايغۇسى» نامىدا بىر ژورنال نەشرى قىلىشنى پىلانلاشقان بولسىمۇ، بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي قالىدۇ.

*****

## ئۇرۇش يېقىنلاشماقتا

... بىز تۈركى ئەللەر مىللەتچىلىرىنىڭ 10ـ 12 يىل بۇ دوست ئەللەردە قۇرۇپ چىققان يېڭىچە مىللىي ھۇجرىلىرىمىز، مىللىي مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش مەركەزلىرىمىز لېخستان بىلەن بىرگە يېنىپ كۈل بولماقتا ئىدى. بىزمۇ لېخ سولداتلىرى، لېخ مۇنەۋۋەر كىشىلىرىگە ئوخشاش ئىككىنچى قېتىم قۇرۇپ چىققان ھاياتلىق ۋە پائالىيەت

مەركىزىمىزنى تاشلاپ چىقىپ، يەنە بىر قېتىم مۇھاجىر بولۇپ مۇساپىرچىلىقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا يىراقتا پىلدىرلاپ تۇرغان بىر مەشئەلنى كۆزلەپ سەپەرگە ئاتلاندۇق.

— پرومېتې يېتەكچىلىرىدىن ئاياز ئىساقىنىڭ «لېخستاندىن ئايرىلىش» دېگەن ماقالىسىدىن

## ئەرمەن مەسىلىسى ۋە ئۇنىڭ پرومېتې تەشكىلاتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

«پرومېتې تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلمىسى» دېگەن پاراگراپتا كۆرسىتىلگىنىدەك، ئەرمەنىيە مۇھاجىرلار گۇرۇپپىلىرى مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىنىڭ روسىيىگە ئەمەس بەلكى تۈركىيىگە قارشى قانات يايدۇرۇلغانلىقىنى، بۇ جەھەتتە بىر پىكىرگە كېلەلىگىنىدىلا ئاندىن قالغان مۇھاجىر گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە ھەرىكەت قىلالايدىغانلىقىنى ئوتتۇرغا قويۇشۇپ، «كاپكازىيە ئازاتلىق كومىتېتى» غا ئەزا بولۇشتىن باش تارتقان، بۇنىڭ نەتىجىسىدە پرومېتې تەشكىلاتىغىمۇ رەسمى ئەزا بولۇپ قاتناشمىغان ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، پرومېتې ئىچىدىكىلەر ئەرمەنلەرنىڭ كەلگۈسىدە قۇرۇلۇشى مۇمكىن بولغان كاپكازىيە كونفېدىراتسىيىسى قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش ئېھتىماللىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى پۈتۈنلەي ئۈزۈۋەتمەي ساقلاپ قېلىشقا تىرىشماقتا ئىدى. بولۇپمۇ گىروزىيىلىكلەر ئەرمەن مۇھاجىرلىرى بىلەن پرومېتې مۇناسىۋىتىنى تىكلەش ئۈچۈن ئاكتىپ قوللىغۇچىلىق رولىنى ئويناپ كەلمەكتە ئىدى. دېگەندەك، پرومېتې ژورنىلىنىڭ رەھبەرلىكى تەرىپىدىن پارىژدا ئېچىلغان بارلىق يىغىنلىرىغا ئەرمەنىيە ۋەكىللىرىنىمۇ تەكلىپ قىلىپ قاتناشتۇرماقتا، ئۇلارنىڭ ئۇيۇشتۇرغان پائالىيەتلىرى پرومېتې ژورنىلىدا بېسىلماقتا ئىدى. تۈركىي گۇرۇپپىدىكىلەر بولسا كاپكازىيە كونفېدراتسىيىسى نوقتىسىدا ئەرمەنلەرنى پرومېتېگە قاتناشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەمىيىتى بارلىقىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە، ئەرمەنىيە مۇھاجىرلىرىنىڭ تۈركىيىگە قارشى بۇيۇك ئەرمەنىيە قۇرۇش خامخىيالىغا بېرىلىپ كېتىشلىرىدىنمۇ قاتتىق نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى.

دەل شۇ پەيتلەردە، زارېۋاندىنىڭ (ز ۋە ئا. نالباندىيان ئىسمىنىڭ ئالدىنقى قىسمىنى بىرلەشتۈرۈپ زارېۋاند دېگەن تەخەللۇسنى ئوتتۇرغا چىقىرىشقان — ئا.ھ. ئىزاھاتى) روسچە نەشرى قىلىنغان «تۈركىيە ۋە پانتۇرانىزم» ناملىق كىتاۋى،

پروملېتي ژورنال باشقۇرغۇچىلىرى تەركىۋىدىكى گوزىيىلىكلەر بىلەن تۈركىي گۇرۇپتىكىلەر ئوتتۇرىسىدا ئېغىر بوھران يۈز بېرىشكە سەۋەبچى بولىدۇ. ئەسلىدە بۇ كىتاب، 1926 ـ يىلىسى پارىژدا ئەرمەن تىلىدا بېسىلغان بولۇپ، ئۇنچە كۈچلۈك ئەكس سادا پەيدا قىلالمىغان ئىدى. ئەسلىدە، 1929 ـ يىلىغا كەلگەندە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا ستالىن قوزغىغان تازىلاش ھەرىكەتلىرى تۈرانچىلىق مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان ئىدى. ستالىن دائىرىلىرى كومپارتىيە ئىچىدىكى رىقابەتچىلىرىنى ئەكسىلئىنقىلاپچىلار، جاھانگىرلارنىڭ قول چۇماقلىرى دېگەندەك جىنايەتلەرنى ئارتىپ تازىلاشقا كىرىشكەندە، تۈركىي گۇرۇپتىكى كىشىلەرگە مۇناسىۋەتلىك تازىلاشلاردا پانتۇرانچىلىق، پانتۈركىسىزمچىلىق ۋە تۈركىيە جاسۇسلىقى دېگەندەك ئۇقۇملاردىن پايدىلانغان ئىدى.

داڭلىق تاتار كومۇنىستى سۇلتان غالىيېۋنىڭ 1928 ـ يىلىدا تازىلىنىشى ھەمدە تۈركىستانلىق مىللەتچى خادىملارنى تازىلاش مەقسەت قىلىنغان قاسىموپچىلار دېلوسىدىكى قارىلاشلاردىمۇ يوقۇرىقىدەك ئۇقۇملار بويىچە قارىلاشلاردىن پايدىلانغان ئىدى. پانتۇرانىزم بىلەن پانتۈركىسىزم ئۇقۇملىرى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئەنە شۇنداق داۋراڭ قىلىنىش ھالىغا كەلتۈرىلىۋاتقان بىر دەۋر بولغان 1930 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، روسىيە مۇھاجىرلىرىنىڭ يېتەكچىلىرىدىن بىرى بولغان كېرېنسكى چىقىرىۋاتقان «دنى» ژورنىلى، زارېۋاندىنىڭ يوقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان كىتاۋىنى روس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ «تۈرتسىيا ئى پانتۇرانىسم» دېگەن ماۋزۇ بىلەن ئېلان قىلىدۇ. بۇ كىتاپ، ئەرمەنلەر نوقتىسىدا پانتۇرانىزم كۆزقاراشلىرى تەھلىل قىلىنغان بولۇپ، تۈركىيىنىڭ تاشقى سىياستىنى تەشكىل قىلغان ئاساس — پانتۇرانىزم دەپ ئوتتۇرىغا قويماقتا ئىدى.

زارېۋاندىنىڭ قارىشى بويىچە، تۈركىيە، دۇنيا خەلقى ئۈچۈن ئىنتايىن خەۋپلىك بىر كۆزقاراش ھېساپلىنىدىغان پانتۇرانىزم قارىشىنى راۋاجلاندۇرۇپ، كاپكازىيىدىن تارتىپ كاسپى دېڭىزىنىڭ نېرقى قىرغىقىدىكى تۈركىستانىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق تۈركىي رايونلارنى ئىشغال قىلىپ، چېگراسىنى تا موڭغۇلىيىگىچە كېڭەيتىشنى پىلانلىغانمىش. بۇنداق بىر ئەھۋال يۈز بېرىپ قالغىدەك بولسا، كاپكازىيە ئەللىرى كۆچەپ مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن بۇ مىللەتچىلىكنىڭ تۇنجى قۇربانىغا ئايلىنىشى بىر مۇقەررەرلىك بولارمىش. شۇڭا، دۇنيا خەلقى بۇ خەۋپنى تونۇپ يېتىشى، بۇ خەۋپتىن ساقلىنىش تەدبىرلىرىنى ھازىردىن باشلاپ ئېلىپ، تۈركىيىنىڭ پانتۇرانىزم ئىدىيىسىگە ئاساسلىنىپ سىياسەت تۈزۈپ چىقىشىغا يول قويماسلىق كېرەكمىش.

مەسىلىنىڭ بۇ شەكىلگە كەلتۈرۈلۈپ ياۋرۇپالىقلارغا تونىتىلىشى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا يۈز بەرگەن تازىلاشلارنى ياۋرۇپا جامائەتچىلىكىگە تونۇتۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىپ كېلىۋاتقان تۈركىي گۇرۇپىلىرىنىڭ قاتتىق غەزىۋىنى قوزغىغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار بۇ ئىشقا دەرھال رەددىيە بېرىشكە باشلايدۇ. مەھەممەت

ئىمىن رەسۇلزادە بىلەن مۇستاپا چوقاي ئوغلى ئىككىسى پرومېتې ژۇرنىلىدا زارىپۋاندىنىڭ كىتاۋىنى تەنقىت قىلغان بىرەر پارچىدىن ماقالە ئېلان قىلىدۇ. چوقاي ئوغلى يازغان «تۇران دۆلىتى مەسىلىسى» دېگەن ماۋزۇلۇق ئۇزۇن ماقالىسىدا مۇستاپا كامال تۈركىيىسىنىڭ تۇرانچىلىق بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوقلىقىنى، كاپكازىيىدىن تارتىپ تۈركىستانغىچە سوزۇلغان تۈركىي رايونلارنى تۈركىيە ئىشغال قىلىۋالماقچى دەيدىغان قاراشنىڭ ئۇچىغا چىققان ئاخماقانە قاراش ئىكەنلىكىنى، پان تۇرانىزم بىلەن پانتۈركىسىزم دېگەندەك ئۇقۇملارنى روسىيە دائىرىلىرى ئىچكى سىياسەتلىرىدە ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەپ ئۇيدۇرۇپ چىققان بىر ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى، بۇ تۈردىكى ئۇقۇملار سوۋېت تەۋەسىدىكى تۈركىي مىللەتلىرىدىن بولغان مۇھىم كىشىلەرنى تازىلاشنىڭ بىر باھانىسى قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئەمىلىي مىساللار ئارقىلىق كۆرسىتىپ، مۇستاپا كامال تۈركىيىسىنىڭ ئاساسى دۆلەت سىياستىنى مۇنۇ سۆزلەر بىلەن يىغىنچاقلاپ كۆرسىتىدۇ: "نى پانتۇرانىسم، نى پانتۈركىسىزم، مايىس سىمپلېمېنت تۈركىيۇسىزم، ۋويلا لې موت دئوردرې دې لا تۈركىيې كونتېپورايىن" (تەرجىمىسى: تۈركىيە نە پانتۇرانىزم نە تۈركىسىزم يولىدا ماڭىدۇ. ئۇلارنىڭ تاللىۋالغان يولى — پەقەتلا تۈركچىلىك يولىدۇر. مانا بۇ، ھازىرقى زامان تۈركىيىسىنىڭ تاللىۋالغان ئىجتىمائىي تۈزۈمىنى ئەڭ ئىخچام چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان جۈملىدۇر. — ئا.ھ. ئىزاھاتى). چوقاي ئوغلى يەنە «دنى» ژۇرنىلىغا قارىتىپ بىر پارچە خەت يېزىپ، زارىپۋاندىنى يالغانچى، قالايماقانچىلىق چىقارغۇچى دەپ ئەيىپلەيدۇ.

مەھەممەت ئىمىن رەسۇلزادە بولسا، ئىستانبۇلدىن ئەۋەرتكەن ماقالىسىدا بىر تەرەپتىن زارىپۋاندىنىڭ كىتاۋىنى تەنقىتلىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن «دنى» ژۇرنىلىدا ئەرمەنلەرگە يان بېسىپ ماقالە يازغان كېرېنسكى بىلەن كوندكارىيانىنىڭ نەزەرىيىسىگە رەددىيە بېرىدۇ.

ماقالىسىدا ئەرمەنلەرنىڭ خاتا يولدا كېتىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىگەن رەسۇلزادە، ئەگەر ئەرمەنلەر ھۇشىنى تېپىۋالمايدىكەن، ئۇلارنىڭ بېشىغا يېڭى-يېڭى بالايى ئاپەتلەر ياغدىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدى. روسۇلزادە «پرومېتې » دە ئېلان قىلغان بۇ رەددىيە ماقالىسى بىلەنلا بولىدى قىلىپ قالماي، روس تىلىدا بىر پارچە رىسالىنىمۇ ئېلان قىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئەرمەن سەپسەتىچىلىرى بىلەن پرومېتېدىكى تۈركىي گۇرۇپپىلار ئوتتۇرىسىدا بىر قېتىملىق قەلەم كۈرىشى مەيدانغا كەلگەن ئىدى. مۇھاجىردىكى ئۇرۇس مەتبۇئاتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ژۇرناللىرىدىن بولغان كېرېنسكىنىڭ «دنى» دېگەن ژۇرنىلى بىلەن ملىيۇكوۋنىڭ «پوسلېدنىيا نوۋوستى» دېگەن ژۇرنىلى ئەرمەن ئاپتورلىرىنىڭ ئۆز كۆزقاراشلىرىنى بايان قىلىۋېلىشى ئۈچۈن ياردەم قىلماقتا ئىدى. دېگەندەك، «پوسلېدنىيا نوۋوستى» نىڭ 19-يانۋار سانىدا خاتىسوپ ئىسىملىق بىر ئاپتور ئۇلۇغ ئەرمەنىيە دېگەن بىر تېمىنى ئوتتۇرىغا

چىقىرىپ، ئەرمەنلەرنىڭ تۈركىيەدىن زېمىن تەلەپ قىلىش مەسىلىسىنى قايتا ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. كونىدكارىيان دېگەن يەنە بىر ئاپتورمۇ زارىېۋاندىنىڭ كىتاۋىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ پرومېتېچىلەرنى تۈركىيە بىلەن بىرلىشىۋېلىش خىيالى بار دەپ تەنقىت قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئەرمەن ئاپتورلار يەنە شۇ «دىنى» ژورنىلىغا ماقالە يېزىش پۈرستىدىن پايدىلىنىپ پرومېتې تەركىۋىدىكى تۈركىي گۇرۇپپىلىرىغا قارشى باشقا بىر تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. پرومېتېدىكى تۈركىي يېتەكچىلىرىنىڭ تۈركىيىنىڭ كۈردلارغا تۇتقان سىياستىنى تەنقىت قىلماسلىقىنى باھانە قىلىشىپ مەھەممەد ئىمىن رەسۇلزادىنى، مۇستاپا چوقاي ئوغلىنى ۋە ئاياز ئىساقىينى تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە سېتىلغان ئىشپىيونلار دەپ ئېلان قىلىدۇ.

چوقاي ئوغلى بىلەن رەسۇلزادە ئىككىسى بۇ تۈردىكى ماقالە ۋە قارىلاشلارغا پرومېتې ژورنىلىدىن پايدىلىنىپ رەددىيە بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، باش تەھرىر گۋازاۋا قاتارلىق بىر قىسىم گروزىنلار بۇ تۈردىكى ماقالىلار كەلگۈسىدە قوزۇلماقچى بولغان كاپكازىيە كونپېدىراتسىيىسى كۆزقاراشلىرىغا زىيانلىق دەيدىغان قاراشتا ئىدى. شۇڭا، گۋازاۋا پرومېتې ئەزالىرى قاتناشقان مەخسۇس بىر قېتىملىق يىغىندا بۇ مەسىلە ئۈستىدە قاتتىق تەنقىتلەپ كېلىپ، ئەرمەنلەرگە قارشى يېزىلىدىغان ماقالىلارغا قەتئىي يول قويۇلمايدىغانلىقىنى ئوچۇق ئىپادىلەيدۇ (مۇستاپا چوقاي ئوغلى، بۇ مەسىلىنى گۋارزاۋانىڭ ئىسمىنى ئاتىماي تۇرۇپ تەنقىتلەپ يازغان بىر پارچە ماقالىسىنى «ياش تۈركىستان» ژورنىلىدىمۇ ئېلان قىلدى. چوقاي ئوغلى ئەرمەن مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغان ماقالىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: "بىزگە ئەرمەنىيەلىك پائالىيەتچىلەر ئىنتايىن سەممىي ئىكەنلىكىنى، ئۇلار تۇتقان سىياسەتلەردە روسىيىگە قارىتا مەنپى، تۈركىيىگە قارىتا مۇسپەت ئۆزگىرىش قىلغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان گروزىنلار بىلەن شىمالىي كاپكازىيىلىك كىشىلەر ئىدى. بۇ كىشىلەر، بىزنى ئەرمەنلەرنىڭ مىللىي سىياسەتلىرىدىكى بۇ تۈرلۈك ئۆزگىرىش قىلغانلىقىنى بوۋگۇنگىچە بىلىنمەي كېلىۋاتقانلىقىغا ئەزەربەيجان مۇساۋاتچىلىرى يولغا قويۇۋاتقان سىياسەتلەر سەۋەپچى بولىۋاتقانلىقىغىمۇ بىزنى ئىشەندۈرمەكچى بولۇشتى." ... ت م ب يېتەكچىلىرى ئارىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە يېزىشقان خەت ـ ئالاقىلىرىدا بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىنتايىن تەپسىلى توختالغان. ... — ئا.ھ. ئىزاھاتى) رەسۇلزادە بىلەن چوقاي ئوغلى ئىككىسى بۇ تۈردىكى قاراشلارغا نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ ھەققىدىكى نارازىلىقلىرى گروزىن ژورنال باشقۇرغۇچىلىرىغا قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، كېيىنكى يىللاردا پرومېتې ژورنىلىدا ئەرمەنىيە مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ ئاپتورلارنىڭ يازغان ھەرقانداق بىر ماقالىسى كۆرۈلمەيدۇ. پەقەت 1933 ـ يىلى (76 ـ سانىنىڭ 4 ـ 7 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن. — ئا.ھ. ئىزاھاتى) مىر ياقۇپ يازغان «ئەرمەنلەر مەسىلىسى» دېگەن ماۋزۇلۇق ماقالىسىنىڭ

بىر بۆلۈمى بېسلغان بولۇپ، داۋامى كېيىنكى سانلاردا بىرلىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن بولىشغا قارىماي، بۇ ماقالىنىڭ ئاخىرى نىمە ئۈچۈندۇر بېسلمىغان. يەنە بىر جەھەتتە پرومېتې ژورنىلىدا ئەرمەنلەر مەسىلىسى ھەققىدە ماقالە يازالمىغان چوقاي ئوغلى «ياش تۈركستان» نىڭ كېيىنكى ئۈچ سانىدا بۇ ھەقتىكى كۆزقاراشلىرىنى ئۇدا ئېلان قىلىۋالىدۇ.

## تۈركستان ـ كاپكازىيە ـ ئۇكرائىنادوستلۇق جەمىيتىنىڭ قۇرۇلۇشى

«پرومېتې» ژورنىلى بىلەن پرومېتې ھەرىكىتىنىڭ پارىژ تەشكىلاتى ئىچىدىكى گرۇزىيىلىكلەرنىڭ ئۈستۈنلۈكى، تۈركستانلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق تۈركىي گۇرۇپپىلىرى، ھەتتا ئۇكرائىنالىقلارمۇ قاتتىق نارازى بولماقتا ئىدى. گرۇزىيىلىك مۇساپىرلار فرانسىيە بىلەن شۇنتساربىيەدىكى كۈچلۈك ئورنىغا تايىنىپ ژورنال باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشىپ، پرومېتې ھەرىكىتىنىڭ پارىژدىكى پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىردىن ـ بىر كۈچكە ئايلىنىۋالغان ئىدى.

ئەسلىدە، ژورنال باشقۇرغۇچىلىرى بىلەن تۈركستان مىللىي ئىتتىپاقى تەشكىلاتى ئوتتۇرسىدىكى بۇ زىدىيەت بۇ ژورنال نەشرى قىلىنىشقا باشلىغان دەسلەپكى كۈنلەردىلا باشلانغان ئىدى. 1927 ـ يىلىسىدىلا ژورنال رەھبىرى قىلىپ بەلگىلەنگەن گرۇزىيىلىك گۋازاۋا بىلەن، بۇ ژورنالنىڭ لاھىيىسگە مەسئۇل بولغان جوسېف كاستاگنىنىڭ سابىق بۇخارا ئەمىرى ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتلىرى، ھەمدە ت م ب ئەزالىرىنىڭ يازغان بىر قىسىم ماقالىلىرىنى بېسىشنى خالىماي كەلگەنلىكلىرى مۇستاپا چوقاي ئوغلى قاتارلىق ت م ب رەھبەرلىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنىڭ كۈچلۈك نارازى بولىشغا سەۋەپ بولغان ئىدى. بۇ ئىختىلاپلار كېيىنكى يىللاردىمۇ ھەل قىلىنمىغان، ھەتتا بۇ تۈردىكى ئىختىلاپلار تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەن ئىدى. 1931 ـ يىلى مۇستاپا چوقاي ئوغلى ت م ب باش سېكرىتارى مەجىدىدىن دەلىلگە بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازغان ئىدى:

«پرومېتې» ژورنىلى كاپكاز گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ باشقۇرىشى ئاستىدا بولغاچقا، شۇلارنىڭ نەشرى ئەپكارى ھېساپلىنىدۇ. ئۇكرائىنا بىلەن تۈركستان بۇ يەردە دەستىخانىنىڭ قوشۇمچە يىمەكلىرى ئورنىغا چۈشۈپ قالماقتا. ئەگەر بىز بۇ ئورگاندا ئاكتىپ ئورۇنغا ئېرىشتۈرۈلمەيدىغان بولساق، مەن سىزنىڭ ماقۇللىغىڭىزنى ئالسام بۇ پرومېتې دەيدىغان تەشكىلاتتىن چىقىپ كېتىمەن.

مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ خېتىدا يازغان بۇ جۈملىلىرىدىن مەلۇم بولىشىچە، ژورنال باشقۇرغۇچىلىرىدىن يالغۇز تۈركىستانلىقلارلا نارازى بولۇپ قالماستىن بەلكى ئۇكرائىنالىقلارمۇ ئۆزلىرىگە يېتەرلىك دەرىجىدە ۋەكىللىك قىلالمىدى دەپ نارازى بولۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرىۋېلىش مۇمكىن. يەنە بىرەر يىل ئۆتكەندىن كېيىن يازغان بىر پارچە خېتىدە چوقاي ئوغلى بۇ ژورنالنى يەنە مۇنداق تەرىپلىمەكتە ئىدى:

ئەپسۇسكى، «پرومېتې» ژورنىلى بىز ئويلىغىنىمىزدەك پرومېتې سىپىنى ئىپادىلىيەلمەي كەلمەكتە. ئەسلىدە بۇ كۈرەش سىيپى رۇسىيىدىن قۇتۇلۇشنى تەلەپ قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇكرائىنا، قىرىم، تۈركىستان، كاپكازىيە ئەللىرى، ئىدىل-ئۇرال قاتارىدىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تەشكىل ھېساپلىناتتى. ئەمما بۇ ژورنال رەسمى بىر كاپكازىيە كومىتېتىنىڭ ژورنىلى ھالىغا كەلتۈرۈلۈپ نەشرى قىلىنماقتا.

ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ بۇنداق ئەھۋالار تۈزىلىش ئۈمىدىنى ئۈياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە يىلدىن-يىلغا ناچارلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئەرمەنلەر مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۈنلەردىن ئىتىۋارەن گروزىيىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ بۇ مەسىلىدىكى ئىپادىسى ھەرقايسى تەرەپلەر ئوتتۇرسىدىكى ئىختىلاپنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەن بولغاچقا، بۇ ئىشنى ھەل قىلىشنىڭ باشقا يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. نەتىجىدە، 1933-يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىر چارە تېپىلىدۇ. يەنى، گروزىيىلىكلەرنىڭ تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرىشكە بولىدىغان تارماق تەشكىلدىن بىرنى قۇرۇپ چىقىش پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. پرومېتې مەركىزىنىڭمۇ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن بۇ تەدبىر، 1934-يىلىنىڭ باشلىرىدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشكە باشلىنىپ تۈركىستان، كاپكازىيە ۋە ئۇكرائىنا دوستلۇق جەمىيىتى قۇرۇلىدۇ. مەركىزى پارىژدا تۇرىدىغان بۇ تەشكىلاتنىڭ رەئىسلىكىگە ئۇكرائىنلىق ئالېكساندر شۇلگىن، ياردەمچىلىكىگە تۈركىستانلىق مۇستاپا چوقاي ئوغلى، كاتىپلىقىغا ئەزەربەيجانلىق ئابباس ئەلبەيلى تەيىنلىنىدۇ. بۇ كومىتېت، ئۇكرائىنا، ئەزەربەيجان، شىمالىي كاپكازىيە ۋە تۈركىستان ھەرىكەتلىرىنىڭ رەئىسلىرى پەخرى ئەزا بولۇپ قاتناشتۇرۇلغان 11 كىشىلىك رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىن تەشكىل تاپىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىرسى پرومېتې رەھبەرلىرىدىن بولۇش شەرتى بىلەن مەركەزدىن تەيىنلەنگەن ئىككى ئەزامۇ بۇ تەشكىلگە قاتنىشىدۇ (ئەزەربەيجان مىللىي كومىتېتىدىن ئىككى نەپەر، شىمالىي كاپكازىيىلىكلەردىن ئىككى نەپەر، گروزىيىلىكلەردىن ئىككى نەپەر، ئۇكرائىنالىقلاردىن ئىككى نەپەر بولۇپ جەمئى 11 نەپەر ئەزاسى بار ئىدى — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

بۇ دوستلۇق گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان كۈندىن ئېتىۋارەن «ل.خوتېل ساۋانتېس» سالونلىرىدا پرومېتې ژورنىلى باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ ئۇيۇشتۇرغىنىدەك يىغىن ۋە ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا باشلايدۇ. مىللىي ھەرىكەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق خاتىرە كۈنلىرى ياكى ئۆزىنىڭ يىللىق خاتىرە كۈنلىرىمۇ بۇ جەمىيەت تەۋەسىدە خاتىرلىنىپ تۇرىلاتتى.

1935-يىلى 20-ماي كۈنى «مۇتۇئالىتە» سالونىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان پولشا داھىسى مارېشال پىلسۇدسكىنى ئەسلەش يىغىنى بۇ دوستلۇق جەمىيىتىنىڭ ئەنە شۇ تۆردىكى پائالىيەتلىرىنىڭ بىر مىسالى ئىدى.

بىر ھېساپتا كىچىك بىر پرومېتې تەشكىلاتى دەپ قاراشقا بولىدىغان بۇ دوستلۇق جەمىيىتىگە ئىدىل-ئۇرال ۋە قىرىم مىللىي ھەرىكەتلىرىنىڭ كىرگۈزۈلمىگەنلىكى ھەيران قالارلىق بىر ئىش ئىدى. چوقاي ئوغلىنىڭ «ياش تۈركىستان» دا ئېلان قىلغان بىر پارچە ماقالىسىدىن مەلۇم بولىشىچە، ئىدىل-ئۇرال ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچىسى ئاياز ئىساقى بىلەن قىرىم مىللىي ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچىسى جاپپار سېيىت ئەخمەت قىرىمئەر بۇ دوستلۇق جەمىيىتىگە ئەزا بولۇش ئۈچۈن ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، كومىتېتتىكى بىر قىسىم ئەزالار قوشۇلماسلىقى سەۋەبىدىن بۇ ئىلتىماسلار تاختىغا ئېلىپ قويۇلغان. بۇ ئەھۋالدىن ئىساق قاتتىق نارازى بولىدۇ، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئىدىل-ئۇرال ھەرىكىتىنىڭ بۇ يېتەكچىسى «يېڭى مىللىي يول» ژورنىلىدا بۇ دوستلۇق جەمىيىتىنى پرومېتې تەشكىلاتىغا قارشى قۇرۇلغان بىر تەشكىلات دەپ باھالايدۇ.

## سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەتلەر جەمئىيىتىگە ئەزا بولىشى

1934-يىلى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى مىللەتلەرنىڭ خەلقئارا پائالىيەتلىرىگە قاتتىق تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر ئىش يۈز بېرىدۇ. 18-سىنتەبىر كۈنىسى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى «جەمئىيەتىي ئاقۋام» (مىللەتلەر جەمئىيىتى — ئا.ھ. ئىزاھاتى) غا ئەزا دۆلەت قىلىپ قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ ھادىسە، 1917-يىلىقى بولشېۋىكلار ئىنقىلاۋىدىن بېرى خەلقئارا سەھنىلەردە قارشى تۇرۇپ كېلىنگەن سوۋېت تۈزۈمىنى قانۇنلۇق دەپ تونىغانلىق ھەمدە بۇ تۈزۈمنىڭ مەڭگۈلۈكلىكىنى تەستىقلىغانلىق ھېساپلىناتتى. سوۋېتلەرگە قۇل بولۇپ قالغان مىللەتلەرنىڭ تاشقى دۇنيادىكى مىللى پائالىيەتچىلىرى نوقتىسىدىن ئالغاندا بۇ ئەھۋال مۇنداقمۇ مەنىلەرگە ئىگە ئىدى: بىرىنچىسى، سوۋېت تۈزۈمىنىڭ ۋاقىتلىق بىر ھادىسە ئىكەنلىكى، بۇ سىستېمىنىڭ پات يېقىندا چوقۇم يىمىرىلىپ كېتىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچ ئاساسەن يوقالغان ھېساپلىناتتى. بۇ ئىشنىڭ تېخىمۇ مۇھىم تەرەپلىرىدىن

بىرى شۇكى، بۇندىن كېيىن مىللىي ھەرىكەت پائالىيەتلىرىنىڭ پائالىيەت سورۇنلىرى كۆرىنەرلىك ئازىيىپ كېتىشىدىن بىشارەت بېرەتتى. دەرۋەقە، ھېچقانداق بىر دۆلەت پەۋقۇلئاددە سەۋەپ كۆرسەتمەي تۇرۇپ مىللەتلەر جەمئىيىتىگە ئەزا يەنە بىر دۆلەتكە قارشى قانات يايدۇرىلىدىغان بىرەر پائالىيەتكە ئاشكارە ئوتتۇرغا چىقىپ ياردەم قىلالمايتتى. مۇنداق ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەتلەر جەمئىيىتىگە ئەزا قىلىپ قوبۇل قىلىنىشى بىلەن تەڭ، مۇساپىرلار ھەرىكىتى بىلەن ئۇلارنىڭ خادىملىرى بۇ جەمئىيەتكە ئەزا بولغان بىر دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلىكىگە قارشى كۈرەش قىلىدىغان بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەت ۋە بۆلگۈنچى داھى ھالىغا چۈشۈپ قالغان ھېساپلىناتتى.

يوقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان بۇ پىرىنسىپلار، بولۇپمۇ پرومېتې ھەرىكىتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ كېلىۋاتقان مىللىي خادىملارغىلا قارىتىلغان ھېساپلىناتتى. بۇ ئىشتىن كېيىن، پرومېتې ساھەسى بويىچە باشلىتىلغان بىر قىسىم پائالىيەتلەر بۇرۇنقىدەك ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىش رولىنى يوقىتىدۇ. بۇلاردىن بىرسى، بەلكى ئەڭ تىپىك مىسال بولالايدىغىنى 1928ـ يىلى پارىژدا قۇرۇلغان كاپكازىيە مۇستەقىللىق جەمىيىتىنى بىر كونفىدراتسىيە ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش لايىھىسى ئىدى. 1933ـ يىلى بويىچە پولشالىق پروفىسسور جۇلىيان ماكوۋسكى ئاساسىنى لايىھەلەپ چىققان بۇ پىلان، 1934ـ يىلى 14ـ ئىيول كۆنىسى برۆكسېلدە ئېلان قىلىنغان بىر خۇلاسە دوكلادىغا ئاساسەن كاپكازىيە كونفىدراتسىيىسى دېگەن نام بىلەن ئىشقا كىرىشتۈرۈلمەكتە ئىدى (بۇ كونفىدراتسىيىنى قۇرۇپ چىقىش ھۆججىتىنى ئەزەربەيجانغا ۋاكالىتەن مەھەممەت ئىمىن رەسۇلزادە بىلەن ئەلى مەردان توپچىبېشى، شىمالىي كاپكازىيىگە ۋاكالىتەن م. گىرېي سۇنچ، ل. چۇلىك، ت. چاقماق، گىروزىيىگە ۋاكالىتەن بولسا نوي جوردانىيا بىلەن ئاكاكى چەنكەلى قاتارلىق كىشىلەر قول قويۇشقان ئىدى. — ئا.ھ. ئىزاھاتى). سىياسىي جەھەتتە ئەزەربەيجان، گىروزىيە ۋە شىمالىي كاپكازىيە قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ كونفىدراتسىيە بىر كومىسسارلىق تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇپ، ئەزا بولغان دۆلەتلەرنىڭ ئەسكەر چىقىرىشى بىلەن بىرلا مەركەزگە قارايدىغان كونفىدراتسىيە ئارمىيىسى قۇرۇلۇشى پىلانلانغان ئىدى. مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن ئەرمەنىيە ۋاكالەتچىلىرىمۇ بۇ لايىھىگە كىرگۈزۈلۈشى پىلانلانغان ئىدى. بۇ ئورگان 1935ـ يىلى تەشكىل قىلىنغان بىر قېتىملىق يىغىندا كاپكازىيە مۇستەقىللىق كومىتېتى ئورنىنى يېڭى قۇرۇلغان كاپكازىيە كونفىدراتسىيىسى شۇراسىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندەك قىلسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەتلەر جەمئىيىتىگە ئەزا قىلىپ قوبۇل قىلىنىشى بىلەن تەڭ، بۇ لاھىيىنىڭ خەلقارالىق ياردەملەر بىلەن ئۇنىڭ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈش ئىمكانىيىتىنى ئاساسەن يوق دېيەرلىك ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى (مەھەممەت ئىمىن رەسۇلزادە، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئارپىسىدا، يەنى 1940ـ يىلى، ئەرمەن ۋەكىللىرىنىڭمۇ بۇ تەشكىلاتقا كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ

ئۆتىدۇ. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

سوۋېتلەرگە قارشى ھەرىكەتنىڭ مىللىي خادىملىرى مىللەتلەر جەمئىيىتىنىڭ قارارلىرىغا قارىتا ھېچقانداق ئىش قىلدىن كەلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ قولدىن كېلىدىغان بىردىن-بىر ھۆنىرىنى ئوتتۇرغا قويۇپلىشتى: جەنۇەدىكى مىللەتلەر جەمئىيىتىنىڭ مەركىزى ئورگىنىغا بىر پارچە نارازىلىق بىلدۈرۈش خېتىنى تاپشۇرۇشتى. بۇ خەتتە سوۋېتلەر تەرىپىدىن يولغا قويۇلۇۋاتقان بېسمىلار بىلەن زۇلۇملار تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، سوۋېت تۈزۈمىنىڭ بىر دېموكراتىيە دۈشمىنى ئىكەنلىكى كۆرستىپ ئۆتۈلگەن ئىدى. بۇ خەتتە يەنە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ، قول ئاستىدىكى قۇل قىلىنغان مىللەتلەر نامىدا سۆز قىلىش ھوقۇقىنىڭ يوقلىقى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرستىلگەن. بۇ نارازىلىق خېتى، سىلەر ئەزا قىلىپ قوبۇل قىلغان دۆلەت ئەنە شۇنداق بىر دۆلەتتۇر دەپ تاماملىنىدۇ (1934-يىل 18-سىنتەبىر كۈنى، جەمىيەتنىڭ 15-ئاسامبىل رەئىسى مۆسيۆ ساندىيېرگە تاپشۇرۇلغان بۇ نارازىلىق خېتىگە ئەزەربەيجانلىق مىر ياقۇپ مەھتىيېۋ، ئۇكرائىنالىق ئا. شۇلگىن، تۈركىستانلىق م. چوقاي ئوغلى قاتارلىقلار قول قويغان ئىدى. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

## مارېشال پىلسۇدسكىنىڭ ۋاپاتى

پرومېتې ھەرىكىتىنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسچىسى ۋە ئەڭ چوڭ سىياسىي، مالىيە ياردەمچىسى مارېشال پىلسۇدسكى 1935-يىلى 12-ماي كۈنىسى ۋاپات بولدۇ. پىلسۇدسكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ياۋرۇپادا باش كۆتۈرۈپ چىققان ناتسىزمنىڭ پولشاغا كەلتۈرىدىغان بالايى-ئاپەتلەرنى ئالدىنئالا مۆلچەرلەيدۇ ھەمدە بۇنىڭ ئۈچۈن تېگىشلىك تەدبىرلەرنى ئېلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرستىپ كەلگەن ئىدى. گېرمانىيىدە ناتسىلار پارتىيىسى ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن، ھىتلېر ۋېرساي شەرتنامىلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ قۇراللىنىش مۇسابىقىسىنى باشلىغان ۋاقتىدا، پىلسۇدسكى فرانسىيىگە گېرمانىيىگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىتتىپاقداش بولۇش ھەققىدە بىر تەكلىپ سۇنىدۇ. فرانسىيە بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن، ھىتلېر بىلەن 10 يىللىق ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق كېلىشىمنى تۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پىلسۇدسكى يەنە بىر دۈشمىنىنىمۇ ئېسىدىن چىقارمىغان بولۇپ، بۇ دۈشمىنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئىدى. بۇ دۈشمىنى بىلەنمۇ بىر كېلىشىم تۈزۈشۈپ، پولشا بىلەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق كېلىشىمىنىڭ مۇددىتىنى 1945-يىلغىچە ئۇزارتىۋالغان ئىدى.

مۇساپىر ۋەكىللەر ئۇمەكلىرى بېلۋېدېر سارىيىدا پىلسۇدسكىنىڭ مېيىتىنى زىيارەت قىلىشتى. كاپكازىيە مۇساپىرلىرى 1935-يىلى 14-ماي كۈنى ۋارشاۋادىكى بىر

قېتىملىق يىغىنىدا ”كاپكازىيە ئۆمىكى نامىدا مارشالنىڭ تاۋۇتىغا مىللىي بايرىقىغا سىموۋۇل قىلىنغان كۈمۈش رەڭلىك بىر گۈلچەمبىرەك قويۇلدۇ“ دەپ بېكىتىشكەن ئىدى. مارشالنىڭ تاۋۇتى 17 ـ ماي كۈنى كراكوۋغا ئېلىپ مېڭىلغاندا تەشكىللەنگەن دەپنە مۇراسىمىدا پرومېتې گۇرۇپپىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي بايراقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ مۇراسىم سېپىغا قوشۇلغان ئىدى. 20 ـ ماي كۈنى، كاپكازىيە، تۈركىستان ۋە ئۇكرائىنا دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن پارىژدا كەڭ كۆلەملىك پىلسۇدسكىنى ئەسلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن شۇنىڭغا ئوخشاش بىر مۇراسىم ۋارشاۋادىكى شەرق ئىنىستىتۇتىنىڭ يىغىن زاللىرىدىمۇ ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ ۋاقىتتا پرومېتې گۇرۇپپىلىرىنىڭ ژورناللىرىدىمۇ پىلسۇدسكىغا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلانغان ماقالىلار ئېلان قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە «پرومېتې» ژورنىلىنىڭ 1935 ـ يىلى ماي ئېيىدا چىقىرىلغان 102 ـ سانىمۇ پۈتۈنلەي پىلسۇدسكىغا ئاتىلىدۇ («پرومېتې» ژورنىلىنىڭ پىلسۇدسكىغا ئاتالغان سانىدا ئۇنىڭ ھاياتى ۋە دەپنە قىلىش مۇراسىمى تونۇشتۇرۇلغاندىن كېيىن، گروزىيە، ئەزەربەيجان، شىمالىي كاپكازىيە ۋە ئۇكرائىنا مىللىي ھەرىكەتلىرى نامىدا گۋازاۋا، مىر ياقۇپ، ج. چۇلىك ۋە ئا. شۇلگىنلارنىڭ بىرەردىن ماقالىسى بېسىلىدۇ. ـــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاقىنىڭ ۋاكالەتچىسى چوقاي ئوغلىنىڭ پىلسۇدسكى ئۈچۈن «ياش تۈركىستان» ژورنىلىدا ئېلان قىلغان ماقالىسىدىكى تۆۋەندە ستاتا كەلتۈرۈلگەن بىر ئابزاس، سوۋېتلەرگە قارشى بارلىق مۇساپىرلار ھەرىكىتىنىڭ ھېسسىياتى بىلەن كۆزقاراشلىرىنى ئىپادىلەپ بەرمەكتە ئىدى:

چۈنكى، پىلسۇدسكى ئۆز خەلقىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان جەڭچىلەر ئارىسىدا ئەڭ داڭلىق نەمۇنىسى بولۇپلا قالماستىن، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا روسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ تىرىشچانلىقلىرىغا كۆرسەتكەن چوڭقۇر ھۆرمىتىنى قىلچە يوشۇرماي ئاشكارە ئىپادىلىيەلىگەن بىردىن ـ بىر دۆلەت رەھبىرى ئىدى. پىلسۇدسكى، سوۋېت روسىيىسى بىلەن شەرتنامە تۈزگەن ۋاقىتىدا سوۋېت روسىيىسىنىڭ چېگراسى ئىچىدە قالغان تۇپراقلارغا قارىتا ھۆكۈمەت ياكى تەشكىلات نامىدا ھەق تەلەپ داۋاسى قىلىۋاتقان گۇرۇپپىلارنى ۋەتىنىگە كىرگۈزمەسلىك ھەققىدىكى ماددىسىنىڭ شەرتنامە ئارگىنالىغا كىرگۈزۈلۈشىگە ئۈچۈق ـ ئاشكارە قارشى چىققان بىر دۆلەت رەھبىرى ئىدى.

1935 ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدا، پىلسۇدسكىنىڭ جەسىدىنى خاتىرە سارىيىغا كۆچۈرۈش يۈزىسىدىن يەنە بىر قېتىملىق دۆلەت مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. كاپكازىيە

مۇساپىرلار ساھەسىدىكىلەر پولشالىقلارنىڭ ئۇلۇغ داھىسى مارشال پىلسۇدسكىغا بولغان ھۆرمەت بىلدۈرۈش بۇرجىنى ئۆتەش مەقسىتىدە بارلىق گۇرۇپپىلارنىڭمۇ كراكوۋغا بېرىشى لازىم دەيدىغان بىر قارار ماقۇللىشىدۇ. ئەزەربەيجان، شىمالىي كاپكازىيە ۋە گىروزىيە گۇرۇپپىلىرىنىڭ ۋەكىللىرىگە ۋەكىل بولۇپ ئەزەرتېكىن، بايتۇغان ۋە ئىمنادزە، كاپكازىيە كونفىدراتسىيىسى شۇراسى تەرىپىدىن ئىشەرتىلگەن كاپكازىيە تۇپىسىنى ئېلىپ خاتىرە سارىيى قەبرىسى ئۈچۈن ياسالغان دۆڭگە تۆكىشىدۇ. ئاندىن قۇتىنىڭ ئۇستىگە تۆۋەندىكى جۈملىنى يازىدۇ:

«ئۆز ئازاتلىقى يولىدا كۈرەش قىلىۋاتقان كاپكازىيە (ئەزەربەيجان، گىرۇزىيە ۋە شىمالىي كاپكازىيە) ئەۋلاتلىرىدىن لېخستاننىڭ ئۇلۇغ قۇرغۇچىسى ھەم رەئىسىگە ...»

پرومېتې ۋاكالەتچىلىرىنىڭ پىلسۇدسكىغا مۇناسىۋەتلىك يىل خاتىرە كۈنى ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرىلىدىغان مۇراسىملار گېرمانىيە پولشانى ئىشغال قىلىۋالغان يىللارغىچە داۋاملىشىدۇ. يەنە بىر جەھەتتە، پىلسۇدسكىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى تاپشۇرىۋالغان رەئىس ئىگناتى موسىسكى بىلەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى پولكوۋنىك بېك، پولشانىڭ پرومېتې تەشكىلاتىغا بېرىپ كەلگەن ياردىمىنى بۇرۇنقىدەك داۋاملاشتۇرىدۇ.

## كومىنتېرىن قارارلىرى ۋە ياۋرۇپا سوتسىيالىزمىدىكى ئۆزگىرىشلەر

سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ مىللەتلەر جەمىيىتىگە ئەزا بولغانلىقىغا قارشى سادالار تېخى بېسىقماي تۇرۇپ، 1935-يىلى كومىنتېرىن (كومىنىستىك ئىنتېرناتسيونال — ئا.ھ. ئىزاھاتى) 7-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ، كومۇنىستىك ئىنتېرناتسيونالنىڭ بىرىنچى ئورۇندىكى ۋەزىپىسى قىلىپ فاشىزىمنى مەغلۇب قىلىش دەپ ئېلان قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، كومىنىستلار بۇندىن كېيىن موتىدىل سوتسىيالىستلار ۋە لىبرال ساھەسىدىكى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ فاشىزمغا قارشى خەلق سەپلىرىنى تەشكىل قىلالايدىغان ھالغا كېلىدىغان بولىدۇ. بۇ ئۆزگىرىش سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى سىياسىتىدە تۈپكى بىر ئۆزگىرىش ياسىلىدىغانلىقىنىڭ بىر ئىشارىتى ئىدى.

كومىنىستىك ئىنتېرناتسيونال قۇرۇلغان كۈنلەردىن بېرى موتىدىل سوتسىيالىستلار كومۇنىزمغا قارشى ئۇنسۇرلار دەپ قوبۇل قىلىپ كېلىنگەن بولۇپ، ئۇلارنى

پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىن تازىلىۋېتىش تەلەپ قىلىناتتى. ھەتتا كومىنتېرىنىنىڭ 1928-يىلى چاقىرىلغان 6-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا ستالىن ئوتتۇرغا چىقىپ تېخىمۇ سولچىل بىر يولنى ئوتتۇرغا قويۇپ، موتىدىل سوتسىيالىستلارنى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق دۈشمىنى دەپ ئېلان قىلغان ئىدى.

كومىنتېرىنىنىڭ 7-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا قوبۇل قىلىنغان قارارلار بويىچە ياۋرۇپادىكى كومۇنىستىك پارتىيىلەر سوتسىيالىست پارتىيىلەرگە قارىتا بىر سەپتە تۇرۇپ ھەمكارلىشىش پوزىتسىيىسىدە بولىدۇ. ھەتتا گېرمانىيىدە ۋېيمار جۇمھۇرىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ھەرىكىتى جەريانىدا ناتسىستلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ھەرىكەت قىلىشقان ئىدى. ئەمما ناتسىستلار ھۆكۈمەتنى ئۆتكۈزىۋېلىپلا كومپارتىيىنى تارقىتىۋېتىپ، كومۇنىزمنى بىرىنچى نومۇرلۇق دۈشمەن دەپ ئېلان قىلىدۇ.

كومىنتېرىنىنىڭ 7-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئالغان قارار بىلەن بىرگە، سوۋېت تاشقى سىياستى جەھەتتە يولغا قويۇلغان ئۆزگىرىشلەر دەرھال ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە باشلىنىدۇ. فرانسىيىدە كومۇنىستلار پارتىيىسى موتىدىل سوتسىيالىستلار بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىپ خەلق فرونتى ھۆكۈمىتىنى تەشكىللەشكە قېتىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ياۋرۇپادىكى دېموكراتىك ئەللەردە شۇ ۋاقىتقا كەلگىچە ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان كومۇنىزم دۈشمەنلىكى بىلەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن قورقۇش تۇيغۇلىرى ئورنىغا فاشىزىمغا قارشى تۇرۇش قاراشلىرى ئالماشتۇرىلىدۇ، كومۇنىزمچىلار فاشىزمغا قارشى بىرلىكسەپنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاملى ھالىغا ئايلىنىدۇ. بۇ تۈردىكى ئۆزگىرىشلەر ئاساسى جەھەتتىن سوتسىيال دېموكراتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان پرومېتې گۇرۇپپىسىغا ئەزا تەشكىلاتلارنىڭ ياۋرۇپادىكى تۇتقان ئورنىغا قاتتىق تەسىر كۆرستىدۇ. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ مىللەتلەر جەمىيىتىگە ئەزا بولغىنىدىن كېيىن ياۋرۇپا ئەللىرىنىڭ رەسمى ياردەملىرىدىن مەھرۇم قالغان پرومېتې تەشكىلاتى، كومىنتېرىن قارارلىرىدىن كېيىن بولسا، موتىدىل سوتسىيالىستچىلار مۇھىتىدىمۇ چەتكە قېقىلىشقا باشلانغان ئىدى. كومىنتېرىن قارارلىرى بىلەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى سىياستىدىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن تەڭ، پرومېتېچىلەر ياۋرۇپادىكى ئەڭ مۇھىم ئىتتىپاقداشلىرى بولۇپ كېلىۋاتقان سوتسىيال دېموكراتىك تەشكىلاتلارنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدۇ.

بۇ ھادىسىلاردىن كېيىن، ياۋرۇپا ئەللىرىدىكى كومۇنىزمغا قارشى ھەرىكەتلەر چېكىدىن ئاشقان ئوڭچىل ئۇنسۇرلارنىڭ قولىغا قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش سەۋەبى بىلەن بىردىن-بىر ئورتاق نوقتىسى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ھەمدە كومۇنىزمغا قارشى تۇرۇش بولغان پرومېتېچىلەر تەشكىلاتلىرى بىلەن ياۋرۇپادىكى رادىكال ئوڭچى ئۇنسۇرلار ئوتتۇرسىدا ھەر ئىككىلا تەرەپ چىن قەلبىدىن تازا خالاپ كەتمەيدىغان بىر سەپتە تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللىنىشكە

باشلايدۇ. دېگەندەك، ئۇ يىللاردىكى «پرومېتې» ژۇرناللىرى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلىنغىنىدا، ژۇرنالغا بېسىلغان چۈشەندۈرۈشلەردە فرانسىيە ئوگچىلىرىنىڭ ژۇرناللىرىدىن ئېلىنغان نۇرغۇنلىغان ستاتىلارنى ئۇچراتقىلى بولىدىغان ۋەزىيەتنى كۆرىۋېلىش مۇمكىن. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، پرومېتې ژۇرنىلىدا فرانسىيە ئوگچىلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر قىسىم ماقالىلار ئېلان قىلىنىشقا باشلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا بىر قىسىم مۇساپىرلارمۇ «ژې سىس پارتوۋت» قا ئوخشاش ئوگچىلارغا تەۋە ژۇرناللاردا ماقالە ئېلان قىلىشقا باشلىغانلىقىمۇ كۆرۈلىدۇ.

## روسىيىگە قۇل قىلىنغان تۈركىي ئەللەر بىرلىكسېپىنىڭ قۇرۇلىشى

پرومېتې تەشكىلاتى تەركىۋىدە يېتەرلىك دەرىجىدە ئاكتىپ رول ئالالمايۋاتقانلىقىدىن رەنجىپ يۈرگەن تاشقى تۈركىي يېتەكچىلىرى، ئۆزئۆزىدىن بېرى تۈركىي قېنىدىن بولغان تەشكىلاتلارنىلا يىغىپ بىر فرونت تەشكىل قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىشقا باشلايدۇ. بۇنداق بىر سەپ تەشكىللەش پانتۈركىسىزم بوھتانلىرىغا قېلىشى مۇمكىنلىكىنى، بۇنداق بىر تەنقىتكە قېلىش يەنە كېلىپ تۈركىيە ئۈچۈن قىيىنچىلىق پەيدا قىلىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلايدىغان بەزى يېتەكچىلەر دەسلىۋىدە بۇنداق بىر تەشكىللىنىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش پوزىتسىيىسىدە بولغان ئىدى. ئەمما سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ «جەمىيەتئى ئاقۋام» غا قوبۇل قىلىنىشى، تۈركىيىنىڭ ياۋرۇپادا بېسىلىۋاتقان مۇساپىرلار جورناللىرىنى تۈركىيە تەۋەسىگە كىرىشىنى چەكلىشى قاتارىدىكى بەزى ھەرىكەتلەر، بارلىق تۈركىي قېنىغا مەنسۇپ مۇساپىر تەشكىلاتلىرىنى ئورتاق مەنپەئەت ئەتراپىغا بىرلەشتۈرۈشنىڭ بەكلا مۇھىم بىر ئىش ئىكەنلىكىنى تونۇتۇشقا باشلىغان ئىدى.

ۋەكىللەر، 1936-يىلى ئاپرىل ئېيىدا پارىژغا كېلىپ يىغىن ئاچىدۇ. بۇ يىغىنغا ئىدىل-ئۇرالغا ۋاكالەتەن ئاياز ئىساقى، شىمالىي كاپكازىيىگە ۋاكالىتەن مەھەممەت گىراي بىلەن مىر ياقۇپ مەختىيېۋ، ئەزەربەيجانغا ۋاكالەتەن مەھەممەت ئىمىن رەسۇلزادە بىلەن مۇستاپا ۋەكىلى، قىرىمغا ۋاكالەتەن جاپپار سېيىت ئەخمەت قىرىمئەر، تۈركىستانغا ۋاكالەتەن بولسا چوقاي ئوغلى قاتنىشىدۇ.

17-ئاپرىلدا باشلانغان بۇ يىغىن، مەخسۇس مۇزاكىرە يىغىنلىرى بىلەن 26-ئاپرىلغىچە داۋاملىشىدۇ. يىغىن ئاخىرىسىدا «روسىيىگە قارام قىلىنغان تۈركىي ئەللەر بىرلىكسېپى» نامىدا ئورتاق بىر تەشكىلات قۇرۇپ چىقىش قارارى ئېلىنىدۇ. بۇ بىرلىكسەپنىڭ رەئىسلىكىگە جاپپار سېيىت ئەخمەت قىرىمئەر، باش سېكرېتارلىقىغا

مۇستاپا چوقاي ئوغلى تەيىنلىنىدۇ. بۇ كىشىلەر ئۆز ۋاقتىدا يەنە قىرىم بىلەن تۈركىستانىنىڭمۇ ۋاكالەتچىلىرىدىن ئىدى. ئەزەربەيجانغا مەھەممەت ئىمىن روسولزادە، شىمالى كاپكازىيىگە مەھەممەت گىراي ۋە ئىدىل-ئۇرالغا بولسا ئاياز ئىساقى ۋاكالەتلىك قىلىدىغان بولىدۇ.

يىغىن ئاخىرىدا 6 ماددىلىق بىر ئورتاق قارار تەييارلىنىپ ھەممە بىرلىكتە قول قويىشىدۇ. بۇ قارارغا ئاساسەن، بارلىق گۇرۇپپىلار بىر-بىرسىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشىپ، بۇ جەھەتتە بىر-بىرسىگە ياردەملىشىدىغانلىقى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن (1-ماددا)؛ بىرلىكسەپكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر سايلانغان ھەرقايسى گۇرۇپ يېتەكچىلىرىنىڭ نوۋەت بويىچە چاقىرىدىغان يىغىنلىرىدا مۇزاكىرە قىلىنىدىغان بولىدۇ. بىرلىكسەپنىڭ ھەمكارلىقلىرى مەركىزى ئورگاندىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق ئاساسى قاتلام تەشكىلاتلىرىغىچە كېڭەيتىلىدىغان بولىدۇ. ھەرقايسى تەشكىلاتلارنىڭ نەشرى ئەپكارلىرى باشقا تەشكىلاتلار بىلەن ئۇلارنىڭ قانات يايدۇرىدىغان پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئۆزئارا خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرۇلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىرلىكسەپ پرومېتې تەشكىلاتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ (4-ماددا)؛ كاپكازىيە كونفىدراتسىيىسى مۇۋاپىق كۆرۈلگەن بولۇپ، ھەرقايسى گۇرۇپتىكىلەرنىڭ نەشرى ئەپكارلىرى بۇ ئورگاننىڭ خىزمەتلىرىنى قوللايدۇ (5-ماددا).

(رەسىم ئورنى)
رۇسىيەگە قۇل قىلىنغان تۈركىي ئەللەر بىرلىكسېپى يىغىنىغا قاتناشقان يېتەكچىلەر ئالدىنقى رەت سول تەرەپتىن: مىر ياقۇپ مەختىيېۋ، جاپپار سىيىت ئەخمەت قىرىمئەر، ئاياز ئىساقى، مەھەممەت ئىمىن روسۇلزادە؛ كەينىدە ئۆرە تۇرغانلار سولدىن: مۇستاپا چوقاي ئوغلى، مەھەممەت گىراي، مۇستاپا ۋەكىلى.
پارىژ، 1936. (ئەھمەت ئەنجان ئارخىۋىدىن)

بۇ بىرلىكسەپنىڭ تەشكىل قىلىنىشى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندىن بۇيان بۇ دۆلەتكە ۋە كوممۇنىزم ئىدىيىسىگە قارشى كۈرەش قىلىپ كېلىۋاتقان تۈركىي ئېرقىدىن بولغان تەشكىلاتلارنىڭ تۇنجى قېتىم بىر ئېتىنىك ئاساسقا تايىنىپ تەشكىلاتلىنىش يولىغا كىرگەنلىكى نوقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم بىر ئىش ئىدى. ئۇلار بۇ قىلغانلىرىدىن سوۋېتلەر دائىرىسىنىڭ داۋراڭ قىلىشىدىغانلىقىمۇ ئۇلارغا مەلۇم ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە بۇنداق بىر تەشكىلاتقا ئۇيۇشۇش ياۋرۇپا ئەللىرىنىڭمۇ سوغۇق مۇئامىلە قىلىشىغا دۇچ كېلىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇڭا، بۇ يىغىن ۋە ئۇنىڭ قارارلىرى مەخپىي ساقلانغان، ھەتتا پرومېتې ھەركىتىنىڭ يېتەكچىلىرىدىنمۇ سىر تۇتۇلغان ئىدى.

# «پرومېتې» ژورنىلىنىڭ قايتىدىن تەرتىپكە سېلىنىشى

1937 ـ يىلىنىڭ كىرىشى بىلەن، «پرومېتې» ژورنىلىغا مۇناسىۋەتلىك كۆرۈلگەن مەسىلىلەر ھەرقايسى ئەزالارنى بەكلا نارازى قىلىدىغان بىر ئىشقا ئايلانغان ئىدى. يوقۇرىدا تونۇشتۇرۇلغىنىدەك، روسىيىگە قارام قىلىنغان تۈركىي ئەللەر بىرلىكسىپىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىدا بۇ ھەقتىكى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈلگەن بولۇپ، «پرومېتې» ژورنىلىنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىش لازىم دەيدىغان ئورتاق خۇلاسىغا كېلىنگەن ئىدى. ئەسلىدە، تۈركىستانلىقلار بىلەن «پرومېتې» ژورنىلىنىڭ تەھرىراتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر بۇ ژورنال نەشرى قىلىنىشقا باشلىغان دەسلەپكى يىللاردىلا باشلانغان دېيىشكە بولاتتى.

1935 ـ يىلىغا كەلگىنىدە، مۇستاپا چوقاي ئوغلىنى بۇ ژورنالنىڭ مۇقاۋىسىدىكى "تۈركىستان" دېگەن سۆزنى چىقىرىپ تاشلاڭلار دەپ تەلەپ قىلغىدەك دەرىجىگىمۇ كەلتۈرگەن ئىدى. بۇ ئىشتا مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرىغا قوشۇلماي كەلگەن ت م ب مەركىزىمۇ بۇ ئىشقا ئارىلىششقا باشلايدۇ. ت م ب رەئىسى ئوسمان غوجا ئوغلى يازغان بىر پارچە خېتىدە ياۋرۇپا ۋاكالەتچىسى مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ بۇ پىكرى قاتتىق تەنقىت قىلىنىدۇ:

> 1935. 6. 24 كۈنى يازغان خېتىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئەمما سىزدىن زادىلا كۈتمىگەن بىر سۆزنى قىلغانلىقىڭىزنى يېزىپسىز: "تۈنۈگۈن پرومېتېگە خەت يېزىپ، مەجمۇئەنىڭ مۇقاۋىسىدىكى تۈركىستان دېگەن سۆزنى ئېلىپ تاشلاڭلار دەپ تەلەپ قىلدىم" دەپسىز. بۇ ئىشىڭىزغا قارىتا سەبداشلىرىمىز ھەقلىق رەۋىشتە "بىر ۋاكالەتچىمىزنىڭ ۋەزىپىسى پەۋقۇلئاددە بىر ئىشلاردا قانداقلارچىسىغا مەركەزدىن بىرەر بويرۇق ياكى يوليورۇق ئالماي تۇرۇپ بۇنداق بىر قارار ئېلىشقا يول قويالىشى مۇمكىن" دېيىشىپ كەتتى.
>
> تەخمىنەن ئىككى يىلدەك ۋاقىتتىن بېرى سىز پرومېتېگە بىرمۇ ماقالە يېزىپ باقمىدىڭىز. بۇ ھەقتە سىز كۆرسەتكەن باھانىلارغا ئاساسلىنىپ بىزمۇ گەپ قىلماي جىم يۈرىۋەرگەن ئىدۇق. ھەتتا بەزى ساقلانغان مەسىلىلەردە سىز تەرەپ بولۇپ سىزنى قوغداپ كەلگەن ئىدۇق. بىزگىمۇ مەلۇم بولماقتىكى، بۇ ئوتتۇرلۇقتا چوقۇم بىر گۇناھكار تەرەپنىڭ بارلىقى ئېنىق. ئەمما گۇناھكار تەرەپ ھەرگىزمۇ مەجمۇئە بولالمايدۇ. بۇ ئىشتىكى خاتالىق سادىر قىلىۋاتقان كىشى ئۇ ژورنالدا خىزمەت قىلىدىغان بىرەر كىشىلا بولىشى مۇمكىن (گۋازاۋانى

دېمەكچى. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). شۇنىسى ئايانكى، پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا تاشلىغىلى بولمايدۇ (ئەسلى ئارگىنالدا: بۈرگىنىڭ ئاچچىقىدا يوتقاننى ياققىلى بولماس، دەپ ئېلىنغان. ــئۇ.ت). بۇنداق بويرۇقۋازلىق قىلىش توغرا ئەمەس. كېرەكلىك يەرلەرگە مەزكۇر مەجمۇئەنىڭ مۇقاۋىسىدىكى تۈركىستان سۆزىنى چىقىرىپ تاشلىماسلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىلدى. سىزمۇ ھازىرچە بۇ ھەقتە بىر نىمە دېمەي جىم بولۇڭ. بۇ ئىشنى چوڭايتىپ چىڭ تۇرىۋېلىش توغرا ئەمەس.

بۇ ژورنال تەھرىراتى ھەققىدە يالغۇز تۈركىستان گۇرۇپپىسىدىكىلەرلا دەرت تۆكىۋاتقان ئەمەس ئىدى. يالغۇز گوروزىيىلىكلەرنىڭلا بۇ ژورنالنى باشقۇرۇش ئىشىدا بەكلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىۋېلىشىدىن قالغان تۈركىي تەشكىلاتلىرىمۇ نارازىلىق بىلدۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى. شۇڭا، پرومېتې ژورنىلى ھەققىدىكى بۇ مەسىلە روسىيىگە قۇل قىلىنغان تۈركى ئەللەر بىرلىكسىپى يىغىنىدا ئوتتۇرغا قويۇلۇپ مۇنازىرە قىلىندۇ. چوقاي ئوغلى يىغىندىن كېيىن ت م ب مەركىزىگە يوللىغان خەتتە، پرومېتې ژورنىلىنى قايتىدىن تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن ئاندىن نەشرى قىلىنىشى ھەققىدە ۋارشاۋاغا بېسىم ئىشلىتىشنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما پرومېتې ژورنىلى تەھرىراتىنىڭ قايتا رەتكە سېلىنىش ئىشى بۇنىڭدىن نارازى بولىۋاتقان تۈركىي تەشكىلاتلىرىنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى 1937ـ يىلى فېۋرالدا بۇ ژورنالدا بېسىلغان بىر ماقالە سەۋەبىدىن يۈز بېرىدۇ.

پرومېتې ژورنىلىنىڭ 133ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان بىر ماقالىدا تۈركىيە بىلەن گروزىيە ئوتتۇرسىدىكى چېگرالارنى بېكىتكەن قارس شەرتنامىسى بىلەن بۇ شەرتنامىغا ئاساسەن قايتا سىزىلغان تۈركىيەـگروزىيە چېگراسى مۇنازىرە قىلىنغان بولۇپ، تۈركىيە چېگرالىرى ئىچىدە قالغان ئارداخان بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەزى جايلارنىڭ گروزىيىگە تەۋە يەرلەر ئىكەنلىكى ئوتتۇرغا قويۇلغان ئىدى. پرومېتې تەۋەسىدىكى تۈركىي گۇرۇپپىسىدىكىلەر بۇ ماقالىغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈشىدۇ. «ياش تۈركىستان» ژورنىلى بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە سەزگۈر پوزىتسىيە تۇتقان بولۇپ، ت م ب نىڭ پرومېتې ژورنىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى رەت قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن ئىدى:

پرومېتېنىڭ 133ـ (ئايلىق) سانىدا تۈركىيە بىلەن كاپكازىيە چېگرالىرى ھەققىدە ئېلان قىلىنغان بىر قارار سەۋەبىدىن، تۈركىستانلىق كىتابخانلىرىمىز تەرىپىدىن "مۇقاۋىسىدا تۈركىستان ئىسمى يېزىلغان پرومېتې مەجمۇئەسى ئۈچۈن ت م ب (يەنى تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاقى) ياكى بولمىسا بىر قىسىم تۈركىستانلىقلار بۇ ئىشتا مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالامدۇ؟" دېگەندەك

سۇئاللارنى بېرىشمەكتە. بىز بۇنىڭغا تۆۋەندىكىچە جاۋاب بېرىمىز:

پرومېتې مەجمۇئەسى ئۇچۇن مەيلى ت م ب بولسۇن، ياكى ھەرقانداق بىر تۈركىستانلىق مەسئۇلىيەتنى ھەرگىزمۇ ئۈستىگە ئالمايدۇ. ئەسلىدە كاپكازىيىلىكلەرنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان پرومېتې مەجمۇئەسىگە تۈركىستانلىقلار 1934 ـ يىلى يانىۋار ئېيىدىن بۇيان قوشۇلماي كەلمەكتە.

راس دېگەندەك، پرومېتې ژورنىلىدا تۈركىستان ۋاكالەتچىلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان ئەڭ ئاخىرقى ماقالە، **شەرقىي تۈركىستاندىكى** ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك يېزىلغان بىر پارچە ماقالە بىلەن ئاخىرلاشقان ئىدى. جانئاي تەخەللۇسى بىلەن ئېلان قىلىنغان بۇ ماقالىدىن كېيىن تا 133 ـ سانىغا كەلگىچە تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاقى نامىدا بىرمۇ ماقالە يوق ئىدى. مارېشال پىلسۇدسكى ئۈچۈن چىقىرىلغان 102 ـ ۋە ئەزەربەيجاننىڭ سابىق قۇرۇلتاي مۇدىرى ئەلى مەردان توپچىبېشى ئۈچۈن چىقىرىلغان نېكرولوگىيە سانى (96 ـ سانى) دىمۇ ت م ب نامىدا يېزىلغان بىرەرمۇ ماقالە يوق ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە پرومېتې ژورنىلىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا ئېلان قىلىنىپ، شۇ ئاينىڭ ۋەقەلىرى تونۇشتۇرۇلغان «كرونىچىيۇ» بۆلۈمىدە 1932 ـ يىلىدىن باشلاپ تۈركىستان ئۈچۈن ئورۇن بېرىلمىگەنلىكىمۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى.

گرۇزىيىنىڭ تۈركىيىدىن زېمىن تەلەپ قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك چىققان ماقالە ۋارشاۋادىكى پرومېتې تەۋەسىدىكىلەر ئارىسىدىمۇ پارتىلاش خاراكتېرلىق تەسىر ياراتقان ئىدى. پرومېتېدەك سوۋېتكە قارشى بىر ئەپكاردا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا تەۋە بىر دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى قوللايدىغان بىر ماقالىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ھەقىقەتەنمۇ نومۇس قىلغىدەك بىر ئىش ئىدى.

شۇنىڭدەك يەنە، پرومېتې تەشكىلاتى پولشا تەرىپىدىن قوللاپ قۇۋۋەتلىنىپ كېلىنگەنلىكى ھەممىگە مەلۇم بىر ئىش بولغاچقا، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئورگان ئەپكارى بولغان بىر ژورنالدا تۈركىيە چېگرالىرىنى مۇنازىرىگە قويۇش ئىشى تۈركىيە بىلەن پولشانى ئۆزئارا زىددىيەتكە سېلىپ قويۇش ھېساپلىناتتى. بۇنداق بىر ئىش پولشا ھۆكۈمىتى ئەڭ كېيىن ئۇتتۇرغا قويۇشى مۇمكىن بولىدىغان ئىشلارنىڭ بىرىلا بولالىشى مۇمكىن ئىدى.

بۇ جەرياندا، تۈركىستان، ئەزەربەيجان ۋە شىمالىي كاپكازىيە تەشكىلاتلىرى پرومېتې مەركىزىگە خەت يېزىپ ژورنال تەھرىراتى بىلەن گۇۋازاۋاغا نارازىلىق بىلدۈرىشىدۇ؛ شۇنىڭدەك يەنە، ئەگەر رەھبەرلىك ئورنىدا ئۆزگىرىش قىلىنمايدىكەن پرومېتې ھەركىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنى قايتىدىن كۆزدىن كۆچىرىشكە مەجبۇر ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. يۈز بەرگەن بۇ ھادىسىلەر سەۋەبىدىن پرومېتې

ژورنىلىنىڭ نەشرى قىلىنىشى ۋاقىتلىق توختىتىلىپ، بۇ ژورنال نەشرى قىلىنىۋاتقان كۈندىن بۇيان ژورنال تەھرىرلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ كېلىۋاتقان گىروزىن گۋازاۋا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنى 1938 ـ يىلى دېكابىردىن باشلاپ ئۇكرائىنانىڭ سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولغان ۋىتالى شۇلگىن تەھرىرلىكىدە «لا رېۋۇ دې پرومېتې» نامى بىلەن بۇ ژورنال قايتىدىن نەشرى قىلىنىشقا باشلىنىدۇ. بۇ چاغدا ژورنال تەھرىراتى قايتىدىن رەتكە سېلىنغان بولۇپ، گىروزىنلارنى ئاساس قىلغان ژورنال رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئۆزگەرتىلىدۇ. ت م ب يېڭىدىن چىققان ژورنال بىلەن ئۇنىڭ تەھرىرات گۇرۇپپىسىنىڭ قايتا تەشكىللىنىشىدىن رازى ئىدى. بۇ يېڭى ژورنالنىڭ نەشرى قىلىنغانلىقىنى «ياش تۈركىستان» دا تۆۋەندىكىچە ئېلان قىلىنىدۇ:

روسىيە ئاسارىتىدىن ئازات بولۇش ئۈچۈن مىللىي مۇجادىلە بېرىۋاتقان روسلاردىن باشقا مىللەت خەلقلىرىنىڭ مىللىي داۋاسى بىلەن مىللىي ھوقۇقلىرىنى قوغداش، بۇ جەھەتتىكى تەشۋىقاتلار بىلەن شوغۇللىنىشنى مەقسەت قىلىپ نەشرى قىلىنىشقا باشلىغان بۇ فرانسۇزچە مەجمۇئەنىڭ سىرتقى كۆرۈنىشى بىلەن ئۇنىڭ مەزمۇنلىرى ھەر تۈردىكى كىتابخانلارنى رازى قىلالىغىدەك سەۋىيەتكە ئىگە. ... مەجمۇئەدە تۈركىستان، ئەزەربەيجان ۋە ئۇكرائىناغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار ئاسى ئورۇننى ئىگەللىمەكتە. ... «لا رېۋۇ دې پرومېتې» قوش ئايلىق ژورنال بولۇپ نەشرى قىلىنىدۇ.

بۇ يېڭى ژورنالدا ھەقىقەتەنمۇ تۈركىستان بىلەن ئەزەربەيجاننىڭ ئورنى كۆچەيتىلگەنلىكى مەلۇم بولماقتا ئىدى. ژورنالنىڭ بىرىنچى سانىدىلا تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك ئۈچ پارچە ماقالە ۋە ئىككى پارچە خەۋەر بېرىلگەن ئىدى. ژورنالنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى سانلىرىدىمۇ تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك ماقالىلارنىڭ ئېلان قىلىنىپ تۇرۇشى ت م ب بىلەن بۇ يېڭى ژورنال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ خوشاللىنارلىق دەرىجىدە داۋام قىلغانلىقىنى ئىپادىلىمەكتە ئىدى. ئەسلىدە، تاھىر شاكىرنىڭ «ياش تۈركىستان» ژورنىلىدا ئېلان قىلغىنىدەك، پرومېتې فرونتى ھەقىقەتەنمۇ بىر مەجبۇرىيەتنىڭ مەھسۇلى ئىدى. پرومېتېنى تەشكىل قىلغان تەشكىلاتلار ئۆز ئالدىغا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ كېتەلىگىدەك كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەپتىن بۇ فرونت ئەسلىدە شارائىتنىڭ تەققەززاسىدىن باشقا بىر ئىش ئەمەس ئىدى.

# ت م ب دىكى ئۆزگىرىشلەر

1938 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا شەرقىي تۈركىستاندىن تۈركىيىگە قايتىپ كەلگەن دوكتور مەجدىدىن دەلىل قايتىدىن ت م ب باش سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، بۇ تەشكىلاتنى قايتا جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئاتلانغان ئىدى. كېيىنكى يىللاردا ئوتتۇرغا چىققان پايدىسىز ۋەزىيەت تۈپەيلىدىن ت م ب تەشكىلاتى زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتكەن ئىدى. تەشكىلات ئىچكى قىسمىدا ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتكەن، بۇ گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆزقاراش ئوخشىماسلىقى ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە ئىختىلاپلارنى پەيدا قىلماقتا ئىدى. تەشكىلات رەئىسى ئوسمان غوجا ئوغلى بىلەن تۈركىستان تۈرك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى بولغان ئەخمەتجان ئوكاي (ئىبراھىم) ئىككىسى بىرىنچى گۇرۇھتىكىلەرگە يېتەكچىلىك قىلماقتا ئىدى. ت م ب مەركىزى كومىتېت ئەزالىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن ئىككىنچى گۇرۇھنىڭ بېشىدا بولسا ياۋرۇپا ۋاكالەتچىسى مۇستاپا چوقاي ئوغلى بىلەن ت م ب باش سېكرېتارى مەجدىدىن دەلىل ئىككىسى تۇراتتى.

بۇ خىل ئىختىلاپلار ت م ب پائالىيەتلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ باشقا ئورگانلار بىلەن بولغان رەسمىي مۇناسىۋەتلىرىگىمۇ تەسىر كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئوسمان غوجا ئوغلى ت م ب نىڭ خەۋىرى بولماي تۇرۇپ ۋە تەستىقىنى ئالماي تۇرۇپ ئۆز ئالدىغا پائالىيەت قىلىۋاتىدۇ دەيدىغان قاراشلار، قالغان ئەزالارنى يېڭىدىن رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەشكىللەش خىيالىغا كەلتۈرگەن ئىدى. بۇ ئەھۋاللار ئۆزئارا يېزىشقان خەت ـ چەكلەردە تۆۋەندىكىچە ئەكس ئەتمەكتە ئىدى:

مەن بۇندىن ئىككى يىلدەك ۋاقىت ئاۋال ئۆزاقبايلار بىلەن (ياپونلار كۆزدە تۇتۇلماقتا. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) كۆرۈشۈپ ئەنە شۇ مەسىلە ھەققىدە سۆزلىشىۋاتقان ئىدىم. كابولدىكى كىشىلەر بىلەنمۇ مۇناسىۋەت قۇرۇشقا كىرىشكەن ئىدىم. ئەمما دەل شۇ پەيتتە ئالدىمغا رەئىس بىلەن سۇلتانباي چىقىپ كەلگەن ئىدى. بىرىسىنىڭ ت م ب رەئىسى بولىشى، يەنە بىرىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋاكالەتچى دېگەن ناملاردا ئوتتۇرغا چىقىشى ئىشنى باشقا تەرەپلەرگە بۇرىۋەتكەن ئىدى. مېنىڭ ھەققىمدە دىگەن گەپلىرى (بۇنى ئۆزاقبايلاردىن ئاڭلىدىم) سەۋەبىدىن بۇ ئىشنى بىر چەتكە قويۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان ئىدىم. ...

**شەرقىي تۈركىستان ئۆز كۈچىگە تايىنىپ غەلىبە قازىنالمايدىغانلىقى**

**ئېنىق. بۇنىڭ ئۇچۇن چوقۇم تاشقى ياردەم بولىشى كېرەك.** مۇھىدى ئەپەندى (شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ يېتەكچىلىرىدىن گېنېرال مەھمۇت مۇھىدى. — ئا.ھ. ئىزاھاتى) **بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلىشىپ باقساق دېمەكچىمەن.** ... ئەمما مېنى تۈركىيە تەۋەسىگە كىرىشىمگە رۇخسەت قىلمايدىغانلىقى ئۈچۈن، تۈركىيىدىن باشقا بىر يەردە كۆرىششىمىزگە توغرا كەلمەكتە. ...

رەئىس قارار قىلماستىنلا قايتىپ كەتكەچكە، دوستلىرىمىز شۇنچە مۇھىم بىر ئىشنى نېمىشكە بىرگە ئۇختۇرمىدىڭلار دېيىشتى. مەن ئۇلارغا بۇنداق بىر قارار ئېلىنغان ئىش يوق دېگەن بولسام، ئۇلار ت م ب نىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىختىلاپ بار ئىكەن دەپ بۇ تەشكىلىمىزگە ئانچە بەك ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن ئىدى. ئەگەر بۇنداق بىر قارار ئېلىنغان دېسەم، ئۇنىڭدىن خەۋىرى يوق ئىكەن دېيىشى مۇمكىن (مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ مەجىدىدىن دەلىلگە قارىتىپ يازغان خېتى. 1938. 5. 13. — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى).

قۇرۇلتاي چاقىرىش مەسىلىسى ئالدىمىزدا تۇرماقتا. سىزگە ئىستانبۇلدىن قاتنىشىدىغانلار بىلەن كۆرۈشۈپ باقسىڭىز دەپ مەسلىھەت بەرمەكچىمەن. ... قاتناشمايدىغانلار بولسا، ئۆزىگە ۋاكالەتچى قىلىپ بىرسىنى ئەۋەرتىشسۇن. ... **مېنىڭچە بولغاندا شەرقىي تۈركىستانلىقلاردىنمۇ 2ـ3 كىشىنى بۇ قۇرۇلتايغا قاتناشتۇرغان بولساق ياخشى بولاتتى دەپ قارايمەن. شۇنداق بولغاندا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك بىرەر ھەرىكەت قىلىش مەيدانىنى ئوتتۇرغا قويالىشىمىز مۇمكىن. بۇ كىشىلەر ئۈچۈن مەھمۇت مۇھىتى بىلەن ئۇنىڭ يېقىنى بولغان خوتەن ئەمىرى قاتارىدىكى دېپلوماتىيىگە يېقىن كىشىلەردىن بولغىنى مۇۋاپىقراق دەپ قارايمەن** (مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ مەجىدىدىن دەلىلگە ئەۋەرتكەن خېتى، 1938. 7. 4. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

مەن ۋارشاۋادا بىز بىلەن بىرگە **شەرقىي تۈركىستانلىق يېتەكچىلەر قاتنىشىدىغان بىر قۇرۇلتاي چاقىرىش ئوييۇمنى ئوتتۇرغا قويدۇم.** ... ئەگەر بۇ پىكرىم قوبۇل قىلىنسا (بۇ ياز ئاخىرلىرىدا ياكى كىلەر يىلى ئەتىيازلاردا چاقىرىلىدىغان بولسا) سىزگە خەۋەر قىلىمەن (مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ مەجىدىدىن دەلىلگە يازغان خېتى، 1938. 10. 27. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

# مۇھاجىر يىتەكچىلىرىنىڭ تۈركىيىدىن قوغلىنىشى

1938 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە، تۈركىيە ھۆكۈمىتى تۈركىيىدە تۇرۇۋاتقان تاشقى تۈركىي يىتەكچىلىرىگە تۇتقان سىياستىنى قايتىدىن چىڭىتىشقا كىرىشكەن ئىدى. دەسلىۋىدە، بۇ يىتەكچىلەردىن سىياسىي پائالىيەتلەرگە قەتئىي ئارىلاشماسلىق ھەققىدە بىر پارچە ۋەدەنامە يېزىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشقان ئىدى. ئەزەربەيجان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ يىتەكچىسى بولغان مەھەممەت ئىمىن روسۇلزادە، مىرزا بالا ۋە كاپكازىيىلىك يىتەكچى سەئىت شامىللار تۈركىيىدىن خىلى بۇرۇنلا چىقىپ كېتىشكەن بولۇپ، ئۇلار پائالىيەتلىرىنى پولشادا داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. تۈركىيىدە تۇرىۋاتقان تاشقى تۈركىي يىتەكچىلىرىگە قارىتا يۈرگۈزۈلگەن بېسىملار پۈتۈن ياز ئايلىرى بويىچە كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ داۋام قىلىدۇ. ئاخىرى، سىنتەبىر ئايلىرىدا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغىنىدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان مۇساپىر گۇرۇپپىلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ قاتتىق سىياسەتنى يولغا قۇيۇشقا كىرىشىدۇ: تۈركىيە ھۆكۈمىتى بىر قىسىم مۇساپىر يىتەكچىلىرىنى تۈركىيە ۋەتەنداشلىقىدىن چىقىرىپ چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىش قارارىنى ئالىدۇ. 1938 ـ يىلىنىڭ 24 ـ سىنتەبىر كۈنىسىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ «مەخسۇس گېزىت» دە (تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن ـ قارار ۋە باشقا بەلگىلىملىرىنى ئېلان قىلىدىغان بىروشۇر شەكلىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ مەخسۇس گېزىتى. ـــ ئۇ. ت) ھۆكۈمەتنىڭ تۆۋەندىكىچە قارارى ئېلان قىلىنىدۇ:

ۋەتىنىمىز تەۋەسىدە باشقا بىر دۆلەت نامى ئۈچۈن، دوستىمىز بولغان بىر دۆلەتكە قارشى تەشۋىقاتلار بىلەن شوغۇللىنىش، ئىنقىلاۋىي تەشكىلات قۇرۇش، باشقا بىر دۆلەت ئۈچۈن ئىستىخبارات پائالىيتى بىلەن شوغۇللىنىش مەقسىتىدە ۋەتىنىمىزنى بىر بازا قىلىپ پايدىلانماقچى بولىۋاتقانلىقى مەلۇم بولغان ئۆمەر ئوغلى ئەلىخان قانتەمىر، مەھمەت ئوغلى خەلىل گۈنگۆرەن، شىمەندىفەر (پويىز) ئىشلىرىدا گۇرۇپ باشلىقى بولغان مىرئەلى، ئابباس ئوغلى سەپەر قۇلى، مىرئەلى تالىپ ئوغلى مەھەممەت تۇغاي، تۈركىستان سابىق رەئىس جۇمھۇرى ئوسمان غوجا ئوغلى، كازىم ئوغلى ئاتباس ۋە ئوسمان كۈپالار تۈركىيە ۋەتەنداشلىقىدىن چىقىرىلدى؛ داھىلىيە (ئىچكى ئىشلار) ۋەكىللىكىنىڭ 1938.9.5. كۈنكى ۋە 7746 ـ نومۇرلۇق تەكلىۋىگە ئاساسەن 1312 ـ نومۇرلۇق قانۇنىنىڭ 11 ـ ماددىسىغا بىنائەن ئىجرا ۋەكىللىرى ھەيئىتى تەرىپىدىن 1938.9.6. كۈنى تەستىقلاندى (تۆمۈر غوجا ئوغلى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان «يېڭىلىق ھەرىكەتلىرى ۋە ئىنقىلاپ جەريانىدا ئوسمان غوجا»

ماۋزۇلۇق ماقالىسىدا ئوسمان غوجا ئوغلىنىڭ تۈركىيىدىن قوغلانغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكىچە مۇلاھىزە يېزىلغان: ئوسمان غوجىنىڭ تۈركىيىدىن چىقىرىۋېتىلىشى ھەققىدىكى موسكۋانىڭ بېسىملىرىغا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى مۇستاپا كامال ئاتاتۈرك ئىرەن قىلىپ كەتمەس ئىدى. ئەمما ئاتاتۈركنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، يېڭى جۇمھۇرىيەت ئىسمەت ئىنئۆنۈ دەۋرىدە موسكۋانىڭ سىياسى بېسىملىرى ئاقىۋىتىدە ئوسمان غوجىدىن تۈركىيىدىن چىقىپ كېتىشى تەلەپ قىلىندى. ئوسمان غوجا 1939-يىلىنىڭ باشلىرىدا ئاۋال پولشاغا باردى. ئاندىن ئىرانغا كەتتى. «تۈركىستاندا يېڭىلىق ھەرىكەتلىرى ۋە ئىنقىلاپلار، 1900-1924» 29-بەت.

مەيلى رەسمى ھۆججەتلەرگە ياكى ت م ب يېتەكچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى يېزىشقان خەت-چەكلەرگە ئاساسلانمايلى، تۆمۈر غوجا ئوغلىنىڭ بۇ ھەقتە قىلغان بۇ تۈردىكى مۇلاھىزىسىنىڭ توغرا بولمىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. چۈنكى ئوسمان غوجا ئوغلى بىلەن بىر قاتاردا نۇرغۇنلىغان مۇساپىر يېتەكچىلەر تۈركىيە ۋەتەنداشلىقىدىن چىقىرىلىشقا مۇناسىۋەتلىك قارار، ئاتاتۈرك دەۋرىدە ئىچكى ئىشلار ۋەكىلى شۈكرى قايانىڭ ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىۋىگە ئاساسەن جالال بايار ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېلىنغان بىر قارار ئىدى. قارار ئېلىنغان كۈن 1938-يىلى 6-سېنتەبىر كۈنى ئىدى. ئوسمان غوجا ئوغلى بىرلىكتە مۇستاپا چوقاي ئوغلىغا ئوخشاش تۈركىيىدىن باشقا بىر دۆلەتكە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانلىقى ھەققىدە يازغان خېتىدە 1938.9.21 دېگەن چېسلا يېزىلغان ئىدى. باشقىچە ئېيتقاندا، ھۆكۈمەت قارار قىلا-قىلمايلا يوقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان كىشىلەر چېگرادىن چىقىرىۋېتىلگەن دېيىشكە بولىدۇ. ھۆكۈمەت قارارنامىسى بۇ قارار ئېلىنىشتىن 18 كۈن كېيىن، يەنى 24-سېنتەبىر كۈنى «رەسمى گېزىت» تا ئېلان قىلىنغان دېمەكتۇر. شۈبھە يوقكى، بۇ قارار ئېلىنغان كۈنلەردە ئاتاتۈرك كېسەل بولۇپ ئاخىرقى كۈنلىرىنى ياشىماقتا ئىدى. شۇڭا بۇ پەيتلەردە ئاتاتۈركنىڭ بۇ تۈردىكى ھۆكۈمەت قارارلىرىدىن قانچىلىكىدىن خەۋىرى بارلىقى ھەققىدە بىرنىمە دېمەك تەس. ئەمما، بۇ قارار ئاتاتۈرك جۇمھۇرىيىتى بولۇپ تۇرىۋاتقان دەۋردە ئېلىنغان قارار بولۇپ، بۇ قارارنىڭ ئېلىنىشى بىلەن ئىسمەت ئىنئۆنۈنىڭ قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. ئوسمان غوجا ئوغلىنىڭ تۈركىيە تەۋەلىكىدىن چىقىرىلىش كۈنلىرىمۇ 1939-يىلىنىڭ كىرىشلىرىدا بولماستىن، بەلكى 1938-يىلى سېنتەبىر ئېيىنىڭ ئوتتۇرلىرىغا توغرا كېلىدۇ. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

جالال بايار ھۆكۈمىتى، باشقا بىر دۆلەت پايدىسىغا پائالىيەت قىلغان دەپ

قارىلىغان بۇ مۇساپىر يىتەكچىلىرىنى قولغا ئېلىش، سوتقا بېرىش قاتارىدىكى ھەرىكەتلەردە بولماستىن، ئۇلارنى ئۇدۇل ۋەتەنداشلىقتىن چىقىرىپ چېگرىدىن چىقىرىۋېتىش بىلەن كۇپايە قىلىدۇ. مىنىستىرلار مەھكىمىسىنىڭ ئالغان قارارىدا ئىسمى ئاتالمىغان ئەمما شۇلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللانغان دېيىلگەندىكى دۆلەت، پولشا بىلەن ئۇنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولۇپ ھېساپلىنىۋاتقان ئەنگلىيە بولۇپ، زىيىنىغا پائالىيەت قىلىندى دېيىلگەندىكى دۆلەت بولسا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئىدى. ۋەتەنداشلىقتىن چىقىرىلغان كىشىلەرنىڭ تەشكىلات قۇرۇش بىلەن شوغۇللاندى دېگىنى بولسا پىروتېنلەي ئۇيدۇرما گەپ ئىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىردىن بىر ئالاھىدىلىك، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا مۇساپىر تۈركلەردىن بولۇشى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى دائىرىسىدە سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللىنىپ كېلىۋاتقانلىقى ئىدى. ئۇلار ھەرقانداق بىر دۆلەت پايدىسى ئۈچۈن ئاخبارات توپلاش پائالىيىتى بىلەن شوغۇللانغان دېيىشتىن قەتئىي ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. ئەگەر بۇنداق بىرەر پائالىيەت بىلەن شوغۇللانغانلىقى ھەققىدە كىچىككىنە بىر پاكىت بولسا ئىدى، بۇ كىشىلەرنى قولغا ئېلىپ سوتقا بېرىشكە توغرا كېلەتتى. ئەمما بۇنىڭ ئورنىغا ئۇلارنى مىنىستىرلار قارارى بويىچە ۋەتەنداشلىقتىن چىقىرىپ چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىش يولى تاللىنىلغان. ھۆكۈمەتنىڭ بۇ قىلغىنىنىڭ ئۆزىلا ئۇلارنىڭ ئارتقان گۇناھلىرىنىڭ ھېچقانداق ئىسپاتقا تايانمىغانلىقىنى، بۇ ھەقتە قوبۇل قىلىنغان قارار پىروتېنلەي سىياسىي غەرەزلىك بىر قارار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەگەر مەھەممەت ئىمىن روسۇلزادە، زەكى ۋەلىدى توغان، ئاياز ئىساقى، جاپپار سېيىت ئەخمەت قىرىمئەر، سېيىت شامىل، مىرزا بالا قاتارىدىكى قالغان مۇساپىر يىتەكچىلىرى ھەر تۈرلۈك سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن خېلى بۇرۇنلا تۈركىيىدىن چىقىپ كەتمىگەن بولسا ئىدى، ئۇلارمۇ چوقۇم بۇ تىزىملىكتە بولىشى مۇمكىن، ئۇلارمۇ ۋەتەنداشلىقتىن چىقىرىلغان، چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان ئاقىۋەتكە دۇچار بولغان بولاتتى.

خۇلاسىلىغىنىمىزدا، بۇ قارارلار نەتىجىسىدە ت م ب رەئىسى ئوسمان غوجا ئوغلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇساپىر يىتەكچىلەر يەنە بىر قېتىم تۈركىيىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. بۇ جەرياندا، ئوسمان غوجا ئوغلى بىلەن بىرگە ئافغانىستانغا بېرىپ پائالىيەت قىلغان سۇلتانبەك بەختىيارمۇ تۈركىيىدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ ئەرەبىستانغا يولغا سېلىنغان ئىدى. بۇ ئەھۋاللاردىن كېيىن، بېرلىنگە قاراپ يولغا چىققان ئوسمان غوجا ئوغلى كونا دوستى ۋە رەقىبى بولغان چوقاي ئوغلىغا خەت ئارقىلىق مۇنداق دەيدۇ:

مېنى تۈركىستان مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ دولقۇنلىرى ئېقىتىپ-ئېقىتىپ ئاخىرى بېرلىنغا ئەكىلىپ تاشلىدى. مەن ئەسلىدە خېلى ۋاقىتتىن بېرى

”ياۋرۇپا مەركەزلىرىنى زىيارەت قىلغاچ سىز بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈپ ئۆزۈن يىلدىن بېرى ئارىمىزدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان خاپىچىلىقلىرىمىزغا خاتىمە بەرگەن بولسام“ دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم. مانا بۈگۈن، بۇ ئۆرۈش دولقۇنلىرى مېنى بۇ ئارزۇيىمغا يەتكۈزدى ئەتىمالىم، مانا سىزگىمۇ بارغانسىرى يېقىنلاپ كەلمەكتىمەن. خۇدا بۇيرىغان بولسا پات ئارىدا كۆرۈشۈش ئۈمىدى بىلەن.

چوقاي ئوغلىنىڭ بەرگەن جاۋابى سەل تىكەنلىكرەك بولغىنى بىلەن، يەنىلا يارىشىپ قېلىش ئۈچۈن قىزغىن پوزىتسىيە بىلدۈرمەكتە ئىدى:

سىزنىڭ بىرلىنغا قاراپ مەجبۇرى ساياھەتكە چىققانلىقىڭىز توغرىلىق مەجىدىدىن ئەپەندى ماڭا خەۋەر قىلىپ خەت يازغان ئىكەن. ئۇ يەرگە يېتىپ بارغانلىقىڭىزنىمۇ ماڭا تاھىر ئۇقتۇرغان ئىدى. ... تۈرىۋاتقان دۆلەت (تۈركىينى كۆزدە تۇتماقتا. — ئاپتوردىن) تىن ئايرىلىشىڭىزغا سەۋەپ بولغان سىياسىي سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئىككىمىز تولۇق ئالاقىلىشىپ كېتەلمەي قالغان ئىدۇق. ... ئوتتۇرىمىزدىكى جوغراپىيىلىك ئايرىلىقنىڭ يىراقلىقى سەۋەبىدىن ئوتتۇرىمىزدىكى زىدىيەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ... خۇدايىم بۇ قېتىمقى ساياھىتىڭىزدىن ياخشى نەتىجىلەرنىڭ قولىغا كېلىشى ئۈچۈن ئاسانلىق ئاتا قىلغاي. بۈگۈنكىدەك سىياسىي مۇھىت بارلىققا كەلگەنلىكى ئۈچۈن سىزنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بىرلىنغا قاراپ ئاتلىنىشىم مېنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپەم ھېساپلىنىدۇ. ... سىزگە ھەر قانداق بىر ياردەم بېرىش ئۈچۈن ھەر دائىم تەييارمەن.

تەغدىرنىڭ ئاجايىپ كارامىتى زەكى ۋەلىدى توغاننىمۇ 1932 ـ يىلى ئىيول ئېيىدا چاقىرىلغان تۈرك تارىخ قۇرۇلتىيىدا دۆلەتنىڭ ئۇ كۈنلەردىكى رەسمى تارىخ ئىلمى قارىشىغا قارشى تۇردۇڭ دېگەن باھانە بىلەن، دارىلفۇنۇن (ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بۇرۇنقى شەكلى — ئۇ.ت) دىكى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ تۈركىيەدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلاتقان ئىدى («سىياسىي مەركەز — تۈركىيە» دېگەن بابقا قارالسۇن. — ئا.ھ. ئىزاھاتى). شۇنداق قىلىپ، 1930 ـ يىللار ئاخىرلىشىۋاتقان كۈنلەردە ت م ب نىڭ بۇ داڭلىق ئۈچ نەپەر تارىخى ئادىمى، ئوخشاش بىر تەغدىرنى باشتىن كەچۈرمەكتە ئىدى.

يۈز بەرگەن بۇ ھادىسىلەر شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، بۇندىن كېيىن تۈركىينى مەركەز قىلغان بىر سىياسىي پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇش ئىمكانىيىتى ئەندى قالمىغان ئىدى. شۇ سەۋەپتىن ، ت م ب مەركىزى كومىتېتى ئىستانبۇلدا ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق يىغىننى ئېچىپ، تەشكىلات مەركىزىنى ئىمكانىيەتنىڭ

بارىچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ياۋرۇپادا مۇۋاپىق كېلىدىغان بىرەر مەركەزگە كۆچۈرۈپ كېتىش قارا قىلىندۇ. ت م ب نىڭ ئاچقۇچلۇق ئادىمى بولغان مەجىدىدىن دەلىل 1938 ـ يىلىنىڭ دىكابىرىدا بېرلىنگە يېتىپ بارىدۇ. مەجىدىدىن دەلىل، شارائىتلار يار بەرگىنىچە بېرلىندا تۇرۇپ قېلىشنى پىلانلىماقتا ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بېرلىن بۇندىن كېيىنكى ت م ب نىڭ يېڭى مەركىزى قىلىپ تاللىنىۋېلىنغان ئىدى.

## 1939 ـ يىلقى بېرلىن قۇرۇلتىيى ۋە چوقايئوغلى رەئىسلىك دەۋرى

بۇ ۋاقىتلاردا، ياۋرۇپا قىتئەسى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قاراپ تېز سۈرئەتتە ئىلگىرلىمەكتە ئىدى. ناتسىستلارنىڭ ئاۋۇستىرىيىدىن باشلىغان، كەينىدىنلا چېخسلوۋاكىيىنى بېسىۋېلىش بىلەن داۋاملاشقان ئىشغالىيەت ھەرىكەتلىرى ياۋرۇپانى قاتتىق ساراسىمە سېلىۋەتكەن ئىدى. ئەنە شۇنداق جىددى ئەھۋال ئاستىدا ت م ب رەھبەرلىرى بېرلىندا بىر قۇرۇلتاي چاقىرىش ئۈچۈن جىددى تەييارلىق قىلىشقا كىرىشىدۇ. **بۇ قۇرۇلتايغا شۇ ۋاقىتلاردا ئىستانبۇلدا تۇرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق رەھبەرلەردىن بىرى بولغان گېنېرال مەخمۇت مۇھىدىنىمۇ تەكلىپ قىلىشقان ئىدى** (مەخمۇت مۇھىدى بۇ يىغىنغا "مەن شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ بىر خىزمەتكارىمەن، شۇڭا ئۇلاردىن بى رۇخسەت بۇنداق بىر يىغىنغا قاتنىشالمايمەن" دەپ قاتنىششنى رەت قىلغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بار. — ئۇ.ت). ۋارشاۋادا تۇرىۋاتقان ئوسمان غوجا ئوغلى بولسا مەركىزى كومىتېتنىڭ ھىمايىسىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ھەرقانداق بىر قۇرۇلتاي چاقىرىشنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىنى، ئەگەر قۇرۇلتاي چاقىرىشقا توغرا كەلگىنىدىمۇ بۇ ئىشنى پەقەت ئۆزىنىڭلا قارار قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ يۈرەتتى. ئۇ يەنە چوقاي ئوغلى بىلەن مەجىدىدىن دەلىلنى ۋارشاۋاغا كەلسۇن دەپ تەلەپ قىلىپ، ت م ب تۈغى ئاستىدا بىرلىكتە پائالىيەت قىلىمىز، بۇنىڭدىن باشقا يول تۇتۇشىڭلارغا يول قويمايمەن دەپ، ئۆزىدىن باشقا كىشىلەر تەرىپىدىن تەشكىل قىلىنىدىغان پائالىيەتلەرنى توغرا كۆرمەيدىغانلىقىدا چىڭ تۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. ئەمما چوقاي ئوغلى بىلەن مەجىدىدىن دەلىل ئىككىسى بۇ قۇرۇلتاينى ئېچىشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇرۇلتايدا ئوسمان غوجا ئوغلىنى تەشكىلدىن چىقىرىپ تاشلاش پىكرىدىمۇ چىڭ تۇرماقتا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن غوجا ئوغلىنىڭ تەلىۋىگە قارىماي ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ۋارشاۋاغا بارمايدۇ. ئەكسىچە قۇرۇلتاينى 1939 ـ يىلى ئەتىيازلاردا چاقىرىش ئۈچۈن دەسلەپكى تەييارلىق ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ غوجا ئوغلىنى بېرلىنگە تەكلىپ قىلىشىدۇ. غوجا ئوغلى بولسا، ئۆزى

قاتناشمايدىغان بىر قۇرۇلتاينىڭ قانۇنلۇق ھېساپلانمايدىغانلىقىنى، چوقاي-دەلىل ئىككىسى ئۇنىڭ رۇخستىنى ئالماي تۇرۇپ بىر قېتىملىق قۇرۇلتاي چاقىرىشقا ئۇرۇنۇپ يۈرگەنلىكىنى، شۇ سەۋەپتىن بۇنداق بىر قۇرۇلتايغا قاتناشمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

رەئىس ئوسمان غوجا ئوغلى قاتناشمىغانلىقىغا قارىماي، ت م ب نىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 1939-يىلى 24-مارت كۈنىسى بېرلىندە چاقىرىلىدۇ. زامانىسىنىڭ قىيىن شارائىتى توسالغۇلۇق قىلىشى تۈپەيلىدىن، بۇ قۇرۇلتايغا بەكلا ئاز ئەزا قاتنىشالىغان بولۇپ، ياۋرۇپا سىرتىدا تۇرىدىغان ئەزالار ۋاكالەتچىلىرىنىلا ئەۋەرتەلىگەن ئىدى (1939-يىللىق بېرلىن قۇرۇلتىيىغا قاتنىشالىغان ئەزالار تۆۋەندىكىلەر ئىدى: مۇستاپا چوقاي ئوغلى، تاھىر چاغاتاي، مەجىدىدىن دەلىل، سابىر تۈركىستانلىق ۋە ئابدۇۋاھاپ ئوكتاي. تۈركىيە بىلەن ئافغانىستاندىكى ئەزالار ۋاكالەتچى ئەۋەرتىدۇ. — ئا.ھ. ئىزاھاتى). بىرىنچى قېتىملىق يىغىندا ت م ب نىڭ ئومۇمى ئەھۋالى كۆزدىن كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، تەشكىلاتنى قايتىدىن رەتلەپ چىقىش، رەئىس سايلىمى ئۆتكۈزۈش، تۈركىستان تۈركى ياشلار ئىتتىپاقى، يېڭى بايراق مەسىلىسى ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى قاتارىدىكى مەزمونلارنى قۇرۇلتاي كۈنتەرتىۋىگە قويۇش بەلگىلىنىدۇ. 10-ئافرىلغىچە داۋاملاشقان قۇرۇلتاي جەريانىدا 5 قېتىملىق يىغىن ئېچىلغان بولۇپ، بۇ جەرياندا تۆۋەندىكىچە قارارلار قوبۇل قىلىنىدۇ:

تۈركىيەدىكى سىياسى شارائىت مۇۋاپىق كەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن، بۇندىن كېيىن ئىستانبۇلنى مەركەز قىلىش ئىمكانىيىتى قالمىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئەھۋالغا قاراپ تەشكىلات مەركىزى يا بېرلىندا يا بولمىسا پارىژدا تۇرسۇن دەپ بەلگىلەندى.

سابىق رەئىسنى، تەشكىلات تۈزۈملىرىگە بويى سۇنمايدىغان ئىش-ھەرىكەتلەر بىلەن شوغۇللىنىپ كەلگەنلىكى سەۋەبىدىن ت م ب غا بەكلا كۆپ زىيانلارنى كەلتۈردى دەپ تەنقىت قىلىپ، ئۇنى مەركىزى كومىتېتتىن چىقىرىۋېتىشنى ئاۋازغا قويۇپ بىردەك ماقۇللايدۇ. قۇرۇلتاي قارارىغا ئاساسەن، ئوسمان ئەپەندىم ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ تەشكىلات نامىدا مۇناسىۋەت باغلاپ، تەشكىلاتنىمۇ تونىمايدىغان كىشىلەرنى مەركىزى كومىتېت ئەزاسى دەپ تونۇشتۇرۇپ يۈرگەن، سىياسىي خاراكتېرلىق ساياھەتلەرگە چىققان ھەمدە ئەڭ مۇھىمى كاپىكازىيە تەشكىلاتلىرى بىلەن بىرلىكتە باشقا بىر دۆلەت پايدىسى ئۈچۈن پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللانغان دەپ قارىلىدۇ (تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى مىنىستىرلار كابىنېتىنىڭ 1938. 9. 6 كۈنىدىكى قارارىنى كۆزدە تۇتماقتا. — ئا.ھ. ئىزاھاتى). ئوسمان ئەپەندى بىلەن بىرگە تۈركىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلغان باشقا كىشىلەر تۈركىيىنىڭ بۇ تۈر قارىلىشىغا نارازىلىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئوسمان ئەپەندى بۇ قارىلىنىشلارغا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ت م ب نىڭ ئادەتتىكى بىر

ئەزاسى بولۇش سۈپىتىنى ساقلاپ قالالىشى ئۈچۈنمۇ تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قارىلاشلىرىغا جاۋاپ بەرگىنىدىن كېيىن ئاندىن مۇمكىن بولىدىغان بولىدۇ. بۇ قاراردىن كېيىن، ئوسمان ئەپەندىنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىدىن ت م ب مەسئۇل ئەمەس دېگەن قارار قوبۇل قىلىنىدۇ.

يەنە بىر قېتىملىق يىغىندا، ت م ب تەشكىلات ئەزالىرىنى قايتىدىن كۆزدىن كۆچۈرۈپ چىقىش قارار قىلىنىدۇ. رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ھەمكارلىق ئاساسىدا پائالىيەت قىلىشى كېرەك دېگەن پىرىنسىپنى بېكىتىشىپ، رەئىسكە پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللاردىلا ئالاھىدە ھوقۇق بېرىلىدىغانلىقى بەلگىلىنىدۇ. ت م ب رەئىسلىكىگە مۇستاپا چوقاي ئوغلى تەيىنلىنىدۇ.

**شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى كۆزدىن كۆچۈرۈلگەن** يەنە بىر قېتىملىق يىغىندا، ھەر ئىككى تۈركىستان تەۋەسى ئورتاق پائالىيەت قىلىشى كېرەك دېگەن بەلگىلىمىنى چىقىرىشىپ، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان يىتەكچىلىرىدىن تەشكىل تاپىدىغان بىر ئومۇمىي تۈركىستان مەركىزى قۇرۇپ چىقىش قارارى ئېلىنىدۇ.

ئىستانبۇلدىكى تۈركىستان تۈركىي ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ پائالىيەتلىرىنى پەقەت ئىلمىي ۋە ئىجتىمائىي خاراكتېرىدىكى پائالىيەتلەر بىلەنلا چەكلەش لازىملىقى، سىياسىي پائالىيەتلەرگە قەتئىي ئارىلىشىپ قالماسلىقى ھەمدە ت م ب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ بىر تۈرلۈك ھىمايە ئاستىدا تۇرۇش مۇناسىۋىتى بىلەنلا چەكلىنىشى قوبۇل قىلىنىدۇ.

قۇرۇلتاي يىغىنلىرىدا، ھەر تۈرلۈك مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ بىر ماسون (يەھۇدىي تىرىلىش تەشكىلات ئەزاسى — ئۇ.ت) بولغانلىقى ھەققىدىكى گەپ-سۆزلەر مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ شەخسىيىتىگىلا ئەمەس، بەلكى ت م ب گە قارىتىلغان بىر تۈرلۈك تەتۈر تەشۋىقات دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ.

قۇرۇلتاي، تۈركىستان مىللىي بايرىقىنى بۈگۈنكى شارائىتتا ئاساسەن قايتىدىن لايىھىلىنىشى لازىم دەپ قارار قىلىدۇ. قوبۇل قىلىنغان بايراق بويىنىڭ تەڭ يېرىمى تۆمۈرنىڭ بايرىقىدا بولغان توق قىزىل رەڭلىك، قالغان يېرىمى شەرقىي تۈركىستان بايرىغىنىڭ رەڭگىگە ئوخشاش ئۆچۈق ھاۋارەڭدە بولىشى لازىم دەپ بەلگىلىنىدۇ. بايراق ئوتتۇرىسىدا تۈركىيلەرنىڭ سىمۋولى بولغان ئاي-يۇلتۇز قويۇلغان.

1939-يىلقى قۇرۇلتاينىڭ ئەڭ ئاخرقى قېتىملىق يىغىنىدا مۇستاپا چوقاي ئوغلى، مەجدىدىن دەلىل ۋە تاھىر چاغاتاي قاتارلىق ئۈچ كىشىلىك بىر ۋاقىتلىق ئىجرائىيە كومىتېتى سايلىنىپ، بۇ ئورگان شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان يىتەكچىلىرى بىلەن مۇناسىۋەت تىكلەپ، ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىر قېتىملىق قۇرۇلتاي چاقىرىش ھەققىدە قارار قوبۇل قىلىنىدۇ.

بېرلىن قۇرۇلتىيى بىر تەرەپتىن ت م ب دە تۈپكى ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئورغۇنلىغان مۇجمەللىكلەرنىڭ پەيدا

بولىشىغىمۇ سەۋەپچى بولىدۇ. ئوسمان غوجىغا ئوخشايدىغان تارىخى بىر شەخسنىڭ چەتكە قىقىلىشى ھەمدە مەركەزنىڭ ياۋرۇپاغا يۆتكىلىشى كېيىنچە تۈركىستانلىقلار زىچ ئولتۇراقلاشقان رايونلار بىلەن بولغان ئالاقىلارنىڭ ئازىيىپ كېتىشىگە سەۋەپچى بولىدۇ. **شەرقىي تۈركىستان مەسىلىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر قىسىم قارارلارنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقىغا قارىماي،** شەرقىي تۈركىستاندا كۈرەش قىلىۋاتقان يېتەكچىلەر بىلەن يېتەرلىك دەرىجىدە مۇناسىۋەت تىكلەپ كېتەلمىگەنلىكىمۇ مەلۇم. ت م ب ئەزالىرى يېڭىدىن قوبۇل قىلىشقان بايراق ئارقىلىق شەرقىي ۋە غەربى تۈركىستاننى بىرلەشتۈرىدىغان بىر ئورتاق سىمووۋل بارلىققا كەلتۈرۈشنى ئويلىغان ئىدى. ئەمما، ت م ب 1939ـ يىلقى قۇرۇلتىيىدىن كېيىن خەلق ئاممىسىدىن بارغانسىرى ئايرىلىپ قالىدىغان، كۈندىن كۈنگە كىچىكلەپ كەتكەن ئاز سانلىق كادىرلار تەشكىلاتى ھالىغا ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ.

## گېرمانىيە ـ ياپونىيە ساھەسىدە سوۋيېت مۇساپىرلىرى ۋە پرومېتې

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن باشلانغان يىللار بەلكى گېرمانىيە ئۈچۈن تارىختىكى ئەڭ داۋالغۇشلۇق ئۆتكەن يىللار ھېساپلانسا كېرەك، بۇ جەرياندا ئوتتۇرىغا چىققان ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي بوھرانلار 1933ـ يىللىرىدا ناتسىتلار پارتىيىسى (ن س د ئا پ ــ مىللىي سوتسىيالىزم نېمىس ئىشچىلار پارتىيىسى ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) نى ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقارغان ئىدى. بۇ تۈردىكى بىر ۋەزىيەت سوۋېتكە قارشى كۈرەشلىرىنى بېرلىندا قانات يايدۇرۇپ كېلىۋاتقان مۇساپىرلار ھەرىكىتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. بۇرۇنقى باپلاردا بايان قىلىنغىنىدەك، تۈركىستانلىقلارنىڭ «ياش تۈركىستان» مەجمۇئەسى، ئىدىل ـ ئۇرال تۈركلىرىنىڭ «يېڭى مىللى يول» ژورنىلى، ئەزەربەيجانلىقلارنىڭ «قۇرتۇلۇش» (ئازاتلىق) ژورنىلى ھەمدە ھەيدەر بامات گۇرۇپپىسىنىڭ «كاۋكاز» ژورنىلى قاتارلىق ژورناللار بېرلىندە نەشرى قىلىنماقتا ئىدى. ناتسىتلار ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ۋاقىتلاردا، سوۋېتكە قارشى خاراكتېردىكى بۇ تۈر نەشرى ئەپكارلىرى بىلەن مۇساپىر گۇرۇپپىلىرىغا قارىتا نىسبەتەن بىتەرەپ پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ نەشرىيات پىرىنسىپلىرىغا قارىتا ھەرقانداق بىر تەسىر كۆرسىتىش ياكى بېسىم قىلىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانمىغان ئىدى.

ناتسىتلار ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىپ ئۇزۇنغا قالماي، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورگانلارنى تەسىس قىلىشقا

كىرىشىدۇ. دەسلىۋىدە، بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىغا قارايدىغان، 1887ـ يىلى قۇرۇلغان شەرق تىللىرى دەرسلىرى ئۆتۈلىدىغان «سېمىنار فۇر ئورىيېنتالىسچ سپراچېن» نامىدىكى مەكتەپنىڭ ئىسمىنى «ئاۋسلاند ـ هوشكول» دېگەن ئىسمغا، يەنى چەت دۆلەتلەرنى ئۆگىنىش ئالىي مەكتىۋى دېگەن مەكتەپكە ئۆزگەرتىشىدۇ. بۇ مەكتەپكە قارايدىغان يەنە بىر «رۇسسلاند ئىنىستىتۇت» (روسىيىنى تەتقىق قىلىش ئىنىستىتۇتى ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) قۇرۇلىدۇ. بۇ ئىنىستىتۇتتا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ھەققىدە، شۇ قاتاردا بۇ ئىتتىپاق تەۋەسىدىكى بارلىق مىللەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ۋە سىياسىي خاراكتېردىكى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلىدۇ. بۇ ئىنىستىتۇتقا داڭلىق شەرق ئىشلار ئالىمى پروفېسسور فون مەندېنى باشلىق قىلىپ تەيىنلەيدۇ. بۇ ئىنىستىتۇتتا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى ئومۇمىي ۋە يەرلىك مەتبۇئاتلارنىڭ ھەممىسى كۆزدىلىك كۆزىتىلىپ، مىللەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە دېموگرافىك (مىللى تەركىپ، ئىنسان توپلىملىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ياكى تەرەققىياتىنى سانلىق مەلۇماتلار ئاساسىدا تەتقىق قىلىنىدىغان بىر ستاتىستىكىلىق تەتقىقات ــ ئۆ.ت) مەلۇماتلار توپلىنىپ ئارخىپلاشتۇرۇلۇپ ھەپتىلىك دوكلاتلار تەييارلىنىپ تۇرىلاتتى (ئەخمەت تۆمۈر، 1936ـ يىلى بۇ ئىنىستىتۇتتا خىزمەت قىلىۋاتقىنىدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ تۈركى خەلقلەر ساھەلىرىدىن كەلگەن «باشقىردىستان» ‹ئۇفا›، «كومۇنىست» ‹باكۇ›، «ئۆزبەكىستان» ‹تاشكەنت›، «سوتسىيالىستىك تاتارىستان» ‹قازان› قاتارىدىكى گېزىت ـ ژۇرناللار تەتقىق قىلىنىپ ھەپتىلىك دوكلاتلارنى تەييارلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

ناتسىتلارنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى مىللەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يەنە بىر مۇھىم ئورگان ــ ناتسىتلار پارتىيىسىگە بىۋاستە قارايدىغان تاشقى سىياسەت كابىنتى، يەنى ئا پ ئا (ئاۋسسېنپولىتىسچېس ئامت ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) ئىدى. روسېنبېرگ رەھبەرلىكىدىكى بۇ بۆلۈمدە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى خەلقلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەر، روسېنبېرگنىڭ يېقىن دوستى لېيبېراندت مەسئۇللىقىدا پائالىيەت قىلماقتا ئىدى.

ئۇ ۋاقىتلاردا گېرمانىيىدىكى مۇساپىرلارغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر تەشكىلات بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى گېرمانىيە بىخەتەرلىك تەشكىلاتى ئىدى. بۇ ئورگاندا، گېرمانىيىدىكى مۇساپىر گۇرۇپپىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرۇش، لازىم بولغىنىدا ئۇلاردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئالاقىلىشىش بۆلۈملىرى تەسىس قىلىنغان ئىدى.

مۇساپىرلار سانىنىڭ كۆپ بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇرۇس، ئۇكرائىن، گرۇزىن ۋە ئەرمەن مۇساپىرلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئايرىم ئىشخانىلارمۇ تەسىس قىلىنغان بولۇپ، شۇ دۆلەتلەردىن كەلگەن بەزى مۇساپىرلار بۇ ئىشخانىلاردا ئىشقا ئېلىنغان ئىدى. بۇلارغا سېلىشتۇرغاندا، بەلكىم سانى بەكلا ئاز بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك،

تۈركىستانلىقلار، تاتارلار ياكى بولمىسا ئەزەربەيجانلارغا مۇناسىۋەتلىك ھېچبىر ئىشخانا تەسىس قىلىنمىغان ئىدى.

بۇ ئىشخانىلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى بىلەن بىرگە، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى بىلىدىغان، سوۋېت مىللەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك تېمىلاردا مۇتەخەسسىسلەشكەن ھەمدە بۇ ھەقتە تىل بىلىدىغان كىشىلەرگىمۇ ئېھتىياجلىق بولماقتا ئىدى. بۇ تەلەپنى پەقەتلا گېرمانىيىدە تۇرىۋاتقان مۇساپىرلار ئارىسىدىنلا ھەل قىلالىشى مۇمكىن ئىدى. شۇ سەۋەپتىن ناتسىستلار پارتىيىسىگە ئەزا بولغان بەزى گروزىن مۇساپىرلار بۇ ئورگاندا ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويۇلغان ئىدى. مەسىلەن 1938 ـ يىلى پروفىسسور فون مەندېنى ن س د ئا پ نىڭ تاشقى سىياسەت بۆلۈمىگە مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا گروزىن مۇساپىرى بولغان پروفىسسور مىخائىل ئەخمەتەلى دېگەن كىشى قويۇلغان. ئۇنىڭ تۇققىنى بولغان سابىق گروزىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ گېرمانىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى لادو ئەخمەتەلىمۇ كاپكازىيە ئالاقىلىشىش ئىشخانىسىغا مەسئۇللىقنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. يەنە بىر گروزىن مۇساپىر بولغان ئالېكساندىر نىكورادزې دېگەن كىشى روسېنبېرگنىڭ ئا پ ئا سىدا ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ئىدى.

يوقۇرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئورۇنلار ھەر تۈرلۈك تېمىلاردا دوكلاتلار تەييارلاش، تەرجىمانلىق قىلىش قاتارىدىكى ئىشلار ئۈچۈن نۇرغۇن كەسپى خادىمغا ئېھتىياجلىق ئىدى. بۇ مەقسەتتە سىياسى ئالاھىدىلىكى يوق نۇرغۇن مۇساپىر، بولۇپمۇ فون مەندې، لېيبىراندت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ ئورۇنلاردا ۋەزىپىگە قويۇلغان ئىدى. بۇ تۈر كىشىلەر ئارىسىدا ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىمجان ئىدرىس دېگەن بىرىسى بار ئىدى. تۈركىستاندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئىدىل ـ ئۇرال تۈركلىرىدىن بولغان ئىدرىس ئوقۇشىنىڭ بىر قىسمىنى گېرمانىيىدە تاماملىغان بولۇپ، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا بېرلىن ئەتراپىدىكى ئۇرۇش ئەسىرلىرى ئۈچۈن قۇرۇلغان ۋۈنستورف مۇسۇلمانلار لاگېرىدا دىنى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلار مەسئۇلى بولۇپ خىزمەت قىلغان. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قايتىپ بارغىنىدىن كېيىن، بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن گېرمانىيىگە ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلارغا مەسئۇل قىلىپ قايتا بېرلىنگە ئەۋەتىلگەندىن كېيىن قايتىپ كەتمەي گېرمانىيىدە قېلىپ قالغان. بۇ كىشى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركى شىۋىلىرى، تۈركىيە تۈركچىسى بىلەن بىر قاتاردا نېمىسچە، فرانسۇزچە، رۇسچە، فارىسچە ۋە ئەرەپ تىللىرىنىمۇ بىلەتتى. شۇڭا ئۇ، شەرق خەلقلىرىگە مۇناسىۋەتلىك نېمىس ئورگانلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا كام ئۇچرايدىغان مۇھىم ئادەم ھېساپلىناتتى (ئىدرىس، ھىتلېرنىڭ «كۈرەش يولۇم» دېگەن كىتاۋىنى فارىس تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇرۇش يىللىرىدا م ت ب ك ئۈچۈن ئىشلەش ئارزۇسى بولغان بولسىمۇ ۋەلى قېيۇمخان رۇخسەت قىلمىغان. ئۇرۇش ئاخىرلاشقىنىدا گېرمانىيىدىن قېچىپ چىقىپ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە

پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولغان. بىر مەزگىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن گېرمانىيىگە قايتىپ بېرىپ، ئامېرىكىلىقلار قۇرغان بولشېۋىزمغا قارشى مۇئەسسەلەردە ئىشلەيدۇ. ئۆمۈرىنىڭ كېيىنكى يىللىرىنى ۋېنگىرىيىدە ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرى شۇ يەردە ۋاپات بولىدۇ. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). ئىدىل-ئۇراللىق تۈركىيە گراژدانى ئەخمەت تۆمۈر بىلەن تۈركىستانلىق ۋەلى قېيۇمخانغا ئوخشاش بىر قىسىم كىشىلەرمۇ بىرەر ئورگاندا خىزمەت قىلمىغىنى بىلەن، فون مەندې ياكى لېيبېراندتقا ئوخشاش مەسئۇل كىشىلەرنىڭ تەلىۋى بويىچە ئۆز كەسپى ساھەلىرىگە ئالاقىدار ئىشلاردىن دوكلاتلارنى تەييارلاپ بېرىش ئىشلىرى بىلەن شوغۇللىنىپ تۇراتتى (مۇھلىپ: لېيبېراندت بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىدە، ئۇنىڭ ۋەلى قېيۇمخان ماڭا ئاساسلىقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوۋېتلەرنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك دوكلاتلارنى تەييارلاپ بېرەتتى دەپ ئېيتقىنى ھەققىدە توختالغان. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

ناتسىستلار ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان يىللاردىن باشلاپ ياۋرۇپادا پائالىيەت قىلىپ كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى مۇساپىرلارنى سىياسىي تەرەپپازلىقى ۋە مۇناسىۋەت قىلىش شەكىللىرى بويىچە مۇنداق ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىش مۇمكىن: بىرىنچى تۈردىكىلەر يەنى شۆبھىسىز ئەڭ كۈچلۈك ئورۇنغا ئىگىلىرى پرومېتېي گۇرۇپپىسىغا تەۋە كىشىلەر ھېساپلىناتتى. بۇ گۇرۇپپىنى تەشكىل قىلغان مۇساپىرلار ئاساسەن ئالغاندا لىبېرال دېموكراتچى ياكى بولمىسا سوتسىيال دېموكراتچى كىشىلەر ئىكەنلىكى مەلۇم. بۇ ھەرىكەت پولشانىڭ ياردىمى بىلەن تەشكىللىنىپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقى سەۋەپلىك، ئادەتتە فرانسىيە-ئەنگلىيە سېپىغا يېقىن كېلىدىغان مەيدانىنى ئىپادىلەشمەكتە ئىدى. بولۇپمۇ فرانسىيە، قىسمەنلىكتە ئەنگلىيە 1920-يىللىرى سوۋېتلەردىن كەلگەن بۇ مۇساپىرلارنىڭ قۇرۇپ چىققان مۇساپىردىكى ھۆكۈمەتلىرىگە ياردەم قىلىپ كەلمەكتە ئىدى (گروزىيىلىك سوتسىيالىستلار قۇرۇپ چىققان نويې جوردانىيا رەئىسلىكىدىكى مۇساپىر ھۆكۈمىتى 1930-يىللارغىچە فرانسىيە، ئەنگلىيە ۋە بېلگىيىلىكلەر تەرىپىدىن رەسمى ئېتراپ قىلىنغان ئىدى. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). 1935-يىلىسى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى جەمىيەتئى ئاكۋامغا قوبۇل قىلىنىشى بىلەن، بۇ گۇرۇپپىلار قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان بولۇپلا قالماي، سىياسىي جەھەتلەردىمۇ تۆپكى بۇرۇلۇشلارنىڭ كۆرۈلىشىنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، سوۋېت مۇساپىرلىرى ياۋرۇپادا پائالىيەت قىلىشقا كىرىشكىنىدىن كېيىن، پرومېتېينى تەشكىل قىلغان گۇرۇپپىلارغا قارشى تۇرۇدىغان رەقىپ گۇرۇپپىلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ. بۇلار بىر بولسا سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىغا چىقىشتىن بۇرۇنلا ئۆز ۋەتەنلىرىدە ئەسلىدىنلا بار رەقىپلەرنىڭ بۆگۈنكى ئۇزانتىسى ئىدى، ياكى بولمىسا ياۋرۇپاغا كەلگەندىن كېيىنكى پائالىيەتلەر جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئىختىلاپلار سەۋەبىدىن پەيدا بولغان رەقىپلەر ھېساپلىناتتى. بۇنداق پارچىلىنىش كاپكازىيىلىكلەر ئارىسىدا بەكلا ئېنىق كۆزگە چېلىقاتتى. نىيو

جوردانىيان گۇرۇھىغا قارشى بىر قىسىم گرۇزىنلار مىللەتچى سىپىرىدون كېدىيا ئەترابىغا يىغىلىپ گۇرۇھ تەشكىل قىلىشقان ئىدى. يەنە بىر رەقىپ يېتەكچى بولسا، گرۇزىيىنىڭ سابىق بىرلىن ئەلچىسى لادو ئەخمەتەلى گۇرۇھى ئىدى. بۇلارغا ئوخشاش يەنە پرومېتې تەركىبىدىكى شامىل گۇرۇھىغا قارشى تۇرىدىغان شىمالىي كاپكازىيىلىكلەر سابىق شىمالى كاپكازىيىلىك مىنىستىر ھەيدەر باماتىنىڭ ئەترابىغا يىغىلىشقان ئىدى. مۇساۋاتچىلار ئارىسىدىكى پارچىلىنىشمۇ رەقىپ يېتەكچى قىلىپ يەنە سابىق مىنىستىر بولغان خاس مەھەممەتنى تاللىۋېلىشقان ئىدى.

گېرمانىيىدە ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىققان ناتسىست دائىرىلىرى پرومېتې تەشكىلاتى تەركىبىدە بولغان گۇرۇپپىلارنىڭ سىياسى تەۋەلىكى بويىچە بۇلار بىلەن ھېچ قانداق مۇناسىۋەت قۇرمايلا قالماي، ئۇلارنىڭ رەقىپلىرىگە ياردەم قىلىشتەك بىر سىياسى يولنى تاللىۋېلىشقان ئىدى. شۇڭا، ھەيدەر بامات باشچىلىقىدىكى بارلىق رەقىبلەرنىڭ پائالىيەتلىرىگە ياردەمدە بولىدۇ. ئەسلىدىنلا ئۆز ۋەتىنىدىكى چاغلاردا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى جاھانگىرلىكىگە قارشى جەڭ قىلىپ يورۇپ ياۋرۇپاغا چىقىۋالغان پرومېتېچى يېتەكچىلەرمۇ، كومۇنىزمغا بەكلا ئوخشاپ كېتىۋاتقان يەنە بىر ئىدىئولوگىيە ھېساپلانغان فاشىزمغا، ئۇنىڭغا ۋاكالەتلىك قىلىۋاتقان ناتسىستلار بىلەن مۇناسىۋەت تىكلەشكە پەقەتلا قىزىقمىغان ئىدى. ھەتتا پۇرسەت تاپسىلا ناتسىسىزمنى تەنقىتلەپ كېلىۋاتقان ئىدى.

بامات، 1934 ـ يىلىدىن باشلاپ گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە ياپونىيە ئىتتىپاق سېپىدىن ئالغان ياردەمگە تايىنىپ «كاۋكاز» دەيدىغان بىر ژورنال چىقىرىشقا باشلايدۇ. «كاۋكاز»، پىرىنسىپ جەھەتتە پرومېتېگە، لىبىرالىزمغا ھەمدە دېموكراتىيىگە قارشى ئىدى. «كاپكاز» گۇرۇپپىسىدىكىلەر دۇنيانى ئانارخىزم بىلەن قالايماقانچىلىقتىن قۇتقۇزۇپ چىقالايدىغان بىردىن ـ بىر تۈزۈم — مىللىي سوتسىيالىزم يولى، يەنى فاشىزم يولى دەيدىغان قاراشتا چىڭ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ پرومېتېچىلەر بىلەن بولغان بىردىن ـ بىر ئورتاق نوقتىسى — سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان ئۆچمەنلىكى ئىدى.

ناتسىست گېرمانىيىسى بىلەن پرومېتېچىلەر گۇرۇپپىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ بارلىقىغا قارىماي، نېمىسلار بۇ گۇرۇپتىكى بەزى ئەزالارنى گېرمانىيىدە تۇرۇپ قېلىشىغا، ژورنال نەشرى قىلىش ئىشلىرىغا بىر نېمە دېمەيدۇ. گېرمانىيە دائىرىلىرىنىڭ بۇنداق پوزىتسىيىدە بولۇشىغا ئۇلارنىڭ سوۋېت دۈشمەنلىكى سەۋەپ بولماقتا ئىدى. ئەمما ئۇلارغا بۇنداق يۇمشاق مۇئامىلە قىلىش بەك ئۇزۇن داۋام قىلالمايدۇ. گېرمانىيە ـ سوۋېت ئىتتىپاقى دوستلۇق شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى بىلەن بۇ تۈردىكى مۇناسىۋەتلەر پۈتۈنلەي ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كېتىدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن پرومېتې مەركىزى ئورگىنىنىڭ ياۋرۇپادا پائالىيەت قىلىپ

كېلىشۋاتقان دېموكراتىيىگە يېقىن، ئەمما فاشىزمگە ئۆچ ئىپادىلىرى ئاسيادا ئۆزگەرگەنلىكى، ئەمما بۇ يەردە بولسا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا دۈشمەنلىك قىلىش سىپىدىلا تۇرىۋاتقانلىقى كۆرۈلىدۇ.

يىراق شەرقنىڭ كۈچلۈك دۆلىتى بولغان ياپونىيە، 1905-يىلقى روس-ياپون ئۇرۇشىدا غەلبە قىلغاندىن كېيىن ساخالىن ئارىلىنىڭ جەنوبىنى تارتىۋالغان بولۇپ، نەتىجىدە چارروسىيە بىلەن بىۋاستە چېگرىداش بولۇپ قالغان ئىدى. 1915-يىلى قۇراللىق تەھدىت سېلىپ يۇرۇپ مانجۇرىيىدە ئىمتىيازلىق ئورۇنغا ئېرىشىۋالغاندىن كېيىن، ياپونىيىنىڭ روسىيە بىلەن بولغان چېگرىداشلىقى تېخىمۇ كېڭەيگەن ئىدى. بولشېۋىكلار ئىنقىلاۋىدا يۈز بەرگەن ئىچكى ئۇرۇش جەريانىدا، ياپونلار چار پادىشانى ھىمايە قىلىدىغان ئاقلار گېنېراللىرىغا يان بېسىپ، ئۇلارنى ئەسكەر ۋە قۇرال-ياراق جەھەتتىن يۆلەپ تۇرىدۇ. بۇ جەرياندا بولشېۋىكلارغا قارشى كۈرەش قىلىپ، كېيىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن قېچىپ چىققان بىرمۇنچە مۇساپىر مانجۇرىيىگە كىرىۋالىدۇ. بۇلاردىن خېلى كۆپ كىشى ياپونىيىگە بېرىۋالىدۇ. توكيودا سوۋېتتىن قېچىپ چىققان خېلى كۆپ ئىدىل-ئۇراللىق تۈركىيلەر تۇراتتى. ئۇلار، مۇساپىرلار رايونىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. ياپونىيە دائىرىلىرىمۇ بۇ كىشىلەرگە بەكلا قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ كەلمەكتە ئىدى.

1927-يىلى ۋارشاۋاغا ئۆتۈپ، ئىدىل-ئۇرال مۇستەقىللىق كومىتېتىنى تەشكىللەپ چىققان ئاياز ئىساقى، 1933-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا توكيوغا بارىدۇ. 1934-يىلىنىڭ فېۋرال ئېيىدا ياپونىيىدە تۇرىۋاتقان تاتارلارنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك كىچىك قۇرۇلتىيىنى چاقىرىدۇ. بۇ جەرياندا پادىشاھ خىروشىتونىڭ ئىنىلىرىدىن شاھزادە چىچىبۇ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىدىل-ئۇرال مەسىلىسىنى تونۇشتۇرىدۇ. كېيىن يەنە ياپونىيە تېزگىنلەپ تۇرغان مانجۇرىيىگە بارغان ئىساقى، 1935-يىلىنىڭ فېۋرال ئېيىدا ياپونىيە، خىتاي، كورىيە ۋە مانجۇرىيە قاتارلىق جايلاردا ياشايدىغان 17 تاتار جەمىيىتىنىڭ ۋەكىللەر ئۇيۇشمىسى بىلەن يىراق شەرق پۈتۈن تاتارلار قۇرۇلتىيىنى چاقىرىدۇ. قۇرۇلتايدىن كېيىن مۇكدەن (مودەنجاڭنى دېمەكچى بولسا كېرەك —ئۇ.ت) شەھىرىدە مىللىي مەدەنىيەت مەركىزىدىن بىرنى قۇرىدۇ. ئۇ يەردە يەنە «مىللىي بايراق» نامىدا ھەپتىلىك گېزىتمۇ چىقىرىشقا باشلايدۇ. ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئاياز ئىساقى تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بۇ پائالىيەتلەرگە باشتىن تارتىپ قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ ياردەم قىلىدۇ. ئىدىل-ئۇرال تۈركلىرىنىڭ ياپونىيىدىكى يەنە بىر پائالىيىتى بولسا، «ياپونىيە مۇخبىرى» دېگەن ژورنال چىقىرىشى ئىدى. ئابدۇلھەي قۇربانەلى ئىسىملىق ئىدىل-ئۇراللىق بىرسى تەرىپىدىن ئەرەپ ھەرپلىرى بىلەن تۈركچە چىقىرىلغان بۇ مەجمۇئە، 1931-يىلى ئافرىلدىن باشلاپ نەشرى قىلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، نەشرى جەريانىدا ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ كېلىدۇ.

ياپونىيە، 1931ـ يىلى مانجۇرىيە تەۋەسىدىن خىتايغا ھۇجۇم قىلىدۇ، مانجۇرىيىدىمۇ مانجۇكو (مانجۇرىيە دۆلىتى ــ ئۇ.ت) دېگەن بىر قورچاق ھۆكۈمەت تەشكىللەپ چىقىدۇ. ياپونىيە، خەلقارالىق بېسىمنىڭ كۈچىيىپ كېتىشى سەۋەبىدىن 1933ـ يىلى مىللەتلەر جەمىيىتى تەشكىلاتىدىن چىقىپ كېتىدۇ. 1937ـ يىلىغا كەلگەندە خىتاينىڭ خېلى چوڭ بىر پارچىسىنى بېسىۋالغان ئىدى. بۇ جەرياندا 30ـ يىللارنىڭ بېشىدىن تارتىپ شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭلار پارتىلاشقا باشلايدۇ. تۈركىستان مىللى ئىستىقلال ھەرىكىتى شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ياپونىيە بىلەن ئورتاق دۈشمىنى خىتايغا قارشى تۇرۇشىغا ياردەم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ياپونىيىگە ئۈمىد باغلاشقا باشلايدۇ. ئۆتكەن بابلاردا تونۇشتۇرۇلغىنىدەك، ياپونىيە ھۆكۈمىتىگە بىر تونۇشتۇرۇش دوكلادى (مېموراندوم) سۇنىدۇ. پارىژ بىلەن كابولدىكى ياپونىيە باش ئەلچىلىرى ۋاستىسى ئارقىلىق ياپونىيە ھۆكۈمىتى بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆرىدۇ.

ئەپسۇسكى، مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ پارىژدا، غوجا ئوغلى ـ بەختىيار ئىككىسىنىڭ كابولدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى كۈتكەن نەتىجىنى بەرمەي، ياپونىيە تەرەپ شەرقىي تۈركىستاندا قوزغىماقچى بولغان مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىگە بىۋاستە ياردەم قىلىش ئىشىغا بەك قىزىقىپ كەتمەيدۇ.

1937ـ يىلى ياپونلارنىڭ پرومېتې تەشكىلاتى بىلەن بىۋاستە رەسمى مۇناسىۋەت تىكلىگەن يىل ئىدى. پولشانىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، پولشا تەرەپ بۇ مەسىلە ھەققىدە مۇنداق باھالاشقان:

1937ـ يىلى، ياپونلار ئەنئەنىۋى ئېھتىياتكارلىقىنى بىر تەرەپكە چۆرۈپ تاشلاپ، تۇنجى قېتىم، "ھەرىكەت" بىلەن مۇناسىۋەت تىكلىگەن ئىدى. ھازىرغا كەلگىچە تاتار (ئىدىل ـ ئۇرال) ۋە تۈركىستان مىللىي ھەرىكەتلىرىگە بىر قىسىم ياردەملەرنى بەرگەن بولسىمۇ، كاپكازىيىلىكلەر بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋەت قىلماي كەلدى.

يەنە شۇ پولشا ھۆججەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، ياپونلار پرومېتې گۇرۇپپىسىغا تەۋە ئەللەردە قىلىشقا تېگىشلىك پائالىيەتلەرگە ياردەم قىلىش تەكلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، پولشالىق مەسئۇل رىدز سمىگلى بۇ تەكلىپنى رەت قىلغان. ئەمما خارىبىندا تۇرۇشلۇق پولشا ۋاكالەتچىسى ستسىنسلاۋ پېلېگە، ياپونىيە دائىرىلىرىنى رەنجىتىدىغان ئىش قىلماسلىقنى، مۇناسىۋەتلەرنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىملىقى ھەققىدە بۇيرۇق قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتلەر نەتىجىسىدە، توكيو بىلەن

ۋارشاۋادىكى ئەلچىخانىلاردا پرومېتې ھەركىتىگە مەسئۇل بولىدىغان ۋە ھەرىكەتلەرنى ماسلىشىپ ھەرىكەتكە ئاتلاندۇرۇشقا مەسئۇل ھەربى مەسلىھەتچىلىكلەر قۇرۇلۇشى قارار قىلىندۇ. پولشانىڭ ھۆججەتلىرىدىن قارىغاندا، ياپونلار سوۋېت ئىتتىپاقىنى 5 جۇمھۇرىيەتكە پارچىلاشقا دائىر بىر لاھىيە تۈزۈپ چىققان. بۇ پىلانغا ئاساسەن ئۇكرائىنا جۇمھۇرىيتى، ئۇلۇغ موڭغۇلىيە (ئىچكى ۋە تاشقى موڭغۇلىيە، بۇريات رايونى ۋە بايقالنىڭ سىرتىدىكى رايونلار)، ياقۇتىستان، ئۇلۇغ تۈركىستان (شەرقى ۋە غەربىي تۈركىستان، ۋولگا تاتار رايونلىرى) ۋە سىبىرىيە ئىتتىپاق جۇمھۇرىيەتلىرىنى شەكىللەندۈرۈش پىلانلانغان ئىدى. خىتاينى تولۇق ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىشقا ئاشۇرۇش ئېھتىمالى بولغان بۇ پىلاندىن قارىغاندا، ياپونلار سوۋېتلەردىن بۆلۈنۈپ چىقىدىغان مىللەتلەر مەسىلىسىگە قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. ئەمما ئۇرۇشتىن كېيىن ياپونىيە پىلانىنى ئاستا-ئاستا ئۆزگەرتىشكە باشلاپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى پارچىلاشنىڭ ئورنىغا شەرقى جەنوبى ئاسىياغا كېڭىيش يولىنى تاللاپ ئالىدۇ.

## پولشانىڭ ئىشغال قىلىنىشى ۋە پرومېتې ھەرىكىتىنىڭ ئاقىۋېتى

1939-يىلىنىڭ 24-ئاۋغۇست كۈنىسى، ناتسىستلار بىلەن بولشېۋىكلار ئوتتۇرىسىدا بىر شەرتنامە تۈزۈلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر دۇنيانىڭ ئۈستىگە چاقماق چۈشكەندەك پۈتۈن دۇنيانى زىل-زىلىگە سېلىۋېتىدۇ. بۇ خەۋەر، پولشانىڭ يوقۇلۇش كۈنلىرىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە ئىدى. چۈنكى، گېرمانىيە-سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنىڭ بىر تارمىقى ھېساۋىدا ئىمزالانغان مەخپى كېلىشىم بويىچە پولشا، فىنلاندىيە ۋە بالتىق ئەللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدىكى تەسىردائىرىلىرىگە ئاساسەن بۆلۈشۈۋېلىنىدىغان بولغان ئىدى. نەتىجىسىدە، پىلسۇدسكىنىڭ ئالدىن پەرىزى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىنىپ پولشا ئىككى كۈچلۈك خوشنىلىرى تەرىپىدىن قايتىدىن بۆلۈشۈۋېلىشنىڭ سىياسى ئاساسى تىكلەنگەن ھېساپلاندى. گېرمانىيە-سوۋېت دوستلۇق شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى بىلەن تەڭ، گېرمانىيىدە پائالىيەت قىلىۋاتقان سۆۋېتلەرگە قارشى بارلىق ھەرىكەت ۋە مەتبۇئات پائالىيەتلىرى چەكلىۋېتىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، 10 يىلدىن بۇيان بېرلىندا بېسىلىۋاتقان «ياش تۈركىستان» ژورنىلى ئەڭ ئاخىرقى 116-117-سانلىق ئاۋغۇست نۇسخىسى بىلەن ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. بۇ چەكلىمە پرومېتې ساھەسىدىكىلەر ئۈچۈنلا چىقىرىلغان بىر

چەكلىمە بولۇپ قالماي، قوزۇلغان كۈندىن بۇيان گېرمانىيىنى تەرەپ تۇتۇش نەشرىيات پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقان «كاۋكاز» قاتارلىق ژۇرناللارمۇ بۇ چەكلىمىدىن ئۆز نېسىۋىسىنى ئالغان ئىدى.

1939 ـ يىلى سىنتەبىرنىڭ بېشىدا گېرمانىيە قوشۇنلىرى پولشاغا كىرىدۇ. بۇ ۋەقەدىن ئىككى كۈن كېيىن ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە ئىككىسى گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى رەسمى باشلانغان ھېساپلاندى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ پولشانى ئىشغال قىلىش ھەرىكىتىگە ئاتلىنىدۇ. پرومېتې ھەرىكىتىنىڭ ئىدىيىسىنى تىكلىگەن ۋە بۇ ھەرىكەتنى قوللاپ قۇۋەتلەپ كەلگەن پىلسۇدسكىنىڭ ئالدىن پەرەز قىلغىنىدەك، ۋەتىنى گېرمانىيە بىلەن روسىيە تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم بېسىۋېلىنىپ بۆلۈشۈۋېلىنىدۇ. ناتسىستلار گېرمانىيىسى، بېسىۋالغان باشقا جايلاردا ئىجرا قىلغىنىدەك پولشادىمۇ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى خاراكتېردىكى ھەر قانداق بىر ھەرىكەت ياكى نەشرىياتچىلىق پائالىيەتلەرنى چەكلەش قارارىنى ئىجرا قىلىشقا كىرىشىدۇ.

يۈز بەرگەن بۇ تۈر خەتەرلىك ۋەزىيەت ئاستىدا، پولشا ھۆكۈمىتى پرومېتې يېتەكچىلىرىنى قىلچە كېچىكتۈرمەي چەتكە چىقىرىۋېتىش قارارىنى ئالىدۇ. 6 ـ سىنتەبىر كۈنى بىر يەرگە توپلىغان پرومېتې ئەزالىرىنى مايور دومبرووۋسكى ھەمرالىقىدا برېست لىتوۋسك تەرەپكە يولغا سالىدۇ. ئۇلارنىڭ پىلانى رومىنىيىگە بېرىۋېلىش ئىدى. يولغا چىققان بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىچىدە پرومېتې ئىتتىپاقى رەئىسى ئۇكرائىنالىق پروفېسسور رومان سمال ستوتتسكى، ئەزەربەيجان مىللى مەركەز رەئىسى مەھەممەت ئىمىن روسۇلزادە، ئەزالاردىن مىرزا بابا بىلەن ئەلى ئەزەرتېكىن، ئىدىل ـ ئۇرال مىللى مەركەز رەھبىرى ئاياز ئىسھاقى، شىمالى كاپكازىيە ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچىلىرىدىن سەئىت شامىل بىلەن ئەزا بىلاتتى، قىرىم مىللى مەركەز رەئىسى ئەدىگە قىرىمال بىلەن گىروزىيە مىللى ھەرىكىتىدىن ئىمنايىدىسزى قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. تۈركىستان مىللى ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى ئوسمان غوجا ئوغلى بولسا، ئۇنىڭدىن ئىككى ھەپتىدەك بۇرۇن ئىرانغا يولغا سېلىنغان ئىدى.

بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر رومىنىيە چېگرىسىغا قاراپ يولغا چىققاندىن كېيىن، سمال ستوتتسكى برېست لىتوۋسكىدىكى تۇققانلىرىنىڭ قېشىغا بېرىۋېلىش ئۈچۈن توپتىن ئايرىلىپ يولدا قېلىپ قالىدۇ. قالغان كىشىلەر نۇرغۇنلىغان خەتەرلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ ئاخىرى رومىنىيىگە بېرىۋالىدۇ. مەھەممەت ئىمىن روسۇلزادە بۇخارىستتا قالىدۇ. ئاياز ئىسھاقى، سەئىت شامىل، مىرزا بابا ۋە ئەدىگە قىرىمال قاتارلىق كىشىلەر تۈركىيە تەرەپكە قاراپ سەپەر قىلىدۇ. شەرق ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ۋ. بونزكووۋسكى بولسا ئىسرائىلغا كېتىۋالىدۇ. پولشادا قالغان سمال ستوتتسكىمۇ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئا ق ش غا كېتىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، پرومېتې ھەرىكىتىنىڭ بارلىق يوقۇرى دەرىجىلىك يېتەكچىلىرى پولشادىن ئايرىلىپ بولىدۇ.

ئاياز ئىسهاقى پولشادىن ئايرىلىشىنىڭ شۇ پەيتىدىكى ھېسسىياتلىرىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىدۇ:

سىلەر بىلەن بىزلەرنىڭ ئەركىنلىكىمىز ئۈچۈن، شۇئارىمىز بىلەن بايرىقىمىز ئەتىراپىدا ۋەتىنىمىزدىن ۋە قېرىنداش ئەللەردىن قوغلاندى قىلىنغان بىز تۈركى مىللەتچىلەرنى توپلاپ بىر يەرگە يىغقان لېخىستان، ئوت يالقۇن ئىچىدە يانماقتا، ۋەيران بولماقتا، قانلار ئىچىدە بۇغۇلماقتا، كۆز يېشى ئىچىدە ئىڭىرىماقتا ۋە قان يىغلىماقتا. ... بىز تۈركى ئەللەرنىڭ مىللەتچىلىرى 10 ـ 12 يىلدەك بۇ دوستىمىز بولغان دۆلەتنە تىكلىگەن يېڭى مىللىي مەشئەللىرىمىز، قۇرغان مىللى مۇجادىلە مەركەزلىرىمىز لېخىستان بىلەن بىرگە كۆيۈپ كۈل بولماقتا ئىدى. بىزمۇ لېخ ئەسكەرلىرىدەك، لېخ ئاۋانگارتلىرىدەك ئىككىنچى قېتىم قۇرۇپ چىققان ھاياتلىق ۋە پائالىيەت مەركەزلىرىمىزنى تاشلاپ، يەنە بىر قېتىملىق مۇھاجىر مۇساپىرچىلىقىغا، قاراڭغۇلۇلۇق ئىچىدىكى نامەلۇم بىر يەرلەرگە قاراپ سەپەر قىلغان ئىدۇق.

پولشا ھۆكۈمەت ئەزالىرى ۋەتىنى ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن پارىژغا بېرىۋېلىپ، ۋلادىيسلاۋ سكورسكى رەئىسلىكىدە بىر سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىدۇ. گېرمانىيە قوشۇنلىرى پولشا ئىشغالىدىن كېيىن فرانسىيىگە ھۇجۇم باشلىغاندا، بۇ ھۆكۈمەت 1940 ـ يىلى ئىيوندا ئەنگلىيىگە بېرىۋالىدۇ. پولشا غەزىنىسى بىلەن ئارخىپ ماتېرىياللىرىمۇ بۇ ھۆكۈمەتنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئەنگلىيىگە توشۇپ كېتىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەمەلىيەتتە پرومېتي مەركىزى لوندونغا كۆچۈرۈلگەن ھېساپلاندى (ئىدىل ـ ئۇراللىق ئەلى ئىقىش، 2002يىلىسى ئېلان قىلغان «ئىسمىدە قالغانلار ــ ئەسلىمىلەر» ئىسىملىق كىتاۋىدا ‹91 ـ بەت› ئاياز ئىسهاقى ۋارشاۋادىن ئايرىلغاندىن كېيىن پولشا ھۆكۈمەت خادىملىرى بىلەن بىرگە رومىنىيە ئارقىلىق ئاۋۋال پارىژغا، ئۇ يەردىن يەنە لوندونغا بېرىۋالغانلىقىنى، 1940 ـ يىلى تۈركىيىگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلغان. ئەمما بۇ مەلۇماتلار ئاياز ئىسهاقىنىڭ «لېخىستاندىن ئايرىلىش» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدا ‹ئەمەل مەجمۇئەسى، 1984. 140 ـ سان› بايان قىلغانلىرىغا ئوخشىماي قالغان. ئاياز ئىسهاقى بۇ ماقالىسىدا پولشادىن ئايرىلغاندىن كېيىن رومىنىيە ئارقىلىق تۈركىيىگە كېلىۋالغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدى. تۈركىيىگە كەلگەندىن كېيىن ئەنگلىيىگە بارغان ـ بارمىغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

يەنە بىر تەرەپتىن، پرومېتېيچىلەر پارىژدا بېسىلغان «لا رېۋۇ دې پرومېتي» ژورنىلىدا پولشانىڭ ئىشغال قىلىنغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش ئارقىلىق فرانسىيە بىلەن ئەنگلىيە تەرىپىدە تۇرغانلىقىنى ئىپادىلەشكەن ئىدى. بۇ ژورنالدا ماقالا

ئېلان قىلغان بارلىق مۇساپىر يىتەكچىلىرى ھەر قايسى ئۆز ۋەتەنداشلىرىنى گېرمانىيە ـ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ھەمكارلىقىغا قارشى ئىتتىپاقلىششقا چاقىرغان ئىدى (نېمىس ـ ئۇرۇس ئىتتىپاقىغا قارشى بىرلىكسەپ تۈزۈش ھەققىدە چاقىرىق چىقارغان يىتەكچىلەر مۇنۇ كىشىلەر ئىدى: نوّۋ جوردانىيا، مۇستاپا چوقاي ئوغلى، مىر ياقۇپ مەختىيىۋ ۋە ئالېكساندىر شۇلگىن. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). چەتئەلدىكى گروزىيە ھۆكۈمەت رەئىسى نوّۋ جوردانىيا، 1940 ـ يىلى فىۋرالدا سابىق گروزىيە پارلامىنت ئەزالىرىغا قىلغان بىر نۇتقىدا گېرمانىيىگە بولغان ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى مۇنداق ئوتتۇرغا قويىدۇ:

> مىللەتلەرنىڭ ئەركىنلىكىنى خالىغانچە يوق قىلىۋاتقان بىر نېمىس دۆلىتى، گروزىيىنىڭ ئەركىنلىكىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشىغىمۇ ھەرگىز ياردەمچى بولالمايدۇ. بىزنىڭ تەغدىرىمىز، مەيلى بۈرۈن ياكى بۆگۈن بولسۇن، باشقىلارنىڭ ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىشتا چىڭ تۇرالايدىغان دېموكراتىك كۈچلەرگىلا باغلىق.

جوردانىيانىڭ بۇ سۆزى، گروزىيە دېگەن ئىسمىنىڭ ئورنىغا سوۋېتلەرنىڭ ئاسارىتى ئاستىدا قالغان خالىغان بىر مىللەتنىڭ ئىسمىنى قويۇپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان، سوۋېت مۇساپىرلىرىغا ئورتاق ھېسسىياتلار ئىپادىلەنگەن بىر سۆز ئىدى. يوقۇرىدا ئىسمى ئاتالغان ژورنالنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سانىدا فاشىزىم بىلەن كومۇنىزمنىڭ ھەر ئىككىسىنىلا بىر تۈرلۈك كولېرا ۋاباسى دەپ تونۇشتۇرۇپ كېلىپ، ياۋرۇپالىقلارنى ھەر ئىككىلا ئەقىدىگە قارشى تۇرۇشقا چاقىرغان ئىدى. 1940 ـ يىلىنىڭ ماي ئېيىدا فرانسىيىنىڭمۇ ئىشغال قىلىنىشى نەتىجىسىدە بۇ ژورنالمۇ ئۆز ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ (بۇ ژورنال، 1940 ـ يىلىنىڭ ئاپرىل ئېيىدا ئەڭ ئاخىرقى سانى 8 ـ 9 سانلىرىنى چىقىرىپ توختايدۇ. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

پرومېتې تەشكىلاتىنىڭ بارلىق يىتەكچىلىرى پولشادىن ئايرىلغىنىدىن كېيىن، نېمىس دائىرىلى ئاجايىپ قىزىق بىر ئىش قىلىدۇ. ناتسىتلار پارتىيىسىنىڭ تاشقى مۇناسىۋەتلەر بۆلۈمىكى پولشادا ئىشغال قىلىنغان رايونلارنىڭ ئومۇمى ۋالىلىقىغا تەيىنلەنگەن فرانكتىن، پرومېتې تەشكىلاتىنى تارقىتىۋەتمەسلىكىنى، ئۇنى سىياسى ئىشلارغا ئارىلاشمايدىغان ھالغا كەلتۈرگەندىن كېيىن بىرەر جەمىيەت قاتارىدا قوغداپ قېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. دىگەندەك، نېمىس بىخەتەرلىك تەشكىلاتى بولغان س د نىڭ 1939 ـ يىل 25 ـ ئۆكتەبىردە چىقارغان بىر ئۇقتۇرۇشىدا، بۇ تەشكىلاتنىڭ يەرلىك شۆبىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلىدۇ.

ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىدى، ئېھتىمال گېرمانىيە ئىشغالىيەتچىلەر

هاكىمىيتى بىلەن پولشا زىيالىلىرى ھەمدە پرومېتې تەشكىلاتىنىڭ تۆۋەندىكى خادىملىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنى ساقلاپ قېلىپ، بۇ تەشكىلاتنى نېمىس غايىلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بىر تەشكىلاتقا ئايلاندۇرۇشنى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇرۇش دەۋرىدە تۈركىيىدىكىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ھەر قايسى ئەللەرگە تارقىلىپ كەتكەن پرومېتې ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسىم يېتەكچىلىرى لوندوندىكى پولشا ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكى مەلۇم. مەھەممەت ئېمىن روسۇلزادە پولشادىن ئايرىلغىنىدىن كېيىن بۇخارىس ئارقىلىق پارىژغا بېرىۋېلىپ، ئۇ يەردىكى سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەت خادىملىرى بىلەن بىرگە فرانسىيە ئىشغال قىلىنغان كۈنلەرگىچە شۇ يەردە تۇرۇپ پائالىيەت قىلدۇ. فرانسىيە ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن بۇخارىسقا قايتىپ كېلىدۇ (روسۇلزادە، تا ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگىچە تۈركىيىنىڭ رومىنىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ھەمدۇللا سۇپى تەڭرىئۆۋەرنىڭ قېشىدا، يەنى بۇخارىستا تۇرىدۇ. ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا بولشېۋىك قوشۇنلىرى رومىنىيەگە يېقىنلاپ كېلىشى بىلەن ئۇ يەردىن گېرمانىيىگە ئۆتۈپ، ئۇ يەردە ئامېرىكا ئىشغالىيەتچى قوشۇنلىرىدىن پانالىق تىلەيدۇ. 1947ـ يىلىسى تۈركىيىگە قايتىپ كېلىدۇ. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

ياۋرۇپادا ياكى تۈركىيىدە قېلىپ قالغان مۇساپىر يېتەكچىلىرى شۇنچە قىيىن شارائىتلارغا قارىماي لوندوندىكى سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەت بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ تۇرغانلىقى مەلۇم. مەسىلەن، ئىدىل ـ ئۇرال ھەرىكىتى يېتەكچىلىرىدىن ئەلى ئېقىش، ئاياز ئىسھاقى بىلەن بىرلىكتە پولشا ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى تا 1944ـ يىللارغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلماقتا. يەنە بىر تەرەپتە، قىرىملىق يېتەكچى جاپپار سېيىد ئەخمەت قىرىمەر گېرمانىيىنىڭ پولشانى ئىشغال قىلىشىغا ئۆچۈق نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن، تۈركىيىدىكى گېرمانىيە باش ئەلچىسى فون پاپېن ئۇنى سكورسكى (چەتئەلدە قۇرۇلغان پولشا ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلماقتا دەپ قارىلايدۇ.

## پولشا ئىشغالىدىن كېيىن تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاقى

ئاۋغۇست ئېيىدا ئىمزالانغان مولوتوپ ـ رىببېنتروپ شەرتنامىسى پرومېتېنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى چۆچىتىۋەتكىنىدەك، تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاقى خادىملىرىنىمۇ قاتتىق چۆچىتىۋەتكەن ئىدى. چۈنكى، شۇنىڭدىن تېخى يېرىم يىل ئاۋالقى مارت ئېيىدا چاقىرىلغان ت م ب قۇرۇلتىيىدا تەشكىلات مەركىزىنى بېرلىنغا يۆتكەش ھەققىدە قارار قوبۇل قىلىنغان، مەجىدىدىن دەلىلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مۇنچە

يېتەكچىلەر گېرمانىيىگە بېرىۋالغان ئىدى. ئەمما 1939 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگىچە تارىخ چاقى تېخىمۇ تېز ئايلىنىشقا باشلاپ، ياۋروپادا يۈز بەرگەن بۇ جىددىيچىلىكلەر تۈپەيلىدىن، ت م ب قۇرۇلتىيىدا قوبۇل قىلىنغان قارارلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئىجرا قىلىش ئىمكانىيىتى بولمايدىغان بىر سىياسى ۋەزىيەت شەكىللەنمەكتە ئىدى.

(رەسىم ئورنى)
ت م ب چىلار ئۇرۇش پارتىلاشنىڭ ئالدىدا گېرمانىيىدە. بېرلىن، 1939. (ئەھەت ئەنجان ئارخىۋىدىن)

چوقاي ئوغلى، 1939 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىدىلا ياۋروپادىكى بۇ ئۇرۇش ئاقىۋىتىدە قىزىل شەيتانلار (ئۇرۇسلار كۆزدە تۇتۇلماقتا. ــ ئاپتور) كۈچىيىپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ، دېگەن پەرىزنى ئوتتۇرغا قويغان ئىدى. ئەندىكى ئىش، ت م ب مەركىزىنى كۆچۈرۈپ بارغىدەك باشقا بىر دۆلەت تېپىشقا توغرا كەلمەكتە ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، چوقاي ئوغلى شۇ يىلى ئىيون ئېيىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا مەجدىدىن دەللىگە قارىتىپ يازغان خېتىدا مۇنۇلارنى دەيدۇ:

سىياسى ۋەزىيەت ئالدىمىزغا يەنە "كۆچۈش" مەسىلىسىنى تىرەپ قويىدىغانلىقى ھەققىدە تاھىر بىلەن ئوكتاي ئىككىسىگە ئېيتقان ئىدىم. ... بىزنى قوبۇل قىلىدىغان بىرەر ياۋرۇپا دۆلىتى تېپىلارمۇ؟ نىمە بولسا بولسۇن، بۇ ئىش كۈندىن ـ كۈنگە مۇھىم مەسىلە بولۇپ ئالدىمىزدا تۇرماقتا.

ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، ئوسمان غوجا ئوغلى باغداتقا قاراپ يولغا چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. چوقاي ئوغلىغا يازغان خېتىدە، ئۇ يەرلەردە بەزى ھەرىكەتلەرنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى ئىما قىلىپ كۆرسىتىدۇ:

بۇ كېچە تەييارە بىلەن (ئايروپلان بىلەن دېمەكچى ــ ئۇ.ت) باغداتقا قاراپ ئۇچماقچى بولىۋاتىمەن. ... قونۇپ ئۆتىدىغان بىرىنچى بىكەت گىرىتسىيىنىڭ پىرە دېگەن يېرى بولۇپ، ئىككىنچى بىكەت پەلەستىننىڭ سىدا دېگەن يېرى. ئۇ يەردە لىبخستان تەييارىسىدىن ئەنگلىيە تەييارىسىغا ئالمىشىدىكەنمىز. شۇنداق قىلىپ باغداتقا قاراپ ئۇچىمىزكەن. ... باغداتقا بارغىنىمدا سىزگە خەت يازارمەن. ...

دوستلىرىمدىن ئاگلىغىنىمغا قارىغاندا نېمىسلار سىزگە ۋىزا بېرىش ئىشىدا

مۇشكۇلات چىقارغانىكەن. فرانسۇزلار ۋىزا ئۇچۇن ماڭىمۇ قىيىنچىلىق تۇغدۇرغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ ياۋرۇپادا ئۇچرىششىمىزغا قىسمەت بولمىدى. ئۇمىدۋارمەنكى، پات يېقىندا مۇبارەك ۋەتىنىمىزدە ياكى بولمىسا ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرالىرىغا يېقىنىراق بىرەر يەردە كۆرۈشۈپ قالارمىز.

بارغانسىرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقان نېمىس خەۋپىي ھەمدە سوۋېتلەرنىڭ گېرمانىيە بىلەن يېقىنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى، ئەنگلىيىلىكلەر بىلەن پولشالىقلارنى زىچ ھەمكارلىشىپ بىر سەپتە تۇرۇش ھالىتىگە كەلتۈرگەن ئىدى. يېقىندا پارتىلاش ئالدىدا تۇرىۋاتقان دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئوتتۇرا شەرق، ئىران ۋە ئافغانىستان قاتارىدىكى ئەللەر قۇدرەتلىك دۇنيا كۈچلىرىنىڭ تۇتۇشۇپ قالىدىغان سەھنىسىگە ئايلىنىپ قالىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. شۇڭا ئۇلار، پرومېتې ھەرىكىتىنىڭ مەنسۇپلىرىنى بۇ رايونغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشماقتا ئىدى. غوجا ئوغلىنىڭ ئىرانغا يولغا سېلىنىشىمۇ شۇ مەقسەت ئۈچۈن ئىدى.

ياۋرۇپادا ئوتتۇرغا چىققان بۇ خىل ۋەزىيەت بىلەن بىر قاتاردا، ت م ب يېتەكچىلىرىنىڭ ئەھۋالىمۇ كۈندىن-كۈنگە قىيىنلاشماقتا ئىدى. مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ تۈركىيىگە ئەۋەرتكەن خەتلىرىدە بۇ ۋەزىيەت ئېنىق ئوتتۇرغا قويۇلغان ئىدى:

گېرمانىيە چېگرا ئېغىزلىرىنى تاقاشقا كىرىشتى. يا بىر خەت، يا بىر ئامانەت ئەۋەرتەلمەس ھالغا چۈشۈپ قالدىم ... تاھىر، مەجدىدىن، باتۇ ۋە ئەخمەتجانلار بىلەن بولغان ئالاقەم ئۈزۈلۈپ قالدى. ... ئوسمان غوجا ئوغلى ۋارشاۋادىن باغداتقا، ئۇ يەردىن يەنە ئىرانغا كېتىپتۇ. بۇ ھەقتە ماڭا خەت يازغان ئىكەن. ... پات يېقىندا ۋەتەندە ياكى ۋەتەنگە يېقىن بىر يەرلەردە كۆرىشەرمىز دەپ يېزىپتۇ. ... ئاياز ئەپەندىنىڭ توكيودىن يازغان خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. مۇسا جارۇللا توكيوغا بېرىۋاپتۇ. ... ژورنالنى پارىژغا كۆچۈرۈپ بېرىشنى ئويلىشىۋاتىمەن. ئەمما پارىژدا ئەرەپ ھەرپلىرى بىلەن ژورنال باستۇرغىلى بولىدىغان بىرەر مەتبە يوق. ... تۈركىيە بىز ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق جاي بولغىنى بىلەن، ئۇلار بىزنىڭ ئۇ يەردە پائالىيەت قىلىشىمىزنى چەكلىۋەتتى. ... مىسىرنى ئويلاپ باقتىم، ئەمما ئۇ يەر بىز زادىلا بىلمەيدىغان يات بىر يەر ھېساپلىنىدۇ. دوستلىرىم بىلەن سۆزلىشىپ باقتىم. تېخىچە بىرەر جاۋاپقا ئېرىشەلمىدىم.

ياۋرۇپادا بۇنداق ۋەزىيەت شەكىللىنىۋاتقان بىر مەزگىلدە، ت م ب نىڭ سابىق رەئىسى زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ ئەھۋالىدىمۇ ئۆزگىرىش كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ.

ئاتاتۈركنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ هايات ۋاقتىلىرىدا چەتكە قېقىلغان بىر قىسىم سىياسەتچىلەر بىلەن بەزى رەهبەرلەر قايتىدىن ۋەزىپە ئۆتەشكە تەكلىپ قىلىنغان ئىدى. ئۇزۇنغىچە چەتئەلدە تۇرۇپ قالغان رەقىپلەردىن دوكتور رىزا نۇر تۈركىيىگە قايتىپ بارغان ئىدى. بۇنداق ۋەزىيەتتىن خەۋەر تاپقان زەكى ۋەلىدى، 1939 ـ يىلى 1 ـ ماي كۈنى جۇمھۇرباشقانى (پىرىزدېنت) ئىسمەت ئىنئۆنۈ، دۆلەت مۇداپىيە باشقۇماندانى فەۋزى چاقماق ۋە مائارىپ ۋەكىلى هاسان ئەلى يۈجەللەرگە ئايرىم ـ ئايرىم خەت يېزىپ، تۈركىيىگە قايتىپ كېتىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى، تۈركىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ بىرەرسىدە ئىشلەپ قېلىش ئارزۇسى بارلىقىنى ئېيتقان. ۋەلىدىنىڭ بۇ تەلىۋى ئۇزۇنغا قالماي تەستىقلىنىپ، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات پاكۇلتېتى تۈرك تارىخ دەرسىگە مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، زەكى ۋەلىدى توغان نەق ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتىلىغان 1939 ـ يىلىنىڭ 1 ـ سېنتەبىر كۈنىسى گېرمانىيىدىن چىقىۋالىدۇ.

ت م ب نىڭ قالغان ئەزالىرىنىڭ ئەهۋالىمۇ بۇلاردىن تولا بەك پەرق قىلمايتتى. ئابدۇۋاهاپ ئوكتاي، ئايالى سەئىدە خانىم، ئەخمەتجان ئوكتاي ۋە باتۇ قاراباي قاتارلىقلار گېرمانىيە پولشاغا هۇجۇم قىلىشتىن سەل ئاۋال تۈركىيىگە كېلىۋالغان ئىدى. ئۆز پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا بولىدىغان مۇۋاپىق بىرەر دۆلەت پايتەختى تاپالىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ت م ب چىلارنىڭ گېرمانىيىدىن چىقىشتا ئەڭ ئارقىدا قالغان ئەزالىرىدىن مەجىدىدىن دەلىل بىلەن تاهىر چاغاتايلارمۇ شۇ يول بىلەن 1940 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا تۈركىيىگە بېرىۋالىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، خۇددى 1920 ـ يىللاردىكىگە ئوخشاش، مۇستاپا چوقاي ئوغلى ياۋرۇپادا يەنە تىكەندەك يالغۇز قالىدۇ. چوقاي ئوغلىنىڭ تۈركىيىدە تۇرىۋاتقان ت م ب ئەزالىرىغا يازغان ئەڭ ئاخىرقى خەتلىرىنىڭ بىرىسىدە يېزىلغان مۇنۇ قۇرلار ئۇنىڭ ئىنتايىن پەرىشان روهى هالەتتىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەرمەكتە:

بۇ دەۋرلەردە بىز تۈركىستانلىقلارنىڭ قولىدا قىلچىمۇ بىر دىپلوماتىك پۇرسەت يوقلىقىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. ... ئۇزۇندىن بېرى ئىچىمدە ساقلاپ كېلىۋاتقان بەزى سىرلىرىمنى سىزلەرگە ئاشكارىلىماقچىمەن. ئۇزۇندىن بېرى قانات يايدۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇ ھەرىكىتىمىزنىڭ بىر قىسمى تامامىلاندى دېيىشكە بولار. ئەتە كۈنگە 13. يەنى خۇراپى كىشىلەر قەتئىي ياخشى كۆرمەيدىغان بىر كۈن. ... بىزگە ياردەم قىلىدىغانلارنى پەقەتلا يوق دەپمۇ ئېيتالمىساممۇ، ... سەۋىر قىلىپ ئۈمىت ئىچىدە كۈتمەكتىمەن. خۇدا بۇيرىسا، بىرەرپايدىلىق ئەهۋال كۆرۈلگىدەك قىلسا، كۆرۈشۈش ئۈچۈن سىزلەرنى بۇ يەرگە چاقىرىمەن. ... شۇ چاغدا ۋەزىيەتنى باشتىن ئاخىرى بىر قۇر مۇهاكىمە قىلىپ چىقىشىمىز ئۈچۈن پۇرسەت بولۇپ قالار. ... هازىرچە سىزلەرگە دەيدىغان گەپلىرىم

شۈنچىلىك. ... بەش ۋاقىت نامىزىڭلاردا دۇئا قىلغايسىلەر. ... بۈنىڭلىق بىلەنلا شۈنچە ئۇزۇن يىلدىن بېرى شوغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ھەرىكىتىمىزنىڭ چىقىش يولى قالمىدى دەپ ئېيتالمايمىز.

چوقاي ئوغلى، پارىژدا بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ كېلەچەكى ھەققىدە قاراڭغۇ كۈنلەرگە تەييارلىق قىلىپ تۇرغانلىقىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن فرانسىيلىكلەر بىلەن ياپونىيىلىكلەردىن ئۈمىت كۈتۈپ مۇناسىۋەت باغلاشنىڭ يوللىرىنى ئاختۇرۇپمۇ يۈرگەن ئىدى. بۇ جەرياندا، پولشانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن نورۋىگىيە، دانىيە قاتارلىق ئەللەرنى ئىشغال قىلىشقا ئاتلانغان گېرمانىيە، ماي ئېيىنىڭ بېشىدا يۆلۈنۈشىنى جەنۇب تەرەپكە بۇراپ گوللاندىيە بىلەن بېلگىيىنى قىينالمايلا بېسىپ ئۆتۈپ فرانسىيە تەۋەسىگە ئاياق باسقان ئىدى. 16 ئىيون كۈنىسى فرانسىيە تەرەپ ئۇرۇش توختىتىش تەلىۋىنى قويۇپ گېرمانىيىگە تەسلىم بولدۇ. شۈندىن ئېتىبارەن، چوقاي ئوغلى ئۆچۈن بۇ ۋەزىيەتنى كۈزۈتۈپ بىكار ئولتۇرۇشتىن باشقا قىلىدىغان ئىش قالمىغاندەك كۆرۈنەتتى. رادىئوغا مىقتەك قادىلىپ ئولتۇرۇپ لوندون رادىيوسىدىن قۇلىقىنى ئۈزمەي تاشقى دۇنيا خەۋەرلىرىنى بىلىشكە تىرىشاتتى. يەنە بەزى دوستلىرىنىڭ ۋاستىچىلىقىغا تايىنىپ ت م ب ئەزالىرى بىلەن ئالاقە باغلاشقىمۇ ئۇرۇنماقتا ئىدى.

(رەسىم ئورنى)
مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ مىللىي كۈتۈپخانا كارتۇچكىسى (ئەھەت ئەنجان ئارخىۋىدىن)

(رەسىم ئورنى)
ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغان كۈنلەردە چوقاي ئوغلىنىڭ ئائىلىسىگە بېرىلگەن ئاشلىق كىنىشكىسى، 1941ـ يىلى 30ـ مارت (ئەھەت ئەنجان ئارخىۋىدىن)

مۇستاپا چوقاي ئوغلى، 1941ـ يىلىنىڭ ئافرىل ئېيىدا پروفىسسور مەندېنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن گېرمانىيىگە بېرىپ ئا پ ئا نىڭ بەزى مەسئۇل كىشىلىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ. گېرمانىيە سەپىرىدىن قايتىپ ئايالىغا ئېيتقانلىرىدىن قارىغاندا، نېمىس مەسئۇل خادىملىرى ئۇنىڭدىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ھەققىدە ئۇچۇر تەلەپ قىلغانىكەن. يەنى ئەگەر بىر ئۇرۇش چىقىپ قالغىدەك بولسا، قىزىل ئارمىيە تەركىۋىدىكى تۈركىستانلىق ئەسكەرلەر قايسى مەيداندا تۇرىشى مۇمكىنلىكى ھەققىدە چوقاي ئوغلىنىڭ پىكرىنى سورىغانمىش. چوقاي ئوغلى ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ پارىژغا قايتىپ كەتكەن. ئەمما ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، قايتا گېرمانىيىگە

چاقىرتىلدۇ. ئۇنىڭ شۇ كىلىشى قايتا پارتىغا مەڭگۇ قايتالماس بولۇپ كېلىشى بولۇپ قالدۇ. پۈتۈن جاھاننى قاپلىغان ئۇرۇش بورانلىرى ئۇنى ئەسىرلەر لاگىرلىرىغا، چىن قەلبىدىن سۆيۈدىغان ئانا ۋەتىنىدىن كەلگەن يۇرتداشلىرىدىن تەشكىل تاپقان ئەسىرلەر لاگىرىغا سۆرەپ ماڭماقتا ئىدى.

# ئۈچىنچى باپ

# ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى يىللىرىدا

ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئىككى ئىمپىرىيە ئوتتۇرىسىدا ئوينىلىۋاتقان شاخمات ئويۇنىدا پېچكا بولۇپ يەم بولۇش ئىدى. مانا بۇ، ئۇلارنى كۈتىۋاتقان پاجىئەلىك ئاقىۋەت.

— سىر ئولاف كارويىنىڭ «سوۋېت ئىمپېرىيىسى» دېگەن كىتاۋىدىن

## كۈچلۈك دۆلەتلەر ئۇرۇشىدىكى پېچكىلار

## بارباروسسا ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى

1941-يىلى 6-ئاينىڭ 22-كۈنى ئەتىگەن سائەت 3 تىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە، ھىتلېر دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ قۇراللىق ئۇرۇشلاردىن بىرسى بولغان بارباروسسا ھەرىكىتىنى باشلاش بۇيرۇقىنى چۈشىردۇ. دوناي دەرياسىنىڭ قارا دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان ئېغىزىدىن باشلاپ تا بالتىق دېڭىز قىرغاقلىرىغىچە سوزۇلغان 1600 كىلومېتىرلىق ئۇزۇن سەپ بويىچە، 600 مىڭ دانە ماتورلۇق ۋاستە بىلەن 3 مىليون 200 مىڭغا يېقىن ئەسكەردىن تەشكىل تاپقان 146 دىۋىزىيىلىك گېرمانىيە ئارمىيىسى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى چېگراسىدىن بۇسۇپ ئۆتىدۇ. فېلد مارىشال (گېرمانىيىنىڭ ئەڭ يوقۇرى ھەربى ئۇنۋانى — ئۇ.ت) رىتتېر فون لېب

قوماندانلىقىدىكى شىمالىي ئۇرۇش سېپى توپكورپۇس ئارمىيىسى بالتىق رايونىدىكى سوۋېت ئارمىيىسىنى تارمار قىلىپ لېنىنگرادنى ئىشغال قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 400 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۇرۇش سېپىگە يېيىلغان مەركىزى ئۇرۇش سېپى توپكورپۇس ئارمىيىسىگە فېلد مارشال فون بوك قوماندانلىق قىلدى. گۇدېرىئاننىڭ ماشىنلاشقان قىسىملىرى بىلەن كېسسېرلىڭنىڭ ھاۋا ئارمىيە كۆچى ئارقىلىق كۈچەيتىلگەن مەركىزى ئۇرۇش سېپى توپكورپۇس قىسىملىرى برېست ـ ۋىلنا ـ سمولېنسك ئۆچبۇلۇڭىدىكى سوۋېت ئارمىيىسىنى يوقۇتۇپ سمولېنسكنى ئىشغال قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. فېلد مارشال فون رۇندستېدت قوماندانلىقىدىكى جەنوبىي ئۇرۇش سېپى توپكورپۇس ئارمىيىسى بولسا دنىېپېر دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈپ كىيېۋنى ئىشغال قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. بۇ ئۈچ توپكورپۇس قىسىملىرى بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىغاندىن كېيىنكى پىلان بويىچە قىسقۇچ شەكىللىك ھۇجۇم بىلەن ئىلگىرلەپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ يۈرىگى بولغان موسكۋانى ئىگەللىمەكچى بولدى. بارباروسسا ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرقى نىشانى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى شىمالدىن جەنوپقا قاراپ ئوتتۇردىن ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدىغان شىمالىي مۇز ئوكيانىنىڭ ئاق دېڭىز قىرغىقىدىكى ئارخانگېلسكى شەھىرىدىن تا ۋولگا دەرياسىنىڭ ھەزەر دېڭىزى (كاسپى) غا قۇيۇلۇش ئېغىزىغا جايلاشقان ئاستراخان شەھىرىگىچە سوزۇلغان بىر تۈز سىزىقنىڭ غەربىي قىسمىنى ئىگەللەش ئىدى.

سوۋېت چېگراسىدىن چاقماق تېزلىكىدە بۆسۈپ ئۆتكەن گېرمانىيە كورپۇسلىرى ئالدىدا رۇسىيە قوشۇنلىرى پۈت تىرەپ تۇرالماي ئېغىر چىقىم تارتىپ تىرە ـ پىرەڭ بولۇپ تارمار بولىدۇ. ئاۋغۇست بىلەن سېنتەبىر ئايلىرىدا ئىگەللىنىش پىلانلانغان ستالىنگراد بىلەن لېنىنگرادتىن باشقا بارلىق يەرلەر ئاساسى جەھەتتىن بېسىۋېلىنىدۇ. دەل شۇ پەيتتە، گېرمانىيە ئارمىيىسى ئۇشتۇمتۇت پىلانىنى ئۆزگەرتىپ ھۇجۇم قىلىش نىشانىنى موسكۋاغا قارىتىپ، موسكۋانىڭ بوسوغىسىغىچە يېتىپ بارىدۇ. ئەمما نويابىر ئېيىدىن باشلاپ **"مارشال زىمىستان قىش"** بىلەن **"گېنېرال پاتقاقلىق"** ئوتتۇرىغا چىققاچقا، گېرمانىيە ئارمىيىسى شىمالىي ئۇرۇش سېپىدە لېنىنگراد، مەركىزىي ئۇرۇش سېپىدا موسكۋا ۋە جەنوبىي ئۇرۇش سېپىدا بولسا ستالىنگراد ئوتتۇرىسىدا سوزۇلغان ئۇزۇن سەپ بويىچە توسۇلۇپ قىمىر قىلالماي تۇرۇپ قالىدۇ. 1942 ـ يىلىغا كىرگەندە، ئۇرۇش سېپى ئاساسەن كاپكازىيە تەرەپلىرىدىكى قىسمەن ئىلگىرلەشلەر بىلەن چەكلىنىپ، گروزنىينىڭ شىمالىي چېگرالىرىغىچە بولغان جايلار بېسىپ ئېلىنىدۇ.

# نېمىس ئىرقچىلىق قارىشى ۋە شەرق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ قۇرۇلۇشى

بارباروسسا ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشىدىن سەل ئاۋال، يەنى 17ـئىيول كۈنىسى، ئىشغال قىلىش پىلانلانغان يەرلەرنىڭ پۇخرالىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنىڭ لايىھىسىنى تەييارلاش مەقسىتىدە شەرق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى (ئوستمىنىستېرىيۇم ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) قۇرۇلۇپ، بۇ مىنىستىرلىككە ئالفرېد روزېنبېرگ مەسئۇل قىلىپ تەيىنلەنگەن ئىدى. بۇ مىنىستىرلىك سىياسىي، مەمۇرىي ۋە ئىقتىسادىي بۆلۈمدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەشكىل تاپقان ئىدى. روزېنبېرگنىڭ كونا دوسلىرىدىن لېيبراندت مەسئۇللىقىدىكى سىياسىي بۆلۈم، ئۆز ئىچىدە يەنە ئۈچ شۆبە بۆلۈمگە ئايرىلغان ئىدى. ئومۇمىي سىياسىي ئىشلار بۆلۈمى بىۋاستە براۋۈتىگامغا، ئۇكرائىنا بۆلۈمى ۋىلخېلم كىنكېلىنگە، كاپكازىيە بۆلۈمى بولسا پروفېسسور فون مەندېگە تاپشۇرۇلغان ئىدى. تۈركلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەڭ مۇھىم بۆلۈم مەندېي مەسئۇل بولغان بۇ بۆلۈم ئىدى. قۇراللىق پائالىيەتلەرگە ئاساسەن گېرمانىيە دۆلەت مۇداپىيە ئورگىنى مەسئۇللىقىدا پائالىيەت قىلاتتى. ئىشغال قىلىنغان يەرلەردىكى تازىلاشقا تىگىشلىك ئۇنسۇرلارنى تازىلاش ھەمدە بىخەتەرلىككە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ھىملېرنىڭ قول ئاستىدىكى جاسۇسلۇققا قارشى ئاخبارات بۆلۈمگە، يەنى س س چىلار بىلەن س د چىلار قوشۇنىغا بېرىلگەن ئىدى.

نېمىسلارنىڭ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا ئىسلاۋىيانلار بىلەن ئۇرۇسلاردىن باشقا مىللەتلەرنى باشقۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلىرىنى ئېنىق چۈشىنىش ئۈچۈن، ناتسىتلار بىلەن نېمىس ھاكىمىيىتىنىڭ مىللىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئىدىيىۋى كۆزقاراشلىرىدىن خەۋەردار بولۇش زۆرۈر.

ناتسىتىزىم ئىدىيىسى بويىچە ئالغاندا، شەرق مەسىلىلىرى مۇنداق ئىككى ئاساسقا تايىنىدۇ: بۇلاردىن بىرىنچىسى، بۇ ئەڭ مۇھىم ئاساس بولۇپ، ھىتلېرنىڭ داڭلىق كۆزقاراشلىرىدىن بىرسى بولغان "ھاياتلىق ماكانى" كۆز قارىشى، يەنى "لېبېنسراۋم" كۆز قارىشىنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىدۇ. گېرمانىيىنىڭ شەرقىدە ياشايدىغان ئۇرۇسلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئالىي نېمىس ئىرقى (!) غا نىسبەتەن تۇتقان ئورنى بۇ كۆز قاراشنىڭ ئىككىنچى مۇھىم ئاساسىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئادولف ھىتلېر، ئۆزىنىڭ «كۈرەش يولۇم» دېگەن كىتاۋىدا گېرمانىيىنىڭ نوپۇس سانىغا ماس كەلمەيدىغان يەر زېمىنى ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ، بىر مىللەتنىڭ

مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشىدىكى ئەڭ مۇھىم شەرت، يېتەرلىك مىقداردا ھاياتلىق ماكانغا ئىگە بولۇش ـ بولماسلىقىغا باغلىق، دەپ تەكىتلەنگەن. بۇنداق ھاياتلىق ماكان شەرتىنى، پەقەت سوۋېتلەر ئىتتىپاقى پارچىلىنىشتىن ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ئۇرۇسلار ئىگەللىۋالغان يەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى نېمىسلار تېزگىنلەش ئارقىلىقلا كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ.

ناتسىستىزمنىڭ ئىرقچىلىق نەزەرىيىسى بويىچە ئالغاندا، بالتىق مىللەتلىرى (ئېستونىيىلىك، لىتۋىيىلىك ۋە لىتۋانىيىلىكلەر) ئالىي نېمىس ئىرقىغا مەنسۇپ بولمىغىنى بىلەن، "نېمىسلاشتۇرۇلۇش ئىمكانىغا ئىگە" مىللەتلەر كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ خەلق ھېساپلىنىدىكەن؛ ئۇكرائىنا، بېلورۇسىيە ۋە رۇسىيە قاتارلىق ئەللەردە ياشايدىغان ئىسلاۋىيانلار بولسا پەس ئىرققا مەنسۇپ مىللەتلەر دەپ قارالغان. كاپكازىيە مىللەتلىرىگە باھا بېرىشتە بىر ـ بىرسىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان باھالار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەرمەنلەر يەھۇدىيلارغا يېقىن مىللەت دەپ باھالانغان. ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا گروزىنلار ئالىي ئىرققا مەنسۇپ ئادەملەر قاتارىدا قارىلىپ، نېمىس ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئۆتكۈزۈشكە بولىدىغان كاپكازىيىلىكلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئەتىۋارلىق مىللەت ھېساپلىنىدىكەن.

ناتسىستلارنىڭ ئىرق دەرىجىسىگە ئاساسلانغاندا، ئاسىيالىقلار قاتارىدا تۈركلەرمۇ پەس ئىرققا مەنسۇپ، يەنى "ئۇنتېرمېنش" دەپ ھىساپلىناتتى. ناتسىستىزم نەزەرىيىچىلىرى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەۋەسىدە ياشايدىغان ئىسلاۋىيانلاردىن باشقا بارلىق مىللەتلەرنى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلىرىگە بەك ئەھمىيەت بەرمەي، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ يۈگەپ "موڭغۇل" دەپلا قاراۋەرگەن. نېمىسلارنىڭ، تۈركى قەۋملەرگە ئوخشايدىغان سوۋېت سىستېمىسى ئىچىدە ياشايدىغان ئاسىيالىق قەۋىملەرگە بولغان قاراشلىرىغا ئەڭ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن ئامىل، ھىتلېرنىڭ بولشېۋىزمنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تۈزۈمىنىڭ تىكلىنىشى ھەققىدىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە يۈرگۈزگەن مۇلاھىزىلىرى ئىدى. ھىتلېرنىڭ قارىشىچە، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئاساسى گەۋدىسىنى ئىسلاۋىيانلار بىلەن موڭغۇللار تەشكىل قىلغان، مېڭىسى يەھۇدىيلار تەشكىل قىلغان بىر ئورگان ھېساپلىنىدىكەن. شۇنداق قارالغاچقا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى يوقۇتۇلۇشقا تېگىشلىك ئاساسلىق دۈشمەن ئۇرۇس مىللىتى بولماستىن، بەلكى بولشېۋىك ئىدىيىسى بولىشى كېرەك ئىكەن. بولشېۋىكچىلىك بولسا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ئۇرۇسلار، يەنى ئىسلاۋىيانلار تەرىپىدىن سۆرەپ كىرىلگەن نەرسە بولماستىن بەلكى يەھۇدىيلار ياردىمى ئاساسىدا ئاسىيالىقلار تەرىپىدىن كەلتۈرۈلگەن بىر ئەقىدە ھېساپلىنىدىكەن. كېيىن ئۇرۇسلار ئاسىياغا قىستىلىش جەريانىدا پەس ئىرق ھېساپلىنىدىغان ئاسىيالىقلار سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپا قىسمىغا كىلىپ ماكانلاشقانمىش.

نەتىجىدە، ھىتلېر بولشېۋىزمنى ئاسىيالىق ئىرقلار پەيدا قىلغان ۋە تارقىتىپ كەلگەن بىر بالايى-ئاپەت دەپ قارايتتى. ھىتلېر، 1941-يىلىنىڭ دىكابىر ئېيىدا رىچستاگ (گېرمانىيە پارلامېنتى) دا سۆزلىگەن بىر نۇتقىدا "ئەگەر بولشېۋىكلار بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىپ قالغۇدەك بولسا، تىنچلىق شەرتلىرىنى ئۇرۇسلار ئەمەس، بەلكى موڭغۇللار بىلەن تاتارلار تۈزۈپ ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقى مۇقەررەر. ئەگەر بۇنداق بىر ئەھۋال يۈز بەرگىنىدە، پۈتكۈل ياۋرۇپالىق بىلەن ياۋرۇپا مەدەنىيىتى ئىنتايىن ئېغىر بالايى ئاپەتكە دۇچار بولىدۇ" دەپ ھۆكۈم چىقارغىدەك دەرىجىدە بۇ خىل كۆزقاراشقا ئىشىنەتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئىسلاۋىيان ئىرقى ئالدانغان بىر ئىرقمىش. مۇنداق ئېتقاندا كۆرۈنۈشتە نېمىسلارغا ئوخشايدىغان ئاق سېرىق تەنلىك، كۆك كۆزلۈك ئىسلاۋىيان ئىرقى، قارا چاچلىق ۋە بۇغداي ئۆڭلۈك موڭغۇل ئالۋاستىلىرى تەرىپىدىن قايمۇقتۇرىۋېتىلگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ قېنىنى بۇلغىۋەتكەنمىش.

شۇنداق قىلىپ، ھىتلېر ئۆزىنىڭ بىمەنە ئىرق كۆزقاراشلىرىغا تروتسكى، كامىنېۋ ۋە زىنوۋيېۋ قاتارىدىكى يەھۇدىي قېنىدىن بولغان ئىنقىلاپ رەھبەرلىرىگە شۇ دەۋرلەردە كومۇنىزم ئىدىيىسى بىلەن مەنىداش ھالغا كەلتۈرۈلگەن گروزىن قېنىدىن بولغان ستالىننى، شۇنىڭدەك يەنە ئۆتمۈش يىللاردا ھىتلېر ئارزۇلىغاندىنمۇ كۈچلۈك ئىمپېرىيىلەرنى قۇرۇپ چىقالىغان ئىقتىدارلىق ئاتىللا، چىڭگىزخان قاتارىدىكى ئاسىيالىق داھىلارنىمۇ قوشۇۋالغان. ئەنە شۇ سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، ئۇرۇش يېڭى باشلانغان ۋاقىتلاردىلا مەخپىي بويرۇق چۈشۈرۈپ كومپارتىيە كومىسسارلىرىنى، يەھۇدىيلارنى ۋە ئاسىيالىقلارنى تازىلاش ھەرىكىتى باشلاتقان ئىدى. بۇ ھەرىكەتكە بىرلەشتۈرگەن ئاساستا، يۈز مىڭلىغان تاتار تۈكلىرى بىلەن تۈركىستانلىقلارنى پەس ئاسىيالىقلار قاتارىدا قىرىپ تاشلايدۇ. بۇ بويرۇقنىڭ ئاسىيالىقلارغا مۇناسىۋەتلىك قىسمى، ئۇرۇشنىڭ ئىككىنچى يىلى بولغان 1942-يىلىنىڭ 12-سېنتەبىرىدە، زور قىينىچىلىقلارغا دۈچ كەلگەن ھەر تۈرلۈك مەنبەلەر ئاساسىدىلا ئىسپاتلىنىدۇ. 1942-يىلى ئېس-ئېس تەربىيىلەش بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ تارقىتىلغان «دېر ئۇنتېرمېنش» دېگەن كىتاپچىدا، ئاتىللا بىلەن چىڭگىزخاندەك داھىلار يېتەكچىلىگىدىكى پەس ئىنسان ئىرقلىرىنىڭ ياۋرۇپا مىللەتلىرىگە قىلغان ۋەھشىلىكلىرى (!) تونۇشتۇرۇلۇپ، بۇ ئىرقلارغا مۇناسىۋەتلىك بىرمۇنچە ساۋاتلارمۇ قوشۇمچە قىلىنغان ئىدى. نېمىس تەشۋىقات ئورگانلىرى تا ئۇرۇش ئاخىرلاشقان كۈنلەرگىچە بولشېۋىكچىلىكنىڭ ئاساسى نەزەرىيە مەنبەسىنى ئاسىيالىقلاردىن كەلگەن، يەنى موڭغۇللاردىن كەلگەن دەيدىغان قارىشىدىن ۋاز كەچمەيدۇ.

ناتسىستلار ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن شەرق مىنىستىرلىكىگە مەسئۇل قىلىنغان ئالفرېد روزېنبېرگ ئەسلىدە ئىستونىيىدە تۇغۇلغان بىر نېمىس ئىدى. ئۇ، ھىتلېر ۋە باشقا ناتسىستلارغا بەك ئوخشاپ كەتمەيدىغان مىللەت كۆزقاراشقا ئىگە بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ

قارىشىچە، گېرمانىيىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك دۈشمىنى رۇسىيە ئىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، مىللەتلەر ئادەتتە مۇنداق ئۈچ خىل تىپقا بۆلۈنىدىكەن: بىرىنچى تىپتىكىلەر باشقىلارغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە يېڭىلىقلارنى كەشىپ قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە يېتەكچى مىللەتلەردىن تەشكىل تاپىدىكەن. بۇنىڭ ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندىكىلىرىدىن نېمىس ئىرقىنى كۆرستىش كېرەك ئىكەن؛ ئىجادىيەت بىلەن كەشىپ قىلىش ئىقتىدارى بولمىغان، ئەمما بار نەرسىلەرنى ساقلاپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگۈسى نەسىللەرگە مىراس قىلىپ قالدۇرالايدىغان مىللەتلەر بولسا ئىككىنچى تەبىقىدىكى مىللەتلەرگە كىرىدىكەن. تۈركلەرنى ئەنە شۇ تىپقا مەنسۇپ ئىرق دەپ قاراش مۇمكىن ئىكەن؛ بار نەرسىلەرنى بۇزۇپ ۋەيران قىلىۋېتىدىغان مىللەتلەر بولسا ئۈچىنچى تىپقا مەنسۇپ ئىرق بولۇپ، بۇنداق ئىرقلارغا ئورۇس، يەھۇدىي، سىگان قاتارىدىكى مىللەتلەر كىرىدىكەن.

شۇنداق بولغاچقا، نېمىسلار سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى ئۇرۇستىن باشقا مىللەتلەرنىڭ ھەممىنى بىرلا تۈرگە ئايرىۋەتمەي، ئۇلارنى ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ قايتىدىن تۈرلەرگە ئايرىش، شۇنىڭدەك يەنە بۇ مىللەتلەرنىڭ بۇ تۈرلەر ئىچىدىكى مەۋقەسىنى تونۇۋېلىشىغا ياردەم قىلىش كېرەك ئىكەن. شۇ ئارقىلىق رۇسىيە بىلەن گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدا مەمورىي جەھەتتە گېرمانىيىگە ئىتائەت قىلىدىغان بىر چېگرا سىزىپ چىقىش ئىمكانىنى يارىتىشقا بولىدىكەن. سىرلىق تەغدىر، روزېنبېرگنىڭ گېرمانىيە ئۈچۈن ئۈمىد قىلغان بۇنداق بىر مۇداپىيە قورغىنى قۇرۇش پۇرستىنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقىنىدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ئاتا قىلغان ئىدى.

مىللىي ئىشلار مىنىستىرلىگى يېڭىدىن قۇرۇلىۋاتقان ۋاقىتلاردا، كەلگۈسى پىلانلارنى تەييارلاپ پۈتكۈزگەن روزېنبېرگ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى خەرىتە ئۈستىدە ئۇكرائىنا، بېلىرۇسىيە، بالتىق تەۋەسى، قىرىم، كاپكازىيە، دون ۋادىسى ۋە تۈركىستان قاتارلىق 7 پارچىغا بۆلۈش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قالغان يەرلەردە بۈيۈك رۇسىيە قۇرۇش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۈبھىسىزكى، بۇ لايىھەدە گېرمانىيىنىڭ بۇ جايلارنىڭ ھەممىسىنىلا ئىشغال قىلىۋېلىشى شەرت دېيىدىغان بىر پىلانىمۇ يوق ئىدى. روزېنبېرگ، گېرمانىيىنىڭ بىۋاستە ئىشغال قىلىۋېلىشىغا تېگىشلىك يەرلەرنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن رېيچ كومىسسىرىياتى دېگەن ئورگاندا 4 تارماق بۆلۈم قۇرۇپ چىققان ئىدى. بۇ بۆلۈملەر بالتىق ئەللىرى بىلەن بېلىرۇسىيىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئۇستلاند بۆلۈمى بىلەن ئۇكرائىنا، موسكۋا ۋە كاپكازىيە بۆلۈملەردىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى. ئەمما ناتسىستلار پارتىيىسى ئىچىدە ئۇنچە بەك تەسىرى بولمىغان روزېنبېرگنىڭ ئۇرۇسلاردىن باشقا مىللەتلەرگە ئايرىم-ئايرىم مۇئامىلە قىلىش كېرەك دېيىدىغان بۇ پىلانى، باشقا ناتسىستلارنى بەك قىزىقتۇرۇپ كەتمەيدۇ. شۇنداق بولغاچقا، 1941-يىلىسى ئىچىدە ئىشغال قىلىنغان

يەرلەردە بەرىبىر ھىتلېرنىڭ كۆزقاراشلىرى ئاساسىدا سىياسەت بەلگىلىنىپ ئىجرا قىلىنىدۇ.

ناتسىلار پارتىيىسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلۇپ ئادەتتىكى مەمۇرىي كادىر بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن يەنە بىر گۇرۇھ كىشىلەر، بۇ مەسىلىگە پۈتۈنلەي باشقا تۈردە قارايتتى. مىللىي ئىشلار مىنىستىرلىگىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك مەمۇرىي خىزمەتچىلىرىدىن تەشكىل تاپقان مەمۇرى خادىملار، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىگى تەۋەسىدە خىزمەت قىلىدىغان دىپلوماتلار، ئاكادېمىكلار ۋە بىر قىسىم ھەربىلەردىن تەشكىل تاپقان بۇ گۇرۇھ كىشلەر مىللەت مەسىلىسىدە خىيالىي ئالىي ئىرق سەپسەتىلىرى بويىچە مۇئامىلە قىلماستىن ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغان ھالدا مۇئامىلە قىلىنىشى كېرەك دەپ قارىشاتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلسۇن، ئۇنىڭ ئورنىغا دېموكراتىك بىر رۇسىيە قۇرۇلسۇن، بۇنداق بىر رۇسىيە بىلەن گېرمانىيىمۇ ئىناق خوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەت تىكلىشى كېرەك دەپ قارىشاتتى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بولسا گېرمانىيە، ئۇرۇسلاردىن باشقا مىللەتلەرگە ياردەم بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆز مىللىي مەنپەئەتلىرىگە ئىرىشتۈرۈش لازىم؛ بۇ شەكىلدە يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان دۆلەتلەر بىز ئۈچۈن بىخەتەرلىك قورغان بولۇش رولىنى ئوينايدىغان، رۇسىيىنىڭ كېڭەيمىچىلىك قىلىشىنى چەكلەيدىغان، رۇسىيىنىڭ گېرمانىيە تەرەپكە قاراپ كېڭىيىشىگە توسالغۇ بولالايدىغان ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ دەپ قارىشاتتى.

شۆبھىسىزكى، گېرمانىيە ئارمىيىسى كەينى-كەينىدىن غەلىبە قىلىپ چاقماق تېزلىگىدە ئالغا ئىلگىرلەۋاتقان بىر پەيتتە، بۇ تۈر قاراشتىكى كىشىلەر ئۆز پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش پۇرسىتى قەتئىي يوق ئىدى. ئەمما ئۇرۇش بىر ئىزدا توختاپ قالغان ۋەزىيەت شەكىللىنىشكە باشلاپ، گېرمانىيە ئۇرۇش ماشىنىسى تەسىر كۆچىنى يوقۇتۇشقا باشلىغان كۈنلەردە، يوقۇرقىدەك قاراشلار رەسمى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بۇ تۈر ئىشلار ئىجرا قىلىنىشقا باشلىنىدۇ. گېرمانىيە ئۇرۇش سەپلىرىدە چېكىنىش ۋەزىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ ئۇرۇسلاردىن باشقا مىللەتلەرگە ياردەم بېرىلىش كېرەك دەيدىغان قاراشلارنى ھىمايە قىلىدىغان پىكىرلەرمۇ كۈچىيىشكە باشلايدۇ. پروفىسسور گېرھاردت فون مەندې، پروفىسسور ھانس كوچ، پروفىسسور تىيودور ئوبېرلاندېر، دېپلومات ئوتتو براۋتىگام ۋە گېنىرال ئوسكار فون نىېدېرمايېر قاتارىدىكى كىشىلەر ئەنە شۇ خىل پىكىردىكى كىشىلەرنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن ئىدى.

# رۇسىيە ئالدىنقى سېپىدىن گېرمانىيە ئەسىرلەر لاگېرىغىچە

سوۋېتلەر ئىتتىپاقى قىلچە تەييارلىقسىز بىر پەيتتە ئومۇمىي يۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۇچۇرىغان كۈنلەردە، ئالدىنقى سەپكە ئالدىراپ-تېنەپ نەچچە مىليون كىشىلىك ئەسكەر يۆتكەشكە كىرىشكەن ئىدى. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يېتەرلىك ھەربىي تەلىم-تەربىيە كۆرمىگەن، شۇنىڭدەك قۇرال-ياراق، ئوق-دورا جەھەتتىمۇ بەكلا يېتەرسىز ئەھۋالدا ئىدى. بۇنداق چېچىلاڭغۇ بىر ئارمىيىگە تايىنىپ گېرمانىيە ئارمىيىسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا دۈشمەن ھۇجۇمىنى ئاستىلىتىشتىنمۇ ئۈمىد كۈتكىلى بولمايتتى. دېگەندەك، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئايلىرىدا رۇسىيە ئۇرۇش سەپلىرى شۇنداق تېز تارمار بولۇپ كەتكەن ئىدىكى، قىسقىغىنە بىر نەچچە ئاي ئىچىدىلا شۇنچە كۆپ دۈشمەن ئەسكىرىنى ئەسىرگە ئالىدىغانلىقىنى نېمىس گېنىراللىرى زادىلا پەرەز قىلالىشمىغان ئىدى. يالغۇز كىيېۋگە قىلىنغان ھۇجۇمدىلا 5 سوۋېت توپكورپۇسى تارمار قىلىنىپ 665 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر ئەسىرگە ئېلىنغان ئىدى. ھۇجۇم شىددەت بىلەن داۋام قىلىۋاتقان دەسلەپكى 4~5 ئاي ئىچىدە ئەل بولغان ئۇرۇش ئەسىرلىرىنىڭ سانى 3 مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ سان شەرق ئۇرۇش سېپىدىكى نېمىس ئەسكەر سانىنىڭ يېرىمىدىنسىغا تەڭ دېگىدەك ئىدى.

ئۇرۇش ئەسىرلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئۇرۇس بولمىغان باشقا مىللەتلەرگە مەنسۇپ سوۋېت ھەربىيلىرىدىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى. بۇ ئەسىرلەر پولشا بىلەن گېرمانىيىدىكى ئەسىرلەر لاگېرىغا ھايداپ كەلتۈرۈلۈپ قامىلىدۇ. بۇ جەرياندا يۈز مىڭلىغان ئەسىر يوللاردا ئۆلۈپ-قىرىلىپ تۈگەيدۇ. ئەسىرلەر لاگېرىغا ساق يېتىپ كېلەلىگەنلەر بولسا ئىنتايىن ئېغىر قىيىن-قىستاقلارغا ئېلىنىدۇ. ئالىي ئىرق (!) ۋەكىللىرى ئۇرۇشنىڭ دەسلىۋىدە قولغا كەلتۈرگەن بۇنچە زور غالىبىيەتنىڭ مەستلىكىدە پەس ئىرق دەپ قارالغان ئەسىرلەرگە قارىتا ئادەم قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىلىكلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا شۇنچە كۆپ دۈشمەن ئەسكىرى ئەسىرگە چۈشكەن، شۇنىڭدەك بۇنچە كۆپ ئەسىرنى بىر تەرەپ قىلىشقا قىلچىمۇ تەييارلىقى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەسىرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا بەكلا كۆپ قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىپ، ئەسىرلەرنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ بەتەرلىشىپ كېتىدۇ. ئاقىۋەتتە، نېمىسلار ئۈچۈن، ئۇرۇش ئەسىرلىرىگە مۇناسىۋەتلىك جەنۋە شەرتنامىسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئەسىرلەرنى قىلچە كارى بولماي ئاچ-يالىڭاچلىقتا لاگېرلاردا ئۆلۈپ تۈگەشكە تاشلىۋېتىش — بۇ قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىن-بىر چارىسى ئىدى.

رەسمىي نېمىس ھۆججەتلىرىدىن قارىغاندا، پۈتۈن ئۇرۇش جەريانىدا شەرقىي ئۇرۇش سېپىدا ئەسىرگە ئېلىنغان سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ سانى جەمئىي 5 مىليون 162 مىڭ نەپەرگە يەتكەن بولۇپ، بۇ ئەسىرلەرنىڭ 1 مىليون 981 مىڭ نەپىرى ئەسىرلەر لاگېرىدا قىرىلىپ تۈگىگەن؛ ئەسىرلەرنى يۆتكەش جەريانىدا ئۆلگەنلەر بىلەن يوقاپ كەتكەن ئەسكەر سانىنىمۇ قوشۇپ ھېساپلىغاندا، ئۆلگەن ئەسىرلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 3 مىليوندىن ئارتۇق ئىدى. ئۆلمەي ساق قالغان ئەسىرلەرنىڭ 818 مىڭغا يېقىن قىسمى ھەرخىل ياللانما ئەسكەر پولكلىرىدا لېجيونېر سۈپىتىدە ئالدىنقى سەپلەرگە ئەۋەرتىلگەن ياكى ئارقا سەپلەردە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ قالغانلار شەرق ئىشچىلىرى قاتارىدا ئەمگەك لاگېرلىرىدا ئېغىر ئىشلاردا ئىشلىتىلدۇ.

1941ـ يىلى 9ـ ئاۋغۇست كۈنىسى چۈشكە يېقىن ئەسىرگە چۈشتۇم. ... ئىككى كۈن ئۆتكەندە تەخمىنەن ئىككى يۈزدەك ئۇرۇش ئەسىرى بىلەن بىرگە كرووگراد لاگېرىغا ئەۋەرتىلدىم. ... ئۆكتەبىرنىڭ بىرىنچى ھەپتىسىدە مىڭلىغان ئۇرۇش ئەسىرى قاتارىدا كرووگرادتىن ئۇمان لاگېرىغا كۆچۈرۈلدۇق. ئۇ يەردىكى ئەسىر سانىنى ئېنىق بىلەلمىسەممۇ، پەرىزىمچە نەچچە مىڭ ئارتۇق ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. ... ھەممىمىز ئاچ قۇرساق بولۇپلا قالماي، يېرىمىدىن كۆپىرەكىمىزنىڭ ئۈچىسىدا تۈزۈۋگىرەك كىيىم ـ كېچەكمۇ يوق يالاڭ كىيىملەردە ئىدۇق. تۆت ئەتراپىمىز نېمىس قۇراللىق ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قورشالغان، يامغۇر ئارىلاش قار ـ شۇرىغان ئىچىدە يەرلەردە ئۆملەپ ـ تىرمىشىپ دېگىدەك سۆرىلىپ ئاران ماڭاتتۇق. ... ئون مىڭ ئەسىردىن ئاران ئۈچ مىڭىمىز ئۇمان ئەسىرلەر لاگېرىغا تىرىك بارالىدۇق. ماڭغىدەك ماجالى قالماي قوشۇننىڭ كەينىدە سۆرىلىپ قالغانلارنى كەينىدىن يالاپ كىلىۋاتقان ئاپتوماتلىق نېمىس ئەسكەرلىرى شۇ يەردىلا دۈمبىسىنى نىشانلاپ تۇرۇپ ئېتىپ تاشلايتتى. ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرى ھۇشۇقتىن ئاشقان پاتقاقلىقلاردا، يەنە بەزى يەرلەردە تىزدىن ئاشقان پاتقاقلىق يوللاردا تاشلىنىپ قالغان ئىدى. ...

ئۆكتەبىر ئېيىنىڭ ئاخىرغىچە تىنماي ياققان قار بارلىق كەپىلىرىمىزنى، چېگرا توساقلىرىنى ۋە ئۆتمە ـ تۆشۈك بولۇپ كەتكەن لاپاسلىرىمىزنى ئاپپاق قار ئاستىغا پۈركىۋەتكەن ئىدى. ... ئۆمىدلىرىنى تېخى تولۇق يوقاتمىغان ئەسىرلەر ئۆلگەن سەبداشلىرىنىڭ جەسەتلىرىنى كەپىلىرىدىن چىقىرىپ ئويۇلۇپ كەتكەن چىغىر يولنىڭ نېرىسىغا ئاپىرىپ خۇددى كۆتەك تىزغاندەك ئۈستى ـ ئۈستىلەپ تىزىپ چىقاتتى. ئۆلگەنلەر كۈنسايىن كۆپەيمەكتە ئىدى. كېچىلىرى يېنىمدا ياتقان ئەسكەرنىڭ ئۆلۈكمۇ ياكى تىرىك ئىكەنلىگىنى بىلەلمەيتتىم.

ھەر كۈنى سەھەردە ھېلىقى چىغىر يول بويىدىكى جەسەتتىن كۆتۈرۈلگەن تام يېپىقى قوشۇلغان جەسەتلەر بىلەن بارغانسىرى ئېگىزلىمەكتە ئىدى.

ئۇرۇقلاپ كېتىشمىگە ئاچلىق قوشۇلۇپ مىنىمۇ ئۆلۈم ۋەھىمىسى قورقۇتماقتا ئىدى. لاگىردىكى ئەسىرلەر ئارىسىدا پەرق قىلىنغان يەھۇدىيلارنى نېمىس ئەسكەرلىرى سەل نېرىسىدىكى دۆڭنىڭ كەينىگە ئاپىرىپلا ئېتىپ تاشلىشنى ئاڭلاپ تۇراتتۇق. قۇرال تۇتقان نېمىس ئەسكەرلىرىنى كۆرسەم شۇ ھامان كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ كېتەتتى. ... ئىچىمدىن "مەن يەھۇدىي ئەمەس" دەپ ۋارقىرىغىم كېلىپ كېتەتتى. ئەمما ئۈنۈمنى چىقىرالىغىدەك كۈچۈم قالمىغاچقا، ئاۋازىم بوغۇزۇمدىلا غىڭشىلداپ يوقاپ كېتەتتى.

بۇ ئابزاسلار، ئەسىرلەر لاگىرىغا قاملىپ ئۇ يەردە بىۋاستە ياشىغان داڭلىق شائىر چىڭگىز تاغچىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدىن ئېلىندى. تۆۋەندىكى ئابزاس بولسا بۇ ئەسىرلەر لاگىرىدا ئەسىرلەرنى تالالاپ ئايرىش ئىشى بىلەن شوغۇللانغان مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ، پارىژدا تۇرىۋاتقان ئايالىغا يېزىپ يوشۇرۇن ئېۋەرتكەن بىر باغاقچىدا يېزىلغانلار ئىدى:

مىنىڭدىن ياردەم تىلەۋاتقان، مەندىن ئۈمىد كۈتۈپ تۇرغان بۇ تەلەيسىز بىچارىلارغا قىلچىمۇ ياردەم قىلالمايۋاتقانلىقىمدىن ئىچىم زەرداپ بولماقتا ئىدى. مەن ئۇلارغا: سىلەرگە چوقۇم ياردەم قىلىمەن، دەپ ۋەدە قىلاتتىم. ئەمما ئۇلارغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈنلا شۇنداق يالغان سۆزلىمەكتە ئىدىم. ئەندى ئۇلارنىڭ كۆرىۋاتقان بۇ ئازاپلىرىغا بەرداشلىق بەرگىدەك كۈچۈممۇ قالمىدى. تۈنۈگۈن 35 ئادەمنى ئۆلۈم جازاسىدىن قۇتقۇزۇپ قالغان ئىدىم. ئەمما ئۇلارنى بىر ئازگال ئىچىگە سولاپ قويۇشتى. بۇ كۈنلەر ئۆكتەبىر كىرگەن كۈنلەر بولۇپ، سوغەكتىن ئۆتىدىغان قاتتىق سوغوق، ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدا يازلىق كىيىمدىن باشقا ھىچنىمىسى يوقلا ئەمەس، ھەتتا ھەممىسى دىگىدەك يېرىم يالىڭاچ. ئۇلار ۋۇجۇدىنى قار-يامغۇردىن ساقلىغىدەك كىچىك بىر دالدا ياساش ئۈچۈن تىرناقلىرى بىلەن توپىنى قىزىپ ئورەك كولاشقا تىرىشاتتى. ئۇلارغا خۇددى ئىتقا تاشلىغاندەك نان تاشلاپ بېرەتتى، ئىچىدىغانغا سۇمۇ بەرمەيدۇ. ... بۇ خەق (نېمىسلارنى دىمەكچى — ئاپتور) ھايۋاندىنمۇ بەتەر ياۋۇز نىمىلەر ئىكەن. ... تېخى ئۆزلىرىنى مەدەنىي مىللەت دىيىشىدۇ ... بۇ كۈنلەردە روھى جەھەتتە قانچىلىك تۈگىشىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى پەرەز قىلغانسەن بەلكىم، ... بۇ كۈنلەردە، بۇ ئىشلارنى كۆزۈم كۆرمىسۇن دەپ ئۆزەمنى ئۆلتۈرىۋېلىپ بىراقلا قۇتۇلۇپ كېتەيچۇ دىگەندىن باشقىنى ئەقلىمگە كەلتۈرەلمەي قېلىۋاتىمەن. ...

چوقاي ئوغلى، تەكشۈرۈشتىن ئۆتمىدىغان ئاشكارە خەتلىرىدە بولسا، لاگىردىكى ئەھۋاللار بىلەن نېمىسلارنىڭ ئەسىرلەرگە تۇتقان مۇئامىلىلىرى ھەققىدە توختىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان ھالدا تۈركىستانلىق ئەسىرلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار ئۈستىدىلا توختالغان:

ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئەسىرلەر لاگىرىنى زىيارەت قىلىش ئىشى باشلاندى. بىز نويابىرنىڭ باشلىرىغىچە بىر مۇنچە لاگىرنى زىيارەت قىلىپ كەلدۇق. بۇ جەرياندا ئون مىڭلىغان يۇرتدىشىمىز بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۇق.

ئەسىرگە چۈشكەن تۈركىستانلىقلار مۇنداق ئىككى تۈرگە ئايرىلاتتى: ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۇرۇش ئەسىرى بولغان قىزىل ئارمىيە ئەسكەرلىرى، يەنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئۇرۇش ئەسىرلىرى ئىدى؛ يەنە بىر قىسمى بولسا سوۋېتلەرگە قارشى ھەرىكەت قىلغان دېيىلىپ، بۇ ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن سوۋېت سوتچىلىرى تەرىپىدىن مۇستەملىكە (تىگىشلىك) يىلدىن قاماق جازالىرىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئالدىنقى سەپلەردىكى مەجبورى ئەمگەك لاگىرلىرىغا ئېيتىلگەن تۈركىستانلىقلار، يەنى پۇخرا ئەسىرلەر ئىدى. ... بارلىق ئەسىرلەر لاگىرىدا، بولۇپمۇ پروسكىپ، سۇۋالكا، دېبا، دېبىكا، پوپىگىن قاتارلىق تۈركىستانلىق ئەسىرلەر يىغىلغان لاگىرلاردىكى تۈركىستانلىقلار مېنى بىر كۆرۈپلا تونۇۋالدى. ... بۇ ئەسىرلەر مەيلى مېنىڭ سەخسى ئەھۋالىم ھەققىدە بولسۇن، مەيلى مەن ۋەكىللىك قىلىۋاتقان ھەمدە ئۇنىڭ مەسئۇلى بولۇش شەرىپىگە نايىل بولغان مىللىي ھەرىكەت (ت ب م) پائالىيىتىم بىلەن بۇ تەشكىلاتىمىزغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن سوۋېتلەر ئىنتىپاقىنىڭ يۈرگۈزگەن رەھىمسىز قارشى تەشۋىقات ھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى ئەسلىرىگە ئېلىشتى. ...

تۈركىستانلىق ئۇرۇش ئەسىرلىرى ئۇرۇش باشلىنىشتىن سەل ئاۋال قىزىل ئارمىيە قوشۇنلىرىغا ئەسكەرلىككە ئېلىنغان ياشلار ئىكەن. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەسىرگە چۈشۈشتىن بىر نەچچە ھەپتە ئاۋاللا بۇ سەپكە ئېلىنغانلار بولغىنىغا ئوخشاش، ئىككى يىل بۇرۇن بۇ سەپكە ئېلىنغانلارمۇ بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئومۇمىي يۈزلۈك سەپەرۋەرلىك ئېلانىدىن كېيىن ئەسكەرلىككە ئېلىنغانلار ئىكەن. ... بۇلارنىڭ ئوندا توققۇزى مىلتىق تۇتۇشنىمۇ بىلمەيدىغانلار ئىكەن. تۈركىستانلىق قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ

قىسمى ھەربىي ۋەزىپىلىرىنى ھارۇۋىكەشلىك، يۇگەر-يېتىمچىلىك، ئاشپەزلىك، ئىسكىلاتلاردا خىزمەتچىلىك قىلىش قاتارىدىكى ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزگەن ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى خېلى كۆپ كىشلەر: "بىزلەر بىر يېرىم يىللىق ۋاقىت ئىچىدە بىر قېتىم بولسىمۇ قولىمىزغا قۇرال ئېلىپ باقمىغان تۇرساق، بىزنى قانداقمۇ ئەسكەر دىگىلى بولسۇن" دېيىشەتتى. ... ئۇرۇش باشلىنىشى بىلەن ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك ئېلانى بويىچە ھەربىيلىككە ئېلىنغان بۇ ئەسكەرلەر ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى قاتارلىقلاردىن تەركىپ تاپقان ئىدى. ...

بىر قىسىم تۈركىستانلىق ئەسىر ئەسكەرلەر ئۆزلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دېيىشتى: "پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇغۇچى بولغان بىر سىنىپ ساۋاقداشلاردىن 15 ئاغىنە بار ئىدۇق. 6-ئاينىڭ 26-كۈنىسى (ئۇرۇش باشلىنىپ 4 كۈن ئۆتكەندە) سىنىپ مەسئۇلىمىز سىنىپقا كىرىپ كەلدى. ئۇ بىزگە، رەتكە تىزىلىپ ھەربىي ئىدارىنىڭ بويرۇقىنى كۈتىشىمىز كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى. بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن بىزنى ئۇدۇل پويىز ئىستانسىسىغا ئېلىپ بېرىپ دەرھال ۋاگونلارغا چىقىرىپ ھەربىي تەلىم-تەربىيە بېرىش ئۈچۈن نامەلۇم بىر تەرەپكە قاراپ ئېلىپ مېڭىشتى. بىزنى نەگە ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدۇق. سامارا شەھىرىگە كەلگىنىمىزدە بىزگە ھەربىي كىيىم ۋە قۇرال تارقىتىپ بەردى. خاركوۋغا يېتىپ كەلگىنىمىزدە قولىمىزدىكى قۇراللارنى يىغىۋېلىشتى. ... بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىزنى قايتىدىن پويىز بىلەن ئورمانلىق بىر يەرگە ئېلىپ بېرىشتى. بۇ يەردە بىزگە 3 كۈنلۈك ھەربىي تەلىم-تەربىيە بېرىشتى. تۆتىنچى كۈنىسى كوماندىرىمىزنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى، بىزمۇ نېمىس قىسىملىرىنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغانلىقىمىزنى بىلدۇق. شۇ يەردە، يولدا بىزگە قوشۇلۇۋالغان ئەسكەرلەر قوشۇلۇپ بىر قانچە يۈز تۈركىستانلىق بىر يەرگە يىغىلىشىپ، ھەممىمىز بىرلىكتە ئەل بولۇش قارارىغا كېلىشتۇق." ... نېمىس ئايروپىلانلىرى تارقاتقان ئۇختۇرۇشلاردا تۈركىستانلىقلارنىڭ تەسلىم بولىشى توغرىلىق ئىشەندۈرەرلىك گەپلەر بەكلا كۆپ ئىدى.

ئاسىيالىق ئۇرۇش ئەسىرلىرىنىڭ شارائىتى ھەقىقەتەنمۇ ناچار ئىدى. ئىرق دەرىجىسى رېتىدە ئىسلاۋىيانلاردىنمۇ تۆۋەنگە تىزىلغانلىقى ھەمدە بولشېۋىزم ئاپىتىنىڭ ئاسىيالىقلار تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى ناتسىست ئېتىقادى سەۋەبىدىن، مۇسۇلمان-تۈرك ئەسىرلەرگە مۇناسىۋەتلىك بۇ خىل كۆز قاراش ئومۇمىي يۈزلۈك قىرغىن قىلىنىش مەنىسىگە ئايلانغان ئىدى. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ، بولۇپمۇ

ئۈرۈشنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا نۇرغۇن ساندىكى مۇسۇلمان ئەسىرلەرنىڭ سۈننەت قىلىنغانلىقىغا قاراپ، ئۇلارنى يەھۇدىي دەپ ئايرىپ قولغا چۈشكەن ھامان دەرھال ئېتىپ ئۆلتۈرمەكتە ئىدى. كېيىنكى ئۇرۇش جەريانى بويىچە مىللىي تۈركىستان بىرلىك كومىتېتىنىڭ ئاكتىپ ئەزاسى بولۇپ پائالىيەت قىلغان دوكتور بايمىرزا ھېيىتنىڭ ئەسىرگە چۈشكەن ۋاقتتا بېشىغا كەلگەنلەر، بۇ تۈردىكى ئىشلارنىڭ جەريانىنى ئېنتايىن ئېنىق كۆرسىتىدىغان ئۆلگىلەردىن بىرى ھېساپلىنىدۇ:

ئۇرۇش باشلىنىپ ئون كۈندەك ۋاقىت ئۆتكەندە، بېلرۇسىيەدە ياردارلىنىپ نېمىسلارغا ئەسىرگە چۈشتۈم. بىزنى ناھايىتى چوڭ بىر لاگىرغا ئاپىرىپ قاماشتى. بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە، كېيىن س س مەسئۇللىرى ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان بەزى ئوفىتسېرلار ئەسىرلەرنى تەكشۈرۈش ئىشىنى باشلاپ بىزنى تۈرلەرگە ئايرىشقا كىرىشتى. ئۇلارنىڭ بىزنى نىمىشكە ئايرىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمىگەن ئىدۇق. ئەمما بىرىنچى كۈنى ئايرىلغان 150~160 تەك ئادەمنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تۈرك قەۋملىرىدىن بولغان مۇسۇلمان ئەسىرلەر ئىدى. ئۇلار بۇ ئەسىرلەرنى دەرھال لاگىرنىڭ سىرتىغا ئاپىرىپ ئۆزلىرىگە ئورا كولاتقۇزۇپ، شۇ يەردىلا ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ ئۆزى قازغان ئورىلارغا كۆمۈۋېتىشتى. ئەتىسى نۆۋەت بىزگە كەلگەن ئىدى. مېنىمۇ شۇ قاتاردىكىلەرگە ئايرىغانلىرىدا ئۆلتۈرىلىدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئۇرۇسچە بىلىدىغان بىر تەرجىمان ۋاستىسى ئارقىلىق ئوفىتسېرلەردىن ئىككى رەكەت ناماز ئۆتىۋېلىشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇلار دەسلىۋىدە مېنىڭ نېمە تەلەپ قىلىۋاتقىنىمنى ئۇقالمىدى. مەن بۇنىڭ بىر دىنى ئىبادەت ئىكەنلىگىنى چۈشەندۈرگىنىمدىن كېيىن ئۇلار ماڭا رۇخسەت قىلىشتى. مەن ناماز ئوقۇۋاتقىنىمدا ئۇلار ماڭا قاراپ دىققەت بىلەن كۈزىتىشكە باشلىدى. مەن نامىزىمنى ئۆتەپ بولغىنىمدا ئوفىتسېر يېنىمغا كېلىپ مېنىڭ قايسى دىنغا ئېتىقات قىلىدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا مۇسۇلمان تۈركلىرىدىن دەپ جاۋاپ بەردىم. "يەنى سەن يەھۇدىي ئەمەسمىدىڭ؟" دەپ سورىۋىدى، "ياق، بىز يەھۇدىي ئەمەس" دەپ جاۋاپ بەردىم. ئۇ مەندىن "سىلەر مۇسۇلمان تۇرۇپ يەنە نېمە ئۈچۈن سۈننەت قىلدۇرىسىلەر" دەپ سورىۋىدى، مەن ئۇنىڭغا، "سۈننەت قىلىنىش مۇسۇلمانلىقنىڭ ئاساسلىق شەرتلىرىدىن بىرسى، شۇ سەۋەپتىن قايسى مىللەتتىن بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، بارلىق مۇسۇلمانلار سۈننەت قىلدۇرىدۇ" دەپ چۈشەندۈردۈم. ئۇ ئوفىتسېر يېنىدىكى يەنە بىر نېمىس ۋە ھېلىقى تەرجىمان بىلەن بىر ھازا بىر نىمىلەر دەپ سۆزلەشكەندىن كېيىن ماڭا بىر نېمە دېمەيلا قامچىسى بىلەن دۈمبەمگە ئۇرۇپ قويۇپ ئالدىدا تۇرغان ئەسىرلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇرىشىمنى ئىشارەت قىلدى. شۇ ئىشتىن كېيىن

ئۆلار ئەسىرلەرنى ئايرىش ئىشىنى توختاتتى. بىزمۇ بۇ جەرياندا نېمىسلارنىڭ يەھۇدىلارنى يوقىتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇۋاتقانلىقىنى، يەھۇدىلارنى ئايرىش ئۈچۈن ئەسىرلەرنىڭ سۈننەت قىلىپ ـ قىلىنمىغانلىقىغا قاراپ ئايرىيدىغانلىقىنى بىلىۋالغان بولدۇق. ئەگەر بۇ ئىشنى دەسلىۋىدىلا بىلەلىگەن بولساق، بەلكىم يەھۇدى دەپ قارىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن شۇنچە ئادىمىمىز ساق قالاركەندۇق. شۇ كۈنلەردىن بۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇ ئىشنى ئەسلىسەم ھازىرغىچە كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ. ئىككى رەكەت ناماز قىلىمەن دەپ تەلەپ قىلىشىم ئۆزەمنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقىلا سەۋەبچى بولۇپ قالماي، شۇنىڭدىن كېيىن يەھۇدىي دەپ ئۆلتۈرۈلىدىغان نۇرغۇنلىغان ئەسىر يۇرتداشلىرىمنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقىمۇ سەۋەب بولغانىدى (دوكتور بايمىرزا ھېيتى بىلەن ئۆتكۈزگەن شەخسى سۆھبەت ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

پۈتۈن ئالدىنقى سەپ بويىچە نۇرغۇن قېتىم تەكرارلانغان بۇ تۈردىكى ۋەقەلەر، گېرمانىيە ئارمىيە قوماندانلىقى تەرىپىدىن پەرق قىلىنىدۇ، شۇندىن كېيىن شەرق مىسسىرلىكى بىلەن بىرگە مۇزاكىرە قىلىنغاندىن كېيىن، يەھۇدىيلاردىن باشقا مۇسۇلمانلارنىڭمۇ سۈننەت قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە نورمال رازىۋېتچىكلىرى بىلەن ھەربى ئىستىخبارات بۆلۈملىرى (س د ۋە س س) گە رەسمى ئۇختۇرۇش قىلىنىدۇ. شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىشلەرگە قارىماي، ئەسىرلەرنىڭ توپ ـ توپ ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقەلىرى يەنىلا توختىماي داۋام قىلىپ تۇرىدۇ. بارباروسسا ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى ئايلىرىدا ئەسىرگە چۈشۈپ پولشانىڭ چېنستوخاۋ لاگىرىغا يوللىنىپ، قىش مەۋسۈملىرى بويىچە ئۇ لاگىردا تۇتۇپ تۇرىلىۋاتقان 30 مىڭ ئەتىراپىدىكى تۈركىستانلىق ئۇرۇش ئەسىرىدىن ئاران ئىككى مىڭدەكلا ئادەم ساق قالغانلىقى، بۇنداق ۋەقەلەرنىڭ داۋام قىلىپ تۇرغانلىقىنىڭ تىپىك بىر مىسالى ئىدى. بۇ لاگىردا ئەسىرلەرنى ئايرىشقا قاتناشقان ۋەلى قېيۇمخان بىلەن، ئۇ ۋاقىتلاردا بۇ لاگىردا ئەسىر قىلىپ تۇتۇلغان دوكتور بايمىرزا ھېيتىمۇ بۇ سانلىق مەلۇماتلارنىڭ راستلىقىنى تەستىقلىماقتا:

بىز يېڭى كەلگەن ۋاقىتلاردا بۇ لاگىردا 32 مىڭ نەپەر يۇرتدېشىمىز بار ئىدى. بىزنىڭكىلەرنى تاللاپ ئايرىپ بولغىچە بولغان ئارىلىقتا (دىكابىر ئېيى بويىچە)، بۇ ساننىڭ ئاران يېرىمىلا ساق قالغان ئىدى. 1942 ـ يىلىنىڭ يانىۋار ئېيىدا بۇ ئادەملىرىمىزدىن ئارانلا ئىككى مىڭدەك كىشى تىرىك قالدۇ (قېيۇمخان، «مۇستاپا چوقاي ئوغلىنى ئەسلەيمەن»، «مىللىي تۈركىستان» ژورنىلى ‹1951› 70 ـ 71 ـ سان، 22 ـ بەت. دوكتور بايمىرزا ھېيتى، 1941 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى چېنستوخاۋ لاگىرىدا 36 مىڭدەك تۈركىستانلىق ئەسىر

يىغىلغانلىقىنى، بۇنىڭ 33 مىڭدەكى 1942-يىلىنىڭ كىرىشى قىش بويى ئاچلىق، كېسەللىك ۋە سوغوقتىن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. تىرىك قالغانلار ئارىسىدىن 265 تەك تۈركىستانلىق پىدائىيلىققا تاللانغان. قالغانلىرى بەكلا ئېغىر كېسەل ياكى ياردار بولغانلىقى ئۈچۈن لاگىردا قالدۇرۇلغان. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

شەرق ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى روسېنبېرگ بىر قېتىملىق سۆزىدە بەزى لاگىرلاردا تۇتۇپ تۇرىلىۋاتقان تۈركىستانلىق ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان يۈز مىڭدەك ئۇرۇش ئەسىرىدىن ئاران ئالتە مىڭدەك كىشىنىڭلا تىرىك قالغانلىقىنى تىلغا ئالغان. دېمەك، ئۇرۇش جەريانىدا ئەسىرگە چۈشكەن ھەر يۈز تۈركىستانلىق ئەسكەردىن ئاران بەش نەپىرىلا تىرىك قالغان بولۇپ، بۇ سانلىق مەلۇماتلار ئوپچە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈلگەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەرمەكتە ئىدى. ئەمما بۇ نىسبەت ئىسلاۋيانلار بىلەن خرىستىيان كاپكازىيىلىك ئەسىرلەردە يېرىمىدىنمۇ ئاز ئىدى.

## ئۇرۇش ئەسىر ئىشلىرى كومىسسىيىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

1941-يىلىنىڭ ئىيول ئايلىرىدا ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى مىللىتىگە قاراپ ئايرىش ھەققىدە قارار قىلىنىدۇ. شەرق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان كىشىلەرنى سۈرۈشتە قىلىپ تېپىپ بىر يەرگە يىغىشقا كىرىشىدۇ. بۇ كىشىلەردىن ئارىلاشما كومىسسىيە تەشكىللەپ چىقىپ ئەسىرلەر لاگىرىنى تەكشۈرۈش، ئەسىرلەرنى ئايرىش ۋە تېخىمۇ مۇۋاپىق لاگىرلارغا يۆتكەش دېگەندەك ئىشلارنى تاپشۇرىدىغان بولىدۇ. ئەسىرلەر ئىچىدىكى تۈركى ئىرقىدىن بولغان ئەسىرلەر ئاساسەن تۈركىستانلىق ئۇرۇش ئەسىرلىرىدىن تەركىب تاپماقتا ئىدى. تۈركىستانلىقلارنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىپ ۋەلى قېيۇمخان چاقىرتىلغان ئىدى. شۇ كۈنلەردە يەنە مۇستاپا چوقاي ئوغلىنى پارىژدىن چاقىرتىپ كېلىش ئۈچۈنمۇ يول مېڭىلىۋاتقان ئىدى. سان جەھەتتە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئىدىل-ئۇرال تۈركلىرىنى ئايرىش ئۈچۈن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن گېرمانىيىگە ئەۋەرتىلىپ تۈركولوگىيە ۋە پەلسەپە كەسپىدە مۇتەخەسسىسلىك ئۈچۈن بىلىم ئاشۇرىۋاتقان ئەخمەت تۆمۈر تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئەسلىدە ئۆزىمۇ بىر ئىدىل-ئۇرال تۈركلىرىدىن بولغان تۆمۈر، بۇ ئىشنىڭ ئۆز مىللىتىدىن بولغان كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشنىڭ بىر ياخشى پۇرسىتىكەن دەپ تونۇپ بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىدۇ.

ئەزەربەيجانلىق ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى ئايرىش ئىشىغا مەھەممەت توغاي، ئەرمەنلەرنى ئايرىش ئىشىغا خارۇتىنيان ئاكا-ئۇكىلار، گروزىيىلىكلەر ئۈچۈن

توگونىدزې، ھەمدە شىمالى كاپكازىيىلىكلەر ئۇچۇن ئەلىخان قانتۆمۇر چاقىرتىلغان ئىدى. بۇ كومىسسىيىنىڭ مەسئۇللىقىنى ن س د ئا پ دىن، يەنى ناتسىتلار پارتىيىسى س ئا باتالىيونىدىن گەيىېل دېگەن بىر نېمىسقا تاپشۇرىدۇ. شۇڭا، بۇ ئارىلاشما كومىسسىيە يېڭى قۇرۇلغان ۋاقىتلىرىدا ئوستمىنىستىريۇمنىڭ گەيىېل كومىسسىيىسى دېگەن نامدا ئاتالغان ئىدى.

بۇ ئارىلاشما كومىسسىيە (تەكشۈرۈش ئۆمىكى ــ ئۇ.ت) ئەزالىرى 1941ـ يىلى ئاۋغۇست ئېيىدىن ئېتىبارەن ئەسىرلەر لاگىرلىرىنى ئايلىنىپ تەكشۈرۈپ تىزىملاش ئىشىغا كىرىشىدۇ. دەسلىۋىدە 27ـ ۋە 28ـ ئاۋغۇست كۈنلىرى خانىوۋېر ئەتىراپىدىكى بېرگېن ـ بېلسېن دېگەن لاگىر بىلەن ئويېربىكې لاگىرلىرى تەكشۈرۈلىدۇ. تەكشۈرۈش ئۆمىگىنىڭ ئەزالىرى ھەر قايسى ئۆز مىللىتىدىن بولغان ئەسىرلەرنىڭ تىزىملىكىنى چىقىرىپ رەتكە تىزىپ چىقىدۇ. مۇستاپا چوقاي ئوغلى بىلەن ۋەلى قېيۇمخان ئىككىسى بارلىق تۈركىستانلىق گورۇپپىدىكى ئەسىرلەرنى (ئۆزبەك، قازاق، قىرغىز، تۈركمەن، تاجىك، ئۇيغۇر ۋە قاراقالپاق) ئايرىپ چىقىش ئىشىغا مەسئۇل قىلىنغان ئىدى. ئىدىل ـ ئۇرال تۈركلىرىنى ئايرىشقا مەسئۇل بولغان ئەخمەت تۆمۈر بولسا سانى تېخىمۇ ئاز بولغان باشقىرت، چۇۋاش ۋە فىن گورۇپپىلىرىدىكىلەرنىمۇ قوشۇمچە قىلىپ جەدۋەل تۈزۈپ تىزىملاشقا كىرىشكەن ئىدى. تەكشۈرۈش ئۆمىگى ئىككىنچى قېتىمدا 6ـ سىنتەبىردىن تارتىپ 25ـ سىنتەبىرگىچە شەرقى پرۇسىيە رايونىدىكى 7 لاگىرنى تەكشۈرۈپ چىقىدۇ (بۇلار تورن، پروستكېن، سۇۋالكى، شىرۋىند، مىتزىكېن، پوگەگېن ۋە ئېبېنرودې قاتارلىق لاگىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). ئۈچىنچى قېتىمدا تېخىمۇ يىراقتا بولغان پولشا بىلەن ئۇكرائىنىدىكى لاگىرلار تەكشۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئىشى 38 كۈن داۋاملىشىدۇ.

بۇ تەكشۈرۈش ئىشى نويابىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگىنىدە جەمئىي 15 لاگىردىكى ئەسىرلەر مىللىتى، يېشى، بىلىم سەۋىيىسى، كەسپى ۋە ئۇنۋانلىرى بويىچە مەخسۇس تەكشۈرۈلۈپ جەدۋەللەشتۈرۈلگەن ئىدى.

ئۈچىنچى قېتىمقى تەكشۈرۈشتىن كېيىن، ئىدىل ـ ئۇرال تۈركلىرىنى ئايرىش ۋەزىپىسىگە ئەخمەت تۆمۈرنىڭ ئورنىغا ئابدۇراخمان شافى ئالماس تەيىنلىنىدۇ. ئەخمەت تۆمۈر، تۈركىيىدە ھەربىلىككە چاقىرىلغانلىقىنى بۇ ئالمىششقا سەۋەپ قىلىپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەخمەت تۆمۈرنىڭ بۇ ئىشتىن كېيىن خېلى ئۇزۇنغىچە گېرمانىيىدىن كەتمىگەنلىكى، ئەسلى سەۋەپىنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىنى كۆرسەتمەكتە.

بۇ ئارىلاشما تەكشۈرۈش ئۆمىگىنىڭ ئەزالىرىنى تەپسىلى كۆزەتكىنىمىزدە، تۆمۈردىن باشقا بارلىق ئەزالار مۇساپىرلاردىن تەشكىل تاپقانلىقىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. تۆمۈر، ئىدىل ـ ئۇراللىق بىرسى بولغىنى بىلەن، ئۇ ئەسلىدە تۈركىيە

جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەتەندىشى ھېساپلىناتتى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ ئالماشتۇرۇش ئىشىنىڭ ئەسلى سەۋەبى، شەرق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ تۈركىيە ۋەتەندىشى بولغان بىر كىشىنىڭ بۇ تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكى ئاساسى سەۋەپ بولىشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

ئۇرۇش ئەسىرلەر كومىسسىيىسى 1941ـ يىلى سىنتەبىردە، ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى زاۋۇت ياكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشچى كۈچى قىلىپ ئىشلىتىش تەكلىۋىنى بېرىدۇ. ئەمما گېرمانىيە دائىرىلىرى بۇنچە كۆپ ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىدا ئىشلىتىشتە بىخەتەر باشقۇرۇش قىيىن بولىدىغانلىقىنى باھانە قىلىشىپ بۇ تەكلىپنى رەت قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇرۇش ئەسىرلىرى كومىسسىيىلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك پائالىيەت قىلالىشى بىلەن، تۈركىستانلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئۇرۇش ئەسىرلىرىنىڭ تەغدىرى بۇ ئۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىغا باغلىق دېيىش مۇمكىن ئىدى. دېگەندەك، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى ئارقا سەپلەردىلا ئەمەس ھەتتا ئالدىنقى سەپلەردىمۇ پايدىلىنىش قارار قىلىنىدۇ. بۇ قاراردىن كېيىن، ئەسىرلەرنى بىرلا تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە تايىنىپ تۈرلەرگە ئايرىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇرۇش ئەسىرلەر تەكشۈرۈش ئۆمىگىنىڭ سانىنى 30 غا، بۇ ئۆمەكلەردە ئىشلەيدىغان ئادەم سانىنىمۇ 600 گە كۆپەيتىپ بېرىدۇ.

## مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ ۋاپاتى

ت م ب رەئىسى مۇستاپا چوقاي ئوغلى، ياۋروسا ھەرىكىتى باشلىنىلغان كۈنىسى فرانسىيىدە قولغا ئېلىنىپ پارىژ ئەتراپىدىكى كومپىيگىن نامىدىكى بىر لاگىرغا قامالغان ئىدى (كومپىيگىن دېگەن جاي، پارىژنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بىر مەھەلە. بۇرۇن ھەربى دوختۇرخانا قىلىپ ئىشلىتىلگەن بۇ يەرنى، نېمىسلار چېگرا سىملىرى بىلەن قورشاپ سىياسىي مەھبۇسلارنى قامايدىغان تۈرمە قىلىۋېلىشقان. — ئا.ھ. ئىزاھاتى). بۇ لاگىردا بىر ھەپتىدەك قاملىپ ياتقان چوقاي ئوغلى، پروفىسسور مەندېنىڭ يول مېڭىشى ئارقىلىق، بېرلىنغا كېلىپ ئۇرۇش ئەسىرلەر مەسىلىسى بىلەن شوغۇللىنىش شەرتى بىلەن قويۇپ بېرىلگەن ئىدى. چوقاي ئوغلىنىڭ ئۆزى دېگەن ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، دەسلىۋىدە ئۇنىڭدىن ئەسىرلەرگە قارىتىلىدىغان رادىئو نۇتقى سۆزلەش تەلەپ قىلىنغان. ئەمما ئۇ ئۇرۇش ئەسىرلىرى بىلەن يۈزتۇرانە كۆرۈشۈش، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىۋاستە ئىگەللەش لازىملىقىنى ئوتىلاپ، رادىئودا نوتۇق سۆزلەش تەكلىۋىنى قوبۇل قىلمىغان ئىدى. چوقاي ئوغلى ئاخىرقى خەتلىرىنىڭ بىرسىدە مۇنۇلارنى يازىدۇ:

ۋەتىنىمىزنىڭ بۈگۈنكى ئەملى ئەھۋالى بىلەن خەلقىمىزنىڭ روھى ئەھۋالىنى بىلىشىمىز ئۈچۈن ئۇرۇش ئەسىرلىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەت باغلاش بىردىن-بىر چارە ھېساپلىناتتى. بىزنى غەمگە قويىۋاتقان، ۋىجدانىمىز چىدىماي بىزنى ھاياجانلاندۇرۇپ كېتىۋاتقان ئالدىنقى سەپ بايانلىرىدا تونۇشتۇرۇلغان يوقۇردىكىدەك ئىشلاردىن تولۇق مەلۇماتقا ئېرىشىشىمىز ئۈچۈنمۇ ئەسىر قېرىنداشلىرىمىز بىلەن بىۋاستە يۈز كۆرۈشىشىمىزگە توغرا كېلەتتى.

پارىژدىن ئايرىلىش ئالدىدا نېمىس باشقۇماندانلىق شتابىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ ئۇرۇش ئەسىرى بولۇپ قالغان يۇرتداشلىرىمىز بىلەن كۆرۈشۈپ سۆزلىشىش زۆرۈر دەپ ئېيتقان ئىدىم. بۇ ھەقتىكى تىلىگىمنى كۆزدە تۇتۇپ بىزگە بۇنداق بىر پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا مىننەتدار ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرمەكچىمەن.

مۇستاپا چوقاي ئوغلى بۇ ئىش بىرەر ئايدەك ۋاقىت ئىچىدىلا تۈگەيدىغان ئىش بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلىپ بېرلىنغا كېلىدۇ. ئاۋغۇستتىن باشلاپ ۋەلى قېيۇمخان بىلەن بىرگە ئەسىرلەر تەكشۈرۈش ئۆمىگىدە ئىشلەشكە كىرىشىدۇ. ۋەلى قېيۇمخان ئۇ ۋاقىتلاردا چوقاي ئوغلىنىڭ ياردەمچىسى سۈپىتىدە تەرجىمانلىق قىلىپ يۈرمەكتە ئىدى. ئەپسۇسكى، ئىنتايىن قىيىن شارائىتلار ئاستىدا داۋام قىلىنىۋاتقان ئەسىر ئايرىش ئىشى مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ تەغدىرىنى بەلگىلەيدىغان بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

چوقاي ئوغلى، ئەسىرلەر لاگىرىنى تەكشۈرۈش ئىشىغا ئاتلىنىش ئالدىدا ئەسىرلەر نورمال لاگىرلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، مۇۋاپىق مۇئامىلە قىلىنىۋاتسا كېرەك دەپ ئويلىغان ئىدى. شۇڭا تۈركىستانلىق ئۇرۇش ئەسىر لاگىرلىرىدىكى ئەھۋاللارغا قىزىقىش ئورنىغا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ تۈزۈملىرى ئۇلارنى مىللەتچىلىك ئېڭىدىن قانچىلىك يىراقلاشتۇرالىغانلىقى، چەت دۆلەتلەردە قانات يايدۇرىلىۋاتقان تۈركىستان مىللى مۇجادىلىلەر ھەققىدە خەۋىرىنىڭ بار-يوقلىقى، ئەگەر خەۋىرى بولسا بۇ ھەرىكەتلەرگە قانداق قارايدىغانلىقى قاتارىدىكى سوئاللارغا جاۋاپ ئېلىشقا ئالدىراپ كېتىۋاتقان ئىدى. ئەمما چوقاي ئوغلى لاگىرلاردا ئىنتايىن قورقۇنۇشلۇق مەنزىرىلەرگە دۇچ كېلىدۇ. لاگىرلاردىكى ئەسىرلەر ئادەم قېلىپىدىن چىققان ۋەھشى ئۇسۇللار بىلەن ئىنتايىن پاجىئەلىك ھالەتتە باشقۇرۇلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. ئەسىرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى سوغوقتا، ئاچارچىلىقتا ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن قىرىلماقتا ئىدى. تىرىك قالغانلىرىمۇ كىچىككىنە بىر ئىشنى باھانە قىلىپ ئۆلتۈرۈلمەكتە ئىدى. چوقاي ئوغلى، ئەسىرلەر لاگىرى تەكشۈرۈشىدىن كېيىن قېيۇمخان ۋاستىسى بىلەن

نېمىس مەسئۇللىرىغا يېزىپ تاپشۇرغان دوكلاتىدا بۇ مەنزىرىلەردىن قاتتىق چۆچۈگەنلىكىنى، بۇ ئىشلارنى تۈزىتىش ئۈچۈن بېشىغا ھەرقانداق ئېغىر بالا كېلىشىدىن قەتئىي نەزەر جىددى ھەرىكەتكە كىرىشىدىغان غەزەپ نەپرەتكە تولغانلىقىنى كۆرىۋېلىشقا بولاتتى. ئۇ قاتتىق غەزەپلەنگەن ھالدا مۇنداق بايان قىلىدۇ:

سىلەر نېمىسلار، ئۆزەڭلارنى ياۋروپانىڭ ئەڭ مەدەنىيەتلىك ۋە ئەڭ ئىنسانىي پەزىلەتلىك مىللەتى دەپ تونۇشتۇرۇپ يۈرەتتىڭلار. ئەگەر سىلەرنىڭ پەزىلەتلىرىڭلار مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئەشۇ پاجىئەلىك مەنزىرە بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بولسا، مەنمۇ ئەنە شۇ ئەسىرلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئە، ئاپەت ۋە رەھىمسىزلەرچە يوقۇتۇلۇشلارنىڭ سىلەرگىمۇ نېسىپ بولىشىنى چىن دىلىمدىن تىلەيمەن. سىلەر نېمىسلار 20-ئەسىردە ياشاپ تۇرۇغلۇق، 13-ئەسىردە چىڭگىزخاننىڭ قىلغانلىرىدىنمۇ ۋەھشى ئەسكىلىكلەرنى قىلىۋاتىسىلەر. سىلەر نېمىسلار ئۆزەڭلارنى مەدەنىيەتلىك، پەزىلەتلىك بىر مىللەت دېيىشكە قىلچىمۇ ھەققىڭلار يوق!

چوقاي ئوغلى يەنە، بۇ يازغان دوكلاتىنى ئىنتايىن جەسۇرلۇق بىلەن يازغانلىقىنى ئېيتقان س س ئوفىتسېرىغىمۇ ئىنتايىن كەسكىن قىلىپ: ئەگەر ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم قىلىپ ئېتىپ ئۆلتۈرمەكچى بولساڭلار ياكى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرمەكچى بولساڭلار مانا مەن تەييارمەن، بۇ تۈردىكى مەدەنىيەتلىك (!) دەپ قارالغان بىر مىللەت ئارىسىدا ياشىغاندىن ئۆلگىنىم ياخشى، دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.

مۇستاپا چوقاي ئوغلى، بۇ 3 ئاي جەريانىدا 15 ئەسىرلەر لاگىرىنى تۈكشۈرۈپ چىقىپ ئۇنىڭلىغان تۈركىستانلىقنىڭ قىسقىچە ئەھۋالىنى رەتلەپ چىققان ئىدى. چوقاي ئوغلىنىڭ روھى ھالىتى لاگىرلاردا كۆرگەن پاجىئەلىك مەنزىرىلەردىن ئېغىر زەربە يىگەن بولۇپ، بەكلا ئېغىر ئەسەبىلىك ئىچىگە پېتىپ قالىدۇ. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ مىجەزىمۇ ئۆزگىرىپ كۈندىن-كۈنگە تىرىككەك بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ ئىنتايىن ھارغىن، بەكلا كۆڭلى يېرىم ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئەزرائىلىمۇ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ كەلمەكتە ئىدى. شۇ ۋاقىتلارنى چوقاي ئوغلى بىلەن بىرگە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن شمالى كاپكازىيىلىك ئەلىخان قانتۆمۈر، مۇستاپا چوقاي ئوغلىنى ئۆلۈمگە قىستاپ كەلگەن ئىشلارنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىدۇ:

1941-يىلىنىڭ نويابىر ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدا مۇستاپا ئەپەندى بىلەن بىرگە ئوست-مىنىستىرىيۇمغا كىرگىنىمىزدە، چېنىستوخاۋدىكى لاگىرلارغا نۇرغۇنلىغان تۈركىستانلىق، كاپكازىيىلىك قاتارلىق ئەسىرلەر كەلتۈرۈلگەنلىكىنى، شۇڭا

مىللىي تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرىنىڭ ئۇ جايلارغا دەرھال ئاتلىنىشى لازىملىقىنى بىزگە ھەر ۋاقىت ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىۋاتقان فون مەندىي خەۋەردار قىلدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان مۇستاپا ئەپەندىم ماڭا بۇرۇلۇپ "قېنى ئەمىسە، دەرھال يولغا چىقايلى، ئۇ لاگىر مېنى بەكلا قىزىقتۇرىۋاتىدۇ، ئۇ يەرنىمۇ كۆرۈپ باقمامدۇق، كۆرۈپ كەلگەندىن كېيىن يولىمىزغا راۋان بولارمىز. بىز راستىنلا بەكلا چارچىدۇق" دېدى-دە، مېنىمۇ بىرگە بېرىشىمنى چىڭ تۇرۇپ تەلەپ قىلدى. ئەتىسى پويىزغا ئولتۇرۇپ چېنستوخاۋغا قاراپ يولۇپ كەتتۇق (تەكشۈرۈش ئۆمىگىدىكىلەر ئۆمەك باشلىقى ھ. گېيبىل بىلەن ۋ. زەتىير؛ تۈركىستانلىقلاردىن مۇستاپا ئەپەندى چوقاي ئوغلى، ۋەلى قېيۇمخان؛ ئەزەربەيجانلىقلاردىن م. توغاي، تەلەت ئالپامىتى؛ ئەرمەنلەردىن خارۇتىنىيان؛ ئىدىل-ئۇراللىقلاردىن شافى ئالماس؛ گروزىنلاردىن توگونىدزې بىلەن شىمالى كاپكازىيىلىكلەردىن ئا. قانتۆمۇر، باتۇربەك غازى قاتارلىق ئەزالاردىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

ئەتىسى، چەنستوخاۋ لاگىرىغا كەلگەن تەكشۈرۈش ئۆمىگىدىكىلەرگە دوختۇرلار ئەسىرلەر بەدىنىدىن موچىن بىلەن تىرىپ ئەينەك پروبىركىلار ئىچىگە قاچىلانغان پىتلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئەسىرلەر ئىچىدە تىبلىس بىلەن دىزىنتىرىيە قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى يۇقتۇرىۋالغان بەكلا كۆپ ئادەم بارلىقىنى، شۇڭا ئېھتىيات قىلىشلىرى لازىملىقىنى ئېيتىدۇ. تەكشۈرۈش ئۆمىگىدىكىلەر دەرھال ئىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە يەنە شۇ قانتۆمۈرنىڭ بايانلىرىغا مۇراجەت قىلىمىز:

مۇستاپا ئەپەندى چوقاي يېنىمدىكى بىر ئۈستەلدە ئولتۇرغان ئىدى. تىزىملاش ئىشىنى باشلىشىمىز بىلەن تەڭ، نېمىسلار يۈزلەرچە ئەسىرنى زالغا يالاپ ئېلىپ كىرىشتى. مۇستاپا ئەپەندى بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش، كېسەللىك يۇقۇپ قېلىشلارغا قىلچە پەرۋا قىلماي تۈركىستانلىق ئەسىر يۇرتداشلىرىنى قوبۇل قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. بۇ ئارىدا دېۋەيلىشىپ تۇرغان، پىتلاپ كەتكەن بىرمۇنچە ئەسىر بەدەنلىرىنى گارتىلدىتىپ تاتىلاشقىنىچە قىزغىن نۇتۇق سۆزلەۋاتقان مۇستاپا ئەپەندىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان ئىدى. بۇ ئەھۋالغا قاراپ مەنمۇ نەچچە قېتىم بىرىپ مۇستاپا ئەپەندىگە ئۆزىنىڭزگىمۇ دىققەت قىلىڭ، كېسەل يۇقۇپ قالمىسۇن دەپ جېكىلىگەن بولساممۇ پەرۋا قىلمىدى.

شۇ كۈنى ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، كېسەللىك يۇقۇپ قالغان-قالمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن تەكشۈرۈش ئۆمىگىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى كارانتىن قىلىپ ئايرىم بىر بىنادا 12 كۈن كۈزىتىپ تۇتتى. ئاخىرقى دياگنوزدا ھېچ بىرىدە كېسەل

يۇقتۇرغانلىق ئالامىتى چىقمىغانلىقى ئۈچۈن بېرلىنگە قايتىشقا رۇخسەت قىلىنىدى. قانتۆمۈر شۇ قېتىملىق بېرلىنگە قايتىش سەپىرىنى بايان قىلىپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ:

ئەگەر سەۋەبى راس شۇ بولسا، مۇستاپا ئەپەندىم بۇ ئىشلاردىن ئىككى كۈن بۇرۇن بېشىم ئاغرىم بولالمايۋاتىمەن دەپ قاخشاشقا باشلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا مەنمۇ بىئارام بولۇپ يۆرەتتىم. شۇنىڭغا قارىماستىن بىز يەنىلا پويىزغا ئولتۇرۇپ بېرلىنغا قاراپ يولغا چىقتۇق. يولۇۋچىلار ۋاگوننىڭ بىر بۆلۈمىدە مۇستاپا ئەپەندىم ئوتتۇردا، مەن قېيۇمخان ئىككىمىز ئىككى يېنىدا ئولتۇردۇق. پويىز قوزغالغاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي مۇستاپا ئەپەندىم باش ئاغرىقى بىلەن قىزىتمىسى ئۆرلەپ كىتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، سۇ ئىچمەكچى بولدۇ ... 1941ـ يىلى 22ـ دىكابىر كۈنى سەھەردە بېرلىننىڭ سپانداۋ پويىز ئىستانسىغا يېتىپ كەلدۇق. مۇستاپا ئەپەندىنىڭ كېسىلى كۈچىيىپ بەكلا ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا ۋەلى قېيۇمخان ئۇنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ بالنىسقا ياتقۇزدى. مەنمۇ ئۆيۈمگە بېرىپلا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىم. دىزىنتىرىيە كېسىلىنى يۇقتۇرىۋالغان ئىكەنمەن. بۇ ۋەقە 1941ـ يىلى 22ـ دىكابىردا يۈز بەرگەن ئىدى. شۇنىڭدىن بەش كۈن كېيىن، يەنى 1941ـ يىلى 27ـ دىكابىردا مۇستاپا ئەپەندىم ۋاپات بولدى. بۇ خەۋەرنى ماڭا قېيۇمخان تېلېپوندا ھۆڭگىرەپ يىغلاپ تۇرۇپ يەتكۈزدى.

ۋەلى قېيۇمخان، چوقاي ئوغلىنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ت م ب نىڭ قالغان ئەزالىرىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن يازغان خېتىدە، مۇسىبەت خەۋىرىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلغان ئىدى:

مۇستاپا ئەپەندىم 1941ـ يىلى 27ـ دىكابىر كۈنى سائەت 18 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە ۋاپات بولدى. مۇستاپا ئەپەندىنىڭ كۈتۈلمىگەندە ئۇشتۇمتۇت ۋاپات بولىشى مېنى ۋە بارلىق دوستلىرىمىزنى ئېغىر مۇسىبەت ئىچىدە قالدۇردى. بىز بۇ چاققىچە قولىمىزدىن كېلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ كەلگەن ئىدۇق. كېچە ـ كۈندۈز تىنماي ئىشلەپ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان بارلىق پىلانلىرىمىزنى تەييارلاپ چىققان ئىدۇق. مەن بۇرۇن ئىۋەرتكەن خەتلىرىمدىمۇ سىزلەرگە بىلدۈرگىنىمدەك قىلىدىغان ئىشلىرىمىز تېخى بەكلا كۆپ ئىدى. باشقا ئىشلارغا قارىغاندا تۈركىستانلىق ئۇرۇش ئەسىرلەر لاگىرلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۇلارنىڭ كىملىكلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ جەدۋەللەشتۈرۈش، ئۇلار ئۈچۈن ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىش ئىشلىرى بەكلا

جاپالىق ئىشلار بولۇپ، بۇ ھەقتە خەت ئارقىلىق تەپسىلى توختىلىشىم مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. ... يالغۇز مەن ئۆزەملا 70 مىڭدىن ئارتۇق تۈركىستانلىق ئۇرۇش ئەسىرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارنى تىزىملاپ چىقتىم. بۇ ئەسىرلەرنىڭ بىرىمىدىن كۆپىرەكى ئوقۇتقۇچى، ئىنجىنېر، دوختۇر ۋە تەتقىقاتچى قاتارىدىكى ئىلغار زىيالى ئادەملەر ئىدى. مۇستاپا ئەپەندى شۇنچە كۆپ مىللى غۇرۇرلۇق ياشلىرىمىزنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ بەكلا خوشال بولغان ئىدى. ...

1941-يىلى 27-نويابىر كۈنى، چىنستوخاۋغا بىرىپ ئۇ يەردىكى تۈركىستانلىق ئۇرۇش ئەسىرلىرى بىلەن كۆرۈشكەن ئىدۇق. ئۇ يەردىكىلەردە تىفوس خەۋپى كۆرۈلگەنلىكى ئۈچۈن ھەممىمىز كارانتىن قىلىنىش ئۈچۈن شۇ يەردە 15 كۈن كۈزىتىش ئاستىغا ئېلىندۇق. 21-دىكابىر كۈنى بېرلىنگە قايتقاندۇق. بۇ يەرگە كەلگىنىمىزدە مۇستاپا ئەپەندىنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەشكە باشلىدى. شۇڭا دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپاردىم. دوختۇرخانىدا شۇنچە ئەستايىدىل داۋالىغانلىقىغا قارىماي قىزىتمىسى 40 گرادۇستىن چۈشمەي تۇرىۋالغان ئىدى. پۈتۈن ئىشلىرىمنى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ ھەر كۈنى ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇراتتىم. سۆھبەتلىشەتتۇق. مۇستاپا ئەپەندىم ماڭا بۇندىن كېيىن تۈركىستانغا دائىر ئىشلارنى قانداق قانات يايدۇرۇش كېرەكلىكى ھەققىدە ئېغىزچە ۋە يازما شەكىلدە ۋەسىيەت قالدۇرۇپ تۇردى. 25-دىكابىر كۈنىسى ئۇنى يوقلاپ بارغىنىمدا كۆرۈنۈشىدە قىلچە بىر خەۋپ يوقتەكلا قىلغان ئىدى. 27-دىكابىر سەھەردىمۇ ئەھۋالى ياخشى كۆرۈنگەن بولسىمۇ قىزىتمىسى يەنە ئۆرلەپ قالغان ئىدى. نېمىس دوستلىرىمىز ۋاستىسى بىلەن ئايالىنى بېرلىنغا چاقىرتىپ كەلگەن ئىدىم. چۈشتىن كېيىن ئەھۋالى ئېغىرلىششقا باشلاپ، سائەت 18 دىن 20 مىنوت ئۆتكەندە تېخى ھۇشىنى يوقاتماي تۇرۇپلا مەڭگۈلۈك ئۇيقىسىغا غەرق بولدى. ...

شۇنداق ئويلايمەنكى، بىزنىڭ تەغدىرىمىز قۇربان بېرىش بىلەنلا ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ. مۇشۇ تاپتا ئەڭ مۇھىم بىر ئادىمىمىزدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمىز بىز ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر پاجىئە ئىدى. ... يەرلىككە قويۇشقا ئائىت تىگىشلىك ئىشلار بىجىرىلىپ، 1942-يىلى 2-يانىۋار كۈنىسى مۇستاپا ئەپەندىم لايىق بولغان داغ-دۇغىلار بىلەن مەڭگۈلۈك يېرىگە يولغا سىلىندى.

مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ ۋاپاتى تۈپەيلىدىن چەتئەللەردە تۈركىستان ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان مۇساپىرلار ھەرىكىتى ئىنتايىن مۇھىم بىر يىتەكچىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، شەرق ئۇرۇش سەپىدا ئەسىرگە چۈشكەن

تۈركىستانلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى بجىرىش ئىشلىرى پۈتۈنلەي ۋەلى قېيۇمخانغا قالغان ئىدى.

(رەسىم ئورنى)
مۇستاپا چوقاي ئوغلى ۋاپاتىنىڭ ئېلانى. جىنازا نامىزى 1942-يىلى 2-يانۋار كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇش قىلىنغان. (ئەھەت ئەنجان ئارخىۋى)

مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ ئۆلۈم سەۋەبى كېيىنكى يىللارغا كەلگەندە، بولۇپمۇ سوۋېت تەشۋىقات ساھەلىرىدە تۆھمەت قىلىشتا پايدىلىنىدىغان پاكىت سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىغان رىۋايەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. يەنى مۇستاپا چوقاي ئوغلى كېسەللىك سەۋەبىدىن ئەمەس بەلكى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن دېگەن گەپلەر تارقىلىپ يۈرۈشكە باشلايدۇ. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنمۇ بۇ مەسىلە تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ياكى تۈركىيىدىكى بىر قىسىم ئاپتورلار تەرىپىدىن قايتىدىن ئوتتۇرغا قويۇلغان ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، بەزى پاكىتلارنى قايتىدىن مۇھاكىمە قىلىپ چىقىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

ئاۋال، مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ قايسى كېسەللىكنى يۇقتۇرىۋالغانلىقى ئۈستىدە توختىلىش كېرەك. نېمىس تىلى بىلەن تۈرك تىلىدا تىفو بىلەن تىفوس (بۇلارنىڭ بىرسى قىزىل، يەنە بىرسى كىزىك بولسا كېرەك؟ — ئۇ.ت) كېسەللىكىنىڭ ئاتىلىشىدا بىر قالايماقانچىلىق ساقلانماقتا (چوقاي ئوغلىنىڭ تەرجىمەھالىغا مۇناسىۋەتلىك بىر كىتاپتا، چوقاي ئوغلىنىڭ تىفو كېسىلىدىن ۋاپات بولغانلىقىنى پەرەز قىلىش ئارقىلىق توغرا بولمىغان مۇھاكىمىلەر يۈرگۈزۈلگەن. ئۇ كىتاپتا، چوقاي ئوغلىدا كۆرۈلگەن كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ تىفو كېسىلىدە كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەرگە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى، شۇ سەۋەپتىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن بولىشى مۇمكىن دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقا ئۇرۇنغانلىقى كۆرۈلمەكتە ‹ئابدۇلۋاھاپ قارا، «تۈركىستان يالقۇنى»، 278-279-بەتلەر› . ئەمما مۇستاپا چوقاي ئوغلى تىفوس سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان. بۇ ئىككى تۈرلۈك كېسەللىكنىڭ كىلىنىكلىق ئالامەتلىرى بىر-بىرسىگە پەقەتلا ئوخشىمايدۇ دېگىدەك. — ئا.ھ. ئىزاھاتى). تۈركىيەدە تىفو دەپ ئاتىلىۋاتقان، سۇ ياكى ئېغىز ئارقىلىق يېيىلىدىغان پاسكىنا يىمەكلىكلەردىن يۇقتۇرىلغان كېسەللىك نېمىس تىلىدا «تىيپخۇس» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ تەتۈرسىچە پىت ۋاستىسى بىلەن يۇقىدىغان، تۈركچىدە تىفوس دەپ ئاتىلىدىغان داغ شەكىللەندۈرىدىغان كېسەللىكنى نېمىسلار «فلېكتىيپخۇس» ياكى «فلېكفېبېر» دەپ ئاتىشىدۇ (تىفوس يەنى داغ پەيدا قىلىدىغان كېسەللىكنىڭ ئېنگىلىزچە يەنە بىر خىل ئاتىلىشى "جايىل فېۋېر"، يەنى تۈرمە قىزىتمىسى بولۇپ، بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچى قاتتىق باش ئاغرىقى، ئىسسىتمىسى بەكلا ئۆرلەپ كىتىش، ئۇششاق

قاناشلار كۆرۈلىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ كېسەللىكنىڭ يۇقۇملاندۇرغۇچىسى ۋىرۇسقا ئوخشايدىغان، پىتتىن يۇقىدىغان رىكېتسىيا پرووازېكىدۇر. ئادەتتە 10 ـ 14 كۈنلۈك يىتىلىش دەۋرىدىن كېيىن كېسەللىك كۆرۈلۈشكە باشلايدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق كېسەلدىن گۇمان قىلىنغىنىدا 15 كۈنلۈك كارانتىن قىلىپ كۆزىتىشكە ياتقۇزۇلىدۇ. داۋالاش ئۈچۈن بالدۇر پەرق قىلىنغاندا يوقۇرى قويۇقلۇقتا تېتراسىكلىن ۋە كلورامفېنىكول قاتارىدىكى ئانتىبىيوتىكلارنى بېرىشكە بولىدۇ. ئەپسۇسكى، مىدىتسىنادا تۇنجى قېتىم كەشىپ بولغان پېنىسلىن دېگەن ئانتى بىيوتىكمۇ خېلى بۇرۇنلا فلېمىڭ تەرىپىدىن بايان قىلىنغان بولىشىغا قارىماي، 1941 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگىنىدىلا ئاندىن ئى. ب. چاين بىلەن سەبداشلىرى ئايرىپ چىقالىغان. ئاندىن 1944 ـ يىلىغا كەلگىنىدىلا ئومۇمى يۈزلۈك ئىشلىتىشكە باشلانغان. مۇستاپا چوقاي ئوغلى ۋاپات بولغان كۈنلەردە مىدىتسىنا ساھەسىدە تېخى ئانتى بىيوتىلاردىن پايدىلىنىش يولىغا قويۇلمىغانلىقى ئۈچۈن، خۇددى باشقا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردە كۆرۈلگىنىدەك تىفوس يۇقۇملۇق كېسىلىدىمۇ ئۆلۈم نىسبىتى بەكلا يوقۇرى بولۇپ كەلگەن ئىدى. مىدىتسىنادا شۇنچە زور تەرەققىياتلارنىڭ بولىشىغا قارىماي، 1977 ـ يىللاردىمۇ تىفوس كېسىلى يۇقتۇرغان كېسەللەر ئارىسىدا يېشى 50 تىن ئاشقانلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 60 پىرسەنتلەرگە يەتكەن. ـــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). بېرلىندىكى شۆنېبېرگ ـ ۋىكتورىيە دوختۇرخانىسىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ ئۆلۈم سەۋەبى فلېكفېبېر (داغلىق خۇما، كىزىك)، يەنى تىفوس ئىدى. مەيلى مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ ئايالىغا ئىشەرتىلگەن خەتتە بولسۇن ياكى ئارىلاشما تەكشۈرۈش ئۆمىگىنىڭ ئەزاسى ئەلخان قانتۆمۈرنىڭ يوقۇرىدا نەقىل قىلىنغان ئەسلىمىلىرىدە بولسۇن چەنستوخاۋ لاگىرىدا تىفوس ۋاباسى تارقىلىپ كەتكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلمەكتە. ئۇ لاگىرلاردىن ساق قۇتۇلۇپ چىقالىغان ئۇرۇش ئەسىرلىرى يازغان ئەسلىملەرگە قارىغاندا، ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان، كارانتىن ئاستىدا تۇتۇلىدىغان كېسەللەرنىڭ تىفوس ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا (مۇستاپا چوقاي ئوغلى ئايالىغا چېنستوخاۋدىن ئىشەرتكەن ئەڭ ئاخىرقى ئارتكىتكىسىدا لاگىردا داغلىق خۇما ۋاباسى پەيدا بولغانلىقىنى يازغان. ـــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

(رەسىم ئورنى)

مۇستاپا چوقاي ئوغلى ئۇچۇن بېرلىن ـ شۆنېبېرگتىكى ۋىكتورىيە دوختۇرخانىسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان ئۆلۈم سەۋەبى ھەققىدىكى دوكلاد. چوقاي ئوغلىنىڭ تىفوس ‹داغلىق خۇما› سەۋەبىدىن 1941 ـ يىلى 27 ـ دېكابىردا جان ئۈزگەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە.

شۇ ۋاقىتلاردا ۋەقە ئۈستىدە بولغان، چوقاي ئوغلىنىڭ ۋاپاتىغا مۇناسىۋەتلىك

مەلۇماتلارنى كۆرەلىشى مۇمكىن بولغان ئەلىخان قانتۆمۈر، ئابدۇراخمان شافى ئالماس ۋە مەھەممەت ئىمىن روسۇلزادە قاتارلىقلار ئەسلىمىلىرىدە ياكى يازغان ماقالىلىرىدا مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ تىفوس كېسىلى سەۋەبىدىن ۋاپات بولغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە (مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ تەرجىمەھالى ھەققىدە يېزىلغان «تۈركىستان يالقۇنى» دېگەن كىتاپتا "چوقاي ئوغلى بىلەن يېقىن يۈرگەن كىشىلەر ئۇنىڭ زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىكى قاراشلارغا بىردەك قوشۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنى كىم ئۆلتۈرگەنلىكى مەسىلىسىدە بىر پىكىرگە كېلەلمىگەن." دەپ ئېنىق باھا بېرىلگەن ــ 281 ـ بەت. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇش ئەسىرى ھەمزە ئابدۇللىن بىلەن ئەلىخان قانتۆمۈرنىڭ ئېيتقانلىرىنى مەنبە قىلىپ كۆرسىتىپ ئۆتكەن ــ 290 ـ بەت. ئەمما ئەلىخان قانتۆمۈر قاتىرىدىكى ئەينى ۋاقىتتا نەق مەيداندا بولغان بارلىق شاھىتلار چوقاي ئوغلىنىڭ تىفوس سەۋەبىدىن ۋاپات بولغانلىقىنى تىلغا ئېلىشقان ئىدى ــ بۇ ھەقتە ئەلىخان قانتۆمۈر يازغان «مىللى تۈركىستان» نىڭ 99 ـ سانىدىكى ماقالىسىنىڭ 25 ـ 26 ـ بەتلىرىگە؛ ئابدىراخمان شافى ئالماس يازغان ئەخمەت تۆمۈردىن ستاتىكا كەلتۈرگەن «گېرمانىيىدە 60 يىل» دېگەن كىتاۋىنىڭ 160 ـ بەتلىرىگە؛ مەھەممەت ئىمىن روسۇلزادىنىڭ «مەرھۇم چوقاي ئوغلىغا» «تۈركىستان مىللى ھەرىكىتى ۋە مۇستاپا چوقاي» 52 ـ بەتلەرگە قارالسۇن. ھەمزە ئابدۇللىن قاتارىدىكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتكەن ئۇرۇش ئەسىرلىرى بولسا ئەينى ۋاقىتدا چوقاي ئوغلىنىڭ يېنىدا بولمىغىنىدەك، سوغۇق ئۇرۇش دەۋرىلىرىدە چەتئەلدىكى تۈركىستان ئۈچۈن قانات يايدۇرۇلغان كۈرەشلەرگە قارىتا قارىلاش خاراكتىرىدىكى تەشۋىقاتلار بىلەن مەشغۇل بولۇشقا مەجبۇر بولغانلار ھېساپلىناتتى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا بۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك يېزىلغان بارلىق ماقالىلاردا سوۋېت جاسۇسى مەخمۇت ئايقارلىنىڭ تارقىتىپ يۈرگىنىگە ئوخشاش ك گ ب تەرىپىدىن تارقىتىلغان يالغان ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىلاتتى. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) ت م ب نىڭ ئەڭ ئاخىرقى باشلىقى تاھىر چاغاتاينىڭ 1950 ـ يىللاردا ئېلان قىلغان ماقالىلىرىدا مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ تىفوس كېسىلىدىن ۋاپات بولغانلىقىنى ئېيتقان (ئا. ئوكتاي، «تۈركىستان مىللى ھەرىكىتى ۋە مۇستاپا چوقاي» 40 ـ بەت. ‹ي. ت. ئىمزاسى تاھىر چاغاتاي ئىشلىتىپ كەلگەن بىر مۇنچە تەخەللۇسلىرىدىن بىرى› مۇ يۇقۇرقىلارنىڭ دېگىنىدەك 1951 ـ 1953 ـ يىللىرىدا ۋەلى قېيۇمخان رەئىسلىكىدىكى مىللى تۈركىستان ئىتتىپاق كومىتىتىغا قارشى كۈرەش قىلغان تۈرك ئېلى كومىتىتىنىڭ نەشرى ئەپكارى «تۈرك ئېلى» ژورنىلىدا چوقاي ئوغلى ھەققىدە ھەر تۈرلۈك ماقالىلار ئېلان قىلىنغان بولۇپ، چوقاي ئوغلىغا ئاتاپ مەخسۇس بىر سانمۇ چىقارغان. ئۇ ماقالىلارنىڭ ھېچ قايسىسىدا چوقاي ئوغلىنىڭ زەرھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە بىرەر گەپ يوق. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). شۇنىڭغا ئوخشاش، مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ رەپىقىسى مارىيە ياكوۋلېۋنا چوقاي ئوغلى خانىم تەرىپىدىن

تەييارلانغان تۈنجى ئەسلىمىلەر كىتاۋىدىمۇ مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ ۋابا كېسىلىدىن ۋاپات بولغانلىقى كۆرسىتىلگەن ئىدى (مارىيا چوقاي ئوغلى خانىم: «چوقاي ئوغلى ھەققىدە رەپىقىسىنىڭ ئېيتقانلىرى»، 115 ـ بەت. مارىيا چوقاي ئوغلىنىڭ يەنە ئوخشىمىغان ۋاقىتلاردا يېزىپ چىققان ئىككى پارچە ئەسلىمىلەر كىتاۋىمۇ ئېلان قىلىنغان. بۇ كىتاپلارنىڭ بىرىنچىسى 1958 ـ يىلىسى، يەنە بىرسى بولسا 1963 ـ يىلىسى يېزىلغان. كېيىنچە، يەنى 1970 ـ يىلى بۇ ئىككى كىتاپ بىرلەشتۈرۈلۈپ «چوقاي ئوغلى ھەققىدە رەپىقىسىنىڭ ئېيتقانلىرى» دېگەن نامدا بىرلا ئەسلىمە كىتاۋى قىلىپ نەشرى قىلىنغان. ئەستايىدىل ئوقۇيدىغان كىتاپخان بۇ كىتاپنىڭ 115 ـ بېتىدە «ئەسلىمىلىرىمنىڭ ئاخىرسى» دېگەن تىما بىلەن 120 ـ بەتكىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئەسلىمىلىرىنىڭ يېزىلغانلىقىنى، شۇنداق قىلىپ، بىرىنچى كىتاۋىنىڭ تاماملانغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن «1939 ـ يىلقى دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرلىرىدە» دېگەن ماۋزۇ بىلەن قايتىدىن كەينىگە يېنىپ ئەسلەيدىغانلىقىنى پەرق قىلالىشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك 1963 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان ئىككىنچى ئەسلىمە كىتاۋىنىڭ نامى «1939~1944 دۇنيا ئۇرۇشى يىللىرىدىكى پارىژ ئەسلىمىلىرىم» بولۇپ، كىتاپنىڭ باش تەرەپلىرىدە «مېنىڭ يولدۇشۇم قانداق بىرسى ئىدى» دېگەن ماۋزۇ بىلەن مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ قىسقىچە تەرجىمەھالى، سىياسەتچى مۇستاپا چوقاي ئوغلى دېگەندەك بىر باپ يېزىلغان. بىرىنچى ئەسلىمىسىدىن بەش يىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يېزىلغان ئىككىنچى ئەسلىمىسىنى قوشۇپ ئېلان قىلغان بۇ ئىككى ئەسلىمە كىتاۋى، بىرلەشتۈرۈلۈپ ئېلان قىلىنىش ۋاقتىدا يوقۇردىكى مەزمۇنلار چىقىرىپ تاشلانغان بولۇپ، 1939 ـ يىلىدىن كېيىنكى ئەسلىمە قىسمى بىرىنچى قىسمىغا قوشۇۋېتىلگەن. بىرىنچى كىتاۋىدا يولدىشىنىڭ ۋابا كېسلى سەۋەبىدىن ۋاپات بولغانلىقىنى ‹115 ـ بەت› يازغان مارىيا چوقاي ئوغلى خانىمى، ئىككىنچى كىتاۋىدا مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى 1960 ـ يىلىسى ئىسمىنى ئەسلىيەلمىگەن بىر تۈركىستانلىق خەت ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەنلىكىنى، بۇ خەۋەرنى تاھىر چاغاتايمۇ بۇ ھەقتە توختالغان كىتاپچىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ‹163 ـ بەت›. باشقىچە ئېيتقاندا، مارىيا چوقاي ئوغلى خانىم 1958 ـ يىلى يازغان تۈنجى كىتاۋىدا مەيلى يولدىشىنىڭ ئۆلۈمگە مۇناسىۋەتلىك گەپلەرگە، مەيلى ۋەلى قېيۇمخان ھەققىدىكى ھېچ قانداق بىر گەپكە ئورۇن بەرمەي يازغان بولسا، ئايقارلى باشلاپ بەرگەن سوۋېت تەشۋىقاتلىرى بولىۋاتقان يىللاردا، يەنى 1963 ـ يىلى يازغان ئىككىنچى كىتاۋىدا بۇ تەشۋىقات مۇھىتىغا ماس كېلىدىغان بىر ۋەزىيەتنى تەسۋىرلىگەن. ئەپسۇسكى، ئابدۇلۋاھاپ ئوكتاي بىلەن تاھىر چاغاتاي ئىككىسى بۇ ئىككى كىتاپنى بىر كىتاپ قىلىپ بېسىلغان نۇسخىسىنى مارىيا چوقاي ئوغلى خانىمى ۋاپات بولغاندىن ئىككى يىل كېيىن گويا بىرلا ئەسلىمە

كىتاپ يېزىپ قالدۇرۇلغاندەك ئېلان قىلىنىشقان ئىدى. بىر مەنىدە بۇ ئەسلىمىلەر ۋەلى قېيۇمخان گۇرۇھى ئۇتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇنازىرىلەر ئۈچۈن پايدىلىنىلغاندەك كۆرۈنمەكتە. مەندە ھەر ئىككىلا كىتاپنىڭ ئابدۇلۋاھاپ ئوكتاي تەرىپىدىن تەييارلانغان ئەسلى ئارگىنال نۇسخىلىرى ساقلانماقتا ــ ‹ئەھەت ئەنجان ئارخىۋى› ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

1957 ـ يىلى، سوۋېت تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ مۇستاپا چوقاي ئوغلى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن دەيدىغان گەپلەرنى پەيدا قىلىشقان ئىدى. يىگىرمە ئىككى يىلدەك ئىران، ئافغانىستان ۋە پاكىستان قاتارىدىكى ئەللەردە تۇرىۋاتقان تۈركىستانلىقلار ئارىسىدا سوۋېت جاسۇسى بولۇپ ئىشلىگەن مەخمۇت ئايقارلى، 1954 ـ يىلى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتكىنىدىن كېيىن «مۇراجەت» (1957)، «خائىنلارنىڭ دەسسەلىرى» (1960)، «ۋەتەن ساتقۇچلارنىڭ تۇتقان يوللىرى» (پرگېيسكى پرىداتېلېي) (1960) دېگەندەك ناملاردا كىتاپچىلار ۋە نۇرغۇنلىغان ماقالىلارنى ئېلان قىلغان ئىدى. ئايقارلى يازغان بۇ كىتاپلىرىدا مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ ۋەلى قېيۇمخان تەلىۋىگە ئاساسەن نېمسلار تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىكى ئۇيدۇرمىلارنى ئوتتۇرىغا چىقارغان ئىدى. مەخمۇت ئايقارلى ئۆزىنىڭ بۇ يالغان گەپلىرىنى يەنە بىر يالغان گەپ بىلەن ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنغان بولۇپ، بۇ ۋەقەنى ئۇنىڭغا 1953 ـ يىلى پاكىستانغا زىيارەتكە كەلگەن دوكتور بايمىرزا ھېيتى ئېيتىپ بەرگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ (دوكتور بايمىرزا ھېيتى، ئايقارلى دېگەن گەپلەرنىڭ بىرسىمۇ راس گەپ ئەمەسلىكىنى، مۇستاپا چوقاي ئوغلى تىفوس كېسىلى تۈپەيلىدىن ۋاپات بولغانلىقىنى، ئايقارلى ئوتتۇرىغا چىقارغان زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن دېگەن گەپلەرنىڭ قىلچە ئاساسى بولمىغان پۈتۈنلەي قۇرۇق گەپ ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئايقارلى بىلەن بۇ ھەقتە بىرەر ئېغىزمۇ پاراڭلاشمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ‹بايمىرزا ھېيتى بىلەن سۆھبەتلەر› . بۇنىڭدىن باشقا، ئايقارلى كىتاۋىدا تۈركىستان مىللى ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇستاپا چوقاي ئوغلى بىلەن ۋەلى قېيۇمخان بىرلىشىپ قۇرۇپ چىققان تەشكىلات دېگەنلىرىمۇ، چوقاي ئوغلىنىڭ 1942 ـ يىلقى ۋاپاتىغا مۇناسىۋەتلىك توقۇلمىلىرىغا ئوخشاش يالغان گەپلەر ئىدى. ‹چاغاتاي، «تۈركىستان ئازاتلىق ھەرىكىتىگە مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەردىن سەھنىلەر» 18 ـ بەت.› ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، چەتئەللەردىكى تۈركىستان مىللى كۈرەش ھەرىكەتلىرىنى پارچىلاش مەقسەت قىلىنغان بۇ تۈردىكى ك گ ب تەشۋىقاتلىرى ھەققەتەنمۇ مەقسىدىگە يەتكەن بولۇپ، ت م ب نىڭ ئەڭ ئاخىرقى رەئىسى تاھىر چاغاتاي، ۋەلى قېيۇمخان گۇرۇھىنىڭ پائالىيەتلىرىنى تەنقىتلەش مەقستىدە 1959 ـ يىلى يازغان «تۈركىستان ئازاتلىق ھەرىكىتىگە مۇناسىۋەتلىك ھادىسىلەردىن سەھنىلەر» ناملىق كىتاۋىدا ئەمەلىيەت بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان بۇ قۇرۇق

گەپلەرنى قىلچە تەھلىل قىلماي ئۆز پېتى ئىزاھات قىلىپ بېرىدۇ. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندە، ئۇرۇش جەريانىدا م ت ب ك دا ئىشلەپ كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتكەن سۇلتان قارى، موسكۋا راديوسىدا سۆزلىگەن سۆزى بىلەن يەنە شۇ ھەقتە توختىلىپ قايتا تەكرارلىغان نۇتۇقىنىڭ بىر قىسمىنى خەت شەكلىگە ئۆزگەرتىپ چەتئەلدە تۇرىۋاتقان تۈركىستانلىقلارغا ئەۋەرتىپ بېرىدۇ. بۇ قۇرۇق گەپلەر كېيىنچە ماريا چوقاي ئوغلى خانىم 1963 ـ يىلى يېزىپ چىققان ئەككىنچى ئەسلىمىلەر كىتاۋىغىمۇ كىرگۈزۈلىدۇ (ماريا چوقاي ئوغلى خانىممۇ يازغان كىتاۋىدا بۇ ھەقتىكى گەپلەرنى ئىسمىنى ئېسگە كەلتۈرەلمىگەن بىر تۈركىستانلىق تەرىپىدىن يېزىلغان خەتتە كۆرگەنلىكىنى يازىدۇ. ‹163 ـ بەت› — ئا.ھ. ئىزاھاتى). سوۋېت جاسۇسى مەخمۇت ئايقارلى ۋاستىسىدا باشلىتىلغان ك گ ب نىڭ بۇ تۆر پائالىيەتلىرى 1960 ـ يىللار بويىچە ئۇرۇشتىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتكەن نۇرغۇنلىغان ئۇرۇش ئەسىرلى ۋاستىسى ئارقىلىق داۋاملاشتۇرىلىدۇ (بۇ ھەقتە زىيا سەئىدنىڭ «تارىخ تىلغا كەلدى»، سەئىد كەرىمووۋنىڭ «ئۆمچۈك»، سۇلتان قارىنىڭ «قەدىرلىك تۈركىستانلىق بۇرادەرلىرىمىز ۋە ياشلىرىمىز»، جۇمابەك ئاقتارغانوۋنىڭ «خائىنلارغا ئىشەنمەڭلار»، ھەمزە ئابدۇللىنىنىڭ «مۇستاپا بىلەن ماغجان تۇران ئەلىنىڭ دانا سۆزلىرى»، جېرىق شاكىباييېۋنىڭ «بۈيۈك تۈركىستان چۈشى»، رەھىم ھەسەنوۋنىڭ «بۈيۈك تۇران» دېگەندەك نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەر، رومانلار يېزىلدى. مۇستاپا چوقاي ئوغلى ۋاپات بولغاندا ئەسىرلەر لاگىرىدا تۇرىۋاتقان، ھەتتا گېرمانىيىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان بۇ كىشىلەر گويا بۇ ئىشنىڭ نەق ئۈستىدە تۇرغان ئادەمدەك ۋەقەلىكلەرنى، ئادەم ئىسىملىرىنى ۋە ۋەقە يۈز بەرگەن كۈنلەرنى ئۆزى خالىغانچە توقۇپ چىقىشىپ، چەتئەلدە داۋام قىلغان تۈركىستان ئۈچۈن قانات يايدۇرىلىۋاتقان كۈرەشلەرنى پارچىلاش مەقسەت قىلىنغان سوۋېت تەشۋىقاتىغا ھەمنەپەس بولۇپ بېرىشمەكتە ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ تۈردىكى تەشۋىق قىلىش مەقسىتىدە ئېلان قىلىنغان يالغان ـ ياۋداق نەرسىلەر چەتئەلدىكى تۈركىستان ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان كىشىلەر تەرىپىدىنمۇ نەقىل قىلىپ ئىشلىتىلگەن، ھەتتا پاكىت ماتېرىيالى سۈپىدە پايدىلىنىلغان، شۇ ئاساستا ھادىسىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە باھالاشلارمۇ ئوتتۇرغا چىققان ئىدى. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

## مىللىي لېژيونلارنىڭ قۇرۇلۇشى

ئۇرۇش تېز ئارىدا تاماملىنىدۇ دەپ ئىشەنگەن ھىتلېر، سوۋېتلەرگە ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتى جەريانىدا ئىشغال قىلىنىدىغان يەرلەردىكى يەرلىك خەلق بىلەن

قولغا چۈشۈرىدىغان ئەسىرلەرگە قارىتا مۇنداق بىر بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ:

ئىشغال قىلىنغان يەرلەردە نېمىسلاردىن باشقا ھېچقانداق ئادەمگە قۇرال تۇتقۇزماسلىقىمىز كېرەك. بۇ، بەكلا مۇھىم بىر ئىش. بۇ تۈردىكى كىشىلەرنىڭ قۇراللىق كۈچلىرىدىن پايدىلىنىشىمىز دەسلىۋىدە بىزگە بەكلا ياردىمى تېگىدىغان ياخشى ئىشتەك بىلىنىشى مۇمكىن. ئەمما بۇنداق قاراش پۈتۈنلەي خاتا. بۇ كۈچلەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە چوقۇم بىزگە قارشى جەڭ قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا، بىز نېمىسلاردىن باشقا ھېچقانداق بىرسىنىڭ قۇرال تۇتىشىغا رۇخسەت قىلماسلىقىمىز لازىم. سلاۋيانلار، چېخلار، ئۇرۇس كازاكلىرى ۋەياكى ئۇكرائىنلارنى ھەرگىزمۇ قۇراللاندۇرماسلىقىمىز كېرەك.

شۈبھىسىزكى، بۇلار ھەرگىز ئالى ئىرق قاراشىغا ئاساسەن ئوتتۇرغا قويۇلغان بىر قارار بولماستىن، بەلكى ئىشغال قىلىنىدىغان يەرلەرنىڭ بىر بۆلۈمى كەلگۈسىدە يەرلىكلەردىن بوشىتىلىپ نېمىسلارنى يەرلەشتۈرۈش رايونىغا ئايلاندۇرۇشنى پىلانلىغانلىقى، شۇنىڭدەك ئۇرۇش جەريانىدا نېمىسلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ جەڭ قىلىدىغان مىللەتلەر ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىنىدىن كېيىن ئۇلارمۇ كېلىپ دەستىرخاننىڭ بىر بۇرجىكىگە قىستىلىۋېلىشىنى تەلەپ قىلىش ئېھتىمالىنىڭ تۇغۇلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىدىن باشقا مەقسىدى يوق ئىدى. بۇ تۈردىكى قاراشتىن باشقا يەنە، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ قۇماندانلىرىمۇ ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى ئالدىنقى سەپلەردە جەڭ قىلىدىغان قىسىملارغا ئۆزگەرتىپ پايدىلىنىش مەسىلىسىگە قاتتىق قارشى تۇرۇپ كەلگەن ئىدى.

1941 ـ يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدىن كېيىن، روسىيىگە قارشى قوزغىتىلغان بۇ ئۇرۇش مۆلچەرلەنگىنىدەك ئۇنچە پات تۈگىمەيدىغان بىر ئۇرۇش بولىدىغانلىقى ئوتتۇرغا چىقىدۇ. گېرمانىيە بۇنىڭدىن باشقا سەپلەردىمۇ ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، كامايغان ئەسكەرلىرىنى تولۇقلايدىغان مەنبە مەسىلىسىدە ھەقىقەتەنمۇ قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلمەكتە ئىدى. بۇ جەرياندا شەرق ئىشلار مىنىستىرلىكى تەۋەسىدىكى بىر قىسىم رەھبەرلەر بىلەن پۇخرا ئاخبارات تەشكىلاتى (س د، يەنى سچېرخېيتسدىينست ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) ئۇرۇش ئەسىرلىرىدىن پايدىلىنىش مەسىلىسىنىمۇ ئوتتۇرغا قويماقتا ئىدى. 1941 ـ يىلىنىڭ ئۆكتەبىرىدە، گېنېرال كەيتېل قىش ئايلىرىدا سوۋېت ئەسىرلىرىدىن يول ياساش ئىشلىرىدا پايدىلىنىش ھەققىدە ھىتلېرنى ماقۇل كەلتۈرىدۇ.

ئەسلىدە، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرلىرىدە بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىش بولغان ئىدى. روسىيە ئالدىنقى سەپتە ئەسىرگە ئېلىنغان مۇسۇلمان تۈركلەرنى بېرلىن ئەتراپىدىكى ۋۈنستورف لاگېرىغا يىغقان. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ

ئەسىرلەرنى گېرمانىيە بىلەن بىر سەپتە ئۇرۇش قىلىۋاتقان تۈركىيە ئارمىيىسى ئىچىدە جەڭگە سېلىش لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ لايىھە تۈركىيە دائىرىلىرى تەرىپىدىن ماقۇللانغاندىن كېيىن، روسىيە تۈركلىرى ئارىسىدىكى داڭلىق كىشىلەردىن بىرى بولغان قازى ئابدۇرېشىت ئىبراھىمنى گېرمانىيىگە ئەۋەتىدۇ. قازى نەشرى قىلغان «ئەل جىھاد» گېزىتى ۋاستىسى بىلەن پىدائىلارنى تىزىمغا ئېلىپ ئاسىيا باتالىيونى نامىدا بىر ھەربى قىسىم تەشكىل قىلغان ئىدى. بىرمەر مىڭدەك ئەسكەردىن تەشكىل تاپقان بۇ قىسىم، 1916 ـ يىلىنىڭ ماي ئايلىرىدا ئىستانبۇلغا ئەۋەتىلىدۇ. ئۇ يەردىن ئىراق ئۇرۇش سېپىغا ئەۋەتىلگەن بۇ ئاسىيا باتالىيونى ئۇرۇش تۈگىگەن كۈنلەرگىچە ئوسمانلار ئارمىيىسى تەركىۋىدە ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەن ئىدى.

ئاسىيا باتولىيونى ئىشىدىن تولۇق خەۋىرى بار فون مەندي، مۇسۇلمان تۈرك دۇنياسى بىلەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىلا ياخشى بىلىدىغان بىرسى بولۇپ قالماي، بۇخىل ئۇرۇش ئەسىرلىرىدىن تەشكىل قىلىنىدىغان ھەربى قىسىملارنى ئوقۇشلۇق تۈردە پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۈركى ئۇرۇش ئەسىرلىرىدىن سوۋېتلەرگە قارشى ئۇرۇش سەپلىرىدە پايدىلىنىش ئىشىنى تۈركىيە مەسئۇللىرىمۇ پات ـ پاتلا تىلغا ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى. باش ئەلچى خۇسراۋ گەرەدە، يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن مۇستەشار كامال نىجات ئەپەندىنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن 1941 ـ يىلى 20 ـ ئاۋغۇست كۈنى شەرقى پرۇسىيىدىكى باش قۇماندانلىق شتابىغا بېرىپ گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى رىببېنتروپ بىلەن كۆرۈشكىنىدە، تۈركى ئىرقىدىن بولغان رۇسىيە ئەسىرلىرىدىن پايدىلىنىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىدۇ:

> رۇسىيىدىكى بىز بىلەن بىر قاندىن بولغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ سوۋېت ئىستىبداتىدىن ئازات قىلىنىشى بىز ئۈچۈن روھى مەدەت بولىدىغانلىقىنى دەپ كېلىپ، گېرمانىيە باشلىغان بۇ ئۇلۇغ ئۇرۇشتا گېرمانىيىدىن ئىبارەت بۇ دوستىمىز قولىغا چۈشۈرگەن ئەسىرلەر ئارىسىدىكى تۈركىيلەرنى روسلاردىن ئايرىپ چىقىش لازىملىقىنى ئالاھىدە مەسلىھەت قىلدىم، بۇ قېرىنداشلىرىمىزدىن خەۋەرچىلىك ۋە يول باشلىغۇچى قاتاردىكى ئىشلاردا ئىشلىتەلىشىڭلار مۇمكىن دەپ ئەسكەرتىپ ئۆتتۈم، ياۋرۇپاغا پانالىق تىلەپ كەلگەن روسىيە تۈركلىرىنىڭ سىياسى ساھەدىكى بىلىملىك كىشىلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ بۇ ئەسىرلەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇشنىڭ پايدىسى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن ئىدىم.

ئىراندا ئۇزۇن يىللار ۋەزىپە ئۆتىگەن باشئەلچى گەرەدە كاپكازىيە بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىگە دائىر مەلۇماتى بار بىرسى بولۇپ، بىرقىسىم مۇھاجىر تۈركى

يېتەكچىلىرى بىلەنمۇ تونۇشاتتى. خۇسراۋ گەرەدە تاشقى ئىشلار مۇستەشارى ۋېيزساكېر بىلەن ئۆتكەزگەن سۆھبەتتىمۇ بۇ ھەقتىكى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىدۇ:

مەن بۇ قان قېرىنداشلىرىمىزنى ئەسىرلەر لاگىرىدىن ئازات قىلىپ، ئۇلاردىن پايدىلىنىش ئىشىنى مەخسۇس ۋە غەيرى رەسمى شەكىلدە قولغا ئېلىپ ئىشلەشنى مىللى ۋە ۋىجدانى بىر قەرزىم دەپ تونىغان ئىدىم. ... گېرمانىيىنىڭ، سىياسى جوغراپىيە نوقتىسىدا ئاساسلىق دۈشمىنىمىز ھېساپلىنىدىغان روسىيىگە قارشى ئۇرۇشتا غەلىبە قازانغانلىقى ۋەتىنىمىزدە ئىنتايىن كۈچلۈك ھاياجان پەيدا قىلغۇتكەنلىكىنى بىلدۈردۈم. روسىيىدىكى مۇسۇلمانلار جايلاشقان رايونلارنى خەرىتىدە كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئىزاھات بەرگەن ئىدىم. ... بۇ ئەسىرلەردىن پايدىلىنىشلىرى كېرەكلىكىنى شەخسى نامىمدا ۋە مەخسۇس يۇسۇندا تەۋسىيە قىلغان ئىدىم. ئامېرىكىلىقلار چىقارغان مەخپى ھۆججەتلەر توپلىمىدىكى ماتېرىياللاردىن باش كاتىپىنىڭ بۇ سۆھبىتىمىزنى تەپسىلى تۈردە رىبېنتروپقا يەتكۈزگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم. ئۇ ۋاقىتلاردا كاپىكازىيە خەلقلىرىنى تەڭپۇڭلۇق ساقلايدىغان دۆلەت شەكلىدە بىرلەشتۈرۈش مۇمكىنلىكىنى، ھەزەر دېڭىزىنىڭ شەرقىدە مۇستەقىل تۈركىستان بىلەن موڭغۇلىيە دۆلىتى قۇرۇش مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنلىكىمنى بۇ ئەسەرنى ئوقۇغىنىمدىن كېيىن ئەسكە ئالدىم.

باش ئەلچى گەرەدەنىڭ ئۆز ئالدىغا غەيرى رەسمى يول بىلەن يەتكۈزدۈم دەپ ئېيتقان بۇ قاراشلارنى گېرمانىيە دائىرىلىرى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ مۇزاكىرە قىلىشقان. بەلكىم بۇ قاراشلارنى تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تۈركى ئىرقىدىن بولغان ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى ئۈمىدلىرى دەپ مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىشقان. گەرەدە يەنە، گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى كاتىۋىغا پايدىلىنىشقا بولىدىغان مۇھىم ئادەملەر قاتارىدا ياۋرۇپادا مۇساپىر بولۇپ تۇرۇپ قالغان تۈركىستانلىق مۇستاپا چوقاي ئوغلى بىلەن گروزنېيلىك چەنكېلى قاتارىدىكى يېتەكچىلەرنىڭ تىزىمىنىمۇ بېرىپ قويغان (ئەسلىدە ئۇ ۋاقىتتا مۇستاپا چوقاي ئوغلى گېرمانىيىگە كەلتۈرۈلگەن ۋاقىتلار بولۇپ، ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى ئايرىش ئۆمىكىدە ئىشلەۋاتاتتى. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

بۇ ئىشلار بولىۋاتقان سىنتەبىر ئايلىرىغا كەلگەندە، گېرمانىيىگە كەلگەن نۇرى قىلىلىغىل پاشامۇ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى سىياسى باشقارما باشلىقى ۋويرمان بىلەن كۆرۈشۈپ سۆھبەتلىشىپ تۇرغان. بۇ كۆرۈشۈشلەردە نۇرى پاشا ئۇنىڭغا گېرمانىيىنىڭ تۈركلەر ياشايدىغان جايلار سىياسىتى بىلەن تۈركى ئىرقىدىن بولغان

ئۇرۇش ئەسىرلىرىگە مۇناسىۋەتلىك يۈرگۈزىلىدىغان سىياسەتلىرى ھەققىدە بىر قىسىم مەسلىھەتلەرنى بېرىپ ئۆتكەن. ۋويرماننىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى مۇستەشارىغا سۇنغان دوكلاتىدىن قارىغاندا، قىللىغىل پاشانىڭ ئارزۇلىرى بىلەن ۋويرماننىڭ بۇ ھەقتىكى باھاسى تۆۋەندىكىچە يېزىلغان:

تۈركى ئىرقىدىكىلەر، بولۇپمۇ بارلىق مۇسۇلمان ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى ئايرىپ چىقىپ، ئۇلارنى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا ۋۈنستورف ئەتراپىدا قۇرۇلغان لاگېرغا ئوخشاپ كېتىدىغان مەخسۇس لاگېرغا يىغىش لازىم. ئاندىن بۇ ئەسىرلەر ئارىسىدىن پان تۇرانچىلىق ھەرىكىتى ئۈچۈن مەخسۇس بىر جەڭگىۋار قوشۇن قۇرۇپ چىقىشقا بولامدۇ-بولمامدۇ، تەتقىق قىلىنىشى لازىم.

ئو ك ۋ (گېرمانىيە قۇراللىق كۈچلەر باش قوماندانلىق شتابى. — ئا.ھ. ئىزاھاتى) ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى باشقۇرۇش باشقارما مۇدىرلىكىدىن ئېلىنغان مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى روسېنبېرگ بۇ تۈردىكى بىر تەلەپنى ئو ك ۋ غا يوللاپ بولغانىكەن. ھازىرقى ئەھۋالدا ئو ك ۋ بۇنداق بىر ئايرىش ئىشىغا يېتىشەلمەيدىغانلىقى ئېنىق. شۇنىڭدەك قولى سەل بوشىغاندىن كېيىن رۇسىيە ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى مىللى ۋە ئىرقى تەۋەلىكىگە قاراپ ئايرىش ئىشىنى باشلىماقچى بولغان. ئو ك ۋ دائىرىلىرى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ تەلىۋىگە ئىمكان قەدەر ئەمەل قىلىشقا تىرىشىپ، ئېتنىك تۈرك ۋە مۇسۇلمان روسىيە ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى ئايرىپ چىقىش ئىشىنى باشلىيالىشنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ. بۇ ئىشنى ئو ك ي دىكىلەر بىلەن رەسمى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن بويرۇق كۈتمەكتە. بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر قانچە ئاي ۋاقىت كۆتۈشكە توغرا كېلىدىغانلىقى ئېنىق. ...

نۇرى پاشا، پان تۇرانچىلىك ھەرىكىتىدە بىۋاستە رول ئويناشنى تەلەپ قىلماقتا. نۇرى پاشا، مۇسۇلمان ۋە تۈرك ئىرقلىرىدىن بولغان ئۇرۇش ئەسىرلىرى ئۈچۈن قۇرۇلىدىغان لاگېرلار قۇرۇلغىنىدىن كېيىن، بۇ تەرەپتىكى ئادەم كۈچىنى تاللاش ۋە تەشكىللەش ئىشلىرىغا بىر ئامالىنى قىلىپ قاتنىششقا تىرىشىدىغانلىقىنى ئويلىغان. بۇ ئىشلارنى تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يوشۇرۇنچە بىر شەكىلدە قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ئاساسىدا ئىشقا ئاشۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىدىكەن. بۇ ئىشتىمۇ ئاۋۋال ئو ك ۋ بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتتى بولمىغان بىر تۈر پىكىر ئالماشتۇرۇشقا تۇتۇش قىلىش ئارقىلىق رۇخسەت بېرىلىشىنى كۈتمەكتە. ... شۇنىڭدەك يەنە، نۇرى پاشا بىرلىكتە پان تۇرانچىلىق تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن مەركەزدىن بىرنى قۇرۇپ

چىقىش تەكلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. بۇ مەركەزدە ئۆزى ۋە باشقا سەبداشلىرى بىرلىكتە پائالىيەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ ئىش، ھازىرچە قويۇپ تۇرۇلدى.

نۇرى پاشا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇستەشارى بارون ئېرنىست ۋېيزساكېر بىلەنمۇ كۆرۈشكەن بولۇپ، كاپكازىيىلىكلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ئۇلارغا مەسلىھەتچىلىك قىلىپ بېرەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

دەل شۇ پەيتتە، تۈركىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئىككى تۈرك گېنېرال، يەنى تۈركىيە ھەربى ئاكادېمىيىسى قوماندانى گېنېرال ئەلى فۇئات ئەردەن بىلەن پېنسىيىگە چىققان گېنېرال ھۈسنۈ ئەركىلەت ئىككىسى شەرق ئۇرۇش سەپلىرىنى زىيارەت قىلىش مەقسىدى بىلەن گېرمانىيىگە يېتىپ كېلىدۇ (ۋەلى قىيۇمخان، بۇ ئىككى گېنېرالنىڭ نېمىسلار تەرىپىدىن زىيارەتكە تەكلىپ قىلىنىش ئىشىدا نۇرى قىللىغىل پاشا ۋاستىچىلىق رول ئوينىغان دەپ ئېيتىدۇ. ئەمما فون پاپېننىڭ خەت-ئالاقىلىرىدىن قارىغاندا، زىيارەت قىلىش تەلىۋى تۈركىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى، زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتىلىدىغان كىشىلەرنىمۇ يەنە تۈركىيە ھۆكۈمىتى بېكىتكەنلىكى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

ئەركىلەت پاشا، «جۇمھۇرىيەت» گېزىتىدە ئۇرۇش ئىستراتېگىيىسى ۋە تېخنىكىلىق جەھەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ كېلىۋاتقان بىرسى بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە تىپىك نېمىسپەرەس بىرسى دەپ تونۇلماقتا ئىدى. بۇ ئىككى گېنېرال سۆھبەت جەريانىدا، تۈركى ئەسىرلەردىن ھەربى قوشۇن تەشكىل قىلىپ، سوۋېتلەر قولىدىن تارتىپ ئېلىنغان يەرلەردە پايدىلىنىش ھەققىدىكى ئوينى نېمىس رەھبەرلىرىگە بىلدۈرىدۇ. ئۇلار شەرقى ئۇرۇش سەپلىرىنى زىيارەت قىلىپ قايتاشىدا، بېرلىنغا كېلىپ ھىتلېر بىلەنمۇ كۆرۈشىدۇ. ۋەلى قىيۇمخان، بۇ گېنېراللار ئوتتۇرىغا قويغان تەۋسىيىلەر نېمىس دائىرىلىرىنى قىزىقتۇرغانلىقىنى، شۇڭا بۇ ھەقتە قارار قوبۇل قىلىش ئىشىنىڭ تېزلەشتۈرۈلىشىگە تۈرتكە بولۇپ بەرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

نەتىجىدە، 1941-يىلىنىڭ ئۆكتەبىر ئېيىغا كەلگىنىدە قىزىل ئارمىيىدىن ئەسىرگە چۈشكەن ئەسكەرلەرنى ئالدىنقى سەپلەر بىلەن ئارقا سەپلەردە ئىشلىتىشكە مۇناسىۋەتلىك تەييارلىق ئىشلىرى باشلىنىدۇ. بۇ پىكىرنى قايسى دەرىجىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەجرىبە قىلىش مەقسىتىدە، 1941-يىلى ئۆكتەبىردە "ئاسىيالىقلار" نامىدا 30~40 تەك تۈركىستانلىقتىن تەشكىل تاپقان كىچىك بىر قوشۇن تەشكىل قىلىنىدۇ. بۇ بىر گۇرۇپ ئەسىردىن پايدىلىنىش سىنىقى نەتىجىلىك بولغىنىدىن كېيىن بۇ لايىھىنى ھىمايە قىلىدىغانلار تېخىمۇ جاسارەتلىنىدۇ. فون مەندې باشچىلىقىدىكى شەرق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىدىكى مەسئۇل خادىملار ئەسىرلەرنى مىللەتلەر بويىچە ئايرىم-ئايرىم لېجيون ھالىغا

كەلتۈرۈپ تەشكىللەپ چىقىپ، نېمسلار بىلەن بىرلىكتە سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا سېلىش لازىم دېگەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنداق قىلىپ پروفېسسور فون مەندېنىڭ بۇ ھەقتىكى تىرىشچانلىقلىرى نەتىجە بېرىپ، شەرق ئىشلىرى مىنىستىرى روسېنبېرگنىڭمۇ بۇ ئىشنى قوللاپ قۇۋۋەتلىشى قولغا كەلتۈرۈلىدۇ.

روسېنبېرگ، ئۇرۇش ئەسىرلىرىدىن ھەربى قىسىم تەشكىللەش پىلانىنى 1941 ـ يىلى 22 ـ دېكابىر كۈنىسى ھىتلېرغا سۇنىدۇ. بۇ تەكلىپ لايىھىسى كۈتمىگەن بىر ئەھۋالدا، شۇ كۈنىسلا ھىتلېرنىڭ تەستىقلىشى بىلەن كۈچكە ئىگە قىلىنىدۇ. گېرمانىيە ئارمىيىسى قوماندانلىقى 1941 ـ يىلى 30 ـ دېكابىر كۈنى ئېلان قىلغان بۇيرۇققا بىنائەن، سوۋېت ئەسىرلىرىدىن ھەربى قىسىم تەشكىل قىلىش ئىشىنى باشلايدۇ. دەسلىۋىدە ئۇكرائىنالىقلار، بالتىق ئەللىرى، بېلىروسىيە ۋە ئۇرۇسلاردىن تەشكىل قىلىنغان قىسىملارغا "شەرق باتالىيونى" دەپ، قالغان قىسىملارغا بولسا "ئاسىيا باتالىيونلىرى" دەپ نام بېرىلىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، بۇ تۈر قىسىملار تەشكىل قىلغان مىللىتىگە قاراپ ئاتىلىشقا باشلىنىدۇ.

30 ـ دېكابىر بۇيرۇقى بويىچە ئەرمەنلەر بىلەن گىروزىيىلىكلەر ئۆچۈن ئايرىم ـ ئايرىم لېجيون، تۈركىستانلىق ئەسىرلەر بىلەن كاپكازىيىلىك ئىسرلەرگە بىرلا لېجيون قۇرۇلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن ئىدى (تۈركىستانىش ـ كاۋكازىش ـ مۇھەممەدىنىش لېجيون. — ئا.ھ. ئىزاھاتى). ئەمما ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئالغان يەنە بىر قارار بويىچە تۈركىستان ـ كاپكازىيە ـ مۇسۇلمان لېجيونى دېگەن بۇ قىسىم تۈركىستان لېجيونى، كاپكازىيە مۇسۇلمان لېجيونى ۋە تۈركىستانلىق ئۇرۇش ئەسىرلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان 450 ـ باتالىيون قاتارىدىكى ئۈچ لېجيون قىسمغا ئايرىلىدۇ.

450 ـ باتالىيونى ئىستىخبارات مەقسىتىدى ئۈچۈنلا قۇرۇلغان بىر قوشۇن ئىدى. يەرلىك ئىستىخبارات تەشكىلاتىدا ئىشغال قىلىنغان جايلاردا ۋە سوۋېت ئارقا سەپلىرىدە يەرلىك كىشلەردىن پايدىلىنىش ئېھتىياجى تۇغۇلغان ئىدى. بۇ ئىش ئۈچۈن ئىقتىدارلىق ۋە بىلىملىك ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى تاللاپ مەخسۇس لاگىرلاردا يېتىشتۈرگەندىن كېيىن، ھەر تۈ رلۈك مەقسەتلەر ئۈچۈن پايدىلىنىشنى پىلانلاشقانىدى. شۇڭا، س د تەشكىلاتى ئۆكتەبىر ئايلىرىدىن باشلاپلا بۇ پىلانىنى ئىشقا كىرىشتۈرۈش ئۈچۈن بالتىق ئەللىرى ئەسىرلىرىدىن مەخسۇس رازۋېتكا ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ چىققان ئىدى. بۇنىڭدەك ئىشنى تۈركى ئەسىرلەر ئارىسىدىمۇ يولغا قويۇش مەقسىتىدە، پولتاۋا رايونىدىكى ئەسىرلەر لاگىرىدىن بۇ ئىش ئۈچۈن شەرتى توشىدىغان 700 دەك ئەسىر تاللىنىپ، يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن سىلېزىياغا ئېۋەرتىدۇ. ئۇ يەردە مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن بۇ ئەسكەرلەردىن ئىككى باتالىيون تەشكىل قىلىنىدۇ. تۈرك ـ تاتارلاردىن تەشكىللەنگەن 450 ـ تۈركلەر

باتالىيونى تۈرك دۇنياسىنى پۇختا بىلىدىغان ئاندېرىياس مايېر-مادېرنىڭ قوماندانلىقىغا، كاپكازىيىلىكلەردىن تەشكىل قىلىنغان بېرگمان باتالىيونىمۇ تيودور ئۆبېرلاندېرنىڭ قوماندانلىقىغا تاپشۇرۇلىدۇ.

بۇ ۋاقىتلاردا يەنە ئىدىل ئۇراللىق ئۇرۇش ئەسىرلىرىدىن "ۋولگا تاتار لېجيونى" تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، بۇ لېجيوندا فىن ئۇرۇش ئەسىرلىرىمۇ بار ئىدى. 1942-يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدا ئېلىنغان يېڭى بىر قارار بويىچە كاپكازىيە مۇسۇلمان لېجيونىنى ئەزەربەيجان لېجيونى ۋە شىمالى كاپكازىيىلىكلەر لېجيونى دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىيدۇ. شۇنداق قىلىپ، بارلىق مىللى گۇرۇپپىلار ئايرىم-ئايرىم تەشكىللەنگەن ھېساپلاندى. بۇ ۋاقىتتا بۇ لېجيونلارغا پەيدائى بولىدىغان ئەسىرلەرنى تاللاپ چىقىش ھەيئەتلىرىنىڭ سانىمۇ 30 غا كۆپەيتىلگەندى. نېمىسلارنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى خوستلېر مۇنداق باھالايدۇ:

تۈركى ئۇرۇش ئەسىرلىرىدىن سوۋېتلەرگە قارشى پايدىلىنىش ھەققىدىكى پىكىر نېمىس ئارمىيە قوماندانلىق شتابىدىكىلەر تەرىپىدىن بەكلا ئاسان قوبۇل قىلىندى. ... بۇ ئىشنىڭ نېمىس ئارمىيىسىگە پايدىسى بولىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قاراشتا بولۇشىغا ناتسىستلارمۇ قارشى تۇرمىدى. دېمىسىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى تۈركلەر ياشايدىغان جايلار گېرمانىيە ئۈچىنچى ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىشغال قىلىش پىلانىغا كىرمەيتتى. ... ئارمىيىدىكىلەر بولسا بۇ قىسىملار سوۋېت ئۇرۇش سېپىدا جەڭ قىلىۋاتقان تۈركى قىسىملارغا كۈچلۈك تەشۋىقات قىلىش رولىنى ئوينايدۇ دەپ قارىشاتتى. شۇنىڭدەك يەنە ئىشغال قىلىنغان يەرلەردىكى خەلق بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىش ئۈچۈنمۇ ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرەلەيدۇ دەپ قارىشاتتى.

ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇلمايدىغان ياردەمچى قىسىملارنى تەشكىللەش مەسىلىسى بەك كۆپ تالاش تارتىش قىلىنمايلا ماقۇل كۆرۈلىدۇ. "ھىلفشۇلىگ" دەپ نام بېرىلگەن ياردەمچى قىسىملار بىۋاستە جەڭگە قاتناشمايدىغان، ئارقا سەپ ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان پەيدائىلاردىن تەشكىل تاپاتتى. بۇ تۈردىكى كىشىلەر ئادەتتە ئىشغال قىلىنغان جايلاردىكى خەلق ئارىسىدىن ياكى ئۇرۇش ئەسىرلىرى ئارىسىدىن پەيدائى بولغانلاردىن تاللىنىپ تەشكىل قىلىناتتى. بۇ قارار دەرھال ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ. ياردەمچى قىسىملارنى تەشكىل قىلىدىغان بۇ تۈردىكى گۇرۇپپىغا قاتناشقانلارنىڭ سانى ئېنىق مەلۇم بولمىسىمۇ، بۇنداقلارنىڭ سانى ئۇرۇشنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگىنىدە بىرەر مىليون ئەتراپىغا يەتكەنلىكى مۆلچەرلەنمەكتە.

ھەربى قىسىملاردا مىللەتكە قاراپ لېجيونلار تەشكىل قىلىنىشى، بۇ لېجيونلار بىلەن نېمىس قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەرتىپكە سالالايدىغان

مىللى ئورگانلارنى تەشكىللەش زۆرۈرىيىتىنىمۇ ئوتتۇرغا چىقىرىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا كەلگۈچە ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى ئايرىش ئىشىغا مەسئۇل بولغۇاتقان ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى ئايرىش ئاربلاشما ھەيئەتلىرى بۇنداق بىر ئىشقا ئۇيغۇن كەلمەيتتى. شۇ سەۋەپتىن، سوۋېت خەلق كىشىلىرى ۋە پىدائى لېجيونلارغا مەسئۇل بولىدىغان ئالاقىلىشىش باشقارمىلىرى (مىتتېلستېللەر — ئا.ھ. ئىزاھاتى) نى قۇرۇپ چىقىش قارارى ئېلىنىدۇ. بىرىنچى بولۇپ تۈركىستان ئالاقىلىشىش باشقارمىسى قۇرۇلىدۇ. نېمىسلار بۇ ئىشنى تۈركىستانلىقلاردىن باشلىغانلىقى تەسادىپ ئوتتۇرغا چىققان بىر ئىش ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ ئالدىنقى سەۋەپلىرىدىن بىرسى، ئۇرۇش ئەسىرلەر ئارىسىدىكى ئەڭ چوڭ گۇرۇپپىنى تۈركىستانلىقلار تەشكىل قىلاتتى. ئەمما تۈركىستان رايونىنىڭ نېمىسلارنىڭ ئىشغال قىلىدىغان پىلانى تەۋسىگە كىرمەيدىغانلىقى، بۇنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەپلەردىن بىرى ھېساپلىناتتى. يەنە بىر تەرەپتىن نېمىس دائىرىلىرى ئۇرۇش يېڭى باشلانغان ۋاقىتلاردا ئىشغال قىلىنۇاتقان قىرىم تەۋەسى ئۈچۈن بۇنىڭدەك بىر باشقارما قۇرۇپ چىقىشقا پەقەتلا قىزىقمىغان ئىدى.

دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ۋاستىچى رول ئويناش ۋە ئالاقە ئورنىتىش ۋەزىپىسىنىلا ئۈتەپ كەلگەن بۇ تۆردىكى باشقارمىلار، 1943 ـ يىللىرىدا ئاۋال ترانسپورتقا مەسئۇل باشقارمىلارغا، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە مىللى ۋەكىللىك دائىرىسى سەۋىيىسىگە كۆتۈرىلىدۇ. تۈركىستان ئالاقىلىشىش باشقارمىسىنىڭ مەسئۇللىقىغا ۋەلى قېيۇمخان تەيىنلىنىدۇ. ئەزەربەيجان باشقارمىسىغا فەتخالى ئەپەندى، ئىدىل ئۇرال باشقارمىسىغا ئابدۇراخمان شافى ئالماس، شىمالى كاپكازىيە باشقارمىسىغا ئەلىخان قانتۆمۇر ۋە گىروزىيە باشقارمىسىغا سىپىرىدىيون كېديا تەيىنلىنىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە بالتىق ئەللىرى بىلەن ئۇكرائىنالار ئۈچۈنمۇ بىرەردىن ئالاقىلىشىش باشقارمىلىرى قۇرۇلىدۇ.

1942 ـ يىلىنىڭ قىش ئايلىرىدىكى روسىيىگە ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتى ئەمەلىيىتى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلانماي بولمايدىغانلىقى ئېنىق ئوتتۇرغا چىققان ئىدى. بولۇپمۇ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە قارايدىغان خادىملار بىلەن پروفىسسور مەندې قاتارىدىكى شەرق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى سوۋېت دۈشمىنى بولغان مىللەتلەرنىڭ ئۇرۇش ئەسىرلىرىدىنلا پايدىلىنىپ قالماي، مۇساپىردىكى سىياسى خادىملاردىنمۇ پايدىلانماي بولمايدىغانلىقنى ئويلىماقتا ئىدى. بۇ تۆردىكى سىياسى خادىملار سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋسىدىكى ئۆز تەۋەلىكلىرىدە موسكۇاغا قارشى پائالىيەتلەرنى تەشكىللىيەلىشى مۇمكىن دەپ قارالماقتا ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە پرومېتې ھەرىكىتى ئىچىدە ئاكتىپ رول ئوينىغان بولشېۋىكچىلىككە قارشى خادىملار ۋە ئۇلارنىڭ يېتەكچىلىرى بىلەن سۆزلىشىش چارىسىنى تېپىش كېرەكلىكىنىمۇ ھېس قىلىشماقتا ئىدى. مىللى لېجيونلارنىڭ تەشكىل قىلىنىشىدىن كېيىنكى پەيتلەردە گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى

بىلەن ئوستمىنىستېرىيۇم زاللىرىدا بۇ تۈردىكى پىكىرلەر كۆنسايىن كۆچىيىپ بارماقتا ئىدى.

# تاشقى تۈركى يىتەكچىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش

ئىشغال قىلىنغان يەرلەرنىڭ پۇخرالىرىنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان مىنىستىر روسېنبېرگ، ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى جەڭلەردە پايدىلىنىش لازىم دەپ قاراپ، بۇ جەھەتتە قۇراللىق قىسىملارنى تەشكىللەش لايىھىسىنى باشتىن تارتىپلا قوللاپ كەلمەكتە ئىدى. ئەمما ئۇ، بېسىۋالغان يەرلەردە سىياسى مۇئەسسەلەرنىڭ قۇرۇلىشىغا، شۇنىڭدەك ئۇ يەرلەرنىڭ مۇساپىر يىتەكچىلىرى بىلەن سىياسى مەقسەتلەردە مۇناسىۋەت ئورنىتىشقىمۇ قارشى تۇرغان ئىدى. ھەتتا ئۇ، مىللىي لىژيونلار (چەتەللىك پىدايى ھەربى قىسىملىرى — ئۇ.ت) بىلەن نېمىس ئارمىيىسى ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت تىكلەشنى مەقسەت قىلىپ قۇرۇلغان ئالاقىلىشىش بۆلۈملىرىنىڭمۇ ئالدىنقى سەپكە ئالاقىدار تەشكىلى ئىشلىرىغا بىۋاستە ئارىلىشىۋالماسلىقى كېرەكلىكىنى ئويلايتتى. ئۇنىڭ قارىشى بويىچە ئالغاندا، بۇ بۆلۈملەر پەقەت ۋەتەنلىرى نېمىسلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغىنىدىن كېيىنلا ئاندىن ۋەتىنىدە پالىيەتكە كىرىشىشى كېرەكلىكىنى، ئۇلار ئۆز پالىيەتلىرىنى ۋەتىنىدە قۇرۇلىدىغان نېمىس باشقۇرۇش ئورگانلىرى بىلەن ھەمكارلىشىش بىلەنلا چەكلىنىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى ئۇ، ئىشغال قىلىنغان سوۋېت تۇپراقلىرىنىڭ تولۇق مۇستەملىكە قىلىنىدىغانلىقىغا ئىشەنچى كامىل ئىدى. 1917-يىلىدىن بۇيان سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى كۈرەش قىلىپ كېلىۋاتقان سىياسى يىتەكچىلەردىن بۇنداق بىر مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا رازى بولىشىدىن ئۈمىد كۈتۈش ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش ئىدى. ھەتتا بۇنىڭ دەل ئەكسىچە، مۇھاجىرەتتىكىلەر ۋەتىنىدە بۇنداق بىر تۈزۈم قۇرۇلۇشقا توسالغۇلۇق قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئاتلىنىشى مۇمكىن ئىدى. ئەنە شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، روسېنبېرگ بۇ تۈردىكى مۇساپىر يىتەكچىلىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشقا قارشى تۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. روسېنبېرگنىڭ ئەكسىچە، گېرمانىيە بىلەن شەرق ئۇرۇش سېپى شارايىتلىرىنى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ يۇشۇرۇن كۈچلىرىنى ئەمەليي بىر شەكىلدە باھالايدىغان ئوستمىنىستېرىيۇم مۇتەخەسسلىرى، شۇنىڭدەك بۇ مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ دىپلوماتلىرى چەتئەلدىكى مۇساپىر يىتەكچىلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. بۇنداق قاراشتىكىلەرنىڭ پىكرى بويىچە ئالغاندا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئىشغال قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇرۇسلاردىن باشقا مىللەتلەرگە ئۆز يۇرتلىرىدا

ئاپتونومىيىلىك ھوقۇق بېرىلىشى كېرەكلىكى، شۇنداق قىلىپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بۆلۈنگەن ھالدا گېرمانىيىنىڭ مۇستەملىكىلەر گەۋدىسى ھالىتىگە كەلتۈرۈلىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلايتتى.

بۇ جەھەتتە، شەرق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ تەشكىل قىلىنىشىدا ئەڭ مۇھىم رول ئالغان پروفېسسور فون مەندې ھالقىلىق بىر كىشى ھېساپلىناتتى. مەندې ناتسىتلار پارتىيىسىگە ئەزا بولمىغىنى بىلەن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى مىللى ئىشلار مەسىلىلىرىدە ھېچكىم رەت قىلالمايدىغان مۇتەخەسسىس ھېساپلىناتتى. پروفېسسور مەندې، شۇ كۈنلەرگىچە چەت دۆلەتلەردە پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقان سوۋېتكە قارشى يېتەكچىلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت باغلاپ كېلىۋاتقان بىرسى ئىدى. ئۇنى دەسلىۋىدە ئوستمىنىستىرىيۇمنىڭ كاپكازىيە ـ تۈركىستان بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقلىقىغا تەيىنلەشكەن بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا، 1943 ـ يىلىسى قۇرۇلغان چەتئەللىك قەۋملەر باشقارمىسىنىڭ مەسئۇللىقىغا تەيىنلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، گېرمانىيىنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى مىللى ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك ئېلىنىدىغان قارارلارغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتەلىگىدەك، يېتەكچىلىك قىلالىغىدەك سالاھىيەتكە ئېرىشىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، نېمىس تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە مەنسۇپ كىشىلەرمۇ مۇساپىر يېتەكچىلىرى بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىلىشى لازىم دەپ قارىشاتتى. مىنىستىرلىق، سوۋېت روسىيىسىدىن تارتىپ ئېلىنىدىغان جايلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنى تەرتىپكە سېلىشنى مەقسەت قىلىپ كېرەكلىك تەييارلىقلارنى قىلىپ قويغان ئىدى. بارباروسسا ھەرىكىتى باشلىنىپ بىر ھەپتە ۋاقىت ئۆتكەن 1941 ـ يىلىنىڭ 28 ـ ئىيون كۈنىسى، مىنىستىرلىك تەۋەسىدە روسىيە كومىتىتى دەيدىغان بىر ئورگان قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ كومىتىتقا گېيورگ گروسكوپف مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. بۇرۇن موسكۋادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى بولغان كونت شۇلېنبۇرگمۇ بۇ كومىتىتىنىڭ ئەزالىرىدىن بىرسى ئىدى. يېقىنغىچە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا (موسكۋا، تىبلىس قاتارلىق جايلاردا) ئۇزۇن يىل ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى ياخشى بىلىدىغان باش ئەلچى شۇلېنبۇرگ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى تەۋەسىدە روسىيىگە مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەرنى تەشكىللەش ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىنغان ئىدى. ئوتتو براۋتىگام دەيدىغان يەنە تەجرىبىلىك دېپلومات بولسا، 1923 ـ يىلىدىن كېيىن باكۇ ۋە تىبلىسلاردا كونسۇل بولۇپ تۇرغان، كاپكازىيە خەلقلىرىنى بىۋاستە تونۇيدىغان بىرسى ئىدى. ۋېرنېر ئوتتو فون ھېنتىگ دىگەن كىشى كومىسسىيىنىڭ كاپكازىيە خەلقلىرىگە ۋە تۈركىستان تەۋەسىگە مەسئۇل ئەزاسى ئىدى. ھېنتىگ، دېپلوماتلىق ھاياتىنى ئىستانبۇل، تېھران ۋە پېكىن (بېيجىڭ ــ ئۇ.ت) قاتارلىق جايلاردا ۋەزىپە ئۆتەش ئارقىلىق باشلىغان، پارس تىلىنى بىلىدىغان بىرسى ئىدى. ئۇ، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتىلىغان ۋاقىتلاردا

پەيدائىي بولۇپ شەرقى ئۇرۇش سىپىدىكى جەڭلەرگە قاتناشقان ئىدى. ئۇندىن كېيىن، ھېنتىگ ئافغانىستاننى گېرمانىيە تەرەپ بولۇپ ئۇرۇشقا قاتنىششىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قۇرۇلغان ھەيئەتكە دىپلوماتىك خادىم سۈپىتىدە قاتنىشىپ، مۇشەققەتلىك بىر سەپەردىن كېيىن تۈركىيە بىلەن ئىران ئارقىلىق ئافغانىستانغا بېرىۋالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، بۇ جايلار بىلەن بۇ يەرلەرنىڭ خەلقىنى ياخشى بىلىدىغان بىرسى ھېساپلىناتتى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتىلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا تاتارلار، كاپكازىيىلىكلەر ۋە تۈركىستانلىقلار مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلىدۇ. ھېنتىگ، ئالمجان ئىدرىسقا قىزىل ئارمىيىدىكى تۈركى قېنىدىن بولغان ھەربىلەرگە خىتاپ قىلىش مەقسەت قىلىنغان بىروشۇرلارنى يېزىپ چىقىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاۋال شەرقى تۈركلەرگە، ئاندىن كاپكازىيىلىكلەرگە قارىتىلغان بىرۇشورلارنى تەييارلاپ چىقىدۇ. ھېنتىگ يەنە تاشقى تۈركى يېتەكچىلىرى بىلەن، نۇرى قىللىغىل پاشادەك تۈركىيىدىكى تۈركچىلىك بىلەن شوغۇللىنىدىغان ساھەلەرگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان كىشلەر بىلەنمۇ ئالاقىسى بار ئىدى.

پروفىسسور فون مەندى باشچىلىقىدىكى يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان مۇتەخەسسىس ۋە دىپلومات گۇرۇپپىسى تۈرك-مۇسۇلمان ئاممىسى بىلەن مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش ئارقىلىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى ئاسىيا تەۋەسىدە قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولىدۇ دەپ قارىشاتتى. بۇ مەقسەتنى كۆزدە تۇتۇپ مۇساپىر يېتەكچىلەرنىلا ئەمەس بەلكى تۈركىيىنىمۇ بۇ ئىشقا ئارىلاشتۇرۇش لازىم دەپ قارىشاتتى. گېنېرال ئەلى فۇئات ئەردەن بىلەن ھۈسنۈ ئەركىلەت ئىككىسىنى گېرمانىيىگە تەكلىپ قىلىشمۇ بۇ پىلاننىڭ بىر تەركىۋى قىسمى ھېساپلىناتتى. ئوتتو فون ھېنتىگ، بۇ ئىككى تۈرك گېنېرالغا بارلىق زىيارەتلىرىدە ھەمرا بولۇپ بىرلىكتە ئايلىنىپ ئۈلارنى مىھمان قىلغان ئىدى.

## ئادلون يىغىنى

روسېنبېرگ بىلەن ئېس-ئېسچىلارنىڭ شۇنچە خالىمىغانلىقىغا قارىماي گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى فرانسىيە، رومىنىيە ۋە تۈركىيە قاتارلىق ئەللەردە تۇرىۋاتقان مۇساپىر يېتەكچىلىرى بىلەن مۇناسىۋەت تىكلەش مەسىلىسىدە يەنىلا ئورتاق پىكىر بىرلىككە كېلىدۇ. 1942-يىلىنىڭ باھارىدا، شۇ يىلنىڭ ماي ئېيى ئوتتۇرلىرىدا بېرلىندا بىر قېتىملىق يىغىن چاقىرىش قارارىغا كېلىشىدۇ. بۇ يىغىننىڭ تەشكىللەش ئىشلىرىنى باش ئەلچى شۇلېنبۇرگ مەسئول بولۇپ باشقۇرماقتا ئىدى. بۇ يىغىن، بېرلىندىكى ئادلون مىھمانخانىسىدا چاقىرىلىدىغان بولغاچقا، ئادلون يىغىنى

دەپ نام ئالىدۇ. بۇ يىغىنغا ئەزەربەيجان ھەرىكىتىدىن مۇساۋات يىتەكچىسى مەھەممەت ئەمىن رەسۇلزادە، پرومېتې جورنىلىدا ئۇزۇن يىل شىمالى كاپكازىيە ۋاكالەتچىلىكىنى قىلىپ كەلگەن مىر ياقۇپ مەختىيېۋ، رەسۇلزادىنىڭ رەقىپلىرىدىن سابىق مىنىستىر ھىلال خاس مەھەممەت ۋە سەبداشلىرىدىن فۇئات ئەمىرجان قاتارلىق كىشىلەر تەكلىپ قىلىنغان ئىدى (مۇخلىس كىتاۋىدا "شۇلېنبۇرگ پرومېتېگە تەۋە مۇساۋاتچىلارنى بۇ يىغىنغا نىمىشكە تەكلىپ قىلمىغانلىقىنى چۈشىنەلمىدىم" دەپ يازغان. ئەمما، رەسۇلزادە مۇساۋات يىتەكچىسى ئىدى شۇنىڭدەك يەنە پرومېتېنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرسى ئىدى. مىر ياقۇپ مەھتىيەۋمۇ داڭلىق پرومېتېچىلەردىن بىرسى ئىدى. — ئا.ھ. ئىزاھاتى). شىمالى كاپكازىيىلىكلەردىن سېيىت شامىل (ئۇلكۇسال، سېيىت شامىلنىڭ 11-مايدا ئىستانبۇلدىن بېرلىنغا يېتىپ بارغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. — ئا.ھ. ئىزاھاتى)، كاۋكاز گۇرۇھىدىن ئىككى نەپەر داڭلىق كىشى ھەيدەر بامات بىلەن ئەلىخان قانتۆمۇر ۋەكىل بولۇپ كەلگەن ئىدى. گروزىيەلىك يىتەكچىلەردىن مىللەتچى دېموكراتلار يىتەكچىسى سپىندىيون كېدىيا، تېترى گيورگى ھەرىكىتىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن پروفىسسور مىخايىل تېرېتېلى بىلەن زۇراب ئاۋالاشۋىلى قاتارلىق كىشىلەرمۇ يىغىندا بار ئىدى (ئادلون يىغىنىغا چاقىرىلغان باشقا گروزىيىلىك يىتەكچىلەردىن ۋاچنادزې، شاھزادە باگراتىيون، پولكوۋنىك شالۋا ماگلاكېلىدزې قاتارلىق كىشىلەرمۇ بار ئىدى. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

بۇ يىغىنغا تۈركىستانلىقلارغا ۋاكالىتەن ۋەلى قېيۇمخان قاتناشقان ئىدى. نېمىسلار ئىشغال قىلىۋالغان قىرىم تەۋەسىنىڭ يىتەكچىلىرىنى بۇ يىغىنغا رەسمى تۈردە تەكلىپ قىلمايدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، قىرىملىق يىتەكچى جاپپار سېيىت ئەخمەت قىرىمەر يېقىن سەبداشلىرىدىن ئەدىگە قىرىمال بىلەن مۇستەجىپ ئۈلكۈسال ئىككىسىنى بېرلىنغا ئىۋەرتىدۇ (نېمىسلارنىڭ بۇ يىغىنغا جاپپار سېيىت ئەخمەت قىرىمەرنى تەكلىپ قىلمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى، فون پاپېننىڭ قىرىمەرنى "سكورسكىچى" دەپ تونۇيدىغانلىقىدىن بولغان. يەنى، قىرىمەرنى فون پاپېن خالىمىغاچقا بۇ يىغىنغا تەكلىپ قىلمىغان. ئەدىگە قىرىمال بىلەن مۇستەجىپ ئۈلكۈسال 1941-يىلى دىكابىردا بېرلىنغا يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئىككىسى شۇ كىلىشى بىلەن گەرمانىيىدە 7 ئايدەك تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇلار ئادلون يىغىنى مەزگىلىدە بېرلىندە تۇرىۋاتقان بولسىمۇ، گېرمانىيە دائىرىلىرى ئۇلارنى يىغىنغا تەكلىپ قىلمايدۇ، ئەمما ئۇلار بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈپ تۇرغان. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

ئىستانبۇلدىن ئادلون يىغىنىغا تەكلىپ قىلىنغانلار ئارىسىدا زەكى ۋەلىدى توغانمۇ بار ئىدى. ئەمما، زەكى ۋەلىدى توغان دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرى فەۋزى چاقماق بىلەن تاشقى ئىشلار مۇستەشارى (ياردەمچىسى — ئۇ.ت) نۇمان مەنەمەنچىئوغلى ئىككىسىگە بىۋاستە ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ قارىماي تۈركىيىدىن سىرتقا چىقىش ۋىزىسى ئالالمىغاچقا، ئادلون يىغىنىغا قاتنىشالمايدۇ. ئىدىل-ئۇرال ھەرىكىتى

يىتەكچىسى ئاياز ئىساقى بولسا گېرمانىيىنىڭ تۈركىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى تەرىپىدىن ئادلون يىغىنىغا تەكلىپ قىلىنغانلىقىغا قارىماي، ئىدىل-ئۇرال مۇستەقىللىقى مەسىلىسى رەسمى ئېلان قىلىنمىغىچە بۇنداق بىر يىغىنغا قاتنىشالمايدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان. يىغىن مەزگىللىرىدە بېرلىندا يۈرگەن نۇرى كىلليگىل پاشانىڭ بۇ يىغىنغا رەسمى يۇسۇندا قاتناشقان-قاتناشمىغانلىقى ئېنىق ئەمەس (ئاپرېل ئېيىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا فون مەندېنىڭ مۇستەجىپ ئۆلكۈسالغا "نۇرى پاشا بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋەتلىرىمىزنى توختاتتۇق. شۇڭا سىزنىمۇ بۇگۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەسلىكىڭىزنى تەكلىپ قىلىمەن" دەپ ئېيتقانلىقى مەلۇم. شۇ سەۋەپتىن نۇرى پاشا بۇ يىغىنغا قاتناشمىغان بولىشى مۇمكىن. — ئا.ھ. ئىزاھاتى). شۇنداقتىمۇ يىغىن ئۆچۈن بېرلىنگە كەلگەن يىتەكچىلەر بىلەن ھەر تۈرلۈك ئۇچرىشىشلاردا ئىجرا قىلىنماقچى بولغان ستراتىگىيىلەر ئۈستىدە تەكلىپ پىكىرلىرىنى بەرگەنلىكى مەلۇم. ئادلون يىغىنىغا قانچە نەپەر مۇساپىر يىتەكچىسى تەكلىپ قىلىنغانلىقى، يىغىنغا تەكلىپ قىلىنغانلاردىن قانچە كىشىنىڭ كېلىپ يىغىنغا قاتناشقانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بولمىسىمۇ، بۇ يىغىنغا 50 ئەتراپىدا ئادەم قاتناشقانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بار. گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە ئىشلەۋاتقان ئالىمجان ئىدرىسى، شىمالى كاپكازىيىلىك ئەخمەت تۆمۈر ۋە ئەزەربەيجانلىق ھىلال مۇنشىمۇ ئادلون يىغىنىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىغا قاتناشقان (ئالىمجان ئىدرىسى، 1922-يىلى بۇخارا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىئوەرتىلگەن ئوقۇغۇچىلارغا مەسئۇل بولۇپ گېرمانىيىگە كېلىپ تۇرۇپ قالغان بىرسى ئىدى. بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار ئالدىنقى باپلاردا بايان قىلىندى. ... ئەخمەت تۆمۈر ئۇ ۋاقىتلاردا گېرمانىيىدە پەلسەپە ۋە تۈركلوگىيە جەھەتتە بىلىم ئېلىۋاتقان تۈركىيە گراجدانلىقىغا ئۆتكەن ئىدىل-ئۇراللىق ئىدى. ئۇ، 1941-يىلىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگىچە ئەسىر ئايرىش ئۆمىگىدە ئىشلەيدۇ. ھىلال مۇنشى بولسا، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن گېرمانىيىگە بېرىۋېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان بولۇپ، ئۇ يەردە بىر نېمىس ئايال بىلەن توي قىلىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان ئەزەربەيجان تۈركلىرىدىن ئىدى. ئۇ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى يىللاردا ئەنگلىيىلىكلەر بىلەن بىرگە پائالىيەت قىلىپ كەلگەن ئەزەربەيجان گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. يەنە بىر مۇددەت ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن گېرمانىيىنىڭ ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق باشئەلچىخانىسىدا خىزمەت قىلىدۇ. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

ئادلون يىغىنى نېمىسلار ئالدىنقى سەپتىكى ئۇرۇشتا ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ تۇرىۋاتقان مەزگىللەردە چاقىرىلغان بىر يىغىن بولۇپ، يىغىنغا قاتناشقان سابىق پرومېتي يىتەكچىلىرىنىڭ سىياسى تەلەپلىرى بىلەن گېرمانىيە شەرق سىياسىتىنىڭ تۈپكى پىرىنسىپلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن زور ئىختىلاپلار مەۋجۇت ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، بۇ يىغىن ھېچ بىر ئەمەلى نەتىجىنى قولغا كەلتۈرەلمەي يېپىلىدۇ.

گېرمانىيە تاشقى ئىشلار ساھەسىدىكى سۆزلىشىپ مەسىلە ھەل قىلىشقا مايىل كىشلەرنىڭ تىرىشچانلىقلىرى ناتىستلار يېتەكچىلىرىنىڭ قاتتىق قوللۇق قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىشكە قۇرۇبى يەتمەيدۇ. روسېنبۇرگ بىلەن ھىملېر باشچىلىقىدىكى ناتىستلار رەھبەرلىكى مۇساپىر يېتەكچىلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزمەكچى بولساق، ئۇلارنى ئۆزلىرى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغانلىق بولۇپ قالىدۇ دەپ ئويلايتتى. ئۇ كۈنلەردە ئىنتايىن كۈچىيىپ كەتكەن گېرمانىيە بۇ تۈر سىياسى تەشكىلاتلارغا ئەمەس بەلكى بويرۇققا ئىتائەت قىلىدىغان كىشلەرگە ئېھتىياجلىق ئىدى. روسىيە كومىتېتىنىڭ مەسلىھەتچىسى دىتمانىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى سىياسى بۆلۈم كادىرى تېپېلسكىچكە يازغان بىر پارچە خېتىدە، گېرمانىيە تەرەپنىڭ بۇ مەسىلگە بولغان كۆزقاراشلىرىنى ئىنتايىن ئېنىق ئىپادىلەپ بەرمەكتە. ئۇ خەتنىڭ ئاساسلىق روھى تۆۋەندىكىچە:

1.ئىشغال قىلىنغان شەرق رايون مەسىلىلىرى مىنىستىرلىكىدە سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىدىن مىنىستىر روسېنبۇرگنىڭ گېرمانىيە ھامىلىقى ئاستىدا مۇستەقىل كافكاز دۆلەتلىرى قۇرۇش پىلانىغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ... ئەمما ئۆتكەن كۈنلەردە مىنىستىر روسېنبۇرگ فۇھرېر (ھىتلېر) گە سۇنۇلماقچى بولغان كاپكاز رايونىنىڭ كەلگۈسىدىكى سىياسى تۈزۈلىشگە مۇناسىۋەتلىك كەڭ دائىرىلىك بىر تونۇشتۇرۇش دوكلاتى تەييارلاپ چىققان، ... بۇ دوكلاتنىڭ كاپكازلاردا نېمىس ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىقىش تەرەپتارى ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار بولدۇم. ئەمما كاپكازلاردىكى نېمىسلارغا مەنسۇپ ھاكىمىيەت تۈزۈمىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى ۋاكالەتچىسى، بۇرۇنمۇ مۇھاكىمە قىلىنغىنىدەك، ئىمپىرىيە ھەيئىتى (رەيچ كومىسسىيىسى، يەنى گېرمانىيە ھۆكۈمىتى كومىسسىيىسى — ئا.ھ. ئىزاھاتى) نىڭ نامى ئورنىغا نائىپلىق (ستاتدالتېر — ئا.ھ. ئىزاھاتى)، ئۇنىڭ قول ئاستىدا (گىروزىيە، ئەزەربەيجان، ئەرمەنىستان ۋە شىمالى كاپكازىيىلەر) ۋاكالەتچىلىرى ئۈچۈن ئومۇمى ئۈمەك (گېنېرال بېۋوللماچتىگتې — ئا.ھ. ئىزاھاتى) نامىنى قوللىنىش پىلانلانغان ئىكەن.
2.قىرىم تاتارلىرى مەسىلىسىگە كەلسەك، بىلىشىمچە ئۇلارغا ئەسلىدىنلا مۇستەقىللىق بېرىش نىيەتلىرى يوق ئىكەن. ھەتتا بۇندىن ئۈچ ھەپتە ئاۋۋالغىچىلا قىرىم تاتارلىرىنى قىرىم تەۋەسىدىن تولۇق ھايداپ چىقىرىپ بۇ يەرنى پۈتۈنلەي نېمىس يېرىگە ئايلاندۇرۇش پىلانى بار ئىدى. ئەمما بۇ ئىشنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە بىر مۇنچە تېخنىكىلىق قىيىنچىلارنى ھەل قىلىپ كېتىشكە كۆزى يەتمىگەچكە، بۇ پىلان ھازىرچە تاشلاپ قويۇلغان. پېرېكوپنىڭ شىمالىدا ئۇكرائىنانىڭ بىر قىسىم يەرلىرى بىلەن بىر قاتاردا

قىرىمنى گاۋلېتىيېر فراۋېنفېلدكە قارايدىغان بىر باش سېكرېتار باشقۇرىدىغان بولغان.

3. ... بېرلىندىكى كاپكاز كۆچمەنلىرىنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرىنىڭ رەنجىشلىرى يېقىن كۈنلەردىن بۇيان خېللا كۈچىيىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ رەنجىشنىڭ سەۋەبى، باشئەلچى فون شۇلېنبۇرگنىڭ گاۋلېتىيېر مېيېرگە ئۇەرتكەن، تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ ھۆججەتلىرىدىكى كۆچمەنلەردىن تۇرغان يەرلىرىنى مۇۋاپىق پايدىلىنىش كېرەك دېگەن تەلەپلىرى مىنىستىر روسېنبېرگنىڭ رەت قىلىۋېتىشىدىن كۆرۈش كېرەك. ئوفىسسېرلارنىڭ قىلغان تەكلىپلىرىنىڭ ئەكسىچە، مىنىستىر روسېنبېرگ كۆچمەنلەر ئارىسىدىن بىر نەچچىلا كىشىنى ئىشغال قىلىنغان شەرق رايونلار مەسلىسى مىنىستىرلىكىدىكى مەسلىھەتچىلىك ۋەزىپىلىرىگە تەيىن قىلىش قارارىنى ئالغان. كۆچمەنلەر، بۇ مەسلىھەتنىڭ ئەمىلى نەتىجىسى قاتارىدا ئىشغال قىلىنغان شەرق رايونلار مەسلىسى مىنىستىرلىكىنىڭ مەمورى كادىرلىق دەرىجىسىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ ئىشنى رەت قىلىشىدۇ. ... بولۇپمۇ ئەزەربەيجانلار بەكلا خاپا. ئۇلار، بۇندىن كېيىن گېرمانىيىدە ئۆزلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان بىرەر پائالىيەت سورۇنى تاپالمايدىغانلىقى ئۈچۈن دەرھال تۈركىيىگە قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ تەلىۋىنى نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ يۈرۈپ ئاران ياندۇرالىدىم. بۇ كۆچمەنلەر بۇنداق جىددى بىر پەيتتە تۈركىيىگە قايتىپ كېتىشى تۈركىيە خەلقى ئارىسىدا ئېغىر نارازىلىقلارنى پەيدا قىلىۋېتىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

بۇلاردىن مەلۇم بولغىنىدەك، كاپكازىيىدىكى يەرلەر مەمورى جەھەتتىنلا بىكىتىپ بولۇش بىلەنلا قالماي ھەتتا باشقۇرغۇچىلىرىنىمۇ ئالمۇقاچان تەيىنلەپ بولغان روسېنبېرگ قارىشى بويىچە ئالغاندا، يەرلىك خەلقلەرگە نىسبەتەن سىياسى تەسىرى بارلىقى ئېنىق بولغان مۇساپىر يىتەكچىلىرىنىڭ ھېچقانداق بىر پايدىسى بولمايدۇ، ھەتتا بىرەر پايدىسى بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئاۋارىچىلىق پەيدا قىلىشى مۇمكىن دەپ قارىلاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز مىللىتىنىڭ بىر دەۋرىنى ياراتقان مەھەممەت ئىمىن روسۇلزادە، سىيىت شامىل قاتارىدىكى يىتەكچىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا نېمىس رەھبەرلىكى بىلەن كېلىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى "ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتراپ قىلىش" بولىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئالفرېد روسېنبېرگ ئۇلارغا ئوستمىنىستىرىيۇمدا مەسلىھەتچىلىك قىلىپ بەرسەڭلار دېگەن تەكلىپنى قىلىدۇ. تەبىئىكى، ئۇلار بۇنداق بىر تەكلىپنى دەرھال رەت قىلىشىدۇ. روسۇلزادە، بۇ تۈر ۋەقەلەرگە قارىتا ۋە مۇساپىر يىتەكچىلىرىنىڭ بۇ مەسلىگە بولغان قاراشلىرىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىدۇ:

نىمسلار سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى مىللىي مەسىلىلەرنىڭ سەل قاراشقا بولمايدىغان، تالىھى ھەرپ (ئۆرۈش تەلىيى) كە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بىر كۈچ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىدۇ. شۇڭا، گېرمانىيە خارجىيىسى (تاشقى ئىشلار) گە مەنسۇپ بولغان بىر قىسىم يوقۇرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ (گراف فون شۇلېنبۇرگ) تەشەببۇسى بويىچە كاپكازىيە مۇساپىرلىرىنىڭ سىياسىي سىمالىرىدىن بىر قىسمىنى بېرلىنگە تەكلىپ قىلىشىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ كاپكازىيە ھەققىدىكى پىكىرلىرىگە مۇراجەت قىلىنىدى.

ئەزەربەيجان، ئەرمەنىيە، گروزىيە ۋە شىمالى كاپكازىيە جۇمھۇرىيەتلىرىگە مەنسۇپ بولغان بۇ ھەيئەتلەر ۋاكالەتلىك قىلىشاتقان تەشكىلاتى بىلەن خەلقىنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى، تاپشۇرغان دوكلاتلىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۈشتى. بۇ دوكلادلاردا مىللىي مۇستەقىللىق قاراشلىرىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، كاپكازىيە ئىتتىپاقى قارىشىدىمۇ چىڭ تۇرۇشقان ئىدى. ... يۇقۇرىدا ئىسمى ئاتالغان گراف فون شۇلېنبۇرگ ۋاستىسى بىلەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە تاپشۇرۇلغان بۇ ۋەسىقىدە كاپكازىيە مىللەتلىرىنىڭ چارىزىمغا قارشى تۇرغىنىدەك بولشېۋىزىمغىمۇ قارشى ئىكەنلىكى بىرىلگەن مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ پۈتۈن جەريانلىرى تەسۋىرلىنىپ، كاپكازىيىلىكلەر پىرىنسىپ قىلغان مىللىي غايىلەر تولۇق تەپسىلاتلىرى بويىچە بايان قىلىنغاندىن كېيىن مۇنداق دېيىلگەن:

"بۇ غايىلەرنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلىشى، كاپكازىيە ۋەكىللىرىنىڭ ھېس قىلىشىچە، سىياسىي جوغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا تۆت جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىتتىپاقداشلىقى شەكلىدە بىرلىشىشىگە باغلىق. شۇ سەۋەپتىن كاپكازىيىلىك مىللەتلىرى ئىنتايىن جىددىي ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇر بولماقتا."

كاپكازىيىلىك ۋەكىللەرنىڭ بۇ تەلەپ ۋە ئارزۇلىرى فۇھرېر (بىردىن-بىر داھىي، ھىتلېرنى دېمەكچى — ئۇ.ت) قارارگاھى تەرىپىدىن رەت قىلىنىدۇ. نەتىجىدە بۇ مەسىلە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىن "ئوستمىنىستېرىيۇم" دەپ ئاتىلىدىغان شەرقتە ئىشغال قىلىنغان دۆلەتلەر مىنىستىرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. روسېنبېرگ مەسئۇل بولىۋاتقان بۇ مىنىستىرلىك بۇ ئىشنى قائىدىگە توغرا كەلمەيدىغان ئۇسۇللارغا تايىنىپ ھەل قىلىشقا ئۇرۇنغان ئىدى. مۇستەقىللىق ۋە مىللىي ھوقۇق دېگەنلەر بۇ مىنىستىرلىكنىڭ پەرۋاسىغا

قىلمايدىغان ئىشلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئېنىق بىرەر ۋەدە بەرمەي تۇرۇپ ئەسىرگە چۈشكەن قىزىل ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن مىللى لېجيون تەشكىللەپ، بۇ قىسىملارنى ۋېرماچت ئۈچۈن تەبىئى ياردەمچى كۈچ قىلىپ پايدىلىنىشنىلا مەقسەت قىلىشاتتى. بۇ مەقسەتتە لېجيونلار ئارىسىدىن بىۋاستە تاللاپ چىقىلغان بىرسى تەشكىل قىلىنغان لېجيونلار بىلەن ۋېرماچت ئوتتۇرسىدا رابىتا (مۇناسىۋەتلىشىش) ۋەزىپىسىنى ئۆتىشىلا لازىم ئىدى. شۇڭا بۇ مۇناسىۋەت باغلىغۇچىلار مىللى مۇستەقىللىق ۋە دېموكراتىيە ئىللەتلىرىدىن تازىلانغان بولۇشى كېرەك دەپ قاراشماقتا ئىدى.

ئادلون يىغىنى مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشەلمىگەنلىكىگە قارىماي، گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى روسۇلزادە بىلەن شامىلغا ئوخشاش يىتەكچىلەرنى بېرلىندە يەنە بىر مەزگىل تۇرۇپ بېرىشكە ماقۇل كەلتۈرۈپ، كۆرۈشۈشلەر يەنە بىر مەزگىل داۋاملىشىدۇ. ئەسلىدە ئۇ ۋاقىتلاردا نېمىس دائىرىلىرى ئادلون يىغىنىغا قاتناشمىغان مۇساپىر يىتەكچىلەر بىلەنمۇ مۇناسىۋەت قىلىشنى توختاتمىغان ئىدى. بولۇپمۇ تۈركىيىدە تۇرىۋاتقان تاشقى تۈركلەر يىتەكچىلىرىگە قارىتا ئالاھىدە يېقىنلىق كۆرسىتىپ كەلمەكتە ئىدى. ئىدىل-ئۇرال ھەرىكىتى باشلامچىلىرىدىن ئەلى ئاقىش بۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلىدۇ:

1942-يىلىنىڭ ئىيول ئېيىدا، قايسى كۈنى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىسىمدە قالماپتۇ، بىر كۈنى ئاياز ئەپەندىم مىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. ئۆيىدە گېرمانىيىنىڭ ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئىككى نەپەر يۇقۇرى دەرىجىلىك مەسئۇلىمۇ بار ئىكەندۇق. ئاياز ئەپەندىم ئۇلارنىڭ دەيدىغان گەپلىرىنى مىنىمۇ ئاڭلاپ باقسۇن دېمەكچى دېدى. بۇ مەسئۇل كىشىلەر گېرمانىيە ئارمىيىسى بىلەن بىرگە پائالىيەت قىلىدىغان "ئىدىل-ئۇرال لېجيونى" تەشكىللىمەكچى بولىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئىدىل-ئۇرال مۇستەقىللىق كومىتىتىنىڭ رەئىسى بولغان ئاياز ئەپەندىگە بىرلىكتە ئىشلىسەك دەپ تەكلىپ قىلدى. ئاياز ئەپەندى بۇ تەكلىپ ئۈچۈن مۇنداق ئۈچ شەرتنى ئوتتۇرغا قويدى: بىرىنچى شەرت، ئىدىل-ئۇرال دۆلىتى ئۈچۈن ھوقۇقى كاپالەت بېرىلسۇن؛ ئىككىنچى شەرت تەشكىل قىلىنماقچى بولغان لجيوننىڭ ھېچكىمگە بېقىنمايدىغان مۇستەقىل ھەربى شتابى بولسۇن؛ ئۈچىنچى شەرت، ئىدىل-ئۇرال دۆلىتى ئۈچۈن ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ئالى سوت مەھكىمىسى قۇرۇلسۇن.

نېمىسلار بۇ ئۈچ شەرتنى قوبۇل قىلىشقا ئۇنىمىدى. شۇنداق قىلىپ بۇنداق بىر

كېلىشىم بولمىدى.

نەچچە ئاي داۋاملاشقان سۆزلىشىشكە قارىماي، گېرمانىيە ھۆكۈمىتى كاپىكازىيىنىڭ، ياكى بولمىسا ئەزەربەيجانىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا دائىر بىرەر ھۆججەت ئىمزالاشقا يېقىن كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، پرومېتې يېتەكچىلىرى ئۈچۈن گېرمانىيىدىن چىقىپ كېتىشتىن باشقا يول قالمايدۇ. شۇنداق قىلىپ مەھەممەت ئىمىن روسۇلزادە بۇخارىستقا (مۇخلىر كىتاۋىدا مەھەممەت ئىمىن روسۇلزادىنىڭ ئىستانبۇلغا قايتىپ كەتكەنلىكىنى يازغان. ئەمما روسۇلزادە پۈتۈن ئۇرۇش جەريانىدا تۇرۇپ قالماقچى بولغان بۇخارىستقا قايتىپ كەتكەن ئىدى. ئۇرۇش ئاخىرلىشاي دېگەن ۋاقىتلاردا گېرمانىيىگە كىرىدۇ، ئاندىن 1947 ـ يىلى تۈركىيىگە قايتىپ بارىدۇ. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى)، سېيىت شامىل ئىستانبۇلغا، ھەيدەر بامات شۋېتسارىيىگە، سېيىدون كېدىيا بولسا پارىژغا قايتىدۇ. بۇ جەرياندا قىرىملىق مۇستەجىپ ئۈلكۈسالمۇ نېمىسلارنىڭ قىرىمغا بېرىشىغا يول قويمىغانلىقى ئۈچۈن تۈركىيىگە قايتىپ كېتىدۇ. ئەمما، ئەدىگە قىرىمال، گېرمانىيىدە قېلىپ قىرىملىق ئۇرۇش ئەسىرلىرىگە مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئاقىۋەتتە، نېمىسلار ئۈچۈن خۇددى روسۇلزادىنىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك ئۆزلىرى تۈزگەن شەرتلەر بويىچە مۇستەقىللىق تەلىپىنى ئوتتۇرغا قويمايدىغان يېڭى بىر يېتەكچى يارىتىشتىن باشقا چارىسى قالمىغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن ئۆزۈن ئۆتمەي كۆپ قىسمى ئەسىرگە چۈشكەن ئەسكەرلەردىن تەشكىل تاپقان جامائەتچىلىك ئارىسىدا ھېچكىم بىلمەيدىغان يېڭى خادىملارنى تاللاپ چىقىشىپ، نېمىسلارنىڭ تەلىۋىگە ماس كېلىدىغان مىللىي تەشكىلات قۇرۇش ھەرىكىتىنى باشلىۋېتىدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، ئادلون يىغىنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن تارتىپ ئېلىنىدىغان جايلارغا مۇناسىۋەتلىك سىياسى ئىجرائەت جەھەتلەردە تاشقى ئىشلار مىنىسترلىكىنى پۈتۈنلەي سەپتىن چىقىرىپ تاشلاشنىڭ بۇرۇلۇش نوقتىسى بولۇپ قالغان ئىدى. ئادلون يىغىنىدىن كېيىن، روسېنبېرگ ئۆزىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىگە مەنسۇپ بولغان ئىشلارغا ئارىلىشىۋالدى دېگەننى باھانە قىلىپ تاشقى ئىشلار مىنىسترلىكى ئۈستىدىن ھىتلېرغا ئەرز قىلىدۇ. بۇ ئەرزدە تاشقى ئىشلار تەۋەلىكىدە قۇرۇلغان روسىيە كومىتېتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەكلىكى تەلەپ قىلىنغان ئىدى. ھىتلېر بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلمايلا قالماستىن، ئىشغال قىلىنغان سوۋېت يەرلىرىدىكى بارلىق ھەربى ئىشلارنى گېرمانىيە ئارمىيىسى بىلەن شەرق ئىشلىرى مىنىسترلىكى ھەمكارلىشىپ باشقۇرىدىغانلىقىنى، پۇخرالار ئىشلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى بىلەن ھوقۇقىنىڭ پۈتۈنلەي شەرق ئىشلىرى مىنىسترلىقىغا مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى بېكىتىدۇ. بۇ قارار بىلەن بىرگە يەنە ئىشغال قىلىنغان يەرلەرنىڭ تاشقى

ۋاكالەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئېلىش ۋەزىپىسىدىن باشقا ھوقۇقى قالمىغان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، بىر ھېساپتا ھېچقانداق ئىشقا ئارىلاشتۇرۇلماي چەتتە قالدۇرۇلغان ھېساپلاندى.

## ۋەلى قېيۇمخاننىڭ ئوتتۇرغا چىقىشى

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا تۈركىستان مەسىلىلىرى ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ھادىسىلەر گېرمانىيىگە ئوقۇغۇچى بولۇپ كېلىپ كېيىن گېرمانىيىدە تۇرۇپ قالغان ۋەلى قېيۇمخان دېگەن بىر تۈركىستانلىقنى يېتەكچى سۈپىتىدە ئوتتۇرغا چىقىرىدۇ. 1942-يىلىدىن باشلاپ گېرمانىيە ئۇرۇش سەپلىرىدە جەڭ قىلغان تۈركىستان لېجيونى بىلەن تۈركىستان مەسىلىلىرىنىڭ سىياسى تەرىپىگە يېتەكچىلىك قىلىپ كەلگەن تۈركىستان مىللى ئىتتىپاق كومىتىتى (ت م ب ك، يەنى تۈركىستان مىللى بىرلىك كومىتېتىنىڭ قىسقارتىلمىسى ــ ئۇ.ت) نى ۋەلى قېيۇمخان قۇرۇپ ئۆزى رەھبەرلىك قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. مۇنداق ئېيتقاندا، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى بويىچە تۈركىستان نامىدا قانات يايدۇرۇلغان پائالىيەتلەر بىر مەنىدە ۋەلى قېيۇمخاننىڭ نامى بىلەن ئاتالدى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، بۇ سىياسى شەخسكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى تەپسىلى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

قېيۇمخاننىڭ، گېرمانىيىگە كېلىشتىن بۇرۇن ۋە گېرمانىيىگە كەلگەندىن كېيىنكى دەۋرلىرىنىڭ قىسقىچە بايانىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاپ باقايلى:

مەن تاشكەنتنىڭ پىچاقچى مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن ئىدىم. باللىق چاغلىرىممۇ ئەنە شۇ مەھەللىدە ئۆتكەن ئىدى. كونا تۈزۈمدىكى مەكتەپنى پۈتتۈرگىنىمدىن كېيىن، ناۋايى نامىدىكى مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇدۇم. ئۇ يەردە مېنى يېتىشتۈرگەن ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرسى پىترات ئەپەندىم ئىدى. بىلىم ئېلىش ئۈچۈن مېنىڭ بىلەن بىرگە گېرمانىيىگە كېلىپ ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ تاشكەنتكە قايتىپ كېتىپ پروفىسسورلۇق قىلغان، كېيىن ئۆلتۈرىۋېتىلگەن سەتتار جاپپار بىلەن بىر مەكتەپتە ئوقۇغان ئىدىم. كېيىن، ئابدۇراۋوپ پىتراتنىڭ تەلىۋىگە بىنائەن تاشكەنتتىن بۇخاراغا باردىم. ئۇنىڭ ئىشخانىسىدا غۇلام ئايۇپ ۋە ئەخمەت شۈكۈر ئىككىسى بىلەن تونۇشتۇم. پىترات بىزگە ھەر تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى تاپشۇردى. بۇخارا پاسپورتى چىقارتىپ 1921-يىلى سەئىدئەلى مۇئالىم بىلەن بىرگە يولغا چىقتۇق. ئۇرۇسلار مېنى موسكۋادا تۇتۇپ قالدى. كېيىن پەيزۇللا مۇئالىم گېرمانىيىگە مېڭىشىدا مېنىمۇ بىرگە ئېلىپ ماڭدى. گېرمانىيىگە بارغاندىن كېيىن پەيزۇللا مۇئالىم مېنى دېھقانچىلىق

ئوتتۇرا تېخنىكومىغا ئوقۇشقا كىرگۈزۈپ قويدى. 1925-يىلى يېزا ئىگىلىك ئالىي مەكتىۋىگە كىرىپ ئوقىدىم. ئۇ چاغدىكى مەدەنىيەت مىنىستىرى باتۇدىن بىر تېلېگىراما تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئۇ چاغدا سەمەرقەنتتە بىر سوت مەھكىمىسى بىزنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىشقان ئىكەن. تېلېگىرامىدا "ۋەتەنگە قايتماڭلار" دېگەن بىرلا ئىبارە يېزىلغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ تۈركىستانغا قايتىپ كەتمەسلىك قارارىغا كەلگەن ئىدىم. بۇ ئارىدا گېرمانىيە دۆلىتىنىڭ قانۇنىغا ئاساسەن ئىككى يىلدەك دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشلىدىم. 1928-يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈردۈم. 1930-يىلى سىياسەت ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقىدىم. ئەلاچى بىر ئوقۇغۇچى ھېساپلىناتتىم. مەكتەپنى پۈتتۈرگىنىمدىن كېيىن دوكتورلۇق دېسسېرتاتسىيىسى ياقلىدىم. مەن دېسسېرتاتسىيە ماقالەم ئۈچۈن "14-ئەسىردىن بۈگۈنگىچە تۈركىستان مەدەنىيىتى" دېگەن تېمىنى تاللىۋالغان ئىدىم. مەن دېسسېرتاتسىيە ماقالەمدە "ئۇ چاغلاردا تۈركىستان مەدەنىيىتىگە ئەرەپ ۋە پارس مەدەنىيىتى تەسىر كۆرسىتەلمىگەن ئىكەن، بۈگۈنكى كۈندىكى ئورۇس مەدەنىيىتىمۇ ئۆز تەسىرىنى يوقىتۇرالمايدۇ" دەيدىغان ئاساسى قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم. بۇ جەرياندا فون مەندېنىڭ ئالاھىدە ياردىمىگە ئېرىشكەنىدىم. 1936-يىلى دوكتورلۇق دېسسېرتاتسىيەم ماقۇللاندى. ئۇنىڭدىن كېيىن كېيىسىر ۋىلھېلم (خانلىق — ئۇ.ت) ئىنىستىتۇتىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە تۈركىستان كىشەزچىلىكى ھەققىدە ئىلمى تەتقىقات بىلەن شوغۇللاندىم. بۇ ئىشىم ئىككى يىل داۋام قىلدى. نەتىجىدە، يازغانلىرىم ئىككى قىسىملىق كىتاپ بولۇپ نەشىردىن چىقتى.

بۇ جەرياندا خەلقارالىق مۇخبىرلار جەمىيىتىگە ئەزا بولغان ئىدىم، ھەمدە ئادمىرال ترۆتتېي مەسئۇللىقىدا نەشرى قىلىنىۋاتقان «يېقىن شەرق» (دېر ناھې ئوۋستېن) دېگەن جورنالدا "ئارسلانباي" دېگەن تەخەللۇستا مەسئۇل تەھرىر بولۇپ ئىشلىدىم. تەھرىراتتا ھەر قايسى ئەللەردىن كەلگەن خادىملار بار بولۇپ، ئۇلار بىلەن يۇمۇلاق جوزا مۇنازىرىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇراتتۇق. بۇ يىغىلىش، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ رۇخستى ۋە ياردىمىگە تايىنىپ ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان يىغىلىش ئىدى. ئەسلىدە جورنىلىمىزمۇ ئەنە شۇ يىغىلىشلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇتۇقلارنى ئېلان قىلىشنى مەقسەت قىلىپ قۇرۇلغان بىر جورنال ھېساپلىناتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يازغان ماقالىلىرىم نېمىسچە گېزىتلاردىمۇ ئېلان قىلىنىپ تۇراتتى (1991-يىلى 17-23 يانىۋار كۈنلىرىدە دۈسسېلدورفتا ۋەلى قېيۇمخان بىلەن ئۆتكۈزگەن شەخسى سۆھبەت خاتىرەم. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

1922~1933 ـ يىللىرىدا گېرمانىيىدىكى تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن قانات يايدۇرۇلغان ئىجتىمائى، مەدەنى ۋە قىسمەن سىياسى خاراكتىردىكى پائالىيەتلەردە ۋەلى قېيۇمخان ئىسمىنىڭ پەقەتلا كۆرۈلمەسلىكى ھەققەتەنمۇ ھەيران قالارلىق بىر ئىش. بۇ كىتاپ ئاپتورى، بۇنىڭ سەۋەبىنى قېيۇمخانىنىڭ ئۆزىدىن سورىغىنىدا، ئۇ بۇنىڭغا مۇنداق دەپ جاۋاپ بەردى:

مەن ئۇ ۋاقىتلاردا تۈركىستانلىقلار تالىلىۋالغان ئۇ تۈردىكى سىياسى يولغا قوشۇلمايتتىم. ... چەت دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا پائلىيەت قىلىش لازىم دەپ قارايتتىم. ... ئەخمەتجان ئىبراھىم (ئوكاي)، بىز بىلەن بىرگە ئىشلىگىن دېگىنىدە "مەن ئاۋال مەكتەپنى پۈتكۈزىۋالاي، ئاندىن يەنە سىياسەتنىمۇ ئۆگىنىشىم كېرەك، شۇ چاغدىلا بۇ ئىشلارغا ئارىلىشالىشىم مۇمكىن" دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدىم.

ت م ب نىڭ گېرمانىيە شۆبىسى «ياش تۈركستان» نىڭ باش كاتىپلىقىنى ئۈستىگە ئالغان ئىبراھىم يارقىن بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

ۋەلى قېيۇم، بۇخارادىن كەلگەن ياش ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى بىرى ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن سەتتار جاپپار ئىككىسى ئاتاغلىق پىتراتنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئىدى. پىترات، بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە تاشقى ئىشلار نازىرى ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگىنىدىن كېيىن، ئۇلار ئىككىسىنى بۇخاراغا چاقىرتىپ كېلىپ گېرمانىيىگە ئىۋەرتىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار تىزىمىغا كىرگۈزۈپ قويغانىكەن. گېرمانىيىدە تۇرىۋاتقان ۋاقتىلىرىمىزدا قېيۇمخان بىلەن بەك ئارىلىشىپ كەتمەيتتۇق. ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى سەتتار جاپپار ئىدى. سەتتار جاپپارنى سوۋېتلەر پايدىلىنىپ يۈرىدۇ دەپ گۇمان قىلىشاتتۇق. شۇڭا بىز سەتتار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشتىن ئۆزىمىزنى چەتكە ئېلىپ يۈرەتتۇق. شۇنىڭغا قارىماي، سەتتار جاپپار بىز بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ يۈرەتتى. ئەمما ۋەلى قېيۇمدا بۇنداق بىر غەم يوق ئىدى. قېيۇم ھېچ بىر ئوقۇغۇچى بىلەن ئارىلاشمايدۇ دېگىدەك يالغۇز يۈرەتتى. ئۇ سەتتار جاپپار بىلەن داۋاملىق ئارىلىشىپ ئۆتتىمۇ قانداق، خەۋىرىم يوق. ۋەلى قېيۇم تۈركستان مىللى ھەرىكەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ يۈرىدىغانلار بىلەن، يەنى بىزدەكلەر بىلەن زادىلا مۇناسىۋەت قىلمىغان ئىدى. سىزگە مەلۇم، ت م ب دېگەن بىر مەخپى تەشكىلات، شۇڭا، ت م ب غا ئەزا بولماقچى بولغان بىرسى ئىنتايىن ئىنچىكە تەكشۈرۈلۈشلەردىن ئۆتكۈزىلەتتى. ۋەلى قېيۇم بۇ قاتاردىكى بىرسى

ھېساپلانمايتتى. مەن تۈركىيىگە قايتىپ كەتكىنىمدە، تاھىر بىلەن ئابدۇلۋاھاپ ئىككىسى گېرمانىيىدە قېلىپ ژورنال چىقىرىش ئىشلىرىنى داۋام قىلدى. ئۇ يىللاردا ۋەلى قېيۇمنىڭ ئۇ دوستلىرىمىز بىلەن بىرەر مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى ھەققىدىمۇ ھېچقانداق گەپ ئاڭلىمىدىم. مەن ۋەلى قېيۇمنى كۆرگەن ۋاقتىم ئارىدىن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىكى بىر ئىش، يەنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى يىللىرىدا تۈركىيىگە كەلگىنىدە كۆرۈشكەن ئىدۇق.

ئۇ يىللىرىدىكى ت م ب دوكلاتلىرى بىلەن ئەزالار ئارا يېزىشقان خەت ـ چەكلەرنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىقمۇ ئۇنىڭ ھېچكىم بىلەن ئارىلاشماي يالغۇز ئۆتكەنلىكىنى ئىسپاتلاش مۇمكىن. «ياش تۈركىستان» جورنىلىنىڭ بېرلىندىكى مەسئولى ھابدۇۋاھاپ ئوكتاي پارىژدا تۇرىۋاتقان مۇستاپا چوقاي ئوغلىغا گېرمانىيىدە ئالى مەكتەپ پۈتتۈرگەن تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن ھازىرمۇ ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىزىملىكىنى ئەۋەتىپ بەرگەن بولۇپ، بۇ تىزىملىكتىمۇ ۋەلى قېيۇم دېگەن ئىسىم كۆزگە چېلىقمايتتى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ غەلىتە بىر ئىش. بۇنىڭغا ئوخشايدىغان يەنە بىر ئەھۋال، 1933 ـ يىلى 15 ـ ماي كۆنىسى گېرمانىيە شۆبىسى تەرىپىدىن ت ب م مەركىزى كومىتېتىغا ئەۋەتىلگەن گېرمانىيىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلگەن قەرز ياكى بېرىلگەن ياردەم پۇل تىزىملىكىنى كۆرستىدىغان تىزىملىكتىمۇ پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ دېگىدەك ئىسمى يېزىلغان بولىشىغا قارىماي، بۇ تىزىملىكتە يالغۇز ۋەلى قۇيۇمنىڭ ئىسمى يوق ئىدى. بۇ مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ۋەلى قېيۇم گېرمانىيىگە كەلگىنىدىن كېيىن باشقا تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن پەقەتلا مۇناسىۋەت قىلىشمىغانلىقىنى كۆرىۋېلىش مۇمكىن. ئۇنىڭ يېقىن دوستى بولغان سەتتار جاپپارنىڭ ساۋاغداشلىرى ئارىسىدا گۇمانغا قالغانلىقىمۇ، ئەسلىدىنلا بەك كۆپ ئارىلاشماي يۈرگەن قېيۇمنى باشقا تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلاردىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇرىۋەتكەن بولىشى مۇمكىن.

1933 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا «ياش تۈركىستان» ژورنىلىنى چىقىرىۋاتقان گۇرۇپتىكى ئوقۇغۇچىلاردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى گېرمانىيىدىن كېتىپ قالغان بولۇپ، يالغۇز ۋەلى قېيۇمخانلا گېرمانىيىدە قالغان ئوقۇغۇچى ھېساپلىناتتى. قېيۇمخان، ئۆزى مەسئۇل بولغان «يېقىن شەرق» ژورنىلى تەۋەسىدە ئۇيۇشتۇرىلىدىغان يىغىلىشلارغا ئابدۇلۋاھاپ ئوكتاي بىلەن تاھىر چاغاتاي ئىككىسىنىڭمۇ بىر قېتىمدىن قاتنىشىپ سۆزگە چىققانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمما ئىسمى ئاتالغان ت م ب ئەزاسى بولغان بۇ ئىككىيلەن ھەر تۈرلۈك خەت ـ چەكلىرىدە ياكى بولمىسا كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئېلان قىلىشقان ماقالىلىرىدىمۇ بۇنداق بىر گەپنى قىلغانلىقىنى پەقەتلا ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە، ۋەلى قېيۇمخان بىلەن مۇستاپا چوقاي ئوغلى ئىككىسىنىڭمۇ 1939 ـ يىلىغا كەلگىنىدىلا ئاندىن تونۇشقانلىقى

مەلۇم. ھابدۇۋاھاپ ئوكتاي بىلەن تاھىر چاغاتاي قاتارىدىكى يېقىن سەبداشلىرى تەرىپىدىن ياخشى تونۇلغان بىر ئادەمنى ئۇلار بىلەن يېقىن ئوتىدىغان مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ شۇ چاققىچە تونىماسلىقى ھەقىقەتەنمۇ ئىشەنگىلى بولمايدىغان ھەيران قالارلىق بىر ئىش.

ۋەلى قېيۇمخان، ئۆزىنى مىللى سوتسىيالىزىم پارتىيىسىگە ئەزا بولغانلىقى ئۈچۈن تۈركىستان مىللى ئىستىپاقى ياكى ياش تۈركىستان گۇرۇپپىسى قانات يايدۇرۇپ كېلىۋاتقان سىياسى پائالىيەتلەرگە قاتناشماي كەلگەن، دەيدىغان گەپلەرنى قەتئىي تۈردە رەت قىلىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، مەيلى ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەزگەن شەخسى سۆھبەتلىرىم جەريانىدا بولۇپ ئۆتكەن گەپلەردىن ياكى ئۇنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا تۇتقان يولىدىن قارىغاندىمۇ، "خوچشكۇلي فۇر پولىتىك" ئۇنىۋېرسىتېتىدە سىياسەت كەسپىنى ئوقۇپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىدا گېرمانىيىدە تەسىرى كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان ناتسىيونال سوتسىيالىزم ئىدىيىسىدىن خەۋەر تاپقانلىقى ئېنىق. ئىبراھىم يارقىنمۇ ئۇ دەۋرلەردە ۋەلى قېيۇمخان ناتسىتلار تەرەپتارى بولغان بەزى ژۇرناللارغا ماقالە ئەۋەتىپ تۇرغانلىقىنى، ھەتتا شۇنداق ژۇرناللاردىن بىر-ئىككى پارچىنى ساقلاپ يۈرگەنلىكىنى، ئەمما كېيىن ئۇ ژۇرناللارنى يوقۇتۇپ قويغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭغا قارىماستىن ۋەلى قېيۇمخاننى ناتسىيونال سوتسىيالىزم پارتىيىسىگە ئەزا بولغان، بۇ پارتىيە ئىچىدە بىۋاستە خىزمەت قىلغان دەيدىغان گەپلەرنىڭ ھېچ بىرسى ئىسپاتلانمىدى. بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاغدۇرىۋېتىلگىنىگە قارىماي يەنىلا بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ پاسپورتى بىلەن يۈرگەن ۋەلى قېيۇمخان، دۇنيا گراجدانلىقىغا ئۆتىۋالغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا ئۇنىڭغا دىپلومات دېگەن سالاھىيەت بېرىلىپ مەخسۇس پاسپورتمۇ بېرىلگەن. تا ۋاپات بولغان كۈنگىچە گېرمانىيە گراجدانلىقىغا ئۆتمىگەن بىر ئادەمنى مىللى سوتسىيالىزم پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى دېيىش ئۇنچە بەك مەنتىقىغا ئۇيغۇن بولمىسا كېرەك. شۇنداقتىمۇ بۇ پارتىيە ئىچىدە تەسىرگە ئىگە بولغان فون مەندې بىلەن لېيبراندت قاتارىدىكى كىشىلەر بىلەنمۇ يېقىن ئارىلىشىپ ئۆتكەنلىكى راس. بولۇپمۇ لېيبراندت، ۋەلى قېيۇمخانغا تۈركىستاننىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ۋە يېزا ئىگىلىكىگە ئائىت مەسىلىلەردە ماتېرىيال توپلاش ۋە بۇ ھەقتە دوكلات تەييارلاش ۋەزىپىلىرىنىمۇ تاپشۇرۇپ تۇراتتىكەن.

(رەسىم ئورنى)
ۋەلى قېيۇمخان، 1942-يىلى

ھىتلېرنىڭ بويرۇقى بۇيىچە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى قوزغىتىلغان ھەرىكەت، پارىژ مەھەللىرىنىڭ نوگېنت دېگەن بىر بۇلۇڭىدا ياشاۋاتقان ت م ب رەئىسى مۇستاپا چوقاي ئوغلى ئۈچۈن ھاياتىسىدىكى يېڭى بىر دەۋرگە ئايلىنىپ قالغىنىغا

ئوخشاش، بېرلىندە ياشاۋاتقان ۋەلى قېيۇمخاننىڭ ھاياتى ئۈچۈنمۇ بىر بۇرۇلۇش نوقتىسى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇرۇش پارتىلاش بىلەن تەڭ شەكىللەنگەن ۋەزىيەت بۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىر يەردە ئۇچرىشىپ قېلىشىغا، يېقىن ئارلىشىپ ئۆتىشىگە سەۋەپچى بولدۇ. ۋەلى قېيۇمخان شۇ ۋاقىتلارنى ئەسلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ:

لېھىستان (پولشا) ئۇرۇشى پارتىلىغان ۋاقىتتا مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ ئەھۋالى بەكلا ناچار ئىدى. مەن 1939-يىلى بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈم. شۇ چاغدا مەن ئۇنى بېرلىندىكى شەرق ئىنىستىتۇتىغا ئىشقا كىرىشكە ياردەم قىلغان ئىدىم. چوقاي ئوغلى بۇ ئىنىستىتۇتتا پات-پات ئىلمى دوكلات سۆزلەپ تۇراتتى ياكى ئىلمى تەتقىقات ئىشلىرىغا قاتنىشىپ تۇراتتى. شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭغا بەلگىلىك مىقداردا ئايلىق مائاش بېكىتىلگەن ئىدى. بەزىدە بىر قىسىم نەرسىلەرنى يېزىپ ئېئەرتىپمۇ تۇرغاندى. پروفىسسور فون مەندې ئۇنىڭغا بەكلا قايىل بولاتتى. ئۇرۇش پارتىلاپ ئەتىسى گېستاپوچىلار مېنى تۇتۇپ تۈرمىگە قاماشتى. گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مەسئۇللىرى مېنى تۈرمىدىن چىقىرىۋالدى. بۇ ۋاقىتلاردا مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭمۇ پارىژدا قولغا ئېلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. پروفىسسور مەندې بىلەن لىيبىراندت ئىككىسىنىڭ ياردىمى بىلەن پارىژغا بېرىپ چوقاي ئوغلىنى تۈرمىدىن چىقىرىۋالدىم. ئۇكرائىنانىڭ سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى شۇلگىنمۇ تۈرمىدە ئىكەندۇق. ئۇنىڭغىمۇ ياردەم قىلدىم.

مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ رەپىقىسى يازغان ئەسلىمىلەر كىتاۋىدىنمۇ ۋەلى قېيۇمخان دېگەنلىرىنىڭ راسلىقىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. مارىيە چوقاي ئوغلىنىڭ دېيىشىچە، 1939-يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا گېرمانىيىدىكى مەلۇم بىر ژورنالدا ئىشلەيدىغان بۇخارالىق بىر ئۆزبەك بالا فرانسىيىدىكى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ مۇستاپا چوقاي ئوغلىغا پروفىسسور مەندېنىڭ بىر تەكلىپىنى تاپشۇرغان. شۇندىن كېيىن مۇستاپا چوقاي ئوغلى پات-پات بېرلىنغا بېرىپ تۇرىدىغان بولغان. روسىيىگە قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن چوقاي ئوغلىنى گېرمانىيىگە ئېلىپ كەتكەن ۋاقىتىدا ئايالىغا يازغان بىر پارچە باغاقچە خېتىدە مۇنداق جۈملىلەر يېزىلغان:

قېيۇمخان ھەر دائىم مېنىڭ بىلەن بىرگە يۈرمەكتە. قېيۇمخان، بۇ يىل ئەتىيازدا نوگېنتتىكى ئۆيىمىزگە بارغان بالا شۇ. مەن ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن تۈركىستانلىق ئەسىرلەرگە بېرىلىۋاتقان جازالارنى يۇمشىتىشنى تەلەپ قىلىپ نېمىسلارغا مۇراجەت قىلدىم.

1941-يىلى ئاۋغۇست ئېيىدىن باشلاپ چوقاي ئوغلى بىلەن قېيۇمخان ئىككىسى، لاگىرلاردىكى ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى مىللىتى بويىچە ئايرىشنى مەقسەت قىلىپ قۇرۇلغان ئارىلاشما ئەسىر تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرىدە ئىشلەشكە كىرىشىدۇ. بۇ لاگىرلاردا ۋابا بىلەن ئۆلۈم يامراپ كەتكەن ئىدى. مۇستاپا چوقاي ئوغلى 1941-يىلىنىڭ دىكابىر ئېيىدا تىفوس كېسىلىنى يۇقتۇرىۋېلىپ ئۇزۇنغا قالماي ۋاپات بولىدۇ. بۇ ھادىسە ۋەلى قېيۇمخانىنىڭ سالاھىتىنىمۇ ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ئۇنىدىن بۇرۇنقى ۋەلى قېيۇمخان، ھەممە ئېتراپ قىلىدىغان سىياسى نوپۇزغا ئىگە چوقاي ئوغلىنىڭ يېنىدا ئادەتتىكى بىر تەرجىمان بولۇپ ئىشلەۋاتقان ھەمدە چوقاي ئوغلى بىلەن نېمىس مەسئۇل كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىق قىلىپ يۈرگەن بىرسى دەپلا تونىلاتتى. تۇنجى كۆرۈشۈشتە پروفېسسور فون مەندېنىڭ قىرىملىق يېتەكچىلەردىن مۇستەجىپ ئۆلكۈسالغا دېگەنلىرى نېمىس مەسئۇل كىشىلىرىنىڭ چوقاي ئوغلىغا ۋە تۈركىستان مەسىلىلىرىگە بولغان قاراشلىرىنى ئوچۇق ئىپادىلىمەكتە ئىدى:

تۈركىستان زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول ۋە نوپۇسىمۇ مىليونلارغا بارغان ئادىمى كۆپ بىر ئەل. سىزلەرنىڭ قىرىمگىزلار ئۇنىڭغا قارىغاندا يىرى كىچىك، نوپۇسىمۇ ئاز بىر يەر. بىز تۈركىستانغا ئەنە شۇ سەۋەپتىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتىمىز. شۇ سەۋەپتىن سىزنىڭ ئەھۋالىڭىز چوقاي ئوغلىنىڭ ئەھۋالىدىن پەرقلىق بولىشى كېرەك. بىزلەر سىزلەرنى پەقەت ھۆرمەتلا قىلىمىز، خالاس.

بۇ سۆھبەتتە ۋەلى قېيۇمخان ئىسمىنىڭ پەقەتلا تىلغا ئېلىنمىغانلىقى، نېمىس رەھبەرلىرى بىلەن فون مەندېنىڭ تۈركىستان مەسىلىسىدە مۇستاپا چوقاي ئوغلىنى مۇناسىۋەت قىلىشقا بولىدىغان بىردىن-بىر ھوقۇقلۇق ئادەم دەپ قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. چوقاي ئوغلىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بولسا، تۈركىستانلىق ئۇرۇش ئەسىرلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسى پۈتۈنلەي قېيۇمخانىنىڭ قولىغا قالغان ئىدى. نەتىجىدە، بۇ مۇسىبەت قېيۇمخانىنىڭ يولىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتكەن بولۇپ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ بىر سىياسى سالاھىيەتكە ئېرىشكەنىدى.

ۋەلى قېيۇمخان، ئۆزىنىڭ سىياسى جەھەتتىكى كۆتۈرۈلۈشىنى ئەنە شۇ ۋاقىتلاردا باشلىغان دېيىشكە بولىدۇ. سوۋالكى، ئەبەنرودې ۋە شىۋبرېيىن ئەسىرلەر لاگىرىغا بارغان قېيۇمخان، بۇ يەرلەردىكى تۈركىستانلىق ئەسىرلەرنىڭ ناچار ئەھۋالىنى كۆرستىپ ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ شارائىتلىرىنى ياخشىلاش مەقسىتىدە گېرمانىيە دائىرىلىرىگە نارازىلىق تۇسىنى ئالغان دوكلات سۇنۇشقا جاسارەت قىلالىغان تۇنجى كىشى ھېساپلىناتتى. بۇرۇندىن تارتىپ تونۇشىدىغان لېيبراندتىنىڭ شەرق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى سىياسى باشقارما باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكى، يەنە شۇ

مىنىسترلىكنىڭ كاپكازىيە ۋە تۈركىستان باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى بولغان پروفېسسور مەندې بىلەن ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەتلەر ۋەلى قېيۇمخاننى باشقا مىللەت ۋاكالەتچىلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئۈستۈن بىر ئورۇنغا ئىگە قىلغان ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، گېرمانىيىنىڭ ئىشغال قىلىش سىياسى پىلانى تەركىۋىدە تۈركىستان تەۋەسى بولمىغانلىقى، تۈركىستان لېجيونىنىڭ قۇرۇلىشى، تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك مىللى ھەيئەت تەشكىل قىلىنىشىنى زور دەرىجىدە ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدىغان يەنە بىر ئامىل بولۇپ قالغان ئىدى.

ۋەلى قېيۇمخاننىڭ ئابروينى ئۆستۈرگەن يەنە بىر ئەھۋال، 1942-يىلى ماي ئېيىدا سوۋېت دۈشمىنى بولغان مىللەتلەر يىتەكچىلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئادلون يىغىنىدا ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ يىغىنغا تەييارلىق قىلىش پەيتلىرىدە ۋەلى قېيۇمخان تاشقى ئىشلار مىنىسترلىكى مەسئۇلى بولغان باش ئەلچى شۇلېنبۇرگنىڭ تەلىۋىگە بىنائەن، سابىق مۇساپىر يىتەكچىلىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. بۇ ئىش ئۈچۈن پارىژغا بارغان ۋەلى قېيۇمخان، پارىژدىكى سابىق پرومېتېچىلار يىتەكچىلىرى بىلەن بىر-بىرلەپ كۆرۈشۈپ ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى بېرلىنگە بېرىشقا قايىل قىلغان ئىدى. ئادلون يىغىنى مەيلى گېرمانىيە دائىرىلىرىنىڭ ياكى بېرلىنگە چاقىرىلغان مۇساپىر يىتەكچىلىرى كۈتكەندەك نەتىجە بەرەلمىگەن بولسىمۇ، سابىق مۇساپىر يىتەكچىلەرنىڭ نېمىسلار بىلەن بىرلىكتە پائالىيەت قىلىشنى خالىماسلىقى، ئوتتۇرىغا چىقىدىغان يېڭى سىياسى كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت قىلىش ساھەسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتىپ بەرگەن ئىدى. يىغىنىدىن بۇرۇنقى تەييارلىق ئىشلىرىدا زور نەتىجە ياراتقان ۋەلى قېيۇمخانغا ئادلون يىغىنى يېڭى بىر يول ئېچىپ بەرگەن ئىدى. ئەندى ئۇ، نېمىس مەسئۇللىرىمۇ ئېتىراپ قىلىدىغان سىياسى سالاھىيەتكە ئىگە بىرسى ھېساپلىناتتى. ئۇنىڭغا دېپلومات دېگەن سالاھىيەت بېرىلگەن، مەخسۇس بىر تۇرالغۇ بىنا تەقسىم قىلىنغان ئىدى.

## تۈركىستان مىللى ھەيئىتىنىڭ قۇرۇلۇشى

قېيۇمخان، 1942-يىلىنىڭ كىرىشىدىن تارتىپ ئارىلاشما ئەسىر ئايرىش ھەيئىتى ئورنىغا، ھەر قايسى مىللەتلەر ئۈچۈن ئايرىم-ئايرىم مىللى ھەيئەتلەرنىڭ قۇرۇلىشى ئۈچۈن يول مېڭىپ يۈرگەن ئىدى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقلىرى دەسلەپكى بىر نەچچە ئاي ئىچىدىلا ئۆز مىۋىسىنى بېرىشكە باشلاپ، ماي ئايلىرىدا تۈركىستان ھەيئىتىنى قۇرۇش تەلىۋى تەستىقلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، تۈركىستان لېجيونى بىلەن، گېرمانىيە ئارمىيىسى ۋە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە يىتەكچىلىك قىلىدىغان سىياسى تەشكىلدىن بىرسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. تۈركىستان

مىللى ھەيئىتى كېيىنكى ۋاقىتلاردا قۇرۇلىدىغان تۈركىستان مىللى كومىتېتىنىڭمۇ دەسلەپكى باسقۇچى بولۇپ، ئەگەر مۇۋەپپىقىيەتلىك ئىش ئېلىپ بارالىسا بۇ ئىككىنچى باسقۇچلۇق ئىشمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرەلىگەن بولاتتى.

تۈركىستان ھەيئىتى، 1942-يىلى 15-ئىيوندىن باشلاپ لىجيونىدىكى ئەسكەرلەر ئۈچۈن «مىللى تۈركىستان» نامىدا بىر جورنال چىقىرىشقا باشلايدۇ. چوقاي ئوغلىنىڭ «ياش تۈركىستان» نىغا ئوخشىتىپ باش ماقالىسىغا «بىزنىڭ يولىمىز» دېگەن ئات قويۇلغان بولۇپ، جورنالنىڭ باش بېتىگە ”تۈركىستان مىللى ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان جورنال“ دېگەن سۆز يېزىلغان ئىدى. ماقالىدا ”ماڭىدىغان يولىمىز ئەجداتلارنىڭ يولى، غايىمىز تۈركىستان مۇستەقىللىقى“ دەپ تەرىپ بېرىلمەكتە ئىدى.

«مىللىي تۈركىستان» جورنىلىنىڭ غوجايىنى بىلەن باش تەھرىرى ۋەلى قېيۇمخان ئىدى. تۈركىستاندىكى ھەر بىر تۈرك قەۋمىدىن ئىككىدىن كىشى تاللىنىپ تەھرىرات گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىنىدۇ. جورنال تىلى ئۈچۈن بارلىق قەۋملار چۈشىنەلەيدىغان بىر تىل سۈپىتىدە چاغاتاي تىلى تاللىنىدۇ. تىل تاللاش ھەققىدە بىر پارچە ماقالە يازغان ھۆكۈمەت ۋاكالەتچىسى، تۈركلوگ جوھاننېس بېنزىڭ، ”ئەركىن تۈركىستاننىڭ يېزىق تىلى بىرلا خىل بولىشى كېرەك، بۇ تىل مىللىي تۈركىستاننىڭ يېزىق تىلى بولۇپ كەلگەن چاغاتايچىدۇر“ دەپ يازىدۇ. شۇ ئارقىلىق قەۋملەر ئوتتۇرىسىدىكى شىۋە پەرقى سەۋەبىدىن ئىختىلاپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشىلغان ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، جورنالدا پات-پات قازاق شىۋىسى بىلەن تاجىك تىلىدا ماقالىلار ئېلان قىلىنىپ تۇرغانلىقى، ئوتتۇر يول دەپ تاللىۋېلىنغان بۇ چارىنى ھەممە كىشى قوبۇل قىلىپ كېتەلمىگەنلىكىنى كۆرىۋېلىش مۇمكىن. 1942-يىلى بويىچە داۋام قىلغان تەشكىللىنىش جەريانىدا ۋەلى قېيۇمخاننىڭ بىردىن-بىر مەسئۇل كىشى بولغانلىقى كۆرۈلمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق ھەيئەت ئەزالىرى ئەسىرگە چۈشكەن تۈركىستانلىقلاردىن تەشكىل تاپقان ئىدى.

قېيۇمخان، بىر تەرەپتىن نېمىس مەسئۇللىرىنى سىياسى ئورگاندىن بىرنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن قايىل قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزى ئۈچۈن تەبىئى بىر لىدېر سىماسى يارىتىش ئۈچۈنمۇ تىرىشىدۇ. ئەسىرگە چۈشكەن تۈركىستانلىقلار ئۇنى، نېمىسلار تەرىپىدىن بىر يەرگە يىغىۋېلىنغان كىشىلەر توپىنىڭ يېتەكچىسىلا ئەمەس بەلكى چەتئەلدە تۈركىستان ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان كۈچلەرنىڭ ئاكتىپ يېتەكچىسى دەپ تونىشى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش ھېساپلىناتتى. قىسقا مۇددەتلىك بولسىمۇ چوقاي ئوغلىدەك سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىچى-سىرتىدا ياشايدىغان تۈركىستانلىقلار ياخشى

تونۇيدىغان داھىسى بىلەن بىرگە خىزمەت قىلغان بىرسى بولغانلىقى، ئۇنى بۇ جەھەتتە ھەممە ئېتراپ قىلىدىغان بىر ئورۇنغا ئىگە قىلغان ئىدى. ئەمما ۋەلى قەيۇمخانغا بۇنچىلىك ئابروي يېتەرلىك ھېساپلانمايتتى. ئۇ، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئابروي تەلەپ قىلماقتا ئىدى. «مىللىي تۈركىستان» جورنىلىدا ئۆزى بىۋاستە قەلەمگە ئالغان بىر ماقالىدا مۇنداق دەپ بايان قىلىدۇ:

ئەگەر بۈگۈن تۈركىستانلىقلار شۇنچە ياخشى ئەھۋالغا كىلەلىگەن بولسا، شۇنىڭدەك ئۇلارنى گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ھۆرمەت قىلىپ كېلىۋاتقان بولسا، بۇ ئەھۋال ئۆزىچىلا پەيدا بولغان ياكى تۇيۇقسىزلا ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان ئەھۋال بولماستىن، بىزنىڭ بۇ يەردە 20 يىللىق كۈرەش قىلغانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسىدۇر.

«مىللى تۈركىستان» جورنىلىدا ئېلان قىلىنغان يەنە بىر ماقالىدا، بۇنداق سالاھىيىتىنى تېخىمۇ پۇختىلاش ئۈچۈن تىرىشقانلىقى كۆرۈلمەكتە:

مۇستاپا چوقاي ئوغلى فرانسىيەدە پائالىيەت قىلىپ يۈرگەن ۋاقىتلاردا ۋەلى قېيۇمخانمۇ تۈركىستان مەسىلىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ئۈستىدە گېرمانىيىدە پائالىيەت قىلماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بىرلا غايىنى مەقسەت قىلىدۇ: تۈركىستاندا مۇستەقىللىق. سوۋېت ـ گېرمانىيە ئۇرۇشى پارتىلىغاندىن كېيىن ۋەلى قېيۇمخان پارىژغا بېرىپ مۇستاپا چوقاي ئوغلىنى بېرلىنغا ئېلىپ كېلىپ ئۆز يېنىغا ئېلىۋالدى. ئۇلار بىر ـ بىرسى بىلەن قول تۇتۇشۇپ ئىشلىدى. ... مۇستاپا چوقاي ئوغلى ساكىراتتا ياتقان ۋاقتىدا، ۋەلى قېيۇمخانغا: "ئالدىڭىزدا سىزنى ئىنتايىن ئېغىر كۈنلەر كۈتمەكتە، يالغۇز قالدىڭىز. تۈركىستاننىڭ بارلىق ئىشلىرىنى سىزگە ئامانەت قىلدىم. ئەسىرلەر لاگېرىدا تۈركىستانلىق ياشلار مەۋجۇتلا بولىدىكەن، تۈركىستان چوقۇم مۇستەقىل بولالايدۇ" دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغان ئىدى.

يوقۇردىكى قۇرلاردىن شۇنى ئوچۇق كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، ۋەلى قېيۇمخان باشلىغان بۇ ھەرىكەتنى 1920 ـ يىللىرىدىن بېرى چەتئەلدە قانات يايدۇرۇپ كېلىنگەن تۈركىستان مىللى ھەرىكىتىنىڭ داۋامى دەپ تونۇلۇشقا ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. بارلىق ئەزالىرى تۈركىيىدە تۇرىۋاتقان ت م ب نىڭ ھوقۇقلۇق ئورگىنى تەرىپىدىن ئېتراپ قىلىنماسلىقى ۋە ئۇلارنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ھەرىكەتنى ئۇلار يۈرگۈزگەن ھەرىكەتنىڭ داۋامى دەپ تونۇتۇشتا مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ ئىناۋىتىدىن

پايدىلىنىشنى مەقسەت قىلماقتا ئىدى. ئەگەر ۋەلى قېيۇمخان چوقاي ئوغلىنىڭ مىراسچىسى دەپ قوبۇل قىلىنغىنىدا، تەبىئىي ھالدا لىدېر دەپ تونۇلىدىغانلىقى بىر مۇقەررەرلىك ئىدى. بۇنداق بىر دەرىجىگە ئېرىشەلىگىنىدە، يالغۇز ئۇرۇش ئەسىرلىرىنىڭلا ئەمەس ئەينى ۋاقىتدا يەنە چەتئەلدىكى بارلىق تۈركىستانلىقلارنىڭ قوللاپ قۇۋەتلىشىگە ئېرىشەلىشمۇ ئانچە تەسكە توختىمىغان بولاتتى.

# تۈركىستان لېژيونى

ئەسىرلەر تېخى تونۇلۇپ، بەلكىم بۇگۈن سەھەردە ئەسىرلەر لاگىرىدىن چىقىرىلىپ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەنلىكى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يېرىم يالىڭاچ، يالىڭاياق بولۇپ، ئورنىدىمۇ ئارانلا تۇرالايدىغان ھەلەتتە ئىدى. ھېچقايسىدىن سەس-سادا چىقمايتتى. ... سىر ئۈزۈنغا قالماي ئاشكارىلاندى.

"تۈركىستان ئارمىيىسى" دېگەندەك گەپلەر قۇلىقىمغا كىرگەندەك قىلدى. شۇ پەيتتە، ھەتتا ئۆزەممۇ سەزمەستىن قەلبىمدە ياتقان تۇيغۇلىرىمنى ھېس قىلماقتا ئىدىم، ئەنە شۇ پەيتلەردە، قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ چاقناپ كۆرۈنۈشكە باشلىغان ئاجايىپ بىر مەنزىرە كۆز ئالدىمدا نامايەن بولماقتا ئىدى: تۈركىستان ئارمىيىسى ... ياشلىق ئۆمرۈمدە ھېچقاچان تىلغا ئالالماي كەلگەن بۇ ئىككى ئېغىز سۆز، ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ يېرىلىپ كەتكەن لەۋلىرىمدىن گويا ئەتتىر گۈلدەك پۇرەكلەپ ئېچىلماقتا ئىدى ... دەم ئېلىشقا توختىغان يەرلەردە ئاچلىق، ھارغىنلىق ئىچىدە ياتقان باشقا تۈركىستانلىقلارمۇ ئورۇنلىرىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ يۈك ماشىنىمىزغا ئاتلاپ چىقماقتا ئىدى. ...

ئېسىمدە قېلىشىچە، كۈن پارلىغان ئافرىل سەھەرلىرىدىن بىرى ئىدى. بىزنى ئېلىپ ماڭغان كامىيونلار (قارا ماشىنا، يۈك ماشىنىلىرى — ئۇ. ت) ۋارشاۋانىڭ ئوتتۇز كىلومېتىردەك شەرقىي جەنۇبىدىكى لېژيونوۋو بازىرىغا يېتىپ كەلدى. بىز ۋە كەينىمىزدىن يېتىپ كەلگەن قارا ماشىنىدىكى ئەسىرلەر قاتار كەتكەن ئاكاتسىيە دەرەخلىرى ئىچىدىن كېسىپ ئۆتكەن توپىلىق يولغا چۈشۈپ يېيىلدۇق. ئوتتۇردا ئىككى قەۋەتلىك قوماندانلىق شتاپ بىناسى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا تاختايدىن قۇرۇلغان ياتاق ئۆيلەر بار ئىدى. بۇ يەر، ئۆز ۋاقتىدا پولشا ئارمىيىسىگە تەۋە قارارگاھلاردىن بىرسى ئىكەندۇق. مانا ئەمدى بۇ يەر

تۈركىستان لېژيونىنىڭ قارارگاھى ئىدى. ... بۇ بىر بۆرۆلۈش نوقتىسى ئىدى. بۇ يەردە مېنىڭ ئۆچۈن ھاياتىمدىكى يېڭى بىر يول باشلانغان ئىدى. بۇ يولدا مېنى نېمىلەرنىڭ كۈتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتىم. ... شۇنىڭغا قارىماي بۇ يەردە بولالىغىنىم ئۈچۈن بەكلا رازى ئىدىم. ھېچ بولمىغاندا بۇندىن كېيىن يالغۇز بېشىمغا يول ئاختۇرۇپ يۈرۈشتىن قۇتۇلغان ئىدىم. ... ئەندى مەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئىدىم. بۇندىن كېيىن مېنىڭ ھاياتىم ھەققى مەنىگە ئېرىشەلەيتتى. ...

بىز ھەممىمىز كىيىملىرىمىزنى سېلىپ پاكىز يۇيۇندۇق، كونا سوۋېت ھەربى كىيىملىرىمىزنى ئوتقا تاشلاپ، ئۈچىمىزغا يېڭى نېمىس ھەربى كىيىملىرىنى كىيىشتۇق. ... ھەممىمىز كېلىپ سەپ بولۇپ تىزىلدۇق. ياش بىر قازاق ساپ روس تىلى بىلەن بۇندىن كېيىن ئەسىرلىكتىن قۇتۇلغانلىقىمىزنى، تۈركىستان لېژيونېر سېپىدا ئىكەنلىكىمىزنى، بۇندىن كېيىن تۈركىستانىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن جەڭ قىلىدىغانلىقىمىزنى ئېلان قىلدى. ...

مەن ئۆزەمنى يەنىلا بىر ئەسىر دەپ ھېس قىلاتتىم.
ئۇمان ئەسىرلەر لاگېرىنىڭ سىرتىدا ئىدىم، قورسىقىمۇ توق، شۇنىڭغا قارىماي يەنىلا بىر ئەسىر ئىدىم.
پەقەت قەلبىملا ھۆر ئىدى.
ھۆر روھىمنى شات قىلىشنىڭ يولىنى ئاختۇرۇپ تېپىشتىن باشقا مېنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق بىر ئىشنىڭ قىممىتى يوق ئىدى.

چېڭگىز تاغچىنىڭ يوقۇردا نەقىل قىلىنغان ئەسلىمىلىرىدە ئېيتىلغىنىدەك، ئون مىڭلىغان ئۇرۇش ئەسىرلىرىنىڭ ئۈمىت نۇرى ھېساپلىنىدىغان تۈركىستان لېژيونى 1942-يىلى يانۋار ئېيىدا قۇرۇلدۇ. بۇ قوشۇن ئاساسلىقى ئۆزبەك، تۈركمەن، قازاق، قىرغىز، قاراقالپاق ۋە تاجىك قاتارلىق قەۋملەرگە مەنسۇپ ئۇرۇش ئەسىرلىرىدىن تەشكىل تاپقان ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە ئۆز مىللىتىگە تەۋە مىللى لېژيون تەشكىل قىلىنمىغان قىرىم ۋە ئىدىل-ئۇراللىق ئۇرۇش ئەسىرلىرىمۇ تۈركىستان لېژيونىغا ئىئۆرتىلمەكتە ئىدى. بۇ قىسىملار، يەنى يوقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان بۇ مىللى لېژيون دەسلىۋىدە گېنېرال ئوسكار فون نىيېدېرمايېر قوماندانلىقى ئاستىدىكى 162-دىۋىزىيىنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلماقتا ئىدى.

نىيېدېرمايېر، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىللىرىدە تۈركىيە بىلەن ئىرانىدا تۇرغان، ئاندىن ئافغانىستانغا ئىۋەرتىلگەن نېمىس ھەيئىتىنىڭ ھەربى مەسئۇللىقىنى ئۈستىگە ئالغان بىرىسى ئىدى. نىيېدېرمايېر، شۇ ۋاقىتلاردا ئەنگىلىيىلىكلەرگە ئەسىر چۈشۈپ

ھەزەر دېڭىزىدىكى نارگىن ئارىلىغا قامالغان، بولشېۋىكلار ئىنقىلاۋى دەۋرىدە ئۇ يەردىن قويۇۋېتىلىپ يۇرتىغا قايتۇرۇلغان تەجرىبىلىك بىر ئەسكەر ئىدى. ئۇ، شەرق ئەللىرىدە ئىشلىگەن خىزمەتلىرى سەۋەبىدىن كايزېر (پادىشاھ ــ ئۇ. ت) ۋېلخېلم تەرىپىدىن قەھرىمانلىق ئوردېنى بىلەن تارتۇقلانغان، تۈركى قەۋملىرىنى بىۋاستە تونۇيدىغان بىرسى ئىدى.

ھەرقايسى لاگېرلاردىكى ئۇرۇش ئەسىرلىرىگە، ئەگەر خالىساڭلار تۈركىستان لېژيونىغا قاتنىشىڭلار دەپ تەرغىپ قىلىنغاچقا، پىدائى بولىدىغانلار بۇ يەرگە يوللانماقتا ئىدى. لېژيونېرلاردىن ئابدىراخمان كاسانلى (ئابدىراخمان كاسانلى، 1942 ـ يىلى نېمىسلارغا ئەسىر چۈشكەن. كېيىن تۈركىستان لېژيونىغا قاتنىشىپ پولشا، يوگسلاۋىيە، ۋېنگىرىيە ۋە ئاۋۇستىرىيە قاتارلىق ئەللەردە ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ. ئۇرۇش ئاخىرلىشىۋاتقان كۈنلەردە ئىتالىيىدە ئەنگلىيىلىكلەرگە ئەسىر چۈشىدۇ. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بىر مۇددەت گېرمانىيىدە تۇرۇپ قالىدۇ. 1949 ـ يىلى تۈركىيىگە كېلىۋېلىپ نازىللىغا ئورۇنلىشىدۇ. 1975 ـ يىلى نازىللى كىۋەزچىلىك تەتقىقات ئورگىنىدا پېنسىيىگە چىقىدۇ. بۇ كىتاپ يېزىلىۋاتقان ۋاقىتلاردىمۇ يەنىلا شۇ نازىللىدا تۇراتتى. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) ئەسلىمىسىدە لېژيونېرلىككە قوشۇلۇش جەريانى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

بىزدىن 120 مىڭ ئەسكەر ئەسىرگە چۈشكەن ئىدى. بىزنى بىر يەرگە يىغدى. سەككىز سوتكا تىزىلىپ يول يۈردۇق. ئىچىدىغانغا سۇ، يەيدىغانغا نان يوق، يامغۇر تىنماي قۇيۇلىۋاتقان، يامغۇر ئاستىدا يېتىپ، يامغۇردا يول يۈرەتتۇق. ئۇكرائىنا دېگەن بەكلا كەڭرى، پايانسىز كەتكەن بىر يەر ئىكەن. يول بويىدا مال ـ چارۋىلارنىڭ تىزىكى بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەن كۆلچەكلەر ئۇچراپ قالاتتى. بىز ئۇسسىغاندا شۇ سۇلاردىن ئىچەتتۇق. ... ئاخىرى تىكەنلىك سىم تورلىرى بىلەن قورشالغان چوڭ بىر لاگېرغا يېتىپ كەلدۇق. ئۇ يەردە ھەممە مىللەت ئادەملىرى بار ئىدى. ... لاگېردا ئارىمىزدىن يەھۇدىلارنى ئاختۇرۇشتى. ... بىزنىڭ باللارنىڭ كۆپ قىسمىنى يەھۇدىي ئىكەنسەن دەپ ئۆلتۈرىۋېتىشتى. ئىچىمىزدە روسىيىدە ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقىغان ئۆزبەك باللارمۇ بار ئىدى. ئۇلار بېرىپ كوماندىرلارغا بىزنىڭ يەھۇدىي ئەمەسلىكىمىزنى ئېيتتى. شۇنداق قىلىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدۇق. ... لاگېرلارنىڭ ئەھۋالى بەكلا ناچار ئىدى. ئاچ ـ يالىڭاچلىقتا بىر ـ بىرلەپ ئۆلۈپ تۈگىمەكتە ئىدۇق. 1920 ـ يىللاردا گېرمانىيىگە ئوقۇش ئۈچۈن كەلگەن ئۆزبەكلەر بار ئىكەن. شۇلاردىن بىرسى بولغان ۋەلى قېيۇمخان دەيدىغان بىرسى كېلىپ: ”مەن سىلەرنى بۇ لاگېردىن قۇتقازغىلى كەلدىم، قايسىڭلار بۇ ئەسىرلەر لاگېرىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشنى خالايسىلەر؟“ دەپ سورىدى. بىز ئۇنىڭغا، ھەممىمىز

خالايمىز دەپ جاۋاپ بەردۇق. ئەندى بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئىككىلا يول قالغان ئىدى: يا ئۆلۈپ تۈگىشىش، يا بولمىسا قۇتۇلۇش. ھەممىمىز جىنىمىزنى ساقلاپ قېلىش يولىنى تاللاشتۇق ئەلۋەتتە. ... ئۇلار بىزنى باشقا بىر لاگىرغا ئېلىپ باردى. بىز ئۇ يەردە ئۈچ ئايدەك ۋاقىت تۇرۇپ قالدۇق. نېمىس ئارمىيىسى تەۋەسىدە تۈركىستان قىسمى قۇرۇلغانىكەن. يېڭىمىزغا "ئاللا بىز بىلەن" دېگەن بەلگە تاقاشتى.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، تۈركىستانلىق ئەسىرگە چۈشكەن ئەسكەرلەرگە نىسبەتەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىن-بىر يولى تۈركىستان لېگىيونىغا پىدائى بولۇپ قېتىلىش ئىدى. ئەسىر ھەيئەتلىرى لاگىرلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئەسىرلەر بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئىختىيار قىلغان پىدائىلارنى تاللاشقا كىرىشكەن ئىدى. ئەمما مىليونلىغان ئەسىر يىغىلغان بىر مۇھىتتا ئەسىرلەر بىلەن بىردىن-بىردىن كۆرۈشۈپ پىدائىلارنى تاللاپ چىقىش ئاسان ئەمەس ئىدى. شۇندىن كېيىن گېرمانىيە ھەربى قوماندانلىقىنىڭ ئەسىر ھەربىلەرنى ئالدىنقى سەپلەردە ئۇرۇشقا سېلىش ئىشىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ پىدائى بولۇشنىڭ شەرتلەر پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرىلدۇ. كېيىۋدىكى بىر ئەسىرلەر لاگىرىدا تۇرغان تۈركىستان لېژىيونېرى بولغان ئالىم راباتلىقنىڭ ئەسلىمىلىرى مەجبۇرى ئەسكەرلىككە ئېلىشنىڭ تىپىك ئۆلگىسىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە (تۈركىستان لېژىيونېرى بولغان راباتلىق، روسىيە، رومىنيە ۋە نورمانديە ئالدىنقى سەپلىرىدە ئۇرۇشقا قاتناشقان. 1949-يىلى تۈركىيىگە كېلىپ ئايدىنغا ئولتۇراقلاشقان. — ئا.ھ. ئىزاھاتى):

كېيىۋدىكى بىر ئەسىرلەر لاگىرىدا تۇرىۋاتقىنىمدا ئۇ يەردە 20 مىڭدەك ئەسىر بار ئىدى. ... كۈندە 20-30 كىشى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ تۇراتتى. پىتمۇ بەكلا كۆپ ئىدى. خۇدا ساقلىدى، بىزمۇ ئامان قالدۇق. ...

1942-يىلى 25-فېۋرال كۈنىسى بىر نېمىس ئوفىتسېرى بىلەن بىر پۈخرا تەرجىمان كەلدى. "قايسىڭلار مۇھەممەدى، مۇسۇلمان بولساڭلار قولۇڭلارنى كۆرۈرۈڭلار" دېدى. قورققانلار قولىنى كۆتەرمىدى. مېنىڭدەك قورمايدىغانلار قولىنى كۆتەردى. ... بۇ لاگىردىكى 20-25 مىڭدەك ئەسىر ئارىسىدىن ئۈچ مىڭدەك مۇسۇلمان ئايرىلىپ چىقتۇق. بىزنى تۆمۈريول ئىستانسىغا ئاپىرىپ قىزىل رەڭلىك بىر پويىزغا ئولتارغۇزۇپ 400 كىلومېتىر يىراقتىكى راۋلى دەيدىغان بىر شەھەرگە ئېلىپ كېلىشتى. ئۇ يەردە كونا بىر ئۇرۇس قارارگاھىنى تەييارلاشقانىكەن. روسىيە ھەربى كىيىملىرىمىزنى سېلىپ تاشلىدۇق. مونچىغا چۈشۈپ يۇيۇندۇق، نېمىس ھەربى فورمىلىرىنى،

ئۆتۈكلىرىنى كىيىشتۇق. شۇنداق قىلىپ لاگىردىن نېمىس ئەسكىرىگە ئايلىنىپ چىقتۇق. ... بىزنى تۈركىستان پىدائىلىرى دەپ ئاتاشتى. ئۇلۇغ يېڭىمىزغا يۇمۇلاق قىلىپ تىكىلگەن "ئاللا بىز بىلەن" دېگەن يەلىڭ بەلگىسىنى تاقىدۇق. شۇ يەردە ھەربى تەلىم-تەربىيە كۆردۇق. ئاندىن كېيىن بىزنى روسىيىنىڭ بىر شەھىرىگە ئاپىرىپ تاشلاشتى. ... شۇنداق قىلىپ ئۇ يەردە جەڭگە كىرىپ كەتتۇق.

تۈركىستان لېژيونى دەسلىۋىدە ھەر بىرسىدە تۆتتىن ۋوزىۋوت بولغان بەش روتىدىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى. بۇ يەرگە كەلتۈرۈلگەن ئەسىرلەر ئىككى ھەپتىگىچە تويغىچە تاماق يەپ ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن تەلىم تەربىيە باشلىناتتى. بۇنداق ھەربى تەلىم تەربىيە مۇددىتى ئادەتتە ئىككى ئايدەك داۋام قىلاتتى. تەلىم تەربىيىسىنى پۈتتۈرگەن ئەسكەرلەر ئايرىم-ئايرىم گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ گېرمانىيە ئالدىنقى سەپلىرىدىكى ھەر قايسى قوماندانلىق شتاپلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلەتتى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئورنىغا يەنە يېڭىدىن تاللانغان ئەسىرلەر ھەربى تەلىم تەربىيىگە كەلتۈرۈلەتتى. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا تەلىم-تەربىيە كۆرگەن ئەسكەرلەر كۆپىنچە ھاللاردا تۆمۈر يوللارنى ياكى قۇرال ئىسكىلاتلىرىنى قوغداشقا ئوخشاش ئامانلىقنى ساقلاشقا دائىر ئىشلىرىغا قويۇلاتتى. 1942-يىلىنىڭ ياز ئايلىرىغا كەلگەندە ئۇكرائىنا بىلەن پولشادەك ئىشغال قىلىنغان جايلاردا پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرى كۆپىيىپ كېتىپ ئامانلىق ساقلاش كۈچلىرى يېتىشمەي قالغاچقا، تۈركىستان لېژيونېرلىرىنى بۇ جايلارغا يۆتكەپ كېلىپ ئىشلىتىلىشكە باشلايدۇ. تۇنجى قېتىملىق بىۋاستە جەڭگە سېلىنغان تۈركىستان لېژيونىنىڭ بىرىنچى باتالىيونى 1942-يىلى 3-ماي كۈنىسى قىزىل پارتىزانلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن پولشانىڭ بريانسك ئورمانلىقلىرىغا ئەۋەرتىلگەن ئىدى. تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىغانلىقى ئۈچۈن، شۇ يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ تۈركىستان لېژيونلىرى پۈتۈن ئۇرۇش سەپلىرىگە ئەۋەرتىلگەن.

## مىللى تۈركىستان ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تۈركىستان لېژيونىنىڭ تەرەققىياتى

ۋەلى قېيۇمخان، ئۇزۇنغا سوزۇلغان تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسىدە، ئاخىرى تۈركىستان نامىدا پائالىيەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە سىياسى كومىتېتتىن بىرنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن نېمىس دائىرىلىرىنى ماقۇلغا كەلتۈرىدۇ. قېيۇمخان، بۇ كومىتېتنى قۇرۇش جەريانىدا شەرق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى بىلەن مۇنداق ئۈچ ئاساسى

پىرىنسىپ ئۈستىدە كېلىشكەنلىكىنى ئېيتىدۇ: بىرىنچىدىن، تۈركىستانغا قارىتىلغان بارلىق سىياسى پائالىيەتلەر كومىتېتنىڭ تىزگىنىدە بولۇشى كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، قۇرۇلۇۋاتقان تۈركىستان لېگىيونىمۇ كومىتېتنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى، لېگىيونېرلار نېمىس ئەسكەرلىرى بىلەن تەڭ ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك؛ ئاخىرقى بىر ئىش، ئىقتىسادى جەھەتتە كومىتېت بىلەن لېگىيونلارنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرى گېرمانىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەمىنلىنىشى، تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرگىنىدىن كېيىن بۇ قەرزلەر تۆلىنىدىغان بولۇشى كېرەك.

«مىللى تۈركىستان» جورنىلىنىڭ 1942-يىل نويابىر سانىدا مىللىي تۈركىستان ئىتتىپاق كومىتېتى (م ت ب ك، مىللى تۈركىستان بىرلىكى كومىتېتى — ئۇ. ت) قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىنىدۇ. تەشكىلى ئىشلىرىغا بۇ كومىتېت مەسئۇل بولىدىغان تۈركىستان لېگىيونىمۇ «تۈركىستان مىللى كۈرەش ئىتتىپاقى» دەپ ئاتىلىدۇ. ۋەلى قېيۇمخان، ھىملېرگە يازغان بىر پارچە خېتىدە بۇ كومىتېتنىڭ رەسمى قۇرۇلۇش كۈنىنى 1942-يىلى 14-نويابىر دەپ كۆرسەتكەن. 21 كىشىلىك بۇ كومىتېتتا رەئىستىن باشقا يەنە بىر باش كاتىپ، ھەربىلىك، تەلىم-تەربىيە، بىلىم، ئەدەبىيات، نەشرىيات، ئاخبارات، سەھىيە، دىن قاتارلىق ساھەلەر بويىچە بۆلۈم باشلىقلىرى بىلەن مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق كىشىلەرمۇ بار ئىدى. كومىتېتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىش بىلەن بىرگە، تۆۋەندىكىچە بىر ئۇختۇرۇشمۇ بىرلىكتە ئېلان قىلىنغان ئىدى. بۇ ئۇقتۇرۇش تەپسىلى كۆزدىن كۆچۈرۈلگىنىدە، رەھبەرلىك قىلىش بىلەن لىدېرلىك (يېتەكچى، داھى — ئۇ. ت) ئورنى جەھەتتە ئىنتايىن ئېنىق بەلگىلەر قويۇلغانلىقىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ:

بۇ كومىتېت تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك (بۈگۈنكى ۋە كېلەچەكتىكى) بارلىق سىياسى ئىشلارغا رەھبەرلىك قىلىدۇ ۋە تۈركىستان مىللى كۈرەش ئىتتىپاقىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. تۈركىستان مىللى ئىتتىپاق كومىتېتى، تۈركىستان مىللى ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. كومىتېتنىڭ قۇرۇلۇشى بىردىن-بىر رەھبەر پىرىنسىپىگە ئاساسلانغان بولۇپ، بۇ رەھبەر، كومىتېت رەئىسى ۋە پۈتۈن تۈركىستانلىقلارنىڭ لىدېرى بولغان ۋەلى قېيۇمخاندۇر. تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك (بۈگۈن ۋە كەلگۈسىدىكى) بارلىق ئىشلار ۋەلى قېيۇمخاننىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ.

ئۇختۇرۇشنىڭ ئاخىرىدا بۇ بەلگىلىمىلەر گېرمانىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەستىقلانغانلىقى كۆرسىتىلگەن. كېيىنكى يىللاردا ئېغىر زىددىيەتلەر ۋە تالاش-تارتىشلارغا سەۋەپ بولىدىغان بىردىن-بىر رەھبەر — فيۇرېر پىرىنسىپى، قېيىمخاننىڭ دىيىشىدىن قارىغاندا يالغۇز گېرمانىيىدىكى پائالىيەتلەر بىلەنلا

چەكلىنىپ قالمايتتى. «مىللى تۈركىستان» مەجمۇئەسىدىكى سوئال ـ جاۋاپ شەكلىدىكى بىر ماقالىدا بىر لېژيونېرنىڭ "كېلەچەكتە تۈركىستاننىڭ تۈزۈمى قانداق بولىدۇ؟" دېگەن سوئالىغا "تۈركىستانمۇ بىردىن ـ بىر رەھبەر پىرىنسىپى بويىچە باشقۇرۇلىدۇ. بەلكىم رەھبەرنىڭ ئەتراپىدا مەسلىھەتچىلەر بولىشى مۇمكىن" دېگەن جاۋاپ بېرىلگەن بولۇپ، بىردىن ـ بىر رەھبەر پىرىنسىپىغا قارشى چىققانلارغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ دەپ بايان قىلىنغان.

بۇ كومىتېت بىلەن بىرگە يەنە تۈركىستان مىللى ئىئانە توپلاش ساندۇقىمۇ قۇرۇلغان. تۈركىستان لېژيونىغا قاتناشقان ھەر بىر ئەسكەرنىڭ ئايلىق مائاشىدىن 1 مارك، تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىسسېرلەردىن 2 مارك، يۇقۇرى دەرىجىلىك ئوفىسسېرلاردىن بولسا 5 ـ 15 مارك (رېيچسمارك ــ ئا. ھ. ئىزاھاتى) ئەتراپىدا ياردەم پۇلى بۇ ساندۇق ئۈچۈن تۇتۇپ قېلىناتتى. كومىتېت قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىنغان «مىللى تۈركىستان» نۇسخىسىدا لېژيون قۇماندانى مىلك بېشى (مايور، شىياۋشاۋ ــ ئۇ.ت) ئېرنېكنىڭ بۇ ساندۇقنى قوللاپ قۇۋەتلەپ يازغان بىر پارچە ماقالىسمۇ ئېلان قىلىنغان ئىدى. ھەر ئايدا بۇ ئۇسۇل بىلەن يىغىلغان پۇل م ت ب ك نىڭ پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. شۇنداق قىلىپ، گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاستە ياردىمى بولماي تۇرۇپمۇ كومىتېتنىڭ مەۋجۇتلۇقى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدىغان بولغان.

1942 ـ يىلى دېكابىر ئېيىدا، ۋەلى قېيۇمخان 4 ھەپتىلىك تۈركىيە زىيارىتىغا ئاتلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ زىيارىتى گېرمانىيىنىڭ تۈركىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى فون پاپېننىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. پاپېن، باش ئەلچى شۇلېنبۇرگقا قېيۇمخاننىڭ تۈركىيىگە كېلىپ تۈركىيە رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ لېژيون توغرىلىق ئۇلارغا مەلۇمات بېرىشىنىڭ پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئېھتىمال، تۈركىيە سىياسى ساھەسىگە گېرمانىيىنىڭ شەرق ئىشلار سىياسەتلىرىدە تۈركى قەۋمدىكىلەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاشنىڭ ئەمىلى پاكىتى قاتارىدا كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلغان بولىشى مۇمكىن. نېمىسلار بۇ ۋاقىتلاردا تۈركىيە يولىغا قويۇپ كېلىۋاتقان بىتەرەپلىك سىياسىتىنى ئۆزلىرىنىڭ پايدىسىغا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن پۈتۈن چارىلارنى ئىشقا سېلىشقا كىرىشكەن ئىدى. تۈركىيە تەۋەسىدە پايدىلىق ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن ۋەلى قېيۇمخاننىڭ قولىغا لېيبراندتنىڭ ئىمزاسى بار تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىر پارچە ماتېرىيالنىمۇ تۇتقازغان ئىدى. قېيۇمخان، بۇ زىيارەت جەريانىدا تۈركىيە باش قۇماندانلىق شتابى ۋە خەۋپسىزلىك ئورگىنى مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ يېقىن دوستلىرىدىن كونا ت م ب چىلار بىلەنمۇ بىرگە سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. ۋەلى قېيۇمخان تۈركىيىدىن قايتاشىدا گېرمانىيە رەھبەرلىكى تەرىپىدىن دېپلومات دېگەن سالاھىيەت

بېرىلىپ، مۇددەتسىز دىپلومات پاسپورتى بېرىلىدۇ (ۋەلى قېيۇمخان، 1991 ـ يىلىقى شەخسى كۆرۈشۈشتە، ئادلون يىغىنىغا تەييارلىق قىلىش ۋاقتلىرىدىلا ۋەلى قېيۇمخانغا دىپلومات پاسپورتى بېرىلگەنلىكىنى، ھەر تۈرلۈك ئۈچرۈشۈشلارنىڭ ھەممىسىلا دىپلوماتىيە دەرىجىسىدە بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. تۈركىيە زىيارىتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ مەيلى پاسپورتى بولسۇن، مەيلى دىپلومات ئورنى بولسۇن مۇددەتسىز قىلىپ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

# تۈركىستان لېژيونى ئالدىنقى سەپلەردە

مىللى تۈركىستان ئىتتىپاق كومىتېتى (م ت ب ك) قۇرۇلىشى بىلەن بىرگە، تۈركىستان لېژيونىمۇ بۇ كومىتېتىنىڭ ھەربى تارمىقى ھالىغا كېلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، لېژيوندا يولغا قويۇلغان ئۇسۇللار بىلەن ئىشلىتىلگەن بەلگىلەر بۇ قاراشنى گەۋدىلەندۈرگىدەك ھالغا كەلتۈرۈپ قايتا تۈزۈلۈپ چىقىلىدۇ. لىژيون قۇماندانلىقىغا مەسئۇل مىگىبېشى خوپتمان ئېرنېك، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا تەيىنلەنگەن مىگىبېشى ئوبېرست مولليرمۇ مىللى كومىتېتىنىڭ پائالىيەتلىرىگە كۈچلۈك ياردەمچى بولۇپ، م ت ب ك نىڭ لېژيونلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى كۈچەيتىش مەقسەت قىلىنغان تەدبىرلەرنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە ئىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.

لېژيونلارغا ئۆەرتىلىدىغان ئەسكەرلەرنى تاللاش ئىشى م ت ب ك غا باغلىق بولۇپ، پۈتۈنلەي تۈركىستانلىقلاردىن تەشكىل تاپقان بىر مۇنچە ئۇمەكلەر تەرىپىدىن تاللىنىشقا باشلىنىدۇ. ھەربى تەلىم ـ تەربىيەسىنى پۈتتۈرگەن ئۇرۇش ئەسىرلىرى، ئۆز مىللى بايراقلىرى ئاستىدا، قۇرئان ئالدىدا، قېلىچلىرىنى كىرىشتۈرگەن ھالدا ئىككىدىن قاتار بولۇپ قەسەم قىلىشاتتى؛ شۇنداق قىلىپ رەسمى جەڭچى بولغان ھېساپلىناتتى. كومىتېت تەرىپىدىن لېژيون ئۈچۈن لايىھەلەنگەن بايراق مۇستاپا چوقاي ئوغلى تەرىپىدىن ئوتتۇرغا قويۇلۇپ، ت م ب نىڭ 1939 ـ يىلىقى قۇرۇلتىيىدا تەستىقلانغان بايراقنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. يەنى يېرىمى قىزىل، يېرىمى ھاۋارەڭ بولۇپ، ئوتتۇرسىدا ئاي ـ يۇلتۇزى بار ئىدى. ئەمما گروزىيىلىكلەر بىلەن ئەرمەن مىللى كومىتېتلىرى ئاي ـ يۇلتۇزنى پان تۈركىسىزم سىمووۇلى دەپ نارازىلىق بىلدۈرۈپ تۇرىۋېلىشىدۇ. بۇ تۈردىكى نارازىلىقلارنى نېمىس دائىرىلىرىمۇ قوللاپ بەرگەنلىكى سەۋەپلىك ئاي ـ يۇلتۇز ئورنىغا ياي بىلەن ئوق رەسمى ئالماشتۇرۇلىدۇ.

(رەسىم ئورنى)

تۈركىستان لېژيون جەڭچىلىرى ئىشلەتكەن يەڭ بەلگىسى، ھەربى بايراق ۋە گىرىپلەر

ئۆزبەك ۋە تۈركمەن ئەسكەرلىرىنىڭ "ئاللا بىز بىلەن" دېگەن سۆزلەر يېزىلغان يەڭلىك

قازاق ۋە قىرغىز ئەسكەرلىرىنىڭ "تەڭرى بىز مېنىبىن" دېگەن سۆزلەر يېزىلغان يەڭلىك

قولغا تاقىلىدىغان تۈركىستان لېژيون گىربى

تۈركىستان لېژيون ھەربى بايرىقى

تۈركىستانلىق داڭلىق شائىر ئابدۇلخەمىت سۇلايمان چولپاننىڭ "گۈزەل پەرغانە" دېگەن شېئرى "گۈزەل تۈركىستان" دەپ ئۆزگەرتىلىپ مىللى مارش قىلىپ قوبۇل قىلىنغان (بۇ شېئرنىڭ مىللى مارش قىلىپ ئىشلىتىلگەن نۇسخىسى تۆۋەندىكىچە ئىدى:

گۈزەل تۈركىستان سەنگە نە بولدى،
سەبەپ ۋاقىتسىز گۈللەرىڭ سولدى،
ئاھ گۈللەرىڭ سولدى.

چىمەنلەر بەرباد، قۇشلار ھەم پەريات،
ھەممەسى ماخزۇن بولمەسمىدىر شاد،
ئاھ بولمەسمىدىر شاد.

بىلمەم نە ئۈچۈن قۇشلار ئۇچماز باغچەلەرىڭدە،
ئاھ باغچەلەرىڭدە.

بىرلىگىمىزنىڭ تەپرەنمەز تاغى،
ئۈمىدلەرىمىزنىڭ سۆنمەز چىراغى،
ئاھ تۈركىستان باغى.

قوزغال خەلقىم يېتەر شۇنچە جەۋرى جەپالار،
ئاھ جەۋرى جەپالار.

ئاھ بايراغىڭنى قەلبىم ئويغانسىن،

قۇللىغ، ئەسارەت بارچەسى يانسىن.

قۇر يەڭى دەۋلەت، ياۋلار ئۆتانسىن،
ئۆسىپ تۈركىستان قەدرىڭ كۆتەرسىن،
ئاھ قەدرىڭ كۆتەرسىن.

يايراپ ياشناپ ئۆز ۋەتەنىنىڭ گۈل باغلارىندە،
ئاھ گۈل باغلارىندە.

ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

تۈركىستانلىق جەڭچىلەرنىڭ ھەربى فورملىرىغا مەخسۇس بەلگىلەرمۇ قادالغان ئىدى. سول يېڭى ئۈستىدە بىر مەسچىت رەسمى ئەتراپىنى "ئاللا بىز بىلەن" دېگەن سۆزلەر چۆرىدەپ يېزىلغان. قازاق ۋە قىرغىز ئەسكەرلەرنىڭ ھەربى كىيىملىرىدە بولسا "تەڭرى بىز مېنېن" دەپ يېزىلغان ئىدى. ياقىسىدىكى رەڭلىك سىزىق ئۈستىدىكى ئاي-يۇلتۇز، بۇ ئەسكەرنىڭ تۈركىستان لېگيونىغا تەۋە جەڭچى ئىكەنلىكىنى كۆرستەتتى.

«ئۇلۇغ گېرمانىيە رادىئوسى» (گروس دېۇتش رۇندفۇنك ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) تەۋەسىدىمۇ مىللى لېژيونلار ئۈچۈن مەخسۇس بۆلۈملەر قۇرۇلغان ئىدى. بۇ بۆلۈملەردىن بىرسى تۈركىستانغا تەۋە بولۇپ، تۈركىستانلىق لېژيونېرلەرگە قارىتىپ ئاڭلىتىش بېرەتتى. رادىيو ئاڭلىتىش تۈركىستان مارشى چېلىنىپ باشلىناتتى، ئاندىن ھەربىلەرگە مۇناسىۋەتلىك، دىنغا مۇناسىۋەتلىك ۋە مەدەنىيەتكە مۇناسىۋەتلىك تېمىلار بويىچە سۆھبەتلەر ئۇيۇشتۇرىلاتتى. شۇنىڭدەك يەنە ناخشا-مۇزىكىلار بېرىلەتتى، خەۋەرلەر بېرىلەتتى. ئەڭ چوڭ لېژيون قىسمى تۈركىستان لېژيونى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەڭ ئۇزۇن ئاڭلىتىشمۇ بۇ بۆلۈمنىڭ ئىشى ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، گېرمانىيىنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارىتىلغان خەلقارالىق سەۋىيىدە تەشۋىقات پروگراممىلىرىمۇ بار بولۇپ، تۈركىستان كومىتېتىنىڭ بەزى ئەزالىرى بۇ بۆلۈمدە ۋەزىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. بۇ ئاڭلىتىشلارنىڭ مەزمونلىرىنى گوبېبېلسنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى تەشۋىقات تەشكىلاتى بەلگىلەپ بېرەتتى.

(رەسىم ئورنى)
تۈركىستان لېژيون قىسملىرىدىن بىرىگە بايراق تاپشۇرۇش مۇراسىمىدىن بىر كۆرۈنۈش. 1943

(رەسىم ئورنى)
تۈركىستانلىق لىدىرلار ھەربى پاراتتا

لىدىرلىرىمىزنىڭ تەلىم-تەربىيە جەريانىدا ئەسكەرلەرگە نېمىس تىلى ئۆگىتىشمۇ چىڭ تۇتۇلغان ئىدى. نېمىس خەلقىنى تېخىمۇ تولۇق تونۇش، شۇ ئارقىلىق غەيرەتلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ ئەسكەرلەرنى گۇرۇپپىلار بويىچە پات-پات بېرلىن قاتارلىق مەركەزى چوڭ شەھەرلەرگە ئاپىرىپ ساياھەت قىلدۇرۇپ كېلەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن مىللى كومىتېتلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى پۈتۈنلەي مىللى لىدىرلار دائىرىسىدە چەكلەپ تۇتۇشقىمۇ ئالاھىدە تىرىشلغان بولۇپ، گېرمانىيە جامائەتچىلىكىگە قارىتا خەۋەر بېرىش ئىشلىرىغا قەتئى يول قويۇلمايتتى. شۇنىڭغا قارىماي لىدىرلەرگە قارىتىلغان سىياسى تەشۋىقات پائالىيەتلىرىگە كۈچلۈك ياردەم قىلىناتتى. شۇڭا، مىللى تۈركىستان كومىتېتى لىدىيون قىسىملىرى ئىچىدە ياكى قىسىمدىن ئايرىلىپ ئالدىنقى سەپكە كەتكەن مۇستەقىل مىللى قىسىملار ئارىسىدا تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ تۈر تەشۋىقاتلاردا مىللى مۇستەقىللىققا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئاساسى تېما قىلىناتتى. يەنى تولۇق مۇستەقىللىققا ئېرىشىش ئىشى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئۆرۈشتا يېڭىلىشى، بولشېۋىكچىلىك بىلەن ئۇرۇس شوۋىنىزمىنىڭ گۇمران قىلىنىشى ئارقىلىقلا قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدىغان بىر ئىش دەيدىغان كۆزقاراش ئالاھىدە تەكىتلىنىپ تەشۋىق قىلىناتتى. جەڭچىلەرگە سىڭدۈرۈلىدىغان يەنە بىر ئاساسى ئىدىيە، تۈركىستاننىڭ بۆلۈنمەس پۈتۈنلۈك قارىشى بولۇپ، ھەرقانداق بىر شارائىت ئاستىدا قەۋمچىلىك تەرەپپازلىقىغا قەتئى يول قويماسلىق ھەققىدە كۈچلۈك تەشۋىقات قانات يايدۇرۇلغان ئىدى. ئاڭلىتىشلاردىمۇ بولشېۋىكچىلىك بىلەن ئۇرۇس شوۋىنىزمىغا قارشى كۈرەش قىلىش ھەرىكىتى كۈچلۈك تەشۋىق قىلىنىپ، نېمىسلار بىلەن بىرگە قاتنىشۋاتقان بۇ ئۇرۇشنىڭ ئەسلى غايىسىنىڭمۇ تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن دەيدىغان قاراش گەۋدىلىك تەشۋىق قىلىنماقتا ئىدى:

تۈركىستانلىق يىگىتلىرىمىزنىڭ مىللى ھېسسىيات كۈچى نېمىس دوستلىرىمىزنىمۇ ھەيران قالدۇرماقتا. بىز تۈركىستان جەڭچىلىرى ئۆزىمىزنىڭ مىللى ھەرىكىتى ئارقىلىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنى توپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن قۇراللاندۇق. نېمىس ئاكىلىرىمىز بىلەن بىرگە سوۋېتكە قارشى جەڭ قىلىمىز، تۈركىستاندا مىللى مۇستەقىللىق بايرىقىمىزنى قاداش غايىسى ئۈچۈن جەڭگە ئاتلاندۇق.

تۈركىستاندىن مىڭلارچە كىلومېتر يىراقتىكى گېرمانىيە ئۇرۇش سەپلىرىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ ئۇرۇشنىڭ مەقسىتىنى مەنتىقلىق بىر ئاساسقا ئورنىتىش شەرت ئىدى. جەڭچىلەر ئارىسىدا "بۇ ئۇرۇشنىڭ تۈركىستان بىلەن نىمە مۇناسىۋىتى بار؟" ياكى "مېنىڭ بۇ يەرلەردە نىمە ئىشىم بار؟" دېگەندەك سوئاللارنىڭ ئىمكان قەدەر ئوتتۇرىغا چىقماسلىقى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، يۇقۇردا دېيىلگەندەك قاراشلارنىڭ ئۇرۇش جەريانى بويىچە بارلىق ئاڭلىتىشلاردا قايتا-قايتا تەكرارلىنىپ كەلگەنلىكى مەلۇم.

مىللى كومىتىت قۇرۇلغاندىن كېيىن تۈركىستان لېژيونىنىڭ دائىرىسى بىلەن، بۇ يەردە تەلىم ئالغاندىن كېيىن ئالدىنقى سەپلەرگە يولغا سېلىنغان قىسىملارنىڭ سانىمۇ زور دەرىجىدە ئارتماقتا ئىدى. 1942-يىلىنىڭ ماي ئېيىدىن ئاۋال كەلتۈرۈلگەن ئەسكەرلەر ئۇششاق ئەترەتلەرنى ئاساس قىلغان، شۇنىڭدەك ئادەتتە ئارقا سەپ ئامانلىق ساقلاش دېگەندەك ئىشلىرىغىلا قويۇپ كېلىنگەن بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە كەلتۈرۈلگەن ئەسكەرلەر چوڭ-چوڭ قىسىم ھالىدا بىۋاستە ئالدىنقى سەپلەرگە ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن يولغا سېلىنغان. بۇ ئەترەتلەرنىڭ ھەر بىرسىدە 130~150 تىن ئەسكەر 4 تىن كىچىك ئەترەتلەرگە ئايرىلىپ ئۇرۇشقا سېلىنغان بولۇپ، ئوفىسسېرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ مەخسۇس خىزمەتلەرگە تەيىنلەنگەنلەر بىلەن بىرلىكتە 750 كىشىلىك قىسىملار ھالىتىدە يولغا سېلىنماقتا ئىدى. ھەر بىر ئەترەتنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ئوفىسسېر شتاتلىرى، ئەسكەر سانىنىڭ 15 پىرسەنت قىسمى نېمىسلاردىن تەشكىل قىلاتتى.

ئۇرۇش جەريانىدا ئالدىنقى سەپلەردە ئۇرۇشقا قاتناشقان تۈركىستان قىسىملىرىنىڭ سانى بىلەن ئۇلارنىڭ قايسى ئۇرۇش سەپلىرىدە جەڭ قىلغانلىقىنى ئېنىق بىلگىلى بولمىدى. فېلد مارېشال مانستېيىننىڭ قۇماندانلىقى ئاستىدىكى جەنوبى يۈلۈنۈش ئارمىيىسگە مۇناسىۋەتلىك ئېلان قىلىنغان بىر بويرۇقتىكى ئارمىيگە مەنسۇپ شەرق لېژيونلار تىزىملىكىگە قارىغىنىمىزدا، مەركىزى شتاپ گۇرۇپپىسىدا 1- ۋە 4-نومۇرلۇق برىۋونىك قىسىملىرىدا، بۇ ئۇرۇش سېپىگە قاراشلىق 6-كورپۇس تەركىۋىدە نۇرغۇن ساندا تۈركىستان قىسىملىرى ۋەزىپە ئۆتىگەنلىكى مەلۇم.

دوكتور بايمىرزا ھېيىتنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىغا ئاساسەن، 1944-يىلىغا كەلگىنىدە گېرمانىيە سېپىگە ئىۋەرتىلگەن تۈركىستانلىق ئەسكەر سانى 180 مىڭ كىشى ئەتراپىدا دەپ مۆلچەرلەش مۇمكىن (181 مىڭ 402 نەپەر). ئۇندىن باشقا يەنە، نېمىس ھەربى كىيىمىدە يۈرىدىغان ئەمما ئىشچى قاتارىدا ئىشلىتىلگەن 85 مىڭ ئەتراپىدا تۈركىستانلىقنىڭمۇ بارلىقى مەلۇم. 180 مىڭ كىشىلىك ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇلغان ئەسكەر ئىچىدە تۈركىستانلىق ئوفىسسېر سانى ئاران 87 نەپەر ئىكەن. بۇلارنىڭ 13 نەپىرى مىللى كومىتىتقا، 51 نەپىرى گېرمانىيە باش

قۇماندانلىقىغا ۋە 23 نەپىرى بولسا ئېس-ئېسچىلار (س س) تەشكىلاتىغا مەنسۇپ كىشىلەر ئىكەن (كاروي: «مۇستەملىكە قىلىنغان زېمىنلار» 346-بەت. ئەمما دوكتور بايمىرزا ھېيتى تۈركىستانلىق ئوفىتسېر سانىنىڭ بۇنىڭدىن خېلى كۆپ ئىكەنلىكىنى ئېيتقان بولسىمۇ، بۇ ھەقتە ئېنىق بىر سانلىق مەلۇمات بېرەلمىدى ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

تۈركىستان لېگيونىغا كەلتۈرۈلۈپ تەلىم-تەربىيە بېرىلگەندىن كېيىن ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلگەن قىسىملار، پۈتكۈل ئۇرۇش جەريانىدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى كۈچلىرىگە قارشى ئىنتايىن قاتتىق جەڭلەرنى قىلغان. ستالىنگراد ئۇرۇشىدا ئۈچ تۈركىستان باتالىيونى ئەڭ ئاخىرقى بىر ئادىمى قالغىچە جەڭ قىلىپ ئاخىرى ھەممىسى قىرىلىپ تۈگىگەنلىكى مەلۇم. لېگيوننىڭ 450-باتالىيونى 1942-يىلىنىڭ ماي ئايلىرىدا ئۇكرائىنانىڭ جامپول رايونىدىكى ئۇرۇشلاردا ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك دۈشمەن قىسىملىرىنى تارمار كەلتۈرۈشتەلىگەن ئىدى. بۇ ئۇرۇشتا، بۇ باتالىيوندا ئارانلا 2 نەپەر نېمىس ئوفىتسېرى بار بولۇپ، جەمئىي ئەسكەر چىقىمىمۇ پەقەت 28 نەپەر بىلەنلا چەكلەنگەنىكەن. خاركوۋ ئەتراپىدىكى يەنە بىر تۈركىستان باتالىيونىمۇ ئۇرۇس قىسىملىرىنىڭ قورشاۋى ئىچىدە قالغىنىدا دۈشمەن سېپىنى يېرىپ قورشاۋدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ تۇرۇۋغلۇق، قورشاۋ يېرىدە قالغان ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان نېمىس قۇماندانىنىڭ جەسىدىنى قايتۇرۇپ چىقىمىز دەپ قايتا دۈشمەن ئارىسىغا بېرىشقا جاسارەت قىلالىغىدەك قەھرىمانلىقىنىڭ تىپىك ئۈلگىسىنى كۆرسەتكەنلىكى مەلۇم. ئالدىنقى سەپ دوكلاتلىرىنى كۆرگەن ھىتلېرمۇ، مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ جەڭ قىلىش ماھارىتىگە قول قويۇشقا مەجبۇر بولغانىكەن.

(رەسىم ئورنى)
ت م ب ك رەئىسى ۋەلى قېيۇمخان تۈركىستان لېگيونىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان تۈركىستانلىق ئوفىتسېرلار بىلەن بىرگە. 1943-يىلى ئۆكتەبىر

نېمىسلار، ئۇرۇش جەريانىدا سوۋېت ئارقا سەپلىرىگە قارىتا بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرى بىلەنمۇ شوغۇللىناتتى. بۇ پائالىيەتلەرنىڭ مەقسىدى، تۈركىستان لېگيونىدىن تاللىنىپ جاسۇسلۇققا قارشى رازۋېتچىك قىلىپ يېتىشتۈرۈلگەن ئىشپىيونلىرىنى دۈشمەن ئارقا سەپلىرىگە پاراشوت ئارقىلىق تاشلاپ پايدىلىنىش ئىدى. بۇ مەقسەتتە، 1941-يىلىنىڭ ماي ئېيىدا، يەنى بارباروسسا ھەرىكىتى باشلانماي تۇرۇپ، «ۋاللى-1» نامىدا مەخسۇس ئاخبارات بۆلۈمى تەشكىل قىلىنغان ئىدى. بۇ بۆلۈمدە يېتىشتۈرۈلگەن مەخسۇس تەربىيىلەنگەن ئىشپىيونلار سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى ئىچكى قىسمىدا تۇرۇپ يىمىرىپ تاشلاش مەقسىتىدە ئارقا سەپلەردە پائالىيەت قىلىشى، بۇزغۇنچىلىق ئىشلىرى بىلەن شوغۇللىنىشى ۋە مىللەتلەر

ئوتتۇرسىدا ئۆچمەنلىك قوزغاش ئۈچۈن كۈشكۈرتكۈچىلىك بىلەن شوغۇللىنىشى پىلانلانغان ئىدى.

1942-يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدا كاپكازىيە رايونى نېمىسلار قولىغا ئۆتىشى نەتىجىسىدە، بۇ يەردىكى ئايرودروملاردىن بۇ مەقسەتلەر ئۈچۈن پايدىلىنىش شارائىتىنى يارىتىلغان ئىدى. شۇڭا قىرىملىق مۇستەجىپ ئۈلكۈسال، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىگە مۇناسىۋەتلىك كۈندىلىك خاتىرلىرىدە، بىرلىندە تونۇشۇپ قالغان بىر تۈركىستانلىقنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىنى تۆۋەندىكىچە نەقىل كەلتۈرىدۇ:

مەن بىر ئۆزبەك. تاشكەنتتىنمەن. ئىسمىم ئوسمانبەگ، 28 ياشقا كىردىم. تۈركىستانىنىڭ داڭلىق كىشلىرىدىن مۇنەۋۋەر قارىنىڭ ئىنىسى رۇستەم قارىنىڭ ئوغلى بولىمەن. بولشېۋىكلار 1933-يىلى ئاتامنى ئۆلتۈرىۋەتتى. قىزىل ئارمىيىدە زاپاس تەغمەن (جۇنۋېي ياكى جوڭۋېيغا تەڭ كەلسە كېرەك؟ ئەڭ تۆۋەن ئوفىسسېر تۈرى. — ئۇ. ت) دەرىجىسى بىلەن ئۇرۇشقا ئىشتىرتىلگەن ئىدىم. بىر ھەپتىدىن كېيىن ۋيازمادا ئاپتوموبىل بىلەن ئىككى نەپەر تۈرك، ئۈچ نەپەر ئۇرۇسنى بىرگە ئېلىپ قېچىپ نېمىسلارغا ئەل بولدۇق. مانا بۈگۈن رەئىسىمىز ۋەلى قېيۇمخاننىڭ لىژيونىدىكى بىر جەڭچىمەن. بۇ كۈنلەردە، مېنى دۈمبەمگە پاراشوت ۋە تېلېگراپ رادىيوسىنى باغلاپ ئايروپىلان بىلەن روسىيە ھاۋا تەۋەسىگە ئاپىرىپ تاشلىماقچى. مەن بۇ تەرەپكە ئۇ يەردىكى ئەھۋاللاردىن مەلۇمات يوللايمەن، پۇرسەت تاپالىسام ئۆزبەكىستانغا بېرىۋېلىپ بۇزغۇنچىلىق تەشۋىقاتى بىلەن شوغۇللىنىشقا تىرىشىمەن.

يەنە شۇ يىللاردا زادى قانچە كىشى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشقا پەقەتلا مۇمكىن بولمىغان، ئەمما 12 دىن ئارتۇق كىشىدىن تەشكىل تاپقانلىقى مۆلچەرلەنگەن بىر ئەترەت، يالغان ھۆججەتلەر بىلەن تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى يەرلىرىگە مەخپى كىرگۈزۈلگەن ئىكەن. بۇ كىشلەر تۈركىستاندىكى يەرئاستى تەشكىلاتلار ئىچىگە كىرىپ، تاشكەنت، ئالمۇتا، دۈشەنبە قاتارلىق شەھەرلەردە پائالىيەت قىلغان. بۇ جاسۇسلار كاپكازىيىدىكى نېمىس مەسئۇل خادىملىرى بىلەن سىمسىز تېلېگراف ئالاقىسى ئورنۇتۇپ، قىلغان ئىشلىرىدىن ئۇلارنى خەۋەردار قىلىپ يېڭى تاپشۇرۇقلارنى ئېلىپ تۇرغان. بېلىرۇسىيىدە تۇرىۋاتقا تۈركىستانلىق گېنېرال مىر قاسىم بۇ گۇرۇپپىنكىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى پاش قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ تۇرىۋاتقان ئەڭ مۇھىم بىرسى ئىدى. ئۇرۇشتا سوۋېت تەرەپنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەنلىكى مۇقىملىشىپ قالغان 1944-يىللىرى، ئارقا سەپتە پائالىيەت قىلىۋاتقان بۇ گۇرۇپپىلار ئوتتۇرلۇقتىن غايىپ بولىشىدۇ. ئەلىخان ئاغائوغلى يىتەكچىلىكىدىكى بىر گۇرۇپ قازاقىستان تەۋەسىگە ئىشتىرتىلگەنلىكى، قىزىل ئارمىيە قىسملىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ

ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىكى بەزى خەۋەرلەر 1960 ـ يىللاردىكى كوممۇنىست مەتبۇئاتلىرىدىمۇ ئېلان قىلىنغان ئىدى.

ۋەلى قېيۇمخان، بۇ ھەقتە ئېنىق بىرەر سان ۋە ئىسىم بېرەلمىگەن بولسىمۇ، تۈركىستاندا پائالىيەت قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ساندا گۇرۇپپىلار يېتىشتۈرۈلگەنلىكىنى، كېيىن بۇ گۇرۇپپىلار كاپكازىيىدىكى مەيدانلاردىن ئۇچقان ئايروپىلانلار بىلەن ئارقا سەپلەرگە پاراشوت بىلەن تاشلانغانلىقىنىڭ راس ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ۋەلى قېيۇمخان يەنە ئۇرۇش ئاخىرلىشىش ۋاقتلىرىغا كەلگىنىدە بۇ گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە تۇرىۋاتقان يەرلىرىڭلاردا ئىزىڭلارنى يوقۇتىۋېتىڭلار دېگەن بويرۇق بېرىلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

ئەنە شۇ تۈردىكى داستان خاراكتېرىدىكى ئۆتۈقلىرىغا قارىماي، نېمىسلار مۇسۇلمان تۈركى گۇرۇپپىلارغا نىسبەتەن ئىزچىل ئىشەنمەي كەلگەن. تۈركىستان لېژيونىدا ياكى ئالدىنقى سەپلەردىكى قىسملاردا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان نېمىس ئەسكەرلىرى تۈركىستانلىق ئوفىسسېرلارنىڭ بويرۇقلىرىنى ئاڭلىمايتتى. ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايتتى ۋە تەڭ دەرىجىلىك ئۇنۋاندىكىلەر ئىچىدىكى تۈركىستانلىقلارغا قارىتا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشمايتتى. تۈركى قىسىملىرىغا تارقىتىلغان قۇراللار ئاساسەن ئالغاندا سوۋېتلەردىن ئولجا ئېلىنغان قۇراللار بولۇپ، گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن قۇراللارغا سېلىشتۇرغاندا سۈپىتى تۆۋەن ئىدى. بۇلاردىنمۇ يامىنى كوممۇنىزمنىڭ ئەسلى مەنبەسى ئاسىيالىقلار دەپ قارايدىغان ناتسىستلار نەزەرىيىسى ھېلىغىچە ئەمەلدىن قالمىغان بولۇپ، ئېس-ئېس گۇرۇپپىلىرى بۇ نەزەرىيە بويىچە ئىش قىلىشاتتى. بۇ تۈردىكى كەمستىلىشلەر، ئۇرۇشنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا شەرق ئۇرۇش سېپىدىكى ئۇرۇسلاردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەسكەرلىرى ئارىسىدا ھەربىلىكتىن قېچىشلارنىڭ ئارتىشىغا سەۋەپ بولغان ئىدى.

بۇ جەرياندا ئۇرۇشنىڭ غالىپلىرى ئورۇن ئالماشتۇرۇپ، بىرقىسىم ئۇرۇش سەپلىرىدە نېمىسلار چېكىنىشكە باشلايدۇ. نېمىس قوماندانلىرى، سوۋېت سەپلىرىگە ئۆتۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ باشقا مىللەتلەردىن تەشكىل تاپقان لېژيونلارنى غەرپ ئۇرۇش سەپلىرىگە يۆتكەپ ئىشلىتىشنىڭ تېخىمۇ بىخەتەر بولىدىغانلىقىنى ئويلاشقا باشلايدۇ. دېگەندەك، 1943 ـ يىلىنىڭ ئەتىياز ئايلىرىدا مىللى لېژيونلارنى فرانسىيە بىلەن ئىتالىيە تەرەپلەرگە يۆتكەش قارارى چىقىرىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق سوۋېت تەشۋىقاتىنىڭ لېژيونلارغا تەسىر كۆرسىتىشىدىن ساقلانماقچى بولغان. ھەربى تەلىم-تەربىيە ئالغان لېژيونلارنىڭ غەرپ ئۇرۇش سېپىگە يۆتكىۋېتىلىشى، بولشېۋىزم بىلەن سوۋېتلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئارزۇسىدا شەرق ئۇرۇش سەپلىرىدە جەڭ قىلىۋاتقان ئەسكەرلەر ئارىسىدا ئىدىيىۋى قالايماقانچىلىقلار ئوتتۇرىغا چىقىشىغا باشلايدۇ. بۇ ئىدىيىۋى قالايماقانچىلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، گېزىت- جورناللاردا بۇ ھەقتە كۈچلۈك تەشۋىقات قانات يايدۇرۇلىدۇ. مىللى تۈركىستان جورنىلىنىڭ 1943 ـ يىلى

فېۋرال ساندا قېيۇمخان يازغان بىر باش ماقالىسىدا ئەسكەرلەرگە قارىتا مۇنداق دەپ خىتاپ قىلىدۇ:

ئۇرۇسلارنىڭ دوستى ھېساپلانغان جاھانگىر دۆلەتلەر بىزنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلماقتا. بىز بۇنى ياخشى بىلىمىز. شۇڭا ئۇلار تۈركىستان دۈشمەنلىرى ھېساپلىنىدۇ. تۈركىستان دۈشمەنلىرىگە قارىتا ئۆچمەنلىكىمىز زەھەردىنمۇ كۈچلۈك، قىلىچتىنمۇ ئۆتكۈر.

بۇ جورنالنىڭ يەنە بىر ساندا، بۇ مەسىلە تېخىمۇ ئاشكارە ئوتتۇرغا قويۇلغان:

بىز نەدە بولساق بولايلى، كىم بىلەن ئۇرۇشساق ئۇرىشايلى، بۇلارنىڭ ھەممىسى تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈندۇر. قەدىرلىك تۈركىستانلىق ئەسكەرلەر، مەيلى فرانسىيەدە، مەيلى ئىتالىيەدە، مەيلى شەرق ئۇرۇش سېپىدا بولغىن، قولۇڭدىكى قۇراللىڭنى مەھكەم تۇت. تۈركىستاننى مۇستەقىل قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئاتلان. نېمىس دۈشمەنلىرى بىزنىڭمۇ دۈشمىنىمىز، تارىخى دۈشمىنىمىزنى يوقۇتايلى!

كېيىنكى يىللاردا، ۋەلى قېيۇمخان تۈركىستان لېژيونى بىلەن بەزى قىسىملارنى غەرپ ئۇرۇش سېپىغا يۆتكەش ئىشى ئۇنىڭ تەلۋىگە ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇرۇش سەپلىرىدە ئەسىرگە چۈشىدىغان تۈركىستانلىقلار ئۇرۇسلارنىڭ قولىغا ئەمەس ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر قولىغا ئەسىرگە چۈشسە تېخىمۇ ياخشىراق بولىدۇ دەپ ئويلىغانلىقىدىن بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. راس دېمىسىمۇ، نېمىس سەپلىرىدە جەڭگە قاتناشقان سوۋېت گراجدانلىرى ئۇرۇسلار تەرىپىدىن قارا فاشىستلار دەپ قارىلىپ، قولغا چۈشكەن يېرىدە دەرھال ئېتىپ تاشلانماقتا ئىدى. ۋەلى قېيۇمخاننىڭ بۇنداق ئىزاھلىرىغا قارىماي، مىللى لېژيونلارنىڭ ئۇرۇش سېپىنى ئالماشتۇرۇشىغا ئوخشاش بۇنداق ستراتېگىيىلىك ۋە يوقۇرى دەرىجىلىك ئورۇندىن كېلىدىغان بىر قارار، ھەر قانداق بىر مىللى كومىتېت رەئىسىنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە ئېلىنغانلىقىغا ئىشىنىش ھەقىقەتەنمۇ تەس. بۇنداق سەپ ئالماشتۇرۇش ئىشىنىڭ گېرمانىيە ئارمىيىسى رەھبەرلىرىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئەندىشىلىرى سەۋەبىدىن ئوتتۇرغا چىققانلىقىغا ئىشىنىش تېخىمۇ مەنتىقىلىقتەك بىلىنمەكتە. بۇنىڭ سەۋەبى نىمە بولىشىدىن قەتئى نەزەر، بۇنداق بىر قارار ئېلىنىشىدىن كېيىن، تۈركىستان قىسىملىرى ھەر ئىككىلا ئۇرۇش سېپىدا جەڭ قىلىشقا باشلايدۇ.

(رەسىم ئورنى)

م ت ب ك رەئىسى ۋەلى قېيۇمخان شەرق لېژيونلىرى باشقۇماندانى گېنېرال ۋ. هېيگېندورف بىلەن بىللە

(رەسىم ئورنى)

ۋەلى قېيۇمخان تۆمۈر باتالىيون كوماندىرى مايور خاۋپتمان ئەرنك بىلەن بىللە

## 1943 ـ يىلىدىكى ۋەزىيەت

1943 ـ يىلى، م ت ب ك ئۈچۈن ئىنتايىن نەتىجىلىك ئۆتكەن، ئەمما ئۆز ۋاقتىدا يەنە ھەر تۈرلۈك مەسىلىلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان بىر يىل ئىدى. بۇ يىلدا شەرق ئالدىنقى ئۇرۇش سېپى بۇندىن كېيىن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرلەش ئىمكانىيىتى قالمىغانلىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا چىقىپلا قالماي، ھەتتا نۇرغۇن سەپلەردە كەينىگە چېكىنىش ۋەزىيىتىمۇ بارلىققا كەلگەن ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، ئىشغال قىلىش پىلانلانغان رايونلاردا يولغا قويۇلىدىغان ھاكىمىيەت تۈزۈمىنىڭ قايسى شەكىلدە بولۇشى لازىملىقى ھەققىدىكى مۇنازىرىلەر گېرمانىيە دائىرىلىرىنىڭ كۈندىلىك مۇزاكىرىلىرىدا ئاساسى جەھەتتىن ئۇنتۇلۇپ قېلىۋاتاتتى. بۇنداق بىر ۋەزىيەت، ئوستمىنىستىريۇم بىلەن مىنىستىر روزېنبېرگنىڭ تەسىرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقىدىنمۇ دىرەك بېرەتتى. دەسلەۋدە مىللى كومىتېتلارنىڭ سىياسىلىششىگە قەتئى قارشى چىقىپ كەلگەن روزېنبېرگمۇ ئەندىلىكتە فون مەندېنىڭ ئۇلارغا تېخىمۇ كۆپ ئەركىنلىك بېرىلىشى ھەققىدىكى پىكىرلىرىگە قوشۇلىدىغان بىرسىگە ئايلانماقتا ئىدى.

ئۇ ۋاقىتقىچە مىللى كومىتېتلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئۆز لېژيونلىرى دائىرىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان ئىدى. كومىتېتلار ئۆزلىرىگە قارايدىغان ھەيئەتلەر ۋاستىسىغا تايىنىپ ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى شەرق ئىشچىلىرى ياكى لېژيون جەڭچىسى دەپ ئايرىپ، كېيىن ئۆز لېژيونلىرى دائىرىسى ئىچىدە ئۇلارغا تەلىم ـ تەربىيە بېرىپ جەڭگە تەييارلاش ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىنغان ئىدى. ھەربى تەلىم ئېلىپ بولۇپ ئالدىنقى سەپلەرگە يولغا سېلىنغاندىن كېيىن، بۇ قىسىملار بىلەن مىللى كومىتېتلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق مۇناسىۋەت قالمايتتى. جەڭچىلەر نېمىس قىسىملىرىغا ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلگەن كۈندىن باشلاپ مىللى كومىتېتلار بۇ لېژيون قىسىملىرى بىلەن ھەرقانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشقا قەتئى يول قويۇلمايتتى. شۇ يىلى ياز ئايلىرىدا قوبۇل قىلىنغان بىر قارار بويىچە، مىللى كومىتېتلارغا قارايدىغان تەشۋىقاتچىلارغا

ئالدىنقى سەپلەردىكى قىسملار ئارىسىغا بېرىپ ئۆز مىللى قىسىملىرىدا پائالىيەت قىلىشقىمۇ يول قويۇشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، جەڭچىلەرنى روھى جەھەتتىن رىغبەتلەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇرۇشتا تېخىمۇ كۆپ نەتىجە يارىتىشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. بۇ قارار بىلەن بىرگە، مىللى كومىتېتلار نېمىس ئارمىيىسى ئۇرۇش قىلىۋاتقان بارلىق ئالدىنقى سەپلەردە ئۆز ۋەتەنداشلىرىغا قارىتىلغان پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرگەن ھېساپلانىدى.

بۇ قارار ئىجرا قىلىنىشى بىلەن تەڭ، م ت ب ك بۇنىڭ ئۈچۈن لازىملىق بەكلا كۆپ ئادەم كۈچىگە ئېھتىياجى تۇغۇلىدۇ. ئالدىنقى سەپلەردە تارقاق جايلاشقان ئون مىڭلىغان تۈركىستانلىق ئەسكەرلەرگە قارىتىلغان سىياسى تەشۋىقات پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن بەكلا كۆپ تەشۋىقات خادىمىغا ئېھتىياجلىق بولماقتا ئىدى. م ت ب ك بۇنچە كۆپ تەشۋىقات خادىم ئورنىنى تولۇقلاش ئۈچۈن پوتسدام شەھرىدە بىر كورۇس ئېچىپ نۇرغۇن مىقتاردا تۈركىستانلىق ئەسكەرنى بۇ ئىش ئۈچۈن تەربىيىلەشكە باشلايدۇ. بۇ كۇرۇس جەريانىدا كورسانتلارغا "گېرمانىيە بىلەن بىز، ئەركىنلىك دېگەن نېمە، تۈركىستان تارىخى، بۈگۈنكى ئۇرۇشنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى، تۈركىستان خەلقى ۋە يەھۇدىيلار، گېرمانىيىنىڭ ئىجتىمائى سىياسەتلىرى، گېرمانىيىنىڭ زېمىن يېتىشمەسلىك مەسىلىلىرى، خەلقىمىزنىڭ ئۆتمۈشتە ۋە بۈگۈن قانات يايدۇرۇپ كېلىۋاتقان كۈرەشلىرىنىڭ سەۋەپلىرى، لېژيونلاردىكى تەشۋىقاتچىلارنىڭ ۋەزىپىلىرى" دېگەندەك تېمىلار بويىچە ھەر تۈرلۈك لېكسىيىلەر سۆزلىنەتتى. تەشۋىقات تەربىيىسىنىڭ مۇھىم نوقتىسىنى نېمىسلار يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان سىياسەتلەرنىڭ توغرا ئىكەنلىكى، ئۇرۇش قوزغىغان تەرەپ گېرمانىيە ئەمەسلىكى، يەھۇدىيلارنىڭ بۇ ئۇرۇشنىڭ پارتلىشىدا ئوينىغان رولى، گېرمانىيە ـ تۈركىستان مۇناسىۋەتلىرى دېگەندەك مەسىلىلەرگە قاراتقان ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە تەشۋىقاتچى نامزاتلىرىغا: تۈركىستان لېژيونى ئۈچۈن ئېيتقاندا تۈپكى مەقسەت تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلمەكتە ئىدى. بۇ لېژيونلار كەلگۈسىدە تۈركىستان مىللى ئارمىيىسىنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقى كۆزقارىشى تەشۋىق قىلىنماقتا ئىدى.

بۇ جەرياندا، مىللى كومىتېت ئوستمىنىستىرىيۇمنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ نەشرى قىلىۋاتقان «مىللى تۈركىستان» ژورنىلىغا قوشۇمچە قىلىپ، ئارمىيە ئالى قۇماندانلىقى (ئو ك ۋ) بىلەن بىرلىكتە ھەپتىلىك بىر گېزىت چىقىرىشقىمۇ كىرىشكەنىدى. بۇ گېزىتقا «يېڭى تۈركىستان» دەپ ئات قويۇلغانىدى. قېيۇمخان، تۈركىستان مىللى ئىتتىپاق تەشكىلاتىنىڭ چەتئەلدە (تۈركىيىدە ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) چىقارغان تۈنجى ژورنىلىنىڭ ئىسمىنى بۇ گېزىتكە قويۇش ئارقىلىق، ئۆز يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان بۇ ھەرىكەتنى ت م ب ھەركىتىنىڭ داۋامى ھېساپلىنىدۇ، دەيدىغان تەسىراتنى پەيدا قىلىش ئويىدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ گېزىت جەمئى تۆت

بەتلىك بولۇپ، ئاساسەن ئالغاندا ئۇرۇش خەۋەرلىرى مەزمۇن قىلىنغان ئىدى. بۇ گېزىتنىڭ تۈنجى سانى 1943-يىلى 3-مارت كۈنى چىققان بولۇپ، تا ئۇرۇش تۈگىگەن كۈنگىچە نەشرىدىن توختىمايدۇ.

ۋەلى قېيۇمخان، ئەتراپىدىكى 30 دەك ياردەمچىلىرىدىن تەشكىل تاپقان م ت ب ك گە تايىنىپ باشقا مىللى كومىتېتلارغا قارىغاندا كۆرۈنەرلىك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئىدى. كومىتېت يەنە ئەدەبىيات بۆلۈمى تەرىپىدىن «مىللى ئەدەبىيات» دېيىدىغان، ئاساسلىقى مەدەنىيەت ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر نەشرى ئەپكارىنىمۇ قۇرۇپ چىققان بولۇپ، بۇ ژورنال يىلدا 5 سان چىقىرىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە، ھەرخىل تېمىلاردا كىتاپ ۋە بروشۇرلارنىمۇ بېسىپ تارقىتىدۇ (ۋەلى قېيۇمخان بىلەن م ت ب ك تەرىپىدىن ئۇرۇش مەزگىلىدە بىر گېزىت، ئىككى ژورنال ۋە 28 كىتاپ چىقارغان. «مىللى تۈركىستان» ژورنىلىدا: 1942-يىلى 15-ئىيۇندىن باشلاپ ھەر ئايدا ئىككى سان چىقىرىپ تۇرغان. ھەر سان 80 مىڭ نۇسخىدىن بېسىلغان. بۇ ژورنال ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىنكى بىر مەزگىللەرگىچە داۋاملىق چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سانى 1975-يىلى 134-ئا دېگەن سان بىلەن چىققان. «مىللى ئەدەبىيات» ژورنىلى بولسا 1943-يىلى يىل بېشىدىن تارتىپ ئايلىق ژورنال بولۇپ چىقىرىلغان. «يېڭى تۈركىستان» گېزىتى 1942-1945-يىللىرى ئىچىدە تۈركىستان لېژيونى تەرىپىدىن ھەپتىلىك چىقىپ تۇرغان. «تۈركىستان مەسىلىلىرى» ‹ۋەلى قېيۇمخان› ، «تۈركىستان تارىخى» ‹بايمىرزا ھېيتى› ، «ھىندىستان ئىنقىلاپچىلىرى» ‹ئابدۇراۋوپ پىترات› ، «ئاباي» ، «ئۇلۇغ تىمۇرى» ، «ئابىلەي» ، «ماناس» ، «جاۋىنگىردىلىك كۈندىلىك دەپتىرى» ، «مەختۇم قۇلى» ، «يېرىم قالدى» ‹بەت نىمىس› ، «مېنىڭ تۈيغۇلارىم» ‹م. روشەن› ، «يۈرەك تولقۇنلارى» ‹خوشنۇد، شېر كىتاۋى› ، «ئۆلگەنلەر» ‹ق. قورقىت› ، «تولقۇن جىرى» ، «تۇھپە» ‹ماسرۇر، شېرلار كىتاۋى› ، «قېيۇمخان» ‹كوللىكتىپ يازغان› ، «قۇربان» ‹م. روشەن، رومان› ، «كۆك تەپە» ‹كۈرنان› ، «قېيۇمخان كىم؟» ‹ئاھ جان› ، «ۋەلى قېيۇمخان ماقاللار توپلىمى» ‹2 توم› ، «ئۆزبەكىستان گراماتىكىسى» ‹ئا. فون گابائىن› ، «قان» ‹ئابدۇللا، تارىخى رومان› ، «بىلىقچى قىزى» ‹م. روشەن، سەھنە ئەسىرى› ، «سايران» ‹نېمىس بەد، رومان› قاتارلىق كىتاپلار چىقىرىلغان. بۇ كىتاپلار مىللى بىرلىك كومىتېتىنىڭ ئىلمى-ئەدەبى بۆلۈمى تەرىپىدىن تەييارلانغان. — ئا.ھ. ئىزاھاتى). ئۇلار بۇ تەشۋىقات قۇراللىرىنىڭ ھەممىسىنى بىۋاستە تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە بېغىشلىغان بولۇپ، ئۇرۇشتىن قالسا، خەلقارالىق سىياسەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك تېمىلار ئۈستىدە بەكلا ئاز توختالغان. ئۇرۇش جەريانىدا بېسىلغان «مىللى تۈركىستان» ژورنىلىدا ھەمدە «يېڭى تۈركىستان» گېزىتىدا تۈركىيىگە مۇناسىۋەتلىك پەقەت بىرلا پارچە ماقالە

بېسىلغانلىقى مەلۇم. بۇ ماقالىدە تۈركىيىنىڭ ئۇرۇش جەريانىدىكى بىتەرەپلىك سىياستى ھىمايە قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنى ئا ق ش بىلەن ئەنگلىيىگە ئوخشاش جاھانگىر كۈچلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى تەكىتلەنگەن.

(رەسىم ئورنى)
نېمىس ئۇرۇش سەپلىرىدە جەڭ قىلغان تۈركىستانلىق جەڭچىلەر ئۈچۈن نەشرى قىلىنغان «يېڭى تۈركىستان» گېزىتى، 1944 ـ يىلى 5 ـ يانۋار

ۋەلى قېيۇمخان، بۇ بۇ پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىلا پروفىسور فون مەندېنىڭ كۈچلۈك ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەينى دەۋردىكى شارائىتلار كۆزدە تۇتۇلغىنىدا، قېيۇمخان بىلەن ئۇنىڭ گۇرۇپپىسىدىكى كىشىلەر ھەقىقەتەنمۇ ئاكتىپ پائالىيەت قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. 1943 ـ يىلىدىكى شارائىتلار ئاستىدا ئىككى ژورنال ۋە بىر گېزىت چىقىرالىغانلىقى، ئىشلەتكەن ئادەملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى تالليالىغانلىقى م ت ب ك دىن باشقا ھېچبىر كومىتىتتا كۆرۈلمىگەن بىر ئەھۋال ئىدى. كومىتېت يولغا قويغان ھەمكارلىق ساندۇقى لايىھىسىگە تايىنىپ خېلى مۇھىم ماددى ئەركىنلىككە ئېرىشۋالغان ئىدى. پروفىسور فون مەندېنىڭمۇ ياردەم قىلىشى بىلەن، ئۇن بەش ئەتراپىدا تۈركىستانلىق ھەر تۈرلۈك گېرمانىيە ئالى مەكتەپلىرىگە ئوقۇشقا كىرگۈزۈلگەن. م ت ب ك ئەزاسى بولغان ھۆسەيىن ئىكرامخان ئۆز ئەسلىمىلىرىدە 1944 ـ يىلى كومىتېتقا ئەزا بولۇپ كىرگەن ۋاقتىدا 4 نەپەر ھەر تۈرلۈك كەسىپلەر بويىچە دوتسېنت، 3 نەپەر مېدىتسىنا دوكتور، 3 نەپەر شائىر ۋە يەنە بىر قانچە كىشى مۇخېپىرلىق كەسپى بىلەن شوغۇللىنىدىغان 34 كىشىنىڭ كومىتېتتا خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ۋەلى قېيۇمخاننىڭ شەخسى تەسىرى بىلەن نېمىسلارنىڭ باشقا يەرلىكلەرگە قارىغاندا تۈركىستانلىقلارغا تېخىمۇ كۆپىرەك بىتەرەپ پوزىتسىيە تۇتقانلىقى تۈپەيلىدىن مىللى تۈركىستان ئىتتىپاق كومىتېتىنى پۈتكۈل ئۇرۇش دەۋرى بويىچە گېرمانىيىدە پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقان مۇساپىرلار ھەرىكىتى ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ تەشكىللىك ئورگان ھالىغا كەلتۈرگەن دېيىشكە بولىدۇ.

## مىللى تۈركىستان ئىتتىپاق كومىتېتى ئىچىدە ئۆكتىچىلىك

بۇ ئورگاننىڭ كېڭىيىپ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ بەزى مەسىلىلەرمۇ ئوتتۇرغا چىقىشقا باشلايدۇ. كومىتېت پائالىيەتلىرى بىر ـ بىرسىدىن يىراق، ئوخشىمىغان ئۇرۇش سەپلىرىگە تارقالغان تۈركىستان قوشۇنلىرى ساھەسى بويىچە قانات

يايدۇرۇلىۋاتقانلىقى، شۇ سەۋەپتىن ئۆزئارا ئالاقىلىشىش جەھەتلەردە ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتەك بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ قىسىملارنى بىر قوللۇق تىزگىنلەپ تۈتۈشمۇ تەسكە توختىماقتا ئىدى. ئەزەربەيجاندىن باشقا تۈركى قەۋىملەردىن كەلگەن بارلىق ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى تۈركىستان لېگىيونلىرىغا يوللىنىپ تۇرغانلىقىمۇ يوقۇرىقى قىيىنچىلىقلارغا يېڭى قىيىنچىلىقلارنىڭ قوشۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا ئىدى. بولۇپمۇ ئىدىل ئۇرال تۈركلىرى، قىرىملىقلار ۋە قازاق تۈركلىرى ئۆز مىللى كومىتېتلىرىنى قۇرۇپ چىقىشنى تەلەپ قىلىشماقتا ئىدى. شۇنداق قىلىپ، 1943 ـ يىلىنىڭ بېشىدا قازاق تۈركلىرىدىن كارىس قاناتباي ۋە ئىدىل ئۇرال تۈركلىرىدىن ئەخمەت تۆمۈر قاتارلىق كىشىلەر گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى رىبېنتروپقا، شەرق ئىشلىرى مىنىستىرى روسېنبېرگكە ۋە ئېس ـ ئېسچىلار لىدېرى ھىمملېرگە ئىلتىماس سۇنۇپ، قازاقىستان بىلەن ئىدىل ئۇرال رايونلىرىدىن كەلگەنلەرنى بىر يەرگە يىغىپ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر كومىتېت قۇرۇپ چىقىش كېرەك دەيدىغان تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ (مۇھەلىن، «كىرىست بىلەن قىزىل يۇلتۇز ئوتتۇرىسىدا» 95 ـ بەت ۋە يەنە «مىللى تۈركىستان» نىڭ 79 ـ سان 16 ـ بەتلىرىدە ئەخمەت تۆمۈرنىڭ ئەسلىمىلىرىدە بۇ ھەقتە ھېچقانداق گەپ يوق. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). ئۇلار بۇ جەھەتتىكى تەلەپلىرى بىلەن بىرگە، ۋەلى قېيۇمخان توغرىلىقمۇ نۇرغۇنلىغان قارىلاش پىكىرلىرىنى تەڭ ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە مىللى كومىتېتنىڭ تۈركىستانغا ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشقان ئىدى. ئۇلار، كومىتېت بىلەن لېگىيونلارنى بىردىن ـ بىر رەھبەر پىرىنسىپى بويىچە باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان ۋەلى قېيۇمخاننىڭ ئۆزبەك بولغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ كومىتېت ئۆزبەكلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقى، ئۆزبەكلەرگە ئالاھىدە ئىمتىيازلارنى بېرىۋاتقانلىقىدەك بىر قاتار گۇناھلارنى ئارتىشقان ئىدى. ھۆكۈمرانلىق قىلىش بىلەن رەھبەرلىك ئىشلىرىنى بىرلا كىشى قولغا كىرگۈزىۋالىدىغان ھەر قانداق بىر سىستېمىدا كۆرۈلگىنىدەك، م ت ب ك تەركىۋىدىمۇ ئۆكتىچىلىك باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، بۇ ئۆكتىچىلەر كۈندىن كۈنگە كۈچىيىپ بارماقتا ئىدى.

ئۇلارنىڭ بۇ تۈردىكى ئۆكتىچىلىك پائالىيەتلىرى ئېس ـ ئېسچىلارنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىنىشىگە ئېرىشكەنلىكى ئېنىق. ئەمما ئۇ ۋاقىتلاردا كۈچ ـ قۇدرىتى پەللىگە يەتكەن قېيۇمخاندەك بىرسىگە قارىتىلىدىغان بىرەر ھەرىكەت چوقۇم نېمىس ئورگانلىرىدىكى بىرەر كىشىنىڭ ياكى بىر قانچە كىشىنىڭ كۈچلۈك ھىمايىسى بولماي تۇرۇپ ئۇنى يېڭىپ چىقىش ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شەرق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى بۇ تۈر ئىشلارنىڭ بار ـ يوقلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش، شۇ ئارقىلىق بىرەر قارار چىقىرىش مەقسىتىدە پروفېسسور فون مەندې يېتەكچىلىكىدە بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ئارىدا ئۆكتىچىلەر ھەرىكىتىگە

مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەر «مىللى تۈركىستان» جورنىلىدىمۇ ئەكس ئېتىشكە باشلىغان ئىدى. «تۈركىلىستان خەلقى ۋە كومۇنىزم» تېمىلىق بىر ماقالىسىدا قېيۇمخان مۇنداق دەپ يازىدۇ:

بىزلەر بۇ يەردە تۈركىستان ئەركىنلىكى ئۇچۇن قولىغا قۇرال ئالغان جەڭچىلەر ھېساپلىنىمىز. شۇنداق ئىكەن، ئىچىمىزدىكى پىتنە-پاسات تېرىيدىغان كىشىلەرگە ھەرگىزمۇ يوچۇق قالدۇرماسلىقىمىز كېرەك. ئەگەر بۇنداق پىتنە-پاسات تېرىيدىغان ھەرىكەتلەر كۆرۈلگىدەكلا بولىدىكەن، بۇزغۇنچىلار، گەپ تاپچىلار، تۆھمەتخورلار ۋە ئىنساپسىزلار ئارىمىزدا پەيدا بولىدىغانلا بولىدىكەن، ئىستىقباللىمىز ئېغىر كۈنلەرگە مۇپتىلا بولىدۇ دېگەن گەپ. شۇڭا، ھەممە ئادەم ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ئورۇنداشتىن باشقا ئىشلارغا ئارىلاشماسلىقى كېرەك. شۇ چاغدىلا خەلقىمىز ئالدىدا يۈزىمىز يەرگە قاراپ قالمىغان بولىدۇ.

بۇ سۆز بىلەن بۆلگۈنچىلىك قىلغۇچىلار ھەققىدە لېيجوندىكى ئەسكەرلەر بىلەن سىياسى كادىرلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن ۋەلى قېيۇمخان، ئۆزىنى بۇرۇن جاھانگىر دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ كەلگەن دەيدىغان بوھتانلارغا قارشى تۆۋەندىكىچە جاۋاپ بېرىدۇ:

مەن دېموكراتچى، لىبرالىست ۋە كاپىتالىزىم يولىدا ماڭغان ئۇنداق ئەللەر بىلەن ھېچقاچان مۇناسىۋەت قىلغان ئەمەسمەن. ئۇنداق دۆلەتلەرگە ئىزچىل قارشى ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرۈپ كەلدىم، شۇنىڭدەك ئۇ تۈردىكى دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ كېلىۋاتقان بىرەرسى بىلەنمۇ ئارىلاشمىدىم. مېنىڭ بۇ دېگەنلىرىمنىڭ راستلىقىنى بۇگۈنكى كۈندە ھەممە ئادەم ئېنىق بىلىدۇ دەپ قارايمەن.

يەنە بىر تەرەپتە، تۈركىستان لېجيونىنىڭ كوماندىرى مايور ھوپتمان ئېرنېكمۇ بۇ مۇنازىرىغا قېتىلغان بولۇپ، ئۇ، تۈركىستان كومىتېتىغا قارشى پائالىيەت قىلىۋاتقانلارنى مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ:

مەن سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى سۈرۈشتە قىلىپ ئولتۇرمايمەن. مەن پەقەت "سەن تۈركىستان ئۇچۇن نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟" دەپلا سورايمەن. قازاق، قىرغىز، ئۆزبەك ۋاھاككازامۇسەن؟ دەپ سوراپ يۈرمەيمەن. مەن پەقەت "تۈركىستانلىقمۇسەن؟" دەپلا سورايمەن. تۈركىستانلىقلار مېنىڭمۇ دوستۇم ھېساپلىنىدۇ.

بۇلاردىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، گېرمانىيە ئارمىيىسىدە تۈركىستاننى بىر پۈتۈن ئەل دەپ قوبۇل قىلىدىغانلىقى، قەۋملەر بويىچە پائالىيەت قىلىشقا يول قويمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، ئۆزىنى تۈركىستانلىق دېمەيدىغانلارنى دوستىمىز ئەمەس دەپ قارايدىغانلىقىنى، قەۋملار بويىچە سىياسەت بىلەن شوغۇللىنىشنى ئويلايدىغانلار دۈشمەن دەپ قارىلىدىغانلىقى ئېنىق تەكىتلەنگەن. 1943 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، بېرلىندە ئۇيۇشتۇرۇلغان تۈركىستان كەچلىكى مەرىكىسىدە گېرمانىيە ئارمىيىسىگە ۋاكالىتەن ھوپتمان ئېرنېك، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى نامىدا باش ئەلچى شۇلېنبۇرگ ھەمدە شەرق ئىشلار مىنىستىرلىكى نامىدا ئىجتىمائى ئىشلار بۆلۈم باشلىقى لېيبراندت قاتارلىق كىشلەرنىڭ بولىشى، بۇ ئورگانلارنىڭ ھەممىسلا دېگىدەك ۋەلى قېيۇمخان بىلەن تۈركىستان كومىتىتىنى تولۇق يۆلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

بۇنداق ئۈچ ئورۇننىڭ ھىمايىسىنى ئارقا تىرەك قىلغان ۋەلى قېيۇمخاندەك بىرسىگە قارشى ئۆكتىچىلىك قىلىدىغانلار مەيلى ئېس-ئېسچىلارنى ئارقا تىرەك قىلىشقان بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇلارنىڭ قېيۇمخاننى يېڭەلىشىنى پەرەز قىلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دېگەندەك، فون مەندې مەسئۇللىقىدا قۇرۇلغان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ۋەلى قېيۇمخانغا ئارتىلغان بارلىق قارىلاشلارنى ئاساسسىز دەپ قاراپ، مەخسۇس "قازاق-ئىدىل ئۇرال كومىتىتى" دەيدىغان بىر ئورگاننىڭ قۇرۇلۇشىغا ھاجەت يوق دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىدۇ.

1943 ـ يىلى ئۆكتەبىر ئېيىدا ئوستمىنىستىرىيۇم، گېرمانىيە ئارمىيە باش قۇماندانلىقى (ئو ك ۋ)، ئېس-ئېسچىلار، ئېس-د قاتارلىق ئورگانلارنىڭ ئورتاق ماقۇللىقى بىلەن مىللى كومىتىتلارنى مىللى ۋاكالەتچىلىكلەر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش قارارى قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇنداق بىر قارارنىڭ قوبۇل قىلىنىشى سىياسى جەھەتتە بەكلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش بولۇپ، بۇندىن كېيىن گېرمانىيە ھۆكۈمىتى بارلىق مىللى كومىتىتلارنى ئۆز ۋەتىنىنىڭ سىياسى ۋەكىللىرى دەپ قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. بۇ ئىشلار ئەسلىدە پروفىسسور فون مەندېنىڭ ئوتتۇرغا قويغان "ھەر بىر مىللەت ئۆزىنىڭ ئاپتونومىيىلىك قۇرۇمغا ئىگە بولىشى لازىم" دەيدىغان قارىشىغا ئاساسلانغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. بۇنداق بىر قارار قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، تۈركىستان مىللى ۋاكالەتچىلىكىگە ۋەلى قېيۇمخاننى رەئىس، دوكتور باي مىرزا ھېيتنى مۇئاۋىن رەئىس دەپ رەسمى تەستىقلىغان ھېساپلاندى.

# ئېس-ئېسچىلارنىڭ تۇرانچىلىق مەيدانى ۋە شەرقى تۈرك قەۋىملەر قوشۇنى

1943-يىلى ئەتىياز ئايلىرىنىڭ ئاخىرلىرى بۇيىچە نېمىسلارنىڭ شەرق سىياسەتلىرىدە روزىنبېرگىنىڭ تەسىرى بارغانسىرى ئاجىزلاشقا باشلىغانلىقىنى كۆرىۋېلىش مۇمكىن. كۈچلۈك بىسمىلار نەتىجىسىدە، يېقىن دوستى لىيبراندتىنى شەرق ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ سىياسى بۆلۈم مەسئۇللىقىدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئېس-ئېسچىلار گېنېرالى بەرگېرنى تەيىنلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. مىللى سىياسەت جەھەتتە گېرمانىيە ئورگانلىرى ئىچىدە ئېغىر پىكىر ئىختىلاپلىرى ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان بولۇپ، ئالدىنقى سەپلەردىكى چېكىنىش ۋەقەلىرىنىڭ كۆرۈلىشىگە ئەگىشىپ ئېس-ئېسچىلار تەشكىلىنىڭ تەسىرىمۇ كۆرىنەرلىك دەرىجىدە كۈچىيىشكە باشلايدۇ.

ئۇزۇنغا قالماي، ئېس-ئېسچىلار تەشكىلاتى ئۆز تەۋەسىدە تۈركىي قەۋىملەر بىرلەشمە كۈچى تەشكىللەش لايىھىسىنى تۈزۈپ ئىشقا كىرىشتۈرىدۇ. بۇ لايىھە، داڭلىق تۈركولوگ كلىينوۋنىڭ ئاسسىستانتى دوكتور رېينىير ئولزشا دېگەن بىرسىنىڭ ئەسىرى ئىدى. ئولزشا، مىللەت مەسىلىسىگە ناتسىتىزم ئىدىيىسىگە تۈپتىن زىت بىر ئۇسلۇپ بىلەن قارايدىغان بىرسى بولۇپ، بولشېۋىكچىلىكنى ئاجىزلىتىشنىڭ بىردىن-بىر كۈچى — تۈركىي قەۋىملەر ئىتتىپاقىدۇر، دېگەنگە قەتئىي ئىشىنەتتى. ئولزشا، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشىدىن بۇيان دۆلەت قۇرالىغان ۋە بۇ قۇرۇلغان دۆلەتنى ساقلاپ قالالىغان قۇدرەتكە ئىگە ئىككىلا ئىرق بار بولۇپ، بۇنىڭ بىرسى "نېمىس ئىرقى"، يەنە بىرسى "تۇرانلار" دەپ قارايتتى. ئولزشا، بولشېۋىكچىلىكنى پەقەت بۇ ئىككى ئىرق بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلغىنىدىلا ئاندىن مەغلۇپ قىلغىلى بولىدۇ دەپ ھېساپلايتتى. ئۇ، ئېس-ئېسچىلار رەھبەرلىرىنى، بولۇپمۇ ھىملېرنى بۇ تۈردىكى قاراشلىرىغا قايىل قىلغان ئىدى. ئىلزشا، بۇ تۈر سىياسى قارىشىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئورگاندىن بىرنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن لازىم بولىدىغان بارلىق تەستىقلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇ ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك ئېس-ئېسچىلارنى درېسدېندىكى مەركىزىگە يىغىپ پائالىيىتىنى باشلىۋېتىدۇ.

نېمىس دائىلىرى، تۈرك ئىتتىپاقى دېگەن بۇنداق قاراشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلىدۇ دەپ قاراپ كېلىۋاتقان بىر ئەھۋالدا، بۇنداق زور بىر ئۆزگىرىش قىلغانلىقى ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالارلىق ئەھۋال ئىدى. ناتسىتلار، ئەسلىدە سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى ھۇجۇم قىلىش نىشان قىلىپ

تۈركىيىنى تاللاپ ئېلىشقان ئىدى. مۇنداق ئېيتقاندا، ئەگەر پىلانلانغان نىشانلارنى قولغا كىرگۈزۈش ئىشلىرى ئەمەلگە ئېشىپ بولغاندا، كەلگۈسىدە تۈرك دۇنياسىنىڭ بىردىن-بىر مۇستەقىل دۆلىتى بولغان تۈركىيە بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس دېگەنلىك ئىدى. بۇنداق بىر ئەھۋالدا، ئەگەر توقۇنۇش يۈز بەرمىدى دېگەندىمۇ، بىتەرەپ تاشقى سىياسەت يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان تۈركىيىنىڭ ئىتتىپاقداشلار سېپىگە قېتىلىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئېھتىمالى يەنىلا كۈچلۈك ئىدى. بۇنداق بىر ئەھۋالدا، نېمىسلار ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىۋاتقان تۈركىي ئەسكەرلەرنىڭ قايسى تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىش مەسىلىسىدە گېرمانىيە بەكلا كۆپ ئەنسىرەيتتى. 1941-1943-يىللار ئىچىدە بۇ گۇرۇپپىلارنىڭ بىر يەرگە يىغىلىشىغا ياكى بىرلەشكەن سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلماي كەلگەنلىكىنىمۇ، بۇ تۈردىكى ئەنسىرەشلىرىنىڭ نەتىجىسى دېيىش مۇمكىن ئىدى. ئەمما، 1943-يىلىدا تۈركىيە بىلەن بىۋاستە توقۇنۇشۇپ قېلىش ئېھتىمالى يوقالغان دېيىش مۇمكىن. ھەقىقەتەنمۇ بۇ كۈنلەردە نېمىسلار پۈتۈن سەپ بويىچە چېكىنىش ۋەزىيىتى ئاستىدا تۇرماقتا ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، نېمىسلار ئۈچۈن ئۇرۇش سېپىدىكى تۈركىي قەۋملار ئارىسىدا تۇرانچىلىق ھىسسىنى ئىشقا سېلىشنىڭ قورققىدەك يېرى قالمىغان دېيىشكە بولاتتى.

ئۇلزشا، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋال بىر يادرولۇق ھەربىي قوشۇن قۇرۇپ چىقىش لازىم، دەپ قارايدۇ. بۇ ئىشقا ئەڭ مۇۋاپىق كىشى 450-باتالىيون كوماندىرى مايېر مادېر ئىدى. بۇ پەيتلەردە تۈركىستان لېجيونىدا تەسىرى كۈچلۈك كوماندىرلاردىن بىرى بولغان مادېر بىلەن ۋەلى قېيۇمخان ئۇزۇندىن بېرى كېلىشەلمەي كەلمەكتە ئىدى. مايېر، تۈركىستان كومىتېتىغا قارشى ئىكەنلىكىنى ھەر پۇرسەتتە تىلغا ئېلىپ كېلىۋاتقان بىرسى ئىدى. ئاقىۋەتتە، تۈركىستان لېجيونىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قوشۇنلىرىدىن بىرسى ھېساپلىنىدىغان 450-باتالىيون، كوماندىرى كاپىتان مايېر مادېر بىلەن بىرگە ۋاففېن ئېس-ئېس (ئېس-ئېسچىلارنىڭ ئەسكىرى قانىتى — ئا.ھ. ئىزاھاتى) قا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. بۇ تابۇر (باتالىيون — ئۇ. ت) قايتا رەتلىنىپ ۋە ئەسكەر سانى كۆپەيتىلىپ ئالاي (پولك — ئۇ. ت) دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇنداق ئۆزگەرتىلىش قالغان تۈركىي قەۋم قوشۇنلىرىدىمۇ يولغا قويۇلىدۇ. يەنى ھەر مىللىي قىسىملار ئۈچۈن ئىككى باتالىيونلۇق پولكلار تەشكىل قىلىنىدۇ. ئالدىن تۈركىستان، ئەزەربەيجان، قىرىم ۋە ئىدىل ئۇرال پولكلىرى بىر يەرگە كەلتۈرۈلۈپ نېمىس باش قوماندانلىقىغا بېقىنماي بىۋاستە ئېس-ئېسچىلارغا قارايدىغان شەرق تۈرك قەۋملەر قوشۇنى تەشكىللىنىدۇ. بۇ قىسىمنىڭ ئەسكەر سانى يېتەرلىك بولمىغاچقا، شەرقىي تۈرك قەۋملەر قىسىملىرى بىلەن ئۇنىڭغا تەۋە پولكلار، 1944-يىلىغىچە ئۇرۇش قىلىش قىسمى ئورنىدا ئىشلىتىلمەستىن سىياسىي تەشۋىقات قوشۇنى سۈپىتىدە پايدىلىنىلغان ئىدى. بۇ ھەربىي قىسىمغا ياردەمچىلىك

قىلىش مەقسىتىدە سىياسىي خاراكتېرلىق بىر تەشكىلىي ئورگان قۇرۇش زۆرۈرىيىتىمۇ ئوتتۇرىغا چىققانىدى. بۇ مەقسەتتە يەنە بىر تۈركىستان پائالىيەت گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىندۇ. ۋەلى قېيۇمخان بىلەن چىقىشالمىغانلىقى سەۋەبىدىن تۈركىستان كومىتېتىدىن چىقىرىۋېتىلگەن ئەزالار بۇ ئورگاننىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈرمەكتە ئىدى.

ئېس-ئېسچىلارنىڭ بۇ تۈر پائالىيەتلىرى ۋەلى قېيۇمخان بىلەن م ت ب ك نىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغايدۇ. قېيۇمخان، نېمىس رەھبەرلىرى ئارىسىدا ۋە «مىللىي تۈركىستان» جورنىلىدا بۇنىڭغا قارشى ھەرىكەت باشلايدۇ:

م ت ب ك، قەبىلىۋازلىققا ھەرگىز يول قويالمايدۇ. ... كىمكى بۇنداق بىر سىياسىي يولدا مېڭىپ قەبىلىۋازلىقنى تەرغىپ قىلىشقا ئۇرۇنىدىكەن، ئۇ كىشى تا بۈگۈنگىچە بولشېۋىكچىلىكنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمىغان بىرسى ھېساپلىنىدۇ. بۇ تۈردىكى كىشىلەرنى ئارىمىزدىن تازىلاپ چىقىرىۋېتىشىمىز كېرەك. ئۇنداق كىشىلەر بىزنىڭ مىللىي مەۋجۇدىيىتىمىزنى يىمىرىش، يوقۇتۇشنى ئۆزلىرىگە مەقسەت قىلىشقان كىشىلەرھېساپلىنىدۇ. ... ئۇنداق كىشىلەرنى تۈركىستانلىقلارغا زىيان كەلتۈرىدىغان مىكروپلار دەپ قارايمىز.

ۋەلى قېيۇمخاننىڭ بۇ ئىشقا قارشى ئېلىپ بارغان بارلىق ھەرىكەتلىرىگە قارىماي، ئولىزشا بىلەن مادېر ئىككىسى بۇ ئىشقا كىرىشىپ خېلى كۆرنەرلىك ئىلگىرلەشلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ. نەتىجىدە، ئېس-ئېسچىلار تەۋەسىدە مۇستەقىل بىر سىياسىي ۋە ئەسكىرى تەشكىلاتلىنىش بارلىققا كەلتۈرىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار بۇ خىل ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرالىشى ئۈچۈن تۈركىستان لېجيونىدەك 180 مىڭ ئەسكەرگە تەسىر كۆرستەلەيدىغان كۈچلۈك تەشكىلات ھالىغا كېلىش لازىملىقىنى ياخشى بىلەتتى. ھازىرچە ئۇلار تەشكىل قىلغان شەرق قوۋۋىتىدىكى ئەسكەر سانى ئاران ئالتە مىڭ نەپەرگە يەتكەن بولۇپ، تەلەپتىن بەكلا يىراق ئىدى. قالغان مىللەتلەرنىڭ كومىتېتلىرى بەكلا ئاجىز، ئۇلارنىڭ لېجيونىغا قارايدىغان ئەسكەر سانىمۇ بەكلا ئاز ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ ئىككى رىقابەتچى كۈچلەردىن بىرى بولغان ۋەلى قېيۇمخان ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ ھېساپلىناتتى. ئۇلار، ئەگەر بۇ كىشىدىن قۇتۇلالىغىنىدا ئارزۇ قىلىشقان نوقتىغا يېتىش تەس ئەمەس دەپ قارىشاتتى. بۇ مەقسەتتە، تۈركىستان مەسىلىسىدە گېپى ئۆتىدىغان بىردىن-بىر ئورگاننىڭ م ت ب ك لا بولىشى توغرا ئەمەس، بۇ ئىشتا شەرق قوۋۋىتىگىمۇ ئورۇن قالدۇرۇش كېرەككىنى تىلغا ئېلىپ نېمىس مەسئۇللىرى ئارىسىدا بۇ ھەقتە سىياسىي پائالىيەت قىلىشقا كىرىشىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، لېيبراندتنىڭ ئورنىغا شەرق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى سىياسىي بۆلۈم مەسئۇللىقىغا تەيىنلەنگەن بەرگېر، بىر ئېس-

ئېسچىلار گېنېرالى بولىشىغا قارىماي يەنىلا ۋەلى قېيۇمخان تەرەپتە تۇرۇپ تۈركىستان مەسىلىسىدە بىردىن ـ بىر مۇراجەت قىلىنىدىغان ئورۇن، بۇ ئىشلارغا مەسئۇل بولۇپ كېلىۋاتقان ۋەلى قېيۇمخانلا بولىشى كېرەك دەيدىغان بىر ھۆججەت چىقىرىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇنداق بىر قارارنىڭ چىقىرىلىشىدا فون مەندې ئالاھىدە رول ئوينىغانلىقى ئېنىق. رەسمى قارار قىلىنغان بۇ بەلگىلىمە بارلىق ئۆكتىچىلىك ھەرىكەتلىرىنى جىمتىپلا قويىدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ قارار، ۋەلى قېيۇمخان ۋە ئۇنىڭ تەشكىلى ئۆچۈن تا ئۇرۇش تۈگىگەن كۈنلەرگىچە ئورنىنى ساقلىيالىشىدا كۈچلۈك ئاساس بولۇپ بېرىدۇ.

بۇ ئىشلاردىن كېيىن، ئولزشامۇ ۋاقتىنچە كەينىگە چېكىنىپ تۇرۇش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىدۇ. نەتىجىدە، ئۇمۇ قېيۇمخان بىلەن يارىشىشقا مەجبۇرى بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئولزشا گۇروھى ۋەلى قېيۇمخاننىڭ تۈركىستان مەسىلىلىرىدە بىردىن ـ بىر مەسئۇل كىشى ھېساپلىنىدىغانلىقىنى قوبۇل قىلىشىدۇ. بۇنىڭغا جاۋابەن ۋەلى قېيۇمخانمۇ ئېس ـ ئېسچىلار تەركىۋىدە قۇرۇلغان تۈركىستان پولكلىرىغا ياردەم قىلىش ۋەدىسىنى بېرىدۇ. ئېس ـ ئېس تۈركىستان پولكىنىڭ پولك كوماندىرلىقىغا تۈركىستان لېيجونىنىڭ ئەڭ داڭلىق كوماندىرلىرىدىن بىرى بولغان غۇلام ئالىم تەيىنلىنىدۇ. سابىق قىزىل ئارمىيە چاۋۇشى (ئون بېشىدىن كېيىن ئوتىلدىيە كوماندىرى بولالايدىغان ئەسكەرلىك دەرىجىسى ــ ئۇ. ت) بولغان غولام ئالىم، تۈركىستان لېيجونىغا قېتىلغاندىن كېيىن تۆمۈر كىرىست مىداللىرىدىن تارتىپ نېمىس ئارمىيىسى تەۋەسىدە بېرىلىدىغان بارلىق مىداللارغا ئېرىشكەن بىرسى بولۇپ، پولكوۋنىك ئۇنىۋانىغا ئېرىشكەن قابىلىيەتلىك بىر ھەربى ئىدى.

مەيلى ئولزشا ياكى مادېر بولسۇن، بىرىنچى مەيدان ئېلىششتا يېڭىلىپ قالغىنىغا قارىماي ئاسانلىقچە بولدى قىلىدىغان كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى. قېيۇمخانمۇ م ت ب ك دە ۋە لېيجوندا پۈتۈن تىزگىنلەرنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ كەلمەكتە ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئالدىنقى سەپلەردە كۆپلىگەن قوماندانلارنىڭ قولىغا چېچىلىپ كەتكەن يۈزلىگەن تۈركىستان ھەربى قىسىملىرىنى تېزگىنلەپ تۇرالىشىمۇ ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. دېگەندەك، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ھەربى قىسىملار ئىچىدە تۈركىستان مىللى ھۆكۈمىتى دېگەن ئىمزا بىلەن م ت ب ك ۋە قېيۇمخانغا قارشى ئۇختۇرۇشلار تارقىلىشقا باشلايدۇ. ئەزەربەيجان تۈركلىرىدىن سۇلايمانوۋ بىلەن قىرغىز تۈركلىرىدىن ھاسان ئابدۇللايېۋ يېتەكچىلىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن يېتەكلىنىۋاتقان بۇ تۈردىكى پائالىيەتلەرنى مايېر مادېرمۇ قوللاپ قۇۋەتلەپ بەرمەكتە ئىدى. ئابدۇللايېۋ ـ سۇلايمانوۋ گۇروھىدىكىلەر 1944 ـ يىلىنىڭ مارت ئېيىدا بۇ تۈر پائالىيەتلەرنى يەنىمۇ بىر بالداق يوقۇرى كۆتۈرۈپ، قېيۇمخاننى ئۇجۇقتۇرىۋېتىش ئۆچۈن بېرلىنغا سۈيقەستچىدىن بىرنى يولغا سېلىشىدۇ. ئەمما ئۇ ۋاقىتلاردا ۋەلى قېيۇمخان بېرلىن سىرتىدا بولغاچقا، بۇ

سۈيىقەست ئىشقا ئاشمايدۇ. قىيۇمخان، بۇ سۈيىقەست پىلانىدىن خەۋەر تاپىدۇ. «مىللى تۈركىستان» جورنىلىدا بۇ ۋەقە تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنغان:

مايېر مادېر، 1942 ـ يىللىرىدا ئادەتتىكى بىر باتالىيون كوماندىرى ئىدى. ئۇ، خامخىيالچى بىرسى بولغاچقا، تۈركىستان مەسىلىلىرىگە دائىر ئىشلار بىلەن شوغۇللىنىش ئويىغا كەلگەن ئىدى. ئەمما بىز ئۇنى ئۇنىڭ ھەمرالىرى بىلەن قوشۇپ دەرھال بۇ ئىشتىن يىراقلاشتۇردۇق. شۇنداق قىلىپ، مادېرمۇ جىم تۇرماي ئېس ـ ئېسچىلار بىلەن كىلىشىپ مىللى ھەرىكەتلەر بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان كىشىلەرنى يېنىغا تارتىپ، ئۆزىنىڭ خام خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىغا كىرىشتى. ... مايېر مادېرچىلار ۋەلى قېيۇمخاننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن نەچچە قېتىملاپ سۈيىقەست پىلانلاشقان ئىدى. 1943 ـ يىلى جىزاقلىق جورابايېۋنى ۋەلى قېيۇمخانغا سۈيىقەست قىلىش ئۈچۈن يولغا سالىدۇ. ئەمما بۇ كىشى ۋەلى قېيۇمخاننى كۆرىشى بىلەن ھەممىگە ئىقرار بولۇپ تەسلىم بولىدۇ.

بۇ ۋەقە پاش بولغاندىن كېيىن، ئابدۇللايېۋ بىلەن سۇلايمانوۋلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 6 نەپەر سۈيىقەستچى ئو ك ۋ تەرىپىدىن دەرھال قولغا ئېلىنىپ ئېتىپ تاشلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىشتا مادېرنىڭ خام خىيالىغا ئىشىنىپ قالغانلار بۇنىڭ بەدىلىنى جانلىرى بىلەن تۆلەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مايېر مادېرنىڭمۇ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقى ھەققىدە گەپلەر تارقىلىپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھېچقاچان ئىسپاتلانمايدۇ (مۇھلىس، «كىرىست بىلەن قىزىل يۇلتۇز ئوتتۇرسىدا»، 97 ـ بەت. ئۇندىن باشقا يەنە، قېيۇمخان بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتتە قېيۇمخانمۇ مايېر مادېر قولغا ئېلىنىپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). بۇ ئىككى ئادەمدىن بىرى بولغان رېينېر ئولزشامۇ ئاجايىپ بىر تەغدىرگە دۇچ كەلگەنلىكى مەلۇم: ئولزشا، تا ئۇرۇش تۈگىگەن كۈنلەرگىچە دىرېستېندىكى ئېس ـ ئېسچىلار مەركىزىدە ئىشلىگەن بولۇپ، كېيىن سوۋېتلەر ئىنتىپاقىدىن پاناللىق تىلەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ قىلغىنى، ئۇ ئەسلىدە بىر سوۋېت جاسۇسىمىدى دەيدىغان گۇماننى پەيدا قىلىدۇ. ۋەلى قېيۇمخان بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

1943 ـ يىلىسى كومىتېتىمىزغا بۇرھانوپ دېگەن بىر ئەسىر كېلىدۇ. بۇ كىشى ئۆزىنى 1923 ـ يىلى گېرمانىيىگە ئېۋەرتىلىپ، 3 يىل ئوقۇپ قايتۇرۇپ كېتىلگەن بالا ئوقۇغۇچىلاردىن بىرىمەن دەپ تونۇشتۇرىدۇ. مەن ئۇنى بىر كۆرۈشتىلا دېگەندەك ئىشەنچ قىلىپ قىلىپ كىتەلمىدىم. شۇڭا ئۇنىڭغا

ھېچقانداق بىر ۋەزىپە بەرمىدىم. ئەمما ئۇ كىشى دېرىسدېنگە بېرىپ ئولژشانىڭ قېشىدا ئىشلەشكە باشلىغان. كېيىن ئۇ يەنە ئولژشانىمۇ ئالداپ يۇرۇپ روسىيىگە ئېلىپ كەتكەنىكەن. شۇڭا، ئەسلىدە ئولژشا ئۇرۇس جاسۇسى ئەمەس، ئەمما بەكلا خىيالپەرەس بىر ئادەم ئىدى. شۇڭا ئۇ، بورھانوپقا ئالدىنىپ سوۋېت تەرەپكە ئېلىپ كېتىلگەن بولىشى مۇمكىن.

## گېنېرال ۋلاسوۋ ۋە رۇسىيە ئازاتلىق ئارمىيە پىلانى

ھىملېر، شۇ يىللىرى ئېس-ئېسچىلار قول ئاستىدا پائالىيەت قىلىدىغان ئىنتايىن كەڭ دائىرىلىك بىر ھەرىكەت پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۇتۇش قىلىدۇ. ھىملېرنىڭ بۇ پىلانى، ئاساسى جەھەتتىن بولشېۋىكچىلىككە قارشى كۆزقاراشلار ئاساسىغا قۇرۇلغان بىر ھەرىكەت پىلانى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ پىلانىدا پان ئىسلامچىلىق بىلەن تۈرك ئىتتىپاقى دەيدىغان نەزەرىيىلەرمۇ قوشۇمچە خىزمەت قىلىدىغان ئۆگىلەر قاتارىدا ئىشقا كىرىشتۈرىلەتتى. ئۇنىڭ بۇ پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كېرەكلىك بولغان رولچىلارنىمۇ ئاساسى جەھەتتىن تەييار دېيىشكە بولاتتى. بۇ رولچىلاردىن بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان، ئەڭ مۇھىم كىشى ھېساپلىنىدىغان ئادەم سابىق قىزىل ئارمىيە گېنېرالى ۋلاسوۋ دەيدىغان بىرسى ئىدى. ئۇلار بۇ كىشىنى نېمىسلار بىلەن بىرلىشىپ بولشېۋىك رۇسىيىسىگە قارشى جەڭ قىلىشقا ماقۇل كەلتۈرىشىدۇ. ۋلاسوۋ، ئەسلىدە كونا چار رۇسىيە ئارمىيىسىدە ئوفىسسېر بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەن بىر ھەربى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى بولشېۋىكلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش مەسىلىسىدە قايىل قىلىشمۇ ئۇنچە بەك قىيىنغا چۈشمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ، بۇنداق بىر ئىشتا ھەر قايسى مىللەتلەردىن بولغان بارلىق سوۋېت ئۇرۇش ئەسىرلىرى مىنىڭ قۇماندانلىقىم ئاستىدا بولىشى كېرەك دېگەن تەلەپنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ تۇرىۋالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاۋال ۋلاسوۋ ئۆزى بىۋاستە قۇماندانلىق قىلىدىغان بىر سىياسى كومىتېت قۇرۇلۇشى، شۇ ئاساستا رۇسىيە ئۇرۇش ئەسىرلىرىدىن تەشكىل تاپقان رۇسىيە ئازاتلىق ئارمىيىسىنى قۇرۇپ چىقىشقا توغرا كېلەتتى. ئاندىن ھەر قايسى مىللەتلەرگە تەۋە لېجيونلار بىلەن مىللى كومىتېتلار، بولشېۋىكلەرگە قارشى كۆزقارىشى ئاساسىدا قۇرۇلغان ۋلاسوۋ رەئىسلىكىدىكى كومىتېتقا قارايدىغان بولىشى لازىم ئىدى. بۇ ۋاقىتتا، ئەنگلىيىگە قارشى مەيدانى بىلەن داڭ چىقارغان قۇددۇس مۇپتىسى ئەل ھاج ئىمىن ھۈسەيىنىمۇ گېرمانىيىگە ئېلىپ كېلىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭغا دىرېسدېندا بىر ئىمام يېتىشتۈرۈش مەكتىۋى قۇرۇپ بېرىلگەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بولشېۋىك

رۇسىيىسگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغان مۇسۇلمان قىسىملار بىلەنمۇ ھەمكارلىق ئورنىتىش مەقسەت قىلىنماقتا ئىدى.

بۇ پىلان ئوتتۇرىغا قويۇلىشى بىلەن تەڭ، مىللى كومىتىت يېتەكچىلىرى ئارىسىدا قاتتىق نارازىلىق پەيدا بولىدۇ (تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى شەرق ئىشلار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ئوتتو براۋتىگام، 1968 ـ يىلىسى ئېلان قىلغان بىر ئەسلىمىسىدە، ئېس ـ ئېسچىلار بىلەن ۋلاسوۋ ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم تۈزۈلىشى بىلەن تەڭ، ئۇكرائىنا مىللى ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچىسى خېتمان سكوروپاتسكى، ئۇرۇس كازاكلىرىنىڭ گېنېرالى كراسنوۋ بىلەن م ت ب ك رەئىسى ۋەلى قېيۇمخان باشچىلىقىدىكى بارلىق مىللى تەشكىلاتلار بۇ لايىھىگە قەتئى قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى دەپ يازىدۇ. بۇ ئاپتور يەنە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ بۇنداق بىر لايىھىنى قوللىمايدىغانلىقىنىمۇ ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. ... — ئا.ھ. ئىزاھاتى). ھەرقايىسى مىللى يېتەكچىلەر بىر ئۇرۇس گېنېرالىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا تەشكىل قىلىنىدىغان بىر ئورگانغا قاتناشمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشىدۇ. ۋلاسوۋ پىلانى يېڭىدىن مۇزاكىرە قىلىنىۋاتقان پەيتلەردىلا «مىللى تۈركىستان» جورنىلى بۇنىڭغا قارشى بىر جامائەت پىكرى پەيدا قىلىشقا كىرىشكەن ئىدى:

> بىز رۇسىيە ـ بولشېۋىك جاھانگىرلىكى ۋە بۇ دۆلەتنىڭ دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە پائالىيەت قىلىش دېگەندەك گەپلەرنى قەتئى قوبۇل قىلالمايمىز. ...ياش تۈركىستانلىقلار ئارىسىدا بۇنداق بىر ھەمكارلىققا ماقۇل دەيدىغان ھېچكىم يوق.

ئوتتۇرىغا چىققان بۇ تۈر نارازىلىقلارغا قارىماي، بۇ پىلاننى ئوتتۇرىغا قويىۋاتقانلار بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا قەتئى چىڭ تۇرماقتا ئىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇرۇس بولمىغان مىللەتلەرنىڭ لېيجونلىرى ئىچىدە رۇسىيە ئازاتلىق ئارمىيىسى تەركىۋىگە قوشۇلۇپ كېتىشلىرى ھەققىدە كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات قانات يايدۇرۇلىدۇ. بۇنداق بىر ۋەزىيەتكە قارىتا م ت ب ك دىكلەرمۇ ئۆز پوزىتسىيىسىنى ئېنىقلاشقان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەشرىيات ئەپكارىغا تايىنىپ بۇنىڭغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ:

> ياۋرۇپادا ياشايدىغان ياكى ئەسىرگە چۈشكەن ئۇرۇسلار، ئۆز ۋەكىللىرىنى تۈركىستانلىق ياشلار تۇرغان چېدىرلارغا ئەۋەتىپ مىللى مۇستەقىللىق سىياسىتىمىز بىلەن مىللى ئىتتىپاقىمىزغا قارشى تۇرىدىغان گەپلەرنى تارقىتىپ يۈرمەكتە. بىزنىڭ ئۇلارغا بېرىدىغان جاۋابىمىز: بىز تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن جەڭ قىلماقتىمىز. بىزنىڭ گېرمانىيە تەرىپىدە تۇرۇپ ئۇرۇشقا

قاتنىشىۋاتقانلىقىمىزنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ مۇستەقىللىق ئۈچۈندۇر.

بىزدە ئىنتېرناتسيونالىزمچىلىق دەيدىغان ئالاھىدىلىك يوق. شۇ سەۋەپتىن بىزدە ئىنتېرناتسيوناللىق جاھانگىرلىك كۆزقارىشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ر ئو ئا نىڭ ئۇرۇس تۈپىرىقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرىشىگىمۇ قارشى ئەمەسمىز. ئەگەر ۋلاسوۋ ئۆز كۈچىگە، ئۆزىنىڭ ئۇرۇسلىرىغا تايىنىپ ئۆز خەلقىنى ۋە تۈپرىقىنى بولشېۋىكلاردىن ئازات قىلالىغىنىدا، بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالىسا، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز خەلقى ئۈچۈن ياخشى بىر ئىش قىلىپ بەرگىنى ھېساپلىنىدۇ. ... ر ئو ئا نىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن كىشىلەر بار بولغىنىدا ۋە بۇ كىشىلەر تۈركىستان ئەسكەرلىرىنى ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنغىنىدا، ھەتتا تۈركىستانلىقلارنىڭ بىلىكىگە تاقالغان «ئالLAھ بىز بىلەن» دېگەن يەڭ بەلگىسىنى چىقارتقۇزۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا ر ئو ئا بەلگىسىنى تاقاڭلار دېيدىكەن، ... بۇنداق دېگۈچىلەر بولشېۋىك جاسۇسلىرى ھېساپلىنىدۇ.

«مىللى تۈركىستان» باش ماقالىلىرىدا ئەكس ئەتكەن بۇ تۈر قاراشلار بىلەن م ت ب ك، يالغۇز بولشېۋىكلەرگىلا قارشى تۇرۇپ كەلگەن بولماي، رۇسيە جاھانگىرلىكىگىمۇ قارشى تۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ئوچۇق ئوتتۇرغا قويىۋاتقانلىقىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بۇ باش ماقالىلارنىڭ قۇرلىرىدا بۇنداق بىر سىياسەتنى ھىمايە قىلىدىغان تۈركىستانلىقلارغىمۇ ئەسكەرتىش بېرىلگەن. پروفېسسور مەندېنىڭ كېيىنكى يىللاردا ئىپادىلىگىنىدەك، كومىتېتلارنىڭ ئورتاق ئارزۇلىرى پەقەت بولشېۋىكلاردىنلا قۇتۇلۇش ئەمەس بەلكى ئۇرۇس ھاكىمىيىتىدىنمۇ قۇتۇلۇشنى تەلەپ قىلىش ئىدى. ئۆز مىللىتىنىڭ تولۇق مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىۋاتقان بۇ كىشىلەر بىر ئۇرۇس گېنېرالىنىڭ بويرىقى ئاستىغا كىرىپ قېلىشىنى ئەقىلغا كەلتۈرۈش ھەرگىزمۇ مۇمكىن بولىدىغان ئەھۋال ئەمەس ئىدى. ئەسلىدە بۇ مەسىلىدە نېمىس گېنېراللىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ بىرەر ئورتاق كۆزقاراشنىڭ يوقلىقى مەلۇم. جەنوبى سەپ كورپۇسلار قۇماندانى فېلدمارشال مانىنستېيىنىنىڭ دېپلومات درىكسېنگە يازغان بىر پارچە خېتىدە بۇ ھەقتىكى ئوخشىمىغان قاراشلىرىنى ئېنىق ئوتتۇرغا قويۇپ ئۆتكەن ئىدى:

ئۇرۇسلار بىلەن باشقا مىللەت خەلقلىرى بولشېۋىكلارغا قارشى كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەتكە ئاتلىنالىسا نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى. ئەمما ئۇلارغا ئورتاق بىر نىشاننى كۆرستىپ بېرىش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. ئۇلارنىڭ مەنپەئەت توقۇنۇشى ئۆز ئىچىدىمۇ چىگىشلىشىپ كەتكەن بولۇپ، خېلى ۋاقىتتىن بېرى بىزنىڭ مەنپەئەتلىرىمىزگىمۇ زىت بولۇپ كەلمەكتە. پارچىلىۋېتىش ئۈچۈن كۈچ

چىقىرىش ئىشىنى بۇرۇنلا ئوتتۇرغا قويۇش، ئەڭ مۇھىمى ئىشغال قىلىنغان يەرلەردە مۇۋاپىق بىر شەكىلدە ئۆز غايىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش، ئەڭ توغرا يول تۇتقانلىقىمىز بولىدۇ.

بۇ ھادىسىلەرنىڭ كۆرۈلىشىگە قارىماي، ئېس-ئېسچىلار رەھبەرلىكى بۇ ھەقتىكى قارىشىدا چىڭ تۇرىدۇ ۋە بۇ ھەقتە ئۇرۇنۇشلىرىنى توختاتماي داۋام قىلىپ بارىدۇ. ۋەلى قېيۇمخان بۇ لايىھىگە ئەڭ كۈچلۈك قارشى تۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بولغان سىياسى بېسىمى كۈندىن كۈنگە كۈچىيىپ بارىدۇ.

## تۈركىستان مىللى ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى

1944-يىلى گېرمانىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا يىمىرىلىش يولىغا قاراپ تېزلىكتە ئىلگىرلەۋاتقانلىقى، ئۇرۇشتا پۈتۈن سەپلەر بويىچە يېڭىلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئوتتۇرغا چىقىشقا باشلىغان بىر يىل ئىدى. شۇندىن باشلاپ نېمىس رەھبەرلىرىنىڭ غالىپلارچە كۆرەڭلىك قىلىشلىرى بىلەن سۆزلىشىپ مەسىلە ھەل قىلىشقا قەتئى يېقىن يولىماسلىقتەك ئىرادىلىرى يوقۇلۇشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئالدىغا كەلگەن پۈتۈن پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىشنى، يارىشىپ قېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان كۆزقاراشلار دەسسىمەكتە ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، مىللى كومىتېتلار تېخىمۇ ئەركىن پائالىيەت قىلالايدىغان ھالغا كەلگەن ئىدى. بۇنداق بىر مۇھىت ئىچىدە ئۆزىنىڭ سىياسى ئاساسىنى پۇختىلىۋېلىشنى ئويلىغان م ت ب ك، 8~10-ئىيول كۈنلىرى ئۈچ كۈنلۈك بىر قۇرۇلتاي چاقىرىش قارارىنى ئالىدۇ.

قۇرۇلتاي يېرى ئۈچۈن ۋىيېنا تاللىنىدۇ. بۇ قۇرۇلتايغا ئالدىنقى سەپتىكى قىسىملاردىن، تۈركىستان لىجونلىرىدىن ھەممە م ت ب ك دىن سايلانغان 537 نەپەر ھەيئەت ئەزا قاتناشقان بولۇپ، قۇرۇلتايغا جەمئى 36 پارچە دوكلات سۇنۇلىدۇ. ۋەلى قېيۇمخان ئېچىلىش نۇتقىدا قۇرۇلتاينى «مىللىي مەجلىس» («مىللى قۇرۇلتاي» — ئۇ.ت) دەپ تەرىپلەيدۇ. قۇرۇلتاي بويىچە ۋلاسوۋ كومىتېتىنى ئېتىراپ قىلماسلىق، ئۇنىڭغا قاتناشقانلارنى ۋەتەن خائىنى دەپ ھېساپلاش ھەممە رۇسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ھەرقانداق بىر تۈرىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان قارارلار قوبۇل قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇرۇسلارنىڭ تۈركىستاننى بىر قانچە جۇمھۇرىيەتلەرگە پارچىلىۋېتىش سىياستى رەت قىلىنىپ، پەقەت بىرلا ۋە ئەركىن تۈركىستان بولىشى قوبۇل قىلىنغان، يېڭىدىن قۇرۇلغان تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرى ئېتىراپ قىلىنمايدىغانلىقى تەكىتلەنگەن ئىدى. تۈركىستاندا يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان

دۆلەت ــ ئەركىن ئىقتىسادى تۈزۈمنى يولغا قويغان مەدەنىيەتلىك تۈزۈم بىلەن باشقۇرۇلىدىغان ۋە دىنى ئەركىنلىك قاتارىدىكى ئاساسلىق پىرىنسىپلارغا ئاساسلىنىدىغان بىر تۈزۈم قوبۇل قىلىنىدۇ دەپ قارار قىلىنىدۇ. ھاكىمىيەت تارتىپ ئېلىنغاندىن كېيىن تۈركىستاندا كومپارتىيە چەكلىنىدىغان بولىدۇ. قۇرۇلتاي ئۆزىنى قوقان ۋە ئالاش ئوردا ھۆكۈمەتلىرى بىلەن 1922-يىلقى تۈركىستان تۈرك مۇسۇلمانلىرى قۇرۇلتىيىدىن كېيىنكى تۆتىنچى قېتىملىق قۇرۇلتاي دەپ قوبۇل قىلىشىدۇ.

بىردىن-بىر نامزات كۆرسىتىش پىرىنسىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان سايلامدىن كېيىن، ۋەلى قېيۇمخان قايتىدىن رەئىسلىككە سايلىنىدۇ. رەئىس تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن 13 كىشى كومىتېت ئەزالىقىغا سايلىنىپ، ئۇلاردىن 7 نەپىرى باشقارما باشلىقى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. بۇ كىشىلەر دوكتور باي مىرزا ھېيتى، دوكتور سەئىت كېرىمى، ئەرگەش شىرمەت، سەتتار ئالمانبەك، ئا. زاۋكىيې، روشەنبەك ۋە ئايتباي قاتارلىقلار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە 70 كىشىلىك بىر مىللى قۇرۇلتاي تەشكىل قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، چەتئەلدە تۇنجى قېتىم بىر تۈركىستان ھۆكۈمىتى ۋە تۈركىستان قۇرۇلتىيى تەشكىللەنگەن ھېساپلاندى. ئادولف ھىتلېرنىڭ قۇرۇلتاينى تېلېگراف يوللاپ تەبرىكلىگەنلىكى ۋە ۋەلى قېيۇمخانغا بىر مېدالىيون تەغدىم قىلغانلىقى گېرمانىيە رەھبەرلىكىنىڭ ئېتراپ قىلىنىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرسىتىش جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

1945-يىلىنىڭ 24-مارت كۈنىسى ئوستمىنىستىرىيۇم، مىللى تۈركىستان ئىتتىپاق كومىتېتىنى «ۋاقىتلىق تۈركىستان مىللى ھۆكۈمىتى» دەپ ئېتراپ قىلغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. تۈركىستان لېگيونىمۇ رەسمى تۈردە «تۈركىستان مىللى ئارمىيىسى» دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ ئارىدا، قالغان مىللەتلەرنىڭ ۋاكالەتچىلىرىمۇ مىللى كومىتېت سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئىدى. مىللى ھۆكۈمەت سالاھىتىگە ئېرىشكەن م ت ب ك گە يەنە گېرمانىيە ۋە ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت قۇرۇش ھوقۇقىمۇ بېرىلگەن ئىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى بويىچە نېمىسلار بىلەن بىرگە جەڭ قىلغان مىللەتلەردىن پەقەت مىللى تۈركىستان ئىتتىپاقى كومىتېتىغىلا مىللى ھۆكۈمەت دەرىجىسى بېرىلگەنلىكى، بۇ قارارنىڭ بەكلا كېچىكىپ قوبۇل قىلىنغانلىقى سەۋەبىدىن بىرەر ئەمەلى قىممىتىنىڭ يوقلىقىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، چەتئەلدە رەسمى ئېتراپ قىلىنغان بىردىن-بىر تۈركىستان ھۆكۈمىتى بولۇش نوقتىسىدىن ئالغاندا، بۇ ھۆكۈمەت ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ھۆكۈمەت ھېساپلىنىدۇ.

# مۇقەررەر ئاقىۋەت

1944-يىلىنىڭ 14-نويابىر كۈنىسى، ۋلاسوۋنىڭ رۇسىيە خەلق ئازاتلىق كومىتېتى (ك ئو ن ر، كومىتېت ئوسبوۋوژدېنىيا نارودو روسسى ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندۇ. شۇنىڭدەك يەنە بۇ كومىتېتقا قاراشلىق رۇسىيە ئۇرۇش ئەسىرلىرى ۋە شەرق ئىشچىلىرىدىن تەشكىل تاپقان «روسىيە ئازاتلىق ئارمىيىسى» (ر ئو ئا، رۇسكايا ئوسۋوبدىتېل نىيا ئارمىيا ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) مۇ قۇرۇلغان ئىدى. ئېس-ئېسچىلار لىدېرى ھىملېر، شەرق ئىشلىرى مىنىستىرى روسېنبېرگنى قىستاپ يۈرۈپ ئۆزىنىڭ لايىھىسىنى قوبۇل قىلغۇزۇپ، پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھىملېر بىلەن روسېنبېرگ ئىككىسى ۋلاسوۋ بىلەن كېلىشىپ، بۇ ئىشنى رەسمى ھۆججەت شەكلىدە كەلتۈرىۋالىدۇ. ئېلان قىلىنغان بۇ توختامنامىنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرى تۆۋەندىكىچە ئىدى:

روسىيە بولشېۋىكلاردىن ئازات قىلىنغاندىن كېيىن روسىيە بىر مۇستەقىل دۆلەت ھالىغا كەلتۈرۈلىدۇ، دۆلەت تۈزۈمىنى خەلق ئۆزى بەلگىلەيدۇ. 1939-يىلىدىن بۇرۇنقى روسىيە چېگرىسى كۆچكە ئىگە قىلىنىدۇ، ... قىرىم ئۆزئالدىغا مۇستەقىل بىر رايون ھالىغا كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇرۇس كازاكلىرىغىمۇ ئەڭ يوقۇرى دەرىجىدە سىياسى مۇستەقىللىق بېرىلىدۇ؛ ئۇرۇسلاردىن باشقا خەلقلەرگە ئەڭ ئالىي مەدەنىي ئاپتونومىيە بېرىلىدۇ.

ھىملېرنىڭ بۇ پىلانىدا تۈركىستان، ئىدىل ئۇرال ۋە قىرىم كومىتېتلىرى شەرقى تۈرك شۇراسىنى، ئەزەربەيجان، شىمالى كاپكازىيە، گروزىيە ۋە ئەرمەنىيە قاتارىدىكى كومىتېتلار بولسا كاپكاز شۇراسىنى تەشكىل قىلىدىغان، كېيىنچە بۇ ئىككى شۇرا بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر پۈتۈن فىدراتىپ دۆلەت شەكلىدە ك ئو ن ر غا قارايدىغان قىلىنغان.

ئەمما، بۇنداق بىر قارارغا ۋەلى قېيۇمخان باشچىلىقىدىكى بارلىق مىللىي كومىتېت يېتەكچىلىرى قەتئىي قارشى چىقىدۇ. ۋەلى قېيۇمخان، ۋلاسوۋ كومىتېتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن سۈركىلىشلەرنى تۇنۇشتۇرۇپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ:

ئېس-ئېسچىلار يېتەكچىلىرى بىزنى ۋلاسوۋ بىلەن بۇ ھەقتە كۆرۈشۈشىمىز لازىملىقىنى، بۇ ھەقتە سۆزلىششىمىز لازىملىقىنى ئېيتتى. مەن، گروزىيە

ۋاكالەتچىسى كېدىيا ۋە يەنە بىر گېستاپو ئەمەلدارى بىلەن بىرگە ۋلاسوۋلارنىڭ مەركىزىگە باردىم. ئۇ يەردىكى زال ئىچى ئۇرۇسلار بىلەن لىق تولغان ئىكەن. بىز ئىچىگە كىردۇق. كېدىيا بىرىپ ۋلاسوۋ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشمىدىم. ۋلاسوۋ بىزگە ئۆزىنىڭ پىلانىنى تونۇشتۇرۇپ نۇرغۇن گەپلەرنى قىلدى. ۋلاسوۋغا تەۋە ئەسكەر سانى بەكلا ئاز ئىدى. شۇڭا ئۇ بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزدىنمۇ پايدىلانماقچى بولۇۋاتقانىكەن. مەن ئۇنىڭ گېپى تۈگىگەندىن كېيىن سۆز ئېلىپ دېدىم: "بىز سىزنىڭ بۇ كومتىتىڭىزنى ئېتىراپ قىلمايمىز. شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ سىزلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە پائالىيەت قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس." گروزىن كېدىيامۇ مەن دېگەندەك گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىن قايتىپ چىقتۇق. ... ئەتىسى، مەن ياردارلار تۇرىۋاتقان بىر مەركەزى لاگىرنى زىيارەت قىلىپ كېلىشكە كېتىۋاتقىنىمدا، ئۇدۇلىمىزدىن كېلىۋاتقان بىر قاراماشىنا كېلىپ مەن ئولتۇرغان پىكاپنى پەستىنكى يارغا ئۇرۇپ چۈشىرىۋەتتى. مەن بۇ سۇيىقەستتىن ياردارلىنىپ بىر ئاي بالنىستا داۋالاندىم. پەرىزىمچە بۇ ۋەقەنى گېستاپو پىلانلىغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلار، مېنىڭدىن قۇتۇلسىلا ئۆزلىرىنىڭ پىلانىنى توسالغۇسىز ئىشقا ئاشۇرالايمىز دەپ ئويلاشسا كېرەك. لېجيوندىكى جەڭچىلىرىمىز نېمىسلارغا: "ئەگەر بىزنى ۋلاسوۋغا قوشۇلۇپ كېتىڭلار دەپ زورلايدىغان بولساڭلار، ئۇ چاغدا بىزمۇ سىلەرگە قارشى جەڭ قىلىمىز" دەپ چىڭ تۇرۇغاچقا، نېمىسلارمۇ بۇ نىيىتىدىن ياندى. نېمىسلار، ئوتتۇرلۇقتا ۋلاسوۋ پىلانى يولغا قويۇلىۋاتقان بۇ جەرياندا بىزنى ئۆز ئىختىيارىمىزغا قويۇپ بەردى. ئەمما ئېس-ئېسچىلار تەۋەسىدىكى غۇلام ئالىم كوماندىرلىقىدىكى تۈركستان پولكىنى ۋلاسوۋنىڭ تەشكىلاتىغا قارايدىغان قىلىشقان ئىدى. بۇ ئەھۋال ئەسكەرلەر ئارىسىدا بەكلا قاتتىق غۇل-غۇلا پەيدا قىلىۋەتتى. شۇڭا نۇرغۇن ئەسكەرلەر غۇلام ئالىمنىڭ ئەسكەرلىرى غۇلام بىلەن بىرلىكتە باندىتلار سېپىگە قوشۇلۇپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

راس دېگەندەك، بىر ئۇرۇس گېنېرالىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا تۇرۇپ جەڭ قىلىش، ئۇرۇستىن باشقا مىللەتلەرگە تەۋە ئەسكەرلەر ئۈچۈن بەكلا ئېغىر كېلەتتى. ئېس-ئېسچىلار رەھبەرلىكى بۇ تۈردىكى ئاخماقانە بەلگىلىمىدە چىڭ تۇرىۋېلىشى سەۋەبىدىن، ئېس-ئېسچىلار تەشكىلاتى تەۋەسىدىكى تۈركىستانلىق ئەسكەرلەردىن 900 دەك ئەسكەر سوۋېتلەر تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ تۈردىكى ئۆتۈپ كېتىشلەر ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىرى ۋاففېن ئېس-ئېستىكى تۈرك پولكى كوماندىرى، ئۇرۇش قەھرىمانى بولغان غۇلارم ئالىمنىڭ 200 دەك ئەسكىرى بىلەن چېخسلوۋاكىيىدىكى كوممۇنىستلار پارتىزانلىرىغا قوشۇلۇپ كېتىش ۋەقەسى

ھېساپلىنىدۇ (كاروي، «ئىشغال قىلىنغان زېمىنلار»، 346-بەت. پاترىك فون مۈھلېن، «كىرىست بىلەن قىزىل يۇلتۇز ئوتتۇرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە بۇ رەقەمنى 400-500 ئەتراپىدا دەپ كۆرسىتىدۇ. — ئا.ھ. ئىزاھاتى). م ت ب ك رەئىس مۇئاۋىنى دوكتور بايمىرزا ھېيتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن خۇسۇسىي سۆھبەت جەريانىدا بۇ ۋەقەنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىدۇ:

ۋلاسوۋنىڭ رۇسىيە خەلق ئازاتلىق كومىتېتى رەسمى قۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ، ئېس-ئېسچىلار تەۋەسىدىكى قىسىملارنىمۇ ۋلاسوۋ كومىتېتىغا قارايدىغان قىلىشقان ئىدى. بۇ ئەھۋال، رۇس بولمىغان مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ تۈركىستانلىق ئەسكەرلەرنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىغان ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا چېخسلوۋاكىيىدە كومۇنىستلار پارتىزانلىرىغا قارشى جەڭ قىلىۋاتقان پولكوۋنىك غۇلام ئالىم مېنى يېنىغا چاقىرتتى. دېكابىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، يەنى ك ئو ن ر نىڭ قۇرۇلۇشىدىن بىرەر ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەن بىر ۋاقىتلاردا غۇلام ئالىم تۇرغان مىياۋا شەھىرىگە باردىم. سۆزلىشىش جەريانىدا غۇلام، ئەگەر ۋلاسوۋنىڭ قوماندانلىقىغا ئۆتۈش ھەققىدىكى بۇيرۇق ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايدىكەن، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈمىز دەپ كېسىپ ئېيتتى. ئاخىرىدا مېنىڭ بېرىپ مەسئۇل كىشىلەر بىلەن ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم ئۇلارنىڭ تەلىپىنى يەتكۈزۈپ بېقىشىمنى قارار قىلىشتى. بۇنىڭغا ئوخشايدىغان قىيىنچىلىق ئەزەربەيجانلىق ئەسكەرلەردىمۇ بار ئىدى. ئەزەربەيجان كومىتېتىنىڭ رەئىسى فەتخالى ئەپەندى بىلەن بىرگە شەرق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ مەسئۇلى، ئېس-ئېسچىلار گېنېرالى بەرگېرنىڭ قېشىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتتۇق. ئەمما بەرگېر بۇ قاراردىن يانغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بەرگەن پىكىرلىرىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، غۇلام ئالىم نېمىسلار بىلەن توقۇنۇشۇپ، بىر مۇنچە نېمىس ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ قوماندانلىقىدىكى بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ باندىتلار سېپىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

بۇ ۋەقە، ئېس-ئېسچىلارنىڭ بارلىق پىلانلىرىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ۋلاسوۋ يېتەكچىلىكىدە بولشېۋىكلارغا قارشى بىر بىرلەشمە ئارمىيە تەشكىل قىلىش لايىھىسى ئېغىر زەربىگە ئۇچرايدۇ (غۇلام ئالىم ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتكەن بولۇپ، ئەنجان شەھىرىدە نېفىت تېخنىكومىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. سوغۇق ئۇرۇش يىللىرىدا رادىئولاردا تەشۋىقات نۇتۇقلىرى سۆزلەپ يۈرىدۇ. بايمىرزا ھېيتى غۇلام ئالىمنى 1961-يىلىسى لوندوندا ئۇچراتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. گېنېرال ۋلاسوۋ بولسا ئۇرۇسلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ موسكۋاغا ئېلىپ كېتىلىپ، ۋەتەن خائىنى دېگەن

جىنايەت بىلەن سوتلاپ ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئېتىپ تاشلايدۇ. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

1945-يىلىنىڭ ئافرىل كۈنلىرى، ئۇرۇش ئاياغلىشىشقا ئاز قالغان كۈنلەردە م ت ب ك ئۈچۈن كۆتۈلمىگەن بىر ۋەقە يۈز بېرىدۇ. قارىس قانات باي (قارىس قانات باي 1911-يىلى قازاقىستاندا تۇغۇلغان. مىنىرالوگىيە ئىنژېنېرى بولۇپ قازاقىستان ۋە تاتارىستانلاردا ئىشلىگەن. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىللىرىدە نېمىسلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ تۈركىستان لېيجونىغا قېتىلغان. م ت ب ك نىڭ سېكرېتارى بولغان. كېيىنچە كومىتېتتىن چىقىپ كېتىپ تۈرك ئېلى گۇرۇھىنى تەشكىل قىلىدۇ. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) باشچىلىقىدا ئۆكتىچى بىر گۇرۇپ م ت ب ك دىن چىقىپ كېتىپ تۈركىستان شۇراسىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ شۇرانىڭ رەئىسلىكىگە قارىس قانات باي، مۇئاۋىنىغا ئەخمەت ئۆمەرجان تەيىنلىنىدۇ. بۇ گۇرۇپنىڭ قالغان ھەيئەتلىرى ھەسەن قايغىن، ئەسمبات غەيرەتى ۋە رەھىم بۇرھانزادە قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ شۇرا قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ۋلاسوۋ يېتەكچىلىكىدىكى رۇسىيە خەلقلىرىنى ئازات قىلىش تەشكىلاتىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. ئەمما بۇ كۈنلەردە ئۇرۇش ئاخىرلىشىۋاتقان كۈنلەر بولۇپ، نېمىس ھاكىمىيىتى پۈتۈنلەي يىمىرىلىۋاتقان بىر ۋاقىتلار ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ۋلاسوۋچىلارغا قوشۇلۇپ كېتىش قارارى پۈتۈنلەي ئاتاقتا قوشۇلۇشتىن ئارتۇق بىرەر مەنىگە ئىگە ئەمەس ئىدى.

ئۇرۇش ئاخىرقى كۈنلەرگە كېلىپ قالغانىدى. مىللى كومىتېتلارنىڭ يېتەكچىلىرى باشقا دۆلەتلەرگە قېچىپ كېتىشنىڭ كويىدا ئىدى. نېمىس دائىرىلىرىمۇ ئۇلارغا قىلچە توسالغۇلۇق قىلىشمايدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ چەتكە چىقىشلىرى ئۈچۈن لازىم بولغان بارلىق تونۇشتۇرۇشلارنى تەل قىلىپ ياردەمدە بولىدۇ. ئەزەربەيجان كومىتېتىنىڭ رەئىسى فەتخالى ئەپەندى مىسىرغا، شىمالى كاپكاز كومىتېتى يېتەكچىسى ئەلخان قانتۆمۈر بىلەن گىروزىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى كېيىنيا شۋېتسارىيىگە يولغا سېلىۋېتىلگەنىدى. ۋەلى قېيۇمخان بولسا، كومىتېت ھەيئىتىدىكى دوستلىرى بىلەن بىرگە نىمە كۈننى كۆرسە بىرلىكتە كۆرۈش ئىرادىسىغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، گېرمانىيىدىن ھېچ يەرگە كەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، گېرمانىيىدىن چىقىپ كېتىشى ھەققىدىكى بارلىق تەكلىپلەرنى رەت قىلىدۇ.

## ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىشى ۋە نيۇرنبېرگ سوتى

گېرمانىيە تەسلىم بولۇشتىن بىر ئاي ئاۋال، يەنى ئۇرۇش بېرلىن كوچىلىرىدا داۋاملىشىۋاتقان كۈنلەردە، بىر قىسىم م ت ب ك ئەزالىرى تۈركىستانلىق لېيجونلار تەرىپىدىن مۇھاپىزەت قىلىنىۋاتقان مارىيېنباد بازىرىدا (ئۇ يەر بۈگۈن چېخ چېگراسى

ئىچىدە قالغان بولۇپ، ئۇ يەرگە مارىيېنسكا لازنا دەپ نام بېرىلگەن. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) ئۈچرىشىش ئۆچۈن بېرلىندىن ئايرىلدۇ. يەنە بىر گۇرۇپ كىشىلەر ئىتالىيىگە، 162 ـ تۈركىستان تۈمەنى تۇرىۋاتقان جايلارغا ئىۋەرتىلدۇ (ھۈسەيىن ئىكرام، سەئىد كېرىمى، روزى نەزەرلەر بۇ گۇرۇپتا ئىدى. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

بۇنىڭدىن سەل ئاۋال م ت ب ك غا قارشى ئۆكتىچىلىك بايرىقىنى كۆتۈرۈپ تەشكىلدىن چىقىپ كەتكەن، كېيىن تۈركىستان شۇراسىنى قۇرغان ئۆكتىچى گۇرۇپ ئەزالىرى بولسا شتۇتگارت تەرەپكە قاراپ يولغا چىققانىدى (قارەس قانات باي، ئۆمەر ئەخمەتجان، ئەھەت سەلىمى قاتارلىقلار ــ ئا. ھ. ئىزاھاتى). مارىيېنباد بازىرىنى مەركەز قىلىپ تالللىۋېلىشتىكى ئاساسلىق سەۋەپ، بۇ يەردىكى نېمىس قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى گېنېرال ۋېرنېر بىلەن شەھەر قۇماندانى مايور ھېيپېلنىڭ م ت ب ك بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى بولغان ھەربىلەردىن بولغانلىقى ئىدى. ۋەلى قېيۇمخان، مۇئاۋىنى دوكتور بايمىرزا ھېيتى بىلەن بىرگە بۇ شەھەرگە بېرىۋالدۇ. بۇ شەھەر بازىرى ئامېرىكا بىلەن روسىيە ئارمىيىسى ئىشغال قىلغان يەرلەرنىڭ كېسىشكەن نوقتىسىغا جايلاشقان بىر يەرگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ماي ئېيىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە روسىيە قوشۇنلىرى بۇ يەرگە 14 كىلومېتىردەك يېقىنلاپ كەلگەن بولۇپ، چېخ قىزىللار پارتىزانلىرى ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ تۇرماقتا ئىدى. 5 ـ ماي كۈنىسى ئامېرىكا قوشۇنلىرى بۇ جاينى ئىشغال قىلدۇ. ۋەلى قېيۇمخان ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ قۇماندانىغا ۋە س ئى س (كونتېر ئىنتېللىگېنس كورپۇس، جاسۇسلۇققا قارشى ئاخبارات قىسمى ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) مەسئۇلىنىڭ ئالدىغا بېرىپ م ت ب ك تەشكىلاتى بىلەن ئۇنىڭ سىياسى ئورنى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. س ئى س مەسئۇلى بولغان كىشىنىڭ كونا كاپىكازىيىلىك كۆچمەن بولغان بىر ئامېرىكىلىقنىڭ ئوغلى بولىشى قېيۇمخاننىڭ دوكلاتىغا قۇلاق سېلىشى ئۈچۈن ھەققەتەنمۇ بىر تەلەي ھېساپلىناتتى. بۇ جەرياندا ئىۋەرتىلگەن كومىتىتقا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار ئامېرىكا ئارمىيىسى قۇماندانلىق شتابى تەرىپىدىن مۇھاكىمە قىلىنىپ ئېيزىنخاۋېرنىڭ ئىمزاسى بىلەن قېيۇمخاننىڭ قولغا ئېلىنىشى ھەققىدىكى بويرۇق كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، 22 ـ ماي كۈنى ۋەلى قېيۇمخان م ت ب ك ئەزالىرى ۋە يەنە بىر قىسىم ھەربى مەسئول كىشىلەر (تەخمىنەن 120 دەك كىشى) بىلەن بىرگە قولغا ئېلىنىدۇ. مارىيېنباد شەھەر ئەتراپىدىكى تۈركىستانلىق ئەسكەرلەر بولسا يۈك پويىزلىرىغا ئولتارغۇزۇلۇپ رۇسىيىلىك مەسئۇل كىشىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىلىش ئۈچۈن سوۋېتلەرنىڭ ئىشغال قىلىۋالغان پراگاغا يولغا سېلىنماقتا ئىدى. قولغا ئېلىنغان م ت ب ك ئەزالىرىنىڭ قولىدا گېرمانىيە تەستىقلىغان مۇھاجىرلىق تونۇشتۇرۇشلىرى بار بولۇپ، ئۇلار پۇخرا خىزمەتچىلەر دەپ كۆرسىتىلگەن ئىدى. شۇڭا ئۇلار ھەققىدە بىۋاستە قولغا ئېلىش بويرىقىمۇ يوق ئىدى. ۋەلى قېيۇمخان قولغا ئېلىنىش ۋاقتىدا ئېھتىيات ئۈچۈن نازارەت ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇلماقتا ئىدى.

ۋەلى قېيۇمخاننىڭ تەلىۋى، شۇنىڭدەك س ئى س مەسئۇلىنىڭ ئىجابى تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە كومىتېت ئەزالىرى گېرمانىيىگە قايتىشى ئۈچۈن رۇخسەت قىلىنىپ قويۇپ بېرىلىدۇ.

كومىتېت ئەزالىرى كېتىشى بىلەن تەڭ، گېنېرال ئەيزىنخاۋېر تەرىپىدىن قول قويۇلغان يەنە بىر بۇيرۇق كېلىپ، ۋەلى قېيۇمخاننى روسىيىلىكلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپ قىلىنغان ئىدى. دەل شۇ پەيتتە، چېخ پارتىزانلىرى ۋەلى قېيۇمخان نازارەت ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇلغان جايغا بىر قېتىملىق سۇيىقەستلىك ھۇجۇم قوزغايدۇ. مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان بۇ سۇيىقەستلىك ھۇجۇم ئەسلىدە قېيۇمخاننىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قېلىشىغا سەۋەپ بولغان بىر ۋەقە ئىدى. شۇ ۋەقەدىن كېيىن، ئامېرىكىلىقلار قېيۇمخاننى ئۇرۇسلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش نىيىتىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇلارنى ئاۋال پىلسەن شەھرىگە، كېيىن يەنە نيۇرېنبېرگ شەھرىگە ئېلىپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ۋەلى قېيۇمخاننىڭ ئىككى يىلدەك داۋاملىشىدىغان سوراققا تارتىلىش، سوتلىنىش ۋە تۈرمىدە يېتىش دەۋرى باشلىنىدۇ.

ئىتتىپاقداشلار ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن يالتا كېلىشىمىگە ئاساسەن، ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن ھەر بىر دۆلەت ئۆزىنىڭ ۋەتەنداشلىرىنى قايتۇرۇپ ئالىدىغان بولىشى كېرەك ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، فرانسىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئارمىيىسىگە ئەل بولغان بارلىق سوۋېت ۋەتەنداشلىرى تۈركۈم-تۈركۈملەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇلماقتا ئىدى. بۇ قايتۇرۇلغان سوۋېت يۇرتداشلىرى سوۋېت تەرەپكە تاپشۇرۇلىشى ھامان ئۇجۇقتۇرىۋېتىلىدۇ. جېنىنى ساقلاپ قالالىغان ئىنتايىن ئاز بىر قىسىملىرى 20-25 يىلدىن كېسىلىپ سىبىرىيىگە سۈرگۈنگە ھەيدەلدى. بۇنداق جازالاش بىلەن ئون مىڭلىغان تۈركىستانلىق ئۆلتۈرىۋېتىلىدۇ. داچياۋ ئەتىراپىدا قايتۇرۇلۇش ئۈچۈن بىر ئۆيگەغا قامالغان 30 دەك تۈركىستانلىق ئوفىسسېر رۇسىيىلىكلەرنىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۆزلىرىنى بىنا بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈېلىشىدەك ۋەقەلەر بۇ تۈر تراگېدىيىلەرنىڭ پاجىئەلىك ئۆلگىلىرىنى نامايەن قىلماقتا ئىدى. 1943-يىلى شەرقى فرونتتىن ئىتالىيە ئۇرۇش سېپىگە يۆتكەلگەن 162-تۈركىستان دىۋىزىيىسى ئامېرىكا قوشۇنلىرىغا ئەل بولغان ئىدى. تەسلىم بولغان بۇ دىۋىزىيىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى پاراخوتلار بىلەن دېڭىز يولى ئارقىلىق توشۇلۇپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇلىدۇ (بۇ ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى توشۇپ ماڭغان پاراخوتلار تۈركىيىنىڭ چاناق قەلئە ۋە ئىستانبۇل بوغازلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىرىدا بىر قىسىم ئەسىرلەر پاراخوتتىن ئاتلاپ قېچىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، تۈركىيە دائىرىلىرى تەرىپىدىن قايتا تۇتۇلۇپ ئۇرۇسلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

چارە ئىشلىتىپ گېرمانىيىدە قويۇپ بېرىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىگەنلەرنىڭمۇ بېشىدا ھەر دائىم ئۇۋلىنىش پاجىئەسى بار ئىدى. بارلىق نېمىس شەھەرلىرىدە

ئامېرىكا، ئەنگىلىيە، فرانسىيە ۋە رۇسىيە ھەربىلىرىدىن تەشكىل تاپقان تۆتتىن- تۆتتىن تەشكىل قىلىنغان گۇرۇپپىلار ھەربى ماشىنىلىق شەھەر ئىچىنى قېزىپ يۈرىشەتتى. ئۇلار قارا چاشلىق، شەرقلىق ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرغان ئادەملىرىنى كۆرگەنلا يېرىدە ئۆلتۈرەتتى. بۇ ئۇسۇل بىلەن قولغا چۈشكەن كونا سوۋېت ۋەتەنداشلىرى دەرھال ئۇرۇس ھەربىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىلەتتى. ئەنە شۇ يولدا تۇتۇلۇپ قالغان ئەخمەتجان ئۆمەرخان بىلەن سۇلتان مۇراتتىن ئىبارەت ئىككى نەپەر م ت ب ك ئەزاسى ئۆزلىرىنى تۈركىيە تۈركلىرىدىن ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈپ يۈرۈپ ئاران جېنىنى ساقلاپ قالالىغانلاردىن ئىدى.

م ت ب ك مۇئاۋىن رەئىسى بايمىرزا ھېيتى بىلەن بىر قىسىم ئەزالار نيۇرېنبېرگ ئارقىلىق ميۇنخېنغا كېلىۋالغان ئىدى. ئۇلار ميۇنخېندىكى ھەربى قاچقۇنلىرىغا ياردەم قىلىش لاگىرلىرىدا بىر مەزگىل ياشايدۇ. رازاق باقى، بۇرھاندىن قاسىم ۋە قادىربەك قاتارىدىكى كومىتېت ئەزالىرى ئۇلاردەك تەلەيلىك ئەمەس ئىدى. ئۇلار سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ ئارىدا م ت ب ك ئەزالىرى تۈركىيە باش قوماندانلىق شتاۋىنىڭ 8-ئامېرىكا ئارمىيىسى تەۋەسىدە تۇرىۋاتقان ۋاكالەتچى يۈزبېشى (كاپىتان، شاڭ ۋېي — ئۇ.ت) ئىخسان ئۈنبسان بىلەن ئالاقىلىشىپ تۈركىستان لېيجونى ئوفىسسېر-ئەسكەرلىرىنىڭ تۈركىيە تەرىپىدىن ئۆتكۈزىۋېلىنىشى ئۈچۈن ئىلتىماس سۇنىدۇ. ئۈنبسان بۇ ئىلتىماسنى م ت ب ك تەرىپىدىن بېرىلگەن تىزىملىك بىلەن بىرگە قوشۇپ ئەنقەرەگە ئەۋەرتكەن بولسىمۇ، ئەنقەرە ھۆكۈمىتى تەرەپتىن ھېچقانداق بىر تىۋىش چىقمايدۇ.

ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ بىر مەزگىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئىشغال قىلىۋالغان ئەللەردە ئۇلارغا بېقىنىدىغان قورچاق ھۆكۈمەتلەر تىكلەيدىغانلىقى ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ. دېمەك ئۇرۇسلار كومۇنىزمنى ياۋروپاغا كېڭەيتىش نىيىتىدە ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا ئەيزىنخاۋېر ئېلان قىلغان يەنە بىر بۇيرۇق بىلەن تۇتۇلغان سوۋېت ۋەتەنداشلىرىنىڭ سوۋېتلەرگە قايتۇرۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. ئەمما بۇ بۇيرۇق ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇن يۈزمىڭلىغان ئەسىر سوۋېتلەر تەرەپكە قايتۇرۇپ بولۇنغان ئىدى. بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن، گېرمانىيىنىڭ غەرپلىكلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان قىسىملىرىدا 6-7 مىڭدەك تۈركى ئىرقىدىن بولغان ئۇرۇش ئەسىرلىرى ساقلىنىپ قالغان. بۇلاردىن بىرەر مىڭدەكى تۈركىستانلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا م ت ب ك ئەزالىرىمۇ بار ئىدى.

1941-يىلىدىن باشلاپ قولغا چۈشكەن 400000 مىڭ ئەتىراپىدىكى تۈركىستانلىق ئۇرۇش ئەسىرلىرىنىڭ تەغدىرىنى، مىللى تۈركىستان ئىتتىپاقى كومىتېت ئەزاسى ئېرگەش شىرمەت رەسمى تۈردە مۇنداق خۇلاسىلايدۇ:

ئۇرۇش جەريانىدا نېمىسلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەن ياكى ئۇلارغا ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ يۇرتداشلىرىمىزدىن 400 مىڭ ئەتراپىدا ئادەم بار ئىدى. ئەسىرلەر لاگېرلىرىدا نېمىسلار تەرىپىدىن ئاچ قالدۇرۇلۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلەر، يەھۇدىكەنسەن، موڭغۇلكەنسەن ياكى كوممۇنىستكەنسەن دەپ ئۆلتۈرۈلگەنلەر بىلەن ھەر تۈرلۈك كېسەللىكلەر بىلەن ئۆلگەنلەرنى قوشۇپ ھېساپلىغىنىمىزدا 90~100 مىڭدەك قېرىندىشىمىز ئۆلۈپ كەتتى. بۇ لاگېرلاردىن چىقىرىلغان بىرەر يۈز مىڭدەك قېرىندىشىمىزنىڭ قولىغا قورال تۇتقۇزۇلۇپ ئەسكەر قىلىندى. قالغان 200 مىڭدەكى ئۇرۇش سەپلىرىدە شەرق ئىشچىسى نامىدا ئىشلىتىلدى. غەرپ ئۇرۇش سېپى ئېچىلىشىغا كەلگىچە بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز شەرق ئۇرۇش سەپلىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى جەڭگە قاتناشتى. غەرپ فرونتىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن تەڭ، مىللى كومىتېت ھەر تۈرلۈك باھانىلارنى كۆرسىتىپ يۈرۈپ ئەسكەرلىرىمىزدىن 70 ـ 75 مىڭدەكىنى غەربى سەپلەرگە يۆتكىۋالدۇ. غەرپكە يۆتكىۋېلىشىمىزدىكى مەقسەت، ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشىدىغان قېرىنداشلىرىمىز سوۋېتلەر قولىغا ئەمەس غەرپ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ قولىغا ئەسىر چۈشىشىنى مەقسەت قىلىش ئىدى. ... بۇ ئەسكەرلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمى ئىتالىيە ۋە فرانسىيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ... ئۇرۇش ئاخىرلاشقىنىدا ئۇ قېرىنداشلىرىمىزنى ئۇرۇسلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە باشلىدى. ... بىز بۇنى توساپ قالالمىدۇق. شۇنداق قىلىپ غەرپ سەپلەردىن 70 مىڭدەك قېرىندىشىمىز مەجبۇرى تۈردە رۇسىيىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن، بىز گېرمانىيىنىڭ بولۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن قېرىنداشلىرىمىزنى قايتىدىن تېپىپ يىغىشقا كىرىشتۇق. نەتىجىدە، پۈتكۈل ياۋرۇپادا ئارانلا بىرەر مىڭدەك قېرىندىشىمىزنىڭ ساق قالغانلىقى ئوتتۇرغا چىقتى.

خۇلاسە قىلغىنىمىزدا، ئۇرۇش بويىچە 300 مىڭ ئەتراپىدا تۈركىستانلىق لېيجونېر ياكى شەرق ئىشچىسى سۈپىتىدە نېمىسلار ئۈچۈن ئالدىنقى سەپلەردە ئۇرۇشقا سېلىنغانلىقى ياكى ئىشقا سېلىنغانلىقى مەلۇم. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شەرق ۋە غەرپ ئۇرۇش سەپلىرىدە جېنىدىن ئايرىلدى. ئۇلاردىن قالغانلار بىرەر مىڭ كىشىنى ھېساپقا ئالمىغاندا ھەممىسى دېگىدەك سوۋېتلەرئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. 4 يىل داۋاملاشقان گېرمانىيە ـ رۇسىيە ئۇرۇشى تۈركىستانلىقلارغا يالغۇز نېمىس تەرەپتىلا 400000 جانغا توختايدۇ. رۇسىيە تەرىپىدە قانچىلىك قېرىندىشىمىزنىڭ چىقىم بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بولمىسىمۇ، بۇ چىقىمنىڭ يوقۇرقى ساندىن كۆپ ئۈستۈن ئىكەنلىكى مۇقەررەر. تارىختىن بېرى، بۇ

تۈركلەر بەلكىم ئۆزىنىڭ غوجايىنى بولمىغان باشقا بىر غوجايىنلار ئۈچۈن تۈنجى قېتىم جان تىكىپ خىزمەت قىلىشتى. شۇنىڭدەك ئۆزلىرى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان بىر ئۇرۇشنىڭ ھەر ئىككىلا سېپىدە قىرىلىپ تۈگىدى. يازغۇچى ئولاف كارىيونىڭ ئېيتقىنىدەك: ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى ئىككى ئىمپېرىيە ئوتتۇرىسىدا ئويىنالغان شاخمات تاختىسى ئۈستىدە پىيادە بولۇپ بېرىش ئىدى. مانا بۇ — ئۇرۇش سەپلىرىدىكى تۈركىستانلىقلارنىڭ پاجىئەلىك تراگېدىيىسى.

***

# ئۇرۇش دەۋرىدە تۈركىيە

بۇنداق گەپلەر ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئېلىشتىن مەن ھەرگىزمۇ قورقمايمەن. مېنىڭ ئۆز ئۈستۈمگە چۈشكەن مەسئۇلىيەتنى بىجا كەلتۈرۈشۈمگە ھېچكىم توسالغۇلۇق قىلالمايدۇ. مېنىڭ مۇقەددەس ئېتىقاتلىرىمدىن بىرسىمۇ دەل شۇ تۈرك ئىتتىپاقلىقىنى قۇرۇپ چىقىشتۇر. مېنىڭ بىردىن-بىر قورقىدىغىنىم — خەلقىمنىڭ ئەپكارىدۇر.

—زەكى ۋەلىدى توغان

1944-يىلى 7-سىنتەبىر، تۈركچىلىك-تۇرانچىلىقنى سوتلاش مەھكىمىسىدىكى ئۆزىنى ئاقلاش نۇتقىدىن

تۈركىيە، ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىن تارتىپ ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ياكى مېھۋەر (ئوق مەركىزى — ئۇ. ت) دۆلەتلەرنىڭ ئۆز سېپىدە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتنىششىنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن، بۇ مەقسەتتە كۈچلۈك سىياسى بېسىم ئاستىدا قالغان دۆلەتلەردىن بىرى ئىدى. 1939-يىلى 19- ئۆكتەبىر كۈنىسى، فرانسىيە، تۈركىيە ۋە ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدا ئۈچ تەرەپلىك بىر كېلىشىم ئىمزالىنىدۇ. ئۇرۇش باشلىنىپ بىر يىلغا قالمايلا نېمىسلار بالقانلارنى ئىشغال قىلىشى، كەينىدىنلا بۇلغارىيىنىڭ 1941-يىلى مارت ئېيىدا ئوق مەركىزى دۆلەتلەر سېپىغا قوشۇلىشى بىلەن نېمىس قوشۇنلىرى تۈركىيە بوسۇغۇسىغا كېلىپ قالغان ئىدى. بۇ ۋاقىتتا ئىران، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن ئەنگلىيە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىدۇ.

سۈرىيەدىمۇ نېمىسلار بىلەن بىرلىكتە پائالىيەت قىلىۋاتقان فرانسىيە ۋىچى ھاكىمىيىتى مەۋجۇت ئىدى. ئىراقتا بولسا، نېمىسلارغا مايىل رېشىت ئەلى رەئىسلىكىدىكى بىر ئوفىسسېرلار گۇرۇھى ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئالغان ئىدى. نەتىجىدە، تۈركىيىنىڭ يېرىمى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن ئەنگلىيە ئىگەللىۋالغان يەرلەرنىڭ قورشاۋىدا، قالغان يېرىمى بولسا نېمىس تەسىرى ئاستىدا قالغان بىر ئوت چەمبىرىكى ئىچىگە قاپسىلىپ قالغان ئەھۋالدا ئىدى.

1941-يىلىنىڭ ئىيون ئايلىرى تۈركىيە ئۈچۈن ئىنتايىن ئېغىر ۋە پاجىئەلىك كۈنلەر ئىدى. (ئېيتقاندا، ئۇرۇشنىڭ كېلەچەك تەغدىرى بەلگىلىنىپ بولغان بىر دەۋر ھېساپلىناتتى. نېمىس تاشقى ئىشلار مىنىستىرى رىببېنتروپ تۈركىيىنى ئەسكەر ۋە ئۇرۇش ماتېرىياللىرىنى ئۆتكۈزىدىغان كۆۋرۈك سۈپىتىدە پايدىلىنىش نىيىتىدە تۈركىيىگە بېسىم ئىشلىتىشكە كىرىشكەن ئىدى. بۇ كۈنلەردە گېرمانىيە مۇنداق ئىككى يول ئېغىزىدا تۇراتتى: يا تۈركىيىنى بېسىۋېلىپ ياۋرۇپا-ئاسىيا بوغۇزىنى قولغا كىرگۈزۈشى كېرەك يا بولمىسا خېلىدىن بېرى تەييارلىق قىلىپ كېلىۋاتقان بارباروسسا ھەرىكىتىنى باشلاپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن كۈچ سىنىشىش كېرەك. ئەگەر ئىككىنچى خىل يول تاللىنىۋېلىنغىنىدا، تۈركىيىگە قارشى ئۇرۇشنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىنگە قالدۇرۇشقا توغرى كېلەتتى. بۇ ھەقتە گېرمانىيە باش قوماندانلىق شتاۋى قوماندانى ھالدېر 1940-يىلى 24-نويابىر كۈنىسى يازغان كۈندىلىك خاتىرىسىگە، ئەگەر تۈركىيە تەرەپكە قاراپ ئىلگىرلەش قارارى ئېلىنغىنىدا، روسىيىگە قارىتىلىدىغان ھەرىكەت پىلانىنى ھازىرچە قويۇپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ دەپ يازىدۇ.

ھىتلېر بولسا، بۇ مەسىلە ھەققىدىكى قارارىنى خېلى بۇرۇنلا بېكىتىپ بولغانىدەك كۆرۈنەتتى. سوۋېت تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوپ بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىدە، سوۋېت تەرەپ ھىتلېرغا ئىستانبۇل بوغۇزى (بوسبورۇس بوغۇزى، مەرمەر دېڭىزى بىلەن قارا سېڭىزنى تۇتاشتۇرىدىغان بوغاز — ئۇ. ت) بىلەن چاناققەلئە بوغۇزى (داردانېل بوغۇزى، مەرمەر دېڭىزى بىلەن ئېگە دېڭىزى ھەم ئاق دېڭىز — ئوتتۇر دېڭىزنى تۇتاشتۇرىدىغان بوغاز — ئۇ. ت) دا سوۋېت ھەربى بازىسىنى قۇرۇش، ئوتتۇراشەرقنى سوۋېت تەسىر دائىرىسى قىلىپ بېكىتىش دېگەندەك تەلەپلەرنى ئوتتۇرغا قويىدۇ.

ئەمما ھىتلېر بولسا لېببېنستراۋۇم نامىدىكى ھاياتلىق ساھەسى دەپ قارىغان رايونلارنى، ياكى بولمىسا ستراتېگىيىلىك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە تۈركىيە بوغازلىرىنى ۋە ياكى نېفت بايلىقى كۆمۈلگەن ئوتتۇرا شەرقنى ھەرگىزمۇ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا تاشلاپ بېرىش نىيىتى يوق ئىدى. بۇنداق بىر خەۋپ ئاستىدا، دەسلەپكى ھۇجۇم نىشانىسى قىلىپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى تاللىۋالدۇ. بۇ جەرياندا تۈركىيە نىشانىنى بىر چەتكە قويۇپ تۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. ھىتلېر بولسا، مولوتوپ

بېرلىندىن ئايرىلىپ 3 ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1941-يىلى يانۋاردا بارباروسسا ھەرىكىتىنىڭ تەييارلىقلىرىنى باشلاش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى.

بۇ ئىشلاردىن كېيىن، گېرمانىيىنىڭ تۈركىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى فون پاپېن قاتارىدىكى نېمىس دائىرىلىرى تۈركىيىگە مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىتتىپاقداشلاردىن يىراق تۇتۇش ئارقىلىق تۈركىيىنى ئۇرۇشنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇشتىن ئىبارەت پىلان ئاساسىدا ھەرىكەت قىلىشقا باشلايدۇ. پاپېن، تۈركىيىنىڭ 50 دىۋىزىيىلىك ھەربى كۈچىنى بىتەرەپ ھالەتتە تۇتۇپ تۇرۇش زۆرۈر، بۇنى دېپلوماتىيىلىك يوللار بىلەن ھەل قىلىشىمىز كېرەك دەپ قارايتتى. بۇنداق قاراشقا ئاساسەن، تۈركىيە بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتلەر 1941-يىلىنىڭ 18-ئىيونىغىچە داۋام قىلىپ، شۇ كۈنى تۈركىيە-گېرمانىيە دوستلۇق ۋە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. بۇ شەرتنامىغا تايىنىپ ئۇرۇش سېپىنىڭ جەنۇبىي قانىتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىۋالغان هىتلېر، پۈتۈن دىققىتىنى ھاياتلىق ساھەسى دەپ قارىغان رايوندىكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا مەركەزلەشتۈردى. شۇنداق قىلىپ، تۈركىيە بىلەن شەرتنامە ئىمزالىنىپ بىرەر ھەپتىمۇ ئۆتمەي، يەنە 22-ئىيون سەھەردە بارباروسسا ھەرىكىتىنى باشلاش بۇيرۇقىنى بېرىدۇ.

تۈركىيە، ئۆزىگە ئىنتايىن ئېغىر تەھدىت بولىۋاتقان بۇ ئىككى چوڭ كۈچنىڭ بىر-بىرسى بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىشى نەتىجىسىدە خاتىرجەم بولۇپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋالدۇ. شۇ ۋاقىتلاردا ئەنگلىيە باش ئەلچىسى تەييارلىغان بىر دوكلاتتا، تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ساراجئوغلىنىڭ بۇنىڭدىن بەكلا خوشال بولغانلىقى بايان قىلىنغان ئىدى. خۇددى شۇنىڭدەك، مارېشال فەۋزى چاقماقمۇ ئەنگلىيە ئەلچىخانىسىنىڭ ھەربى ۋەكىلىگە گېرمانىيە، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇشتا ئۆز كۈچىنى خورىتىپ بولىشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى، ئەگەر گېرمانىيە تەرەپ روسسىيىنى تېز ئارىدا مەغلوپ قىلىۋېتىپ قالسا، گېرمانىيىنىڭ كېيىنكى ھۇجۇم قىلىش نىشانىسى چوقۇم تۈركىيە بولىدۇ دەپ ئويچۇق كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

## ئۇرۇش دەۋرلىرىدە تۈركچىلىك ئېقىملىرى ۋە تۈركىيە-گېرمانىيە مۇناسىۋەتلىرى

گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تۇپراقلىرىدىكى ھۇجۇملىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئىلگىرلەپ مېڭىشى مۇھاجىرەتتىكى تۈركى يىتەكچىلىرى ئارىسىدىلا قاتتىق ھاياجان پەيدا قىلىۋەتكەن بولماي، بەلكى تۈركىيىدىكى تۈركچى ساھەلىرىدىكىلەرنىمۇ كۈچلۈك ھاياجانغا سېلىۋېتىدۇ. ئۇلار بۇ ۋەزىيەتتىن بەكلا

خوشال ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ كەتكەندەكلا بولىدىكەن، ئۇ يەردىكى روسىيە مۇستەملىكىسى ئاستىدا قالغان تۈركى رايونلاردا مۇستەقىل دۆلەتلەر قۇرۇلۇشى مۇمكىن دەيدىغان بىر ئۈمىد ھەممىنى ھاياجانلاندۇرماقتا ئىدى. نىمسلار بىرىنچى يىلىدا قىرىمنى بۇسۇپ ئۆتۈپ كاپكازىيىگە يېتىپ بارىدۇ. نىمسلار ئىشغال قىلغان رايونلاردا قانداقراق بىر سىياسەت يۈرگۈزۈپ ھاكىمىيەت تىكلەيدىغانلىقى، بۇ رايونلارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى تۈركىيە دائىرىلىرىنىمۇ قىزىقتۇرماقتا ئىدى. گېرمانىيىدىكى تۈركىيە ئەلچىسى ھۆسەيىن گەرەدە، نىمىس مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشكىنىدە ئۇرۇش ئەسىرلىرى بىلەن ئىشغال قىلىنغان تۈركلەر يۇرتلىرىغا قارىتا قانداق مۇئامىلە قىلىشلىرى كېرەكلىكى ھەققىدە ئۆز پىكىرلىرىنى ئېنىق ئوتتۇرغا قويغانىدى. گەرەدەنىڭ ۋېيزشاكېر ۋە رىبېنتروپ بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتلىرى نىمىس ھۆججەتلىرىدىن ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى:

باش ئەلچى، كاپكازىيە خەلقلىرىنى بىرەر تەڭپۇڭلۇق رولىنى ئوينايدىغان دۆلەت شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ بىر يەرگە يىغىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭدەك ھەزەر دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى يەرلەردىمۇ مۇستەقىل بىر تۇران دۆلىتى قۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى ئىما قىلدى.

باش ئەلچى گەرەدە، 20 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن رىبېنتروپ بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق سۆھبەتتە بولسا، بۇرۇنقىسىدەك ئۇنچىۋالا ئېنىق گەپ قىلمىغانلىقى بىلىنمەكتە:

تۈركىيىنىڭ كاپكازىيە چېگراسىغا يېقىن يەرلەردە ھەمدە ھەزەر دېڭىزىنىڭ شەرقىدە ياشايدىغان تۈركلەر ھەققىدە سورىغان سۇئالىمغا گەرەدەنىڭ بەرگەن جاۋابىدا، تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئۆز چېگرالىرى سىرتىدىكى يەرلەردىن ھېچقانداق بىر تاماسىنىڭ يوقلىقىنى، ھېچ بولمىغاندا بۇنى بىر ھۆكۈمەت سىياسىتى قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، تۇرانچىلىق كۆزقارىشى بۈگۈن تۈركىيىدە مەۋجۇت بىر ئېقىم ھېساپلانمايدىكەن. ... ئەنگلىيە ئەگەر بىر كاپكاز ئۇرۇش سېپى ئېچىش ئارزۇسىدا بولغىنىدا، تۈركىيە ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا قانداق پوزىتسىيىدە بولىدۇ دەپ سورىغىنىمدا، تۈركىيە بۇنداق بىر ھەرىكەتنى قوللاپ قۇۋەتلىشى مۇمكىن ئىكەنلىكى ھەققىدە ئايلاندۇرۇپ جاۋاپلارنى بېردى. ... بېرلىنگە قايتاشىدا ھېر ۋېيزىشاكىر بىلەن ئۆتكەزگەن ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبىتىدىمۇ تۈركىيە بۇ يەرلەردىن ھېچقانداق بىر تەلىۋى يوقلىقىنى قايتىلاپ ئېيتتى.

بۇ ۋاقىتلاردا باش ئەلچى فون پاپىن، نېمىس تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە يوللىغان بىر پارچە دوكلاتىدا، تۈركىيىدىكى تاشقى تۈركلەر مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ۋە بۇ ساھەدىكىلەر ھەققىدە كەڭ دائىرىلىك مەلۇماتلارنى بەرگەن ئىدى. بۇ ھەقتە ئىستانبۇل خەلق ۋەكىلى شۈكرى يېڭىباغچە، ئەنۋەر پاشانىڭ ئىنىسى نۇرى قىللىغىل پاشا، پروفىسور زەكى ۋەلىدى توغان، ئەخمەت سەئىد غاپپار (قىرىمئەر)، كابولدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى مەخمۇت شەۋكەت ئەسەندال، مۇساۋاتچىلار لىدېرى مەھەممەت ئىمىن رېسۇلزادە ۋە ئۇنىڭ مۇئاۋىنى مىرزا بالا قاتارىدىكى كىشىلەرنى تىلغا ئالغان. ماتېرىيالنىڭ ئاخىرىدا پاپىن ئىشەنچىلىك ئادەم دەپ كۆرسەتكەن بىر كىشى (ھۆسنۈ ئەمىر ئەركىلەت ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر تەكلىپنىمۇ قوشۇمچە قىلغان:

گېرمانىيە شەرقى جەنۇبتا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۈچلۈك بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقىشىشى، ۋاستىلىق يوللار بىلەن ئۇرۇسلارنى ئىزچىل تۈردە نازارەت قىلىپ تۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئۇكرائىنا بۇ ئىشقا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇكرائىنلار سلاۋىيان بولۇپ، ھەرقانداق بىر شارائىتتا بۇلغار ياكى سىرپلارغا ئوخشاش رۇسىيە بىلەن ئورتاق بولغان تارىخىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ قېلىشلىرى مۇمكىن. ئەمما تۈركىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇنداق بىر ئەھۋالنىڭ كۆرۈلۈش ئېهتىمالىنى ھەرگىزمۇ پەرەز قىلماسلىق كېرەك.

بۇلاردىن مەلۇم بولغىنىدەك، تۈركىيە، مەيلى ھەربى مەسئۇللىرى ۋاستىسى ياكى باش ئەلچىسى ۋاستىسىغا تايىنىپ بولسۇن، چېگرا سىرتىدىكى ۋەزىيەتتىن ھېچقانداق تەلىۋى بولمايدىغانلىقىنى رەسمى دۆلەت سىياستى قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلگىنى بىلەن، غەيرى رەسمى شەكىلدە كاپكازىيە بىلەن تۈركىستان رايونلىرىدا نېمىسلار قانداق قىلىشلىرى كېرەكلىكى توغرىلىق مەسلىھەتلەرنى بېرىپ كەلمەكتە ئىدى. نېمىسلار، تۈركىيىنىڭ بۇ تۈردىكى ئىپادىلىرىنى بىلىپ تۇرۇغلۇق ئۇلارنىڭ كاپكازىيە بىلەن تۈركىستاندا تۈركى دۆلەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا دائىر ئىشلارغا قىزىقمايدىغان دەپ ئويلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دېگەنىدەك بۇ ھادىسىلارنى ئومۇمىي يۈزلۈك مۇھاكىمە قىلىپ چىققان رىبىنتروپ، پاپېنغا يوللىغان بىر پارچە تېلېگراممىسىدا تۈركلەرنىڭ خېلىدىن بېرى بېسىقىپ قالغاندەك كۆرۈنگەن جاھانگىرلىك ئارزۇلىرىنى قايتىدىن قوزغاشقا تىرىشىشىمىز لازىم دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ.

نېمىس ئارمىيىسى ئەسىرگە ئالغان تۈركىي ئىرقىدىن بولغان ئەسكەرلەرنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە ياۋرۇپادا تۇرىۋاتقان مۇساپىر تۈركىي يېتەكچىلەرنىلا كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان بولماي، تۈركىيىدە تۇرىۋاتقانلارمۇ بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەكتە ئىدى.

تۈركىستان مەسىلىرى بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان زەكى ۋەلىدى توغان بۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك مۇنتىزىم تەشكىلى پائالىيەت ھالىنى بەرپا قىلىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرغا قويماقتا ئىدى. بۇ مەقسەتتە ئىستانبۇل ۋالىلىقىغا مۇراجەت قىلىپ بىرەر ياردەم تەشكىلاتى قۇرۇپ چىقىش ھەققىدىكى تەلىۋىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئىستانبۇل ۋالىسى (تۈركىيىدە، ۋالىلىقنى ھەرگىزمۇ ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەت ئورنىغا ئوخشىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئادەتتە يەرلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرى شۇ يەرلىك ئومۇمى سايلام ئارقىلىق تەشكىللەنگەن يەرلىك قۇرۇلتاينىڭ ئىجرائىي ئورگانلىرى بولۇپ، ئادەتتە مەركەزى ھۆكۈمەتتىن مۇستەقىل دېگىدەك ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەمما يەرلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىن مۇستەقىل ھالدا يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنى تەپتىش قىلىدىغان، ئامانلىققا مەسئۇل بولىدىغان ۋالىلىق مەھكىمىسى دېگىنى بولسا، مەركىزى ھۆكۈمەت تەيىنلەيدىغان بىر ئورگان. — ئۇ. ت) لۇتپى قىردار، بۇ ئىشنى كېيىنچە تۈركچىلىك-تۇرانچىلىق جىنايىتى بىلەن ۋەلىدىنى سوتقا تارتقان مەزگىللەردە تۆۋەندىكىچە بايان قىلىپ ئۆتىدۇ:

گېرمانىيە-رۇسىيە ئۇرۇشى داۋاملىشىۋاتقان، روسىيە كەينىگە چېكىنىپ، نېمىسلار ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىدىكى تۈركىستانلىق تۈركلەردىن بىر قىسمىنى ئەسىرگە چۈشەرگەن 1941-يىلىدىكى بىر ۋاقىتلار ئىدى. بىر كۈنىسى دوكتور ھاسان فەرىت جانسۇيەر مېنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كىرىپتۇ. ئۇ، زەكى ۋەلىدى توغان ئىككى نەپەر دوستى بىلەن كېلىپ ياردەملىشىش جەمىيىتىدىن بىرنى قۇرۇش توغرىلىق مېنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇلار بىلەن كۆرىشىش ئۈچۈن ۋاقىت بەلگىلەپ بەردىم. بەلگىلەنگەن كۈن كەلگەندە زەكى ۋەلىدى بىلەن ئەخمەت قاراتاغلىق ئىككىسى يېنىغا بىر ئايال كىشىنىمۇ بىرگە ئېلىپ قېشىمغا كىردى. ... ئۇلار ماڭا سۇنغان ئىلتىماسىدا، نېمىسلارنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشكەن تۈركىستانلىق ئىرقداشلىرىنىڭ گېرمانىيىدە بەكلا قىيىن ئەھۋالدا تۇرىۋاتقانلىقى ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ، ئۇلارغا ياردەم قىلماقچى بولىۋاتقانلىقىنى؛ بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە تۇرىدىغان يېقىن تونۇشلىرى ئارىسىدا ياردەم پۇلى توپلاش ئۈچۈن جەمىيەتتىن بىرنى قۇرۇپ چىقىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى ئوتتۇرغا قويۇشتى. ئۇلار بىزدىن ئەنە شۇنداق بىر ياردەملىشىش جەمىيىتىدىن بىرنى قۇرۇپ چىقىشلىرىغا رۇخسەت بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىشتى. مەن ئۇلارنىڭ قۇرماقچى بولىۋاتقان بۇ جەمىيىتىنىڭ سىياسەت بىلەن ئاز-تولا چېتىشلىقى بارلىقىنى ھېس قىلغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇلارغا بۇ ھەقتە ھۆكۈمىتىمىز بىلەن كۆرۈشۈپ ئاندىن جاۋاپ بەرسەم دەپ ئېيتتىم. دېگىنىم بويىچە، ئۇلارنىڭ بۇ تۈر تەلىۋىنى ھۆكۈمەتكە ئېيتتىم. ھۆكۈمەت ماڭا، ئۇلارنىڭ بۇنداق بىر تەلەپتە بولىشى ھەققەتەن ئەسىرلەر

ئۇچۇن پايدىلىق بولىدىغانلىقى ئېنىق، شۇنداقتىمۇ بىزنىڭ يەنە بىر تەرەپتىكى ئىرقداشلىرىمىزغا خەۋپ كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىماللىقىنىڭ بارلىقىنىمۇ كۆزدە تۇتقىنىمىزدا، بۇنداق بىر ياردەم جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا يول قويماسلىق كېرەك دېگەن جاۋاپنى بېرىشتى.

تىگى قىرىملىق، پېنسىيىگە چىققان گېنېرال ھەم يازغۇچى ھۈسنۈ ئەركىلەت بىلەن ھەربى مەكتەپلەر قۇماندانى ئەلى پۇئات ئەردەمن ئىككىسىنىڭ شەرق ئۇرۇش سېپىگە قىلغان زىيارىتىنى ئەنە شۇ نۇقتىدىن مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. 1941 ـ يىلىنىڭ 30 ـ سىنتەبىر كۈنىدىكى فون گروتىپ ئىمزاسىدىكى بىر مەخپى دوكلاتتا، بۇ ئىككى گېنېرالنىڭ زىيارەتلىرىنىڭ قانداق پىلانلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتلار بېرىلگەن. بۇ زىيارەت تەكلىۋى تۈركىيە تەرەپتىن ئوتتۇرغا قويۇلغانىدى:

تۈركلەر خېلى ۋاقىت بۇرۇن ئەلچىخانە ھەربىي مەسلىھەت ۋاكالەتچىمىز ۋاستىسى ئارقىلىق رىبېچ باش قۇماندانلىق شتاۋىدىن ئىككى نەپەر ھەربىي يازغۇچىنىڭ شەرق ئۇرۇش سېپىنى زىيارەت قىلىپ كېلىشىنى تەلەپ قىلغان ئىدى. ... باشقۇماندانلىق شتاپ قۇماندانىنىڭ ماقۇللىقى بىلەن ھازىرغىچە گېزىت مۇخبىرلىقىنى قىلىپ كېلىۋاتقان، ئىمىسلارنى ھىمايە قىلىدىغان خەۋەر ۋە ماقالىلىرى بىلەن تونۇلغان ئىككى نەپەر تۈركىيە گېنېرالى، يەنى ھۈسنۈ ئەركىلەت بىلەن ئەلى ئىخسان سابىس ئىككىسى 1 ـ سىنتەبىردىن ئېتىبارەن شەرق فرونتىنى زىيارەت قىلىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىندى. بۇ قېتىمقى كۆزدىن كۆچۈرۈش پائالىيىتى شۇ كۈنگە كەلگىچە باشقۇماندانلىق شتابى تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى نەشرىياتچىلىق بىيرۇسى ھەمكارلىقىدا پۈتۈنلەي نەشرىياتچىلىق ۋە تەشۋىقات ئىمىسى سۈپىتىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان.

ئەمما تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئاخىرقى كۈنلەردە گېنېرال ئەلى ئىخسان سابىسنىڭ ئورنىغا شۇ كۈنلەردە ھەربى ئاكادېمىيە قۇماندانى ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئەلى فۇئات (ئەردەمن) نى كۆرسەتتى. گېنېرال فۇئات، ستراتېگىيە ۋە تاكتىكا جەھەتتە تۈركىيىنىڭ ئەڭ مۇھىم گېنېرالى دەپ تونۇلغان بىرسى. بۇنداق ئادەم ئالماشتۇرۇش نەتىجىسىدە بۇ زىيارەت، بەكلا چوڭ ۋە ئەڭ مۇھىمى سىياسىي مەنىگە ئىگە بىر زىيارەتكە ئۆزگەردى. 253 ـ قېتىملىق ۋە 29 ـ سىنتەبىر كۈنىدە ئەۋەرتىلگەن تېلېگراما ئارقىلىق باش ئەلچىمىز فون پاپېنمۇ بۇ ھەقتە توختالغان ئىدى. شۇ سەۋەپتىن دۆلەت مۇداپىيە رەئىسى بىلەن

ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى يولى بىلەن فۇھرېرگە بىر تونۇشتۇرۇش دوكلاتى بېرىلىش بىلەن بىرگە، فۇئاتنىڭ زىيارىتى پايدىلىق بىر زىيارەت بولىدۇ دەپ قارىشىنى ئوتتۇرغا قويغان.

زىيارەت ۋاقتى ھەربى ئىشلار سەۋەبىدىن بىر ھەپتە ئالدىغا سۈرۈلدى. باشئەلچى فون پاپېن بۇ تۈركلەرنى باش قوماندانلىق شتاپتا قوبۇل قىلىش ۋە فرانسىيە ئۇرۇش مەيدانلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈش دەيدىغان مەسىلە مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئېيتقان. بۇ ئىشتىن ئەلچىمىز رىتتېرنى بۇنىڭدىن خەۋەردار قىلىمىز.

ئەلى ئىخسان سابىس بۇرۇن گېرمانىيەدە ئوقۇغان بولۇپ، بىرىنچى ئارمىيە قوماندانى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىسمەت ئىنۆنۈ بىلەن كىلىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن پىنسىيىگە چىقىرىلغان بىر گېنېرال ئىدى. ئۇ، «تەسۋىرى ئەفكار» گېزىتىدە ماقالىلار يېزىپ تۇرىۋاتقان، شۇنىڭدەك يەنە نېمىس تىلىدا چىقىدىغان «تۈركىش پوست» گېزىتىنىڭ باش تەھرىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە ئىدى. دەسلىۋىدە ئەركىلەت پاشا بىلەن بىرلىكتە گېرمانىيە ئۇرۇش فرونتىنى كۆزدىن كۆچۈرۈش ساياھىتىگە چىقىش تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ، كېيىن ئورنىغا ئەردەن پاشانى ئالماشتۇرۇش تەلەپ قىلىنغان. ئەردەن پاشا، ھەربى مەكتەپلەر قوماندانى ۋەزىپىسىدىكى بىرسى بولۇپ، ئەمىلى ۋەزىپە ئۆتەپ كېلىۋاتقان ۋەزىپە ئۈستىدىكى بىر گېنېرال ئىدى. بۇ كىشىنىڭ سابىس ئورنىغا ئالماشتۇرۇلغانلىقى، گېرمانىيە-روسىيە فرونتى زىيارىتىنى گېزىتلاردا ئىختىيارى مۇخبىرلىق قىلىپ كېلىۋاتقان ئىككى نەپەر پىنسىيىگە چىقىۋالغان ھەربىينىڭ ساياھىتى بولۇشتىن ھالقىپ، تۈركىيە ئارمىيىسى بىلەن گېرمانىيە ئارمىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى رەسمى مۇناسىۋەت سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئىدى. گېنېرال ئەردەن، 1941-يىلى ئۆكتەبىر ئېيىدىكى گېرمانىيە زىيارىتىدىن خېلى ۋاقىت بۇرۇن، يەنى بارباروسسا ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە گېرمانىيە باش ئەلچىسى فون پاپېنغا كاپكازىيىدە تۈركى خەلقلىرى ياشايدىغان يەرلەردە تەگپوگلۇق رولىنى ئوينايدىغان بىر مۇنچە تۈركى دۆلەتلەرنى قۇرۇپ چىقىشنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرغا قويغان بىر كىشى ئىدى.

گېنېرال ئەردەن، شەرق ئۇرۇش فرونتى زىيارىتىدىن كېيىن بېرلىندە گېرمانىيە رەھبەرلىرى بىلەن ئىلىپ بارغان كۆرۈشۈش جەريانىدىمۇ بۇ پىكرىنى قايتا تەكرارلايدۇ. گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مۇستەشارى (ياردەمچىسى — ئۇ. ت) ۋېيزىشاكېرنىڭ رىبىنتروپقا سۇنغان دوكلاتىدا بۇ كۆرۈشۈشكە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار تەپسىلى بايان قىلىنغان. بۇ مەلۇماتلارغا قارىغاندا بۇ گېنېراللارنىڭ

زىيارەتلىرىنى، نېمىس مەسئۇللىرى بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا تۈركى ئىرقىدىكى ئۇرۇش ئەسىرلىرىدىن پايدىلىنىش ھەققىدىكى پىكىرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن كاپكازىيەنىڭ كەلگۈسى تەغدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسلىھەتلەرنىڭ، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خەۋىرى بولماي ۋە ئۇنىڭ ماقۇللىقى بولماي تۇرۇپ شەكىللەنگەن دەپ قاراش توغرا ئەمەس. دېگەندەك ئۇلار تۈركىيىگە قايتىپ كەلگىنىدىن كېيىن گېنېرال ئەردەن، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ساراجئوغى ۋە باشقۇماندان فەۋزى چاقماقمۇ قاتناشقان بىر قېتىملىق يىغىندا، جۇمھۇر رەئىس ئىسمەت ئىنۆنۈگە تەپسىلى مەلۇمات بېرىپ ئۆتتۇ. گېرمانىيە باشئەلچىسى پاپېن بەرگەن مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، بۇ يىغىن جەمئى 6 سائەت داۋام قىلغان بولۇپ، شۇنىڭدىن قارىغاندا ئىسمەت ئىنۆنۈ بۇ قېتىمقى زىيارەتكە ھەققەتەنمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە.

گېنېرال ئەركىلەت تۈركىيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قىرىملىق لىدىر جاپپار سېيىت ئەخمەت قىرىمەرنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىپ، قىرىم مىللىي ھەرىكىتىنىڭ داڭلىق كىشىلىرىدىن ئەدىگەر قىرىمال بىلەن مۇستەجىپ ئۈلكۈسال ئىككىسىنى گېرمانىيىگە يولغا سېلىشنىڭ يولىنى قىلىشقا كىرىشتۇ. بۇ ئىككى داڭلىق قىرىملىق تۈركنى گېرمانىيىگە ئۇۋەرتىش ئىشىغا تۈركچى ساھەدىكىلەرلا كۆڭۈل بۆلۈپ قالماستىن، ھەتتا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ساراجئوغلىمۇ بىۋاستە كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىغان. 1941-يىلى سىنتەبىر ئېيىنىڭ بېشىدا ئەنقەرەگە كەلگەن قىرىملىق لىدىر جاپپار سېيىت ئەخمەتنىڭ بۇ ھەقتىكى تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يۈز بەرگەن ئىشلارنى مۇستەجىپ ئۈلكۈسال تۆۋەندىكىچە بايان قىلىدۇ:

جاپپار قىرىمەر سىنتەبىرنىڭ باشلىرىدا ئەنقەرەگە كېلىدۇ. قىرىمەر، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى شۈكۈر ساراجئوغلى ۋە گېرمانىيە باش ئەلچىسى فون پاپېن ئىككىسى بىلەن كۆرۈشۈپ بىزنىڭ بېرلىنغا بېرىشىمىز ھەققىدە سۆزلىشىپ ئاساسى جەھەتتىن ئورتاق پىكىرگە كېلىشىدۇ. ... گېرمانىيە كونسۇلخانىسىغا بېرىپ كېلىشىمىز ئۈچۈن 25 كۈندەك ۋاقىت كەتتى. بۇ جەرياندا جاپپار قىرىمەر ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ سەبداشلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرغان ئىدۇق. ئەنۋەر پاشانىڭ ئىنىسى نۇرى پاشا ۋە ھ. ھۈسنۈ ئەركىلەت پاشا بىلەنمۇ ئارىلاپ كۆرۈشۈپ تۇراتتۇق. سۆھبەتلىرىمىز ئاساسلىقى بېرلىندىكى ھەرىكەت ساھەلىرىمىز، پائالىيەتلىرىمىز ئۈستىدە بولغان ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، ئەگەر قىرىمغا بارالىغىنىمىزدا ئۇ يەردىكى قېرىنداشلىرىمىز بىلەن بىرگە قىلىدىغان ئىشلار بىلەن پروگراممىلىرىمىز ھەققىدىمۇ كۆپ توختالغان ئىدۇق.

بۇ ۋاقىتتا، ئەركىلەت پاشا، گېرمانىيىدىكى زىيارىتى جەريانىدا ئۇلارنى قىزغىن كۈتىۋالغان باش ئەلچى فون خېنتىگ بىلەن سۆزلەشكىنىدە بۇ ئىككى كىشىدىن

قىرىمدا پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن:

يېقىندا ۋىزا ئالغان مۇستەجىپ فازىل بىلەن ئەدىگە كامال (قىرىمال) دىن ئىبارەت ئىككى ئەپەندى سىزنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىدۇ. ئۇلار قىرىمدا نېمىسلارغا ياردەملىشىپ ئىشلىمەكتە. شۇنىڭدەك يەنە ئۇلار قىرىم تۈركلىرىگە ياردەملىشىش ئىشلىرىغىمۇ مەسئۇل قىلىنغان. پروفېسسور ئىدرىس (ئالىمجان ئىدرىس — ئا.ھ. ئىزاھاتى) قا بۇ ھەقتە خەت يازدىم، شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا يازغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى سىزگە تەرجىمە قىلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدىم. مۇستەجىپ دېگەن كىشى ئادۋوكات ھەم يازغۇچى بىرىسى. بۇرۇن بىر سوتچى ئىدى. ئەدىگەمۇ يۇقۇرى مەلۇماتلىق ياش بىرىسى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىلا قىرىمدا (ئەسلى قىرىملىق دېمەكچى بولسا كېرەك — ئاپتوردىن). ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا ئىشەنچلىك كىشىلەر. مەن سىزدىن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىلا قىرىمغا ئىۋەرتىشىڭىزنى، ئۇلاردىن قىرىمدا تۈرك-نېمىس ئورتاق مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن پايدىلىنىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن. ئۇلار نېمىسچە بىلمىگىنى بىلەن، رۇسچىنى ياخشى سۆزلىشەلەيدۇ. ئۇلارمۇ ئۆزۈڭغا قالمايلا نېمىسچىنى ئۆگىنىۋېلىشى مۇمكىن.

بۇ تىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە، ئەدىگە قىرىمال بىلەن مۇستەجىپ ئۆلكۈسال ئىككىسى 1941-يىلى نويابىردا گېرمانىيىگە بېرىپ قىرىمغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرۇشۇش ۋە پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلايدۇ. بۇ جەرياندا فون پاپېن گېرمانىيىگە يوللىغان مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، تۈركىيە رەھبەرلىكى بىلەن گېرمانىيە باش ئەلچىخانىسى ئوتتۇرىسىدا تاشقى تۈركلەر لىدېرلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرۇشۇشلارنىڭ داۋام قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ.

بۈگۈن مۇرسەل باكۇ پاشا مېنىڭ يېنىمغا زىيارەتكە كېلىپ مارشال چاقماق بىلەن كەڭ دائىرىلىك بىر سۆھبەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېيتتى. مارېشال، ئۇنىڭغا بۇ مەسىلىگە چېتىلىدىغان پۇخرالارغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى ۋاقتىنى ئۇزاتماستىن گېرمانىيىگە ساياھەت قىلىش ئۈچۈن رۇخسەت بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئوفىسسېرلار مەسىلىسىدە ھازىرچە تۇرۇپ تۇرساق دەيدىغان قاراشتا ئىكەن. تۈركىيە ئارمىيىسىدە ئۇ يەرنى ياخشى بىلىدىغان نۇرغۇنلىغان كونا كاپكازىيىلىك، بولۇپمۇ ئەزەرى ئوفىسسېرلار مەۋجۇت. ئەگەر ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولغىنىدا، زۆرۈر تەلەپ قىلساق ئۇلارنىمۇ يۇرتىغا بېرىپ كېلىشكە رۇخسەت قىلىنغىدەك.

بۇ خەتتە تىلغا ئېلىنغان پۈخرا كىشىلەر دېگىنى گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى رۇسىيە كومىسسىيەسىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بېرلىندە مۇساپىر لىدېرلىرىنى بىر يەرگە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە چاقىرىلغان ئادلون يىغىنى ئۈچۈن چاقىرتىلغان كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلغان بولىشى مۇمكىن. چۈنكى، باش ئەلچى شۇلېنبۇرگ مۇساپىر يىتەكچىلىرىنىڭ تەكلىپنامىلىرىنى 1942-يىلىنىڭ ئاپرىل ئايلىرىدا ئەۋەرتكەن بولۇپ، ئۇ يىغىن ماي ئېيىدا ئېچىلغان ئىدى. ئەمما تەكلىپ قىلىنىدىغان ھەربى كىشىلەرنىڭ كىملەر ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق بىر ئىزاھات يوق.

## ساراچئوغلى ۋە دۆلەت تۈركچۈلۈك

تۈركىيە باش مىنىستىرى رەپىق سايدام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، 1942-يىلى ئىيۇل ئېيىدا شۈكرۈ ساراجئوغلى ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىپ، 5-ئاۋغۇست كۈنىسى تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى (تۈركىيە ئالى خەلق قۇرۇلتىيى، پارلامېنت، — ئۇ.ت) دا يېڭى ھۆكۈمەتنى ماقۇللاش ئۈچۈن ئاۋازغا قويۇلدۇ. باش مىنىستىر ساراجئوغلى سۇنغان ھۆكۈمەت پروگراممىسىدا شۇ كۈنگىچە پەقەتلا كۆرۈلمىگەن كىشىنى جەلىپ قىلارلىق يېڭىچە چۈشەندۈرۈشلەر ئىدى. ساراجئوغلى قۇرۇلتاي سەھنىسىدىن تۈركچۈلۈك ھەققىدە ئىزاھات بېرىپ، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى بۇ ئۇقۇمنى قانداق چۈشىنىدىغانلىقىنى، يىغىن خاتىرىسىگە خاتىرلىنىش شەكلى بويىچە تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىدۇ:

دوستلار،
نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان ئۆتكۈنچى قىيىنچىلىقلار ئۈستىدە توختالغىنىمىزدىن كېيىن، ئەندى ھەر دائىم كۈچلىنىۋاتقان ۋە ھېچقاچان ئۆزگەرمەيدىغان ئىمانىمىز، مەۋجۇتلۇقىمىز ئۈستىدىمۇ ئازىراق توختىلىپ ئۆتىشىمىز كېرەك دەپ قارايمەن.

دوستلار،
بىزنىڭ ئىرقىمىز تۈرك. بىز تۈركچۈلەرمىز، بىز مەڭگۈ تۈركچىلەردىن بولۇپ قالىمىز (قۇرۇلتاي زالىدا ئاپىرىن ساداسى! دېگەن سادالار بىلەن تەڭ گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭرايدۇ). بىزنىڭ ئۈچۈن تۈرۈكچۈلۈك ئۇقۇمى قېنىمىزغىلا مۇناسىۋەتلىك ئىش بولۇپ قالماي، ئەڭ كامىدا شۇنىڭچىلىك ۋىجدانى ۋە

مەدەنىيەت مەسلىسى بولىشى كېرەك دەپ قارايمەن (ئاپىرىن دېگەن سادالار بىلەن تەڭ گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭرىدى). بىز ئازىيىپ بارىدىغان ياكى ئازايتىدىغان تۈركچۈلەردىن ئەمەسمىز. بىز كۆپىيىدىغان ۋە كۆپەيتىدىغان تۈركچۈلەردىنمىز. بىز ھەر زامان مانا بۇ يولدا كۈرەش قىلىمىز.

ئۇرۇش ھېلىغىچە نېمىسلارنىڭ غالىبىيتى بىلەن ئىلگىرلەۋاتقان، سوۋېتلەر تېزگىنى ئاستىدىكى بىر قىسىم تۈركلەر رايونى نېمىسلارنىڭ قولىغا ئۆتىۋاتقان بىر دەۋردە، بۇنداق بىر نوتۇقنىڭ ئىچكى-تاشقى جامائەتچىلىك ئارىسىدا قايسى خىل ئىنكاسلارنى قوزغايدىغانلىقىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس ئىدى. بۇ ۋاقىتتا تۈركىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى 1930-يىللاردا تۈركچۈلۈك جورناللىرىنى تاقىۋەتكەنلىكى ھەققىدىكى سەلبىي مۇئامىلىلىرىنىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، داڭلىق تۈركچۈلەر تەرىپىدىن قوزغىتىلغان جورنالنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەھەتتىكى ھەرىكەتلەرگىمۇ يول قويماقتا ئىدى.

بۇنداق بىر سىياسەتنىڭ تەبىئىي نەتىجىسى سۈپىتىدە 1940~1942-يىللىرى ئارىسىدا «چىنار تۈۋىدە»، «كۆك بۆرى»، «تەڭرى تاغ»، «بوزقۇرت»، «ئەرگەنەقون»، «تۈرك يۇرتى»، «ئورخۇن»، «قويۇز»، «تۈرك سازى» ۋە «تۈرك غايىسى» دېگەندەك تۈركچۈلۈك جورناللار چىقىشقا باشلايدۇ. بۇ دەۋر بويىچە بۇ جورناللاردىن پەقەت بىرسىلا، يەنى «بوزقۇرت» جورنىلىنىڭ بىرلا سانى چەكلىنىپ يىغىۋېلىندى. بۇ جورنالنىڭ 11-سانىنى يىغىۋېلىشتا، تۈركىيە بىلەن بىر قاتاردا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى، خىتاي، ئافغانىستان، ئىران ۋە ئىراقتىكى تۈركىيلەر ياشايدىغان يەرلەرنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىدىغان خەرىتىدىن بىرسىنىڭ مۇقاۋا رەسىمى قىلىپ بېسىلغانلىقى باھانە قىلىپ كۆرسىتىلگەنىدى.

بۇلاردىنمۇ مۇھىم بولغىنى، ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرىۋاتقان جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيىسىنىڭ داڭلىق كىشىلىرىدىن سابىق ئادالەت مىنىستىرى مەخمۇت ئەسەت بوزقۇرت بىلەن كېيىنكى ۋاقىتلاردا يېزائىگىلىك مىنىستىرلىكىگە تەيىنلىنىدىغان شەۋكەت رېشت خاتىپئوغلى قاتارىدىكى سىياسەتچىلەر «بوزقۇرت»، «چىنار تۈۋىدە» ۋە «كۆك بۆرى» قاتارىدىكى جورناللاردا ماقالىلار ئېلان قىلغانلىقىمۇ، بۇنىڭ مۇھىم سەۋەبلەردىن بىرى ئىدى. تۈرك مەتبۇئاتلىرى ئارىسىدا تەسىرى كۈچلۈك، ھەمدە تىراجىمۇ يۇقۇرى بولغان «جۇمھۇرىيەت» گېزىتىنىڭ باش تەھرىرى نادىر نادى دېگەن كىشى نېمىسپەرەس كىشى دەپ تونۇلاتتى. يەنە تىراجى يۇقۇرى گېزىت «تەسۋىرى ئەفكار» مۇ نېمىسپەرەس ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. ھۈسنۈ ئېمىر ئەركىلەت بىلەن ئەلى ئىھسان سابىسقا ئوخشاش بىر قىسىم پېنسىيىگە چىققان گېنېراللار، كۈندىلىك مەتبۇئاتلاردا گېرمانىيىنىڭ ئۇرۇش ستراتېگىيىلىرىنى ماختايدىغان ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. سابىس

يەنە گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ چىقىرىلىۋاتقان «تۈركىش پوست» گېزىتىنىڭمۇ باش تەھرىرلىكىنى قىلماقتا ئىدى. بىرلا پارتىيە ھاكىمىيەت سوراپ كېلىۋاتقان بىر دۆلەتتە يوقۇرىقىدەك ئەھۋاللارغا يول قويۇپ كېلىۋاتقانلىقى، ھۆكۈمەتنىڭ ۋاستىلىق شەكىلدە بۇ تۈردىكى ئىشلارنى قوللاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇنداق بىر ۋەزىيەت ئاستىدا تۈركىيە باش مىنىستىرىنىڭ قۇرۇلتاي ئېچىلىش نۇتقىدا يوقۇرىدا ئۆزۈندە قىلىپ كۆرسىتىلگەن سۆزلەرنى سۆزلىشى، بولۇپمۇ تۈركچۈلۈك ساھەلەردە قەلبىدىكى ئارزۇ-ئۈمىتلىرىنى ھىمايە قىلىدىغان بىر ھۆكۈمەت سىياستى يولغا قويۇلماقتا دېگەن تەسىراتنى پەيدا قىلغان ئىدى.

فون پاپېن، شۇنىڭدىن 20 كۈندەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، يېڭى تۈركىيە باش مىنىستىرىنى تۇنجى قېتىم زىيارەت قىلىدۇ. ساراجئوغلى بۇندىن ئاۋال تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەن بىرسى بولغانلىقى ئۈچۈن، پاپېن بۇ باش مىنىستىرنى ياخشى تونۇيتتى. پاپېن، يېڭى باش مىنىستىر بىلەن كۆرۈشۈشتىن كېيىن، گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە «تۈركىيە يېڭى باش مىنىستىرىنىڭ تۈركىيە ئازسانلىق مىللەتلىرى بىلەن رۇسىيىنىڭ كەلگۈسى تەغدىرى ھەققىدىكى قاراشلىرى» دېگەن تېمىلىق بىر دوكلات يوللايدۇ. بۇ دوكلاتتا، ھەقىقەتەنمۇ قىزىقارلىق مەسىلىلەر تىلغا ئېلىنغان ئىدى:

يېڭىدىن باش مىنىستىرلىققا تەيىنلەنگەن ساراجئوغلى ئەپەندىنى بۈگۈن تۇنجى قېتىم زىيارەت قىلدىم. تۈركىيىدىكى ئومۇمى ئەھۋالى ھەققىدە ھۆكۈمەتنىڭ قاراشلىرىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، كۆرۈشۈشتە مەن ئۇنىڭدىن تونۇگۈن نۇماندىن تەلەپ قىلغىنىمدەك رۇسىيە مەسىلىسى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى سورىدىم. باش مىنىستىر ماڭا بۇ مەسىلىدە بىر تۈرك بولۇش ۋە بىر باش مىنىستىر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئايرىم-ئايرىم جاۋاپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بىر تۈرك بولۇش سۈپىتى بىلەن رۇسىيىنىڭ يىمىرىلىشىنى بەكلا ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى، بۇ ئارزۇ تۈركلەر نەچچە ئەسىردىن بېرى خىيال قىلىپ كەلگەن بىر ئارزۇ ئىكەنلىكىنى، ئەگەر بۇ ئىشنى فۈھرېر ئىشقا ئاشۇرالىسا ئىنتايىن چوڭ بىر دەۋر ياراتقانلىق بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھېچقانداق بىر تۈركىيىلىك، ھەتتا ئەنگلىيەپەرەس بولغان يالچىن (تاشقى ئىشلار مىنىستىرى نۇمان مەنەمەنچىئوغلىنى دېمەكچى. — ئا.ھ. ئىزاھاتى) مۇ بۇ ھەقتە ئۇنىڭدىن باشقىچە ئويلىمايدىغانلىقى ئېنىق. تۈركىيىنىڭ ئىرقى كۈرىشىگە سادىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قەسەم قىلغان ۋاقتىدىمۇ بۇ ئارزۇسىنى ۋاستىلىق ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ...

بۇ يېڭى باش مىنىستىر، فۈھرېرنىڭ ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئورنى ھەققىدىكى پىلانىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. بۇ رايونلارنىڭ نوپۇسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تۈركى ئىرقىغا مەنسۇپ كىشىلەردىن تەشكىل تاپقانلىقى ئۈچۈن، تۈركىيىنىڭ بۇ رايوندىكى مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىش ئەھۋالىغا ئالاھىدە قىزىقىپ كېلىۋاتقانلىقى ھەقلىق بىر قىزىقىش دەپ قارىلىشى كېرەك. باش مىنىستىر، سۆھبەت ئارىسىدا مېنىڭ بۇرۇن ئېيتقان فۈھرېرىمىزنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن باش جۇمھۇر (پىرىزدېنت) غا يېڭى ياۋرۇپادا تۈركىيىنىڭ شەرقى جەنۇپتا قۇدرەتلىك قورغانلىق رول ئوينايدىغانلىقىنى، بۇنىڭغا ئاساسەن رۇسلاشتۇرۇلغان يەرلەردىكى تۈركى ئىرقى ئامىللىرىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىشى كېرەكلىكى ھەققىدە ئېيتقانلىرىمنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى. ئۇ جايلاردىكى زىيالىلار ــ ئەگەر ئۇ يەرلەردە شۇنداق زىيالىلار ھېلىمۇ بار دەپ قارالغىنىدا ــ ئۇلار بىر بولسا بولشېۋىكلەرگە باش ئېگىپ بولغانلىقى ياكى بولمىسا بولشېۋىكلار تەرىپىدىن يوقۇتۇلغانلىقى مۇقەررەر ئىدى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئەللەردىكى ياش ئەۋلاتلارنىڭ بىر قىسمىنى گېرمانىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا، يەنە بىر قىسمىنى بولسا تۈركىيىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارغا ئىۋەرتىش كېرەك؛ شۇنداق قىلغاندا بۇ ياش ئەۋلاتلار كىلەچەكتە بۇ ئىككى ئامىل ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە ھەمكارلىق ئورنىتىشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان كۈچكە ئايلىنالايدۇ.

گېرمانىيە، بۇ ئەللەردىن بەلگىلىك مىقتاردا كۆچمەنلەرنى ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ۋە خىزمەتلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئىمپېرىيىگە چاقىرتىلغان ئىدى (مۇساپىر لىدېرلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئادلون يىغىنىنى كۆزدە تۇتماقتا. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). بۇ كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى تۈركى ئازسانلىق مىللەتلىرى تۇرىدىغان ئەللەرگە مۇستەقىللىق بېرىلمەيدىغانلىقى، بۇ يەرلەر نېمىس دائىرىلىرى بىلەن نېمىس ساقچىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى دۆلەتلەرگە ئۆزگەرتىلىدىغان بولدى دەپ قارىشىپ قايتىپ كېتىشكەن ئىدى. تۈركىيە باش مىنىستىرى، بۇ ھەقتە فۈھرېرنىڭ ئەنە شۇنداق بىر پىلانى بارلىقىغا ئىشىنەتتى. ئەگەر رۇسىيە پات يېقىندا پۈتۈنلەي مەغلۇپ قىلىنىدىغان بولسا، ئورۇس بولمىغان ئازسانلىقلار جايلاشقان بۇ ئەللەر بىزدىن ئەركىنلىك ۋە قايتىدىن قۇرۇشقا ياردەم بېرىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى كۆرەلىگەن بولاتتۇق. بىز ئۇلارنىڭ بۇنداق بىر ئۈمىدتە بولۇشىنى ھەقىقەتەنمۇ قۇرۇق قالدۇرماسلىقىمىز كېرەك ئىدى. ئۇنداق

بولمىغاندا، بۇ ئازسانلىق مىللەتلەر بىزنى ئارماندا قويۇشى مۇمكىن. بۇ يەرگە كەلگىچە باش مىنىستىر بىر تۈرك بولۇش سۈپىتى بىلەن سۆزلىدى. ئۇ بىر باش مىنىستىر سۈپىتىدە رۇسىيىدىكى ئازسانلىق مىللەتلىرىگە قارىتىلىدىغان قىرغىنچىلىق ئۈچۈن كىچىككىنە بولسىمۇ پۇرسەت بەرمەسلىك ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، ئۆزىنىڭ بىر ۋەزىپىسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇرغا قويدى. ...

سۆھبەت جەريانىدا باش مىنىستىرنىڭ يوقۇرقىدەك پىكىرلىرىنى ئوچۇق ئۇتتۇرغا قويغانلىقى ئۈچۈن مەن ئۇنىڭغا رەخمىتىمنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، قولغا كەلتۈرگەن جايلارنى تەرەققى قىلدۇرۇش بىلەن ئۇ يەرلەرنى باشقۇرۇش ئىشلىرىدا تۈركىيە بىلەن بولغان ھەمكارلىقلارنى قانداق يولغا قويۇشىمىز كېرەكلىكىنى، ياكى بولمىسا تۈركىيە مەنپەئەتلىرىگە قايسى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەكلىكى ھەققىدە سۇئال قويدۇم. خۇددى تۈنۈگۈن نۇماننىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، ساراجئوغلىمۇ زۆرۈر تېپىلغىنىدا ئەمەلى مەسىلىلەرنى مەخپى شەكىلدە مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇش ياكى بولمىسا بۇ ھەقتىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە كۆرۈشىدىغان ئۈچىنچى بىر ئادەمنى بەلگىلەشكە بولىدىغانلىقىنىمۇ ئوتتۇرغا قويۇپ ئۆتتى. باش مىنىستىرنىڭ بۇ دېگەنلىرىدىن شۇنى چۈشەندىمكى، ئۇ، رۇسىيىدىكى، بولۇپمۇ كاپكازىيىدىكى ۋەزىيەتنى بىرمۇ-بىر كۆزىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، بۇ جەھەتلەردە مېنىڭ بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلاشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئارزۇ قىلىدىكەن.

پاپېن بۇ ئۇچرىشىشتا ئوتتۇرغا قويۇلغان مەسىلىلەرنى شۇ ۋاقىتلاردا تۈركىيىدە زىيارەت قىلىۋاتقان پروفىسسور مەندې ۋە كۆچمەنلەر گورۇپپىسىدىكىلەرگە مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر نېمىس مەسئۇلى بولغان زىممېرمان بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ تەھلىل قىلىشقان. ئاندىن مۇنداق خۇلاسىغا كېلىشكەن:

تۈركلەر، ئەگەر نېمىس دۆلىتىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاكتىپ ھەمكارلىقى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغىنىدا ۋە بۇ جەھەتتە يېتىشتۈرۈلگىنىدە، — تەبىئىكى بۇنداق نېمىس روھى، ئىقتىسادى ۋە ھەربى جەھەتتىكى ئاۋانگارتلىق تەۋەسى ئىچىدە بولىشى كېرەك — ئۇرۇس مەسىلىلىرى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ تەدبىر بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، مەنمۇ شۇنداق بولىدىغانلىقىغا پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن. بۇ ھەقتە ئالدىمىزدىكى ئۆلگىلەرگە ئاساسلىنىپ (يەنى، ياپونىيە ئۈلگىسى) كاپكازىيە ۋە كاسپى دېڭىزىنىڭ نېرىسىدىكى ئەللەرنىڭ ھەرقايسىسىدا كۆرۈنۈشتە يەرلىككە

ۋەكىللىك قىلىدىغان كىشلەرنى تېپىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك. تاللانغان بۇ ئاۋانگارت كىشلەر بىلەن بىرلىكتە مەسئولىيەتنى ئۈستىگە ئالالايدىغان نېمىس رەھبەرلىكىمۇ بولغىنى ياخشى. نېمىس رەھبەر كەينىدە تۇرۇپ مەسلىھەتچىلەردەك كۆرۈنۈش بىلەن بىرگە، ئەمەلىيەتتە باشلامچىلىق قىلىدىغان، قارار قىلىدىغان مەسئولىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئادەم ئورنىدا ۋەزىپە ئۆتىشى كېرەك. بۇ بۆلۈمنىڭ قول ئاستىدا يەرلىك كىشلەرنىڭمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە يوقۇرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنغا ئىگە قىلىنىشى لازىم. ھازىرمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئازسانلىق مىللەتلەردىن تەشكىل تاپقان لېجيونلار، بۇ ئەتراپتىكى ھەرخىل جايلاردىكى قۇراللىق كۈچلەرنى تەشكىل قىلىدىغان قابىلىيەتلىك يادرو كۈچ بولالايدۇ. تاشقى كۆرۈنۈشتە قۇراللىق كۈچلەر بىلەن ساقچى تەشكىلاتلىرى مۇمكىن بولغان جايلاردا يەرلىكلەر تەرىپىدىن تەشكىل قىلىنىشى كېرەك.

ھەر يەر ئۈچۈن باشلامچى بولالايدىغان يەرلىك كىشلەرنى تاللاش مەسىلىسىدە نۇمان ۋە ساراجئوغلى ھەققىدە دېگەنلىرىمدىن كېيىن ئېيتقىنىمدەك، ھەر دائىم تەسىر قىلالايدىغان تۈرك تەۋەسىدىكى كىشلەرنىڭ كۆزقاراشلىرىنى قولغا كەلتۈرەلەيمەن. بۇ ئۇسۇل بىلەن يېڭى سىياسى ئورگانلار ھەققىدە ئورتاق مەنپەتدارلىق نوقتىلىرىنى تېپىپ چىقالىشىمىز مۇمكىن.

بۇ تەكلىپ لايىھىسى، ئۇ يەرلەردە رۇسىيىنىڭ ئۇكرائىنا ۋە ئىشغال قىلىنغان باشقا رايونلىرىدا تەشكىل قىلىنىدىغان نېمىس ھۆكۈمەت ۋە ھاكىمىيەت شەكلىدىن تۈپتىن پەرق قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ كاپكازيىنىڭ نىرىسىدىكى يەرلەر بىلەن ھەزەر دېڭىزى نىرىسىدىكى ئەللەرگە مۇناسىۋەتلىك تەكلىپىمگە قوشۇمچە قىلىپ، بۇ جايلاردا دىققەت قىلىشىمىزغا تېگىشلىك بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان تاشقى سىياسەت مەسىلىسىمۇ بارلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمەن. تۈركىيىنىڭ ياردىمى بولماي، ئۇلارغا ئورتاق بولغان مۇھەممەد دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان ئامىللارنىڭ ھەممىسىنى بىر يەرگە كەلتۈرۈپ ھەمكارلاشماي تۇرۇپ، بۇ دۆلەتلەرنى نېمىس ساقچىلىرىنىڭ كۈچىگىلا تايىنىپ قولدا تۇتۇپ تۇرالىشىمىز ۋە ئۇ يەرلەرنى باشقۇرالىشىمىزمۇ مۇمكىن. ئۇنداق بولغىنىدا، تۈركىيە يېڭى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلغان ھېساپلىنىدۇ. بۇنداق بىر كەمتۈك تۈزۈلمە، ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى دەرھال ئوتتۇرغا چىقىرىدىغانلىقى ئېنىق. غالىپ نېمىس قوشۇنلىرى كاپكازيىدىن پەسكە قاراپ يۈرۈش قىلىشى بىلەن تەڭ، بۇ ئەللەردە يېڭى ھاكىمىيەت ئامىللىرى دەرھال ئىشقا كىرىشتۈرۈلىشى شەرت

بولغانلىقى ئۈچۈن، فۈھرېرىمىز بۇ مەسىلىدە بۇرۇن بەلگىلىگەن سىياسى قاراشلىرى دائىرىسىدە بىر قارارغا كېلىشى لازىم بولماقتا.

پاپېننىڭ بۇ يازغانلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ ئۆزىنى ھىتلېرنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراش ۋە پىلانلىرىغا تەسىر كۆرسىتەلەيمەن دەپ ئىشىنىدىغانلىقىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. ئەمما ناتسىستلار ھۆكۈمىتى بولسا، ئىشغال قىلغان رايونلارنى مۇستەملىكىسى قىلىۋېلىش ئىرادىسىگە ئاللىمۇ قاچان كېلىپ بولغان ئىدى. ئۇ كۈنلەردە، نېمىسلار سوۋېتلەرگە قۇل بولغان مىللەتلەرگە ئەركىنلىك ئاتا قىلىش ياكى تۈركىيىنى بۇ تۈر ئىشلارغا بىرلىكتە ئارىلاشتۇرۇش دەيدىغان گەپلەرنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمىغان ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، رۇسىيە فرونتى يېڭى باشلانغىنىدىلا نېمىس مەسئۇل كىشىلىرى ئىچىدە ئۆزئارا يېزىشقان خەت-چەكلىرىدە بۇ ھالەتنى بەكلا ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇشقان ئىدى.

ئەنۋەر پاشانىڭ ئىنىسى، كارخانىچى نۇرى قىللىغىل پاشا 1941-يىلى سىنتەبىر ئايلىرىدا لېيپزىگ سودا يەرمەنكىسىگە قاتنىششىنى باھانە قىلىپ گېرمانىيىگە بارغىنىدا، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى مەسلىھەتچىسى ۋېيزشاكېر بىلەن، ھەمدە سىياسى بۆلۈم مۇدىرى ۋويېرمانلار بىلەن كۆرۈشىدۇ. نۇرى پاشا ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشىنىڭ تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خەۋىرى بار بىر كۆرۈشۈش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ كېلىپ، گېرمانىيىگە كېلىشتىن بۇرۇن باش مىنىستىر رەفىق سايدام بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا مەلۇمات بەرگەنلىكىنى ئېيتقان. بۇ كۆرۈشۈشتىن كېيىن ۋويېرمان تاشقى ئىشلار مىنىستىرى رىبېنتروپقا بىر دوكلات سۇنۇپ، بۇ كۆرۈشۈش ھەققىدە تەپسىلى مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ دوكلاتتا گېرمانىيە ئىشغال قىلغان رايونلار، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بىرقىسىم تەلەپلىرى ۋە تۈركى ئىرقىدىن بولغان ئەسىرلەرگە مۇناسىۋەتلىك كۆزقاراش-ئارزۇلىرى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا ئىدى.

ۋويېرماننىڭ دېيىشىچە، نۇرى پاشا تۈركى ئىرقىدىكى ئەسىرلەرنى ئايرىم لاگېرلارغا توپلاپ تەشكىللەپ چىقىش لازىملىقى، ئۇلارغا تەلىم-تەربىيە بېرىپ سوۋېتلەرگە قارشى پايدىلىنىش لازىملىقى، تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان رايونلاردىكى ھاكىمىيەت (قىرىم، كاپكازىيە قاتارىدىكى جايلارنى دېمەكچى) يەرلىك تۈركى خەلقلەرگە ياكى مۇسۇلمانلارغا تاپشۇرۇپ بېرىلىشى، بىرلىنىدە ئۆزىنىڭمۇ ياردەمدە بولۇش خىيالىدا بولغان بىر تەشۋىقات مەركىزى قۇرۇپ چىقماقچى بولۇۋاتقانلىقى دېگەندەك بىر قاتار تەكلىپ-تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىكەن. ۋويېرمان يەنە تۈركىيىدىكى تۈركچىلەر تۈركىيە چېگراسى سىرتىدا ياشايدىغان تۈركى خەلقلىرى ئۈچۈن مۇستەقىل دۆلەتلەر قۇرۇپ چىقىلسا دەيدىغان تەلەپلىرى بارلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ، بولۇپمۇ ئاغدۇرۇپ تاشلىنىدىغان سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئۇستىگە قۇرۇلىدىغان بۇ دۆلەتلەر تۈركىيە تەرىپىدىن دەخلى-تەرەۋۇزغا

ئۇچرىمايدىغانلىقىنى، ئەمما تۈركىيىدىن سىياسى يولىيورۇق ئېلىشى لازىملىقى تەلىۋىنىڭ بارلىقى ئۈستىدە مۇھاكىمىلەر يۈرگۈزگەن. بۇ دېيىلگەن جايلار ئەزەربەيجان، داغىستان، تاتارىستان، تۈركىستان، ئەينى ۋاقىتدا خىتاي ئىشغالىيىتى ئاستىدا تۇرۇپ سوۋېتلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا تۇرىۋاتقان **شەرقى تۈركىستان** قاتارلىق يەرلەرنى كۆزدە تۇتماقتا ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە ئىراندىكى، مۇسۇل بىلەن كەركۇك قاتارلىق جايلاردىكى تۈركلەر ياشايدىغان جايلارمۇ تەسىر دائىرىسى تەۋەسىگە كىرىش ئېھتىماللىقى تونۇشتۇرۇلغان. ئاتاتۈركنىڭ بىر قىسىم چېگرالارنى قايتا رەتكە سېلىنىش ئارزۇسىدا بولغىنىدىن تاشقىرى، تۈركىيىنىڭ بۈگۈنكى چېگرالىرى ئىچىدە قېلىشى كېرەك دەپ قارالغان تاشقى سىياسەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ۋويىرمان ئوتتۇرغا قويغان نارازىلىقىغا قارىتا، نۇرى پاشا ئاتاتۈركنىڭ بۇنداق بىر سىياسەتنى سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە ئوتتۇرغا چىققان ئەمەلى ئەھۋالغا قاراپ ئەنسىرەپ ئوتتۇرغا قويغانلىقىنى بايان قىلغان. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگىنىدە بۇنداق بىر ئەنسىرەشنىڭمۇ ئەمەلدىن قالىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. شۇنىڭدەك يەنە تۈركىيە ئەسلىدىنلا يېڭى زېمىن قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يېڭى تۈركى دۆلەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ۋويىرمان تىلغا ئالغان بۇ جايلار بىلەن رۇسىيىنىڭ 19-ئەسىرلەردە تۈركىستان ۋە كاپكازىيە ئىشغالىيىتىنى كۆرسىتىدىغان ئىككى پارچە خەرىتىمۇ تەييارلىغان بولۇپ، بۇ خەرىتىلەر دوكلاتقا قوشۇمچە قىلىنغان. بۇ دوكلاتتا، مۇھىم بولغان نوقتا سىياسى بۆلۈم مۇدىرىنىڭ بۇ مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك يۈرگۈزگەن تەھلىللىرى ئىدى. دوكلاتتا ۋويىرمان مۇنداق دەيدۇ:

تۈركىيىنىڭ بېقىندىسى بولۇپ قالىدىغان يېڭى تۈركى ئىرقىدىن تەشكىل قىلىدىغان دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلىشىنى باشقا تۈردە باھالاش كېرەك. ... تۈركىيىنىڭ مۇسۇل رايونىنى قولغا كەلتۈرۈش پىلانىنى توغرا چۈشەنسەكمۇ، ئۆزىمىزنىڭ نېفت مەنپەئەتىمىزنى كۆزدە تۇتقىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ بۇ خىيالىنى ھەرگىزمۇ غەيرەتلەندۈرۈپ قويماسلىقىمىز شەرت. شۇنىڭدەك، بۇنىڭ ئورنىغا باتۇم بىلەن باكۇنى تۈركلەرگە تۇتقۇزۇپ قويۇشنى ھەرگىزمۇ خىيال قىلىشقا بولمايدۇ.

قالغان نوقتىلارغا كەلسەك، پەرەز قىلىشىمچە كاپكازىيە تەۋەسى ۋە تۈركى خەلقلىرى ئارلاش ياشايدىغان ۋولگا-ئۇرال ئوتتۇرسىدىكى يەرلەر بىلەن ھەزەر دېڭىزىنىڭ شەرقىدە ياشايدىغان تۈركستان تەۋەسى ئوتتۇرسىدا ھەل قىلىنغۇچ پەرقلەر بار. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئۆرۈشتا يېڭىلغاندىن كېيىن، كونا روسىيە

ئىمپېرىيىسىنىڭ بىپايان زېمىنلىرى چەتئەل تەسىر دائىرىسى ئاستىدا قالماستىن نېمىس تەسىر دائىرىسى ئىچىگە كىرىدىغان بولىشى كېرەك. كاپكازىيە سىرتىدىكى ھەممە ۋولگا بىلەن ئۇراللار ئوتتۇرسىدىكى جايلاردا تۈركىيە بىلەن سىياسى ئىتتىپاق قۇرۇشقا، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرى شۆبھىسىزكى پۈتكۈل كۈچى بىلەن ئۇ ئەللەرنى ئۆز يېنىغا تارتىشقا ئۇرۇنىدىغان تۈركىيە سىياسىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە بېقىنىدىغان دۆلەتلەرنى شەكىللەندۈرۈش بىزنىڭ مەنپەئەتلىرىمىزگە پۈتۈنلەي زىيانلىق. ئەمما تۈركىستاننىڭ ئەھۋالى بۇلارغا پەقەتلا ئوخشىمايدۇ.

ئەگەر رۇسىيە تولۇق ئاجىزلاشتۇرۇلغان كۈنلەردە ئەنگىلىيىلىكلەر يەنىلا ھىندىستاندا تۇرىۋەرگىدەك بولغىنىدا، ئەنگىلىيە جاھانگىرلىكى تۈركىستان-سىبىرىيە تۆمۈريولى ئارقىلىق سىرتقا قىسمەن بولسىمۇ ئېچىۋېتىلگەن، ئىقتىسادى جەھەتتە ئىستىقپالى پارلاق (كىئوەزچىلىك) بۇ رايونلارنى چوقۇم قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. بۇ رايونلار جوغراپىيىلىك ئورۇن جەھەتىدىكى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىنمۇ كەلگۈسىدە گېرمانىيىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرەلمەي قېلىشى مۇمكىن. شۇ سەۋەپتىن، پەرىزىمچە بۇ جايلاردا تۈركىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشىدىغان ئېتنىك تۈركىي دۆلەتلەر قۇرۇشنى تەشۋىق قىلماسلىقىمىز توغرا يول تۇتقانلىقىمىز بولىشى كېرەك.

بۇ مۇلاھىزىلەردىن مەلۇمكى، گېرمانىيە، ئىشغال قىلىدىغان بۇ جايلارغا مۇستەقىللىق ياكى بولمىسا ئاپتونومىيە بېرىشنى پەقەتلا خىيالىغا كەلتۈرۈشمىگەن ئىدى. ئەسلىدىنلا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىشغال قىلىنىشى ئاخىرلاشقىدەك بولسا، ئىشغال قىلىنىش نۆۋىتى تۈركىيىگە كېلەتتى. ئەنە شۇ سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن پاپېننىڭ بۇ مەسىلىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى بېرلىن دائىرىلىرى ئارىسىدا قاتتىق ئەكىس تەسىر پەيدا قىلىۋېتىدۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى رىبىنتروپ، پاپېنگە مۇنداق بىر بۇيرۇقنى ئەۋەتىدۇ:

26-ۋە 28-ئاۋغۇست كۈنلىرى ئەۋەتكەن دوكلاتىڭىزدىن مەلۇم بولىشىچە، تۈركىيە دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق سۆھبىتىڭىزدە كاپكازىيە بىلەن سابىق سوۋېت روسىيىسى تەۋەلىكىدە ياشايدىغان تۈركى قەۋملاردىن بولغان خەلقلەر ھەققىدىكى تۈركىيە مەنپەئەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر قايتا-قايتا مۇزاكىرە قىلىنغان، تۈركىيىنىڭ بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتە قانچىلىك تۆھپىسى بولىدىغانلىق مەسىلىلىرى تالاش-تارتىش قىلىنغانىكەن. مەيلى نۇمان

ئەپەندى ياكى ساراجئوغلى بولمسۇن، بۇ ئىش سەۋەبىدىن بۇ ھەقتە تۈركىيىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئوتتۇرغا قويۇپ، مەيلى يۇشۇرۇن بولسۇن ياكى ئۆچۈنچى بىر كىشىنى ۋاستە قىلىش يولى بىلەن بولسۇن بىزگە بۇ جەھەتتە ياردەم قىلالايدىغانلىقى ھەققىدىكى تەكلىپلىرىدىن بىشارەت بەرگەن ئىكەن، تۈركىيە ئاشكارە بىتەرەپلىكنى داۋاملاشتۇرۇشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن بىرگە، ئۆزلىرىنىڭ تەلەپلىرىنىمۇ ئوتتۇرغا قويۇشقان ئىكەن.

ھازىرچە تۈركىيە ھۆكۈمىتى بىلەن بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلىشىشنىڭ قىلچە پايدىسى يوق. دەل ئەكسىچە، بۇ تۈردىكى كۆرۈشۈشلەر بۇنداق مەسىلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىغا يامان تەسىر كۆرسىتىپ قويىشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك يەنە، تۈركىيىگە بۇ ھەقتىكى ئارزۇ ۋە تەلەپلىرىنى بىزگە يەتكۈزۈش پۇرستىنى يارىتىپ بېرىشىڭىزغىمۇ ئېھتىياجلىق ئەمەسمىز. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ جەھەتتىكى تۈركىيىنىڭ بۇ مەنپەئەتلىرىنى دەپ ئۇرۇشۋاتقان دۆلەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئاساسى سىياسى پوزىتسىيىلىرىنى بىزنىڭ پايدىمىزغا ئۆزگەرتەلىگىدەك كۈچكىمۇ ئىگە ئەمەسلىكى ھەممىگە ئايان.

شۇنداق بولغاچقا، بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ يۈرمەسلىكىڭىزنى، ئەگەر تۈركلەر ئۆزلىرى بۇ ھەقتىكى مەسىلەرنى ئوتتۇرغا قويغىدەك بولسا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئېھتىياتچانلىق بىلەن جاۋاپ بېرىشكە تىرىششىڭىزنى ئۈتۈنىمەن.

بۇ بويرۇق، ياپپىنىڭ سوۋېتلەردىكى تۈركى رايونلىرىغا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلىرىنى توختىتىشقا مەجبۇرلايدىغان ئەڭ ئاخىرقى بويرۇق ئىدى. ئەسلىدە، رىبېنتروپىنىڭ بۇ مەسىلەرنىڭ تۈركىيە تاشقى سىياسىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئۈستىدە قىلغان تەھلىللىرى ھەقىقەتەنمۇ ئورۇنلۇق تەھلىل ئىدى. تۈركىيە ھۆكۈمىتى نېمىسلارنىڭ تۈرك رايونلىرىدا يولغا قويماقچى بولۋاتقان سىياسەتلىرىگە قاراپ ئۆزىنىڭ سىياسى پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپمۇ كەتمەيتتى. تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق سىياستى، ئىمىلا بولسا بولسۇن ئۆزلىرىنىڭ بىتەرەپلىك سىياستىدە چىڭ تۇرۇش ھەمدە بۇ ئۇرۇشقا قاتناشماسلىق پىرىنسىپى ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىدى. تۈركىيىدە تۇرىۋاتقان ئەنگلىيە باش ئەلچىخانىسى تەرىپىدىن تەييارلانغان، فورېيگن ئوفىسىنىڭ جەنوبى ئىشخانا مەسئۇلى گ. ل. كلۇتتون تەھلىل قىلىپ چىققان 1942-يىلى 22-ئىيۇن كۈنىدىكى «تۈركىيىنىڭ زېمىن تەلەپلىرى» ماۋزۇلۇق دوكلاتىدا، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ھەقتىكى سىياسەتلىرىنى ناھايىتى ئېنىق خۇلاسىلاپ بەرمەكتە ئىدى:

تۈركىيىدە تۇرانچىلىق بەكلا ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇ ئىدىيىگە ئەڭ يېقىن كىشىلەر ئىران بىلەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا بۇ قاراشنى كېڭەيتىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرمەكتە. ئەمما بۇ ھەرىكەت ئاساسى جەھەتتىن يەرئاستى پائالىيەت تۈسىنى ئالغان بولۇپ، مەخسۇس دائىرىلەرنىڭ ياردەمگە ئېرىشەلمىگەندەك كۆرۈنىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي يەنىلا ھۆكۈمەت بۇ ھەرىكەتنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن تولۇق تىرىشچانلىق كۆرسەتمەيۋاتقانلىقى ئېنىق.

تۈركىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى، تاشقى سىياسەتتە بولغىنىدەك ئىچكى سىياسەتلىرىدىمۇ موتىدىل سىياسەت يۈرگۈزىشكە تىرىشقان بولۇپ، چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىشلەرگە يول قويماي كەلمەكتە ئىدى. مەسىلەن، نېمىسپەرەسلىكى بىلەن تونۇلغان تۈركىيىنىڭ گېرمانىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى خۇسراۋ گەرەدە، 1942-يىلىنىڭ 23-ئاپرىل كۈنىسى تۈركلەر كلوبىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق يىغىلىشتا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا تۈركلەرنىڭ ۋەھشى تارىخى دۈشمىنىنىڭ ئاقىۋەتتە مەغلۇبىيەتكە يۈز تۇتىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان بىر نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ باھاسىغا ھۆكۈمەت تەرەپ قاتتىق نارازى بولىدۇ. تۈركىيە-گېرمانىيە مۇناسىۋەتلىرىدە شۇنچە مۇۋەپپەقىيەتلىك دىپلوماتىيىلىك مۇناسىۋەت قىلىپ كېلىۋاتقان گەرەدەنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ساففەت ئارىقانى باش ئەلچى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئەسلىدە تۈركىيە دائىرىلىرى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن ئىچىدىن خوشال بولۇپ يۈرگەن بولسىمۇ، بۇنىڭدەك ھېسسىياتلىرىنى يوشۇرۇن تۇتۇپ كەلمەكتە ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن تۈركىيىنى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىلىش جەھەتتىكى نېمىسلارنىڭ بېسىمىنى يەڭگىللىتىش، سوۋېتلەردىن كېيىن ھۇجۇم قىلىش نۆۋىتىنىڭ تۈركىيىگە كېلىشى ئېھتىمالىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈش ئۈچۈنمۇ نېمىسلارنى رەنجىتىپ قويماسلىققا تىرىشىدىغان بىر سىياسەت يۈرگۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە ئىدى. تۈركىيە تاشقى سىياسەتلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى ئىچكى سىياسەتلىرىدىمۇ ئۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىغا چىڭ باغلىنىپ ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئىدى.

## ۋەلى قېيۇمخاننىڭ تۈركىيە زىيارىتى

ۋەلى قېيۇمخان، 1942-يىلىنىڭ دېكابىر ئېيىدا گېرمانىيىنىڭ تۈركىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى فون پاپېننىڭ تەلىۋىگە بىنائەن تۈركىيىگە كېلىدۇ. ئۇ يىللاردا نېمىس قوشۇنلىرى دون ۋادىسى بىلەن شىمالى كاپكازىيىنى ئىشغال قىلىپ،

گىروزىيە بىلەن ئەزەربەيجان چېگرىسىغا كېلىپ تاقاشقان ئىدى. نېمىسلار نۆۋەتتە، ئەزەربەيجان نېفىت مەنبەلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلماقتا ئىدى. فون پاپېن، ۋەلى قېيۇمخاندىن تۈركىيە مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ چىقىشنى ھەمدە ئۇلارغا م ت ب ك بىلەن لېجيون ھەققىدە مەلۇمات بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما ۋەلى قېيۇمخان بولسا، تۈركىيە يېتەكچىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنى ئۆز مەقسىدى ئۈچۈن پايدىلىنىش نىيىتىدە ئىدى. ئۇ يەنە تۈركىيىدىكى ت م ب ئەزالىرى ۋە باشقا تاشقى تۈرك قەۋملىرى بىلەن مۇناسىۋەت تىكلەشنىمۇ مەقسەت قىلماقتا ئىدى. ۋەلى قېيۇمخان، شۇ ۋاقىتتىكى تۈركىيە زىيارىتى ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ:

ئىستانبۇلغا كېلىپ ئاۋال مىللى بىخەتەرلىك تەشكىلات مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشتۈم. نېمىسلار يۇخراچە كېيىنگەن مىللى لېجيون ئەسكەرلىرىنى تۈركىيە ئارقىلىق كاپكازىيە تەرەپلەرگە كىرگۈزۈۋېتىشنى نىيەت قىلىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتتىم. ئەمما بۇنداق بىر ئىشقا تۈركىيە مەسئۇللىرى بەك قىزىقمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قالسا تۈركىيە ئۇرۇشقا قاتنىشىش خەۋپى تۇغۇلىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيدىكەن. ئەمما مەن نېمىس قوشۇنلىرىنىڭ شەرق ئۇرۇش سېپىدە، بولۇپمۇ ستالىنگراد ئالدىدا توختاپ قالغانلىقىغا قاراپ نېمىسلار بۇ ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالارمۇ قانداق دەپ گۇمانلىنىشقا باشلىغان ئىدىم. ئۇ ۋاقىتلاردا لېجيوندا 100 مىڭدىن ئارتۇق تۈركىستانلىق ئەسكەر، 70 مىڭدەك ئىشچى بار ئىدى. مەن ئەسلىدە، نېمىسلار بۇ ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالغىدەك بولسام بۇ ئەسكەر ۋە ئىشچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تۈركىيىگە كەلتۈرۈۋېلىش ئىمكانىيىتىنىڭ بار-يوقلۇقىنى بىلمەكچى ئىدىم. مەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈش جەريانىدا تۈركىيە دائىرىلىرىنىڭ بۇنداق بىر ئىشقا قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلىشكە تىرىشتىم. بۇ ئىشقا تۈركىيە دائىرىلىرى ئېنىق بىر نىمە دىمەي گەپ يورغىلىتىپ تۇرىۋېلىشتى. يەنە بىر ئىشنىمۇ ئۇلارغا ئۇچۇق ئېيتتىم: ئەگەر نېمىسلار تۈركىيىگە قارشى بىۋاستە ئۇرۇش قىلماقچى بولىدىكەن، تۈركىستانلىق ئەسكەرلەر ھەرگىز گېرمانىيە تەرىپىدە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلمايدۇ.

تۈركىيە مەسئۇللىرى نىمە ئۈچۈندۇ ئۇكرائىنا تەشكىلاتلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇ تەلەپكە بىنائەن مەنمۇ دەرھال گېرمانىيىگە تېلېپون قىلىپ ستېچكونى تۈركىيىگە ئەۋەرتىڭلار دەپ تەلەپ قىلدىم. ستېچكو بىلەن گېنېرال بىندېرې چەتئەلدە ئۇكرائىنا مىللى ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ چىقىشقان ئىدى. ستېچكو ئىستانبۇلغا يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ، دەرھال

ئۇنى ئەنقەرەگە ئېلىپ باردىم. ئەنقەرەگە بېرىپلا ستېچكونى مىللى بىخەتەرلىك تەشكىلاتىغا ئاپىرىپ مۇدىر ئىشخانىسىغا كىرگۈزۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتىم. ئۇلار نىمىلەر دېيىشكەنلىكىنى بىلمىدىم. كېيىن ستېچكودىن نىمە ھەققىدە سۆزلەشكەنلىكىنىمۇ سورىمىدىم. تۈركىيە، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن قۇرۇلغان ئۇكرائىنا ھۆكۈمىتىنى بىرىنچى بولۇپ ئېتىراپ قىلغان دۆلەت بولغاچقا، ئۇلار بەكلا ئاسان دوستانە شەكىلدە سۆھبەتكە كىرىشىپ كەتكەنىدى. فون پاپېن بىزنىڭ بۇ تۆردىكى مۇناسىۋەتلىرىمىز ھەققىدە بەك زىغىرلاپ سوراپ يۈرمىدى. بىزنىڭ دېگەنلىرىمىزنى تولۇق قوبۇل قىلىپ، بەك چۇقچىلاپ يۈرمىدى. پەرىزىمچە، پاپېن تۈركىيىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىششىنى بەك خالاپ كەتمەيدىغاندەك قىلاتتى. ...

ئىستانبۇلدا تۈركىستانلىق زىيالىيلار بىلەنمۇ كۆرۈشتۈم. ئۇلار بىلەن نۇرى پاشانىڭ ئۆيىدە كۆرۈشكەنىدىم. ئۇ يەردە زەكى ۋەلىدى، ئوسمان غوجا ئوغلى، ھەيدەربەگ، ئەخمەتجان ئوكاي، تاھىر چاغاتاي، ئابدۇلۋاھاپ ئوكتاي قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. ئۇلار، سابىق ت م ب چىلار سىياسى مەركىزىمىز تۈركىيىدە تۇرىۋەرسۇن، بۇ ھەرىكەتنىڭ يادرۇسىنى بىز تەشكىل قىلايلى دەپ تەلەپ قىلىشتى. مەن ئۇلارغا بۇنداق بىر ئىمكانىيەتنىڭ يوقلىقىنى ئېيتتىم. ... بىر-ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن «تۈركى مەدەنىيەتلەر ئىتتىپاقى» دېگەن بىر يەردە يىغىن ئېچىلىدىغان بولۇپ، يىغىندا مەندىن بىر نوتۇق سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشتى. نۇرى پاشاغا "مەن پان تۈركىسىزم دېگەندەك قاراشلارنى قوللىمايمەن" دىۋىدىم، "ئۇنداق بولسا ئۇ يىغىنغا سەن قاتناشمىساڭمۇ بولغىدەك" دېدى.

ۋەلى قېيۇمخان، تۈركىيىدىكى رەسمى ياكى غەيرى رەسمى كۆرۈشۈشلەردە كۆتكەن مەقسىدىگە يېتەلمەي گېرمانىيىگە قايتىپ كېتىدۇ. قېيۇمخان، تۈركىيىدىكى كۆرۈشۈشلەردە ت م ب گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن يولغا قويۇلىدىغان ستراتىگىيىلەر مەسىلىسىدە بىر پىكىرگە كېلەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇلار بىلەن داۋاملىق مۇناسىۋەت قىلىپ تۇرۇشنى نىيەت قىلغان ئىدى. دېگەندەك، كېيىنكى ۋاقىتلاردا «مىللى تۈركىستان» جورنىلىدا ئېلان قىلغان بەزى ماقالىلىرى ۋە ئۆزىنىڭ بىۋاستە ئېيتىپ بەرگەنلىرىدىن قارىغاندا، كونا ت م ب چىلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تا ئۇرۇش تۈگىگىچە ئۈزمىگەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن م ت ب ك باستۇرغان گېزىت-جورناللارنىڭ تۈركىيىدىكى تۈركىستانلىقلار ئوتتۇرىسىدا تونۇشتۇرۇلۇشى، تارقىتىلىشى بەك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ھېساپلىناتتى. ۋەلى قېيۇمخان بۇ جەھەتتە ت م ب چىلارنىڭ كۆرسەتكەن ياردەملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلەرنى توختىتىپ قويماي

داۋاملاشتۇرغانلىقىنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ:

م ت ب ك تەرىپىدىن نەشرى قىلدۇرۇلىۋاتقان «مىللى تۈركىستان» بىلەن قالغان جورناللار گېرمانىيە دىپلوماتىيىلىك پاسولكىلىرى بىلەن بىرگە تۈركىيىگە ئەۋەرتىلەتتى. ئۇ يەردە بۇ جورناللارنى ئابدۇۋاھاپ ئوكتاي تاپشۇرىۋېلىپ تارقىتاتتى.

ۋەلى قېيۇمخان، ت م ب ئەزالىرىدىن ئابدۇۋاھاپ ئوكتاي ۋاپات بولغىنىدا «مىللى تۈركىستان» جورنىلىدا ئېلان قىلغان بىر ماقالىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ئۇرۇش مەزگىللىرىدىمۇ مۇناسىۋەتلىرىمىز ئىنتايىن سەممىي ئىدى ۋە زىچ ئالاقە قىلىپ تۇراتتۇق. ... رەھمەتلىك ئۇرۇش دەۋرلىرىدە بىرلىنغا كېلىپ مۇستەقىللىق يولىدا بىرگە پائالىيەت قىلىشنى بەكلا ئارزۇ قىلغان ئىدى. ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن تاھىر چاغاتاي ئىككىسىنىڭ رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى پىلانلاشقانىدۇق. ئىمىشقىدۇ ئۇلار بىرلىنگە كېلىپ پائالىيەت قىلىشقا پۇرسەت چىقىرالمىدى.

سابىق ت م ب چىلاردىن ئىبراھىم يارقىن بولسا، بۇ ئىشلارنى پۈتۈنلەي باشقىچە بىر شەكىلدە بايان قىلىدۇ. ۋەلى قېيۇمخان بىلەن ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشەلمەسلىكلەر پىرىنسىپال مەسىلىلەر ئۈستىدە روي بەرگەن بولۇپ، ئۇرۇش ئاخىرلاشقان كۈنلەرگىچە بۇنداق كېلىشەلمەسلىكلەر داۋام قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ:

ۋەلى قېيۇمخان تۈركىيىگە كەلگىنىدە بىز بىلەن كۆرۈشۈپ، بىزنىمۇ مىللى ھەرىكەتلەرگە قاتنىششىمىزنى تەلەپ قىلدى. ئەمما بىز ۋە تاھىر چاغاتاي قاتارىدىكى ت م ب ئەزالىرى، گېرمانىيىنىڭ سوۋېت تەسىر دائىرىسى ئاستىدا تۇرغان تۈركى قەۋملار ياشايدىغان جايلار ھەققىدىكى سىياسەتلىرىنى توغرا كۆرمىگەن ئىدۇق. ئۇ ۋاقىتلاردا گېرمانىيە قىرىمنى تارتىپ ئالغىنى بىلەن ئۇ يەردىكى تۈركلەرگە مۇستەقىللىقنى بەرمىگەن ئىدى. ئۇكرائىنانى، بالتىق ئەللىرىنىمۇ تارتىپ ئېلىپ ئۇ يەرلەرنىمۇ ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرىۋېلىشقانىدى. تاھىر بۇلارنى ئوتتۇرىغا قويىۋىدى قېيۇمخان نېمىسلارنىڭ تۈركىستانغا ئازاتلىق (ئەركىنلىك) بېرىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن نېمىسلار ۋەدە بېرىشكەنلىكىنى ئېيتتى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ قولىدا نېمىسلار تۈركىستاننى مۇستەقىل دۆلەت دەپ تونىغانلىقى ھەققىدە، بىلمىدىم

قايسى بىرسى تەرىپىدىن ئىمزالانغان بىر قەغىزىمۇ باردەك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ بىز يەنىلا قايىل بولمىدۇق. قېيۇمخاننىڭ بۇ تەلىۋىنى قوبۇل قىلىشمىدۇق. زەكى ۋەلىدى بۇ ئىشلارغا بەكلا ھەۋەس قىلغان ئىدى. ئەمما سەۋەبىنى بىلمىدىم، ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى ئىشقا ئاشمىدى (ئىبراھىم يارقىن بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن شەخسى سۆھبەتتىن. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

ۋەلى قېيۇمخانمۇ، زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ بۇ ئىشقا راستىنلا بەك قىزىققانلىقىنى ئېيتىدۇ:

زەكى ۋەلىدى م ت ب ك بىلەن لىجيون مەسىلىسىگە بەكلا قىزىققانىدى. تۈركىستان مەسىلىسىدە بىز بىلەن بىرلىكتە پائالىيەت قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. مەن گېرمانىيىگە قايتقىنىمدىن كېيىن، يەنى 1943 ـ يىلىسى، ۋەلىدىمۇ نۇرى پاشانىڭ ياردىمى بىلەن بېرلىنگە كەلدى. بۇ ئارىدا ئىتتىپاقداش كۈچلىرىنىڭ بومباردىمانى باشلىنىپ كەتكەنىدى. بېرلىنمۇ بومباردىمان قىلىنماقتا ئىدى. ۋەزىيەت بەكلا خەتەرلىك ئىدى. شۇڭا ئۇزۇن تۇرمايلا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇ. ئۇرۇش تۈگىگەندە مېنىڭ بىلەن بىرگە ھەرىكەت قىلىشنى تەكلىپ قىلغانىدى. ئەمما مەن ئۇنىمىدىم. مېنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىش ئىشى پۈتمىگەچكە، ئاخىرى بىزدىن ئايرىلىپ كېتىپ تۈرك ئېلى دېگەن گۇرۇپپىنى نقۇرۇپ چىققان قاناتباي بىلەن قايغۇنلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە ياردەمچى بولدى.

ئەسلىدە، زەكى ۋەلىدى توغان ئەسىرلەرگە ياردەم قىلىش جەمىيىتىنى قۇرۇش ئىشىغا رۇخسەت قىلىنمىغان پەيتلەردە، يەنى 1941 ـ يىلىسى، گېرمانىيىگە بېرىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ رۇخستىنى ئالالمىغان ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنى 1943 ـ يىلىسى، گېرمانىيىگە بېرىش پۇرستىگە ئېرىشىدۇ. گېرمانىيە باش ئەلچىسى فون پاپېن بىلەن نۇرى قىلىلغىل پاشا ئىككىسىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ قولغا كەلتۈرگەن زىيارەت پۇرستى بىلەن ساھىپخانلىقنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى رۇسىيە شۆبىسى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. مېھمان كۈتىۋالغۇچىسى يەنىلا شۇ فون خېنتىڭ دېگەن كىشى ئىدى. بۇ ھەقتە توغان ئۆزىنىڭ ئەسلىمىلىرىدە، پۈتۈنلەي باشقا بىر سەۋەپتىن ناتسىستلارنىڭ مېھمىنى بولۇپ بېرلىنگە بارغانلىقىنى ئېيتىدۇ:

ئۇرۇش ۋاقتىدا، بېرلىندە ئادلون مېھمانخانىسىدا ناتسىستلارنىڭ مېھمىنى بولۇپ تۇرىۋاتقىنىمدا نەرسە ـ كېرەكلىرىم بىلەن يازغان نەرسىلىرىمنىڭ ياتاقتىن چىقىپ كەتكەن ۋاقىتلىرىمدا ئاختۇرۇلغانلىقىنى سەزدىم. شۇڭا بارلىق

ھۆججەتلىرىمنى شۇ ۋاقىتلاردا بىرلىندا تۈرۈشلۈق باش ئەلچىمىز بولغان ساففەت ئارىقان ئەپەندىگە تاپشۇرۇپ، "بۇ نەرسىلەرنى ئىستانبۇلغا ئۆزەڭ يولغا سېلىۋەتەرسەن" دەپ تاشلاپ كەتكەن ئىدىم.

ۋەلىدى يەنە ئۆزىنىڭ ئەسلىمىلىرىدە بۇ دۆلەت ھەققىدە ھەمدە گېرمانىيىدىكى ئۇچرۇشۇشلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ھەققىدە باشقا ھېچقانداق مەلۇمات بەرمەيدۇ. ۋەلىدى بۇ قېتىمقى زىيارىتى جەريانىدا، ۋەلى قېيۇمخان بىلەن قايتىدىن ئۇچراشقان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا بىرەر پىكىر بىرلىكىگە كېلەلمىگەچكە تۈركىيىگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

قېيۇمخان تۈركىيىگە كەلگەن ۋاقىتلاردا تۈركىستان مىللى ئىتتىپاق (ت م ب) ئەزالىرى 10-دېكابىر كۈنىدە ئىستانبۇلدا يىغىلىپ، مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قايتىدىن رەتكە سېلىپ چىقىشقان. ئابدۇۋاھاپ ئوكتاي، چوقاي ئوغلىنىڭ ۋاپاتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىيەتنى چوقاي ئوغلىنىڭ رەپىقىسىگە يازغان بىر پارچە خېتىدە تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىدۇ:

مۇستاپا ئەپەندىنىڭ ۋاپاتى رەسمى يوللاردىن سەل كېچىكىپ بولسىمۇ بىزگە يېتىپ كەلدى. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بارلىق ت م ب ئەزالىرىنى چاقىردىم. شۇ ۋاقىتلارنىڭ تۈركىيىسىدىكى نازۇك ۋەزىيەتكە قارىماي 3 كۈن ئىچىدە ئىستانبۇلغا يىغىلىپ بولدۇق. ھەممىمىزنى قاتتىق چۈچىتىۋەتكەن ۋە ئېغىر قايغۇغا چۆمدۈرگەن بۇ شۇم خەۋەر، شۇ كۈنلەردە ئىنتايىن مۇھىم بىر ئاپپاراتسىيە ئۈستىدە ياتقان مەجدىدىن ئەپەندىدىنلا سىر تۇتۇلغانىدى. بۇ تەزىيە خەۋىرى بىر مەزگىل بۇ يەردىكى تۈركىستانلىقلارغىمۇ ئۇختۇرۇلمىغىنىدەك، مەتبۇئاتقىمۇ ئېلان بېرىلمىدى. ...

1942-يىلىنىڭ 10-دېكابىر كۈنىسى ئېچىلغان ئومۇمىي يىغىندا مۇستاپا چوقاينىڭ ۋاپاتى سەۋەبىدىن ئوتتۇرغا چىققان بوشلۇق مۇزاكىرە قىلىنىپ، ئاخىرىدا مەرھۇمنىڭ ئوڭ قولى ھېساپلىنىدىغان دوكتور تاھىر چاغاتاينىڭ رىياسەتچىلىكىدە بەش كىشىلىك مەركىزى ھەيئەت سايلاندى. شۇنىڭدەك، بۇندىن كېيىن ئىشلار بۇرۇنقى يولى بويىچە داۋاملاشتۇرۇلىدىغانلىقى قارار قىلىندى.

1943-يىلىنىڭ يانۋار ئېيىدا، ئۇزۇن يىل ت م ب باش سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىۋاتقان مەجدىدىن دەلىل، داۋالىنىۋاتقان ھەيبەلى ئارىلى

ساناتورىيىسىدە ۋاپات بولىدۇ. مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىرادىلىك، كۈرەش شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ كىشىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىش نەتىجىسىدە، ت م ب پائالىيەتلىرى زور دەرىجىدە ئاقساشقا باشلاپ، تەشكىلاتمۇ جىم ـ جىتلىق ئىچىگە چۆكۈپ قالىدۇ.

# تۈرك مەدەنىيەتلەر ئىتتىپاقىدىن ئېمىنئۆنۈ

## خەلق ھۆجرىسىغىچە

ۋەلى قېيۇمخان، 1942 ـ يىلىنىڭ دېكابىر ئېيىدا گېرمانىيىنىڭ تۈركىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى فون پاپېننىڭ تەلىۋىگە بىنائەن تۈركىيىگە كېلىدۇ. ئۇ يىللاردا نېمىس قوشۇنلىرى دون ۋادىسى بىلەن شىمالى كاپكازىيىنى ئىشغال قىلىپ، گروزىيە بىلەن ئەزەربەيجان چېگرىسىغا كېلىپ تاقاشقان ئىدى. نېمىسلار نۆۋەتتە، ئەزەربەيجان نېفىت مەنبەلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلماقتا ئىدى. فون پاپېن، ۋەلى قېيۇمخاندىن تۈركىيە مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ چىقىشنى ھەمدە ئۇلارغا م ت ب ك بىلەن لېيجىيون ھەققىدە مەلۇمات بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما ۋەلى قېيۇمخان بولسا، تۈركىيە يېتەكچىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنى ئۆز مەقسىدى ئۈچۈن پايدىلىنىش نىيىتىدە ئىدى. ئۇ يەنە تۈركىيىدىكى ت م ب ئەزالىرى ۋە باشقا تاشقى تۈرك قەۋملىرى بىلەن مۇناسىۋەت تىكلەشنىمۇ مەقسەت قىلماقتا ئىدى. ۋەلى قېيۇمخان، شۇ ۋاقىتتىكى تۈركىيە زىيارىتى ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ:

ئىستانبۇلغا كېلىپ ئاۋال مىللى بىخەتەرلىك تەشكىلات مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشتۈم. نېمىسلار يۇخراچە كېيىنگەن مىللى لېجيون ئەسكەرلىرىنى تۈركىيە ئارقىلىق كاپكازىيە تەرەپلەرگە كىرگۈزىۋېتىشنى نىيەت قىلىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتتىم. ئەمما بۇنداق بىر ئىشقا تۈركىيە مەسئۇللىرى بەك قىزىقمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قالسا تۈركىيە ئۇرۇشقا قاتنىشىش خەۋپى تۇغۇلىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەيدىكەن. ئەمما مەن نېمىس قوشۇنلىرىنىڭ شەرق ئۇرۇش سېپىدە، بولۇپمۇ ستالىنگراد ئالدىدا توختاپ قالغانلىقىغا قاراپ نېمىسلار بۇ ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالارمۇ قانداق دەپ

گومانلىنىشقا باشلىغان ئىدىم. ئۇ ۋاقىتلاردا لىپجىيوندا 100 مىڭدىن ئارتۇق تۈركىستانلىق ئەسكەر، 70 مىڭدەك ئىشچى بار ئىدى. مەن ئەسلىدە، نېمىسلار بۇ ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالغىدەك بولسام بۇ ئەسكەر ۋە ئىشچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تۈركىيىگە كەلتۈرۈۋېلىش ئىمكانىيىتىنىڭ بار-يوقلىقىنى بىلمەكچى ئىدىم. مەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈش جەريانىدا تۈركىيە دائىرىلىرىنىڭ بۇنداق بىر ئىشقا قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلىشكە تىرىشتىم. بۇ ئىشقا تۈركىيە دائىرىلىرى ئېنىق بىر نىمە دىمەي گەپ يورغىلىتىپ تۇرىۋېلىشتى. يەنە بىر ئىشنىمۇ ئۇلارغا ئۇچۇق ئېيتتىم: ئەگەر نېمىسلار تۈركىيىگە قارشى بىۋاستە ئۇرۇش قىلماقچى بولىدىكەن، تۈركىستانلىق ئەسكەرلەر ھەرگىز گېرمانىيە تەرىپىدە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلمايدۇ.

تۈركىيە مەسئۇللىرى نىمە ئۈچۈندۇ ئۇكرائىنا تەشكىلاتلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش تەلىۋىنى ئوتتۇرغا قويۇشتى. بۇ تەلەپكە بىنائەن مەنمۇ دەرھال گېرمانىيىگە تېلېپون قىلىپ ستېپچكونى تۈركىيىگە ئىۋەرتىڭلار دەپ تەلەپ قىلدىم. ستېپچكو بىلەن گېنېرال بېندېرې چەتئەلدە ئۇكرائىنا مىللى ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ چىقىشقان ئىدى. ستېپچكو ئىستانبۇلغا يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ، دەرھال ئۇنى ئەنقەرەگە ئېلىپ باردىم. ئەنقەرەگە بېرىپلا ستېپچكونى مىللى بىخەتەرلىك تەشكىلاتىغا ئاپىرىپ مۇدىر ئىشخانىسىغا كىرگۈزۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتىم. ئۇلار نىمىلەر دېيىشكەنلىكىنى بىلمىدىم. كېيىن ستېپچكودىن نىمە ھەققىدە سۆزلەشكەنلىكىنىمۇ سورىمىدىم. تۈركىيە، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن قۇرۇلغان ئۇكرائىنا ھۆكۈمىتىنى بىرىنچى بولۇپ ئېتىراپ قىلغان دۆلەت بولغاچقا، ئۇلار بەكلا ئاسان دوستانە شەكىلدە سۆھبەتكە كىرىشىپ كەتكەندى. فون پاپېن بىزنىڭ بۇ تۆردىكى مۇناسىۋەتلىرىمىز ھەققىدە بەك زىغىرلاپ سوراپ يۈرمىدى. بىزنىڭ دېگەنلىرىمىزنى تولۇق قوبۇل قىلىپ، بەك چۈقچىلاپ يۈرمىدى. پەرىزىمچە، پاپېن تۈركىيىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىششىنى بەك خالاپ كەتمەيدىغاندەك قىلاتتى. ...

ئىستانبۇلدا تۈركىستانلىق زىيالىيلار بىلەنمۇ كۆرۈشتۈم. ئۇلار بىلەن نۇرى پاشانىڭ ئۆيىدە كۆرۈشكەنىدىم. ئۇ يەردە زەكى ۋەلىدى، ئوسمان غوجا ئوغلى، ھەيدەربەگ، ئەخمەتجان ئوكاي، تاھىر چاغاتاي، ئابدۇلۋاھاپ ئوكتاي قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. ئۇلار، سابىق ت م ب چىلار سىياسى مەركىزىمىز تۈركىيىدە تۇرىۋەرسۇن، بۇ ھەرىكەتنىڭ يادرۇسىنى بىز تەشكىل قىلايلى دەپ تەلەپ قىلىشتى. مەن ئۇلارغا بۇنداق بىر ئىمكانىيەتنىڭ يوقلىقىنى ئېيتتىم. ... بىر-ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن «تۈركى مەدەنىيەتلەر ئىتتىپاقى» دېگەن

بىر يەردە يىغىن ئېچىلىدىغان بولۇپ، يىغىندا مەندىن بىر نۇتۇق سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشتى. نۇرى پاشاغا "مەن پان تۈركىسىزم دېگەندەك قاراشلارنى قوللىمايمەن" دېدىم، "ئۇنداق بولسا ئۇ يىغىنغا سەن قاتناشمىساڭمۇ بولىدىكەن" دېدى.

ۋەلى قېيۇمخان، تۈركىيىدىكى رەسمى ياكى غەيرى رەسمى كۆرۈشۈشلەردە كۆتكەن مەقسىدىگە يېتەلمەي گېرمانىيىگە قايتىپ كېتىدۇ. قېيۇمخان، تۈركىيىدىكى كۆرۈشۈشلەردە ت م ب گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن يولغا قۇيۇلىدىغان ستراتېگىيىلەر مەسىلىسىدە بىر پىكىرگە كېلەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇلار بىلەن داۋاملىق مۇناسىۋەت قىلىپ تۇرۇشنى نىيەت قىلغان ئىدى. دېگەندەك، كېيىنكى ۋاقىتلاردا «مىللى تۈركىستان» جورنىلىدا ئېلان قىلغان بەزى ماقالىلىرى ۋە ئۆزىنىڭ بىۋاستە ئېيتىپ بەرگەنلىرىدىن قارىغاندا، كونا ت م ب چىلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تا ئۇرۇش تۈگىگىچە ئۈزمىگەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن م ت ب ك باستۇرغان گېزىت-جورناللارنىڭ تۈركىيىدىكى تۈركىستانلىقلار ئوتتۇرىسىدا تونۇشتۇرۇلۇشى، تارقىتىلىشى بەك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ھېساپلىناتتى. ۋەلى قېيۇمخان بۇ جەھەتتە ت م ب چىلارنىڭ كۆرسەتكەن ياردەملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلەرنى توختىتىپ قويماي داۋاملاشتۇرغانلىقىنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ:

م ت ب ك تەرىپىدىن نەشرى قىلدۇرۇلىۋاتقان «مىللى تۈركىستان» بىلەن قالغان جورناللار گېرمانىيە دېپلوماتىيىلىك پاسولكىلىرى بىلەن بىرگە تۈركىيىگە ئەۋەرتىلەتتى. ئۇ يەردە بۇ جورناللارنى ئابدۇۋاھاپ ئوكتاي تاپشۇرىۋېلىپ تارقىتاتتى.

ۋەلى قېيۇمخان، ت م ب ئەزالىرىدىن ئابدۇۋاھاپ ئوكتاي ۋاپات بولغىنىدا «مىللى تۈركىستان» جورنىلىدا ئېلان قىلغان بىر ماقالىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ئۇرۇش مەزگىللىرىدىمۇ مۇناسىۋەتلىرىمىز ئىنتايىن سەممىي ئىدى ۋە زىچ ئالاقە قىلىپ تۇراتتۇق. ... رەھمەتلىك ئۇرۇش دەۋرلىرىدە بىرلىنغا كېلىپ مۇستەقىللىق يولىدا بىرگە پائالىيەت قىلىشنى بەكلا ئارزۇ قىلغان ئىدى. ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن تاھىر چاغاتاي ئىككىسىنىڭ رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى پىلانلاشقانىدۇق. نىمىشقىدۇ ئۇلار بىرلىنگە كېلىپ پائالىيەت قىلىشقا پۇرسەت چىقىرالمىدى.

سابىق ت م ب چىلاردىن ئىبراھىم يارقىن بولسا، بۇ ئىشلارنى پۈتۈنلەي باشقىچە

بىر شەكىلدە بايان قىلىدۇ. ۋەلى قەييۇمخان بىلەن ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشەلمەسلىكلەر پىرىنسىپال مەسىلىلەر ئۈستىدە روي بەرگەن بولۇپ، ئۇرۇش ئاخىرلاشقان كۈنلەرگىچە بۇنداق كېلىشەلمەسلىكلەر داۋام قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ:

ۋەلى قەييۇمخان تۈركىيىگە كەلگىنىدە بىز بىلەن كۆرۈشۈپ، بىزنىمۇ مىللى ھەرىكەتلەرگە قاتنىششىمىزنى تەلەپ قىلدى. ئەمما بىز ۋە تاھىر چاغاتاي قاتارىدىكى ت م ب ئەزالىرى، گېرمانىيىنىڭ سوۋېت تەسىر دائىرىسى ئاستىدا تۇرغان تۈركى قەۋملار ياشايدىغان جايلار ھەققىدىكى سىياسەتلىرىنى توغرا كۆرمىگەن ئىدۇق. ئۇ ۋاقىتلاردا گېرمانىيە قىرىمنى تارتىپ ئالغىنى بىلەن ئۇ يەردىكى تۈركلەرگە مۇستەقىللىقنى بەرمىگەن ئىدى. ئۇكرائىنانى، بالتىق ئەللىرىنىمۇ تارتىپ ئېلىپ ئۇ يەرلەرنىمۇ ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشقانىدى. تاھىر بۇلارنى ئوتتۇرىغا قويىۋىدى قەييۇمخان نېمىسلارنىڭ تۈركىستانغا ئازاتلىق (ئەركىنلىك) بېرىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن نېمىسلار ۋەدە بېرىشكەنلىكىنى ئېيتتى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ قولىدا نېمىسلار تۈركىستاننى مۇستەقىل دۆلەت دەپ تونىغانلىقى ھەققىدە، بىلمىدىم قايسى بىرسى تەرىپىدىن ئىمزالانغان بىر قەغىزىمۇ باردەك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ بىز يەنىلا قايىل بولمىدۇق. قەييۇمخاننىڭ بۇ تەلىۋىنى قوبۇل قىلىشمىدۇق. زەكى ۋەلىدى بۇ ئىشلارغا بەكلا ھەۋەس قىلغان ئىدى. ئەمما سەۋەبىنى بىلمىدىم، ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى ئىشقا ئاشمىدى (ئىبراھىم يارقىن بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن شەخسى سۆھبەتتىن. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

ۋەلى قەييۇمخانمۇ، زەكى ۋەلىدى توغانىنىڭ بۇ ئىشقا راستىنلا بەك قىزىققانلىقىنى ئېيتىدۇ:

زەكى ۋەلىدى م ت ب ك بىلەن لىجيون مەسىلىسىگە بەكلا قىزىققانىدى. تۈركىستان مەسىلىسىدە بىز بىلەن بىرلىكتە پائالىيەت قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. مەن گېرمانىيىگە قايتقىنىمدىن كېيىن، يەنى 1943 ـ يىلىسى، ۋەلىدىمۇ نۇرى پاشانىڭ ياردىمى بىلەن بېرلىنگە كەلدى. بۇ ئارىدا ئىتتىپاقداش كۈچلىرىنىڭ بومباردىمانى باشلىنىپ كەتكەنىدى. بېرلىنمۇ بومباردىمان قىلىنماقتا ئىدى. ۋەزىيەت بەكلا خەتەرلىك ئىدى. شۇڭا ئۇزۇن تۇرمايلا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇ. ئۇرۇش تۈگىگەندە مېنىڭ بىلەن بىرگە ھەرىكەت قىلىشنى تەكلىپ قىلغانىدى. ئەمما مەن ئۇنىمىدىم. مېنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىش ئىشى پۈتمىگەچكە، ئاخىرى بىزدىن ئايرىلىپ كېتىپ تۈرك ئېلى دېگەن گۇرۇپپىنى

نقۇرۇپ چىققان قاناتباي بىلەن قايغۇنلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە ياردەمچى بولدى.

ئەسلىدە، زەكى ۋەلىدى توغان ئەسىرلەرگە ياردەم قىلىش جەمىيىتىنى قۇرۇش ئىشىغا رۇخسەت قىلىنمىغان پەيتلەردە، يەنى 1941 ـ يىلىسى، گېرمانىيىگە بېرىشۋېلىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ رۇخسىتىنى ئالالمىغان ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنى 1943 ـ يىلىسى، گېرمانىيىگە بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. گېرمانىيە باش ئەلچىسى فون پاپېن بىلەن نۇرى قىلىلىغىل پاشا ئىككىسىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ قولغا كەلتۈرگەن زىيارەت پۇرسىتى بىلەن ساھىپخانلىقنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى رۇسىيە شۆبىسى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. مېھمان كۈتىۋالغۇچىسى يەنىلا شۇ فون خېنتىڭ دېگەن كىشى ئىدى. بۇ ھەقتە توغان ئۆزىنىڭ ئەسلىمىلىرىدە، پۈتۈنلەي باشقا بىر سەۋەپتىن ناتسىستلارنىڭ مېھمىنى بولۇپ بېرلىنگە بارغانلىقنى ئېيتىدۇ:

ئۇرۇش ۋاقتىدا، بېرلىندە ئادلون مېھمانخانىسىدا ناتسىستلارنىڭ مېھمىنى بولۇپ تۇرىۋاتقىنىمدا نەرسە ـ كېرەكلىرىم بىلەن يازغان نەرسىلىرىمنىڭ ياتاقتىن چىقىپ كەتكەن ۋاقىتلىرىمدا ئاختۇرۇلغانلىقىنى سەزدىم. شۇڭا بارلىق ھۆججەتلىرىمنى شۇ ۋاقىتلاردا بېرلىندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىمىز بولغان ساففەت ئارىقان ئەپەندىگە تاپشۇرۇپ، "بۇ نەرسىلەرنى ئىستانبۇلغا ئۆزەڭ يولغا سېلىۋەتەرسەن" دەپ تاشلاپ كەتكەن ئىدىم.

ۋەلىدى يەنە ئۆزىنىڭ ئەسلىمىلىرىدە بۇ دۆلەت ھەققىدە ھەمدە گېرمانىيىدىكى ئۇچرىشىشلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ھەققىدە باشقا ھېچقانداق مەلۇمات بەرمەيدۇ. ۋەلىدى بۇ قېتىمقى زىيارىتى جەريانىدا، ۋەلى قېيۇمخان بىلەن قايتىدىن ئۇچراشقان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا بىرەر پىكىر بىرلىكىگە كېلەلمىگەچكە تۈركىيىگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

قېيۇمخان تۈركىيىگە كەلگەن ۋاقىتلاردا تۈركىستان مىللى ئىتتىپاق (ت م ب) ئەزالىرى 10 ـ دېكابىر كۈنىدە ئىستانبۇلدا يىغىلىپ، مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قايتىدىن رەتكە سېلىپ چىقىشقان. ئابدۇۋاھاپ ئوكتاي، چوقاي ئوغلىنىڭ ۋاپاتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىيەتنى چوقاي ئوغلىنىڭ رەپىقىسىگە يازغان بىر پارچە خېتىدە تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىدۇ:

مۇستاپا ئەپەندىنىڭ ۋاپاتى رەسمى يوللاردىن سەل كېچىكىپ بولسىمۇ بىزگە يېتىپ كەلدى. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بارلىق ت م ب ئەزالىرىنى

چاقىردىم. شۇ ۋاقىتلارنىڭ تۈركىيىسىدىكى نازۇك ۋەزىيەتكە قارىماي 3 كۈن ئىچىدە ئىستانبۇلغا يىغىلىپ بولدۇق. ھەممىمىزنى قاتتىق چۈچىتىۋەتكەن ۋە ئېغىر قايغۇغا چۆمدۈرگەن بۇ شۇم خەۋەر، شۇ كۈنلەردە ئىنتايىن مۇھىم بىر ئاپاراتسىيە ئۈستىدە ياتقان مەجىدىدىن ئەپەندىدىنلا سىر تۇتۇلغانىدى. بۇ تەزىيە خەۋىرى بىر مەزگىل بۇ يەردىكى تۈركىستانلىقلارغىمۇ ئۇختۇرۇلمىغىنىدەك، مەتبۇئاتقىمۇ ئېلان بېرىلمىدى. ...

1942-يىلىنىڭ 10-دىكابىر كۈنىسى ئېچىلغان ئومۇمىي يىغىندا مۇستاپا چوقاينىڭ ۋاپاتى سەۋەبىدىن ئوتتۇرغا چىققان بوشلۇق مۇزاكىرە قىلىنىپ، ئاخىرىدا مەرھۇمنىڭ ئوڭ قولى ھېساپلىنىدىغان دوكتور تاھىر چاغاتاينىڭ رىياسەتچىلىكىدە بەش كىشىلىك مەركىزى ھەيئەت سايلاندى. شۇنىڭدەك، بۇندىن كېيىن ئىشلار بۇرۇنقى يولى بويىچە داۋاملاشتۇرۇلىدىغانلىقى قارار قىلىندى.

1943-يىلىنىڭ يانۋار ئېيىدا، ئۆزۈن يىل ت م ب باش سېكىرتارلىق ۋەزىپىسنى ئۆتەپ كېلىۋاتقان مەجىدىدىن دەلىل، داۋالىنىۋاتقان ھەيبەلى ئارىلى ساناتورىيىسىدە ۋاپات بولىدۇ. مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىرادىلىك، كۈرەش شجائىتى ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ كىشىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىش نەتىجىسىدە، ت م ب پائالىيەتلىرى زور دەرىجىدە ئاقساشقا باشلاپ، تەشكىلاتمۇ جىم-جىتلىق ئىچىگە چۆكۈپ قالىدۇ.

## تۈرك مەدەنىيەتلەر ئىتتىپاقىدىن ئېمىنئۆنۈ خەلق ھۇجرىسىغىچە

تۈركىستان تۈرك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ تۈرك مەدەنىيەت جەمىيىتىگە ئۆزگەرتىلىش ئىشلىرى، ھۆكۈمەتنىڭ يېڭى چىقارغان جەمىيەت قۇرۇش قانۇنىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇلۇپ 1940-يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدا پۈتتۈرىلىدۇ. 7-ئىيولدا چاقىرىلغان قۇرۇلتايدا ت ت ي ئى نىڭ ئەڭ ئاخىرقى باشلىقى ئەخمەتجان ئوقاي، گېرمانىيىدىن تۈركىيىگە قايتىپ كەلگەن ت م ب گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن قاتتىق زىتلىشىپ قالىدۇ. بۇ يەردە، ئاتاتۈركنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تۈركىيىگە قايتىپ كەلگەن زەكى ۋەلىدى توغان بۇ قۇرۇلتاي ئەسناسىدا ئۆزۈندىن بۇيان ئۆزى قارشى تۇرۇپ كېلىۋاتقان ت م ب گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلغىنى قىزىق ئىش ئىدى. ئىككى

تەرەپ ئوتتۇرىسدا يۈز بەرگەن قاتتىق تالاش-تارتىشلار نەتىجىسدە، سايلام ئېلىپ بېرىش توختۇتۇلۇپ، قۇرۇلتايمۇ كېيىنگە قالدۇرۇلىدۇ.

21-ئىيۇل كۈنىسى ئۆتكۈزۈلگەن ئىككىنچى قېتىملىق يىغىندا، تاھىر چاغاتاي بىلەن زەكى ۋەلىدى توغان ئىككىسى ھىمايە قىلغان گۇرۇپ يېڭىلىپ، ت ت ي ئى نىڭ سابىق باشلىقى ئەخمەتجان ئوقاي تۈرك مەدەنىيەت جەمىيىتىگە باشلىق بولۇپ سايلىنىدۇ. ئىجرائىيە كومىتېتى ئىلھام ئالغۇ، مۇھەددىن سارت، ئەخمەت پاختا ۋە ئەخمەت ئىچمەكلى قاتارىدىكى كىشىلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. قۇرۇلتايدىن 5 ئاي ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئەخمەت ئىچمەكلىنىڭ ئىستىپا بېرىشى سەۋەبىدىن بوشىغان ئورۇنغا تولۇقلاپ سايلىنىدىغان نامزاتلاردىن مەجىدىدىن دەلىل بىلەن ياقۇپ ئەلبېك ئىككىسى بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىدۇ. بۇ ئەھۋال، ت ب م چىلار بىلەن تۈركىستان تۈرك ياشلار ئىتتىپاقى ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. بۇ قۇرۇلتاي بىلەن بىر قاتاردا 1927-يىلىدىن بۇيان مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ت ت ي ئى نىڭ قانۇنى مەۋجۇتلۇقىغىمۇ خاتىمە بېرىلگەن ھېساپلاندى.

يېڭىدىن قۇرۇلغان تۈرك مەدەنىيەت ئىتتىپاقىنىڭ 43 ماددىلىق نىزامنامىسىدا جەمىيەتنىڭ مەقسەتلىرى تۆۋەندىكىچە بەلگىلەنگەن ئىدى:

(رەسىم ئورنى)

تۈرك مەدەنىيەت ئىتتىپاقىنىڭ 1940-يىلقى قۇرۇلتىيىدىن كېيىن تارتىلغان رەسىم. سولدىن بىرىنچى كىشى مەجىدىدىن دەلىل، تۆتىنچى كىشى زەكى ۋەلىدى توغان ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكىسى ئەخمەتجان ئوقاي.
ئىستانبۇل 1940. 07. 07

تۈركى ئىرقىدىن بولغان، يىراق ۋىلايەتلىرىدىن كەلگەن، ياردەمگە مۇھتاج بولغان بەكلا نامرات، يېتىم ۋە كېسەلچان كىشىلەرگە، ئوقۇغۇچى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغانلارغا ماددى ۋە مەنىۋى ياردەم قىلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش بىلەن بىرگە، بۈيۈك تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ كېڭەيتىلىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن پائالىيەت كۆرسىتىدۇ. (2-ماددا) ... ئىتتىپاق ئىچىدە مىللى ھەمكارلىق ۋە خەيرخاھلىق ئاساس قىلىنىدۇ. (3-ماددا) ... ئىتتىپاق قەتئى تۈردە سىياسى ئىشلارغا ئارىلاشمايدۇ ۋە سىياسەتكە ۋاستە بولمايدۇ. (4-ماددا). 5-ماددىدا، تۈرك ئىرقىدىن بولغان، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىرەرسى ھېچقانداق بىر رەۋىشتە يات ئىرقتىكىلەر بىلەن باغلانمىغان 18 يېشىنى تولدۇرغان ھەرقايسى تۈرك قەۋمىدىن بولغان كىشى بۇ ئىتتىپاققا ئەزا بولالايدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن. دۆلەتنىڭ قاتتىق تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەن نىزامنامىنىڭ بۇ ماددىسى شۇ كۈنلەردىكى دۆلەت

ھاكىمىيىتىنىڭ ئىرقلار مەسىلىسىدىكى ئىنچىكىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن دېيىشكىمۇ بولاتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا، ئىتتىپاق خۇددى بۈرۈنقىدەك مەدەنى خاراكتېردىكى پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ كېلىدۇ. بۇ ئىتتىپاقنىڭ بۇ تۈردىكى ئىشلىگەن پائالىيەتلەردىن قولدا قالغان پەقەت بىرلا ھۆججەت بار بولۇپ، دوكتور ئابدۇللا زىھنى سويسال تەرىپىدىن «خانلىق دەۋرىدە قىرىم تۈرك مەدەنىيىتى» دېگەن تېمىدىكى ئىلمىي دوكلات يىغىنىدا تارقىتىلغان بروشورلا ساقلىنىپ قالغان ئىدى. بۈرۈن، ت ت ي ئى مەركىزى بولغان سۇلتان ئەخمەت بۇخارا تەككە بىناسىدا پائالىيەت قىلىپ كەلگەن ئىتتىپاق، 1941-يىلى 30-نويابىر كۈنىسى ئىككىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنى چاقىرغان بولۇپ، ئەخمەتجان ئوقاي قايتىدىن رەئىسلىككە سايلىنىدۇ.

1942-يىلىسى تۈرك مەدەنىيەتلەر ئىتتىپاقى تەشكىلىدە يېڭىدىن ئۆزگەرتىلىش بولىدۇ. تۈرك دۇنياسىغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق كىشىلەر بىلەن ئورگانلار تۈرك مەدەنىيەتلەر ئىتتىپاقى ئەتراپىغا توپلاندى. بۇ ئىتتىپاق بىر مەنىدە بىر پۈتۈن مەركەزى ئورگان ھالىغا ئۆزگەرگەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇنداق بىرلىشىش راستىنلا چىن يۈرەكتىن تەشكىل قىلىنغان بىر بىرلىشىش ئىكەنلىكىگە بىر نىمە دېمەك قىيىن. ئىدىل-ئۇرال ھەرىكىتى يېتەكچىلىرىدىن بولغان ئەلى ئېقىش، تۈرك مەدەنىيەتلەر ئىتتىپاقى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك مەلۇماتلارنى بەرمەكتە:

1927-يىلىسى ئىستانبۇلدا قۇرۇلغان تۈركىستان تۈرك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتى، ھۆكۈمەتنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا ئاساسەن 1940-يىلى چاقىرغان قۇرۇلتىيىدا ئىسمىنى «تۈرك مەدەنىيەتلەر ئىتتىپاقى» دېگەنگە ئۆزگەرتىدۇ. جەمىيەتنىڭ تۈزۈلمىسى ئىتتىپاقداش تەشكىلات شەكلىدە بولۇپ، ئىدىل ئۇرال، تۈركىستان، كاپكازىيە ئىتتىپاقى، ئەزەربەيجان ۋە قىرىم جەمىيەتلىرىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىدىن شەكىللەنگەن بۇ مەركەز، بىز ياشلارنىڭ مىللى روھ بىلەن يېتىشتۈرۈلۈشىمىزگە ئالاھىدە زور تۆھپىسى بولغانىدى. بۇ مەركەزدە ھەر يىلى 3 قېتىم چوڭ كەچلىك پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ھەر تۈرلۈك ئىلمى دوكلات ۋە يىغىنلار ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. ئاياز ئىساقى بۇ مەركەز قۇرۇلمىسى ئاستىدا ئۈچ ئاي مۇددەت ئىچىدە ھەر قېتىم 75 مىنوتتىن 9 قېتىم ئىلمى دوكلات بېرىدۇ.

تۈرك دۇنياسىدىن كەلگەن كىشىلەر بىلەن ئۇلاردىن تەشكىللەنگەن ئورگانلارنىڭ بىرلا مەركەزگە قارايدىغان ھالدا باشقۇرۇلۇشى، ھۆكۈمەت تەرەپىنىڭ ھەرقايسى گۇرۇپپىدىكى كىشىلەرنى تېزگىنلىشىنى بەكلا ئاسانلاشتۇرۇپ بەرمەكتە ئىدى. ئەنۋەر پاشانىڭ ئىنىسى نۇرى پاشا (قىللىغىل) نىڭ تىرىشچانلىق

كۆرستىشى نەتىجىسىدە، چاغائۇغلى (ئىستانبۇل ۋالىقى ئالدىدىكى نەشرىياتچىلار كوچىسى. ــ ئۇ.ت) دېگەن يەردىكى كونا بىر مېھمانساراي تۈرك مەدەنىيەتلەر ئىتتىپاقىغا بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىر ھۇجرىسىغا بىردىن جەمىيەتنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدىغان شەكىلدە جايلاشتۇرۇلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىلى، ئىتتىپاق مەركىزى ت ت ي ئى نىڭ بۇرۇنقى بىناسىغا، يەنى سۇلتان ئەخمەت جامىسى يېنىدىكى بۇخارا تەككەسىگە كۆچۈرۈلدۇ.

تۈرك مەدەنىيەتلەر ئىتتىپاقى، 1942ـ يىلىنىڭ ئىيۇل ئېيىدىن باشلاپ «تۈرك مەقسىدى» نامىدا بىر ئايلىق جورنال چىقىرىشقا باشلايدۇ. مەسئۇل مۇھەررىرلىككە داڭلىق ئالىم ئەخمەت جاپپار ئوغلى تەيىنلەنگەن بۇ جورنالنىڭ كىرىش سۆزىدە «تۈرك مەقسىدى» نىڭ ئەڭ چوڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرسى، ھەر تۈرلۈك رايونلارغا بۆلۈنگەن بارلىق ئىرقداشلارنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئۆز ئارا تونۇشتۇشتىن ئىبارەت بولىشى كېرەك دەپ يېزىلغان ئىدى. پروفېسسور فۇئات كۆپرۈلۈ، ئەخمەت جافەر ئوغلى، مۇھەررەم فەيزى توغاي، قادىرجان قافلى قاتارىدىكى تۈرك دۇنياسىنىڭ داڭلىق كىشىلىرى بۇ جورنالدا ماقالىلار ئېلان قىلماقتا ئىدى. كۆندىلىك سىياسى ۋەزىيەتكە قىلچە يېقىن يولىماي، پۈتۈنلەي ئىلمى خاراكتېرىدىكى ماقالىلار بېسىلىپ تۇراتتى. ھەر سانىغا تۈرك دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بىر پارچە ماقالە بېسىلىدىغان شەكىلدە رەتكە سېلىنغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ تۈرك دۇنياسىنىڭ مەدەنىيەتلەر ئىتتىپاقى كۆزقارىشىغا تايانغان نەشرىياتچىلىق قائىدىسى ئوتتۇرغا قويۇلغانىدى. يەنى بىر مەنىدە ئىسمائىل گاسپىراللىنىڭ "تىلدا، پىكىردە، ئىشتا بىرلىك" دېگەن داڭلىق شۇئارىنىڭ پىكىر بىرلىكى ساھەسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ھېساپلىناتتى.

ئەپسۇسكى، تۈرك مەدەنىيەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ بۇ تۈر پائالىيەتلىرىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇنغا بارالمايدۇ. ئۇرۇشتا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ كۈچىيىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تۈركچىلىك گېزىت ـ جورناللىرىغا، تۈركچىلىك تەشكىلاتلىرىغا ۋە بۇ تۈردىكى ئېقىملارغا بولغان كۆزقارىشىمۇ ئۆزگىرىشكە، بۇ تۈردىكى پائالىيەتلەرگە بولغان قىزغىنلىقىمۇ ئازىيىشقا باشلايدۇ. بىر مەزگىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت تەرەپتىن بىۋاستە پەيدا قىلىنغان تۈركچىلىك ـ تۇرانچىلىق دېلولىرىنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشى بىلەن بىر قاتاردا تۈرك مەدەنىيەتلىرى ئىتتىپاقى پېچەتلىنىدۇ. ئىتتىپاقنىڭ پېچەتلىنىشى ھەققىدە ئەلى ئاقىش كۆندىلىك خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ئۇ ۋاقىتلاردا، بىزنىڭ تۈرك مەدەنىيەتلەر ئىتتىپاقى مەركىزىمىزدە تۈركىستان ۋە ئىدىل ـ ئۇرال شۆبىلىرىنىڭ بەكلا ئاكتىپ پائالىيەت قىلىپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك، ئەنقەرەدىكى سوۋېت باش ئەلچىخانىسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى

ئۆزگە جەلىپ قىلىنغان. نەتىجىدە ماي ئېيىدا دەۋرىنىڭ جۇمھۇر رەئىسى ئىسمەت ئىنۆنۈگە قارىتىلغان بېسمىلارنىڭ كۈچىيىشى نەتىجىسىدە پىچەتلىنىپ ئۆچۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ، 3 يىل جەريانىدا ئاكتىپ پائالىيەت كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان ئىتتىپاقداشلىق تۈسىنى ئالغان مەركىزىمىزدىن مەھرۇم بولۇپ قالدۇق. ئۇ دەۋرلەردە زەكى ۋەلىدىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇرانچىلار قولغا ئېلىندى.

پىچەتلەنگەن تۈرك مەدەنىيەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ بارلىق مال-مۈلكى ئېمىنۆنۈ خەلق ھۇجرىسىغا ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلدى. شۇنداق قىلىپ، تۈرك مەدەنىيەتلەر ئىتتىپاقى گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان تۈركىيىدىكى تۈركىستانلىقلارنىڭ مىللى پائالىيەتلىرىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناپ كېلىۋاتقان تۈركىستان تۈرك ياشلار ئىتتىپاقىمۇ مەۋجۇتلۇقىغا رەسمى خاتىمە بېرىلدى.

## تۈركىيە ئىچكى سىياسىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە تۈركچىلىك جورناللىرىنىڭ پىچەتلىنىشى

1942-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئېتىبارەن گېرمانىيە قوشۇنلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى ھەرىكەتلىرى ئاساسەن بىر ئىزدا توختاپ قالغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، نېمىس قوشۇنلىرى ستالىنگراد ئالدىدا ئىنتايىن ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. ئۇرۇشنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا پايدىلىق بولۇپ ئۆزگىرىش ئىشارەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىشى بىلەن تەڭ، شۇ كۈنلەرگىچە مىللەتچى ئېقىمدىكىلەرگە قارىتا نىسبەتەن ياخشى پوزىتسىيىسىدە بولۇپ كېلىۋاتقان تۈركىيە ھۆكۈمىتى بۇ پوزىتسىيىسىنى ئاستا-ئاستا ئۆزگەرتىشكە باشلايدۇ. 1943-يىلىنىڭ يانۋار ئېيىدا، بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن ھاسان فەرىت جانسۆيەر مەسئۇللىقىدا قايتىدىن بېسىلىشقا باشلانغان «تۈرك يۇرتى» دېگەن جورنال پىچەتلىنىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىنلا پىچەتلىنىش نۆۋىتى تۈرك مەدەنىيەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئورگان جورنىلى بولغان «تۈرك مەقسىدى» جورنىلىغا كېلىدۇ. تۈركچىلىك ئېقىمىنىڭ داڭلىق يېتەكچىلىرىدىن بىرى بولغان نىھال ئاتسىزنىڭ «تۈرك سازلىرى» دېگەن سىناق جورنىلى تېخى ئەندىلا تۇنجى سانىنى چىقىرىشى بىلەن تەڭ پىچەتلىنىشكە دۇچ كېلىدۇ. يەنە بىر تۈركچى جورنال «كۆك بۆرى» مۇ پىچەتلىنىش ئاقىۋىتىگە مۇپتىلا بولىدۇ. رىزا نۇر تەرىپىدىن 1942-يىلىنىڭ ماي ئېيىدا نەشرى قىلىنىشقا باشلانغان «تەڭرى تاغ» جورنىلى بولسا، نۇرنىڭ سىنتەبىر ئېيىدا ۋاپات بولىشى بىلەن تەڭ

ئۆزلىكىدىن مەتبۇئات ساھەسىدىن چېكىنگەن ھېساپلاندى. شۇنداق قىلىپ، 1941-يىلىنىڭ ئاۋغۇست ئېيىدىن بېرى ئورخان سەيفى ئورخۇن تەرىپىدىن ھەپتىلىك نەشرى قىلىنىۋاتقان «چىنار تۈۋىدە» دېگەن جورنىلىدىن باشقا بارلىق تۈركچىلىك جورناللىرى پېچەتلەنگەن ھېساپلاندى.

يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەلەرگە قارىماي، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تۈركچىلىك مەتبۇئاتلىرى بىلەن تۈركچىلىك ئېقىملىرىغا قارشى بۇ تۈردىكى پوزىتسىيىسىنى بەكلا سىلىق مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتىدۇ دېيىشىپ، بۇ جەھەتتىكى ھەر بىر ۋەقەنى رەسمى ۋە غەيرى رەسمى يوللاردىن پايدىلىنىپ نارازىلىق بىلدۈرۈشنىمۇ ھەرگىز توختاتمايدۇ. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ قارىشىچە، پان تۇرانچىلىق خاراكتېرىنى ئالغان بۇ تۈردىكى بارلىق پائالىيەتلەر ئۇلارغا قارشى پائالىيەت ھېساپلىنىدىكەن، بۇ تۈردىكى ھەرىكەتلەرگە نېمىس ھۆكۈمىتى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق شەكىلدە ياردەم قىلىپ كەلمەكتىمىشكەن. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ كۈچلىنىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ بۇ تۈردىكى ئاگاھلاندۇرۇشلار تۈركىيە دائىرىلىرىغىمۇ تەسىر قىلىشقا باشلىغان ئىدى. ئىدىل-ئۇرال مىللى مەركىزىنىڭ يېتەكچىلىرىدىن ئەلى ئاقىشنىڭ ئەسلىمىلىرىدە خاتىرلەنگەن تۆۋەندىكى سۆزلەر سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن كېلىۋاتقان نارازىلىق ۋە بۇ نارازىلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك تۈركىيە دائىرىلىرىنىڭ ئىپادىلىرى ھەققىدە كۆرسىتىشكە بولىدىغان تىپىك مىسال بولۇپ ھېساپلىنىدۇ:

> تۈرك مەدەنىيەتلەر ئىتتىپاقى پېچەتلىنىشتىن بىر قانچە ئاي ئاۋال، بىر قېتىملىق تانسا كېچىلىكى ئۇيۇنلاشتۇرماقچى بولغان ئىدۇق. بىر پارتىيە ھاكىمىيەت ئۈستىدە بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ساقچى ئىدارىسىدىن رۇخسەت ئېلىش ئۈرنىغا پارتىيە مۇپەتتىشلىرىدىن رۇخسەت ئېلىشقا مەجبۇر ئىدۇق. بىر دوستۇم بىلەن بىرگە خەلق پارتىيىسى مۇپەتتىشى سۇئات خەيرى ئۈرگۈپلۈنىڭ يېنىغا كىردۇق. ئۇمۇ بۇ تانسا كېچىلىكىگە رۇخسەت قىلمىدى. بۇ كىشى "رۇسىيە باش ئەلچىسى بىزنى چاقىرىپ ئازارلايدىكەن، بۇنداق بىر خەۋپكە كۆز يۇمالمايمەن، بىز ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىشىمىز كېرەك" دەپ باھانە كۆرسەتتى.

ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتى سوۋېتلەرنىڭ پايدىسىغا بولۇپ نەتىجىلىنىدىغانلىقى كۆرۈلۈشكە باشلىشى بىلەن، تۈركىيىدىكى سولچىلار جانلىنىشقا باشلايدۇ. ئىيۇل ئايلىرىدا ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئوتتۇرىسىدا «ئەك چوك خەتەر» ماۋزۇلۇق بىر بىروشۇر تارقىلىشقا باشلايدۇ. بۇ بىروشۇردا پان تۈركچىلىك ئېقىملىرى تەنقىت قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئېقىمدىكىلەرنىڭ كەينىدە چەتئەل

كۈچلىرى بارلىقى يېزىلغان ئىدى. بۇ بروشۇردا يېزىلىشچە، پان تۈركچىلىك ئېقىمىنىڭ ۋەكىللىرى تۈركىيىنى ئىشغال قىلىشقا تەييارلانغان نېمىس فاشىستلىرى بىلەن ھەمكارلىق ئورناتقانىمىش؛ ئەنگلىيە ـ سوۋېت رۇسىيىسىگە قارشى سىياسەت يۈرگۈزمەكتىمىش؛ ئۇلارنىڭ غەرىزى تۈركىيىنىڭ بىتەرەپلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، تۈركىيىنى گېرمانىيە تەرىپىدە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىشقا سۆرەپ كىرىش ئىكەنمىش. بروشۇردا يەنە، بۇ تۈر ھەرىكەتلەرنىڭ باشلامچىلىرى دەپ قارالغان زەكى ۋەلىدى توغان، ئاياز ئىساقى، مەمتىمىن رەسۇلزادە، مۇھەررەم فەيزى توغاي ۋە ئەخمەت جاپپار ئوغلى قارتارلىق تاشقى تۈرك لىدېرلىرى باشلىغان پائالىيەتلەر نەتىجىسىدە تۈركىيە تاشقى سىياسىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىپ كېلىۋاتىدۇ دەپ بارىماقتا ئىدى. بروشۇردا، بۇ تۈر ھەرىكەتلەرنى قوللاپ قۇۋۋەتلەپ كەلگەن ئەلى ئىھسان سابىس بىلەن ھۈسەيىن ھۈسنۈ ئەركىلەت قاتارىدىكى گېنېراللار، پەيامى سافا، نىھال ئاتسىز، يۈسۈف زىيا ئورتاچ ۋە ئورخان سەيفى ئورخۇن قاتارىدىكى تۈركچىلىك يازغۇچىلىرىمۇ تەنقىتلەنگەن ئىدى. بۇ يازغۇچىلار تەرىپىدىن چىقىرىلىۋاتقان «بوزقۇرت»، «كۆك بۆرى»، «چىنار تۈۋىدە» قاتارىدىكى جورناللار زىيانلىق مەتبۇئاتلار دەپ تونۇشتۇرۇلغان ئىدى.

سىياسى ساقچىلار، ئۇزۇنغا قالماي «ئەڭ چوڭ خەتەر» ماۋزۇلۇق بۇ بروشۇرنىڭ ئاپتورىنى تېپىپ چىققان. بۇ بروشۇرنى ئىستانبۇل شەھەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭ كادىرلىرىدىن فارىس ئەركمەن يېزىپ تارقاتقانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشىدۇ. بۇ ۋەقە خېلىلا كۈچلۈك داۋراڭ پەيدا قىلىۋېتىدۇ. بولۇپمۇ بۇ بروشۇرنىڭ ئۇرۇسچىغا تەرجىمە قىلىنىپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ رەسمى ئورگان گېزىتى «پراۋدا» گېزىتىدا بېسىلىشى، بۇ ۋەقەنىڭ خاراكتېرىنى خېلى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. نەتىجىدە كۈچلۈك مۇنازىرىلەرنىڭ قوزغۇلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. بۇ بروشۇرنىڭ مەزمونلىرى ت ب م م (تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى، يەنى تۈركىيە ئالى خەلق قۇرۇلتىيى — ئۇ.ت) دىكى مۇزاكىرىلەردىمۇ ئوتتۇرىغا چۈشىدۇ. ج خ پ (جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيىسى، جۇمھۇرىيەت قۇرغۇچى ۋە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرى ئاخىرغىچە بىر پارتىيىلىك تۈزۈم بىلەن يالغۇز ھاكىمىيەت تۇتۇپ كەلگەن پارتىيە — ئۇ.ت) باش سېكرىتارى جەۋات كېرىم ئىنجەدايى، قۇرۇلتاي سەھنىسىدە بۇ بروشۇردا تىلغا ئېلىنغان قاراشلارنى قاتتىق تەنقىتلەپ كېلىپ، ھۆكۈمەت ئازالىرىدىن بۇ دېيىلگەن خەتەر ئەمەلىيەتتە بارمۇ ـ يوق دەپ سورايدۇ.

ھۆكۈمەتكە ۋاكالەتەن بۇ سوئالغا جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن سەھنىگە چىققان تاشقى ئىشلار مىنىستىرى نۇمان مەنەمەنچى ئوغلى، تۈركچىلىكنىڭ تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھازىرقى چېگرالىرى بىلەنلا چەكلەنگەن بىر ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ كېلىپ، تۈركىيە سىرتىدا ياشايدىغان تۈركلەرگە پەقەت بەخت ۋە پاراۋانلىق تىلەش بىلەنلا چەكلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. تۈركىيەدە پان تۈركىست

دەيدىغان بىر ئېقىم مەۋجۇت ئەمەسلىكىنىمۇ تىلغا ئالغان مەنەمەنچى ئوغلى، باش مىنىستىر ساراج ئوغلىنىڭ ئېيتقىنىدەك، بىز تۈركلەردىنمىز، تۈركچىلەردىنمىز دېگەن سۆزلەر بىلەن نۇتقىنى تاماملايدۇ.

شۈبھىسىزكى، بۇ تۈر ھادىسىلەر تۈركىيىدىكى چەتئەللىك دىپلوماتلارنىڭمۇ ئالاھىدە دىققىتىنى جەلپ قىلغان ئىدى. تۈركچىلىك ئېقىملار ۋە فارىس ئەركمەن تەرىپىدىن بېسىپ تارقىتىلغان بىروشۇرغا قارىتا ئەينى ۋاقىتىدىكى ئا ق ش نىڭ تۈركىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى لاۋېرىنس ستېينخارد ۋەزىيەتنى خېلى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرگەن باھانى ئوتتۇرغا قويىدۇ:

پان تۈركىسىزم بىلەن چېكىدىن ئاشقان ناتسىتىزم ھەرىكەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىرى زوراۋانچىلىق كۆزقاراشلىرىغا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ ئىشىنىدىغان ئوق مەركىزى كۈچلىرىنىڭ ھىمايىچىلىرى ھېساپلىنىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ تەسىرىنىمۇ ئۇنچىۋالا بەك مۇبالىغە قىلىۋېتىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق. چۈنكى تۈركىيە جامائەتچىلىكى ئارىسىدا باشقا ئەللەردە ياشاۋاتقان تۈركىي ئىرقىدىن بولغانلارغا قارىتا نورمال بىر ھەۋەس باردەك قىلغىنى بىلەن، مەيلى ھۆكۈمەت تەۋەسىدە بولسۇن ياكى جامائەتچىلىك ئارىسىدا بولسۇن، كېڭەيمىچىلىك قاراشلىرىنى ھىمايە قىلىدىغان ئەھۋاللارنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. سىرتتا ياشايدىغان تۈركلەرنىڭ خالىسا تۈركىيىگە كېلىۋېلىپ تۈركىيە ۋەتەنداشلىقىغا ئۆتىۋېلىشىنى قوللاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار چېگرالىرىنى كېڭەيتىش تۈرىدىكى بىر ئارزۇدا بولۇپ باققان ئەمەس.

ئەنقەرەدە ھۆكۈمەت بىلەن تەشۋىقات ساھەلىرىدە شۇنچىۋالا كۈچلۈك داۋالغۇشلارنى قوزغىغان، ھەتتا تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ قۇرۇلتاي سەھنىسىگە چىقىپ چۈشەندۈرۈشىگە سەۋەب بولغان بۇ بىروشۇر، سولچى تەرەپلەردىن، بولۇپمۇ ئۇلار تەرىپىدىن ئىقتىسادى ياردەم قىلىنمىغان دەپ قارالغاندىمۇ، بۇ تۈر بىر بىروشۇرنى سوۋېت دائىرىلىرى تەرىپىدىن يازغۇزغانلىقى ھەققىدىكى گەپلەر ئوتتۇرلۇقتا تارقىلىپ يۈرمەكتە. بۇنىڭ ئىسپاتى قىلىپ بۇ كىتاپچىنىڭ راۋان بىر تىلدا ئۇرۇسچىغا تەرجىمە قىلىنىپ پراۋدا گېزىتىگە كۆچۈرۈپ بېسىلغانلىقىنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىشمەكتە. مەتبۇئات تەھرىراتىدىكى بىر مەسئۇل كىشىنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغىنىمىزدا، بۇ بىروشۇرنىڭ ئاپتورى باھالاشلاردا كۆرسىتىلگىنىدەك زەكىرىيا سەرتئەل بولماستىن، بەلكى، يەنە شۇ كىشىنىڭ قابىلىيەتلىك ۋە سولچىلارغا تېخىمۇ يېقىن بولغان خانىمى سەبىخە سەرتئەل ئىكەنلىكى مەلۇم. شۇنى ئەسلىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بۇ بىروشۇرنى كەڭ دائىرىدە تارقىتىپ جامائەتچىلىكنىڭ

دىققىتىنى قوزغىغان ئورۇن، ئەسلىدە سەرتىئەل خانىم نەشرى قىلىپ كېلىۋاتقان «تاك» گېزىتىدۇر.

بۇ ۋەقەلەرنىڭ ئاقىۋىتىدە فارىس ئەركمەن قولغا ئېلىنىدۇ، تۈركچىلەر بىلەن كومۇنىزم تەرەپتارلىرى ئوتتۇرسىدا كەلگۈسىدە باشلىنىدىغان كەڭ كۆلەملىك كۈرەشنىڭ دەسلەپكى ئىشارەتلىرىدىن بىرى بولۇپ قالىدىغان بۇ ھادىسە، شۇنىڭدىن كېيىن بىر بۇلۇڭغا تاشلاپ قويۇلىدۇ (فارىس ئەركمەن، 1946 ـ يىلي ت ك پ باش سېكرتارى دوكتور شەفىق ھۈسنۈ دەغمەر بىلەن بىرگە قايتىدىن قولغا ئېلىنىپ 3 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

1944 ـ يىلىغا كەلگىنىدە، نېمىسلارنىڭ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولىدىغانلىقى ئېنىقلىنىشىپ قالغان، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇرۇشتىن كېيىنكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا سوۋېتلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ھەل قىلغۇچ كۈچ بولۇپ قالىدىغانلىقى كۆرۈلۈشكە باشلىغان ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇرۇش جەريانىدا تاشقى كۈچ تەڭپۇڭلۇق ۋەزىيىتىگە مۇۋاپىق يول تاللاپ كەلگەن، شۇنىڭغا ماس ئىچكى سىياسەت بەلگىلەپ كېلىۋاتقان تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئۈچۈن، مۇناسىۋەت جەھەتتە يېڭىچە يول تۇتىشىغا مەجبۇر بولىشىدىن ساقلىنالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ھۆكۈمەت، ئۇرۇش قايسى يۆزلىنىشكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقى ئېنىق كۆرۈلۈشكە باشلىغان 1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ تاشقى تۈركلەرگە مۇناسىۋەتلىك تەشكىلاتلار پائالىيەتلىرىنى چەكلەش ۋە تۈركچىلىك جورناللىرىنى پېيچەتلەشكە تۇتۇش قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇرۇش يېڭى باشلانغان ۋاقىتلاردىكى گېرمانىيىگە يېقىنچىلىق قىلغانلىق سىياسەتلىرىنىڭ ئىزلىرىنى تولۇق سۈپۈرۈپ تاشلىيالىشى ئۈچۈن كەسكىن بۇرۇلۇش ياساپ، نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىشىگە توغرا كېلەتتى.

## 3 ـ ماي ۋەقەسى ۋە زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ قولغا ئېلىنىشى

1944 ـ يىلىنىڭ مارت ئېيىدا، نىھال ئاتسىز «ئورخۇن» جورنىلىدا باش مىنىستىر ساراج ئوغلىغا قارىتىپ يازغان بىر پارچە خېتى سەۋەبىدىن باشلانغان بىر قاتار ھادىسىلەر، ئاتسىز بىلەن ساباھەدىن ئەلى ئوتتۇرسىدىكى مىللەتچى ـ كومۇنىست جىدەللىگە ئايلىنىدۇ. ساباھەدىن ئەلى، ئاتسىزنى سوتقا ئەرز قىلىدۇ، 3 ـ ماي كۈنى سوت كۈنى قىلىپ بېكىتىلگەن بولسىمۇ، سوتتىن بۇرۇن كومۇنىزمغا قارشى نامايىشلار يۈز بېرىپ كەينىدىنلا قولغا ئېلىنىشلار باشلىنىدۇ. قولغا ئېلىنغانلار ئىچىدە زەكى ۋەلىدى توغانمۇ بار ئىدى. 14 ـ ماي كۈنىسى زەكى ۋەلىدىنىڭ ئۆيىگە

كەلگەن 1-شۆبە مۇدىرى زەكى ئەپەندى بىلەن ئامانلىق ئىشلار مەسئۇلى خەمت ئۇزان، زەكى ۋەلىدىدىن بىر كىلىشىمنامىنىڭ ئورگىنالىنى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالىدۇ. بۇنداق بىر كىلىشىمنامىدىن خەۋىرى يوقلىقىنى بىلدۈرگەن زەكى ۋەلىدىنىڭ ئۆيى ئاختۇرۇلىدۇ. ساقچىلار ئۇنىڭ ئۆيىدىن ھېچنەرسە تاپالمىغانلىقىغا قارىماي، ۋەلىدىنى يەنىلا قولغا ئېلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ دىيىشىچە، تۈركچىلەرنىڭ داڭلىق كىشىلىرى ئۆز ئىچىدە بىر كىلىشىم تۈزۈشكەنمىش.

بۇ قېتىمقى قولغا ئېلىنىشنىڭ دائىرىسى بىلەن بۇ قولغا ئېلىنىشنىڭ خاراكتىرىنى ھاسان ئەلى يۇجەل رەئىسلىكىدىكى بىر كومىسسىيە بېكىتىشكەن ئىدى. 3-ماي ھادىسىلىرىدىن كېيىن تەشكىل قىلىنغان بۇ كومىسسىيە، جامائەت تەرتىۋىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش مەقسىتى قىلىنغان بۇ ۋەقەلەر پان تۈركچى ئىدىيىسىنى ھىمايە قىلىدىغان بەزى كىشىلەر تەرىپىدىن كۈشكۈرتۈپ پەيدا قىلىنغان دەپ قارالماقتا ئىدى. بۇ كومىسىيە تەرىپىدىن تەييارلارنغان مەخسۇس دوكلاتلاردا، بۇ كىشىلەر تەرىپىدىن چىقىرىلغان ھەر تۈرلۈك گېزىت-جورناللارنى پىچەتلەش، ئۇلارنىمۇ قولغا ئېلىش كېرەك دەپ قارالغان ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە، قولغا ئېلىنىشى لازىم دەپ قارالغان 47 كىشىلىك بىر تىزىملىك تۈزۈپ چىقىرىلغانىدى. بۇ تىزىملىكتە زەكى ۋەلىدى توغان، جاپپار سېيىت ئەخمەت قىرىمئەر، ئابدۇقادىر ئىنان، ئەخمەت جاپپار ئوغلى قاتارىدىكى تاشقى تۈركلەردىن بولغان ئالىملار، نىھال ئاتسىز، پەيامى سافا، قادىرجان كاپلىق، ئورخان شايىق كۆكياي، رەمزى ئوغۇز ئەرق، رەخا ئوغۇز تۈركقان، ھۈسەيىن نامىق ئورقۇن، ھاسان فەرىت جانسۈيەر، نۇرۇللا بارمەن، مۇزەپپەر ئەرىش، سەيىت بىلگىچ قاتارىدىكى داڭلىق تۈركچىلەر، ھۈسنۈ ئەركىلەت، ئالپارسلان تۈركەش، فەتھى تەۋەت ئوغلى قاتارىدىكى پىنسىيەگە چىققان ياكى ۋەزىپە ئۈستىدىكى ئەسكەرلەرمۇ بار ئىدى. بۇ دوكلات ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئىستانبۇل ھەربى ھالەت قۇماندانلىقىغا ئىۋەرتىلگەن بولۇپ، بۇ تىزىملىكتە ئىسمى يېزىلغانلاردىن 23 نەپىرى قولغا ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا ھاسان ئەلى يۇجەل رەئىسلىكىدە ئەنقەرە ۋالىسى نەۋزات تاڭدوغان، فاتىخ رىفقى ئاتاي ۋە يەنە بەزى دۆلەت كادىرلىرى تەرىپىدىن تەييارلانغان تىزىملىكتىكى 47 نەپەر كىشىنىڭ ھەممىسىنىڭلا قولغا ئېلىنماسلىقىدا، جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيىسىنىڭ باش سېكرىتارى مەخمۇت شەۋكەت ئەسەندالنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى رول ئوينىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇ مەسىلىدە سەمەت ئاغا ئوغلى مۇنۇلارنى يازىدۇ:

نىھال ئاتسىزنىڭ ماقالىلىرى بىلەن باشلانغان 19-ماي قولغا ئېلىنىش ۋەقەلىرى ھەقىقەتەنمۇ تېررورلۇق تۈسىنى ياراتقان ئىدى. شۇ دەۋرنىڭ سودىيىلىرى "بۇ كىشىلەرنىڭ ئەسلى ۋەزىپىلىرى بىزنى ئاغدۇرۇپ

تاشلاش" دەپ قارىشىپ، ئاز-تولا مىللەتچى دەپ تونۇلغان ھەممە ئادەمنى تۈرمىگە قاماشنى تەلەپ قىلىپ تۈرغىنىدا بۇ ھادىسە يۈز بېرىدۇ. ئەسەندال بۇنىڭغا قارشى سەكرەپ ئوتتۇرغا چىقىدۇ. "مەنمۇ بىر مىللەتچىمەن، قولغا ئېلىشنى قارار قىلىشقان بولساڭلار ئاۋال مېنى قولغا ئېلىڭلار" دەيدۇ. ئۇنىڭ دەرۋىشلەرچە مىجەزىدىن، روھانى مىڭىسىدىن، تەجرىبىلىك بولۇپ پىشىپ كەتكەن تەمترىمەسلىكىدىن بۇنداق سەكرەپ چىقىدىغانلىقىنى كۈتمىگەنلەر دەسلىۋىدە ھەيران قېلىشقان، ئاندىن ئاقىۋىتى ۋەتەن مەنپەئەتى ئۈچۈنلا ئەمەس بەلكى ئۆزلىرى ئۈچۈنمۇ زىيانلىق بولىدىغان بۇ تۈردىكى قارارلىرىدىن يېنىۋېلىشقان ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، بىردىن بىر ئورتاق ئالاھىدىلىكى، تۈركچى جورناللارغا ماقالە يازغانلىق، تۈرك تارىخى بىلەن تۈرك مەدەنىيىتى ساھەسىدە ئىلمى دوكلاتلار بەرگەنلىك ۋە بۇ ھەقتە كىتاپلار يازغانلىقى ئۈچۈنلا قولغا ئېلىنماقچى بولغان ئابدۇقادىر ئىنان، پەيمى سافا، سەمەت ئاغا ئوغلى، ئەخمەت جاپپار ئوغلى، مۇھەررەم فەيزى توغاي، نىغمەت ئاقدەس قۇرئات، زىيايىدىن فەخرى فىندىك ئوغلى، نىھات سەمى بانارلى، ئوسمان تۇران، مۇكرىمىن خىلىل يىنانچ قاتارلىق ئالىم ۋە ئەدەبىياتچىلار ئەسەندالنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە قولغا ئېلىنىشتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. تىزىملىكتە ئىسمى يوقلىقىغا قارىماي قولغا ئېلىنغانلارمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، پىنسىيىگە چىققان گېنېرال ئەلى ئىھسان سابىسنى ھۆكۈمەتنىڭ تاشقى سىياسىتىنى تەنقىت قىلىش خاراكتېردىكى ئىمزاسىز خەتلەرنى ئىۋەرتكەن بىر گۇرۇپ ئوفىتسېرلارنىڭ ۋاكالەتچىسى دەپ كۆرسىتىشىپ، ھۆكۈمەتنى تەنقىتلىگۈچىلەر قاتارىدا قولغا ئېلىشقان ئىدى.

(رەسىم ئورنى)

ئىرقچىلىق ۋە تۇرانچىلىق قىلدى دېگەن جىنايەتلەر بىلەن قولغا ئېلىنغانلىق خەۋىرى بېسىلغان 1944-يىلى 19-ماي كۈنكى «جۇمھۇرىيەت» گېزىتىدىن بىر بەت

(«ھۈرىيەت» 1944-يىلى 19-ماي، جۇما كۈندىكى سانىنىڭ باش بەت پادۋال ئۈستى سەرلەۋھە:

«شەھىرىمىزدە ئوتتۇرغا چىقىرىلغان مەخپى جەمىيەت»

«ئىرقچىلىق ۋە تۇرانچىلىق غايىسى ئۈچۈن تۈزۈمگە خىلاپ ھەرىكەتلەر بىلەن شوغۇللانغانلار: نىھال ئاتسىز، زەكى ۋەلىدى، دوكتور ھاسان فەرىد جانسەۋەرلەر بىلەن رەخا ئوغۇزنىڭ ئىستانبۇلدىكى ئۆيلىرىدە تېپىلغان ھۆججەتلەر، بۇ ۋەتەنگە زىيان كەلتۈرىدىغان پائالىيەتلەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئوتتۇرغا چىقاردى»

بۇ بەتتە زەكى ۋەلىدى، نىھال ئاتسىز ۋە دوكتور فەرىد جانسەۋەرنىڭ كىشلىك رەسىملىرىمۇ ئايرىم-ئايرىم بېسىلغان — ئۇ.ت)

18-ماي كۈنى نەشرى قىلىنغان ھۆكۈمەت ئۇقتۇرۇشىدا، ھۆكۈمەت، ھاسان ئەلى يۈجەل رەئىسلىكىدە تەييارلانغان دوكلاتقا پۈتۈنلەي قوشۇلىدىغانلىقىنى، 3-ماي ۋەقەلىرىنى ئادەتتىكى بىر نامايىش دەپ ھېساپلاشقا بولمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ دەل ئەكسىچە بۇ نامايىشلارنىڭ دۆلەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى مەقسەت قىلغان بىر بۇزغۇنچىلىق خاراكتىرىدىكى ھەرىكەت دەپ باھالاشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان:

نىھال ئاتسىزنى ھىمايە قىلىپ ئوتتۇرىغا چىققان قالايماقانچىلىقلار سەۋەبىدىن نازارەت ئاستىغا ئېلىنىشى زۆرۈر بەزى كىشىلەر ئۈستىدە چىقىرىلغان ماتېرىياللار پەيدا قىلغان گۇمانلار سەۋەبىدىن، نىھال ئاتسىز، رەخا ئوغۇز تۈركقان ۋە زەكى ۋەلىدى بىلەن دوكتور ھاسان فەرىت جانسۆيەرنىڭ ئىستانبۇلدىكى ئۆيى، ھەمدە بىر قىسىم يېقىن دوستلىرىنىڭمۇ ئۆيلىرى ئىستانبۇل ئۆرفى ئىدارە قوماندانلىقى (جىددى ھالەت قوماندانلىق شتاۋى — ئۇ.ت) تەرىپىدىن ئاختۇرۇلغان بولۇپ، قولغا چۈشكەن ھۆججەتلەر تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ ھۆججەتلەرنىڭ تەكشۈرۈلىشى نەتىجىسى ۋە پاكىتلاردىن قارىغاندا تەشكىلاتى ئاساسىيە (ئاساسى قانۇن — ئۇ.ت) قانۇنىمىزدا بەلگىلەنگەن ئاساسلارغا خىلاپ ھالدا، ئىرقچىلىق ۋە تۇرانچىلىق غايىلىرىنى ئۈمىد قىلىشقانلىقى؛ كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ جەھەتتىكى پائالىيەتلىرىنى جىددىيلەشتۈرگەنلىكى، بۇ يولدا تەشكىلاتلانغانلىقى، شەرتنامىلار ئىمزالاشقانلىقى ئىسپاتلانغان بۇ كىشىلەرنىڭ تەشكىلاتى ئاساسىيە قانۇنى بىلەن مۇئەسسەس (قۇرۇلغان — ئۇ.ت) بۆگۈنكى تۈزۈمىمىزگە ۋە يۇرتداشلىرىمىزنىڭ ھەقىقى مىللەتچىلىك تۇيغۇلىرىغا خىلاپ ئۇمدەلەرى (پىرىنسىپ، ئاساس — ئۇ.ت) ۋە بۇ ئۇمدەلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن مەخپى جەمىيەتلەر، پائالىيەت پروگراممىلىرى، تەشكىلات ۋە تەشۋىقات ئورگانلىرى، ھەتتا ھەرىكەتلىرىنى مەخپى تۇتۇشقا مەخسۇس شىفىر ۋە پاروللىرىمۇ چىققان.

ئەمما ھەقىقى زەربە، ئەتىسى كۈنى ئىجرا قىلىنىدۇ. مىللى غوجايىن (تۈركىيە مىللىتىنىڭ مۇستەبىتى، بىردىن-بىر غوجايىنى دېگەنگە يېقىن مەنىلەردە — ئۇ.ت) ئىنۆنۈ بۇ مەسىلىنى ئۆزى بىۋاستە قولغا ئېلىپ خۇلاسىسىنى چىقارماقچى بولىدۇ. ئىنۆنۈ، 19-ماي بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆزلىگەن نۇتقىنى ئاساسەن

دېگەندەك تۇرانچىلىق مەسىلىسى ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرگەنىدى. ئۇ نۇتقىنى "بىز بىر تۈرك مىللەتچىسى بولساقمۇ، ۋەتەنىمىز تەۋەسىدە ئىرقچىلىق پىرىنسىپلىرىغا دۈشمەن ھېساپلىنىمىز" دېگەن سۆزلەر بىلەن باشلايدۇ. ئاندىن، بۇرۇن زىيان كەلتۈرگەن بىر قانچە ۋەقەلەرنى مىسال قىلىپ كېلىپ، جۇمھۇرىيەتكە ۋەتەنپەرۋەر گراجدان يېتىشتۈرۈپ چىقىش پىرىنسىپلىرى ئۈستىدە توختىلىدۇ. نۇتقىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا يەنە تۇرانچىلىق مەسىلىسىگە قايتىپ، ئۇنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرگە باغلاپ بەكلا قىزىق بىر مۇناسىۋەت قۇرۇپ چىقىدۇ:

تۇرانچىلىق قاراشلارمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئوتتۇرغا چىققان زىيانلىق ۋە كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ بىر ئىپادىسى ھېساپلىنىدۇ. بۇ جەھەتتىن جۇمھۇرىيەت دېگەننى ياخشى چۈشىنىشىمىزگە توغرا كەلمەكتە. مىللى ئازاتلىق ھەرىكىتىمىز ئاخىرلاشقان كۈنلەردە، بىز پەقەت سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەنلا دوست ئىدۇق. ئۇ كۈنلەردە بارلىق قوشنىلىرىمىز بۇرۇنقى دۈشمەنلىك خاتىرلىرىنىڭ ھېچقايسىنى پەقەتلا ئېسىدىن چىقىرىشمىغان ئىدى. قوشنىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى دېگىدەك، ئەگەر تۈركىيە ئازىراقلا كۈچلىنىۋالغىدەك بولسا جاھانكەزدى، ئۇرۇش-ماجىراچى سىياسەت ئىچىگە پېتىپ قالىدۇ دېگەن قاراشنى ئەقلىدىن زادىلا چىقارمىغان ئىدى. ... ئىمپېرىيىدىن ئاخىرقى دەۋرلەردە بۆلۈنۈپ چىققان قوشنىلىرىمىز بىلەن دوستانە ۋە سەمىمى قوشنىدارچىلىق شەرتلىرىگە كاپالەتلىك قىلىشىمىز، خەلقىمىزنىڭ بەخت-سائادىتىنىڭ زۆرۈرى شەرتى دېيىشكە بولىدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، مىللى سىياسىتىمىز ۋەتەن سىرتىدا تەۋەككۈلچىلىك سەرگۈزەشتى ئۈچۈن يول ئاختۇرۇش خىيالىدىن پۈتۈنلەي يىراقتا. ئەسلى مۇھىم بولغىنىمۇ بۇنداق بىر سىياسەت مەجبۇرىيەت ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بىر سىياسەت بولماستىن، بەلكى بۇ بىر چۈشەنچە، بىر ئىتىقات سىياسىتى دەپ تونۇلىشى لازىم. ...

تۇرانچىلار، تۈركىيە خەلقىنى بارلىق قوشنىلىرى بىلەن قۇتۇلغۇسىز دۈشمەنلەشتۈرۈشنىڭ بىر تىلسىمىنى تېپىۋېلىشان. شۇڭا، بۇنچە ئەقىلسىز، بۇنچە ۋىجدانسىز بۇزغۇنچىلارنىڭ تەزۋىرلىرىگە (پىتنىخورلۇق — ئۇ.ت) تۈركىيە خەلقىنىڭ مۇقەددەراتىنى (تەغدىر — ئۇ.ت) تارتقۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئەلنۆەتتىكى جۇمھۇرىيەتنىڭ بارلىق تەدبىرلىرىنى ئىشقا سالىمىز.

شۇنداق قىلىپ، ئىسمەت ئىنۆنۈ تۈركىيە چېگرالىرى سىرتىدىكى تۈركلەرنىڭ

مەۋجۇتلۇقىغا قىزىقمايدىغانلىقىنى، بۇ جايلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىزدىنىشلەرنىڭ تۇرانچىلار پەيدا قىلىۋاتقان ئىشلار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە، تۈركىيە ـ سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى مەقسەت قىلىشقان تۈركچى ـ تۇرانچىلىلارنى قەتئىي تازىلاش ئىرادىسىغا كەلگەنلىكىنى تەكىتلىمەكتە ئىدى. نۇتقىنىڭ كېيىنكى قىسمىلىرى بولسا، تۈركىيە جامائەتچىلىكىگە قارىتىلغانىدى. تۇرانچىلار، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن تەشكىللەنگەنلىكى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن سۈيىقەست پىلانلىغانلىقلىرى ھەققىدىكى پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىدۇ:

ئەندى مەن ۋەتەنداشلىرىمدىن مۇنداق ئىككى مەسىلە ئۈستىدە ئەقلىلىرىدە جاۋاپ تەييارلىشنى تەلەپ قىلىمەن: ئىرقچىلار بىلەن تۇرانچىلار مەخپى پىلان ۋە مەخپى تەشكىلاتلىرىغا تايىنىپ ھەرىكەت قىلماقچى بولغان. نىمە ئۈچۈن؟ قان قېرىنداشلىرى ئوتتۇرىسىدا ھىلىمىكىر پىلانلاش خىياللىرى ۋەتىنىمىز تەۋەسىدە ئىشقا ئاشارمۇ؟ يەنە كېلىپ شەرق ۋە غەرپتىكى دۆلەتلەرنى يۇشۇرۇن تۇران جەمىيەتلىرىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ تارمار كەلتۈرەلىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇنداق ئىشلار پەقەت دۆلەتنىڭ قانۇنلىرى، ئاساسى ئورگانلىرى دەپسەندە قىلىنغاندىن كېيىنلا ئاندىن باشلىنىدىغان ئىشلاردۇر. مانا ھازىر، بىز شىرىن سۆزلەر بىلەن نىقاپلانغان قاراشلار ئاستىدا بىۋاستە جۇمھۇرىيىتىمىز، ئالى خەلق قۇرۇلتىيىمىزنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا قارشى تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويىۋاتقان ۋەزىيەتكە دۇچ كەلمەكتىمىز.

ۋەتەنداشلاردىن سورىغان ئىككىنچى سۇئالىغا بېرىلگەن جاۋابتا، تۇرانچىلار بىلەن تاشقى كۈچ مەركەزلىرى ئارىسىدا مۇناسىۋەت بارلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن بولۇپ، تۇرانچىلار بىلەن بىر قاتاردا پۈتۈن سەپلەر بويىچە يىمىرىلىۋاتقان گېرمانىيىنى ۋاستىلىق بىر شەكىلدە بۇ ئىشنىڭ جاۋاپكارى دەپ كۆرسەتمەكتە ئىدى:

ۋەتەنداشلىرىمدىن ئىككىنچى سۇئالىمنى سورايمەن: دۇنيادىكى ھادىسىلەرنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىدىن قارىغىنىمىزدا، تۈركىيىنىڭ ئىرقچى ۋە تۇرانچى بولىشى كېرەك دەپ داۋا قىلىدىغانلار قايسى مىللەتكە پايدا كەلتۈرمەكچى، كىملەرنىڭ مەقسىدىگە پايدىلىق؟ تۈركىيە خەلقىگە بالا ـ قازا ۋە ئاپەت تېرىيدىغان بۇ تۈردىكى قاراشلارنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلىشىنى ئۈمىد قىلغانلار تۈركىيە خەلقىگە قىلچە پايدا كەلتۈرمەيدىغانلىقى ئېنىق. بۇنداق ھەرىكەتلەر پەقەت چەتئەللىكلەرگىلا پايدا كەلتۈرەلىشى مۇمكىن. بۇ بۇزغۇنچىلار چەتئەللىكلەرگە

بىلىپ تۇرۇپ خىزمەت قىلىپ بېرىۋاتامدۇ-قانداق؟ چەتئەللىكلەر بۇلارنى تىزگىنلەش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت تىكلىگەنمۇ قانداق؟ بۇ سوئاللارغا بۈگۈنچە ئېنىق ھۆكۈم قىلىپ جاۋاب بېرەلمەيمىز.

مىللى غوجايىن، ئۇتقىنى سوت مەھكىمىلىرىنى باشقۇرىدىغان سودىيە ۋە پىركراتورلارغا بەرگەن ئىشارەت ھېساۋىدىكى سۆزلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ. چەت دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئىسپاتلاش ئىمكانىيىتى بولمىغاندىمۇ، بۇ كىشىلەر بەربىر زىيانلىق كىشىلەر، سوتلىنىپ جازاغا تارتىلىشقا تېگىشلىك كىشىلەر دەپ جىنايەتچى قاتارىدا ئالدىن ھۆكۈم چىقىرىلغان ئىدى:

ئەمما چەتئەللىك ئۈچۈن خىزمەت كۆرستىش غەرىزى ۋە بۇ ھەقتىكى چەتئەللىكلەرگە يېقىنلىقىنى ھەرگىز پاش قىلالمىغىنىمىزدىمۇ، ئۇلارنىڭ قىلماقچى بولغان ھەرىكەتلىرىنىڭ تۈركىيە خەلقىگە، تۈركىيە دۆلىتىگە زىيان كەلتۈرىدىغانلىقى، بۇنىڭدىن پەقەت چەتئەللىكلەرلا پايدىلىنالايدىغانلىقىنىڭ ئۆزىلا قىلچە پاكىت تەلەپ قىلمايدىغان بىر ھەقىقەتتۇر. ... شۇنىڭغا قەتئى ئىشىنىڭلاركى، ۋەتىنىمىز بۇنداق يېڭى بۇزغۇنچىلارغا قارشى ئۆزىنى تولۇق مۇداپىيە قىلالايدىغان كۈچكە ئىگە.

مىللى غوجايىن پەيدا قىلغان بۇ تۈردىكى سىياسى كېلىمات تۈپەيلىدىن، قولغا ئېلىنغانلار خېلى ئۇزۇن مەزگىلگىچە سوراققا تارتىلىپ، نەچچە ئايلاپ قىيىن-قىستاققا ئېلىنىدى. ساقچىلار ئېلىپ بارغان سوراقلاردا "تاۋۇتلۇق" جازا ئۇسۇلىدىن پايدىلانغانلىقى بۇدەۋردىكى جازالاشلارنىڭ تىپىك بىر مىسالى بولۇپ تارىخقا يېزىلغان ئىدى. بۇ جەرياندا ئىنۆنۈنىڭ نۇتقىدا ئىپادىلەنگەن قاراشلار بارلىق دۆلەت ئورگانلىرىغا رەسمى ماتېرىيال سۈپىتىدە تارقىتىلىدۇ. بۇ ماتېرىياللارنى 1944~1945-يىلىدىن ئېتىۋارەن مەكتەپلەرنىڭ دەرس پروگراممىلىرىغىمۇ كىرگۈزۈلۈش تەلەپ قىلىنغان ئىدى. بۇ ھادىسىلەر يۈز بەرگەندىن كېيىن، گۇماندارلار پۈتۈن جەمىيەت ئالدىدا سوتقا بېرىلمەي تۇرۇپلا جىنايەتچىلەر قاتارىدا مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ.

## تۈركچىلىك-تۇرانچىلىق دېلولىرى

سوراق ئىشلىرى سىنتەبىر ئېيىغىچە داۋاملىشىپ، گۇماندارلار 7-سىنتەبىر كۈنىسى تۈنجى قېتىملىق سوتقا چىقىرىلىدۇ. تەييارلانغان دېلو، زەكى ۋەلىدى

توغاننى گۇماندارلار ئارىسىدا بىرىنچى نومۇرلۇق جىنايەت بىلەن سوتلىنىدىغان بۇ دېلونىڭ ئاچقۇچلۇق ئۇنسۇرى قىلىپ كۆرسىتىلگەنىدى. گۇماندارلاردىن زەكى ۋەلىدى توغان بىلەن رەخا ئوغۇز تۈركقان ئىككىسىلا ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن سۇيىقەست پىلانلىغۇچىلار قاتارىدا ئەيىپلىنىدۇ. قارىلىغۇچىنىڭ دېيىشىچە ۋەلىدى تۈركىيە قانۇنىدا تەرىپ بېرىلگەن، چېگرالىرى بىلەنلا بەلگىلەنگەن مىللەت ئۇقۇمى بىلەن مىللەتچىلىك ئېنىقلىمىسىنى رەت قىلماقتا ئىكەن. 1941-يىلى باشلانغان رۇسىيە-گېرمانىيە ئۇرۇشى جەريانىدا چېكىدىن ئاشقان قىزغىنلىقتىن ئەقلىنى يوقاتقان ۋە ئۆز مەۋقەسىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ گېرمانىيىگە بېرىپ پائالىيەتلىرىنى باشلاش ئۈچۈن كېرەكلىك رۇخسەتنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە ئەنقەرەگە بارغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ پائالىيىتى مەنئى قىلىنغان. بۇنداق بىر ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندىن كېيىن ئەخمەت قاراتاغلىق ۋە ئايالى نۇرىمان قاراتاغلىقلار بىلەن ئۇچراشقان، بۇ شىكايەتنامىدا ئۇلار شۇ چاغدا مۇنداق ئىشلارنى قىلغان دەپ يېزىلغان:

گېرمانىيە بىلەن بىرلىكتە رۇسىيىگە قارشى دەرھال ھۇجۇمغا ئاتلانماي، ئۇلۇغ تۈرك ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان تارىخى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدى دەپ تەنقىتلەشكەن ھۆكۈمىتىمىزنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش مەقسىتىدە مەخپى جەمئىيەتتىن بىرنى قۇرۇش قارارى ئېلىشقان. نۇرىمان قاراتاغلىقنىڭ تەقسىم (تاكسىم، ئىستانبۇلدىكى بىر ئاۋات مەيدان، تارىختا شەھەر ئىچىگە سۇ تەخسىملەش نوقتىسى بولغاچقا شۇ ئىسىم بېرىلگەن بىر يەر — ئۇ.ت) دىكى ئائىلىلىك بىناسىدا رەئىس پروفېسسور زەكى ۋەلىدى توغان، ئەخمەت قاراتاغلىق، نۇرىمان قاراتاغلىق، رەخا ئوغۇز تۈركقان، جىھات ساۋاشۇەر، نۇرۇللا بارمەن ۋە ھەيۋەتۇللالار بىلەن يىغىن ئېچىپ، يامان غەرەزلىك غايىلىرىنى يوقۇرىقىدا ئوتتۇرغا قويۇلغان تۈرك ئىتتىپاقىغا توسالغۇلۇق قىلدى، تارىخى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدى دەپ باھالاشقان ھۆكۈمىتىمىزنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن بىرلەشكەنلىكى، ئەڭ ئاخىرقى بىر ئادىمى قالغىچە بۇ غايىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا دائىر زەكى ۋەلىدى توغان ئالدىدا تۈركىستان بايرىقى، تۈركىيە بايرىقى، قۇرئان ۋە تاپانچا تۇتۇپ قەسەم بېرىشكەنلىكى، ... مەلۇم بولدى. مەخپى جەمئىيەتنىڭ تۇنجى پائالىيەت ئەسرى سۈپىتىدە ئەمەلىيەتتە گېرمانىيىدىكى تۈركىستانلىق ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى تەشكىللەش، پائالىيەتكە ئاتلاندۇرۇش ئىشلىرىدىن ئۇلارغا خەۋەر يەتكۈزۈش مەقسىتىدە، زاھىرەن ئىستانبۇلدا تۈركىستانلىقلارغا ياردەم جەمئىيىتى نامىدا بىر جەمئىيەت قۇرۇشنى قارار قىلىشقان، بۇ مەقسەتلەر ئۈچۈن مۇتەئەتادىت نۇرغۇن قېتىم يىغىن ئاچقانلىقى ئىسپاتلاندى.

قارىلىغۇچى قازىم ئالۋچ، بۇ شىكايەتلەر بىلەن بولدى قىلىپلا قالماي، سوت مەھكىمىسىنىڭ بىرىنچى سوت كۈنىدىلا بىز بۇلارنى سوتقا خائىنلار ۋە قاتىللار دەپ سۈنماقتىمىز دىيەلىگىدەك ئالدىن ھۆكۈم چىقىرىش دەرىجىسىگىچە بارغان. دۆلەت رەئىسى بىۋاستە باشلاپ بەرگەن بۇ ئېغىر بېسىم قىلىش سىياسەتلىرىنىڭ يولغا قويۇلىشىغا قارىماي زەكى ۋەلىدى توغانمۇ ھېچقانداق بىر بېسىم ئۇنى باش ئەگدۈرەلمەيدۇ دەپ ئۇچۇق ئوتتۇرىغا قويغىدەك جاسارىتىنى نامايەن قىلماقتا ئىدى. قارىلىغۇجى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلىۋاتقان بارلىق ئەيىپلەش ۋە سۇراقلىرىغا قارىتا تارىخى كىشىلىگى ۋە سالاھىتىگە ئۇيغۇن جاۋاپلارنى بېرىدۇ:

مەن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن خىتاي جاھانگىرلىكىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ تۈركىيىگە پانالىق تىلەپ كەلگەن تاشقى تۈرك قەۋىم كىشىلىرى ئارىسىدا ئورتاق بىر پىكىر بىرلىكى تىكلەنمىگەنلىكىنى ئۆزۈمدىن بېرى كۆزىتىپ كەلگەنىدىم. بەزىلەر ھەزەر دېڭىزىنىڭ نېرىسىدىن تارتىپ سەددىچىن سېپىلىگىچە بولغان جايلاردىكى تۈركى قېرىنداشلىرىمىزنى قەبىلە پەرقىگە قارىماستىن قوغداپ كەلمەكتىمىز دېيىشسە، يەنە بەزىلەر ئۇراللاردا، كاپكازلاردا ۋە ئەزەربەيجاندا ياشايدىغان ئىرقداشلىرىمىزغىلا ئېتىۋار بىلەن قارىشىمىز كېرەك دەپ قارىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ جايلارغا مۇناسىۋەتلىك يۇرتۋازلىقتەك بىر بۆلگۈنچىلىكمۇ ئېنىق باش كۆتۈرۈپ چىقماقتا ئىدى. مەن بۇ تۈردىكى كۆزقاراشلارنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلگەن ئىدىم.

يەنە بىر كۈنى شۇ نۇرىمان خانىمنىڭ يولدىشى ۋە بالىلىرى تۇرىۋاتقان ساراي ئۆيلىرىدىن بىرىدە تۇيۇقسىز ئۇ يەرگە كېلىپ قالغان رەخا ئوغۇز تۈركقان، نۇرۇللا بارىمەن ۋە دوستلىرىنىڭ قېشىدا يەنە بۇ گەپلەر تىشلدى. بۇ ھېچقاچان مەخپى جەمىيەت يىغىنى ئەمەس ئىدى. ھەردائىم نارازى بولۇپ كېلىۋاتقان پىكىرلىرىمىزنى تىلغا ئېلىپ ئولتۇراتتۇق. بىز ھەممىمىز سوۋېتلەر بىلەن خىتايلارنىڭ چاڭگىلىدا قالغان ئىرقداشلىرىمىز ئوتتۇرىسىدا بىرلىك ئەقىدىسى پەيدا بولسىكەن دەپ ئارزۇ قىلىشاتتۇق.

بۇ ئارزۇيۇمنى ھەممىلا يەردە سۆزلەپ يۈردۈم. ئەگەر خالىسىڭىز ھۇزۇرىڭىزدا سىزگىمۇ بۇ ھەقتىكى ئارزۇلىرىمنى قايتا سۆزلەپ بېرەي. بۇنداق گەپلەر ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئېلىشتىن مەن ھەرگىزمۇ قورقمايمەن. ئۈستۈمگە چۈشكەن بۇ مەسئولىيەتنى بىجا كەلتۈرۈشۈمگە ھېچكىم توسالغۇلۇق قىلالمايدۇ.

مېنىڭ مۇقەددەس ئېتىقاتلىرىمدىن بىرسىمۇ دەل شۇ تۈرك ئىتتىپاقلىقىنى قۇرۇپ چىقىشتۇر. بۇ مەسىلىلەردە مەن پەقەت خەلقىمنىڭ ئەپكارىدىنلا قورقىمەن. مەن قارىلىغۇچى ئېيتقاندەك ئۇنداق مەخپى پائالىيەتلەرگە ھېچقاچان يېقىن يولىمىدىم. ... گېرمانىيىدىكى تۈركىستانلىقلارغا ياردەم قىلىش غايىمىزدىنمۇ ۋاللىنىڭ خەۋىرى بار. بۇ ئىشتىمۇ ھېچقانداق يامان نىيىتىمىز ۋە باشقىچە ھېچ بىر مەقسىدىمىز يوق.

بىز تۈركىستانلىق ئەسىر تۈرك قېرىنداشلىرىمىزغا ياردەم بېرىش ۋەدىسىنى بەرگەنىدۇق. ھۆكۈمىتىمىزنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن مەقسىتىمىزنى يوقۇرى دەرىجىلىك ئورۇن مەسئۇللىرىغا ئوچۇق ئېيتقانىدۇق. بۇ قىلغانلىرىمىزنىڭ نەرى مەخپى ھەرىكەت قىلغانلىق بولىدىكەن؟ دۆلەت بىلەن ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا نىيەت قىلغان دېيىلدى. بۇ تۈر بوھتانلارنىڭ ھەممىسىنى قەتئى رەت قىلىمەن.

سوت، 1945 ـ يىلى 29 ـ مارتقىچە داۋام قىلدى. نەتىجىدە پروفىسسور زەكى ۋەلىدى توغان بىلەن يازغۇچى نىھال ئاتسىز ئىككىسىنى 10 يىلدىن قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىشتى. قالغان قولغا ئېلىنغان كىشىلەرمۇ ھەر خىل يىللار بويىچە قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. جاۋاپكارلار ئىچىدىن پەقەت زەكى ۋەلىدى توغانغىلا ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇش سۇيىقەستى بىلەن شوغۇللانغان دېگەن جىنايەت ئارتىلغانىدى. قالغان جاۋاپكارلار بولسا مەخپى تەشكىلات قۇرغان (رەخا ئوغۇز تۈركقان بىلەن يېقىنلىرى)، ۋەيرانچىلىق پەيدا قىلغان تەشۋىقاتلار بىلەن شوغۇللانغان (نىھال ئاتسىز ۋە يېقىنلىرى) ھەممە ۋەقەسىگە قاتناشقان دېگەنىدەك جىنايەتلەر ئارتىلدۇ. بۇ گورۇپپىدىكىلەردىن باشقىلارغا، يەنى شۇنىڭغا ئوخشاش جىنايەتتىن قارىلىنىپ قولغا ئېلىنغان پېنسىيونېر گېنېرال ئەلى ئىھسان سابىسقىمۇ ئىككى يىل سەككىز ئايلىق قاماق جازاسى بېرىلدى. سوتقا تارتىلغان جاۋاپكارلار ھۆكۈمنامىغا نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن، دېلو ھەربى سوتقا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

ئورگېنېرال (تۈركىيە يوقۇرى دەرىجىلىك ھەربى ئۇنۋانلاردا دېڭىز ـ ھاۋا ئارمىيىسىدە بىر يۇلتۇزلۇق گېنېرالنى تۇغ گېنېرال، بىزدىكى گېنېرال مايور، شاۋجاڭ؛ ئىككى يۇلتۇزلۇق گېنېرالنى تۇم گېنېرال، يەنى تۇمەن گېنېرالى، ياكى دىۋىزىيە گېنېرالى، گېنېرال لىتنانت، جوڭجاڭ؛ ئۈچ يۇلتۇزلۇقنى كورگېنېرال، يەنى كولئوردۇ گېنېرالى، ياكى كورپۇس گېنېرالى، گېنېرال پولكوۋنىك، شاڭجاڭ؛ تۆت يۇلتۇزلۇقنى ئورگېنېرال، يەنى ئوردۇ ياكى ئارمىيە گېنېرالى، داجاڭ دەپ ئاتايدۇ. دېڭىز ئارمىيىسىدە بارلىق گېنېرال ئىسمى ئادمىرالغا ئۆزگىرەيدۇ. ئۇنىڭدىن

كېيىنكىلەردە، ئورتا دەرىجىلىك ھەربى ئۇنۋانلاردا ئالباي ــ ئالاي كوماندىرلىق دەرىجىسى، يەنى پولكوۋنىك، شاڭشاۋ؛ يارباي ــ ياردەمچى پولكوۋنىك مەنىسىدە، پودپولكوۋنىك، جوڭشاۋ؛ مىڭباشى ــ مىڭبېشى، مايور، شاۋشاۋ؛ تۆۋەن دەرىجىلىك ھەربى ئۇنۋانلاردا يۈز بېشى، كاپىتان، شاڭۋېي؛ ئۈست تەغمەن، جوڭۋېي؛ تەغمەن، شياۋۋېي؛ ئاست تەغمەن، جۇنۋېي دېگەندەك ئۇنۋانلارغا ئايرىلىدۇ. بۇندىن تۆۋەنكىلەر ئەسكەر دەرىجىلىرى ھېساپلىنىدۇ. ــ ئۇ.ت) ئەلى فۇئات ئەردەن رەئىسلىكىدىكى ھەربى سوت مەھكىمىسى، 1ـ نومۇرلۇق ھەربى ھالەت سوت مەھكىمىسى بىتەرەپ بولمىدى دەپ قاراپ ھۆكۈمنى رەت قىلىپ، 2ـ ھەربى ھالەت سوت مەھكىمىسى بۇ دېلونى قايتىدىن كۆرۈپ چىقسۇن دەپ قارار چىقىردى. بۇ جەرياندا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى تۈگىگەن بولۇپ، شۇ كۈنگىچە قاماقتا تۇرىۋاتقان جاۋاپكارلار 1945ـ يىلى 26ـ نويابىردا، يەنى تەخمىنەن 15 ئايدىن كېيىن قويۇپ بېرىلىدۇ.

1946ـ يىلى قايتىدىن باشلىغان سوت، 8 ئايدىن كېيىن قارىلاشلار ئاساسسىز دەپ ھۆكۈم چىقىردى. سوت مەھكىمىلىرى مەيلى ۋەلىدىنىڭ ياكى تۈركىستان زېمىنىغا ئىشلەنگەن قارىلاشلارنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق بىر دەلىل يوقلىقى، ۋەلىدىنىڭ پائالىيەتلىرى سوۋېتلەرنىڭ يىمىرىلىشى ۋە تۈركى خەلقلەرنىڭ مۇستەقىل بولغىنىدا ئۇلارغا قايسى جەھەتلەردە ياردەم بېرىلىشى كېرەكلىكىنى تەتقىق قىلىش بىلەن چەكلەنگەن دەپ ھۆكۈم چىقىرىلغانىدى. ئىرقچىلىق بىلەن شوغۇللاندى دەپ قارىلانغان قالغان جاۋاپكارلارغا بولسا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىپادىلىرى ئاساسى قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەتەنداشلىق ئۇقۇملىرىغا زىت كەلمەيدۇ دېگەن ھۆكۈم چىقىرىلدى. مۇنداقىسغا ئېيتقاندا، سوت مەھكىمىسى قارىلانغۇچىلار سوتلىنىش جەريانىدا چىڭ تۇرۇپ ئۆزىنى ئاقلاشلىرى، تۈركچىلىك بىلەن شوغۇللىنىشنىڭ ئاساسى قانۇنغا زىت كەلمەيدىغانلىقى، تۈركچىلىك ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشلىرى كۈنسايىن كۈچىيىپ كېتىۋاتقان كومۇنىزم خەۋپىگە قارشى بىر ئىپادە دەپ ئۆزىنى ئاقلاشلىرى ھىمايە قىلىنغان ھېساپلاندى. سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمىدىكى تۆۋەندىكى جۈملىلەر ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى قىزىقتۇراتتى:

ئۇزۇنغا سوزۇلغان تەھلىللەردىن كېيىن، ئۆزىنى ئاقلاشتا دېيىلگىنىدەك ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش نىيەتلىرىنىڭ يوقلىقى، مەنتىقى جەھەتتىنمۇ بۇنداق بىر ئىمكانىيەتنىڭ يوقلىقى ھەققىدىكى پاكىتلار، ۋالى دوكتور لۇتپى قىردارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان شاھىتلارنىڭ ئىسپات سۆزلىرىدىن ۋە مەكتۇپلاردىن مەلۇم بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مىللى غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىنغان دېگەندەك مۇجمەل سەۋەپلەر كۆرسىتىلگەن زەكى ۋەلىدى بىلەن

ئۈنىڭ دوستلىرىنى قويۇپ بېرىش ھۆكۈمى چىقىرىلدى.

شۇنداق قىلىپ، بىۋاستە ھۆكۈمەت تەرەپ مەخسۇس سەھنىگە ئېلىپ چىققان بۇ ئويۇن مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان ھېساپلاندى.

سىياسى تارىخىمىزدا تۈركچىلىك-تۇرانچىلىق دېلوسى دەپ نام بېرىلگەن بۇ ۋەقەدە، تارىختا تۇنجى قېتىم بىر دۆلەت ئۆز مىللىتى ھەققىدىكى بىر كۆزقاراشنى سوتقا بېرىپ جازالاشقا ئۇرۇنغان ئىدى. "تۈركچىلىك" دېگەن بۇ ئۇقۇمنى بىر ماتېرىيال ئورنىدا پايدىلىنىشقا ئۇرۇنمىغان بولسا ئىدى، بەلكى بۇ دېلو ئادەتتىكى بىر ۋەقە قاتارىدىن ئورۇن ئالغان، بەلكى ھېچقانداق بىر ئىز قالدۇرماستىن تېزلا ئۇنتۇلۇپ كېتىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما مىللى غوجايىن رەھبەرلىكى، سوۋېتلەرنىڭ كۆڭلىگە يېقىشنى مەقسەت قىلىپ ئېچكى جەھەتتە يالغان گۇناھكار پەيدا قىلىش ئويۇنى ۋاستىسىدا تۈركچىلىك ئۇقۇمىدىن پايدىلانغان، شۇنىڭدەك بۇ تۈر دېلولار خەلقارالىق تۈسكە كەلتۈرۈلگەن، تېخىمۇ مۇھىمى، جاۋاپكارلار بىلەن بىرگە تۈركچىلىك ئۇقۇملىرىنىمۇ قوشۇپ سوتلاپ جازالىماقچى بولۇشقان ئىدى. تۈركچىلىكنى سوتلاشتىن كېلىپ چىققان بۇ دېلو سەۋەبىدىن، تۈركىيىدىكى ئىجتىمائى ئۇقۇم ۋە ئېنىقلىمىلارمۇ ئېغىر تەسىرگە ئۇچرايدۇ. بۇ تۈر سىياسى ۋە ئىدىيىۋى كېسەللىكنىڭ تەسىرىدە تۈركىيە زىيالىلىرى، تۈركىيە دۆلەت كادىرلىرى ۋە يېڭىدىن يېتىلىۋاتقان ئەۋلاتلار بۇ كېسەللىكتىن ئۆزۈنىچە قۇتۇلالمايدۇ. ھەتتا (كومۇنىزمنىڭ — ئۇ.ت) شەرقى لاگىرى تارقىلىپ كەتكەن كۈنلەرگىچىمۇ تۈرك مىللەتچىلىكى بىلەن تۈرك ئىرقچىلىقى تەڭ مەنىدىكى ئۇقۇم دەپ قارالىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئىشنىڭ ئەڭ ئېچىنىشلىق تەرىپى، بەلكىم سوۋېتتىن ئۈركۈش تەسىرلىرىنى ئازايتىش مەقسىتىدە مىللى غوجايىن تەرىپىدىن سىياسىيلەشتۈرۈلگەن بۇ دېلو نەتىجىسىدە، سوۋېتلەر، تۈركىيىگە بولغان مۇئامىلىسىدە ئازىراق بولسىمۇ يۇمشاق مۇئامىلىدە بولمىغانلىقى بولسا كېرەك. ئەسلىدىنلا سوۋېت تەشۋىقات ئورۇنلىرى تا باشتىن تارتىپلا تۈركچىلىك-تۇرانچىلىق داۋالىرىنى پۈتۈنلەي كۆز بويامچىلىق دەپ باھالاشقانىدى. تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوپ، 1945-يىلى 19-مارت كۈنىسى 1925-يىلقى تۈركىيە-سوۋېت شەرتنامىسىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ۋاقتىنى قايتا ئۇزارتمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. 3 ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1945-يىلى 7-ئىيۇن كۈنىسى سېلىم سارپەر بىلەن كۆرۈشكەن مولوتوپ، ئېغىزچە بىر نوتا تاپشۇرىدۇ. بۇ نوتا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى قارش بىلەن ئارداخاننى (تۈركىيىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى ئىككى ۋىلايىتى — ئۇ.ت) ئۆزلىرىگە تاشلاپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلغان بولۇپ، تۈركىيە بوغازلىرىنى تۈركىيە ئۆز ئالدىغا مۇداپىيە قىلىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، بوغازلاردا ئورتاق ھەربى بازا قۇرۇشنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. مىللى غوجايىن بىۋاستە رول

ئالغان تۈركچىلەرگە زەربە بېرىش جەھەتتە ئوينالغان بۇ ئويۇن، ئەپسۇسكى، سوۋېتلەرگە قىلچىمۇ كار قىلمىغان ئىدى. نەتىجىدە، تۈركلۈك ـ تۇرانچىلىق دېلوسى ئارقىلىق تۈركچىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ تەرەپتارلىرى ھەممە تۈركچىلىك قاراشلار، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى بىلەن چوڭ كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ تەڭپۇڭلۇقى ئويۇنىدا بوزەك ئورنىدا ئوينىتىلغان ھېساپلاندى. بىر مەنىدە، ئۇلار قىلچە بەدەلسىز قۇربانلىق قىلىپ روسىيىلىكلەرگە تۇتۇپ بېرىلگەن ھېساپلىناتتى.

## سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن سىياسى مۇساپىرلار

ئىنۆنۈ ھاكىمىيىتىنىڭ تاشقى تۈركلەر سىياستىدىكى ئۆزگىرىشلەر تېخى ئاخىرلاشمىغان بىر ۋاقىتلار ئىدى. 1945 ـ يىلىنىڭ ئىيون ئېيىدا ھۆكۈمەت قوبۇل قىلغان بىر قارارغا ئاساسەن، ئۇرۇش جەريانىدا ھەر تۈرلۈك يوللار بىلەن تۈركىيىگە پانالىق تىلەپ كەلگەن 195 نەپەر ئوتتا ئاسىيالىق مۇساپىر تۈرك سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. بۇ پاجىئەنىڭ ھېساۋىنى سوراش مەقسىتىدە تېكىرتاغ خەلق ۋەكىلى شاۋكەت موجان 1951 ـ يىلىسى ئەينى ۋاقىتتىكى باش مىنىستىردىن ئېغىزچە تەپسىلى چۈشەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ يىغىنغا سۇنغان تەكلىپ لايىھىسى، تۈركىيە ئالى خەلق قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇردا ئوقۇپ ئۆتۈلىشى بىلەن ئوتتۇرغا چىقىدۇ ھەممە رەسمى يىغىن خاتىرىسىدىمۇ خاتىرلىنىدۇ. شاۋكەت ئەپەندىنىڭ باش مىنىستىرگە قارىتىپ سورىغان "تۈركىيىگە پانالىق تىلەپ كىرگەن تۈرك ئىرقىدىن بولغان مۇساپىرلار سوۋېتلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەنمۇ ـ بېرىلمىگەن؟ ئەگەر تاپشۇرۇپ بېرىلگەن بولسا بۇ ۋەقە قانداق شارائىت ئاستىدا يۈز بەرگەن؟" دەپ سورىغان سوئالىغا، ئۇز ۋاقىتتىكى ئادالەت مىنىستىرى رۇقنەددىن ناسۇ ئوغلى مۇنداق دەپ جاۋاپ بەرگەن:

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىشىدىن تارتىپ ۋەتىنىمىزگە ھەر قايسى دۆلەت مۇھاجىرلىرىدىن تەشكىل تاپقان ھەربىلەر پانالىق تىلەپ كەلگەن، بىتەرەپ دۆلەت بولغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ ئەسكەرلەر ئۇرۇش ئاخىرلاشقانغا قەدەر يوزغاتتا قۇرۇلغان لاگىردا تۇتۇپ تۇرۇلغانىدى.

1945 ـ يىلى 23 ـ فېۋرال كۈنى گېرمانىيە بىلەن ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان

قىلىشىمىز سەۋەبىدىن، ئىتتىپاقداشلىرىمىزدىن بىرى بولغان سوۋېت روسىيىسى ئۆز تەۋەلىكىدىن بولغان بۇ ئەسكەر مۇساپىرلارنى قايتۇرۇپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. شۇ سەۋەپتىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى باش مىنىستىرلىككە يازغان 1945.05.22 كۈنكى تەزكىرىسىدە گېرمانىيە بىلەن ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىقىمىزدىن كېيىن ۋەتىنىمىزگە پانالىق تىلەپ كەلگەن ئىتتىپاقداشلىرىمىز تەۋەلىكىدىكى ئەسكەرلەر نازارەت ئاستىدا قايتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى تەكلىپ قىلدى. بۇ ئەھۋال مىنىستىرلىكىمىز تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ، ئىتتىخاز بولغان 1945-يىلى ماي ۋە 3-2563 نومۇرلۇق قارارى بويىچە "گېرمانىيە ياكى ياپونىيە ۋە ياكى ھەر ئىككىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان دۆلەتلەر گراجدانى بولغان، ۋەتىنىمىزدە تۇرىۋاتقان مۇساپىرلاردىن پەقەت ھەربى بولغان كىشىلەر كۈزىتىش ئاستىدا قايتۇرۇپ بېرىلىشى كېرەك" لىكى قارار قىلىندى. بۇ قارار بويىچە، ئەنقەرەدىكى سوۋېت باش ئەلچىخانىسى بىلەن بىرگە كۆزدىن كەچۈرۈلگەندىن كېيىن تاپشۇرۇلغان بىر نوتا بويىچە، 237 سوۋېت ھەربى مۇساپىرى ئىچىدىن 195 نەپىرى تۇنجى قېتىمدا 1945.08.06 كۈنىسى تىخمىس ئېغىزىدىن سوۋېتلەرگە قايتۇرۇپ بېرىلگەن ئىدى. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ، رۇسىيىگە پانالىق تىلەپ بارغان بىر ئوفىسېرىمىز بىلەن ئىككى نەپەر ئەسكىرىمىزنى، نەدىلىكىنى تاپالمىدۇق دېگەن باھانە بىلەن قايتۇرۇپ بەرمىگەنلىكى، شۇ سەۋەپتىن شەرتنامىغا خىلاپلىق قىلغانلىقى سەۋەبىدىن يولغا سېلىنغان بىرىنچى تۈركۈم ئەسكەرلەرنىڭ يولدا قېچىپ كەتكەن بىر قانچىسىنمۇ قوشۇپ قالغانلارنى قايتۇرۇپ بېرىش پىلانىدىن ۋاز كەچكەن ئىدۇق.

شۇندىن كېيىن باش مىنىستىرلىكنىڭ تەنسىبى بىلەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى، ئىچكى ئىشلار ۋە مىللى مۇداپىيە مىنىستىرلىكنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەشكىل قىلىنغان كومىسسىيىدە تەييارلانغان دوكلات، مىنىستىرلار مەھكىمىسىنىڭ 1947.09.01 كۈنكى يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىنىپ، كومىسىيە دوكلاتىغا ئاساسەن ئىش قىلىش مۇۋاپىق دەپ كۆرۈلدى. شۇنداق قىلىپ يوزغات لاگىرىنى تارقىتىۋېتىپ، پانالىق تىلىگۈچىلەرنىڭ ۋەتىنىمىزدە تۇرۇپ قېلىشىنى تەلەپ قىلغانلاردىن تۈركى ئىرقىدىن بولغانلارنى ۋەتەنداشلىققا ئۆتكۈزۈش پىرىنسىپى ماقۇل كۆرۈلدى.

كېيىن، ئەنۋەر ئانار (ئەنۋەر قازىيېۋ) بىلەن قادىر باشارغان (ئادەم قېرىنداشبەيلى) نامىدىكى قىزىل ئارمىيە سابىق ئوفىتسېرلىرىدىن ئىككىسىنىڭمۇ سوۋېت روسىيىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەن يوقۇرىدا دېيىلگەن

195 كىشىلىك تىزىملىكتە بارلىقى مەلۇم بولىدۇ.

ئادالەت مىنىستىرى بەرگەن بۇ ھۆكۈمەت تەرەپ جاۋابى، سوئال سورىغۇچى خەلق ۋەكىلىنى تولۇق قايىل قىلالمايدۇ. تېكىرتاغ خەلق ۋەكىلى موجان قۇرۇلتايدا سۆز ئېلىپ قىلغان سۆزىدە، بۇ ۋەقەنى باشقا شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

ھۆرمەتلىك دوستلار، مەن ھۇزۇرۇڭىزلاردا ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ۋەقەلەر ۋاقتى ئۆتكەن ئادەتتىكى ئىشلاردىن ئەمەس. زىيىنى بۈگۈنگىچە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان تارىخىي مەسئۇلىيەتلىرىمىزدىن بىرى بولغان بۇ ئىشنى 9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھۇزۇرىدا ئوتتۇرىغا قويمىساق بەكلا ئېغىر جىنايەت ئىشلىگەن ھېساپلىنىمىز. شۇڭا بۇ مەسىلىنى بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويماقتىمەن. ئەپسۇسكى، ئۇ قېتىمقى ۋەقە ھېچقاچان ئادالەت مىنىستىرى يوقۇرىدا بايان قىلغىنىدەك ئۇنداق يۈز بەرگەن ئەمەس. مېنى بەكلا ئەپسۇسلاندۇرغان نوقتىمۇ دەل شۇ ئىدى. ...

ئۇلار ھەرگىزمۇ يوقۇرىدا بايان قىلىنغىنىدەك ئۇنداق نازارەت ئاستىدا تۇتۇلۇۋاتقان ئەسكەرلەردىن ئەمەس ئىدى. بىز بۇ نوقتىغا يەنە بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىشىمىز زۆرۈر دەپ تەلەپ قىلىمەن: ئۇ كىشىلەر ھەربىمىدى، نازارەت ئاستىدا تۇتۇلۇۋاتقان كىشىلەرمىدى ياكى سىياسى مۇساپىرمىدى؟ بىزنىڭ بىلىشىمىزچە ھەربى مۇساپىر دېگەنگە ئايروپىلانلىرى بۇزۇلۇپ قېلىپ دۆلىتىمىز تەۋەسىگە قونغان ياكى بىرەر مۇسادەمەدە چېگرالىرىمىز ئىچىگە كىرىشكە مەجبۇر بولغان، ھەربى ئورۇنلىرىمىز تەرىپىدىن نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان كىشىلەرنىلا ھەربى مۇساپىر دەپ قارايمىز. ئەمما بىرەر ئەقىدە سەۋەبىدىن جېنىنى ئېلىپ قېچىپ چېگرايىمىزغا كېلىپ پانالىق تىلىگەن كىشىلەرنى بولسا سىياسى مۇساپىر دەپ قارايمىز.

بۇ كىشىلەر ئارىسىدا دۆلىتىمىز بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان، فرانسىيىدىكى لاگىرلاردىن پاراخوتقا قاچىلىنىپ ئېلىپ مېڭىلغان، ئارناۋۇت كۆيى (ئىستانبۇل بوغىزى بويىدىكى ھەشەمەتلىك بىر مەھەلە، ئالبان كەنتى دېگەن مەنىدە — ئۇ.ت) ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا جېنىنى تىكىپ پاراخوتتىن سەكرىگەندىن كېيىن بېلىقچىلىرىمىز تەرىپىدىن قۇتقۇزىۋېلىنغان، ئاندىن بىزدىن پانالىق تىلىگەن كىشىلەرمۇ بار ئىدى. بۇ كىشىلەر سىياسى مۇساپىر بولماي نىمە؟

ھۆرمەتلىك دوستۇم سۆزىدە، ئەنۋەر بىلەن ئادەم دېگەن ئىككى نەپەر ئەزەرى زىيالىسىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. ئۇ ئىككىسى ئەسلىدە بىزگە ياخشى تونۇش بولغان كونيا (تۈركىيىنىڭ كىچىك ئاسيا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرلىرىغا جايلاشقان بىر شەھەر ــ ئۇ.ت) خەلق ۋەكىلى زىيات ئەپەندىنىڭ قېينى ئىنىلىرى ئىدى. خېلى بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا رۇسىيە ئارمىيىسىدە ئوفىسسىر بولۇپ خىزمەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىككىسى ئۆز خەلقىنى ئېسىدىن چىقارمىغان، كوممۇنىزم ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلىشماي گېرمانىيىگە قېچىپ كەتكەن، گېرمانىيىگە بېرىپ ئۇ يەردە ئۇزۇن يىل تۇرۇپ قېلىشقان. كېيىن دۆلىتىمىزگە كېلىپ يۇرتلۇقلىرىنىڭ يېنىغا، يەنى زىيات ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە ئەتراپىغا بېرىپ پانالانغان كىشىلەر ئىدى. ئەمما نومۇس قىلىنغىدەك بىر ۋەقە، ئۇلار بىر كۈنى تۇرىۋاتقان ئۆيلىرىدىن قولغا ئېلىنىپ، سىلەرنى ئەنقەرەگە ئاپىرىمىز دەپ ئالداپ ساقچى مەسئۇلى ئەلى رىزا چېگرا بويىغا يالاپ ئاپىرىپ، روسلارغا قۇربانلىق قىلىپ تۇتۇپ بەرگەن.

بۇ خەلقنىڭ تارىخىدا، پەقەت بىرلا مۇساپىر ئۈچۈن، شىۋىتسىيە پادىشاسى شارل ئۈچۈن جەڭ قىلغان شەرەپلىك، قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن ۋەقەسىدەك ھادىسىلەر بەكلا كۆپ. ئەمما سىياسى مۇساپىرلارنى بىر قۇشخانىغا يوللىغاندەك تاپشۇرۇپ بېرىدىغان نومۇس قىلىنارلىق، كۆڭۈل يېرىم قىلىدىغان نۇمۇسلۇق ھادىسە زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىدى (بارىكاللا! دېگەن سادالار ياڭرىدى).

ئىبنى سەئۇد بوي ئەگمىگەن، مۇساپىرلارنى بەرمىگەن ئىدى. ئەمما بىزدىكى بىر دەۋر كىشىلەر تارىخىمىزغا بۇ داغنى قالدۇردى. بىزنىڭكىلەر مۇساپىرلارنى تاپشۇرۇپ بېرىشتى دوسلار (توغرا دېدىڭ! دېگەن سادالار ياڭرىدى).

مىللى غوجايىن ھۆكۈمىتى سوۋېتلەر تەرەپكە تاپشۇرۇپ بەرگەن تۈركى ئىرقىدىكى مۇساپىرلارنىڭ ئاقىۋەتلىرى، گېرمانىيىدە ئىتتىپاقداش كۈچلەر تەرىپىدىن سوۋېتلەرگە تاپشۇرۇپ بەرگەن كىشىلەرنىڭ تەغدىرىدىن قىلچە پەرقسىز ئىدى.

******

# يەنە ئافغانىستاندا

## ئافغانىستاندىكى سوۋېتكە قارشى پائالىيەتلەر

گېرمانىيە ـ رۇسىيە ئۇرۇشى باشلانغان بارباروسسا ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا، روسلارنىڭ كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇب بولۇپ كەينىگە چېكىنىشى ئافغانىستاندىكى تۈركىستانلىقلارنى قاتتىق خوشال قىلغان ئىدى. ئۇلاردىكى كۆمۈلۈپ قالغان ئۈمىدلەر قايتىدىن جانلىنىپ، سوۋېتلەر چوقۇم يىمىرىلىدىغان بولدى، تۈركىستان مۇستەقىللىقىنىڭ ئېھتىمالى قايتىدىن تۇغۇلىدىغان بولدى دەپ ئويلىماقتا ئىدى. دەسلەپتە شىرمۇھەممەدبەگ قارتارىدىكى باسمىچىلار يېتەكچىلىرى شىمالى ئافغانىستاننىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە قىشلىق ئۇيۇقسىغا كىرىپ قالغان تەشكىلاتلارنى قايتىدىن ئۇيغۇتۇشقا كىرىشتى. ئۇ يىللىرى ئۆزبەك مۇھاجىرلىرى ئافغانىستاننىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىگە چېچىلىپ كەتكەن ئىدى.

تۈركمەنلەر بولسا كۆپىنچە چوڭ ـ چوڭ گۇرۇپپىلار بويىچە بىرگە تۇراتتى. كابولدا تۇرۇشلۇق گېرمانىيە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئەلچىسى پىلگېرنىڭ مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، شىمالى ئافغانىستاننىڭ تۈركمەنلەر تۇرغان يەرلىرىدە 11 مىڭدەك قۇراللىق تۈركمەن بارلىقى مەلۇم. ھېچ بىر ھۆكۈمەت تېزگىنلىيەلمەي كېلىۋاتقان پامىر رايونىدا قانچىلىك تۈركىستانلىق ياشاۋاتقانلىقىنى ئېنىقلاش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى.

بارباروسسا ھەرىكىتى باشلىنىپ 6 ھەپتىدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بېرلىن دائىرىلىرى كابولدىكى گېرمانىيىنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئەلچىسى پىلگېرگە سوۋېتكە قارشى گۇرۇپپىلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. ئەسلىدە كابولدا تۇرۇشلۇق گېرمانىيە دىپلوماتىك ئەمەلدارى، ئەلچىخانا ھەربى مۇتەخەسسىسى مايور (مىڭ بېشى) شچېنك، 1936 ـ يىلىدىن بۇيان شىمالى ئافغانىستاندىكى گۇرۇپپىلار بىلەن مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئىدى. بولۇپمۇ سوۋېت ـ ئافغانىستان چېگراسىغا يېقىن جايلاردا تۇرىۋاتقان تۈركمەنلەر، ئۆزبەكلەر ۋە بىر قىسىم ئاقلار ئارىسىدا پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقاندى. ئۇ يىللىرى، ئافغانىستاندا سوۋېتكە قارشى گۇرۇپ دەپ ئاساسلىقى تۈركىستانلىق گۇرۇپپىلار

كۆزدە تۇتۇلاتتى.

تۈركىيە بىلەن ياپونىيىنىڭ دىپلوماتىك ئەمەلدارلىرى تۈركىستانلىق گۇرۇپپىلار بىلەن بەكلا قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىشقان ئىدى. پىلگېر، 1941-يىلىنىڭ ئاۋغۇست ئېيىدا بېرلىنغا يوللىغان بىر دوكلاتىدا، ئەمىر تەرەپپازلىرى، باسمىچىلار يېتەكچىلىرى ھەمدە بىر قىسىم سودىگەرلەر يۈشۈرۈن تەشكىللىنىۋاتقانلىقى، بۇ تۈردىكى گۇرۇپپىلار سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەۋەسىدە يۈز بەرگەن قالايىماقانچىلىقلاردىن پايدىلىنىپ تۈركىستان تەۋەسىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقى بايان قىلىنغان بولۇپ، گېرمانىيىنىڭ بەشىنچى قول پائالىيەتلىرى ئۈچۈن بۇ تۈردىكى گۇرۇپپىلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش پايدىلىق بولىدىغانلىقى ئۈستىدە توختالغان ئىدى. پىلگېر تەكىتلەپ ئۆتكەن يەنە بىر ئىش، بۇ جايلاردا پائالىيەت قىلىۋاتقان گۇرۇپپىلارنىڭ تۈركىيىدىكى سوۋېتكە قارشى ساھەلەرگە بېقىنماستىن پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلىرى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار كابولدىكى تۈركىستانلىقلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش يوللىرىنى ئاختۇرۇشقا كىرىشكەنىدى.

ئەسلىدە، گېرمانىيىنىڭ ياپونىيە بىلەن ئىتالىيە ئوتتۇرىسىدا ئىمزالاشقان 1940-يىل 27-سىنتەبىر كۈنكى بېرلىن شەرتنامىسىغا ئاساسەن، گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيە ئىككىسى شەرقى ئاسىيادىكى ئىشلاردا ھەر تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە ياپونىيە مەسئۇل بولىدۇ دەپ بېكىتىشكەنىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ياپونىيىمۇ ياۋرۇپادىكى ئىشلارنى بۇ ئىككى دۆلەت ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىغا ماقۇل كەلگەن ئىدى. بۇ شەرتنامىغا ئاساسەن بارلىق ئاسىيا ئەللىرى تەۋەسىدە 3 ئوق مەركىزى دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر ئاخبارات ھەمكارلىقى ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغان بولغانىدى. شۇنىڭغا قارىماي، شەرتنامە ئىمزالىنىپ ئارىدىن بىر يىلمۇ ۋاقىت ئۆتمەستىن، يەنى 1941-يىلىنىڭ ئاپرېل ئېيىدا ياپونىيە تەرەپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن بىتەرەپلىك شەرتنامىسىنى ئىمزالىغانلىقى بېرلىن دائىرىلىرىنى قاتتىق رەنجىتكەنىدى. ئەندى ياپونىيىنى ئالاقزادە قىلىش نۆۋىتى ھىتلېرغا كەلگەن ئىدى. بارباروسسا ھەرىكىتىنى ياپونلار زادىلا كۈتمىگەن بىر ۋەقە بولۇپ، بۇندىن كېيىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن تۈزۈشكەن شەرتنامىغا سادىق قېلىش-قالماسلىق مەسىلىدە ياپونلار ئۇزۇنغىچە ئىككىلىنىپ قالدۇ. ھۆكۈمەت تەشكىل قىلغان كونويې كابىنتى سىبىرىيە پىلانىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، جەنۇبى ئاسىياغا يۈرۈش قىلىش قارارىنى ئالدۇ. نەتىجىدە، ئوق مەركىزى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقمۇ ئاستا-ئاستا ئاجىزلىششقا باشلايدۇ.

شۇنداق بولغاچقا، ئافغانىستاندىكى گېرمانىيە دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ ياپونىيىلىكلەر ئاچقان ئاخبارات ئېلىش يولىدىن مېڭىشنى خالىماسلىقىنىمۇ چۈشىنىش قىيىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ بۇ

ئەتراپتا پىلانلىغان پىلانلىرىمۇ بىر-بىرىسىدىن پەرقلىنىشتا باشلىغان ئىدى. ياپونىيىلىكلەر شەرقى تۈركىستان ۋەزىيىتىگە بەكىرەك قىزىقماقتا ئىدى. مانجۇرىيىدە قۇرغان قورچاق مانچۇ كۇ دۆلىتى (مانجۇرىيە دۆلىتىنى دېمەكچى ــ ئۇ.ت) نى مۇداپىيە قىلىش ئارقىلىق خىتايغا يۈرگۈزىۋاتقان بېسىملارنى كۈچەيتىش نىيىتىدە ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قىزىقىدىغىنى مۇنداق ئىككى يۈنۈلۈشكە قارىتىلغانىدى: جەنۇبىي ئافغانىستان چېگرا بويلىرىدىكى قەبىلىلەرنى تەشكىللەپ ئەنگلىيە-ھىندىستان ھاكىمىيىتىگە قارشى توپىلاڭ قوزغاشنى مەقسەت قىلغان ئىدى؛ شىمالى ئافغانىستان تەۋەسىدە بولسا ئاساسلىق نىشان ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىسىدا، يەنى تۈركىستاندا قالايماقانچىلىق پەيدا قىلىپ سوۋېتلەر كۈچىنىڭ بىر قىسمىنى بۇ تەرەپلەرگە قايدۇرۇشنى مەقسەت قىلىش ئىدى. گېرمانىيىنىڭ ئىشغالىيەت پىلانىغا ئاساسلانغاندا، كاپكازىيە بىلەن قىرىمغا ئوخشايدىغان تۈركى ئىرقىغا تەۋە رايونلارنى تولۇق تۈردە گېرمانىيىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىغا ئېلىپ، ئۇ جايلارنى گېرمانىيە مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلماقتا ئىدى.

شۇ سەۋەپتىن، گېرمانىيە ئۈچۈن تۈركىستان تەۋەسى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغىدەك ئۇنچە بەك مۇھىم ھېساپلانمايتتى. شۇنداق بولغاچقا، گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مەيلى تۈركىستان تەۋەسىدە ياكى ئەتراپتىكى جايلاردا تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن پائالىيەت قىلىۋاتقان گۇرۇپپىلارغا ياردەم قىلىش مەسىلىسىدە ئەنسىرەيدىغان ھېچقانداق قىيىنچىلىقى يوق ئىدى. ئۇندىن باشقا يەنە گېرمانىيە دائىرىلىرى كەلگۈسىدە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى قىسىملىرىدا بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەت تەشكىللەشنى مەقسەت قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق ئىشلار ئۈچۈن بۇ تۈر گۇرۇپپىلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشتا تۈركىيە ياكى ياپونىيە قاتارلىقلارنىڭ تەييار ئىمكانىيەتلىرىدىن پايدىلىنىشنىمۇ خالىماي كەلگەن بولۇپ، ئۆز ئالدىغا ئايرىم يول تۇتۇشنى ئەڭ بىخەتەر يول دەپ قارىماقتا ئىدى.

پىلگېرنىڭ دوكلاتىدىن قارىغاندا، شىمالى ئافغانىستاننى ئاساس قىلىدىغان پائالىيەتلەردە مۇنداق ئاساسلىق ئىككى قىيىنچىلىق بار ئىدى: ئۇنىڭ بىرسى، 1930-يىللىرىدىن بۇيانقى ئون يىل مابەينىدە چېگرانىڭ سوۋېت تەرىپى قاتتىق تېزگىنلىنىلگەنلىكى ئىدى. بۇ ئەھۋال، سوۋېتلەر تەرەپكە سىڭىپ كىرىش ئىشىنى بەكلا قىيىنلاشتۇرىۋەتكەنىدى. يەنە بىر قىيىن مەسىلە، ئافغانىستان ھۆكۈمىتى پەيدا قىلغان مۈشكۈلچىلىكلەر ئىدى. ئافغانىستان دائىرىلىرى چېگرا بويلىرىدىن تارتىپ بارلىق شەھەرلەردىكى سوۋېتكە قارشى پائالىيەتلەرنى ئىزچىل نازارەت ئاستىغا ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئەسلىدە بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىشلار جەنۇپ تەرەپلەردە ئەنگلىيىگە قارشى كۈچلەرنى تېزگىنلەش جەھەتتىمۇ كۆرۈلمەكتە ئىدى. ئافغانىستان ھۆكۈمىتى ئۆزىنى مەيلى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولسۇن ياكى

ئەنگىلىيە بىلەن بولسۇن زىتلاشتۇرۇپ قويۇشقا سەۋەپ بولىدىغان ھەرقانداق بىر ھەرىكەتنىڭ پەيدا بولىشىغا يول قويماسلىق ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان پۈتۈن چارىلارنى ئىشقا سېلىشتا چىڭ تۇرماقتا ئىدى. پىلگېر، شىمالى ئافغانىستان تەۋەسىدىكى ۋەزىيەتنىڭ تېخىمۇ نازۇك ئىكەنلىكىنى، بۇ جايلاردىكى تۈركلەر ئوتتۇرىسىدا ئافغانىستاندىن چىقىپ يۇرتىغا قايتىش ئارزۇلىرىنى كۈشكۈرتۈشكە يارايدىغان ئېقىملار ئوتتۇرىغا چىققىنىدىلا ئاندىن ئۈلاردىن ئۈمىت كۈتۈشكە بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭا ئۇ، 18-ئىيۇل كۈنىسى يوللىغان دوكلاتىدا ئافغانىستاندا ياشايدىغان تۈركلەر (ئۆزبەك ۋە تۈركمەنلەر) نىڭ ئافغانىستان ساقچىلىرى تەرىپىدىن قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىنغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتكەن.

## سوۋېت ئىشپىيونى ئايقارلى يەنە سەھنىدە

ئافغانىستاندا گېرمانىيە ئەلچىخانا مەسئۇللىرى بىرىنچى بولۇپ مۇناسىۋەت باغلىغان كىشىسى يەنە شۇ مەخمۇت ئايقارلى ئىدى. ئايقارلى ئەسلىمىلىرىدە، ئۇنىڭ بىلەن گېرمانىيە ئەلچىخانىسى نامىدىن تۇنجى قېتىم مۇناسىۋەت باغلىغان كىشى ئىنگىز بەركە دېگەن بىرسى ئىدى دەپ يازىدۇ. ئىنگىز بەركەنىڭ يولدىشى كابول ئۇنىۋېرسىتىتىدە باكتېرىيولوگىيە مۇتەخەسسىسى بولغان زۆھتۈ بەركىز ئىسىملىك بىر پروفىسسور تۈرك دوختۇرى ئىدى؛ بۇ ۋاستىچى ئارقىلىق تۇنجى قېتىملىق مۇناسىۋەت باغلانغىنىدىن كېيىن، رەسمى ئالاقىلىشىش ئۈچۈن ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق گېرمانىيە ئەلچىخانىسىدا 20 يىلدەك دېپلوماتىيە ئەمەلدارى بولۇپ ئىشلىگەن ستېرن ئىسىملىك بىر ھەربى دېپلومات بىلەن يۈز بېشى (كاپىتان، شاۋشي) دېيتز دېگەن يەنە بىر مەسئۇل كىشىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. گېرمانىيە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئەلچى پىلگېرنىڭ دوكلاتى بىلەن مەخمۇت ئايقارلىنىڭ ئەسلىمىلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغىنىمىزدا، مىڭ بېشى (مايور، شاۋشاۋ) شىچېنك بىلەن ستېرن نامىدىكى ئوفىسسېرلارنىڭ ئەسلىدە بىر كىشى ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شىچېنك، ۋەزىپىسىنىڭ مەخپىيەتلىكى ئۈچۈن ئۆزىگە ستېرن دەپ ئات قويىۋالغانلىقى مەلۇم.

1941-يىلى سىنتەبىردە ئايقارلى بىلەن گېرمانىيە ئەلچىخانىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر رەسمى باشلىنىدۇ. ئايقارلىنىڭ ھەرقايسى شەھەرلەردە تۇرىدىغان مۇناسىۋەت باغلىغۇچى كىشىلىرىدىن تەشكىل تاپقان بىر تەشكىلاتى بار بولۇپ، گېرمانىيە ئەلچىخانىسىغا سوۋېت ئىتتىپاقى، شىمالى ئافغانىستان ۋە شەرقى تۈركىستان ھەققىدە مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەشنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. بۇنىڭ

ھېساۋىغا گېرمانىيە ئەلچىخانىسى ئايقارلىنى ئافغانىستان ساقچىلىرىدىن قوغداش ۋە ماددىي ياردەم قىلىدىغانغا كېلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، سوۋېت ئىشپىيونى بولغان ئايقارلى ھىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ ئافغانىستاندىكى ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك ئىشپىيونى بولىۋالىدۇ. ئەمما، ئارىدىن بىرەر ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بەزى ئىشلاردا گېرمانىيە ئەلچىخانىسىنىڭ پائالىيەتلىرى ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىشكە باشلايدۇ.

1941-يىلىنىڭ كۈز ۋاقىتلىرىدا ئەنگلىيە بىلەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئىراننى ئىككى تەرەپتىن بېسىپ كىرىپ ئىشغال قىلىۋالىدۇ. نەتىجىدە، ئىتتىپاقداش كۈچلەر بىۋاستە خوشنا ھالغا كېلىۋالىدۇ. بۇ ئىككى ئىتتىپاقداش دۆلەت، ئافغانىستاندا گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيىنىڭ تەسىرىنى تولۇق سۈپۈرۈپ تاشلاشقا بەل باغلايدۇ. چۈنكى ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا باشقا-باشقا فرونتلاردا نېمىسلار بىلەن ئۇرۇشىۋاتقان دۆلەتلەر بولغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركىستاندا، ئەنگلىيىلىكلەر بولسا ھىندىستاندا بىرەر مەسىلە پەيدا بولۇشىنى ھەرگىزمۇ خالىمايتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار 1941-يىلى 11-ئۆكتەبىر كۈنىسى ئورتاق بىر قارار قوبۇل قىلىپ ئافغانلاردىن ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىنىڭ ئافغانىستاندا تۇرىۋاتقان دىپلوماتىك ئەمەلدارلاردىن باشقا بارلىق گراجدانلىرىنى ئافغانىستاندىن دەرھال چىقىپ كېتىشلىرىنى، بولمىسا تېگىشلىك تەدبىر قوللىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئافغانىستان ھۆكۈمىتى بولسا، ئەنئەنىۋى بىتەرەپلىكىدە قەتئىي چىڭ تۇرۇش نىيىتىدە ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئەتىسى ئافغانىستان مىنىستىرلار كابىنىتى يىغىن ئېچىپ بۇ ھەقتىكى مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشىدۇ. يىغىندا ئېلىنغان ھۆكۈمەت قارارى 18-ئۆكتەبىر كۈنىسى ئېلان قىلىنىدۇ. نەتىجىدە، ئافغانىستان ھۆكۈمىتى گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيىدەك يىراقتىكى دوسلىرىنى خوش قىلىش ئورنىغا، ئەنگلىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدەك كۈچلۈك تامخوشنىلىرىنى رازى قىلىشنىڭ ئافغانىستان مەنپەئەتلىرىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن بولىدىغانلىقىنى توغرا تېپىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەلچىخانا خادىملىرىدىن باشقا بارلىق نېمىس ۋە ئىتالىيان مەسلىھەتچىلىرى، تېخنىك خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئافغانىستاندىن چىقىپ كەتسۇن دەپ ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ. بۇنداق بىر قارار ئېلىنغاندىن كېيىن، ئافغانىستان تەۋەسىدە ئەلچىخانىدا ئىشلەيدىغان 10 نەپەر ئادەمدىن باشقا بىرمۇ گېرمانىيىلىك قالمايدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيە دىپلوماتىك ئەمەلدارلىرى ئۇرۇش ۋەزىيىتى ئوق مەركىزى دۆلەتلەرگە پايدىسىز بولۇپ ئۆزگىرىۋاتقانلىقى مۇقىملىشىپ قالغان ۋاقىتلارغىچە ئافغانىستاندىكى سوۋېت بىلەن ئەنگلىيىگە قارشى پائالىيەتلىرىنى بىر كۈنمۇ توختاتماي داۋاملاشتۇرىدۇ.

مەخمۇت ئايقارلى، 1942-يىلىنىڭ ئەتىياز ئايلىرىغىچە گېرمانىيە

ئەلچىخانىسىدىكىلەرگە سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن شەرقى تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنى بېرىپ تۇردى. ئەمما بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، گېرمانىيە ئەلچىخانىسىدىكىلەر ئايقارلىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈنلا ئىشلەيدىغان بىرسى ئەمەس، بەلكى يەنە تۈركىيە بىلەن سوۋېتلەرگىمۇ خىزمەت قىلىپ يۈرىدىغان بىرسى ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلىشقا باشلىغان ئىدى. شۇڭا، 1942 ـ يىلىنىڭ ماي ئېيىدىن باشلاپ باشقا مۇناسىۋەت باغلاش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە كىرىشىدۇ. دەل شۇ پەيتلەردە، يەنى شۇ يىلىنىڭ ئىيۇن ئېيىدا مەخمۇت ئايقارلى ئافغانىستان دائىرىلىرى تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم قولغا ئېلىنىدۇ. ئافغان ھۆكۈمىتى، ئايقارلىنى تۈركىيە بىلەن گېرمانىيە ئۈچۈن جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان دېگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئالىدۇ. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپىنىڭ ئايقارلىنى قولغا ئېلىنىشتىن قۇتقۇزۇپ قېلىش ھەققىدە ھېچقانداق ھەرىكەت قىلماي جىم تۇرىۋالغانلىقى قىزىق ئىدى. بولمىسا ئەينى شۇ ئايقارلى 1936 ـ يىلى تۇنجى قېتىم قولغا ئېلىنغىنىدا، بولشېۋىكلار ئافغانىستان ھۆكۈمىتى تەركىۋىدىكى سوۋېتپەرەس كىشىلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئايقارلى خاتا قولغا ئېلىنىپ قالغان دېگەن بىر ھۆكۈمەت باياناتى ئېلان قىلىپ قويۇپ بېرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشقانىدى. ئەمما بۇ قېتىمقىسىدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى قىزىق بىر تاكتىك ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ جاسۇسى بولغان ئايقارلىنى باشقا دۆلەتلەر ئۈچۈن جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرى بىلەن شوغۇللانغان دەپ قولغا ئېلىنىشىغا ۋە سوتلىنىپ قاماق جازاسىغا مەھكۇم قىلىنىشىغا قارىتا قىلچە ھەرىكەت قىلماي جىم يېتىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئايقارلى ئۇرۇش ئاخىرلاشقان كۈنگىچە ئافغانىستان تۈرمىسىدە ئۇرۇش تۈگىگەندە قايتىدىن سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ يۈشۈرنۈپ ياتىدۇ.

## مەخپى ھەرىكەت پارولى ــ خانسا

بارباروسسا ھەرىكىتى باشلانغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ كەينى ـ كەينىدىن غەلىبە قىلىپ ئالغا ئىلگىرلىشى، بارلىق سوۋېت فرونتلىرىنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن يىمىرلىشى ئافغانىستاندىكى تۈركىستانلىق يىتەكچىلەر ئارىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچلىرىنى كۈچەيتىۋەتكەنىدى. بۇنداق ۋەزىيەت، تۈركىستانىنىڭ پات يېقىندا مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ دەيدىغان ئۈمىدنى پەيدا قىلغانىدى. بولۇپمۇ مۇبەششىرخان تارازى، تېزلىكتە بىر سىياسى تەشكىلاتقا ئۇيۇشۇپ دەرھال پائالىيەت باشلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. 1941 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا يېقىن، مۇبەششىرخان يىتەكچىلىكىدە باسمىچىلار يىتەكچىلىرى بىلەن ئەمىر تەرەپتارلىرى بىر يەرگە كېلىپ مەخپى بىر

سىياسى تەشكىلات قۇرۇپ چىقىش قارارىنى ئېلىشىدۇ. بۇ تەشكىلاتقا «لا مەركەزىيەتئى هۆكۈمەتئى تۈركىستان» دېگەن نام بېرىلىدۇ. بىر هۆكۈمەت تەشكىل قىلىشنى مەقسەت قىلغان بۇ تەشكىلاتقا ئاخىرقى بۇخارا ئەمىرى بولغان سەئىد ئالىمخاننىڭ ئوغلى شاهزادە ئۆمەرخان رەئىس قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. ۋەزىرلىك ئورنى مۇبەششىرخان تارازىنىڭ ئوغلى، سابىق بۇخارا ئەمىرىنىڭ كۈيوغلى نەسرۇللاخانغا بېرىلىدۇ. سابىق باسمىچىلار يېتەكچىسى بولغان شىر مۇهەممەتبەگ بولسا، هەربى ئىشلارغا مەسئۇل قىلىپ بېكىتىلىدۇ. مالىيە ۋەزىرلىك ۋەزىپىسى ئەكرەم قارىغا، مائارىپ نازارىتى بولسا هەبىبۇللاخان تۆرەگە تاپشۇرىلىدۇ. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەسلى قۇرغۇچىسى بولغان مۇبەششىرخان تارازى ئافغانىستان هۆكۈمىتى تەۋەسىدە ئىشلەۋاتقان بىرسى بولغانلىقى ئۈچۈن، هېچقانداق بىر ۋەزىپىگە تەيىنلەنمەي پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ يېتەكچىلىك قىلىش يولىنى تۇتىدۇ. هۆكۈمەت تەركىۋىدە تاغاخان، قۇدرەتۇللاخان قاتارىدىكى تونۇلغان كىشىلەرمۇ بار ئىدى. داڭلىق باسمىچىلار يېتەكچىسى ئىبراهىم لاقاينىڭ ئورۇنباسارى شەمشىدىن ۋەكىلمۇ رەهبەرلىك گۇرۇپپىسى تەركىۋىدىن ئورۇن ئالغان ئىدى. پامىردىكى قىرغىز تۈركلىرىنىڭ يېتەكچىسى قامچابەگ، پامىر تەۋەسىنىڭ مەسئۇلى قىلىپ تەيىنلەنگەنىدى. شىمالى ئافغانىستان تۈركمەنلىرىنىڭ رەئىسى قىزىلئاياق خەلىپىمۇ بۇ تەشكىلات تەركىۋىدە ۋەزىپە ئالغانىدى. مازارى شەرىپ باشچىلىقىدىكى ئەندىخوي، خاناباد، قۇندۇز ۋە باغلان قاتارىدىكى شىمالى ئافغانىستان شەهەرلىرىدە تېزلىكتە تەشكىللىنىشكە باشلىغان بۇ تەشكىلات، كونا باسمىچىلارنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئافغانىستاندا ت م ب دىن باشقا بارلىق تۈركىستانلىق گۇرۇپپىلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، بىر سىياسى تەشكىلات ئاستىدا بىرلىككە كېلىدۇ.

ئايقارلى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، نېمىسلار ئافغانىستان باش ۋەزىرلىكتە ئىشلەيدىغان سەئىت مۇبەششىرخان تارازى بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدۇ. كۆرۈشۈش جەريانىدا شىمالى ئافغانىستاننىڭ هەرقايسى شەهەرلىرىدە قايتىدىن جانلانغان تەشكىلاتلارغا ياردەم مەسىلىسىدە ئۆزئارا كېلىشىدۇ. مۇبەششىرخان تارازى يېتەكچىلىكىدىكى بۇ هەرىكەت، «خانسا» دېگەن پارول بىلەن باشلىتىلماقچى بولىدۇ. نېمىسلار تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك ئىككى تەرەپلىمە پىلان ئىجرا قىلىشنى مەقسەت قىلماقتا ئىدى. بۇنىڭ بىرىنچىسى گېرمانىيىنى ئاساس قىلىدىغان هەرىكەت بولۇپ، تۈركىستان لېجيونلىرى ئارىسىدىن تاللىنىپ جاسۇسلۇققا قارشى تەشكىلاتتا يېتىشتۈرۈلگەن جاسۇسلار پاراشوت بىلەن تۈركىستاننىڭ ئىچكى قىسىملىرىغا تاشلىنىش مەقسىتىدە تەييارلىق قىلىناتتى. نېمىسلار پىلانىنىڭ يەنە بىر قىسمى بولسا ئافغانىستاندىكى تۈركىستانلىقلارنى تەشكىللەپ تۈركىستان ئىچكى قىسمىدىكى گۇرۇپپىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنى ساقلاش ئارقىلىق، ئارقا

سەپلەردە ھەر تۈرلۈك قوزغىلاڭلارنى چىقىرىپ سوۋېتلەرنىڭ ئارقا سېپىنى قالايمىقان قىلىش ئىدى. گېرمانىيە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئەلچىسى خانس پىلگېر، بۇ مەقسەتلەر ئۈچۈن مۇبەششىرخان تارازى رەئىسلىكىدىكى تەشكىلاتنىڭ ھەققى دائىرىسىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن ئالاھىدە تىرىشىپ كۆرىدۇ. بۇ ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئەلچىنىڭ دوكلاتىدىن قارىغاندا، بۇ تەشكىلاتنىڭ يالغۇز باغلاندىكى شۆبىسىدىلا 800 ئاتلىق ۋە يېرىمى قۇراللانغان 1000 دەك جەڭچىسى بارلىقى مەلۇم. قالغان شەھەرلەردىكى تەشكىلات تېزگىنلەپ تۇرىۋاتقان ئادەم سانى ھەققىدە ئېنىق بىر مەلۇمات بولمىسىمۇ، ئۇ يەرلەردىكى ئادەم سانىنىڭمۇ 15~10 مىڭدىن كام ئەمەسلىكى ئېنىق. چېگرا تەكشۈرۈش ئىشلىرى بەكلا قىيىن بولغان پامىر رايونىدىمۇ دۇنيا ئۇرۇشى سەۋەبىدىن قايتا جانلىنىشقا باشلىغان نۇرغۇنلىغان قۇراللىق گۇرۇپپىلار مەۋجۇت ئىدى.

بىرلىنىدىكىلەر، تۈركىستان تەشكىلاتى قول ئاستىدا نۇرغۇن ساندا قۇراللىق قوشۇنلىرىنىڭ بارلىقىنى گېرمانىيە ئەلچىخانىسىدىكىلەر تەرىپىدىن بىۋاستە تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاپ چىققىنىدىن كېيىن، پىلگېرگە لازىملىق ماددى ياردەملەرنى بېرىپ، ئۇ يەردە كەڭ دائىرىدە بىر پائالىيەت باشلىتىش ئۈچۈن رۇخسەت بېرىدۇ. تارازى بىلەن ئۇنىڭ تەشكىلاتى نېمىسلاردىن كىچىك رادىيولار بىلەن قۇرال تەلەپ قىلىدۇ. پۇللا بولىدىكەن، ئافغانىستاندا قۇرال سېتىۋېلىشتا بىرەر قىيىنچىلىق بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ، «لا مەركەزىيە تۈركىستان» تەشكىلاتى دەسلەپتە چېگرا بويلىرىدا ئۆزئارا ئالاقە باغلىۋېلىش، ئاندىن ئۇششاق قوشۇنلار بويىچە قۇراللىق كۈچلەرنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەرەپكە يوشۇرۇن ماڭدۇرۇش ئۈچۈن پائالىيەتلەرگە كىرىشىدۇ. مەركەزنىڭ ھەربى مەسئولى شىر مۇھەممەتبەگ بىر تەرەپتىن ياپونلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقا كىرىشىپ ئۇلارنىڭمۇ ياردىمىدىن پايدىلىنىشنى ئارزۇ قىلماقتا ئىدى. بۇ پائالىيەتلەردىن تۈركىيە باش ئەلچىسىنىڭ خەۋەرسىز قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دېگەندەك، تۈركىيە باش ئەلچىسى كامال كۆپرۈلۈ تەشكىلاتنىڭ بېشىدا تۇرغان يىتەكچىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، گېرمانىيىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ قانات يايدۇرىلىۋاتقان پائالىيەتلەرنى مۇۋاپىق دەپ قارىمايدىغانلىقىنى، بۇ تۈردىكى ئۇرۇنۇشلارغا تايىنىپ يىتەرلىك نەتىجىگە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، بۇ ئۇرۇشتا گېرمانىيىنىڭ تەسرى كۈنسايىن ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى (ئابدۇخەمىت كۈچا، تۈركىيە باش ئەلچىخانىسىدا مۇئاۋىن بولغانلىقىنى پەرەز قىلىدىغان ئەمما ئىسمى ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بىر كىشىنىڭ تۈركىستانلىق يىتەكچىلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). بۇ جەريانىدا، گېرمانىيىلىك مەسئۇل خادىملار گېرمانىيە ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ ئۆزۈنغا قالماي ئافغانىستانغا يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى، كەڭ

كۆلەملىك پاراشوتچىلار قىسمىنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق تۈركىستان تەۋەسىگە نۇرغۇنلىغان پاراشوتچىلار تاشلىنىدىغانلىقى ھەققىدە تەشۋىقاتلارنى كەڭ كۆلەمدە تارقىتىشقا كىرىشىدۇ. بۇ تۈر ئىشلاردىن كېيىن، 1941~1942-يىللىرى ئىچىدە نۇرغۇنلىغان ئادەم تۈركىستان تەۋەسىگە كىرگۈزۈۋېتىلگەنىدى. ئەپسۇسكى، سوۋېتلەر تەۋەسىگە كىرگۈزۈۋېتىلگەن بۇ تۈر كىشىلەرنىڭ سانى، نىمە ئىشلارنى قىلغانلىقى ۋە قانداق ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولغانلىقى ھەققىدە كوچىدىكى ھەر تۈرلۈك قۇرۇق گەپلەردىن باشقا ھېچقانداق بىر مەلۇمات تېپىلمىدى.

ستالىنگرات ئالدىدىكى جەڭدە گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ يېڭىلىشى، ئافغانىستاندىكى تۈركىستانلىقلار تەشكىلاتلىرى ئۈچۈنمۇ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىنىڭ سىگنالى بولۇپ قالىدۇ. يوقۇرىدا كۆرسىتىلگىنىدەك، شىمالى ئافغانىستان تەۋەسىدىكى تۈركلەر زىچ (ئۆزبەكلەر بىلەن تۈركمەنلەر) ئولتۇراقلاشقانلىقى سەۋەبىدىن، بۇ يەردىكى پائالىيەتلەرنى ئافغان دائىرىلىرى قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىپ تىزگىنلەپ تۇرماقتا ئىدى. بولۇپمۇ ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى قىرغىقىدىن كەلگەن مۇھاجىر تۈركىستانلىقلار مەسىلىسى ئۈستىدە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بەكلا سەزگۈر بولۇپ، ئۇلارنىڭ پىتەكچىلىرىنى ھەر دائىم نازارەت ئاستىدا تۇتۇپ كۆزىتىپ كەلمەكتە ئىدى. گېرمانىيىنىڭ ستالىنگرات مەغلۇبىيىتى ئافغانىستان ھۆكۈمىتىنىڭ كەسكىن بىر قارارغا كېلىشى ئۈچۈن تۈرتكە بولىدۇ. ھۆكۈمەت تەرەپ ئاۋال مۇبەششىرخان تارازى، شىرمۇھەممەتبەگ ۋە قۇدرىتۇللاخان تۆرە قاتارىدىكى بارلىق تەشكىلات پىتەكچىلىرىنى بىرلا كۈندە قولغا ئالىدۇ. ئافغان تۈركىستانىنىڭ قالغان شەھەرلىرىدە تۇرىۋاتقان تەشكىلات رەھبەرلىرى چەمبەرچەس زىنجىرلىنىپ ئۈستى ئوچۇق قاراماشىنىلاردا سازايى قىلىنىپ ئېلىپ كېلىنىدۇ. كەڭ كۆلەملىك بۇ قولغا ئېلىش ھەرىكىتى جەريانىدا 700 دىن ئارتۇق تۈركىستانلىق قولغا ئېلىنىپ، كابولنىڭ داڭلىق دەمازاڭ تۈرمىسىنىڭ كامىرلىرىغا قامىۋېتىلىدۇ. تۈركىستان نامى ئاستىدا قانات يايدۇرۇلغان بىر ھەرىكەت، يەنە بىر قېتىم نۇرغۇنلىغان تۈركىستانلىقنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلىشىغا، سۈرگۈن قىلىنىشىغا ۋە تۈرمىلەرگە قامىلىشىغا سەۋەپ بولۇپ ئاخىرلىشىدۇ. سوراق قىلىپ سوتقا تارتىلغاندىن كېيىن، قولغا ئېلىنغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىغا ھۆكۈم ئېلان قىلىنىپ، تا ئۇرۇش تۈگىگەن يىللارغىچە تۈرمىلەرگە قامىۋېتىلىدۇ.

# تۆتىنچى باب

# ئىدىيولوگىيىلىك سوغۇق ئۇرۇش يىللىرىدا

كومۇنىزم چاڭگىلى ئاستىدىكى بىچارە مىللەتلەر ئازات قىلىنمىغىچە، روسلارمۇ كونا چېگرالىرىغا چېكىنىپ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئىنىگە كىرىپ خەۋىپ كەلتۈرىدىغان ھالى ئۆزگەرمىگىچە، ئامېرىكا بىلەن دۇنيا ھەرگىز خاتىرجەم بولالمايدۇ.

— ئا ق ش پرېزدېنتى ئەيزىنخاۋېر

## سوغۇق ئۇرۇش يىللىرى

ۋەلى قېيۇمخان، ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىنكى ئىككى يىل بويىچە قاماقتا قېلىپ، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر تەرىپىدىن نيۇرېنبېرگ شەھرىدە قۇرۇلغان خەلقارا ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى سوت مەھكىمىسىدە سوتلىنىدۇ. قارىلىغۇچىلار ۋەلى قېيۇمخان ئۇستىدە ناتسىستلار پارتىيىسى بىلەن ناتسيونال سوتسيالىزم قاراشلىرى ئوتتۇرىسىدا بىرەر مۇناسىۋەتنىڭ بار-يوقلىقىنى نوقتىلىق ھالدا تەكشۈرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە م ت ب ك نىڭ ۋە تۈركىستان لېجيونىنىڭ يەھۇدى ئىرقى قىرغىنچىلىقىغا قارىتا تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ قانداقلىقى، بۇ ئورگاننىڭ ئۇرۇش جەريانىدىكى ئىشلىرىنىڭ ماھىيىتى قانداق ئىدى دېگەندەك مەسىلىلەر تەكشۈرۈلمەكتە ئىدى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ۋاكالىتەن سوتقا قاتناشقان قارىلىغۇچى رودېنكو، بىرىنچى كۈنىسىدىلا ۋەلى قېيۇمخان بىر ئۇرۇش جىنايەتچىسى، شۇڭا ئۇنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇپ بېرىش كېرەك دەپ تەلەپ قىلىدۇ. رودېنكونىڭ دېيىشىچە، ۋەلى قېيۇمخان "ئۆزبەك، تاجىك، قازاق ۋە تۈركمەن دەيدىغان مىللەتلەر يوق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۈركىستان خەلقىدۇر" دەپ كىشىلەرنى ئالداپ كەلگەنمىش. ئۇ ئۆزىنىڭ رەزىل مەپكۇرىسى ئۈچۈن م ت ب ك بىلەن تۈركىستان لېجيونىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئىتتىپاقداش كۈچلەرگە قارشى

ھەرىكەت قىلىپ كەلگەنمىش. ۋەلى قېيۇمخان سوت ئۈستىدىكى بارلىق سوراقلارغا جاۋاپ بەرگىنىدە، م ت ب ك بىلەن تۈركىستان لىجيونى ئۇرۇش قائىدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلغان ئاساستا تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن بولشېۋىكلارغىلا قارشى جەڭ قىلغانلىقىنى؛ بۇ ئىككى ئورگاننىڭ ھېچ بىرسى ئۇرۇش جىنايىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق ئىشقا ئارىلاشمىغانلىقىنى، ھەتتا پات-پات نېمىسلارنىڭ بۇنداق ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ناتسىستلار پارتىيىسى ئەزاسى ئەمەسلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. ئەسىرلەر لاگىرىنىڭ شارائىتلىرىنى ياخشىلاش توغرىلىق يازغان دوكلاتىمۇ تېپىلغان، پۇخرالارغا قارىتا تېررورلۇق ھەرىكەتلەر بىلەن شوغۇللانغان ئېس-ئېسچىلار يىتەكچىلىرىگە قارشى قانات يايدۇرغان كۈرەشلەر بىلەن ئېس-ئېسچىلار تەرىپىدىن ئۇنىڭغا سۈيىقەست پىلانلاپ ئىشلەنگەنلىكلىرى ھەققىدىكى ماتېرىياللارمۇ ئوتتۇرغا چىقىدۇ. بۇخارا يەھۇدىلىرىدىن بولغان ئىككى ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۇرۇش جەريانىدا م ت ب ك تەۋەسىدە ئاشپەز ۋە شوپۇر قىلىپ ئىشلىتىپ كېلىنگەنلىكى مەلۇم بولغىنىدىن كېيىن، ۋەلى قېيۇمخانغا مۇناسىۋەتلىك قارىلىنىشلار ئاساسى جەھەتتىن قالىدۇ. ۋەلى قېيۇمخان، غەرپلىك رەھبەرلەرنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەن بىر قىتىملىق سوت جەريانىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

ئامېرىكىلىق ھەربى سوتچىلاردىن بىرسى: "ئۇرۇش جەريانىدا گېنېرال ۋلاسوۋ بىلەن بىرگە پائالىيەت قىلىشنى رەت قىلغانىكەنسىز. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بىرەلەمسىز؟" دەپ سورىدى. مەھكىمە زالىدا ھەر تۈرلۈك مىللەت ۋەكىللىرىدىن بولۇپ نۇرغۇن كىشىلەر بار ئىدى.

"ۋلاسوۋ دېگەن بىر مىللى خائىن. چۈنكى ئۇ ئۆز مىللىتىگە، يەنى ئۇرۇس خەلقىگە قارشى ئۇرۇش قىلدى. ئەمما مەن ئۆز خەلقىمگە ھەرگىز قارشى چىقمىدىم، دەل ئەكسىچە ئۆز خەلقىمنىڭ، تۈركىستاننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن، ۋەتىنىمنى مۇستەملىكە قىلىۋالغان سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ۋە بولشېۋىكلەرگە قارشى جەڭ قىلدىم" دەپ جاۋاپ بەردىم. شۇ كۈنى ئاخشىمى ئامېرىكىلىقلار كېلىپ مېنى تۈرمىدىن چىقىرىپ، شارائىتى تېخىمۇ ياخشى باشقا بىر يەرگە يۆتكەپ قويۇشتى. بىر ھەپتىدىن كېيىن سوت مەھكىمىسىنىڭ قارارى بىلەن گۇناسىز دەپ قويۇپ بېرىلدىم.

كومىتېتنىڭ قالغان ئەزالىرى گېرمانىيە ئىچىگە تارقىلىپ كېتىپ ئىزىنى يوقۇتۇپ يوشۇرۇنۇپ يۈرىدۇ. ئۇلار، ئۇرۇشتىن كېيىنكى قالايماقانچىلىق ۋەزىيەت قىسمەن تىنجىغان بىر ۋاقىتلاردا، يەنى 1945-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا مىللى كومىتېتنىڭ

تەغدىرىنى بەلگىلەش مەقسىتىدە قايتا يىغىلىشىدۇ. 26-دېكابىر كۈنى 16 ئەزا قاتناشقان يىغىلىشتا پائالىيەت گۇرۇپپىلىرى قايتىدىن رەتكە سېلىنىپ، ۋاقىتلىق رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى سايلىنىدۇ. ۋەلى قېيۇمخان قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، يەنى 1947-يىلىنىڭ ئاۋغۇست ئېيىدا كومىتېت ئەزالىرى ئۈچ كۈن داۋاملاشقان ئومۇمى يىغىن چاقىرىشىدۇ. بۇ يىغىنىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى كېتىۋاتقان كۈنلەردە بۇرۇنقى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تولۇق ئۇنۇتۇپ، بارلىق ئەزالار مىللى كومىتېت ئاستىدا قايتىدىن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىشى كېرەكلىكى مۇزاكىرە قىلىنىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، ئۇرۇش تۈگەيدىغانغا بىر ئاي قالغان ۋاقىتتا م ت ب ك دىن ئايرىلىپ تۈركىستان شۇراسىنى قۇرۇپ چىققان، ئاندىن ۋلاسوۋ كومىتېتىغا قوشۇلۇپ كەتكەن قارەس قاناتبايېۋ بىلەن ئۇنىڭ ھەمرالىرىمۇ بۇ يىغىنغا قاتنىشىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ تۈر يارىشىش مۇھىتى ئاران بىرەر ئايدەكلا داۋام قىلالىغان بولۇپ، ئۇندىن كېيىن قاناتبايېۋ مىللى تۈركىستان ئىتتىپاقىدا بىرلىكتە پائالىيەت قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئىتتىپاقتىن يەنە چىقىپ كېتىدۇ.

1948-يىلىسى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى گېرمانىيە قاتارىدىكى ياۋرۇپا ئەللىرىدە مۇساپىر بولۇپ تۇرىۋاتقان مۇسۇلمان تۈركى قەۋمىدىكىلەر خالىسا تۈركىيىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشسا بولىدۇ دەيدىغان بىر قارار قوبۇل قىلىدۇ. بۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، ئىيۇل ئېيىدا ميۇنخېن شەھىرىدە ۋەلى قېيۇمخان رەئىسلىكىدە 300 كىشىلىك بىر يىغىن چاقىرىلىدۇ. قېيۇمخان، تۈركىستانلىقلار بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىكى كېرەك دەپ ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. نەتىجىدە 1948-يىلى ئىچىدە يۈزلىگەن سابىق ئۇرۇش ئەسىر تۈركىستانلىق تۈركىيىگە كېتىۋالىدۇ.

## ئامېرىكىنىڭ سەھنىگە چىقىشى

ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەۋرلەردە دۇنيا خەرىتىسى قايتىدىن سىزىلماقتا ئىدى. ياۋرۇپا بىلەن ئاسىيادا ئىنتايىن ئېغىر كۈچ تەڭپۇڭسىزلىقلىرى ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. ئۇرۇشتىن كۈچلىنىپ چىققان سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئالدىدا، مەنبەلىرىنى ئۇرۇشتا خورىتىپ تۈگەتكەن ئەنگىلىيە بىلەن فرانسىيەدەك دۆلەتلەر كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىيالىغىدەك ھالى يوق ئىدى. ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا ئۆز قىتئەسىدىن سىرتقا چىقماسلىقتا تىرىشىپ باققان ئا ق ش، ئەنئەنىۋى بىتەرەپلىك سىياسىتىنى بىر چەتكە چۆرۈپ تاشلاش-تاشلىماسلىقى تېخى ئېنىق ئەمەس ئىدى. بۇنداق بىر كۈچ بوشلۇقىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى

ئالدىن پەرەز قىلغان سوۋېتلەر ئىتتىپاقى يالتا يىغىنىدا زوّرۇر بولغان ئاساسلارنى سىلىنىۋالغان بولغاچقا، تارىخ بەرگەن بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئوّتۈشكە كىرىشىدۇ.

سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ياۋروپادا ئىشغال قىلىۋالغان پولشا، چېخسلوۋاكىيە، ماجارىستان (ۋېنگرىيە ــ ئۇ.ت)، رومىنىيە ۋە بولغارىيە قاتارلىقلاردا كومۇنىستىك پارتىيەلەرنى تېزلىكتە قۇرۇپ چىقىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتلەرنىڭ پائال ھەرىكەت قىلىش شارائىتىنى يارىتىۋالىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە گىرىتسىيەدە باشلانغان ئىچكى ئۇرۇشتا كومۇنىست پارتىزانلىرىغىمۇ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ياردەم قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. سوۋېتلەرنىڭ كېيىنكى نىشانى ئوتتۇرا شەرق ئىدى. بۇنداق بىر سىياسەتنى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئەنگلىيە بىلەن بىرلىكتە ئىشغال قىلىۋالغان ئىراندا يولغا قويۇشقا كىرىشىدۇ. ئىشغال قىلىۋالغان جەنۇبى ئەزەربەيجان تەۋەسىدە (شىمالى ئىراندا) ئوّزلىرىنىڭ سىزىقىدىن چىقمايدىغان قورچاق ھۆكۈمەتتىن بىرنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا كىرىشىدۇ. بۇ جەريانىدا تۈركىيىگىمۇ بېسىم ئىشلىتىپ يۈرۈپ تۈركىيە بوغۇزلىرىدا ھەربى بازا قۇرۇش ھوقۇقى بىلەن بىرگە يەنە قارس، ئارداخان ۋىلايەتلىرىنىمۇ ئوّزلىرىگە بېرىۋېتىلىشىنى تەلەپ قىلماقتا ئىدى. سوۋېتلەرنىڭ ئاسىيادىكى نىشانى خىتاي بولۇپ، ماۋ تسې تۇڭ (ماۋ زەيدۇڭنى دېمەكچى ــ ئۇ.ت) رەھبەرلىكىدىكى كومۇنىستلارنى خىتايدا ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىرىش ئۈچۈن ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتلەردە ياردەم قىلىپ كەلمەكتە ئىدى.

سوۋېتلەر ئىتتىپاقى شەرقى ياۋروپا، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئاسىيا تەۋەلىرىدە يولغا قويۇۋاتقان بۇنچە كەڭ دائىرىلىك ھەرىكەتلىرى ئامېرىكىنى ئارىلاشماي جىم تۇرۇۋېلىش سىياستى يۈرگۈزۈشتىن ۋاز كەچتۈرۈپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارىتا كۈچ تەڭپۇڭلۇقى سىياستى يۈرگۈزمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئا ق ش دائىرىلىرى 1947 ـ يىلىنىڭ مارت ئېيىدا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كېلىۋاتقان دۆلەتلەرگە قارىتا «ترۇمان نەزەرىيىسى» نى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇ يىل ئىيولدا ياۋروپا ئەللىرىنى ئىقتىسادى جەھەتتە تەرەققى قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان «مارشال پىلانى» نىنى باشلىتىدۇ. بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىمۇ يۇگسلاۋىيە، بولغارىيە، رومىنىيە، چېخسلوۋاكىيە، فرانسىيە ۋە ئىتالىيە كومپارتىيە داھىلىرىنى پولشانىڭ سىزكلارىسكا پورىبا شەھىرىگە جەم قىلىپ، 1947 ـ يىلى 5 ـ ئوّكتەبىردە «كومىنفورم» (كومۇنىستىك ئاخبارات بىيروسى، كوممۇنىست ئىنفورماتسون بىرو ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) نى قۇرۇپ چىقىدۇ. ئۇرۇشتىن بۇرۇن قۇرۇلغان كومۇنىستىك ئىنتېرناتسيونال (كومىنتېرن ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) نىڭ داۋامى ھېساۋىدىكى بۇ تەشكىلات ئالغان قارارلاردا، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىردىن-بىر ۋەتىنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدۇر؛ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ۋەكىللىكىدىكى

جاھانگىرلىككە قارشى ئەڭ ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىپ، كەلگۈسىدە پۈتۈن دۇنيانى بىر پۈتۈن سوۋېتلەر دۆلىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى ئۆزىنىڭ غايىسى قىلىدۇ دەپ بەلگىلىگەن ئىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئا ق ش ھۆكۈمىتى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى چەكلەشتە قەتئىي ئىرادىگە كەلگەن ئىدى. ئا ق ش، 1947 ـ يىلى 22 ـ ئۆكتەبىردە ئېلان قىلغان بىر باياناتى ئارقىلىق ئىرانىڭ زېمىن پۈتۈنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىرانغا قارىتا ھەرقانداق بىر مۇداخىلە قىلىشىنى ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىق دەپ قارايدىغانلىقىنى ئوچۇق ئېلان قىلغان ھېساپلاندى. بۇ جەرياندا پارتىلىغان بىرلىن كرىزى بۇ ئىككى چوڭ كۈچنىڭ بىر ـ بىرسىدىن كەسكىن ئايرىلغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرغا قويغان بولۇپ، بۇ ئىككى كۈچ ئەتراپىدا سىياسى ۋە ئىقتىسادى قۇتۇپلىنىش مەيدانغا كەلگەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئىككى قۇتۇپ ئېنىق بىر ـ بىرىدىن ئايرىلغان ھالەت شەكىللەنگەن بولۇپ، سوغۇق ئۇرۇش تېز سۈرئەت بىلەن باشلىنىپ كېتىدۇ. پىرىزدېنت ئېزىنخاۋېر ئېيتقاندەك، كوممۇنىزم چاڭگىلى ئاستىدىكى ئېزىلگەن مىللەت خەلقلىرى ئازاتلىققا ئېرىشتۈرۈلمىگىچە، روسلار بۇرۇنقى چېگرالىرى ئىچىگە چېكىندۈرۈلۈپ ئۆز ئىنىگە قايتۇرۇلۇپ ئاپەت مەنبەسى بولۇشتىن قالدۇرۇلمىغىچە ئامېرىكا بىلەن دۇنيا خەلقىگە ئامانلىق بولمايتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى، رۇسىيىلىكلەرنى ئىشغال قىلىۋالغان ھەممە تېزگىنلەپ تۇرىۋاتقان ئەللەردىن قوغلاپ چىقىرىشنى مەقسەت قىلىپ بوزەك قىلىنىۋاتقان ئەللەرگە ھەر تۈرلۈك ياردەم قىلىشنى پىلانلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئېلان قىلىنمىغان، قانۇنلىرى يېزىلمىغان ھەممە چېگرالىرى ئېنىق بەلگىلەنمىگەن بىر ئۇرۇش باشلانغان ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئۇرۇشنىڭ تەرەپلىرى ھەممە ساھەدە دېگىدەك قولىدىن كېلىدىغان پۈتۈن ئىمكانىيەتلەرنى تولۇق ئىشقا سېلىپ دۈشمىنى ئالدىدا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشكە جان ـ جەھلى بىلەن ئۇرۇنىشىدۇ. بۇ ئۇرۇش — سوغۇق ئۇرۇش دەپ ئاتالدى.

ئامېرىكىلىقلار كۈنسايىن كۈچىيىپ كېتىۋاتقان كوممۇنىزم تەھدىتىگە قارىتا ئەستايىدىللىق بىلەن ئومۇمي يۈزلۈك تەدبىر ئېلىش پىلانلىرىنى ئىشقا كىرىشتۈرۈش نىيىتىگە كېلىدۇ. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى لاگىرى ئىچىدە قالغان مىللەتلەرنىڭ تاشقى ئالەمدىكى ئۆكتىچى كۈچلىرىنى تەشكىللەپ بىر سەپ ھالىغا كەلتۈرۈش پىكرى، بۇ تۈردىكى پىلانلاردىن بىرى ھېساپلىناتتى. تارىخ يەنە بىر قېتىم تەكرارلانماقتا ئىدى. 1920 ـ يىللاردا مارشال پىلسۇدسكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى سوۋېتلەرگە قول بولۇپ قالغان مىللەتلەرنىڭ خادىملىرىنى بىر يەرگە جەم قىلىپ پرومېتې سېپىنى تەشكىل قىلغانىدى. گېرمانىيە ـ سوۋېت ئىتتىپاقداشلىقىدىن كېيىن پرومېتې سېپىنى يوقاتقان گېرمانىيە، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا ئۆلارمۇ شۇنىڭغا

ئوخشايدىغان بىر سەپ تەشكىل قىلىپ، سوۋېتلەرگە قارشى مىللى لېجيۇنلارنى قۇرۇپ چىقىشقانىدى. سوغۇق ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا بولسا، بۇ ئىشلارنى قىلىش نۆۋىتى ئامېرىكىغا كېلىدۇ. بۇ قېتىمقىسىدا، ئا ق ش سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئورتاق سەپ تەشكىل قىلىش ئۇچۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ئامېرىكىلىقلار مىللەت، مەدەنىيەت ۋە جوغراپىيە ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىماستىن سوۋېتكە قارشى بارلىق كۈچلەرنى بىر نوقتىغا توپلاشنى نىيەت قىلماقتا ئىدى. بۇ ۋاقىتلاردا ۋاشىنگتوندىن ئاڭلىتىش بېرىۋاتقان «ئامېرىكا ئاۋازى» رادىئوسى سوۋېتلەر قولىدا قالغان مىللەتلەرنىڭ تىلىدا ئاڭلىتىشنى باشلىۋېتىدۇ. ئامېرىكىلىقلار 1948 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا بۇ مىللەتلەرنىڭ چەتئەللەردىكى يېتەكچىلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە كىرىشىدۇ. م ت ب ك گە ۋاكالىتەن ۋەلى قېيۇمخان بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدۇ. ۋەلى قېيۇمخان، ئۇ كۈنلەرنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

> 1947 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا كومىتېت پائالىيىتىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرىۋالغانىدۇق. بۇ چاغدا ئامېرىكىلىقلار بىزنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. دېمىسىمۇ، نيۇرېنبېرگ سوتىدىن كېيىن ئۇلار بىلەن يېقىن ئالاقىلىشىپ تۇراتتۇق. ئامېرىكىلىقلار كوممۇنىزمغە قارشى بىر سەپ تەشكىل قىلىشنى پىلانلىماقتا ئىدى. ئۇلار، بۇ تۈردىكى بىر سەپتە تۇرۇپ پائالىيەت قىلالايدىغان ئىرادىسى مۇستەھكەم مۇھىم تەشكىلاتلارغا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. مەن ئۇلارغا، تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىش، م ت ب ك نى ئۇنىڭ بىردىن بىر ۋاكالەتچىسى دەپ قوبۇل قىلىشقا ماقۇل بولغىنىڭلاردىلا سىلەر بىلەن بىرلىكتە پائالىيەت قىلىشىمىز مۇمكىن دەپ ئېيتتىم. ئۇلار، بۇ پىكرىمىزنى ئاۋال بىر مۇزاكىلىرە قىلىپ چىقىدىغانلىقىنى، ئەمما بۇنىڭغا ۋاقىت جىق كېتىدىغانلىقىنى قوشۇپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىرەر يىلدەك بىرگە پائالىيەت قىلىشتۇق. ئامېرىكىلىقلار ياۋرۇپادىكى كۈچ تەڭپۇڭلۇقى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى تۈزۈلمىسىنى ياخشى بىلىپ كەتمەيتتى. كېيىن ئۇلار ماڭا بەرگەن جاۋابىدا شۇ ۋاقىتتىكى خەلقارالىق كۈچ تەڭپۇڭلۇقى نوقتىسىدىن تەلىۋىمنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. نەتىجىدە، ئۇلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقىمىزغا خاتىمە بەردۇق.

يەنە شۇ يىللاردا ئەنگلىيىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر پىلان تۈزۈپ ھەرىكەت قىلماقچى بولىشىدۇ. بۇ ئىشلاردا ئەنگلىيىلىكلەر ئامېرىكىلىقلارغا قارىغاندا تېخىمۇ تەجرىبىلىك ئىدى. ئۇلار ياۋرۇپا بىلەن ئاسىيادىكى سىياسى كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى ئامېرىكىلىقلاردىن ياخشى بىلەتتى. ئەنگلىيىلىكلەر ھەر بىر خەلقنى ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ باھالىيالايدىغان تارىخي تەجرىبىگە ئىگە ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ

تېخىمۇ ئاسان يارىشىش مۇھىتى يارىتىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ جەھەتتىكى پائالىيەتلىرى ئاسىيادا ئۇزۇن مۇددەت ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەن دىپلوماتلاردىن ئولاف كاروۋنىڭ رەئىسلىكىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلمەكتە ئىدى. كاروۋى بىلەن قېيۇمخاننىڭ كۆرۈشۈشلىرى نەتىجىسىدە ئەنگىلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شەرق ئىشلار بۆلۈم مەسئۇللىرى بىلەن بىرگە مۇزاكىرە قىلىشقان بولۇپ، بەزى مەسىلىلەردە ئورتاق پىكىر بىرلىكىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. ئەنگىلىيە، تۈركىستاننى بىر پۈتۈن ساقلىنىشى ۋە مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان، م ت ب ك گە ماددىي ياردەم بېرىدىغان، تۈركىستانلىق ياشلارنىڭ يېتىشتۈرۈلىشى ئۈچۈن كۈچ قوشىدىغان بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن م ت ب ك مۇ شەرق ئەللىرىدە قانات يايدۇرۇلىدىغان كومىنزىمغا قارشى تەشۋىقاتلارغا ياردەم قىلىدىغان، سوۋېتلەرگە قارشى قانات يايدۇرۇلىدىغان پائالىيەتلەرگە ياردەم قىلىدىغان بولىدۇ. بۇ تۈر كېلىشكەندىن كېيىن، قېيۇمخان رەئىسلىكىدىكى م ت ب ك ئۈچۈن، گېرمانىيىنىڭ ۋېستفاللېن شتاتىنىڭ مىندېن شەھىرىدە بىر مەركەز تەشكىل قىلىپ چىقىدۇ. مىللىي كومىتېت ئەزالىرى بۇ مەركەزدە بىر تەرەپتىن تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن گېرمانىيىنىڭ ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە يولغا قويغان شەرق سىياسەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك رەتلىنىشى ئىشلىرى بىلەن شوغۇللىنىدۇ. ئۇرۇسچە، نېمىسچە ۋە تۈركى شىۋىلىرىنى ياخشى بىلىدىغان بولىشى بۇ تۈر ئارخىپ ئىشلىرىدا بەكلا ياردىمى بولىدۇ (تەشكىل قىلىنغان بۇ مەركەزدە ۋەلى قېيۇمخان بىلەن بىرگە يەنە بايمىرزا ھېيتى، ئەرگەش شىرمەت، ھۈسەيىن ئىكرام، مالىك ئۆمەرى، ئىسمايىل تاجىباي، مۆمىن تېشىباي، مەخمۇت مەقسۇتبەك، داملا قاسىم، ئىنايەت ھەقسۆيەر، مەھكەم ئۆمەرى، ئامان بەردىمۇرات، ئابدۇللا تۆلەگەن ۋە ئېكرام ئازام قاتارىدىكى كىشىلەر قاتناشقان ئىدى ــ ئا. ھ. ئىزاھاتى). ۋەلى قېيۇمخان ئۇ كۈنلەر ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

ئەنگىلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بىلەن ھەمدە شەرق ئىشلار مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشتىم. ئۇلار ئوتتۇرغا قويغان شەرتلىرىمنى توغرا تېپىشتى. بىزنى قانۇنى كىشىلەر دەپ ئېتىراپ قىلىشتى. بۇ جەرياندا بايمىرزا ھېيتى بىلەن ئىسمايىل تېشىباي قاتارىدىكى دوستلىرىمىزغا ئوقۇش پۇلى بېرىپ تۇردى. ژورنالنى قايتىدىن چىقىرىشقا كىرىشتۇق. ... بولۇپمۇ كونسىرۋاتىپ پارتىيىنىڭ شەرق مەسىلىلىرى بۆلۈم مەسئۇلى بىز بىلەن بەكلا يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ كەلدى. ھەتتا ئۆزبەكچە ئۆگۈنۈش تەلىۋىدىمۇ بولغان ئىدى. ئۇنىڭغا ئۆزبەكچە ئۆگۈتىشى ئۈچۈن دوكتور ئىسمايىلنى يېنىغا ئەۋەرتكەنىدىم.

1949 ـ يىلىنىڭ سىنتەبىرىدىن باشلاپ «مىللى تۈركىستان» جورنىلى قايتىدىن

نەشرى قىلىنىشقا باشلىنىدۇ. دەسلىۋىدە بىرلا خىل تىل بىلەن بېسىلغان بۇ جورنال، 1950 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىنگىلىزچە بىلەن ئۆزبەك تۈركچىسى بولۇپ ئىككى خىل تىلدا بېسىلىشقا باشلايدۇ. يەنە بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەرەپ ئەللىرىدە ياشاۋاتقان تۈركىستانلىقلارغا قارىتىلغان ئەرەپچە بىلەن ئەرەپ ھەرپلىرىدىكى تۈركچە بولۇپ ئۈچىنچى خىل يېزىقتىكىسمۇ قوشۇپ بېسىلىشقا باشلايدۇ.

## رۇسىيە خەلقلىرىنى ئازات قىلىش كومىتېتىنىڭ قۇرۇلۇشى

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى، سوۋېتكە قارشى كۈچلەرنى بىر نوقتىغا توپلاش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەقسىتىدە «روسىيە خەلقلىرىنى ئازات قىلىش ئۈچۈن ئامېرىكا كومىتېتى» نامىدا بىر تەشكىلات قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ كومىتېت، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەركىۋىدىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ مۇساپىرلىرىنى بىر نوقتىغا يىغىپ كەڭ دائىرىلىق بىرلىكسەپ تەشكىللەش ئىشىدا ئاچقۇچلۇق رول ئېلىش پىلانلانغان ئىدى. تەشكىل قىلىنىدىغان بۇ لاگېرغا مەسئۇل قىلىپ تەيىنلەش ئۈچۈن 1917 ـ يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى دەۋرىدە روسىيىگە رەھبەر بولغان سوتسىيال دېموكراتلار داھىسى كرېنسكى ئەڭ مۇۋاپىق نامزات قىلىپ تاللاپ ئېلىنىدۇ. نېمىسلار ئۇرۇش شارائىتى ئاستىدا گېنېرال ۋلاسوۋ ۋاستىسىغا تايىنىپ ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان پائالىيەتلەرنى بۇ نۆۋەت ئامېرىكىلىقلار، شۇنىڭدەك تىنچ شارائىت ئاستىدا كرېنسكى بىلەن قانات يايدۇرۇشنى پىلانلىماقتا ئىدى.

كرېنسكى، بىرىنچى قەدەمدە ياۋرۇپادا كوممۇنىزمغا قارشى پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقان روس تەشكىلاتلىرىنى رۇس خەلقىنى ئازات قىلىش كومىتېتى نامىدىكى بىر تەشكىلات يېتەكچىلىكىدە بىر نوقتىغا يىغىشقا كىرىشىدۇ. بۇ تەشكىلات، مېلگۇنوۋ گۇرۇھى (روسىيە ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش ئىتتىپاقى)، بايدالاكوۋ گۇرۇھى (مىللى ئەمگەكچىلەر ئىتتىپاقى)، كرېنسكى گۇرۇھى (خەلق ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش جەمىيىتى)، ياكوۋلوۋ گۇرۇھى (روسىيە خەلق ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش ئىتتىپاقى) ۋە ۋلاسوۋنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا قانات يايدۇرغان كۈرىشىنىڭ داۋامى بولغان ۋلاسوۋچىلار قاتارلىق 5 گۇرۇھتىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى. بۇ كومىتېت، بىرىنچى قېتىملىق يىغىنىدا قانات يايدۇرۇلىدىغان ھەرىكەتنىڭ پىرىنسىپلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم قارارلارنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ. ئېلىنغان بۇ قارارلار بىلەن بۇنىڭ كەينىدىن بارلىققا كەلگەن ۋەزىيەت مۇساپىر تۈركى قەۋم مەتبۇئاتلىرىدا تۆۋەندىكىچە ئەكس ئەتتۈرۈلدى:

بەش خىل ئۇرۇس تەشكىلاتى بىرلىشىپ قوبۇل قىلىشقان قارارلارغا ئاساسەن، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە، "رۇسىيىنىڭ بۆلۈنىشى بۇ مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىگە مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قارالغانلىقى ئۈچۈن، فىدراتسىيە ۋە مىللى مەدەنىي ئاپتونومىيىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلىدىغان رۇسىيە مىللەتلىرى ئىتتىپاقىنى ساقلاپ قېلىشتا چىڭ تۇرغانلىقى" ئوتتۇرغا قويۇلغان. شتۇتگارت لايىھىسىگە ئاساسەن، بىر تۈرلۈك ئوچۇق پارلامېنت ماھىيىتىدىكى «رۇسىيە خەلقلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش شۇراسى» ئاتمىش نەپەر ۋەكىلدىن تەشكىل تاپىدىكەن. ئۇرۇسلار بىلەن ئۇرۇستىن باشقا مىللەتلەر 20 دىن ۋەكىل چىقىرىشىدىكەن، قالغان 20 نەپەر ۋەكىلنى مىللەت ئايرىماستىن ئىلمى ۋە سەنئەت خادىملىرى تەشكىل قىلىدىكەن. ...

گويا ئۆتكەن 35 يىل مابەينىدە ھېچقانداق بىر ۋەقە يۈز بەرمىگەندەك، ئۇرۇس سىياسى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئورتاق پائالىيەتلىرىگە "رۇسىيىدە 1917 ـ يىلقى فېۋرال ئىنقىلاۋى ئېلان قىلغان خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ تەشكىللىنىش پىرىنسىپلىرىدىن — يەنى كىرېنسكىچىلىكتىن — ئىش باشلاشنى تەكلىپ قىلىشقانلىقى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە" ئىكەنمىش. ئۇلار، ئىنقىلاپ جەريانىدا سابىق چاررۇسىيە تېررىتورىيىسى ئۈستىدە قۇرۇلغان بىر قاتار دۆلەتلەرنى، بۇ جەرياندا 1918 ـ يىلىنىڭ ماي ئېيىدا مۇستەقىللىقنى ئېلان قىلغان، ئىككى يىلدىن كېيىن سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان ئەزەربەيجان، ئەرمەنىيە، گروزىيە ۋە شىمالى كاپكازىيىنى قىلچە كۆزگە ئىلىشمىغان. ئۇلار يەنە كاپكازىيىدە مۇستەقىللىق ئۈچۈن قوزغالغان قوزغىلاڭلاردا ئاققان دەريا ـ دەريا قانلارنىمۇ قىلچە كۆزدە تۇتمىغان.

دېگەندەك، بۇ ئۇرۇس گۇرۇپپىلىرىنىڭ يىغىندا قوبۇل قىلىنغان قارارلاردىن بىرسىدە پىلان قىلىنغان بىرلەشمە سەپ ئاساسەن تەشكىللىنەلمەس ھالغا كەلتۈرۈلگەن:

روسىيىدىكى 1917 ـ يىلقى فېۋرال ئىنقىلاۋى (كىرېنسكى يېتەكچىلىكىدە بارلىققا كەلگەن سوتسىيال دېموكراتچىلار ئىنقىلاۋى كۆزدە تۇتۇلماقتا. يەنە شۇ يىلىنىڭ ئۆكتەبىر ئېيىدا بولشېۋىكلار ئىنقىلاۋىمۇ يۈز بەرگەن ئىدى. — ئا.ھ. ئىزاھاتى) تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغىنىغا ئوخشاش، بۇ قېتىممۇ خەلق ھاكىمىيىتى تىكلىنىپ روسىيىنىڭ بارلىق خەلقلىرىگە تەڭ ـ باراۋەرلىك ھوقۇق بېرىلىدۇ، بۇ

ھوقۇقلاردىن پايدىلىنىپ بارلىق مىللەت خەلقى ئەركىن ئاۋاز بېرىش ئاساسىدا ئۆز تەغدىرلىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەيدۇ. ئەمما روسىيىنىڭ بۆلۈنىشى، يەنى "بالكانىزاتسىيە" روسىيىنى ئاپەت دېڭىزىگە پاتۇرۇۋېتىدىغانلىقى مۇقەررەر.

كومىتېت، ئالغان بۇ قارارغا ئاساسەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلغان ئۇرۇستىن باشقا مىللەتلەرنىڭ بۇ ئىتتىپاقتىن بۆلۈنۈپ چىقىشىنى بىر ئاپەت دەپ باھالىغان. بۇنداق بىر بۆلۈنۈپ چىقىش قارارى پەقەت ئومۇمى قۇرۇلتاي تەستىقى ئارقىلىقلا مۇمكىن بولىدىغانلىقى كۆرسىتىپ ئۆتىلگەن. نەتىجىدە، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقى بولشېۋىكلارنىڭ يولغا قويۇپ كەلگىنىگە ئوخشاش قەغەز ئۈستىدە قېلىشقا مەھكۇم قىلىنغان ئىدى. بۇ تۈردىكى بىر كومىتېت، ئۆز مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ئۇرۇس بولمىغان مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشىنى قىياس قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دېگەندەك، كومىتېت قارارلىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشىدىن كېيىن م ت ب ك تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان باياناتتا تۆۋەندىكىدەك قاراشلار ئوتتۇرغا قويۇلدۇ:

كرېنسكىنىڭ 1951 ـ يىلى 20 ـ ئاۋغۇست كۈنىسى قۇرۇپ چىققان «ئۇرۇس خەلقلىرى ئازاتلىق شۇراسى» تەشكىلاتى بىلەن «مىللى تۈركىستان ئىتتىپاق كومىتېتى» نىڭ (م ت ب ك) ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. كومىتېتىمىز بۇنداق بىر تەشكىلاتنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. بۇ تەشكىلات پەقەت ئۇرۇسلارغىلا مۇناسىۋەتلىك بىر تەشكىلات بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۈركىستانلىقلار ھەققىدە پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى يوق. تۈركىستان خەلقى ئۇرۇس ئەمەس. كرېنسكىنىڭ غايىسى ئۇرۇس جاھانگىرلىكىنى قۇرۇپ چىقىشنى مەقسەت قىلماقتا. بىزنىڭ مەقسىدىمىز بولسا، بىر مىللى تۈركىستان دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىشتۇر.

قارشى ئىنكاس بىلدۈرگەنلەر يالغۇز مىللى تۈركىستان ئىتتىپاق كومىتېتى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇكرائىنالىق مىللەتچىلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئا ب ن (ئانتى بولشېۋىك ناتسىيونس ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) تەشكىلاتىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر نارازىلىق باياناتىنى ئېلان قىلىدۇ. ئەمما ئامېرىكىلىقلار سوۋېتكە قارشى مىللەتلەرنىڭ بۇ تۈردىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلمەيلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ بۇ تۈردىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە پەقەتلە ئەھمىيەت بېرىشمەيدۇ. ئامېرىكىلىقلارغا نىسبەتەن رۇسىيىدىكى ئاساسلىق مەسىلە تۈزۈم مەسىلىسى بولۇپ، يوقۇتۇلۇشقا تىگىشلىك بولغان دۈشمەن بولشېۋىكلارلا بولىشى كېرەكمىش؛ ئامېرىكىلىقلارنىڭ نەزىرىدە، روسىيە بىلەن ئۇرۇسلارنىڭ چاڭگىلى

ئاستىدىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى بولشېۋىكلار ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ھەل قىلىشمۇ بولىدىغان مەسىلىلەر ھېساپلىناتتى. ئامېرىكا كومىتېتى، ئۇ ۋاقىتلاردا ئېلان قىلغان ئانالىزلىرىدا بۇ تۈر قاراشلىرىنى ئوچۇق ئىپادىلەشكەنىدى:

ئامېرىكا كومىتېتى بۈگۈنكى كۈندە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلىۋاتقان زېمىنلەردىكى دۆلەت شەكلى بىلەن مۇستەقىل دۆلەت تۈزۈلۈش مەسىلىلىرىنى ئەركىن سايلام ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىنى قولغا كەلتۈرگىنىدىن كېيىنلا ئاندىن بۇ زېمىنلارنىڭ پۇخرالىرى تەرىپىدىن ھەل قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ؛ شۇنداق بولغاچقا، ھەر قايسى گۇرۇپ ياكى بىر قىسىم مۇھاجىرلار تەكلىپ قىلىشقان ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەش مەيدانىدا تۇرۇشنى رەت قىلىدۇ.

## «تۈركلەر ئېلى كومىتېتى» نىڭ قۇرۇلۇشى

ئا ق ش دائىرىلىرى ئوتتۇرلۇقتىكى شۇنچە نارازىلىقلارغا قارىماي، مەسىلىلەرنى ئۆز خاھىشى بويىچە ھەل قىلىشتا چىڭ تۇرماقتا ئىدى. ئوتتۇرلۇقتا مەۋجۇت تەشكىلاتلار ئامېرىكا پىلانىغا قارشى تۇرىۋاتقان ئىكەن، ئۇنداقتا كرېنسكى يېتەكچىلىكىدە قۇرۇلغان بۇ تەشكىلاتقا قوشۇلىدىغان يېڭى تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ چىقىشتىن باشقا چارە يوق ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇرۇسلاردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ يېتەكچىلىرى ئارىسىدىكى ئۆكتىچى كىشىلىرى بىلەن مۇناسىۋەت تىكلىنىپ، ئۇلارغا ياردەم قىلىش كاپالىتى بىلەن ئايرىم تەشكىل قۇرۇشقا قىزىقتۇرۇلىدۇ.

ئا ق ش نىڭ بۇ تۈر تەشۋىقاتى نەتىجىسىدە، بارلىق مىللى تەشكىلاتلاردا كۆرۈلگىنىدەك م ت ب ك ئىچىدىمۇ بۆلۈنۈشلەر كېلىپ چىقىشقا باشلايدۇ. ئامېرىكا ياردىمىگە تايانغان قارەس قاناتباي رەئىسلىكىدىكى بىر گۇرۇپ سابىق م ت ب ك ئەزالىرى باشقا بىر تەشكىلات قۇرۇشقا كىرىشىدۇ. ئا. بەردىمۇرات، تاجىمۇرات ۋە ۋەلى زۇنۇن قاتارىدىكى بىر قىسىم كومىتېت ئەزالىرىمۇ بۇ گۇرۇپقا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. نەتىجىدە، 1951 ـ يىلىسى «تۈرك ئېلى كومىتېتى» نامىدا بىر تەشكىلات قۇرۇلىدۇ. بۇ يېڭى تەشكىلاتنىڭ قۇرغۇچىلىرى بۇ ھەرىكەتنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشىنى مۇنداق تونۇشتۇرىدۇ:

بۇ يەردە بىز شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىزكى، تۈركىستان مىللى ئازادلىق كومىتېتى — تۈرك ئېلى — تەشكىلاتىنىڭ بارلىقىقا كېلىشى، ئامېرىكان كومىتېتى

ۋاستىسىدا ۋە يۇرتداشلىرىمىزدىن بەكلا ئاز قىسمىنىڭ تەشەببۇسى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىققان.

بۇ گۇرۇپپىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئامېرىكان كومىتېتى بىلەن بىر قاتاردا زەكى ۋەلىدى توغانمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ۋەلىدى، تۈرك ئېلى قۇرغۇچىلىرىنىڭ 1950 ـ يىلى 18 ـ سىنتەبىر كۈنىسى گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە چاقىرغان تەييارلىق يىغىنىغا قاتنىشىپ ئۇلارنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. زەكى ۋەلىدى توغان، شۇ چۈغدا يازغان «تۈركىستانلىقلارنىڭ بىرلەشمە داۋالىرى» ماۋزۇلۇق بىر پارچە ماقالىسىدا تۈرك ئېلى بىلەن م ت ب ك ھەققىدىكى قاراشلىرى، شۇنىڭدەك شۇ قېتىمقى بۆلۈنۈشنىڭ ئەسلى سەۋەپلىرى ئۈستىدە توختالغىنىدا تۆۋەندىكىچە يىپ ئۇچلىرىنى بېرىپ ئۆتىدۇ:

بۈگۈنكى كۈندە بىرلا بۈيۈك تۈركىستان شەكلىدە بىرلىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغان شەرقى تۈرك قەۋملىرى ئوتتۇرىسىدا بىر تەرەپتە ئۆزبەكلەر، يەنە بىر تەرەپتە قازان تۈركىي قەۋملىرى (ئىدىل ـ ئۇرال تۈركى قەۋملىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ — ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى) ئۆزئارا قازاق ـ قىرغىز تەۋەلىرىنى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە تەۋە يەرلەر دەپ ئىككىگە ئايرىش ئارزۇسى ياتماقتا. ...

ئۆزى بىر قازاق بولغان مۇستاپا چوقاي ئوغلى ھايات بولسا ئىدى، روسىيە ـ گېرمانىيە ئۇرۇشى جەريانىدا تۈركىستانلىقلار بەك ئىناق ئىتتىپاقلىق ئىچىدە ياشىغان بولار ئىدى. ئەمما روسىيە مەھكۇمى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋىرى بولمىغان نېمىسلار ئەسىرگە چۈشكەن تۈركى ئۇرۇغلىرى (قەۋمى) ئوتتۇرىسىدا ئۆزبەكلەر بىلەن قازانلىقلارنى رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىرىش، يەنى قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىن بۇ ئىككىسىنى مەخسۇس تاللىۋېلىشتەك خاتا سىياسەت يۈرگۈزگەنىدى. شۇنداق قىلىپ بۇلار ئوتتۇرىسىدا رىقابەت پەيدا بولدى. ئۆزبەك رەھبەرلىكىگە رازى بولمىغان قازاقلار ياكى بولمىسا تاتار رەھبەرلىكىنى خالىمىغان باشقىرتلار قارشى تەرەپتىكىلەر تەرىپىدىن بولشېۋىك دېيىلىشى نەتىجىسىدە، ھىتلىر ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارنىڭ پېيىغا چۈشۈۋېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. ...

بۈگۈنكى كۈندە ميۇنخېندىكى قازاق، قىرغىز، ئۆزبەك ۋە تۈركمەن شۇبىلىرىدە تۈرك ئېلى مەجمۇئەسىنى چىقىرىۋاتقان قارەس قاناتبايغا قارشى مىللى تۈركىستان جورنىلىنى چىقىرىۋاتقان ۋەلى قېيۇم، قارشى تەرەپنى "ئاقلار" دەپ

قارىلاپ ماقالىلار ئېلان قىلماقتىكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسلىدە كونا ئاداۋەتلىرىنىڭ داۋامىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

شۇنداق قىلىپ، زەكى ۋەلىدى توغان «تۈرك ئېلى كومىتېتى» ۋاستىسى ئارقىلىق قايتىدىن سىياسى سەھنىدە كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. بۇ قېتىم ئۇنىڭ توقۇنۇش سەھنىسى گېرمانىيە بولۇپ، دوچ كەلگەن سىياسىي رەقىبى م ت ب ك بىلەن ئۇنىڭ رەئىسى بولغان ۋەلى قېيۇمخان ئىدى. ھەرقانداق بىر سەۋەپ كۆرسىتىلىشىدىن قەتئىي نەزەر، تۈرك ئېلى تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە، 1920ـ يىللاردىن بېرى ياۋرۇپادا قانات يايدۇرۇلغان تۈركىستان مىللى ھەرىكىتى تۇنجى قېتىم ئېغىر بۆلۈنۈش ھالىتىگە دوچ كەلمەكتە ئىدى.

قاناتباي يېتەكچىلىكىدىكى بۇ گۇرۇپ 1951ـ يىلىنىڭ سىنتەبىر ئېيىدىن باشلاپ "تۈركىستان ئازاتلىق كومىتېتى" نامى بىلەن قۇرۇلۇپ، «تۈرك ئېلى» دېگەن بىر نەشرىيات ئەپكارىنىمۇ چىقىرىشقا كىرىشىدۇ. ئىككى فورمات چوڭلۇقىدىكى بۇ جورنال، تۈركچە ۋە ئۇرۇسچە ئىككى خىل تىلدا بېسىلماقتا ئىدى. بۇ جورنالدا، تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە ئىشلىتىلىدىغان بارلىق تۈركى شىۋىلەردە ماقالىلار ئېلان قىلىنىشىغا ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىلگەن ئىدى. جورنالدا، سىياسى ۋە ئىلمى خاراكتېردىكى ماقالىلارغا قوشۇمچە قىلىنىپ يەنە بىر ئەدەبى بۆلۈم بىلەن خەۋەر بۆلۈمىمۇ بار ئىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن تۈرك ئېلى كومىتېتىنىڭ كرېنسكى رەئىسلىكىدىكى ئۇرۇس مۇھاجىر تەشكىلاتلىرى بىلەن بىرلىكتە پائالىيەت قىلىش ھەققىدىكى تىرىشچانلىقلىرى، م ت ب ك باشچىلىقىدىكى تۈركىستان سېپى تەرىپىدىن قاتتىق تەنقىتلەنمەكتە ئىدى. تەنقىتتە ئۇلارغا خائىنلىق ۋە بۆلگۈنچىلىك قىلدى دېگەن گۇنا ئارتىلغان ئىدى. بۇ تەنقىتلەرگە قارىتا تۈرك ئېلى كومىتېتى ئۆزىنى مۇنۇ گەپلەر بىلەن ئاقلىماقتا ئىدى:

بۆگۈنكى كۈندە، بارلىق مۇھاجىرلار ئارىسىدىكى دېموكراتىك كۈچلەر بولشېۋىكچىلىككە قارشى كۈرەشتە بىر مەركەزگە يىغىلىشى، سىياسى مۇھاجىرلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى ھېساپلىنىدۇ. ... تۈركىستاندا بولشېۋىكلار ھۆكۈمرانلىقى بولمىغان مۇستەقىل بىر مىللى ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن چاقىرىق چىقارغان تۈرك ئېلى كومىتېتى، ئامېرىكان كومىتېتى رەئىسى دون لېۋىننىڭ سىياسى مۇھاجىرلار ئىچىدىكى بارلىق دېموكراتىك كۈچلەرنى بىر نوقتىغا يىغىش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقىنى قوللاپ قۇۋەتلەيدۇ. ...

شۇنىڭدەك يەنە، شتۇتگارت شەھرىدە چاقىرىلغان قۇرۇلتايدا بىرلىككە كەلگەن 5 ئۇرۇس تەشكىلاتىنىڭ مىللى مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك قارارلىرىنى تۈركىستان كومىتېتى تولۇق قوبۇل قىلىپ كېتەلمەيدىغان بولسىمۇ، بولشېۋىكچىلىككە قارشى بىرلەشكەن كۈچ تەشكىل قىلغانلىقى ئۈچۈن تۈرك ئېلى كومىتېتى ئۇلارنى قوللايدۇ.

كېرېنسكى رەھبەرلىكىدە قۇرۇلغان روسىيە مىللەتلىرىنى ئازات قىلىش شۇراسى، تۈنجى قېتىملىق ئومۇمي يىغىنىنى 1951 ـ يىلىنىڭ 3~7 ـ نويابىر كۈنلىرى ۋىيېسبادېندە چاقىرىدۇ. بۇ يىغىندا بەشى ئۇرۇس، جەمئىي 11 بولشېۋىكچىلىككە قارشى مۇھاجىر گۇرۇپپىلىرى بار ئىدى. بۇ يىغىنغا تۈركىستانغا ۋاكالىتەن تۈرك ئېلى ــ ئازاتلىق كومىتېتىنىڭ رەئىسى قارەس قاناتباي بىلەن دۆلەت تاغىبەرلى قاتناشقانىدى. يىغىن جەريانىدا ئۇرۇس گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئۆز كۆزقاراشلىرىنى ئۇرۇس بولمىغان مۇھاجىر گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ تۈردىكى كۈچلۈك بېسىملىرى دېموكراتىك تەشكىلاتلار بىلەن بىرلىكتە پائالىيەت قىلىشقا رازى ئىكەنلىكىنى ھەر نوقتىدا ئىپادىلەپ كېلىۋاتقان تۈرك ئېلى ۋەكىللىرىنىمۇ قاتتىق رەنجىتكەنىدى:

ۋىيېسبادېن قۇرۇلتىيىدا ئۇرۇس تەشكىلاتلىرى (ن ت س، ناتسيونالنى ترودوۋوي، سويۇز، مېلگۇنوۋ بىلەن كېرېنسكى گۇرۇپپىسىدىكىلەر) ئۆز پىرىنسىپلىرىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن چارىلارنى ئىشقا سالغانىدى. ... تۈرك ئېلى كومىتېتى ھېچقاچان باشقا بىرسىنىڭ ياكى باشقا بىرەر تەشكىلاتنىڭ قويرۇقى بولۇشنى خالىمايدۇ ھەمدە خالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ... تۈرك ئېلى كومىتېتى ھېچ بىر ۋاقىت كېرېنسكى ئەپەندىنىڭ، مېلگۇنوۋنىڭ ياكى بولمىسا سولدارتېپچى ن ت س ئەپەندىلىرىنىڭ يول كۆرسىتىشى ئاستىدا ھەرىكەت قىلىشنى خالىماي كەلمەكتە. ... بىز بولشېۋىكچىلىككە قارشى ئىتتىپاقداشلىق تەشكىل قىلىش قارىشىنى قوللاش بىلەن بىرگە، روسىيە نامىنى بىزگىمۇ تېڭىشقا ئۇرۇنغان ئۇرۇس جاھانگىرلىكىنى قوبۇل قىلالمايمىز. ... تۈركىستان، ھېچقاچان روسىيىنىڭ بىر پارچىسى بولمايدۇ، ھېچقاچان بولۇپ باققان ئەمەس. ... بىزنىڭ كومىتېتىمىز كەلگۈسىدە قۇرۇلىدىغان ئورتاق ھەمكارلىق مەركەزىگە قاتنىششقا تەييار بولسىمۇ، ئەمما بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا ئۇرۇسلارنىڭ ئارىلىشىۋالماسلىقىنى تەلەپ قىلىمىز.

قۇرۇلتاي داۋام قىلىۋاتقان كۈنلەردە، كېرېنسكىنىڭ ھەمكارلىق مەركىزىگە قاتناشمىغان، ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرىنى مۇۋاپىق

كۆرمىگەن باشقا گۇرۇپپىلار بىرلىكتە بىر پارچە بايانات ئېلان قىلىپ، ئامېرىكان رەھبەرلىكى بىلەن كرېنسكىگە بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلەشتى. خېلى كۆپ مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىرلىشىپ قول قويغان بۇ نارازىلىق باياناتىغا م ت ب ك نامىدا ۋەلى قېيۇمخان، ئەزەربەيجان مىللى تەشكىلاتلىرى نامىدا بولسا مەھەممەت ئىمىن روسۇلزادە قول قويغانىدى.

# م ت ب ك بىلەن تۈرك ئېلىنىڭ ئايرىمى

بۇ تۈردىكى مۇنازىرىلەر داۋام قىلىۋاتقان بىر ۋاقىتلاردا، تۈرك ئېلى كومىتېتى 1952-يىلىنىڭ 29~30-ئاۋغۇست كۈنلىرى مىيۇنخېن شەھىرىدە "تۈركىستان مۇھاجىرلىرى بىرىنچى قۇرۇلتىيى" دېگەن نامدا بىر يىغىن چاقىردۇ. 70 تەك تۈركىستانلىق قاتناشقان بۇ يىغىندا تۈركىستان مىللى ئازاتلىق كومىتېتى — تۈرك ئېلىنىڭ نىزامنامىسى قوبۇل قىلىنىپ، كەلگۈسى ۋەزىپىلىرى توغرىلىق بىر مۇنچە قارارلار قوبۇل قىلىندۇ ۋە رەھبەرلىك ھەيئەتلىرى سايلىنىدۇ.

نىزامنامىنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا كومىتېتنىڭ نامى "تۈركىستان مىللى ئازاتلىق كومىتېتى — تۈرك ئېلى" دەپ ئاتىلىدىغانلىقى، بۇ تەشكىلاتنىڭ مەقسىدى تۈركىستاننى بولشېۋىك-كومۇنىستلار زۇلۇمىدىن ئازات قىلىش، تۈركىستاندا مىللى ئىتتىپاقلىق ئاساسىدا مۇستەقىل بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقىش دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇنىڭدەك يەنە بۇ تەشكىلات تۈركىستاندا ياشايدىغان ھەر قەۋمدىن 3 نەپەردىن ۋەكىل قاتناشتۇرۇلغان بىر كومىتېت تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغانلىقىمۇ بەلگىلەنگەن. بۇ كومىتېت بىر نەپەر رەئىس ۋە 6 نەپەر بۆلۈم باشلىقى تەيىنلەپ ۋەزىپىگە تەيىنلەيدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. سايلام نەتىجىسىدە رەئىسلىككە قارىس قانات باي، مۇئاۋىنلىققا ئو. ئەخمەتجان، بۆلۈم باشلىقلىرىغا بولسا ئا. كو (سىياسى ئىشلار مەسئۇلى)، ك. قوشوي (مەتبۇئاتچىلىق ئىشلىرى مەسئۇلى)، ئاقبەرگەن (ھەربى ئىشلار مەسئۇلى)، م. ئەركىن (مالىيە ئىشلىرى مەسئۇلى) ۋە دوكتور ئا. كەسكىن (ئىلمى ئىشلار مەسئۇلى) قاتارلىق كىشىلەر تەيىنلىنىدۇ. قۇرۇلتاي جەريانىدا تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ تۈرك ئېلى كومىتېتى ئەتراپىدا ئىتتىپاقلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، بولشېۋىكچىلىككە قارشى كۈرەشنى دېموكراتىك كۈچلەر بىلەن بىرلىكتە قانات يايدۇرۇش، ئۇرۇشتىن كېيىن گېرمانىيىدە تۇرۇپ قالالىغان تۈركىستانلىقلار ئارىسىدا تەشكىللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە بىر مەزگىل لاتىن ۋە ئىسلاۋيان ھەرپلىرى بىلەن چىقىرىلىۋاتقان «تۈرك ئېلى» جورنىلىنى ئەرەپ ھەرپلىرى بىلەنمۇ چىقىرىش قاتارىدىكى قارارلار قوبۇل قىلىنغان ئىدى. قۇرۇلتاي جەريانىدا سۆزلەنگەن نۇتۇقلاردا تاشقى دۇنيادىكى سىياسى كۈرەشلەرنىڭ ئاساسى

سىمۋۇلى قىلىپ مۇستاپا چوقاي ئوغلى تەرىپلەپ كۆرسىتىلگەندى. كومىتېت ئەزاسى دوكتور كەسكىننىڭ نۇتۇقىدىكى بەزى نوقتىلار بۇنى ئېنىق كۆرسەتمەكتە ئىدى:

تۈركىستاننىڭ تەغدىرى مەيلى قېيۇمخان ياكى قانات باي بولسۇن ھېچ بىرسىنىڭ قولىدا ئەمەس. تۈركىستان تەغدىرىنى بەلگىلەيدىغان كىشلەر بۇ قۇرۇلتايىدا ئولتۇرغانلاردۇر. ئەگەر بىز بۈگۈن تۈركىستاننىڭ سىياسى داھىسىنى تىلغا ئالماقچى بولىدىكەنمىز، ئۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت بىرلا تۈركىستانلىقنى داھىمىز قاتارىدا خاتىرلىشىمىز مۇمكىن: ئۇ كىشى — مەرھۇم مۇستاپا چوقاي ئوغلىدىن باشقا بىرسى ئەمەس. بىزنىڭ تۇتقان يولىمىز چوقاي يولىدۇر. ئۇ يول — بۆلۈنمەس، پارچىلانماس بىرلا تۈركىستان قۇرۇش يولىدۇر. ئەگەر بۇ يولدا مېڭىشنى خالىمايدىغان بىرسى ئارىمىزدا بار بولسا، ۋەتەن ـ خەلق نامىدا ئۇنداق ئادەمنى ئارىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىشىمىز كېرەك. تۈرك ئېلى كومىتېتى چوقاي بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن مىللى يولدا مېڭىۋاتقان، تۈركىستاننى جاھانگىرلاردىن قۇتقۇزۇشنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىنى قانات يايدۇرىدىغان بىر كومىتېتتۇر. شۇڭا بۇ كومىتېتنى چوقاي كومىتېتى دەپ ئاتايمىز. شۇنداق بولغاچقا، چوقاينىڭ كونا دۈشمەنلىرى بىزگە قارشى ھەر تۈرلۈك قارىلاش تەشۋىقاتلىرى بىلەن شوغۇللىنىپ كەلمەكتە. بىز ئۇنداقلارنى ئارىمىزدىن تازىلاپ چىقاردۇق.

شۇنداق قىلىپ، قېيۇمخان باشچىلىقىدىكى ۋە م ت ب ك نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرك ئېلى كومىتېتىغا قارشى ھەرىكەت قىلىدىغان باشقا گۇرۇھتىكى كىشلەر بۇزغۇنچىلىق سالغۇچىلار دەپ قارالدى.

قۇرۇلتايدىن كېيىن قارەس قاناتباي تۈركىيىگە بېرىپ ئۇ يەردىكى تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار بىلەن ئۇچرۇشىدۇ. تۈركىيىدىكى تۈركىستانلىق زىيالىلار ئىچىدىن تۈرك ئېلى كومىتېتىغا ئەڭ مۇھىم ياردەم زەكى ۋەلىدى توغان بىلەن ئۇنىڭ يېقىنلىرىدىن كېلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە تاھىر چاغاتاي باشچىلىقىدىكى سابىق م ت ب ئەزالىرى گېرمانىيىدە پائالىيەت قىلىۋاتقان ھەر ئىككىلا كومىتېتقا قارشى چىقماقتا ئىدى. شۇ سەۋەپتىن ئۇلار تۈرك ئېلى كومىتېتىنى ھىمايە قىلىش دەيدىغان بىر خىيالمۇ يوق ئىدى. بۇ ۋاقىتتا تۈرك ئېلى كومىتېتى بىلەن ۋەلى قېيۇمخان ئوتتۇرسىدىكى كۈرەش شىددەت بىلەن دەۋام قىلىدۇ. تۈرك ئېلى رەھبەرلىكى ۋەلى قېيۇمخاننى تۈركىستان مەسىلىلىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇش، ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلاردىن باشقا ئوتتۇرىغا چىققان ئىدىيىۋى ھەرىكەتلەرنى بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى دەپ باھالىماقتا دەپ قارىلىنىدۇ. تۈرك ئېلىچىلارنىڭ قارىشى بويىچە ئۇرۇش جەريانىدا قانات يايدۇرۇلغان

كۈرەشلەر ئەسلىدە تۈركىستان ئۈچۈن قانات يايدۇرۇلغان كۈرەش ھېساپلانمايدىكەن. چۈنكى، مۇستەقىللىقنى ئاساس قىلمىغان بىر كۈرەشكە ھىتلېرنىڭ پەسكەش ئىرق دەيدىغان سىياستى ھەرگىز يول قويمايتتى. م ت ب ك تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان بىردىن-بىر رەھبەر پىرىنسىپى دېموكراتىك دۇنيا شارائىتى ئاستىدا توغرا يول تۇتقانلىق ھېساپلانمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسەتكەن تۈرك ئېلى گۇرۇھىدىكىلەر، بۇنداق بىر پىرىنسىپنىڭ تۈركىستان مەسىلىسىنى تۈيۈق يولغا باشلاپ كېتىدۇ دەپ ھېساپلىشاتتى.

بۇ ئىككى تەشكىلات ئارىسىدىكى بۇ تۈر سۈركىلىشلەر تەبىئى ھالدا سىرتتىكى تۈركىستانلىقلارغىمۇ تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان بولۇپ، سەپ ئىچىدە بىر قاتار بۆلۈنۈشلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولماقتا ئىدى. يەنى سەئۇدى ئەرەبىستان، ھىندىستان ۋە پاكىستان قاتارىدىكى ئەللەردە ياشايدىغان بىر قىسىم تۈركىستانلىقلارنىڭ كىرىنسكى كومىتىتىگە، ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقان تۈرك ئېلى كومىتىتىغا «مىللى تۈركىستان» جورنىلىدا ئېلان قىلغان قارشى تۇرۇش نارازىلىق باياناتلىرى، بۇ تۈردىكى بۆلۈنۈشلەرنىڭ ئېنىق ئىشارەتلىرى دېيىشكە بولىدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئەمما تېخىمۇ كۈچلۈك كۈرەشلەر كاپكازىيىلىك گۇرۇپپىلار ئىچىدىمۇ روي بەرمەكتە ئىدى. ئەلىخان قانتېمۇرنىڭ «كاپكازىيە» جورنىلىدا، كىرىنسكى گۇروھى بىلەن بىرلىكتە پائالىيەت قىلغانلار، كېۋسلىڭلار (كېۋسلىك — ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا ۋەتىنىنى ئىشغال قىلىۋالغان نېمىس ئارمىيىسى بىلەن ھەمكارلىق ئورناتقان نورۋىگىيە باش مىنىستىرىنىڭ ئىسمى. شۇندىن كېيىن، كېۋسلىڭ دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئىشالىيەتچى كۈچلەر بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىدىغان سىياسەتچىلەرگە بېرىلىدىغان ئۇمۇمى سىياسى لەقەمگە ئايلىنىپ قالدى. — ئۇيغۇرچە كىتاپلاردا ۋەتەن خائىنلىقنى ئىپادىلەيدىغان بۇ ئىسىم "كىسلىڭ" دەپ ئاتىلىپ كېلىنگەنلىكى مەلۇم — ئۇ.ت — ئا.ھ. ئىزاھاتى) دەپ ئاتىلىپ، ئۇلارغا قارشى كەسكىن ھۇجۇم قىلىنماقتا ئىدى:

دۆنەك (مەيدانى يوق، تۇراقسىز — ئۇ.ت) «سۋوبودنىي كاۋكاز» بىلەن «ئەزەربەيجان» جورناللىرى ئاساسىدا بىرلەشكەن كاپكازىيە كېۋسلىڭلىرى ھامىيلىرىغا — كىرىنسكىلەرگە، مەلگۇنوۋلارغا، نىكولايېۋسكىلارغا ۋە باشقىلىرىغا — پۈتۈن ئىشلاردا غالچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنماقتا. بۇلار بىلەن ھەمكارلىق ئورناتقان، شىمالى كاپكازىيىلىكلىكنى ئۇرۇس بۇگدانوۋ نامى بىلەن نىقاپلىۋالغان بىر قورقۇنچاقمۇ، نيۇ-يوركتا چىقىدىغان «نوۋويې رۇسكويې سلوۋو» گېزىتىنىڭ سەھىپىلىرىدە ئۇرۇسلارغا يالاقچىلىق قىلىپ يۈرمەكتە.

بۇ ئەپەندىلەرنىڭ ھەممىسى غوجايىنلىرىنىڭ ئارزۇسىغا ماسلىشىپ، كاپىكازىيىلىكلەرنى ئۇرۇسلار تەرىپىگە ئۆتۈشكە ماقۇل كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشماقتا. بۇنداقلار بۇ تۈردىكى ئۇرۇنۇشلىرىدا ئالدى بىلەن مازىمىزنى (ئۆتمۈشىمىزنى — ئۇ.ت) ۋە غەيرى ئۇرۇس مىللەتلىرىنىڭ زۇلۇم ئاستىدا ياشاۋاتقانلىرىنى، بۈگۈنكى كۈندىكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى بۇرمىلاپ كۆرستىشتەك ھەر تۈرلۈك يىرگىنىشلىك چارىلارنى ئىشقا سېلىشتىنمۇ باش تارتماي كەلمەكتە. بۇ تۈردىكىلەرنىڭ رۇسىيە جاھانگىرلىكىگە قارشى پوزىتسىيىلىرى بەكلا بىر تەرەپلىمە بولۇپ كەلمەكتە. روسىيىنىڭ ئىمپىرىيىسىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنغان ئەپەندىلەرنىڭ نەزەرىيىلىرىنى بىۋاستە ھەم تولۇق تەكرارلاشتا چىڭ تۇرۇشماقتا.

## بولشېۋىكلارغا قارشى ھەمكارلىق مەركىزى

سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ مىللى ھېسسىياتلىرىغا بەك ئېتىۋار قىلىپ كەتمەيدىغان ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دائىرىلىرى، تۇنجى تەشكىللەشنى باشلاتقان ۋاقتىدا "روسىيە مىللەتلىرىنى ئازات قىلىش ئامېرىكان كومىتېتى" دېگەن نامنى ئىشلەتكەن ئىدى. يەنى بىر مەنىدە ئامېرىكىلىقلار رۇسىيىگە قۇل قىلىنغان بارلىق مىللەتلەرنى روسىيە مىللەتلىرى دەپ قوبۇل قىلغان ھېساپلىناتتى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى روسىيە بىلەن "تەڭ كۆچلۈك" مەنىدە كۆرۈش، سوۋېت تەۋەسىدىكى ئوخشىمىغان مىللەتلەرنى "روسىيە خەلقى" دەپ قوبۇل قىلىش، پەقەتلا ئامېرىكىلىقلارلا سادىر قىلالايدىغان خاتالىقلاردىن بىرى ھېساپلىناتتى. بۇ مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپلىرىنىمۇ كۆزدە تۇتمايدىغان ئا ق ش ھۆكۈمىتى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن بۇ تۈردىكى تەلەپلەرنى قايتىدىن ئويلىشىدىغانلىقىنى، ۋاقتى كەلگەندە خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرى ھەققىدىكى قارارىنى ئۆزلىرى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بىر مەنىدە مۇجمەل، ئۆزگىرىشچان سىياسەتنى ئوتتۇرغا قويۇشقانىدى. بۇ كومىتېت قۇرۇلۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوتتۇرغا چىققان تەنقىتلەر بىلەن نارازىلىقلار، ئا ق ش دائىرىلىرىنى بۇ مەسىلىنى قايتىدىن مۇھاكىمە قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. مۇھاكىمە ئارقىلىق ئوتتۇرغا قويۇلغان ھەل قىلىش چارىسى، چارروسىيە دەۋرىنى ئەسلىتىدىغان روسىيە مىللەتلىرى ئۇقۇمىنىڭ ئورنىغا بولشېۋىكچىلىك ئاتالغۇسىنىڭ دەسسىتىلىشى، مىللى مۇستەقىللىق كۆرىشىنى ئىدىيولوگىيىلىك ئاساس ئۈستىگە تىكلەپ كۆرستىشتىن باشقا نەرسە

ئەمەس ئىدى. يەنى، بولشۋىزىمگە قارشى ئىدىيىنى بىر قالپاق قىلىپ پايدىلىنىشنى مەقسەت قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئامېرىكا كومىتېتىنىڭ نامىمۇ "بولشېۋىكچىلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئامېرىكان كومىتېتى" دەپ ئۆزگەرتىلدى.

1952-يىلى ئۆكتەبىرنىڭ 16-كۈنىسى ئۇرۇس پارتىيىلىرىنىڭ دەسلەپكى يىغىنىنى ۋېيسبادېندا چاقىرغانلىقى سەۋەبىدىن ۋېسبادېنچىلار دەپ قارالغان 5 ئۇرۇس ۋە غەيرى ئۇرۇس گۇرۇپپىسى يىغىلىپ بىر قېتىملىق يىغىن چاقىرىشىدۇ. ئۇكرائىنا بىلەن بېلروسىيەلىك گۇرۇپپىلار بۇ يىغىنغا قاتناشمايدىغانلىقلىرىنى ئۇقتۇرغان ئىدى. يىغىندىن كېيىن قايتىدىن بىر كېلىشىم ئىمزالىنىپ، "بولشېۋىكلارغا قارشى ھەمكارلىق مەركىزى" قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندۇ. ھەمكارلىق مەركىزىنىڭ پائالىيەتلىرىنى باشقۇرۇش مەقسىتىدە پروفېسسور مېلگۇنوۋ رەئىسلىكىدىكى 10 كىشىلىك بىر مەركىزى بىيرو تەشكىل قىلىنىدۇ (بۇ مەركىزى بىيرو تۆۋەندىكى كىشىلەردىن تەشكىل تاپىدۇ: سېرگېي پېترووۋىچ مېلگۇنوۋ، ۋاسىلى فيودوروۋىچ بۇتېنكوۋ، ئىۋان ئالېكسېيىۋىچ كۇرگانوۋ، گيورگى ئىلئىچ ئانتونوۋ، نوي كونىستانتىنوۋىچ سىسادژ ــ گروزىيە مىللى شۇراسىدىن، جەيھۇن ھاجىبەيلى ــ ئەزەربەيجان مىللى ئىتتىپاق كومىتېتىدىن، ئېلبېرت ئىسمايىلوۋىچ خۇداروۋ ــ شىمالى كاپكازىيە مىللى ئىتتىپاقىدىن، گرىگورى ساخارۇنى ــ ئەرمەنىيە ئىتتىپاقىدىن ۋە قارەس قاناتباي ــ تۈرك ئېلى كومىتېتىدىن. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

بۇنىڭدىن باشقا 20 نەپەر ئۇرۇس، 20 نەپەر غەيرى ئۇرۇس ۋە 20 نەپەر ئالىم بولۇپ جەمئى 60 كىشىلىك بىر ھەمكارلىق شۇراسىمۇ تەشكىل قىلىنىدىغان بولىدۇ. ئەمما روسىيە خەلقلىرى كومىتېتىنىڭ رەت قىلىنىشىغا سەۋەپچى بولغان مەسىلىلەر ئۆز پېتىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە ئىدى. سوۋېت تەۋەسىدىكى مىللەتلەرنىڭ تەغدىرى مەسىلىسى كەلگۈسىدە قۇرۇلىدىغان خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەل قىلىشىغا قالدۇرۇلغانىدى. يەنە بىر ئىش، بولشېۋىكلار تۈزۈمى ئاغدۇرۇلۇش جەريانىدا كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان قالايماقان ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ ھېچقانداق بىر مىللەت مۇستەقىللىق ئېلان قىلالمايدۇ دەپ بەلگىلەنگەنىدى. مۇستەقىللىق ئېلان قىلىش ھوقۇقى پەقەتلا بالتىق ئەللىرى ئۈچۈنلا تونۇلىدۇ دەپ بېكىتىلگەنىدى.

مىللەتلەر مەسىلىسى ئۈستىدىكى بۇ تۈر مۇجمەللىكلەر يېڭىدىن قۇرۇلغان بۇ ھەمكارلىق كومىتېتىنىمۇ قاتتىق تەنقىت ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇ ئورگاننىڭ سىرتىدا قالغان مىللى تەشكىلاتلار بۇ يېڭى تەشكىلاتنىڭ روسىيە پوتېنلىكىنى قوغداپ قالىدىغان بىر ئورگانغا ئايلانغانلىقىنى، ئىنقىلاپ دەۋرلىرىدە قۇرۇلغان مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ ھەقلىرىنى تارتىپ ئېلىشقانلىقىنى، ئۇروسلاردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقىنىڭ ئومۇمى روسىيە قۇرغۇچىلار قۇرۇلتىيى بىلەن

يەرلىك قۇرغۇچىلار قۇرۇلتاي قارارلىرىغا قالدۇرۇلغانلىقىنىڭ قوبۇل قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىشىپ، بۇ ھەقتە كۈچلۈك نارازىلىق پائالىيەتلىرىنى باشلىۋېتىدۇ.

بولشېۋىكلارغا قارشى مەركەز پائالىيەتلىرى ئۇرۇس مىللەتلىرىنى ئازات قىلىش ئامېرىكان كومىتېتىغا ئوخشاشلا ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي يار لىۋىگە كېلىپ توختاپ قالىدۇ. ئىككى يىلدىن بىرى داۋام قىلىپ كەلگەن زىدىيەتلەر ئامېرىكان كومىتېتىنىڭ ئۈمىدلىرىنى يوققا چىقارغان بولۇپ، ھەرقايسى گۇرۇپپىلارغا بېرىلىدىغان ياردەملەرمۇ ئازىيىشقا باشلايدۇ. ئامېرىكا ياردىمىنىڭ كامىيىشىغا ئەگىشىپ، بۇ ياردەملەرگە تايىنىپ قۇرۇلغان تەشكىلاتلاردا كەينى كەينىدىن يېڭى مەسىلىلەر كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. دېگەندەك، 1952ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە تۈرك ئېلى كومىتېتىنىڭ ئەسلىدىلا سانى ئاز بولغان خادىملىرى ئارىسىدىمۇ زىدىيەت ۋە شەخسى سۈركۈلۈشلەر باش كۆتۈرۈشكە باشلايدۇ. يىل ئاخىرىغا كەلگىنىدە قارەس قاناتباي رەئىسلىكتىن ۋە ھەيئەتلىكتىن ئىستىپا بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا دۆلەت تاغىبەرلى سايلىنىدۇ. ئەمما ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇمۇ ئۇرنىنى ك. قۇدايبەرگەنگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. 1953ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئا ق ش دائىرىلىرى بولشېۋىكچىلىككە قارشى كۈرەش سىياسىتىدە زور ئۆزگىرىش ياساش قارارىغا كېلىدۇ. بۇ تۈر سىياسى ئۆزگەرتىلىش، قالغان ۋېيسبادېنچىلار كومىتېتلىرىگە ئوخشاش، تۈرك ئېلى كومىتېتىنىڭمۇ تارقىلىپ كېتىش ئاقىۋىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## ئامېرىكان كومىتېتىنىڭ ئاقىۋىتى ۋە يېڭى ئىزدىنىشلەر

سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئورگانلىرىنىڭ ئىچكى پائالىيەتچانلىقى بىلەن ئۇرۇسلارغا قۇل قىلىنغان مىللەتلەرنىڭ سوتسىيال سىياسى تۈزۈلۈشلىرى تولۇق كۆزدە تۇتۇلماي ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولشېۋىكچىلىككە قارشى ھەمكارلىق مەركىزى دەيدىغان بۇ لاھىيە، ئاخىرىدا ئوڭۇشسىزلىق بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. بۇ مەركەز ئوخشمايدىغان ھەر تۈردىكى مىللەتلەرنى بىر يەرگە يىغىپ پائالىيەت قىلىشنى مەقسەت قىلغان بىر مەركەز بولغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان ساھەلەر بويىچە كۈتكەن ئۈمىدلىرىنى، يەتمەكچى بولغان نىشانلىرىغا ماس كەلمىگەن ھەر تۈردىكى گۇرۇپپىلارنى بىر سەپتە تۇتۇش، ئۇلارنى پائالىيەتكە يېتەكلەش بەكلا مۇشكۇل ئىدى. دېگەندەك، بۇ ئورگان قۇرۇلغان دەسلەپكى يىلىسىدىلا ھەمكارلىق مەركىزىنىڭ ئىچىدە بۆلۈنۈشلەر كۆرۈلۈشكە باشلىغان ئىدى. بۇ جەرياندا ئامېرىكان لايىھىسىگە قارشى چىققان سابىق پرومېتېچى گۇرۇپپىلار يەنە شۇ ميونخېندا يىغىلىپ "پارىژ بلوكى" نامىدا بىر

سىياسى تەشكىلات قۇرۇشقا تۇتۇش قىلىدۇ (پارتىژ بلۇكى 1953 ـ يىلىسى ميونخېندا ئۇكرائىنا، ئەزەربەيجان، تۈركىستان، قىرىم، شىمالى كاپكازىيە، ئىدىل ـ ئۇرال، ئەرمەنىيە، بلوروسىيە، گروزىيە ۋە ئۇرۇس كازاكلىرى مىللى تەشكىلاتلىرىنىڭ قاتنىشىشى نەتىجىسىدە قۇرۇلغانىدى. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). خۇددى پرومېتې ھەركىتىدە بولغىنىدەك، بۇ بلۇكتىمۇ ئۇكرائىنالىق مىللەتچىلەر يېتەكچى ئورۇندا ئىدى. گروزىيىلىكلەر، ئەزەربەيجان مىللى ھەرىكىتى، شىمالى كاپكازىيىلىكلەر، ئىدىل ـ ئۇرال مىللى مەركىزى، قىرىم مىللى مەركىزى، تاھىر چاغاتاي باشچىلىقىدىكى تۈركىستان مىللى ئىتتىپاق ھەرىكىتى قاتارىدىكىلەر بۇ سەپنىڭ قالغان ھەيئەتلىرىنى تەشكىل قىلماقتا ئىدى. پارىژ بلۇكى يېڭى قۇرۇلغان ۋاقىتلاردا ئا ق ش تەرىپىدىن قىسمەنلىكتە بولسىمۇ ھىمايىسىگە ئېرىشەلىگەنىدەك كۆرۈنسىمۇ، بولشېۋىكچىلىككە قارشى ھەمكارلىق مەركىزى دائىرىسى ئىچىدىكى ئۇرۇس گۇرۇپپىلىرىغا قارشى تەرەپتە تۇرۇپ پائالىيەت قىلىشى سەۋەبىدىن، بۇنداق ياردەممۇ بەكلا چەكلىك ھالەتتە قالىدۇ.

1953 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگىنىدە، ئا ق ش دائىرىلىرى بولشېۋىكچىلىككە قارشى ھەمكارلىق مەركىزى جەھەتتىكى ئوڭۇشسىزلىقلىرىنى رەسمى تۈردە ئېتىراپ قىلىشىپ، بۇ لايىھە ئۈچۈن ئىقتىسادى جەھەتتىكى ياردىمىنى توختىتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ:

ئىنتايىن مۇھىم بىر دەۋر ئىچىدە ئامېرىكان كومىتىتىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەشەببۇسلىرى ئىزچىل تۈردە مەغلۇبىيەتكە دۇچ كېلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئامېرىكان كومىتىتى يېقىن كەلگۈسىدە بىرلا مۇھاجىر سېپىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن ئۈمىد يوقلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتىن باشقا ئامال يوقلىقىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ... بۈگۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا دېموكراتىك كۈچلەرنىڭ ھەمكارلىقىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىش مەقسىدىدە ئامېرىكان كومىتىتى تەرىپىدىن بېرىلگەن ياردەملەر 1953 ـ يىلى 31 ـ ئاۋغۇستتىن باشلاپ پۈتۈنلەي توختىتىلدى.

بۇ قارار بىلەن تەڭ، ميونخېن شەھىرىدە ھەمكارلىق مەركىزى ئۈچۈن ئايرىلغان بىنانىڭ بىكار قىلىنىشى تەلەپ قىلىنىدى. شۇنداق قىلىپ، پۈتۈنلەي ئامېرىكا ياردىمى ئاساسىغا قۇرۇلغان تۈرك ئېلى كومىتىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق سوۋېت مىللى مەركەزلەرنىڭ ھەممىسى دېگىدەك پائالىيەتلىرىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بولشېۋىكچىلىككە قارشى كۈرەشنى مۇھاجىردىكى گۇرۇپپىلار ۋاستىسىغا تايىنىپ قانات يايدۇرۇش جەھەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ئامېرىكا دائىرىلىرى، قايتىدىن بىر سىياسەت بەلگىلەش يولىنى ئاختۇرۇشقا كىرىشىدۇ. بۇنىدىن كېيىن كۈرەشنى بىۋاستە ئا ق ش دائىرىلىرى باشقۇرىدىغان قىلىپ تەشكىللىنىدىغان

تەشكىلاتلار ۋاستىسى ئارقىلىق قانات يايدۇرۇشنى پىلانلىشىدۇ. بۇنداق بىر ئۆزگىرىش جەريانىدا، ميونخېن مەركەز قىلىنغان ھالدا «ئەركىنلىك رادىئوسى» ۋە «سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى ئۆگىنىش تەتقىقات يۇرتى» قۇرۇلىدۇ. «رادىئو لىبېرتي» (ئەركىنلىك رادىئوسى) سوۋېت ئىشغالى ئاستىدىكى مىللەتلەر تىلىدا ئاڭلىتىش بېرىدىغان، تەتقىقات يۇرتى بولسا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا مۇناسىۋەتلىك ئىلمى خاراكتېردىكى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ مەتبۇئاتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن بولىدۇ (سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى ئۆگىنىش تەتقىقات يۇرتى ــ ئىنستىتۇت فور دي ستۇدي ئوف دي ئۇ س س ر ــ 1950 ـ يىلىنىڭ 8 ـ ئىيول كۈنىسى ميونخېندا قۇرۇلغان بولۇشىغا قارىماي، ئاكتىپ پائالىيەت قىلىشقا باشلىغان ۋاقتى بىر قانچە يىل كەيىنگە سۈرۈلۈپ كېتىدۇ. بۇ تەتقىقات يۇرتى قارمىقىدا ئامېرىكىلىقلار بىلەن بىرگە 50 نەپەردەك سوۋېت مۇساپىرىمۇ خىزمەت قىلاتتى. بۇ تەتقىقات يۇرتى 1955 ـ يىلىدىن باشلاپ ھەر ئۈچ ئايدا بىر تۈركىيە تۈركچىسىدە جورنال، ئىنگىلىز تىلىدا ئايلىق بىر خەۋەرلەر توپلىمى چىقىرىشقا باشلايدۇ. جورنال تەھرىرلىكىنى ئەدىگە مۇستاپا قىرىمال، خەۋەرلەر توپلىمىنىڭ تەھرىرلىكىنى بولسا نىكولاي گالاي ئۈستىگە ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى. جورنال، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى بارلىق مىللەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلارنى ئېلان قىلىپ تۇراتتى. 1958 ـ يىلىدىن باشلاپ تۆمۈربەك دەۋلەتشىن رىياسەتچىلىكىدە پەقەت تۈركى قەۋىملەر رايونىغىلا مۇناسىۋەتلىك ئىنگىلىز تىلىدا «دې ئەست تۈركىس رېۋيېۋ» ئىسىملىك بىر يىللىق ژورنال نەشرى قىلىنىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تەتقىقات يۇرتى تەۋەسىدە نۇرغۇن ساندا كىتابلار بېسىلغان بولۇپ، نۇرغۇن قېتىم ئىلمىي يىغىنلار ئۇيۇشتۇرۇلدى. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). بۇ پائالىيەتلەرگە قوشۇمچە قىلىپ يەنە 1942 ـ يىلىدىن بېرى ئا ق ش پايتەختىدە ئاڭلىتىش بېرىۋاتقان «ئامېرىكا ئاۋازى» رادىئوسىمۇ كۆچەيتىلگەن بولۇپ، ئورۇسچە، ئۇكرائىنچە، پولەكچە، ۋېنگىرچە قاتارىدىكى تىللارغا قوشۇمچە قىلىپ گرۇزىنچە، تاتارچە، ئەزەربەيجانچە ۋە تۈركىستان شىۋىسىدە ئاڭلىتىشلارنى بېرىشكە باشلايدۇ.

بۇ جەرياندا گېرمانىيە دائىرىلىرىمۇ مۇھاجىر گۇرۇپپىلىرىغا قارىتىلغان مۇناسىۋەتلەرنى تەدرىجى تۈردە باشلىماقتا ئىدى. ئا ق ش تېزگىنى ئاستىدا قانات يايدۇرۇلىۋاتقانلىقى ئېھتىمال بولغان بۇ پائالىيەتلەر، ئۇرۇشتىن كېيىنكى گېرمانىيىدە قالغان لېجيونلارنى مەقسەت قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇلغان يىغىنلار ۋاستىسىدا باشلانغان ئىدى. بۇ يىغىنلاردا، ئۇرۇش دەۋرىدە لېجيونلارغا قۇماندانلىق قىلغان گېنېرال خېيگىندورف بىلەن يەنە شۇ ۋاقىتلاردا بۇ لېجيونلارغا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى مەسئۇللىرىدىن بىرى، دېپلومات براۋتىگاممۇ قاتنىشىپ كەلگەن ئىدى. ھەر تۈرلۈك مىللەتتىلەرگە ئائىت سابىق لېجيونچىلارنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىجرا قىلىنغان ئىشلار سەۋەبىدىن

گېرمانىيە رەھبەرلىكىنى ئۇرغۇن قېتىم قاتتىق تەنقىتلەپ كەلگەنلىكى سەۋەبىدىن گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى بىلەن يولغا قويۇلۇۋاتقان بۇ پائالىيەتلەر ئۇزۇن داۋام قىلالمايدۇ.

تۈرك ئېلى كومىتېتىنىڭ تارقىلىپ كېتىشى، «تۈرك ئېلى» جورنىلىنىڭمۇ مەتبۇئات ساھەسىدىن چېكىنىپ چىققىنىدىن كېيىن ئەزالىرىنىڭ بىر قىسمى م ت ب ك غا قايتا كىرىشۋالغان بولسا، يەنە بەزى ئەزالار ئامېرىكىلىقلار قۇرۇپ چىققان ئورگانلاردا ۋەزىپە ئۆتەيدۇ.

# م ت ب ك نىڭ شەرق ئەللىرىگە ئېچىلىشى

مىللى تۈركىستان بىرلىك كومىتېتى، 1952-يىلىنىڭ 9-ئافرىل كۈنىسى بىر قېتىملىق پەۋقۇلئاددە قۇرۇلتاي چاقىرىدۇ. سىياسى ئىشلار بىلەن تەشكىلات ئىشلىرىغا مەسئۇل رەئىسى بايمىرزا ھېيىتى، ئىلمى ئىشلار بۆلۈم باشلىقى ئەرگەش بۇلاقبېشى ۋە مەتبۇئات ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋەلى زۇنۇن قاتارلىق كىشىلەر مەلۇمات بەرگەن بۇ قۇرۇلتايدا كومىتېتنىڭ سىياسى يولى ماقۇللىنىپ، كەلگۈسى مېڭىشقا تىگىشلىك بىر نىشان كۆرسىتىلگەن ئىدى:

> تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ بىر بايراق ئاستىغا جەم بولۇشى زۆرۈر. ... بۇ كومىتېت ھەرگىزمۇ بىر سىياسى پارتىيە ئەمەس، بەلكى مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان بىر ئورگاندۇر. شۇنداق بولغاچقا، تۈركىستانلىقلار ئىچىدە ئۇششاق-ئۇششاق تەشكىلاتلارغا بۆلۈنىشۋېلىشى مىللى ھەرىكىتىمىزگە پايدا ئەمەس زىيان كەلتۈرىدۇ. ... بۇ كومىتېت ھېچقانداق بىر دۆلەتنىڭ ئىچكى-تاشقى سىياسىي ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغىنىغا ئوخشاش، ھېچقانداق بىر دۆلەتمۇ تۈركىستان مىللى ھەرىكىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىششىنى خالىمايدۇ.

(رەسىم ئورنى)

بايمىرزا ھېيىتى، ئەرەبىستان زىيارىتى جەريانىدا تايىف ۋالىسى بىلەن بىرگە. سول تەرەپ باشتىكىسى م ت ب ك نىڭ ئەرەبىستاندىكى ۋاكالەتچىسى زۇھىرىدىن تۈركىستانى. تايىف، 1953.

م ت ب ك، يوقۇرىقى قارارىغا ئاساسەن تۈركىستانلىقلار ئەتراپىغا جەم بولىدىغان بىردىن بىر مەركەز ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭدىن باشقا قۇرۇلىدىغان تەشكىلاتلار رەت قىلىنىدىغانلىقىنى، ئا ق ش قاتارىدىكى ئەللەرنىڭ مىللى ھەرىكەتلەرگە ئارىلىششىلىشىنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسەتكەن

ھېساپلاندى. دوكتور بايمىرزا ھېيتى، كومىتېت قارارىغا ئاساسەن شەرق ئەللىرىدە تەشكىلاتلىنىشلارغا مەسئۇل قىلىپ بەلگىلىنىدۇ.

دوكتور ھېيتى، 1953 ـ يىلى ماي ئېيىدىن باشلاپ 5 ئاي داۋام قىلىدىغان بىر ساياھەتكە چىقىدۇ؛ ئۇ نۆۋەت بىلەن تۈركىيە، سۈرىيە، ئىوردانىيە، مىسىر، ئەرەبىستان ۋە پاكىستان قاتارىدىكى ئەللەرنى زىيارەت قىلىپ، بۇ رايونلاردا تارقىلىپ ياشاۋاتقان تۈركىستانلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ چىقىدۇ؛ ئۇ يەرلەردە ئۇيۇشتۇرۇلغان يىغىنلاردا تۈركىستان جەمىيەتلىرى قۇرۇلمىغان ئەللەردە م ت ب ك شۆبىلىرىنى ئاچىدۇ؛ شۆبە ئېچىشقا ئىمكانىيەت بولمىغان يەرلەردە بولسا ۋاكالەتچىلەرنى تەيىن قىلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە م ت ب ك بىلەن تۈركىستان مۇھاجىرلىرى ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن شۇ ئەللەردە ۋاكالەتچىلەرنىمۇ تاللاپ چىقىدۇ. 1953 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىتالىيىدە م. سەئىت كېرىمى، تۈركىيىدە دوكتور سالىھ ئەركىنقول، ئىوردانىيىدە مەھەممەت مۇراتخان، ئىراقتا مۇھەممەت ئەلى، ئەرەبىستاندا زۇھرىدىن تۈركىستانى ۋە پاكىستاندا بولسا مەخمۇت ئايقارلى شۇ دۆلەتلەردىكى ۋاكالەتچىلەر قىلىپ تاللىنىپ ۋەزىپىگە قويۇلىدۇ.

دوكتور ھېيتىنىڭ يەنە بىر ۋەزىپىسى، چوقاي ئوغلى ۋاپاتىدىن كېيىن ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىلا دېگىدەك تۈركىيىدە تۇرىۋاتقان تۈركىستان مىللى ئىتتىپاقى (ت م ب) بىلەن كېلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، شۇ ئارقىلىق بۇ ئەزالارنى م ت ب ك غا قوشۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىدى. ئەسلىدە ئامېرىكان كومىتېتى پائالىيىتىنى باشلىغان ۋاقىتلاردا چوقاي ئوغلىنىڭ ئورنىغا ت م ب رەئىسى بولۇپ سايلانغان پروفېسسور تاھىر چاغاتاي گېرمانىيىگە تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ جەھەتتە سۆزلىشىشلەر جەريانىدا كېلىشەلىگىدەك ئورتاق بىرەر ئاساس تېپىشالمىغان ئىدى. يەنە بىر مەزگىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىر ت م ب ئەزاسى بولغان پروفېسسور ئىبراھىم يارقىن، م ت ب ك تەرىپىدىن گېرمانىيىگە تەكلىپ قىلىنىپ بىرەر ئايدەك مېھمان بولۇپ تۇرىدۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭدىن تۈركىيىدىكى ت ب م ئەزالىرىنىڭ م ت ب ك غا ئەزا بولۇش ياكى ياردىمىنى تەلەپ قىلىشنى ئۈمىد قىلىشقان ئىدى. ئەمما تۈركىيىدىن كەلگەنلەر ئۆزلىرىنى مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ مىراسچىلىرى، بۇ ھەرىكەتنىڭ بىردىن ـ بىر ۋەكىللىرى دەپ قارايدىغان بۇنداق بىر گۇرۇھنىڭ ئادەملىرى بىلەن ھېچ بىر پىكىر بىرلىكىگە كېلىشەلمەيدۇ. ت م ب رەئىسى تاھىر چاغاتاي، ئۇلار بىلەن يارىششنى رەت قىلىپلا قالماي، 1952 ـ يىلى ئىچىدە باستۇرغان «تۈركىستانغا دائىر بەزى جەريانلار ھەققىدە كۆزقاراشلىرىمىز» دېگەن كىتاۋى ئارقىلىق ئۇلاردىن بىر قېتىملىق ھېساپ ئېلىش ھەرىكىتىنى باشلىتىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتە، 1953 ـ يىلىسى ئامېرىكىلىقلار تەرىپىدىن قانات

يايدۇرىلىۋاتقان بولشېۋىكچىلىككە قارشى ھەمكارلىق مەركىزىنىڭ پائالىيەتلىرى ئوڭۇشسىزلىق بىلەن ئاخىرلىشىپ بۇ مەركەز تەرىپىدىن بېرىلىۋاتقان ياردەم توختىتىلغانلىقى سەۋەبىدىن تۈرك ئېلى كومىتېتىنىڭ تارقىلىپ كېتىشى نەتىجىسىدە، م ت ب ك مۇ ئەڭ مۇھىم رەقىبلىرىنىڭ بىرسىدىن قۇتۇلۇپ قالغانىدى. شۇنداق قىلىپ، تاشقى دۇنيادا تۈركىستانغا ۋاكالەتلىك قىلىدىغان بىردىن بىر سىياسى مەركەزگە ئايلىنىش ئىشەنچەنچى تېخىمۇ ئارتىدۇ.

1953 ـ يىلى، م ت ب ك ئۆچۈن بىر بۇرۇلۇش نوقتىسى بولۇپ قالىدۇ. شۇ كۈنلەرگە كەلگىچە نەشرىيات ۋە مەتبۇئاتچىلىق ئىشلىرىغا مۇھىم ياردەملەردە بولۇپ كېلىۋاتقان ئەنگلىيە، بۇ ياردىمىنى توختىتىش نىيىتىگە كېلىدۇ. ۋەلى قېيۇمخان بۇ ئەھۋالنى ئامېرىكان كومىتېتىنىڭ تەشكىل قىلىنىۋاتقان دەۋرلىرىدە ھەمكارلىشىپ پائالىيەت قىلىش جەھەتتە ئۇلارغا يېقىن يولىمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئامېرىكا دائىرىلىرى ئەنگلىيىگە بېسىم ئىشلىتىپ ياردەمنى توختۇتۇشقا سەۋەپ بولدى دەپ چۈشەندۈرىدۇ (ھۈسەيىن ئىكرام، ئۆز ئەسلىمىلىرىدە بۇ مەسىلىنى "ئەنگلىيىلىكلەر مۇستەملىكە ئورگانلىرىدىن بىر قىسمىدىن چېكىنىپ چىقىش سەۋەبىدىن بىزگە ياردەم قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى" دەپ بايان قىلىدۇ. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

دېمەك، بۇندىن كېيىن م ت ب ك تەشكىلاتى ئۆز ئىمكانلىرىغا تايىنىپ پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، 3 خىل تىلدا ئايرىم-ئايرىم ژورنال چىقىرىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. شۇ كۈنلەردە مىندېندىكى مەركەز، دۈسېلدورف يېنىدىكى ئېركرات دەيدىغان كىچىك بىر شەھەرگە كۆچۈرۈلگەن ئىدى. م ت ب ك مەركىزىدىكى ئەزالاردىن بىر قىسمى ميونخېندىكى ئەركىنلىك رادىئوسىدىكى ئىشقا كىرىۋالىدۇ. يەنە بىر قىسىملار بولسا باشقا ھەر تۈرلۈك ساھەلەردە ئىشلەش مەقسىتىدە مەركەزدىن ئايرىلغانىدى. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، م ت ب ك تەرىپىدىن چىقىرىلىۋاتقان «مىللى تۈركىستان» جورنىلى قەرەلسىز نەشرى قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇلۇپ، ئاخىرى 1957 ـ يىلىسى، 134 ـ سانى بىلەن نەشرى ھاياتىنى توختىتىدۇ.

1955 ـ يىلى ئافرىل ئېيىدا باندوڭدا چاقىرىلغان ئاسىيا ـ ئافرىقا كونفرانسىسغا ۋەلى قېيۇمخان تەرىپىدىن تۈركىستاننىڭ ئورنى، تارىخى تەرەققىيات جەريانى ۋە سىياسى ۋەزىيىتى تونۇشتۇرۇلغان بىر دوكلات يوللانغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۈركىستان لېجيون ئوفىسسېرلىرىدىن سابىق م ت ب ك ئەزاسى روزى نەزەر دېگەن كىشى بۇ كونگىرەگە قاتنىشىپ، تۈركىستان توغرىسىدا بىر دوكلات سۇنىدۇ. ئاسىيا ـ ئافرىقا كونفرانسىنىڭ خۇلاسە دوكلاتىدا مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ھەرقاندىقى ئەيىپلىنىشى كېرەكلىكى توغرىلىق قارار چىقىرىلىپ، قۇل قىلىنغان ئەللەرگە مۇستەقىللىق بېرىلىش تەلىۋى ئوتتۇرغا قويۇلغان. بۇ يىغىندىن كېيىن، يەنى 1957 ـ يىلىنىڭ ئەتىياز ئايلىرىدا ھىندىنوزىيىدە "تۈركىستاننى قۇتقۇزۇش" دېگەن

بىر جەمىيەت قۇرۇلدۇ. شۇنىسى قىزىقكى، رەئىسلىكىنى سابىق باش مىنىستىرلاردىن بىرى بولغان مۇھەممەت ناتسىر باشقۇرۇۋاتقان بۇ جەمىيەتنىڭ مەيلى قۇرغۇچىلىرى ئارىسىدا بولسۇن ياكى ئەزالىرى ئارىسىدا بولسۇن بىرمۇ تۈركىستانلىق يوق ئىدى. بۇ جەمىيەتنىڭ پائالىيەت مەقسىدى ھىندونوزىيە بىلەن مالايادا تەھدىت ھالىغا كەلگەن كوممۇنىزمگە قارشى كۈرەش قىلىش، تۈركىستاننى سوۋېت چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇش دەپ بايان قىلىنغان (بۇ جەمىيەتنىڭ قۇرغۇچىلىرى: مۇھەممەت ناتسىر — سابىق باش مىنىستىر، مەسجۇمى پارتىيىسىنىڭ رەئىسى، ئەنىۋەر جاكرو — پ س ئى پارتىيىسىنىڭ يېتەكچىسى، خەلق قۇرۇلتاي ۋەكىلى، ئىسا ئەنسەرى — خەلق قۇرۇلتاي ۋەكىلى، كوممۇنىستلارغا قارشى فرونت رەئىسى، نەسىردىن لاتىف — ئالىم، راخمان ساھىپ — سۇلاۋېسى خەلق ۋەكىلى؛ بۇ جەمىيەتنىڭ دەسلەپتە تاللانغان قۇرغۇچىلىرى: غارىيىپ راۋوف — مالايا ياشلار ھەرىكىتى رەئىسى، ئىسمايىل ھاسان، ھاجى فىردەۋس — مۇخبىر، ھاجى ئەسەت، م. ھاتالاھ، ئاناسباي. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

تاشقى ياردەمنىڭ ئۈزۈلىشى، م ت ب ك نىڭ ئاكتىپ پائالىيەت بىلەن شوغۇللىنىش ئىمكانلىرىنى زور دەرىجىدە چەكلەپ قويىدۇ. شۇڭا، كومىتېت تاشقى دۇنيادىكى تۈركىستان كۆچلىرىدىن ياردەم ئېلىش ئۈچۈن دەرھال پائالىيەت باشلاشقا مەجبۇر بولماقتا ئىدى. بۇ مەقسەتتە ۋەلى قېيۇمخان تۈركىستانلىقلار ياشايدىغان ئەللەرنى زىيارەت قىلىپ چىقىش قارارىغا كېلىدۇ. 1956 ـ يىلىسى تۈركىيىگە كېلىپ تۈركىستانلىقلار ئولتۇراقلاشقان شەھەرلەرنى زىيارەت قىلىدۇ.

(رەسىم ئورنى)
ۋەلى قېيۇمخان (سولدىن ئىككىنچىسى) سەئۇدى ئەرەبىستان زىيارىتى جەريانىدا پادىشا سەئۇد بىن ئابدۇلئەزىز بىلەن بىرگە — مىنا ـ مەككە. 1957

قېيۇمخان، تۈركىستان جەمىيەتلىرى ۋە ئاما تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنغان بولسىمۇ، تۈركىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ ئېلىپ بارغان كۆرۈشۈشلىرىدە كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئارىدىن بىرەر يىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئەرەبىستانغا قىلغان زىيارىتى بولسا، تۈركىستانلىقلار ئارىسىدا تەسىرى نەچچە يىلغىچە يوقالمايدىغان بەزى ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەپ بولىدۇ. ئەسلىدە، ئەرەبىستان دائىرىلىرى قېيۇمخانغا زىيارىتى جەريانىدا ئىنتايىن چىرايلىق مۇئامىلە قىلغان بولسىمۇ، زىيارىتىنى تۈگىتىپ قايتىپ كېتىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن م ت ب ك غا مۇناسىۋەتلىك ئوندەك تۈركىستانلىق، ئەرەبىستان دائىرىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدۇ. مەدىنە، تايىف ۋە جەددە شەھەرلىرىدە قولغا ئېلىنغان تۈركىستانلىقلار ئىككى ئايدەك تۈرمىدە ياتىدۇ. م ت ب ك نىڭ ئەرەبىستان

ۋاكالەتچىسى بولغانلىقى ئۆچۈن قولغا ئېلىنغان زۇھرىدىن تۈركىستانى، بۇ ۋەقە ۋەلى قېيۇمخان ئەنگلىيە بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسدا مۇناسىۋەت باغلاپ يۈرگەن دەيدىغان بىر ئەرز سەۋەبىدىن يۈز بەرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. تۈركىستانىنىڭ دېيىشىچە، بۇ ۋەقە بىر قېتىملىق سوۋېت ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى بولۇش ئېھتىمال ئىكەن. سەئۇدى ھۆكۈمىتى ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە، بۇ ئەرزنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكى ئىسپاتلانغان، قولغا ئېلىنغان ئون نەپەر تۈركىستانلىقنىمۇ قويۇپ بەرگەن (زۇھرىدىن تۈركىستانى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن شەخسى سۆھبەت خاتىرىسىدىن. قولغا ئېلىنغان تۈركىستانلىقلار زۇھرىدىن مىرزا تۈركىستانى، شاھ ئىلھام تاشكەندى، زىياۋۇدۇن قارى ئەنجانى، ھاجى سابىر ئەنجانى، سېيىت مۇزەپپەرخان مەرغۇلانى، مۇبارەك غوجا قاسانى، ئەخمەت ئەلى دولقۇن تۈركىستانى، ئابدۇقادىربەگ، مەۋلىۋى سېيىت قاسىم داملا ۋە نائىم مەخدۇم تۈركىستانى قاتارلىقلار. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

مەسىلىنىڭ بۇ تۈردە نەتىجىلەنگەنلىكىگە قارىماي، قولغا ئېلىنىشقا نىمە سەۋەپچى بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر جاۋاپ ئوتتۇرغا چىقمايدۇ. سوغۇق ئۇرۇش شىددەتلىك قانات يېيىۋاتقان ئۇ يىللىرى، سەئۇدى ئەرەبىستان دائىرىلىرى ئۆز زېمىنىدە سوۋېتلەرگە قارشى بىر تەشكىلات بولغان م ت ب ك نىڭ تەشكىلات قۇرۇش ئېھتىمالىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە بۇنداق بىر ئويۇن ئويناپ چىققانلىقى ئېھتىمالغا بەكلا يېقىن. سەۋەبى نىمە بولسا بولسۇن، سەئۇدى دائىرىلىرىنىڭ بۇ تۈردىكى ھەرىكىتى ھەقىقەتەنمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن ئىدى. بولۇپمۇ سەئۇدى ئەرەبىستاندا ياشايدىغان تۈركىستانلىقلارنى سىياسى خاراكتىردىكى پائالىيەتلەر سىرتىدا تۇتۇش جەھەتتە ھەقىقەتەنمۇ كۈچلۈك رولى بولدى دېيىش مۇمكىن.

گېرمانىيىگە قايتىپ كەتكەن ۋەلى قېيۇمخان، ماددى قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غالىپ كېلىش، شۇ ئارقىلىق م ت ب ك نى داۋاملىق ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىقىنى زادىلا توختاتمايدۇ. تۈرك ئېلى ۋەقەسى جەريانىدا كومىتېتتىن چىقىپ كەتكەن ۋەلى زۇنۇن، بەردى مۇرات تاچمۇرات قاتارىدىكى كىشىلەرنىڭ م ت ب ك غا قايتىپ كېلىشىمۇ ئاكتىپلىقنى قوزغاشقا تۈرتكە پايدىسى بولمايدۇ. بۇ جەرياندا ئامېرىكىلىقلار م ت ب ك بىلەن قايتىدىن مۇناسىۋەت تىكلەشكە كىرىشىدۇ. بايمىرزا ھېيىتى بۇ ھەقتىكى ئىشلار ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ:

1956 ـ يىلىدا ۋەلىم قېيۇمخان بىلەن ئىككىمىز ھەيدەلبېرگدىكى ئا ق ش ھەربى قۇماندانلىق شتاۋىغا چاقىرتىلدۇق. ئۇ يەردە ئا ق ش دىن كەلگەن بىر قىسىم يوقۇرى دەرىجىلىك مەسئۇل كىشىلەر بىلەن ھەربى ئەمەلدارلار چىقىپ بىزنى كۈتىۋالدى. ئۇلار بىزدىن م ت ب ك ھەققىدە مەلۇمات

بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىشتى. مەقسىتىمىزنى سورىدى. خېلى ئۇزۇن سۆھبەتلەشتۇق. ۋەلى قېيۇمخان ئۇلارغا پروگراممىمىزنى تونۇشتۇردى. شۇنىڭدەك، ئەگەر ئامېرىكىلىقلار بۇ پروگراممىمىزغا قوشۇلمايدىكەن، ئۇ ھالدا ئۇلار بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتالمايمىز دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى. ۋەلى قېيۇمخان مىللى مەسىلىلەرگە بېرىپ تاقىشىدىغان مەسىلىلەردە ھەرگىزمۇ مۇرەسسەچىلىككە يول قويمايدىغان بىر كىشى ئىدى. پەرەز قىلىشىمچە، ئۇلار بىزنىڭ مەقسەتىمىزگە قوشۇلمىدى بولغاي. ئۇلار گېرمانىيىدىن سوۋېتلەرگە قارشى «رىئاس» دەيدىغان بىر ژورنال چىقىرىپ تارقاتماقتا ئىدى. ئۇلار بىزدىن بۇ ئىشقا ياردەملەشىشىمىزنى تەلەپ قىلىشتى. بىزمۇ ئۇلارغا ھۈسەيىن ئىكرام، ئەلجان ۋە قادىر ئوسمان قاتارلىق بەزى دوستلىرىمىزنى تەۋسىيە قىلىشتۇق. بۇ پائالىيەت 1959 ـ يىللىرىغىچە داۋام قىلدى.

يەنە بىر جەھەتتە، ئا ق ش كونگىرىسى 1959 ـ يىلى 17 ـ ئىيۇلدا ئا ق ش پىرىزدېنتىغا سوۋېتلەر قۇل قىلغان مىللەتلەرنىڭ كەلگۈسى تەغدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىر دوكلات ئېلان قىلىش ھوقۇقىنى بېرىدۇ. پىرىزدېنت ئېيزىنخاۋېير بۇ كونگىرە قارارىغا ئاساسەن، 19 ـ ئىيۇل كۈنىسى بىر ھۆججەت ئېلان قىلىدۇ. بۇ ھۆججەتنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى خەلقى بىلەن ئامېرىكا دۆلىتى سوۋېتلەر بېسىۋالغان مىللەتلەرنىڭ ئازاتلىق ھەرىكەتلىرىگە بولغان قىزىقىش ۋە ئۇنىڭغا ھەيرانلىقى تونۇشتۇرۇلۇپ كېلىپ، ئىيۇن ئېيىنىڭ 3 ـ ھەپتىسىنى "قۇل قىلىنغان مىللەتلەر ھەپتىسى" قىلىپ بېكىتىپ، بۇ ھەپتىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئەسلىمە مۇراسىملىرى سوۋېتكە قۇل بولۇپ قالغان مىللەتلەر ئۆز تەغدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلىيەلەيدىغان كۈنلەر كەلگىچە داۋام قىلىپ بارىدىغانلىقى ئۇختۇرۇلدى.

1960 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى م ت ب ك تەشكىلاتى ئۇزۇندىن بېرى ئەزا بولۇپ كېلىۋاتقان، ئاساسلىقى ئۇكرائىنا مىللەتچى خادىملىرى تەرىپىدىن يېتەكلىنىپ كېلىنگەن ئا ب ن (بولشېۋىكچىلىككە قارشى مىللەتلەر ـــ ئا.ھ. ئىزاھاتى) تەشكىلاتىدىنمۇ چېكىنىپ چىقىدۇ. م ت ب ك نىڭ بۇ تەشكىلاتتىن نىمە سەۋەپتىن چېكىنىپ چىققانلىقى ئېنىق ئەمەس. 1970 ـ يىللارغا كەلگەندە، م ت ب ك نىڭ ئەزالىرى ئاساسەن تارقىلىپ كەتكەن، كۆپۈنچە ۋاقىتلاردا ژورنال چىقىرىشتىن باشقا تۈزۈكرەك بىرەر پائالىيەت بىلەن شوغۇللىنالمىغىدەك ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. يېڭى ئەزا مەنبەلىرىنىڭ يوقلىقى تەشكىلات خادىملىرىنى بەكلا ئاجىزلاشتۇرىۋەتكەنىدى. خەلق بىلەن بىر پۈتۈنلۈكنى ساقلىيالماسلىق، ماددى مەنبەلەردىن مەھرۇم بولۇش قاتارىدىكى سەۋەپلەر بۇ تەشكىلاتنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىللار ئىدى. تۈركىستان مىللى ھەرىكىتىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە «مىللى

تۈركىستان» ژورنىلىمۇ 1975 ـ يىلقى ئەڭ ئاخىرقى سانىدىن كېيىن تاقىلىپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، م ت ب ك مۇ ئۆزىنىڭ تارىخى ۋەزىپىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ۋەلى قېيۇمخاننىڭ نامىدىكى بىر شەخسى تەشكىلات ھالىتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

## سوغۇق ئۇرۇش دەۋرىدە تۈركىستانلىقلارغا قارىتىلغان سوۋېت تەشۋىقاتلىرى

سوغۇق ئۇرۇش يىللىرى ئىچىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى چەتئەللەردە تۇرىۋاتقان تۈركىستانلىقلارغا قارىتا ئاخبارات توپلاش ۋە تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى خېلىلا كۈچەيتكەن ئىدى. ئەندىلىكتە، ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكىدەك ئۇنداق جاسۇس ئىۋەرتىپ ئاخبارات توپلاش، تۈركىستانلىقلار ئارىسىغا زىددىيەت سېلىش سىياسىتىدىن پايدىلىنىشنىلا مەقسەت قىلىدىغان سىياسىتىنى يېتەرلىك ئەمەس دەپ قاراشماقتا ئىدى. تاشكەنت بىلەن موسكۋا رادىئولىرى 1947 ـ يىلىدىن تارتىپ تاشقى ئەللەردە ياشايدىغان تۈركىستانلىقلارغا قارىتا ئۇرۇسچە ۋە تۈركىستان شىۋىلىرىدە ئاڭلىتىش بېرىشكە كىرىشىدۇ. چەت دۆلەتلەردە مىللى تۈركىستان كۈرىشى بىلەن شوغۇللىنىۋاتقان خادىملارغا قارشى قانات يايدۇرۇلغان ئاڭلىتىشلاردا، ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەۋردە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتكەن كىشىلەر سۆزلىتىلەتتى. ئۇرۇش جەريانىدا مىللى تۈركىستان ئىتتىپاق كومىتىتى تەۋەسىدە پائالىيەت قىلغان، كېيىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كەتكەن ساتتار ئالمانبېتوۋ، سۇلتان قارى، نازىر سەپەر، سېيىت كەرىموۋ، غۇلام ئابباس قاتارىدىكى كىشىلەر، مەخمۇت ئايقارلىغا ئوخشاش ئۇزۇن يىل تۈركىستانلىقلار ئىچىدە جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرى بىلەن شوغۇللىنىپ كەلگەن كىشىلەر بىلەن ھەر تۈردىكى كومىنىست يازغۇچىلار تاشكەنت رادىئوسىنىڭ دائىملىق ناتىقلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالماقتا ئىدى. بۇ كىشىلەر، پات ـ پاتلا موسكۋادىن ئاڭلىتىش بېرىدىغان «گولوس رودىنى» ۋاستىچىلىقىدا قانات يايدۇرۇلغان تەشۋىقات پائالىيەتلىرىگىمۇ قاتنىشىپ تۇراتتى.

مىللى تۈركىستان ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ پۈتۈن ئۇرۇش جەريانىدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى قۇراللىق كۈرەش بىلەن شوغۇللىنىپ كەلگەنلىكى، ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىنمۇ سىياسى پائالىيەت ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ كۈرەشنى توختاتماي داۋام قىلىپ كېلىشى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دائىرىلىرىگە نىسبەتەن بەكلا ئېغىر مەسىلە ھېساپلانماقتا ئىدى. چۈنكى بۇ تۈردىكى پائالىيەتلەر يالغۇز تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرى تەۋەسىدىلا سوۋېتلەرگە قارشى ھېسسىياتلارنىڭ ئۆلغۈيۈپ كېتىشىگە سەۋەپ بولۇپ قالماستىن، تاشقى دۇنيادا سوۋېتلەر تەرىپىدىن

قانات يايدۇرىلىۋاتقان كوممۇنىستىك تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش رولىنىمۇ ئوينىماقتا ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى سوغۇق ئۇرۇش دەۋرى بويىچە بارلىق ئامالّلارنى ئىشقا سېلىپ م ت ب ك نىڭ پائالىيەتلىرىگە توسالغۇلۇق قىلىشقا، تەسىر كۆرسىتەلمەس قىلىۋېتىشكە، كومىتېت ئىچىگە زىددىيەت تېرىۋېتىپ پارچىلاپ تاشلاشقا، تۈركىستان جامائەتچىلىكى ئالدىدا ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈشكە تىرىشىپ كەلمەكتە ئىدى.

سوۋېتلەرنىڭ بۇ تۈر قارشى تۇرۇش تەشۋىقاتلىرى ئاساسەن ئالغاندا رادىئو ئاڭلىتىشلىرى، تەشۋىقات ئەپكارلىرىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر، ئاتالمىش ئىلمى كىتاپلار، سەھنە ئەسەرلىرى ۋە شۇنىڭدەك يالغان خەت ئۇيۇرتۇش دېگەندەك چارىلارنى ئىشقا سېلىش ۋاستىلىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلماقتا ئىدى. ۋەلى قېيۇمخاننىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشى بىلەن تەڭ، سوۋېت موسكۋا رادىئوسى «خائىن ۋەلى قېيۇمخان تۈرمىدىن چىقتى» ئىسملىق بىر مۇلاھىزە خەۋىرى ئاڭلىتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تۈردىكى ئاڭلىتىشلار تاشكەنت رادىئوسى باشچىلىقىدا موسكۋادىن ئاڭلىتىش بېرىدىغان ھەر تۈردىكى رادىئولار ۋاستىچىلىقىدا يىللار بويىچە داۋام قىلىدۇ. «قىزىل ئۆزبەكىستان»، «ئۆزبەكىستان مەدەنىيىتى»، «ئۆزبەكىستان كوممۇنىستلىرى»، «ياش لېنىنچىلار»، «پراۋدا ۋوستوۋكا»، «سوۋېت تۈركمەنىستانى»، «قىرغىزىستان كوممۇنىستلىرى»، «تۈركمەنىستان كوممۇنىستلىرى» قاتارلىق تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە چىقىدىغان گېزىتلاردا پات-پات ئېلان قىلىنىپ تۇرىدىغان ماقالىلار ۋاستىسىدا چەتئەلدىكى مىللى ھەرىكەتلەر قارىلىناتتى ۋە مىللەتچى خادىملارغا مۇناسىۋەتلىك ھاقارەتلەر بىلەن تولغان تەشۋىقاتلار قانات يايدۇرۇلماقتا ئىدى.

سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دائىرىلىرى، چەتئەللەردە تۈركىستان مىللى مۇستەقىللىقى ئۈچۈن قانات يايدۇرىلىۋاتقان كۈرەشلەرنى تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە ياشايدىغان خەلق ئاممىسى ئالدىدا پەس كۆرسىتىش ۋە تەسىر كۆرسىتەلمەس ھالغا كەلتۈرۈۋېتىش مەقسىتىدە، 1950-يىللاردىن ئېتىبارەن تەشۋىقات خاراكتېرىدا تۈرغۈنلىغان كىتاپ نەشرى قىلدۇرغانىدى. مەسىلەن، «تۈركىستان مىللى ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا»، «مۇراجەت»، «خىتاپنامە»، «مىللى ئىناقلىق ۋە سوتسىيالىزم»، «كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالىزم قۇرۇلۇشتىكى تەڭداشسىز كۈچ»، «سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسى ۋە قازاقىستان يالغان تارىخنى ئۇيدۇرغۇچىلارغا جاۋاپ»، «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخنى بۇرجۇئازىيە ئىدىيىسى بىلەن ئۇيدۇرۇپ چىققانلارغا قارشى»، «تۈركىستاننى ئازات قىلىمىز دېگۈچىلەرنىڭ ئەسلى قىياپىتى»، «ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللى مەسىلىلەر قانداق ھەل قىلىندى — يالغانچىلارغا جاۋاپلار» دېگەندەك كىتاپلار سوۋېت تەشۋىقات ماشىنىلىرى ئىشلەپ چىقارغان ئاتالمىش ئىلمى كىتاپ تىزىملىكىدىكى بىر قىسىم كىتاپلاردۇر (بۇ كىتاپلارنىڭ ئەسلى ناملىرى،

ئاپتورلىرى ۋە نەشرى قىلىنغان جايلىرى بىلەن بېسىلغان ئاي-كۈنلىرى تۆۋەندىكىچە: «تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتى توغرىسىدا»، ئاپتور ئىسمى كۆرسىتىلمىگەن، تاشكەنت، 1957؛ «مۇراجەت»، مەخمۇت ئايقارلى، تاشكەنت، 1957؛ «خىتاپنامىلار»، ئاپتور ئىسمى كۆرسىتىلمىگەن، تاشكەنت، 1957؛ «خەلقلەر دوستلۇقى بىلەن سوتسىيالىستىك ئىنتېرناتسيونالىزم — كوممۇنىزم قۇرۇشنىڭ بۈيۈك كۈچى»، ئاپتورى يوق، تاشكەنت، 1961؛ «سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسى ۋە قازاقىستان تارىخىنى ئۆيدۇرغۇچىلارغا قارشى»، ك. ئا. نوۋوسېلوۋ، ئاشخابات، 1962؛ «تۈركىستاننى ئازات قىلماقچى بولغانلارنىڭ ھەقىقى قىياپىتى»، ئاپتورى كۆرسىتىلمىگەن، تاشكەنت، 1963؛ ... — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

1955-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئىستانبۇلدا تۇرىدىغان تۈركىستانلىقلارنىڭ بىر قىسمىغا تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە بېسىلغان سوۋېت گېزىتلىرى ئەۋەرتىلىشكە باشلىندى. بۇ گېزىتلار بېرلىندىن، يەنى شەرقى گېرمانىيىدىن پوچتا ئارقىلىق ئەۋەرتىلمەكتە بولۇپ، كىم ئەۋەرتكەنلىكىنمۇ بىلگىلى بولمايتتى. بۇ گېزىتلارنى تاپشۇرىۋالغۇچىلار بەكلا ئالاقىزادە بولۇپ كېتىشتى. چۈنكى، ئۇ يىللار سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن غەرپ لاگىرى ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق ئۇرۇش ئەڭ كەسكىن داۋاملىشىۋاتقان بىر يىللار بولۇپ، ئىسلاۋيان ھەرپلىرى بىلەن بېسىلغان بۇ گېزىتلار تۈركىيە دائىرىلىرى تەرىپىدىن بىلىنىپلا قالىدىكەن، نازارەت ئاستىغا ئېلىنىشتىن ھەرگىز قۇتۇلغىلى بولمايتتى. تۈركىستانلىقلار ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى ۋە تۇنجى رەئىسى بولغان كامىل چوقاي بۇ ئەھۋاللارنى خەۋپسىزلىك تەشكىلاتلىرىغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، بۇ ھەقتە جەمئىيەت مەسئۇللىرىنىمۇ ئاگاھلاندۇرىدۇ.

پوچتىدىن كەلگەن سوۋېت گېزىتلىرى، ئادرىسى جەمئىيەت تىزىمىدا يېزىلغان كىشىلەرگىلا ئەۋەرتىلگەن بولغاچقا، جەمئىيەت ئىچىدە سوۋېتلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بار كىشىلەرنىڭ بارلىقىدىن گۇمانلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. جەمئىيەت تەرىپىدىن شۇنچە كۆپ تەدبىر ئېلىنغانلىقىغا قارىماي، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا بېسىلغان گېزىت-ژورنال ۋە تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنىڭ ئەۋەرتىلىشى توختىماي داۋاملىشىدۇ.

1950-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا چەتئەللەردە قانات يايدۇرۇلىۋاتقان تۈركىستان ھەرىكەتلىرى بىلەن بۇ ھەرىكەتلەرنى قوزغاۋاتقان خادىملىرىغا قارىتىلغان سوۋېت تەشۋىقاتلىرى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سوۋېت مەسئۇل ئورگانلىرىغا ۋەزىپە قىلىنغان بولۇپ، ئۆزبەكىستان كومپارتىيىسى باش سېكرېتارى شەرەپ رەشىدوۋغا ئوخشىغان رەھبەرلەرنىڭ نۇتۇقلىرىدىمۇ بۇ تۈر مەسىلىلەر ئورۇن ئېلىشقا باشلىغان ئىدى (شەرەپ رەشىدوۋنىڭ م ت ب ك رەئىسى ۋەلى قېيۇمخاننى ۋە ئۇنىڭ مۇئاۋىنى بايمىرزا ھېيىتنى بوھتانچى، خائىن، سوۋېت دۈشمىنى ۋە جاھانگىرلارنىڭ يالاقچىسى دېگەندەك تىللاردا ھاقارەت قىلىپ سۆزلىگەن تۇنجى نۇتقى 1958-يىلى

27-سىنتەبىر كۈنى سۆزلەنگەن ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا بۇنىڭدەك ھۇجۇم قىلىنىشلار قالغان سوۋېت رەھبەرلىرىنىڭ ئېغىزىدىن داۋاملىق چىقىپ تۇرىدىغان بولىدۇ. دوكتور بايمىرزا ھېيىتى بىلەن شەخسى سۆھبەت خاتىرىسىدىن. — ئا.ھ. ئىزاھاتى). بىر مەزگىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، سوۋېت دائىرىلىرى بۇ تۈردىكى كۈرەشلەرنى تېخىمۇ مۇنتىزىم قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار ئېلىپ، 1958-يىلىسى تاشكەنتتە چەت دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق ۋە مەدەنىي مۇناسىۋەتلەرنى تىكلەش جەمئىيىتىنى، يەنى قىسقارتىلغان ئىسمى بىلەن «دوستلۇق جەمئىيىتى» نى قۇرۇپ چىقىشىدۇ. بۇ جەمئىيەت تەركىۋىدە چەتئەلدە ياشايدىغان مۇھاجىرلار بىلەن ئالاقىلىشش بۆلۈمى نامىدا بىر بۆلۈممۇ قۇرۇلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تۇنجى قېتىم تاشقى دۇنيادا ياشايدىغان تۈركىستانلىقلار بىلەن ئاشكارە تۈردە مۇناسىۋەت قۇرۇشنى مەقسەت قىلىدىغان رەسمى بىر دۆلەت سىياسىتىنى باشلىتىدۇ.

1960-يىلىدىن باشلاپ، بۇ ئورگان بىلەن ھەمكارلىق ئاساسىدا پائالىيەت قىلىدىغان «ۋەتەنداشلار رادىئوسى» نامىدا يېڭىدىن بىر پروگراما باشلىتىدۇ. تۈركىيىنى ئاساس قىلغان تۈركىستانلىقلار كۆپ جايلاشقان ئەللەرگە قارىتىپ ئاڭلىتىش بېرىدىغان بۇ رادىئو ئىستانسى، ھەرقايسى تۈرك تىل شىۋىلىرىدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن سوۋېت ئىدىيىسىنى ماختايدىغان، تاشقى دۇنيادىكى مىللى پائالىيەتلەرنى قارىلايدىغان ئاڭلىتىشلارنى بېرىشكە باشلايدۇ.

سوۋېت دائىرىلىرى، چەتئەللەردە قانات يايدۇرىلىۋاتقان مىللى تۈركىستان ھەرىكەتلىرىنىڭ تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە ياشايدىغان خەلق ئاممىسىغا كۆرسىتىش ئېھتىمالى بولغان تەسىرلىرىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ قولىدىن كېلىدىغان پۈتۈن چارىلارنى ئىشقا سېلىشقا كىرىشىدۇ. كومۇنىستىك يازغۇچىلارغا تۈركىستان مىللى ھەرىكەتلىرىنى قارىلاپ، سوۋېت تۈزۈمىنى ۋە سوۋېت ئىدىئولوگىيىسىنى مۇبالىغىلەشتۈرىدىغان تىياتىر ئەسەرلىرىنى يازغۇزۇپ، تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە ۋە موسكۋادا سەھنىلەشتۈرۈپ كەڭ كۆلەمدە قويۇشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ تىياتىرلار ھەققىدە ھەر تۈرلۈك ماقالىلار يازغۇزۇپ كۈچلۈك تەشۋىقات مۇھىتى يارىتىشقا تىرىشىدۇ. مىللى تۈركىستان ھەرىكىتىگە قارشى سەھنىلەشتۈرۈلگەن بۇ ئەسەرلەردىن ئەڭ داڭلىقلىرى زىيا سەئىد بىلەن نازىر سەفەر بىرلىكتە يېزىپ چىققان «تارىخقا تىل كىردى» (بۇ ئويۇن 1957-يىلىدىن باشلاپ سەھنىلەشتۈرۈلىدۇ — ئا.ھ. ئىزاھاتى) بىلەن سەرۋەر ئەزىموۋنىڭ «قانلىق سەراپ» (بۇ ئويۇن تۇنجى قېتىم 1964-يىلى سەھنىگە چىقىرىلغان. — ئا.ھ. ئىزاھاتى) دېگەن ئويۇنلار ئىدى. ئەزىموۋنىڭ «قانلىق سەراپ» دېگەن تىياتىرى بارلىق تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ پايتەختلىرىدە قويۇلغاندىن كېيىن، 1964.4.3 كۈنىدىن باشلاپ كرېمل سارىيىدىكى كرېمل

تىياتىرخانىسىدا موسكۋالىقلارغا كۆرسىتىلىدۇ. ئاخىرى، 1965 ـ يىلىسى ئاخبارات تەشكىلاتى گ پ ئۇ نىڭ بۇۋاستە تاپشۇرۇقى بىلەن، ئې. ئاربېنوۋ بىلەن ل. نېكولايېۋ دېگەن ئىككى ئۇرۇس بۇ تىياتىرنى سىنارىيىلەشتۈرۈپ «فىنىكس» نامىدا بىر كىنو فىلىمى ئىشلەپ چىقىدۇ.

سوۋېت ئىستىخباراتى بىر تەرەپتىن تاشقى دۇنيادىكى تۈركىستانلىقلارغا قارىتا بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرىنى جىددىيلەشتۈرىدۇ. تۈركىستانلىقلارنىڭ ئۆيلىرىگە ۋە ئىش ئورۇنلىرىغا سوۋېتكە قارشى مىللى مۇستەقىللىق كۈرىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن يىتەكچىلەر بىلەن ھەرىكەت قاتناشقۇچىلىرى ئۈستىدە توقۇلغان قىلچە ئاساسى بولمىغان يالغان ياۋداق تۆھمەت ـ بوھتانلار بىلەن تولغان نامسىز خەتلەرنى تىنماي ئەۋەرتىشكە كىرىشىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن بۇ تۈردىكى يىتەكچىلەر ئۈستىدە يالغان جىنايەتلەرنى توقۇپ چىقىپ ئۇلار تۇرىۋاتقان دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىغا ئەۋەرتىپ، ئۇلارنى ھۆكۈمەتكە نىسبەتەن گۇمانلىق كىشلەر دەيدىغان تەسىر پەيدا قىلىشقىمۇ كۈچەپ ئۇرۇنماقتا ئىدى.

1968 ـ يىلى كىرىشى بىلەن، سوۋېت دائىرىلىرى چەتئەلدىكى تۈركىستانلىقلارغا قارشى مەتبۇئاتتىن بىرنى قۇرۇش قارارىنى ئېلىشىدۇ. بۇرۇن قۇرۇلغان دوستلۇق جەمىيتى تەۋەسىدە لاتىنچە ۋە ئەرەپ ھەرپلىرىدە ئايلىق گېزىت چىقىرىشقا كىرىشىدۇ. «زىيالىلار» (ئايدىڭ) ناملىق بۇ گېزىت، تۈركىيە، گېرمانىيە، سۈرىيە، ئا ق ش، مىسىر، ئەرەبىستان، ئىئوردانىيە، ئافغانىستان، پاكىستان ۋە ھىندىستان قاتارىدىكى تۈركىستانلىقلار تۇرىۋاتقان ئەللەرنىڭ ھەممىسىگە ئەۋەرتىلىدۇ. بۇ گېزىت 1970 ـ يىللاردا 15 مىڭ نۇسخا تىراج بىلەن تارقىتىلماقتا ئىدى. 1975 ـ يىلىغا كەلگەندە، چەتئەللەردىكى يۇرتداشلار بىلەن ئالاقە تىكلەش ئۆچۈن جۇمھۇرىيەت مەركىزى كومىتىتلىرىنىڭ ئالغان قارارى بويىچە «ۋەتەن» جەمىيەتلىرى قۇرۇلۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغان كۈنلەرگىچە پائالىيەتلىرىنى توختاتماي داۋام قىلىپ بارىدۇ.

# تۈركىستان ئىسمىنى ياشاتقان كىشى - دوكتور بايمىرزا ھېيتى

ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى دەۋرلەردە، دوكتور بايمىرزا ھېيتى چەتئەلدىكى تۈركىستان ئۆچۈن قاناي تايدۇرۇلغان كۈرەشلەرنىڭ ئەڭ داڭلىق ئادىمىگە ئايلانغان ئىدى. مەيلى م ت ب ك تەۋەسىدىكى پائالىيەتلىرى بىلەن بولسۇن، ياكى تۈركىستان ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرى بىلەن بولسۇن، ئومۇمىي يۇزلۈك خەلقارالىق شۆھرەتكە ئېرىشكەن بولۇپ، بىر مەنىدە تۈركىستان ئۇقۇمىنى ياشاتقان، بۇ ئۇقۇمنى يېڭى ئەۋلاتلارغا يەتكۈزگەن بىرىسى ھېساپلىناتتى.

دوكتور ھېيتى، بولشېۋىكلار ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، يەنى 1917-يىلى 17-دىكابىردا نەمەنگاندا تۇغۇلدۇ. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تۇغۇلغان شەھىرى نەمەنگاندا پۈتتۈرگەن ھېيتى، 1937-يىلى تاشكەنت ئۇنىۋېرسىتېتى ئومۇمى تارىخ كەسپىنى پۈتتۈرۈپ ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىنى باشلايدۇ؛ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى باشلىنىشى بىلەن ئەسكەرلىككە ئېلىنىدۇ؛ گېرمانىيە-سوۋېت ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىلا ياردار بولۇپ نېمىسلارغا ئەسىرگە چۈشىدۇ؛ بىر مەزگىل ئەسىرلەر لاگىرلىرىدا ياتقاندىن كېيىن، گېرمانىيە ئارمىيىسى تەۋەسىدە تەشكىللەنگەن تۈركىستان لېجيونىغا قاتنىشىدۇ. 1942-يىلىدا م ت ب ك رەئىسى ۋەلى قېيۇمخان تەرىپىدىن بېرلىنگە ئېلىپ بېرىلىپ مىللى كومىتېت ئەزاسى قىلىنىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي كاپىتان ئۇنۋانى بېرىلىپ كومىتېتنىڭ ھەربى بۆلۈم مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. ئۇرۇش جەريانى بويىچە م ت ب ك تەرىپىدىن قانات يايدۇرۇلغان بارلىق مەتبۇئات-نەشرىياتچىلىق پائالىيەتلىرىدە ئاكتىپ رول ئويناپ كەلگەن بايمىرزا ھېيتى، 1944-يىلى چاقىرىلغان پراگا قۇرۇلتىيىدا مىللى تۈركىستان ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا سايلىنىدۇ.

ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەۋرلەردە بىر تەرەپتىن م ت ب ك نى قايتىدىن جانلاندۇرۇش پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇنستېر ئۇنىۋېرسىتېتىدە پەلسەپە كەسپىنى ئوقۇيدۇ. داڭلىق تۈركلوگلاردىن فون مەندې بىلەن جېيشىكنىڭ ياردەملىرى بىلەن «قوقان ۋە ئالاش ئوردا مىللى ھۆكۈمەتلىرى» دېگەن ئىلمى ماقالىسىنى پۈتتۈرگەن ھېيتى، 1950-يىلى پەلسەپە كەسپى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ.

دوكتور ھېيتىنىڭ تۇنجى ئىلمى ئىشى گېرمانىيە تەتقىقات جەمىيىتىنىڭ ئوقۇش پۇلىغا تايىنىپ يېزىپ چىققان نېمىسچە «20-ئەسىردىكى تۈركىستان» دېگەن ئەسەردۇر. دوكتور ھېيتى، بۇ ئەسىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن يالغۇز كىشىلىك تۈركىستان تەتقىقات يۇرتىغا ئوخشاش پائالىيەت قىلىپ كەلگەن بولۇپ، 30 يىلغا يېقىن ۋاقىت جەريانىدا نېمىسچە، تۈركچە ۋە ئېنگىلىزچە بولۇپ جەمئى 8 ئاساسى بىلىم كىتاۋى ۋە 13 پارچە رىسالە، يۈزلەرچە ماقالە ئېلان قىلىدۇ. بۇ پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە دۇنياۋى شۆھرەتكە ئېرىشكەن باي مىرزا ھېيتى، ئا ق ش نىڭ خارۋاد (1966)، تۈركىيىنىڭ ھاجىتۆپە (1974) ۋە مەرمەر (1986) ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدە تەكلىپ قىلىنغان پروفىسسور سۈپىتىدە دەرس بېرىدۇ ھەمدە نۇرغۇنلىغان خەلقارالىق يىغىنلاردا دوكلاتلارنى بېرىپ، ھەر تۈرلۈك ساھەلەرگە تەۋە تۈركىستان مەسىلىلىرىنى، تۈركىستان ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇرۇپ چىقىدۇ.

(رەسىم ئورنى)

دوكتور بايمىرزا ھېيتى (1990-يىللىرى)

م ت ب ك تەشكىلاتى ئاكتىپ پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقان يىللاردا، دوكتور ھېيتى ئىلمى پائالىيەتلىرى بىلەن بىر قاتاردا سىياسى پائالىيەتلەر بىلەنمۇ شوغۇللانغان ئىدى. 1953 ـ ۋە 1960 ـ يىللار ئىچىدە تۈركىيە، مىسىر، ئەرەبىستان، ئىئوردانىيە، سۈرىيە ۋە پاكىستان قاتارىدىكى ئەللەردە ياشايدىغان تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنى م ت ب ك تەۋەسىدە تەشكىللەش پائالىيەتلىرى بىلەن شوغۇللىنىدۇ. م ت ب ك نىڭ سىياسى تەسىرى ئاجىزلاشقان يىللاردا بولسا، مۇھاجىرلارغا قارىتىلغان پائالىيەتلىرىنى شەخسى ھەرىكەت قاتارىدا داۋاملاشتۇرىدۇ. دوكتور ھېيتىنىڭ سىياسى ۋە ئىلمى پائالىيەتلىرى باشتىن تارتىپ سوۋېت دائىرىلىرىنى ۋە سوۋېت ئىلمى خادىملىرىنى بەكلا ئۈركىتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ شەخسىيىتى ۋە پائالىيەتلىرىگە قارشى بەكلا كۆپ ھۇجۇملار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

## سوغۇق ئۇرۇش دەۋرلىرىدە تۈركىيە

ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەۋرلەردە تۈركىيەدىكى تۈركىستانلىقلار، تۈركىيەدە كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈم يولغا قويۇلغىنىدىن كېيىنلا ئاندىن پائالىيەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. شۇڭا، 1950 ـ يىللارغا كەلگىچە تۈركىيەدە ئاشكارە پائالىيەت قىلالايدىغان بىرمۇ تەشكىلات يوق ئىدى. تاھىر چاغاتاي رەئىسلىكىدىكى ت م ب ئەزالىرى ئىستانبۇل بىلەن ئەنقەرەدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارغا تارقىلىپ كەتكەن ئىدى. ت م ب، 1953 ـ يىلىسى مىيونخېندا قۇرۇلغان پارىژ گۇرۇھىغا ئەزا بولغانىدى. ئەمما بۇ گۇرۇھ، پرومېتېي ھەرىكىتىچىلىك كۈچلۈك تەسىر كۆرستەلەيدىغان تەشكىلات ھالىغا كېلەلمەيدۇ. ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەۋرلەردە م ت ب ك نى ۋەلى قېيۇمخان بىلەن ئۇنىڭ سەبداشلىرى قايتىدىن ئاكتىپ ھالغا كەلتۈرىشى ھەمدە مىللى تۈركىستان مەجمۇئەسىنى نەشرى قىلىش نەتىجىسىدە، تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەرنىڭ مەركىزى ئاساسەن ئالغاندا گېرمانىيىگە كۆچكەن ھېساپلىنىدۇ. بۇ جەرياندا م ت ب ك بىلەن تۈرك ئېلى كومىتىتى ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتقان كۈرەشنىڭ تەسىرى تۈركىيەدىكىلەرگىمۇ ئۆز تەسىرىنى يۇقتۇرۇشى نەتىجىسىدە، ئۇلارنى تەرەپ تۇتۇپ ھىمايە قىلىدىغان گۇرۇپپىلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ.

ت م ب نى قايتىدىن ئاكتىپ پائالىيەت قىلىدىغان بىر ئورگان ھالىغا كەلتۈرۈشنى ئويلىغان تاھىر چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى، تۈركىستانلىقلارنىڭ گېرمانىيىدىكى تەشكىلاتلارغا ئەگىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن بەكلا ئىچى پۇشاتتى. پروفىسسور چاغاتاي، 1952 ـ يىلىسى ئېلان قىلغان بىر كىتاۋچە ئارقىلىق گېرمانىيىدىكى ھەر ئىككىلا تەشكىلاتقا قارشى پائالىيەت قوزغايدۇ. «تۈركىستانغا

دائىر بەزى ۋەقەلەر ھەققىدە قاراشلىرىمىز» نامى بىلەن ئېلان قىلىنغان بۇ كىتاپ، قايتىدىن مۇنازىرە ۋە زىدىيەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. «تۈركىستان ياشلىرى» نەشرىياتى نامىدا چىقىرىلغان بۇ كىتاپتا تاھىر چاغاتاي ئۆز ئىسمىنى ئىشلەتمىگەن بولۇپ، "ئىستىقلالچى" دېگەن تەخەللۇسنى تاللىۋالغان.

ت م ب رەئىسى تاھىر چاغاتاينىڭ قارىشىچە، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا قانات يايدۇرۇلغان پائالىيەتلەر، تۈركىستان مىللى كۈرەشلىرىدە بۇرۇندىن ئاكتىپ رول ئوينىغان كەلگەن تەشكىلاتلار (ت م ب نى كۆزدە تۇتماقتا. — ئاپتوردىن) نىڭ قاتنىششى بولماي تۇرۇپ ئەينى ۋاقىتنىڭ سىياسى مۇھىت تەسىرى ئاستىدىلا ئوتتۇرغا چىققان ھادىسە ھېساپلىنىدىكەن؛ پۈتۈن ئۇ دەۋر جەريانىدا ت م ب ئەزالىرى تۈركىيىگە يىغىلىپ ۋەزىيەت كۈزىتىش بىلان شوغۇللانغان. پروفېسسور چاغاتاي، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ گېرمانىيىدىكى تەشكىلاتلاردىن بىرسى بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئىدى دېمەكچى بولغانلىقى سەۋەبىدىن بۇ تۈردىكى ئىزاھات بېرىش زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ كىتاۋىدا، ۋەلى قېيۇمخان چىقىرىۋاتقان ژورناللاردا ئۆزبەك شىۋىسىدىن پايدىلانغانلىقىنى تەنقىتلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ:

> ھەقىقەتەنمۇ بارلىق تۈركىستانلىقلار چۈشىنەلەيدىغان بىر يېزىق تىلى تۈزۈپ چىقىش ئىشى ئىستىقباللىمىزنى ئويلايدىغان ھەربىر بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ مۇقەددەس غايىسى ئىكەنلىكى ئېنىق. ... بارلىق تۈركىستانلىقلار ئۇچۇن ئورتاق بولغان بىر يېزىق تەييارلاپ چىقماي تۇرۇپ، ئوتتۇردا بار بىر تىلنى تۈركىستاننىڭ ئورتاق تىلى دەپ، ئۇ تىلنى خەلقىمىزگە تېڭىشقا ئۇرۇنۇشنىڭ مىللى ھەرىكىتىمىزگە قىلچە پايدىسى يوق. ... ئەسلىدە، مۇھاجىرەتتىكىلەرنىڭ ئايرىم شىۋىلەر بويىچە ماقالە يېزىشى ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزگە تەسىر كۆرسىتىش نوقتىسىدىن ئېيتقاندا پايدىلىق بىر ئىش دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ۋەلى قېيۇمخان ئوتتۇرغا قويغان تۈركىستاندا رەئىسلىك تۈزۈمىنى ئورنىتىش مەسىلىسى بىلەن، تۈرك ئېلى كومىتېتىنىڭ غەربى تۈركىستاننى رايونلارغا بۆلۈپ فېدېراتسىيە تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش پىلانلىرىنىمۇ تەنقىتلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ:

> تۈركىستاندا مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن دۆلىتىمىزنىڭ قۇرۇلۇشى، ھۆكۈمەت تەشكىلى ۋە مەمۇرى ئورگانلار جەھەتتە قايسى شەكىل تاللاپ ئېلىنىدىغانلىقىنى ھازىردىن تارتىپ كېسىپ ئېيتىش تەس. ... بۇ جەھەتتىكى ئىشلاردا خەلق نېمىنى ئارزۇ قىلىدىغان بولسا شۇنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىمىز ئېنىق.

... غەربى تۈركىستاننى ئورتا، غەربى ۋە جەنۇبى تۈركىستان دەپ قىسملارغا پارچىلاش پىكرى قىلچە ئاساسى بولمىغان سۈنئى، مەنىسى يوق پىكىر ئىكەنلىكى ئۈستىدە توختالماي تۇرالمايمىز.

ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ بىر بولسا ت م ب نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتراپ قىلماسلىق، ياكى ئېتراپ قىلىشقا مەجبۇر قالغانلىرىدا مۇستاپا چوقاي ئوغلىنى كۆنلۈك قىلىۋېلىشىنى، تاھىر چاغاتاي بىر-بىرسىنى ئىنكار قىلىدىغان پۈتۈنلەي زىت قاراش دەپ باھالايدۇ:

ئۇلار قىلغاندەك، ت م ب تەشكىلاتىنى يوق ھېساپلاپ باشقىدىن تەشكىلات قۇرۇپ چىققانلىقى، گويا بۇ ئىشلار ئەندىلا باشلانغان ئىشلاردەك ھەرىكەتكە ئاتلانغانلىقى، ياتلارغا، تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنى ياخشى بىلمەيدىغان يۇرتداشلىرىمىزغا، مىللى ئازاتلىق كۈرىشىمىز غايىسى بولمىغان، يۇرت تەۋەسىدە ئاساسى بولمىغان بىر ھەرىكەت قىلىپ كۆرۈنىشكە سەۋەپچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

كىتاپنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا، تۈركىستانلىقلارغا قارىتا مۇنداق بىر ئۇمۇمى چاقىرىقنى ئوتتۇرغا قويىدۇ:

مۇساپىر ۋە مۇھاجىر يۇرتداشلار ئارىسىدا بۈگۈنكى كۈندە قولىدا بار شارائىتلار بىلەن دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشى بىزنى باشقىدىن رەتكە سېلىنىپ قايتا كۈچىيىشىمىزنى، پائالىيەتلىرىمىزنى مۇقەددەس بىر كۈرەش ئەتراپىغا توپلاش، بىر تۇتاش ھەرىكەت قىلىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈش زورۇرىيىتى بارلىقىنى كۆرسەتمەكتە. بۇ تۆردىكى بىرلىشىش ۋەتەن ئىچىدە (تۈركىستان كۆزدە تۇتۇلماقتا. — ئاپتور) مۇستەقىللىق كۈرىشىمىزنىڭ ھۇلىنى سالغان ت م ب نامى ئاستىدا بولىشى، بىزنىڭچە ئەڭ مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلغانلىق ھېساپلىنىدۇ.

تاھىر چاغاتاي بىلەن ئۇنىڭ سەبداشلىرى بىر تەرەپتىن تۈركىيىدىكى قالغان تۈركى گۇرۇپپىلارنىڭ مىللى تەشكىلاتلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ يېتەكچىلىرىنى بىر نوختىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە كىرىشىدۇ. 1952-يىلى ئافرىل ئېيىدا ئەزەربەيجان، ئىدىل-ئۇرال، قىرىم، شىمالى كاپكازىيە ۋە

تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ يىتەكچىلىرى بىر يەرگە كېلىپ، «رۇسىيىگە قۇل قىلىنغان مۇستەقىلچى تۈركلەر سېپى» نامىدا مەخپىي تەشكىلاتتىن بىرنى قۇرۇپ چىقىش قارارىنى ئېلىشىدۇ. ئىمزالانغان كېلىشىمنىڭ كىرىش سۆزىدە تۆۋەندىكىلەر تىلغا ئېلىنغان:

ئەزەربەيجان، ئىدىل-ئۇرال، قىرىم، شىمالى كاپكازىيە ۋە تۈركىستان مىللى مەركەزلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ ئورتاق يىغىنىدا، ئىمزالانغان بىرلەشكەن مىللەتلەر كېلىشىمنامىسىنىڭ مەزمۇنى ۋە مەفادىغا ئاساسلانغان ھالدا ۋەكىللىك قىلىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىنسانىيەت جەمىيىتىدە بىرەر مۇقىم ۋە پاراۋانلىق ئاساسىدا ياشىشى ئۈچۈن تەبىئى چېگرالار ئىچىدە تولۇق مۇستەقىللىققا ئېرىشتۈرۈلىشى مۇتلەق ئېھتىياج بولىدىغانلىقىغا ئورتاق پىكىر بىرلىكىگە كېلىشتى. بۇ غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئومۇمى ۋە تارىخىي دۈشمەنلىرى بولغان رۇسىيە جاھانگىرلىكىگە قارشى كۈرەشلەردە ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزلىرى تەۋە بولغان خەلقلەر ئارىسىدا تىل، دىن، تارىخ ۋە مىللى مەدەنىيەت جەھەتلەردە مەۋجۇت بولغان ئورتاقلىق ۋە يېقىنلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى، بۇلاردىن كېلىپ چىققان سىياسى مەنپەئەت ئورتاقلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، 1936-يىلى 26-ئافرىل پارىژ قۇرۇلتىيىدا كۆرسىتىلگەن تۆۋەندىكى ئاساسلار بويىچە ئورتاق پائالىيەت كۆرسىتىشنى باش تارتىپ بولمايدىغان بىر قەرزىمىز دەپ تونۇيدۇ.

بۇ تەشكىلاتنىڭ شەكىللىنىش ۋە پائالىيەت پىرىنسىپلىرى 1936-يىلى پارىژدا شەكىللەندۈرۈلگەن تۈركلەر سېپى پىرىنسىپلىرىغا ئوخشاپ كېتەتتى. مىللى مەركەزلەر تەرىپىدىن سايلانغان ۋەكىللەر پىلانلىق بىر شەكىلدە يىغىنلار ئېچىپ، قارارلار قوبۇل قىلىپ تۇرىدىغان بولىدۇ. بۇ سىستېمىنىڭ پائالىيەتلىرى بىر باش كاتىپ ۋاستىسىغا تايىنىپ قانات يايدۇرۇلىدىغان بولىدۇ. بۇ فرونت، دەسلەپتە ئايلىق ژورنالدىن بىرنى چىقىرىدىغان بولىدۇ. ئاندىن كېيىن يەنە قۇل قىلىنغان تۈرك ئەللەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىن بىرنى قۇرۇپ چىقىدۇ. كېيىنكى ئەھۋالدىن قارىغىنىمىزدا، بۇ فرونتنىڭ قۇرۇلىشى قەغەز يۈزىدىلا قالغان بىر ئىش ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. يەنى بەلگىلىمىدە بېكىتىلگەن ژورنال چىقىرىش ئىشمۇ ئىشقا ئاشماي قالغان. بۇ فرونتنىڭ قايسى تۈردىكى پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللانغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ھېچقانداق بىر ھۆججەت تېپىلمىدى.

1952-يىلى ئوتتۇرلىرىدا ت م ب ئەزالىرى شەرقى تۈركىستان يىتەكچىلىرىدىن مەمتىمىن بۇغرا (م. بۇغرا 1901-يىلى خوتەندە تۇغۇلغان. 1924~31-يىللىرىدا

مەدرىسىنىڭ باش مۇددەرىسى بولغان. 1933 ـ يىلى خوتەن ۋە يەركەنت ۋىلايەتلىرىدە قۇرۇلغان ۋاقىتلىق مۇستەقىل ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ۋە باش قوماندانى بولغان. بىر يىلدىن كېيىن ھىندىستان ئارقىلىق ئافغانىستانغا پانالىق تىلەپ چىقىپ كەتكەن. 1943 ـ يىلى قايتىدىن شەرقى تۈركىستانغا قايتىپ بېرىپ [ئاپتور بۇ يەردە ھەزرىتىنىڭ خىتايغا بارغانلىقىنى كۆزدە تۇتسا كېرەك. — ئۇ.ت] مۇستەقىللىق كۈرىشىگە قاتنىشىدۇ. شەرقى تۈركىستاندا قۇرۇلغان ھۆكۈمەتتە دەسلىۋىدە نافىيە ۋەكىلى بولىدۇ، كېيىن يەنە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مۇئاۋىن باشلىقى بولىدۇ. 1949 ـ يىلى كومۇنىستلار ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئالغاندىن كېيىن ھىندىستانغا پانالىق تىلەپ چىقىپ كەتكەن. كېيىن ئۇ يەردىن تۈركىيىگە كېلىۋالغان. تۈركىيىدە «تۈركىستان»، «تۈركىستان ئاۋازى» ژورناللىرىنى چىقىرىدۇ. شەرقى تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى يېزىپ ئېلان قىلىدۇ. 1965 ـ يىلى 14 ـ ئىيۇن كۈنىسى ئەنقەرەدە ۋاپات بولىدۇ. — ئا.ھ. ئىزاھاتى) بىلەن بىرلىشىپ بىر ژورنال چىقىرىشنى سىناق قىلىدۇ. بۇ جەرياندا يەنە بىر جەمىيەت قۇرۇش لايىھىسىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىشىدۇ.

تاھىر چاغاتاي بىلەن سەبداشلىرى شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، تۈركىيىدە ئەڭ پائال ھەرىكەت قىلغان ۋاقىتلاردىكى مەخپى پائالىيەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان ت م ب تەشكىلاتى، مۇستاپا چوقاي ئوغلى بىلەن مەجدىدىن دەلىل قاتارىدىكى كۈچلۈك يېتەكچىلەردىن ئايرىلىپ قالغانلىقى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئىچىدە شەكىللەنگەن ۋەزىيەت قاتارلىقلار سەۋەبىدىن، ئاساسەن جانلىق پائالىيەت قىلىش ۋەزىيىتىنى يارىتىش كۈچىدىن مەھرۇم قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. نەتىجىدە، 1950 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە، ت م ب، سابىق تۈركىستان ياشلىرى گۇرۇپپىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئاز بىر قىسىم كىشىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان بىر تەشكىلات ھالىغا كېلىپ قالىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، ت م ب نىڭ يوقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان چاقىرىقلىرى تۈركىيىدىكى تۈركىستانلىقلار ئارىسىدا ئاساسەن بىرەر قىزىقىش قوزغىيالمايدۇ. ت م ب ئەزالىرىدىن تەشكىل تاپقان پارىژ گۇرۇھىدىكىلەرمۇ ئەنە شۇنداق بىر چېكىنىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرمەكتە ئىدى. 1966 ـ يىلىدىن باشلاپ بۇ تەشكىلاتلار ئاساسەن ئالغاندا پەقەت ئاتاقتا بار بىر تەشكىلات ھالىغا كېلىپ قالىدۇ. 1986 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگىنىدە تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ (پارىژ گۇرۇھىدىكىلەردە 1969 ـ يىلى ميۇنخېن قۇرۇلتىيىدا ئۇكرائىنا ۋاكالەتچىسى لىۋىكتى رەئىس، بىلروسىيە ۋاكالەتچىسى بورتنىك مۇئاۋىن رەئىس ۋە ئىدىل ـ ئۇرال لىق ئەلى ئېقىش باش كاتىپ بولۇپ سايلىنىدۇ. 1973 ـ يىلقى قۇرۇلتايدا يەنە بۇ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى داۋاملىق ئورنىدا قالىدۇ. 1986 ـ يىلى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا باشلانغان گلاسنوست ۋە پېرېستروئىكا سىياسىتى بىلەن تەڭ پارىژ گۇرۇھى تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ. —

ئا.ھ. ئىزاھاتى). ژورنال چىقىرىش ۋە جەمىيەت قۇرۇشقا تۇتۇش قىلىپ باققان بولسىمۇ، ئۆزئۆزىچە بەرداشلىق بىرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ ت م ب تەشكىلاتى تاھىر چاغاتاي بىلەن ئابدۇۋاھاپ ئوقتاينىڭ شەخسى تىرىشچانلىقلىرى بىلەنلا چەكلەنگەن بىر تەشكىلاتقا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ ئىككى كىشى، ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرغىچە «تۈركىستان ياشلىرى نەشرىياتى» نامىدا نۇرغۇنلىغان كىتاپ، بىروشۇر ۋە ماقالىلارغا ئاپتورلۇق قىلىدۇ.

# تۈركىستان جەمىيەتلىرى ۋە قايتا تەشكىللىنىش جەريانى

ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەۋرلەردە تۈركىيىدىكى رەسمى تۈردە تەشكىلاتلىنىش ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىقلار، يەنە شۇ كونا يىتەكچىلەر باشچىلىقىدا باشلىنىلىدۇ. تەڭ باشلانغان بۇ تۈردىكى پائالىيەتلەردىن بىرسىنى پروفىسسور زەكى ۋەلىدى توغان باشلاتقان بولۇپ، يەنە بىرسىنى سابىق ياش تۈركىستانچىلاردىن بولغان پروفىسسور ئىبراھىم يارقىن باشلاپ بېرىدۇ.

زەكى ۋەلىدى توغان، گېرمانىيىدىكى تۈرك ئېلى كومىتتى قۇرۇلۇشىغا ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىگە كۈچلۈك ياردەم قىلىپ باققان بولسىمۇ، بۇ ئورگان بەك ئۇزۇن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. گېرمانىيىدە تۇرىۋاتقان تۈركىستانلىقلار سانىنىڭ بەكلا ئازلىقى، ئۇ يەردە پائالىيەت قىلىۋاتقان سىياسى تەشكىلاتلارنىڭ تۈركىستان جامائەتچىلىكى بىلەن مۇناسىۋەت تىكلىشىنى بەكلا تەسلەشتۈرىۋەتكەنىدى. يەنە بىر تەرەپتىن تۈركىيىدە دېموكرات پارتىيىسىنىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىشى بىلەن بىرگە سىياسى ۋەزىيەت كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلانغان، تاشقى تۈركلەرنىڭ بىرەر تەشكىلات قۇرۇپ چىقىشى جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلار خېلىلا ئازايغان بىر ۋەزىيەت شەكىللەنمەكتە ئىدى. بۇ تۈردىكى ۋەزىيەتنى مۆھاكىمە قىلغان زەكى ۋەلىدى توغان، جەمىيەتتىن بىرنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن لازىملىق بولغان تەييارلىقلارنى باشلىتىپ، 1952.3.28 كۈنىسى تۈركىستان مەدەنىيەت جەمىيىتىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ جەمىيەتنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئىچىدە 1920 ـ يىللاردا تۈركىستاندىكى سىياسى تەشكىلات قۇرۇش ئىشلىرىغا ياردەلەشكەن سابىق خەلق ۋەكىلى ئىسمايىل ھەققى سويساللىئوغلىمۇ بار ئىدى (بۇ جەمىيەتنىڭ قالغان قۇرغۇچى ئەزالىرى تۆۋەندىكى كىشلەردىن تەركىپ تاپماقتا ئىدى: مۇرات خېلىل ئوغلى، ئەرئەلى سۇندىباي، ئادنان ئۆزبەك، ئەھەت بەكقۇل ۋە سابىرجان ئۆزتۈرك. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). بۇ جەمىيەتنىڭ ھەرىكەت پىلانىدىكى مۇنۇ نوقتىلار ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى قىزىقتۇراتتى:

ۋەتىنىدىن ئايرىلغان تۈركىستانلىقلار مەركەزلەشكەن خەلق توپى ھالىدا ھەر قايسى ئەللەردە ياشىماقتا. بۇلاردىن شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ مىللى كۈرەشلىرى ھازىرمۇ بار بولغان ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قانات يايدۇرۇلماقتا. جەمىيىتىمىزنىڭ كۈرىشى بولسا ۋولگىغا قەدەر سوزۇلغان تۈرك ئېلى دەپ نام بېرىلگەن ئۇلۇغ تۈركىستاننىڭ مەدەنىيەت كۈرىشىدۇر. ...

ئومۇمى تۈركىستانلىقلارنىڭ يەنە بىر چوڭ مەسىلىسى ئەدەبى تىل مەسىلىسى ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇلۇغ تۈركىستان ساھەسىدە ئۇرۇسلار تەرىپىدىن قازاق، ئۆزبەك، قىرغىز، تۈركمەن، قاراقالپاق، ئۇيغۇر، باشقىرت ۋە تاتار شۋىلىرىدە بولۇپ جەمئى 8 مۇستەقىل ئەدەبى تىل يارىتىلغان. ...

مۇھاجىرىدىكى تۈركىستانلىقلارغا ياردەم قىلىش مەسىلىسگە كەلسەك، ... بىلىم ئېلىش ياكى مۇھاجىر سۈپىتى بىلەن كەلگەن تۈركىستانلىقلارغا ياردەم قىلىش ئىشلىرى تۈركىينىڭ مەدەنىيەت ۋە ياردەملىشىش مۇئەسسەلىرىدىن پايدىلىنىشنى ئاساس قىلغان ھالدا پىلانلانلاندى. يەنى، جەمىيىتىمىز بىۋاستە ھالدا بىر ياردەم بېرىش جەمىيىتى ھېساپلانمايدۇ. ... جەمىيىتىمىز سىياسەت ئىشلىرى بىلەن شوغۇللىنالمايدىغان بىر جەمىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋەتىنى، ياكى بولمىسا ھەر بىر قەۋمىلەر، ۋە ياكى ئۇلارنىڭ بىرلىكىگە ۋاكالىتەن كۈرەش قىلىش پائالىيەتلىرى بىلەن شوغۇللىنالمايدۇ. ... جەمىيىتىمىز ئەزا كۆپەيتىمىز دەپمۇ ئۇرۇنمايدۇ.

جەمىيەت نىزامنامىسىدا يەنە، تۈركىستانلىقلارنىڭ تىللىرىنى، مەدەنى ئالاھىدىلىكلىرىنى يوقۇتۇپ قويماسلىقى ئۈچۈن پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللىنىدىغانلىقى، بۇ مەقسەتتە مەتبۇئاتچىلىق پائالىيەتلىرى بىلەن يىغىن-دوكلاتلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

زەكى ۋەلىدى توغان، شەرق تۈركلىرى يېتىشتۈرگەن نادىر ئالىم ۋە سىياسەتچىلىرىدىن بىرى ھېساپلىناتتى. ئەمما ئۇ چەت دۆلەتلەردە يېتەرلىك دەرىجىدە خەلق ھىمايىسىگە ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئارزۇ قىلغىنىدەك ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتەلىگىدەك سىياسى پائالىيەت بىلەن شوغۇللىنىش پۇرسىتىگە پەقەتلا ئېرىشەلمەي كەلدى. تاشقى تۈرك مۇھىتى ئىچىدە ئورۇن ئېلىنىشى پىلانلانغان "باشقىردىستان، ئەمەلىيەتتە تاتارىستاندىن ئايرىم بىر جاي بولۇش

بىلەن بىرگە، تۈركىستاننىڭ بىر تەركىۋى قىسمى ھېساپلىناتتى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ ئىككى جاي بىرلىكتە تۈرك ئېلى تەۋەسىنىڭ بىر پۈتۈنلىكىنى تەشكىل قىلىشى كېرەك دەيدىغان كۆزقاراشنى تۈركىستانلىقلار ئارىسدا قايىل قىلغىدەك قوبۇل قىلدۇرالماي، بۇ جەھەتتە چەتئەلدە مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن تۈركىستانلىقلارنىڭ ھىمايىسىنىمۇ قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن چارروسىيە دەۋرىدە روسىيىگە قۇل قىلىنغان تۈركلەرنىڭ مىللى ھېسسىياتقا ئېرىشتۈرۈلىشى جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىغان ئىدىل-ئۇرال تۈركلىرى بۇنداق بىر قاراشنى بۆلگۈنچىلىك قىلغانلىق دەپ ھېساپلىشىپ، زەكى ۋەلىدىنى باشقىرتچىلىق بىلەن شوغۇللىنىپ تۈركى قەۋىملەرنى پارچىلاشقا ئۇرۇندى دەپ ئەيىپلەپ كېلىشتى.

زەكى ۋەلىدى توغان بۇ قېتىمقى ئەڭ ئاخىرقى تىرىشچانلىقلىرىدىمۇ بارلىق شەرق تۈركلىرىنى بىرلەشتۈرىدىغان «ئۇلۇغ تۈركىستان» ياكى «بۈيۈك تۈرك ئېلى» دەيدىغان قاراش بويىچە ھەرىكەت باشلىغان ئىدى. ئەمما 1928-يىللىرى «تۈركىستان ۋە ئەزەربەيجاننى ئۆگىنىش تەتقىقات يۇرتى» نى قۇرۇشقا تىرىشقان ۋاقىتلىرىدىكىگە ئوخشاش خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەنلىكى ئۈچۈن، قۇرماقچى بولغان جەمىيەتنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش مەقسىتىدە ئەزا سانىنى كۆپەيتىش دەيدىغان بىر ئەندىشىمىز يوق دەيدىغان قارىشىنى جەمىيەتنىڭ نىزامنامىسىغا مەخسۇس قىستۇرۇپ قويغانىدى. ۋەلىدى ئۆزى بىر ئۇنىۋېرسىتېت پروفىسورى بولغانلىقى ئۈچۈن، جەمىيەت رەئىسلىكىنى مۇرات خېلىل ئوغلىغا بېرىدۇ. تۈركىستان مەدەنىيەتلىرى جەمىيىتىنىڭ پائالىيەت قىلغانلىقى توغرىلىق بىردىن-بىر ئىسپاتى ئورنىدا بىر قېتىملىق ئىلمى دوكلات باغىقلا ساقلىنىپ قالغان ئىدى. زەكى ۋەلىدى توغان دوكلاتچى بولۇپ ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان بۇ ئىلمى دوكلاتنىڭ تېمىسى «تۈركىستان بىلەن روسىيە مۇسۇلمانلىرىغا دائىر كېيىنكى يىللاردىكى غەرپ نەشرىيات پائالىيەتلىرى» بولۇپ، جەمىيەت ئىشخانىسى بەكلا تار بولغاچقا، بۇ تىمىغا مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن ئاز كىشىلەرنى بۇ دوكلاتقا تەكلىپ قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. ئەپسۇسكى، بۇ جەمىيەت پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرالماي ئۇزۇنغا قالماي تاقىلىپ قالىدۇ. بۇ ئىشلار زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ تاشقى تۈركلەرگە مۇناسىۋەتلىك سىياسى سەھنىلەردە ئېلىپ بارغان ئەڭ ئاخىرقى پائالىيەت ئۇرۇنۇشلىرىدىن بىرى بولۇپ قالىدۇ.

زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ بۇ تۆردىكى پائالىيەتلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان پائالىيەتلەردىن بىرىنى، يەنە شۇ دەۋرلەردە سابىق ت م ب ئەزالىرىمۇ قانات يايدۇرۇشقا تىرىشىپ كۆرىدۇ. پروفېسسور تاھىر چاغاتاي، پروفېسسور ئىبراھىم يارقىن، ئەخمەت نايىم ئۆكتەم، تىمور ئۆزبەك ۋە ئىبراھىم مۇتلۇ قاتارىدىكى ت م ب ئەزالىرى مەركىزى ئورگىنىنى ئەنقەرەدە قۇرۇش ئارقىلىق «تۈركىستانلىقلار ھەمكارلىق

جەمىيتى» نامىدا بىر جەمىيەت قۇرۇپ چىققانىدى. 1952ـ يىلى 24ـ مارىدا چاقىرىلغان قۇرۇلتىيىدا رەئىسلىككە ئىبراھىم يارقىن تەيىنلەنگەن ئىدى. بۇ جەمىيەتنىڭ ئىستانبۇلدىكى شۆبىسىگە ئابدۇۋاھاپ ئوكتاي يېتەكچىلىك قىلىدىغان قىلىپ پىلانلاشقانىدى. نىزامنامىغا ئاساسەن، بۇ جەمىيەتنىڭ غايىسى تۈركىستاننى تونۇشتۇرۇش، تۈركىستان تارىخى بىلەن تۈركىستان مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش، تۈركىستانلىقلار ئارىسىدا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش مەقسەت قىلىنىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن ئىدى. جەمىيەت قۇرۇلۇپ ئۇزۇنغا قالماي تۈركىستانلىق زىيالىلار ئوتتۇرىسىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان بىر قاتار يىغىنلار نەتىجىسىدە، بىر نەشرىيات ئەپكارى چىقىرىش زۆرۈرلىكى ماقۇل كۆرىلىدۇ. ۋەلى قېيۇمخان يېتەكچىلىكىدىكى م ت ب ك نىڭ ئەپكار ئورگىنى بولغان «مىللى تۈركىستان» غا تاقابىل تۇرالايدىغان بىر ژورنال دەپ قارالغان بۇ ژورنالغا دائىر پائالىيەتلەرگە، «ياش تۈركىستان» دەۋرىدە مول تەجرىبىگە ئېرىشكەن ئابدۇۋاھاپ ئوكتاي بىلەن شەرقى تۈركىستانلىق يېتەكچىلەردىن مەمتىمىن بۇغرا ئىككىسى مەسئۇل بولىدىغان بولىدۇ.

چىقارماقچى بولغان بۇ ژورنال كەڭ دائىرىلىك جامائەتچىلىكنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىشنى كۆزدە تۇتۇپ، تۈركىيەدىكى زىيالىلارغىلا تايىنىش بىلەن چەكلىنىپ قالماي، مىسىر، پاكىستان، ئەرەبىستان، ئىئوردانىيە، ئافغانىستان قاتارلىق ئەللەردە تۇرىۋاتقان نۇرغۇنلىغان تۈركىستانلىق كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت تىكلەيدۇ (ژورنال مەسىلىسىدە مۇناسىۋەت تىكلەنگەن كىشىلەر ئۇ دەۋرلەردە تۈركىيىدە ۋە شەرق ئەللىرىدە تۇرىدىغان، ت م ب بىلەن ئالاقىسى بولغان تۈركىستانلىق زىيالىلارنىڭ ئىسمى ئوتتۇرغا چىققانلىقى كىشىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىدۇ. بۇ پائالىيەتكە تۈركىيىدىن ئەنقەرە گۇرۇپپىسى تەۋەسىدىن بولۇپ پروفىسسور دوكتور تاھىر چاغاتاي، پروفىسسور دوكتور ئىبراھىم يارقىن، دوكتور سالىھ ئەركىنقول، پروفىسسور دوكتور مىجىت ئوكتاي، ئىبراھىم مۇتلۇ، تۆمور ئۆزبەك، پروفىسسور دوكتور سەئىد ئەلى ئەنقەرە؛ ئىستانبۇل گۇرۇپپىسىدىكىلەردىن بولۇپ دوكتور ئەخمەت نائىم ئۆكتەم، ئەفدال ۋېنسۇرەل، ياقۇپ ئېلبەك، پروفسور دوكتور ئەخمەتجان ئوكاي، ئىلھام مۇساباي، ئابدۇللا رەجەپ بايسۇن، دوكتور مەقسۇت تارىم؛ تۈركىيىنىڭ قالغان شەھەرىدىكىلەردىن سابىر تۈركىستانلى ‹ئالپۇلدىن› ، دوكتور راسىھ ئۆزگەن ‹ئادانادىن› ، پودپولكوۋنىك دوكتور ۋاسى مىرزىتاش ‹سارىقامىشتىن› ، نادىر رىجال ئوغلى ‹بۇرسادىن› ، دوكتور زاھىت ئۆزبۆلاق ‹سىلىفكەدىن› ، ئەخمەت شۆكۈرى ئاتامان ‹ئاقسەكىدىن› قاتارلىقلار تىزىملانغان. چەت دۆلەتلەردىن قاتناشتۇرۇلغانلار ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ‹كەشمىردىن› ، سەتتار چولپان ‹كەشمىردىن› ، پۇلات قادىرى ‹كەشمىردىن› ، ئىبراھىم ۋاسلى ‹مىسىردىن› ، مەمتىمىن ئىسلامى ‹مىسىردىن› ، ئەزەم ھاشىمى

‹كاراچىدىن› ، سەيىت قاسىم ئەنجانلىق ‹كاراچىدىن› ، مەخمۇت ئايقارلى ‹پىشاۋۇردىن› ، ھەمدۇللا مەھەممەدى ‹مەككىدىن› . تۈركىيىدىن بۇ تىزىملىكتە بار بولغانلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك سابىق ت م ب گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرىغا مەنسۇپ كىشىلەردىن تەركىپ تېپىشى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر نوقتا. شۇنىڭدەك يەنە پىشاۋۇردىن مەخمۇت ئايقارلىنىڭ بۇ تىزىملىككە ئېلىنغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى گۇمانلارنىڭ خېلىلا ئازايغانلىقىنى، تۈركىستانلىق زىيالىلار ئارىسىدا قايتىدىن ئىشەنچكە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سوۋېت ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ "مەخمۇت ئايقارلى تۈركىيە جاسۇسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئافغانىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قاماققا ئېلىنغان. سوۋېت جاسۇسى بولغان بولسا ئىدى، سوۋېتلەر ئۇنى دەرھال تۈرمىدىن چىقىرىۋالغان بولاتتى" دېگەندەك تەشۋىق قىلىشلىرى تۈركىستانلىقلار ئىچىدە ماقۇل كۆرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. — ئا.ھ. ئىزاھاتى). 5~6 ئاي داۋام قىلغان تەييارلىق باسقۇچىدىن كېيىن، 1953 ـ يىلىنىڭ ئافرىل ئېيىدا «تۈركىستان» دېگەن نامدا ئايلىق بىر ژورنال چىقىرىلىش باشلاندى. ژورنالنىڭ باش تەھرىرلىكىنى شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ داڭلىق يېتەكچىسى مەمتىمىن بۇغرا ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ ژورنالنىڭ تەھرىر ھەيئىتى ئاساسەن تۈركىستان مىللى ئىتتىپاق ئەزالىرى تەرىپىدىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى. 30 ـ يىللاردا «ياش تۈركىستان» جورنىلى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە بولسا «ياش تۈركىستان» مەتبۇئاتلىرىنىڭ تېخنىك مەسئۇللىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەن ئابدۇۋاھاپ ئوكتاي، بۇ ژورنالنى سىناق قىلىپ چىقىرىشتا مەمتىمىن بۇغرا بىلەن بىرگە ئىشلەيدۇ. بۇندىن باشقا يەنە ژورنالنىڭ تەھرىر بۆلۈمىدە تاھىر چاغاتاي بىلەن ئىبراھىم يارقىنغا ئوخشاش سابىق ت م ب چىلارمۇ بار ئىدى. بۇ تۆردىكى تەركىپكە ئاساسەن ژورنالنىڭ ئومۇمەن ئالغاندا ت م ب نىڭ مەتبۇئات ئورگىنى ھالىدا ئىشلەيدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى.

ژورنالنىڭ باش بېتىدىكى «تۈركىستان جورنىلىنىڭ چىقىرىلىشى» ماۋزۇلۇق ماقالىدا تۈركىستانلىق ئاكتىپلارنىڭ 30ـ يىللاردىن بۇيان ھەر قايسى ئەللەردە نۇرغۇنلىغان ژورناللارنى چىقىرىپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ ژورناللار ئاساسەن سىياسى خاراكتىردا چىقىرىلغانلىقىنى، ئەمما بۇ قېتىمقىسى بولسا مەدەنىي خاراكتىرلىق بىر ژورنال بولىدىغانلىقى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. ئۇلارنىڭ بۇ تۆردىكى مەزمۇن ئۆزگىرىش قىلىشىغا تۈركىيىدىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمىدە ئۆزگەرتىش قىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ تۈر ئۆزگىرىش قىلغان بولۇشى مۇمكىن. دېگەندەك، ژورنال غايىسى بايان قىلىنغان ئابزاسلاردا مىللى ئازاتلىق ھەرىكەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بېشىمىزدىن ئۆتكەن ئىشلار بىلەن كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمىزنى ئېلان قىلىپ تۇرىمىز دەپ كۆرسەتكەن. بۇ سۆزلەر، ژورنالنىڭ سىياسى خاراكتىردىكى

مەسىلىلەرنى كەڭ دائىرىدە مۇھاكىمە قىلىپ تۈرتكىلىكنى كۆرسەتمەكتە ئىدى.

«تۈركىستان» جورنىلى، مەزمۇن جەھەتتىن ئالغاندا خېلىلا سەۋىيىلىك چىقىرىلغان ئىدى. كېيىنكى سانلىرىدا بېسىلغان «تۈركىستاندا جەدىتچىلىك» (ئەخمەتجان ئوقاي)، «تۈركىستان قانداق بېسىۋېلىندى؟» (تاھىر چاغاتاي) دېگەندەك چاتما ماقالىلار، مەتىمىن بۇغرانىڭ باشماقالىلىرى ۋە ئىبراھىم يارقىننىڭ «تۈركىستاندىكى سۇغاقچىلىق ۋە دېھقانچىلىق پائالىيەتلىرى» دېگەن ماقالىلار بۇ جەھەتتە كۆزگە چېلىقىدىغان ماقالىلار ھېساپلىناتتى. شۇنىڭغا قارىماي، بۇ ژۇرنالمۇ ماددى قىيىنچىلىقلار سەۋەبىدىن ئۇزۇن داۋاملىشالماي، 1953-يىلىنىڭ سىنتەبىر ئېيىدا چىقىرىلغان 6-سانى بىلەن نەشرىيات ساھەسىدىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ. «تۈركىستان» جورنىلى شۇنچە قىسقا ئۆمۈرلۈك بولىشىغا قارىماي، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستانلىق زىيالىلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ تەڭ ھەمنەپەس بولۇپ بىرلىشىپ چىقارغان تۇنجى ۋە ئاخىرقى ژورنال بولۇش جەھەتتىن ئالغاندا ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىر پائالىيەت ھېساپلىناتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا شەرقى تۈركىستانلىقلار ئۆز تەشكىللىرىنى قۇرۇپ چىقىشقا باشلاپ، نۇرغۇن ساندا كىتاپ-ژورنال بېسىپ تارقىتىدۇ.

ت م ب چىلار قۇرۇپ چىققان تۈركىستانلىقلار ھەمكارلىق جەمىيىتى مەركىزىنىڭ ئەنقەرەدە بولۇپ قېلىشى بەكلا ئەپسىز ئەھۋال ئىدى. چۈنكى، تۈركىيىدە ئولتۇراقلاشقان تۈركىستانلىقلار ئاساسەن ئالغاندا ئىستانبۇل بىلەن ئاداناۋەك شەھەرلەرگە مەركەزلەشكەنىدى. شۇنىڭدەك يەنە جەمىيەت رەھبەرلىرىدىن بولغان ت م ب چىلارمۇ ئادەتتىكى يۇرتداشلارغا سېلىشتۇرغاندا بەكرەك زىيالىي كىشىلەردىن بولغاچقا، ئادەتتىكى پۇخرالار بىلەن بەك ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇپمۇ كېتەلمەيتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، بۇ جەمىيەتمۇ خۇددى زەكى ۋەلىدى توغان قۇرۇپ چىققان تۈركىستان مەدەنىيەتلەر جەمىيىتىدىكىگە ئوخشاش كەڭ يۇرتداشلارنىڭ ھىمايىسىغا ئېرىشەلمىگەچكە، ئۇزۇنغا قالماي تاقىلىپ قالىدۇ.

تۈركىيىدە، دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىشى بىلەن تەڭ، تۈركىيىنىڭ تاشقى تۈركىلەر سىياسىتىدە ئالاھىدە زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ، تۈركىيىگە كۆچمەن قوبۇل قىلىش مەسىلىلىرىدىكى چەكلىمىلەر زور دەرىجىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بىر ۋەزىيەت شەكىللەنمەكتە ئىدى. بۇ تۈر ئۆزگىرىشلەرگە ئاساسەن، ئافغانىستاندىن تۈركىيىگە مۇھاجىر بولۇپ كېلىشنى تەلەپ قىلىدىغان تۈركىستانلىقلارنىڭ مەيلى ئۇرۇش ۋەزىيىتى دەۋرلىرىدىكى شارائىتلار سەۋەبىدىن بولسۇن ياكى بولمىسا ئىنۆنۈ دەۋرىدىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارغا قىزغىن مۇئامىلىدە بولماي كەلگەنلىكى سەۋەبىدىن كېلەلمەي يۈرگەن تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار ئەركىن كۆچمەن ھېساۋىدا تۈركىيىگە كېلىشىگە رۇخسەت قىلىنغانىدى. بۇ قارار چىققاندىن كېيىن، 1952-يىلدىن 1954-يىلغا كەلگىچە بولغان ئارىلىقتا

بىر قانچە تۈركىستانلىق مۇساپىرلار گۇرۇپپىسى تۈركىيىگە كۆچۈپ كېلىپ، ئادانا (تۈركىيىنىڭ شەرقى جەنۇپ دېڭىز بويىغا يېقىن بىر شەھەر ـــ ئۇ.ت) نى ئاساس قىلغان ھالدا جەيلانپىنار (جەرەنبۇلاق، تۈركىيىنىڭ شەرقىي جەنۇپ سۇرىيە چېگرا بويىدىكى شانلىق ئۇرفاغا تەۋە بىر يايلاق شەھىرى. ـــ ئۇ.ت)، نازىللى، ئاقشەھەر قاتارىدىكى جايلارغا كېلىپ ئورۇنلىششقا باشلايدۇ. بۇ كۆچمەنلەرنىڭ بىر قىسمى يەنە ئىستانبۇلغا كۆچۈپ كەلگەندى. 1952ـ يىلىنىڭ 14ـ ماي كۈنىدىكى «جۇمھۇرىيەت» گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا 1805 نەپەر تۈركىستانلىق مۇھاجىرنى تۈركىيىگە كەلتۈرۈش ھەققىدە مىنىستىرلار مەھكىمىسى قارار قوبۇل قىلىنغان. ئەمما بۇ تۈركۈمدىكى كۆچمەنلەر ھۆكۈمەت تەرىپىدىن يەر تەقسىم قىلىنىپ ئولتۇراق جاي بېرىلگەن كۆچمەنلەردىن ئىدى. بۇنىدىن باشقا ئۆز ئالدىغا ئېقىپ كەلگەن كۆچمەنلەر سانى توغرىلىق ھېچ بىر مەلۇمات يوق. بۇ تۈر كۆپلەپ كۆچمەن ئېقىنى تۈركىيىدىكى تۈركىستانلىقلار ئارىسىدا يېڭىدىن بىر جانلىنىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ بېرىدۇ.

1952ـ يىلىسى باشلىتىلغان ئىككى قېتىملىق جەمىيەت تەشكىل قىلىش سىناقلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغاندىن كېيىن، ھېچقانداق ئىلمى ياكى سىياسى ئورنى بولمىغان 20 نەپەردەك تۈركىستانلىق يىغىلىپ 1954ـ يىلى 27ـ يانىۋار كۈنىسى ئىستانبۇلدا «تۈركىستانلىقلار ھەمكارلىق جەمىيىتى» نامىدا يېڭى بىر جەمىيەت قۇرۇپ چىقىشىدۇ. قۇرۇلغان بۇ جەمىيەتنىڭ نىزامنامىلىرىدا كۆرسىتىلگەن مەقسەت ۋە پائالىيەت شەكىللىرىمۇ خۇددى بۇرۇن قۇرۇلغان جەمىيەتلەرنىڭ نىزامنامىلىرىدا كۆرسىتىلگەن مەزمۇنلارغا ئوخشاپ كېتەتتى. 21ـ فېۋرال كۈنىسى چاقىرىلغان قۇرۇلتىيىدا رەئىسلىككە كاملجان ئوكاي تەيىنلىنىدۇ. بۇ جەمىيەت، ئىستانبۇلدىكى تۈركىستانلىقلارنىڭ ئومۇمى تىزىملىكىنى تۇرغۇزۇش، ئىستانبۇلدىن باشقا شەھەرلەردە ياشايدىغان تۈركىستانلىقلار بىلەن مۇناسىۋەت تىكلەش قاتارىدىكى مەقسەتلەر بويىچە پائالىيەتلىرىنى باشلىۋېتىدۇ. ئۇنىدىن باشقا يەنە بۇرۇن پىچەتلىۋېتىلگەن تۈركىستان تۈرك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ مىراسلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ئۈچۈنمۇ بىر قاتار تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى. جەمىيەت رەئىسى سالىھ ئەركىنقول، 1955ـ يىلى ئىيۇندا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى باش مىنىستىرىگە مۇراجەت قىلىپ، 1943ـ يىلىسى پىچەتلىۋېتىلگەن تۈرك مەدەنىيەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئېمنۆنۈ خەلق ھۆجرىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن بارلىق نەرسىلىرى بىلەن كۈتۈپخانىسىنى جەمىيەتكە بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەلەپكە ئەينى ۋاقىتىدىكى مالىيە مىنىستىرى 1955.6.25 كۈنىسى، تۆۋەندىكىدەك جاۋاپ بېرىلىدۇ:

1928ـ يىلىسى ئىستانبۇلدا قۇرۇلغان تۈركىستان تۈرك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ 1938ـ يىلىسى تۈرك مەدەنىيەتلەر جەمىيىتى نامىغا

ئۆزگەرتىلىپ 1943 ـ يىلى پىچەتلەنگەنلىكىنى، جەمىيەت نەرسە ـ كېرەكلىرىنىڭ ئىمنۆنۈ خەلق ھۆجرىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنلىكىنى، يېڭىدىن قۇرۇلغان جەمىيەتچىلارنىڭ پىچەتلەنگەن بۇ جەمىيەتنىڭ ۋارىسى ھېساپلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، 1943 ـ يىلى پىچەتلەنگەن جەمىيەتكە تەۋە نەرسە ـ كېرەكلەرنى قايتۇرۇلۇشى تەلەپ قىلىنماقتا.

ئىمنۆنۈ خەلق ھۆجرىسىدىكى نەرسە ـ كېرەكلەر 5830 ـ نومۇرلۇق قانۇنغا ئاساسەن دۆلەت غەزىنىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن بولۇپ، غەزىنە مال ـ مۈلۈكلىرىنى ھەرقانداق بىر جەمىيەتكە بېرىلىشىنى قانۇنىمىز توغرا كۆرمەيدىغانلىقى سەۋەبىدىن تەكلىۋىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىمكان بولمىدى.

تۈركىيىگە يېڭىدىن كەلگەن مۇھاجىر تۈركىستانلىقلارنىڭ ھەر جەھەتتە ئۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلىرى بار ئىدى. جەمىيەت بۇ قىيىنچىلىقلارغا قارىتا بىرەر چارە تېپىش مەقسىتىدە جىددى پائالىيەت كۆرسەتمەكتە ئىدى. 1955 ـ يىلقى قۇرۇلتىيىدا جەمىيەت رەئىسلىكىگە سايلانغان دوكتور سالىھ ئەركىنقول، جەرەنبۇلاق رايونىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈركىستانلىقلارنىڭ يەر ـ زېمىن مەسىلىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك جىددى پائالىيەتكە كىرىشىدۇ. جەرەنبۇلاق رايونىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان 92 ئائىلىلىك تۈركىستانلىق يىغىلىشىپ جەمىيەتنىڭمۇ ياردىمى بىلەن ئابلەي تۈركىستانلى يېتەكچىلىكىدىكى «جەرەنبۇلاق تۈركىستانلىقلار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت بىرلەشمىسى» نامىدا بىر شىركەت قۇرۇپ چىقىشىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشايدىغان شىركەتلىشىش پائالىيىتى ئاقشەھەردىكى تۈركىستانلىقلاردىمۇ ئىشقا ئاشۇرىلىدۇ. ئەپسۇسكى، تۈركىيىدىكى بازار شارائىتلىرىغا ماسلىشالمىغان بۇ شىركەتلەر ئۇزۇنغا قالماي ئىقتىسادى قىيىنچىلىقلار ئىچىگە پېتىپ قېلىپ، تارقىلىپ كېتىدۇ.

(رەسىم ئورنى)
1952 ـ يىلى تۈركىيىگە كەلگەن تۈركىستانلىق كۆچمەنلەردىن بىر قىسمى ئادانادا، 1953 (ئەھەت ئەنجان ئارخىۋىدىن)

بۇ جەرياندا، خىتاي كومۇنىستلار ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەش قىلىپ يۇرتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان شەرقى تۈركىستانلىقلاردىن بىر قىسمى ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن بىلەن مەھەممەت ئىمىن بۇغرا قاتارىدىكى يېتەكچىلەرنىڭ تىرىشچانلىقىدا، 1955 ـ يىلى تۈركىيىگە كۆچۈپ كەلگەن ئىدى. بۇ كۆچمەنلەر ئىستانبۇل قاتارىدىكى

بىر قانچە شەھەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. تۈركىستانلىقلار ھەمكارلىق جەمىيىتى بىلەن بۇ گۇرۇپپىنىڭ يېتەكچىلىرى 1955-يىلى 7-ئاۋغۇست كۈنى يىغىلىشىپ، ئومۇمى يۈزلۈك ۋەزىيەت مۇھاكىمىسى قىلىشىدۇ. بۇ يىغىندا جەمىيەت رەئىسى سالىھ ئەركىنقول، بارلىق تۈركىستانلىقلارنىڭ ھازىرقى بار جەمىيەتكە ياردەم قىلىشلىرى كېرەكلىكىنى، يۇرتۋازلىق قىلىشماسلىقنى، تۈركىستانلىقلار جامائىتى ئارىسىدا بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغان قاراشلارغا قارشى تۇرۇلۇشى كېرەكلىكى قاتارىدىكى بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنىڭدەك شەرقى تۈركىستان مەسىلىسىنىمۇ تۈركىستان ھەمكارلىق جەمىيىتى تەۋەسىدە تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەمما بۇ ئىشتا شەرقى تۈركىستان مەسىلىرىنى ئۆزۈندىن بېرى خەلقئارا سەھنىگە چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان جەڭچى ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن، شەرقى تۈركىستان كۈرىشى ئۆزگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، بۇ ئىشنى ئايرىم بىر تەشكىلاتقا تايىنىپ قانات يايدۇرۇش لازىملىقىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلمەكتە ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، سالىھ ئەركىنقولنىڭ يوقۇرقىدەك تەكلىۋى قوبۇل قىلىنمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۆزۈنغا قالماي ئالپتېكىن بىلەن سەبداشلىرى شەرقى تۈركىستان كۆچمەنلەر جەمىيىتى نامىدا تەشكىلات قۇرۇپ پائالىيەتكە كىرىشىدۇ.

1956-يىلىقى قۇرۇلتايدا ئۇ يىللار ئۈچۈن بەكلا يېڭىلىق بولغان بىر ئىش كۆرۈلىدۇ. تۈركىستانلىقلار ھەمكارلىق جەمىيىتى رەئىسلىكىگە تۇنجى قېتىم بىر ئايال كىشى — خالىدە ئاخسكا سايلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى سايلاملاردا نۆۋەت بىلەن نەشەت تاھىرئوغلى، باھادىر ئوتتۇ سايلانغان بولسا، 1960-يىلى يەنە قايتىدىن دوكتور سالىھ ئەركىنقول، 1964-يىلىدا بولسا زىياۋۇدىن باباقۇربان رەئىس بولىدۇ. بۇ يىللاردا جەمىيەت پائالىيەتلىرى ئاساسلىقى كەچلىك پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش، ساياھەتلەرگە تەشكىللەش ۋە سەنئەت پائالىيەتلىرى بىلەن شوغۇللىنىش دېگەندەك باشقا ساھەلەردىكى پائالىيەتلەر بىلەن چەكلەنگەنلىكى مەلۇم. يېڭىدىن بىر مەجمۇئە نەشرى قىلىش جەھەتتە قارار قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىمكانى بولماي قالغان.

## ئىستانبۇلدىن باشقا يەرلەردىكى پائالىيەتلەر

ئافغانىستاندىن كۆچۈشلەر نەتىجىسىدە، ئادانا شەھىرى تۈركىستانلىقلار مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شەھەرلەردىن بىرسىگە ئايلىنىشقا باشلايدۇ. ئادانا، تۈركىيىگە كۆچۈپ كەلگەن تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن تۇنجى بىكەتلىك ۋەزىپىسىنى ئوينىماقتا ئىدى. يېڭىدىن كەلگەن مۇھاجىرلار ئۆزئارا ھەمكارلىقلارنى داۋاملاشتۇرۇش

تەلەپلىرى بىلەن ئۆي تېپىش، ئىش تېپىش قاتارىدىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن چارە تېپىش قاتارلىق ئېھتىياجلار جەمئىيەتتىن بىرنى قۇرۇپ چىقىش تەلىۋىنى تەقەززار قىلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، 1952 ـ يىلى ئادانا تۈركىستانلىقلار ھەمكارلىق جەمىيىتى قۇرۇلىدۇ. بۇ جەمىيەت، مۇھاجىردىكى تۈركىستانلىقلارنىڭ تۈركىيىگە كۆنۈشىلىشىغا ئاسانلىق يارىتىپ بەرگەن بولۇپ، كېيىن كەلگەن مۇساپىرلار ئۈچۈنمۇ مۇۋاپىق كېلىدىغان مۇھىت يارىتىپ بېرىلدى. بىر قانچە يىل جەريانىدا يىغىن سالونى ۋە كۈتۈپخانىسى بىلەن ئۆزلىرىگە تەۋە بىر بىناسىمۇ بولغان بۇ جەمىيەت، 1955~1970 ـ يىللار ئارىسىدا تۈركىيىدىكى تۈركىستانلىقلارنىڭ ئەڭ ئاكتىپ پائالىيەت كۆرسىتىدىغان ئىجتىمائى تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرسىگە ئايلىنىپ ۋەزىپە ئۆتەپ كېلىدۇ.

ئادانا جەمىيىتى، 1959 ـ يىلىدىن باشلاپ «بۇلاق» نامىدا بىر ژورنال چىقىرىشقا باشلىغان ئىدى. بەدرى خوجەنت بىلەن ئەخمەت تۈركئەلى تەرىپىدىن چىقىرىلغان بۇ ژورنالنىڭ مەقسىدى تۆمۈر قورغان ئارقىسىدا قالغان ئورتا ئاسىيادا ئۇرۇس زوراۋانلىق ھاكىمىيتى، كومۇنىزم دەپ ئاتالغان دىنسىز، ئەخلاقسىز ئىجتىمائى تۈزۈمنىڭ زۇلۇمىدىن قېچىپ ھەر تۈرلۈك دۆلەتلەرگە پانالىق تىلەپ قېچىپ چىققان تۈركىستانلىق تۈركلەرنىڭ ھېسسىياتلىرىغا تەرجىمانلىق قىلىش دەپ تونۇشتۇرۇلغان ئىدى. بۇ ژورنال سەۋىيىلىك تەھرىرات گۇرۇپپىسىغا ئىگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ژورنال مەزمونلىرى بىلەن ماقالىلار يېگىدىن قىزىققۇچىلار سەۋىيىسدە ئىدى. بۇ ژورنال ئاران 7 سانلا چىقىرىلغان بولۇپ، شۇ يىلىنىڭ ئۆزىدىلا تاقىلىپ قالىدۇ. 1960 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ ئىقتسادى قىيىنچىلىق ۋە ئىشسىزلىق قاتارىدىكى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، بۇ يەردىكى تۈركىستانلىقلار ئىستانبۇل شەھىرى ۋە ئا ق ش قاتارىدىكى ھەر قايسى ئەللەرگە كۆچۈشكە باشلايدۇ. بۇلارنىڭ نەتىجىسدە ياردەم قىلىدىغانلار ئازىيىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئادانا جەمىيتى بارغانسىرى كۈچسىزلىشىپ، 1970 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە كۈچىيىپ كېتىۋاتقان ئانارخىست ۋە تېررورچىلىق مۇھىتى ئىچىدە جەمىيەت بىناسى سولچىل ئېقىمغا مەنسۇپ خۇلىگەرلەر تەرىپىدىن ئوت قويۇپ كۆيدۈرىۋېتىلىدۇ. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، جەمىيەتمۇ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن پىچەتلىنىپ پائالىيەتلىرىمۇ توختايدۇ (1980 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا جەمىيەتنى قايتىدىن يەنە شۇ نامدا ئېچىش تەلىۋى سۇنۇلغىنىدا، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى رۇخسەت قىلمايدۇ. ئۇ جەمىيەت ھازىر «ئەلىشىر ناۋايى جەمىيتى» نامىدا پائالىيەت كۆرسىتىپ كەلمەكتە. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

تۈركىستانلىقلار زىچراق ئولتۇراقلاشقان يەنە بىر يەر سالىھلىدىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان پائالىيەتلەر قانات يايدۇرۇلغانىدى. شەرقى تۈركىستانلىق يېتەكچىلەردىن ئەلىبەگ ھاكىم (ئەلىبەگ ھاكىم ۋە ئۇنىڭ شەرقى تۈركىستان مىللى كۈرىشىدىكى

رولى ھەققىدە مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن گودفرېي لياسىنىڭ «كازاك ئېكسودۇس»، ھاسان ئورئالتاينىڭ «ئەركىنلىك ئۈچۈن شەرقى تۈركىستان قازاق تۈركلىرى ۋە بۈيۈك تۈرك ئېلى1985~1986» دېگەن كىتاپلارغا قارالسۇن. ـــ ئا.ھ. ئىزاھاتى)

نىڭ مەنىۋى يېتەكچىلىكى، ھەمزە ئۈچار رەئىسلىكىدە قۇرۇلغان تۈركىستانلىقلار مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمىيتى، بۇ جايدىكى تۈركىستانلىقلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى كۈچەيتىش ۋە مەدەنى ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان بولماستىن، ئۇ نەشرى قىلغان «كومۇنىزمگە قارشى جەڭ ۋە تۈركئېلى» دېگەن جورنىلغا تايىنىپ سوۋېتلەر بىلەن كومۇنىزمغا قارشى قانات يېيىۋاتقان كۈرەشكىمۇ كۈچلۈك تۆھپە قوشىدۇ. 1962ـ يىلىدىن باشلاپ ئەلبەگ ھاكىمنىڭ ئوغلى ھاسان ئورئالتاينىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن چىقىرىلغان «بۈيۈك تۈركئېلى» جورنىلى 10ـ سانغىچە نەشرى قىلىنالايدۇ. 1965ـ يىلىسى چىقىرىشقا باشلانغان «كومۇنىزمگە قارشى جەڭ» دېگەن گېزىت، ئايلىق بولۇپ 10 سان چىقىرىلغاندىن كېيىن ژورنالغا ئۆزگەرتىلىپ 4 سان نەشرى قىلىنغان. بۇ ژورناللار تاقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ھاسان ئورئالتاي ئاساسلىقى شەرقى تۈركىستان بىلەن قازاق تۈركلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل يازغۇچىلار يېزىپ چىققان كىتاپلارنى مۇددەت بويىچە «بۈيۈك تۈركئېلى نەشرىياتى» نامىدا نەشرى قىلىشنى داۋام قىلدۇ (1990ـ يىللارغا كەلگىچە بۇ چاتما ئەسەرلەردىن بېسىلغان كىتاپلار مۇنۇلار ئىدى: 1. «ئەركىنلىك ئۈچۈن شەرقى تۈركىستان قازاق تۈركلىرى»؛ 2. «ئۇلۇغ تۈركچى ماغجان جۇماباييئوغلى»؛ 3. «ئابىلايخان داستانى»؛ 4. «ئالاش ـــ تۈركىستان تۈركلىرىنىڭ مىللى پارولى»؛ 5. «قازاق تۈركلىرىنىڭ ئىستانبۇلدىكى يېڭى شەھىرى ۋە بىر قىسىم سەرگۈزەشتىلىرى»؛ 6. «شەرقى تۈركىستان تارىخىدىكى بەزى مەسىلىلەر ۋە تۆھمەتلەرگە رەددىيە»؛ 7. «كۆچۈشتىن كېيىن». ... ـــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

## ت م ب نىڭ ئاقىۋىتى

1959ـ يىلى ئىچىدە، ت م ب بىلەن م ت ب ك ئوتتۇرىسىدا تاشقى دۇنيادىكى تۈركىستانلىقلار ئارىسىدا بۆلۈنۈشلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدىغان يېڭى سۈركىلىشلەر ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ. ت م ب رەئىسى تاھىر چاغاتاي يازغان «تۈركىستان مىللى ئازاتلىق ھەرىكىتىگە دائىر ۋەقەلەر سەھنىسى» ئىسىملىك كىتاۋىدا، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىنغان بولۇپ، بۇ كىتاپتىكى مۇلاھىزىسىدە ۋەلى قېيۇمخان بىلەن م ت ب ك قاتتىق تەنقىت قىلىنغان ئىدى:

سوۋېت روسىيىسى ئۆز تەۋەسىدىكى تۈركىستانلىقلارنى ھەربى تەلىم-تەربىيە بەرمەستىنلا تۈركۈم-تۈركۈملەپ ئۇرۇش مەيدانلىرىغا ھايدايدۇ. بۇ ئەھۋالنى ئۆز مىللى مەنپەئەتلىرىگە زىت دەپ قاراشقان ياشلار تۈركۈم-تۈركۈملەپ دۈشمەن سېپىگە ئۆتۈپ كېتىش يولىنى تاللىۋېلىشقانىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ تۈركىستانلىق ياشلار بۇنىڭ بەدىلىگە يەنە جەڭگە قاتنىششقا مەجبۇرلىنىدۇ. بىر تەرەپتە ئۇلارنى ئۇرۇش مەيدانلىرىغا مەجبۇرى ھەيدەپ ئاپارغان بولسا، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قوشۇلغان قارشى تەرەپتىكىلەرمۇ ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى يامان نىيەت بىلەن پايدىلىنىپ كېتىدۇ. ... بۇ ۋەقەلەر تۈركىستان ياشلىرىنىڭ مىللى غايىلىرىگە نەقەدەر سادىق ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشقا ھەردائىم تەييار ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. بەزىلەر بولسا، بۇ ياشلىرىمىزنىڭ ئاق نىيەتلىكلىكىدىن پايدىلىنىپ كەتكەن، ئۇلاردىن يامان غەرەزلىرى ئۈچۈن پايدىلىنىشقا كىرىشكەن بولسا، ئۇ ھالدا بۇ يەردىكى مەسئۇلىيەت ئەنە شۇ ئالدامچىلار ئۈستىگە ئارتىلىشى كېرەك.

... ئۇرۇشنىڭ تەغدىرى، ئۈمىدلىرىگە خىلاپ كىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغىنىدىن كېيىن، ھېچ بولمىغاندا دۈشمەنلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن بولسىمۇ يول ئاختۇرۇشقا كىرىشكەن تۈركىستانلىق جەڭچىلەر، كۈچىنىڭ زور بىر قىسمىنى غەرپ سېپىگە يۆتكىۋېلىش ئىمكانىيىتىنى قولغا كەلتۈرگەن، مەدەنىيەتلىك ھېساپلانغان غەرپلىكلەرنىڭ ئىنسانپەرۋەر، ئەخلاقلىق ھېسسىياتلىرى ۋە ئىدىيىلىرى سايىسىدە قوغدىلىنىشنى خىيال قىلىشقان بولسىمۇ، بۇ ئۈمىدلىرىمۇ يوققا چىققان. چۈنكى، ئۇلار توپ-توپى بىلەن سوۋېتلەر روسىيىسى جاللاتلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. ...

تۈركىستانلىقلار چوڭ ئۈمىدلەر بىلەن قاتناشقان ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىدا يىگەن ئەڭ ئېغىر زەربە، شۆبھىسىزكى، مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ ۋاپاتى بىلەن ئوتتۇرغا چىققان ھادىسىلەر ھېساپلىنىدۇ. ... بۇنداق ۋاقىتسىز كەلگەن ئۆلۈم، بىرمۇنچە غايىلىرىنىڭمۇ گۇمران بولىشىنى، بىر مۇنچە خۇسۇسى ھەۋەسلىرىنىڭمۇ ئوتتۇرغا چىقىشىغا سەۋەپچى بولىشى مۇمكىن ئىدى ...

يوقۇرقىدەك خاتىرىلەردىنمۇ مەلۇم بولغىنىدەك، تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن پەقەتلا قىممىتى بولمىغان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشى ۋەقەلىرىدىكى زىيانىنىڭ ھېساۋىنى قىلىش بەكلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش ھېساپلىنىدۇ. ئەپسۇسكى، ئارىدىن شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەن بولىشىغا قارىماي، بۈگۈن بىز بۇ ھېساپ-كىتاپنى قىسمەن بولسىمۇ قايىل

بولغىدەك ئۇتتۇرغا قويۇش ئىمكانىغا ئىگە بولالماي كەلدۇق. بەلكىم بۇ ھېساپ ـ كىتاپنى تولۇق قىلالىشىمىز ئۈچۈن تۈركىستانلىقلارغا مەڭگۈ پۇرسەت كەلمەسلىكىمۇ مۇمكىن. چۈنكى، مەسىلىنىڭ ئىچىگە ئالدامچىلىق، نومۇسسىزلىق، كىرەكسىز ئابروي ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىكى قابىلىيەتسىزلىك قاتارىدىكى بىر مۇنچە توسالغۇلار ئارىلىشىپ كەتكەن ئەھۋالدا تۇرماقتا.

تاھىر چاغاتاي، بۇ مۇلاھىزىلىرىدىن كېيىن مۇستاپا چوقايئوغلىنىڭ ۋاپاتىغا مۇناسىۋەتلىك سوۋېت تەشۋىقاتچىلىرى تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغان بىر قاراشنى ئوتتۇرغا قويۇپ كېلىپ، ئۇنى ھاشىيەدە بايان قىلىپ ئۆتىدۇ. ئۇزۇن يىللار ئىران، ئافغانىستان ۋە پاكىستانلاردا تۈركىستانلىقلار ئىچىگە كىرىۋېلىپ جاسۇسلۇق قىلىپ كەلگەن مەخمۇت ئايقارلى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتكىنىدىن كېيىن مۇستاپا چوقاي ئوغلى كىزىكتىن ئۆلگەن بولماي، بەلكى زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن دېگەن قارىشنى ئوتتۇرغا قويغان ئىدى. سوۋېت تەشۋىقات ماشىنىلىرى بۇ يالغان خەۋەرنى ۋەلى قېيۇمخان بىلەن م ت ب ك گە قارشى پايدىلىنىپ كەلگەنىدى. تاھىر چاغاتاينىڭ بۇ تەشۋىقات ماتېرىيالىنى خۇددى توغرا خەۋەر مەنبەسى سۈپىتىدە ھاشىيەدە بەرگەنلىكى تۈركىيە بىلەن گېرمانىيەدە تۇرىدىغان تۈركىستانلىقلار ئارىسىدا كۈچلۈك نارازىلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تۈركىستان ياشلىرى نامىدا زىياۋۇدىن باباقۇربان ئىلان قىلغان بىر نارازىلىق ماقالىسىدا مۇنۇلارنى يازىدۇ:

سوۋېتلەرنىڭ جاھانگىرلىك تاكتىكىلىرىنىڭ مەقسىدى تۈركىستان مىللى مۇستەقىللىقى ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىۋاتقان كىشىلەرنى قايسىلا ئۇسۇلدىن پايدىلىنىشىدىن قەتئىي نەزەر پۈتۈن سەپلەر بويىچە ۋەيران قىلىش، قارىلاش ۋە بوھتان چاپلاشتۇر. تاھىر چاغاتاي بۇنى ئىنتايىن ياخشى بىلىپ تۇرۇغلۇق ...

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدا گېرمانىيە ئارمىيىسى سېپىدە تۇرۇپ مىللى بايراقلىرى ئاستىدا روسىيە ئىمپېرىيالىزىمىگە قارشى جەڭ قىلغان تۈركىستان قوشۇنلىرى بىلەن ئۇنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن مىللى تۈركىستان ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شەرەپلىك كۈرەش تارىخىدا ئىسمىنىڭ يوقلىغى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئۆچمەنلىك ۋە يامان نىيىتى بىلەن،

تۈركىستان مىللى ئىتتىپاق كومىتېتى يېتەكچىسى ۋەلى قېيۇمخاننىڭ نۈرېنبېرگ تۈرمىسىدە قاملىپ تۇرغان بىر ۋاقىتتا، قەھرىمان ۋە مۇجاھىت تۈركىستان ئەۋلادلىرىنى قۇتقۇزۇش جەھەتتە ھېچقانداق پائالىيەتكە كىرىشمىگەنلىكتىن ئىبارەت مىللى مەسئۇلىيىتىدىن قېچىش مەقسىتىدە،

مەرھۇم مۇستاپا چوقاي ئوغلى ئەپەندىنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە ... تىببى ۋە ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىگە ئەھمىيەت بېرىلمىگەن بىر بوھتاننى يېزىش ئارقىلىق، دۈشمەنىنىڭ بۆلۈش تاكتىكىسىغا ئەگىشىپ كەتكەن ... تۈركىستان ياشلىرى نامىدا بۇ كىتاپچىغا نارازىلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

بۇنداق قالايماقانچىلىق ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىش غەربىزىدە يۈرگەن سوۋېت تەشۋىقاتچىلىرى بۇ تۈر مۇنازىرىلەرنى كۆزىتىپ يۈرگەن كۆڭلەرنىڭ بىرىدە، «مىيونخېندا تۇرۇشلۇق ۋەلى قېيۇمخاننىڭ سابىق قوغدىغۇچىسى سۇلتان قارىنىڭ خېتى» تېمىلىق يەنە بىر پارچە تەشۋىقات ماتېرىيالىنى تۈركىستانلىقلار ئوتتۇرىسىدا تارقىتىشقا كىرىشىدۇ. بۇ خەتتە چوقاي ئوغلىنىڭ ۋاپاتىغا مۇناسىۋەتلىك پەرەزلەر قايتا تىلغا ئېلىنىپلا قالماي، ۋەلى قېيۇمخاننىڭ ئىناۋىتىنى تۆكۈش مەقسەت قىلغان ھەر تۈرلۈك قوشۇمچە پەرەزلەرمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى. بۇ تۈردىكى ئاساسسىز پەرەزلەرنىڭ تاھىر چاغاتايدەك مۇھىم بىر ئالىم تەرىپىدىن پايدىلىنىشى، بۇ ئاتالمىش جىنايەتنىڭ ئۇزۇن يىلغىچە م ت ب ك بىلەن قېيۇمخان رەقىپلىرى تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىشكە سەۋەپچى بولۇپ بېرىدۇ. بۇ تۈردىكى پەرەزلەرنى رەت قىلىدىغان ھۆججەتلەر بىلەن ۋەقەنىڭ گۇۋاچىلىرى يازغان ئەسلىمىلەر كومتىت تەرىپىدىن مىللى تۈركىستان جورنىلىدا ئېلان قىلىنغانلىقىغا قارىماستىن، بۇ مەسىلىدىن تولۇق خەۋىرى بولمىغان خەلق ئاممىسىغا كۆرستىدىغان ئەكسى تەسىرلەر تولۇق تازىلانمىغان ئىدى. بۇ ھادىسىلار تۈپەيلىدىن، تاھىر چاغاتاينىڭ شەخسى تەسىرىگە ئۇچرىغان ت م ب، خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئەسلىدىنلا ئاجىزلىشىپ كەتكەن ھىمايىسىدىن تولۇق مەھرۇم بولۇپ، تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ مۇھاجىرلار ئاممىسى بىلەن ئەسلىدىنلا زەئىپ بولغان مۇناسىۋىتىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قېلىش دەرىجىسىگە كېلىدۇ.

بۇ تۈردىكى مۇنازىرە مۇھىتىنىڭ يۈز بېرىشىگە قارىماي، ئىستانبۇلنى مەركەز قىلغان تۈركىستانلىقلار ھەمكارلىق جەمىيىتى پائالىيەتلىرىنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. 1966-يىلى 20-دىكابىر كۈنىسى روسىيە باش مىنىستىرى كوسگىن تۈركىيىنى زىيارەت قىلىشقا كېلىدۇ. كوسگىن بىلەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش مەقسىتىدە ئىستانبۇل بىلەن ئاداناتىكى جەمىيەتلەر يۈزلىگەن تۈركىستانلىقنى ئەنقەرەگە يىغىدۇ. ئەمما تۈركىيە، سوۋېتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، نارازىلىق بىلدۈرمەكچى بولغان ئاممىنىڭ نارازىلىق تەلەپلىرىنى روسىيە زىيارەت ئۆمىگىدىكىلەرنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىغا پەقەتلا يول قويمايدۇ.

(رەسىم ئورنى)
ت م ب نىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەسئۇللىرى
تاھىر چاغاتاي، ئابدۇۋاھاپ ئوكتاي، رەپىقلىرى سائادەت چاغاتاي ۋە سائىدە ئوكتايلار بىلەن بىرگە. ئىستانبۇل، 1967 ـ يىلى فېۋرال (ئەھەت ئەنجان ئارخىۋىدىن)

1967 ـ يىلقى سايلامدا جەمىيەت رەئىسلىكىگە دوكتور ئەخمەت نائىم ئۆكتەم سايلىنىدۇ. ئۆكتەم، سابىق ت م ب ئەزالىرىدىن بىرسى بولۇش بىلەن بىرگە يەنە، «تۈركى كۆچمەنلەر ۋە مۇساپىرلار ئىتتىپاقى» نىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئالغان بىرسى ئىدى. بۇ ئىتتىپاق، دېموكراتلار پارتىيىسى ھۆكۈمىتىدىن كېيىن تۈركىيىدە قۇرۇلغان بارلىق تاشقى تۈركىلەر جەمىيەتلىرىنى بىر مەركەزگە يىغىش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن بىر ئورگان ئىدى. تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭمۇ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشكەن بۇ تەشكىلات، تاشقى تۈركىلەرگە مۇناسىۋەتلىك قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ مەركەز ئەتىراپىدا بىر تۇتاش رىياسەتچىلىكىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلماقتا ئىدى. بۇ تەشكىلات 1954 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، چاغالئوغلى تەۋەسىدە ئۆلارغا ئايرىلغان بىر بىنادا پائالىيەت قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ ئىتتىپاق قۇرۇلۇپ تۇنجى قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا رەئىسلىككە تەيىنلەنگەن دوكتور ئەخمەت نائىم ئۆكتەم، 1970 ـ يىللارغىچە بۇ ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىلەن ئۆتەپ كېلىدۇ. بۇ ئىتتىپاق، 1966 ـ يىلىدىن باشلاپ بۇرۇن بېسىلغان بىر ژورنالنىڭ ئىسمىنى ئېلىپ تەستىقلىنىۋالغان بولۇپ، «تۈرك دۇنياسى» نامىدا ژورنال چىقىرىشقا باشلايدۇ. ئەخمەت نائىم ئۆكتەم بۇ ئىككى تەشكىلاتقا بىرلا ۋاقىتتا رەئىس بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەپ كېلىۋاتقان دەۋرلەردە، تۈركىستانلىقلار ھەمكارلىق جەمىيىتىمۇ بۇ ئىتتىپاق تەركىبىگە كىرگەن بولۇپ، بۇ جەمىيەتمۇ بۇ ئىتتىپاق تەركىبىدە تۇرۇپ پائالىيەت قىلماقتا ئىدى.

1971 ـ يىلىنىڭ 7 ـ دېكابىر كۈنىسى ئۆتكۈزۈلگەن سايلامدا دوكتور سالىھ ئەركىنقول يەنە بىر قېتىم رەئىسلىككە سايلىنىدۇ. ئەمما بۇ مەزگىلدە ئىتتىپاق بىلەن جەمىيەت ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش يۈز بېرىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، مەركىزى ئىتتىپاققا تەۋە بىنادا تۇرۇۋاتقان جەمىيەت بۇ بىنادىن كۆچۈپ چىقىپ، تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ياتاق قىلىپ ئىشلىتىلىۋاتقان كونا بۇخارا تەككە بىناسىغا يۆتكىلىشكە مەجبۇر بولىدۇ. تۈركىستان تۈركى ياشلار ئىتتىپاقى قۇرۇلۇپ ئۇزۇن يىل پائالىيەت قىلىپ كېلىنگەن بۇ بىنا، ئەينى ۋاقىتدا ئاتاتۈركنىڭ تەستىقى بىلەن سىرتتىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئايرىپ بېرىلگەن بىر بىنا ئىدى. بۇ بىنانىڭ مۈلك ئىگىسى تۈرك ھۆجرىسغا تەۋە ۋاقىتدا تۈرك ھۆجرىسى تەشكىلاتى پىچەتلەنگەن مەزگىللەردە بىنانىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى ۋەقىپلەر بۆلۈمىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنىكەن. 1960 ـ يىللىرى بىر قېتىملىق ئوت ئاپىتىدىن

كېيىن ئۈستىنكى قەۋەتلىرى كۆيۈپ ۋەيران بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئاستىنقى قەۋەتلىرى ئوقۇش ئۈچۈن ئىستانبۇلغا كەلگەن تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن قايتىدىن رېمونت قىلىنىپ ئېچىپ بېرىلگەن. سالىھ ئەركىنقول تەشكىللىگەن بىر قېتىملىق ياردەم يىغىش ھەرىكىتى نەتىجىسىدە، بۇ تارىخىي بىنا قايتىدىن رېمونت قىلىنىپ ئاساسەن ئىشلەتكىلى بولىدىغان ھالغا كەلتۈرۈلگەنىدى. 1974 ـ يىلى ئەركىنقول ۋاپات بولغىنىدىن كېيىن جەمىيەت رەئىسلىكىگە دوكتور ھېكمەجان قاينار سايلىنىدۇ. بۇ مەزگىللەردە ئۇسۇل ـ سەنئەت پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلغان بولۇپ، ئۆزىمۇ بىر سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى بولغان ھېكمەجان قاينارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاكتىپ پائالىيەت گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىنغانىدى. قاينارنىڭ كېسەل كۆرۈش ئىشخانىسىمۇ جەمىيەتنىڭ مەركىزى جايلاشقان ئىشخانا بولۇپ خىزمەت قىلاتتى.

بۇ دەۋردە تىلغا ئالغىدەك پائالىيەتلەردىن بىرسى قاتارىدا جەمىيەت يېتەكچىلىرىنىڭمۇ ياردىمى بىلەن زىياۋۇدىن باباقۇربان باشلىغان «ئەركىن تۈركىستان ئۈچۈن» ناملىق ئايلىق گېزىت چىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشنى كۆرستىپ ئۆتۈش مۇمكىن. 1975 ـ يىلى بېسىلىشقا باشلىغان بۇ گېزىت، تۇنجى سانىدا «نىمشكە نەشرى قىلدۇق» دېگەن باشماقالىسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

> ئۇزۇن يىل كۈتۈپ باقتۇق. تۈركىيىدە تۈركىستان مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان ئۈچۈن بىر ئەپكارغا ئېھتىياجىمىز بارمۇ ـ يوق دەپ ئويلاپ يۈردۇق. نەتىجىدە، كېيىنكى مەزگىللەردە بۇنداق بىر ئېھتىياجىمىزنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىپ بارغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. ... بۇ گېزىت، تۈركىستان ئازاتلىق يولىدا چىقىرىلغان تۇنجى گېزىت ھېساپلانمىغىنىدەك، ئاخىرقىسىمۇ ئەمەس. ... بىز بۆلۈنمەس بىر پۈتۈن تۈركىستان ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن بۇ گېزىتنى چىقارماقتىمىز.

چوڭ فورمات بىلەن تۆت بەتلىك چىقىرىلغان بۇ گېزىت خەۋەرلەر، ئەسلىمىلەر ۋە ئىلمى خاراكتېردىكى ماقالىلار بېسىلىپ تۇراتتى. ئەپسۇسكى، بۇ گېزىتمۇ ئىزچىل چىقىرىلىشقا كاپالەتلىك قىلىنماي، ئاران 12 سان چىقىرىلىپلا تاقىلىپ قالغان. گېزىتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سانىدىكى ۋىدالىشىش ماقالىسىدا مۇنۇلار دېيىلگەن:

> بۈگۈنگىچە شارائىتىمىزنىڭ يار بېرىشىچە گېزىت چىقىرىشقا تىرىشىپ كەلگەنىدۇق. ئەمما بۈگۈنكى شارائىتلاردا گېزىتىمىزنىڭ داۋاملىق چىقىرىلىشىنى توختىتىپ تۇرۇشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىمىزنى ئەپسۇس ئىچىدە ئامالسىز ئۇختۇرۇشقا مەجبۇر بولماقتىمىز. ... كەلگۈسىدە تېخىمۇ كۈچىيىدىغانلىقىمىزغا ۋە بىر ـ بىرىمىزنى تېخىمۇ تولۇق تونۇپ تېخىمۇ زىچ

ئىتتىپاق بولۇپ ئۇيۇشسىمىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

1970 ـ يىللىرى تۈركىيە ئانارخىزم بىلەن تېررورلۇق پاتقىقىغا پېتىپ قېلىۋاتقان بىر يىللار ئىدى. بۇنداق قالايماقان ۋەزىيەت ئاستىدا ئاكتىپ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتى يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇڭا، 1975 ـ يىلدىن باشلاپ جەمىيەت پائالىيەتلىرىنى ئاساسەن توختىتىغان دېيىشكىمۇ بولاتتى. 1980 ـ يىلى 12 ـ سىنتەبىردىكى ھەربىلەرنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىشى نەتىجىسىدە، تۈركىيىدىكى باشقا جەمىيەتلەر بىلەن بىر قاتاردا تۈركىستانلىقلار ھەمكارلىق جەمىيىتىمۇ يىپچەتلەندى. شۇنداق قىلىپ، 1954 ـ يىلدىن بېرى تۈركىيىدىكى تۈركىستانلىقلارنىڭ مىللىي كىملىكلىرىنى ۋە مەدەنىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ۋاستىچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقان بىردىن بىر تەشكىلاتمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ھېساپلاندى.

## شەرق ئەللىرىدىكى پائالىيەتلەر

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئاسىيادىكى سىياسىي تەڭپۇڭلۇقلار زور دەرىجىدە ئۆزگىرىش ياسايدۇ. ئەنگىلىيە ئۇرۇش داۋام قىلىۋاتقان پەيتلەردىلا، يەنى 1942 ـ يىلىدا ھىندىستانغا مۇستەقىللىق بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغانىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئەنگىلىيىنىڭ ھىندىستاننى بوشىتىپ چىقىپ كېتىشى بىلەن تەڭ، چېگرالار قايتىدىن بېكىتىلىشكە باشلاندى. 1947 ـ يىلىسى بۇرۇنقى ھىندىستان تەۋەسىدە ھىندىستان بىلەن پاكىستان دېگەن ئىككى دۆلەت قۇرۇلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ياپونىيە تەسلىم بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي خىتايدا ماۋ تسې تۇڭ (ماۋ زېدوڭنى دېمەكچى ـــ ئۇ.ت) يېتەكچىلىكىدىكى كوممۇنىستلار بىلەن جاڭ كاي شېك (جاڭ كەيشىنى دېمەكچى ـــ ئۇ.ت) يېتەكچىلىكىدىكى مىللەتچى خىتايلار ئوتتۇرىسىدا ئىچكى ئۇرۇش باشلىنىدۇ. بىر قانچە يىللىق ئۇرۇش جەريانىدا ئۇستۇنلۇككە ئېرىشكەن خىتاي كوممۇنىستلىرى 1949 ـ يىلىنىڭ 1 ـ ئۆكتەبىر كۈنىسى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتلاردا **شەرقى تۈركىستاندا** قايتىدىن باشلانغان مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىمۇ كوممۇنىستلار تەرىپىدىن باستۇرۇۋېتىلىپ، قۇرۇلغان **شەرقى تۈركىستان ھۆكۈمىتى** تارقىتىۋېتىلىدۇ. بۇنداق بىر ۋەزىيەت ئاستىدا، پاكىستان بىلەن ھىندىستاندىن، شۇنىڭدەك شەرقى تۈركىستاندىن زور كۆلەملىك مۇساپىرلار ئېقىنى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. پاكىستان مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ قۇرۇلغىنىدىن كېيىن، بۇرۇن ئەنگىلىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھىندىستانغا ئۆتۈپ كېتىشكە يول قويۇلمىغان سابىق باسمىچىلار يېتەكچىسىمۇ ئافغانىستاندىن چىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئۇرۇش ئاخىرلاشقان يىللاردا، ئافغانىستان دائىرىلىرى 1942 ـ يىلى جازالىغان تۈركىستانلىقلاردىن تىرىك

قالغانلارنى قويۇپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، شىر مۇھەممەدبەي بىلەن مۇبەشىرخان تارازى قاتارىدىكى «لا مەركەزىيەئى ھۆكۈمەتئى تۈركىستان» تەشكىلاتىنىڭ سابىق رەھبەرلىرىمۇ 1950ـ يىللىرى ئافغانىستاندىن باشقا دۆلەتلەرگە قاراپ كۆچۈشكە باشلىغان كۆچمەنلەر كارۋىنىغا قوشۇلىدۇ.

ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئافغانىستاندىكى تۈركىستانلىقلار ئىچىدىمۇ كۆچلۈك ھەرىكەتلىنىشلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىغان ئىدى. 1950ـ يىللىرى تۈركىيىدە ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىققان دېموكراتلار پارتىيىسى، تۈركىيە سىرتىدىكى ئۇرۇقداشلىرىنىڭ ئەركىن كۆچمەن ھېساۋىدا تۈركىيىگە كېلىشىگە يول قويىدىغان بىر سىياسەت ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئافغانىستاندىكى ئېغىر بېسىمدىن زېرىككەن تۈركىستانلىقلارنىڭ بىر قىسمى تۈركىيىگە كۆچۈپ بېرىشۋېلىش ئۈچۈن مۇراجەت قىلىشىدۇ. ئىككى يىلدەك داۋاملاشقان رەسمىيەت بېجىرىش ئىشلىرىدىن كېيىن، ئىككى چوڭ گۇرۇپ بولۇپ پاكىستان ئارقىلىق تۈركىيىگە كۆچۈپ كېلىشۋالىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، بىر قىسىم تۈركىستانلىقلار سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارىدىكى بىر قىسىم ئەرەپ ئەللىرىگە چىقىپ كېتىشكەنىدى. 1955ـ يىللىرىغا كەلگەندە **شەرقى تۈركىستاندىن** پاكىستان ياكى ھىندىستان تەرەپلەرگە ئۆتۈپ كەتكەن گۇرۇپپىلارنىڭ بىر قىسمى داۋاملىق كۆچۈپ تۈركىيىگە قاراپ يولغا چىقىشقا باشلايدۇ.

كاراچىدىكى تۈركىستانلىقلار 1948ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا يىغىلىشىپ، مەۋلانە سىيىت قاسىم ئەنجانى رەئىسلىكىدە تۈركىستانلىقلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتىنى قۇرۇپ چىقىشىدۇ. بۇ تەشكىلاتنىڭ نامى «تۈركىستان تۈركى مۇھاجىرلىرى ئىتتىپاقى» بولۇپ، بۇ ئىتتىپاق نەشرى قىلغان بىر بروشۇردىن مەلۇم بولىشىچە، كاراچىدىن باشقا ئەللەرگە قاراپ كۆچۈپ چىقىپ كەتكەن تۈركىستانلىقلارغا ياردەم قىلىش، نامراتلارنى يەرلەشتۈرۈش قاتارىدىكى پائالىيەتلەر بىلەن بىر قاتاردا يالغانچى سوۋېت نەشرىياتىغا قارشى تۇرۇش، تۈركىستان مەسىلىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك يىغىلىش، ئىلمى دوكلات تەشكىللەش قاتارىدىكى پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللىنىپ كەلگەنلىكى مەلۇم. بۇ جەمىيەت يەنە، «تۈركىستان تۈركى قەۋىم مۇھاجىرلىرى ئىلىم ئوتاغى» نامىدا بىر مەركەزنىمۇ قۇرۇپ چىقىشقان. بۇ مەركەز يەنە مەخسۇس تۈركىستانلىقلارغا قارىتىلغان ھەرخىل سەۋىيەلەردىكى ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرى بىلەنمۇ شوغۇللىنىپ كەلگەن.

1949ـ يىلىسى بۇ جەمىيەتنىڭ رەئىسلىكىگە تۈركىستان باسمىچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى كىشىلىرىدىن بىرى بولغان ھاجى پارپى (ئۆزگەن) سايلىنىدۇ. جەمىيەت يېتەكچىلىرىدىن بىرى بولغان ئەزىم ھاشىمىنىڭ باشچىلىقىدا، 1951ـ يىلىنىڭ يانىۋار ئېيىدىن باشلاپ «تەرجىمانئى ئەفكار» ناملىق بىر ژورنال چىقىرىشقا باشلايدۇ. بۇ ژورنال، ئۆزىنى دېھلىدىكى «ئەنجۇمەنئى

ئىتتىھادئى مۇھاجىرىن» نامىدىكى تۈركىستان تەشكىلاتى تەرىپىدىن 1938 ـ يىلىدىن باشلاپ چىقىرىلغان، جاھان ئۇرۇشى سەۋەبىدىن 11 ـ سانىغا كەلگەندە تاقىلىپ قالغان «تەرجىمان» جورنىلىنىڭ داۋامى دەپ تونۇشتۇرىدۇ. بۇ زورنالنى نەشرى قىلدۇرغان كىشىمۇ ئەزىم ھاشىمى ئىدى. بۇ ژورنالنىڭ تىلى ئوردۇچە بىلەن تۈركچە ئىدى. ژورنالدا تۈركىستان ۋە تۈركىستانلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەر، كومۇنىزمغا قارشى ماقالىلار ھەمدە ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ماقالىلارنىڭ كۆپلىكى كىشىنى جەلىپ قىلىدۇ. دەسلىۋىدە ئايلىق بولۇپ چىقىرىلغان بۇ ژورنال، كېيىنكى يىللاردا پەسىللىك ژورنال قىلىپ چىقىرىلغان. 1960 ـ يىللارغا كەلگىچە ئۈزۈلۈپ ـ ئۈزۈلۈپ چىقىپ تۇرغان بۇ ژورنالنىڭ جەمئىي قانچە سان چىقىرىلغانلىقىنى ئېنىق بىلگىلى بولمىدى. بۇ ژورنال ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ ئەزىم ھاشىمىنىڭ ئىسمى بىلەن پۈتۈنلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ژورنالنىڭ نەشرى تا ھاشىمى ۋاپاتىغىچە داۋاملىشىپ تۇرغان.

(رەسىم ئورنى)
ئەزىم ھاشىمى چىقارغان «تەرجىمانئى ئەفكار» جورنىلىنىڭ مۇقاۋىسى
(مۇقاۋىدىكى يېزىقلار: ايليق مجمۇئه
ترجمان افكار
كراچى
مسئول مرتب: ائزم هاشمى ـــ ئۇ.ت)

ئافغانىستاندىن كېلىدىغان تۈركىستانلىقلارنىڭ ئازىيىپ كېتىشى، پاكىستاندا تۇرىۋاتقانلارنىڭمۇ باشقا دۆلەتلەرگە قاراپ كۆچۈشلىرى قاتارىدىكى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى پاكىستاندىكى تۈركىستانلىقلار سانى ئازىيىپ، بۇ يەردە پائالىيەتلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن داۋاملاشتۇرۇش ئىمكانى بارغانسېرى قىيىنلىشىپ كېتىدۇ. كاراچى شەھىرىدىكى بۇ جەمئىيەت، ھەيۋەتۇللا ئىشان رەئىسلىكىدە 1964 ـ يىلىغا كەلگىچە پائالىيەتلىرىنى داۋام قىلدۇرۇپ كېلىدۇ. پىشاۋۇردىكى جەمئىيەت بولسا، ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنىراق پائالىيەت قىلالىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى شۇ ئەتراپتىكى تۈركىستانلىقلار دائىرىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان.

## سوۋېت ئىشپىيونىنىڭ ئاقىۋىتى

1948 ـ يىلى ئافغانىستاننىڭ ھەرقايسى تۈرمىلىرىدىن قويۇپ بېرىلگەن كىشىلەر ئارىسىدا مەخمۇت ئايقارلىمۇ بار ئىدى. سوۋېت ك گ ب سى ئايقارلىنى تۈرمىدىن شۇنچە ئاسان قۇتقۇزۇپ چىقالايدىغان كۈچكە ئىگە بولۇپ تۇرۇغلۇق، ئۇنى

قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئۇرۇنمايدۇ، نەتىجىدە سوۋېت تەرەپ ئايقارلىنىڭ يەتتە يىل داۋاملىشىدىغان قاماق جازاسىغا قىلچە پىسەنت قىلماي تاشلىۋېتىشىدۇ. شۇ ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ گۇمان قىلىشقىنىدەك مەخمۇت ئايقارلى ئەگەر راستىنلا سوۋېت جاسۇسى بولسا ئىدى، سوۋېت تەرەپ ئۇنى چوقۇم دەرھال تۈرمىدىن بوشىتىپ چىقىرىۋالالىغان بولاتتى، ئۇنى تۈرمىدىن قۇتقۇزۇۋالمىغىنىغا قارىغاندا، ئايقارلى راستىنلا سوۋېت جاسۇسى ئەمەس ئىكەن دەيدىغان قاراشلارنىڭ تارقىلىشى، ئۇنىڭدىن ئۇستىدىكى جاسۇس دەيدىغان گۇمانلارنىڭ يوقۇلىشىغا شارايىت يارىتىلغان ئىدى. سوۋېتلەرنىڭ بۇ تەۋەدە ئەڭ ئۇزۇن مۇددەت يۇشۇرۇنۇپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا جاسۇسلۇق قىلىپ كەلگەن بۇ قارغۇ چاشقىنى بۇ پۇرسەتتىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، تۈرمىدىن بوشىتىلغان كۈن كەلگىنىدە قايتىدىن كونا مۇناسىۋەتلىرىنى ئورنىتىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ:

مەن بۇ 7 يىللىق تۈرمە ھاياتىمنىڭ 5 يىلىنى كامېردا قاملىپ ئۆتكەزدىم. بۇ جەرياندا سالامەتلىكىم بەكلا ناچارلىشىپ كەتكەنىدى. مانا ھازىر دوكتور خەلىل گۈرۈن مېنى داۋالاش بىلەن مەشغۇل بولماقتا. ... مەن تۈركىيىگە كەتسەم ياخشى بولارمۇ ياكى بۇ يەرلەردە تۇرىۋەرگىنىم ياخشىمىدۇ؟ بۇنىڭغا سىزلەر قارار قىلغايسىزلەر. ئەمما بۇ يەردىكى سىياسى پائالىيەتلەر كۈنسايىن كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنۇتمىغايسىزلەر. شۇ سەۋەپتىن بۇ تەرەپلەردىمۇ بىر ئادىمىمىز بولغىنى تۈزۈك.

(رەسىم ئورنى)

تۈركىستانلىق تۈركى مۇھاجىرلار ئىتتىپاقىنىڭ كاراچىدا مۇستاپا چوقاي ئوغلىنى خاتىرلەش ئۈچۈن ئېچىلغان يىغىنغا قاتناشقان تۈركىستانلىقلاردىن بىر گۇرۇپ. ئىككىنچى قاتارنىڭ (سولدىن) بېشىدا ئولتۇرغان قالپاقلىق ساقال قويىۋالغان كىشى ئەزىم ھاشىمى. بۇ كىشىلەرنىڭ كەينىدىكى تامدا تۈركىيە، تۈركستان ۋە پاكىستان بايراقلىرىنىڭ ئېسىلغانلىقىغا دىققەت قىلىڭ. 1949-يىلى 27-دىكابىر (ئەھەت ئەنجان ئارخىۋىدىن)

ئايقارلى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن «ياش تۈركستان» گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىرىدىن بىرى بولغان دوكتور ئابدۇلۋاھاپ ئوكتايغا يازغان بۇ تۇنجى خېتىدىن قارىغاندا، سوۋېت جاسۇسلۇق ئورگانلىرى ئايقارلىنى بۇ تەۋەدە تۇرۇپ قېلىشىنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. دوكتور خەلىل گۈرۈن، تۈركىيىگە كۆچۈپ كېتىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان تۈركىستانلىقلار بىلەن بىرگە ئافغانىستاندىكى تۈركىيە باش ئەلچىخانىسى ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت تىكلەش يولىنى باشلىتىپ بەرگەن، ئۇلارغا ھەر تەرەپتىن ياردەم قىلىپ كەلگەن تۈركىيىلىك بىر

دوختۇر ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت باغلىۋالغان ئايقارلى، تۈركىيە باش ئەلچىخانىسىدىكىلەر بىلەن قايتىدىن مۇناسىۋەتلىرىنى يولغا سېلىۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتا ئىدى. ئايقارلى تۈركىيە ئەلچىخانىسىغا ئىلتىماس قىلىپ تۈركىيە گراجدانلىق تۇنۇشتۇرۇشنى يېڭىلىۋېلىش تەلۋىدە بولغانىدى. ئەمما تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىكىلەر بۇ مەسىلىدە بەكلا سەگەك مۇئامىلە قىلىشىدۇ. ئايقارلىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق خېتىدە يازغانلىرىدىن ئەلچىخانىدىكىلەر بۇ جەھەتتە ئۇنىڭغا رەت قىلىش جاۋابى بەرگەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ:

مېنىڭ بۇ ئىشلىرىمنىڭ قانداق پۈتىدىغانلىقى، مېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىش - قالالماسلىقىم تۈركىيە باش ئەلچىخانىسىنىڭ پوزىتسىيىسىگە باغلىق بولۇپ قالدى. كىچىككىنە بولسىمۇ بىرەر تايانچىم بولسىلا بۇ جايدا تۇرۇپ قالالىشىم مۇمكىن. ... تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىن كەلگەن خەت بىلەن ئەلچىخانىنىڭ بۇ ئىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئايرىم خەت ئارقىلىق سىزگە يوللىۋەتتىم. ... ئەگەر مېنى تونۇيدىغان 2~3 ئىناۋەتلىك ئادەم ماڭا كاپالەتلىك قىلالىسىلا تۈركىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى ماڭا نوپۇس كىنىشكىسى ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىشى مۇمكىن.

ئەمما ئىشلار ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك بولمايدۇ. ئافغانىستاندا تۇرالمايدىغانلىقىنى سەزگەن ئايقارلى، 1950 - يىلىنىڭ نويابىر ئېيىدا تۈركىستانلىقلارنىڭ پاكىستاندىكى ئەڭ مۇھىم مەركىزىگە ئايلىنىۋاتقان پېشاۋۇر شەھىرىگە بېرىۋېلىپ، شۇ يەردىكى تۈركىستانلىقلار ئارىسىدا ئىش باشلايدۇ. پېشاۋۇر شەھىرى ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكىدەك تۈركىستانلىقلارغا نىسبەتەن ئاكتىپ پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا بولىدىغان مەركەزى رايون خاراكتېرىنى ساقلاپ قالغانىدى. ئۇرۇشتىن كېيىنكى كۆچلەر سەۋەبىدىن دېڭىز ساھىلى بولغان كاراچى شەھىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر شەھەرگە ئايلانماقتا ئىدى. پېشاۋۇردىكى تۈركىستان مۇھاجىرلار ئىتتىپاقى ئۇرۇش ئاخىرلىشىشى بىلەن تەڭ قايتىدىن پائالىيەتلىرىنى باشلىۋەتكەنىدى. ت م ب نىڭ سابىق رەئىسى ئوسمان غوجا، ئۇرۇشتىن كېيىن پاكىستانغا كېلىپ پېشاۋۇردا ئولتۇراقلىشىپ قالغانىدى. تۈركىستان باسمىچىلىق ھەرىكىتىنىڭ داڭلىق كىشىلىرىدىن بىرى بولغان شىر مۇھەممەتبەگ بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى تۇرمىدىن قويۇۋېتىلىشى بىلەن تەڭ ئافغانىستاندىن ئايرىلىپ پېشاۋۇرغا كېلىۋالغانىدى. شۇنىڭدەك يەنە سابىق بۇخارا ئەمىرىنىڭ بالا - چاقىلىرى، ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئافغانىستاندا قانات يايدۇرۇلغان پائالىيەتلەرنىڭ يېتەكچىلىرى بىلەن شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرىمۇ بۇ شەھەرگە كېلىۋالغانىدى. شۇنداق بولغاچقا، پېشاۋۇر شەھىرى ئايقارلى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىنتايىن مۇۋاپىق پائالىيەت سورۇنى

بولۇش شارائىتىغا ئىگە بىر يەر ھېساپلىناتتى. بۇ ۋاقىتلاردا چەت دۆلەتلەردە تۇرىۋاتقان تۈركىستانلىق يىتەكچىلەر بىلەن، بولۇپمۇ گېرمانىيىدىكى مىللى تۈركىستان ئىتتىپاق ھەرىكىتى بىلەن تۈركىيىلى ھەرىكىتى ئەزالىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەت باغلاش ئۇچۇن يول ئاختۇرۇپ يۈرمەكتە ئىدى.

تۈركىيىدىكى ت م ب ئەزالىرى تاھىر چاغاتاي بىلەن ئابدۇۋاھاپ ئوكتاي ئوتتۇرىسىدا يېزىشقان خەت ـ ئالاقىلاردىن قارىغاندا، 1952 ـ يىلىسى ت م ب چىلار باشلاتقان ژورنال چىقىرىش پائالىيەتلىرىگىمۇ قاتناشقانلىقى مەلۇم. شۇ يىلىنىڭ دىكابىرىدا "ئاۋارە" تەخەللۇسىنى ئىشلىتىپ "چەتئەلدىكى تۈركىستان ئۇچۇن كۈرەشلەرنى قانداق قىلغاندا ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇشقا بولىدىغانلىقى ھەققىدە" ئۇزۇن بىر ماقالە يېزىپ چىققان بولۇپ، ھەر قايسى ئەللەردە تۇرىۋاتقان تۈركىستانلىقلارنىڭ داڭلىق كىشىلىرىگە بىرەر نۇسخىدىن ئەۋەتىپ بەرگەن. 1953 ـ يىلىسى م ت ب ك نىڭ ۋاكالەتچىسى بولۇپ پاكىستانغا كەلگەن دوكتور بايمىرزا ھېيىتى بىلەنمۇ تونۇشۇۋالغان بولۇپ، م ت ب ك نىڭ پاكىستاندىكى ۋاكالەتچىسى بولۇپ بېرىشى ئۇچۇن ئۇنى قايىل قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ كەسىپى سوۋېت جاسۇسى يەنە بىر قېتىم بۇ تەۋەدىكى سىياسى پائالىيەتلەرنىڭ مەركىزىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ.

دوكتور ھېيىتى، ئۇ يىللاردا چىقىرىۋاتقان «مىللىي تۈركىستان» جورنىلىغا ئايقارلىنىڭمۇ ماقالە يېزىپ ئەۋەتىپ تۇرغانلىقىنى، ئۇ جايلاردىكى ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار بىلەن خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرغانلىقىنى ئېيتىدۇ. كېيىنكى يىللاردا، ئايقارلى ئاۋال تۈركىيىگە بېرىۋېلىشنى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە گېرمانىيىگە كېلىۋېلىشنىڭ يوللىرىنى ئاختۇرۇشقا باشلايدۇ. دوكتور ھېيتىنىڭ دېيىشىدىن قارىغاندا، 1955 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئائىلىسى بىلەن بىرگە تۈركىيىگە كېتىش ئۇچۇن يولغا چىققان بولۇپ، ئىرانغا كەلگىنىدە تۇيۇقسىزلا بۇ نىيىتىدىن يېنىپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ نىمە ئۇچۇن پىلانىنى ئۆزگەرتكەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق بىر مەلۇمات يوق. شۇنداق قىلىپ، 1931 ـ يىلىسى سوۋېتلەر تەرىپىدىن ئىراندا باشلانغان بۇ جاسۇسلۇق ھەرىكىتى يەنە شۇ ئېراندا ئاخىرلىشىدۇ. ئايقارلى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قايتىپ بارغىنىدىن كېيىن، ئۆزى ھەققىدە يازغان «مەخسۇس تاپشۇرۇق» (ئالاھىدە ۋەزىپە) دېگەن كىتاۋىنى تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن باشلايدۇ:

مېنىڭ ۋەزىپەم سەدرىدىنخانىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ پائالىيەت قىلىش، تۈركىستانلىق يىتەكچىلەر ئارىسىغا زىدىيەت سېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. سەزگۈر دۈشمەن مېنى ئۇ يەردە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ دەپ ھەرگىز خىيالىغا كەلتۈرۈشمىگەن ئىدى. مەنمۇ ئۇ ۋاقىتلاردا ئەندىلا 24 ياشقا كىرگەن ياشلىق باھىرىم ئۇرغۇپ تۇرغان بىر يىگىت ئىدىم.

ئايقارلى ھەقىقەتەنمۇ ۋەزىيىستنى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئورۇندىغان، نەق 24 يىل بويىچە زىندىيەت ئۈرۈغلىرىنى تېرىپ يۈرگەن، يۈزلىگەن تۈركىستانلىقنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەپچى بولغان بىر جاسۇس ئىدى. سوۋېتلەرگە قايتىپ كەتكىنىدىن كېيىن مەخمۇتجان سادىقوۋ دېگەن ئىسىم بىلەن ك گ ب نىڭ ئوتتا ئاسىيا بۆلۈمىدە مۇھىم ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدۇ. ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ 20 يىللىق خاتىرە كۈنىدە لېنىن ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلانغان ئايقارلى، چەت دۆلەتلەردىكى تۈركىستانلىقلارغا قارىتىلغان پائالىيەتلىرىنى رادىئو ئاڭلىتىشلىرى ۋە يالغان تەشۋىقات قىلىش ئۈچۈن يالغان خەۋەر ئۇيدۇرۇپ چىقىش ئىشلىرى بىلەن داۋام قىلىدۇ.

## ئوتتۇر شەرق ئەللىرىدىكى پائالىيەتلەر

ئىككى قۇتۇپلۇق سوغۇق ئۇرۇش باشلىنىشى بىلەن تەڭ، ئەرەپ ئەللىرىدە ياشاۋاتقان تۈركىستانلىقلارنىڭ پائالىيەتلىرىدىمۇ كۆرىنەرلىك يۈكسىلىش كۆرۈلۈشكە باشلىغانلىقى كۆرۈلمەكتە ئىدى. 1950ـ يىلىسى، تايىپتا تۈركىستانلىق باللارنىڭ مىللى ئالاھىدىلىكىنى يوقۇتۇپ قويماسلىقى ئۈچۈن ئېچىلغان مەكتەپ، تۈركىستانلىقلار مۇھاجىرەتتە ئاچقان ئەڭ مۇكەممەل ئوقۇتۇش نوقتىلىرىنىڭ بىرسى ھېساپلىناتتى.

ئېتىقاتلىق بىر مىللەتچى بولغان پارسى ھاجىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن سېلىنغان مەكتەپ بىناسىنىڭ ئاستىنقى قەۋەتىدە 6~14 ياش ئارىسىدىكى 60 تەك ئوغۇل، ئۈستىنكى قەۋىتىدە بولسا 30 دەك قىز ئوقۇغۇچى ئوقۇيتتى. بۇ باللارغا تۈركىستان بىلەن تۈركلەر تارىخى ھەققىدە دەرسلەر بېرىلگەن، ئانا تىللىرى ئوقۇتۇلغان بۇ مەكتەپكە 1952ـ يىلىسى «مىللى تۈركىستان مەكتىۋى» دېگەن نام بېرىلىدۇ.

ئۇ يىللىرى ئىئوردانىيىنىڭ ئومان شەھرىدە «تۈركىستان جەمىيەتى خەيرىيە» تەشكىلاتى، سۈرىيىنىڭ پايتەختى دەمەشىق (شام) تىكى «تۈركىستان ياردەم جەمىيىتى» ۋە شۇنىڭدەك مىسىرنىڭ پايتەختى قاھىرەدىكى «تۈركىستان خەيرىيە جەمىيىتى» قاتارلىق تۈركىستانلىقلار تەرىپىدىن تەشكىل قىلىنغان ئورۇنلار پائالىيەت قىلماقتا ئىدى. مىسىردا قۇرۇلغان «ئىسلام خەلقلىرىنى ئازات قىلىش جەمىيىتى»، كومۇنىستلار ئىشغال قىلىۋالغان مۇسۇلمان ئەللىرىنى ئازات قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللىنىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ جەمىيەتنىڭ رەئىسىمۇ مۇبەششىرخان تارازى ئىدى. مۇبەششىرخان، ئافغانىستاندىكى قاماق جازاسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن پاكىستان ئارقىلىق مىسىرغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقانىدى. سەئۇدى ئەرەبىستان دائىرىلىرى ھەرقانداق بىر جەمىيەت ياكى تەشكىلات قۇرۇشلارغا رۇخسەت بەرمەيتتى. شۇ سەۋەپتىن سەئۇدىيىدىكى تۈركلىستانلىقلار پائالىيەتلىرىنى

غەيرى ـ رەسمى يوللار بىلەن قانات يايدۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى.

1949 ـ يىلىدىن باشلاپ يېڭىدىن نەشرى قىلىنىشقا باشلىغان «مىللى تۈركىستان» جورنىلى بىلەن بۇ ژورنالنى نەشرى قىلىپ كېلىۋاتقان «مىللى تۈركىستان ئىتتىپاق كومىتتى» نىڭ پائالىيەتلىرى ئەرەپ ئەللىرىدە ياشايدىغان تۈركىستانلىقلارغا كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلغان بولۇپ، مىللى خاراكتېرىدىكى ھەرىكەتلىرىنىڭ كۈچلىنىشىگە سەۋەپ بولماقتا ئىدى. بۇ كومىتتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دوكتور بايمىرزا ھېيتنىڭ بۇ ئەللەرنىڭ پايتەختلىرىگە قىلغان زىيارەتلىرى جەريانىدا، م ت ب ك نىڭ دەمەشىق ۋە ئاممان شۆبىلىرى ئېچىلغان بولۇپ، شۆبە قۇرۇشقا بولمىغان يەرلەردە بولسا ۋاكالەتچىلەر بەلگىلەنگەنىدى. ھەتتا رەسمى تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇشقا يول قويۇلمايدىغان سەئۇدى ئەرەبىستانىدىمۇ دوكتور ھېيتى ئۇيۇشتۇرغان يىغىنلارغا نۇرغۇنلىغان تۈركىستانلىقلار ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشقانىدى.

(رەسىم ئورنى)

«ساۋت ئەل تۈركىستان» جورنىلىنىڭ مۇقاۋىسى. مۇقاۋىنىڭ يوقۇرى تەرىپىگە شەرقىي تۈركىستان بىلەن غەربى تۈركىستاننى بىر پۈتۈن قىلىپ كۆرسەتكەن بىر خەرىتە ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ئۇ يىللاردا، مىسىر سىياسى ۋە مەدەنىي پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللىنىشقا بولىدىغان مەركەز بولالايدىغان بىر يەر ھېساپلىناتتى. 1953 ـ يىلى قەشقەرلىك ئىبراھىم ۋاسىل رەھبەرلىكىدە «تۈركىستان ئاۋازى» (ساۋت ئەل تۈركىستان) نامىدىكى بىر ئايلىق ژورنال نەشرى قىلىنىشقا باشلايدۇ. بۇ ژورنال ئەرەپ تىلىدا چىقىرىلغان بولۇپ، تەھرىرات بۆلۈم مۇدىرلىكىنى سەدرىدىن ئەل ۋەكىلى ئۈستىگە ئالغانىدى. بۇ ژورنالنىڭ مۇقاۋىسىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە چېگرالىرى بىر تۇتاش ھالغا كەلتۈرۈلگەن، خىتايدىن ھەزەر (كاسپى) دېڭىزىغىچە سوزۇلغان ئۇلۇغ تۈركىستان خەرىتىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستىغا قوللىرى زىنجىرلىنىپ قۇرئان ئوقۇۋشى چەكلىۋېتىلگەن بىر تۈركىستانلىقنىڭ رەسمى سىزىلغانىدى. تۇنجى سانىنىڭ كەينى مۇقاۋىسىدا مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ رەسمى بېسىلغانىدى. بۇ ژورنالدا شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى، شەرقى تۈركىستاندىكى ئازاتلىق كۈرەشلىرى ۋە غەربىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك ماقالىلار بىلەن خەۋەرلەر بېرىلگەنىدى. ئەپسۇسكى، بۇ ژورنالمۇ ئۇزۇن داۋاملىشالماي، 10 ـ سانىدىن كېيىن توختاپ كېتىدۇ.

1954 ـ يىلىسى، مىسىر ھۆكۈمىتى ئەرەپ ھەرپلىرى بىلەن تۈركستان تۈركچىسىدە نەشرىياتچىلىق بىلەن شوغۇللىنىشقا رۇخسەت قىلىشى نەتىجىسىدە، «ئازاد تۈركىستان» ناملىق يەنە بىر ژورنال چىقىشقا باشلىنىدۇ. مەمتىمىن ئىسلامى تەرىپىدىن چىقىرىلغان بۇ ژورنالدا، تۈركىستان تەككىسىنىڭ شەيخى يۇنۇس

ئەپەندى بىلەن مۇبەششىرخان تارازى قاتارىدىكى دىنى يېتەكچىلەرمۇ ماقالە يېزىپ تۇرماقتا ئىدى. سىياسىي، دىنى، ئەدەبى تېمىلار بىلەن خەۋەرلەردىن تەشكىل تاپقان 4 بۆلۈمگە ئايرىلغان بۇ ژورنال، ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ دېگەندەك 3 يىلدەك نەشرى قىلىندى. 1950-يىللىرىدا مىسىردا تۇرۇۋاتقان تۈركىستانلىقلارنىڭ سانى مىڭ كىشى ئەتراپىدا ئىدى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا سەئۇدى ئەرەبىستاندا نەچچە يۈز مىڭ تۈركىستانلىق بار ئىدى. مىسىردىكى تۈركىستانلىقلارنىڭ بىر قىسمى سودا ئىشلىرى بىلەن شوغۇللانغان بولسا، يەنە بىر قىسمى ئەل ئەزھەرگە ئوخشاش ئۇنىۋېرسىتېتلاردا بىلىم ئالماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ سانى شۇنچە ئازلىقىغا قارىماي ئىجتىمائىي-مەدەنى جەھەتلەردە كۈچلۈك پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللىنىپ كېلەلىگەنلىكى ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالارلىق بىر ئىش ئىدى.

(رەسىم ئورنى)

«ئازاد تۈركىستان» جورنىلىنىڭ مۇقاۋىسى

(مۇقاۋىدا،

ازاد توركستان

(ئەرەپچە نامى)

ئلمى، دينى، ادبى، تاريخيى، اجتمائى، توجيهى، ايليق مجله دور.

ساهبى و ناشرى: مهمد امين اسلامى. و رئيس تهريرى: مهمد سادق افندى ئاشوردور

اهل فزل توركستانليق لردين بر نچه زات لر هيئت تهرير ائزا لريدور

ييل (ا) مهرم و سفر 1364 هجرى. سبتمبر و اوكتوبر 1954 برنجى سان

ازاد توركستان چيقيشى مناسبتى بيله اداره 1
توركستان تاريخى (باش سوز) مهمد امين اسلامى 3
جلالتاو مللك سئود هزرتلرينه تهيه « « 5
اسلام نزرنيده استقلال سماهتاو سيد مبشر ترازى 6
ئائله ده خاتون فوزيه خانيم نافز 7
دينى تاريخيميز نه اوچون هجرى؟ م. ا. اسلامى 9
ھەديس شريف قسمى (دينى بولوم) فتيلتاو شيخ مهمد يونس 13
قوتاتقو بيليك و مئولفى يوسف خاس هاجب. م. ا. اسلامى 14
قورچاق هاجى لر. « « 16
ملى شئېر و اتالر سوزى و قسقه هكايه لر ادبيات بولومى « « 21
اخبار بولومى - اسلام دنياسى و توركستان خبر لرى دين اداره 24
مسرده كى تاريخيى اسر لر دين ئەمرو بن ئاس جامئى م. ا. اسلامى 30
قايغولوق خبر (غياس بگ اسهاقى وفاتى) اداره 32
مسرده توركستان مهلەسى هاليدين اداره 33

1957 ـ يىلىسى ۋەلى قېيۇمخاننىڭ سەئۇدى ئەرەبىستان زىيارىتىدىن كېيىن 10 دەك تۈركىستانلىقنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى، بۇ يەرلەردىكى سىياسى خاراكتېرلىق پائالىيەتلەرگە ئېغىر بىر زەربە بولۇپ تەككەنىدى. رازۋېتكا قىلىش نەتىجىسىدە قولغا ئېلىنغانلار ئىجتىمائى تۈزۈمگە قارشى ھېچقانداق بىر پائالىيەتكە قاتناشمىغانلىقى مەلۇم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قويۇپ بېرىلىدۇ. ئەمما بۇ ۋەقە سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇرىۋاتقان تۈركىستانلىقلارغا بەكلا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. نەتىجىدە، شۇ يىللاردىن كېيىن چەتئەلدىكى مىللى تۈركىستان ھەرىكەتلىرىگە بىۋاستە قاتنىشىش مەسىلىسىدە كىشىلەردە قىزغىنلىق ئازىيىپ، پەقەت ماددىي جەھەتلەردىلا ياردەم قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالىدۇ.

*****

# بەشىنچى باب

# مۇستەقىللىق يولىدا

بايمىرزا ھېيتى بىلەن ئەھەت ئەنجان، تۈركىستان مىللىتىنىڭ پەرياتلىرى تېخى موسكىۋادىن نېرىسىغا ئاڭلانمايۋاتقان بىر دەۋردە، بۇ خەلقنىڭ دەردىنى قىتئەدىن قىتئەگە يەتكۈزۈپ، ئەجداتلىرىمىزنىڭ روھىنى شاد قىلغانىدى ...

چولپان مۇكاپاتى مۇراسىمىدىكى سۆز. ئۆزبەكىستان «ئەدەبىيات ۋە سەنئەت» جورنىلى 1992 ـ يىلى 20 ـ مارت

# مۇستەقىللىق يولىدا

## تۈركىيە، ئىران ۋە ئافغانىستان سىياسىي ئۆزگىرىشلەر ۋە ئىنقىلاپلار

20-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن شەكىللەنگەن دۇنيا كۈچ تەڭپۇڭلۇقى زور دەرىجىدە ئۆزگىرىش ياسىغان بىر دەۋر بولغانىدى. 1970-يىللاردىن كېيىن شەرق بىلەن غەرپ لاگېرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر كۆنسايىن يىرىكلىشىپ داۋام قىلىۋاتقان، سوۋېتلەرنىڭ ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇنۇشلىرى بارغانسىرى كۈچىيىۋاتقان بىر ئەھۋالدا، ئا ق ش نىڭ كوممۇنىزمغا چەكلىمە قويۇش جەھەتتىكى سىياسەتلىرىمۇ رەسمىي كۈچەيتىلمەكتە ئىدى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ جەنۇبىي قانىتىغا جايلاشقان ئۈچ دۆلەت ــ تۈركىيە، ئىران ۋە ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بۇ رىقابەتنىڭ ئەڭ كۈچلۈك تەسىرگە ئۇچراپ كېلىۋاتقان ئەللەر ھېساپلىناتتى. بۇ ئۈچ دۆلەتنىڭ ھەر قايسى ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە كۆرسىتىلگەن سەۋەپلىرىنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئېغىر سىياسىي ۋەھىمە ئىچىگە پېتىپ قالغان ئىدى.

تۈركىيەدە 1968-يىللىرىدىن باشلاپ ئوتتۇرغا چىققان ئوڭچىل-سولچىللىق توقۇنۇشلىرى بىلەن سىياسىي ۋەزىيەتتىكى مۇقىمسىزلىقلار 70-يىللار بويىچە بارغانسىرى ئېغىرلىشىپ داۋام قىلىپ، دۆلەت ئىچى ئاساسەن "ئىچكى ئۇرۇش" قاينىمىغا پېتىپ قالدى دېگۈدەك سىياسىي توقۇنۇشلار ئىچىگە پېتىپ قېلىۋاتاتتى. ئىراندا خەلق ئاممىسىنىڭ نارازىلىقى خانلىق تۈزۈمگە قارشى يۈزلەنگەن بولۇپ، 1925-يىلىدىن بېرى ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان پەھلىۋى خاندانلىقىغا قارشى كۈچلۈك ئۆكتىچىلىك ھەرىكىتى ئوتتۇرغا چىققانىدى. كومپارتىيە، لىبارلىستلار ۋە ئايەتۇللاھچىلار پادىشاھلىق تۈزۈمگە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈپ بىرلا سەپ بولۇپ شەكىللەنمەكتە ئىدى. ئافغانىستاندا بولسا كوممۇنىستالارنىڭمۇ ھەمكارلىششى نەتىجىسىدە 1973-يىلى ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئالغان گېنېرال داۋۇتخاننىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى بارغانسىرى يېقىنلىشىپ كەلمەكتە ئىدى. 1960-يىللاردىن باشلاپ ئافغانىستاندا كۈنسايىن كۈچىيىپ بېرىۋاتقان كوممۇنىست گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئۈچۈن بىر ئۆتكۈنچى دەۋر ھاكىمىيىتىغا، يەنى مۇنداق ئېيتقاندا بىر قېتىملىق "كېرېنسكى دەۋرى" گە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى. شۇ سەۋەپتىن گېنېرال داۋاتقا

كومۇنىستلار ياردەمچى بولغان دېيىش مۇمكىن ئىدى. 80 ـ يىللارغا يېقىنلاشقىنىدا، بۇ گۇرۇھلار دۆلەتنى ئۆزىمىز يالغۇز باشقۇرۇپ كېتەلەيمىز دەيدىغان قاراشتا ئىدى.

1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرسىدىن باشلاپ زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ جەنۇبىي قانىتىدىكى ئەللەردە سىياسى داۋالغۇشلار كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. ئالدى بىلەن ئافغانىستاندا بۇنداق بىر داۋالغۇش ئوتتۇرغا چىقىدۇ. يەنى، 1978 ـ يىلىنىڭ ئافرىل ئېيىدا گېنېرال ئابدۇقادىر ھىمايىسىدىكى كومۇنىستلار گۇرۇھى ئافغانىستاندا ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئېلىپ، نۇرمۇھەممەت تەرەققى رەئىسلىكىدە دېموكراتىك ئافغانىستان جۇمھۇرىيىتى ئېلان قىلىنىدۇ. بۇ يېڭى ھۆكۈمەتنى ئەڭ ئاۋال ئېتراپ قىلغان دۆلەت شۈبھىسىزكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئىدى. ئارىدىن بىرەر يىلمۇ ۋاقىت ئۆتمەي، ئىران شاھى ۋەتىنىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ئىنقىلاپنىڭ دىنى داھىسى بولغان ئايىتۇللاھ ھۇمەينى ئىران زېمىنىگە ئاياق باسقىنىدا ئىران ئىسلام ئىنقىلاۋىنى پەيدا قىلغان گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلار ئاللىمۇقاچان باشلانغان ئىدى. قىسقا داۋام قىلغان بۇ توقۇنۇشلاردىن كېيىن كومپارتىيە، يەنى «تۇدەھ»، ئافغانىستاننىڭ پايتەختى كابولغا، لىبرالىس گۇرۇھتىكىلەرنىڭ داھىلىرى بولسا فرانسىيىنى ئاساس قىلغان ھەر قايسى ياۋرۇپا ئەللىرىگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ زىنجىرلەنمە رېئاكسىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھالقىسى تۈركىيە ئىدى. ئەمما تۈركىيىدىكى ئۆزگىرىشلەر بۇ ئىككى دۆلەتتىكىدەك ئۇنچە داغ ـ دۇغىلىق بولمىدى. 1980 ـ يىلىنىڭ 12 ـ سىنتەبىر كۈنىسى، دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرى كەنان ئەۋرەن رەھبەرلىكىدىكى 5 نەپەر گېنېرال ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئېلىشى نەتىجىسىدە، تۈركىيىدىكى ئوڭچىل ـ سولچىل توقۇنۇشى ئاساسى جەھەتتىن تىنجىغان ھېساپلاندى. بۇ سىياسى ئۆزگىرىشتىن كېيىنكى دەۋردە ھەربى ھالەت ھاكىمىيىتى كونا سىياسى خادىملاردىن ھېساپ ئېلىش ھەرىكىتىنى باشلىتىپ، پۇخرالار سىياسىي پائالىيەتلىرىنى ھەربىلەر ئۆز ئارزۇسىغا لايىق شەكىللەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ.

ئافغانىستاندا تەرەققى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى دۆلەتنى تىزگىنلەشتە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بۇ دۆلەتكە بىۋاستا مۇداخىلە قىلىش قارارىغا كېلىدۇ. ئەمما ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، برېجنېۋ بىلەن ئۇنىڭ سەبداشلىرى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تارىخىدىن بۇيانقى ئەڭ خاتا تاشقى سىياسەت قارارلىرىدىن بىرسىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. يەنى، ئافغانىستان، سوۋېت ئىتتىپاقىنى پاتقاققا پاتۇرۇپ قويغان يەنە بىر ۋېتنامغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ پاتقاقلىق، ئەسلىدىنلا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالىنى كۈنسايىن قىيىنلاشتۇرىۋېتىدۇ. بۇ ئارىدا برېجنېۋ ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان چېرنېنكوۋ بىلەن ئاندروپوۋغا ئوخشىغان قېرى ۋە كېسەلچان داھىلارنىڭ ھاكىمىيىتى بەك ئۇزۇن داۋام قىلىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇلاردىن

كېيىن ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىرىلغان گورباچوۋ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى، شەرقى ياۋروپا ۋە ئافغانىستاندىكى كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتلىرىگە ياردەم قىلىشقا ئۇرۇنۇشلار داۋاملاشتۇرۇلغىنىدا، قۇتۇلغۇسىز بىر بوھران ئىچىگە پېتىپ قالىدىغانلىقىنى سېزىشكە باشلايدۇ. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى باش قوماندانى مارېشال ئورگاكوۋنىڭ "ئەگەر سوۋېتلەر ئىتتىپاقى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىنمىغىنىدا 2000ـ يىلىغا بارغىچە بەكلا كەينىدە سۆرۈلۈپ يۈرىدىغان دۆلەت ھالىغا چۈشۈپ قالىدۇ، ئالدىمىزدىكى يېقى ئەسىردە سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەرەققى قىلمىغان ئەللەرنىڭ ئەڭ تەرەققى قىلغانلىرىدىن بىرى ئورنىغا چۈشۈپ قالىدۇ" دېگەن سۆزلىرى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ نۆۋەتتىكى بوھرانلىق ۋەزىيىتىنى ئىنتايىن مۇكەممەل ئىپادىلىشى ھېساپلىناتتى.

گورباچيېۋ تەختكە چىقىپ ئۇزۇنغا قالماي «گلاستنوست ۋە پېرېستروۋيكا» لايىھىسىنى، يەنى ئېچىۋېتىش، يېڭىدىن قۇرۇش دېگەن سۆزلەر بىلەن ئىزاھلانغان بۇيۇك بۇرۇلۇش لايىھىسىنى ئېلان قىلىدۇ. ئىنتايىن كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ لايىھە، كوممۇنىزم ئىدىيىسىدىن تارتىپ سىياسى، ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائى ساھەلەردىكى سوۋېتلەرنى قايتا قۇرۇپ چىقىش پىلانلىرىنىڭ مۇنازىرىسىنى باشلىتىدۇ. بۇنداق بىر ھەرىكەت قىلىشتىكى مەقسەت، سوۋېتلەر تۈزۈمىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزىتىش ئىدى. يولغا قويماقچى بولغان ئىسلاھاتلار ئارقىلىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى قايتىدىن دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك چوڭ دۆلەت ھالىتىگە كەلتۈرۈشكە بولىدىغانلىقى، غەرپ دۇنياسىغا قارىتا قولدىن بېرىپ قويىۋاتقان بىلىم ۋە تېخنىك كۈچ مۇسابىقىسىدا قايتىدىن يېڭىپ چىقىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەنىدى.

يىللارنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ، گورباچيېۋنىڭ ئارزۇلىرى بارغانسىرى يوققا چىقىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرغا قويغان ئېچىۋېتىش قارىشىنىڭ تەسىرى ئالاھىدە زور رول ئويناش بىلەن تەڭ، ئۇنىڭ يەنە بىر قارىشى بولغان قايتا قۇرۇش پىرىنسىپى پۈتۈنلەي مەغلۇبىيەت بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. 1990ـ يىللار كىرىۋاتقان كۈنلەردە، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ 70 يىللىق مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەت سىستېمىسى پۈتۈنلەي تۇراقسىز بىر لاگىر ھالىغا كېلىپ بولغانىدى. شەرقى ياۋروپا ئەللىرى بىرـبىرلەپ بېقىندىلىقتىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىللىقنى ئېلان قىلىشقا باشلايدۇ. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلغان ئەتراپتىكى رىسبوپلىكىلىرىنىڭ ھەممىسىدىلا دېگىدەك مۇستەقىللىق ئارزۇسىدىكى خەلق ھەرىكەتلىرى بارلىققا كەلمەكتە ئىدى. 1989ـ يىلىدىن باشلىغان پارچىلىنىش جەريانى ئالدى بىلەن ۋارشاۋا شەرتنامىسىغا قول قويغان ئەللەرنىڭ ئايرىلىشى، ئۇنىڭ كەينىدىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن نەتىجىلىنىدۇ.

كالىندار 1991ـ يىلى 18ـ دېكابىرنى كۆرسىتىۋاتقان كۈنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى

يىتەكچىلىرى ماقۇللىغان ئالمۇتا خىتاپنامىسى ئارقىلىق، كىلەچەكنى باھانە قىلىپ بۈگۈننى قۇربان قىلىشقا بولغان بىر خىيالى غايە ـــ ئۇتوپىيە، 70 يىلدىن بۇيان مىليونلىغان ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغان يىرتقۇچ بىر تۈزۈمنىڭ ئۆلگەنلىكى رەسمى ئېلان قىلىنغان ھېساپلاندى. بۇ كۈن، ئۆز ۋاقتىدا يەنە تۈركى قەۋىملەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان يۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى قوللارغا ئايلاندۇرۇلغان، مۇستەملىكە قىلىنغان 15 تەك جۇمھۇرىيەتنىڭ قايتىدىن دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭمۇ سىمۋۇلى ئىدى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلانغانلىقى، تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرى مۇستەقىللىقلىرىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى، چەت دۆلەتلەردىكى تۈركىستان ھەرىكىتىنىڭ يېپ-يېڭى بىر دەۋرگە كىرگەنلىكىدىن بىشارەت بەرمەكتە ئىدى.

مۇستەقىللىق يولىغا قەدەم قويىۋاتقان 1980-يىللار بويىچە چەتئەللەردىكى مىللى تۈركىستان كۈرىشى بۇرۇن بولغىنىدەك، يەنە 3 مەركەزدە، يەنى تۈركىيە، ئافغانىستان ۋە گېرمانىيىگە مەركەزلەشكەنىدى. شۇنىڭدەك يەنە، ئا ق ش غا كۆچۈپ چىقىپ كەتكەن تۈركىستانلىقلارنىڭ قاتنىششىدا بۇ دۆلەتتىمۇ يېڭى پائالىيەتلەر باشلىغان ئىدى. 90-يىللارنىڭ يېقىنلىششىغا ئەگىشىپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا بارلىققا كەلگەن سىياسى مۇھىتنىڭ يۇمشىشى نەتىجىسىدە، تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى زىيالىلار بىلەن چەتئەللەردىكى مىللى ھەرىكەتلەر ئوتتۇرسىدا ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇناسىۋەتلەرنىڭ باشلانغانلىقى، بۇ دەۋرنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ئىدى.

## تۈركىستانلىقلار قايتا سەھنىدە

يوقۇرقىدەك پائالىيەت قىلىش كۆزقارىشى بويىچە قايتا تەشكىللىنىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىنى تېزلىكتە بېسىپ ئۆتكەن بۇ جەمىيەت، 1986-يىلىنىڭ باشلىرىدا، قۇرۇلغىنىدىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئۆز بىناسىغا ئېرىشىدۇ. يەنى جەمىيەت ئاقساراي (ئىستانبۇلنىڭ ياۋرۇپا تەرىپىدىكى مەركىزى مەھەللىلەردىن بىرسى. ـــ ئۇ.ت) ئەتراپىدىكى بىر يەردە 3 قەۋەتلىك بىر بىنانى رەسمى سېتىۋالىدۇ. بۇ دەۋردە، بىر تەرەپتىن تۈركىستانلىقلار ئوتتۇرسىدىكى سىياسى مۇناسىۋەتلەر كۈچەيتىلىشكە باشلانغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۈركىيىدىكى ئىلمىي ۋە سىياسى ساھەلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت تىكلەش ئىشنى باشلىۋېتىدۇ. بۇ يىللاردا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئەڭ مۇھىم ئىشلاردىن بىرسى، خەلق مائارىپ مىنىستىرلىكى خادىملىرىغا دوكلات سۇنۇش ئارقىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىدا

دەرسلىك قىلىنغان مىللى تارىخ ۋە مىللى جوغراپىيە دېگەن دەرسلىك كىتاپلىرىغا «غەربىي تۈركىستان» دېگەن ماۋزۇدا بىر قانچە دەرسلەرنىڭ كىرگۈزۈلۈشى ئىدى. تۈركىيىدىكى تېلېۋىزىيە قاناللىرىدا 1986-يىلىسى تۈنجى بولۇپ تۈركىستان مۇھاجىرلىرى ھەققىدىكى بىر پروگرام تەييارلانغانىدى. بۇ تېلېۋىزىيە پروگراممىسىدا تۈركىيىدە تۇرىۋاتقان تۈركىستانلىقلارنىڭ ئىجتىمائى، مەدەنىي تۈزۈلىشى، ئۇلارنىڭ تۈركىيە ئىگىلىكىگە قوشقان تۆھپىلىرى، تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى تەرەققىياتلار توغرىلىق تۈركىيە جامائەتچىلىكىگە مەلۇماتلار بېرىلدى (بۇ پروگراما، 1986-يىلى 12-ماي كۈنىسى «ت ر ت 1» قانالىدا بېرىلدى. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

(رەسىم ئورنى)
ئەھەت ئەنجان نۇتۇق سۆزلىمەكتە. 1997-يىلىنىڭ باشلىرى

سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن بىر قاتاردا تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىگە بولغان قىزىقىشلارمۇ ئارتىۋاتقان بىر مۇھىتتا، جەمىيەت تەشكىلى بۇ جەھەتتە ئىلمى خادىملار قاتناشقان نۇرغۇن قېتىم ئىلمى دوكلات يىغىنلىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى. شۇنىڭدەك يەنە جەمىيەت رەئىسى ئەھەت ئەنجان ئۇنىۋېرسىتېتلاردا، ۋەقىپلەردە ياكى باشقا جەمىيەتلەردە ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىلمى دوكلات يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى ۋەقەلەر، تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ۋەزىيەت قاتارلىق تېمىلاردا ئىلمىي دوكلاتلار بېرىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، تۈركىيىدە نەشرى قىلىنىۋاتقان ھەر تۈرلۈك مەتبۇئات ئورۇنلىرىدىمۇ توختىماي ماقالىلىرى ئېلان قىلىدۇ، ب ب س، ھۆرىيەت رادىيوسى (ئەركىنلىك رادىيوسى، رادىئو لىبېرتي) ۋە ئامېرىكا ئاۋازى (ۋويس ئوف ئامېرىكا) قاتارىدىكى خەلقئارالىق تەشۋىقات ئورگانلىرىدىمۇ سۆھبەتلەرگە قاتنىشىپ تۇردى.

## «تۈركىستان» جورنىلىنىڭ نەشرى قىلىنىشى ۋە «تۈركىستان تەتقىقات ۋەقپىسى» نىڭ قۇرۇلىشى

شەرق لاگىرى بىلەن تۈرك دۇنياسىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى تۈركىيە ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، 1988-يىلىنىڭ كىرىشىدىن باشلاپ دوكتور ئەھەت ئەنجان «تۈركىستان» ناملىق بىر ژورنال چىقىرىشقا كىرىشىدۇ. پەسىللىك چىقىرىش پىلانلانغان سىياسىي، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىي خاراكتىردىكى بۇ ژورنالنىڭ مەقسىدى باشماقالىسىدا تۆۋەندىكىچە بايان قىلىنىدۇ:

1927-يىلىسى «يېڭى تۈركىستان» بىلەن باشلانغان مەتبۇئات جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلار «تۈركىستان ئاۋازى» دېگەندەك ژۇرناللار بىلەن 1955-يىللىرىغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن ئىدى. ... ئەپسۇسكى، تۈركىستان مەسىلىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىدە باشلانغان بۇ تۈر تىرىشچانلىقلارنىڭ ھېچقايسى كۆنىمىزگە يېتىپ كېلەلىگىدەك ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك بولالمىغان ئىدى. ... بۈگۈنكى كۈندىكى ۋەزىيەت پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن بولۇپ، ... تۈركىستانغا، چەتئەللەردە ياشاۋاتقان تۈركىستانلىقلارغا، ۋەياكى تۈرك دۇنياسىغا مۇناسىۋەتلىك ۋەزىيەت، ۋەقەلىك، مەلۇماتلار ۋە كۆزقاراشلارنى يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان، بىر مەنىدە بۇنىڭ ئۈچۈن رۇجەكلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان ژۇرنالدىن بىرسىگە ئېھتىياجلىق بولىۋاتقان ئىدۇق. «تۈركىستان» جورنىلى، ئەنە شۇنداق بىر ئېھتىياج تۈپەيلىدىن دۇنياغا كەلدى.

بۇ ژۇرنالنىڭ 10 كىشىلىك تەھرىرات گۇرۇپپىسىدىكى 7 نەپەر ئادەم تۈركىستانلىق ئىلمى خادىم ۋە ئالىملاردىن تەشكىل تاپقان ئىدى (دوكتور ئەھەت ئەنجان يېتەكچىلىكىدە چىقىرىلغان بۇ ژۇرنالنىڭ غوجايىنلىقىنى «تۈركىستان نەشرىياتچىلىق مەركىزى» نامىدا دوكتور ئېمىن مىندان ئۈستىگە ئالىدۇ. ژۇرنال تەھرىراتى بولسا دوكتور بايمىرزا ھېيىتى، دوتسېنت دوكتور ئەھەت ئەنجان، دوتسېنت دوكتور تىمۇر غوجائوغلى، پروفېسسور ئەخمەت بىجان ئەرجىلاسۇن، دوتسېنت دوكتور قىيامەتتىن بارلاس، دوتسېنت دوكتور ئورخان قاۋۇنجۇ ۋە رېشىت شاشى ھۈسيىن ئوغلى قاتارىدىكى كىشىلەردىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى. ژۇرنال 1994-يىلىغىچە 22 سان چىقىرىلدۇ. — ئا.ھ. ئىززاھاتى). «تۈركىستان» جورنىلى سىياسىي ۋە ئىلمىي ساھەدىكىلەر تەرىپىدىن تېزلا سۆيۈپ ئوقۇلىدىغان ژۇرنالغا ئايلىنىدۇ. بېسىلغان ماقالىلار بىر مۇنچە تەتقىقاتچى تەرىپىدىن ماتېرىيال مەنبەسى سۈپىتىدە پايدىلىنىلدى. بولۇپمۇ ئافغانىستاندا سوۋېتلەرگە قارشى قانات يايدۇرۇلغان كۈرەشلەردە تۈركلەرنىڭ ئوينىغان رولى، تۈرك دۇنياسىدا بارلىققا كەلگەن خەلق ھەرىكەتلىرىنىڭ (ئەزەربەيجان خەلق فرونتى ۋە ئىتتىپاق ھەرىكىتى دېگەندەك) چەتئەللەردە تونۇتۇلىشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تۈركىيە جامائەتچىلىكىگە ئەڭ بالدۇر ۋە تەپسىلى شەكىلدە تونۇشتۇرغان ماتېرىيال مەنبەسى «تۈركىستان» جورنىلى بولغان ئىدى. پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ كۈچلۈك قانات يايدۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، 1990-يىلىسى دوكتور ئەھەت ئەنجان باشچىلىقىدا «تۈركىستان تەتقىقات ۋەقپىسى» قۇرۇلغان بولۇپ، ژۇرنالنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى بۇ ۋەقپىكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ («تۈركىستان تەتقىقات ۋەقپىسى» 1990-يىلى 9-ئاۋغۇست كۈنكى 20600-نومۇرلۇق ھۆكۈمەت گېزىتىدە ئېلان قىلىنىشى ۋە فاتىخ بىرىنچى ئاسلىيە

هوقۇق مەھكىمىسىنىڭ 1990 ـ يىلى 13 ـ سىنتەبىر كۈنىدىكى 499 ـ نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن قۇرۇلدۇ. بۇ ۋەقىپنىڭ قۇرغۇچىلىرى تۆۋەندىكى كىشىلەردىن تەشكىل تاپىدۇ: پروفىسسور دوكتور ئەھەت ئەنجان، دوكتور ئىمىن مىندان، دوتسېنت دوكتور تىمۇر غوجائوغلى، پروفىسسور دوكتور شابان قاراتاش، پروفىسسور دوكتور ئابدۇقادىر دونۇق، پروفىسسور دوكتور مۇستاپا ئەرقال، ئەكپەر ياسسا، زاھىر غوجا، مۇھەممەت يۈلتۈز، ھۇسامىدىن سابىرى، فەتخۇللا تۆرە، شاۋكەت ئۆزئۇلۇغ، قابىل جەينەك، جالالىدىن ئەلى ئوغلى، ئەكپەر دولقۇن، سابىر قارگەر، ئەرئول قايماق. ـــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

## ئافغانىستان ئۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەر

ئىشغالىيەتچى سوۋېت ئارمىيىسىگە، سوۋېتلەر ھىمايىسىدىكى كومۇنىست كابول ھۆكۈمەت قۇراللىق كۈچلىرىگە قارشى قانات يايدۇرۇلغان ئافغانىستان جىھاتىدا، تۈركىستانلىقلارنىڭ قۇرۇپ چىققان بىرلا سىياسى پارتىيىسى بار ئىدى. "شىمالى ئافغانىستان ۋىلايەتلىرى ئىسلامى ئىتتىھاد" نامىدىكى بۇ پارتىيىگە پاكىستاندىكى تۈركىستانلىقلاردىن ئازاتبەگ يېتەكچىلىك قىلماقتا ئىدى. ئەپسۇسكى، رەھبەرلىك مەركىزى پىشاۋۇردا بولغان بۇ پارتىينى چەتئەللەردە ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق دېگىدەك ئىدى. بۇ تۈرك پارتىيىسى پاكىستاندا سىياسى پارتىيە سانىنى 7 بىلەن چەكلەپ تۇتۇش بەلگىلىمىسى چىقىرىلغاندىن كېيىن قۇرۇلغان بىر پارتىيە بولغاچقا، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئېتراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىگەن، شۇ سەۋەپتىن پاكىستان ھۆكۈمىتى ۋاستىسى ئارقىلىق بېرىلىۋاتقان ئا ق ش ياردەملىرىدىنمۇ مەھرۇم قالغان ئىدى. شىمالى ئافغانىستان تەۋەسىدە ئۆزبەك ۋە تۈركمەن قاتارىدىكى تۈرك ئېرقى ياشايدىغانلىقى، ئۇ يەردىكى كۈرەشلەرنى تۈرك قەۋمىدىكىلەر قانات يايدۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلاردىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. رادىكال دىنچى ساھەدىكىلەرنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە ئافغانىستاندا قانات يايدۇرىلىۋاتقان كۈرەشلەر پەقەت پەشتۇلار بىلەن تاجىكلار تەرىپىدىنلا قانات يايدۇرۇلماقتا دەيدىغان قاراشلار ئومۇمى يۈزلۈك تارقىلىپ يۈرەتتى. ئەسەبى پەشتۇ مىللەتچىسى گۈلبەددىن ھىكمەتيار بىلەن تاجىك يېتەكچىسى بۇرھانىددىن راببانى تۈركىيىدە ئەڭ كۆپ تونۇلغان جىھاد يېتەكچىلىرى ھېساپلىناتتى.

شۇنداق بولغاچقا، ئازاتبەگنى، شىمالىي ئافغانىستان ۋىلايەتلىرى ئىسلام ئىتتىھاد ھەرىكىتىنى ھەمدە ئافغانىستان تۈركلىرىنى تونۇتۇش مەقسىتىدە تۈركىيىدە كۈچلۈك پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلمەكتە ئىدى. دوكتور ئەھەت ئەنجاننىڭ

تەكلىۋىگە بىنائەن، ئازاتبەگ بىلەن بىرگە بىر قىسىم قۇماندانلار 1988 ـ يىلى ئافرىلدا تۈركىيىگە كېلىدۇ. ئىستانبۇلدا، ئىككى كۈنلۈك تەشۋىقات ساھەلىرىگە تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇرىلىدۇ. كېيىن يەنە ئازاتبەگ بىلەن سەبداشلىرى ئەنقەرەگە ئېلىپ بېرىلىپ نۆۋەت بىلەن خەلق مائارىپ مىنىستىرى ھاسان جالال گۈزەل، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مەسۇت يىلماز، دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرى جەمىل چىچەك ۋە باش مىنىستىر تۇرغۇت ئۆزال قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ، ئافغانىستان مەسىلىسى، ئافغانىستان تۈركلىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ ئافغانىستان جىھات ھەرىكىتىدىكى ئورنى قاتارلىقلار تۈركىيە ھۆكۈمىتى مەسئوللىرىغا تۇنجى قېتىم كەڭ كۆلەمدە تونۇشتۇرۇلدى. بۇ ئۇچرىششلار جەريانىدا تۈركىيە مەسئوللىرى ئافغانىستان تۈركلىرىگە ۋە بۇ تۈركى قەۋىملىرى قۇرۇپ چىققان تەشكىلاتلارغا ياردەم قىلىش ھەققىدە ھەر تۈرلۈك ۋەدىلەرنى بېرىدۇ. بۇ كۆرۈشۈش ۋە سۆھبەتلەر تۈركىيە تەشۋىقات ئورگانلىرى تەرىپىدىن تەپسىلى تونۇشتۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە، تۈركىيە جامائەتچىلىكىنىڭ ئافغانىستان جىھادى بىلەن ئۇ يەردىكى تۈركى قەۋىملەر ھەققىدە تەپسىلى خەۋەردار بولۇشى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

كېيىن يەنە، بۇ مەسىلىنى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى مەسئۇللىرىغا يەتكۈزۈش مەقسىتىدە ئازاتبەگ ۋە ئۇنىڭ ئىككى نەپەر ياردەمچىسى بىلەن بىرگە دوكتور ئەھەت ئەنجان ئا ق ش غا يۈرۈپ كەتتى. ۋاشىنگتونغا بېرىپ ئا ق ش مەسئۇللىرى بىلەن ئۇچرىشىشلاردا، ئافغانىستان جىھاتىدا تۈركى قەۋىملىرىنىڭ رولى تونۇشتۇرۇلدى. بۇلاردىن باشقا يەنە بىر قىسىم خەلقئارالىق ستراتېگىيە ئورۇنلىرىغىمۇ تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە دوكلاتلار بېرىلدى. بۇ تۈر پائالىيەتلەرگە شۇ ۋاقىتلاردا تۈركىستان ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولغان ئابدۇللا غوجىمۇ قاتنىشىپ نۇرغۇن ياردەملەردە بولىدۇ.

ئا ق ش زىيارىتىدىن كېيىن، دوكتور ئەھەت ئەنجان رەئىسلىكىدىكى تۈركىستان جەمئىيىتى ئافغانىستاندا قانات يايدۇرىلىۋاتقان كۈرەشلەرگە ياردەم قىلىش مەقسىتىدە بىر ياردەم توپلاش پائالىيىتى باشلىتىش قارارىنى ئالىدۇ. ئەمما تۈركىيە تەۋەسىدە بۇنداق بىر پائالىيەت بىلەن شوغۇللىنىش ئۈچۈن تۈركىيىنىڭ بارلىق شەھەرلىرىدە تەشكىلاتلىرى بار بىر ئورۇنغا ئىگە بولۇش زۆرۈر ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، بۇ تەكلىپ لايىھىسى پۈتۈن تۈركىيە تەۋەسىدە تەشكىلاتلىنىپ ئاكتىپ پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقان تۈرك ھۇجىرىلىرى (تۈرك ئوچاقلىرى، ياكى تۈرك ئۆيلىرى) تەشكىلاتىغا بۇ ئىش ھەققىدە مەسلىھەت قىلىندى. تۈرك ھۇجىرىلىرى مەسئۇللىرى بۇ تەكلىپ لايىھىسىنى قوبۇل قىلىپ، 1988 ـ يىلى ئىيۇل ئېيىدا «مۇستەملىكە قىلىنغان مىللەتلەر ھەپتىسى» بىلەن بىر قاتاردا ياردەم يىغىش پائالىيىتىنىمۇ باشلىتىدۇ. تۈرك ھۇجرىلىرى تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى پروفىسسور دوكتور ئورخان دۈزگۈنەش، 1988 ـ يىلى 16 ـ ئىيۇلدا ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا

بۇ پائالىيەتنى تۈركىيە جامائەتچىلىكىگە ئېلان قىلىدۇ. بۇ پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇش ئۆچۈن تۈركىستانلىقلار مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ياردەم جەمىيىتى رەئىسى ئەھەت ئەنجان بىلەن تۈرك ھۇجرىلىرى تەشكىلاتىدىن دوتسېنت دوكتور ئورخان قوغۇنچى، جالال ئەر ۋە دوكتور مەمەت شاھىنكۆزلەردىن تەشكىللەنگەن 4 كىشىلىك بىر ھەيئەت تەشكىللىنىدۇ.

بۇ ھەيئەتتىكىلەر، 1988-يىلىنىڭ ئاۋغۇست ئېيىدىن باشلاپ ھەر ھەپتىدە كامىدا ئىككى ۋىلايەتكە بېرىپ دوكلات ئۇيۇشتۇرۇش يولى بىلەن پۈتۈن تۈركىيىنى ئايلىنىپ ئافغانىستان مەسىلىسىنى تونۇتۇپ چىقىدۇ. تونۇشتۇرۇش ۋە ياردەم تەلەپ قىلىشنى مەقسەت قىلىپ قانات يايدۇرۇلغان بۇ پائالىيەت، دېكابىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە 5 ئاي توختىماي داۋام قىلىپ، 50 تەك ۋىلايەتتە يىغىلىشلار ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ پائالىيەتلەر جەريانىدا تۈرك دۈشمەنلىك قارىشىدىكى بىر قىسىم گۇرۇھلار جىھاتنى پارچىلاشقا ئۇرۇنماقتا دەپ غاۋغا چىقىرىشىپ، ئەھەت ئەنجاننىڭ شەخسىيىتىگە قارىتا كۈچلۈك ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتىنى باشلايدۇ. ئەمما تۈركىيە جامائەتچىلىكى بۇ مەسىلىنى توغرا چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ تۈردىكى ھۇجۇم قىلىش ھەرىكەتلىرى قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. تۈركىستانلىقلار جەمىيىتى بىلەن تۈرك ھۇجرىلىرى تەشكىلى تەرىپىدىن قانات يايدۇرۇلغان بۇ مەلۇمات بېرىش ۋە ياردەم توپلاش پائالىيىتى قىزىلئاي ياكى دىنى ئىشلار مۇدىرىيىتى قاتارىدىكى دۆلەت ئورگانلىرىدىن قالسا، بىر ئاممىۋى تەشكىلات تەرىپىدىن رەسمى ئىشقا ئاشۇرۇلغان تۈركىيىدىكى تۇنجى قېتىملىق چېگرا ھالقىغان ياردەم توپلاش پائالىيىتى بولۇش جەھەتتىن تارىخىي ئەھمىيەتلىك بىر ھەرىكەت ھېساپلىنىدۇ.

يىغىلغان ئىقتىسادى ياردەم مەبلىغى بىلەن بىر قاتاردا ھەر تۈرلۈك سەھىيە ۋە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى 1989-يىلىنىڭ كىرىشلىرىدە 7 كىشىلىك بىر ھەيئەت تەرىپىدىن پاكىستان پېشاۋۇر شەھىرىدىكى تۈرك پارتىيىسى مەركىزىگە يەتكۈزۈلۈپ تاپشۇرۇپ بېرىلدى (بۇ ھەيئەت ت ك س ي د رەئىسى دوتسېنت دوكتور ئەھەت ئەنجان، تۈرك ھۇجرىلىرى ئەنقەرە شۆبىسى رەئىسى دوتسېنت دوكتور ئورخان قوغۇنچى، لېكتور دوكتور مەھەممەت شاھىنكۆز، تىجارەتچى ئوغۇز يايان، مۇخبىر ئىبمن بازارچى ۋە مۇخبىر مۇستاپا كۆكەر قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان ئىدى. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

ئافغانىستان جىھات ھەرىكىتىنىڭ پاكىستان ۋە ئافغانىستاندا تۇرۇشلۇق ھەربى لاگىرلىرى ھەيئەت تەرىپىدىن زىيارەت قىلىنىپ، مۇجاھىت يېتەكچىلىرى بىلەن سۆھبەتلەر ئۆتكۈزۈلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە پاكىستاندىكى تۈرك قەۋملىرىدىن ت5ەشكىل تاپقان مۇساپىرلار لاگىرلىرىمۇ زىيارەت قىلىنىدۇ. بۇ زىيارەتلەردىن كېيىن، ئافغانىستان مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك ۋەزىيەت، پاكىستاندىكى تۈركلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللار، ئافغانىستان مەسىلىسىدە كېلەچەكتە تۈركىيىنىڭ

ئوينايدىغان رولى قاتارلىق مەزمونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر دوكلات تەييارلىنىپ تۈركىيە ھۆكۈمەت مەسئۇللىرىغا سۇنۇلىدۇ. يەنە شۇ يىلىسى دوكتور ئەھەت ئەنجاننىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئازاتبەگ تەشكىلاتى تاللاپ چىققان 7 نەپەر تۈركىستانلىق ياش تۈركىيىگە ئېلىپ كېلىنىپ ھەر قايسى ئۇنىۋېرسىتېتلارغا ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ (بۇ ياشلار باھاۋۇدىن ئابدۇلئالىم ئوغلى، ئابدىرېشىت چارىقۇل ئوغلى، ئابدۇقۇددۇس سۇلتانقۇل ئوغلى، خۇداينەزەر ئابدۇراخمان ئوغلى، رەھمۇللا ھاجىھاسان ئوغلى قاتارلىقلاردۇر. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

1992 ـ يىلى ئەتىيازدا ئارمىيىسى بىلەن بىرگە مۇجاھىتلار تەرىپىگە ئۆتكەن گېنېرال رېشىت دوستۇم، ماي ئېيىدا ئافغانىستان مىللى ئىسلامى ھەرىكىتى (ج م ئى ئا) تەشكىلاتىنى قۇرۇپ رەئىسلىككە سايلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئافغانىستان كۈرىشىدە تۈركىستانلىقلاردىن تەشكىل تاپقان ئىككىنچى بىر مەركەزمۇ بارلىققا كېلىدۇ. گېنېرال دوستۇم ھەرىكىتى، تۈركىيە بىلەن مۇناسىۋەت تىكلىشى لازىم ئىدى. دوكتور ئەھەت ئەنجاننىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىش نەتىجىسىدە، دوستۇم تەرىپىدىن تۈركىيىگە ئېۋەرتىلگەن ۋەكىللەر 1993 ـ يىلى فېۋرالدا تۈركىيە پىرىزدېنتى تۇرغۇت ئۆزال تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ.

بۇ كۆرۈشۈش 1993 ـ يىلى 17 ـ فېۋرال كۈنى ئىستانبۇلدا ھۆرمەتلىك پىرىزدېنتىمىز بىلەن ئارمىيە خانىقاسىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، سۆھبەت ئىككى سائەتتەك داۋام قىلىدۇ. بۇ سۆھبەت يىغىنىغا دوستۇمنىڭ ۋەكىللىرىدىن ھاشىم زارى، گېنېرال ئابدۇمالىكلار بىلەن بىر قاتاردا دوكتور ئەھەت ئەنجانمۇ قاتنىشىدۇ. بۇ كۆرۈشۈش جەريانىدا پىرىزدېنتىمىزغا ئافغانىستان ۋەزىيىتى ھەققىدە كەڭ دائىرىلىك مەلۇمات بېرىلىپ، مازارى شەرفتىكى گېنېرال دوستۇم رەھبەرلىكى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەت تىكلەش، مازارى شەرىفتە بىر كونسۇلخانا ئېچىش قاتارىدىكى تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن دوستۇم بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدا يېقىن مۇناسىۋەت تىكلىنىدۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن گېنېرال دوستۇم تۈركىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەسمى تۈردە تۈركىيىگە تەكلىپ قىلىنىدۇ.

## خەلقئارالىق تۈركىستان قۇرۇلتايلىرى

سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى ۋەزىيەت تەرەققىياتى، پات يېقىندا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدىغانلىقىدىن بىشارەت بەرمەكتە ئىدى. ئۇ كۈنلەردە موسكۋانىڭ تەسىرىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلىششقا قاراپ يۈزلەنمەكتە ئىدى. شەرقى ياۋرۇپا بىلەن سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرىدە نۇرغۇنلىغان خەلىق ھەرىكەتلىرى باش كۆتۈرۈشكە

باشلىغان ئىدى. بۇنداق بىر ۋەزىيەت ئاستىدا چەت دۆلەتلەردە تۇرىۋاتقان تۈركىستانلىقلارنىڭ قانداق يول تۇتۇش مەسىلىسىنىڭ ئەھمىيىتىمۇ ئارتىپ بارماقتا ئىدى. بۇ مەقسەتتە، 1989-يىلىنىڭ سىنتەبىر ئېيىدا دوكتور ئەھەت ئەنجان رەئىسلىكىدە تۈركىيەدىكى بارلىق تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋاكالەتچىلىرى قاتناشقان دۇنيا تۈركىستانلىقلار قۇرۇلتىيى چاقىرىلدۇ. تۈرك دۇنياسى تەتقىقات ۋەقپىسىنىڭ يىغىن زالىدا ئېچىلغان ئىككى كۈنلۈك قۇرۇلتايدا، چەت دۆلەتلەردىكى تۈركىستانلىقلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن كەلگۈسىدە يۈز بېرىش ئېھتىمال بولغان ۋەزىيەت مۇھاكىمە قىلىنىپ، كەلگۈسى پائالىيەتلەرنىڭ پىرىنسىپلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

سوۋېت مەتبۇئاتلىرى بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينى قاتتىق تەنقىت قىلغان بولۇپ، قۇرۇلتاي تەشكىللىگۈچىلىرىنى قارىلاش ھەرىكىتىنى باشلايدۇ. «سوۋېت ئۆزبەكىستانى» دېگەن گېزىتتا چىققان «موردىنى تىرىلدۈرۈشكە ئۇرۇنغۇچىلار» دېگەن سەرلەۋھەلىك ماقالىسىدا دوكتور بايمىرزا ھېيتى بىلەن ئەھەت ئەنجان ئىككىسى ئۈستىدە يالغان-ياۋداق تۆھمەتلەر بىلەن تولغان قارىلاشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. ك گ ب تەرىپىدىن يازدۇرۇلغانلىقى چىقىپ تۇرغان بۇ ماقالىدا، دوكتور ئەھەت ئەنجان، ئەڭ ئاخىرقى قوقان خانىنىڭ نەۋرىسى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ كېلىپ، ئەھەت ئەنجاننىڭ غەربىي تۈركىستاننى بىرلا دۆلەت ھالىغا كەلتۈرۈش، ئاندىن بۇ دۆلەتكە خان بولۇپ تەختتە ئولتۇرۇش دەپ بوھتان قىلىنغان ئىدى.

1990-يىلى سوۋېتلەردە پارچىلىنىش شەپىسى ئېنىق ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان بىر يىل ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، يالغۇز چەت دۆلەتلەردە يۈرگەن مۇھاجىر تۈركىستانلىقلارنىڭ قاتنىششى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، تۈركىستاندا ياشاۋاتقان تۈركىستانلىقلارمۇ قاتنىشىدىغان خەلقئارالىق بىر قۇرۇلتاي چاقىرىشنىڭ ۋاقتى پىشىپ يېتىلگەنىدى. دوكتور ئەھەت ئەنجان رەئىسلىكىدە تۈركىستان تەتقىقات ۋەقپىسى بىلەن تۈركىستانلىقلار مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائى ياردەم جەمىيىتى بىرلىكتە بۇ قۇرۇلتاينىڭ تەييارلىق پائالىيىتىنى باشلىۋېتىدۇ. 1990-يىلى 3~5-دىكابىر كۈنلىرى ئىستانبۇلدىكى ئاتاتۈرك مەدەنىيەت مەركىزى زالىدا (تەقسىم مەيدانى بويىدىكى كلۇب — ئۇ.ت) چاقىرىلغان قۇرۇلتاي، مۇنداق 3 جەھەتتە تۇنجى بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىدى:

70 يىللىق مۇساپىرلىق ھايات جەريانىدا ئامېرىكا، گېرمانىيە، ئافغانىستان، پاكىستان، ئەرەپ ئەللىرى ۋە تۈركىيەگە تارقىلىپ كەتكەن تۈركىستانلىقلار ۋەكىللىرى تۇنجى قېتىم بۇنداق چوڭ بىر قۇرۇلتاي سەۋەبى بىلەن بىر يەرگە يىغىلماقتا ئىدى. ئىككىنچى ئالاھىدىلىكى بولسا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى قۇرۇلغىنىدىن بېرى تۇنجى قېتىم، تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدىن كەلگەن ۋەكىللەر بىلەن چەتئەلدە تۇرىۋاتقان تۈركىستانلىقلار بىر يەرگە يىغىلالىغان بىر يىغىن بولغانىدى

(تۈركىستاندىن كېلىپ يىغىنغا قاتناشقانلار ئۆزبەكىستان دۆلەت مەھكىمىسى ئەزاسى شۈكرۇللا ئىبراھىم، يازغۇچىلار ئىتتىپاقى رەئىسى ئادىل ياقۇبوۋ، يازغۇچىلاردىن جامال كامال ۋە تاھىر قاھارلار بار ئىدى. — ئا.ھ. ئىزاھاتى). ئۈچىنچى ئالاھىدىلىكى، تۈركىستانلىقلار چاقىرغان بىر يىغىندا تۈركىيە ھۆكۈمىتى، تۇنجى قېتىم رەسمى تۈردە مىنىستىر دەرىجىسى بويىچە تۈركىيىگە ۋاكالىتەن يىغىنغا قاتناشماقتا ئىدى (دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرى ئەرجۈمەنت قونۇقمان، ياۋرۇپا كومىسسىيىسى رەئىسى بۈلەنت ئاقارجالى، قەيسەرى خەلق ۋەكىلى خەلىل ئۆزسوي، پىرىزدېنت باش مەسلىھەتچىسى ئەرتاڭ يۈلەك قاتارلىق كىشىلەر قۇرۇلتايغا قاتنىشىپ، سۆزگە چىققانىدى. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

3 كۈن داۋام قىلغان خەلقئارا تۈركىستانلىقلار بىرىنچى قۇرۇلتىيى يېپىلىشى ۋاقتىدا، يىغىنغا قاتناشقان ئۇمەكلەرنىڭ پىكىرلىرىدىن رەتلەنگەن 13 ماددىلىق بىر خۇلاسە دوكلات ئېلان قىلىندۇ. شۇنىڭدەك يەنە، دۇنياۋى خاراكتېرلىق پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللىنىش، بۇ جەھەتتە لازىم بولغان ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىگە كاپالەتلىك قىلىش مەقسىتىدە، دائىملىق پائالىيەت قىلىدىغان بىر دۇنيا تۈركىستانلىقلار قۇرۇلتىيى دائىمى ئورگىنى تەشكىل قىلىش قارارى قوبۇل قىلىندى. ھەر بىر دۆلەتتىن بىر ۋەكىل قاتناشتۇرۇلۇپ تەشكىل قىلىنغان دۇنيا تۈركىستانلىقلار قۇرۇلتىيى رەئىسلىكىگە دوكتور ئەھەت ئەنجان، پەخرى رەئىسلىكىگە دوكتور بايمىرزا ھېيتى سايلىنىدۇ. قۇرۇلتاي يېپىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆزبەكىستان مەتبۇئات مىنىستىرى بىلەن قىرغىزىستان مەدەنىيەت مىنىستىرى قاتارىدىكى مەسئۇل كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىپ باشلىتىلغان دۆلەتلەر ئارا سۆزلىشىش پائالىيەتلىرى 1991 ـ يىلى ئىچىدە كۈنسايىن كۆپىيىپ، ئۇزۇنغا قالماي دۆلەت رەئىسلىرى دەرىجىسىدىكى سۆھبەتكە ئايلىنىدۇ.

## جەمىيەتنىڭ جامائەتكە خىزمەت قىلىدىغان جەمىيەتكە ئۆزگەرتىلىشى ۋە ئاۋراسىيا فېدېراتسىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

تۈركىستانلىقلار مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ياردەم جەمىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ ئاكتىپ قانات يايدۇرۇش، لازىم بولغىنىدا دۆلەت ياردىمىگىمۇ ئېرىشىش ئۈچۈن جامائەتكە خىزمەت قىلالايدىغان جەمىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولۇشى لازىم ئىدى.

بۇ مەقسەتتە، 1984 ـ يىلىدىن بۇيانقى پائالىيەتلەر ئارخىپ ھالىغا كەلتۈرۈلۈپ، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ مۇزاكىرە قىلىشىغا سۇنۇلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىكلەر تەرىپىدىن 4 ئايدەك تەتقىق قىلىنىش نەتىجىسىدە تەلەپ مۇۋاپىق كۆرۈلۈپ، ت ك

س ي د نى مىنىستىرلار مەھكىمىسىنىڭ قارارى ئارقىلىق جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىدىغان جەمئىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ بېرىدۇ (تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى مىنىستىرلار مەھكىمىسىنىڭ 1995.3.2 ۋە 95ـ6683 نومۇرلۇق قارارى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

(رەسىم ئورنى)
دوكتور بايمىرزا ھېيىتى بىلەن دوكتور ئا. ئەھەت ئەنجان ئىككىسى، دوكتور ھېيىتى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىق خاتىرە كۈنىسى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن تەبرىكلەش مۇراسىملىرىدىن بىر كۆرۈنۈش. ئىستانبۇل، 1993ـيىلى 27ـيانىۋار.

كېيىن يەنە قالغان تاشقى تۈرك جەمئىيەتلىرى بىلەن سۆزلىشىش ئارقىلىق جەمئىيەتلەر فىدراتسىيىسى تەشكىل قىلىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن پائالىيەتلەر باشلىتىلدى. دوكتور ئەھەت ئەنجان باشلاپ بەرگەن تەييارلىقلار نەتىجىسىدە، شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى ۋە ئىراق مەدەنىيەتلەر جەمئىيىتى بىلەن كېلىشىپ ئاۋراسىيا جەمئىيەتلەر فېدېراتسىيىسى قورۇلىدۇ. تۇنجى قېتىملىق قۇرۇلتىيىنى 1995ـيىلىسى چاقىرغان فېدېراتسىيە نۆۋەتلىشىپ رەئىس بولۇش سىستېمىسىنى قوبۇل قىلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ فىدىراتسىيە رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ھەر يىلى بىر جەمئىيەت ئۈستىگە ئېلىپ كېلىدۇ.

1984ـيىلىسى جەمئىيەت قايتىدىن قۇرۇلغىنىدىن تارتىپ مۇستەقىللىق باسقۇچىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا تۈركىستانلىقلار مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائى ياردەم جەمئىيىتى بىلەن تۈركىستان تەتقىقات ۋەقپىسى بويىچە ئۈنۈملۈك ئەمەلىي پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللىنىپ كېلىدۇ. ئامېرىكىلىق تەتقىقاتچى لوۋېل بىزانىس، «تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدىكى سوۋېت مۇسۇلمان مۇھاجىرلىرى» ماۋزۇلۇق تەتقىقات ماتېرىيالىنىڭ غەربى تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارغا دائىر باپىدا دوكتور ئەھەت ئەنجان رەئىسلىك قىلغان دەۋردە ئىشلەنگەن ئىشلار توغرىسىدا تۆۋەندىكىچە باھالانغان:

تۈركىستانلىقلار مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ياردەم جەمئىيىتىنىڭ بۈگۈنكى يېتەكچىسى، نەچچە ئون يىلدىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن قاراڭغۇلۇق بىر دەۋردىن كېيىن تۈركىستانلىقلارنى تۈركىيەدە كۆزگە چېلىقىدىغان ھالغا كەلتۈرىدۇ.

ئۆزبەكىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى 1991ـيىلىسى، خەلقئارالىق «چولپان» مۇكاپاتىنى دوكتور بايمىرزا ھېيىتى، دوكتور ئەھەت ئەنجان ۋە مەمەتئەلى مەخمۇتوۋلارغا بېرىدۇ. يازغۇچىلار ئىتتىپاقى بۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق بىر قارار

ئالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق دەپ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ:

1991 ـ يىلى تەشكىلاتىمىز تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇلغان بىر يىل بولدى. جۇمھۇرىيىتىمىز ئۆز مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلدى. مۇستەقىللىق كۈرىشى ئۈچۈن ۋەتىنىمىز تەۋەسىدە ھەمدە چەت دۆلەتلەردە جان پىدالىق بىلەن پائالىيەت كۆرسەتكەن سەبداشلىرىمىزنىڭ تارتقان جاپالىرىنى ئالاھىدە قەدىرلەيدۇ.

بايمىرزا ھېيتى بىلەن ئەھمەت ئەنجان، تۈركىستان مىللىتىنىڭ دەرت سادالىرى موسكۋانىڭ سىرتىغا ئۆتەلمەي تۇرغان بىر ۋاقىتلاردا، بۇ خەلقنىڭ دەردىنى قىتئەمۇ ـ قىتئە ئاڭلىتىپ، ئەجداتلىرىمىزنىڭ روھىنى شاد قىلدى ("1991 ـ يىلى جۇمھۇرىيىتىمىز تارىخىدا ئۆچمەز ئىز قالدۇرۇلدى. جۇمھۇرىيىتىمىز مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلدى. مۇستەقىللىق كۈرىشى ئۈچۈن يۇرتىمىزدا ۋە چەتئەللەردە ئۆزىنى بېغىشلاۋاتقان ئەرباپلىرىمىز خېلى كۆپ قەدىرلىنىدۇ. بايمىرزا ھېيتى بىلەن ئەھمەت ئەنجان تۈركىستان ئەھلىنىڭ دەرت ـ شىكايەتلىرىنى موسكۋادىن نېرىغا ئۆتمەي تۇرغان پەيتتە بۇ خەلقنىڭ زارىنى قىتئەلەردىن قىتئەلەرگە يەتكۈزۈپ، ئەجداتلىرىمىز روھىنى شاد ئەيلەدىلەر." «ئۆزبەكىستان ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتى»، 1992.3.20. 7 ـ بەت. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرى مۇستەقىللىقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشى بىلەن بىرگە چەتئەلدىكى تۈركىستان پائالىيەتلىرى يېڭى بىر سەۋىيىگە يۈكسىلىدۇ (دوكتور ئەھمەت ئەنجان، 1995 ـ يىلى ئومۇمى سايلامدا «ئانا ۋەتەن» پارتىيىسى ئىستانبۇل خەلق ۋەكىلى بولۇپ سايلىنىپ، جەمىيەت رەئىسلىكىدىن ئىستىپا بېرىدۇ. 1996 ـ يىلقى قۇرۇلتايدا جەمىيەت رەئىسلىكىگە تۇران ئاقىن سايلىنىدۇ. بۇ كىتاپ بېسىلىۋاتقان كۈنلەردە خاقان دېمىر جەمىيەت رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىمەكتە ئىدى. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

## ئامېرىكىدىكى پائالىيەتلەر

تۈركىستانلىقلارنىڭ ئا ق ش غا بېرىپ ماكانلىشىشى ئاساسەن ئالغاندا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن باشلىنىدۇ. تۈركىستان لېجيونىدا ۋەزىپە ئۆتەپ، ئۇرۇشتىن ئۆلمەي ساق قۇتۇلغان سابىق ھەربىلەردىن بىر قىسمى ئا ق ش غا كۆچۈپ بارغان ئىدى. بۇ تۈركىستانلىقلار 1959 ـ يىلىنىڭ نويابىر ئېيىدا يىغىلىشىپ تۈركىستانلىقلار ئامېرىكا جەمىيىتى (تۈركىستان ئامېرىكان ئاسسوكاتسيون) قۇرۇشنى قارار قىلىشىدۇ.

33 نەپەر تۈركىستانلىق بىۋاستە قاتناشقان، 22 نەپىرى ۋاكالەتچىسى ئارقىلىق قاتناشقان بۇ بۇ يىغىندا 41 ماددىلىق بىر نىزامنامە قوبۇل قىلىندى. جەمئىيەت رەئىسلىكىگە ئىساقجان نازىرقول، ئىجرائىيە كومىتېتى ئەزالىقىغا بولسا ھۈسەيىن ئىكرام، دوكتور مەمەت گۆكلەن، نارىم ئۇراز ۋە ئەلىجان ئارىپخان قاتارلىق كىشىلەر تەيىنلىنىدى.

بۇ جەمئىيەت، ئا ق ش دە ياشايدىغان تۈركىستانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش، تۈركىستانلىقلارنىڭ مەدەنىي ئالاھىدىلىكلىرىنى قوغداش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇش، ئا ق ش غا كۆچمەن بولۇپ كەلگەن تۈركىستانلىقلارغا ماددى ۋە مەنىۋي ياردەم قىلىش دېگەندەكلەرنى ئاساسى مەقسەد قىلىشقان ئىدى. نەتىجىدە تۈركىستان ئامېرىكان جەمئىيىتىنىڭ بۇ يىللاردا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى سايىسىدە ياۋروپا ئەللىرىدە ھەمدە تۈركىيەدە ياشاۋاتقان نۇرغۇنلىغان تۈركىستانلىق ئائىلە كۆچمەن سۈپىتىدە ئا ق ش غا بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدى. 1961-يىلىسى ئىساقجان نازىرقول رەئىسلىكتىن ئايرىلىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا تەيىنلەنگەن ھۈسەيىن ئىكرام 1968-يىلىغىچە رەئىس بولىدى. بۇ جەمئىيەت، ئامېرىكا كونگىرىسى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان قۇل قىلىنغان مىللەتلەر ھەپتىلىكى ئاساسىدا تۈركىستان مۇستەقىللىق مەسىلىسىنى ئا ق ش سىياسەتچىلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ يەنە بىر پائالىيىتى بولسا، ئا ق ش كونگىرىسى تەرىپىدىن پىچەتلىنىش قارارى چىقىرىلغان ئامېرىكا ئاۋازى رادىئوسىنىڭ ئۆزبەكچە ئاڭلىتىشىنى قايتا باشلاشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان پائالىيىتى ئىدى. دەسلەپكى يىللىرى ئاكتىپ پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ كەلگەن بۇ جەمئىيەتنىڭ كېيىنكى يىللاردا ئاكتىپچانلىقنى جارى قىلدۇرالمىغانلىقى كۆرۈلمەكتە.

1970-يىللار، تۈركىيەدىن ئا ق ش غا كەڭ كۆلەملىك كۆچمەن كۆچكەن بىر يىللار ئىدى. كومۇنىستىك ھاكىمىيەتلەر ئىشغال قىلىۋالغان ئەللەردىن كەلگەن مۇھاجىرلارغا ئېتىۋار بېرىش سىياسىتىدىن پايدىلىنىپ تۈركىيەدىكى نۇرغۇنلىغان تۈركىستانلىق ئائىلىلەر ئادانا، ئىستانبۇل قاتارىدىكى مەركەزلەردىن نيو جېرسى ۋە نيويورك قاتارلىق شەھەرلەرنى ئاساس قىلغان ھەر قايسى ئامېرىكا شەھەرلىرىگە كۆچۈپ بارىدى. 1979-يىلىسى ئافغانىستاندا باشلانغان سوۋېت ئىشغالىيەتچىلىكى ۋە ئىچكى ئۇرۇشلار سەۋەبىدىن يەنە بىر قېتىملىق ئامېرىكىغا كۆچۈش دولقۇنى بارلىققا كېلىدى. ئامېرىكىدا بۇ شەكىلدە تۈركىستانلىق نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى تۈركىستان ئامېرىكا جەمئىيىتىنى قايتىدىن ئاكتىپ پائالىيەت قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرۈش ئېھتىياجىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدى.

1984-يىلىسى ئېچىلغان ئومۇمى يىغىن نەتىجىسىدە، تۈركىستان ئامېرىكا جەمئىيتى نىزامنامىسى قايتىدىن تۈزۈپ چىقىلىپ، ئابدۇللا غوجا رەئىسلىكىدە يېڭى

رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى سايلىنىدۇ. بۇ دەۋردىن باشلاپ، جەمىيەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر بىلەن ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەنگەنلىكى كۆرۈلمەكتە. تۈركىستان ئامېرىكا جەمىيىتى يەنە ئامېرىكىدىكى تۈركى جەمىيەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئاكتىپ ئەزالىرىدىن بىرى بولۇپ، تۈركىستان نامىدا ھەر تۈرلۈك خەلقارالىق يىغىنلارغا قاتنىشىپ دوكلاتلار سۇنۇپ تۇردى.

(رەسىم ئورنى)
تۈركىستان ئامېرىكا جەمىيىتىنىڭ ئەزالىرى تۈركلەر كۈنى نامايىشىدا. نيويورك، 1991 ـ يىلى ماي.

مۇۋەپپەقىيەتلىك پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرغان جەمىيەت رەئىسى ئابدۇللا غوجا، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن كوممۇنىزمغا قۇل قىلىنغان مىللەتلەر ۋاكالەتچىلىكى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن «ئەسىر مىللەتلەر كومىتېتى» رەئىسلىكىگە سايلىنىپ، بۇ كومىتېت تەركىبىدە ئاكتىپلىق بىلەن پائالىيەت كۆرسەتتى. بۇ كومىتېت، 1959 ـ يىلىسى پرېزىدېنت ئېيزىنخاۋېرنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق كۈچكە ئىگە بولغان ئەسىر مىللەتلەر خىتاپنامىسىغا ئاساسەن قۇرۇلغان بولۇپ، ھەر يىلى قۇل قىلىنغان مىللەتلەر ھەپتىسى پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇراتتى. تۈركىستان ئامېرىكا جەمىيىتى 1985 ـ يىلىدىن باشلاپ «تۈركىستان ئىتتىپاق ئاۋازى» ناملىق بىر خەۋەرلەر جورنىلى چىقىرىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن نىمەتۇللا بېغىش رەئىس بولغان يىللارغا كەلگىنىدە «ئۈمىد — خوپې» ناملىق ئېنگلىزچە بىر ژورنال چىقىرىشنى سىناق قىلىدۇ (1992 ـ يىلىنىڭ باھار ئايلىرىدا چىقىرىلىشقا باشلانغان بۇ ژورنال ئىككى يىل جەريانىدا جەمئىي 4 سان بېسىلىدۇ. — ئا. ھ. ئىزاھاتى). بۈگۈنكى كۈندە، تۈركىستان ئامېرىكا جەمىيىتى نۇمان ئوقۇغان رەئىسلىكىدە پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

## گېرمانىيىدىكى پائالىيەتلەر

گېرمانىيە، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا بولغىنىدەك، 1970 ـ يىللاردىمۇ تۈركىستانلىقلارغا ۋە تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەرگە ساھىپخانلىق قىلىش ئەۋزەللىكىنى داۋاملىق ساقلاپ كەلمەكتە ئىدى. سوغۇق ئۇرۇش ستراتېگىيىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئا ق ش باشچىلىقىدىكى كوممۇنىزمغا قارشى ئەللەرنىڭ ئۆز تەشكىلاتلىرىنى بەرپا قىلىپ پائالىيەت قىلىش

ئارزۇلىرى 1950 ـ يىللاردا پائالىيەت قىلىپ كەلگەن م ت ب ك بىلەن تۈرك ئىبلىگە ئوخشىغان تەشكىلاتلارنىڭ تەسىرىنى تېز سۈرئەتتە ئاجىزلاشتۇرىۋەتكەنىدى. ۋېتنام ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن شەرق لاگىرى بىلەن غەرپ لاگىرى ئوتتۇرسىدا كۆرۈلۈشكە باشلىغان سىلىق مۇناسىۋەت جەريانى، ئۇنىڭدى كېيىن روسىيىلىكلەرنىڭ ئافغانىستانغا بېسىپ كىرىشى ھەمدە ئا ق ش نىڭ ئافغانىستاندىكى رۇسىيىگە قارشى كۈچلەرنى قوللاپ قۇۋۋەتلەپ بېرىشى نەتىجىسىدە ئاخىرلاشقان بولۇپ، ئوتتۇرلۇقتىكى جىددىچىلىك قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقدۇ. ئا ق ش دائىرىلىرى، ۋاشىنگتوندىكى «ئامېرىكا ئاۋازى» ياكى گېرمانىيىنىڭ ميونخېن شەھىرىدىكى «ئازاتلىق رادىئوسى» قاتارلىق ۋاستىلاردىن پايدىلىنىپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى ئۇرۇس بولمىغان مىللەتلەرگە قارىتا كەڭ كۆلەملىك ئاڭلىتىش بېرىش سىياستىنى باشلىۋېتىدۇ. بۇ مىللەتلەر تىلىدا مەيلى ئاڭلىتىشلار بولسۇن ياكى مەتبۇئات تەشۋىقاتلىرى بولسۇن، بۇ تۈر پائالىيەتلەر ئۇ ئەللەردە باشلىغان يوشۇرۇن ئۆكتىچىلەر ھەرىكىتىگە كۈچلۈك ياردەمچى بولغان ئىدى.

ئەركىنلىك رادىئوسى سوۋېت ئىشغالىيىتى ئاستىدا تۇرىۋاتقان جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ھەر بىرسى ئۈچۈن ئايرىم ـ ئايرىم بۆلۈملەر تەسسىس قىلىنىپ پائالىيەت قىلىدىغان شەكىلدە قۇرۇلغا ئىدى. ئۆزبەك بۆلۈمى، قازاق بۆلۈمى، تۈركمەن بۆلۈمى قاتارىدىكى بۆلۈملەر تەۋەسىدە نۇرغۇنلىغان تۈركستانلىق ئىشلىمەكتە ئىدى. بۇ بۆلۈملەرنىڭ مەسئۇللىرى بولسا، بۇ تەشكىلات تەۋەسىدە ئىزچىل پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقان كىشلەر ئارىسىدىن تاللانغان ئىدى. 1980 ـ يىللىرىغا كەلگىنىدە بۇ بۆلۈملەر ئىچىدە تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ۋە تۈركستان جۇمھۇرىيەتلىرىگە قارىتىلغان پائالىيەتلەرنى كۈچەيتىش ھەرىكەتلىرى باشلىنىدۇ.

1984 ـ يىلى مارت ئېيىدا، ميونخېن شەھىرىدە قۇرۇلغان ئۇلۇغ تۈرك ئىلى جەمىيىتى ئەنە شۇ تۈردىكى پائالىيەتلەردىن بىرى ھېساپلىناتتى. ئىسمايىل پىنار مەسئۇللىغىدا قۇرۇلغان بۇ جەمىيەت، ئۆزلىرىنى 1950 ـ يىلى 20 ـ مارتتا ميونخېن شەھىرىدە قارەس قاناتباي بىلەن سەبداشلىرى بىرلىكتە قۇرۇپ چىققان تۈرك ئىلى كومىتېتىنىڭ مىراسچىلىرى دەپ تونىماقتا ئىدى. يېڭىدىن قۇرۇلغان بۇ جەمىيەتنىڭ غايىسى، تۈركستان مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇش ۋە تۈركستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن پائالىيەت قىلىش دەپ كۆرستىلمەكتە ئىدى. بۇ جەمىيەت كېيىنكى يىللاردا تارىخى كۈنلەر بىلەن تارىخىي كىشلەرنى خاتىرلەش يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

يەنە شۇ يىللاردا ميونخېندا «تۈركستان ئاۋازى» ناملىق بىر خەۋەرلەر جورنىلى چىقىرىلىشقا باشلىنىدۇ. بۇ ژورنال، چاغاتاي كوچار، تىمور كوجائوغلى ۋە مەمەت ئەيسا ئارال قاتارلىق كىشلەردىن تەشكىل تاپقان 3 كىشلىك بىر گۇرۇپپا

تەرىپىدىن نەشرى قىلىنماقتا ئىدى. بۇ ژورنال، ئۆزىنى تۈركىستانلىقلارنىڭ خەلقئارالىق خەۋەر جورنىلى دەپ تونۇشتۇرغان بولۇپ، ھەر قايىسى ئەللەردە تۇرىۋاتقان تۈركىستانلىقلار بىلەن تۈركىستان تەشكىلاتلىرىغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرنى بېسىپ تۇراتتى. شۇنىڭدەك يەنە، مەتبۇئاتلاردا تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك ئېلان قىلىنغان خەۋەر ۋە مۇلاھىزىلەرنىمۇ كۆچۈرۈپ بېسىپ تۇراتتى. ئەپسۇسكى، پەسىللىك ياكى مەۋسۇملۇك بولۇپ بېسىلىدىغان بۇ ژورنال، ئاران 6 سانغىچە داۋاملىشالايدۇ.

1990 ـ يىللاردا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى نەتىجىسىدە، ئەركىنلىك رادىئوسىنىڭ ھەر قايسى بۆلۈملىرىدە ئىشلەيدىغان كىشلەر بىر قىسىم خەۋەر بىروشورلىرىنى بېسىپ تارقىتىدۇ. تىمور كوجائوغلى تەييارلاپ باسمىغا بەرگەن «بۈگۈنكى تۈركىستان» بىلەن ھارۇن ئۆزگەن چىقارغان «بارلىق تۈرك ۋىلايەتلىرىدىن» دېگەن خەۋەرلەر جورنىلى ئەنە شۇ دەۋرنىڭ مەھسۇللىرى ئىدى. تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرى مۇستەقىللىقىنى قولغا ئالغان دەۋرلەردە چىقىرىلغان بۇ ژورناللارنىڭ بۇرۇنقى ژورناللارغا ئوخشىمايدىغان يېرى، بۇ ژورناللاردا تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن روسىيە فېدېراتسىيىسى تەۋەسىدىكى تۈركى قەۋىملارغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللار كۆپىرەك تونۇشتۇرۇلماقتا ئىدى.

1992 ـ يىلىدىن باشلاپ تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەر پەۋقۇلئاددە كۆپىيىپ كەتكەن بولۇپ، دۇنياۋى خاراكتېردىكى نۇرغۇنلىغان ئاخبارات ماتېرىياللىرى تارقىتىلىشقا باشلانغان ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، يوقۇرىدا يىلغا كەلتۈرۈلگەن خەۋەر ژورناللىرىنىڭ بۇنچە كۆپ تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئىچىدە ئۆزىنى كۆرسىتىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دېگەندەك، يوقۇرىدىكى ئىككىلا ژورنال قاتاردىن سىقىپ چىقىرىلىپ تاقىلىپ كېتىدۇ. شەرق لاگىرىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ تارقىلىپ كېتىشى سەۋەبىدىن، ئا ق ش ھۆكۈمىتى كومۇنىزمغا قارشى تەشۋىقات سىياستىنى قايتىدىن كۆزدىن كۆچۈرۈپ چىقىپ قايتىدىن تەشكىللەش يولىغا كىرىدۇ. بۇ تۈر پائالىيەتلەر سەۋەبىدىن ئەركىنلىك رادىئۇ ئىستانسىسىمۇ مىيونخىندىن پراگاغا كۆچۈرۈلىدۇ، بەزى بۆلۈملىرى ئەمەلدىن قالدۇرىلىدۇ، ساقلىنىپ قالغان بۆلۈملەرنىڭ ئىش پىرىنسىپلىرى جەھەتتە قايتىدىن رەتكە سېلىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىپ، بىر مۇنچە خىزمەتچىسىنى ئىشتىن توختىتىدۇ. بۇ تۈردىكى ۋەزىيەت، مىيونخېننى مەركەز قىلغان ھالدا ئەركىنلىك رادىئوسىنىڭ ئەتراپىدا شەكىللەنگەن ئىجتىمائيي ـ مەدەنيي خاراكتېردىكى پائالىيەتلەرگە خاتىمە بېرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

***

# ئافغان تۈركىستانىدىكى ئۇرۇشلار

ئافغانىستاندا 1979 ـ يىلىسىدىكى نۇر مۇھەممەت تەرەققى قوزغىغان كومىنىستلار سىياسى ئۆزگىرىشىدىن كېيىن ھەر قايسى جايلاردا قارشىلىق كۆرسىتىش قوشۇنلىرى ئوتتۇرغا چىقىشقا باشلاپ، ئافغانىستان تەۋەسى ئىچكى ئۇرۇش قاينىمىغا پېتىپ قالغان ئىدى. كومىنىستلار ئافغانىستاننى تېزگىنلىيەلمەسلىگى، شۇنىڭدەك يەنە رەھبەرلىك ئارىسىدىكى ئەمەل تالىشىش كۈرەشلىرىنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشى سەۋەبىدىن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىۋاستە مۇداخىلە قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. موسكۋادىكى بىرېجنېۋ رەھبەرلىكى چاقماق تېزلىكىدىكى قۇراللىق ھەرىكەتكە تايىنىپ ئافغانىستاندىكى توقۇنۇشلارنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا باستۇرىۋېتەلەيدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنەتتى. شۇ ئارقىلىق ئافغانىستاننىمۇ موسكۋانىڭ گېپىدىن چىقمايدىغان سوۋېت ھامىلىقىدىكى بىر دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپ، چار بىرىنچى پېترودىن بېرى رۇسىيىنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى بولۇپ كېلىۋاتقان ئىسسىق دېڭىزلارغا ئېچىلىش غايىسىغا يەنە بىر قەدەم يېقىنلاشقان بولاتتى.

ئەسلىدە، ئا ق ش نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئەللەر بۇ ئىشقا ئەنە شۇ نوقتا بويىچە قاراپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردىكى كومۇنىست ئافغانىستان ۋەزىيىتىگە قاراپ ھەرىكەت پىلانلاشماقتا ئىدى. ئەمما ۋەزىيەت تەرەققىياتى ئۇلارنىڭ كۈتكىنىدەك بولماي قالىدۇ. قىلچىمۇ قاتناش ـ ترانسپورت ئاساسى يوق دېيىشكە بولىغان بۇ تاغلىق دۆلەتتىكى مۇرەككەپ ئېتنىك تەركىپلەر ھەر قايسى ئۆزىگە تەۋە يەرلىرىنى بىر غېرىچىنىمۇ قولدىن بەرمەي جان تىكىپ تالىشىشتەك ئۇرۇش مۇھىتىنى پەيدا قىلىۋەتكەنىدى. مۇجاھىت گۇرۇپپىلىرى پۈتۈن كۈچى بىلەن تىركىشىش نەتىجىسىدە، 150 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق سوۋېت قۇراللىق قىسىملىرى چوڭ شەھەرلەر بىلەن بىر قىسىم مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرىنىلا تېزگىنلىيەلەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇرۇش ئىككىنچى يىلىغا قەدەم قويىشى بىلەن، ئافغانىستان ۋەزىيىتى سوۋېتنىڭ ۋېتنامىغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. بۇ ئەھۋالنى سەزگەن ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى پاكىستاننى ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ ھەرىكەتكە ئاتلىنىپ، مۇجاھىت گۇرۇپپىلارغا ياردەم قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئا ق ش تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن ستىڭگىر راكېتا بومبىلىرى سوۋېت ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ چۈشىدە كۆرسىمۇ قورقىدىغان ئاپەتكە ئايلىنىپ، سوۋېت ھاۋا ئارمىيىسىنى ئافغانىستان ھاۋا ساھەسىنى تېزگىنلىيەلمەس ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

بۇ جەرياندا پاكىستان بىلەن ئىراندا قارشىلىق كۆرسەتكۈچى كۈچلەرنىڭ

سىياسى مەركەزلىرى شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. پەشتۇلار، تاجىكلار ۋە تۈركلەر ئاساسلىقى پاكىستانغا مەركەزلەشكەن بولسا، شىيە مەزھىبىدىكى ھازارالار بولسا ئاساسەن ئىرانغا يۈزلەنمەكتە ئىدى. 1980 ـ يىلىسى پاكىستاننىڭ پىشاۋور شەھرىدە پاكىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەسمى ئېتىراپ قىلىنغان 7 پارتىيە قۇرۇلغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى. بۇ پارتىيەلەرنىڭ 6 سى پەشتۇ داھىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى پەشتۇ پارتىيىسى ئىدى (بۇ پارتىيىلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: ھىزبى ئىسلام پارتىيىسىنىڭ يۇنۇس خالىس گۇرۇپپىسى؛ ھىزبى ئىسلامنىڭ گۈلبەتتىن ھېكمەتيار گۇرۇپپىسىدىكىلەر؛ ئابدۇروسول سەيياپنىڭ ئىتتىھادى ئىسلامى پارتىيىسى؛ سىبىت ئەخمەت جەيلانى باشچىلىقىدىكى مەھازى مىللى پارتىيىسى؛ سىبگېتۇللا مۇجەددىدى باشچىلىقىدىكى جەبھەئى مىللىيەئى نىجاتى ئافغانىستان پارتىيىسى؛ مەۋلەۋى مۇھەممەد نەبىنىڭ ھەرەكەتى ئىنقىلابى ئىسلام پارتىيىسى. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). تاجىك يېتەكچىسى بۇرھانىدىن راببانىنىڭ جەمىيەتى ئىسلام پارتىيىسى بولسا كۆپ قىسمىنى تاجىكلار بىلەن تۈركلەر تەشكىل قىلغان بىر پارتىيە ئىدى. يەنە بىر تەرەپتە ھازارالار ئىراندا سەككىز مۇستەقىل پارتىيە قۇرۇپ چىققانىدى. ئىراننىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن بۇ پارتىيىلەر ئورتاق ھەمكارلىق ئۈچۈن ھىزبى ۋاھدەت نامىدا بىر باش ئورگان تەسىس قىلغانىدى.

بۇ پارتىيىلەر ئافغانىستان تەۋەسىدە كۈرەشنى داۋام قىلىۋاتقان مۇجاھىت گۇرۇپپىلارغا قورال ـ ياراق، ماددى ئەشيالار ۋە پۇل جەھەتتە ياردەم قىلىپ تۇرىۋاتقان بولۇپ، بىر مەنىدە ئۇلارنىڭ سىياسى ۋاكالەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىر پارتىيە، ئۆزىگە قانچىكى كۆپ كوماندىرنى قارىتىۋالالىغان بولسا ئۇ پارتىيىنىڭ سىياسى ساھەدىكى تەسىرىمۇ شۇنچە كۈچلەنگەن ھېساپلىناتتى. پاكىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەسمى ئېتىراپ قىلىنىش، ھەربىر پارتىيە ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش ھېساپلىناتتى. يەنى، ئا ق ش نى ئاساس قىلغان دۇنيانىڭ ھەر قايسى ئەللىرىدىن كېلىدىغان ياردەملەر ئاساسەن پاكىستان ھۆكۈمىتى ۋاستىسى ئارقىلىق تەقسىم قىلىنىدىغان بولغاچقا، بىۋاستە ياردەمگە ئېرىشەلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىمۇ پاكىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تونۇلغان پارتىيە بولۇشى كېرەك ئىدى.

ئافغان تۈركىستانى، سوۋېت چېگرىسى بويىغىلا جايلاشقانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇرۇش تەسىرگە ئەڭ ئېغىر ئۇچرايدىغان رايون ھېساپلىناتتى. بۇ تەۋەدىكى سوۋېت قوشۇنلىرى ئارقا سەپ تەمىناتىغا بەكلا ئاسان ئېرىشەلەيدىغان ۋەزىيەتتە تۇرىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بۇ جايلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك، ئايرۇپىلان بومباردىمانىغا دۇچ كېلىش خەۋپىمۇ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بولۇپ تۇرماقتا ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ جايلاردىكى مۇجاھىتلار ئامالسىز قالغان ۋاقىتلىرىدا پانالىق تىلەپ قېچىپ بارالىغىدەك بىردىن ـ بىر دۆلەت بولغان

پاكىستانغا يېتىپ بارالىشى ئۈچۈن ئافغانىستاننى ئۇ باشتىن بۇ باشقا بېسىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر ئىدى. بۇ دېمەك، ئەمەلىيەتتە "قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس" دېگەنلىك ئىدى.

خۇددى شۇنىڭدەك، بۇ جايلارغا پاكىستاندىن كېلىدىغان ياردەملەرنىڭ يېتىپ كېلەلىشىمۇ ئۇرۇش مۇھىتى ئاستىدا، بولۇپمۇ قىش مەۋسۇملىرىدە بىر-ئىككى ئاي ۋاقىت سەرىپ بولىدىغان قىيىن ئىش ھېساپلىناتتى. بۇ تۆردىكى قىيىن شارائىتلار سەۋەبىدىن ئۇرۇشتا ئەڭ زور چىقىمدار بولغان رايون ئافغان تۈركىستانى دەپ نام بېرىلگەن شىمالى ئافغانىستان ھېساپلىناتتى. دېگەندەك 1988-يىلىسى جەنۋە ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن ئىشلەنگەن مىللى تەركىپلەر ھەققىدىكى بىر تەتقىقاتتا بۇ ئەھۋال ئېنىق ئوتتۇرغا قويۇلغان.

«ئافغانىستان 1978~87: ئۇرۇش، مىللى تەركىپ ۋە خەلق ئاممىسى» تېمىلىق بۇ تەكشۈرۈش دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ 10 يىللىق ئۇرۇش جەريانىدا سەمەنگان، فەرياپ، قۇندۇز، بەلخ، جۇزجان قاتارلىق تۈركلەر ۋىلايەتلىرىدە ھەر مىڭ كىشىدىن 130 ئادەم ئۇرۇشتا ئۆلگەن؛ بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا جەنۇپتىكى پەشتۇ رايونلىرىدا بۇ نىسبەت مىڭدە ئوتتۇزلارغىچە تۆۋەن بولغان. يەنە شۇ تەكشۈرۈش دوكلاتىدا ئافغانىستاندىن چەت دۆلەتلەرگە قاراپ مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كەتكەنلەر سانىمۇ تەكشۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ تەكشۈرۈشتىمۇ تۈركى قەۋىملارغا نىسبەتەن يەنە بىر قىزىق خۇلاسە ئوتتۇرغا چىقىدۇ: ئافغانىستان نوپۇسىنىڭ بەشتىن بىرىنى دېگىدەك تەشكىل قىلىۋاتقان بولىشىغا قارىماي، پاكىستانغا كۆچۈپ چىققان مۇساپىرلار ئارىسىدىكى تۈركلەر (ئۆزبەك، تۈركمەن قاتارىدىكىلەر) نىڭ نىسبىتى بەكلا ئاز ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا. بۇ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا پاكىستانغا 4 مىليون ئەتراپىدا مۇساپىر قېچىپ چىققان بولۇپ، بۇ ساننىڭ 85 پىرسەنت قىسمىنى پەشتۇلار، 6 پىرسەنت قىسمىنى تاجىكلار، 3.6 پىرسەنت قىسمىنى بەلۇجىلار ۋە 1.5 پىرسەنتدەك قىسمىنى نۇرىستانىلار تەشكىل قىلغان. بۇلارغا سېلىشتۇرغاندا پاكىستانغا قېچىپ بېرىۋالالىغان مۇساپىرلار ئارىسىدىكى تۈركمەنلەرنىڭ نىسبىتى 1 پىرسەنت، ئۆزبەكلەرنىڭ نىسبىتى ئاران 0.5 پىرسەنتلا بولغان.

بۇ سانلىق مەلۇماتلار ئافغانىستاندىكى كۈرەشكە تۈركلەرنىڭ قانچىلىك كۆپ قاتناشقانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرمەكتە. دېگەندەك شىمالدا قانات يايدۇرۇلغان كۈرەشلەر ئافغانىستان مەنبەلىرىنىڭ ئۆزىدىمۇ ھەر تۈرلۈك مەلۇماتلار ئارقىلىق بۇ ئەھۋال ئىسپاتلاپ بېرىلمەكتە. جەمىيەتى ئىسلام يېتەكچىسى راببانىنىڭ ھەربى مەسلىھەتچىسى مەسۇت خەلىلىنىڭ 1986-يىلىسى بىر ژورنالغا يېزىپ بەرگەن ماقالىسىدىكى مۇنۇ جۈملىلەر ھەقىقەتەنمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ:

شىمال تەرەپ ھەققەتەنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر رايون. نوپۇسىنىڭ 90 پىرسەنت قىسمى تا بۇگۈنگىچە يۇرتىدىن ئايرىلمىغان. ئۇ يەردىكى كىشىلەر سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن ئوخشاش تىلدا سۆزلىشىدۇ؛ مەدەنىيەتلىرى بىلەن دىنى ئېتىقاتلىرىمۇ ئوخشاش (ئۆزبەك، تۈركمەن، تاجىك قاتارلىقلارنى دېمەكچى). شۇڭا، سوۋېتلەردە پەنەتراسيون ئەندىشىسى باش كۆتەرمەكتە. بۇ جايلاردا نۇرغۇن ساندا مۇجاھىت بار بولۇپ، ئۇلار ھېچ بولمىغاندا 6 يىللىق جىھات قىلىش تەجرىبىسىگە ئىگە.

ئەپسۇسكى، شىمالدىكى 8 ۋىلايەتتە قانات يايدۇرغان كۈرەشنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى تەشكىل قىلىۋاتقان تۈركى گۇرۇپپىلار ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ سىياسى تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ چىقالمىغان بولغاچقا، تۈركى گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىتالايدىغان بىرەر پارتىيىمۇ يوق ئىدى. تۈرك قوماندانلىرىنىڭ كۆپى رابانىنىڭ جەمىيەتى ئىسلامىغا، ئاز بىر قىسمى ھىزبى ئىسلامنى ئاساس قىلغان باشقا پارتىيىلەرگە باغلىنىپ كۈرەشنى قانات يايدۇرماقتا ئىدى. ئەمما ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، مەيلى ياردەملەرنى تەقسىم قىلىش ئىشىدا بولسۇن ياكى رەھبەرلىك ئورۇنلىرىدا ۋەزىپىگە تەيىن قىلىنىشلاردا بولسۇن تۈركىي گۇرۇپپىدىكىلەرگە قارىتا ئېغىر ئايرىمچىلىق قىلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم بولۇشقا باشلايدۇ. مانا بۇ مەسىلىدە بىر تۈركى پارتىيىسىنىڭ تەشكىل قىلىنىشىنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ئوتتۇرغا قويۇلۇشقا باشلاندى.

## شىمالى ئافغانىستان ۋىلايەتلىرى ئىسلام ئىتتىھادى ۋە ئازاتبەگ ھەرىكىتى

1981-يىلىنىڭ باشلىرىدا پاكىستاننىڭ پېشاۋۇر شەھىرىدە تۈركىستان مۇجاھىتلىرى قۇرۇلتىيى چاقىرىلىدۇ. بۇ قۇرۇلتاي چاقىرىشقا يېتەكچىلىك قىلغان كىشىلەر تاھىر مۇتاھھار، ئابدۇل مەننان، ئابدۇلكېرىم مەخدۇم (ئابدۇكېرىم مەخدۇم 1942-يىلىسى شىبىرغان ئۆلكىسىنىڭ قىزىلئاياق كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. بوۋىسى ئافغانىستان تۈركمەنلىرىنىڭ يېتەكچىلىرىدىن بىرى ئىدى. 13-نۆۋەتلىك ئافغان پارلامېنتىدا جۇزجان ئۆلكىسىدىن خەلق ۋەكىلى بولۇپ سايلانغان. مۇھەممەت داۋۇتخان ھاكىمىيىتى دەۋرىدە سىياسى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ 14 ئاي تۈرمىدە ياتقان. بابراك قارمال ئېلان قىلغان كەچۈرۈم ئېلانى تۈپەيلىدىن تۈرمىدىن ئازات بولىدۇ. كېيىن پاكىستانغا بېرىۋالغان مەخدۇم، پېشاۋۇردا تۈركلەر پارتىيىسىنى قۇرۇش پائالىيىتى بىلەن شوغۇللىنىدۇ. 1981-يىلى

تۈركىيىگە كۆچۈپ كېلىپ، توكاتتا ئورۇنلاشقان. — ئا.ھ. ئىزاھاتى) ۋە نۇررىددىن تالقانى قاتارلىق كىشىلەر ئىدى. يانىۋار ئېيىدا چاقىرىلغان بۇ يىغىنغا پاكىستانغا كۆچۈپ كەلگەن تۈركى ئىرقىدىكى سىياسى كىشىلەر بىلەن ئافغانىستان تەۋەسىدە كۈرەش قىلىپ كېلىۋاتقان قۇماندانلارنىڭ ۋاكالەتچىلىرى قاتناشقانىدى. بۇ قۇرۇلتايدا مۇزاكىرە قىلىنغان ئەڭ مۇھىم مەسىلە تۈركلەرگە تەۋە ئايرىم بىر پارتىيە قۇرۇش زۆرۈرىيىتىنىڭ بار-يوقلىقىنى بەلگىلەش ئىدى. چۈنكى، بۇ مەسىلىدە يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئارىسىدا ئىككىلىنىشلەر ساقلانماقتا ئىدى. ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بىر قىسمى ئايرىم بىر تۈركلەر پارتىيىسى قۇرۇپ چىقىش تەرىپىدە تۇرغان بولسا، يەنە بىر قىسمى بۇنداق بىر تەشكىلات بارلىق ئېتنىك قەۋملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولىشى كېرەك دەپ قارىشاتتى. ئازسانلىق بولۇپ قالغان يەنە بىر قىسىملار بولسا ئايرىم بىر تۈركلەر پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ھاجەتسىز دەپ قارىشاتتى. ئۇلار كۈرەشنى بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان شەكلى بويىچە باشقا پارتىيىلەر ئىچىدە تۇرۇپ داۋاملاشتۇرۇشنىڭ تېخىمۇ ئاسان بولىدىغانلىقى تەرىپىدە ئىدى. ئازسانلىقنى تەشكىل قىلىۋاتقان بۇ گۇرۇپپىلار پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىندىن قۇرۇلىدىغان بىر پارتىينى ئېتراپ قىلماي تۇرىۋېلىشى سەۋەبىدىن ئۇرۇش ئۈچۈن ياردەمدىن مەھرۇم بولۇپ قالىدىغان بىر پارتىيە مەۋجۇتلۇقىنى داۋام قىلدۇرالماي قېلىشى مۇمكىن دەپ ئەنسىرىشەتتى. ئەسلىنى سۈرۈشتە قىلغاندا، بۇ قۇرۇلتايغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەر بۇنداق ياردەمگە ئېرىشەلمەي قېلىشىدىن بەكلا ئەنسىرىشەتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي ئېنىق بىر نەتىجىگە كېلەلمەي، بۇ ئىشنى يەنە بىر قېتىملىق قۇرۇلتايدا ھەل قىلىش قارارىنى ئېلىپ تارقىلىشىدۇ.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىر قېتىملىق قۇرۇلتاي چاقىرىلىدۇ. بۇ قېتىملىق قۇرۇلتاي يىغىنىدا شىمالى ئافغانىستان ۋىلايەتلىرى ئىسلام ئىتتىھادى نامىدا بىر تۈركلەر پارتىيىسى قۇرۇپ چىقىش قارارى ئېلىنىدۇ. قۇرۇلىدىغان پارتىيىنىڭ ۋاقىتلىق رەئىسلىكىگە ئابدۇلكەرىم مەختۇم، مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە ئازاتبەگ (ئازاتبەگ كېرىمى 1952-يىلى ئىستانبۇلدا تۇغۇلغان. ئاتىسى دوكتور ۋارىس كېرىمى، ئاپىسى بولسا ئاخىرقى قوقان خانلىقىنىڭ پادىشاسى خۇدايارخاننىڭ نەۋرىسى ئىدى. ئازادبەگ قانۇن پاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، ئافغانىستان ۋەقەسى ئوتتۇرغا چىققىنىدىن كېيىن شىمالى ئافغانىستاندىكى تۈركلەرنىڭ سىياسى ۋە قوراللىق قوشۇن تەشكىللەش پائالىيەتلىرى بىلەن شوغۇللاندى. — ئا.ھ. ئىزاھاتى) سايلىنىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى ئازادبەگ مۇنداق بايان قىلىدۇ:

1981-يىلىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە ئىبراھىم پاختا ئا ق ش دىن ماڭا

تېلېپون قىلىپ، ئەتىسى پىشاۋۇردا بىر "تۈركىستان مۇجاھىتلىرى يىغىنى" ئېچىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ بۇ يىغىنغا مېنىمۇ قاتناشساڭ دەپ مەسلىھەت قىلدۇ. مەن ئۇنىڭغا، يىغىن تەشكىل قىلغۇچىلىرىدىن ماڭا ھېلىغىچە بىرەر تەكلىپ كەلمىگەنلىكىنى ئېيتتىم. مەن ئۇ كۈنلەردە ئافغانىستان گراجدانى بولغانلارغىلا تەكلىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. شۇنداق قىلىپ تۈنجى قۇرۇلتايغا قاتناشمىغان ئىدىم. ئەمما ئۇ قېتىملىق قۇرۇلتاي ھېچقانداق بىر نەتىجىسى بولمايلا تارقالغانىكەن. پاكىستان ھۆكۈمىتى بۇنداق بىر پارتىيىنى ئېتراپ قىلمايدۇ، دەيدىغان قاراش ھەممىگە ھاكىم ئىكەندۇق. شۇنداق بولغاچقا، پارتىيە قۇرۇش ھەققىدە قارار قوبۇل قىلىشنى قىيىنلاشتۇرۇپ قويغانىدى.

ئەسلىدە، پىشاۋۇردا ئافغان پارتىيىلىرى قۇرۇلۇۋاتقان دەسلەپكى كۈنلەردە راببانى مېنىڭ بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت قىلىپ كېلىۋاتقانىدى. ئۇ، مېنىمۇ پارتىيىسىدە ۋەزىپە ئېلىشىمنى تەلەپ قىلغانىدى. راببانى، پاكىستان ئارمىيىسىدە پولكوۋنىك بولغان دائىم شاھزادە كامال ئەپەندىنىڭ يېقىن دوستى ئىدى. دايىم دېگەن بۇ كىشى يەنە كېلىپ ئۆز ۋاقتىدا ھەربى مەكتەپ مۇئاللىمى، پاكىستان ئارمىيە باش قوماندانلىقى بىلەن ئارمىيە ئىستىخبارات تەشكىلاتىدا مۇھىم ئورۇندىكى بىرسى ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، راببانىنىڭ پارتىيىسگە ياردەم قىلىنىشى مەسلىسىدە بۇ پولكوۋنىك ياردەم قىلغانىدى. راببانى بۇ ئەھۋاللارنى بىلگىنى ئۈچۈن مېنىمۇ يېنىغا تارماقچى بولغانىدى. ئەمما مەن ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ بۇ مەسلىھەتىگە قىزىقمىغان ئىدىم.

تۈركىستان مۇجاھىتلىرى قۇرۇلتىيى مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشەلمىگىنىدىن كېيىن دائىمنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، ئايرىم بىر پارتىيە قۇرساق ياردەم قىلالارسەنمۇ دەپ سورىدىم. دائىم ماڭا بۇ جەھەتتە قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىدىغانلىقىنى، تىگىشلىك ئورۇنلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلىنىشىغا ياردەمدە بولىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، تۈنجى قېتىملىق مۇجاھىتلار قۇرۇلتىيىنى چاقىرغان كىشىلەر بىلەن ئالاقىلاشتىم. 20 كۈندەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىملىق قۇرۇلتاي چاقىرىلدى. بۇ قۇرۇلتايدا "شىمالى ئافغانىستان ۋىلايەتلىرى ئىسلامى ئىتتىھاتى" نامدا بىر پارتىيە قۇرۇپ چىقتۇق. ئابدۇكېرىم مەخدۇم بۇ پارتىيىنىڭ رەئىسى بولدى. تاھىر مۇتاھھار باش سېكرېتار، قارى ھۈسيىن مالىيە ئىشلىرى مەسئۇلى بولۇپ تەيىنلەندى. دوكتور ئەزەم دادفەرمۇ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىچىدە ئىدى. مەن سىياسى بۆلۈم باشلىقى بولغانىدىم. قۇراللىق قوشۇن تەشكىلاتىنى رەتكە

سېلىش، قورال ۋە پۇل ھەل قىلىش قاتارىدىكى ئىشلار ماڭا يۈكلەنگەنىدى. تۇنجى قېتىملىق ماددى ياردەمنى راۋالپىندىدە زاۋۇتى بولغان ئەكبەر ئەپەندىدىن ئالدۇق. ئۇ بىرگە 3 مىلى روپىيە ئەتراپىدا پۇل بەرگەنىدى. بۇ پۇل، قوراللىق ئۇرۇش قىلماقچى بولىۋاتقان بىر مۇجاھىتلار ھەرىكىتى ئۈچۈن تۆگىنىڭ قۇلىقىچىلىكمۇ كەلمەيدىغان بەكلا ئاز پۇل ھېساپلىناتتى. ...

بىرەر ھەپتىدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى فېۋرال ئېيىنىڭ باشلىرىدا ئابدۇكېرىم مەخدۇمنى بىرگە ئېلىپ ئىسلاماۋاتقا باردىم. دايىمنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن مۇناسىۋەت تىكلىگەن ئىدۇق. ئى س ئى (پاكىستان مەخپى ئاخبارات تەشكىلاتى — ئا.ھ. ئىزاھاتى) تەۋەسىدە ئافغانىستان جىھاد ھەرىكىتىگە ياردەم قىلىش كومىتىتى قۇرۇلغانىدى. كېرەكلىك بارلىق قورال-ياراغ، ماددى ئەشيالار ۋە يېمەك-ئىچمەكلەر تەقسىماتى بۇ كومىتىت ۋاستىسى بىلەن بىجىرىلمەكتە ئىدى. 8-فېۋرال كۈنىسى 350 تال كالاشنىكوف ۋە ماددى ئەشيالاردىن تەشكىل تاپقان تۇنجى قورال ياردىمنى تاپشۇرۇپ ئالغانىدۇق. ئافغانىستاندىكى تۈركىي قوماندانلار بىلەن ئالاقىلاشتۇق. ئۇندىن باشقا يەنە پاكىستاندىكى مۇجاھىتلار ئىچىدىن ئۇرۇشقا بارالايدىغان مۇجاھىت گۇرۇپپىلارنى تەشكىللەپ چىقىش ئۈچۈن ئىشقا كىرىشتۇق.

ئەپسۇسكى، ياردەملەر كېلىشكە باشلىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىچىدىمۇ مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان ئىدى. 3 ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەندە دوكتور كېرىم زارىنىڭ ئۇكىسى نەبىجان ۋە ئۇنىڭ سەبداشلىرى تەرىپىدىن پارتىيە سېكرېتارى تاھىر مۇتاھھار سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. بىز بۇ ۋەقەدىن كېيىن ھەرىكىتىمىزنى ئىمكان بار زىيانغا ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن قولىمىزدىن كېلىشچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولساقمۇ، ئىشەنچىسىزلىك ئۇرۇقلىرى تېرىلىپ بولغانىدى. ئەسلىدىنلا بىزنىڭ پارتىيە قۇرۇشىمىزدىن رازى بولمىغان باشقا ئاساسلىق پەشتۇ پارتىيىلىرى بىزگە قارشى كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقاتقا كىرىشكەنىدى. ئۇلار، بۇ پارتىيىدىكىلەر مىللەتچىلىك بىلەن شوغۇللانماقتا، ئىسلام دىنىغا زىت ھەرىكەت قىلىشماقتا دېگەندەك بوھتانلار بىلەن بىزگە قارايدىغان بىر قىسىم مۇجاھىتلارنىڭ بېشىنى قايدۇرۇشقا، ئارىمىزدا زىددىيەت ئۇرۇقلىرىنى تېرىشقا كىرىشكەنىدى.

بۇ گۇرۇپپىنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆشكۈرتىشى نەتىجىسىدە، تاھىرنىڭ بېشىغا كەلگەننى ماڭىمۇ راۋا كۆرۈشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلدىم. سىياسىي ۋە قۇراللىق قوشۇن بۆلۈمىنىڭ رەھبىرى بولغانلىقىم، پاكىستان ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن مېنىڭ ۋاستىچىلىقىمدا پارتىيىمىزنىڭ مۇناسىۋەت قۇرغانلىقى سەۋەپلىك، رەئىس مەخدۇمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق رەھبەرلەر ئارىسىدا غۇدۇراشلار كۆرۈلۈشكە سەۋەپ بولۇشۇاتقاندەك قىلاتتى. پاكىستان گىراجدانى بولغان بىر تۈركىستانلىق بولغانلىقىم سەۋەبىدىن، ئافغان جىھات سىستېمىسى تەۋەسىدە مېنىڭدەك بىرسىنىڭ بۇنچە تەسىرگە ئىگە ئورۇندا بولۇشىنى ھەرگىز خالىمايتتى.

بۇ يەردە، تۈركلەر پارتىيىسى رەئىسى ئابدۇلكېرىم مەخدۇم بىلەن ئۇنىڭ مۇئاۋىنى بولغان ئازاتبەگ ئوتتۇرىسىدا بىر كۈرەش كېتىۋاتقانلىقى مەلۇم. مەخدۇمنىڭ تۈركلەر پارتىيىسىنى پىر سىيىت ئەخمەت جەرەننىڭ (جەيلانىنىڭ) پارتىيىسى بىلەن باغلاشتۇرۇش ئىشى بۇ سۈركىلىشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. مەخدۇم، ئازاتبەگ بولماي تۇرۇپ بۇ پارتىيىنى باشقۇرۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ، باشقا بىر پارتىيە قۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ كۆرگەن بولسىمۇ بىرەر نەتىجە چىقىرالمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا تۈركىيە دۆلەت باشلىقى كەنان ئەۋرەن (1982-يىلى 12-سىنتەبىردە تۈركىيىدە ھەربىلەر سىياسىي ئۆزگىرىشى قوزغاپ باش مىنىستىر بولىۋالغان ئارمىيە گېنېرالى. — ئۇ.ت) نىڭ پاكىستانغا قىلغان زىيارىتىدىن كېيىن تۈركىيىگە 4500 دەك تۈركى ئىرقىدىن بولغان كۆچمەن قوبۇل قىلىش ئىشى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەخدۇم، تۈركىيىگە كۆچمەن بولۇپ كېتىش نىيىتىگە كېلىپ، 1982-يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆزىگە تەۋە بىر گۇرۇپ كىشىلەر بىلەن بىرگە تۈركىيىگە كېتىۋالىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئازاتبەگ شىمالى ئافغانىستان ۋىلايەتلىرى ئىسلام ئىتتىھادى پارتىيىسىنىڭ بىردىن-بىر مەسئۇلىغا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋاللارنى ئازاتبەگ مۇنداق بايان قىلىدۇ:

ئۇرۇش، بەكلا قىممەت بىر ھەرىكەت. گەرچە پاكىستان ھۆكۈمىتىدىن بەلگىلىك مىقتاردا قۇرال-ياراغ بىلەن باشقا نەرسىلەرنى ئېلىپ تۇرىۋاتقان بولساقمۇ، بىزگە قارايدىغان كوماندىر ۋە جەڭچىلەرنىڭ چىقىملىرىنىمۇ ئۈستىمىزگە ئېلىشقا مەجبۇر ئىدۇق. بۇ جەھەتتە بەكلا كۆپ قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدىم. قولىمىزدا پۇل بولمىغاچقا، ئافغانىستاندا ئابرويغا ئىگە كىشىلەرنىڭ كۆپى بىزگە يېقىن يولاشمىدى. شۇنچە زور قىيىنچىلىقلارغا قارىماي، پىشاۋۇردا كۆچلۈك بىر مەركەز قۇرۇپ چىقىۋالغانىدۇق. شۇنىڭدەك

يەنە قالغان پارتىيىلەرنىڭ ئۇرۇش ماتېرىياللىرى ساقلانغان ئىسكىلاتلار جايلاشقان مىرانشاھ شەھىرىدە بىزمۇ بىر ئىسكىلات بىلەن بىر قارارگاھ قۇرۇۋالغانىدۇق. پاكىستاندىكى لاگېرلاردا تۇرۇۋاتقان مۇساپىرلار ئىچىدىن جىھاتقا قاتنىششنى تەلەپ قىلغان كىشىلەرنى بۇ لاگېرلاردا تەربىيىلەپ ئافغانىستادىكى تۈركىلەر رايونلىرىغا، بىزگە تەۋە كوماندىرلارنىڭ يېنىغا يوللاشقا باشلىدۇق. ئۇرۇشتا ياردار بولغان تۈركىلەر بۇ مەركەزلەرگە ئېۋەرتىلىپ، ئۇ يەردىكى سەھىيە خادىملىرىمىز تەرىپىدىن داۋالىناتتى. پاكىستان ھۆكۈمىتىدىن ياكى بولمىسا پۇل تاپالىساق بىتەرەپ قۇرال ئەتكەسچىلىرىدىن سېتىۋالغان قۇرال ۋە ئۇرۇش ماتېرىياللىرىنىمۇ شىمالى ئافغانىستانغا ئېۋەرتىپ تۇراتتۇق. ئاشىر پالۋان قاتارىدىكى نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك تۈركى كوماندىر پارتىيىمىز قول ئاستىدا تۇرۇپ كۈرەشنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. شۇنداق قىلىپ، شىمالى ئافغانىستان ۋىلايەتلىرى ئىسلام ئىتتىھادى پارتىيىسى، 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ شىمالى ئافغانىستاندىكى جەڭلەردە ئەڭ كۈچلۈك تەشكىلات ھالىغا كېلەلىگەن ئىدى.

تۈركىلەر پارتىيىسى، دەسلەپتە سەمەنگان رايونىنىڭ تاتار مەھەللىسىدە بىر قارارگاھ قۇرۇپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن باميان رايونىنىڭ يېقىنلىرىدىكى كۆھى مەردتتە ئىككىنچى قارارگاھىنى، ئايبەك رايونىدا ئۈچۈنچى قارارگاھىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. فارياب، جۇزجان، بەلخ ۋە سەمەنگان قاتارىدىكى تۈركىلەر مەركەزلەشكەن رايونلاردا قانات يايدۇرۇلغان جەڭلەر بۇ مەركەزلەرنىڭ بىرتۇتاش يېتەكچىلىكىدە قانات يايدۇرلماقتا ئىدى. «ئىمام بۇخارى» ۋە «تىرمىزى» نامدا ئىككى كورپۇس قۇرۇلغانىدى. سەمەنگان رايونىدا مەۋلەۋى ئابدۇلقۇددۇس بىلەن تاتار مەۋلەۋى ئىسلام، قۇندۇزدا ئەپسانە ھالىغا كەلگەن باسمىچىلار يېتەكچىسى ئىبراھىم لاقاينىڭ ئىنىسىنىڭ نەۋرىسى بولغان خالىددىن، باغلان رايونىدا ئايت مۇرات، جۇزجان رايونىدا بولسا ھاشىر پالۋان قاتارلىقلار تۈركىلەر پارتىيىسىگە تەۋە جەڭ قىلىۋاتقان كوماندىرلار ئىدى. بولۇپمۇ ھاشىر پالۋان (ئاشۇر پەھلىۋان) بىلەن مەۋلەۋى ئابدۇلقۇددۇس ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك جەڭلەرنى قىلغانىدى. بۇ كۈرەشلەر، ئەزەلى تۈرك دۈشمىنى بولغان پەشتۇ مىللەتچىسى ھېكمەتيارنىڭمۇ ئېتراپ قىلىشىغا ئېرىشكىدەك مۇۋەپپەقىيەتلىك قانات يايدۇرۇلغانىدى. 1988 ـ يىللاردا بىر تۈركىيە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرلار ئۆمىگى زىيارەت قىلىش ۋاقتىدا ھىزبى ئىسلام يېتەكچىسى ھېكمەتيار، "تۈركىلەرنىڭ جىھاتتىكى ئورنى قانچىلىك؟" دېگەن سوئالىغا مۇنداق جاۋاپ بەرگەنىدى:

تۈركلەر شىمالى ۋىلايەتلەردە ئىنتايىن كۈچلۈك تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ ئىنتايىن مۇھىم قارشىلىق كۆرستىش پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانماقتا. مەن سىلەرگە بىردىن-بىردىن ئىسمىنى ئاتاپ كۆرستىپ بىرەلەيدىغان بىر مۇنچە تۈركى كوماندىرلارنىڭ يىتەكچىلىكىدە جەڭ قىلماقتا.

يەنە بىر يىتەكچى جەيلانىنىڭ يەنە شۇ سۇئالغا بەرگەن جاۋابى تۆۋەندىكىدەك ئىدى:

ئازاتبەگ، تۈركمەن ۋە ئۆزبەك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يىتەكچىسى ھېساپلىنىدۇ. بىز ئۇنىڭ بىلەن مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ بىرلىكتە جەڭ قىلماقتىمىز.

(رەسىم ئورنى)
شىمالى ۋىلايەتلەر ئىسلام ئىتتىھادى پارتىيىسىنىڭ يىتەكچىسى ئازاتبەگ بىلەن دوكتور ئەھەت ئەنجان ئافغانىستان-پاكىستان چېگرا بويىدىكى بىر قارارگاھتا. مىرانشاھ، 1989-يىلى يانىۋار

ئازاتبەگنىڭ پارتىيىسىگە ئەزا بولماقچى بولغان كىشى چوقۇم تۈرك قەۋمىلەردىن كەلگەن بىرسى بولىشى شەرت ئىدى. شۇ سەۋەپتىن ئازاتبەگ بىلەن شىمالى ۋىلايەتلەر ئىسلام ئىتتىھادى پارتىيىسى مىللەتچى، جاھاتقا بۆلگۈنچىلىك قىلغۇچى دېگەن قارىلىنىشلارغا دۈچ كېلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئازاتبەگنىڭ شىمالى ئافغانىستان تۈركلىرىنى بىر نوقتىغا كەلتۈرۈش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرى بۇ تەۋەدىكى تەسىر كۈچىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورققان پەشتۇ مىللەتچى پارتىيىلەرنى قاتتىق بىئارام قىلماقتا ئىدى. ئازاتبەگ پات-پات ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىۋاتقان ئافغانىستان ئازات قىلىنغاندىن كېيىن ئازات قىلىنىش نۆۋىتى تۈركىستانغا كېلىدۇ دېگەن چاقىرىقلىرى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىمۇ قاتتىق ئۈركىتىپ كەلمەكتە ئىدى. شۇڭا، سوۋېت تەشۋىقاتچىلىرى ئازاتبەگنى پانتۈركىست دەپ تونۇتۇپ، ئۇنىڭ پارتىيىسنى چەكلەش ئۈچۈن ئازاتبەگنى غەرپ كۈچلىرى بىلەن پاكىستانىنىڭ ئىشپىيونى دەپ تەشۋىق قىلىشقا كىرىشكەنىدى (فرانسۇز تەتقىقاتچى ئولىۋېر روي، «شىمالى ئافغانىستاندا ئېتنىك كىملىك ۋە سىياسى قۇرۇلما» دېگەن تەتقىقات ماقالىسىدا، تۈركى پارتىيىسىگە قارىتىلغان پاكىتى بولمىغان بارلىق بوھتانلارنى قاتارغا تىزىپ كېلىپ، "ئازاتبەگنىڭ پارتىيىسى كابولدىكى نەجىبۇللا ھاكىمىيىتىنىڭ قارشىلىق كۆرستىش ھەرىكەتلەرنى پارچىلاش ئۈچۈن پايدىلىنىپ كېلىۋاتقان بىر تروۋا ياغاچ ئېتى (يونان ئەپسانىلىرىدىكى شەھەرنى ئىچىدىن قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن بىر مۇراسىم كۈنىسى ياغاچتىن بالادەك بىر ئات ياساپ، ئۇنىڭ ئىچىگە

نەچچە يۈز ئەسكەرنى يوشۇرۇپ شەھەر سىپىلىدى كىرىۋالغاندىن كېيىن، ئىچكى-تاشقى ھەمكارلىق بىلەن شەھەرنى قولغا چۈشۈرگەنلىك ھەققىدىكى بىر رىۋايەتتىكى ياغاچ ئاتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ شەھەر تۈركىيىنىڭ ئېگېي دېڭىزى بويىدا دەپ پەرەز قىلىنىدۇ. — ئۇ.ت) دىن باشقا نەرسە ئەمەس" دەيدىغان پۈتۈنلەي نامەرتلىك بىلەن ئوتتۇرغا قويۇلغان باھانى سۇنىدۇ. يەنە شۇ ئاپتور، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئېلان قىلغان «ئافغانىستاندىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ۋە ئىسلام» دېگەن كىتاۋىدىمۇ ئىران ياردەم قىلىپ كېلىۋاتقان ئەڭ كۈچلۈك شىيە پارتىيىلىرىگىچە بولغان بارلىق سىياسى ھەرىكەتلەر ئۇستىدە توختالغان بولۇپ، بۇلارغا نىسبەتەن ئازاتبەگ بىلەن ئۇنىڭ تۈركلەر پارتىيىسى توغرىلىق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئۆتۈپ كەتكەن. بۇ رايونغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر مۇتەخەسسىسى بولغان روينىڭ ئافغانىستان جىھاتىدا پەشتۇ پارتىيىلىرى بىلەن ئەخمەت شاھ مەسئۇدنى ئالاھىدە كۆككە كۆتۈرۈپ تونۇشتۇرۇش بىلەن، شىمالى ئافغانىستان تۈركلىرىنىڭ بۇ جىھاتتىكى تۆھپىلىرى ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئۆتۈپ كېتىشكە ئۇرۇنغانلىقى، ئىلمىلىككە پۈتۈنلەي زىت، قارغۇلارچە ھۆكۈم قىلىشتەك بىر ئۇسلۇپ بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان بىرسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

1987-يىلىسى، ئافغانىستان ئۇرۇشى نوقتىسىدىن تۆپكى بۇرۇلۇش بولغان بىر يىل ھېساپلىنىدۇ. موسكۋا دائىرىلىرى ئافغانىستاندىكى ھەرىكىتىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغانلىقىنى ئېتراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، بۇ يەردىكى پاتقاقلىقتىن دەرھال چىقىپ قۇتۇلۇش نىيىتىگە كەلگەنىدى. نەتىجىدە، موسكۋا دائىرىلىرى سوۋېت ئارمىيىسىنى باسقۇچلار بويىچە چېكىندۈرۈپ چىقىدىغانلىقىنى، ئەمما نەجىبۇللا ھۆكۈمىتىگە ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋە ئارقا سەپ تەمىناتى جەھەتتە ياردەم بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدۇ. شۇ يىلىنىڭ يانىۋارىدا موسكۋا بىلەن كابول ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق شەرتنامىسى ئىمزالىنىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي نەجىبۇللا ھۆكۈمىتى 150 مىڭدىن ئارتۇق سوۋېت قوشۇنلىرىنىڭ ئافغانىستاندا تۇرىۋاتقانلىقىغا قارىماي يالغۇز ئىقتىسادى ۋە تېخنىكىلىق ياردەملەرگىلا تايىنىپ ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قالالمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. بۇنداق بىر قۇورچاق ھۆكۈمەت چوقۇم بىر كۈنىسى ئاغدۇرىلىدىغانلىقى ئېنىق، بۇنىڭدىن كېيىن ئافغانىستاندا قانداق بىر ھاكىمىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلىشى لازىملىقى مۇھاكىمە تېمىسىغا ئايلانغان ئىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر يىل، ئۇرۇش-توقۇنۇشلار ۋە مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەردە بولغان دېپلوماتىك چارە ئاختۇرۇشلار بىلەن ئۆتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بۇش ھۆكۈمىتى ئافغان جىھاتچىلىرىغا 500 مىليون دوللارلىق ياردەم ئاجرىتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. مۇجاھىتلارنىڭ سېپىدىن ئايرىلغان پارتىيىلەر بۇ ياردەم سوممىسىدىن

بەھرىلىنەلمەيتتى. ئامېرىكا ياردىمى پاكىستان ۋاستىچىلىقى بىلەن تارقىتىلماقتا بولۇپ، پاكىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېتراپ قىلىنغان مۇجاھىت پارتىيىلىرىگىلا ياردەم تەمىنلىنەتتى. ياردەمنىڭ يەنە بىر قىسمىنى سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. 1989 ـ يىلى 15 ـ فېۋرال كۈنىدىن باشلاپ سوۋېت ھەربىي قىسىملىرى قولىدىكى قۇرال ـ ياراغ، ئۇرۇش ماتېرىياللىرى ۋە ھەربىي قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئافغانىستان ئارمىيىسىگە تاشلاپ بېرىپ، چېكىنىش ئىشلىرىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

ئۇرۇسلار چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن، ئافغانىستاندىكى ئۇرۇش كوممۇنىست نەجىبۇللا ھۆكۈمىتى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكۈچى پارتىيىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھاكىمىيەت تالىشىش ئۇرۇشىغا ئايلىنىدۇ. پاكىستاندا تۇرىۋاتقان پارتىيىلەر سوۋېت قوشۇنلىرى چېكىنىپ تۈگىنىچە كۈنسىي راۋالپىندى شەھىرىدە 437 ۋەكىل قاتناشقان بىر قۇرۇلتاي چاقىرىدۇ. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن ۋەكىل تاللىنىشتا ئافغانىستاندىكى مىللەتلەرنىڭ نوپۇس نىسپىتى كۆزدە تۇتۇلماستىن، تۈركلەر بىلەن ھازارالارغا بەكلا ئاز ۋەكىل سايلاش تەكلىپى بېرىلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئازاتبەگنىڭ تۈركلەر پارتىيىسى بىلەن ھازارا پارتىيىلىرى بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ يىغىنغا قاتناشمايدۇ.

پەشتۇلارنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلىكى ئاساسىدا ئېچىلغان بۇ قۇرۇلتايدا دۆلەت رەئىسلىكىگە مۇجەددىدى، باش مىنىستىرلىككە سايياق سايلىنىدۇ. ھېكماتيار تاشقى ئىشلار مىنىستىرى، يۇنۇس خالىس دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرى ۋە رابباني بولسا ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. بۇ ھۆكۈمەتتە يالغۇز راببانىلا پەشتۇ بولمىغان باشقا مىللەتتىن ئىدى.

ۋەزىيەت بۇ ھالغا كەلگىنىدىن كېيىن، 1989 ـ يىلىنىڭ يانۋارىدا ئازاتبەگ، كوماندىر ۋە ئىككى مىڭدەك ئەسكىرى بىلەن بىرگە ئافغانىستانغا قاراپ يولغا چىقىپ، سەمەنگان رايونىدىكى قارارگاھىغا بېرىپ ئورۇنلىشىدۇ. ئازاتبەگ، بۇندىن كېيىن كۈرەشنى ئافغانىستان ئىچىدە تۇرۇپ قوماندانلىق قىلماقچى بولىدۇ.

سوۋېتلەر چېكىنىپ چىقىپ كەتكىنىدىن كېيىن قۇرۇلغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە قارايدىغان ھەربىي قىسىملار پاكىستان چېگراسىغا يېقىن بولغان، كابۇل يولى ئۈستىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ستراتېگىيىلىك بىر شەھەر ھېساپلىنىدىغان جالالئاۋاتقا ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلىنىدۇ. ئۇزۇنغا سوزۇلغان مۇھاسىرە قىلىنىشلارغا قارىماي، مەركىزى ھۆكۈمەتكە تەۋە ھەربىي قىسىملار كابولدىن كېلىۋاتقان زور كۆلەملىك ھاۋا ئارمىيە ياردىمىگە تايىنىپ شەھەرنى مۇداپىيە قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ مەغلۇبىيەت، مۇجاھىتلارغا ياردەم قىلىپ كېلىۋاتقان ئەللەر ئىچىدىمۇ كۈچلۈك ئۇمىتسىزلىكلەرنىڭ تۇغۇلىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. مۇجاھىتلارغا ئەڭ كۈچلۈك ياردەم قىلىپ كېلىۋاتقان پاكىستان بىلەن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمەتلىرى ۋاقىتلىق مۇجاھىتلار ھۆكۈمىتىنى رەسمىي ئېتراپ قىلىشمىغان ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن

سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ھەر كۈنىسى لىق 25 ئىلىيۇشىن قۇرال-ياراغ، ئۇرۇش ماتېرىياللىرى، يېمەك-ئىچمەك ۋە يېقىلغۇ يەتكۈزۈپ تۇرۇش ئارقىلىق نەجىبۇللا ھاكىمىيىتىگە بېرىۋاتقان ئارقا سەپ تەمىناتىنى ئۈزمەي تەمىنلەپ كەلمەكتە ئىدى.

سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ چېكىنىپ چىقىپ كېتىشىدىن كېيىن كابول ھۆكۈمىتىنىڭ تېزلىكتە يىمىرىلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىغان مۇجاھىتلار بىرلەشمە ھۆكۈمىتى بۇنداق بىر ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلغان كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىشلەر باش كۆتۈرۈشكە باشلايدۇ. بولۇپمۇ ئەخمەت شاھمەسئۇد قوشۇنلىرى بىلەن ھېكمەتيارغا قارايدىغان قىسىملار ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك توقۇنۇشلار يۈز بەرمەكتە ئىدى. 1989-يىلىنىڭ ئىيۇل ئېيىدا، تەركىۋىدە تۈركى ئىرقىدىن بولغان كوماندىرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان 30 نەپەردەك يوقۇرى دەرىجىلىك ھەربى ئەمەلدارنى ھېكمەتيارغا قاراشلىق قۇراللىق كۈچلەر قاپقانغا چۈشۈرۈپ قىرىپ تاشلايدۇ. بۇ ۋەقە، مۇجاھىتلار بىرلەشمە ھۆكۈمىتى ئىچىدىكى بۆلۈنۈشنى ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن، ئەخمەت شاھمەخسۇد پەشتۇ تەۋەسىنىڭ سىرتىدىكى كوماندىرلارنى ئاساس قىلغان ھالدا مۇجاھىت قۇماندانلىرىنى بىر نوقتىغا توپلاپ ئىسلامى جىھات ھەيئىتى نامىدا بىر تەشكىلات قۇرۇپ چىقىدۇ. شاھ مەخسۇد بۇ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئا ق ش بىلەن پاكىستانغا ئوخشىغان جىھاتقا ئارقا سەپ تەمىنات ياردىمى بېرىپ كېلىۋاتقان ئەللەر بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىش شارائىتىنى يارىتىپ، پەشتۇلارنى ئاساس قىلغان ۋاقىتلىق بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى چەتتە قالدۇرۇش پىلانىنى تۈزمەكتە ئىدى. بۇنداق بىر تەشكىلات قۇرۇلۇش جەريانىدا شاھمەسئۇد بىلەن ئازاتبەگ ھەر تۈرلۈك سۆھبەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ تۇرغانىدى. شۇنىڭغا قارىماي، ئازاتبەگ بۇ تەشكىلاتقا قاتنىششىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

مۇجاھىتلار سېپىدا بۇ تۈردىكى ۋەقەلەر يۈز بېرىۋاتقان مەزگىللەردە، كابولدىكى نەجىبۇللا ھۆكۈمىتى مۇجاھىتلار بىلەن يارىشىش يولىنى ئاختۇرۇشقا كىرىشىدۇ. سوۋېت لاگىرىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر سەۋەبىدىن، نەجىبۇللامۇ ئافغانىستان خەلق دېموكراتىك پارتىيىسىنىڭ نامىنى ۋەتەن پارتىيىسى دەپ ئۆزگەرتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، پائالىيەتلىرىنى مىللەتچى كۆرۈنىشكە كەلتۈرۈپ، موسكۋانىڭ قورچىقى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغانىدى.

پەشتۇلاردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ كابول ھۆكۈمىتىنى ھىمايە قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە تۈركىلەر بىلەن ھازارلارغا تۇرغان يەرلىرىگە ئاپتونومىيە بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە، سابىق پادىشاھ زاھىر شاھ ۋە موتىدىل مۇجاھىت گۇروھىلىرى بىلەن جەنۋەدە بىر قېتىملىق يىغىن چاقىرىپ، ئۆزىنىڭ پارتىيىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كەڭ دائىرىلىك ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇش ھەرىكىتىنى باشلايدۇ.

1991 ـ يىلىسى، ئافغانىستاندا چارە ئىزدىنىشلەر بىلەن ئۆتتىدۇ. يىل ئاخىرسىغا كەلگىنىدە، مۇجاھىتلارنىڭ شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىگە قارىماي، نەجىبۇللا ھۆكۈمىتى كابولنى ئاساس قىلغان ھالدا مازارى شەرىپ، جالالئاۋات، قەندىھار ۋە ھېرات قاتارىدىكى چوڭ شەھەرلەر بىلەن ئۇلارنى بىر-بىرسى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان ئاساسلىق يوللارنى قولدىن چىقارماي چىڭ ئىگەللەپ تۇرماقتا ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، 1991 ـ يىلىنىڭ 18 ـ يانىۋار كۈنىسى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ رەسمى پارچىلانغانلىقى نەجىبۇللا ھۆكۈمىتىنىڭ تەغدىرىنىمۇ بەلگىلەپ بېرىدۇ.

## نەجىبۇللا ھۆكۈمىتىنىڭ ئاقىۋىتى ۋە گېنېرال دوستۇمنىڭ سەھنىگە چىقىشى

سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى، تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مۇستەقىل دۆلەت ھالىغا كېلىشى قاتارلىق ۋەقەلەر بۇ رايوندىكى كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ئافغانىستان بىلەن جەمئىي 1500 كىلومېتىرلىق چېگراسى بولغان تۈركمەنىستان، ئۆزبەكىستان ۋە تاجىكىستان قاتارىدىكى ئۈچ جۇمھۇرىيەت، ئافغانىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ئىچكى ئۇرۇش تەسىرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشنى بەكلا ئارزۇ قىلىشاتتى. بولۇپمۇ ھېكمەتيارغا ئوخشىغان رادىكال (چېكىدىن ئاشقان ئەقىدىدىكىلەر — ئۇ.ت) لارنىڭ ئىسلامى جىھات قاراشلىرىنى يېيىش ئېھتىماللىقلىرىدىن بەكلا ئەنسىرەشمەكتە ئىدى. سوۋېتلەرنىڭ پارچىلىنىشى، ئا ق ش باشچىلىقىدا پاكىستان ۋە ئىرانغا ئوخشىغان ئەللەرنىڭ بۇ رايونغا مۇناسىۋەتلىك پىلانلىرىنىمۇ زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋەتتىدۇ. ئىران بىلەن پاكىستان ئىككىسى ئوتتۇرا ئاسىياغا قارىتا تەسىر دائىرىسىنى كۈچەيتىش سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەرىكىتىنى باشلايدۇ. ئا ق ش ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇندىن كېيىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى ئافغانىستان پاتقاقلىقىدا ھالىدىن كەتكۈزىۋېتىش سىياسىتىنى داۋاملىق يۈرگۈزۈشىنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى. ئەندىكى مەقسەت، ئاساسەن ئالغاندا بۇ رايوننىڭ ئىقتىسادى مەنبەلىرىنى ئا ق ش نىڭ مىللى مەنپەئەتىگە مۇۋاپىق قايتىدىن رەتكە سېلىشكە يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش ئىدى.

1992 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا (ئافغانىستاندا — ئۇ.ت) بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر ئورتاق ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىش پائالىيىتى باشلىنىدۇ. نەجىبۇللا بولسا، تۈركى جۇمھۇرىيەتلىرىدىن ئارقا سەپ تەمىناتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتا ئىدى. ئەمما تېخى ئەندىلا يېڭىدىن دۆلەت شەكىللەندۈرۈش باسقۇچىدا تۇرىۋاتقان بۇ

دۆلەتلەر سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدىكىگە ئوخشايدىغان ئۇنداق بىر ياردەمنى ئۈستىگە ئالالىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلاردا بۇنداق ياردەم قىلىش دەيدىغان خىيالمۇ يوق ئىدى. بۇ ۋاقىتتا، كابۇل ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسى ئاساسىنى تەشكىل قىلغان ۋەتەن پارتىيىسى تەركىبىدە كەلگۈسى ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك يۈرگۈزۈلىدىغان سىياسەت ھەققىدە پىكىر ئىختىلاپلىرىمۇ ئېغىر ئىدى. مەركىزى ھۆكۈمەتكە قارايدىغان قۇراللىق قىسىملار بىلەن مۇجاھىتلار ئوتتۇرسىدىكى سۆزلىشىشلەرمۇ كۆپىيىپ، توپ-توپ مۇجاھىتلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىشلەر كۆرۈلمەكتە ئىدى. بۇنداق بىر ۋەزىيەت ئاستىدا، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇرۇش توختىتىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىپ كېلىۋاتقان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ۋاكالەتچىسى بېنون سېۋان، نەجىبۇللا بىلەن كۆرۈشىدۇ. بۇ كۆرۈشۈشتە، نەجىبۇللا كەڭ ساھەلەرنىڭ قاتنىششى بىلەن قۇرۇلىدىغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت لايىھىسىگە ماقۇل كېلىپ، بۇنداق بىر ھۆكۈمەت قۇرۇلىشى ھامان بارلىق ھوقۇقلارنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ.

18-مارت كۈنىسى ئېلىنغان بۇ قارار، كابۇل ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋىتى بولغان بارلىق تەرەپلەر ئۈچۈن ئالغاندا، ئۆزلىرىنىڭ مەۋقەسىنى قايتىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنىڭ بىر ئېلانى ھېساپلىناتتى. بۇ ئەھۋاللاردىن كېيىن، مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ كۈچلۈك ھەربى قۇماندانلىرىدىن ئۆزبەك گېنىرال رېشت دوستۇم، تاجىك گېنىرال ئابدۇمۇمىن ۋە ئىسمائىلچىلار گۇرۇھىدىن گېنىرال سىيىت مەنسۇر نادىرىلار بىر يەرگە كېلىپ نەجىبۇللا ھۆكۈمىتىگە قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىش قارارى ئېلىشىدۇ. گېنىرال دوستۇم يىتەكچىلىكىدە تەشكىللەنگەن بۇ يېڭى ھەربى بىرلەشمىنىڭ بىرىنچى نىشانىسى 18-ئافغانىستان كورپۇسى تەرىپىدىن مۇداپىيە قىلىنىۋاتقان مازارى شەرىپ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىش ئىدى. مارت ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى شەھەرنى تارتىپ ئالغان بىرلەشمە ئارمىيە تېزلىكتە جەنۇپقا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، ئافرىل ئېيىنىڭ بېشىدا كابۇلغا يېتىپ بارىدۇ. 15-ئافرىل كۈنىسى كابۇل ئايرودرومى دوستۇمنىڭ قىسىملىرى تەرىپىدىن تارتىپ ئېلىنىدۇ. نەجىبۇللا، كابۇلدىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئورگىنىغا كىرىپ پانالىنىدۇ. بۇ ئەھۋاللار روي بېرىۋاتقان بۇ بىر ھەپتىدە، نەجىبۇللانىڭ مۇئاۋىنى بولغان خاتىپ، كابۇل شەھىرىنى ئەخمەت شاھمەخسۇد بىلەن گېنىرال دوستۇم ئارمىيىسىگە شەرتسىز ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

# مۇجاھىتلار ھۆكۈمىتى ۋە كابولدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى

پايىتەختنىڭ دوستۇم قۇماندانلىقىدىكى بىرلەشمە ئارمىيە كۈچلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەنلىكى، ئۆز قوشۇنى كابول سىرتىدا قالغان ھېكمەتيارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغايدۇ. ئۇزۇنغا قالماي، پىشاۋۇردىكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت رەئىسى بولغان مۇجەددىدى كابولغا كىرىپ دۆلەت رەئىسلىكىنى ئۆتكۈزۈپ ئالىدۇ ۋە 51 ئەزالىق مەركىزى ھۆكۈمەت كابىنېتىنى تەشكىللەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئافغانىستاندا يېڭى بىر دەۋر باشلانغان ھېساپلاندى.

يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى بولۇپ قوبۇل قىلغان قارارى، دۆلەت نامىنى «ئافغانىستان ئىسلام دۆلىتى» دېگەنگە ئۆزگەرتىلىش ھەققىدىكى قارار ئىدى. ھاكىمىيەت شەرىئەت قانۇنلىرى بويىچە باشقۇرۇلىدۇ دەپ بەلگىلىنىدۇ. ئاياللارغا لىچەك كىيىش مەجبۇر قىلىنىدۇ. قىزلار-ئوغۇل ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپلەر چەكلىنىدۇ. ھاراق-شاراپ بىلەن قىمار قاتارىدىكى دىندا گۇناھ دەپ بەلگىلەنگەن ئىشلار پۈتۈنلەي چەكلىنىدۇ. ئافغانىستاندا بارلىققا كەلگەن بۇ يېڭى سىياسى ۋەزىيەت بىلەن ئوتتۇرغا چىققان كۈچ تەڭپۇڭلىقى رادىكال قاراشتىكى ھېكمەتيارنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. كابولنىڭ ئۆزبەك، تاجىك ۋە ھازار كۈچلىرى تەرىپىدىن تارتىپ ئېلىنغانلىقى پەشتۇ تەسىرىنىڭ ئاجىزلاشتۇرۇلۇشىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. بۇنداق بىر ۋەزىيەتنى قوبۇل قىلالمىغان ھېكمەتيار، قوشۇنلىرىنى كابول ئەتراپىغا توپلاپ شەھەر ئىچىنى توپقا تۇتۇشقا كىرىشىدۇ. ھېكمەتيار، گېنېرال دوستۇمنى "نەجىبۇللا ھۆكۈمىتىگە ياردەم قىلغان، كومىنىستلار بىلەن ھەمكارلاشقان بىرسى" دەپ قارىلاپ، دوستۇمنىڭ قۇراللىق قىسىملىرىنى كابولدىن چىقىپ كەتسۇن دەپ تەلەپ قىلىدۇ. ماي ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدا دوستۇم، قىسىملىرىنى كابول سىرتىغا چېكىندۈرۈش، 6 ئاي ئىچىدە دۆلەت رەئىسى سايلىمى ئۆتكۈزۈش ۋە ھېكمەتيار نامزات قىلىپ كۆرسەتكەن بىرسى رەئىسلىككە سايلىنىش دېگەندەك مەزمونلار بويىچە كېلىشىمگە كېلىپ شەرتنامە تۈزۈلگەنلىكىگە قارىماي، بۇنداق بىر شەرتنامىنى ئىجرا قىلىش ئىمكانىيىتى پەقەتلا يوق دېيەرلىك ئىدى. بۇ ۋاقىتتا دوستۇمنى رەئىس مۇجەددىدى تۆت يۇلتۇزلۇق گېنېراللىققا (ئورگېنېرال، داجىياڭ — ئۇ.ت) ئۆستۈرگەن بولغاچقا، دوستۇمنىڭ ئورنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەنگەن ئەھۋالدا ئىدى. مۇجەددىدىدىن ۋەزىپە ئۆتكۈزۈپ ئالغان راببانىمۇ دوستۇمنى كۈچلۈك ھىمايە قىلماقتا ئىدى. دۆلەت رەئىسى بىلەن دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرى (شاھ مەسئۇت)

نىڭ بىرلا مىللەت كىشىلىرىدىن بولىشى، ئافغانىستان ھۆكۈمىتىدە تاجىك تەسىرىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۈچەيتىۋېتىدۇ. نەتىجىدە ئىيۇنىنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ ھېكمەتيارنىڭ پەشتۇ قۇراللىق قىسىملىرى بىلەن كابولدىكى ئۆزبەك، تۈركمەن، تاجىك ۋە ھازارا قۇراللىق بىرلەشمە ئارمىيىسى ئوتتۇرىسىدا قايتىدىن ئۇرۇش پارتلايدۇ.

## ئافغانىستان مىللىي ئىسلامى ھەرىكىتىنىڭ قۇرۇلۇشى

گېنېرال دوستۇم "شىمالى ئافغانىستان ھەربى شۇرا باش قۇماندانى" دەرىجىسىدىكى بىرسى ھېساپلانسىمۇ، ئافغانىستاندىكى قۇراللىق قىسىملارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك ئايرىم-ئايرىم بىرەر سىياسى تەۋەلىكى بولغان كۈچلەر ھېساپلىناتتى. ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلغان دوستۇم، 1992-يىلى ماي ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدا مازارى شەرىپ شەھرىدە شىمالى ئافغانىستاندا ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرىۋاتقان ھەربى كوماندىرلىرى بىلەن داڭلىق ئۆلىمالار قاتناشقان بىر قېتىملىق سىياسىي پارتىيە تەشكىلەش قۇرۇلتىيى چاقىرىدۇ. بۇ سىياسى ھەرىكەت پارتىيىسىگە «ئافغانىستان مىللى ئىسلامى ھەرىكىتى» (جۇمبۇشى مىللى) دەپ ئىسىم قويىدۇ. گېنېرال دوستۇم، يىغىنىنىڭ ئېچىلىش نۇتقىدا بۇ سىياسى تەشكىلاتنى قۇرۇپ چىقىشنىڭ سەۋەپلىرىنى، پارتىيىنىڭ سىياسى غايىلىرىنى تۆۋەندىكىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىدۇ:

بەلخ ۋىلايىتىمىزدە قۇراللىق قىسىملىرىمىزغا قارايدىغان قەھرىمان جەڭچىلىرىمىز بىلەن قەھرىمان مۇجاھىتلىرىمىز كومىنىست نەجىبۇللا بىلەن ئۇنىڭ غالچىلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن باشلاتقان قۇراللىق كۈرەشنى غەلىبىلىك تاماملىدى. بۇ غەلىبە، ئىسلامى بىر قۇۋۋەتنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن ئىسلام ئىنقىلابىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا بۈيۈك رول ئوينىدى. ... مىللى قۇراللىق كۈچلىرىمىز بىلەن مۇجاھىتلار ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالى قىسمىدىكى مەزلۇم خەلقىمىزنىڭ تەلەپلىرى ھەققىدە ئورتاق نوقتىغا كېلىشتى ۋە ... كابۇلنى قولغا كەلتۈرگەنگە قەدەر ئىزچىل ئالغا ئىلگىرلىدى. ... بىزنىڭ بۇ ھەرىكىتىمىز قۇراللىق كۈچلەر بىلەن ھەقىقى مۇجاھىتلارنىڭ ھىمايىسىغا ئېرىشتى. خەلقىمىزنىڭ بۇ ھەرىكىتى بۈگۈن "ئافغانىستان مىللى ئىسلامى ھەرىكەت" كە ئايلاندى دېيىشكە ھەقلىقمىز. ... مىللى ئىسلامى ھەرىكىتىمىز قۇراللىق كۈچلەر، پارتىيىلەر، مۇجاھىت تەشكىلاتلىرى ۋە مىللى

ۋە مەزھەبلەرنىڭ تونۇلغان كىشىلىرى قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپماقتا. بۇ ھەرىكەت قىسقا مۇددەت ئىچىدە ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالى قىسمىدىكى ئۇرۇشلارغا خاتىمە بېرىپ تېنچلىق ۋەزىيەت يارىتىپ، قېرىنداش قېرىنداشنى ئۆلتۈرىدىغان ۋەقەلەرگە يول قويمىدى، كىشىلەرنىڭ شەخسىيىتىگە ۋە ئابرويىغا ھۆرمەت قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى، كىشىلىك ھەق-ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىش ۋە جەمىيەتتە ئادالەتنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. شۇنىڭدەك يەنە «شۇرائى نازاي» ۋە «ھىزبى ۋاھدەت» بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ كابولنى تارتىپ ئېلىش ۋە ئىسلامى بىر ھۆكۈمەت قۇرۇشتا زور رول ئوينىدى. ...

ئافغانىستان كۆپ مىللەتلىك بىر دۆلەت بولۇپ، بۇ ئەلدە ياشايدىغان خەلقلەر مىللەت ۋە مەزھەپ جەھەتلەردە ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئەمما يېقىنقى دەۋرلەرگىچە بۇ تۈر ھوقۇقلىرى ئىرىقچى بىر قەبىلىنىڭ ھۆكمۈرانلىقى ئاستىدا دەپسەندە قىلىنغانىدى. شۇنىڭدەك بۇ ئىرقچى قەبىلە، ھۆكمۈرانلىقىنى داۋام قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ چەتئەل كۈچلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ مۇسۇلمان خەلقىمىزنى ئۆزئارا قىرغىن قىلىش يولىغا باشلىغان بولۇپ، بۇ قىرغىنچىلىقنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. ... خەلقىمىزنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى ۋە قانات يايدۇرغان كۈرەشلىرى نەتىجىسىدە ئىشغالىيەتچى ئۇرۇس قوشۇنلىرى چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئەمما، بۇ ئەھۋال ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا يەتمىدى. چۈنكى، ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغان ئىرىقچى كۈچلەر تۈزۈپ چىققان ئاساسى قانۇن، سىياسى پارتىيە قانۇنلىرى بىلەن سىياسى پارتىيە سانىنى قەغەز يۈزىدىلا ئېتىراپ قىلماقتا. چەتئەلدە قۇرۇلغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭمۇ قىلچە رولى بولمىغانلىقى ئاشكارە ئوتتۇرغا چىقتى. ... ئافغانىستان مىللى ئىسلامى ھەرىكىتىنىڭ ئاساسى غايىسى، ۋەتىنىمىزدە ئىجتىمائى ھەققانىيەتنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ۋەتىنىمىزدە ياشايدىغان بارلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقتا باراۋەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش. بۇنىڭ بىردىن بىر يولى، ئىتتىپاقداش (فېدېراتسىيىلىك) دۆلەت تۈزۈمىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىقلا مۇمكىن بولىدۇ. ...

مىللى ئىسلامى ھەرىكەت، ۋەتەنداشلىرىمىزغا مۇنداق ۋەدە قىلىدۇ: ئافغانىستاننىڭ دىنى، مۇقەددەس ئىسلام دىنىدۇر. ۋەتىنىمىز شەرىئەت قانۇنلىرى بويىچە باشقۇرۇلىدۇ. شەرىئەت ھۆكۈملىرى سۈننى ۋە شىيە مەزھەپلىرى ئاساسىدا يولغا قويۇلىدۇ. ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنغا ئېتىقات

قىلىدىغانلار دىنى ئېتىقادى بىلەن دىنى ئىبادەت جەھەتتە ئەركىن پائالىيەت قىلالايدۇ. ... خەلق ئىختىيارى بىلەن سايلانغان ھەممە شەرئەت قانۇنلىرى ئاساسىغا تايىنىپ باشقۇرۇلىدىغان ئىتتىپاقداش دۆلەت تۈزۈمى تەشكىل قىلىنىدۇ. دۆلەت باشقۇرۇشتا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ نوپۇس سانىغا قاراپ ۋەكىل قاتناشتۇرۇشى كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. ھەممە كىشى ئەركىن قاتنىشالايدىغان تېنچ ئومۇمخەلق سايلام مۇھىتى بارلىققا كەلتۈرىلىدۇ. ... تەرتىپلىك مىللىي-ئىسلامىي ئارمىيە تەشكىل قىلىنىدۇ. ... ئىسلامى ۋە مىللى ئىتتىپاقلىققا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ھەرقايسى مىللەت ۋە قەبىلىلەرگە باراۋەر سىياسى، ئىقتىسادى ۋە مەدەنى ھوقۇقلار بېرىلىدۇ. ئىسلام ھۆكۈملىرى ئاساسىدا ئاياللارغا ھەق-ھوقۇق بېرىلىدۇ. كىشىلىك ھوقۇق باياناتى بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتلىرىنىڭ بەلگىلىمىلىرى ئىسلام دىنى ئاساسلىرىغا تايانغان ھالدا ھىمايە قىلىنىدۇ.

دوستۇم بۇ نۇتقىدا مىللى ئىسلامى ھەرىكىتىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئاساسى نوقتىلارنى كۆرسىتىپ كېلىپ، ئۆزىنى ھەممە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەرىكەت قىلىپ كەلگەن باشقا كۈچلەرنى، قۇراللىق كۈچلەر دەپ تونۇشتۇرىدۇ. شۇ ئارقىلىق ھېكمەتيارنىڭ "بۇلار نەجىبۇللا بىلەن بىرگە ھەرىكەت قىلغان كىشىلەر بولغاچقا، ئۇلار جىھاتقا قاتناشقانلار قاتارىغا كىرمەيدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئۇلارنى ھەقىقى جىھاتچى دەپ تونۇشقا بولمايدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئۇلار بۇ يېڭى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەركىۋىدىمۇ ئورۇنغا ئېرىشەلمەيدۇ" دەيدىغان قارىلىشىغا رەددىيە بەرگەن ھېساپلاندى. كابولنىڭ تارتىپ ئېلىنىشى بىلەن نەجىبۇللا ھاكىمىيىتىگە خاتىمە بەرگۈزگەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىش ئارقىلىق، مۇجاھىتلارنىڭ ئۆزۈندىن بېرى ئەمەلگە ئاشۇرالماي كەلگەن بىر ئىشنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئافغانىستاندا تېنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن لازىم بولغان ئالدىنقى شەرت — مىللەتلەر نوپۇس سانىغا ئاساسەن ۋەكىل قاتناشتۇرۇش ئارقىلىق قۇرۇلىدىغان ھاكىمىيەت بولىدىغانلىقىنى، بۇندىن كېيىن ئافغانىستاندا بۇرۇنقىدەك ئۇنداق بىرلا مىللەت، يەنى پەشتۇلارنىڭ ھاكىم بولىدىغان بىر ھاكىمىيەت تۈزۈمگە يول قويۇلمايدىغانلىقى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.

31-ماي كۈنىدىن 1-ئىيۇن كۈنىگىچە داۋام قىلغان ئافغانىستان مىللى ئىسلامى ھەرىكىتى قۇرۇلتاي يىغىنى، ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق يىغىندا ئالغان قارار بويىچە گېنېرال دوستۇم ئېچىلىش نۇتقىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن پىرىنسىپلار بىلەن ۋەزىپىلەرنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بۇ ھەرىكەتنىڭ غايىسىنى، تەشكىلات ئاساسلىرىنى ۋە ئىجرائىتىنى رەتكە سالىدىغان نىزامنامىدىن

بىرسى قوبۇل قىلىندى. بۇ نىزامنامىدا كۆرسىتىلگەن پىرىنسىپلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت ئىدى:

ئافغانىستان مىللى ئىسلامى ھەرىكىتى، مۇستەقىل بىر سىياسى تەشكىلات. ئالى شۇرا (مەركىزى ئورگان) پارتىيىنىڭ ھەرىكىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىدىغان قارارلارنى چىقىرىدىغان ئەڭ يوقۇرى ئورگان بولۇپ، 313 نەپەر كىشىدىن تەشكىل تاپىدۇ. ھەر 3 ئايدا بىر قېتىم يىغىلىدىغان بۇ ئورگاننىڭ تۆتتە ئۈچ قىسمى قۇراللىق كۈچلەر بىلەن مۇجاھىت گۇرۇپپىلىرىنىڭ ۋاكالەتچىلىرىدىن، قالغان تۆتتە بىر قىسمى بولسا بىتەرەپ مىللى ۋە دىنى ۋاكالەتچىلەردىن تەشكىل تاپىدىغان بولىدۇ. رەئىس بۇ ئورگاندا سايلىنىدۇ. بۇ شۇرا يەنە ئۆز ھەيئەتلىرى ئارىسىدىن دائىملىق ئىشلەيدىغان 32 كىشىلىك ئىجرائىيە ھەيئىتىدىن بىرنى سايلاپ چىقىدۇ. بۇ ئىجرائىيەت ھەيئىتى مەملىكەتنىڭ شىمالى قىسىملىرىنى باشقۇرىدىغان ھەر تۈرلۈك ساھەلەر بويىچە ئىككىلەمچى ھەيئەتلەرنى قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ ئىككى ئورگان قارار ئېلىشتا ئاۋاز سانىنىڭ كۆپسانلىقىغا بوي سۇنۇش پىرىنسىپىگە ئەمەل قىلىدۇ.

بۇ ھەيئەتلەردە قوبۇل قىلىنغان قارارلار تەپسىلى تەھلىل قىلىنغىنىدا، گېنېرال دوستۇمنىڭ ئافغانىستان مىللى ئىسلامى ھەرىكىتى پارتىيىسى شىمالى ئافغانىستاندىكى بىردىن-بىر ھوقۇقلۇق ئورگان دەپ قوبۇل قىلىنغانلىقىنى كۆرىۋېلىش مۇمكىن. بۇ مەسىلە مەركەزى ئورگان قارارلىرىدا ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، قالغان پارتىيىلەرگە ھەر تۈردە چاقىرىقلار چىقىرىلغان:

مەملىكەت بويىچە ئىسلام ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە قىلالىشى ۋە قورچاق ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشىدا "ئافغانىستان مىللى ئىسلامى ھەرىكىتى" نىڭ ئوينىغان رولىنى ھېچ كىم ئىنكار قىلالمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، مەركەزى ھۆكۈمەت ۋە شۇنىڭدەك باشقا ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا بۇ پارتىيىمۇ ئۆز كۈچىگە ماس ھالدا ئورۇنغا ئىگە قىلىنىشى لازىم. ... پارتىيىمىز ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ، ۋەتىنىمىزدە ياشاۋاتقان بارلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە قەبىلىلەرنىڭ ھوقۇقلىرىنى قوغدايدىغانلىقىغا، شۇنىڭدەك ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالى رايونلىرىدا ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ باشقا يەرلىرىدىكى خەلقلەر بىلەن ھوقۇقتا باراۋەر قىلىنىشىغا ئىشىنىدۇ. ... ئۆتكەن زامانلاردا ھۆكۈمەت باشقۇرۇش ئىشلىرىدا بۇ قانۇنلارغا ئەمەل قىلىنماي كېلىنگەنىدى. شۇ سەۋەپتىن بۇ ھەقتىكى مەسىلىلەر قايتىدىن كۆزدىن كەچۈرىلىشى زۆرۈر بولماقتا. ... ئافغانىستان بولسا كۆپ مىللەتلىك بىر دۆلەت. شۇ سەۋەپتىن بۇ مىللەتلەرگە تەڭ ھوقۇقلار بېرىلىشى ئۈچۈن ۋەتىنىمىزنىڭ فىدىراتسىيىلىك بىر تۈزۈم بويىچە

باشقۇرۇلشى زۆرۈر بولماقتا. ... مىللى ئىسلام ھەرىكتى، تولۇق مۇستەقىللىقنى ۋە ئافغانىستاننىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ھمايە قىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتىمۇ شىمالى ئافغانىستاندا تەشكىل قىلىنغان بۇ ھەربىي بىرلەشمە ھۆكۈمىتى، شۇ ۋاقىتلاردار دۆلەت ئىچىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ئورگان ھېساپلىناتتى. ئافغانىستان مىللى ئىسلامى ھەرىكتى ئۆزۈنغا قالمايلا بۇ رايوننى تېزگىنىگە ئېلىپ، شىمالى ئافغانىستانغا تىنچلىق ۋە مۇقىملىقنى ئېلىپ كەلگەنىدى. بۇ رايوننى ياخشى بىلىدىغان بىر يازغۇچى مۇخبىر، يەنى دىلىپ ھىرو دېگەن ئادەم بىتەرەپ كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە شىمالى ئىتتىپاقى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك ماقالىسىدا تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:

كابولدىكى ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى گۇرۇپپىلارنىڭ كېلىشەلمەيدىغان مۇناسىۋەتلىرى ئۆزىنى مىللى ئىسلام ھەرىكەت پارتىيىسىنىڭ رەئىسى ھەمدە شىمالى ئىتتىپاق كۈچىنىڭ قۇماندانى دەپ قارايدىغان گېنېرال دوستۇمنىڭ ئىناۋىتىگە ئاساسەن تەسىر كۆرستەلمىگەن. مىللى ئىسلامى ھەرىكەت پارتىيىسى مەملىكەتنىڭ جەمئى 29 ۋىلايىتىنىڭ ئورتا ئاسىيا جۇمھۇرىيەت بويلىرىدىن تارتىپ كابول بويلىرىغا قەدەر سوزۇلغان رايوندىكى 9 ۋىلايەتتە ھاكىمىيەت تېزگىنىنى قولغا ئېلىپ بولغان ئىدى. بۇ رايوندا باج يىغىش، تاموجنا ئىشلىرى قاتارىدىكى پائالىيەتلەرگە مەسئۇل كۈچلۈك كادىرلىرىغا تايىنىپ ئافغانىستان تەۋەسىدە ئۆز ئالدىغا بىر دۆلەتتەك پائالىيەت قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. شىمالى ئىتتىپاق، پايتەخت قىلغان مازارى شەرىپتە توك، ۋودىپرووۋوت سۇيى ۋە قاتناش-ترانسپورت قاتارىدىكى جامائەت خىزمەتلىرىنى پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇپ باشقۇرۇپ كەلگەن. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، پايتەخت كابولدا ھەممىلا يەرنى قاپلىغان قالايماقانچىلىق، نوپۇس سانى يېرىم مىليوندىنمۇ كامىيىپ كېتىشكە سەۋەپچى بولغان ئېغىر يوقسۇزلۇق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ئافغانىستاندىكى ئەڭ كۈچلۈك ھەربى كۈچ بۇ ئىتتىپاققا قارايدىغان ئارمىيە ھېساپلىناتتى. 1993-يىلىنىڭ باھار ئايلىرىدىن باشلاپ شىمالى ئىتتىپاق، 120 مىڭ نەپەردەك ئەسكەر، بىر-ئىككى مىڭدەك تانكا، يۈزدىن ئارتۇق ئۇرۇش ئايروپىلانى، تىك ئۇچار ۋە ترانسپورت ئايرىپىلانى قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان بىر ھاۋا ئارمىيە كۈچىگىمۇ ئىگە ئىدى.

شىمالى ئىتتىپاقنىڭ ئارمىيىسى ئاساسلىقى ئۆزبەك، تۈركمەن ۋە تاجىكلاردىن تەشكىل تېپىش بىلەن بىرگە، يەنە سابىق كومىنىست پەشتۇ ئوفىسسېرلىرىمۇ ۋەزىپىگە قويۇلغانىدى (گېنېرال دوستۇم بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن شەخسى سۆھبەت

جەريانىدا، بۇ سانلىق مەلۇماتلارنىڭ توغرا رەقەملەر ئىكەنلىكىنى، ئەمما كۆچ جەھەتتە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن گەپ قىلمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. قۇراللىق ساقچى قوشۇنلىرى بىلەن ھەر تۈردىكى مۇجاھىت قۇماندانلارغا قارايدىغان قوشۇنلارنىڭ مازارى شەرىپتىكى ھۆكۈمەتكە بولغان ساداقىتىنىڭ بەكلا ئاجىز ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ پۇرسەت كەلگەن ھامان سەپ ئۆزگەرتىشكە تەييار كىشىلەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ھەر قانداق بىر شارائىتتا دوستۇمنىڭ باشقۇرالايدىغان ئەسكەر سانىنىڭ 55~60 مىڭ ئەتراپىدىلا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە سانى كۆپ كۆرۈنگەن تانكا، ئايروپىلان ۋە تېنك ئۇچارلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى زاپچاس بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئىشلەتكىلى بولمايدىغان ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

ئىسلام جۇمھۇرىيىتى شەكلىگە كىرگەن ۋاقىتلاردىكى ئافغانىستاندا ھەر بىر مىللەت ئۆزى تۇرىۋاتقان جايلاردا ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئېلان قىلىۋالغان سىياسى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. پەنشىر ۋادىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا بەدەخشان بىلەن تاھھار قاتارىدىكى ۋىلايەتلەر جايلاشقان شەرقى شىمال ئافغانىستان تەۋەسى تاجىك گېنېرال ئەخمەت شاھمەسۇدنىڭ تىزگىنى ئاستىدا ئىدى. ئۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسى كابولغا 40 كىلومېتىر كېلىدىغان شەرقى شىمالدىكى چارىقار رايونىغىچە سوزۇلغان ئىدى. مەسۇد، سىياسى جەھەتتە بۇرھانىددىن راببانىنىڭ جەمىيەتى ئىسلامغا قارايدىغان بىرسى ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە ھېرات رايونىنىڭ ھاكىمى بولغان ئىسمايىلخانمۇ بۇ جەمىيەتكە تەۋە بىرسى ئىدى. ئافغانىستاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تاغلىق رايون بولغان ھازاراجات تەۋەسى ھازارا پارتىيىسى بولغان ھىزبى ۋاھدەتنىڭ مۇتلەق تىزگىنى ئاستىدا ئىدى. بىر مۇنچە شىيەلىكلەر پارتىيىلىرىدىن تەشكىل تاپقان بۇ گۇرۇھنىڭ يېتەكچىلىكىنى مازارى ئۇستىگە ئالغان ئىدى. جەنۇپتىكى پەشتۇ رايونلىرىدا بولسا، مۇتىدىل پەشتۇ پارتىيىلىرى ئاساسى جەھەتتىن كۈچىدىن ئايرىلىپ قالغان بولۇپ، ھېكمەتيارنىڭ ھىزبى ئىسسلامى پارتىيىسى بۇ تەۋەلەرنى تىزگىنلىۋالغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ پايتەخت كابول بۇ ئۈچ خىل كۈچلەرنىڭ تەسىر دائىرىسى ئوتتۇرىسىغا قىسىلىپ قالغان بولۇپ، شەھەرنىڭ ھەر بىر تەرىپى ھەر تۈردىكى گۇرۇھلار تەرىپىدىن تىزگىنلەنگەن ۋەزىيەتتە ئىدى. تېخىمۇ كىچىك گۇرۇپپىلاردىن بولغان نۇرىستانلار، ئىسمائىلىلار ۋە باشقىلار ئۆز رايونلىرىغا ھۆكمرانلىق قىلىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرىۋالغان ئىدى. شىمالى ئىتتىپاققا قارايدىغان كۈچلەر ئايرودرومنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا كابولنىڭ بەزى يەرلىرىنى قولدا تۇتۇپ تۇرىۋاتقان بولسىمۇ، شىمالدىكى تۈركلەر رايونى بىلەن كابول ئوتتۇرىسىدىكى

ئارىلىق بەكلا يىراق قالغانىدى. بۇ ئارىلىقتا يەنە ئۆتۈش تەس ھىندىقۇش تاغلىرى قەد كۆتۈرۈپ سوزۇلغانىدى. گېنېرال دوستۇم تەشكىللەپ چىققان بۇ ئىتتىپاقنىڭ باشقا گۇرۇھتىكىلەرگە ئوخشىمايدىغان تەرىپى، بارلىق ئېتنىك تەركىپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈزۈلۈشكە ئىگە ئىكەنلىكى ئىدى. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا دوستۇمغا كۈچلۈك پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەرگەن بۇ ۋەزىيەت، بىر مەزگىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلىششقا سەۋەپچى بولۇپ قالىدۇ.

ئافغانىستاندىكى كۈرەش، بۇنىدىن كېيىن مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش سەۋىيىسىگە چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ھەر خىل مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ۋاقىتلىق ھەمكارلىقلارلا بولالىشى مۇمكىن ئىدى. بارلىق مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئورگاندىن بىرنى قۇرۇپ چىققان، بۇ ئورگاننى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن بارلىق تەدبىرلەرنى ئىشقا سېلىپ باققان گېنېرال دوستۇم، مىللىي زىدىيەت كۈرىشى قايىنمى ئىچىگە پېتىپ قالغانلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇنداق بىر ئورگاننىڭ ئاجىزلىقىدىن ئىبارەت بۇ رىياللىقنى بەكلا پاجىئەلىك بەدەل تۆلەش ئەمەلىيىتى ئارقىلىقلا تونۇپ يېتىدۇ.

1993 ـ يىلى ئىچىدە گېنېرال دوستۇم، تۈركىيە باشچىلىقىدىكى ھەر قايسى ئەللەر بىلەن مۇناسىۋەت قۇرۇشقا كىرىشىپ، خەلقارالىق سىياسىي ياردەم ئاختۇرۇش پائالىيىتىنى باشلايدۇ. شىمالى ئافغانىستاننىڭ مەركىزى بولغان مازارى شەرىپتە ئىراننىڭ، ئۇنىڭ كەينىدىنلا تۈركىيىنىڭ كونسۇلخانا ئاچقانلىقى، دوستۇم ھۆكۈمىتىنى ئالاھىدە ئابرويغا ئېرىشتۈرگەندەك قىلغانىدى. دوستۇم ھۆكۈمىتى، خوشنا تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرى تەرىپىدىن، ئافغانىستاندىكى قالاق ئىسلام پارتىيىلەرنى چەكلەپ تۇرىدىغان بىر ئامىل دەپ قارالماقتا ئىدى. دېگەندەك بۇ ۋاقىتلاردا تاجىكىستاندا ھۆكۈمەت بىلەن دىنى ئۆكتىچى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇشلار كۆرۈلۈشكە باشلىغانىدى. ئافغانىستاندىن قالاق دىنچى ئىنقىلاپ تەسىرى يامراپ كىرىپ كېلىش خەۋپى ئۆزبەكىستان دائىرىلىرىنىمۇ ئەنسىرىتىپ كەلمەكتە ئىدى.

نۆۋەتلىشىپ دۆلەت رەئىسى بولۇش نۆۋىتى 1993 ـ يىلى ئوتتۇرلىرىدا توشقاندىن كېيىن ئورنىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە توغرا كەلگەن بۇرھانىدىن راببانى، ئافغانىستاندا ھۆكۈم سۈرىۋاتقان قالايماقانچىلىقلارنى باھانە قىلىپ، ۋەزىيەت ئوڭشالغان كۈنگىچە دۆلەت رەئىسلىكىنى داۋاملىق ئۈستىگە ئېلىش تەلىۋىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. نەتىجىدە ئافغانىستاندىكى سىياسىي كۈچ تەڭپوڭلۇقى قايتىدىن ئۆزگەرتىلىدۇ. قالغان گۇرۇھتىكىلەر بۇ ئەھۋاللارغا ئامالسىز بويىتۇلا دەپ قاراپ تۇرىشىدۇ. شۇ ۋاقىتلاردا، يەنى مارت ئېيىنىڭ ئاخىرىدا پاكىستان پىرىزدېنتى ناۋاز شەرىپنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئىسلامئاۋاتتا بىر قېتىملىق يىغىن چاقىرىلىدۇ. بۇ يىغىنغا 6 پەشتۇ پارتىيىسى، راببانى يېتەكچىلىكىدىكى تاجىك پارتىيىسى ۋە شىيەلەرنىڭ ھىزبى

ۋاھدەت پارتىيىسى قاتارلىق پارتىيىلەر چاقىرىلىپ، ھېكمەت يار باشچىلىقىدىكى قالغان رادىكال پەشتۇ پارتىيىلىرىنىڭ قاتتىق نارازىلىق كۆرسىتىشى سەۋەبىدىن، شىمالى ئافغانىستان تەۋەسىدە ۋەزىيەتنى تېزگىنلەپ كېلىۋاتقان دوستۇمنىڭ مىللى ئىسلام ھەرىكىتى پارتىيىسى بۇ يىغىنغا چاقىرىلمىغانىدى. 6 كۈنلۈك مۇزاكىرىدىن كېيىن، پاكىستان، ئىران ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان مەسئۇل كىشىلىرى ئالدىدا بىر شەرتنامە ئىمزالىنىدۇ.

بۇ شەرتنامىغا ئاساسەن، گۇلبەددىن ھېكمەتيارغا رەئىسلىك ۋەزىپىسى بىلەن ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىش ھوقۇقى بېرىلىدۇ. ھۆكۈمەتتە 8 پارتىيىگە تەڭ دەرىجىدە ئورۇن بېرىلىدىغان بولىدۇ. يەنە بىر يىلنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە چوقۇم ئومۇمى سايلام ئۆتكۈزۈلىشى شەرت قىلىنىدۇ. ھېكمەتيارنىڭ قاتتىق نارازىلىق قىلىشى سەۋەبىدىن گېنېرال دوستۇمغا ھۆكۈمەت كابىنىتىدا ۋە ئىجرائىيە كومىتېتىدا ھېچقانداق بىر ۋەزىپە بېرىلمەيدۇ. شۈبھىسىزكى، ئافغانىستان ئەمەلىيىتىگە پەقەتلا ماس كەلمەيدىغان بۇ شەرتنامىنىڭ ئەمەلىلەشتۈرۈلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئەخمەت شاھ مەسۇد، ھېكمەتيارنىڭ بۇنچە مۇھىم ئورۇنغا تەيىنلەنگەنلىكىدىن پەقەتلا رازى ئەمەس ئىدى. گېنېرال دوستۇم بولسا، ھەممە ئىشتىن چەتتە قالدۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا تېخىمۇ قوپال مۇئامىلىدە بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتە ھازارالار ھۆكۈمەتنىڭ تەسىر كۈچىگە ئاساسلانماستىن پارتىيىلەر ئاساسىدا تەشكىل قىلىنغانلىقىغا رازى ئەمەس ئىدى. چۈنكى، پارتىيىنى ئاساس قىلىپ ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن 6 پارتىيىسى بولغان پەشتۇلار ھۆكۈمەت ئىچىدە ئىنتايىن كۈچلۈك ئورۇنغا ئېرىشىۋالغانىدى. شۇنىڭدەك يەنە، بىر قىسىم پەشتۇ پارتىيىلىرى ئاساسى قانۇنغا شىيە مەزھىپىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ماددىلارنىڭ كىرگۈزۈلىشىگە قارشى چىققانىدى. نەتىجىدە، كابولدىكى ھىزبى ۋاھدەت قۇراللىق كۈچلىرى ئۇلاردىن ئايرىلىش قارارىنى ئېلىپ، دۆلەت باشلىقى راببانى تۇرىدىغان يەرلەرگە قارىتا ھۇجۇم باشلاشقا كىرىشىدۇ. بۇ خىل ۋەزىيەت شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئەخمەتشاھ مەخسۇد بىر تەرەپتىن ھازارا كۈچلىرى بىلەن يەنە بىر تەرەپتىن ھېكمەتيار كۈچلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. دوستۇم بولسا، ئايرودرومنى ساقلاپ قالالىغىدەك ئەسكەر قالدۇرۇپ قوشۇنلىرىنى كابول سىرتىغا چېكىندۈرۈپ چىقىپ، ۋەزىيەت كۆزىتىش بىلەن جىم ئولتۇرىدۇ.

1993 ـ يىلى دىكابىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بارلىققا كەلگەن بىر ۋەقە، ئافغانىستان ئىچكى ئۇرۇشىدىكى كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. دوستۇمنىڭ مازارى شەرىپتىكى ياردەمچىلىرىدىن بىرسى بولغان تاجىك گېنېرال ئۇستات ئاتا، بىر قىسىم تۈركى قۇماندانلىرى بىلەن بىرلىشىپ دوستۇم ھاكىمىيەت كۈچلىرىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. بىرەر ھەپتىدەك داۋاملاشقان قۇراللىق توقۇنۇشتىن كېيىن ئىسيان كۆتەرگەن قۇماندانلار ئەل بولىدۇ. بۇ قېتىمقى ۋەقەدىكى مۇھىم بىر

ئىش شۇكى، بۇ قېتىملىق دوستۇمنى يوقۇتۇش ئىسيانىدىن ئەخمەت شاھ مەخسۇدنىڭ خەۋىرى بارلىقىنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشى ئىدى. بۇ ۋەقە يېڭى بىر بوھرانىنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. نەتىجىدە، 1994 ـ يىلى يانىۋار ئېيىدا كابولدا كەڭ كۆلەملىك بىر توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىككى يىلدىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن دوستۇم ـ مەسۇد ئىتتىپاقىغا خاتىمە بېرىلىپ، ئافغانىستاندىكى ئېتنىك گۇرۇھلار بىر ـ بىرىسى بىلەن قۇراللىق جەڭ قىلىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ.

# تالىبانلار ھەرىكىتىنىڭ پەيدا بولىشى

ئافغانىستاندىكى ئىچكى ئۇرۇشلار بۇ ئەتىراپتىكى دۆلەتلەر تەرىپىدىن يېقىندىن كۈزىتىلمەكتە ئىدى. پاكىستان، پەشتۇ كۈچلىرى ھۆكمۇرانلىق قىلىدىغان بىر ئافغانىستان مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن باش قاتۇرماقتا ئىدى. ئافغانىستاندا بارلىققا كېلىدىغان بىر ھاكىمىيەت پاكىستاننىڭ ئاسان سىڭدۈرىۋېتەلەيدىغان پەشتۇنىستان مەسىلىسىنى ئوتتۇرغا قويمايدىغان بىر ھاكىمىيەت بولىشى، پاكىستان بىلەن ئوخشاش سىياسەت يۈرگۈزىدىغان بىر ھاكىمىيەت ئوتتۇرغا چىقىشى كېرەك ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، ئوتتا ئاسىيا تۈركى جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن پاكىستان ئوتتۇرسىدا ئالاقە ئورنىتىشقا توسالغۇلۇق قىلمايدىغان، راۋان قاتناش تۈگۈنى بولالايدىغان بىر ئافغانىستان بارلىققا كېلىشى لازىم ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىكى ئىران بولسا، ھازارالار كۈچلۈك ئورۇنغا ئېرىشتۈرۈلگەن بىر ئافغانىستاننىڭ ئوتتۇرغا چىقىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. پەشتۇ ياكى تۈركلەرنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلىدىغان ئافغانىستان ھاكىمىيىتىنى ئىران قەتئىي خالىمايتتى. فارىس مەدەنىيەت تەۋەسىگە مەنسۇپ تاجىكلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر ھاكىمىيەت قۇرۇلغىنىدا، ئوخشاش تىلدا سۆزلىشىدىغان، بىر ـ بىرسىگە يېقىن سىياسى قاراشتىكى ئىران، ئافغانىستان ۋە تاجىكىستان چەمبىرىنى شەكىللەندۈرۈش پۇرستى بارلىققا كەلگەن بولاتتى. تۈركمەنىستان بىلەن ئۆزبەكىستان بولسا، چېگرالىرىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ياشايدىغان ئوخشاش قاندىكى قېرىنداشلىرىنىڭ ئافغانىستان ھاكىمىيىتى تەركىۋىدە كېپى ئۆتىدىغان كۈچلۈك ئورۇنغا ئىگە بولىشىنى، شۇنداقتىمۇ ئافغان ئۇرۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان ئىسلامى جىھات قاراشلىرىنىڭ ئۆز تەۋەلىرىگە يۇقۇپ قېلىشىنىمۇ ھەرگىز خالىمايتتى. بولۇپمۇ ئۆزبەكىستان دائىرىلىرى پەرغانە ۋادىسىدا باشلانغان دىنى خاراكتىردىكى ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەردىن زادىلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. شۇنىڭدەك، ئۆزبەكىستاننىڭ ئىككى تام خوشنىسى بولغان تاجىكىستان بىلەن ئافغانىستاندا داۋاملىشىۋاتقان ئىچكى ئۇرۇشلارنىڭ ئۆزبەكىستاندىمۇ ئېغىر

داۋالغۇشلارنى پەيدا قىلىشىتىشىدىن بەكلا قورقاتتى. ئۆزبەكىستاندا ئىسلامى ھاكىمىيەت تىكلىنىشىنى ئارزۇ قىلىدىغان رادىكال دىنچىلارغا مەنسۇپ ئۆكتىچىلەر ئافغانىستانغا جايلىشىۋالغان بولۇپ، سىياسى پائالىيەتلىرىنى ئافغانىستان تەۋەسىدە تۇرۇپ قانات يايدۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. گەرچە ئۆزبەكىستان ئۆزىنىڭ ئافغانىستان بىلەن بولغان چېگرالىرىنى قاتتىق تىزگىنلەپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، تاجىكىستان تەرەپتىن كېلىدىغانلارنى يېتەرلىك دەرىجىدە تەكشۈرۈپ كىتەلمەيۋاتاتتى. ئافغانىستاننىڭ يەنە بىر تام خوشنىسى بولغان تاجىكىستان بولسا، مۇستەقىللىقنى ئېلان قىلار-قىلمايلا ئىچكى ئۇرۇش قاينىمى ئىچىگە پېتىپ قالغانىدى. ئۇ يەردە مەركىزى ھۆكۈمەتكە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئۆكتىچىلىك ھەرىكىتى ئىسلامى خاراكتىردىكى كۈچلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئەزالىرىنى ئاساسى جەھەتتىن چەت دۆلەتلەردە، يەنى ئافغانىستاننىڭ تاجىكلار زىچ ئولتۇراقلاشقان جايلىرىدا تەربىيلەپ يېتىشتۈرمەكتە ئىدى. بۇ كۈچلەر، ئافغانىستاندا جەڭ قىلىۋاتقان مۇجاھىت گۇرۇھلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە ئىدى.

بۇ رايوننىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى غوجايىنى بولغان روسىيە بولسا، بۇ ماجرالارنىڭ ئۆزىگە زىيان كەلتۈرۈپ قويىشىدىن ساقلىنىش بىلەن بىرگە، بۇ قالايماقانچىلىق ۋەزىيەتتىن تۇغۇلىدىغان روسىيىگە پايدىلىق پۇرسەتلىرىدىن پايدىلىنىشنىمۇ ھەرگىز ئۇنۇتمىغان ئىدى. تۈركى جۇمھۇرىيەتلىرىدە ئىسلامچى خاراكتىردىكى رادىكال تۈزۈملەرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى روسىيىلىكلەر ئەلۋەتتە خالىمايتتى. ئەمما، مۇستەقىللىقنى تېخى يېڭىدىن قولغا كەلتۈرگەن بۇ دۆلەتلەر ئۆز چېگرالىرىنى تەكشۈرۈپ تىزگىنلىيەلىگىدەك، ياكى بولمىسا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان بىرەر توقۇنۇشنى يېڭەلىگىدەك مۇداپىيە ئاساسلىرىنىڭ يوقلىقى، روسىيەنى بۇ جايلارغا جاندارما كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ساقچىلىق قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، تاجىكىستان ھۆكۈمىتى چېگرا مۇداپىيە ئىشلىرى بىلەن دۆلەت ئامانلىق ئىشلىرىنى ئاساسى جەھەتتىن روسىيىگە تاشلاپ بەرگەن ئىدى. قالغان دۆلەتلەرمۇ مۇداپىيە ۋە ئامانلىق ساھەلىرىدە روسىيە بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىش شەرتناملىرىنى تۈزۈش زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلىشماقتا ئىدى.

ئافغانىستاندىكى بۇ تۈر قالايماقان ۋەزىيەت، روسىيىگە يەنە باشقا بىر ئەۋزەللىكنىمۇ ئوتتۇرغا چىقىرىپ بەرمەكتە ئىدى. تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ نېفت ۋە تەبىئى گاز قاتارىدىكى بايلىقلىرىنى ئافغانىستان ئارقىلىق ھىندى ئوكيانغا يەتكۈزۈش ئارزۇلىرى ئافغانىستاندا تىنچلىق تۇرغۇزۇلمىغىچە ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، بۇ تۈردىكى بايلىقلارنى دۇنيا بازىرىغا چىقىرىشتا روسىيىنى ۋاستە قىلغان ۋەزىيەت داۋام قىلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ تۈردىكى مەسىلىلەر ئا ق ش نىمۇ ئافغانىستانغا قىزىقتۇرىدىغان ئامىللارنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئۇنوسالنى ئاساس قىلغان نۇرغۇنلىغان ئامېرىكا ئېنېرگىيە

شىركەتلىرى ئورتا ئاسىيا نېفتىنى ئافغانىستان بىلەن پاكىستاندىن ئۆتكۈزۈپ ھىندى ئوكيانغا يەتكۈزۈش، ئۇ يەردىن يەنە يىراق شەرققە توشۇشقا مۇناسىۋەتلىك لايىھىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ پېيىغا چۈشكەنىدى. يەنە شۇ شىركەتلەر تۈركمەنىستان تەبىئى گازىنىمۇ يەنە شۇ يول بىلەن پاكىستان ۋە ھىندىستان بازارلىرىغا يەتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلىشماقتا ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئامېرىكىلىقلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، قانداقلا بىر ھۆكۈمەت تىكلەنگەن بولىشىدىن قەتئى نەزەر، ئافغانىستاندا مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلالىغىدەك بىر كۈچكە ئېھتىياج تۇغۇلىۋاتقان بولۇپ، بۇنداق بىر كۈچ ئوتتۇرىغا چىقىشى ھامان ئۇنىڭغا ئىككىلەنمەي قەتئى ياردەم قىلىشقا تەييار ئىدى.

ئافغانىستان ئۇرۇشى، يوقۇرىدىكى دۆلەتلەردىن باشقا ئەللەرنىمۇ ئۆزىگە جەلىپ قىلماقتا ئىدى. بۇ يەردىكى ئۇرۇش دەسلىۋىدە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى بىر جىھات ئۇرۇش بولۇپ باشلانغانلىقى ئۈچۈن، سەئۇدى ئەرەبىستان باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ئەرەپ ئەللىرى بۇ يەردىكى ۋەقەلەرگە بىۋاستە ئارىلاشقان ئىدى. شىمالى ئافغانىستاندا ياشايدىغان تۈركلەر سەۋەبىدىن تۈركىيەمۇ بۇ يەردىكى ۋەقەلەرگە يېقىندىن دىققەت قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ بىرسىگە ئايلانغانىدى. يەنە بىر چوڭ خوشنىسى بولغان خىتاي بولسا، جىھات ھادىسىلىرى شەرقى تۈركىستانغا تەسىر كۆرسەتمەيدىغانلا بولىدىكەن، بۇ يەردىكى ۋەزىيەتتىن بەك ئەنسىرەپمۇ كەتمەيتتى. ھەتتا ئۇرۇشىۋاتقان ھەرقايسى گۇرۇھلارغا قورال سېتىپ ئوتتۇرلۇقتىن پايدا ئۈندۈرۈپ يۈرمەكتە ئىدى. بىر-بىرسى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان گۇرۇھلارمۇ ئۈن-تىۋىشسىز ئىمزالانغان شەرتنامىغا ماقۇل دېيىشكەن بولۇپ، خىتاينى بىئارام قىلىدىغان ھەرقانداق بىر ھەرىكەت قىلىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ يۈرمەكتە ئىدى.

1994-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگىنىدە ھېچ بىر گۇرۇھ بىر-بىرسىدىن ئۈستۈن كېلەلمەيدىغان تۇرغۇنلۇق ھالەت شەكىللىنىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. شۇ كۈنگىچە پاكىستاننىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ كېلىۋاتقان بىرمۇ پەشتۇ پارتىيىسى ئافغانىستاندا ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزەلمىگەننى ئاز دەپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سۈركىلىشلەرمۇ كۈچىيىشكە باشلايدۇ. بولۇپمۇ ھېكمەتيار بۇ ساھەدە بەكلا باش ئاغرىقى تېپىپ بېرىۋاتقان بىر كۈچكە ئايلانماقتا ئىدى. بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلگەندىن كېيىن، پاكىستان ھۆكۈمىتى ئافغانىستاندا ئۆز خاھىشىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر كۈچ يارىتىشقا تۇتۇش قىلىدۇ. پاكىستان ھۆكۈمىتى ئالدى بىلەن دۆلىتى ئىچىدە دىنى بىلىم ئالغان ئافغان تالىپلىرىنى ئاساس قىلىدىغان يېڭىچە بىر ھەرىكەت قوزغىتىدۇ. تالىبان دەپ ئاتالغان بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر پاكىستان ئارمىيىسى، پاكىستان ئىستىخبارات تەشكىلاتى (ئى س ئى) ۋە س ئى ئا (ئا ق ش) تەرىپىدىن تەربىيىلىنىپ يۈلەپ چىقىرىلىدۇ. بۇ ھەرىكەتنىڭ يېتەكچىلىرىنى ئافغانىستاندا تېخى ھېچكىم تونىمايتتى.

ئا ق ش نىڭ ياردىمى ۋە پاكىستان ئارمىيىسىنىڭ ئوفىسسېرلىرى تەرىپىدىن يېتەكلەنگەن بۇ ھەرىكەت، تېز ئارىدا ئافغانىستاننىڭ پەشتۇلار مەركەزلەشكەن يەرلىرىنى تارتىپ ئېلىشقا باشلايدۇ. بۇ جايلارنى ئىگەللەپ ياتقان پەشتۇ پارتىيىلىرى، پاكىستاننىڭ ياردىمى بولماي تۇرۇپ ھېچقانداق بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغانلىقىنى بىلگىنى ئۈچۈن تالىبان كۈچلىرى بىلەن تىركىششتىن ۋاز كېچىدۇ. ھېكمەتيار گۇرۇھىدىكىلەر ئاز-تولا قارشىلىق كۆرسىتىپ باققاندەك قىلىسمۇ، بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئەسلىدىنلا ھېكمەتيارنىڭ ھىزبى ئىسلام پارتىيىسىمۇ قورال-ياراق ۋە پول جەھەتلەردە پاكىستاننىڭ ياردىمىگە تايىنىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇرۇن بۇ گۇرۇھلارغا ياردەم قىلىپ كەلگەن ئەرەپ ئەللىرى پاكىستاندىن ئايرىم بۇ تۈردىكى ياردەملىرىنى داۋاملاشتۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تالىبانلار 1996 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگىنىدە پايتەخت كابولنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئافغانىستاننىڭ يېرىمىدىن كۆپىرەك قىسمىنى ئىگەللىۋالىدۇ. كابولنى تارتىپ ئالغان ۋاقتىدا، شەھەر مۇداپىيىسىدە تۇرغان تۈرك قەۋملىرىنى (ئۆزبەك ـ تۈركمەن)، ھازارالار ۋە تاجىك قوراللىق كۈچلىرىنى قىرىپ تاشلىغان بولۇپ، بۇ جەرياندا سابىق دۆلەت رەئىسى نەجىبۇللانىمۇ ئۆلتۈرىۋەتكەنىدى. نۆۋەتتىكى نىشانىنى تاجىك، تۈركلەر ۋە ھازارالار ئىگەللەپ تۇرغان يەرلەرگە، يەنى شىمالى ئافغانىستان بىلەن پەنشىر ۋادىسىنى تارتىپ ئېلىشقا قاراتقانىدى.

ئافغانىستاننى جەنۇب ۋە شىمال دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىپ تۇرغان ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ پەقەت ئىككىلا يېرىدا چىقىش ئېغىزى بار ئىدى. بۇ ئېغىزلاردىن بىرسى، سۇنئى چىقىش ئېغىزى بولغان سالاڭ ئېغىزى ئىدى. بۇ ئېغىزنىڭ كابول تەرىپىنى تالىبانلار ئىگەللىۋالغان بولۇپ، نېرىقى تەرىپى شىمالى ئىتتىپاقداش كۈچلەر تەرىپىدىن تېزگىنلەنگەن ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، تالىبان كۈچلىرى تارىختىن بۇيان شىمالى ئافغانىستانغا ئۆتۈش ئېغىزى بولۇپ كېلىۋاتقان ھېرات ـ باغدىس تەرىپىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئەگەر باغدىس تەرەپىنى ساقلاۋاتقان شىمالى ئىتتىپاقداش كۈچلىرىنى يېڭىۋالىسىلا شىمالى ئافغانىستانغا ئۆتىدىغان يولنى ئېچىۋالالىغان بولاتتى.

## ئازاتبەگنىڭ ۋاپاتى

1989 ـ يىلىسى ئافغانىستانغا بېرىۋالغان ئازاتبەگ، دەسلەپتە تاتار رايونىدىكى قارارگاھىغا، كېيىن يەنە سەمەنگاننىڭ ئايبەك تەۋەسىدىكى قارارگاھىغا جايلىشىۋېلىپ ئورۇسلارغا قارشى قانات يايدۇرىۋاتقان كۈرەشكە بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. نەجىبۇللا ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە گېنېرال

دوستۇم بىلەن مۇناسىۋەت تىكلەپ، ئۇنىڭ مۇجاھىتلار سېپىگە ئۆتىشى جەھەتتە يول كۆرسىتىپ تۇرىۋاتقان ئىدى. ئازاتبەگ بىلەن دوستۇم ئوتتۇرىسىدىكى بۇ تۇر يېقىنلىششىنىڭ بارغانسىرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن نەجبۇللا دائىرىلىرى پەقەتلا خاتىرجەم بولالمايدۇ. شىمالى رايون خەۋپسىزلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل گېنېرال تاج مۇھەممەت، گېنېرال دوستۇمنى ئازاتبەگنىڭ ئادىمى دەپ ماتېرىيال تەييارلاپ، دوستۇمنى قولغا ئېلىش كېرەكلىكى ھەققىدە قارار چىقىرىشى ئۈچۈن ئاساس تەييارلايدۇ.

ئازاتبەگ، شىمالى ئىتتىپاقنىڭ قۇرۇلۇش پەيتلىرىدە گېنېرال دوستۇم تەرىپىدىن مازارى شەرىپكە تەكلىپ قىلىندۇ. ئازاتبەگ ئافغانىستان گراجدانى بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن ج م ئى ئا نىڭ قۇرغۇچىلىرى كومىتىتىغا رەسمى ئەزا بولالمىغان بولسىمۇ، قول ئاستىدىكى بىر قىسىم قۇماندانلىرى بىلەن بىرگە ئۆزۈندىن بېرى ياردەمچىسى بولۇپ كەلگەن دوكتور ئەلمۇرات ئارگۈنغا مەركىزى كومىتىتتا ۋەزىپە بېرىلىدۇ (م ئى خ نىزامنامىسىنىڭ ئەزالىققا دائىر باپىنىڭ 1ـ ماددىسىغا ئاساسەن، بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولۇش ئۈچۈن ئافغانىستان گراجدانى بولىشى شەرت دەيدىغان بەلگىلىمە قويۇلغان ئىدى. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). ئۇنىڭ ئۈستىگە، گېنېرال دوستۇم جۇمبۇشى مىللىيگە قاتناشقان ھەربىر گۇرۇپپىنىڭ يېتەكچىسىنى ئۆزىگە ياردەمچى (مۇئاۋىنى) قىلىپ تەيىنلىمەكتە ئىدى. بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن شىمالى ۋىلايەتلەر ئىسلام ئىتتىھادىنىڭ رەئىسى بولغان ئازاتبەگنىمۇ مۇئاۋىن رەئىس قىلىپ ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن ئىدى. ئەپسۇسكى، گېنېرال دوستۇم بىلەن ئازاتبەگ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ھەمكارلىق ئۇزۇن داۋام قىلالماي، ئاخىرى ئازاتبەگ مازارى شەرىپتىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئازاتبەگ، بۇ ئايرىلىشنىڭ سەۋەپلىرى ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ:

ج م ئى ئا تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك ئورۇنلىرىدا ھەرقايسى ئېتنىك گۇرۇپپىلارنىڭ كىشىلىرىگە، ھەتتا سابىق كومىنىستلارغىمۇ ئورۇن بېرىلگەنىدى. رەقىپ پارتىيىلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بولغان كوماندىرلارمۇ بار بولۇپ، بۇنداق ھالەت، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىستىقبالىغا ئېغىر يوشۇرۇن تەھدىت بولۇپ قالغان ئىدى. مەن بۇ مەسىلىنى گېنېرال دوستۇمغا ئېيتىپ، ئورگان كادىرلىرى ئارىسىدىكى تۈركلەرنىڭ سالمىقىنى كۈچەيتىش كېرەكلىكىنى، بولمىسا ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتتىم. نىمە ئىش بولغىنىنى بىلمەيلا قالدىم: بۇ ھەقتىكى پىكرىم تۈركلەردىن باشقا ئىرقتىكى گۇروھلار بىلەن ئۇلارنىڭ كوماندىرلىرىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بارغانىكەن. شۇندىن باشلاپ ماڭا قارشى كۈچلۈك ھەرىكەتلەر باشلىنىپ كەتتى. بۇ جەرياندا ماڭا قارشى بۇ تۈردىكى ھەرىكەتلەرنىڭ

هاياتىمغا تەھدىت يەتكىدەك دۈشمەنلىكلەرگە بېرىپ يېتىشۋاتقانلىقنى سېزىپ، ئۇ يەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم (1994 ـ يىلىسى تۈركىيە زىيارىتى جەريانىدا ئازاتبەگ بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن خۇسۇسى سۆھبەت خاتىرىسىدىن. ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى يىللاردا تۈركىيە تەشۋىقات ئورگانلىرىغا بەرگەن مەلۇماتلىرىدا مىللى ئىسلامى ھەرىكەت تەشكىلاتى تەركىۋىدە ھەر تۈرلۈك گۇرۇھلارنىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرغا قويۇپ ئۆتكەن بولۇپ، بۇ گېپىمۇ ئۇلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى).

گېنېرال دوستۇم مازارى شەرىپتە كۈچلۈك ھاكىمىيەت تىكلەپ ئالغىنىدىن كېيىن، ئازاتبەگكە قارايدىغان كوماندىرلارنىڭ ھەممىسلا دېگىدەك دوستۇم تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشكەندى. ئافغانىستان شارائىتى ئاستىدا، ھەربى ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغان بىر يېتەكچىنىڭ سىياسى ساھەدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ تۈردىكى ھادىسىلەر سەۋەبىدىن، ئازاتبەگ ئۆز تەسىر كۈچىدىن ئاستا ـ ئاستا ئايرىلىپ ئۆزىنىڭ چەتكە قېقىلغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. دوستۇم سېپىدىكىلەر بولسا، بۇ مەسىلىنى باشقىچە بىر تۈردە چۈشەندۈرمەكتە ئىدى:

دوستۇم تۈركىيە زىيارىتىگە بارغىنىدا ئۇنىڭغا ھەمرا بولغان ئازاتبەگ، بۇ زىيارەتنى ئۆز تەشكىلاتىنىڭ (شىمالى ئافغانىستان ۋىلايەتلىرى ئىسلامى ئىتتىھادىنىڭ) پايدىسىغا بۇراش ئۈچۈن جۇمبۇشى ھەرىكەت تەشكىلاتىنى تېزگىنلىمەكچى بولغان، ئەمما بۇ ئەھۋالنى شۇ ھامان سېزىپ قالغان دوستۇم دەرھال ئاتاكىغا ئۆتۈپ ئازاتبەگنىڭ بۇ ئۇرۇنىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان.

ئۇلارنىڭ ئوتتۇرسىدا نىمە ئىش يۈز بەرگەن بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئىككى يېتەكچى ئوتتۇرسىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈشكە باشلىغان ئىدى. ئاخىردا، ئازاتبەگ كۆڭلى يېرىم ھالدا مازارى شەرىپتىن ئايرىلىپ پاكىستانغا قايتىپ كېتىدۇ. راببانى پىرىزىدېنت بولغان دەۋرلەردە كابول ھۆكۈمىتى بىلەن ھازارالار ئارىسىدا باشلانغان توقۇنۇشلاردا ياراشتۇرغۇچىلىق قىلىش ئۈچۈن قايتا ئافغانىستانغا كىرىپ، راببانى بىلەن بىرگە بىر مەزگىل ئىشلەيدۇ. كېيىن يەنە ئافغانىستان ئىچكى ئۇرۇشى جەريانىدا بىھۇدە قان تۆكۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىرەر سىياسي ئىش قىلىشنى مەقسەت قىلىپ ھازارالار رايونىنىڭ مەركىزى باميانغا بارىدۇ. 1997 ـ يىلىدا گېنېرال دوستۇم ئافغانىستاندىن ئايرىلغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان گېنېرال مالىكنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن يېڭى تەشكىللەنگەن بۇ ھۆكۈمەت بىلەن ھەمكارلىششنى ئويلىغان ئازاتبەگ، باميانىدىن ئايرىلىپ مازارى شەرىپكە بارماقچى بولىدۇ. ئەپسۇسكى، ئازاتبەگ بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ: ئۇ ئولتۇرغان تىك

ئۇچار مازارى شەرىپكە قاراپ كېتىۋاتقىنىدا شولگار ناھىيىسى ئەتىراپىدا چۈشۈپ كېتىپ، مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ئافغانىستان تۇپراقلىرىدا شېھىت بولىدۇ. بۇ ھادىسىدە ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسى زەيىندىن بىلەن مەسلىھەتچىسى خالىدىمۇ بىرگە ۋاپات بولىدۇ. بۇ تىك ئۇچاردا بىرگە ئۇچقان قالغان 12 نەپەر كىشىنىڭ ئۆلمەي ساق قالغانلىقى، كېيىنكى يىللاردا بۇ ھادىسە توغرىلىق بەزى كىشىلەرنىڭ بەرگەن شاھىتلىقى، بۇ ۋەقەنىڭ ھادىسىگە ئۇچراش ۋەقەسى بولماستىن، بەلكى ئىران ئىستىخبارات تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر قەتلىلىق سۇيىقەست ۋەقەسى ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان قاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. دېمىسىمۇ، ئازاتبەگنىڭ بۇ يەرلەردە بىر تۈركلەر دۆلىتى قۇرۇپ چىقىش ئارزۇسىدا بولغانلىقى بۇ جايلارغا قىزىقىدىغان ئىران قاتارىدىكى بارلىق ئەللەرنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى پەيدا قىلغانىدى (راۋىيەگىنىڭ ئەسلىمىلىرىدە 322~323-بەتلەر) ئازاتبەگنىڭ دوستۇمدىن ئايرىلغىنىدىن كېيىن پاكىستانغا قايتىپ كېتىپ دوستۇمغا قارشى ئۆكتىچىلىك ھەرىكىتىنى باشلىغانلىقى، مالىك ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىققىنىدىن كېيىن پاكىستاننىڭ ئازاتبەگنى ئۇنىڭ يېنىغا مۇشاۋىرلىق قىلىش ئۈچۈن يولغا سالماقچى بولغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ. نەتىجىدە تالىبانلارغا يول ئېچىش، شىمالى رايونلاردىكى ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە مازارى شەرىپكە قاراپ كېتىۋاتقىنىدا، ئۇ ئولتۇرغان تىك ئۇچار يەرگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئازاتبەگنىڭ سىياسى كۈرەش قاراشلىرىدىكى تۈركلۈك ۋە تۈركىستان مۇستەقىللىقى مەسىلىسىگە بەكلا ئەھمىيەت بېرىدىغان بىرسى ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق باھالاش، ئۇنىڭ مەقسىتىنى بۇرمىلىغانلىق ھېساپلىنىدۇ. بۇنداق باھا بېرىلىشى، بىر مەنىدە ئۇنىڭغا رەقىپ بىرسى بولغانلىقى، بۇرۇنقى توقۇنۇشلار تەسىرى ئاستىدا قالغانلىقى سەۋەبىدىن قىلىنغان بىر مۇلاھىزە بولۇشى مۇمكىن. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

## ئىتتىپاقنىڭ تارقىلىشى ۋە شىمالى ئافغانىستاندىكى قارشىلىق كۆرسىتىشلەرنىڭ ئاقىۋىتى

1997-يىلىسى يۈز بەرگەن ۋەقەلەر، ئىسلامى ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن بۇيان شىمالى ئافغانىستاننى تىزگىنىدە تۇتۇپ كېلىۋاتقان رىشىت دوستۇم ھاكىمىيىتى ئۈچۈن بەكلا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدىغان ۋەقەلەرنى پەيدا قىلىدۇ. 1992-يىلىدىن كېيىنكى ۋاقىتلار بويىچە، گېنېرال دوستۇم مازارى شەرىپ شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئافغانىستان تەۋەسىدە ئايرىم بىر دۆلەت قۇرۇپ چىققاندەك بىر تۈزۈم ئورناتقان ھېساۋىدا ئىدى. مازارى شەرىپتە تۈركىيە، ئىران، روسىيە ۋە ياپونىيىگە ئوخشاش

دۆلەتلەرنىڭ كونسۇلخانىلىرى ئېچىلغانىدى. شۇنىڭدەك، دوستۇم ھاكىمىيىتىمۇ ھەرقايسى ئەللەرگە ئۆزىنىڭ ۋاكالەتچىلىرىنى ئەۋەرتكەن ئىدى. بۇ ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ پۇلىنى چىقارغان، باج يىغىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان ۋە شەھەرلەردە ھۆكۈمەتنىڭ جامائەت ئىشلىرىنى يولغا قويغان ئىدى.

تالىبانلار كابولنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، قانۇنى ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولغان بۇرھانىدىن راببانىمۇ شىمالى ئافغانىستان تەرەپكە كېتىۋالغان ئىدى. بۇ ھادىسىلەر مازارى شەرىپ ھاكىمىيىتىنى خەلقارالىق سەھنىلەردە تېخىمۇ كۈچلۈك ئورۇنغا ئىگە قىلغان ئىدى. بۇ تۈردىكى ئىجابى ۋەزىيەتكە قارىماي، يوقۇرىدا تەكىتلەنگىنىدەك، شىمالى ئىتتىپاقداشلار، ھەر خىل ئېتنىك گۇرۇھلاردىن تەشكىل تاپقان، بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ھەر دائىم ئۆزئارا توقۇنۇشۇپ تۇرغان كۈچلەردىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى. تۈركلەر، تاجىكلار ۋە ھازارالار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ تۈر ئىتتىپاقداشلىق ئاساسەن ئالغاندا ئەينى ۋاقىتتىكى شارائىتنىڭ تەقەززاسى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن بىر ئىتتىپاقداشلىق ھېساپلىناتتى. يەنە بىر جەھەتتە، بۇ ئىتتىپاقداشلىقنىڭ ئاساسلىق ئاملى ھېساپلىنىدىغان رىشىت دوستۇمنىڭ ج م ئى ئا تەشكىلاتى تۈركلەرنى ئاساس قىلىش بىلەن بىرگە، ھەرقايسى مىللەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالماقتا ئىدى. يەنى، مەيلى پارتىيە رەھبەرلىكى بولسۇن ياكى ھەربى ئورگانلار بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ھەرقايسى جايلار ئۆز يېرىدىكىلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا تەشكىللەنگەن ئىدى. بۇ ھالەت ئۆزئارا سۈركىلىشلەردىنمۇ ساقلانغىلى بولمايتتى، ھەتتا پات-پات توقۇنۇشلارنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقارغىنىدەك ئېغىر كىلىشەلمەسلىكلەرنىمۇ پەيدا قىلىپ تۇراتتى. بۇ تۈردىكى پەرقلەر قالغان پارتىيىلەرنىڭ، تالىبان ۋە پاكىستان ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى بولغان ئى س ئى (پاكىستان ئىستىخپارات تەشكىلاتى) قاتارىدىكىلەرنىڭ پايدىلىنىپ كېتىشى ئۈچۈن بەكلا مۇۋاپىق شارائىت يارىتىپ بەرمەكتە ئىدى. رىشىت دوستۇم، يېنىدىكى دۈشمەنلىكلەرگە پەرۋا قىلمايدىغان ئىنتايىن جاسرەتلىك ۋە ماھىر بىر ھەربى ئادەم ئىدى. ئەمما لازىم بولغىنىدا ۋەزىيەتنىڭ تەلۇۋىگە ماسلىشالايدىغان بەلگىلىك سىياسى تەجرىبىگە ئىگە كادىرلار قوشۇنى يوق بىر رەھبەر ئىدى. رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىچىدە ئىختىلاپلار ساقلانماقتا، بىر قىسىم گېنىراللىرى دوستۇمنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئايرىلىشنىڭ غېمىدا يۈرەتتى.

1997-يىلىنىڭ ماي ئېيىدا كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقە يۈز بېرىدۇ. ج م ئى ئا قۇماندانلىرىدىن بولغان گېنىرال ئابدۇلمالىك، تالىبانلار بىلەن مەخپى كىلىشىپ باغدىش ئالدىنقى سېپىدا رىشىت دوستۇمغا قارايدىغان كوماندىرلارنى بىر باھانە بىلەن يىغىپ دەرھال قولغا ئالىدۇ. ئارقىدىنلا تالىبان قوشۇنلىرىنى ئارقا سەپكە ئۆتنۋېلىش ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىدۇ. تالىبان قۇراللىق كۈچلىرى مازارى شەرىپكە قاراپ تېزلىكتە ئىلگىرلەيدۇ. بۇنداق بىر ۋەزىيەت ئاستىدا، گېنىرال دوستۇم مازارى

شەرىپنى تاشلاپ چىقىپ تاشكەنت ئارقىلىق تۈركىيىگە كېلىشىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ (گېنېرال دوستۇم، تۈركىيە دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرى ئەھەت ئەنجان بىلەن ئەنقەرەدە ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىدە، يەنە بىر تۈركى قەۋمدىن بولغان گېنېرالنىڭ قوزغىغان سىياسى ئۆزگىرىش قىلىشىغا قارشى ئۇرۇش قوزغىسام بەكلا كۆپ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قىرىلىپ كېتىشىگە سەۋەپچى بولىدىكەنمەن؛ شۇ سەۋەپتىن ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلماي ۋەتەندىن ئايرىلىشنى توغرا تاپتىم، دەپ ئېيتىدۇ. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

(رەسىم ئورنى)

گېنېرال دوستۇم بىلەن تۈركىيە دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرى ئەھەت ئەنجان بىرلىكتە. 1998ـ يىلى 4ـ نويابىر، ئەنقەرە.

تالىبان كۈچلىرى مازارى شەرىپكە كىرەرـكىرمەي، بۇ تەۋەدىكى ئىتتىپاققا قارايدىغان بارلىق قۇراللىق كۈچلەرنى قۇرالسىزلاندۇرۇشقا كىرىشىدۇ. بۇ جەرياندا گېنېرال مۇھەققىق يېتەكچىلىكىدىكى ھىزبى ۋاھدەت كوماندىرلىرى تالىبان قۇراللىق كۈچلىرىگە قارشى تىركىشىشنى داۋام قىلماقتا ئىدى. گېنېرال ئابدۇلمالىك، تالىبانلارنىڭ بۇ رايوننى تېزگىنىگە ئېلىپ بولغان ھامان ئۇنىمۇ قوشۇپ يوقۇتىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقىنىدىن كېيىن، بىرگە ھەرىكەت قىلىۋاتقان تالىبانلارغا قارشى ئۇرۇش قوزغاپ، كوماندىرلىرى بىلەن قوشۇپ نۇرغۇن ساندا تالىبان ئەسكىرىنى ئەسىرگە چۈشىرىدۇ (گېنېرال ئابدۇلمالىك كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ خائىنلىق قىلغانلىقى ھەققىدىكى قارىلاشلارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ تالىبانلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ھەرىكەت قىلغانلىقىنى "تالىبانلارنى قاپقانغا چۈشۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بىر تاكتىكام ئىدى" دەپ ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولغان. گېنېرال ئابدۇلمالىك، ئافغانىستاننى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ۋاقىتلاردا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىۋىغا يازغان بىر پارچە خېتىدە 1997ـ يىلىدىكى ماي ۋەقەسىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىدۇ:

1997ـ يىلى ماي ئېيىنىڭ باشلىرىدا ئۇرۇشنى توختىتىش ۋە بارلىق ئافغانىستان خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمى يۈزلۈك بىر ھۆكۈمەت قۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ تالىبان ۋەكىللىرىگە مازارى شەرىپكە كىرىش ئۈچۈن رۇخسەت قىلغان. ئەمما تالىبانلار بۇ شەرتنامىغا بوي سۇنماي مىڭلىغان قۇراللىق كۈچى ۋە پاكىستانلىق ئەسكەرلەر بىلەن بىرگە قۇرۇغلۇقتىن ۋە ئايروپىلان بىلەن ھۇجۇم قىلغان. ... خەلق تالىبانلارغا قارشى ئىسيان كۆتەرگەن بولۇپ، ۋەقە قانلىق ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كەتكەن. ... بىر مۇنچە تالىبان يېتەكچىلىرى بىلەن پاكىستانلىق ئوفىسسېرلار يەرلىك خەلققە ئەسىرگە چۈشكەن.

گېنېرال مالىكنىڭ بۇ باياناتى س م ئى ئا رەئىسى گېنېرال رېشىت دوستۇمنىڭ، تاجىك يېتەكچىسى ئەخمەتشاھ مەسئۇدنىڭ، ھازارا گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىسى كېرىم خېلىلىنىڭ ۋە ئەڭ مۇھىمى ئافغانىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنى رەئىس جۇمھۇرى راببانىنىڭ تالىبانلار بىلەن كەڭ دائىرىلىك ھۆكۈمەت تەشكىل قىلماقچى ئىدى دېيىلگەن بۇ ھەرىكىتىگە نىمىشقا قېتىلمىغانلىقىغا بىرەر جاۋاپ تاپالمايدۇ. — ئا.ھ. ئىزاھاتى).

ماي ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگىنىدە ج م ئى ئا نىڭ رەئىسلىكىگە گېنېرال ئابدۇلمالىك تەيىنلىنىدۇ، ئاندىن مازارى شەرىپنى ئاساس قىلغان ئاھالە زىچ جايلاردىكى تالىبان كۈچلىرىنى توسۇپ قالغان ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، قۇندۇز شەھىرىدە ۋە مازارى شەرىپنىڭ سەھرالىرىدىكى تالىبان كۈچلىرى قايتىدىن بازا تەشكىل قىلىۋالغانىدى. نەتىجىدە، تالىبانلار، ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان شىمالى ئافغانىستانغا كىرىۋېلىش مەقسىدىگە يەتكەن ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن گېنېرال مالىكنىڭ بۇ ھەرىكىتى شىمالى ئافغانىستاندىكى ئىتتىپاقداشلار ئىچىدىكى تۈركلەرنى ئاساس قىلىدىغان كۈچلەرنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، مالىكى بۇ يەردىكى خەلق ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىرى بولمىغان بىرسىلا بولۇپ قالماي، ئەخمەتشاھ مەسئۇد بىلەن ئۇستات مۇھەققىقتەك باشقا ئىتتىپاقداشلار قۇراللىق كۈچ يېتەكچىلىرىنىڭ نەزىرىدىمۇ دوستۇمچىلىك ھۆرمەتكە سازاۋەر بىرسى ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن مازارى شەرىپتە ھازارا گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ تەسىر كۈچى كۆرىنەرلىك ئارتىپ، شەھەرنىڭ تىزگىنى ئاساسەن ئۇستات مۇھەققىقنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولغان ئىدى.

گېنېرال دوستۇم 1997 ـ يىلى سىنتەبىردە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئاندىن ئۆز قول ئاستىدىكى كوماندىرلىرى بىلەن بىرلىكتە شىبىرغان شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا قايتىدىن كۈرەشكە ئاتلىنىدۇ. ئۆكتەبىر ئېيىدا پۇلى قۇمرى شەھىرىدە ئىتتىپاقداش يېتەكچىلىرى دۆلەت رەئىسى بۇرھانىدىن راببانى باشچىلىقىدا بىر قېتىملىق يىغىن چاقىرىدۇ. بۇ يىغىندا گېنېرال دوستۇم بىلەن گېنېرال مالىك بىر-بىرسى بىلەن قايتىدىن يارىشىپ دوستۇم مۇئاۋىن جۇمھۇر باشلىقى، ئابدۇلمالىك بولسا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. دوستۇم يەنە شىمالى ئافغانىستان رايونىنىڭ باش قۇماندانلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. ئابدۇلمالىك ۋاقتىنچە ج م ئى ئا رەئىسلىكىدە تۇرىۋېرىدىغان، تالىبان مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بولغاندىن كېيىن رەئىسنى خەلق قايتىدىن سايلايدىغان قىلىپ بېكىتىشىدۇ.

يەنە بىر جەھەتتە، تالىبان قۇراللىق كۈچلىرى پاكىستان ھۆكۈمىتى بىلەن پاكىستان ئارمىيىسىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ شىمالى ئافغانىستاندا قولغا كەلتۈرگەن يەرلەرنىڭ مۇداپىيىسىنى كۈچەيتىش ئىشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئىتتىپاقداشلار ئىچىدىكى قالايماقانچىلىقلار بىر قىسىم يەردىكى رەھبەرلەرنىڭ تالىبانلار سېپىگە

ئۆتۈپ كېتىشكە سەۋەپ بولىدۇ. شۇڭا، ئىتتىپاقداشلار قۇراللىق كۈچلىرى باغدىز ئالدىنقى سېپىدىلا ئەمەس، شىمالى ئافغانىستاننىڭ ھەر بىر يېرىدە ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. يەقەت 1997 ـ يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدىلا مازارى شەرىپ ئىككى قېتىم قولدىن قولغا ئۆتۈپ تۇرىدۇ. گېنېرال ئابدۇلمالىك، نويابىر ئېيىدا بىرگە جەڭ قىلىشۋاتقان كوماندىرلىرىنىڭ گېنېرال دوستۇم تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىشى ھەمدە تۇرىشۋاتقان يېرىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ قېلىشى سەۋەبىدىن، ئىنىسى گېنېرال لېتنات گۈلمۇھەممەت پالۋان ۋە فارياب تەۋەسىنىڭ ۋالىسى بىلەن بىرگە تۈركمەنىستان ئارقىلىق ئىران تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ جەرياندا ئافغانىستاندا سىياسى مۇقىملىقنى شەكىللەندۈرۈش، ھەممە تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىش مەقسىتىدە، سىنتەبىر ئېيىدا گېرمانىيىدە، دىكابىر ئېيىدا ئىستانبۇلدا يىغىنلار چاقىرىلغانىدى. سابىق پادىشا زاھىر شاھنىڭ ۋەكىللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بارلىق تەرەپلەردىن ۋەكىل قاتناشتۇرۇلغان بۇ يىغىنلارغا تالىبانلار ۋەكىل ئەۋەرتمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ يىغىنلار نەتىجىسىز تارقىلىدۇ.

1998 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگىچە شىمالى ئافغانىستاندا تالىبانلارنىڭ تەسىر كۈچى خېلىلا كۈچەيگەن ئىدى. قۇندۇز ۋالىسىنىڭ تالىبانلار سېپىغا ئۆتۈپ كېتىشى نەتىجىسىدە ئىنتايىن مۇھىم بىر ئايرودرومغا ئېرىشكەن تالىبانلار، بۇ يەرنى مۇھىم ئارقا سەپ تەمىنات مەركەزى ھالىغا ئايلاندۇرىۋالغانىدى. ئىيۇل ئايلىرىدا بەلخ شەھىرىنى تىزگىنلەپ تۇرىۋاتقان پەشتۇ گېنېرال لېتنات جۇماخان بىلەن ئەرەپ گېنېرال لېتنات شىرئەرەپنىڭ ئەمرىدىكى قۇراللىق كۈچلەر بىلەن بىرلىكتە تالىبانلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىشى، شىمالدىكى كۈچ تەڭپۇڭلۇقنى يەنە بىر قېتىم ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ. تالىبانلار ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مازارى شەرىپنى تارتىپ ئالىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىنلا باغلان، سەمەنگان ۋە بەدەخشان رايونلىرىنىمۇ ئىگەللىۋالىدۇ. سىنتەبىر ئېيىدا ھازاراجاتنىڭ مەركىزى بولغان باميان قولدىن كېتىپ، ھازارالارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىمۇ تىنجىتىلغان ھېساپلانىدى. بۇ تۈردىكى ۋەزىيەت ئاستىدا، ئىرانلىقلار ئافغانىستان چېگراسىغا يېقىن جايلاردا "زۇلۇپقار" دەپ نام بېرىلگەن ھەربى مانېۋىر ئۆتكۈزۈپ باققان بولسىمۇ ۋەزىيەتنى قىلچە ئۆزگەرتەلمەيدۇ. 1998 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگىنىدە ئافغانىستاننىڭ ئەخمەتشاھ مەسئۇد تىزگىنلەپ تۇرىۋاتقان پەنشىر ۋادىسىدىن باشقا جايلارنىڭ ھەممىسى تالىبانلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى يىل جەرياندا بۇ خىل ۋەزىيەتتە قىلچە ئۆزگىرىش كۆرۈلمەيدۇ. مەسئۇد رەھبەرلىكىدىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى پەنشىر ۋادىسىدا داۋاملاشماقتا ئىدى. گېنېرال رېشت دوستۇم، ئۇستات خەلىلى ۋە ئۇستات مۇھەققىق قاتارىدىكى يىتەكچىلەر تاغلىق رايونلاردا تىركىشىپ يۈرمەكتە ئىدى. يەنە

بىر تەرەپتىن خەلقارالىق سەھنىلەردە ئافغانىستان مەسىلىسىنى ھەل قىلىش چارىسى ئۈچۈن تەشكىل قىلىنغان 6 لىقلار بىلەن 2 لىك گۇرۇپپىكى دۆلەتلەرمۇ بۇ ھەقتە ھەرىكەت قىلىپ كەلمەكتە ئىدى (بۇ يەردە پاكىستان، ئىران، تاجىكىستان، ئۆزبەكىستان ۋە تۈركمەنىستان قاتارىدىكى ئافغانىستان بىلەن بىۋاستە چېگرادىش ئەللەر ئالتىلىقلارنى، ئا ق ش بىلەن روسىيە ئىككىسىدىن تەشكىل قىلغان گۇرۇپ ئىككىلىكلەرنى كۆرسىتىدۇ. ــ ئا.ھ. ئىزاھاتى). بۇ ۋاقىتتىكى تالىبانلارنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدىكى ئافغانىستان، خەلقارالىق زەھەرلىك چېكىملىكلەر سودىسىنىڭ مەركىزىگە، ھەمدە ئۇسامە بىن لادىننىڭ ئەلقائىدە گۇرۇپپىسىنى ئاساس قىلغان نۇرغۇنلىغان رادىكال دىنچى تېرروركچىلار تەشكىلاتلىرىنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىشقا باشلايدۇ.

## "11-سىنتەبىر" ۋەقەسى ۋە ئا ق ش نىڭ ئافغانىستان مۇداخىلىسى

2001-يىلى سىنتەبىر ئېيىدا ئەلقائىدەنىڭ دۇنيا سودا مەركىزىنىڭ قوشكىزەك بىناسىغا ھەمدە دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرلىك بىناسى بولغان بەشبۇرجەك بىنا (پېنتاگون بىناسى ــ ئۇ.ت) غا قىلغان ھۇجۇملىرى، ئا ق ش باشچىلىقىدىكى پۈتۈن دۇنيا ئەللىرىنىڭ بىخەتەرلىك ۋە تېررور قاراشلىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتكىنىگە ئوخشاش، ئەلقائىدە تەشكىلاتىنى باغرىغا ئالغان تالىبانلار ھەرىكىتىنىڭ تەغدىرىنى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئافغانىستاننىڭ تەغدىرىنى بەلگىلىگەن بىر ۋەقەگە ئايلىنىدۇ. تېررورلۇق ھۇجۇمى يۈز بېرىپ مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئا ق ش باشچىلىقىدا باشلىتىلغان قۇراللىق ھەرىكەت، شىمالى ئافغانىستاندا قۇرۇلغان شىمالى ئىتتىپاقداشلىق ھەرىكىتىنىڭمۇ ياردىمى بىلەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا نەتىجىلىك تاماملىنىپ تالىبانلار ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىدۇ. قۇراللىق ھەرىكەت مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغىنىدىن كېيىن، ئەنئەنىۋى يېتەكچىلەر بىلەن ھەرقايسى گۇروھلار تالىبان دەۋرىدىن بۇرۇن كۆرۈلگىنىدەك ئۆز تەۋەسىنىڭ غوجايىنلىرىغا ئايلىنىدۇ. گېنېرال دوستۇم يېتەكچىلىكىدىكى ئۆزبەك-تۈركمەن گۇرۇپپىسى مازارى شەرىپنى مەركەز قىلغان تۈركلەر ياشايدىغان جايلارنى، گېنېرال ئۇستات ئاتا بىلەن گېنېرال فەھىم رەھبەرلىكىدىكى تاجىك قۇراللىق كۈچلىرى بەدەخشاننى ئاساس قىلغان تاجىك رايونلىرىنى، كېرىم خېلىل يېتەكچىلىكىدىكى ھازارا قۇراللىق كۈچلىرى بامىياننى مەركەز قىلغان ئاساستا ئۆز يەرلىرىنى تېزگىنلەپ تۇتۇشقا باشلايدۇ. ئافغانىستاننىڭ پەشتۇ رايونلىرىدىمۇ ئەنئەنىۋى يېتەكچىلەر يەرلىرىنى تېزگىنلەپ تۇرماقتا ئىدى. كابولدا بولسا، دەسلەپتە ئا ق ش نىڭ

ياردىمى بىلەن خەمىت كارزائى يىتەكچىلىكىدە قۇرۇلغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت 2002ـ يىلى ئىيۇلدا چاقىرىلغان "لويا جىرغا" تەرىپىدىن قايتىدىن تەستىقلىنىپ، كارزائى يەنە بىر قېتىم ھۆكۈمەت باشلىقلىقىغا سايلىنىدۇ. بۇ ھۆكۈمەت، ئافغانىستاندا كىشىلىك ھوقۇقلارغا ھۆرمەت قىلىدىغان، دېموكراتىك تۈزۈمدىكى سىياسى سىستېمىنى بەرپا قىلىش مەقسەت قىلىنغان، ئەڭ كېچىككىنىدە 2004ـ يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئومۇمى سايلام تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

*****

# خاتىمە

ئۇلۇغ بىرىتانىيە ئىمپىرىيىسى دەۋرىنىڭ داڭلىق سىياسەتچىلىرىدىن بىرى بولغان لورد كۇرزون، دۇنيا سىياسىتىگە دائىر كىتاۋىنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق دەيدۇ:

تۈركىستان، ئافغانىستان، كاپكازلار ۋە ئىران قاتارلىق ئەللەر نۇرغۇن كىشىلەرگە بەكلا يىراقلاردا قالغان ياكى بەكلا كونا ئۆتمۈشلەردىكى داستانلارنىڭ خاتىرىسى بولۇپ بىلىنىشى مۇمكىن. شۇنى ئېتىراپ قىلىمەنكى، بۇ يەرلەر شاخمات تاختىسىدىكى دۇنياغا ھۆكمۇرانلىق قىلىش ئۈچۈن ئوينىلىۋاتقان بىر مەيدان شاخمات ئويۇنىدا چەتتە تۇرغان ئۇرۇغلاردىن باشقا نەرسە ئەمەس.

راس دېمىسىمۇ، تۈركىستان 19ـ ئەسىر بويىچە ئەينى ۋاقىتىدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ كۈچنىڭ ئويناۋاتقان شاخمات ئويۇنىدىكى "پېچكا" قىلىنغان يەرلەردىن بىرسى ئىدى. 20ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگىنىدە بۇ يەرلەر شاخمات ئويۇنىدا بىر چەتتە قالدۇرۇلغان رايونلار بولۇپ، چارروسىيىنىڭ تەركىۋىدىكى مۇستەملىكە ھالىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

بولشېۋىك ئىنقىلاۋى، تۈركىستان خەلقىنىڭ قايتا سەھنىگە چىقىشى ئۈچۈن بىر پۇرسەت بولۇپ بەرگەن ئىدى. تۈركىستاننى مۇستەقىل قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ يولغا چىققان خادىملار، بولشېۋىكلارغا قارشى كەڭ كۆلەملىك كۈرەشنى قانات يايدۇرغان ئىدى. باسمىچىلىق ھەرىكىتى دېگەن نام بىلەن تارىخقا يېزىلغان بۇ كۈرەش، سىر ئولاق كارۋىنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى ئۆلگەن بىر مىللەت ھېساپلانمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئىدى. ئەمما ئۇلار دۇچ كەلگەن دۈشمەن، دۇنيا تارىخىدا كامدىن-كام كۆرۈلىدىغان ۋەھشىلىك ئەقىدىسىنى رەھىمسىزلەرچە ئىجرا قىلغان بىر كۈچ ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، ئۇلار بۇ كۈرەشتە غەلىبە قازىنالمايدۇ.

تۈركىستان تەۋەسى تولۇق سوۋېتلەشتۈرۈلگەن 1920ـ يىللارغا كەلگىنىدە، تۈركىستانلىق رەھبىرى خادىملارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تازىلىۋېتىلگەن بولۇپ، قالغان قىسمىمۇ سوۋېتلەر بىلەن كېلىشىپ ياشاشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ، رىملىقلار ھەققىدە ئېيتىلغانلاردەك، سوۋېتلەر ئورتىغا قويىۋاتقان

تېنچلىق، ئۇلار قوزغىغان ئۇرۇشتىنمۇ بەتتەر پاجىئەلىك ئىدى. يەنى، بولشىۋىكلار تۈزۈمى بىلەن ياراشقان كادىرلارمۇ كېيىنچە رەھىمسىزلەرچە تازىلىنىۋېتىلگەنىدى.

چەتكە قېچىپ كىتەلىگەن خادىملار بولسا، ئافغانىستاندىن تارتىپ تا ياۋرۇپاغىچە سوزۇلغان بىپايان جوغراپىيىلەرگە چېچىلىپ كەتكەنىدى. مۇساپىردىكى خادىملارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان بىردىن-بىر ئىشى، چەتئەللەردە تۈركىستان ئۈچۈن كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشلا بولاتتى. دېگەندەك، ئۇلار تۇرىۋاتقان ئەللەردە قولغا كەلتۈرەلىگىدەك بارلىق ئامىللاردىن تولۇق پايدىلىنىپ ھەرىكەت قىلىشقا كىرىشىدۇ.

دەسلەپكى ۋاقىتلاردا، چەتئەلدە تۈركىستان ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان خادىملار ئاساسلىقى مۇنداق تۆت گۇرۇپپا كىشلەردىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى:

بۇلارنىڭ بىرىنچىسگە، يەنە كېلىپ ئەڭ مۇھىم دېيىشكە بولىدىغان قىسمىغا تۈركىستان تەۋەسىدە قوقان مۇختارىيىتى، ئالاش ئوردا ئاپتونومىيىسى، تۈركىستان ئاپتونومىيىسى، بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە خىۋە خەلق جۇمھۇرىيىتى قاتارىدىكى سىياسى تۈزۈملەرنى قۇرۇپ چىققان سىياسى داھىلار بىلەن ئۇلارنىڭ سەبداشلىرى كىرىدۇ. ئۇلار چەتئەلگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ياۋرۇپا ئەللىرى بىلەن تۈركىيىگە يۈزلىنىپ، پارىژ، بېرلىن ۋە ئىستانبۇل قاتارلىق مەركەزلەردە تۈركىستان مىللى ئىتتىپاق تەشكىلاتى تەۋەسىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ.

1920-يىللاردا يوقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان كىشلەر تەرىپىدىن گېرمانىيە بىلەن تۈركىينى ئاساس قىلغان ھالدا ھەرقايسى ئەللەرگە بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەرتىلگەن ئوقۇغۇچىلار بولسا، بۇ تۈردىكى كىشلەرنىڭ ئىككىنچى تۈردىكى گۇرۇپپىسنى تەشكىل قىلغان ئىدى. بۇ تۈر ياشلار ئارىسىدىكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قايتماي چەتئەلدە تۇرۇپ قالغانلىرى، سىياسى يىتەكچىلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ تۈركىستان مىللى ئىتتىپاقى ھەرىكتىنىڭ ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇلىشىدا رول ئوينايدۇ.

تۈركىستان تەۋەسىدە ئۇرۇشتا مەغلوم بولغاندىن كېيىن بىر قىسىم جەڭچىلەر بىلەن بىرگە ئافغانىستان بىلەن **شەرقى تۈركىستان** تەرەپلەرگە كېتىپ قالغان باسمىچىلار يىتەكچىلىرى، چەتئەلدە تۈركىستان مىللى كۈرىشىنى شەكىللەندۈرگەن ئۈچىنچى تۈرگە مەنسۇپ كىشلەرنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى.

بۇ تۈردىكى مۇجاھىتلار ئافغانىستاندىكى شارائىتلار يول قويغان دەرىجىدە ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى قىرغىقىغا، يەنى تۈركىستانغا كىرىپ قۇراللىق كۈرىشىنى داۋاملاشتۇرۇشقا تىرىشقان. ئەمما 30-يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ سىياسى شارائىت ئۇلارنى يەرئاستى پائالىيەت قىلىشقا مەجبورلايدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئىلاجىسىز بىر جىمجىتلىق ئىچىگە چۆكۈپ قالىدۇ.

تۈركىستان مىللى كۈرىشىدە بەلكىم ئەڭ ئېغىر ناھەقچىلىكلەرگە ئۇچرىغان دېيىشكە بولىدىغان، باشقىلار تەرىپىدىن ئىزچىل چەتكە قېقىلىپ كەلگەن تۆتىنچى گۇرۇپپىنى بولسا سابىق بۇخارا ئەمىرى سەئىت ئالىمخان بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى

كىشلەر تەشكىل قىلماقتا ئىدى. بۇ تۈردىكى كىشلەر ئافغانىستاندىكى سۈرگۈن يىللىرى بويىچە تۈركىستاننىڭ بىر پۈتۈنلىكى ئۈچۈن دېمىسىمۇ، ئۆز يۇرتىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن دەپ خەلقئارا خاراكتېرىدىكى تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن ئىدى.

1920 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ سىياسى پائالىيەتلىرىنى پارىژ، بېرلىن، ۋارشاۋا ۋە ئىستانبۇل قاتارلىق شەھەرلەرگە مەركەزلەشتۈرگەن تۈركىستان مىللى ئىستىپاق ھەرىكىتى، داھىلىرى ئوتتۇرىسدا كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان بۆلۈنۈشلەرگە قارىماي، كۈچلۈك تەسىر قوزغىيالىغىدەك پائالىيەتلەر بىلەن شوغۇللىنىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار، سوۋېتلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان باشقا مىللەتلەرنىڭ سىياسى خادىملىرى بىلەن ۋە شۇنىڭدەك پولشا ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ پرومېتې سېپىنى تەشكىللەيدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا دېموكراتىيە دۇنياسىغا تەۋە ئەللەر سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمنى تېخى ئېتراپ قىلىشمىغان، بارلىق مۇساپىردىكى پائالىيەتچىلەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ تۈزۈم ئاغدۇرۇلۇپ كېتىدۇ دەپ ئىشىنەتتى.

پرومېتې ھەرىكىتى، مەجبورىيەتلەرنىڭ تەقەززاسى ئوتتۇرغا چىقارغان بىر ھەرىكەت، مۇستەقىللىق يولىدىكى بىر ئۈمىد نۇرى ئىدى. «يېڭى تۈركىستان» بىلەن «ياش تۈركىستان» ژورناللىرى ئەتراپىدا شەكىللەنگەن تۈركىستان مىللى ئىتتىپاق ھەرىكىتى ياۋرۇپادىن يىراق شەرىققىچە سوزۇلغان ئىنتايىن كەڭ بىر دائىرە ئىچىدە ئۆز تەسىرىنى كۆرستەلىگەن ئىدى. بىر قىسىم ياۋرۇپا پايتەختلىرى تەرىپىدىنمۇ ھىمايە قىلىنغان بۇ سىياسى ھەرىكەت، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەرىپىدىن بىرىنچى نومۇرلۇق دۈشمەن دەپ ئېلان قىلىنغان ئىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، چەتئەللەردە تۈركىستان مىللى كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇپ كەلگەن گۇرۇپپىلار ئوتتۇرىسدا كۆرۈلگەن زىدىيەتلەر بىلەن سۈركىلىشلەر بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئەڭ پاسسىپ تەرەپلىرىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. تۈركىستان مىللى گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەمىر سەئىت ئالىم، ئۆزىنىڭ تەختىدىن باشقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدىغان تىپىك ۋەتەن خائىنى ھېساپلىناتتى. باسمىچى يېتەكچىلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا كۆرۈنۈپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بىلەنمۇ كېلىشىش ئىمكانى يوق كىشلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشقانىدى.

خۇددى شۇنىڭدەك، ئەمىر ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ تۈركىستان مىللى گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئۇنى تەختتىن چۈشەرگەن جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەشكىل تاپقانلار ھېساپلىناتتى. شۇڭا، ئەمىر تەرەپتارلىرىمۇ مىللى تۈركىستان گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ كىشلەرنى دۈشمەن ھېساپلىشاتتى. باسمىچىلار يېتەكچىلىرىنىڭ كۆزىدە تۈركىستان مىللى ئىتتىپاق تەشكىلاتى بىسمىللا بىلەن باشلىمىغان ژورنالىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىۋالغان، دىنى ھېسسىياتلىرى بەكلا تۆۋەن كىشلەر گۇروھى ھېساپلىناتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سوۋېتلەر

ئىتتىپاقىغا قارشى كۈرەشلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئايرىم-ئايرىم گۇرۇھلار بويىچە قانات يايدۇرۇپ كەلگەن ئىدى.

تۈركىستان مىللى ئىتتىپاق گۇرۇھىدىكىلەر دېموكراتىيە دۇنياسى ئەتراپىدا مەتبۇئات پائالىيەتلىرىنى ئاساس قىلغان سىياسى كۈرەش يولى بىلەن شوغۇللىنىشنى تاللىۋېلىشقان ئىدى. ئەمىر، ئۆزى ئوتتۇرغا قويغان مەسلىلەرنى جەمىيەتى ئاقۋامغا سۇندى ۋە تۈركىستان تەۋەسىدە بۇنى ھىمايە قىلىدىغان كۈچلەرنى تەشكىل قىلىشقا تىرىشتى. باسمىچىلار يېتەكچىلىرى بولسا، ئەڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغان يول دەپ تاللىۋالغان ئۆزلىرى بىلىدىغان يولنى، يەنى قۇراللىق كۈرەش يولىنى تاللىۋېلىشقان ئىدى. ئافغانىستاندا يۈز بەرگەن ئىچكى ئۇرۇشتا تەرەپ تۇتۇپ كېلىشتى، شۇنىڭدەك پۇرسەت تۇغۇلغان ھامان ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ تۈركىستاننىڭ ئىچكى قىسىملىرىغا قۇراللىق ھۇجۇملارنى پەيدا قىلىپ تۇردى.

1930-يىللار، دۇنيا كۈچ تەڭپۇڭلۇقى ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن يىللار ئىدى. ئوتتۇرلۇقتا يېڭى بىر دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ خەۋەرچىسى بولغان شاماللار ئۇچۇپ يۈرەتتى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى يۈرگۈزۈۋاتقان ئىجتىمائى تۈزۈم مىللەتلەر جەمىيتى تەرىپىدىن ئېتراپ قىلىنغانلىقى، سوۋېتكە قارشى بارلىق مۇساپىرلار ھەرىكىتىگە، شۇ قاتاردا تۈركىستان مىللى ئىتتىپاقىغا ئېغىر زەربە بولۇپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ دەۋىر، ت ب م ئەزاسى بولغان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئوتتۇرغا قويغان "قايسى ئۈمت، قايسى غايىلار بىلەن بۇ يەرلەرگە كەلگەن ئىدۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خامخىيال، ياكى بىر ئوتوپىيەمىدى؟ بىز تۈركىستان ئىنقىلاپچىلىرى نەدە قالدۇق، نىمە قىلىپ يۈرىمىز؟" دەپ ئېيتقىنىدەك سوئاللار دائىم ئوتتۇرغا چىقىپ تۇرىدىغان بىر يىللار بولغان ئىدى.

تۈركىيىدە قانات يايدۇرۇلغان پائالىيەتلەرنىڭ چەكلىنىشى، ئۇنىڭدىن كېيىن ياۋرۇپادا چىقارغان گېزىت-ژۇرناللىرىنىڭ تۈركىيىگە كىرىشىنىڭ چەكلىۋېتىلىشى ئۇلارنىڭ ئۈمىدسىزلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەنىدى. پولشانىڭ ئىشغال قىلىنغانلىقى، نەتىجىدە پرومېتې سېپىنىڭ ئاخىرلىششى، بولشېۋىكلار ئىنقىلاۋىدىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان سىياسى كۈرەشلەرنىڭ بىرىنچى باسقۇچىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە ئىدى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى، سەھنىگە يېڭى باش قەھرىمانلارنى ئېلىپ چىقىدۇ. بۇ كىشلەر 20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان سوۋېت تۈزۈمى ئاستىدا ياشاپ كەلگەن تۈركىستانلىق ھەربىلەر ئىدى. ئۇلار قىلچە تەلىم-تەربىيە كۆرمەستىن، تۈزۈك قۇرالمۇ يوق نېمىس ئارمىيىسىگە قارشى جەڭلەرگە ھايدالغان، بۇ ئۇرۇشتا يۈز مىڭلىغان تۈركىستانلىق ئەسكەر قىرىلىپ كەتكەن، يەنە يۈزمىڭلىغان ئەسكەر نېمىسلارغا ئەسىرگە چۈشكەن ئىدى. ئەززائىل كېزىپ يۈرگەن ئەسىرلەر لاگېرىغا يوللانغانلىرىدا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغانغا پەقەت ئىككىلا يول قالغان ئىدى. يا

ئاچلىق، ۋابادىن ئۆلۈپ تۈگىشىش، يا بولمىسا گېرمانىيە ئارمىيىسى تەركىۋىدە تەشكىل قىلىنغان تۈركىستان ھەربى قىسىملىرىغا قېتىلىپ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش.

تەشكىل قىلىنغان تۈركىستان قوشۇنلىرىنىڭ سىياسى قانىتىغا مىللى تۈركىستان ئىتتىپاق كومىتېتى ۋەكىللىك قىلماقتا ئىدى. بىردىن-بىر داھى پىرىنسىپىگە ئاساسەن تەشكىل قىلىنغان بۇ سىياسى خادىملارنىڭ تۈركىستان قوشۇنلىرىغا تاپشۇرغان ۋەزىپىسى بەكلا ئېنىق ۋە كەسكىن ئىدى. بۇ ۋەزىپە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى مەغلۇپ قىلىش ۋە تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئىدى. ئەجەبا، بۇ ۋەزىپە ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان بىر ۋەزىپىمىدى؟ دېموكراتىيە دۈشمىنى بولغان بىر گېرمانىيە بىلەن ھەمكارلىشىپ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىغىلى بولارمىدى؟ گېرمانىيە ئارمىيىسى پۈتۈن ئالدىنقى سەپلەردە زەپەر بىلەن ئىلگىرلەۋاتقان بىر دەۋردە، بۇ سوئاللارغا بېرىلىدىغان جاۋاپلار ھېچ بولمىغاندا "بەلكى مۇمكىن بولۇپ قالار" ياكى بولمىسا "نىمىشكە مۇمكىن بولمايدىكەن" دېگەندەك بولىشى تەبىئى ئىدى.

نەتىجىدە، تۈركىستان لېگىيونلىرى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇشقا كىرىدۇ. ئۆزگە مۇناسىۋېتى بولمىغان ھەر ئىككىلا ئۇرۇش سېپىدە قىرىلىشقا باشلايدۇ. ئۇرۇش ئاخىرلاشقىنىدا ئامان قالغان تۈركىستانلىق ئەسكەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى سوۋېتلەر تەرەپكە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. غەرپلىكلەرنىڭ قولىدا قالغانلىرىنىڭ سانى ئارانلا مىڭدەك ئادەم ئىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا مۇساپىردىكى خادىملار بىلەن ھەربىلەرنىڭ ناتىسلار سېپىدە ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقى ھەققىدە باشقا بارلىق مىللەتلەردە كۆرۈلگىنىدەك، تۈركىستانلىقلار ئۈچۈنمۇ ھەر تۈرلۈك تەنقىتلەر ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ. سوۋېتلەردىكى شەرق مىللەتلىرىنىڭ مىللەتچىلىكى ئۈستىدە كەڭ دائىرىلىك تەتقىقات ئېلىپ بارغان پاترىك فون زۇر مۆھلېن ئېيتقان تۆۋەندىكى سۆزلەر بۇ تۈردىكى تەنقىتلەرگە بېرىلگەن ئەڭ مۇۋاپىق جاۋاپ ھېساپلانسا كېرەك:

بۇ تۈردىكى ئېغىر تەنقىتلەر ئايرىم كىشىلەر ئۈچۈن مۇۋاپىقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئومۇمەن ئېيتقاندا بۇنداق تەنقىتلەشلەر ئۇلارغا قىلىنغان بىر ناھەقچىلىك ھېساپلىنىشى كېرەك. بۇرۇندىن كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، لېگىيونېرلارنىڭ لېگىيونلارغا تىزىملاتقانلىقى نومۇسسىزلارچە پۇرسەتپەرەستلىكنىڭ ئىپادىسى ئەمەس، بەلكى جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئىچكى تۈيغۇ تۈرتكىسىنىڭ بىر ئىپادىسى دېيىش كېرەك. ... مۇساپىرلارنىڭ ناتىسلار ھاكىمىيىتى بىلەن ھەمكارلىششى رەت قىلىش-قىلماسلىقى ھەققىدىكى سوئاللار ئۇرۇش ئەسرى بولغان يۇرتداشلىرىغا ھەر تۈرلۈك ياردەم قىلىش پۇرسەتلىرىدىن پايدىلىنىش

كېرەكمۇ ياكى يۇرتداشلىرىنى قاراپ تۇرۇپ قىرىلىپ تۈگىشىگە سۈكۈت قىلىش كېرەكمۇ دېگەن بىلەن تەڭ مەنىدىكى گەپ ھېساپلىناتتى. مىللى ۋاكالەتچىلارنىڭ ئادۋۇكاتلىق رولى پەقەتلا مەۋجۇت شارائىتلارغا بەلگىلىك دەرىجىدە بوي سۇنۇش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولىدىغان بىر رول ئىدى. ... باش قەھرىمانلىق رولىنى ئالغان رولچىلارنىڭ سىياسى ياكى شەخسى خاتالىششلىرىنى تەنقت قىلىشتا، ئادەمنىڭ تەبئىي مىجەز ئىپادىلىرىنىڭ قانداق بولىشىنىمۇ ئېتىۋارغا ئالغان ئاساستا بولغىنى ئەڭ مۇۋاپىق.

بۇ دەۋردە، چەتئەللەردە قانات يايدۇرۇلغان تۈركىستان ئۇچۇن كۈرەش قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللار يالغۇز گېرمانىيە بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. تۈركىيىدە 1944ـ يىلىسى ئوتتۇرغا چىققان تۈركچىلىك ـ تۇرانچىلىق ھەققىدىكى سوتلاردا، تۈركىستان مىللى ئىتتىپاق ھەرىكىتىنى قوزغىغان كىشىلەردىن بىرسى بولغان زەكى ۋەلىدى توغاننى بىرىنچى دەرىجىلىك گۇناھكار قىلىپ سوتقا تارتىشقان ئىدى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ياخشىچاق بولۇش مەقسىتىدە چېكىدىن ئاشۇرۇپ سىياسىلەشتۈرۈلگەن بۇ سوتلار، مۇساپىر تۈرك خادىملىرى قانات يايدۇرۇپ كېلىۋاتقان پائالىيەتلەرنى ئېغىر دەرىجىدە پائالىيەت سورۇنىدىن مەھرۇم بولىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى.

ئافغانىستاندا بولسا، ئۇرۇش پۇرسەتلىرىدىن پايدىلىنىپ تۈركىستانغا قارىتا ھەرىكەت قىلىشنى مەقسەت قىلىشقان تۈركىستانلىقلار يەنە بىر قېتىم ئېغىر ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ، قولغا ئېلىنىش خەۋپىدىن قۇتۇلالمىدى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن تۈرمىدىن تىرىك قۇتۇلۇپ چىقالىغانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئافغانىستاندىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى تاماملىنىشى بىلەن بىرلىكتە، ئىدىيولوگىيە جەھەتتە گۇرۇھلارغا ئايرىلىش، ئىدىيىۋى لاگىرلارغا بۆلۈنۈش ئاساسى ئورۇنغا ئۆتكەن بىر دەۋر باشلانغان ئىدى. بۇ دەۋردە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كۈرەشنىڭ بايراقتارلىقىنى ئا ق ش ئۈستىگە ئالغان ئىدى. ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەۋرلەردە، گېرمانىيەنى مەركەز قىلىپ قايتىدىن شەكىللەنگەن تۈركىستان مىللى ھەرىكىتى ئۆزۈنغا قالماي تۈركىيە بىلەن شەرق ئەللىرىدىمۇ باشلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى كۈرەش، ئاساسلىقى تەشۋىقات ئۇرۇشى شەكلىدە قانات يايدۇرۇلغان ئىدى.

1980ـ يىللاردا چەت دۆلەتلەردە تۈركىستان ئۇچۇن كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ كېلىۋاتقان خادىملار ئاساسەن چەتئەلدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كىشىلەردىن تەشكىل تاپماقتا ئىدى. كونا يىتەكچىلەر ئاساسى جەھەتتىن سەھنىنى بوشىتىپ بەرگەن

دېيىشكە بولاتتى. يېڭى پائالىيەتچىلەر پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان يۇرتلىرىنىڭ ئەركىنلىكىنى غايە قىلىشىپ كۈرەشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئافغانىستاننىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىشى، باسمىچىلارنىڭ نەۋرىلىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى يەنە بىر قېتىم توقۇنۇشقا سۆرەپ كىرىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ ئۇرۇش، يەنە بىر قېتىملىق كۆچ-كۆچ دولقۇنىغىمۇ سەۋەپ بولىدۇ.

گورباچېيېۋ باشلاتقان سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى يېڭى زامانغا ماسلاشتۇرۇش ۋە قايتا قۇرۇپ چىقىشنى مەقسەت قىلغان ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى كۆتكەندىن تۇيتىن ئۇخشمايدىغان باشقا بىر يولغا باشلاپ كېتىدۇ. بۇ سىياسەتنىڭ ئىجرا قىلىنىشى بىلەن بىرگە، ۋەھشىلىك بىلەن رەھىمسىزلىكنى ئاساس قىلغان بۇ ئىمپىرىيە قۇرۇلغان كۈنىدىن بۇيان توڭلىتىش ساندۇقىغا سولاپ قويۇلغان مىللى مەسىلىلەر تېز سۈرئەت بىلەن قايتىدىن ئوتتۇرغا چىقىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مەركىزى ھۆكۈمەت ھاكىمىيەتنى تېزگىنلىيەلمەس ھالغا كېلىدۇ.

بۇ دەۋردە، چەتئەلدىكى تۈركىستانلىق مۇساپىر پائالىيەتچىلەر تۈركىستاندا بارلىققا كەلگەن خەلق ئاممىسىنىڭ ھەرىكەتلىرى بىلەن ئىجتىمائى ئۆزگىرىش خەۋەرلىرىنى تاشقى دۇنياغا يەتكۈزۈش، تونۇشتۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا تىرىشتى.

1990-يىللار كىرىشى بىلەن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، تۈركىستان تەۋەسىدە مۇستەقىل 5 جۇمھۇرىيەت بارلىققا كەلگەن بىر ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، 70 يىلدىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن چەتئەللەردىكى تۈركىستان ئۈچۈن قانات يايدۇرۇلغان كۈرەشلەر ئاخىرلاشقان ھېساپلاندى.

بۈگۈنكى كۈندە بىز دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ مۇھىم مەسىلە شۇكى، روسىيە فېدراتسىيىسى بىلەن خىتاي ئوتتۇرسىدا قىستىلىپ قالغان يېڭى تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ كەلگۈسى تەغدىرى قانداق بولىدۇ دېگەن مەسىلىدۇر.

بۇندىن كېيىن، ئۇلار ھەرقايسى ئۆز بېشىغا ھەرىكەت قىلىپ كۈچلۈك ئىككى قوشنىسىنىڭ ئارقا ھويلىسى بولۇش ياكى ئالدى قوراسى بولۇش بىلەنلا كۇپايىلىنەمدۇ ياكى سىياسى ۋە ئىقتىسادى قۇۋۋەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قۇدرەتلىك تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلەر گۇرۇھىغا ئايلىنامدۇ؟

21-ئەسىر كىرىۋاتقان بۇ كۈنلەردە ئوتتۇرغا چىققان بۇ مەسىلە، تۈركىستان تەۋەسىدە ياشاۋاتقانلارنىلا ئەمەس بەلكى تاشقى دۇنيادىكى تۈركىستان ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىمۇ ئۆزىگە جەلىپ قىلىپ كېلىۋاتقان بىر مەسىلىدۇر.

بۇ مەسىلە، ئۆز ۋاقتىدا يەنە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن دەۋرلەردىن تارتىپ مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان تۈركىستان ئۇقۇمىنىڭ كەلگۈسى تەغدىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بىر مەسىلىدۇر.

تارىخنىڭ بۇ سوئالغا بېرىدىغان جاۋابى، چەت دۆلەتلەردىكى تۈركىستان ئۈچۈن قانات يايدۇرۇلىدىغان كۈرەشلەرنىڭ داۋام قىلىش-قىلماسلىقىنىمۇ بەلگىلەپ بېرىدۇ.

## قوشۇمچىلار ‹مۇندەرىجىسىلا تەرجىمە قىلىندى› :

**ھۆججەتلەر :**

1. قوقان ئاپتونومىيىسى باياناتى
2. تۈركىستان مىللىي ئىتتىپاقىنىڭ نىزامنامىسى
3. زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ مۇستاپا چوقاي ئوغلىغا يازغان خېتى
4. ئورتا ئاسىيا مىللى ئاۋام ئىنقىلاۋى جەمىيەتلەر قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججىتى
5. تۈركىستان تالىپلىرىنىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتىگە مۇراجىئەتى
6. ھەيدېلبېرگ يىغىنىنىڭ دوكلاتى
7. تۈركىستان مىللى ئىتتىپاقىنىڭ پروگراممىسى
8. زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ ئابدۇلۋاھاپ مۇرادىغا يازغان مەكتۇبى
9. ت م ب نىڭ پرومېتې ۋاكالەتچىسىغا بەرگەن يولىيورۇقى
10. تۈركىستان ـ ئەزەربەيجان ياشلار ئىتتىپاقى فېدېراتسىيىسىنىڭ دوكلاتى
11. ت ت گ ب غا بىنا تەقسىم قىلىش ھۆججىتى
12. زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ ئىستىپانامىسى
13. ت ب م نىڭ ئۆزگەرتىلگەن ئىچكى نىزامنامىسى
14. مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ ياۋروپا ۋاكالەتچىلىكى كىنىشكىسى
15. تۈركىستان ـ ئىدىل ئۇرال تەشكىلاتلار فرونت ئىتتىپاقى دوكلاتى
16. ئوسمان غوجا ئوغلىنىڭ مۇستاپا چوقاي ئوغلىغا يازغان مەكتۇبى
17. ت م ب ئوتتۇرا شەرق ۋاكالەتچىسى كىنىشكىسى
18. ت م ب نىڭ ياپونىيە ھۆكۈمىتىگە سۇنغان دوكلاتى
19. ت م ب نىڭ ئەنگلىيە پادىشاسىغا ئۆتەرتكەن مەكتۇبى
20. روسىيىگە قارام تۈرك ۋىلايەتلىرى فرونتى ئىتتىپاقى يىغىن خاتىرىسى
21. مۇستاپا چوقاي ئوغلىنىڭ ت م ب رەئىسلىك تۇنۇشتۇرۇشى
22. ت ت گ ب مۈلك تەلەپ قىلىش ئىلتىماسى
23. ۋەلى قېيۇمخاننىڭ باندوڭ يىغىنىغا سۇنغان دوكلاتى
24. خەلقارا تۈركىستان قۇرۇلتىيىنىڭ خۇلاسە دوكلاتى

... ...

1 ـ ھۆججەت:

# قۇقان مۇختارىيىتىنىڭ باياناتى

## ياشاسون تركستان مختاريتى

تركستان مسلمانلارنڭ دورتونچى فوقلئاده قورولتايى تاركستان اولكەسيده بولغان خلقلارنڭ خوانشلرى بويىچه بيوك روسيه انقلابى ترفيدن برليگان اساسلرگه بنائەن فيديراتسيه اساسيگه قورولغان روسيه جمهوريتى ايله برليكده قالغانى هالده تركستاننى يرليك مختاريتلى يئنى «تيريتويالنى افتانوميەلك» ائلان قيلادور.
بو مختاريت نڭ نه سورتده وجودگه قويولماغينى ياقن اراده يغيلادورغان ئموم تركستان خلقى نڭ اوچريدتيلنى سابرانيەسيگه (تكستان مجلس مۇسسانى) گه تابشورادور.
شونڭ ايله برابر تركستان اولكەسيده اقلليت تتشككيل قيلغان مللت لرنڭ هقوقلرى نڭ هر جهتدن ساقلانيلماغينى هم تنتنەلى سورتده بيان ايتەدور.

«شهر خوقند»
هجريه 1336 سنه 25 سفرالخير
ميلاديه 1917 27 نويابر

ھازىرقى زامان تىلىغا ئۆزگەرتىلىشى:

## ياشىسۇن تۈركىستان مۇختارىيىتى!

تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۆتىنچى پەۋقۇلئاددە قۇرۇلتىيى تۈركىستان ئىلىدە ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ تەلەپلىرىگە ئاساسەن بۈيۈك روسىيە ئىنقىلاۋى تەرىپىدىن بېرىلگەن ئاساسلارغا بىنائەن، فېدراتسىيە ئاساسىدا قۇرۇلغان روسىيە جۇمھۇرىيىتى بىلەن بىرگە قالىدىغان بولغىنىدا، تۈركىستاننىڭ يەرلىك مۇختارىيىتى، يەنى "تېرىتورىيال ئاپتونومىيە" (تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە) نى ئېلان قىلىدۇ.
بۇ مۇختارىيەتنىڭ تېزلىك بىلەن قۇرۇلۇشىنى يېقىندا چاقىرىلىدىغان ئومۇمى تۈركىستان خەلق ئۆجرەتىلنى سابرانىيە "تۈركىستان مەجلىسى مۇئەسسەسسانى (قۇرغۇچىلار قۇرۇلتىيى) غا تاپشۇرۇلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە تۈركىستان ئېلىدە ئازچىلىقنى تەشكىل قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقلىرىنى ھەر تەرەپتىن قوغداشنىمۇ تەنتەنەلىك بىلەن ئېلان قىلىدۇ.

قوقان شەھىرى
ھىجرىيە 1336 ـ يىلى 25 ـ سەفەرى خەير
مىلادىيە 1917 ـ يىلى 27 ـ نويابىر

... ...

**19 ـ ھۆججەت:**

## شەرقى تۈركىستانغا دائىر ت م ب بىلەن ياقۇپ خانزادە مۇستاپانىڭ ئەنگىلىيە پادىشاسىغا ئەۋەرتكەن خېتى:

(كوپىيە نۇسخىسىدىكى ئەسلى ئارگىنال قولىيازما سۆرىتى قىسقارتىلىپ ھازىرقى زامان تىلىغا ئۆزگەرتىلىشىلا بېرىلمەكتە)

ھاشىمەتلىك ئەنگىلىيە پادىشاسى ۋە ھىندىستان ئىمپراتورى گىيورگ ھەزرەتلىرىگە:
... ... ‹قىسقارتىلدى ـــ ت›

## بايراقلار:

**(رەسىم ئورنى)**

بۇخارا خەلق شۇرالىرى جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 1920 ـ يىلىدىن 1922 ـ يىلىغىچە ئىشلىتىلگەن بايراق. قىزىل رەڭ قېدىمقى تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ بايراقلىرىنى ئاساس قىلغان. يېشىل رەڭ بولسا ئىسلامىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. تۈركلۈكنىڭ سىمۋۇلى بولغان ئاي ـ يۇلتۇز، بۇ ئىككى ئالاھىدىلىكنى بىرلەشتۈرگەن سېرىق رەڭ بىلەن ئىپادىلەنگەن.

(رەسىم ئورنى)

بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە يەرلىك جەدىتچىلار تازىلىنىۋېتىلگەن 1923-يىلىدىن باشلاپ دۆلەتنىڭ نامى بۇخارا خەلق سوۋېتلەر رېسپوبلىكىسى دېگەنگە ئۆزگەرتىلىدۇ. بۇ جەرياندا بايرىقمۇ ئۆزگەرتىلىپ، ئەرەپ ھەرپلىرىنىڭ ئورنىغا ئۇرۇسچە ھەرىپ ئالماشتۇرۇلغان. يۇلتۇزنىڭ ئىچىگە قىزىل رەڭدە ئوغاق-بولغا سىزىلغان.

(رەسىم ئورنى)
ئورتا ئاسىيا مىللى ئاۋام ئىختىلال جەمىيەتلىرى ئىتتىپاقىنىڭ 1922-يىلقى سەمەرقەنت قۇرۇلتىيىدا ئاساسى شەكلى قوبۇل قىلىنغان، چەتئەلدىكى سىياسى كۈرەشلەر بويىچە ئىشلىتىلگەن مىللى تۈركىستان بايرىقى. قىزىل رەڭ قېدىمقى تۈرك دۆلەتلىرىدە ئومۇملاشقان بىر رەڭ. ئاي-يۇلتۇز، تارىختىن بېرى تۈركلۈكنىڭ سىمۋۆلى بولۇپ كەلگەن. ساپ چوققىسىدىكى بۆرى بېشى بولسا كۆك تۈركلەردىن قالغان بىر سىمۋۆل.

(رەسىم ئورنى)
ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى يىللىرىدا م ت ب ك ۋە تۈركىستان لېجيونلىرى ئىشلەتكەن مىللى تۈركىستان بايرىقى. بايراقتا ئىشلىتىلگەن رەڭلەر تۈركىستان بىرلەشمىسى بايرىقىدىكىگە ئوخشايدۇ.

## چەتئەلدىكى تۈركىستانلىقلار تەرىپىدىن تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك نەشرى قىلغان مەتبۇئات تىزىملىكى

(كىتاب ۋە مۇددەتلىك مەتبۇئاتلار) (كىتابىمىزنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا كۆرسىتىلگىنىدەك، چەتئەلدىكى شەرقىي تۈركىستان مىللى كۈرەشلىرى بۇ كىتاپنىڭ دائىرىسىگە كىرمەيدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ساھەدە ئېلان قىلىنغان مەتبۇئاتلار بۇ تىزىملىككە كىرگۈزۈلمىدى. بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللار ئۈچۈن ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىن بىلەن مەمتىمىن بۇغرانىڭ ئەسەرلىرىگە قارالسۇن. — ئا.ھ. ئىزاھاتى)

... ... ‹قىسقارتىلدى — ئۇ.ت›

ۋەقەلەر كالىندارى:

(2001~1915)

... ... ‹قىسقارتىلدى ــت›

كىتاپتا ئىشلىتىلگەن قىسقارتىلغان ھەرپلەر تىزىملىكى:

... ... ‹قىسقارتىلدى ــ ت›

خەرىتە ۋە رەسىم تىزىملىكى:

... ... ‹قىسقارتىلدى ــ ت›

پايدىلىنىش ماتېرىياللار تىزىملىكى:

... ... ‹قىسقارتىلدى ــ ت›

ئىندېكسلەر:

... ... ‹قىسقارتىلدى ــ ت›

## كەينى مۇقاۋىسىدا:

چاررۇسىيە، ئەينى ۋاقىتدا تۈركىستاننى مۇستەملىكىسى ھالىغا كەلتۈرىۋالغان ئىدى. كېيىن يەنە سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تۈرك قەۋملىرىدىن مىللەت ياساپ چىقىپ، تۈركىستان دېگەن بۇ ئۇقۇمنى تارىختىن سىقىپ چىقىرىۋەتكەنىدى.

تۈركىستانلىق جەدىتچىلار بىلەن باسمىچىلار بۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، تارىختىن بۇيان ئوتتۇرغا چىققان ئەڭ ۋەھشى بىر ئىدىيولوگىيىلەردىن بىرى ھېساپلىنىدىغان كومۇنىزم ئالدىدا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشنىڭ قىلچىمۇ پۇرسىتىلىرىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. نەتىجىدە، يېڭىلىپ چەت دۆلەتلەرگە تارقىلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ پەقەت بىرلا غايىلىرى

قالغانىدى: چەت دۆلەتلەردە يۈرۈپ مۇستەقىل تۈركىستان قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن قانات يايدۇرۇلىدىغان كۈرەشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش.

ئەپسۇسكى، ئۇلار بۇنداق ئۇلۇغۋار بىر غايە ئۈچۈن ئاتلانغان يولدا ئىنتايىن زور بەدەللەرنى تۆلەيدىغانلىقلىرىدىن قىلچە خەۋەرلىرى يوق ئىدى. ئۇلار بۇنداق بىر تەغدىرگە قالىدىغانلىقنى پاجىئەلىك ئەمەلى تەجرىبىلەر ئارقىلىقلا بىلەلىگەن ئىدى. ئۇلار تۆلەشكە توغرا كەلگەن بۇ ئېغىر بەدەل، دۇنيا كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى بەلگىلەيدىغان كۈچلۈك دۆلەتلەر ئوينايدىغان شاخمات تاختىلىرىدا "پېچكا" بولۇپ بېرىش ئىكەندۇق.

ئامۇ دەرياسىنىڭ ۋادىلىرىدا، پامىر تاغلىرى ئېتەكلىرىدە، نېمىس ۋە ئۇرۇس ئالدىنقى سەپلىرىدە ئۆلۈپ تۈگىدى. تۇرىۋاتقان ئەللەردە سىياسى بېسىملارغا دۈچ كېلىپ تۇردى. باشقىلارنىڭ جىنايەتلىرى ئۈچۈن گۇناھكار سۈپىتىدە جازاغا تارتىلدى. بەزىدە تۈرمىلەرگە قامالدى ۋە بەزىدە سۈرگۈن قىلىندى.

ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشىنى، تۈركىستان تۇپراقلىرىدا يېڭى تۈركى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ تۇغۇلۇشىنى كۆرەلمەي بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. شۇنىڭغا قارىماي، 20-ئەسىر تاماملانماي تۇرۇپ ئۇلارنىڭ غايىلىرى ئەمەلگە ئاشقان، ۋەتىنى قايتىدىن دۇنيا سەھنىسىدە كۆرۈلگەن ئىدى.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب، ئۇزۇنغا سوزۇلغان جاپا-مۇشەققەتلەر بىلەن تولغان بۇ كۈرەشنى ھەممە تەرەپتىن تەسۋىرلەپ سىزلەرگە سۇنماقتا. دوكتور ئەھەت ئەنجان، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەسلى قولىيازما ھۆججەتلەر بىلەن ھەر تۈردىكى مەنبەلەرگە ئاساسلانغان بۇ ئومۇمىيۈزلۈك تارىخى بايانىنى، بۈگۈنگىچە سىر بولۇپ كېلىۋاتقان "چەتئەللەردە تۈركىستان ئۈچۈن قانات يايدۇرۇلغان كۈرەشلەر" جەريانىنى بىتەرەپ مۇئامىلە قىلىشتەك مۇتەخەسسىسلەرچە ئالاھىدىلىكىگە تايىنىپ تارىخنىڭ باھالىشىغا سۇنۇش بىلەن بىرگە، يەنە ئىنتايىن مۇھىم بولغان يەنە بىر مەسىلىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىدۇ.

دوكتور ئەھەت ئەنجاننىڭ قارىشىدا بۈگۈنكى كۈندە ئالدىمىزدا تۇرغان ئەڭ مۇھىم مەسىلە، روسىيە فېدېراتسىيىسى بىلەن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئوتتۇرىسىدا قىسىلىپ قالغان ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركى جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ كەلگۈسى تەغدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى مەسىلىسىدۇر.

ئۇلار ھەر بىرسى ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىپ يۈرۈپ خوشنىسى بولغان چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئارقا ھويلىسى بولۇشتەك پاجىئەلىك ھالىتىنى داۋاملاشتۇرىشى كېرەكمۇ ياكى سىياسى ۋە ئىقتىسادى كۈچلىرىنى بىر نوقتىغا يىغىپ تەسىر كۆرسىتەلىگىدەك قۇدرەتلىك تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىغا ئۇيۇشۇشلىرى كېرەكمۇ؟

21ـ ئەسىرنىڭ بۇرۇلۇش نوقتىسىدا ئوتتۇرغا چىققان بۇ مەسىلە يالغۇز تۈركىستان جوغراپىيىسىدە ياشاۋاتقانلارنىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق تۈرك دۇنيا ئەللىرىنىمۇ ئالاھىدە قىزىقتۇرىدىغان مەسىلىدۇر.

بۇ مەسىلە، ئۆز ۋاقتىدا يەنە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەندىن بېرى مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان "تۈركىستان" ئۇقۇمىنىڭ تەغدىرىگىمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك بىر مەسىلىدۇر.

تارىخنىڭ بۇ مۇھىم مەسىلىگە بېرىدىغان جاۋابىنى، چەت دۆلەتلەردە تۈركىستان ئۆچۈن قانات يايدۇرىلىدىغان كۈرەشلەرنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ ـ داۋام قىلدۇرالماسلىقىمىز بەلگىلەيدۇ.

## تامام

(بۇ كىتاپ، 2006ـ يىلىنىڭ 19ـ ماي كۈنى ئارىلاپ تەرجىمە قىلىنىش ئىشى باشلىنىپ، 2011ـ04ـ16 دا قايتا سېلىشتۇرۇپ تۈزىتىلىش بىلەن تاماملاندى. — ئۇ.ت)